
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

# داغ

*Abaydulla Ibrahim*



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

داغ

5

*Abaydulla Ibrahim*

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئەسەرلىرى


1 ئۇچ غەزەل
2 ئاجايىپ كۆزلەر
3 ساياھەتنامە
4 تۇندىكى چاقماق
5 داغ
6 بوز دالا
7 بەشىنچى ئوغۇل
8 ئالتۇن تەرمەچ
9 36 تەدبىر ماركو پولو

ISBN 978-7-228-11530-3
定价:51.00 元

www.uyghurkitap.com

دۇنيا ئىبرەت بىلەن تولغان، شۇ -
نىڭدەك ئىبرەت ئالغۇچىلارنىڭ كۆز
ياشلىرى بىلەنمۇ تولغان.

— ئەللامە زەمەخشەرى: «جۇشقۇن سۆزلەر»



*Abaydulla Ibrahim*

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئەسەرلىرى

# داغ

(رومان)

5

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

痕：维吾尔文 / 艾拜都拉·易卜拉欣著 .－乌鲁木齐：新疆人民出版社，2010.1（2014.1 重印）
ISBN 978-7-228-11530-3

Ⅰ.痕… Ⅱ.艾… Ⅲ.长篇小说-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第 001432 号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 阿不都热合曼·艾白，阿不都克依木·沙依木 |
| 责任校对 | 赛娜瓦尔·依布拉音 |
| 特约校对 | 亚生·扎依莫夫 |
| 美术设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 插　　图 | 阿布都热合曼·阿不力孜 |
| 美 术 字 | 苏·司马义·哈力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版总社<br>新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 邮政编码 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 20.5 |
| 插　　页 | 16 |
| 版　　次 | 2010 年 1 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2014 年 1 月第 2 次印刷 |
| 印　　数 | 3001 — 4000 |
| 定　　价 | 51.00 元 |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

# ئاپتور ھەققىدە

شائىر ، يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىم — ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت يولى ۋە ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتى ئارقىلىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ، گۈللىنىشىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان ، ئەسەرلىرى كەڭ ئوقۇرمەنلەر ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ قايىللىقىغا ، يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن مۇنەۋۋەر ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە دىگۈدەك قەلەم تەۋرەتكەن ، لىرىكىلىرىدا مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتى ، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ، خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلىگەن بولسا ، داستانلىرىدا دەۋرنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ؛ ھېكايىلىرىدە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى ، ھايات مەسىلىلىرىنى يازغان بولسا ، رومانلىرىدا زور تارىخىي ۋەقەلەرنى تەسۋىرلىگەن . ئۇنىڭ ھەرقايىسى ژانىرلىرىدىكى ئىجادىيىتى خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ۋە ئورتاقلىقلارغا ئىگە ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ لىرىكا ۋە رومان ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى ئالاھىدە گەۋدىلىك . ئۇ مۇنەۋۋەر ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە دەۋرىمىزدىكى داڭلىق ژۇرنالىستلارنىڭ بىرى . ئۇنىڭ ژۇرنال باشقۇرۇش ، ژۇرنال چىقىرىش جەھەتلەردىكى نەتىجىسىمۇ ئومۇمىي ئېتىراپقا ئىگە .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم 1951 ـ يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چىرا ناھىيىسىدە مەرىپەتپەرۋەر ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ، 1957 ـ يىلدىن 1966 ـ يىلغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان . 1966 ـ يىلدىن 1972 ـ يىلغىچە «قايتا تەربىيە» ئېلىش ئۈچۈن ئۆز يېزىسىغا قايتۇرۇلۇپ ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان . 1972 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن . 1976 ـ يىلى ئوقۇش

پوتتوروپ ، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى رېداكسىيىسىگە تەقسىم قىلىنغاندىن بۇيان ، شۇ رېداكسىيە قارىمىقىدىكى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ۋە خەنزۇ تىل - يېزىقىدا نەشر قىلىنىدىغان «سۇبهى» ژۇرناللىرىدا باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن . ئەبەيدۇللا ئىبراھىم هازىر «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئالىي مۇھەررىرى . ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم 1964 - يىلى «خوتەن گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «تالمايدىكەن بىلىكى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن . گەرچە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەر خىل ژانىرلاردا بولسىمۇ ، دەسلەپكى باسقۇچتا شېئىرىيەت ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ . ئۇ ئىجادىيەتكە يېڭى كىرىشكىنىدە ، ئىجادىيەت ساھەسىدە شەكىللىۋازلىق ، شوئارۋازلىق ، سولچىللىق ئاساسلىق خاھىش بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي ، شۇ يىللاردا يەنە «يۇلغۇن چېچىكى» ، «ياشلىق ناخشىسى» ، «تېرىم پەسلى» ، «ھاياتتىن خاتىرىلەر» ، «گۈل يېزام» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلارنى يېزىپ ، بۇ شېئىرلاردا ۋەتەننى ، خەلقنى ، ئەمگەكنى ئۇلۇغلاپ ۋە مەلۇم بەدىئىي سەۋىيە يارىتىپ ، ئۆزگىچە ئىجادىيەت يولى تۇتقان ۋە ئۆزىنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى ئۆتتەك قىزغىنلىقى ھەم شېئىرىي تالانتىنى ئاشكارىلىغان . شائىر 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ، 1980 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن بىر دەۋرىنى باشلاپ ، ئۆزىنىڭ كىتابخانلىرىنى قايىل قىلالىغان شېئىرىي تالانتىنى ، ئۆزگىچە كۆزىتىش ، ئۆزگىچە پىكىر قىلىش ، ئاجايىپ شېئىرىي ئۇنۇم پەيدا قىلىش ئىقتىدارىنى «ئۈچ غەزەل» ، «خوتەن قەغىزى» ، «ئەتلەسكە مۇخەممەس» ، «مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس» قاتارلىق ئېسىل ئەسەرلىرىدە نامايان قىلغان . بۇ ئەسەرلەر ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ئاشۇ يىللاردىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ ، ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان . شائىرنىڭ «قەشقەردە كەچ» ، «قەشقەر باغچىسى» ، «قەشقەر ئۈستىسىغا» قاتارلىق

شېئىرلاردىن تەشكىل تاپقان «ئۈچ غەزەل» — ئەبەيدۇللا ئىبراھىم لىرىكىلىرىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يېڭى دەۋردىكى غەزەلچىلىكىمىزدىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. قەشقەر ھەققىدىكى بۇ بىر يۈرۈش غەزەللەردە شائىر بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركىزىدىكى تىپىك، ۋەكىللىك خاراكتېردىكى جانلىق كۆرۈنۈشلەرنى ئاجايىپ ھاياجان، قىزغىن مۇھەببەت، ئېسىل مىسرالار ئارقىلىق تەسۋىرلەپ، تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولغۇسىز بىر خىل ئېستېتىك ئۇنۇم ياراتقان. «خوتەن قەغىزى»، «ئەتلەسكە مۇخەممەس»، «مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس» قاتارلىق شېئىرلىرىدىمۇ شائىر ئىجادكار، ئەمگەكچان، مەدەنىيەتلىك ئەجدادلىرىمىز ياراتقان قەغەز، ئەتلەس، مۇقاملارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىمىزدىكى رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، يۈكسەك دەرىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلىگەن. بۇ شېئىرلاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم كلاسسىك شەكىللەردە ياخشى يازالايدىغان ۋە ئۇنىڭ مەلۇم سەۋىيىسىنى ياراتقان ھازىرقى زامان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. بۇ شېئىرلارغا ئوبزورچىلار يۇقىرى باھالارنى بېرىشكەن. يۇقىرىدا ئىسمى ئاتاپ ئۆتۈلگەن ئاشۇ شېئىرلاردا شائىر خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئىجادچانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولغان، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى ھېسابلىنىدىغان مۇقام، مەشرەپ، ئۆرپ ـ ئادەت، گىلەم، ئەتلەس، قەغەز... قاتارلىقلارنى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن مەدھىيىلەپ، ئۆزىنىڭ ئىجادكار ئەجدادلىرىمىزغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى بەدىئىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئىجادىيىتىدە داستانچىلىقمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ 1970 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا داستان يېزىشقا كىرىشكەن، 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا داستانچىلىقتا ناھايىتى زور ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىگە ئېرىشكەن. 1978 ـ يىلىدىن 1983 ـ يىلىغىچە بولغان قىسقىغىنا بەش يىل ئىچىدە ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، «گۈلزۇپەر»، «پولات»، «دوستۇمنىڭ خاتىرىسى»، «چىمەندە

توي » ، «قارا ۋە ئاق » ، «ھەسەن ـ ھۆسەن » قاتارلىق يىرىك داستانلارنى يېزىپ ، يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر داستانچىلىقىغا مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشتى . شائىرنىڭ بۇ بىر قاتار داستانلىرى ئىچىدە «قارا ۋە ئاق » داستانى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ ، شائىر بۇ داستانىدا سانائەت تېمىسىنى يازغان ، ئۇنىڭدا كۆمۈركان ئىشچىسى تەلئەتنىڭ كەسىپ ۋە مۇھەببەت جەھەتتىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن . داستاندا شائىر ۋەقەلىكنى بايان قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي ، يەنە ھايات ھەققىدە ، گۈزەللىك ھەققىدە ، كەسىپ ھەققىدە ، قەلب ھەققىدە چوڭقۇر مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بارغان ھەم يېڭىچە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئەسەرنى مەزمۇن جەھەتتىن يۈكسەكلىككە ئىگە قىلغان . «دوستۇمنىڭ خاتىرىسى » — شائىرنىڭ يەنە بىر يىرىك داستانى بولۇپ ، ئۇنىڭغا باش قەھرىمان سەرسانىيىنىڭ ئاپەتلىك يىللار — «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » مەزگىلىدىكى ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتلىرى ، پاجىئەلىك تەقدىرى ئارقىلىق ، بىر ئەۋلاد زىيالىيلار باشتىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق قىسمەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . شائىر داستاندا مۇكەممەل بىر پۈتۈن ۋەقەلىك ئارقىلىق دەۋر رېئاللىقىنى كەڭ ۋە ماھىيەتلىك كۆزەتكەن ۋە مۇھىم مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان ، ئوخشىمىغان خاراكتېر ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بىر تۈركۈم پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىپ ، ھايات ھەققىدىكى ئويلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان . داستاندىكى كەسكىن زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار ، ئوخشىمىغان تەقدىرلەر كىشىگە چىنلىق تۇيغۇسى بەخش ئەتسە ، كۈچلۈك لىرىكا ۋە ئۆزگىچە مۇھاكىمىلەر كىشىگە بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تونۇلغان يازغۇچى . ئۇ 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، «ئاجايىپ كۆزلەر » ، «يەر » ، «كۈن نەدىن چىقىدۇ » ، «سېرىق سەبدە » ، «ھەي ئادەملەر » ، «ئىنسان قەدرى » ، «كۆلەيمۇ يا يىغلايمۇ » قاتارلىق بىر تۈركۈم ياخشى ھېكايىلەرنى يېزىپ ، ئوقۇرمەنلەرگە سۇندى . يازغۇچىنىڭ كۆزىتىش نۇقتىسى ، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئۆزگىچە بولغاچقا ، بۇ

ھېكايىلەردە تۇرمۇشنىڭ ئاددىي كۆرۈنۈشتىكى تەرەپلىرى يېزىلىپ ، ماھىيەتلىك مەسىلىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ، بۇ ھېكايىلەر كۈچلۈك تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە ، كىشىنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ . يازغۇچى بۇ ھېكايىلىرىدە تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي ، جانلىق ۋەقەلەرنى ، خاراكتېرلارنى يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇپ ھەم ئەدەبىيلەشتۈرۈپ يېزىپ ، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ، ئەخلاق قارىشى ، ئادەملىك ساپاسى ھەققىدىكى كۆزىتىشلىرىنى ، مۇلاھىزىلىرىنى ، قاراشلىرىنى قىزىقارلىق ، تەسىرلىك ۋەقەلىك ۋە جانلىق بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان . يازغۇچى ئۆزىنىڭ بۇ بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ھېكايىلىرى ئارقىلىق ئادەم ھەققىدە ئىزدەنگەن ، ھاياتلىقنىڭ قىممىتى ، ئەھمىيىتى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن ، بۇ جەھەتتىن قارىغاندا ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدىكى ۋەقەلىك ۋە پېرسوناژلار مەقسەت ئەمەس . ئۇنىڭ ھېكايىلىرى ھەجىم جەھەتتىن ئىخچام ، ئاممىباب ، ئۆزگىچە قۇرۇلما ماھارىتى بىلەن يېزىلغان ؛ ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە تىل ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتىلگەن بولۇپ ، كىشىگە كۈچلۈك ئېستېتىكىلىق زوق بېغىشلايدۇ .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم كىچىك ھېكايە ئىجادىيىتىدىن رومان ئىجادىيىتىگە ئۆتۈپ ، 1988 - يىلى «تۇندىكى چاقماق» ناملىق تارىخىي رومانىنى ، 1996- يىلى «داغ» ناملىق تارىخىي رومانىنى ، 2006 - يىلى «بوز دالا» ناملىق تارىخىي رومانىنى نەشر قىلدۇردى . يازغۇچىنىڭ بۇ ئۈچ پارچە رومانى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان رومانلار بولۇپ ، قىزغىن ئالقىشقا ، يۇقىرى باھالارغا سازاۋەر بولدى . يازغۇچىنىڭ تۇنجى رومانى ھېسابلىنىدىغان «تۇندىكى چاقماق»تا خوتەننىڭ چىرا ناھىيىسىدە مىلادىيە 20 - ئەسىرنىڭ 10 - يىللىرىدا يۈز بەرگەن ، خەلقنىڭ چىك سۇلالىسىنىڭ مۇستەبىت ، چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا ، يەرلىك فېئودال بەگ - ئەمەلدارلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىغا ۋە چەت ئەل تاجاۋۇزچى كۈچلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق كۆلىمى چوڭ دېھقانلار قوزغىلىڭى تەسۋىرلەنگەن . يازغۇچى مول تارىخىي بىلىمى ، ئەتراپلىق تۇرمۇش بىلىمى ۋە كۈچلۈك بەدىئىي

تەسەۋۋۇرى ئاساسىدا تارىخىي ۋەقەلەرنى ، شەخسلەرنى قايتىدىن جانلاندۇرۇپ يېزىپ ، روماننى ھەم تارىخىي چىنلىققا ، ھەم بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە قىلغان . يازغۇچى رومانىدا خەلق قوزغىلىڭىنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە چوڭقۇر مۇھاكىمىلەرنىمۇ يۈرگۈزۈپ ، ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان . رومانىدا سوپۇرگە ئاخۇن ، سېيىت ھاجى ، ئابلىز قارى ، ئابدۇللا چاققان قاتارلىق بىر تۈركۈم روشەن خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ، تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازلىرى يارىتىلغان بولۇپ ، يازغۇچىنىڭ ئوبراز يارىتىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ھەقىقەتەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ . يازغۇچى رومانىدا تارىخىي تەركىبلەر بىلەن بەدىئىي توقۇلمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى ياخشى بىر تەرەپ قىلغاچقا ، بۇ رومان ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق تارىخىي رومان بولۇپ چىققان .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم «تۇندىكى چاقماق» رومانى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رومانچىلىقىغا ئاساس سالغان بولسا ، «داغ» رومانى ئارقىلىق رومان ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان . «داغ» تارىخىي رومان بولۇپ ، ئۇ ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يىرىك ئەسىرى ، شۇنداقلا يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن نادىر رومانلارنىڭ بىرى . رومانىدا مىلادىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يۇرتىمىزدا يۈز بەرگەن بىر قاتار تارىخىي ۋەقەلەر ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ ، ئەكسىيەتچى ، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار ، زالىم بەگ ـ ئەمەلدارلارنىڭ ئەل ـ يۇرتقا ئېلىپ كەلگەن تۈگىمەس بالايىئاپەتلىرى ، ۋەيرانچىلىقلىرى ، بۇنىڭغا چىداپ بولالمىغان خەلق ئاممىسىنىڭ قوزغىلىپ ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى تەسۋىرلەنگەن . يازغۇچى مول تارىخىي بىلىمى ئاساسىدا ئەسەرنى كۈچلۈك تارىخىي چىنلىققا ئىگە قىلىپ ، خەلقىمىز تارىخىدىكى ئاشۇ بىر قېتىملىق جەڭگىۋار كۈرەشنى بەدىئىي يۈكسەكلىكتە كۆتۈرۈپ تەسۋىرلىگەن . يازغۇچى تارىخنى يازغاندا توقۇل تارىخ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي ، بەلكى يەنە بەدىئىي تەسەۋۋۇر ، توقۇلمىلار بىلەن ئەسەرنىڭ بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان . تېخىمۇ قىممەتلىك

بولغىنى شۇكى ، يازغۇچى تارىخىي ۋەقەلەرنى ، تارىخىي شەخسلەرنى قايتىدىن كۆرستىپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن ، بەلكى ئاشۇ تارىخىي ۋەقەلەردىن ، تارىخىي شەخسلەردىن بۈگۈنكى زامان كىشىلىرى ئۈچۈن ساۋاق بولىدىغان تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ، روماننىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان . يازغۇچى ئۆز ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى بويىچە تارىخ ئارقىلىق بۈگۈنگە ئىبرەت قىلغان ، ئىنسان ھەققىدە ، ھايات ھەققىدە چوڭقۇر قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن ، ئاجايىپ جەلپكار ۋەقەلىك ئارقىلىق ئەسەر سۇژىتىنى قانات يايدۇرغان ، يۈكسەك بەدىئىي ماھارەتنىڭ مەھسۇلى بولغان ، كىشىگە ئۆزگىچە تەسىرات بېرىدىغان نىياز ھېكىمبەگ ، كېپەك دەرۋىش قاتارلىق يېگانە پېرسوناژلار ئوبرازىنى ياراتقان . ئۇنىڭدىن باشقا ، روماننىڭ تەسۋىرلەش ، بايان قىلىش ، تىل ئىشلىتىش ، قۇرۇلما ئورۇنلاشتۇرۇش ماھارەتلىرىمۇ ناھايىتى ئۈستۈن .

روماننىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى نىياز ھېكىمبەگ ، كېپەك دەۋرىش قاتارلىق پېرسوناژلار ئوبرازىدا گەۋدىلىنىدۇ . «نىياز ھېكىمبەگ قۇۋلۇق ، شۇملۇق بىلەن سۈيىقەست ۋە ھىيلە ـ مىكىردە تەڭدىشى يوق بىر ئادەم . ئۇنىڭ ئۈچۈن ئورۇن ۋە مەرتىۋە ئۆز ھاياتىدىنمۇ ئەزىز ۋە قىممەتلىك . ئۇنىڭچە ۋاپا ۋە ساداقەت دېگەنلەر ياشاش ئىقتىدارى بولمىغان يارامسىز ئادەملەرنىڭ ئويلاپ تاپقان نەرسىسى . ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھايات يولىنى كېسىش نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۆزگەرمەس ھايات مەنتىقىسى . ئۇ رەزىللىك ۋە مۇناپىقلىقنىڭ جانلىق تىپى ، ياۋۇزلۇق ۋە قانخورلۇقنىڭ كەم تېپىلىدىغان ئۆلگىسىدۇر . ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادا ئەڭ قورقۇنچلۇق نەرسە ھەقىقەت ۋە ئادالەت ، دەردمەن ، بىچارىلەرنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى چۈشىنىپ يېتىشى . يازغۇچى ... ئۇنى ماھىيىتى تۈپتىن ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەت قاينىمىغا ، يەنى ئەمگەكچى خەلق ۋە ئۆز كۈشەندىلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشلار ئېقىمىغا تاشلايدۇ . نەتىجىدە ، نىياز ھېكىمبەگ بۇ شەپقەتسىز ئېلىشىشتا ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە ئىككىلا سەپتە ئوخشاشلا مەغلۇپ بولۇپ ، ئۆزىنىڭ جىنايەتلىك شەرمەندە ھاياتىنى يىرگىنچلىك ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ» ، «كېپەك دەرۋىش خەلق ۋە ئۇنىڭ غايىلىرىنى

ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، بۇ يولدا ئۆمۈر بويى ئىزدىنىش ۋە رىيازەت چېكىشنى ۋىجدانىي بۇرچى ھېسابلايدىغان، خەلقنىڭ تەقدىرى ۋە كېلەچىكىدىن باشقا ھېچقانداق غەم، تەشۋىشى بولمىغان ھالال بىر ئادەم. ئۇ ھايات چۈشەنچىسى كەڭ، تۇرمۇش بىلىمى چوڭقۇر، ھەممە نەرسىگە ئۆزگىچە قارايدىغان، ھەرقانداق مۇرەككەپ ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىڭ سىر، ھېكمەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ساددا پىكىر، مۇلاھىزىلىرى بىلەن روشەن يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان ئالاھىدە ئەقىل ئىگىسى». «كېپەك دەرۋىش بىلەن نىياز ھېكىمبەگ ئوبرازلىرى ئەدەبىياتىمىزدا ھازىرغىچە قەلەمگە ئېلىنمىغان، پروزىمىزدا ھېچقانداق بەدىئىي ئىزناسى بولمىغان پۈتۈنلەي يېڭى ئوبرازلار، ئۇلارنى ئاپتور ئۆزىنىڭ ماھارەتلىك قەلىمى بىلەن ئەدەبىياتىمىزغا بىرىنچى بولۇپ ئېلىپ كىردى»① .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم بۇنىڭدىن باشقا يەنە دراما ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «نازۇگۇم» دراممىسى، كىنو سىنارىيىسى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «سىرلىق كارۋان» سىنارىيىسىنى يازغان. ئۇنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلى، چاۋشيەن، ياپونىيە، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرى قاتارلىق ئەللەرگە قىلغان زىيارىتى ئاساسىدا يېزىلغان زىيارەت خاتىرىلىرىمۇ ناھايىتى ياخشى يېزىلغان بولۇپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، ئۇ يەنە ساياھەت خاتىرىلىرىنى ئاساس قىلغان خاتىرە ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدىمۇ گەۋدىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بۇ يېڭى ئەدەبىي تۈرنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپىلەرنى قوشتى.

**ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان، كېرىمجان ئابدۇرېھىم:** «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» نىڭ «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» قىسمى

---

① مۇھەممەت پولات: «داغ» — «ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى»، «ئەدەبىيات — چىنلىق ۋە گۈزەللىك زېمىنى»، 53 ـ، 63 ـ، 73 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........................................ 1

## بىرىنچى قىسىم قانغا بويالغان زېمىن

بىرىنچى باب كېپەك دەرۋىشنىڭ ئېيتقانلىرى .............. 15
ئىككىنچى باب غەپلەت باسقان يۇرت .................... 23
ئۈچىنچى باب پىيالما سېپىدا بوران .......................... 31
تۆتىنچى باب نىقابلانغان تۇزاق .............................. 38
بەشىنچى باب دەرۋىش ئاتا ، نەدە سەن ! ................... 48
ئالتىنچى باب ناتونۇش قورالىقلار ........................ 57
يەتتىنچى باب يورۇقتاشتا قان تاشقىنى .................... 66
سەككىزىنچى باب هازىدار شەهەر ............................ 73
توققۇزىنچى باب قىساس ئوتى ئۆچمەيدۇ .................. 80

## ئىككىنچى قىسىم قان تولغان كۆزلەر

ئونىنچى باب هەر كاللىدا بىر خىيال ......................... 89
ئون بىرىنچى باب ئېغىر كۆڭلەردە ......................... 97
ئون ئىككىنچى باب دەرۋىشلەرنىڭ سۆهبىتى .............. 104
ئون ئۈچىنچى باب قەشقەردىن كەلگەن مەلۇمات ......... 114
ئون تۆتىنچى باب هاكىمبەگنىڭ مېهمىنى ................. 123
ئون بەشىنچى باب تۈن نىسپىدىكى ئوت ..................... 135
ئون ئالتىنچى باب دەرۋىشنىڭ دەردى ...................... 144

ئون يەتتىنچى باب ئۇجمىلىك دوقمۇشتىكى تۇتقۇن ...... 154
ئون سەككىزىنچى باب تىكەن ئارىسىغا تېرىلغان تىكەنلەر ... ............................................ 165

## ئۈچىنچى قىسىم دوستلار دۈشمەن ئىزىدا

ئون توققۇزىنچى باب ئاھ، شاۋقۇنلۇق يەكەن دەرياسى ...... ............................................ 177
يىگىرمىنچى باب ئاي پاتقان ئاخشام ........................ 188
يىگىرمە بىرىنچى باب چۆل ئاتلىرى هارمايدۇ ........... 199
يىگىرمە ئىككىنچى باب تەتۈر ئاققان سەل................ 214
يىگىرمە ئۈچىنچى باب چىگىش خىياللار..................... 226
يىگىرمە تۆتىنچى باب خەتەرلىك كۆز يېشى .............. 235
يىگىرمە بەشىنچى باب بەگلەر ئۈچرىششى................. 244
يىگىرمە ئالتىنچى باب قاراقاشتا ئىتتىپاق................ 255
يىگىرمە يەتتىنچى باب سانجۇدىكى مۇئەللەق ئۆلۈم ...... 266
يىگىرمە سەككىزىنچى باب ئامەتلىك ئادەمنىڭ ئىشى ...... 277
يىگىرمە توققۇزىنچى باب تاغ يولىدىكى كىشىلەر ......... 287
ئوتتۇزىنچى باب چۆلدىكى ئاشىق ............................ 296
ئوتتۇز بىرىنچى باب هاكىمبەگ قۇم سانايدۇ.............. 306
ئوتتۇز ئىككىنچى باب كېچىكىپ كەلگەن باهار........... 316

## تۆتىنچى قىسىم قىساس ئوتى ئۆچمەيدۇ

ئوتتۇز ئۈچىنچى باب قارلىق تاغدىكى گۈلخان ........... 329
ئوتتۇز تۆتىنچى باب پانسات زىندانىدىكى مەهبۇس......... 341
ئوتتۇز بەشىنچى باب قىساس ئوتى لاۋۇلدايدۇ ............ 352
ئوتتۇز ئالتىنچى باب تىرىلگەن مۇردا ..................... 365
ئوتتۇز يەتتىنچى باب دەرۋىش يىغلايدۇ .................... 375

ئوتتۇز سەككىزىنچى باب يېڭى مىرزا، يېڭى خەۋەرلەر ......
........................................................ 388
ئوتتۇز توققۇزىنچى باب ھاكىمبەگنىڭ پىلانى.............. 401
قىرىقىنچى باب ئاجايىپ ھىيلىلەر ........................ 415
قىرىق بىرىنچى باب قىلتاق .............................. 430
قىرىق ئىككىنچى باب قانلىق قىرغاق....................... 444
قىرىق ئۈچىنچى باب تاڭ ئاتماس كېچىلەر .............. 460

## بەشىنچى قىسىم ئەجەل دوقمۇشىدا

قىرىق تۆتىنچى باب ئەنسىز ئاخشام ....................... 477
قىرىق بەشىنچى باب ئاقسۇغا سەپەر ....................... 490
قىرىق ئالتىنچى باب سىرلىق ئۇرۇش ..................... 506
قىرىق يەتتىنچى باب چۆلدىكى ئالغۇن ..................... 520
قىرىق سەككىزىنچى باب دوست كىم، دۈشمەن كىم...... 537
قىرىق توققۇزىنچى باب قارا ھىجران........................ 551
ئەللىكىنچى باب مۇناپىقنىڭ چۈشى ........................ 567
خاتىمە ئاخىرقى نەپەسلەر ................................. 586

**قوشۇمچە :**

«داغ» — ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى ..............
................................................ مۇھەممەت پولات 1
«داغ» رومانىنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىراتلىرىم ..........
........................................ كېرىمجان ئابدۇرېھىم 9
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم رومانلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى
ھەققىدە.................................. ئابدۇللا مەتقۇربان 19

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە

ئاجايىپ ئىش ، يۇسۇپكە بۇرادەرلىرى قۇدۇقتىن
ئورۇن بەردى ، ياتلار بولسا دىلىدىن ئورۇن بەردى ،
بۇرادەرلىرى ئۇنى مەسخىرە قىلىپ پۇلغا ساتتى ،
زىلەيخا ئۇنى سۆيۈپ سېتىۋالدى !

— مۇھەممەت نىياز ئىبنى ئابدۇلغەفۇر

كۇز ئايلىرى ، تۇن بىلەن تاڭ گىرەلىشىپ تۇرغان چاغ . كۆك گۇمبىزى پاكىز تازىلانغان قارا شىشىدەك تىنىق . نە بۇلۇتتىن ، نە تۇماندىن ئەسەر يوق . چېتىگە كۆز يەتمەيدىغان ئاسمان سەتھىنى بېزىگەن يۇلتۇزلار سان ـ ساناقسىز ئالتۇن تۇگمىلەردەك جىمىرلاپ تۇرىدۇ . ئۆلۈك ئەجدىھادەك سوزۇلۇپ ياتقان تۆپىلىكلەر ، ئېگىز ـ پەس ئېدىرلار ئۈستىدە ئاقتىكەن ، يۇلغۇن ، قومۇش ۋە يانتاق دۆۋىلىرى خۇددى پىيازلىقتىكى قارانچۇقتەك تۇگۇلۇپ كۆرۈنىدۇ . يېقىنىدىمۇ ، يىراقتىمۇ كۆزگە تاشلىنىدىغىنى قارا پالاستەك قارىيىپ تۇرغان زېمىن . يۇلتۇزلۇق ئۇپۇقتا تۇتىشىپ كەتكەن دۆڭلۈكلەر بىر ـ بىرىگە باش قويغان . تىمتاس تومۇز كۈنلىرى قورايلار ئارىسىدا بوز توپىلىق تەكشىلىكتە قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ چېپىپ يۈرىدىغان كەسلەنچۈك ، سالىملار تاڭ ئالدىدىكى شېرىن ئۇيقۇنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتامدۇ ياكى ئېھتىيات بىلەن ھەرىكەت قىلىۋاتامدۇ ، ئىشقىلىپ قاراڭغۇلۇق بىلەن قورشالغان ئۇنسىز دۇنيادا ھېچبىر تىۋىش ئاڭلانمايدۇ .

نار تۆگىنىڭ لوككىسىدەك يېقىن ئىككى دۆڭ ئارىسىدىن يۇلتۇز شولىسىدىلا ئەمەس، ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ يورۇقىدىمۇ ئاسانلىقچە كۆزگە چېلىقمايدىغان ئەگرى- توقاي چىغىر يول ئۆتىدۇ. تولا ماڭغان يولۇچىنىڭ سەزگۈسىدىن ئۆزىنى يوشۇرالمايدىغان بۇ چىغىردا ئون تۆت- ئون بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالا تېنىمەي- تەمتىرىمەي كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا تاياق، يۈكلەنگەن قاقشالنىڭ كۆپلۈكىدىن قۇم يۈزىدىن ئاياغلىرى ئاران كۆرۈنۈپ قالغان چامبۇل ئېشەك پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئېغىرلىقىنى يۈدۈپ كېلىۋاتقاندەك ئېغىر پۇشۇلدايدۇ، ئۇزۇن قۇلاقلىرى سۇغا چىلانغان لاتىدەك سالپىيىپ، بۇرۇن تۆشۈكى چوڭىيىدۇ، ساغرىسىغا تارسىلداپ تېگىۋاتقان تاياقمۇ پىسەنت قىلماستىن، گاھ- گاھ بىر ئىزدا توختىۋالىدۇ. بالا ئېشەككە ھەيۋە قىلغاچ پوتىسىنى چىگىپ قويىدۇ. بەزىدە جىنىدەك توختىۋېلىپ تۆۋەنگە ئېڭىشىدۇ- دە، چورۇقىنىڭ يىپىنى چىڭىتىۋېلىپ، ئون نەچچە قەدەم ئۇزاپ كەتكەن ئېشىكىنىڭ كەينىدىن كەچ قالغان بازارچىدەك يۈگۈرىدۇ.

— تېز ماڭ جانىۋىرىم، ئېچىرقىغان تەخىيىڭنى بولسىمۇ ئويلا، ئۆيگە بېرىپلا ھەققىڭنى ئالىسەن، بىر باغلام بېدىنى پاك- پاكىز يەۋېتىسەن. شۇنداق، ئۆزۈڭ يالغۇز يېسەڭمۇ، تەخىيىڭ بىلەن بىللە يېسەڭمۇ ئىختىيار ئۆزۈڭدە! كېيىنچۇ، كېيىن يەنە شەھەرگە ماڭىمىز، ئەتىگەنلىك بازارغا ئۈلگۈرىمىز، ئوتۇن ئوبدان پۇل بولسا، بەلكى بوغۇزمۇ ئېلىپ بېرىمەن تېخى...

ئېشەك دۆڭ ئارىسىدىن، قۇملۇقلاردىن ئۆتۈپ، مەھەللە بىلەن جاڭگالنى ئايرىپ تۇرىدىغان پارچە ساي يولىغا چۈشكەندە ھارغىنلىقى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى بولغاي، قىلىيورغىدەك سىلىق يورغىلاشقا باشلىدى. بالا ئېشەكنىڭ بىر تەرزدە ئالمىشىۋاتقان ئارقا ئاياغلىرىغا قاراپ مېڭىۋېرىشتىن زېرىككەن بولسا كېرەك، ئېشىكنى ئالدىراتقاچ ئاسمانغا قارىدى- دە،

يۇلتۇزلارنى ساناشقا باشلىدى . بىر··· ئىككى ··· ئۈچ··· ئۇ تۇرۇپلا ساناقتىن ئازدى ، بارماقلىرى بىلەن كۆزىنى دالدا قىلىپ ، ھەربىر جۇپ بارمىقى ئارىسىدىكى يۇلتۇزلارنى بىر دائىرىگە ئايرىدى ـ دە ، ساناقنى يۇزگە ، ھەتتا مىڭغا يەتكۇزدى ، ئاندىن ئۆزىگە تونۇش بىر ئاھاڭغا غىڭشىدى···

بالا شۇ مىڭشىدا مەھەللىگىمۇ يېقىنلىشىپ قالدى ، ئالدى بىلەن بوياقچىنىڭ ئېگىز خادىغا ئېسىپ قويغان قارا ماتاسىدەك يېيىلىپ تۇرغان دەرەخلەرنى كۆردى . ئاندىن مەھەللە يولىنىڭ ئاغزىنى تېپىۋالدى .

مەھەللە جاڭگالغا ئوخشمايتتى . ھاۋا بەل قورۇغۇدەك سوغۇقمۇ ئەمەس ئىدى . كوچىلاردا يەر بېغىرلاپ لەيلەپ يۇرگەن ئاقتىكەن ياكى يۇلغۇن قاقشىلىنىڭ ئىس ـ ھىدى دىماغنى غىدىقلايتتى . بامداتقا ئەزان چىقىلدىغان چاغ بولۇپ قالغان ، ئاۋازى بۇرغۇي ئاۋازىدەك بوم ۋە سوزۇق چىقىدىغان قېرى خورازلارمۇ ، چىللاشنى ئەمدىلا ئۆگەنگەن چۈجە ـ خورازلارمۇ خۇددى بەسلەشكەندەك چىللاشماقتا ئىدى . ئۇلگۈجىكى قېيىپ قالغان ئىشىك پەرياد سالغاندەك غىچىرلايتتى ، تاراقلايتتى ، چۆچۈپ ئويغانغان سەگەك ئىتلار توختىماي قاۋايتتى .

بالا كېتىۋېتىپ ، چوڭلار شىپىتلىك دەيدىغان چوڭ زاراتگاھلىقنىڭ يېنىدىن ئۆتتى . غۇۋا ئاقىرىپ تۇرغان خادىلارغا ، خادىلارغا ئېسىلغان تۇلۇم ۋە تۇغ ـ ئەلەملەرگە قاراپ قويدى . ھاياتلىقنىڭ ئىككىنچى ، ياق ، ئاخىرقى ماكانى بولغان بۇ سىرلىق جاي بالىغا ئوبدانلا تونۇشلۇق بولسىمۇ ، ئەمما خېلىلا قورقۇنچلۇق ئىدى . يەتتە كەتمەن توپا تاشلىنىشى بىلەنلا باشلىنىپ كېتىدىغان سوئال ـ سوراقلار ئۇنىڭ قۇلاق تۇۋىدە جاراڭلايتتى . پەرىشتىلەر ـ نىڭ ئېغىر گۇرزىلىرىنىڭ زەربىسىدە پارە ـ پارە بولغان مۇردىلار ، قان شورىغۇچى قۇرتلار ، چوغدەك قىزىل تىلىنى پىلدىرلىتىپ تۇرغان چار يىلانلار ۋە ئالىلقانداق شاياتۇنلار ئۇنىڭغا يېقىنلا يەردە

تۇراتتى . بىر يىل بۇرۇن بۇ يەردىن دەل مۇشۇنداق چاغدا ئۆتۈۋىدى ، ئۇنىڭ تېنى جۇغۇلداپ ، ئەزايىغا تىترەك ئولاشتى . لېكىن ، ئامال قانچە ، ھايات ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىر بۇردا نان ، بىر تىيىن پۇل تەقەززاسى بۇنداق قورقۇنچ ، ۋەھىمە ئۈستىدىن ئاخىر غالىب كەلدى . ئۇ بۇ يولدىن مېڭىۋېرىپ ، كېيىنچە ئادەتلىنىپمۇ كەتتى . تىمتاس جاڭگال يولىدىن قانداق ماڭغان بولسا بۇ يەردىنمۇ شۇنداق مېڭىۋېرىدىغان بولدى .

بالا زاراتگاھلىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قويۇق سېدە دەرىخى بىلەن پۇركىنىپ تۇرغان خانىقادىن ئۆتۈۋالسىلا ئۆيىگە يەتكەنمۇ بولاتتى . لېكىن ، چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ سېدىلەرگە يامىشىپ كەتكەن قېلىن ماندار تۇزغاقلىرى ئارىسىدا ھەقىقەتەن جىن بار ئىدى . كىمدۇر مۇشۇ يەردە قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرغان قىپيالىڭاچ ئايالنى ، كىمدۇر چاچلىرى چۇۋۇلغان قىزىل كۆزلۈك ئالۋاستىنى ، يەنە كىمدۇر ئاي يۈزلۈك پەرىزاتنى كۆرگەنىدى . بۇنداق رىۋايەتلەر ئۇنىڭغا يادا بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئۇ «قورققان ناخشا توۋلاپتۇ» دېگەندەك ، ئېغىزىغا كەلگەن بىر ناخشىنى ئۈنلۈك ئوقۇپ ناخشا تۈگىگۈچە خانىقادىن ئۆتۈۋالماقچى بولدى . لېكىن ، دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىچىك بالىنىڭ ئىڭەلەپ يىغلىغان ئاۋازى كىرىپ قالدى .

ئۇ ئېشىكىنى توختاتتى ، ئۆزىمۇ توختىدى . ھەممە تىۋىشلارنى سەزگۈسىدىن ساقىت قىلىپ قۇلاق سالدى . يىغا ئاۋازى خانىقاغا يېقىنلا بىر يەردىن كېلىۋاتاتتى .

«تاڭ تېخى يورۇمىغان بولسا ، خۇددى يەر تېپىلمىغاندەك بالىسىنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ يىغلاتقىنى نېمىسى ؟ »

بالا ئۆيىگە ئالدىراۋاتقان ئېشىكىنىڭ چۇلۋۇرىنى بوشاتتى . ئۆزىمۇ ئىختىيارسىز ئالدىغا سىلجىدى .

بالا ئېڭىشىپ ، سىنچىلاپ قارىدى . سېدە دەرىخى تۈۋىدىكى سارغىيىپ كېتىۋاتقان چىملىقتا پاختىلىق سەرگەز زاكىغا ئورالغان

بىر بوۋاق زەئىپ ئاۋازدا ئىڭراپ ياتاتتى، زاكا بېشىدا قېتىپ كەتكەن ئىككى زاغرا تۇراتتى.

بالىنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى، ئۆپكىسى ئۆرۈلدى. قورقۇنچ ئىچىدە تۆت ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتتىيۇ، ھېچكىمنى ۋە ھېچنېمىنى چېلىقتۇرالمىدى. ھايال ئۆتمەي، ئۇنىڭ قورقۇنچى ھەيرانلىققا ئالماشتى. كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپمۇ باقتى. ئاخىرىدا:

— بۇ كىمنىڭ بالىسى، كىمنىڭ بالىسى دەيمەن، نېمىشقا ئۈنچىقمايسىلەر؟ — دەپ توۋلىدى چىڭقىلىپ تۇرۇپ.

ئۇ بىرقانچە قېتىم توۋلىغان بولسىمۇ، ئەتراپتىن توۋلىغىنىغا تۇشلۇق ھېچقانداق سادا چىقمىدى. زاراتگاھلىقنىڭ يۇمىلاق گۈمبەزلىرى، تۇغ - شەددىلەر بىلەن تولغان ئاسمىنىمۇ ھېچبىر شەپە بەرمىدى. ئۇنىڭ ئىنچىكە، ياڭراق ئاۋازى ئالۋاستى ئۈۋىسىدەك سالۋاراپ تۇرغان سېدە شاخلىرى ئارىسىغا، قارامتۇل ئاسمانغا سىڭىپ كەتتى.

بوۋاق يەنىلا يىغلاۋاتاتتى. خالىس ھەمراھقا ياكى شەپقەتچىگە يولۇقىنىنى سېزىۋالدىمىكىن، يىغلاۋېتىپ، دىمى كېسىلىپ قالاتتى، شەپقەتچىنىڭ سوغۇق قوللىرى يۈز - كۆزلىرىگە يېنىك تەگكەندە بولسا يىغىسى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقاتتى. بۇ يىغا يۈرەكنى ئېزەتتى.

بالا پوتىسىنى يېشىپ ئوتۇن ئۈستىگە تاشلىدى. بوۋاقنى ئاۋايلاپ كۆتۈردى، زاكىنى كۈرەك جۇۋىسىنىڭ مويلىرى ئارىسىغا ئالدى...

بالا كونىراپ، قىيسىيىپ قالغان ئىشىكنى پۇتى بىلەنلا ئىتتىرىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئەللىككە بارار - بارمايلا مۈكچىيىپ كەتكەن دادىسى ئىۋرىق تۇتقان ھالدا پەگاھدا تۇراتتى. مانا ئەمدى ئوغلىمۇ قايتىپ كەلدى، ئوغلى پۈتۈن دۇنيانىڭ خوۋلۇقىنى ئەكەلگەندەك خۇشال بولغان ئاتا ئوغلىدىكى ئىنتايىن نازۇك ۋە كىچىك بىر ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلمايمۇ قالمىدى.

ئوغلى بۇرۇن ھەر قېتىم جاڭگالدىن قايتىپ كەلگەندە ئۆز مېھنىتىنى كۆز - كۆز قىلغاندەك، ھويلىغا كىرەر - كىرمەيلا چۇقان سالاتتى. دادىسى خاھ تەرەت ئېلىۋاتقان بولسۇن، خاھ جايىنامازدا ئولتۇرغان بولسۇن، چىقىپ ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىغا ئالمىغۇچە ھويلىدا تۇرۇپلا ئالاتتى. بۈگۈنچۇ؟ بۈگۈن ئوغلى باشقىچە ئادەم بولۇپ قالغاندەك ئۆيگە جىمجىتلا كىرىپ كەلدى. ھويلىنىڭ قارىسىنى كۆرەر - كۆرمەيلا «دادا» دەپ تۇۋلاشلىرىمۇ، پالتا - كەكىلىرىنى تاراقلىتىپ ھويلىنى بېشىغا كىيىشلىرىمۇ ئاللىقاياقلارغا غايىب بولغانىدى. بۇ ھال ئاتىنى تەئەججۈپكە سالدى.

بوۋاي تەئەججۈپ دېڭىزىدا غۇلاچ تاشلاپ قىرغاق ئىزدەۋاتقاندا، بىردىن دېڭىز ئاسمىنىدا چاقماق چېقىلغاندەك، پۈتكۈل دېڭىز داۋالغۇپ كەتكەندەك بىر مۆجىزە يۈز بەردى: بالىنىڭ ئىسسىق باغرىدا ئۇيقۇسىنى تۈگەتكەن بوۋاق ئۆزىگە ناتونۇش بولغان بۇ ئائىلىگە تونۇشلۇق بەرمەكچى بولغاندەك، قىيقاس سېلىپ يىغلىۋەتتى. تۇيۇقسىز ئاڭلانغان يىغا ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتكەن ئاتا قولىدىكى ئىۋرىقنى يەرگە تاشلىۋەتكىلى تاسلا قالدى. ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرى چۆچەكتەك يوغان ئېچىلدى.

— دادا، قارىغىنا، نېمىدېگەن ئوماق بالا بۇ؟

مورا بېشىدا ئىس پۈركۈپ تۇرغان قارا چىراغنىڭ گىرىمسەن يورۇقى زاكىدىن بېشى چىقىپ تۇرغان بوۋاقنىڭ چىرايىدا جىلۋە قىلاتتى. ئۇنىڭ بىر تال جىنەستىدەك قىزىل ئاغزى، جىگدىدەك بۇرنى، توم، كۆتمەك قاشلىرى، پىياز پوستىدەك ۋىلىلداپ تۇرغان تېرىسى خېلى ئېنىق كۆرۈنەتتى.

ئاتا بوۋاققا زوق بىلەن قارىدى. پۈتۈن دۇنيانىڭ سىرلىرىدىن، ھايات تەشۋىشلىرىدىن بىخەۋەر غۇبارسىز كۆزلىرىگە تىكىلىپ كۈلۈمسىرىدى. يۈرىكىنى بىر خىل تاتلىق سېزىم چۇلغىۋالدى. بوۋاقنىڭ يۈزىنى يىرىك بارماقلىرى بىلەن سىلاپ

قويدى . بۇ غېرىبانە ئۆيدە يېڭى ھاياتلىقنىڭ نۇرانە چىرايىنى كۆرمىگىلى ، كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىمىغىلى قانچە يىللار بولدى ـ ھە ؟

بىراق ، ئۇنىڭ بۇنداق تۇيغۇسى ئۇزاققا بارمىدى . ئاتا نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك بولدى ـ دە ، ئوغلىدىن سورىدى :

— بۇ بوۋاق كىمنىڭ ، ئوغلۇم ؟

— كىمنىڭ بولاتتى ، ئەلۋەتتە بىزنىڭ ـ دە ، دادا .

— بىزنىڭ ؟ — ئاتا ئوغلىنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ سوئالىنى داۋاملاشتۇردى ، — ئۇنى قەيەردىن ئەكەلدىڭ ؟

— خانىقانىڭ يېنىدىن تېپىۋالدىم ، ماۋۇ يەردە ئىككى زاغرىمۇ بار تېخى !

ئاتىنىڭ يۈرىكى ئاغدى :

— خانىقانىڭ يېنىدىن ؟ زاراتگاھلىقتىنمۇ ؟

— شۇنداق ، دادا ، كېلىۋاتسام بىر بوۋاقنىڭ يىغلىغان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى ، بارسام ئۇ سىدە تۇۋىدە يېتىپتۇ ، بېشىدا ئىككى زاغرا تۇرۇپتۇ ، ۋارقىراپ باقتىم ، ھېچكىم مېنىڭ دېمىدى ، «تېپىۋالغان ئۆزىنىڭ ، قاغا چوقۇلىغان كۆزىنىڭ» ـ دە !

تولىمۇ قورقۇنچلۇق ، ۋەھىمىلىك بىر خىيال ئاتىنىڭ كۆڭۈل كۆلىبىسىگە شۇنداق تېزلىك بىلەن ئۇسۇپ كىردىكى ، ئۇ پۈتۈن ـ سۈرۈك بىر بومبىغا ئايلاندى ۋە بۇ بومبا شىددەت بىلەن پارتلاپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدا سىلكىنىش پەيدا قىلدى ، ۋابادىن قاچقاندەك ، كەينىگە ئىككى قەدەم داجىدى . تىترەپ تۇرغان بارمىقىنى كىچىككىنە كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرغان بوۋاققا چېنەپ تۇرۇپ ۋارقىرىۋەتتى :

— بۇ تۇن بالىسى ، شۇم بالا ، ئۇنى نەدىن ئەكەلگەن بولساڭ شۇ يەرگە ئاپىرىۋەت !

ئاتىسىنىڭ ئويلىمىغان يەردىن چىقارغان بۇ ھۆكمىدىن ، بالا گاڭگىراپلا قالدى . ئۆي ئىچىنى كونا تۇگمەندەك تىمتاسلىق

قاپلىدى . پەقەت زاكا ئىچىدىكى بوۋاقلا بۇ ھۆكۈم ۋە تىمتاسلىقتىن بىخەۋەر ھالدا ئىبىقى ئەمدىلا سۇزۇلۇشكە باشلىغان غەمسىز كۆزلىرىنى تورۇسقا ، جىنچىراغقا تىكىپ كىمنىدۇر ئىزدەيتتى . ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ ، يىنىك ئىڭراپ قوياتتى .

بالا ئەقلىگە كەلگەندىن بۇيان دادىسىنىڭ ئۆزىگە ياكى كۆز يۇمغىنىغا ئالتە - يەتتە يىللار بولغان مەرھۇم ئانىسىغا بۇنداق قاتتىق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى زادىلا ئەسلىيەلمەيتتى . دۇرۇس ، ئۇنىڭ ئاتىسى باغرى يۇمشاق ، كۆيۈمچان ئاتا ئىدىغۇ ، ئۆمۈر بويى باشقىلارغا خەيرخاھلىق قىلىپ كەلگەن ، ئۆزگىلەر ئۇچۇن مۇھەببىتىنى ، شەپقىتىنى ئايىمايدىغان ساددا ئاتا ئىدىغۇ ؟ ئەمدى ئۆزىنىڭ تاش يۈرەكلەرچە تاشلىۋېتىلگىنىنى ، ئىگىسىز يېتىملىكىنى بىلمەيدىغان ، كىملەرنىڭدۇر ئىنسانىي مۇھەببىتىگە ، پەرۋىشىگە موھتاج بولۇۋاتقان بىر نارەسىدىگىمۇ شۇنچىۋالا رەھىمسىزلىك قىلغان بارمۇ ؟

ئۇ ئاتىسىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قويدى ، بىراۋ قىممەتلىك نەرسىسىنى تارتىۋالماقچى بولغاندەك ، بوۋاقنى جۇۋىسىنىڭ ئىچىگە مەھكەم يوشۇردى - دە ، تۇنجى قېتىم دادىسىنىڭ خاھىشىغا زىت مەيدانغا ئۆتتى :

— ياق ، ئاپىرىۋەتمەيمەن ، ئاپىرىۋەتسەك بۇ بوۋاق يالغۇز قالىدۇ !

ئاتىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى ، خەقنىڭ پۇشتى ئۇچۇن ئۆزىگە بويۇنتاۋلۇق قىلغان ئوغلىغا ئاچچىقى كەلدى - دە ، بۇيرۇق ئاھاڭدا يەنە دېدى :

— ئاپىرىۋەت دېگەندىكىن ئاپىرىۋەت ، بولمىسا…

— ياق ، بۇ ئادەم بالىسى تۇرسا ، نېمىدەپ…

ئاتا زەردە بىلەن قولىنى سىلكىدىيۇ ، يەنە ئوغلىغا قاراپ بېشىنى چايقاپ قويدى . ئۇنىڭ بىلەن تىركىشىپ قېلىشتىن ئۆزىنى تارتىپ ، تەرەت ئېلىپ جايناماز‌غا ئولتۇردى . تۈڭلۈكتىن

يورۇۋاتقان ئاسماننىڭ كۆپكۆك بىر پارچىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . بۇ ناماز ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بەرگۈچى ئالامەت ئىدى .

ئۇ ناماز بامداتتىن كېيىن «ئايەتۇلكۇرسا»نى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىۋەتتى ، ئەتراپىغا قاراپ سۈپكۆچلىدى . چۈنكى ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۆيىدە شۇم بالا بار ئىدى . ئۇ ئۆلگەن ئانىنىڭ قارنىدا كەتكەن بوۋاقنىڭ گۆر ئىچىدە تۇغۇلۇپ قەبرە بېشىغا چىقىدىغانلىقىغا ، يىغلاپ ، خەقش قىلىپ ، تىرىكلەرگە شۇملۇق تىلەيدىغانلىقىغا ، يورۇق دۇنيادا ھاياتلا قالىدىكەن ، ئىنسان ئارىسىدا بالايىئاپەت پەيدا قىلىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى . ئوغلى ئەكەلگەن بۇ بوۋاقنىڭ شۇم بالا ئىكەنلىكىگىمۇ گۇمان قالمىغانىدى . «ياشلىقىنىڭ بەخۇاش سەزگۈسىگە تايىنىپ نىكاھسىز تۇغۇپ قويغان بالىسىنى مەسچىتلەرگە ، دوقمۇشلارغا ، پۇللۇق ئائىلىلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا قويۇپ قويىدىغان بىقۇۋۇل ئانىلار ئازمۇ ؟ ياق ، ياق ، ئۇلار ھەرقانچە بولسىمۇ ئۆز يۈرەك پارىسىنى مازارغا تاشلىۋەتمەيدۇ ، بۇ جەزمەن شۇم بالا ، دۆ ـ پەرىلەر ئىنسان ئارىسىغا ئەۋەتكەن ئاپەت… »

بىراق ، ئۇ ئەمدى نېمىمۇ قىلالىسۇن ، ئۆزىنىڭمۇ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭمۇ بوۋاق چاغلىرى بولغان . مۇنۇ ئوغلىمۇ بىر چاغلاردا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ، تۈن ـ تۈنلەپ يىغلاپ چىقىدىغان بوۋاق ئىدىغۇ ؟ ئانىسىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان ، تۇرمۇش خوۋلۇقىنى كۆرمىگەن ، پەقەت ئاتىلىق مېھرىگىلا قاراشلىق بولغان يالغۇز ئوغلىنى ئەمدى بۇ بوۋاق بىلەن قوشۇپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقارسۇنمۇ ؟ ئۆز تۇپرىقىنى ، قەبرىسىنى يوقلاپ ، ئەجدادىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرىدىغان يالغۇز ئوغلىدىن ئايرىلسۇنمۇ ؟ تېرىيدىغان ئالقانچىلىك يېرى ، خەج ـ خىراجىتىنى قامدايدىغان بىرەر ھۈنىرى بولمىغان بۇ ئائىلىنى مۇشۇ يالغۇز ئوغۇل ئوتۇن توشۇپ سېتىپ كۆكلىتىۋاتامدۇ ؟ ئەمدى ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرۇش ، يۈرەك

زىدىسى قىلىش مۇمكىنمۇ؟
ئويلىغانسېرى ئۇنى يىغا باستى، دىلى يۇمشاپ، ۋۇجۇدى ئېرىدى، نامازدىن پارىغ بولۇپ بوۋاقنى ئاۋايلاپ قولىغا ئالدى ـ ده، ئۆز بالىسىدەك باغرىغا باستى. شۇئان، ئۇنىڭ ئاتىلىق مېھرى كەلكۈندەك دەۋرەپ، ئىنسانىي تۇيغۇسىدا زىلزىلە پەيدا قىلدى، كۆز جىيەكلىرىدىن تېشىپ چىققان ئىسسىق ياشلىرى تاتىراڭغۇ مەڭزىنى ھۆل قىلدى. قوشنا مومايدىن تىلەپ كىرگەن كالا سۈتىنى شورتۇلدىتىپ ئېمىپ تويغان بوۋاق ئاتىنىڭ تۇكلۇك مەيدىسىگە چاپلاشقىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى.
كۈن ئايغا، ئايلار يىللارغا قاراپ سۇرۇلۇپ، پەسىللەر توختاۋسىز ئالماشتى. ھويلا تېمىغا ئارتىلغان دوڭغاق جىگدە بەش قېتىم چېچەكلەپ بەش قېتىم مېۋە بەردى. بوۋاقمۇ چوڭ بولدى، تىلى چىقتى. تىلى چىقىپلا ئۆزىنى ئۆلۈم چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان يىگىتنى نېمىشقىدۇر «ئاكا» دەپ ئاتىدى. بوۋاينى بولسا «دادا» دېدى. بوۋاق «دادا» دەپ ئاتىغان بۇ بوۋاي ئۇ بەش ياشقا تولغان يىلى زىققە كېسىلى ئېغىرلىشىپ سەكراتقا چۈشۈپ قالدى. ئۇ سوقا تېشى ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن قاپىقىنى مىڭ تەسلىكتە ئېچىپ، يىگىتلىك قۇرامىغا يېتىپ قالغان ئوغلىغا:
— ئوغلۇم، سېنى بۇ ۋاپاسىز دۇنياغا يالغۇز تاشلاپ كېتىدىغان بولدۇم. ئىككى پۇلغا يارىغۇچىلىك بىساتمۇ قالدۇرالمىدىم. ئاۋۋال خۇدا، ئاندىن قالسا قولۇم ـ قوشنىلار بار. يادىڭدا بولسۇنكى، ئايەتۇلكۇرسىنى كۈنىگە يەتتە مەرتەم ئوقۇپ تۇر، خۇدا بۇ بالىنىڭ ئىنسابىنى بېرەر، بەرمەي قالسا بۇنداق بالىنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن ساڭا بىرەر زەخمەت يېتىپ قالمىسۇن… — دېدى.
بوۋاي قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى، يۆتەلنى ياندۇرالماي ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى. بىراق، ئۇنىڭ ئوغلىغا قالدۇرغان ۋەسىيىتى ئۇنىڭ چىن گېپى ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئاشۇ كېچىسى بوۋاي ئامراق

ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى دەپلا بوۋاقنى ئېلىپ قالدىيۇ، كۆڭلى زادىلا تىنچلانمىدى. كىتاب كۆرۈۋىدى، بوۋاقنىڭ تۇغۇلغان يىلىنىڭ ئاخىرقى بىر پەسلىدە، سائەت مىررىخ بۇرجىغا توغرا كەلگەندە تۇغۇلغانلىقى مەلۇم بولدى. تەبىر بويىچە، بۇنداق نەس پەسلىدە تۇغۇلغان بالا شۇم، هارامخور، مۇناپىق بولۇشى، قوللىرىدىن قان، تىلىدىن زەهەر تېمىپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى.

يىگىت يىغلاپ، قاقشىدى، دادىسىنى ئامالسىز ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىۋەتتى. ئۆزى بولسا، «ئىنىسى» بىلەن بۇ دۇنيادا قالدى. ئوتتۇنغا بارغاندا ئۇنى ئېشەككە مىندۈرۈۋالدى. قايتىشىدا هاپاش قىلىۋالدى، ئۇسسىغاندا سۇ، ئاچقاندا ئاش ـ نان، توڭلىغاندا كىيىم بەردى. كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسرىدى.

شۇغىنىسى، بۇ بالا خۇددى قىرىق خوتۇنلۇق شاهىنشاهنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تاپقان يالغۇز ئوغلىدەك ئەركە، جېدەلخور، بەڭۋاش بولۇپ چوڭ بولدى. ئۇ تۇرۇپ ئۇنى يەيمەن دەيتتى، ئۇنى تېپىپ بەرسە بۇنى يەيمەن دەپ ئالتوپىلاڭ كۆتۈرەتتى. ئالدىغا ئۇچرىغاننى ئۇرۇپ، چوڭلارغا تىل ياندۇراتتى، قوشنىلارنىڭ هويلىسىغا چالما ئاتاتتى، ئاتقان چالمىسى نەق ئۇلارنىڭ داستىخىنىغا، هەتتا قازاندا پىتىقلاپ قايناپ تۇرغان ئېشىغا چۈشەتتى. كۆۋرۈك ئاستىغا مۆكۈنۈۋېلىپ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ ئېشىكىنى ئۇركۈتەتتى، ئۆزىدىن كىچىك بالىلارنى كۆردىمۇ، بولدى، ئۇرىدىغىنىنى ئۇرۇپ، چىشلەيدىغىنىنى چىشلەيتتى، ئۆلۈپ قالار دېمەيتتى.

بۇ بالا ئون نەچچە ياشقا كىرگەن يىلى قوشنىسىنىڭ تەك دېمەتلىك ئوغلىنىڭ بېشىنى تاش بىلەن ئۇرۇپ يېرىۋەتتى. بۇ قېتىم ئۇلار يىگىت قوشنىسىنىڭ يۈزىنى قىلىپمۇ ئولتۇرمىدى، تىل ـ ئاهانەتنى مۆلدۈردەك ياغدۇرۇۋەتتى. بالا چىدىغان بىلەن ئاتا چىداپ تۇرالايتتىمۇ؟ يىگىت قولىغا چۇۋىق ئېلىپ ئۇنى قوشنىلارنىڭ كۆزىچىلا ئانچە ـ مۇنچە ساۋىداپ قويدى. بىراق،

«بالىسى» «ئاكىسى» غا بوي بەرمىدى . «ئاكىسى» نىڭ چىمەلتەك بارمىقىنى بىر چىشلەپلا ئۈزۈۋالدى ـ دە ، نەلەرگىدۇر غايىب بولدى .

يىگىت ئۈنى ئىزدىدى ، بىر كۈن ئەمەس ، بىرقانچە كۈن ئىزدىدى . ئۇ بارمىغان يېزا ـ شەھەر ، جاڭگال قالمىدى . دادىسىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ۋەسىيىتىنى يادىغا ئېلىپ ، «ئۇ راستتىنلا تۈن بالىسىمىدۇ» دېگەن قورقۇنچلۇق گۇماننى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ، لېكىن بۇ گۇماننى نېمىشقىدۇر ئۆزىچە رەت قىلىۋەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى قىسىم

## قانغا بويالغان زېمىن

ئاگاھ بولغىنكى ئەي دەرۋىش، ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان ۋاقتىدىلا سېنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. ئۇمىدۋار بولغىنكى، شاپائەت ۋاقتىدىمۇ سېنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

— مۇھەممەت نىياز ئىبنى ئابدۇلغەفۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى باب

# كېپەك دەرۋىشنىڭ ئېيتقانلىرى

مىلادىيە 1866 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى قىش پەسلى . كەچكى قۇياشنىڭ سوغۇق ئاپتىپى مەسچىت گۈمبەزلىرىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىنى مىستىن قۇيۇلغاندەك قىزارتىۋەتكەن چاغدا ، چوڭمۇ ئەمەس ، كىچىكمۇ ئەمەس ، بىر قېچىر ، ئون تۆگىلىك بىر كارۋان قىزىق دەرۋازىسى① ئارقىلىق خوتەن شەھىرىگە كىرىپ كەلدى . كارۋان قوڭغۇراقلىرى هارغىن تۆگىلەرنىڭ ئېغىر قەدەملىرىگە ماس هالدا دۈمباق چالغاندەك رىتىملىق گۈمبۈرلەپ ، بالىخانىلىق ئىمارەتلەر ئارىسىدىكى ئەگرى ـ توقاي كوچىلاردا يېنىك ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى . بۇ ئەكس سادا شەھەر هاياتىنىڭ كەچلىك سۈرەن ـ شاۋقۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ شارقىراتمىدەك شارقىرايتتى . كارۋان شۇ مىڭىشىدا چوڭ يولدىن قايرىلىپ ، شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە كەلگەندە ئوتتۇرا بوي ، ئورۇق بىر كىشى كارۋاندىن ئايرىلىپ ، شىمال تەرەپكە قاراپ ماڭدى . مۈرىسىگە ئارتىۋالغان خۇرجۇنىدىن ، كاۋا چېچكى رەڭلىك يۇڭ پوتىسىغا قىستۇرۇۋالغان مۈڭگۈز ساپلىق ساپايىسىدىن ، يول ـ يول ، ئەمما ياماق بىلەن توشۇپ كەتكەن جەندىسىدىن ، كىيىۋالغان ئۇچلۇق كۇلاھىدىن دەرۋىش ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرغان بۇ كىشى ، كېتىۋېتىپ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە هەيرانلىق بىلەن نەزەر سالاتتى . يېشى كەم دېگەندىمۇ ئاتمىشلاردىن هالقىغان بۇ دەرۋىشنىڭ قەددى سەل ئالدىغا ئېگىلگەن ، بۇرنى بولسا قوش

---

① قىزىق دەرۋازىسى — خوتەن شەھىرىنىڭ قەدىمكى دەرۋازىلىرىدىن بىرى .

تۆمشۇقىدەك ئەگىم ئىدى . كۆلاھىنىڭ ئىككى تەرىپىدە پاخپىيىپ تۇرغان ئۆسكىلەڭ چېچى ، كەكە ساقىلى ئۆچتەك ئاقارغان ، شالاڭ ، ئۇزۇن بۇرۇتى قارلىغاچ قانىتىدەك قايرىلغانىدى . قىيسىق كۆزلىرى يېشىغا ، تۇرقىغا ماس كەلمىگەن ھالدا ئوينايپ تۇراتتى . قارامتۇل چىرايى كونا تۇچ لېگەندەك پارقىراق ، بېجىرىم كۆرۈنەتتى . قېشىدىن ئايرىلىپ چۇشكەن بىرقانچە تال ئۇزۇن موي تېيىز قورۇقلار بىلەن قورشىلىپ تۇرغان چوڭقۇر كۆزلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتەتتى . توم ـ توم كالپۇكلىرى توختىماي مىدىرلايتتى .

«ياپىرىم ، ئون يىلدىن بۇيان شۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كەتكەن بارمۇ بۇ شەھەر ؟ »

تام تۇتاش تاختاي دۇكانلارغا تىزىلىپ كەتكەن ھىندى ـ كەشمىر ماللىرى ، ئىنگلىز گەزلىمىلىرى ، گەنجۇنىڭ فارفور قاچىلىرى كۆزنى چاقاتتى . باھاسىنىڭ خېلى ئۇستۇنلۇكىگە قارىماي ، خېرىدارىمۇ كۆپ ئىدى . كوچا بويىدىكى كەڭ سەينادا ئەللىكچە تۆگىگە مال ئارتىلىۋاتاتتى .

دەرۋىش كالتە قونچلۇق يەكەن چورۇقى كىيىۋالغان ئاياغلىرىنى مەزمۇت ـ مەزمۇت تاشلايتتى . كوچىنىڭ كېسىشكەن دوقمۇشلىرىدا توختاپ ، ئەتراپقا زەن سېلىپ قارايتتى . بىر ـ بىرىگە چاپلاپ سېلىنغان ئۆيلەردىن قايسىبىرىنىدۇر ئىزدەيتتى . دۇكانلىرىنى تاقاپ ـ تاقىماي نامازغا ئالدىراۋاتقان سودىگەرلەردىن ئۇنى ـ بۇنى سورايتتى . بەزىلىرى بىلەن ئىما ـ ئىشارەت قىلىشاتتى .

«ئاجايىپ گۇزەل يۇرت ، ئاجايىپ تىنچ ھايات ! بۇ ھايات يەنە قانچىلىك داۋاملىشاركىن ؟ »

شەرقتىن يېيىلىشقا باشلىغان گۇگۇم خۇددى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان قارا كەلكۇندەك غەربكە قاراپ كېڭىيىۋاتقان چاغدا ، بەزى دۇكانلاردا چىراغ يېقىلىشقا باشلىدى . تاڭ سۇزۇلگەندىن تارتىپ ، كۆز باغلانغۇچە بىر تەرزدە قايناپ چىققان ئاسايىشلىق ھايات ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن يولۇچىدەك پەسكويغا چۇشۇپ

قالدى .

يەكەندىن خوتەنگچە بولغان بىرقانچە كۆنلۈك جاپالىق سەپەر بۇ قىرى دەرۋىشنى هاردۇرۇپ قويغانىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ «خوتەندە كىچىكتۈرۈپ بولمايدىغان زۆرۈر ئىشىم بار ئىدى» دەپ ، كارۋاننى توختىماي جىددىللەتتى . شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ يەرگە مۆلچەردىكىدىن يېرىم كۈن كېچىكىپ كەلدى .

ئۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇسسىدى ، ئېچىرقىدى ، سەپەر هارغىنلىقىغا يەنە هارغىنلىق قوشۇلدى . ئاخىر بىرەر ئوتلام قىزىق چاي ئىچىپ ، پاقا كىرىۋالغاندەك كوركىراشقا باشلىغان قورسىقىنى ئازراق توقلىۋالماقچى ، پۇتلىرىنىڭ ئاغرىقىنى چىقىرىۋالماقچى بولدى . شۇنىڭ بىلەن هېيتگاه[1] دەرۋازىسىدىن ئانچە ئۇزاق بولمىغان جايدىكى ئۇدۇل كەلگەن بىر چايخانىغا كىرىپ كەلدى . قورساقلىق ، زوۋۇلىدەك ئاقپىشماق كەلگەن خوجايىن دەرۋىشنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ، خالىغان ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى .

چايخانىنىڭ ئىشىكى كوچىغا قارايتتى ، كۆلىمىنى يەكەن چايخانىلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئانچە كىچىك دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى . ئىشىكنىڭ چەپ تەرىپىدىكى ئوچاقتا چاراسلاپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى . قورۇمدالمىغىنىغا خېلى كۈنلەر بولغان تۈرخۈنغا پاتمىغان ئىس ــ تۈتەك ئوچاق ئاغزىدىن تۇرۇم ــ تۇرۇم بولۇپ قېچىپ چىقاتتى ــ دە ، تورۇسقا ئېسىلغان تۆت پىلىكلىك چويۈن چىراغدىن ئۆرلىگەن ياغلىق ئىس بىلەن قوشۇلۇپ كېتەتتى . تورۇس بويلاپ كۆكۈچ شايىدەك لەيلەپ يۈرگەن ئىسنى هېسابقا ئالمىغاندا ، چايخانا پاكىز ۋە ئوبدانلا ئىسسىق ئىدى .

دەرۋىش چايخانا خوجايىنى بىلەن كونا تونۇشلاردەك قىزغىن سالاملاشقاندىن كېيىن ، ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ چايخانا ئىچىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ چىقتى . تۆردە — چايخانىنىڭ

---

[1] هېيتگاه دەرۋازىسى — خوتەن شەهىرىنىڭ قەدىمىي دەرۋازىلىرىدىن بىرى .

يېرىمىنى ئېگىللەيدىغان سۇپىدا ياشانغان ئىككى كىشى گۆشگىردە بىلەن چاي ئىچىشىۋاتاتتى . يەنە بىر تەرەپتە ئۈچ ـ تۆت ياش يىگىت چاي ئوتلىغاچ پاراڭلىشىۋاتاتتى . ئۇلار دەرۋىشكە ئېرەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويۇپ ئۆز پارىڭى بىلەن بولۇپ كەتتى . ئۇلار نېمىنىدۇر دەتالاش قىلىشىۋاتاتتى . چىراي ـ تۇرقىمۇ خېلىلا كۆزگە سىغىشلىق ئىدى .

دەرۋىش خۇرجۇنى بىلەن ساپايىسىنى خوجايىنغا ئامانەت قىلدى ۋە تەۋەككۇل قىلىپ يىگىتلەرنىڭ يېنىغا كەلدى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم يىگىتلەر ، دەرۋىش ئاتاڭلارغا سورۇنۇڭلاردىن ئالىقانچىلىك يەر بېرەمسىلەر ؟ — دېدى ئۇ ئەدەپ بىلەن .

يىگىتلەر تەڭلا بۇرۇلۇپ ، ھەييارلارچە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بۇ ناتونۇش كىشىگە خالار ـ خالىماس نەزەر سېلىشتى ، ئاخىرىدا سەل قىستىلىپ ، سۇپىدىن جاي كۆرسىتىشتى .

— «تۆگە چۆكسە يەر چىقىدۇ» دەپتىكەن ، ئۇكىلار ، ئولتۇردۇم ئەمىسە !

دەرۋىش شىرە ئالدىغا يۈكۈندى ، ساھىبخانىنىڭ تەكەللۇپىنى كۈتمەيلا لېگەندىكى سىغىشىپ پىشقان گىردىدىن بىر بۇردا ئۈزۈپ ئالدى ـ دە ، ئاغزىغا سالدى . ئاندىن بىر پىيالە چاينى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى . ئۇ كۆكسى تولغۇچە نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن :

— قېنى ئۇكىلار ، پېقىرنى يات كۆرمەي گېپىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار ، — دېدى ئۇ يېنىدىكى يىگىتنىڭ دولىسىغا يېنىك شاپىلاقلاپ ، — «ھايۋان تۇياقتىن ، ئادەم قۇلاقتىن سەمرىيدۇ» دېگەن گەپ بار ، مۇشۇ باھانىدە مەنمۇ قۇلىقىمنى بىر سەمرىتىۋالاي . يىگىتلەرنىڭ بىرى :

— دەرۋىش ئاتا ، پاراڭلىرىمىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى . چوڭنىڭ بىلىدىغىنى كۆپ بولىدۇ ، ئەمدىكى پاراڭنى ئۆزلىرىدىن ئاڭلىساقمىكىن ! — دېدى .

دەرۋىش ئۆزىگە ئالدىن ھۆرمەت بىلدۈرگەن بۇ يىگىتكە

قــاربــدى . بۇغداي ئۆڭلۈك ، چوڭ كۆزلۈك ، قوشۇما قاشلىق ، بەستلىك كەلگەن بۇ يىگىت كۆزىگە مۆلايىم ۋە ئىسسىق كۆرۈندى .

— ئىسمىم ئايمۇھەممەت ، ئۆزۈم قازانچى ئەۋلادىدىن ، — دېدى يىگىت دەرۋىشنىڭ ئۆزىگە قىزىقىپ قاراۋاتقانلىقىنى پەملەپ .

— پىقىر بىر غېرىب مۇسۇلمانمەن ، ئاللا ئىشقىدا دۇئا ـ تىلاۋەت بىلەن مەشغۇل بولغىنىم ئۈچۈن يارەنلەر مېنى كېپەك دەرۋىش دېيىشىدۇ ، يۇرت كېزىپ ، مازار ـ ماشايىخلارنى سېغىنىپ ، ئۇلۇغلارنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىپ يۈرىمەن . پال ئېچىپ تەقدىرگە تەبىرمۇ بىرەلەيمەن...

— پال ئاچالايمەن دېدىڭىزمۇ ؟ ئۇنداقتا ، ئەۋلىيا ماقامىغا يەتكەن ئادەم ئىكەنلا ، بىزگىمۇ پال ئېچىپ قويسىلا قانداق ؟ — ۋىجىككىنە كەلگەن بىر يىگىت دەرۋىشنىڭ گېپىنى بۆلدى . دەرۋىش كۈلۈپ قويدى . ھەر خىل رەڭلەرنىڭ ئارىلاشمىسىدا بويىلىپ خېنە قويغاندەك قىزىرىپ كەتكەن تىرناقلىرىدىن بۇ يىگىتنىڭ بوياقچى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى .

— سەن بوياقچىلىق قىلىدىكەنسەن ئوغلۇم ، پال ئاچسام ، ئاچمىسام بەربىر ، ھەممىمىز ئوخشاش قىسمەتنىڭ رېڭىدە بويالغانىكەنمىز .

— بۇ ياق سىلىگە چاقچاق قىلىشۋاتىدۇ ، ئاتا ، ئەمما ئۇ كۆڭلى تۈز ، گەپكە ئامراق بىر بالا ، ئىسمى كەرىمقۇل ، — دەپ تونۇشتۇردى باياتىن بېرى گەپكە ئارىلاشماي ئولتۇرغان ئۈچىنچى يىگىت يارمۇھەممەت . ئۇ ئاكىسى ئايمۇھەممەتتىن ئىككى ياش كىچىك بولغىنى بىلەن ، قاۋۇل ، ئېغىر ـ بېسىق يىگىت ئىدى ، گەپ ـ سۆزنىمۇ خېلى قاملاشتۇرۇپ قىلالايتتى .

— چاقچاقنى ، پاراڭنى ئۆزىمىزمۇ قىلىشۋالىمىز ، دەرۋىش ئاتام بايام پال ئاچالايمەن دېدىغۇ ، بۇ مويسىپىت كۆندە تېپىلامتى ، قېنى پال ئاچۇرۇپ كۆرمەيلىمۇ ؟

«چاقچاق پاراڭغا تۇرۇش كېرەكمۇ ياكى پال ئېچىشقىمۇ ؟» — دەرۋىش قىسقىلا ئويلىنىۋالدى ، — شۇنچە جاپا ـ مۇشەققەت چېكىپ

بۇ يەرگە كېلىشىمدىكى مۇددىئا نېمە ئىدى؟ ۋاقىت دەقىقىلەپ ئۆتتۈۋاتىدۇ ، ئاپەت بولسا دەقىقىلەپ قىستاپ كېلىۋاتىدۇ ، ياق ، بۇنى زىنھار كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ ، بولمىسا ئاللا ئالدىدا ، خوتەنلىك قېرىنداشلىرىم ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ قالمامدىمەن؟ »

جەڭدە يوشۇرۇن ئوق ئېتىشمۇ ئاشكارا تىغ ئۇرۇشقا ئوخشاشلا ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ . ئوق جايىغا تەگمىسە تۇگەشكىنىڭ شۇ . بىھوش ، بۇرۇقتۇرما بولۇپ تۇرغان پۇقرا ئالدىدا ئاشكارا ئوق ئېتىش ئۆز ـ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن بىلەن باراۋەر . چۈنكى ، ياخشى نىيەت بىلەن قىلغان سۆزلىرىڭنى ئەقىل تارازىسىدا ئۆلچەپ كۆرمەيلا ھۆكۈمرانلارغا سوۋغا قىلىۋېتىدىغان نادانلار ئازمۇ؟ دەرۋىش ئالدى ـ كەينىنى دەڭسەپ كۆرۈپ ، مۇددىئانى سەل ئەگىتىپرەك ئىپادىلىمەكچى بولدى ـ دە ، پال ئېچىشقا ماقۇللۇق بىلدۈردى .

— قېنى دەرۋىش ئاتا ، «پالغا ئىشەنمە ، پالسىزمۇ يۈرمە» دەيدىكەن چوڭلار ، ئالدى بىلەن مېنىڭدىن باشلايدىلا ئەمسە !

— ئالدى بىلەن مەندىن باشلىسىلا !

— مەنچۇ ؟

كېپەك دەرۋىش ئۇلپەتلىرىنىڭ كۆزلىرىگە بىرمۇبىر تىكىلىپ چىقتى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرى تىنىق ئاسماندەك سۈزۈك ئىدى ، رەڭگارەڭ تۇرمۇش قايىنىمىدا تاۋلانغان ، غەيرىي نىيەت ۋە غەيرىي ئالامەتتىن خالىي بولغان بۇنداق كۆزلەرگە ئەلۋەتتە ئىشىنىشكە بولاتتى .

— بۈگۈن سائەت ئەتارۇت يۇلتۇزىغا توغرا كەلگەن مۇبارەك كۈندۇر . بۇنداق كۈندە پادىشاھلارغا ، ئۇلۇغلارغا پال ئاچماق لازىم . پېقىر ئالدى بىلەن ھەبىبۇللاخان پادىشاھنىڭ تەختى ـ بەختىگە ، يۇرت پۇقرالىرىنىڭ تەقدىرىگە ، دۈشمەنلىرىنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىغا پال ئاچىمەن !

يىگىتلەر ھەيران قېلىشتى ، پادىشاھلارغىمۇ پال ئاچقىلى بولىدىغانلىقىغا ئەمەس ، بەلكى تەختى ـ بەختى دەخلىسىز بولغان

ئۆز پادىشاھىغا پال ئاچقىلى بولىدىغانلىقىغا ھەيران قىلىشتى.

ئۇلار كېپەك دەرۋىشنى پال ئېچىشقا دەۋەت قىلغىنىغا سەل پۇشايمان قىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ سۆزمەن بوۋاينىڭ كۆڭلىنى چەككۈسى كەلمىدى. شۈبھىسىزكى، بۇ سورۇندىكى خوتەنلىكلەرنىڭ ئەڭ چوڭى ئەلۋەتتە ئايمۇھەممەت قازانچى ئىدى. ئۇمۇ ھەممە خوتەنلىكلەرگە ئوخشاشلا، پادىشاھقا چوقۇناتتى، ھەيۋىسىدىن ھېيىقاتتى. ئۇنى دۈشمەنسىز ۋە دەخلىسىز دەپ بىلەتتى، پادىشاھقا پال ئېچىشنى ئەخمىقانىلىك ۋە خەۋپلىك دەپ ھېسابلايتتى. ئەمدى نېمە چارە، «قىلغان سۆز ئاتقان ئوق ئەمەسمۇ، كىرىچتىن ئايرىلغان ئوقنى قايتۇرۇپ بولاتتىمۇ؟!»

شۇڭا، ئۇ چاقچاقانىلىق بىلەن چايخانىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ھېلىقى ياشانغان ئىككى كىشى ئالدىراپ چىقىپ كەتكەن، خوجايىن بىلەن چايچى بولسا پارچە يارماقلارنى ساناش ۋە قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇش بىلەن بەند ئىدى. ئايمۇھەممەت يۈرىكىنى توختاتقاندىن كېيىن تەقەززا بولۇپ تۇرغان كېپەك دەرۋىشكە كۆز ئىشارىتى ئارقىلىق ئىجازەت بەردى.

— ئىنىلىرىم، بۇ پال ناھايىتى توغرا ۋە دۇرۇس. بۇ ئۇسۇل ئەھلى ئىمان — ئىمام ئەل ئالەمىن ئەبۇ جەئفەر سادىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىسىدا كەشپ ئېتىلگەن، — كېپەك دەرۋىش بىر مەرتىۋە پاتىھە، ئۈچ مەرتىۋە ئىخلاس، بىر مەرتىۋە ئايەتۇلكۇرسىنى ئوقۇپ بولۇپ، ھېقىقەتەك پارقىراپ كەتكەن بىر ئوچۇم خورما ئۇرۇقچىسىنى پوتىسىدىن چىقىرىپ شىرە ئۈستىگە تۆكتى. ئۇرۇقچىلارنى ئىككى بۆلەككە ئايرىپ ھەر قېتىمدا ئىككىدىن ئېلىۋەردى. ئۇ بىردىن چوغ تۇتۇۋالغاندەكلا چۆچۈپ كەتتى، ئەڭ ئاخىرىدا ئېشىپ قالغان بىر تال يېگانە ئۇرۇقچىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئەي غاپىل مۇسۇلمانلار، پادىشاھىڭلارنىڭ تەختىدىن، يۇرتۇڭلارنىڭ ئامانلىقىدىن، تەقدىرىڭلارغا تىكىلەنگەن قارا ئاپەتتىن

ئاگاھ بولۇڭلار . پال ئاخىرىدا تاق ئۇرۇق قالغانلىقى چوڭ نەسلىكتىن بېشارەتتۇر ، كۈچلۈك بىر دۈشمەن يۇرتۇڭلارغا يوپۇرۇلۇپ كېلىۋېتىپتۇ ، — دېدى .
— ھە نېمە ، دۈشمەن دەمدىلا ، ئۇ دۈشمەن قاچان كېلىدىكەن ، قايسى تەرەپتىن كېلىدىكەن ؟
— گېپىمگە ئىمانىڭلارغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىڭلاركى ، بۇ دۈشمەن كۈنپېتىش تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈپتۇ ، ۋاقىت ـ قەرەلى بۇگۈن يا ئەتە ، ئەتە بولمىسا ئۆگۈن ، ئى يىگىتلەر ، ساداقەتمەن پۇقرا بولساڭلار بۇ نەسلىكتىن پادىشاھىڭلارنى خەۋەردار قىلىڭلار ، پۇقرالارغا ئېيتىڭلار ، كېچىكسەڭلار بىر ئۆمۈر داغدا قالىسىلەر !
كېپەك دەرۋىشنىڭ يېڭى ئۇلپەتلىرى شۈبھىلىك كۆزلىرىنى بىر ـ بىرىدىن يوشۇرالمىدى . «بۇ كەلگۈندى دەرۋىشنىڭ ھۆكمى راستمىدۇ ، ياق ، بۇنداق تاقا ـ تۇقا گەپلەرگە قانداقمۇ ئىشەنگىلى بولسۇن ؟ بۇگۈنكى جاھاندا ھاجى پادىشاھتىنمۇ قۇدرەتلىكرەك يەنە بىر پادىشاھ بارمۇ ؟ بۇنداق ئادىل ، بۇنداق كۈچلۈك پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىگە تەھدىت سالالايدىغان دۈشمەن نەدە ؟ مانا خوتەن ، مانا مەمۇرچىلىق ، ھايات بىر ئىزدا كېتىۋاتامدۇ ؟ كۈن كۈنپېتىشتىن چىقىدۇ دېسە كىم چىنپۇتىدۇ !…»
— ئەقىللىرىدىن ئادىشىپلا ، دەرۋىش !
— قىپقىزىل ساراڭلىقىقۇ بۇ ! دەرۋىش دېگەنىڭمۇ ئوڭى بولامدۇ !
— دەرۋىش ئاتا ، بىزنى تولا كولدۇرلاتماي قەلەندەرخانىغا كېتىۋالسىلا قانداق ؟ دېگەن گەپلىرى پادىشاھقا ئاڭلىنىپ قالغۇدەك بولسا چاشقان تۆشۈكى ساراي بولارمىكىن !
ئۇلار كېپەك دەرۋىشنى ساراڭ دېدى . كېپەك دەرۋىش يىگىتلەرنى ساراڭ دېدى ، كېپەك دەرۋىش بىر پۇتىنى بوسۇغىدىن ئېلىپ بولۇپ كەينىگە قايرىلدى ـ دە ، مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويۇپ دېدى :
— «ھەي نادان خوتەنلىكلەر ، ساراڭ بوپسىلەر ، ساراڭ !»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى باب

# غەپلەت باسقان يۇرت

چۈشۈن يەۋالغاندەك زەردىگۈش بولغان كېپەك دەرۋىش قاراڭغۇ، تار كوچىلاردا خىلىغىچە ساياپ يۈردى. نەچچە مىڭ يىللىق تاقىر قىيادەك مۇكچەيگەن، ئىشىك ـ تۈڭلۈكلىرى مەھكەم تاقالغان ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. خىيال بىلەن كېتىۋېتىپ كىمنىدۇر ئۇسۇۋەتكىلى تاسلا قالدى. مىرشەپلەرنىڭ زاكون كالتىكى كۆزىگە تەگلەنگەندىلا ئاندىن ئۆزىگە كېلىپ، بىر سىخىي ناۋاينىڭ تونۇر بېشىغا چۆكتى. تۇمانلىق ئاسماندىكى ئاندا ـ ساندا يىلىلداپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ يېتىپ، ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇزاق بىر كېچىنى ئۆتكۈزدى. كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە ۋەسۋەسىلىك ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈۋاتقان تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ئارامىنى بۇزمىغاندا، ئاياغلىرىنى قىزدۇرۇۋاتقان كۈلمۇ، قۇلاقلىرىنى چېقىۋاتقان ئاچچىق شامالمۇ ئۇنى دەرۋىشلەرچە شېرىن ئۇيقۇدىن مەھرۇم قىلالماس ئىدى. ئۇ جاھاننىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقىنى تولا كۆرگەن، مازارلاردا، گۈلەختە، قارلىق دالادا، كونا تۈگمەندە تالاي تاڭ ئاتماس تۈنلەرنى ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇ چاغلاردا ھېچكىم ۋە ھېچ نەرسە ئۇنى ئالدىرىتالمايتتى. خۇدانىڭ كۈنىنىڭ تىزگىنى خۇدادىن بۆلەككە بويسۇنمايدىغان، نەپسىنىڭ يىپىنى بۇ دۇنيانىڭ راھىتىدىن ئۈزۈپ تاشلىغان دەرۋىشنىڭ ئىختىيارىدا ئىدى.

بىراق، ئەمدىچۇ، ئەمدى ئۇ ئۇخلاي دېسىمۇ ئۇخلىيالمايتتى، ئۇيقۇ جادۇگەرنىڭ بىھوش قىلغۇچى ئىللىق قوچاقلىرىمۇ، ئىبلىسنىڭ ناخشىسىدەك سىرلىق ئەللەيلەشلىرىمۇ ئۇنى ئەسىر

قىلالمايتتى . شۇنداق ، ئەمدى ئۇ بىر دەقىقىمۇ ئۇخلىيالمايدۇ ، ئۇنىڭ ئويغاق سەزگۈسى تۇيۇپ تۇرۇۋېتۇكى ، بىر مۇدھىش ئاپەت ، ۋەھىمىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولمايدىغان بىر ئاپەت خوتەنگە قاراپ ۋابادەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتىدۇ . ئۇ قان شورىغۇچ ئەجدىھاغىمۇ ، جان ئالغۇچ ئەزرائىلغىمۇ ئوخشايدۇ . ئۇ بىرنەچچە كۈن ئىلگىرىلا يەكەندە ئاشۇ ئاپەتنىڭ يامراپ يۈرگىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن . لەك ـ لەك لەشكەرلەر ، پارقىراق نەيزە ، مىلتىقلار بۇ تەرەپكە يۈزلىنىۋاتىدۇ ، بۈگۈن ياكى تاڭلا ئەتە ئۇلار كېلىدۇ ، تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ كېلىدۇ . تۆمۈر تاپانلىرى بىلەن بۇ ئەزىز تۇپراقنى خالىغىنىچە چەيلەيدۇ ، خوتەن داۋالغۇپ تۇرغان قان دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ .

مانا ئۇلار كېلىۋاتىدۇ ، ئۇلارنىڭ تۇغ ـ ئەلەملىرى ، نەيزە ـ قالقانلىرى قۇياش يۈزىنى توسۇۋاتىدۇ . ئاشۇ تۇغ ـ ئەلەملەر ئاستىدا ، ئاپەت كەلكۈنىنىڭ ئەڭ ئالدىدا يەجۇج ـ مەجۇجلەردىن تەلىم ئالغان ، قان چىقارماي جان ئالىدىغان نىياز ھېكىمبەگمۇ ۋە يەنە بىر ئاتامانمۇ كېلىۋاتىدۇ…

سەزگۈر دەرۋىش خوتەن زېمىنىدا يۈز بېرىدىغان بۇ ئاپەتنى يەكەندىلا كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ـ دە ، ۋىجدان بۇرچىنىڭ مەدەتى بىلەن ئورنىدىن دەس تۇردى . بۇ بۇرچ ئۇنىڭغا ئۇچقۇر قانات بەخشەندە قىلدى . كىشىلەرگە ئاپەت ۋە ئىنايەتتىن خەۋەر بەرگۈچى پەرىشتىدەك ، پەلەك قەھرىدە ئۇچۇپ خوتەنگە كەلدى .

بىراق ، ئېغىزىدىن ئىمان ، بەخت ـ سائادەت دۇردانىلىرى تېمىپ تۇرىدىغان بىر دەرۋىش ، ئەمدىلىكتە ئېغىزىنى «ئۇششۇتۇپ» شۇم خەۋەر ئەكەلسە ، خۇش خەۋەر ئاڭلاپ كۆنۈپ كەتكەن ، غەپلەت ياستۇقىنى قىرلاپ ، شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان غاپىل خوتەن ئەھلى ئۇنى قانداقمۇ قوبۇل قىلالىسۇن ؟

ئۇ ئالدى بىلەن ئون يىل بۇرۇن مازار ـ ماشايىخ زىيارىتى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەندە تونۇشقان قاۋۇل قازانچىنى ئىزدىدى ، تاپالمىدى . كوچىمۇكوچا ، مەھەللىمۇمەھەللە يۈرۈپ ئۇنىڭ ئىز ـ



www.uyghurkitap.com



دېرىكىنى قىلدى . ناھايەت ، تەقدىر بەندىلەرىنىڭ رىزقىنى جاي - جايلارغا چېچىۋەتكەندەك ، ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىش پۇرسىتىنىمۇ ئاللىقاياقلارغىدۇر بوزۇۋەتكەنىدى .

«ئامال تاپ دەرۋىش ، چاقماقتەك ئىشلەيدىغان ئەقلىڭنى ، ئەقىلگە تولغان موندەك كاللاڭنى ئىشقا سال !» ئۇ ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دەپ رىغبەت بېرەتتى ، ئىلھاملاندۇراتتى . شۇ ۋەجىدىن ، ئۇ تاڭ سۈزۈلگىنىنى ناۋاينىڭ سەگەك خورىزىدىنمۇ بۇرۇن سېزىۋالدى - دە ، كۇنچىقىش تەرەپكە قارىدى . يىراق كوئېنلۇن باغرىدىن تا تەكلىماكان دەشتىگىچە يېيىلىپ ياتقان كەڭ ئۇپۇق ئۇشتە قىلىنغان ئاق ماتادەك ئاقىرىشقا باشلىغانىدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ نېپىز مۇز قاتقان گۇلباغ ئۆستىڭىدىن كاچكۇل ئېچىپ تەرەت ئالدى - دە ، تۇرغان يېرىدىلا بامدات نامىزىغا تۇتۇندى .

تاڭ سۈزۈلدى ، توخۇلار چىللاشتىن توختىدى . كېچە جىمجىتلىقىنىڭ ئورنىنى يېڭى شاۋقۇن ئىگىلىدى .

شەھەر ئويغاندى ، سامساق مىدىقلىرىدەك زىچ ئۆيلەرنىڭ مورىسىدىن تۇتۇن ئۆرلەشكە ، ئاشپۇزۇللارنىڭ تاراق - تۇرۇقى ئاڭلىنىشقا باشلىدى . تۇرمۇش رىتىمى ئۆز ئىزى بىلەن كېتىۋاتقان بۇ شەھەرنىڭ سەھىرى تۇنۇگۇنكىگە ئوخشاشلا تىنچ ئىدى . ئادەملەر باش ئۇستىدە ئەگىپ يۇرگەن يىرتقۇچ قۇشتىن بىخەۋەر ، بەخىرامان كۆرۈنەتتى . بۇ ھال دەرۋىشكە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى . ئۇنىڭ كۆزىگە لىققىدە ياش تولدى .

— ئاللاھۇ ئاللا... ئاللاھۇ ئاللا...

نومۇسچان قىزدەك ئېسىلغان دۇپدۇگىلەك قۇياش ، قويۇق بۇلۇت قاتلىمىدىن بۆسۈپ چىقتى . دەرۋىش ئاشۇ سوغۇق قۇياشقا يۈزلىنىپ ئوردا تەرەپكە يول سالدى .

كونا ئەسكەرخانا ئورنىغا بىنا قىلىنغان پادىشاھ ئوردىسى ماختىغۇدەك ھەيۋەتلىك ئىدى . ئوردا سېپىلى ۋە سېپىل قوختىلىرى سېپىلنى قورشاپ تۇرغان ئاسمان - پەلەك قارا تېرەكلەردىنمۇ ئادەم بويى ئېگىز كۆرۈنەتتى . يېشىل كاھىش

يىپپىشتۇرۇلغان كۇنگۇرىلىك قاراۋۇل مۇنارلىرى يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىنىاتتى. سېپىل ئۇستىدىكى يالغۇز ئاياغ يولدا ئوكۇن بىلىقىنىڭ قاسىرىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تۆمۈر كىيىم كىيگەن ئوردا ياساۋۇللىرى ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. قىنىدىن سۇغۇرۇلغان قىلىچلىرىنىڭ بىسى ۋال ـ ۋۇل قىلىپ چاقنايتتى. تىك كۆتۈرۈلگەن نەيزىلىرىنىڭ پۆپۈكلىرى ئىزغىرىن شامالدا يەلپۈنەتتى. ئۆتۈك كىيىۋالغان ئاياغلىرىنى كېرىپ، قالقانلىرىنى قورسىقىغا چاپلاپ زەبەردەست قىياپەتتە تۇرغان قورۇقچى لەشكەرلەر يوغان قارا دەرۋازىنىڭ ھەيۋىتىنى ئاشۇراتتى. قۇياش ئارغامچا بويى ئۆرلىگىنىگە قارىماي، دەرۋازا ھېلىم يىپپىلغانىدى.

— ئاللاھۇ ... ئاللاھۇ ... ھۇ...

كىچىك دەرۋىش دەرۋازا ئالدىدىكى كەڭ سەينانى ئايلىنىپ ساپايە قاقماقتا ئىدى. ساپايىنىڭ سىغىرغاندەك شاراقلىشىغى، دەرۋىشنىڭ ھە ـ ھۇلىرىغىمۇ ھېچكىم قۇلاق سالمايتتى. ياساۋۇللار تاپىنى يەرگە مىخلىۋېتىلگەندەك مىدىر ـ سىدىر قىلمايتتى.

شۇ ئەسنادا كىچىك دەرۋىشنىڭ كەينى تەرىپىدىن، ئوردا بىلەن شەھەرنى تۇتاشتۇرىدىغان داغدام يولدىن ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. ئاۋاز بارغانسېرى كۈچەيدى. بۇ ھال دەرۋىشنىڭ كۆڭلىدە ئۈمىد چىرىغىنى ياندۇردى. ساپايىسىنى كۈچ بىلەن سىلكىشكە، ئۇنىنىڭ بارىچە پەرياد سېلىشقا باشلىدى.

يۇرت چوڭلىرى، ئاكابىر ـ ئەشرەپلەر، مەھرەم ـ ياساۋۇللار سەككىز ئادەم كۆتۈرىدىغان سېرىق تەختىراۋاننىڭ ئالدى ـ كەينىگە خۇددى ھەسەلگە ئولاشقان چىۋىندەك ئولىشىۋالغانىدى. كالتەك ـ نەيزە كۆتۈرۈۋالغان بىرنەچچە مەھرەم تەختىراۋان ئالدىدا مېڭىپ، ھەرقانداق توسالغۇنى سۈر ـ توقاي قىلاتتى. بۇ ياز ئۆتۈپ، قىش كىرىپ قالغاندا نىمىشقىدۇر زاۋىدىكى يازلىق سارىيى — ئاقسارايدا بىر ھەپتە تۇرۇپ قايتىپ كېلىۋاتقان خوتەن پادىشاھى ھەبىبۇللاخاننىڭ داغدۇغىسى ئىدى.

— ئاللاھۇ... ئاللاھۇ...

ناغرىچىلار ناغرىغا كۈچ بىلەن ئۇراتتى ، سۇنايچىلار تۇپتەك چىڭقىلىپ سۇناي چالاتتى . قاراقاش دەرياسىغىچە ئالدىغا بېرىپ پادىشاھىنى بىر كېچە ساقلىغان يۇرت چوڭلىرى بۇ قۇتلۇق كۈن ئۈچۈن مەدھىيىلەر ئوقۇيتتى . كۆز يېتىم يىراقلىقتىكى يولدا كېتىۋاتقانلارمۇ ئاتلىقلىرى ئېتىدىن ، ئېشەكلىكلىرى ئېشىكىدىن ئۇق تەگكەندەك دۈم چۈشەتتى ۋە «پادىشاھىم... پادىشاھىم... » دەپ ھۆرمەت بىلدۈرەتتى .

كېپەك دەرۋىشنىڭ نالەشلىرى ھېچكىمگە ئاڭلانمىدى ، پەردىلىرى چۇشۇرۇۋېتىلگەن ، بۆشۈكتەك تەۋرىنىپ تۇرغان تەختىراۋاندا شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقان پادىشاھقا بولسا تېخىمۇ ئاڭلانمىدى . تەختىراۋان تىنچ كۆل سۈيىگە قويۇپ بېرىلگەن قەغەز قېيىقتەك لەيلەپ ، دەرۋىشنىڭ ئالدىدىنلا ئۆتۈپ كەتتى . ئايەم تەنتەنىسىدە مەست بولغان بۇ ئالامان قانداق دەبدەبە بىلەن كەلگەن بولسا ، ئوردا دەرۋازىسىدىنمۇ شۇنداق دەبدەبە بىلەن كىرىپ كېتىشتى . دەرۋىشكە — ئىنتايىن مۇھىم بىر سىرنى كۆڭلىگە يوشۇرغان دەرۋىشكە بىرەرىمۇ كۆز قۇيرۇقىنى سېلىپ قويمىدى .

پادىشاھ ئوردىغا كىرىپ تەختىگە ئولتۇردى . توغرىسى بىرنەچچە مەھرەم ئۇنى كۆتۈرۈپ تەخت ئۈستىگە ئېلىپ قويدى .

پادىشاھ ھېلىمۇ ئۇيقۇچان ۋە خامۇش ئىدى . يەتمىشلەردىن ئاشقان بۇ تەلەيلىك بوۋاينىڭ خۇمارلاشقان كۆزلىرىدە ، قان تەپچىپ تۇرغان چىرايىدا ئانىنىڭ ھارارەتلىك كۆكسىگە مەڭزىنى يېقىپ ئۇخلاۋاتقان بوۋاقنىڭكىدەك خاتىرجەملىك ئەكس ئېتەتتى . تۇرقىدىن بەئەينى قاشتېشىدەك ياسالغان مەبۇدقا ئوخشايتتى . ئارىلاپ - ئارىلاپ يۆتەل تۇتقاندىلا ئۇنىڭ تىرىكلىكى ئاشكارا بولاتتى - دە ، يۇمۇلغان كۆزلىرى ئېچىلىپ ، خېنە قويغان ساقىلى يېنىك تەۋرىنەتتى .

نەقىشلىك شاھانە تەختنىڭ كەينىدە تۇرغان ياساۋۇل بېشى كۆكسىنى بىر غىرىچ ئالدىغا چىقىرىۋالغانىدى . ئۇ پادىشاھ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقى يەردە ، ھەتتا پادىشاھ جۈمە نامىزىغا سەپتە

تۇرغانىدىمۇ، ئەل ئارىلىغاندىمۇ مۇشۇ قىياپەتنى قىلچە يوقاتمايتتى. تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىدە پادىشاھنىڭ ئوغلى نىمەتۇللاخان، سول تەرىپىدە ئەمىرلەشكەر، قازى رەئىس، شەيخۇلئىسلام، قازى لەشكەر ۋە باشقا ئەمەلدارلار، دىۋانبېگى، مىرزا بېشى، توقسابالار قول باغلاپ تۇراتتى.

بىرھازادىن كېيىن ھەبىبۇللاخاننىڭ چىشسىز ئاغزى ھەرىكەتكە كەلدى:

— يۇرت ـ رەئىيەنىڭ ھال كۆنى قانداقراق؟ — دەپ سورىدى ئوردا ئەھلىدىن.

تولىمۇ تۆۋەن ۋە دانە ـ دانە قويۇلغان بۇ سوئالغا ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا تۇرغان ۋەزىرئەزەم نىمەتۇللاخان جاۋاب بەردى:

— ئاللانىڭ شەپقىتى ۋە پادىشاھ ئاتامنىڭ مەرھەمىتىدە يۇرتقا ئاسايىشلىق ھۆكۈمراندۇر، رەئىيە بولسا ئارامخۇدا تىرىكچىلىك قىلىۋاتىدۇ، كەمىنە ئوغۇللىرىنىڭ ۋە بەگ ـ پۇقرانىڭ شاھ ئالىيلىرىغا بولغان رەھمىتى چەكسىزدۇر. پادىشاھىمىزنىڭ سەلتەنىتى تا قىيامەتكىچە ئامان بولغاي، ئامىن…

ئوردا ئەھلى دۇئاغا قول كۆتۈردى. شۇ ئەسنادا بىر ياساۋۇل قول قوشتۇرغان پېتى كىرىپ ياساۋۇلبېشىغا نىمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلىدى. ياساۋۇلبېشى پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېقىن كېلىپ بىرنېمىلەرنى دېدى.

— ئاستانەمنىڭ بوسۇغىسىنى سۆيگۈچى ئۇ دەرۋىشنىڭ نام ـ ئەمىلى نېمىكەن؟ — ھەبىبۇللاخان ياساۋۇلبېشىدىن خالار ـ خالىماس سوراپ قويدى. ياساۋۇلبېشى جاۋاب بېرىپ دېدى:

— يەكەن دىيارىدىن كەپتۇ، بىساتلىرىدىن بىر لوقما ئاش ياكى بىر ئۇلۇش سەدىقە تەمە قىلسا كېرەك، پادىشاھىم.

پادىشاھ ئېرىنچەكلىك بىلەن قولىنى سىلكىدى:

— بېرىڭلار، ھەزرىتى پىرنىڭ ئۇ ئۇممىتىگە تېگىشلىك ھىممەت كۆرسىتىڭلار، پادىشاھلىقىمنىڭ مەرھەمىتىدىن ئۇنىڭ خەستە دىلى سۆيۈنسۇن ۋە قەلەندەرخانىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك مېھمىنى بولۇپ قالسۇن!

ياساۋۇلبېشى جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان ياساۋۇللارغا «پەرمانىنى بەجا كەلتۈرۈڭلار» دەپ ئىجازەت بەردى. ياساۋۇللار ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى.

— داد پادىشاھىئالەم!

ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتمىگەن، ئوردا قورۇقچىبېگى مۇھەممەتشاھ كىرىپ كەلدى ۋە پادىشاھقا نام-ئەملى نامەلۇم ئىككى كىشىنىڭ تاشقىرىقى دىۋاندا پادىشاھنىڭ قوبۇلىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەلچى دېگەنلىكىنى ئېيتتى.

ھەبىبۇللاخان سەل سەگەكلەشتى ۋە قورۇقچىبەگنى ئەلچىلەرنى باشلاپ كىرىشكە بۇيرۇدى. ئۇ كۈچالىق راشىدىن خان خوجىنىڭ، قوقانلىق خۇدايارخاننىڭ ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلغان بىرنەچچە ئايدىن بۇيان ئەلچى-پەلچى دېگەنلەرنى ئۇنتۇپلا كەتكەنىدى.

ئىككى كىشى كىرىپ ئاۋۋال پادىشاھقا، ئاندىن ئوردا بەگلىرىگە چوڭقۇر تەزىم بەجا كەلتۈردى، پادىشاھنىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن ئەلچىلەردىن قىپچاققا ئوخشايدىغان ئېگىز بويلۇق بىرى بىر قەدەم ئالدىغا سۇرۇلۇپ دېدى:

— شاھىمنىڭ شاھلىق سەلتەنىتى قادىر ئاللانىڭ ھىمايىسى ۋە يەر يۈزىدىكى جىمى مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئاسى بىلەن ئەبەدىلئەبەد ئامان بولغاي، دۈشمەنلىرى يەر بىلەن يەكسان بولغاي. ئۇلۇغ شاھقا مەلۇم بولسۇنكى، بىز قەشقەر دار سەلتەنىتىنىڭ كەمىنە پانساتلىرى[1] ھۇزۇرلىرىغا خوجىلارنىڭ خوجىسى، سەئىد ئەۋلادلىرىنىڭ پېشۋاسى بۇزرۇكخان تۆرەمنىڭ دۇئايىسالىمىنى ئەكەلدۇق. مەرھەمەت…

ئەلچى ئۇستا زەرگەرنىڭ قولىدا زىننەتلەنگەن نەپىس ئالتۇن

[1] پانسات — ئەمەل نامى. پانسات — پارسچە «بەش يۈزبېشى» دېگەن سۆز بولۇپ، ياقۇپبەگ بۇ ئەمەلنى ئۆز ھەربىي قوشۇنىدا تەسىس قىلغان. پانسات دادخاھتىن تۆۋەن تۇراتتى، بىرقانچە يۈزبېشىنى باشقۇراتتى.

قۇتىنى نېمەتۇللاخانغا سۇندى . نېمەتۇللاخان قۇتىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ پادىشاھقا ئۇزاتتى ، پادىشاھ ئۇنى ئېچىپ ، سالامنى ئوقۇشقا ئەمر قىلدى .

«كۆپتىن ـ كۆپ دۇئايىسالامدىن سۆڭرە مەلۇم بولغايكى ، كەمىنە بۇرادەرلىرى قەشقەر دىيارىغا قەدەم قويغىلى خېلى كۈنلەر بولدى ، بۇ جايدىكى مازار ـ ماشايىخلارنى قەدىر ئەھۋال زىيارەت قىلدىم . ئەمدىكى ئارزۇيۇم گۈزەل خوتەندىكى ئىمام جەئفەرى سادىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەۋەررۇك قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىش ئىدى . شاھ ئاغام مەرھەمەت قىلىپ يول بەرسە ، زىيارەت قىلىپ يانسام ، دېگەن ئۈمىد بىلەن مەقسىتىمنى ئىزھار قىلىپ بۇ نامىنى يازدىم ، نامە تامام ۋەسسالام . »

تەختتە ئولتۇرۇپ ھارغىنلىق ۋە ئۇيقۇسىزلىق بىلەن چېلىشىۋاتقان ھەبىبۇللاخان يۈزىگە سوغۇق سۇ چېچىلغاندەك سەگەكلىشىپ قالدى . بۇزرۇكخان[1] تۆرىنىڭ خېتىنى كۆز ئالدىدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتكۈزدى . سالامنامىنى كۆرۈپ بولۇپ ، ئىككى ياندا يىكتەك تىك تۇرغان ۋەزىرى نېمەتۇللاخانغا ، مىربابا پانساتقا ، ھەممە ئاكابىر ئەشرەپلىرىگە بىرمۇبىر قاراپ چىقتى . تەختىنىڭ ئارقا تەرىپىگىچە كۆز يۈگۈرتتى ، كۆز قارىچۇقلىرى بىر ئىزدا توختاپ ، ياغاچتەك قاتقان ياساۋۇل بېشىنى كۆردى .

ھەبىبۇللاخان مۇشۇ تاپتا سەل گاڭگىراپ تۇرسىمۇ ، يات كىشىلەر ھەمدە ئۆزىنىڭ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى ئالدىدا ئۆزىدىن تۆۋەنلەردىن مەسلىھەت سوراشنى بىئەپ كۆردى بولغاي ،

---

① بۇزرۇكخان — بۇرھانىدىن خوجىنىڭ نەۋرىسى ، جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى . مىلادىيە 1864 ـ يىلى قىپچاق سىدىقبەگنىڭ ئىلتىماسى ، موللا ئالىمقۇلنىڭ تەيىنلىشى بىلەن ياقۇپبەگنى باشلاپ قەشقەرگە بېسىپ كىرگەن ۋە ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلغان . كۈنلىرىنى ئەيش ـ ئىشرەتتە ئۆتكۈزگەن . ئەمەلىي ھوقۇق بارا ـ بارا ھەربىي ئەمەلدار ياقۇپبەگنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن . ياقۇپبەگ ئۇنى يېڭىساردا نەزەربەند قىلغان . ئاندىن ھەج قىلدۇرۇش باھانىسىدە قەشقەردىن ھەيدەپ چىقارغان . بەداخشان يولى ئارقىلىق پەرغانىگە قايتىپ كېلىپ ، قاراۋۇلتۆپە دېگەن يەرنىڭ قوشتۇگمەن كەنتىگە يېقىن كونا ئېغىز مەھەللىسىدە ياشىغان ۋە شۇ يەردە ئۆلگەن .

www.uyghurkitap.com

ئەلچىلەرگە قاراپ بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدى. توغرىسى ئۇ ئاددىيلا بىر پارچە سالامنامىگە، بۇزرۇكخاننىڭ ئىلتىماسىغىلا ئەمەس، بەلكى باش ئۇستىدە سويلاپ يۈرگەن ئەجەل قامچىسىغا ئىختىيارەن ئۆزىنى تۇتۇپ بەردى.

ھەببۇللاخان ئاق كىگىزگە ئولتۇرۇپ «پادىشاھ» بولغاندىن بۇيان قاتتىق قوللۇقلۇقى بىلەن داڭقى چىقارغانىدى. ئادەتتە ئۇ چوڭ - كىچىك ئىشلاردا بىرەرىدىن مەسلىھەت سوراپمۇ ئولتۇرمايتتى. كۈنسىرى ئۆسۈۋاتقان شاھلىق ئابرۇيىنى ھۆكۈم - پەرمانىنىڭ توغرىلىقىنىڭ كاپالىتى دەپ بىلەتتى. بىراق، ساددىلىقتىن ئۆتۈپ ئەخمەقلىق يولىغا قاراپ كېتىۋاتقان بۇ قېرى پادىشاھنىڭ بىلىدىغان نەرسىلىرىدىن، بىلمەيدىغىنى كۆپرەك ئىدى. تۈمەن مىڭ ھىيلە - مىكىر بىلەن تولغان بۇ خەتنىڭ كىمنىڭ ئىرادىسى ۋە كىمنىڭ قولى بىلەن يېزىلغانلىقىنى ئەسلا پەرق قىلالمايتتى. ياقۇپبەگ قوشبېگىنىڭ بۇ مەكتۇپنى يوللاپ بولۇپلا نەچچە مىڭ لەشكەرنى بۆلەك - بۆلەككە بۆلۈپ، خوتەن زېمىنى زاۋىغا — ھەببۇللاخاننىڭ يازلىق ئوردىسىغا يېقىنلاپ قالغانلىقىنى بولسا تېخىمۇ قىياس قىلالمايتتى.

## ئۈچىنچى باب

# پىيالما سېيىدا بوران

تۇخۇمدەك - تۇخۇمدەك تاشلار بىلەن تولغان پىيالما سېيىنىڭ شىمال تەرىپى تەكلىماكان گىرۋەكلىرىگە، جەنۇبى ئاق باش قاراقۇرۇم تېغىنىڭ ئېتەكلىرىگە باش قويىدۇ. پايانىغا كۆز يەتمەيدىغان بۇ ساي قاغىلىق ۋە قاراقاش بوستانلىقىنى بىر - بىرى بىلەن باغلاپ تۇرىدۇ. ياز كۈنلىرىدىكى چىدىغۇسىز ئىسسىق شامال ساي ئاسمىنىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن ئۇچار قاناتلارنىڭ قانىتىنى كۆيدۈرىدۇ. سايىنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە يەتكۈچە، يول ئازابى

ھەرقانداق بىلى مەزمۇت يولۇچىنى قۇرۇتۇپ قاق قىلىۋېتىدۇ . قارا قىشنىڭ زىمىستان سوغۇقى بولسا جۇۋىلىقلارنىڭ يىلىكلىرى-گىچە ئۆتۈپ ، پۇت - قولىنى چوكا مۇزدەك توڭلىتىۋېتىدۇ .

ئەنە شۇنداق قارا قىش كىرگىلى بىر ئاي قالغان چاغ . مىلادىيە 1866 - يىلى 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چىڭقىچۈش مەزگىلىدە ، چەكسىز سايىنىڭ ئۇپۇق بىلەن تۇتاشقان غەربىي يۈزىدە سان - ساناقسىز ئاتلارنىڭ تۇيىقىدىن كۆتۈرۈلگەن كۈچلۈك بوران پەيدا بولدى . بوران ئالدىدا ئورماندەك قويۇق نەيزىلەرنىڭ ئۇچى ، ئالىيىشىل تۇغ - ئەلەملەر ، ئاتلىقلارنىڭ بېشى ۋە ئۇلارنىڭ پارقىراپ تۇرغان قالقانلىرى كۆرۈندى . ئاۋۋال توپ - توپ قارا چېكىتلەر ، پارچە - پارچە بۆلەكلەر پەيدا بولدى . ئاندىن كېيىن بۇنداق چېكىت ۋە بۇنداق بۆلەكلەر بىر - بىرى بىلەن تۇتىشىپ يەر - ئاسمان ئارىسىنى بېسىپ كېلىۋاتقان قارا بورانغا ئايلاندى .

بۇ تۆت نەپەر ئەمىرلەشكەر ، ئونلاپ پانسات ،ئون بەش مىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرلەردىن تەركىب تاپقان قارا بوران ئىدى . ئۇنىڭ كەينىدە ئوتۇن - سامان توشۇيدىغان مىڭلاپ هارۋا ، قوشۇن بىلەن بىللە يۈرۈپ يېمەك - ئىچمەك تىجارىتى قىلىدىغان نەچچە يۈز ھۆپىگەر ۋە چېدىر باسقان تۆگە كارۋانلىرى ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى . ئۇلار ھەبىبۇللاخانغا مەكتۇپ ئېلىپ بارغۇچىنىڭ قارىسى يوقالماي تۇرۇپلا يەكەن شەھىرىدىن قوزغالغانىدى . بۇ قارا بوراننى يېقىنقى يىللاردا قەشقەرگە بېسىپ كىرگەن مۇھەممەت ياقۇپبەگ قوشبېگى[1] بىلەن بۇزرۇكخان تۆرە ئۆزى باشلاپ

---

① ياقۇپبەگ — مۇھەممەت ياقۇپبەگ . تاشكەنت ۋىلايىتىنىڭ چىمكەنت دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان . قوقان خانلىقىدا قوشبېگى بولغانلىقى ئۈچۈن «ياقۇپبەگ قوشبېگى» دەپمۇ ئاتالغان . مىلادىيە 1864 - يىلى قىشتا ئۇ بۇزرۇكخان بىلەن قەشقەرگە باستۇرۇپ كىرگەن . قەشقەر ، يېڭىسار ، يەكەن ، خوتەن ، ئاقسۇ ، ئۇچتۇرپان ، كۇچا قاتارلىق جايلارنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ ، «يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى» نى قۇرغان ۋە ئۆزىنى «بەدۆلەت» ، «ئاتالىق غازى» دەپ ئاتىغان . 1870 - يىلى تۇرپان ، ئۈرۈمچى ، ماناسلارنىمۇ بېسىۋالغان . 1876 - يىلى سەنشى ، گەنسۇنىڭ ھەربىي ۋالىيسى زو زۇڭتاڭ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى باشلاپ ياڭگۇەندىن چىقىپ كەلگەندە ، ئۈرۈمچى ، داۋانچىڭ ، تۇرپانلاردىكى ئۇرۇشتا يېڭىلگەن ۋە كورلىدا ئۆلگەن .

كېلىۋاتاتتى .

پۇتكۇل ساينى تىترىتىپ كەلگەن بۇ قارا ئاياغلار توپى پىيالما بازىرىغا كىرىپلا ئۆي ـ ئۆيلەرگە تارقالدى . مىلتىق ـ نەيزىلەر ، ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلار سامانخانىلارغا ، ئاتخانىلارغا تىقىۋېتىلدى . ئىككى ئادەم كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان زەمبىرەكلەر پىيالما ئۆستىڭى كۆۋرۈكىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇلدى . بازار ئېغىزىدىكى كىرىش ـ چىقىش يوللىرىنى ۋە خوتەن تەرەپكە ئالدىنى قىلغان ھەرقانداق كىشىنى تەقىب ئاستىغا ئېلىش ئۈچۈن دوقمۇش ـ دوقمۇشلارغا قاراۋۇل قويۇلدى . پەقەت بۇلار ئارىسىدىن تاللىۋېلىنغان تۆت يۈز ئاتلىق لەشكەرلا ياساۋۇل سۇپىتىدە جابدۇنۇپ قازاندەك سەللە ئورىۋالغان ياقۇپبەگ ۋە مۆمىن مۇسۇلمان سىياقىدىكى بۇزرۇكخان تۆرىنىڭ باشچىلىقىدا ھەببۇللاخاننىڭ يازلىق ئوردىسىنى كۆزلەپ زاۋا يولىغا «مازار شېرىپ زىيارىتى» گە ئات سالدى .

خوتەن بوستانلىقىنىڭ تۇنجى بوسۇغىسى ھېسابلىنىدىغان زاۋا بازىرىدا كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۇدەك زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى . بىر كېچىنى تاتلىق چۈشلەرنىڭ لەززىتى بىلەن ئۆتكۈزگەن زاۋا پۇقرالىرى تاڭ ئېتىشى بىلەنلا تەرەپ ـ تەرەپتىكى بوشلۇقلارغا رەڭگارەڭ چېدىر ـ بارگاھلارنىڭ تىكىلىپ كەتكىنىنى ، چېدىر ئەتراپىدا كۆزەت قىلىپ يۈرگەن قوراللىق ئادەملەرنى ، ئېگەرلەنگەن ئاتلارنى كۆردى . بەجايىكى ، بۇ بازاردا غايىبتىن بىر شەھەر پەيدا بولغانىدى .

«توۋا ، نېمانچە كۆپ چېدىر ، نېمانچە جىق ئاتلار بۇ !» — كىشىلەر ئىشىكلىرىدىن چىقىپلا ھەيران بولۇپ ياقىسىنى چىشلەشتى . ساقىلىنى سىلاشتى ، قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىكنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك پەرىشان بولۇشتى .

بۇ ئىنچام قوشۇن ئېغىر ئەلياتقۇدا زاۋا تۇپرىقىغا خۇددى قۇملۇققا چۈشكەن يامغۇر تامچىسىدەك تىنىشسىز قەدەم باستى . ئاتلىقلار پەرمان بويىچە ئاتلىرىنىڭ تۇمشۇقىنى باغلاپ تاشلىدى ، چېدىر قوزۇقلىرىنى قۇمسال تۇپراققا بېسىپ كىرگۈزدى .

يۆتىلىنى ئىچىگە يۇتتى ، ھېچكىم بىر ـ بىرى بىلەن ئۈنلۈك ئاۋازدا پاراڭلاشمىدى . ھەممە ئىش بېلىق سۇدا ئۈزگەندەك شەپىسىز ئورۇندالدى .

چېدىر توپى ئارىسىدا باشقا چېدىرلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان چوڭ بىر يېشىل چېدىر كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى . چېدىر ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەنلەر ۋە چېدىرغا پەم بىلەن كىرىپ ـ چىقىدىغانلارمۇ كۆپ ئىدى . پەقەت يېشىل چېدىردىن ئوتتۇز ئارغامچا بويى يىراقلىقتىكى ناغرادۆڭ ئۈستىدە قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان لەشكەر بېشىلا بۇ شاھانە چېدىرغا ئىجازەتسىز كىرىپ چىقالايتتى . نەچچە ئون قوراللىق مەھرەم بىلەن قوغدىلىۋاتقان بۇ چېدىر ھەرقانداق كىشىگە سىرلىق تۇيغۇ بېرەتتى . چېدىردىن سىرتقا ، سىرتتىن چېدىرغا كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلارنىڭ قەدەملىرى ئىتتىك ، ھەرىكەتلىرى جىددىي ئىدى . ناماز ۋاقتىدا يېشىل چېدىردىكى چېدىر مەزىنى ئەزان توۋلىغاندىلا ئاندىن باشقا چېدىردىكى مەزىنلەر ئەزان قىچقىرىشقا باشلايتتى .

سىرلىق كېچىدىن كۈن تىكلەنگەنگە قەدەر بولغان يېرىم كۈن مانا شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى . ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان بۇ كىشىلەر ھېچكىمنى تاك ئېتىپ چەكمىدى . پۇقرانىڭ يىڭنە چاغلىق نەرسىسىنى تارتىۋالمىدى ، ئوتتۇن ـ بوغۇز ئالۋىنىنىمۇ سالمىدى . قائىدە بويىچە پاتىھەگە كەلگەن يۇرت ئاقساقاللىرىنى ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن كۈتۈپ ، لايىقىدا تون ـ سەرپاي يېپىپ ئۇزاتتى . خەۋپسىرىگەنلەرنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى . ھەممە ئىش ئاستا ـ ئاستا ئۆز ئەسلىگە قايتىپ كەلدى .

بىراق ، نامازدىگەردىن كېيىن ئەھۋال بىردىنلا ئۆزگەردى . ناغرادۆڭ چوققىسىدىن خۇددى قانات چىقارغاندەكلا ئۇچۇپ چۈشكەن قاراۋۇل بېشى يېشىل چېدىرغا ئوقتەك كىرىپ كەتتى . ئارقىدىنلا كاۋدەك يوغان سەللە ئوراپ ، ئۇشۇققىچە كېلىدىغان كىمخاب تون كىيگەن ، بېلىگە كەڭ كەمەر باغلىۋالغان ياقۇپبەگ ۋە بۇزرۇكخان تۆرە چېدىر ئالدىدا ھازىر بولدى .

www.uyghurkitap.com

ياقۇپبەگ ئوتتۇرا بوي ، قورساقلىق ، يوغان بۇرۇن ، دامان ساقال ، دوغىلاقىنا كەلگەن كىشى ئىدى . يۇمىلاق كۆزلىرىدىن ئىشەنچ ۋە تەمەننا نۇرى چاقناپ تۇراتتى . ئەللىك ياشلارغا كىرىپ قالغىنىغا قارىماي ھەرىكەتلىرى يەڭگىل ، قەدەملىرى چاققان ئىدى .

ئۇ قوللىرىنى كەينىگە تۇتقىنىچە چېدىردىن چىقىپ ، قۇياشلىق ئاسمانغا ، ئاندىن چېدىر ئالدىدا سەپراس بولۇپ تۇرغان لەشكەرلەرگە ئالدىرىماي سەپسېلىپ چىقتى . ئەمىر ـ لەشكەرلەرگە قاراپ شۇنداق باش لىڭشىتىۋىدى ، چېدىر ئەتراپىدىكى قورۇقچى لەشكەرلەر ئوپۇر ـ توپۇر بولۇشۇپ خۇددى يەر يۇتقاندەك غايىب بولدى . ياقۇپبەگ ئۆزىنى تۇزەشتۇرۇپ ، چېدىر ئالدىدا ئۇياق ـ بۇياققا ماڭغاچ ، كىمنىدۇر كۈتۈشكە باشلىدى .

بىرپەستىن كېيىن بىر توپ كىشى سۆلەتلىك كىيىنگەن ياشقىنا بىر يىگىتنىڭ ئىتتىنى يېتىلىگەن پېتى چېدىر ئالدىغا يېتىپ كەلدى . ئات ئۈستىدىكى يىگىت ھەبىبۇللاخاننىڭ ئوغلى نىمەتۇللاخان بولۇپ ، ئۇ خان ئاتىسىنىڭ ئەمرى بىلەن سوۋغا ـ سالام ۋە شاھانە تارتۇقلارنى ئېلىپ بۇزرۇكخان بىلەن ياقۇپبەگنىڭ ھۇزۇرىغا سالامغا چىققاندى . قارىسى كۆرۈنگەن يەرگىچە ئالدىغا بېرىپ ، شاھزادىنىڭ ئىتتىنىڭ تىزگىنىنى بويىنغا سېلىپ ئۇلگۇرگەن قەشقەرىيە لەشكەرلىرى تاپشۇرۇق بويىچە ئۇنى ياقۇپبەگنىڭ ئالدىغىلا باشلاپ كەلگەندى .

ئاق يىشىماق ، قامەتلىك ، قويۇق ساقال ـ بۇرۇتلۇق نىمەتۇللاخاننى كۆرگەن ياقۇپبەگ بازغىنان خورازدەك قانات كېرىپ ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردى . سالام ـ سەھەتتىن كېيىن ، شاھزادىنىڭ ئاتتىن چۈشۈشىگە ياردەم بەرمەكچى بولۇۋىدى ، ئۇنىڭغىچە تۆت نەپەر پانسات شاھزادىنى قىممەت باھالىق شىشە بۇيۇم قاچىلانغان ساندۇقنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ ، ئېھتىيات بىلەن يەرگە قويۇپ بولدى .

نىمەتۇللاخان ئالايتەن جابدۇنغان چېدىرغا باشلاندى ،

كۆردىكى ، ئۇ تەخمۇتەخ قىلىنغان زىياپەت ئۇستىدىنلا چۆشكەنىدى . داستىخاندىكى قەنت ـ گېزەكلەر ، تۈرلۈك ـ تۈمەن تاتلىق ـ تۈرۈملار ، ھور ئۆرلەپ تۇرغان چىل ، ئۇلاي كاۋاپلىرى ، خىلمۇخىل نازۇنېمەتلەر سەپەردىن كەلگەن ، ئېچىرقىغان كىشىنىڭلا ئەمەس ، داستىخاندىن تويۇپ يانغان كىشىنىڭمۇ ئىشتىھاسىنى قوزغايتتى . قىممەت باھا تاشلاردىن كۆز قويۇلغان ئالتۇن ـ كۇمۇش قاچا ـ قۇچىلار كۆزنى چاقاتتى .

بۇزرۇكخان ئالدى بىلەن پاتىھە بەردى . بىر ـ بىرىدىن سۆلەتلىك ئىككى ساھىبخانىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغان نېمەتۇللاخان مەزەگە قول ئۇزارتتى . ئاتا ماقامىلىق بۇ كىشىلەرنىڭ خۇش مۇئامىلىسى ، مېھماندوستلۇقى ، يېقىملىق گەپ ـ سۆزلىرى ، قائىدىلىك يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى ياش نېمەتۇللاخاندا خېلى تۈزۈك تەسىرات پەيدا قىلدى . پادىشاھلىقتا ئەمىرلەشكەر بولۇشغا قارىماي ، بېشىدىن ئانچە ئىش ئۆتمىگەن ساددا شاھزادە دەسلىپىدە ئۆزىنى چۆچەكلەردىكى سىرلىق قەسىرگە ، ناز ـ كەرەشمىلىك ھۆر ـ غىلمانلار ئارىسىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىيۇ ، لېكىن ياقۇپبەگنىڭ شېرىن ـ سۇخەن تەكەللۇپلىرى بىلەن تارتىنىشنى تەرك قىلىپ ، داستىخاندىن خالىغىنىچە ھۇزۇر ئالدى .

ياقۇپبەگ تاشقىرىغا قاراپ يېنىك چاۋاك چالدى . ئاپئاق تون كىيىپ ، بېلىنى كەشتىلەنگەن ياغلىق بىلەن قىيپاش باغلىۋالغان ، بۇرۇتلىرى ئەمدىلەتىن خەت تارتىشقا باشلىغان ئون نەچچە غۇلام كۇمۇش پەتنۇسلاردا ئالتۇن ھەللىك دەستار ، ئالتۇن غىلاپلىق ئىسپاھان قىلىچى ، ئالتۇن كەمەر ، كىمخاب ـ تەتىللا تون قاتارلىق قىممەت باھا بۇيۇملارنى كۆتۈرۈپ كىردى . بۇزرۇكخان پەتنۇسلارنى ئېلىپ نېمەتۇللاخاننىڭ ئالدىغا قويدى ۋە قول باغلاپ تۇرۇپ :

— شاھزادىمىزگە كۇمۇش ئوردا ، ئالتۇن تەخت سوۋغا قىلساقمۇ ئەقىدە ـ ئىخلاسلىرىمىزنى ئىپادە قىلىپ بولالمايمىز ، سوۋغاتلىرىمىز ھازىرچە لاياقەتلىرىدە ئەمەس ، شۇنداق بولسىمۇ ، ئازنى كۆپكە تاۋاپ قىلىپ ، مەرھەمەت قىلغايلا ، — دېدى تەكەللۇپ

بىلەن .

نىمەتۇللاخان بىرمۇنچە تۇزۇت قىلغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈردى . ھاۋانىڭ سوغۇق بولۇشىغا قارىماي يۈز - كۆزلىرىدىن سۇۋارى تەر تەپچىپ چىققان ياقۇپبەگ نىمەتۇللاخاننىڭ بوي - بەستىنى بىرھازا ماختاپ ئۇچۇرغاندىن كېيىن :

— ئەلھەمدۇلىللا ، قادىر ئىگەم قەدىمىمىزنى بۇ گۈزەل يۇرتقا ساق - سالامەت يەتكۈزدى ، شاھزادەمنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ ، كۆزلىرىمىز ئېچىلدى ، مۇراد - مەقسەتلىرىمىز ھاسىل بولدى . سەئىد نەسەبلىك تۆرەم بىلەن پېقىر قوشىپىگىمنىڭ يەنە بىر ئارزۇسى شۇكى ، ھاجى پادىشاھ ئاتىمىزنىڭ ۋىسالىغا مۇيەسسەر بولالىساق بىشىمىز ئاسمانغا تاقىشاتتى . ئەگەر خان ئاغىمىزنىڭ پايى - قەدىمى غېرىب خانىمىزغا يەتسە ، ئاياغلىرىنىڭ توپىسىنى ساقىلىمىز بىلەن سۈپۈرۈپ ، خىزمەتكارلىقىمىزنى جان - دىلىمىز بىلەن ئىزھار قىلساق ، شاھ ئالىيلىرى ئىلتىماسىمىزنى قوبۇل كۆرسە ، تۆۋەن چاكىرى ئورنىدا كۆرۈپ مەرھەمەت قىلسا ، خەيرىيەت ، مۇشۇ ئارزۇدىن ئۆزگە تەلەپ - مۇددىئا كۆڭلىمىزدە يوق ، مۇبادا ئۇ ئاتىمىز بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلىشنى لايىق كۆرمىسە ، ئۆزىمىز ئالىي ئاستانىلىرىگە بېرىپ ، بوسۇغىلىرىغا يۈزىمىزنى سۈرتۈپ ، دىدارىغا قېنىپ كۆزلىرىمىزنى روشەن ۋە مۇنەۋۋەر قىلىپ كەلمەكتىن ئۆزگە ئىلاجىمىز يوق ، — دېدى .

سۆزلەۋېتىپ ، ياقۇپبەگ كۆزلىرىگە بىرنەچچە قېتىم ياش ئالدى ، ئاۋازى ساتار تارلىرىدەك تىترىدى .

— پېقىر ئىنىلىرى ئاشىندارچىلىقلىرىنىڭ تېگىگە يەتتىم ، خاتىرىلىرى جەم بولغايكى ، شەپقەتلىك شاھ ئاتام مېھرىبان ۋە ئۇلۇپەتخۇمار ئادەمدۇر ، لەۋزىلىرىنى يەتكۈزۈپ ، ئاستانىلىرىگە باشلاپ كېلىشكە قادىرمەن ، — دېدى ئۇ ئىشەنچ بىلەن .

زىياپەت ۋە سۆھبەت تامام بولغاندىن كېيىن ئۇلار چېدىردىن چىقىشتى . بۇزرۇكخان بىلەن ياقۇپبەگ قولمۇقول تۇتۇش قىلىپ ، نىمەتۇللاخاننى ئېگەر - جابدۇقلىرىغا ئالتۇن يالىتىلغان خارەزىم

ئــارغىمىقىغا مىندۈردى . «ئىگىسىنى سېغىنساڭ ئىتىغا سۆڭەك سال» دېگەندەك ، ئۇنىڭ مەھرەم ـ مۇلازىملىرىغىمۇ لايىقىدا تون ـ سەرپاي ، تەڭگە ـ خىراجەت ئىنئام قىلدى .

نېمەتۇللاخان چاپچىپ تۇرغان ئېسىل ئارغىماق ئۇستىدە قىياغا قونغان بۈركۈتتەك ئولتۇرۇپ ، قولى ئوچۇق ، ھۆرمىتى زىيادە بۇ ساھــىبخانىلارغا يېنىش ـ يېنىشلاپ ھەشقاللا ئېيتتى . ئىنئام قىلىنغان ئارغىماقنى يورغىلىتىپ ، ئۆزى مىنىپ كەلگەن جەدە ئــېتىنى مۇلازىملىرىغا يېتىلىتىپ ، خوتەن يولىغا قاراپ راۋان بولدى .

قــەشقەر قوشۇنىنىڭ ئەمىرلەشكىرى ئابدۇللا پانسات ئۇنىڭ بىلەن يانمۇيان كېتىپ باراتتى . قوينىدىكى نەچچە قەۋەت تاۋار ـ دۇردۇن بىلەن ئورالغان كىسەكنى پات ـ پات سىلاپ قوياتتى . ياقۇپبەگنىڭ يولغا چىقىش ئالدىدىكى : «ھاجى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىڭلار ـ دە ، ئەقىدە ـ ئىخلاسلىرىمىزنى يەتكۈزۈڭلار ، ئەگەر ئىشەنمىسە ، ئاللانىڭ مۇشۇ كالامىنى تۇتۇپ بىز ئۇچۇن قورقماي قەسەم ئىچىپ ، ھەرنە قىلىپ بولسىمۇ ئۇنى ئالدىمىزغا ئاچىقىڭلار» دېگەن گېپىنى كۆڭۈل ئەينىكىدىن ئۆتكۈزەتتى .

## تۆتىنچى باب

# نىقابلانغان تۇزاق

ھــەبىبۇللاخان ئادىتى بويىچە تاڭنى كۈتمەستىنلا ئورنىدىن تۇرۇۋالدى ـ دە ، ئالدىرىماي تەرەت ئېلىپ جايىنامازغا ئولتۇردى . قېرىلىق ئۆزىنى كۆرسەتكەنمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ ، ئۇ پادىشاھ بولغاندىن بېرى بامدات نامىزىنى پەقەت ئۆز ئۆيىدىلا ئوقۇيتتى . چوڭ جامەگە جۈمە نامىزىغا بارغاندىمۇ خوتەننى مىسىر دەپ قىياس قىلىپ ، ئىككى رەكەت نامازنىلا ئادا قىلاتتى . ئېھتىيات يۈزىسىدىن

www.uyghurkitap.com

جاماگە تەختىراۋان بىلەنلا باراتتى . نامازغا تۇرغان چېغىدا ئىككى تەرىپىدە ئالتىدىن ئون ئىككى ياساۋۇل قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، ھازىرلا جەڭ بولىدىغاندەك تەييار تۇراتتى . رۇكۇ ۋە سەجدىگە بارمايتتى ، نامازنى ئىما ـ ئىشارەت بىلەنلا ئوقۇيتتى .

ھەبىبۇللاخان يەتمىش ياشتىن ھالقىپ قالغان بولسىمۇ ، لېكىن ئىككى مەڭزى سىڭىپ پىشقان توقاچتەك قىزىرىپ تۇراتتى . ئۇزۇن يىللىق دۇئا ـ تىلاۋەت ۋە زاھىتلارچە تۇرمۇش ئۇنىڭغا ساغلاملىق ئاتا قىلغانىدى . بىراق ، «ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق ، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى» دېگەندەك ، پادىشاھ بولۇپ يۇرت تىزگىنىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئارامى بۇزۇلغىلى تۇردى . گەرچە ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان مىراسقا تايىنىپ مەئىشىدىتىنى قامداپ تۇرسىمۇ ، بىراق پۇقرانى تويدۇرماق ۋە ئىسسىندۇرماق خېلىلا تەس كەلدى . ئۆلىمالىق ، مۇپتىلىق بىلەن پادىشاھلىق ، ھۆكۈمرانلىقنىڭ تامامەن ئوخشاش ئەمەسلىكىنى بارا ـ بارا ھېس قىلىپ قالدى . بولۇپمۇ ئامراق ئوغلى ئابدۇراخمانخان راشىدىن خوجا[①] ئەۋەتكەن كۈچا لەشكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ ، پىيالمىدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ مىجەزى بىردىنلا يامان تەرەپكە قاراپ يۈز تۇتتى . ئەزرائىلنىڭ كۆنسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان قەدەم تىۋىشىنى ئاڭلىغانسېرى قولى قاتتىق ، تاش يۈرەك ئادەمگە ئايلاندى . ئانچىكى بىر سەۋەنلىك ئۈچۈن قان تۆككىدىغان ، يوقىلاڭ گەپلەر بىلەن بىگۇناھ كىشىنى دەررىگە باسىدىغان بولۇپ قالدى . ئۇنىڭچە ، كەتمەن ئوغرىسىمۇ چوڭ

---

① راشىدىن خوجا — خان خوجا ، سېيىت غازى راشىدىن خان دەپمۇ ئاتالغان . مىلادىيە 1864 ـ يىلى كۈچادىكى ئۇيغۇر ، خۇيزۇ پۇقرا چېرىكلىرى چىڭ سۇلالىسى ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە ، قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن «خان» لىققا كۆتۈرۈلگەن . غازات قىلىپ قاراشەھەر ، تۇرپان ، توقسۇن ، لۈكچۈن قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىگەن . جەنۇبتا ئاقسۇ ، قەشقەر ، يەكەنلەرگىچە ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتكەن . ئۆز نامىدا پۇل قۇيدۇرغان ، ئۇنىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتى مىلادىيە 1864 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن ، 1867 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىگىچە داۋام قىلغان . تۆگجىنىڭ 3 ـ يىلى ياقۇپبەگ كۈچانى بېسىۋالغاندا ئەسىرگە ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن .

گۇناھكار قاتارىدا ھايالسىز ئۆلتۈرۈلۈشى ، خوتەندە ئىككى ھەرەمدىكىدەك[1] تىنچلىق ، تەرتىپ ئورنىتىلغان بۇ يۇرتتا قوي بىلەن بۆرە ، ئىت بىلەن مۈشۈك بىر ئۆۋدا ياشىيالايدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى .

ئۇ يېرىلىپ كېتىدىغاندەك لوقۇلداپ تۇرغان بېشىنى ، گەجگىسىنى ئۇۋۇلاۋاتقان مەھرەمنى ، ئوردا تېۋىپى ئەكەلگەن شەربەتنى بىر ياققا ئىتتىرىپ قويۇپ ، زاۋىدىن قايتىپ كەلگەن ئوغلى ۋە بۇزرۇكخاننىڭ ئەلچىسى ئابدۇللا پانساتنى ئۆيىدىلا قوبۇل قىلدى . پانسات بىلەن قىسقىلا تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن :

— قېنى سۆزلىسىلە ، — دېدى ئۇ ئوغلىغا ئاڭلىنار - ئاڭلانماس قىلىپ .

نىمەتۇللاخان بۇزرۇكخان بىلەن ياقۇپبەگنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي تەرىپلىدى ۋە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى ئەڭ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن بايان قىلدى . ئۇلارنىڭ ئۆتۈنۈشلىرىنىمۇ ناھايىتى تەپسىلىي ۋە تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بەردى .

ھەبىبۇللاخان ئوغلىنىڭ يات ئادەم ئالدىدا يات بىر ھۆكۈمراننى ماختاپ ئۇچۇرغىنىدىن سەل خاپا بولغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭغا چىش يېرىپ بىرنېمە دېمىدى ، ئابدۇللا پانساتنىڭ سوئال نەزىرىدىكى كۆزلىرىگە قاراپ قويۇپ ئۆزىچە چىچىلدى :

— سىلەرمۇ بىلىسىلەر ، قېرىدىم ، ماغدۇرۇمدىن قالدىم ، يول يۇرۇشكە ئانچە تاۋىم يوق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندىن بېرى چۈشۈم بۇزۇلۇپلا تۇرىدۇ ، بۇ نېمە ئىشكىنتاڭ ! — دېدى خورسىنىپ .

دېمىسىمۇ ، بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ئۇ تاڭغا يېقىن چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى ۋە تاڭ ئېتىشى بىلەنلا دىۋانغا چىقىپ سالام - سەھەت رەسمىيەتلىرىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن ئۆلىما - قۇرئەندازلارنى ئالدىغا چاقىردى :

---

[1] ئىككى ھەرەم — سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مەككە ۋە مەدىنە شەھەرلىرى .

— ئاڭلاڭلار ، تاڭغا يېقىن شۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتىمەن ، چۈشۈمدە جىمى خوتەن يۇقرالىرىنىڭ كاللىسى يوق ، تېنى بولسا مىدىرلاپ يۈرەرمىش ، قېنى بۇ چۈشنىڭ تەبىرى نىمە ؟ — دېدى ئۇ بۇيرۇق ئاھاڭىدا .

ئالىجوقا سۆزلەپ قويۇپ بالاغا قېلىشتىن قورقتى بولغاي ، ئۆلىمالار يەرگە قاراشتى ، قۇرئەندازلار كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرمىدى . بۇ سۈكۈناتنى ئاخىر ھەبىبۇللاخاننىڭ ئۆزى بۇزدى :

— بۇ بىر يامانلىقتىن بېشارەت ، — دېدى ئۇ ئۆز چۈشىگە ئۆزى تەبىر بېرىپ ، — بۇ يامانلىقتىن خالاس بولۇش ئۈچۈن ئوردا ئەتراپىدىكى ، ئېتىز - ئېرىق بويلىرىدىكى تامامى مېۋىلىك ، مېۋىسىز دەرەخلەرنىڭ غولىدىن ئادەم بويى قويۇپ كېسىپ تاشلاڭلار !

تەڭلىكتىن قۇتۇلغان ئۆلىمالار پادشاھنىڭ پاراستىگە ئارقا - ئارقىدىن ئاپىرىن - تەۋازۇلار ئوقۇشتى . ئوردا ئەمەلدار-لىرى بۇ ھۆكۈمنى پەرمانبەردارلىق بىلەن ئادا قىلىشتى . لەشكەرلەر مىلتىق - نەيزىلىرىنى تاشلاپ ، قولىغا پالتا ئالدى . پۈتكۈل خوتەنلىك دەرەخ كېسىشكە تۇتۇندى ...

— ئالىيلىرى ، دىل خەزىنىلىرىنىڭ سېخىي ھىممەتلىرىدىن سۆيۈنۈپ تۇرۇپ كالامىشىرىپ ئالدىدا قەسەم ئىچىمەنكى ، بۇزرۇكۋارلىرىمىنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ھۆرمەت - ئىخلاسى ئىماندەك پاك ، شەبنەمدەك ساپتۇر ، — ھەبىبۇللاخاننىڭ ئارىسالدى بولۇۋاتقىنىنى پەملىگەن ئابدۇللا پانسات خان ئالدىغا تىزلاندى ۋە قويىنىدىن «شارت» قىلىپ «قۇرئان» نى سۇغۇردى ، ئۇنى ئىككى قوللاپ مەيدىسىگە بېسىپ تۇرۇپ دېدى ، — ئاياغلىرىنىڭ چاڭلىرى بىز ئۈچۈن مۇقەددەستۇر ، مۇبارەك دىدارلىرى كۆزنى روشەن قىلغۇچى تۇتىيادۇر !

ھەبىبۇللاخان سۆزلەشكە تەمشەلگەن ئوغلىنى ئىشارەت بىلەن توختىتىپ قويدى . ئىككىيلەننى تاشقىرىدا ساقلاپ تۇرۇۋشقا بۇيرۇدى ۋە قۇرئەندازنى چاقىرتتى . بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان

قىرى قۇرئەنداز قېلىن كىتابنى ئېچىپ ، ئىرماش ـ چىرماش قۇرلارغا چاقماق تېزلىكىدە كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن دېدى :

— بىلىش كېرەككى ، ھەر ئاينىڭ توققۇزىنچى ، ئون توققۇزىنچى ، يىگىرمە توققۇزىنچى كۈنلىرى زۇھەل ۋە مىرىخ يۇلتۇزلىرى مەشرىق بىلەن مەغرىب ئارىسىدا بولىدۇ . بۇ كۈن مۇبارەكتۇر ، بۇ كۈندە سەپەر قىلماق ، ئۇلۇغلار بىلەن كۆرۈشمەك لازىم . بۇگۈن ماھى باراتنىڭ توققۇزىنچى كۈنىدۇر . روشەنكى ، بۇ سەپەر ئالىيلىرىغا مۇناسىپتۇر .

ھەببۇللاخان كۆزلىرىنى تورۇسنىڭ نەرگىدۇر تىكتى ، ئازراق ئويلىنىۋېلىپ ياساۋۇل بېشىغا پەرمان بەردى :

— سەپەر ھازىرلىقىنى قىلىڭلار ، ھايال ئۆتمەي بۇزرۇكخان تۆرەمنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىمىز !

ھەببۇللاخان سەپەر قائىدىسى بويىچە ، ئىككى رەكەت نامىزىدا پاتىھەدىن كېيىن قايسىبىر سۈرىنى يەتتە قېتىم ئوقۇدى ، ئون مەرتە ئىستىغپار ئېيتتى ، ئۈچ مەرتە دۇرۇت ئوقۇپ ، قۇتۇپ يۇلتۇزىنىڭ ئورنىنى كەينىگە تاشلىدى ـ دە ، سەپەرگە ئات سالدى .

ئۇ قۇرئەندازنىڭ ئىجازىتى بىلەنلا ئەمەس ، بەلكى ئىنتايىن مۇرەككەپ ھېسلارنىڭ ئارىسىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان ئىنسانىي تۇز كۆڭۈللۈكىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بۇ سەپەرگە تەۋەككۇل قىلغانىدى . ئۇ پالغا ئەمەس ، ئاللانىڭ ئىرادىسىگە ، تەقدىرنىڭ ھۆكمىگە ئىشىنەتتى . باشقىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ بۇرادەرلىك سالىمىنى ئىلىك ئېلىش تەقۋادار مۇسۇلمانچىلىقنىڭ تۈپ ئالامىتى سۈپىتىدە ئەدەپلىك بەندىگە خاس ھەرىكەت ئىدى . ئۇنىڭچە بەندىنىڭ رولى ، ھەرىكىتى ، تەپەككۇرى ئىنتايىن تار چەكلىمە ئىچىدىلا رول ئوينىيالايتتى ، بۇ رول ھەرقانچە چوڭ بولغان تەقدىردىمۇ ، بەندىنىڭ ئۆز تەقدىرىگە زىنھار تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرقانداق پائالىيىتىنى ئاشۇ چەكلىمە دائىرىسىدە دەپ قارايتتى . ھەتتا پادىشاھلىق ھوقۇقىنىمۇ ، باشقىلارنىڭ تەقدىرىنى

بىر تەرەپ قىلالايدىغان چوڭ ئىمتىيازنىمۇ ئاشۇ كىچىك دائىرە ئىچىدە دەپ چۈشىنەتتى .

ھەبىبۇللاخان ، بۇزرۇكخان ، ياقۇپبەگ كەبى چاقىرىلمىغان مېھمانلارنىڭ خوتەن تەۋەسىگە ئىجازەتسىز كىرىپ كېلىشىنىمۇ ، ئۆزىنىڭ مۇشۇ سەپىرىنىمۇ ئۆز تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان ، پەقەت ئاشۇ چەك دائىرىسىدىلا رول ئوينىيالايدىغان ئەرزىمەس ئىش دەپ بىلەتتى . مەۋلانا جالالىدىن رومىينىڭ : «تادىلى مەردى خۇدا نايەت بەدەرت ، ھېچ مەردىرا خۇدا رەسۋانىكەرت»① دېگەن مەشھۇر مىسرالىرى ئۇنىڭ قىيامەتلىك ئەڭگۈشتىرى ئىدى .

ھەبىبۇللاخان يول بويى بىر ئېغىزمۇ ئۈندىمىدى . ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئېسىدە قالغانلىكى ئىشلارنى ، ئەھمىيەتلىك ۋە ئەھمىيەتسىز ۋەقەلەرنى بىرمۇبىر يادىدىن ئۆتكۈزدى . تۈنجى كۈنى قاراقاشتا قونۇپ ، پاتىھەگە كەلگەن بەگ ـ توقسابالارگە دۇئا بېرىپ ، يۇرت ئەھۋالىنى ، پۇقرالارنىڭ ھال ـ كۈننى سورىدى . ئەتىسى پېشىن ۋاقتى بىلەن زاۋىدىكى يېشىل چېدىرغا يېقىنلاشتى .

ياقۇپبەگ ناغرادۈڭ باغرىغا كېلىپ ھەبىبۇللاخاننى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغانىدى . ئۇنىڭ يېنىدا قېلىن جۇۋىسىدىن بېشى ئاران كۆرۈنۈپ تۇرغان نىياز ھېكىمبەگ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇراتتى . دۈڭ تۆپىسى ئاجايىپ قىزىپ كەتكەن ، سۇنايچىلار ھەدەپ سۇناي چالاتتى ، ناغرا ـ دۇمباق ساداسىدىن قۇم بارخانلىرى ، دەل ـ دەرەخلەر تىترەيتتى . ناغرادۈڭدىن يېشىل چېدىرغىچە بولغان ئىزناسىز يولنىڭ ئىككى يېقىدا پۇقرالاردەك كىيىنگەن لاۋۇ لەشكەرلەر غۇژمەك ـ غۇژمەك بولۇۋېلىپ ، قولاقلىرىنى تۇتۇپ ، «زامان ، زامان ، تىنچ زامان ، ھەبىبۇللا پادىشاھنىڭ زامانى» دېيىشىپ چۇقان كۆتۈرۈشەتتى .

---

① «كىشىنىڭ دىلى بۇزۇق بولمىسىلا ، خۇدا ئۇنى رەسۋا قىلمايدۇ .»

ناغرا ـ سۇنايىنىڭ قۇلاقنى گاس قىلغۇدەك غەلۋىسى ۋە ئايەم كۈنىدىكىدەك چۇقان ـ سۈرەنلىك كەيپىيات جىمجىتلىقنى خالايدىغان، سوپى مىجەز ھەببۇللاخانغا ئانچە يېقىپ كەتمىدى. ئىخلاسمەن، دەرۋىشانە مۇسۇلمانچىلىق مۇھىتىدا چوڭ بولغان بۇ كىشى خوتەندىمۇ ناغرا ـ سۇنايسىز ۋە مەشرەپ ـ بەزمىسىز تەنتەنە قائىدىلىرىنى يۇرگۈزمەكتە ئىدى. ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بولۇۋاتقىنىنى ئويلاپ ئەپۇچانلىق نەزىرى بىلەن دۆڭدىكى نەغمىچىلەرگە يىراقتىن سالام بېرىپ قويىدى.

ياقۇپبەگ ھەببۇللاخاننىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا كىرىچتىن ئايرىلغان ئوقتەك ئېتىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى. ھۆڭرەپ يىغلىغىنىچە خان مىنگەن ئاتنىڭ ئۈزەڭگىسىنى خۇددى ئاشىق ئۆز مەھبۇبىسىنىڭ لەۋلىرىگە سۆيگەندەك سۆيۈپ كەتتى، يوتىسىنى مەھكەم قۇچاقلاپ، توپا باسقان مەسىسگە يۈزىنى ياقتى.

— مەرھابا ھاجى ئاتا، كۆرۈۋاتىمەن، جامالىرى قۇياشتەك نۇرانە، بەستىلىرى سەرۋىدىنمۇ قامەتلىك ئىكەن، پېقىر مۇساپىرنىڭ ئۆتۈنۈشىنى قوبۇل كۆرۈپ، غېرىبانە كۆلبىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىرى بىزگە نى بەخت، نى ئامەت!...

ياقۇپبەگ ھەببۇللاخاننىڭ ئېتىنى نىياز ھېكىمبەگكە يېتىلىتىپ، ئۆزى ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا يېلىمدەك يېپىشىپ يېشىل چېدىرنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى ۋە ئۇنى كىچىك بالىنى ھاپاش قىلغاندەك ھاپاش قىلىپ چېدىرغا ئەكىردى.

ئەمىرنى ئەمىر، بەگنى بەگ، مەھرەملەرنى مەھرەم ئۆز چېدىرلىرىغا باشلىدى. ھەببۇللاخاننىڭ ئىككى نەپەر زەبەردەس خاس مەھرىمىمۇ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي بىر كىچىك چېدىرغا ئەكېتىلدى.

ھەببۇللاخان ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن يېشىل چېدىرنى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە كۆزىتىپ چىقتى. بۇرۇۋكخان تۆرىنى ياكى بۇزرۇكخان تۆرىگە ئوخشايدىغان سالاپەتلىكرەك بىرەرىنى

چېلىقتۇرالمىدى . ئۇنىڭ كۆرگىنى قول قوۋۇشتۇرۇپ بېشىنى ئېگىپ تۇرغان بىرقانچە مۇلازىم بولدى .

بۇ قېتىم بۇ يەردە نېمەتۇللاخانغا راسلانغاندەك شاھانە داستىخان ھازىرلانمىغانىدى . ئەقەللىيسى ، تۈزۈكرەك بىرەر شىرەمۇ كۆرۈنمەيتتى . نازۇنېمەتلەردىن بولسا ئەسەرمۇ يوق ئىدى . داستىخان يېيىلىدىغان يەردە قورساقلىق ئادەمگە ئوخشاپ كېتىدىغان يوغان چويۇن مەش تۇراتتى . مەشتە قۇرۇق ئۆرۈك ئوتۇنى گۇرۇلدەپ كۆيمەكتە ئىدى . چېدىر ھاۋاسى بەتبۇي ۋە دىمىق بولۇپ ، تورۇستىكى گازۋاي چىراغ بولمىسا ئىدى ، چېدىر يىڭنىدەكمۇ شولا چۈشمەيدىغان قاراڭغۇ شام گۆرگە ئوخشاپ قالاتتى . بۇ يەردىكى مۇردىدەك جانسىز ئادەملەر ، گىلەملەر ، تۈۋرۈكلەر ، چېدىر تېمىغا ئېسىلغان قىلىچ ۋە بەتبەشىرە سۈرەتلىك قالقانلار ئۆزگە بىر مۇھىم سىرنى يوشۇرغاندەك قىلاتتى .

ھەبىبۇللاخاننىڭ دىمىغى ئېچىشتى ، كۆزى تورلاشقاندەك بولدى . ئاياغلىرى دەرمانسىزلاندى . تۈز يەردە كېتىۋېتىپ پۇتلاشقان ئاتتەك ، تۇيۇقسىز دۇپۇلدەپ كەتكەن يۈرىكىدىن باشلانغان غەلىتە بىر سېزىم تومۇر - تومۇرلىرىغا تارقىلىپ ، تىرناقلىرىنىڭ ئۇچىغىچە يېتىپ باردى . چېكىسىدىن دومىلاپ چۈشكەن تامچە - تامچە ئاچچىق تەر ئۇدۇل كۆزىگە كىرىپ كەتتى .

ئۇنىڭ يۈرىكى قانداقتۇر بىر بىنورماللىقنى سېزىپ تۇرسىمۇ ، لېكىن ئۇ تەكلىپ قىلىنغان كۆرپە ئۈستىگە ئەدەپ بىلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇردى ۋە چىن ئىخلاسى بىلەن دۇئا قىلدى . ئۇنىڭ بۇ دۇئاسىدا خاتىرجەملىكمۇ ، بىئاراملىقمۇ ، ئاللاغا بىلدۈرۈلگەن تەشەككۈرمۇ ، ئىلتىجامۇ ، رازىلىقمۇ ، ئامانلىق تىلەشمۇ مۇجەسسەم ئىدى . «بىسمىللا» غا تىلى كەلگەندىن باشلاپ تەرەتسىز يەرگە دەسسەپ باقمىغان بۇ ئىخلاسمەن پادىشاھ ھەر ئېھتىمالغا قارشى «كەلىمە شاھادەت» نى زىكىر قىلىپ ، ئىمانىنى يېڭىلىۋالدى .

ياقۇپبەگنىڭ چىرايىدا بولسا كەمدىن - كەم كۆرۈلىدىغان

خاتىرجەملىك ، ئىغىر ـ بىسىقلىق ئالامەتلىرى ئەكس ئىتەتتى . ئۆزىنى تۇتۇشلىرىمۇ قائىدىلىك ۋە رەتلىك ئىدى . ئۇ يېنىدا ئولتۇرغان نىياز ھېكىمبەگكە ۋە قول باغلاپ تۇرغان مەھرەم ـ مۇلازىملارغا يالت قىلىپ قارىۋالدى ـ دە ، ھەببۇللاخاننىڭ ئالدىغىراق سۈرۈلۈپ كەلدى ، كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ دېدى :

— ھاجى ئاتام مەككە مۇكەررەمە ، مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە يەتتە يىل مىقدارى ئىستىقامەت قىلىپ ، مۇجاۋىرلىق ماقامىغا يەتكەن كىشى . ئۆلىمالار غازى ياكى ھاجى بىلەن بىر مەرتە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەنلىك پەيغەمبەر بىلەن مىڭ قېتىم قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەنگە باراۋەر دەيدىكەن ، ھاجى ئاتام بىلەن بىر قېتىم قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولارمەنمىكىن ، — ئۇ ھەببۇللاخاننىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا قوللىرىنى ئۇنىڭ بويىنىغا سالدى ، مەھكەم قۇچاقلاپ يەرگە باستى . نىياز ھېكىمبەگ چاققانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىپ ھەببۇللاخاننى قاپنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ چېدىر ئىچىدىكى توسۇققا ئەكىردى . ئارغامچىلارنى تۇتۇپ ، توسۇق ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان مەھرەملەر ئۇنىڭ ئىغىزىغا پايتىما تىقىپ ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ چەمبەرچاس قىلىپ باغلاپ تاشلىدى .

بۇ جەريان شۇنداق تېزلىك ، شۇنداق ئەپچىللىك بىلەن ئورۇندالدىكى ، ھەببۇللاخانمۇ نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدى . قارچىغىنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى ئارىسىدا تېپىرلاپ قالغان بىقۇۋۇل بۆجەندەك ، غىڭ قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى . ئويلىمىغاندا يۈز بەرگەن بۇ بەختسىزلىكتىن كۈچلۈك شامالغا دۇچ كەلگەن ئىستەك تارقىلىپ كەتكەن ئەس ـ يادىنى يىغىۋالغاندا بولسا ، ئۇ قاپقانغا چۈشكەن بىچارە ئۆلجىغا ئايلانغانىدى . ئۆزىلا ئەمەس ، چېدىر ـ چېدىرلارغا باشلاپ كېتىلگەن بەگ ـ سىپاھلىرىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئاقىۋەتكە دۇچ كەلگەنىدى .

يېشىل چېدىردا يۈز بەرگەن ئاۋازسىز ، شەپىسىز

www.uyghurkitap.com

پاتپاراقچىلىقتىن كېيىن ھەممە نەرسە ئۆز ئىزىغا چۈشتى، ياقۇپبەگ نىياز ھېكىمبەگكە قاراپ قانائەت ھاسىل قىلغاندەك مەغرۇر كۈلۈمسىرەپ قويدى ۋە ئالدىن تەييارلانغان مەكتۇپنى ئېلىپ ئۈستىگە ھاجى پادىشاھنىڭ مۆھرىنى باستى:

«مەن ئۇكام ياقۇپبەگ بىلەن بىر كېچە بىللە قونۇپ، قانغۇچە مۇڭدىشىپ، ئەتە ئۆزۈم يول باشلاپ شەھەرگە ئەكىرىمەن. سىلەر قايتىپ كېتىپ ئۆز ئىشلىرىڭلار بىلەن مەشغۇل بولۇڭلار، ئوغلۇم نىمەتۇللاخان ياساۋۇلبېشى، قازى لەشكەر، شەيخۇلئىسلام ۋە دىۋانبەگلەرنى ئېلىپ ئەتە ئالدىمىزدا ھازىر بولسۇن!»

بۇ ئىنايەتنامە ئەقىلگە سىغمىغۇدەك چوڭ ئىشلار يۈز بەرگەن يېشىل چېدىر سىرتىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ئىككى خاس مەھرەم ئارقىلىق، ھەببۇللاخاننى زىياپەتكە ئۆزىتىۋېتىپ ناغرادۈڭ يېنىدا كېكىرىپ، كېرىلىپ ئولتۇرۇشقان بىر مىڭ ئۈچ يۈز لەشكەرنىڭ ئەمىرىگە يەتكۈزۈلدى.

كەڭتاشا داستىخان نىمەتلىرىدىن سەزگۈسىگە دەز كەتكەن غاپىل ئەمىر پادىشاھنىڭ ئىنايەتنامىسىنى ئوقۇدى. ئىنايەتنامە ئاخىرىغا پادىشاھنىڭ «ھۆۋەلھەببۇللەزى تۇرجا شىفا ئەتھۇ»① دېگەن خەتلەر نەقىشلەنگەن سوقچاق خۇسۇسى مۆھرىنىڭ بېسىلغانلىقىنى كۆرۈپلا ئاتلىرىنىڭ بېشىنى شەھەر تەرەپكە قاراتتى.

ياقۇپبەگ ئەتىسى تاڭ سەھەردىلا پىيالىمىدىن يېتىپ كەلگەن زور قوشۇن بىلەن بىللە خوتەنگە يۈرۈش قىلدى. چېكەتكىدەك يامىرىغان نەچچە ئون مىڭ ئاتلىق لەشكەر قاراقاش زېمىنىنى رەھىمسىزلەرچە چەيلەپ ئۆتۈپ كەتتى. ھەر تال گىياھ، ھەر زەررە تۇپراق ياتلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا زار - زار يىغلىدى...

---

① «پەيغەمبەر بولسا ئاللانىڭ ھەبىب - دوستى، ئۇنىڭدىن شاپائەت ئۈمىد قىلىنىدۇ.»

## بەشىنچى باب

# دەرۋىش ئاتا، نەدە سەن!

غەلىتە ئىش، ئەلمىساقتىن بېرى قىش پەسلىدە بوران چىقمايدىغان بۇ يۇرتتا تۈنۈگۈن تۈن نىسپى بولغاندا ئاجايىپ شىددەتلىك بوران كۆتۈرۈلدى.

قىيپاش غەربتىن بۇلۇت كۆچكەندەك بېسىپ كەلگەن توپا-چاڭ ئالدى بىلەن يۇلتۇزلارنى، ئاندىن ئاينى خىرەلەشتۈردى. يەر بىلەن ئاسمان ئارىسىنى گويا جەھەننەمدەك قاراڭغۇلاشتۇرۇپ، يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ كەلكۈنىدەك گۈركىرىدى. پور دەرەخلەرنى قاق بېلىدىن سۇندۇردى، كۆچەتلەرنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇۋەتتى. ئۆگزىلەرنىڭ توپىسىنى ئۇچۇرۇپ، بورىسىنى ئاسمانغا ئاتتى. كوچا-كويلارغا بىر ئىلىك توپا تاشلىدى.

تېخىمۇ غەلىتە يېرى شۇ بولدىكى، بوران قانداق تېز كەلگەن بولسا شۇنداق تېز ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئاجايىپ بوران ھەققىدىكى سىرلىق گەپ-سۆزلەر تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈپ شەھەرنى بىر ئالدى.

— مولللامنىڭ دېيىشىچە، شۇۋەقەدىر ئۆتۈپتۇدەك، قاسىم ئاقۋاشنىڭ كۈچۈكى شۇۋەقەدىرگە قاراپ قاۋاپتىكەن، ئاغزى ئېچىلغان پېتى قېتىپ قاپتۇ.

— غازى مولللامۇ ئاغزىغا كەلگەننىلا سۆزلەۋېرىدىغان ئادەم، شۇۋەقەدىرنى ئۇ قانداق كۆرۈپتۇ، كۆرگەن بولسا ھېلىقى كۈچۈكتەك ئاغزىنى ئاچقان پېتى قېتىپ قالمامتى؟...

— ...

بىراق، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بەس-مۇنازىرىنىڭ تېمىسى باشقا بىر تەرەپكە بۇرالدى. كىشىلەر دوقمۇش-دوقمۇشلاردا

بەش ـ ئالتىدىن بىر بولۇۋېلىپ ، سىرلىق تۇستە پىچىرلىشاتتى . پىچىرلىشىۋېتىپ نىمىدىندۇر قورققاندەك ئالاق ـ جالاق بولۇپ ئەتراپىغا قارىۋالاتتى . بەزىلەر كۆن غەربكە ئېگىلمەستىلا دۇكانلىرىنى تاقاپ ، ئوقەتلىرىنى تاشلاپ چايخانىلارغا بېرىۋالدى . ئۇلار تۈنۈگۈن غەلىتە كىيىنگەن ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ئوردىغا كىرىپ كەتكىنى ، بۈگۈن ئەتىگەندە ھاجى پادىشاھنىڭ ياساۋۇل ـ لەشكەرلىرىنى باشلاپ نەگىدۇر كېتىۋاتقىنى ، كىمدۇر بىرىنىڭ زاۋا تەرەپتە ھېسابسىز چېدىر ـ بارگاھلارنى كۆرگەنلىكى ئۇستىدە سۆزلىشەتتى ، ئاڭلاشقا قۇلاق ، ئېيتىشقا تىل كەلمەيدىغان قورقۇنچلۇق قىياسلىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلايتتى . دەيدىغاننى دەپ بولۇپ «تۆگە كۆردۈڭمۇ ـ ياق» دەپلا تارقىلىپ كېتىشەتتى . تەشۋىش بىلەن تىكىلىشكەن كۆزلەر بىر ـ بىرىدىن جاۋاب ئىزدەيتتى . ۋەقەشۇناس كىشىلەر شۇۋەقەدىن رىۋايىتى بىلەن ئوردىغا چېتىشلىق مىش ـ مىشلارنى باغلاپ كۆرۈپ يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە تېخىمۇ سىرلىق تۈس بېرەتتى . نېمىلا بولسۇن شەھەر مىقياسىدا مەيىن شامالدا داۋالغۇۋاتقان تىنىق كۆل سۈيىدەك نازۇك بىر داۋالغۇش پەيدا بولماقتا ئىدى .

پېشىن نامىزىدىن پاتلا قايتىپ كەلگەن ئايمۇھەممەت ھېيتگاھ كوچىسىغا قارايدىغان بىر ئېغىزلىق كونا دۇكىنىدا قازان قېلىپلىرىنى تازىلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى . ئىنىسى يار مۇھەممەت چوراڭ سېۋەتتە كۆمۈر يۆتكەۋاتاتتى . سىڭلىسى گۈلئايىم تەرلەپ ـ پىشىپ كۆيەك بېسىۋاتاتتى . قاتىلاڭچىلىقتا ياردەمگە چاقىرىلغان قوشنا يىگىت كەرىمقۇلمۇ ئوچاققا كۆمۈر تاشلاۋاتاتتى .

بۇ قازانچىلارنىڭ كاسىنا ئىش كۆپىيىپ كەتكەن چاغلاردىلا بولىدىغان ئەڭ ئالدىراش پەيتلىرى ئىدى . كاسىپلارنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا ، بۇنداق چاغدا ئۇلار «ئۆلۈكنىڭ قولىنى ئۆتنە ئالغۇدەك» ھالغا يېتەتتى . يېرىم كۈن كۆيەك بېسىپ چىلىق ـ چىلىق تەرگە چىلاشقاندىلا ئاندىن چويۇننى ئېرىتكىلى بولاتتى . ئېرىگەن چويۇننىڭ ھارارىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈنمۇ يەنە بىرھازا

ھەپىلىشىشىكە ، يانار تاغدەك يالقۇن پۇركۇپ تۇرغان ئوچاقتا ۋاقتى ـ ۋاقتىدا كۆمۈر تاشلاپ تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى . ئېرىپ سىمابتەك لىغىرلاپ تۇرغان چويۇن سۇيۇقلۇقىنى قازان قېلىپلىرىغا دەل ۋاقتىدا قۇيۇۋېلىشنىڭ ئۆزىمۇ كامالەتكە يەتكەن ھۈنەر ۋە تاغدەك چىدامچىلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئېغىر ئەمگەك ھېسابلىناتتى . مۇبادا مۇشۇ زىل ئىش تۈرلىرىنىڭ بىرەرىدىن چاتاق چىقىدىكەن ، ئۇ ھالدا قېلىپتىن چىقىرىلغان قازان خۇددى كونا ئىدىشتەك پارە ـ پارە بولۇپ كېتەتتى ، قېلىپتىن ساق چىققان تەقدىردىمۇ قازاندا يوشۇرۇن دەز قالاتتى ـ دە ، بىر قېتىملىق قىزىتىشقىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيتتى .

قازانچىلىق — بۇ ئائىلىگە ئاتا مىراس ھۈنەر ئىدى . خوتەنگە قارايدىغان ئالتە شەھەر① تەۋەسىدە قاۋۇلئاخۇن قازانچىغا يېتىدىغان قازانچى تېپىلمايتتى . ئۆز پۈشتىدىن بولغان ئوغۇل بالىغىلا ئۆگىتىلىدىغان ، يات كىشىدىن سىر تۇتۇلىدىغان ھۈنەر بولۇشىغا قارىماي ، قاۋۇلئاخۇن نۇرغۇن شاگىرتلارنى قاتارغا قوشقان ، ئۇلار ھازىر قاراقاش ، گۇما ، چىرىيە ، كېرىيە قاتارلىق يۇرتلاردا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ ، چۆپقەتلىرىنى رازى قىلىۋاتاتتى . تاپقان ـ تەرگىنىدىن داستىخان ھازىرلاپ ، قاتتىق قول ، چۇس مىجەزلىك ئۇستىسىنى پات ـ پات يوقلاپمۇ تۇراتتى . ئۇلار قۇيۇۋاتقان «قاۋۇل قازان» دېگەن خەت نەقىشلەنگەن چوڭ ـ كىچىك قازان خوتەن دىيارىدىلا ئەمەس ، يەكەن ، قاغىلىق ، چەرچەن ، چارقىلىقلاردىمۇ داڭق چىقارغانىدى .

يېقىنقى كۈنلەردە ئېغىر ئەمگەك دەستىدىن ئېزىلىپ

① خوتەن ئالتە شەھەر — ئۆز زامانىسىدا ئىلچى ، قاراقاش ، كېرىيە ، چىرىيە ، يورۇڭقاش ، تاغ (ھازىرقى چىرا ناھىيىسىگە قاراشلىق چاقار يېزىسى ) نى كۆرسەتكەن . موللا مۇسا سايرامى گۇما ، قاراقاش ، ئىلچى ، لوپ ، كېرىيە ، چىرىيىلەرنى ئالتە شەھەر دەپ قارىغان . ئالتە شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالى چارقىلىقتا ، جەنۇبى مۇزلۇق تاغقا تۇتاشقان ، شىمالى ئاقسۇ بىلەن چېگرىلانغان ، غەربى پوسكام ئارقىلىق يەكەن بىلەن تۇتاشقان . 1759 ـ يىلى بۇ يەردە ئىش بېجىرگۈچى ئامبال تەسىس قىلىنغان .

ئۇخلايدىغان بولۇپ قالغان ئايمۇھەممەتنىڭ چۈشىدە دادىسى بىر قانچە قېتىم ئايان بولدى. چۈشىدە دادىسى ئۇنىڭغا ئۈچۈم ـ ئۈچۈملاپ چىلان تاشلاپ بېرەتتى. بۇ تۈگىمەس چىلاننى ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ يەپ تۈگىتەلمەيتتى. كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ مەھەللە چوڭلىرىدىن چۈشكە تەبىر سوراپمۇ باقتى. ئۇلار بۇ چۈشنى ياخشى تەرەپكە تارتىپ كۆڭلىنى تىندۇردى. چۈشنىڭ تەبىرى قانداق بولسا بولسۇن، ئىشقىلىپ ئۇ دادىسىنى سېغىناتتى، دادىسىنىڭ كۆيە چاپلاشقان قارامتۇل، پارقىراق چىرايىنى، ئوچاقتىكى چوغدەك ئوتلۇق كۆزلىرىنى سېغىناتتى. خۇشى تۇتقاندا گۈرجەكتەك كەڭ، بازغاندەك ئېغىر ئالىقىنى بىلەن مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ قويۇشلىرىنى، جۇدۇنى تۇتقاندا گۆلىيىپ تەنبىھ بېرىشلىرىنىمۇ سېغىناتتى.

قاۋۇل ئاكىنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىگە ئالاھازەل يېرىم يىلچە بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا ئۇنىڭ جاھىللىقى، چۇسلۇقىدىن كۆرە، ھەبىبۇللاخاننىڭ قاتتىق قوللۇقى سەۋەب بولغانىدى.

قاۋۇل ئاكا ھۈنەردە داڭلىق بولۇپلا قالماي، ئەل ـ جامائەت ئارىسىدىمۇ يۇقىرى ئابرۇيلۇق ئادەم ئىدى. ھەبىبۇللاخان مۇپتى بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا ئۇنىڭ بىلەن خېلى قويۇق باردى ـ كەلدى قىلىشاتتى.

ھەبىبۇللاخان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىكى يېقىنلىرىنى ھاكىمىيەت ئىشىغا جەلپ قىلدى. ئوخشاشلا، قاۋۇل ئاكىنىڭ ھۈنىرى، ئادەمگەرچىلىكى ئۇنىڭ نەزىرىدىن سىرتتا قالمىدى. قاۋۇل ئاكا ھەبىبۇللاخاننىڭ مۇپتىلىقنى تاشلاپ پادىشاھ بولغىنىغا ئارتۇقچە خۇش بولۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئوردىغا كىردى. بۇ چاغدا بىر ئافغان ئۇستىسى پادىشاھلىق قۇرخانىدا[1] توپ قۇيۇشقا

① قۇرخانا — ئۆز ۋاقتىدىكى قورال ـ ياراغ ئۇستىخانىسى ۋە ئامبىرى قۇرخانا دېيىلگەن.

يېتەكچىلىك قىلىپ يۈرەتتى . ئەمما ، قول ئۇچىدىلا قۇيۇلغان بۇ توپلارنىڭ پەقەت ئۇندىن بىرىلا كارغا يارايتتى . قالغانلىرى تۇنجى قېتىم ئوت يېقىلىشى بىلەنلا چاك ـ چاك دەز كېتەتتى ، بەزىلىرى دۈشمەننىڭ ئەمەس ، توپچىنىڭ جېنىنى ئالاتتى ، شۇنىڭ بىلەن چويۇن ئوچىقىغا يەنە بىر قېتىم تاشلىناتتى .

قاۋۇل ئاكا ئوردا قۇرخانىسىغا ئىش بېشى بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي ، پۈتۈن ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ ، تېخى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان ، كەينىدىن ئوقلىنىدىغان بىر خىل توپ ياساپ چىقتى . ئۆزىنى جاھاندا بىر چاغلاپ يۈرىدىغان ھېلىقى ئافغان ئۇستىمۇ ئۇنىڭ پاراسىتىگە قول قويدى . بىراق ، بۇ توپ ئۇنىڭ ھەممە بەختسىزلىكىگە سەۋەب بولۇپ قالدى .

بىر كۈنى يېزا قاراۋۇللىرى تۆت باش كۆك قوناق ئوغرىلىغان بىر دېھقاننى تۇتۇپ كېلىشتى . ئۇنىڭ ئوغرىلىغىنى پەقەتلا تۆت باشلا قوناق بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ قىلمىشى ھەببۇللاخان پۇقرا قولىغا قوغۇشۇندەك قۇيۇۋەتكەن قاتتىق سىياسەتكە ئەلۋەتتە مۇخالىپ كېلەتتى . ئوغرى ـ يالغاندىن خالىي ، ھەر خىل جىنايەتتىن مۇستەسنا غايىۋى بىر جەمئىيەت قۇرۇشنى ئىستەيدىغان ھەببۇللاخان جۇمە كۈنى چىڭقىچۇش مەزگىلىدە جىمى پۇقرانى ئوردا ئالدىدىكى كەڭ سەيناغا توپلىدى ۋە ئوغرىغا پۇقرانىڭ كۆزىچىلا جازا بېرىپ ، ئىبرەتلىك زىلزىلە پەيدا قىلماقچى بولدى .

ياساۋۇللار قاۋۇل ئۇستا ياسىغان ھېلىقى توپنى ئوردا سەيناسىغا سۆرەپ چىقتى ، ئۇنى پاختىۋەن قىلىپ ئاغزىنى ئاسمانغا قارىتىپ يەرگە كۆمدى ۋە ئوغرىنى توپ ئاغزىغا ئولتۇرغۇزدى .

قاۋۇل ئۇستىغا ھەممە ئىش ئايان بولدى . ئۇ تەپكە يېپىنى ئۆز قولى بىلەن تۇتۇپ تۇرغان ھەببۇللاخاننىڭ ئالدىغا كەلدى :

— پادىشاھىم ، بۇ بىچارە دېھقاننىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچسىلە ، بۇ توپ بىر ئاجىز پۇقرانىڭ قېنى بىلەن بويالمىسۇن ، پېقىر ئۇنى پۇقراغا ئەمەس ، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشقا ياسىغانمەن ! — دېدى ئۆتۈنگەن ھالدا .

ۋەھىملىك ئىبرەت سۆزلىرىنى مىڭلىغان پۇقراغا جاكارلاپ بولغان ھەببۇللاخان ئۆز جاكارىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇردى. قاۋۇل ئۇستىنىڭ ئۆتۈنۈشلىرىگە، يالۋۇرۇشلىرىغا پىسەنت قىلماي، تەپكە يېپىنى تاش يۇرەكلىك بىلەن تارتىۋەتتى. «گۇم» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ سەينا ئوتتۇرىسىدا ئاسمان ـ پەلەك ئىس كۆتۈرۈلدى، پارتلاش زەربىسىدىن نەگىدۇر غايىب بولغان دېھقاننىڭ تېنى بىرپەستىن كېيىن پارچە ـ پارچە بولۇپ يەرگە چۈشتى. مىڭلىغان ئادەم ئالىقانلىرى بىلەن كۆزلىرىنى ئېتىۋالدى. ئاياللار ۋە بالىلار قىيقاس سېلىشىپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى. ئەركەكلەر ۋە يۇرىكى قاتقان مويسىپىتلەر بارماقلىرىنى قاتتىق چىشلەشتى.

قاۋۇل ئۇستا بۇ چاغدا بۇ پاجىئەلىك مەيداندىن ئاللىقاچان ئۇزاپ كەتكەنىدى. ئۇ قايسىبىر مولىدىن پەتىۋا ئالدى بولغاي، ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى ـ دە، «تونۇشلىرىمنىڭ ئۆيىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ كېلىمەن» دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ئۇزىتىپ چىقىشىغىمۇ يول قويمىدى.

مۇشۇ ۋەقە سەۋەبلىك، ئۇنىڭ ھەببۇللاخاندىن كۆڭلى قالدى. شەپقەتسىزلەرچە قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىلگەن ھېلىقى دېھقان ۋە ئۇنىڭ يېتىم قالغان بالا ـ چاقىلىرى ئالدىدا ھەببۇللاخاننىمۇ، ئۆزىنىمۇ گۇناھكار ھېسابلىدى. پۇقرانىڭ بۇ تەرىقە ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كېتىشىگە زامىن بولغان قارغىش تەگكۇر توپنى ياساپ چىقىقىنىغا يۈز مىڭ پۇشايمانلار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ كەچۈرگۈسىز گۇناھىنى دۇئا ـ تىلاۋەت، كۆز يېشى بىلەن يۇيۇش ئۈچۈن جاھاننىڭ قايسىدۇر بىر چېتىگە، قايسىبىر مازارنى كۆزلەپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭچە، پەقەت جاھان غوۋغاسىدىن، ئەخمەق پادىشاھتىن، پاجىئە يۈز بەرگەن قانلىق سەينادىن قانچە يىراق تۇرسا شۇنچە يەڭگىللەپ قالاتتى، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ ئىستىغپار ئېيتىشلا ئاللادىن مەغپىرەت تىلەشنىڭ ئەڭ ئوبدان چارىسى ئىدى…

ئايمۇھەممەت پۇتكۇل شەھەرگە پۇر كەتكەن مىش - مىش گەپلەرنى بۇيرۇتمىسنى ئالغىلى كەلگەن ئۇردا تېۋىپىدىن ئاڭلىدى. تېۋىپ پادىشاھقا دورا ئاپىرىپ بەرگىلى بارغاندا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ :

— قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىز ۋەقە يۈز بېرىدىغاندەكلا تۇرىدۇ، — دېدى.

— ھەزرىتىم، قېنى ئېيتسىلا، قانداق كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرەر؟ ۋابامۇ ياكى ئۇرۇشمۇ، — تاقەتسىزلەنگەن يارمۇھەممەتنىڭ كوچىلاۋېرىشى بىلەن تېۋىپ ئاخىر ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى - دە :

— ۋابامۇ، ئۇرۇشمۇ، كېيىنكى بىرنېمە دېيەلمەيمەن ئۇكام، ئىشقىلىپ بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىبىرى بولسۇن، كەلگۈلۈك بەربىر پۇقراغا كېلىدۇ. بۇ ئەلمىساقتىن تارتىپ شۇنداق بولۇپ كەلگەن، لېكىنزە··· — تېۋىپ نېمىشقىدۇر گېپىنىڭ داۋامىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.

بىر ئىشنىڭ تېگىگە يەتمىگۈچە بولدى قىلمايدىغان ئايمۇھەممەت، تېۋىپنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى پەملىدى ۋە ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىپلىۋالدى.

— كارۋان بېشىدىن ئاڭلىشىمچە، — دېدى تېۋىپ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — قەشقەردە بۇزرۇكخان، مۇھەممەت ياقۇپبەگ قوشبېگى دەيدىغان پەرغانىلىكلەر ئوبدانلا كۈچلىنىپ قالغان ئوخشايدۇ. ئۇلار قەشقەرنى، يەكەننى پەتىھ قىپتۇدەك، يەنە كۇچا خوجىلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپمۇ ئىنايەت تېپىپتۇ. تېخى يېقىندىلا لەك - لەك لەشكەر بىلەن يەكەنگە چۇشكەنمىش···

— يەكەنگە؟!

يارمۇھەممەت پىژىلداپ ئوت چېچىپ تۇرغان چويۇن سۇيىنى قېلىپقا قۇيۇشتىن توختاپ قالدى. كۇيەك بېسىۋاتقان گۇلئايىممۇ، كۆمۈر تاشلاۋاتقان يارمۇھەممەتمۇ بىرەر كېلىشمەسلىكنى سەزگەندەك، ئىشنى توختىتىپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىشتى.

ئايمۇھەممەت قوشۇمىسىنى تۈرۈپ نېمىنىدۇر ئويلىغاندىن كېيىن، چايخانىدا ئۇچراتقان ھېلىقى دەرۋىش ۋە سىرلىق پالنى يادىغا كەلتۈردى ـ دە، پېشانىسىگە پاققىدە بىرنى ئۇرۇپ، قولىدىكى قىسقۇچنى چۆرۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ياشلىق قىلىپ بىرەر بالا تېرىپ قويۇشىدىن قورققان تېۋىپىنىڭ توسۇشلىرىغا قارىماي، كەرىمقۇلنى ئەگەشتۈرۈپ دۇكاندىن بوراندەك تېز چىقىپ كەتتى.

— ئېتىنى نېمە دېۋىدى ھېلىقى دەرۋىش؟ — ئايمۇھەممەت يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ سورىدى كەرىمقۇلدىن:

— كېپەك دەرۋىش دېگەندەك قىلىۋىدى.

— دۇرۇس، كېپەك دەرۋىش دېگەنىدى.

ئۇلار كوچىمۇكوچا، مەھەللىمۇمەھەللە ئارىلاپ چىقتى، بىراق، ھېلىقى دەرۋىشنى زادىلا تاپالمىدى. ھەتتا دەرۋىشكە ئوخشاپراق كېتىدىغان بىرەر ئادەمنىمۇ ئۇچرىتالمىدى. سورىغانلاردىنمۇ قانائەتلىنەرلىك جاۋاب چىقمىدى.

— ئاكا، دەرۋىش دېگەن مۇقىم تۇرالغۇسى يوق بىر تائىپە، ئۇلار قويۇندەك پەيدا بولۇپ، ئالۋۇندەك غايىب بولىدىغان خەق تۇرسا، ئۇنى تېپىش دەريادىن قاشتېشى سۈزۈشتىنمۇ تەس ئىش ـ دە، — دېدى كەرىمقۇل يەكتەكنىڭ پېشى بىلەن تەرىنى سۈرتۈپ كېتىۋېتىپ.

كەرىمقۇل دۇرۇس گەپ قىلىۋاتاتتى. «راست، دەرۋىشلەر تۈن ئاسمىنىنى يېرىپ ئۆتىدىغان ئاقار يۇلتۇزدەك، غىل ـ پال كۆرۈنۈپ قويۇپلا غايىب بولىدىغان جاھانكەزدى تائىپە تۇرسا، ئۇنى تېپىش ئاسانمۇ؟»

— كەرىمقۇل، — دېدى ئايمۇھەممەت يېنىدا ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كېلىۋاتقان قوشنىسىغا قاراپ، — بىلەمسەن، ھېلىقى ئاخشىمى ئۇ ئەسلىدە ئەگىتىپ بېشارەت بەرگەنىكەن، بىلمەپتۇق، ئەۋلىيا سۈپەت ئۇ كىشىنى تېخى ساراڭ، تېجىمەل دەپ تىللاپتۇق. پەقەت ئۇنى تاپقاندىلا ئاندىن بۇ چوڭ تېپىشماقنىڭ جاۋابى يېشىلىدۇ. كىچىككىنە قالساق پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي

قالىمىز جۇمۇ !

ئۇلار كېيەك دەرۋىشنى ھېرىپ ھالىدىن كەتكۈچە ئىزدىدى، كۈن پاتاي دېگەندە ئۇمىدىنى ئۈزۈپ ئۇششۇك تەگكەن مايسىدەك سولىشىپ دۇكانغا قايتىپ كەلدى .

كېلىپلا، قېلىپتا تۇرغىلى يېرىم كۈن بولغان قازىنىنى ئالغىلى كەلگەن تېۋىپ بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالدى . تېۋىپ ساراڭدەك چىقىپ كېتىپ، قاپاقلىرىنى ساڭگىلىتىپ قايتىپ كەلگەن ئايمۇھەممەتتىن چاقچاق ئارىلاش سورىدى :

— ئۇستام، كېيىكتەك تاقلاپ نەلەرگە بېرىپ كەلدىلە؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىسىمۇ، بىراق ئايمۇھەممەت تېۋىپنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ دەرۋىش ھەققىدە قىسقىلا سۆزلەپ بەردى . تېۋىپ يەنە ئويلىمىغان يەردىن سوئال قويدى :

— يېشى ئاتمىشتىن ھالقىغان، ئورۇق، قارامتۇل كىشىمىدى؟

— ھەئە، — جاۋاب بەردى ئايمۇھەممەت سەل ھەيران بولۇپ، — سىلى ئۇنى كۆرگەن ئوخشىمامدىلا !

— قىزىل - كۆك ئالا خۇرجۇن كۆتۈرۈۋالغان ئاقساقال كىشىمىدى؟

— دەل ئۆزى شۇ !

— ھەي بالام، باشتىلا مەندىن سورىسىلىچۇ، — تېۋىپ ئۆكۈنگەچ بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ دېدى، — بۇ تېخى تۈنۈگۈن ئەتىگەندە بولغان ئىش، بىر دەرۋىش قاق ناشتىدىلا ئوردا ئالدىغا كېلىۋېلىپ «پادىشاھ بىلەن كۆرۈشمەن، دېمىسەم بولمايدىغان زۆرۈر گېپىم بار» دەپتۇ، لېكىن پادىشاھ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەپتۇ .

— كېيىن نېمە بوپتۇ؟

ياساۋۇللار سەدىقە بېرىپ، قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىپتۇيۇ، ئۇ كەتكىلى ئۇنىماپتۇ . ياساۋۇلبېشى «دەيدىغان گېپىڭنى ماڭا

ئېيىت ، پادىشاھ ئالىيلىرىغا يەتكۈزىمەن» دەپمۇ بېقىپتۇ ، ئۇ دەرۋىش ئاغزىغا ئېلىشتىنمۇ قورققۇدەك قانداقتۇر ئالتاغىل گەپلەرنى قىلغانىكەن ، ئۇنى ئەقلىدىن ئازغان سارائ دەپ قاراپ پۇت - قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي قەلەندەرخانىغا① ئاپىرىپ تاشلاپتۇ ، پېقىر ياساۋۇلبېشىنىڭ پەرمانى بىلەن چېكىسىدىن قان ئېلىپ ، لوڭقا قويغىلى بېرىۋىدىم ، ئۇ پۇت - قولى چۈشەلگەن پېتى بىھوش بولۇپ ياتقانىكەن .

ئايمۇھەممەت ۋە كارىمقۇل ئىككىنچى قېتىم كوچىغا قاراپ ئېتىلدى . ئۇلارغا ئەمدى يارمۇھەممەتمۇ قېتىلدى . قەدىمى بۇلۇڭتەك يەڭگىللەپ قالغان ئۈچ نەپەر يىگىت ساماۋى دۇلدۇلدەك چاپسانلىق بىلەن قەلەندەرخانىنى كۆزلەپ قانات قاقتى .

## ئالتىنچى باب

# ناتونۇش قورallılar

ياقۇپبەگنىڭ تامدەك ھەيۋەتلىك جەڭ ئاتلىرىغا مىنگەن چاغاۋۇل قىسىملىرى يېرىم كۈن ماڭار - ماڭمايلا خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي بوسۇغىسىغىچە قىستاپ كېلىپ ، ئۇدۇل ئوردا تەرەپكە ئات سالدى .

ئوچۇق قاپقانغا ئۆزىنى ئۇرۇپ ، تارتۇق قىلىنغان ئېسىل ئارغىماقىقا مىنىپ زاۋۇغا كېلىشقاتقان نىمەتۇللاخان يېرىم يولدىلا ئۇخشاش بىر ھىيلە بىلەن جەھەننەمگە ئۇزىتىلدى . ئۇ باشلاپ كېلىشقاتقان يۇرت كاتتىلىرى ، ئوردا سىياھلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئەجەل شەربىتىنى ئىچتى . نامەلۇم بىر ئاپەتنىڭ تىنۇشىنى تۇيغان

---

① قەلەندەرخانا — ھەبىبۇللاخان ئۆز زامانىسىدا خوتەندە قۇرغان دارىلئاجىزىن ، يەنى يېتىم - يېسىرلار ، مۇساپىرلار پاناھلىنىدىغان خەير - ساخاۋەت ئورنى .

خوتەنلىكلەر ئون بەش مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن قاراقاش دەرۋازىسىغا يېقىن يەردىكى توپچاغا كېلىپ چېدىر - بارگاھلىرىنى تىككەندىلا ئاندىن بۇ قارا ئاپەتنىڭ ۋابا ئەمەس، بەلكى ئۇرۇش ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى.

ياقۇپبەگ خوتەن يۇقىرىلىرىنىڭ سەۋر - تاقىتىگە بەكمۇ ھەيران بولدى. دېمىسىمۇ، ئېزىزبەگ جاللات باشچىلىقىدىكى چىغاۋۇل قىسىم[1] پادىشاھ ئوردىسىغا خۇددى پاتقاقتا پاتۇرۇلغان ئېغىر تاشتەكلا ئوڭاي ۋە تېز كىرىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى. ئۇلار قەسىر ئىچىنى تىنتىپ، تۆشۈكمۇتۆشۈك ئاختۇرۇپ، دۇنيا - دەپىنىنى رويخەتكە ئېلىپ، ئوردا خادىملىرى بىلەن خان جەمەتىدىكىلەرنى تۇتقۇن قىلىۋاتاتتى.

تېڭىرقاپ، مەڭدەپ قالغان شەھەر ئاھالىسى تاپىنى ئاستىدىلا ئۆمىلەپ يۈرگەن قانخور زۇلۇكلاردىن بىخەۋەر، ئۆيلىرىگە مۇستەھكەم بېكىنگەنىدى. ئاساسلىق شەھەر كوچىلىرى، ئەسكەرخانا،[2] قۇرخانا - ھەربىي ئەسلىھەلەر، قورال - ياراغ ئىسكىلاتى قاتارلىق مۇھىم ئىمارەتلەر ياقۇپبەگ قوشۇنلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغانىدى.

بىر توپ ناتونۇش قوراللىق كىشىلەرنىڭ پادىشاھ ئوردىسىغا بىمالال كىرىپ - چىقىۋاتقانلىقى خوتەنلىكلەرگە غەيرىي بىر تېپىشماق بولۇپ تۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇلار ئىشىكلىرىنىڭ يوچۇقىدىن، دەرەخ دالدىسىدىن ئېھتىيات بىلەن ماراپ بۇ قىزىق ئويۇننى كۆزىتەتتى، ئوردىدىن قوراللىق كىشىلەرنىڭ نازارىتىدە ئاچىقىلىۋاتقانلارنى بارماقلىرىنى بېسىپ تۇرۇپ سانايتتى. غەم - غۇسسىسىز شوخ باللار ئۇياق - بۇياق ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەن يوچۇن ئادەملەرنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ بەخىرامان تاماشا قىلىشاتتى. چالما ئاتاتتى، توپا چاچاتتى. ئوردا سېپىلى ئۈستىدە

① چىغاۋۇل قىسىم — ئالدىن يۈرەر قىسىم، رازۋېدكىچى قىسىم.

② ئەسكەرخانا — ئەسكەر تۇرغان گازارما بولۇپ، كېيىن يەر نامىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان ئۇچلۇق تەلپەك ، قىزىل كەمزۇللۇق قاراۋۇللار پەيدا بولۇپ ، تۇغ ـ ئەلەملەر ئالماشقانىدى . ئاھالىلەر بۇ ئۆزگىرىشلەرنى بىرەر كېلىشىم ياكى ئەھدىگە مۇۋاپىق ، ھاجى پادىشاھنىڭ ئىجازىتى بىلەن بولۇۋاتسا كېرەك ، دەپ پەرەز قىلىشاتتى .

ئۇلار ھاجى پادىشاھقا ئۆزگە ئىشەنگەندەك ئىشىنەتتى . ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى دۇنيادا تەڭدىشى يوق ، رۇستەمدەك باھادىر دەپ بىلىشەتتى . شەھەردە ئۇۋۇسىغا سۇ كىرىپ كەتكەن چۈمۈلىلەردەك پىتىراپ يۈرگەن بۇ كىشىلەر يامان غەرەز بىلەن كەلگەن بولسا ، ھاجى پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ باھادىرلىرى ئۇلارنى يۇرت تېشىدىلا ئەدەپلەپ ، كەلگەن يېرىگە ھەيدىۋېتىدىغانلىقىغا كۆزى يېتەتتى .

بوران ئالدىدىكى جىمجىتلىقتا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ھالەت ئالاھازەل بىر كۈندىن ئارتۇق داۋام قىلدى . بوران ئۆتۈپ ، ئالەم سۈزۈلۈپ ، پۇقرالار ھەبىبۇللاخان ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىۋاتقان چاغدا قىزىق دەرۋازىسى ۋە سۇ دەرۋازىسى تەرەپتىن ھەيۋەتلىك قىيقاس كۆتۈرۈلدى . كۆپ ئۆتمەي ، ئاق ماتادىن كېپەن كىيگەن ، يېمەك ـ ئىچمەك قاچىلانغان تۇلۇملىرىنى بوينىغا ئاسقان ، ئات ، ئېشەك ، توپاق ، قېچىرلارغا مىنىۋالغان ، قىڭراق ۋە يوغان قىرقىيدىغان قايچىنى بادرا بىلەن ساپلاپ ئۆشنىسىگە سېلىۋالغان ئون مىڭچە كىشى قاراقاش دەرۋازىسىدىن سەل مىسالى كىرىپ كەلدى . سۇ دەرۋازىسى تەرەپتىن كەلگەنلەرمۇ ئۆلۈمگە تەۋەككۇل قىلىپ ، كېپەنلىكىنى بىللە ئېلىۋېلىشقانىدى . ئۇلارنىڭ سانىمۇ ئون مىڭدىن كەم تۇرمايتتى . ئۆي ـ ئۆيلەردە مارىشىپ ، پەيت كۈتۈپ تۇرغان شەھەر ئاھالىلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئېقىپ كېلىپ بۇ زور قوشۇنغا قېتىلىپ كەتتى . بىرەر پاناھلىق جاي تېپىپ مۆكۈنۈۋېلىشقان ، ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلغان خوتەن لەشكەرلىرىمۇ ئۇلارنىڭ سانىنى ئاۋۇتتى .

دەل شۇ چاغدا ئارا ، پالتا كۆتۈرگەن تۆت ـ بەش مىڭچە پىيادە دېھقان ھېيتگاھ دەرۋازىسىدىن بۆسۈپ كىردى . ئۇ يەرگە جايلىشىپ

ئۇلگۈرگەن بىرقانچە پەرغانىلىك كەلكۈن ئېقىتىپ كەتكەن پاخالدەك ، سۇر - توقاي قىلىنىپ چەتكە چىقىرىلغانىدى . بۇ پىيادە پۇقرالارنىڭ ئەلپازىمۇ قۇترىغان يولۋاستەك يامان كۆرۈنەتتى . ھەرقانداق توسۇق ئۇلارغا قىلچە دال بولالمايتتى .

غەزەپلەنگەن كىشىلەر سىپى تومۇز كەلكۈنىدەك ئاققانچە ئۇلغىيىشقا باشلىدى . «ئادەملىرىمىزنى قايتۇرۇپ بەر» ، «ئۇر ئۇ پەرغانىلىكنى» دېگەن سادا تۇشمۇتۇشتىن گۇرۇلدەيتتى . «ئۇر - چاپ» ئاۋازى ھۆك - ھۆك يىغلاۋاتقان ئادەملەرنىڭ تەكبىر ساداسى بىلەن قوشۇلۇپ بەھەيۋەت ئەكس سادا پەيدا قىلىپ ، يەر - جاھاننى تىترەتمەكتە ئىدى .

توسالغۇلارنى يىمىرىپ ، توسقۇنلارنى يېڭىپ كەلگەن بۇ ئادەملەر قاراقاش ، يورۇڭقاش ۋە چىرا يۇرتلىرىنىڭ قورقۇمسىز پىدائىيلىرى بولۇپ ، ئەزىز يۇرتىغا يامانلىق كۆزلىگەن ھەرقانداق دۈشمەن بىلەن ئاخىرقى تىنىقىغىچە ياقىلىشىشقا قەسەمياد قىلغانلار ئىدى .

يۇرت كاتتىلىرى ئىز - دېرەكسىز يوقالغانلىقى ، ياتلارنىڭ ئۆز يۇرتىغا ئاياغ باسقانلىقى توغرىسىدىكى بۇ شۇم خەۋەر دەسلەپتە يۇرت - يۇرتلاردىكى قازانچى جامائەسى ئارقىلىق ئاۋام ئارىسىغا تارقالدى . يىغلىق باشلاپ كېلىۋاتقان يات تائىپىنىڭ پەرغانىلىكلەر ئىكەنلىكىمۇ ھەممەيلەنگە ئايان بولدى . چوماق - تاياق تۇتالايدىغانلىكى ئەركەكلەر يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، خوتەن شەھىرىگە غازات يۈرۈشى قىلىشنى تەلەپ قىلىشتى . ئادىمى بارلار ئادەم چىقاردى . كالتەك كۆتۈرگىچىلىك ئادىمى يوقلار يېمەك - ئىچمەك ، ئات - ئۇلاغ ھازىرلىدى . شىددىتى زىيادە خوتۇن - قىزلارمۇ ئەرەنچە كىيىنىپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن سەپكە قوشۇلدى .

شۇنداق قىلىپ ، تارام - تارام ئەزىم دەريالار قورام تاشلاردىن ، يار - ئېدىرلاردىن ئاتلاپ ئۆتۈپ دېڭىز - ئوكيانغا قۇيۇلغاندەك ، يۇرت - يۇرتلاردىن قوزغالغان ئادەم ئېقىمى خوتەن شەھىرىگە جەم

بولۇپ، بۇ يەرنى غەزەپ دېڭىزىغا ئايلاندۇردى.

ئەسلىدە كىپەك دەرۋىشنى ئىزدەپ ساراڭ بولاي دەپ قالغان ئاكا - ئىنى قازانچى بىلەن بوياقچى كەرمەقۇل تونۇگۈن كۆز باغلانغان مەزگىلدە پادىشاھلىق قەلەندەرخانىغا سولاپ قويۇلغان كىپەك دەرۋىشنى تېپىۋالغانىدى. ئۇلار قەلەندەرخانا بېگىگە يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئۇنى بوشاتتى ۋە ئەقلىگە سىغمايدىغان غەيرىي ئالامەتلەرنى، ئوردا تېۋىپىدىن ئاڭلىغانلىرىنى قالدۇرماي ئېيتىپ بەردى.

كىپەك دەرۋىش چايخانىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەنمۇ، بۇ توغرىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ياخشى كۆڭلىنى چۈشەنمىگىنى ئۈچۈن يىگىتلەرگە تاپا قىلىپمۇ ئولتۇرمىدى. چۈنكى، ئۇ بۇنداق مۇھىم خەۋەرنى خوتەنلىكلەر ئارقىلىق ئوردا ئەمەلدارلىرىغا يەتكۈزگىنىم ياخشى دەپ ئويلىغان ۋە بۇ يىگىتلەرنى ۋاستىچى قىلىپ تاللىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز قىياسىنىڭ تامامەن توغرا بولۇپ چىقىشىغىمۇ ھۆددە قىلالمايتتى. يەنە كېلىپ ھاجى پادىشاھنى ئۆز ئاتىسىدەك چوڭ بىلىدىغان خوتەنلىكلەرنىڭ ئېڭىدا بۇنداق قورقۇنچلۇق رېئاللىقنى سىغدۇرالىغۇدەك بوشلۇقمۇ يوق ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇ پال ئويۇنى ئارقىلىق يىگىتلەرنىڭ رايىنى سىناپ كۆرۈۋىدى، ئۇلار ئۇنى مەنسىتمىدى، ساراڭ - جىندى دەپ ئويلاپ قېلىشتى. بىراق، ھاياتىدا شەھەر دەرۋازىسىدىن بىر قەدەم نېرىغا ئۆتۈپ باقمىغان بۇ ساددا يىگىتلەردىن رەنجىش مۇمكىنمۇ؟ ئۇلارنى ئىش كۆرمىگەن، ساددا دېگەندىمۇ ئوچۇق كەپىنىمۇ ئاڭقىرالمىغان، جىددىي ئاگاھلاندۇرۇشنى تېجىمەلنىڭ جۆيلۈشى دەپ ھېسابلىغان ئەخمەق ياساۋۇللارنى، پادىشاھلارنى يەنە نېمە دېگۈلۈك؟

ئايمۇھەممەت ئادەتتە ئېغىر - بېسىق، كەم سۆز كۆرۈنگىنى بىلەن، ۋىجدانى قايناپ تۇرىدىغان، ناھەق ئىشلارغا چىداپ تۇرالمايدىغان يىگىت بولۇپ، بۇ تەرەپتىن دادىسىنى تارتقانىدى. مۇبادا دادىسى بۇ يەردە بولسا، يۇرت بېشىغا بالا - قازا كەلسە نېمە

دەيدىغىنى ۋە نېمە قىلىدىغىنى ئايمۇھەممەتكە ئايدىڭ ئىدى . ئۇ ئەلۋەتتە : «ماڭ ئوغلۇم ، ئوغۇل بالا دېگەن يۇرت بېشىغا كۈن چۈشسە قاراپ تۇرالمايدۇ ؛ قولۇڭغا چىققىنىنى ئال ، دۈشمەننىڭ بېشىغا ئۇر » دېگەن بولاتتى . ئۆزىنىڭمۇ دۈشمەنگە قاراپ شىردەك ئېتىلىشى تۇرغان گەپ ئىدى .

ئايمۇھەممەت دادىسىنىڭ دېگىنىدەك قىلىشى ، دادىسىدەك قىلىشى كېرەك ئىدى . لېكىن ، ئۇ قانداق قىلىشىنىڭ يولىنى بىلەلمەيۋاتاتتى . قېلىن ، قاراڭغۇ ئورماندىن قايسى يول بىلەن چىقىپ كېتىشىنى ، كۆۋرەپ تۇرغان ئۇلۇغ دەرياغا قايسى كېچىكتىن ئات سېلىشىنى ئۇقمايۋاتاتتى .

ئۇ ئىختىيارسىز هالدا :

— ئاھ دادا ، سەن قەيەردە ، ئوغلۇڭغا بىرەر يول كۆرسەتسەڭچۇ ؟ — دەۋەتتى دادىسىغا قىياسەن ئىلتىجا قىلىپ .

چوڭقۇر خىيالغا پاتقان دەرۋىش ئايمۇھەممەتنىڭ ئېغىر خورسىنىشىغا ، ئوتلۇق ئىلتىجاسىغا دىققەت قىلماي قالمىدى ۋە سورىدى :

— داداڭ كىم بولىدۇ ، ئوغلۇم ، ئۇ هازىر قەيەردە ؟

ئايمۇھەممەت دادىسىغا چېتىشلىق ئۇزۇن هېكايىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنى خالىمىدى بولغاي ، ئۆزىگە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ تۇرغان كېپەك دەرۋىشكە يالت قىلىپ قارىۋالدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ هېكايىنى قىسقىلا قىلىپ سۆزلەپ بەردى . دەرۋىش قاۋۇل قازانچىنىڭ ئېتىنى ئاڭلىغان هامان ئايمۇھەممەتنىڭ قولىنى مەهكەم تۇتۇۋالدى ۋە :

— مۇنداق دېگىن بالام ، ئەستاغپۇرۇللا ، تۆگىگە مىنىۋېلىپ تۆگە ئىزدەپ يۈرگىنىمنى قارىمامدىغان ؟ — دېدى بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ .

دەرۋىشنىڭ بۇ سۆزىدىن هەيران بولغان ئايمۇھەممەت ، يار مۇھەممەت ۋە كەرىمقۇللار بىر ـ بىرىگە قارىشىۋالدى . ئايمۇھەممەت گۇمان بىلەن :

— دەرۋىش ئاتا سىلى ... دادامنى تونۇمدىلا ؟ — دەپ سورىدى دەرۋىشتىن .

— تونۇيمەن ، تونۇغاندىمۇ تازا ئوبدان تونۇيمەن !

كېپەك دەرۋىش ئون يىل مۇقەددەم ئىمام جەئفەر سادىق[1] مازىرىنى تاۋاپ قىلماق بولۇپ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ، تاۋاپ يولىدا قاۋۇل ئۇستا بىلەن تونۇشۇپ تا نىيىغىچە بىللە سەپەر قىلغانلىقىنى ، بىر ـ بىرىگە قول ـ قانات بولۇشۇپ بىر تۇغقانلاردەك ئىچىكىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى .

دەرۋىش بۇ قېتىم خوتەنگە قاراپ يولغا چىققاندا ئاۋۋال قاۋۇل ئۇستىنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇ ئارقىلىق پادىشاھنى ئاگاھلاندۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەندى . ئۇنى تاپالمىغانلىقتىن غەرىزىنى ھېچكىمگە ئۇقتۇرالمىغىنىغا ھېلىغىچە ئۆكۈنۈۋاتاتتى . كۆز ئالدىدا تۇرغان ئايمۇھەممەت بىلەن يار مۇھەممەتنىڭ قەدىناس ئاغىنىسى قاۋۇل ئۇستىنىڭ ئوغۇللىرى ئىكەنلىكىنى بىلگەن كېپەك دەرۋىشنىڭ چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى ۋە ئۇلارنى قۇچاقلاپ پېشانىسىگە ئاتىلارچە سۆيۈپ قويدى ، يەنە نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك ئايمۇھەممەتلەرگە دېدى :

— مۇنداق گەپ ، باللىرىم ، بۈگۈن ماڭا دورا ئەكەلگەن تېۋىپتىن ھەبىبۇللاخاننىڭ زاۋىغا قاراپ يولغا چىققانلىقىنى ئاڭلاپلا ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدۇم . ئەمدى جاھان غوۋغالىرىدىن قول ئۈزۈپ بىرەر مازارغا بېرىپ ، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ روھىنى خۇشال قىلاي دەپ تۇراتتىم . ھېلىمۇ ياخشى سىلەر كېلىپ قالدىڭلار ، بولمىسا بۈگۈن كەچتىلا غەپلەتتە قالغان بۇ شەھەردىن

① ئىمام جەئفەر سادىق — ئىمام مۇھەممەت باقىرنىڭ ئوغلى . مىلادىيە 699 ـ يىلى مەدىنە شەھىرىدە تۇغۇلغان . ئىلىم جەھەتتە ئۆز زامانىسىنىڭ داناسى بولغىنى ئۈچۈن «سادىق» دېگەن نام بىلەن شۆھرەت قازانغان . مىلادىيە 765 ـ يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولۇپ دادىسىنىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلىنغان . بەزىلەر ئۇنى شىنجاڭدىكى غازاتلاردا شېھىت بولغان دەپ قاراپ ، ھازىرقى نىيە ناھىيىسىدىكى ئىمام جەئفەر سادىق مازىرىنى زىيارەت قىلىپ ئۇلۇغلايدۇ .

كېتىپ قالاتتىم .
— نېمىدەپ بۇ يەردىن كەتمەكچى بولغانىدىلە دەرۋىش ئاتا ؟
— بالىلىرىم ، ئۇرۇش دېگەننىڭ توققۇزى رەڭ ، بىرى جەڭ ، ياقۇپبەگ قانداق ئادەم ، بۇ خۇداغا مەلۇم . بىراق ، ئۇنىڭ يېنىدىكى نىياز ھېكىمبەگ دېگىنى كەمەكتىن ھەييار ، تۈلكىدىن قۇۋ . ئۇلار ھەبىبۇللاخاننى يۇرت ياقىسىغا چىللىغانىكەن ، بۇنىڭدا جەزمەن بىر ئويۇن بار . پادىشاھنىڭ ساق قايتىپ كېلەلمەيدىغىنىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇپتۇ .
— نېمە ، شۇنداقمۇ بولارمۇ ؟
— شۇنداق بولىدۇ ، ئىت ئاغزىغا ئالغان لوقمىنى يۇتۇۋەتمەي قالمايدۇ .
— ئۇنداقتا پادىشاھتىن ، پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرىدىن ئۈمىدنى ئۈزىمىزمۇ ؟
— ھەبىبۇللاخاننىڭ كەتكەن يولى بارسا كەلمەس يولمۇ ، يا بارسا كېلەر يولمۇ ، ئۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك تەس . لېكىن ، پادىشاھقا بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا ئىشنىڭ تۈگىگىنى شۇ . پادىشاھ يوق يۇرت — باشسىز تەن ، پادىشاھى يوق لەشكەر — سەركىسىز ئۆچكە توپى . ئىش يامىنىغا تارتسا پۇقرامۇ ، لەشكەرمۇ يۇرتنى قوغداپ قېلىشقا قادىر ئەمەس .
— ئەمىسە قانداق قىلغۇلۇق ؟

كېپەك دەرۋىش ئايمۇھەممەتنىڭ سوئالىغا دەماللىققا جاۋاب بەرمىدى . كاللىسىنى تارشىدەك يېرىك ئالىقانلىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ، كۆزلىرىنى يۇمدى .

ئايمۇھەممەتنىڭ سوئالىنىڭ سالمىقى ئۇنىڭغا روشەن ئىدى . بۇ سوئال يۇرت تەقدىرىگە ۋە تۈمەن مىڭ پۇقرانىڭ ھايات ـ ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىگە بېرىپ تاقىلاتتى . ئايمۇھەممەتكە يول كۆرسەتكىنى پۇقراغا يول كۆرسەتكىنى ئىدى . ئەگەر قىلدىن قىيىق كەتسە مۆلچەرلىگۈسىز ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى .

بىراق، دەسلىپدە ئۇ خوتەننىمۇ ئۆز يۇرتىدەك كۆرۈپ، ئۇنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈشنى ئۆز يۇرتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈش دەپ چۈشەندى. شۇڭا، نى - نى مۇشەققەتلەرگە، خەتەرگە ئۆزىنى ئۇردى. ئاخىر ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىدىن خوتەن ئەھلىنىڭ تەمەنناسى ۋە غەپلەت ئۇيقۇسى غالىب كەلدى. غەپلەت بۆشۈكىدە تەۋرىنىۋاتقانلار ئۆزىنى ئويغىتالايدىغان ھەرقانداق ساداغا قۇلاق سالمىدى. ياخشى نىيەت بىلەن شەپە بەرگۈچىنى مالامەت ئوقىغا نىشان قىلدى. ئۇ ئاخىرىدا گۇلباغقا ياكى جامائە ئەزانخانىسىغا چىقىپ پۈتكۈل يۇرت ئاڭلىغۇدەك قىلىپ: «ئەي غاپىل خوتەنلىكلەر، ئويغىنىشنى خالىمىساڭلار سۈت ئۇيقۇدا ئۇخلاۋېرىڭلار، ئاخىر بىر كۈن ئويغىنىپ قالىسىلەر - دە، لەختە - لەختە قان ئىچىدە ياتقىنىڭلارنى كۆرىسىلەر» دەپ ۋارقىرىماقچىمۇ بولدى. بىراق، كۆپنى كۆرگەن، ئالەمنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئايلىنىپ چىققان بۇ دەرۋىش، سەبىي بوۋاققا ئەمچەك سالمەن دەپ ئۇنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرىدى. ئاغرىنىشقا توغرا كەلسە نادانلاردىن ئەمەس، بەلكى نادانلارنى نادانلىقتا قالدۇرغان تەقدىردىن ئاغرىنسا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئاخىر ئۇ روھىيەتچى نادانلارنىمۇ، غاپىللارنىمۇ ئۇنتۇدى... پەقەت خانىۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئەزىز تۇپراقنى ئۇنتۇمىدى، يۇرت بېشىغا كەلگەن ئاپەتنى ئۇنتۇمىدى. كونا ئۆلپىتىنىڭ دېرىكى ئۇنى يېڭىۋاشتىن روھلاندۇرۇۋەتتى.

— بالىلىرىم، قېنى دەپ بېقىڭلار، قوشنا يۇرتلاردا ئىشەنچلىك تونۇش - بىلىشلىرىڭلار بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ تەقەززا بولۇپ تۇرغان ئىككى يىگىتكە قاراپ.

— بار، يۇرت - يۇرتتا دادامنىڭ ئىشەنچلىك شاگىرتلىرى بار، بەزىسى تېخى يېقىندىلا مەن بىلەن كۆرۈشۈپ كەتكەن! — ئايمۇھەممەت ئالدى بىلەن جاۋاب بەردى.

— ئوبدان گەپ، ئوبدان گەپ، — دەرۋىش «ئوبدان گەپ» دېگەن سۆزنى ئالاھىدە سوزۇپ ئېيتتى، — چايخانىدىكى ھېلىقى

www.uyghurkitap.com

بوياقچى بالىدەك ئىشەنچلىك ئادەملىرىڭلاردىن بىرقانچىنى تېپىپ يۇرت ـ يۇرتلارغا ئەۋەتىڭلار ، ئۇلار بېرىپ قازانچىلارغا ئەھۋالنى ئېيتسۇن ، قازانچىلار پۇقراغا مەسلىھەت سالسۇن ، خوتەنلىكلەر ئۆز بېشىدا ياڭاق چاقماقچى بولغانلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئوبدان بىلسۇن .

كېپەك دەرۋىشنىڭ مەسلىھىتى ئاكا ـ ئىنى قازانچىلارغا تازا خوپ كەلدى . ئەمدى تىغ سۆڭەككە يەتكەندە تەۋەككۇل دەرياسىغا كىـرمـە سالـماقتىن ئۆزگە ئامال قالمىغانىدى . بىراق ، زاۋىدا دېۋەيلەپ تۇرغان ئاتامانلارنىڭ ئون مىڭ ئاتلىق ۋە بەش مىڭ پىيادە لەشكەردىن ئىبارەت ئۇستۇن ھەربىي كۈچ بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى بۇ ساددا دەرۋىشنىڭ خىيالىغىمۇ كېلىپ چىقمايتتى .

## يەتتىنچى باب

# يورۇڭقاشتا قان تاشقىنى

ھېسابسىز كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان قەھرلىك يانار تاغ بىردىنلا پارتلاپ كەتتى . كوچا ـ كوچىلارغا تولۇپ كەتكەن غەزەپلىك پۇقرا قىرغاقلارغا ئۆزىنى ئۇرۇپ ، چاۋار ـ چاتقاللارنى قويماي سۈرۈپ ئېقىۋاتقان تومۇز تاشقىنىغا ئايلاندى . ئۇلار كۆرگەنلىكى يات لەشكەرنىڭ ، يات لەشكەرلەرگە باش ئەگكەن ئازغۇن بەگلەرنىڭ بوغۇزىنى بوغۇپ تۇرۇپ ئۆز ئادەملىرىنىڭ دېرىكىنى قىلدى . پوكىنىغا دەسسەپ «چوڭلىرىمىز-نى تېپىپ بەر» دەپ قىستىدى . مىلتىقلىرىنى بەتلىشىپ ، قىلىچىنى يالىڭاچلىغان جاللاتلار توپىغا ئۆتكۈر شەمشەردەك بۆسۈپ كىرىپ ، تۇغ ـ ئەلەملىرىنى يەرگە ئۇردى ، دەسسەپ چەيلىدى ، قورال ـ ياراغلىرىنى تارتىۋالدى . شەھەرنىڭ جىمى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىنى ، سېپىل ئىچى ، ئوردا ھەرەمخانىلىرى ، سارايلارنى

چالا قويماي ئاختۇرۇپ ، يۇرت كاتتىلىرىنىڭ سىيماسىنى كۆرەلمىدى ـ دە ، ئۆزلىرىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قىلىشتى . كىشىلەر كوچىلاردا دەۋرەپ بار ئاۋازى بىلەن نەرە تارتىشاتتى . نومۇسقا چىدىماي تاملارغا ، تېرەكلەرگە ئۇسۇيتتى ، چاچ ـ ساقاللىرىنى يۇلۇشاتتى . كىمىندۇر چايناپ ـ چايناپ پۇركۇۋەتكۇسى ، قىيما ـ چىيما قىلىۋەتكۇسى كېلەتتى . ئۇلار پادىشاھىغا ئەمەس ، بەلكى يۇرت بېشى — ئۆزلىرىنىڭ تىمسالى ئۈچۈن ئاھ ئۇراتتى . خورلانغان ئانا ماكانى ، دەپسەندە قىلىنغان ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن يىغلايتتى . زېمىن مۇڭغا ، پۇقرا غەمگە پاتقاندى . پادىشاھقا قەست قىلغان ناكەسلەرگە ، كۆزلىرىگە قان تولغان ھىيلىگەر دۈشمەنگە لەنەت تاشلىرىنى ياغدۇراتتى .

«قانداقتۇر بىر پادىشاھ لاچىنئاتا مازىرى يېنىدىكى توپچا دېگەن يەرگە چۈشكۈن قىپتۇ . ھاجى پادىشاھنى تۇتۇۋالغىنى شۇ پادىشاھ ئىكەن» دېگەن بىر خەۋەر يېتىپ كەلگەن ھامان ئەل ـ يۇرتنىڭ غەزەپ پىلتىسىگە ئوت تۇتاشتى . مىڭ ـ مىڭلاپ ئادەملەر «ئاللاھۇئەكبەر» دېگەن تەكبىر ساداسى ئىچىدە ئۇلۇغ ئېقىمغا ئوخشاش توپچا تەرەپكە قاراپ ئاقتى .

بۇ ناماز پېشىن بىلەن نامازدىگەر ئارىلىقىدىكى چاغ ئىدى . پۇقرالار توپىنىڭ ئالدى دەل نامازدىگەر پەيتىدە توپچاغا يېتىپ باردى . ئۇلار جېنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ ، ئۇدۇل كەلگەن چېدىرغا ئېتىلدى ، ئۆلۈمگە پەرۋانىدەك ئۆزىنى ئۇردى . پومالاقلىشىش ، مۇشتلىشىش باشلىنىپ كەتتى . پۇقرالار بىلەن لەشكەرلەر قۇم بىلەن توپىدەك ئارىلىشىپ ، يەرلەر ئاختارما قىلىنغاندەك تىلغاندى . ئادەملەرنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭ چۆل قۇيۇنىدەك ئاسمانغا ئۆرلەپ ، ئۇپۇققا باش قويغان قۇياش يۈزىنى خىرەلەشتۈردى . «ئۇر ـ چاپ» ئاۋازى ، تەكبىر ساداسى ، ئاندا ـ ساندا ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازلىرى ، يارىدارلارنىڭ ئىڭراشلىرى بارغانسېرى ئەدىگىلى تۇردى . كىملەردۇر ئولجا ئالغان ياۋىداق

ئاتلارنى مىنىۋېلىپ ، ئۇياق ـ بۇياق چېپىشاتتى ، ياتلار پادىشاھنىڭ ۋە ھاجى پادىشاھنىڭ قايسى چېدىردا ئىكەنلىكىنى تىڭ تىڭلايتتى .


ياقۇپبەگ خوتەن شەھىرىگە ئاياغ باسقاندا جاھىل خوتەنلىكلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىققا دۇچ كېلىدىغىنىنى جەزملەشتۈرەلىگىنى ئۈچۈنلا نىياز ھېكىمبەگ بىلەن ھە ـ ھۇ دېيىشىپ ھەببۇللاخاننى ئوڭۇشلۇق تۈردە ئۇجۇقتۇرۇپ ، شۇنچە كۆپ قوشۇنىنى ھېچقانداق زىيانسىزلا خوتەن دەرۋازىسىغىچە ئەكېلەلىگەنىدى . بىراق ، بۇنىڭ ھەممىسى يىراقتا قالغان ئۆتمۈشكە ئايلىنىۋاتاتتى . خوتەن ئەھلى بۈگۈن باشقىچە قىياپەت بىلەن جەڭ ئېلان قىلىۋاتاتتى . نەچچە ئون مىڭ باشباشتاق ، قۇترىغان پۇقرانى باش ئەگدۈرۈش ئەمدى ھەرقانداق ئۇستا ھەييارنىڭمۇ قولىدىن كەلمەيتتى . ياقۇپبەگ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ئارسالدى بولۇپ تۇرغاندا ، ئەمىرلەشكەر خالمان پانسات ھودۇققان پېتى چېدىرغا كىرىپ كەلدى ـ دە ، مىڭغا يېقىن پىيادە لەشكەرنىڭ ئۆرۈپ ـ دەسسەپ چالا ئۆلۈك قىلىۋېتىلگەنلىكىنى ، نەچچە ئون چېدىرنىڭ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى ، پۇقرا توپىنىڭ يېشىل چېدىرغا بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقىنىنى مەلۇم قىلدى . دېمىسىمۇ ، باش ـ كۆزى يېرىلغان توپ ـ توپ لەشكەر ياقۇپبەگنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يىغىلىپ ، داد ـ پەرياد كۆتۈرۈشكە باشلىغانىدى .

ياقۇپبەگنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى ، كەمىرىگە ئېسىلغان قىلىچىنىڭ سېپىغا قول ئۇزارتتى ، ئېڭەك گۆشلىرى تارتىشىپ كەتتى . بۇ ئۇنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىدى .

ياقۇپبەگ ئوڭ قولىنى مۈرىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ ، بارماقلىرىنىڭ ئۈچىنى لىكىلدىتىپ كىمگىدۇر ئىشارەت قىلدى . ئۇنىڭ مەقسىتىنى بىر قاراشتىلا چۈشەنگەن نىياز ھېكىمبەگ خېلىدىن بېرى تەخلەپ قويغان قىزىل كىمخاب تونىنى ئۇنىڭغا يېپىنچاقلىتىپ ، يەڭلىرىنى سېپىشىغا ياردەمدە بولدى . قىزىل تونلۇق ياقۇپبەگ چېدىر ئالدىغا چىقتى . بۇ ئۇنىڭ چوڭ قەتلىئامغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





ئىجازەت بەرگىنى ئىدى، جىمى دادخاھ، پانساتلارغا ئاۋازسىز بۇيرۇق بولۇپ ھېسابلىناتتى.

جەڭ دۇمبىقى چېلىندى، دۇمباق ئاۋازى بىلەن تەڭ، قان خۇمارى قوزغالغان لەشكەرلەر قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ پۇقرالار توپىغا قاراپ ئاچ بۆرىدەك ئېتىلدى. ئۇچرىغانلىكى ئادەمنىڭ بېشىنى، قولىنى كۆتۈرگەنلەرنىڭ قولىنى ئۈزدى. مىلتىق ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىققان قارا ئىس سان - ساناقسىز يۇمىلاق ھالقىلارنى ھاسىل قىلىپ، توپچا ئاسماننى زۇلمەت تۈسىگە كىرگۈزدى.

قولى قىچىشىپ كەتكەن توپچىلار قوي پادىسىدەك يۆتكىلىپ يۈرگەن تىرىك نىشاننى ناھايىتى ئاسانلا قورۇلغا ئالدى - دە، گۈمبۈرلىتىپ ئوت ئاچتى. تەنسىز باشلار، باشسىز تەنلەر، تىتما - تىتما بولغان مۇسكۇل گۆشلىرى پارتلاش ئاۋازى بىلەن تەڭلا كۆك قەھرىگە كۆتۈرۈلدى.

ھېسابسىز كىشى ئات تۇياقلىرى ئاستىدا ئېچىنىشلىق ئىڭرايتتى، تاۋۇز كەسكەندەك يېرىلغان قورساقلاردىن سىرتىغا چىقىپ قالغان قانلىق ئۈچەيلەر ئاي ئايىغىدا خۇددى قىزىل ئارغامچىدەك سۆرىلىپ يۈرەتتى. يانجىلغان باشلارنىڭ مېڭە قېتىقى نەچچە مىڭ قاچا قېتىقنى تۆكۈۋەتكەندەك ھەممىلا يەردە يېيىلىپ ياتاتتى. پۇقرا قولىدىكى قىڭراق، پالتا، كەكە، كالتەك - توقماق دېگەنلەر بىرەھىم لەشكەرلەرنىڭ ئۆتكۈر قىلىچلىرى، پىستانلىق مىلتىقلىرى ئالدىدا ھېچنېمىگە دال بولالمايتتى.

قەتلىئام خېلى ئۇزۇنغىچە سوزۇلدى، پۇقرالار توپى ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى قوراللانغان قاسساپلارنىڭ شەپقەتسىزلەرچە قىستاپ كېلىشى بىلەن ئاستا - ئاستا شەھەر مەركىزىگە قاراپ چېكىنىشكە باشلىدى. چېكىنىۋېتىپ ئۇرۇشتى، سۈرۈلۈۋېتىپ ياقىلاشتى. بەزىلىرى بىرەر لەشكەرنى گېلىدىن ئامبۇردەك بوغقىنىچە ئۆزى بىلەن بىللە سۆرەپ ماڭدى. ئېپى

كەلسە كالتەكلىدى ، ئاتلىقلارنىڭ ئېتىنى ئۈركۈتۈپ ، ئادىمىنى يەرگە يىقىتتى ، ئۆلگۈرەلىسە ئەدىپىنى بەردى ، ئۆلگۈرەلمىسە بىرەر بارمىقىنى بولسىمۇ ئۈزۈپ تاشلىدى . نەچچە مىڭ ئەر توپچادىكى چېدىرلار ئارىسىدا جان ئۈزدى ، نەچچە مىڭ جەسەت توپچا بىلەن شەھەر ئارىسىدا قالدى…

ئەللىك نەچچە يىللىق ئۆمرىنىڭ نەچچە ئون يىلىنى قان بىخسىغان جەڭ مەيدانلىرىدا ئۆتكۈزگەن ياقۇپبەگ دۈشمىنىگە شىردەك ئېتىلىدىغان ، ئۆلۈمگە مەردلەرچە ئۆزىنى ئۇرىدىغان بۇنداق خەلقنى زادىلا ئۇچرىتىپ باقمىغانىدى . ئۇ دەشتى قىپچاق ئەتراپىدا مەرگەن قىرغىزلار ، قىلىچۋاز قازاقلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلغان . ئاقمەسچىتكە بېسىپ كەلگەن بەستلىك رۇسلار بىلەن تۇتۇشۇپ كۆرگەن ، قەشقەر چېرىكلىرى ۋە كۇچا خوجىلىرى بىلەنمۇ جەڭ قىلغان . بىراق ، خوتەنلىكلەردەك قارام ، قاپ يۈرەك ، قورقۇمسىز ئادەملەرگە ھەرگىز دۇچ كېلىپ باقمىغانىدى .

پۇقرالار ئاخىر شەھەر دەرۋازىسىغىچە سۈرۈپ تاشلاندى . ئۇلارنىڭ ئىشىنى خىللانغان بەش مىڭ ئاتلىق لەشكەرگە تاپشۇرغان ياقۇپبەگ ئۈچ يۈزگە يېقىن خاس مەھرىمىنىڭ مۇھاپىزىتىدە يېقىن ئەتراپتىكى چېدىرلارنى ئارىلاشقا باشلىدى . ئۇ تانابلىرى كېسىلىپ ، تۈۋرۈكلىرى سۇندۇرۇلغان چېدىر ئالدىدا ئەزرائىلنىڭ ئالىقىنىدا جان تالىشىۋاتقان بىر لەشكەرنى ئۇچرىتىپ قالدى . بارماقلىرى لاتىدەك چاينىۋېتىلگەن ، ئاياغ پەيلىرى گال تىغ بىلەن ئۈزۈۋېتىلگەن بۇ لەشكەر نىمشقىدۇر ياقۇپبەگنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى . ئۇ سوغۇق توپا ئۈستىدە قېتىپ قالغان قانغا قاراپ قويۇپ ، لەشكەردىن سورىدى :

— سەن نەلىك ، پانساتىڭ كىم ؟

— قوقانلىق ، قۇللىرى مىرزا باباجان ئابدۇللا پانساتنىڭ قول ئاستىدىكى مەھرەم ئىدىم ، ئۇلار مىنى تۇتۇۋېلىپ مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى .

— ھىم ، مەن قوقانلىق دېگىن...

ياقۇپبەگ يېشىل چېدىردىن ئانچە ئۇزاققا بارمايلا يەنە نۇرغۇن ئۆلۈكلەرنى ، ئەجەل دوقمۇشىدا تىركىشىۋاتقان ئون نەچچە يۈز يېشىنى ، ئېچىنىشلىق نالە قىلىۋاتقان ناكار ـ مېيىپلەرنى يولۇقتۇردى . ئۇنىڭ چىرايى قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتتى . ئاستىنقى كالپۇكىنى مەھكەم چىشلىدى . توساتتىن تۈنىنى شارت قىلىپلا سالدى ـ دە ، ئېگەرلەنگەن ئاتنى يېتىلەپ ، ئۆزىگە ئەگىشىپ يۈرگەن ياساۋۇلبېشىغا ئۇنى ئەمىرلەشكەر ئابدۇللا پانساتقا كىيدۈرۈپ قويۇشقا بۇيرۇدى . شەھەر دەرۋازىلىرىنى مەزمۇت تاقاپ ، بىرمۇ ئادەمنى قاچۇرۇۋەتمەسلىككە پەرمان چۈشۈردى .

ئەمەلىيەتتە ، ياقۇپبەگ يېڭى بىر قەتلىئامغا بۇيرۇق جاكارلىغانىدى . قان رەڭگىدىكى ئاشۇ قىزىل تون ياقۇپبەگنىڭ ياكى بىرەر ئەمىرلەشكەرنىڭ ئۇستىدىلا بولىدىكەن ، قەتلىئامنىڭ توختىتىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

بىپايان دەشت بىلەن تۇتاشقان ئۇپۇق كەچكى شەپەق شولىسىدا سۇس قىزارغان چاغدا ، خوتەن كوچىلىرىنىڭ ھەممىلا يېرىدە شەپەقتىنمۇ قىزىل ، سەلدىنمۇ ئۇلۇغ قان كەلكۈنى ئۆركەش ياساپ ئاقماقتا ئىدى . شەھەر دەرۋازىلىرى مەھكەم ئېتىلگەن ، توپچادىن چېكىنگەن ، كۆيۈۋاتقان ئۆيلىرىدىن قېچىپ چىققان كۇرمىڭلىغان ئاھالە شەھەر ئىچىدە چويلىدا سوزۇلگەن بىلىجانلاردەك قامىلىپ قالغانىدى . قان سارقىپ تۇرغان قىزىل تونلۇق ئابدۇللا پانسات بەئەينى ئەجەل ئەلچىسىگە ئوخشايتتى . ئۇ بارغانلا يەردە قازا قاتراپ ، نەچچە مىڭ كىشىنىڭ بېشى كېسىلەتتى .

بىر كېچە ئۆتتى . لەشكەرلەرنىڭ قولى تالدى ، قىلىچىنىڭ بىسى ياندى . نەيزىلىرىنىڭ ئۇچى گاللاشتى . ئۇلار قىلىچلىرىنى كۆتۈرۈشتىن ، يۈز ـ كۆزلىرىنى سۈرتۈشتىن ، مىلتىقلىرىغا ئوق ـ دورا قاچىلاشتىنمۇ زېرىكتى . لېكىن ، شەھەر سېپىلى ئىچىدە قوتانغا سولانغان قويدەك سولىنىپ قالغان نەچچە توپ ، نەچچە مىڭ

ئـادەم هېچ كـېچـىـكمەي ئۆلتۇرۇلۇشى لازىم ئىدى. توپىلاڭ يـىلتىزىنى قۇرۇتۇپ، خوتەنگىلا ئەمەس، پۈتكۈل يەتتىشەھەرگە هـەتـتا پۈتكۈل جاھانغا ئىبرەت قىلماقچى بولغان ئاتامانلار ئەنە شۇنداق ئويلايتتى.

ئـاخىر ئۇ بىر ئامال تاپتى. قوشۇننىڭ كەينىگە ئەگىشىپ كەلگەن يۈزلەپ ياقا يۇرتلۇق قاسساپلار ئۇنىڭ يادىدىن كەچتى. لـەشـكـەرلـىـرىمگە ئەگىشىپ گۆش ـ چارۋا تىجارىتى قىلىمەن دېگـەنـلـىـكى قـاسساپلار دەرھال رويخەتتىن ئۆتسۇن، كىمكى كـەلـمەيدىكەن ياكى پەرماندىن باش تارتىدىكەن، خوتەنلىك دەپ قارىلىپ تىغ سىياسەتتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، دېگەن پەرمان قاسساپلار ئارىسىدا جاكارلاندى.

جـاكاردىن كېيىن، ئەتىسى ئوردىغا يېقىن بىر پەردە ئۇزۇن ـ ئـۇزۇن خەندەكلەر كولاندى. ئۆلۈشتىن قورقۇپ، ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولغان قاسساپلار خەندەك ئەتراپىدا بىلەكلىرىنى شىمايلاپ سەپراس بولۇپ تۇرۇشتى. بىر لەشكەرگە بىردىن پۇقرانى ئەكېلىش بۇيرۇلدى، ئۇلار قىلقويرۇق قىلىنغان پۇقرالارنى خەندەك لېۋىگە ھەيدەپ كېلەتتى ـ دە، گەجگىسىدىن بېسىپ يەرگە ياتقۇزاتتى. قاسساپلار كۆزلىرىنى يۇمۇپ ياتقۇزۇلغانلارنى قوي بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاپ، قان تولغان خەندەككە ئىتتىرەتتى. بىراق، ھېچكىم يا لەشكەرلەرگە، يا قاسساپلارغا يالۋۇرمايتتى، بىر ئېغىزمۇ داد ـ پەرياد سالمايتتى.

خـەنـدەك ئـالـدىدا يەنە نەچچە مىڭ ئادەم ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. دەل شۇ چاغدا لەشكەرلەر ئارىسىدىن چىقىپ كەلگەن نىياز ھېكىمبەگ ياقۇپبەگنىڭ ئالدىدا تىزلاندى ـ دە، زەئىپ ئاۋاز بىلەن:

— قـوشـبېگى جانابلىرى، قىساس قىلىچلىرىمىز پۈخادىن چـىـقـتـى. بۇ تىرىكتاپ قاسساپلارمۇ ھالىدىن كەتتى. كەمىنە قـۇلـلـىـرى تـۆۋەنـچـىـلـىـك بـىـلەن ئۆتۈنىمەنكى، قەتلىئامنى

ئاخىرلاشتۇرىدىغان پۇرسەت كەلدى . قالغان مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچسىلە . ئۇلار ئىتائەتمەنلىك بىلەن پۇقرادارچىلىقىنى قىلسا ، — دېدى .

ياقۇپبەگ نىياز ھېكىمبەگكە تىكىلىپ تۇرۇپ بىرپەس خىيال سۈردى ـ دە :

— قىزىل تون ئەمدى سېلىپ تاشلانسۇن ، — دېدى ھەممە كۆرسۇن دېگەندەك ئات ئۈستىدە گەدىيىپ تۇرغان ئابدۇللا پانساتقا قاراپ .

تەلىيى ئوڭدىن كەلگەن بىرقانچە مىڭ پۇقرا ئومۇمىي ئەپۇ بويىچە قەتلىئامدىن ئامان قالدى . ھايات قالغانلار نومۇس ئوتىدا ئۆرتەنسە ئۆرتەندىكى ، ئۆز تەلىيىدىن خۇشال بولۇپ كەتمىدى . قان تولغان خەندەككە ، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىنىڭ باش ۋە تەنلىرىگە ئاخىرقى قېتىم قاراپ سۈكۈتكە چۆمدى . بىر تامچىمۇ ياش تۆكمىدى . ئۇلارچە بولغاندا ، بۇ دۇنيادا ھايات قېلىپ قۇل بولۇپ ياشىغۇچە ، ئەل سۆيەر يۇرتداشلىرى بىلەن بىر گۆردە ياتقىنى ئەۋزەل ئىدى .

## سەككىزىنچى باب

# ھازىدار شەھەر

شەھەر ئاسمىنىدا ئۆيۈپ قالغان سۇر بۇلۇتلار ئارىسىدا توپ ـ توپ قاغا ـ قۇزغۇنلار ئەگىپ يۈرەتتى ، ئەگىگەنسېرى پەسلەيتتى . توپىچا بىلەن شەھەر ئارىسىدىكى كەڭ ئوچۇقچىلىقتا سوزۇلۇپ ياتقان سانسىز جەسەتلەر ، كۆلچەك بولۇپ ئۇيۇپ قالغان قانلارنىڭ ھىدى ئۇلارنى يىراق باياۋانلاردىن چىللاپ كەلگەنىدى . قۇزغۇنلارغا قوشۇلۇپ كەلگەن بىر يىگانە لاچىن كۆك قەھرىدە ئەزەلدىن ئەركىن

پەرۋاز قىلىپ كەلگەن بىرنەچچە كەپتەرنى رەھىمسىزلەرچە قوغلاپ يۈرەتتى. ئۈچۈم بولغاندىن بېرى ئۆزىگە تەۋە بىر پارچە ئاسمانغا بىرەر يات قۇشقاچنىمۇ يېقىن يولاتمايدىغان بۇ كەپتەرلەر بۈگۈن جۈغى ئۆزىدىن كۆپ كىچىك بولغان بىر كەلگۈندى جانىۋار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىۋاتاتتى.

يەردە ئېغىر سۈكۈنات ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. بۇ سۈكۈنات دەھشەتلىك بوران ياكى شىددەتلىك يەر تەۋرەشتىن كېيىنكى جىمجىتلىققا ئوخشايتتى. جانلىقلارمۇ جىم ئىدى، جانسىزلارمۇ جىم ئىدى. تاشتىن پۈتكەن يۈرەكنىمۇ مومدەك ئېرىتىۋېتىدىغان بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرە ئادەمنىڭمۇ، تەبىئەتنىڭمۇ تىلىنى توڭلىتىپ قويغانىدى. ھەممە نەرسە ئىچىدە يىغلايتتى. ئۆلۈم قورقۇنچىدىن ئەمەس، مەردلەرچە ئۆلگەنلەر ئۈچۈن يىغلايتتى، پۇقرانىڭ قەلبى زەرداب بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى.

دەرۋەقە، خوتەنلىكلەرنىڭ قەلبىدە ساقايماس جاراھەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ قانلىق ۋەقە قورقۇنچلۇق چۈشتەكلا يۈز بەردى. زامان ـ زامانلاردىن بۇيان ئەزىز تۇپرىقىنى جېنىدىن ئەتىۋار بىلىپ كەلگەن بۇ كىشىلەر بىلىپ ۋە بىلمەي ئۆلۈم يولىنى تاللىۋېلىشتى. بىلمىدى دېگەندىمۇ ئۇلار ئۆز يۇرتىنى تونۇمايدىغان ئاڭقاۋلاردىن ئەمەس ئىدى. ئەقەللىيسى، ئەجرىدىن ئارتۇقراق نېمەت بېرىۋاتقان زېمىنىنى تونۇيتتى. ئۆزلىرىنى يەلكىسىگە مىندۈرۈپ يۈرۈپ چوڭ قىلغان ئانا تۇپراقنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇلار ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قەبرىسى ياتقان، مۇھەببەتلىك باغرىدا ئەركىلەت-كەن ۋەتىنىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن كېپىنىنى بىللە ئېلىپ، «يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم» دەپ مەيدانغا چۈشتى.

بىراق، مۇھەببەت ۋە نومۇس ئۈچۈن تۆلەنگەن بەدەل ئاخىر بىكارغا كەتتى. تۆكۈلگەن قان، كېسىلگەن باش، يىقىلغان تەن ھەددى ـ ھېسابسىز بولدى. يىرتقۇچ ھايۋاندىن ئىنساپ، ئادالەت كۈتۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى رەھىمسىز پاكىت ئارقىلىق

www.uyghurkitap.com

ئىسپاتلاندى. ئۇلار مەڭدەپ قالدى، كۆرۈۋاتقىنىنىڭ قاباھەتلىك چۈش ياكى رېئاللىق ئىكەنلىكىنى بىرمەھەل ئايرىۋالالمىدى.

سۈكۈتلۈك بىر كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار كۆرگىنىنىڭ چۈش ئەمەس، بەلكى قىيامەتكىچە ئەستىن كۆتۈرۈلمەيدىغان، قىرىق مىڭ ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان قانلىق قىرغىن ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەندىلا ئاندىن ئۈننى قويۇۋېتىپ يىغلاشقا، ھازا ئېچىشقا باشلىدى.

بۇ قەتلىئامدا تالاپەتكە ئۇچرىغان شېھىتلەرنىڭ كۆپچىلىكى كەتمەن بىلەن ئېتىزدىن باشقىنى ئۇقمايدىغان، لېكىن يەر قەدرىنى بىلىدىغان كۆك نامرات دېھقانلار ئىدى. ئەل بېشىغا نېمە بالا كەلگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي ئۆيىدىن چىقىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن شەھەرلىكلەرنىڭ يېرىمى بولسا مۇئەللەق ئۆلۈمدىن ئامان قالغانىدى.

ئەمدى ئۇلار نېمە قىلىشنى ئوبدان بىلىۋالدى. قارىلىق تۇتقان پېتى كوچىلارغا چىقىپ، ئۆلگەنلەرنىڭ تۇغقانلىرىغا خەۋەر بېرىشتى. ئىگىسىز جەسەتلەرنى يۇيۇپ ـ تاراپ يەرلىكىدە قويدى. يارىلانغانلارنىڭ يارىسىنى تاڭدى. يوقالغانلارنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلدى، تاشچىلار مەھەللىسىدىكى كونا قۇدۇقتىن ھەبىبۇللاخان جەمەتى ۋە يەتمىشكە يېقىن ئوردا بەگلىرىنىڭ جەسىتىنى سۈزۈۋېلىشتى.

قەتلىئامنىڭ ئۈچىنچى كۈنى يۇرت جامائىتى يۈز نەچچە مېيىتنى جۈمە نامىزىغا ئۈلگۈرتۈپ چوڭ مەسچىتكە ئەكەلدى. رەت ـ رەت تۇرۇپ كەتكەن جىنازا ۋە ئاق كىگىزگە ئورالغان جەسەتلەر ئارىسىدا قازانچى يارمۇھەممەتنىڭ جىنازىسىمۇ بار ئىدى. قىلىچ تەگكەن سول بىلىكىنى پوتىسى بىلەن بويىنىغا ئېسىۋالغان ئايمۇھەممەت ئىنىسىنىڭ جىنازىسىنى قۇچاقلاپ يۇم ـ يۇم يىغلايتتى. ئۇ پەقەت ئاھ ئۇرالايتتى، ئاھ ئۇرغان بىلەن ئاۋازى چىقمايتتى، يىغلىيالايتتى، يىغلىغان بىلەن كۆز يېشى قۇرۇپ

كەتكەندى . يۇرتداشلىرىغا ۋە ئائىلىسىگە كەلگەن بۇ چوڭ بەختسىزلىك ئۇنىڭ يۈرىكىنى داغمال ياققاندەك ئېچىشتۇراتتى .

يارمۇھەممەت ھېلىقى كۈنى ئاكىسى ۋە كېپەك دەرۋىش بىلەن خوشلىشىپ ئۆدۈل قاراقاشقا قاراپ چاپتى - دە، يۇرت بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتتىن قاراقاشلىقلارنى يىغلاپ تۇرۇپ خەۋەرلەندۈردى . نەچچە مىڭ ئاتلىقنىڭ خوتەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكىنىگە قاراپ بىرەر قانلىق ۋەقەنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن قاراقاشلىقلار ئاللىقاچان ھەرىكەتكە كەلگەنىدى . يارمۇھەممەت چوماق كۆتۈرگەن نەچچە توپ ئالامانىنى باشلاپ، چاقماق تېزلىكىدە خوتەن شەھىرىگە ئۇلاشتى . توپچاغا يېتىپ كېلىپلا باش - كۆزى يوق پومىلاقلاشما جەڭگە كىرىپ كەتتى .

بۇ يىل ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا تولغان يارمۇھەممەت مەھەللە مەكتىپىدە ئاران تۆت يىللا ئوقۇيالىغىنىغا قارىماي خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلەتتى . كەلگەن - كەچكەنلەردىن بىرنېمىلەرنى سوراپ بىلىۋېلىشقا ئامراق ئىدى . ئادەتتە بېشىنى ئېگىز تىكىپ يۈرگىنى بىلەن مۇرەككەپ، چىگىش مەسىلىلەر ئۈستىدە توغرا ۋە تېز يەكۈن چىقىرالايتتى . ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغان، باسقان ئىزىدىن يانمايدىغان جاھىل مىجەزى قاۋۇل ئۇستىغا بەكمۇ ياقاتتى . شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، دادىسى ئۇنىڭغا كۆڭلىنى يېقىن تۇتاتتى . ئۆيدە ئۆزى بولماي قالغاندا ئائىلىۋى ئىشلارنى چوڭ ئوغلىغا ئەمەس، بەلكى يارمۇھەممەتكە تاپشۇراتتى، بىر ئۆي دېگەندە قانچىلىك چوڭ ئىمتىياز بولسۇن؟ ئۆي ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۇ يەنىلا ئاكىسىنىڭ سىزىقىدىن چىقمايتتى . بىكار بولسىلا دۇكانغا چىقىپ يا كۈيەك باساتتى، يا كۆمۈر تاسقايتتى . ئىشقىلىپ ئاكىسىنىڭ قولىنى سوۋۇتۇشنىلا ئويلايتتى . ئۇچەيلەن ئويۇن - چاقچاق قىلىشقاندا بولسا يارمۇھەممەت ئاكىسى تەرەپتە تۇرۇپ، سىڭلىسى گۈلئايىمنىڭ چىشىغا تېگەتتى . تېرىككەك سەبىي قىز قولىغا سۈپۈرگە ئېلىۋېلىپ ئاكىسىنى قوغلاپ ۋايجېنىنى

چىقىرىۋېتەتتى. ھەتتا ئەركىلەپ، ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋېلىپ ئۇنى ئۆيگە كىرگۈزمەيتتى. بۇنداق چاغلاردا ئايمۇھەممەت ئارىغا كىرىپ سالا قىلاتتى ـ دە، ئىنىسىنىڭ «گۇناھ» ىنى تىلىۋالاتتى.

— ئاكا، قارىسام بەكمۇ جاپا تارتىپ كېتىۋاتىسەن، — دېگەنىدى يارمۇھەممەت بىر كۈنى ئاكىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ، — دادام كەتكەندىن بېرى ئۆينىڭ جىمى يۈكى سېنىڭ زىممەڭگە چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ، مۇنداق بولسۇن، دادام قايتىپ كەلگۈچە مەن ئوقۇشقا بارماي تۇراي، دۇكان ئىشىغا ياردەملىشىپ قولۇڭنى ئازچە ـ مۇنچە سۇۋۇتسام ئەجەب ئەمەس، سىڭلىمىز چوپچوڭ بولۇپ قالغاندا كۆمۈر كۈيىسىگە مىلىنىپ يۈرمىسۇن.

ئايمۇھەممەت ئىنىسىغا ئەقىل كىرگەنلىكىنى تونجى قېتىم ھېس قىلدى. لېكىن، ئۇ ئىنىسىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلمىدى. پەقەت موللامدىن ساۋاق ئالمايدىغان چاغلاردىلا قول ـ قانات بولۇشقا ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن گۈلئايىممۇ دۇكانغا ئانچە چىقمايدىغان بولدى. پەقەت ئوچاق بېشىدا كەرىمقۇلنىڭ يېقىملىق چاقچاقلىرى ئاڭلانغاندىلا ئاندىن دۇكانغا چىقىپ ئۇنى ـ بۇنى قىلىشىپ بېرىپ يۈردى...

ناماز چۈشۈرۈلدى، ئىمام يىغىسىنى توختىتىۋېلىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. كىشىلەر ئۇرۇق ـ تۇغقان، تونۇش ـ بىلىشلىرىنىڭ مېيىتى ئالدىدا دەمدەردەك بۇقۇلدايتتى، ئىششىغان، قىزارغان كۆزلەردىن ئىسسىق ياشلىرى سىرغىپ چۈشەتتى. ئۆپكىدەپ تۇرۇپ دۇرۇت ئوقۇيتتى، ئاھ ئۇرغاندا ئېتىلىپ چىققان ئوتلۇق دەملىرى لەۋلىرىنى، ئالىقانلىرىنى كۆيدۈرەتتى. يېرىم ئاي شەكلىدە ئېگىلگەن بارماقلىرى كۆز شامىلىغا دۇچ كەلگەن يوپۇرماقتەك تىترەيتتى. خۇداغا نالە قىلىپ، شېھىتلەر ئۈچۈن جەننەت تىلەيتتى. ۋولقانلىق يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان ئىمان نۇرى بىلەن قىساس قىلىچىنى تاۋلايتتى.

مەسچىت جامائىتى جىنازىلارنى بېشىدا كۆتۈرۈپ

گۆرىستانلىقتا ئېلىپ ماڭغاندا پۈتكۈل شەھەرنى يىغا ـ زار قاپلىدى . دولقۇندەك مەۋج ئۇرۇپ كېلىۋاتقان ئادەملەر ئېقىمى ئارىسىدا يارمۇھەممەتنىڭ جىنازىسى زەخمىلەنگەن ئاق قۇدەك لەرزان ئۈزۈپ باراتتى . جىنازىنى ئايمۇھەممەت ، كەرىمقۇل ، كېپەك دەرۋىش ۋە يەنە بىر قوشنىسى كۆتۈرگەنىدى .

يارمۇھەممەتنىڭ ئۆلۈمگە ئەڭ قاتتىق قايغۇرغان كىشى يەنىلا كېپەك دەرۋىش بولدى . قەتلىئام داۋامىدا لەشكەرلەر تەرىپىدىن قىلىچ ئەمەس ، بىر تېپىككىمۇ ئەرزىمەيدۇ دەپ جازادىن ساقىت قىلىنغان بۇ بوۋاي ئۇر ـ چاپ بېسىققاندىن كېيىنلا ئايمۇھەممەت-لەرنىڭكىگە كەلگەنىدى . ئۇ خەندەك لېۋىدىن قويۇپ بېرىلگەن ئايمۇھەممەتنى كۆرۈپ ، يۈرىكى ئىزىغا چۈشتى ـ دە ، يارمۇھەممەتنىڭ گېپىنى قىلدى . گۈلئايىم يىغلاپ تۇرۇپ ئاكىسىنىڭ خەۋىرىنى ئاللىمايۋاتقانلىقىنى ئېيتىۋىدى ، ئۇ ئۈۋىسىدىن ئۇچقان قېرى بۈركۈتتەك تالاغا قاراپ ئېتىلدى ، كەينىدىن ئايمۇھەممەتمۇ يۈگۈردى .

ئايمۇھەممەت بىلەن كېپەك دەرۋىش يارمۇھەممەتنى ئىزدەشكە كىرىشتى ، ئۇچرىغانلىكى ئادەمدىن سورىدى ، كوچىلاردا ، كونا تاملىقلاردا ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە ساينىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتكەن جەسەتلەر ئارىسىنى بىرمۇبىر ئاختۇرۇپ چىقتى .

ئۇلار كەچكە يېقىن قاراقاشلىقلار ئەڭ بۇرۇن جەڭگە كىرگەن تۇپىچاغا كەلدى ـ دە ، جەسەتلەرنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ يۈرۈپ ئىزدىگەن ئادىمىنى ئاخىر تېپىۋالدى . يارمۇھەممەت تۈنۈگۈنكى قۇچاقلاشما جەڭدە بىر لەشكەرنىڭ گېلىنى ئامبۇردەك سىققان پېتى قېتىپ قالغانىدى . تۇيۇقسىز تۇرغاندا سانجىلغان بولسا كېرەك ، دۈمبىسىگە يېرىمى پاتقان قىلىچ سېپى سوغۇق شامالدا تىترەپ تۇراتتى .

ئايمۇھەممەت ئىنىسىنىڭ جەسىتى ئۈستىگە تاشلاندى . ئۇنىڭ لەشكەرنىڭ بوغۇزىغا بىگىزدەك پېتىپ كەتكەن بارماقلىرىنى

تەسلىكتە ئاجراتتى ـ دە ، يول بويى هازا ئېچىپ جەسەتنى ئۆيگە ئەكېلىشتى . ئامراق ئاكىسىنى بۇ هالدا كۆرگەن گۈلئايىم كەينىگە تىرىكىدە ئۈچۈپ چۈشتى . پېشانىسىگە سوغۇق ئۆتكۈزۈلگەندىلا ئاندىن هوشىغا كېلىپ ، قوشاق قېتىپ يىغلاشقا باشلىدى . هايات ۋە ئۆلۈم ئارىسىدا قېقىلىپ يۈرۈپ يۈرىكى قېتىپ كەتكەن كېيەك دەرۋىشمۇ گۈلئايىمنى يۆلەۋېتىپ ، ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى .

ماتەم تىغى بىلەن باغرى تىلغانغان بۇ بوۋاي يارمۇھەممەتنىڭ ، شۇنچە كۆپ بىگۇناھ خوتەنلىكنىڭ قىرىلىپ كېتىشىدە ئۆزىنىمۇ ئەيىبلىك هېسابلايتتى . ئەھلى يۇرتقا بۇ باقىي قىيامەتتىن ئالدىن خەۋەر بېرەلمىگەنلىكىگە ھەسرەت چېكەتتى . يەنە كېلىپ ئۇ ئۆزىنى دىنىي ئىسلام هامىيلىرى دەپ مەيدىسىگە مۇشتلايدىغان كاللا كېسەرلەرنىڭ بىگۇناھ پۇقراغا مۇشۇنچىۋالا قاتتىق قوللۇق قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ ئۈلگۈرمىگەن ، يۇرت ـ يۇرتلارغا ئادەم ئەۋەتىشتە جامائەتنىڭ كۈچى بىلەن ياتلارنى ئىنساپقا كەلتۈرۈشنى كۆزلىگەندى .

ئۇ يارمۇھەممەتنىڭ مېيىتىنى كۆز يېشى بىلەن يۇدى ، ئۆز قولى بىلەن كېپەنگە ئالدى . جىنازىنىڭ بىر پۇتىنى كۆتۈرۈپ مەسچىتكە ئەكەلدى...

شەھەرنىڭ تاغ تەرىپىدىكى قەدىمكى زاراتگاھلىق جىنازا بىلەن توشۇپ كەتكەن ، جامائەتمۇ ئادەتتىكىدىن كۆپ ئىدى ، يېتىملىك كوچىسىغا تاشلىۋېتىلگەن سولغۇن چىراي باللارنىڭ ، يۈرەك پارىسىدىن ئايرىلغان بىچارە ئانىلارنىڭ ئېچىنىشلىق مۇڭ ـ زارى سوزۇپ ئوقۇلۇۋاتقان قىرائەت ئاۋازىغا قوشۇلۇپ يۈرەكلەرنى ئېزەتتى . چىرايدىن نۇر ، دىلىدىن شادلىق يوقالغان ئەركەكلەر قولمۇقول بولۇپ يەرلىك كولاشماقتا ئىدى . ئىككى يۈز مو ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كەڭرەك كېلىدىغان بۇ زاراتگاھلىقتا مىڭلاپ قەبرە قەد كۆتۈرۈۋاتاتتى .

ئىگىسىزلەر ئىگىسىز قالمىدى ، يىغلايدىغان ئادىمى يوقلار يىغىسىز قالمىدى . نەچچە ئون قارىينىڭ مۇڭلۇق قىرائىتى ،

دۇئاگۇيلارنىڭ چىن يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان تىلاۋىتى ، ماتەمدارلارنىڭ پەريادلىق هازىسى ئەل ـ يۇرت يولىدا شاهادەتلىككە يەتكەنلەرنىڭ روهىنى يالغۇز قويمىدى . بۇ روھ يۈرەكتىن قەبرىگە ، قەبرىدىن يەنە يۈرەككە كۆچتى . كۆچكەندىمۇ يۈرەكنىڭ قات ـ قېتىغا قانلىق مۆھۈر بولۇپ بېسىلىپ ، مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان قىساس تامغىسىغا ئايلاندى .

## توققۇزىنچى باب

# قىساس ئوتى ئۆچمەيدۇ

جىنايەتكە دالالەت قىلغۇچى قانلىق قىزىل تون سېلىپ تاشلاندى . دوزاخ ئوتىدەك رەڭلەنگەن قانلىق قىلىچلار ئاخىر قىنىغا چۈشتى . بىراق ، ئاسارەت يامغۇرى بىلەن ئۆچۈرۈلگەن گۈلخانلار ، گۈلخان ئورنىدىن ، قوقاس ئارىسىدىن ئاستا ـ ئاستا يالقۇنجاشقا باشلىدى . قايسىدۇر بىر مەھەللىگە بۇلاڭ ـ تالاڭغا بارغان لەشكەرلەر تۇيۇقسىز بوغۇزلىنىپتى ۋە ئوردا دەرۋازىسىدىن يىراق بولمىغان تېرەكلەرگە ئېسىپ قويۇلاتتى . شەھەر كوچىسىدا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان مىرشەپلەر جىن ئەپقاچقاندەك غايىب بولۇپ كېتەتتى . قورallىق مىراخورلار بېقىۋاتقان نەسىللىك پەرغانە ئاتلىرىنىڭ بىر كېچىدىلا پىيى قىرقىلىپ ، يارىماس تاپقا ئايلاندۇرۇلاتتى…

بۇ هال ئەمدىلا ئۇھ دېگەن ئاتامانلارنىڭ خام خىيالىنى تامامەن يوققا چىقاردى . ئۇلار سىياسەت قىلىچىنى قايتا قولىغا ئېلىپ ، قەددى ئېگىلمىگەنلەرنىڭ قەددىگە ، تىز پۈكمىگەنلەرنىڭ تىزىغا ئۇردى . ئايغاقچىلىق ، چېقىمچىلىق تورلىرىنى كەڭ يېيىپ ئادەمنىڭ كەينىگە ئادەم سالدى ، يۇرت ـ يۇرتلارغا دار قاداپ ، جازا تەدبىرلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلدىيۇ ، ئىسيان ئۇچقۇنلىرىنى زادى

ئۆچۈرەلمىدى. بىراق، بۇنداق ھالەت ئالدىدا ئاتامانلار قىزىل تونىنى قايتا كىيسۇنمۇ؟ ئامان قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ، خوتەننى ئادەمسىز خارابىگە ئايلاندۇرسۇنمۇ؟ ئۇنداقتا تېرىلغۇنى كىم تېرىپ، باغۋارانلارنى كىم پەرۋىش قىلىدۇ؟ بازار سەينالىرىنى كىم قىزىتىپ، كىم ئۇلارغا باج تاپشۇرىدۇ؟ چارۋىلىرىنى كىم بېقىپ، ئالتۇنلىرىنى كىم قازىدۇ؟ ئەتلەس ـ گىلەملەرنى كىم توقۇيدۇ؟ ئادەمزاتسىز شەھەردە ئۇ كىمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ؟ ئاچچىق ھەقىقەت ياقۇپبەگكە شۇنى ئۇقتۇردىكى، خوتەن پۇقرالىرى روھەن ئەل بولۇشتىن تېخى تولىمۇ يىراقتا ئىدى.

ئاقمەسچىتتىكى قانلىق ساۋاقنى ئېسىدە ساقلاۋاتقان ۋە كۇچا، قەشقەر جەڭلىرىدە يۇرەكئالدى بولۇپ كەتكەن بۇ ئاتامان قەشقەر، يەكەنلەردىنمۇ خەۋپسىرەپ تۇراتتى. ئاستانە كەبى ئۇ چوڭ يۇرتلارنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان دادخاھ، پانساتلاردىن بىر دەقىقىمۇ خاتىرجەم بولالمايتتى. بىرەر دادخاھنىڭ نىيىتى بۇزۇلدىمۇ، ئۇ ئۆمۈر بويى ئارماندا قالاتتى.

نەچچە مىڭ لەشكەرلىك كۇچا خوجىلىرىنىڭ مارالبېشىنىڭ ئۇ تەرىپىدە دېۋەيلەپ تۇرۇشىمۇ ئۇنىڭغا چوڭ بىر تەھدىت ئىدى. مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە ياقۇپبەگ ئۇلارنى يەكەندىن، مارالبېشىدىن ئىككى قېتىم ھەيدىۋەتتى. كېيىن ئۇلار يۇرىكىنى قاپتەك قىلىپ تا خانئېرىققىچە قىستاپ كەلدى. خانئېرىقتىكى كەسكىن ئېلىشىش گەرچە ئۇنىڭغا پايدىلىق بولغان بولسىمۇ، لېكىن يۇرىكىدە دەز، پۇتىدا ئوق ئىزىنى قالدۇردى.

ياقۇپبەگنىڭ شېرىن خىيالىنىڭ يەنە بىر ئۇچى ئاقسۇ، كۇچا، ئۇچتۇرپان، ھەتتا ئۇرۇمچى، تۇرپان قاتارلىق جايلارغىمۇ تۇتىشاتتى. بۇنىڭدىنمۇ يىراق يەرلەرنى بويسۇندۇرۇش ئارزۇسى ئۇنى تېخىمۇ كۆپ دۇنيا ۋە تېخىمۇ كۆپ بايلىق بىلەن ئۆزىگە تارتاتتى. بۇ ئارزۇسىغا يارىشا، تۇنۇگۇن كەچقۇرۇن قولىغا تەگكەن بىر پارچە خەت ئۇنىڭ كۆڭۈل زارىقىشلىرىنى بىردىنلا كۇچەيتىۋەتتى.

كۇچادىن يولىلانغان بۇ مەخپىي خەتتە : ئابدۇراخمان دادخاھ ، ئابدۇللا دىۋانبېگى ۋە توختى ئىشىكئاغا[1] دېگەن خوجا مۇخلىسلىرى كۇچالىق خوجىلار ئارىسىدا باش كۆتۈرگەن ئىناقسىزلىقتىن مەلۇمات بېرىپ ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش ، ئاقسۇ ، كۇچاغا ئات سېلىش تەكلىپىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغانىدى . تەبىئىيكى ، بۇ ياقۇپبەگ ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت ۋە قىممەتلىك تەكلىپ ئىدى ، ئەگەر خوتەن بىلەنلا بەند بولۇپ كېتىدىكەن ، بۇ پۇرسەت ئۇنىڭغا ساقلاپ تۇرمايتتى . پۇرسەتنى چىڭ تۇتمايدىكەن ، شىمال يولىنى توسۇپ ياتقان خان خوجىنى يوق قىلىش ئۈچۈن چوڭ بەدەل تۆلىشى كېرەك ئىدى . بۇنىڭ ئۈچۈن ، زېھنىنى خورىتىپ ، پۇت ــ قولىنى چۇشەپ تۇرغان بۇ يۇرتنى تەدبىرلىك ، ئىتائەتمەن بىر ئادىمىگە سۇيۇرغال قىلىپ قەشقەر شەھىرىگە قايتىپ بېرىشى ، ھازىرلىقنى پۇختىلاپ ، ئاقسۇ تەرەپكە لەشكەر تارتىشى زۆرۈر ئىدى .

ئۇ مامۇقتەك يۇمشاق ئەتلەس كۆرپىدە يانپاشلاپ يېتىپ ، بۇ نازۇك ، زىل مەسىلە ئۈستىدە بىر كېچە ـ كۈندۈز خىيال سۈردى . خاس مەھرىمى ھوشۇربەگدىن ئۆزگە ، ھۇجرىغا ھېچكىمنى كىرگۈزمىدى .

«خوتەننى كىمگە تاپشۇرۇش كېرەك ؟ ئېزىزبەگ جاللاتقىمۇ ، خالمان پانساتقىمۇ ، ياكى… » .

ئۇ ئالدى بىلەن ، ۋەلىخان تۆرە قەتلىئامدا قەشقەر كوچىلىرىدا قانخورلۇق قىلىپ ئادەم بېشىدىن مۇنار ياسىغان ، كاللا كېسەرلىك ھۈنىرى ئۈچۈن «جاللات» لەقىمىنى ئالغان ئېزىزبەگنى كۆز

---

① ئىشىكئاغا — ئەمەل نامى . ئۇ «ئىشىككە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى» دېگەن مەنىدە بولۇپ ، ئەسلىدە شەھەر ـ بازار كوچىلىرىنى چارلايدىغان قوراللىق جېسەكچى بەگلەر «ئىشىكئاغىسى» دەپ ئاتالغان . 1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى بۇنداق بەگلەرگە تۆتىنچى دەرىجىلىكتىن ئالتىنچى دەرىجىلىككىچە بولغان مەنسەپ مەرتىۋىسىنى بېكىتكەن ۋە ھوقۇق دائىرىسىنى كېڭەيتكەن . ئەمەلىيەتتە ھاكىمبەگنىڭ مۇئاۋىنى ياكى خان ئامبالنىڭ مۇئاۋىنى دەرىجىسى بىلەن ئىش يۈرگۈزگەن . بۇ ئەمەل گۇاڭشۈينىڭ 13 ـ يىلى (1887 ـ يىلى ) ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان .

ئالدىغا كەلتۈردىيۇ ، لېكىن كەسكىن باش چايقىدى . ھالبۇكى ، قەتلىئام ئاياغلاشقان بۇ كۈنلەردە جەھلى قاتتىق خوتەنلىكلەرگە قورال كۈچى بىلەن ئەمەس ، مۇھىمى پەم ـ پاراسەت بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، سەل بۇرۇن ئۆزى بىلەن بۇزرۇكخان ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلگەندە بۇزرۇكخان تەرەپتە تۇرۇپ ئەمىرلىك ، ھاكىملىق دەۋاسى قىلغانمۇ دەل ئېزىزبەگ جاللاتنىڭ ئۆزى ئىدى . بۇنداق ئادەمگە ئىشىنىش ، ئالتە شەھەرلىك بىر يۇرتنى ئىنئام قىلىش — ئاپەت تۈگمىنىگە سۇ قۇيۇش بىلەن باراۋەر ئىدى .

ياقۇپبەگ يەنە ئۆز يۇرتدىشى خالمان پانساتنىمۇ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى . بىراق ، ئۇ سىپاھگەرلىكتە مەشھۇر ، لەشكەر ئىشىدا قاتتىق قول بولغىنى بىلەن تەدبىرى كەم ، قورسىقى تار ، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان ئادەم بولۇپ ، ھاكىمبەگ بولۇشقا دېگەندەك مۇۋاپىق كەلمەيتتى .

ياقۇپبەگنىڭ خىيال كەپتىرى ئۆزگە تونۇش بولغانلىكى پەرغانىلىق ، قەشقەرىيىلىكلەرنىڭ بېشىدىن نەچچە مەرتە ئەگىپ ئۆتتى ـ دە ، ئاخىرىدا يەكەنلىك كونا ئىشىكئاغا نىياز ھېكىمبەگنىڭ بېشىغا قوندى .

«دۇرۇس ، كۈچى ھېيلىسىدىن زىيادە ، جاھىل ۋە ساددا خوتەنلىكلەرگە پەقەت نىياز ھېكىمبەگلا تېتىيالايدۇ» دەپ ئويلىدى ياقۇپبەگ ، ئۇنىڭ ھەبىبۇللاخاننى قىلتاققا دەسسەتكەن چاغدىكى كۆرسەتكەن ئەقلىنى ھېسابقا ئېلىپ . ھېلىمۇ يادىدا ، بىر قېتىم يەكەن شەھىرىگە ئۆزىدىن بۇرۇن قول سالغان كۇچالىق ئىسھاق خوجىدىن سوققا يەپ چېدىر ـ بارگاھلىرىنى ، قورال ـ ياراغلىرىنى تاشلاپ قەشقەرگە قاراپ قاچقاندا ، نىياز ھېكىمبەگ ئۇنىڭغا يېتىشىۋالغان ۋە كۆڭلىگە يارىشا تەسەللى بېرىپ ، ئىسھاق خوجىدىن ئۆچ ئېلىشنىڭ پايدىلىق يوللىرىنى كۆرسەتكەنىدى . ياقۇپبەگ ئەسلىدە بۇ تەدبىرلىك كىشىنى قەشقەرگە بىللە ئەكەتمەكچىمۇ بولغان ، لېكىن بۇنى سېزىپ قالغان نىياز ھېكىمبەگ

ئېتىنى سۇغارغان بولۇۋېلىپ يەكەنگە قايتىپ كەتكەنىدى . كېيىنكى قېتىم ، ئىسهاق خوجا بىلەن خۇپىيانە تىل بىرىكتۈرگەن ئىسيانچى خۇيزۇلار شەھەر غەربىگە چۇشكۇن قىلغان ياقۇپبەگكە تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلماقچى بولغاندا ، نىياز هېكىمبەگ ئۇنىڭغا مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ : «ئىسهاق خوجا بىلەن تۇڭگانلار ئىتتىپاق تۈزدى ، ئۇلار بۈگۈن تۈن نىسپىدە سەككىز مىڭ چېرىك بىلەن لەشكەرلىرىگە تېگىش قىلماقچى ، دەررۇ ئامالىنى قىلغايلا» دەپ خەۋەر يەتكۈزگەنىدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ چېدىر - بارگاھلىرىغا چىراغ يېقىپ قويۇپ ، لەشكەرلىرىنى تۆت ئەتراپقا مۆكۈندۈرگەن ، خۇيزۇ - خوجا چېرىكلىرى باستۇرۇپ كىرگەندە ياقۇپبەگ ئۇلارغا تۇشمۇتۇشتىن ئوت ئېچىپ ، هالاكەتتىن قۇتۇلۇپلا قالماي ، يەكەندىن ئىبارەت بۇ مۇهىم شەھەرنىمۇ ئاسانلا قولغا كەلتۈرگەنىدى .

ياقۇپبەگ نىياز هېكىمبەگنىڭ مانجۇلار يەكەندە يۇرت سورىغان چاغلاردا خان ئامبالغا[①] نائىب بولۇپ تۆتىنچى جەرىكلىك ئىشىكئاغىلىق مەنسىپىنى تۇتقانلىقىنى ، يەكەندە تۇرۇشلۇق مەنچىڭ قوشۇنى تەركىبىدىكى خۇيزۇ چېرىكلەر ئۈستۈنلۈك قازانغان چاغدا خان ئامبالغا خىيانەت قىلىپ ئۇلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى . خۇيزۇلار ئىسياندىن كېيىن يەكەن شەهىرىدە ئىككى هاكىمىيەت تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندا ، ئۇنىڭ يەنە خۇيزۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ ئابدۇراخمان هەزرەتكە نائىب بولغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى . جامالىدىن خوجا ئابدۇراخمان هەزرەت ۋە

① خان ئامبال — چىڭ سۇلالىسىدە ئەمەل نامى . شۇ چاغلاردا ناهىيە ۋە ۋىلايەت دەرىجىلىك مەمۇرىي رايونلاردا قويۇلىدىغان «ئىش بېجىرگۈچى ئامبال» ، «مەسلىهەت ئامبىلى» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى خەلق تىلىدا «خان ئامبال» دەپ ئاتالغان . چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى يەكەن ، قەشقەر ، كۇچا ، قاراشەھەر ، تۇرپان ، خوتەنلەردە «خان ئامبال» — ئەمەلىيەتتە ئىش بېجىرگۈچى ئامبال قويۇلغان . بۇنداق خان ئامباللار ھەربىي - مەمۇرىي هوقۇقنى قولىدا تۇتقان بولۇپ ، قەشقەر مەسلىهەتچى ئامبىلىغا قارىغان . تۇرپان ، قۇمۇل خان ئامباللىرى ئۈرۈمچى ۋالىيسىغا ئىتائەت قىلغان . بۇ ئەمەللەر 1884 - يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن بىكار قىلىنغان .

خۇيزۇلارنىڭ قولىدىن يەكەننى تارتىۋالغاندا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ يېڭى ھاكىم سىدىق خوجا ئەلەمگە تېۋىنغانلىقىمۇ ئۇنىڭغا سىر ئەمەس ئىدى. ئۆزى قەشقەر تەرەپتە باش كۆتۈرۈشكىلا يەكەن پەتھىسىگە ئەقىل كۆرسىتىپ، سىدىق خوجىغا پۇت ئاتقىنى تېخى تونۇگۈنكىدەك يادىدا تۇراتتى.

ياقۇپبەگ نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئاجىز تەرەپتىن پېشىنى قىسىپ، كۈچلۈك تەرەپكە ئۆزىنى ئاتىدىغان تەبىئىتىنى يامان ئەخلاق دەپمۇ قارىمايتتى. ئۇنىڭچە، جان ساقلاشنى خالايدىغان ھەرقانداق ئادەم ئۆزى خالىغان ۋاستىنى تاللىۋېلىشقا تامامەن ھەقلىق ئىدى. ھاكىمىيەت قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇرغان داۋالغۇش پەيتلىرىدە كىمنىڭ غالىب كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەش ۋە مۆلچەر بويىچە يول تۇتۇش ئەقىللىق، دانا كىشىلەرنىڭ ئىشى ھېسابلىناتتى.

ھوقۇق ھارۋىسىغا ئولتۇرغان كۆپ يىللاردىن بېرى، ياقۇپبەگنىڭ ئۆزىمۇ دەل مۇشۇ يولدىن مېڭىپ كەلدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قوقان① خانى خۇدايارخاننىڭ ھىممىتىگە ئېرىشىپ، ئۇنىڭ كەتمىنىنى چاپتى. خۇدايارخاندىن ئامەت كېتىۋىدى، ئۇنىڭ رەقىبى مەللىخاننىڭ پېشىنى تۇتۇپ خوجەنتنىڭ ھاكىملىقىغا ئىگە بولدى. خۇدايارخان ئىككىنچى قېتىم تەختتە ئولتۇرغاندا، نىقابىنى ئالماشتۇرۇپ ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم باش ئۇردى. ھۇمايۇن قۇشى كىمنىڭ بېشىغا قونسا شۇنىڭ سايىسىدە ھازىر بولدى. نى - نى خەتەرلىك قايناملاردىن، پالاكەت دوقمۇشلىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، جېنىنى ئامان ساقلاپ قالالىغىنى ئۇچۇنلا

---

① قوقان ـ شەھەر، قەبىلە، خانلىق نامى. مىلادىيە 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆزبېكلەر پەرغانە ئويمانلىقىدا قوقان خانلىقىنى قۇرغان. بۇ خانلىقنىڭ شەرقىي شەرقىي بۆيرۇقلار (بۇگۈنكى قىرغىزلار) بىلەن، غەربى بۇخارا بىلەن چېگرىلانغان. ئەندىجان، مەرغىلان، نەمەنگان، قوقان، تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەر بۇ خانلىققا قارىغان. قوقان پايتەخت بولغان. مىلادىيە 1865 ـ يىلى ئىچكى يېغىلىقتىن پايدىلانغان چارروسىيە بۇ خانلىقنىڭ شىمال قىسمىنى بېسىۋالغان. 1876 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇنى تامامەن غۇلىتىپ تاشلاپ، پەرغانە گوبېرنىسىنى قۇرغان.

بۇگۈنكىدەك كاتتا مەنسەپكە ئىگە بولدى . ئۆزى ماڭغان يولدىن ئەمدى باشقىلار ماڭسا نېمە بوپتۇ ؟ نىياز ھېكىمبەگ ماڭسا يەنە نېمە بوپتۇ ؟

ئەتىياز كېلىپ قار ـ مۇزلار ئېرىشكە باشلىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ياقۇپبەگ چوڭ كېڭەش ئۆتكۈزدى . قەتلىئامدا قاراملارچە سەپ يېرىپ ، ساراڭلارچە قان تۆككەن دادخاھ ، پانسات ، يۈز بېشى ، ئونبېشىلارنى[1] تون ـ سەرپاي ، تەڭگە ـ تىللا بىلەن تارتۇقلىدى . نىياز ھېكىمبەگنى خوتەن ئالتە شەھەرگە ھاكىمبەگ[2] قىلىپ ، قىرىق كۈنلۈك مۇساپە ئىچىدىكى كەڭ زېمىننى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى . خالمان پانساتنى ئەمىرلەشكەرلىككە ، مولاجى تۇراپنى قازى لەشكەرلىككە تەيىن قىلدى .

مىلادىيە 1867 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قوشبېگى ياقۇپبەگ ۋە كېسەلمەن بۇزرۇكخان ھەبىبۇللاخان خەزىنىسىدىن قولغا چۈشۈرگەن نەچچە مىڭ قورال ـ جابدۇق ، چويۇن ۋە مىستىن قۇيۇلغان ئونلاپ توپ ، ئون مىڭ قىزىل تىللا ، قىرىق چارەك كۈمۈش ، ئون ئالتە تاغار كېپەك ئالتۇننى نەچچە يۈز تۆگىگە ئارتىپ قەشقەر يولىغا قاراپ راۋان بولدى . قايتىش سەپىرىدە مۇھەممەت يۇنۇسجان شاغاۋۇلنى يەكەنگە ، ئاملىخان تۆرىنى يېڭىسارغا ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلەپ يىگىرمە نەچچە كۈندىن كېيىن قەشقەر شەھىرىگە يېتىپ باردى .

---

① دادخاھ ، پانسات ، يۈزبېشى ، ئونبېشى (دەھبېشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) — بۇلار ياقۇپبەگ قوشۇنىدىكى ھەربىي مەنسەپ نامى .

② ھاكىمبەگ — ئەمەل نامى . جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئەڭ چوڭ مەنسەپ . مىلادىيە 1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ، ھاكىمبەگلىك تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ ، ۋارىسلىق قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرغان . ھاكىمبەگلەرگە جەرىكە مەرتىۋىسىنى تەتبىقلىغان . ھاكىمبەگكە ئەڭ يۇقىرى بولغاندا ئۈچىنچى جەرىكىلىك مەرتىۋىسىنى ، تۆۋەن بولغاندا يەتتىنچى جەرىكىلىك مەرتىۋىسىنى بەرگەن . سۇلالە ئۈچۈن ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن ھاكىمبەگلەرنىلا ئىككىنچى جەرىكىلىككە ، ھەتتا بىرىنچى جەرىكىلىككە كۆتۈرگەن . مائاش ئورنىدا ئاز ـ تولا تېرىلغۇ يەر ، يانچى بەلگىلەپ بېرىلگەن . چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1877 ـ يىلى بۇ ئەمەلنى بىكار قىلغۇچە ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئوتتۇز بىر شەھىرىدە مەزكۇر ئەمەل تەسىس قىلىنغان .

# ئىككىنچى قىسىم

## قان تولغان كۆزلەر

نىسسۇسىز بېلىقچى دەجلە دەرياسىدىمۇ بېلىق تۇتالمايدۇ، ئەجىلى يەتمىگەن بېلىق قۇرۇقلۇقتىمۇ ئۆلۈپ قالمايدۇ.

— شەيخ سەئدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

www.uyghurkitap.com

## ئونىنچى باب

# ھەر كاللىدا بىر خىيال

ياقۇپبەگنىڭ ئاخىرقى جاكارى ۋە ئۇنىڭ تۇيۇقسىز كېتىپ قېلىشى نىياز ھېكىمبەگنى خېلىلا ئېسەنگىرىتىپ قويدى . ئۇ ھاكىمبەگلىك مەنسىپىگە ئولتۇرغىنىغا ئانچە خۇشال بولۇپمۇ كەتمىدى . دۇرۇس ، ئاشۇ تەنتەنىلىك جاكاردىن كېيىن ئۇ ياقۇپبەگكە يەرنى سۆيگۈدەك بولۇپ تەزىم قىلدى ، يېنىش ـ يېنىشلاپ ھەشقاللا ئېيتتى ، ھاكىم كەبى چوڭ ئەمەلگە دالالەت قىلغىنىغا ئەڭ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تەشەككۇر بىلدۈردى . بىراق ، بۇ خۇشامەتلەر پەقەت قائىدە يۈزىسىدىنلا قىلىنىۋاتقانلىقى ئاللادىن ئۆزگە ، بىر ئۆزىگىلا ئايان ئىدى .

نىياز ھېكىمبەگ بۈگۈن ئەتىگەندىلا دىۋانغا چىقتى . بەگ ـ توقسابالارنىڭ[1] تەبرىكىنى قوبۇل قىلىپ مۇناسىپ ئىشلارغا بۇيرۇۋەتكەندىن كېيىن يەنە ئىچكىرىكى دىۋانغا قايتىپ كىرىپ ، تەخلەپ قويۇلغان كۆرپە ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى . بېشىغا ئانچە چۈكمەيدىغان كىچىك سەللىسىنى مۆلازىمغا تۇتقۇزدى . ئۇچى ئۇششۇپ قالغاندەك قىزىرىپ ، ياغ تەپچىپ تۇرىدىغان چىمەلتەك بارماقچىلىك بۇرنىنى يېنىك سىلاپ قويدى ـ دە ، ئېڭىكىنى يۆلىگەن پېتى خىيالغا كەتتى .

نىياز ھېكىمبەگ ئەزەلدىن قارىسىغا ئىش قىلىپ باقمىدى . نەپ تېگىش ئېھتىمالى بولغان مەقسەتنى كۆڭلىگە پۈككەن ھامان

① بەگ ، توقسابا — ئۆز ۋاقتىدىكى مەنسەپ نامى . رايونلارغا ، بەزى كىچىك ناھىيىلەرگە بەگ قويۇلاتتى . كەنتلەرگە ، كىچىكرەك رايونلارغا توقسابا قويۇلاتتى .

مەقسەت ۋىسالىغا ئېلىپ بارىدىغان يولنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن ۋە خەتەرلىك بولۇشىغا قارىماي شاپاشلاپ مېڭىۋەردى . ياقۇپبەگ ئۇچۇن ئاز كەتمەن چاپمىدى ، خوجىلارنىڭ مەخپىيىتىنى يەتكۈزدى ، يەكەننىمۇ ، خوتەننىمۇ ئېلىشىپ بەردى . بۇ چاغدا ئۇ كۆڭلىگە زادى قانداق مەقسەتنى پۈككەندى ؟

ياق ، ئۇنىڭ يەنىمۇ چوڭراق ، يەنىمۇ ئالىيراق مەقسەتلىرى بار ئىدى . پەقەت شۇ مەقسەت ئۈچۈنلا ئۇ چۈجىخۇمار سار ئاسماننىڭ قەرىدە تۇرۇۋېلىپ ئۆز ئولجىسىنى كۆزەتكەندەك ، كۇچا خوجىلىرىغا ھە - ھۇ دەپ يۈرۈپ جەڭگى - جېدەل سەھنىسىدە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ياقۇپبەگنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتى . ئۇنى يەتتە شەھەردە ، ھەتتا تېخىمۇ كەڭرەك رايوندا ھەرىكەت قىلىۋاتقان غوللۇق كۇچلەر ئارىسىغا قويۇپ ئېھتىيات بىلەن دەڭسەپ كۆردى . ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى ئورنىغا كۆز يەتكۈزەلىگەندىن كېيىنلا ئاندىن قەشقەرگە قاراپ تەبەسسۇم قىلدى .

يەكەن ئەل قىلىنغاندىن كېيىن نىياز ھېكىمبەگ ياقۇپبەگ بىلەن كېچە - كۇندۇز دېگۈدەك بىللە بولدى . ئۇنىڭ ئادىتى ، خۇي - پەيلى ، ياخشى - يامان تەرەپلىرىنى يېقىندىن تۇرۇپ كۆزەتتى ، كەمچىلىك ۋە ئاجىزلىقىنى ئىزدىدى . ياقۇپبەگنىڭ ئۆزى تا بۈگۈنگىچە ئۇچراتقان ، ئەسرا بولۇشقان ئادەملەر ئىچىدە ئەقىل - ئىدراك ، ھىيلە - تەدبىر بابىدا ئۆزىدىن كەم تۇرمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى .

خوتەن سەپىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۇ ياقۇپبەگكە خېلى كۆپ چارە - تەدبىر كۆرسەتتى . ئۇنىڭدا «ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلايدىكەن ، چوڭچىلىق قىلىدىكەن» دەيدىغان يامان تۇيغۇ پەيدا قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، گەپ ئەگىتىپ مەقسەتنى ئۇقتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللاندى . خۇسۇسىي سۆھبەتتە ئاپتاپپەرەستەك ئېچىلىپ ، جامائەت ئالدىدا ئاز گەپ قىلدى . پانسات ، بەگلەرنىڭ ھەسەت قىلىشىدىن ، نىزا تېرىشىدىن ئەنسىرەپ ، كۆپنىڭ كۆزىگە چېلىقىدىغان سورۇنلاردىن ئامال بار ئۆزىنى چەتكە ئالدى .

بۇلارنىڭ ھەممىسى نېمە ئۈچۈن ئىدى؟ ياقۇپبەگدىنمۇ تەپ تارتمىغان، چاتاقنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان مۇشۇ پاراكەندە يۇرتتا دەككە - دۈككە ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈنمىدى؟

گەپنىڭ راستىنى قىلغاندا، نىياز ھېكىمبەگنىڭ ياقۇپبەگ بىلەن بىللە كېتىش ئويى بار ئىدى. ئۇچۇق ئېيتىشتىن ھەزەر ئەيلىگەن بىلەن ئوردىغا، ئوردىدىكى ئىگىسىز ۋەزىرلىك ئورنىغا خېلىدىن بېرى باش تاراپ يۈرەتتى. مۇشۇ بوشلۇقتا ئولتۇرالىسىلا ئۇ خوتەنلا ئەمەس، قەشقەر - يەكەنگىچە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق يۇرتلارغىچە قول سوزالايتتى، خالىغاننى ھاكىم قىلىپ، خالىمىغاننى قول قىلالايتتى.

ئويلا - ئويلا، نىياز ھېكىمبەگ قوشبېگىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە قايىل بولماي تۇرالمىدى. چۈنكى، ئۇ ئىنتايىن نازۇك ۋە ئەپچىل چارىنى ئويلاپ تېپىپ، ئۆزىنى يانار تاغ ئاغزىدىكى ھاكىمبەگلىك تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، كۆزىنى تېخىمۇ چوڭ ئىشلارغا تىككەنىدى.

نىياز ھېكىمبەگ جۈمە نامىزىغا ئەزان چىققانلىقىنى ئاڭلىغاندىلا ئاندىن خىيال قايىنىمىدىن ئۈزۈپ چىقتى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، سەللە - تونىنى كىيىشكە باشلىدى.

مەيلى پەرمان بىلەن بولسۇن ياكى ئىختىيارەن بولسۇن، ھاكىمبەگ بولغانىكەن، سالاھىيىتىنى بىلدۈرۈشكە، نامازخانلىق يولى بىلەن تەقۋادارلىقىنى نامايىش قىلىپ، ئەل رايىنى ئوۋلاشقا توغرا كېلەتتى، مۇقەددەس مەسچىت ۋە مىڭلىغان نامازخان مەقسەت يولىدىكى ئەڭ ياخشى مەيدان بولالايتتى.

چوڭ مەسچىت ھاكىم ئوردىسىغا ئانچە يىراق بولمىسىمۇ، لېكىن نىياز ھېكىمبەگ مەسچىتكە ئاتلىق ئەمەس، تەختىراۋان بىلەن بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردى. ئۇنى كۈتۈلمىگەن زەربىدىن ئېھتىيات قىلدى دېگەندىن كۆرە، تەختىراۋاندا ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن شۇنداق قىلدى، دېگەن تۈزۈكرەك ئىدى.

نىياز ھېكىمبەگ مانجۇلار زامانىسىدا سەككىز ئادەم

كۆتۈرىدىغان تەختىراۋاننى كابۇل نۇسخىلىق تۇرار جايىدىنمۇ چوڭ بىلەتتى . بۇنداق ئىپسىل تەختىراۋاندا ئولتۇرۇش مىڭ مەنسەپدارنىڭ بىرىگە نېسىپ بولمايدىغان كاتتا بىر ئامەت ئىدى . ئۇ ھەر قېتىم بۇنداق چوڭ تەختىراۋاندا گىدەيگىنىچە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان خان ئامبالنى كۆرگىنىدە تاۋۇز ئۇرۇقىدەك كىچىك كۆزلىرى سېمىز گۆشىنىڭ شورپىسىدەك پارقىراپ كېتەتتى . بەزەن كېچىلىرى تاشقىرىغا چىقىپ ، ئادەتتە دىۋان ھويلىسىلا تۇرىدىغان بۇ تەختىراۋاننى سىلاپ ـ سىيپاپ قانغۇچە مەززە قىلىۋالاتتى . ئۇ خان ئامبال ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق مەنسەپدارلار ئولتۇرىدىغان ھەشەمەتلىك تەختىراۋاندا بىردەملا ئولتۇرۇۋالسا ، ئەرشى مۇئەللەقتە پەرۋاز قىلغاندەك ، ئۇلۇغ سۇلالىنىڭ خان قەسرىگە زىياپەتكە كېتىۋاتقاندەك ھاياجانلىناتتى . بىراق ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ تۆتىنچى جەرىكىلىك[1] ئىشىكئاغا بولغاچقىمۇ ، قائىدە بويىچە بۇنداق ياسىداق تەختىراۋاندا ئولتۇرالمايتتى . تەختىراۋاندا ئولتۇرۇپ چۇش كۆرسىمۇ ، ئۇچ كۇنگىچە روھى ئۇرغۇپ ، يۈرەكلىرى ئويناپ ، كۆڭلى باشقىچە يايراپ كېتەتتى . شۇڭا ، ئۇ ھاكىمبەگ بولغان كۇنىنىڭ ئەتىسىلا دۇنيادەپىنە ، ئوردا مەنقۇلاتلىرى بىلەن ھېسابلىنىشىپ ئولتۇرمايلا ياساۋۇل ـ مەھرەملىرىنى بۇيرۇپ ھەببۇللاخانىدىن قالغان گۇللۇك تەختىراۋاننى تاپتۇرۇپ كەلگەن ۋە ئۇنى سۇرتۇپ ، سىر بېرىپ تەخمۇتەخ قىلىپ قويغانىدى . ھەببۇللاخانغا بۇرۇنقى خان ئامبالدىن قالغان بۇ تەختىراۋان يەكەندىكى چاغلىرىدا سىلاپ راھەتلىنىدىغان ھېلىقى جەلپكار

---

① جەرىكە — مىڭ ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى مەنسەپ دەرىجىسى . جەرىكە تۇزۇمى مىڭ ، چىڭ دەۋرىدىن ئىلگىرىكى سۇلالىلەرنىڭ جەرىكە تۇزۇمىنى ئاددىيلاشتۇرۇش ، ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يولغا قويۇلغان . ئەڭ چوڭى بىرىنچى جەرىكىدىن ، كىچىكى توققۇزىنچى جەرىكىگىچە بولغان . ھەربىر جەرىكە يەنە رەسمىي جەرىكە ۋە نارەسمىي جەرىكە دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن . شۇنىڭ بىلەن توققۇز جەرىكە ئون سەككىز دەرىجىگە بۆلۈنگەن . ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى ھەممە ئەمەلدارلارغا تۆھپىسىگە ئاساسەن جەرىكە بېرىلىپ ، زۆرۈر تېپىلغاندا جەرىكىسى ئۆستۈرۈلگەن ، زۆرۈر تېپىلغاندا چۈشۈرۈلگەن . جەرىكە دەرىجىسىگە قاراپ مائاش تەمىناتى بېكىتىلگەن .

تەختىراۋانغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتەتتى...

نىياز ھېكىمبەگ مەسچىتكە باردى. بىراق، ئۇ بۇ نامازدىن كۆڭلى غەش ھالدا قايتتى. مۇسۇلمان ئادىتى بويىچە پەرھىزكار نامازخانلار بىر - بىرى بىلەن قىزغىن سالاملىشىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، مەسچىتكە كىرىشتە بولسۇن ياكى چىقىشتا بولسۇن، ئېلىشىپ قالغان ئىككى تىجمەلدىن ئۆزگە، ئۇنىڭغا ھېچكىم سالام بەرمىدى. ھەتتا ئۆز قولى بىلەن دەستەك تۇتقۇزغان كىچىككىرەك مەھەللە بەگلىرىمۇ، تانابچى① مىرغەزەپلەرمۇ②، جامائەتنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورققان بولسا كېرەك، بېشىنى تىقىۋېلىپ تۇزۇكرەك چىراي كۆرسەتمىدى. مەسچىت ئىمامى خۇددى ئېغىزىدىن گۇپۇلدەپ ھاراق پۇرىقى كېلىۋاتقان پاسىقنى كۆرگەندەك، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇردى. خاتىپ خۇتبىدە يا بۇزرۇكخانىنىڭ، يا ياقۇپبەگنىڭ نامىنى زىكرى قىلمىدى. ئەڭ ئېغىر كەلگىنى شۇ بولدىكى، بىرمۇنچە ئۇششاق باللار تەختىراۋان كەينىگە كىرىۋېلىپ، ساراڭنى تېرىكتۇرگەندەك توپا چاچتى، ئۇشقىرتتى، باش - ئايىغىنى ئاڭقىرىپ بولمايدىغان قوشاقلارنى توۋلىشىپ، مازاق قىلىشتى. نىياز ھېكىمبەگ كەينىدىن تاپ بېسىپ كەلگەن يىگىرمە نەچچە مەھرەمگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بۇ قۇلاق كەستىلەرنىڭ قۇلىقىنى يۇلۇپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويسىمۇ بولاتتى، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن باش - كۆزىگە قونۇۋېلىپ ئارام بەرمەيۋاتقان بىر روچىۋىننى ئۇركۇتىۋەتكەنچىلىكلا بىر ئىش ئىدى. بىراق، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى، كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىمىغان بولۇۋېلىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ھېچبولمىغاندا ئۇ ۋاقتىنچە ئۆزىنى تۇتۇۋالمىسا بولمايتتى. ئەگەر يېڭىنىكلىك بىلەن ئىش كۆرۈپ، تېرە تۆپىسىدە پۇل قىلىمەن دېسە، قاراپ تۇرۇپ تامغا ئۇسۇپ، ئۆز بېشىنى ئۆزى يېرىۋالاتتى. پىغانى

① تانابچى — تاناب بېجى، يەنى كۆكتات ئېتىزلىرى، كېۋەزلىك ۋە باغلاردىن باج ئالىدىغان باجگىر.

② مىرغەزەپ — ئامانلىق ساقلىغۇچى، كوچا چارلىغۇچى.

تېشىپ ، دەرد ـ ئەلەمى ئىچىگە پاتماي تۇرغان پۇقرانىڭ ئەمدىلا قاقاچ باغلاپ كەلگەن جاراھىتى يېڭىۋاشتىن شەلۋەرەپ بىھۇدە ئىش تېرىلاتتى .

شۇڭا ، ئۇ ياقۇپبەگنى قەشقەرگە ئۇزىتىۋەتكەندىن كېيىن ، ئەسلىدىكى قائىدە ـ تەرتىپلەرنى ئۆز يولى بىلەن يۇرگۈزگەچ ، يۇرت ئەھۋالىنى ، ئەل رايىنى ھۆكۈم تارازىسىغا سېلىپ ئۆلچەپ باقتى . باقما ئاتىسى ، يەكەن چېرىكچى ئامبىلى دۇڭ دارېننىڭ ئۆزىگە بەرگەن تەلىملىرىنى ئەسكە ئالدى ، زامانىسىدا ئۆتكەن شاھىنشاھلارنىڭ ، يۇرت كاتتىلىرىنىڭ يۇرت سوراش رىسالىلىرىنى ، نەسەبنامىلىرىنى ، ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرىنى قۇرمۇقۇر ئاختۇرۇپ ، مۇلاھىزە يۇرگۈزدى . نەتىجە شۇ بولدىكى ، «كۆزنى ئويغاننىڭ كۆزىنى ئوي» دېگەن ئەقىدىگە ئىخلاس قىلىدىغان خوتەنلىكلەرنى ئەل قىلىشتا ئەمدى قاتتىق قوللۇق قىلىشقا ، ئاشكارا تىغ كۆتۈرۈپ ، زىيادە قان تۆكۈشكە بولمايتتى . تىغمۇ تىغ قارشىلىشىشتىن سامان تېگىدە سۇ ئېقىتىشقا ئۆتۈش ، يولۋاسنى ساغرىسىدىن سىلاپ ئىشلىتىش ، ئادەتتىكى ئىشلاردا ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىش كېرەك ئىدى . خوتەن قەتلىئامىغا قاتناشقان لەشكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى قەشقەرگە قايتۇرۇپ كېتىلگەن ، يەرلىك لەشكەرنىڭ يۇرىكى قاتمىغان ، چىشلىرىنى بىلەپ تۇرغان پۇقرادىن لەشكەر تۇتۇش ئىشى سۇغا چىلىشىپ تۇرۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا شۇنداق قىلمىسىمۇ بولمايتتى . ياقۇپبەگ يەكەندىن لەشكەر يۆتكەپ بېرىش ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن ئاندىن چاتاقتىن قورقۇشنىڭ ھاجىتى قالمايتتى . قەتلىئام كۇنى بىر بۆلەك پۇقرانى ياقۇپبەگنىڭ قىلىچى ئاستىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىمۇ ئۇنىڭ «كۆز بوياش ھىيلىسى» گە تاشلىغان تۇنجى قەدىمى ئىدى .

ئۇ يول بويى قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان قەلەندەر ـ ھاجەتمەنلەرگە پۇل ـ پۇچەك تاشلاپ ماڭدى . ئوردىغا كېلىپلا ياقۇپبەگ ئۇچۇن ھەر جۇمە نامىزىدىن كېيىن ئەۋەتىلىدىغان توققۇز

يامبۇ بىلەن ئۈچ يۈز تەڭگىنى تەخ قىلىپ قويۇپ تۆمۈر خەزىنىچىبەگنى[1] چاقىرتتى .

ئادەتتە نىياز ھېكىمبەگ ئازنىلىق سوۋغا ـ سالامنى ئۆزدا سالامئاغىسى ياكى ئادەتتىكى ئالاقچىلەر ئارقىلىقلا ماڭدۇراتتى . لېكىن ، بۇ قېتىم ئۇ ئالاھىدە شەخس تۆمۈر خەزىنىچىبەگنى تاللىۋالغانىدى .

ياقۇپبەگ كەتكەندىن كېيىن نىياز ھېكىمبەگ تەرىپىدىن قازى رەئىسلىككە تەيىنلەنگەن تۆمۈر خەزىنىچىبەگ خوتەننىڭ مانجۇ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ھاكىمبېگى — ئەلىشىربەگنىڭ ئوغلى بولۇپ ، ئەسلىدە ئۇ سۇلالە چېرىكلىرى بىلەن ئاقسۇنىڭ جام دېگەن يېرىدە تۇراتتى . راشىدىن خوجىنىڭ ئىنىسى جامالىدىن خوجا ئاقسۇنى ئالماق بولۇپ جامغا يېتىپ كەلدى ـ دە ، ئۇ يەرنى ساقلاۋاتقان چېرىكلەر ئۇستىگە شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كەلدى . چېرىكلەر بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي تولىسى قىرىلىپ كەتتى . قاچقانلىرى قاچتى . قاچقانلار ئارىسىدا باي خەزىنىچىبېگى تۆمۈرمۇ بار ئىدى . ئۇ شۇ قاچقانچە خوتەن دەرياسىنى بويلاپ خوتەنگە كېلىۋالدى . راشىدىن خوجىنىڭ ئىسلام ئاچقانلىق خەۋىرىنى ھەبىبۇللاخانغا يەتكۈزۈپ ، ئۇنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە ھە ـ ھۇ دېيىشكەن ، شۇ سەۋەبلىك بۇ يېڭى پادىشاھنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىپ ، خېلى چوڭ مەنسەپدار بولۇپ قالغانىدى .

ئەسلىدە ئۇ ھەبىبۇللاخاننىڭ يېقىن ئادىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ياقۇپبەگنىڭ قىلىچىدىن ئەلۋەتتە ئامان قالمايتتى . لېكىن ، ئۇ نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ مەخپىي ئاگاھلاندۇرۇشى

---

[1] خەزىنىچىبەگ — ئەمەل نامى . خەزىنە — ئەرەبچە سۆز بولۇپ ، ئۇنىڭغا «چى» ، «بەگ» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ «خەزىنىچىبەگ» بولغان . چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇ شەھەر ، يېزىلارنىڭ ئاشلىق زاپىسىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولغان . چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى ) بۇنداق ئەمەلدارغا تۆتىنچى جەرىكىدىن ئالتىنچى جەرىكىگىچە ئەمەل مەرتىۋىسى بېرىلگەن . گۇاڭشۈينىڭ 13 ـ يىلى (1887 ـ يىلى ) بىكار قىلىنغان .

ئارقىسىدا «ئاغرىپ قالدىم» دېگەن باھانە بىلەن ھەر ئىككى قېتىم زاۋۇتغا بارمىدى ۋە ئىككى قېتىملىق ئۆلۈم خەۋپىدىن ئامان قالدى.
ياقۇپبەگ شەھەرنى ئالغاندا، نىياز ھېكىمبەگ خوتەن ئوردىسىغا ئالدىن ئەۋەتىلگەن ئېزىزبەگ جاللاتقا تۆمۈر خەزىنىچىبەگنى ئۆلتۈرمەسلىك، نەزەربەند قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇش تاپشۇرۇقىنى بەردى. نىياز ھېكىمبەگ بىلەن ئاكا ـ ئۇكىدەك يېقىن بولۇپ كەتكەن ئېزىزبەگ جاللات ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلدى. جاھان سەل تىنچلانغاندىن كېيىن، نىياز ھېكىمبەگ تۆمۈر خەزىنىچىبەگنى ياقۇپبەگنىڭ ئالدىغا سالامغا ئەكەلدى ـ دە، ئۇنىڭ ئۆز تاغىسى ئىكەنلىكىنى، خوتەننى پەتھ قىلغاندا ئوردا ئىچىدە تۇرۇپ ماسلاشقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.
تۆمۈر خەزىنىچىبەگ نىياز ھېكىمبەگنى ئۆزىگە چىن كۆڭلىدىن ياخشىلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ھېسابلايتتى. ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا دادىسى بىلەن يېقىن ئۆتكەنلىكىنى، ئەمدى دادىسىنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئۆزىنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالغىنىنى بىلگىنىدە، ئۇنىڭ ئەۋلىيالاردەك ئەخلاقىدىن تەسىرلىنىپ بىرقانچە قېتىم يوشۇرۇن كۆز يېشىمۇ قىلغانىدى.
ئەلىشىربەگ خوتەندە ھاكىمبەگ بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە يەكەن ئىشىكئاغىسى نىياز ھېكىمبەگ يەكەن خان ئامبىلىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بىرنەچچە قېتىم بۇ يەرگە كەلگەن ۋە ھاكىمبەگ ھۇزۇرىدا مېھمان بولغان. پاراڭ ئارىلىقىدا بۇ ھاكىمبەگنىڭ ناھايىتى باي ئىكەنلىكىنى، ئاتا ـ بوۋىسىدىن مىراس قالغان نۇرغۇن تەڭگە ـ تىللانى قانداقتۇر بىر يەرلەردە كۆمۈپ ساقلاۋاتقىنىنى ئاڭلىغانىدى. كېيىن جاھان بىرقانچە قېتىم ئۆڭتەي ـ توڭتەي بولدى. ئەلىشىربەگمۇ ئۆلۈپ كەتتى. لېكىن، نىياز ھېكىمبەگ خاھ ھەبسبۇللاخاننىڭ، خاھ باشقا بىر كىشىنىڭ بۇ مەخپىي بايلىقنى قولغا چۈشۈرگىنىنى ئاڭلىمىدى. ئۇ يەنە تۆمۈر خەزىنىچىبەگنىڭ يالغۇز ئوغۇل ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. قائىدە بويىچە ئەلىشىربەگ جان ئۈزۈش ئالدىدا بۇ بايلىقنىڭ قەيەرگە

كۆمۈلگەنلىكىنى ئۆز ۋارىسىغا ئېيتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى.

نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۇنى «تاغام» دەۋېلىشىمۇ، خەۋپ - خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ ئۆلۈم چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىمۇ، قازى لەشكەرلىك ئەمىلىنى ئىنئام قىلىشىمۇ ئاشۇ بىھېساب بايلىق ئۈچۈن ئىدى.

نىياز ھېكىمبەگ تۆمۈر خەزىنىچىبەگنى ئىچكەركى دىۋاننىڭ خاس خانىسىدا قوبۇل قىلدى، مەھرەم - مۇلازىملارنىمۇ يېقىن يولاتمىدى. ھېكىمبەگ ئۇنىڭغا قەشقەرگە بېرىش يولىدا يەكەنگە چۈشۈپ، مۇھەممەت يۇنۇسجان ھاكىمبەگنى يوقلاپ ئۆتۈشنى، ياقۇپبەگدە ئامال قىلىپ ياخشى تەسىرات قالدۇرۇشنى، مۇھىمى ئېزىزبەگ جاللات بىلەن پىنھان ئۇچرىشىپ ئوردا يېڭىلىقلىرىنى بىلگەچ كېلىشنى قايتا - قايتا تاپىلىدى - دە، ئىككى ياساۋۇلنىڭ ھىمايىسىدە يولغا سالدى.

## ئون بىرىنچى باب

# ئېغىر كۈنلەردە

ھەممىنى بىزار قىلغان مۇسىبەتلىك قىش ئۆتۈپ كەتتى. باھارغا سوڭدىشىپلا ئىللىق ياز ئايلىرىمۇ كىرىپ قالدى. ئادەتتە تومۇز ئاپتىپىدا قايناپ، پورۇقلاپ تۇرىدىغان بۇ يۇرت بۇ گۈن ئۆزۈن كېسەل تارتقان بىداۋا بىتابەتتەك ئېغىر ھالسىرايتتى. يول ياقىلىرىغا سايە تاشلاپ تۇرىدىغان سۆۋادان تېرەكلەرنىڭ تۈۋى قۇرۇپ، ئۇچى قاقشال بولۇپ كەتكەن، ئېرىقلىرى تىنىپ، نەملىكتىن ئەسەرمۇ قالمىغان قاقىرام كوچىلاردا تىزگىنسىز ئاتتەك چېپىپ يۈرگەن بوران نەدىندۇر ئۇچۇرۇپ كەلگەن بىر تۈپ قۇرۇق قامغاقنى قوغلاپ يۈرەتتى. رەستىلەردە يا سودىگەر، يا خېرىدار كۆرۈنمەيتتى. ناگان - ناگاندا ئېچىلىپ قالىدىغان بىردىنبىر

ناۋايخانىغا كىشىلەر خۇددى ئۇۋىسىغا ئولاشقان ھەسەل ھەرىسىدەك ئولىشىۋالغانىدى. يازلىق كىيىمى ئۈچۈن تۆت قەرى ماتاغا قىسىلغان ئادەملەر پاختىلىق چاپان بىلەن بىخسىپ، سېسىپ يۇرۇشەتتى. قۇرۇق خۇرجۇننى كۆتۈرۈپ، ئىشىكمۇ ئىشىك دوقۇرۇپ يۈرگەن قەلەندەر ـ ئابداللانىڭ ھېسابى يوق ئىدى.

ئون ئادەمنىڭ توققۇزى ئاچ، دەردمەن، جاننى قويىدىغانغا يېرى يوق تۇرسا، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئاردەك سوزۇلغان قوللارغا، خۇنسىز كۆزلەرگە، قۇرۇپ، چاكىلداپ كەتكەن كالپۇكلارغا، قاقشالدەك ئورۇق بەدەنلەرگە دەرمان بەرگۇدەك بىرەر يارماق ياكى بىر بۇردا نان نېمە قىلسۇن؟

شەھەرگە تەۋە يېزا ـ قىشلاقلاردا ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. ھازىدار يۇرتنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاۋېرىپ باغرى قېتىپ كەتكەن تاغ ئۆز قوينىدا تەكلىماكاننى كۆل قىلىۋەتكۇدەك سۇ ـ مۇزلارنى يوشۇرۇپ تۇرسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرگە بىر تامچىمۇ سۇ بەرمەيۋاتاتتى. شەھەرنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان قاراقاش ۋە يورۇڭقاش دەريالىرىنىڭ تېگىدىكى تاشلار چاك ـ چاك يېرىلغانىدى. ئۇرۇم ئۈچۈن ئاتاپ قويغان ئاخىرقى بىر ئوچۇم ئاشلىقنىمۇ يەپ تۈگەتكەن دېھقانلار كۆزلۈك ئوسا قىلىنغان يەرلەرگە ئورۇق چاچالمايۋاتاتتى. ئىشقا يارايدىغان ئەرلەر قەتلىئامدا قىرىلىپ تۈگىگەن، قېرىساللار، خوتۇن ـ بالىلارنىڭ تۇرمۇشى مىسلى كۆرۈلمىگەن ئېغىرچىلىقلارغا دۇچ كەلگەنىدى. يۇرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكەن نۇرغۇن كىشىلەر چۆل ـ جەزىرىلەردىن تېخىچە قايتىپ كېلەلمەيۋاتاتتى. «قازا قاتراپ كەلمەيدۇ، بالا مەڭدەپ» دېگەندەك، ئۇلار ھېلىقى قاباھەتلىك چۈشنىڭ كۈتۈلمىگەندە قايتا تەكرارلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. چۆل ـ دەشتلەردە سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ، ھايۋان كۈننى كۆرۈۋاتقان مىڭلىغان پۇقرا جاللات قىلىچىنىڭ زەربىسىزلا تىغ تەگكەن قورايدەك قىرىلىۋاتاتتى.

كېپەك دەرۋىش ئايمۇھەممەت بىلەن بوسۇغا ئۈستىدىلا

ئۇچرىشىپ قالدى . ئايمۇھەممەت ھەمياندەك كىچىك بىر خالتىنى قولتۇقىغا قىسىپ ، تاشقىرىغا چىقىپ كېتىۋاتاتتى .

سالامدىن كېيىن دەرۋىش :

— ئوغلۇم ، قارىغاندا بىر يەرگە جابدۇنغان ئوخشايسەن . يولۇڭغا مېڭىۋەر ، كېيىن كەلسەممۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ ؟ — دېدى ـ دە ، كەينىگە بۇرۇلدى .

ئايمۇھەممەت ئەسلىدە ئۆيىدىكى بارى ـ يوقى بىر تەلەڭگە قوناقنى شورباغ كەنتىدىكى شىرەم تۇغقىنىنىڭكىگە ئاپىرىپ بەرگىلى ماڭغانىدى . ئاتا ـ بالا ئىككى ئادەم قانلىق قىرغىندا بىراقلا ئۆلۈپ كەتكەن ئۇ تۇغقىنىنىڭكىدە بىر تۇل ئانا بەش نارەسىدە بالا بىلەن مۇشكۇل ئەھۋالدا قالغانىدى .

ئايمۇھەممەت كېپەك دەرۋىشنىمۇ بىللە ئېلىپ بېرىپ ، ئاغرىق ئانىغا دەم سالدۇرۇپ قويۇش ئويىغا كەلدى ۋە ئۇنى توختىتىۋېلىپ :

— دەرۋىش ئاتا ، شورباغ ئانچە يىراقمۇ ئەمەس ، مالال كەلمىسە ئاتا ـ بالا مۇڭداشقاچ بىللە بېرىپ كەلمەيلىمۇ ؟ — دېۋىدى ، دەرۋىش ئايمۇھەممەتنىڭ تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى . ئايمۇھەممەت ئۆيدە يالغۇز قېلىۋاتقان گۈلئايىمغا ئىشىكنى چىڭ تاقىۋېلىشنى قايتا ـ قايتا جېكىلىگەندىن كېيىن كېپەك دەرۋىش بىلەن شورباغقا قاراپ يول ئالدى . ئۇلار ئۆيدىن ئايرىلغاندا گۈگۈم پەردىسى غايەت زور قارا تۇۋاقتەك شەھەر ئاسمىنىنى قاپلاشقا باشلىغانىدى .

قىز ئىشىكنى تاقىدى ، دەمنى مەھكەم تاقاپ مىدىرلىتىپ باققاندىن كېيىن ، ئەمدىلا كۆكىرىشكە باشلىغان ئۇزۇم بارىڭى ئاستىدىكى سۇپىغا كەلدى ـ دە ، قىلىۋاتقان يىڭنە ئىشنى داۋاملاشتۇردى .

گۈلئايىم گۈزەل ۋە لاتاپەتلىك خوتەن قىزلىرىنىڭ بەرناسى ئىدى . مەجنۇنتالدەك ئەۋرىشىم بويى ، قارىقاتتەك كۆزلىرى ، يىمىرىلىپ تۇرىدىغان قىيغاچ قاشلىرى ، خوتەننىڭ سۈت

ئالمىسىدەك ئاق ۋە سىلىق يۈزىدە تەبەسسۇمغا قوشۇلۇپ پەيدا بولىدىغان زىننەتلىرى كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى . سۈرۈخ سۈرتكەندەك قىزىرىپ تۇرىدىغان كىچىككىنە ئاغزى ئېچىلاي دەپ قالغان قىزىلگۈل غۇنچىسىنى ئەسلىتەتتى . بىلەك توملۇقىدىكى ئىككى ئۆرۈمە قۇندۇز چېچى تىقىمىغا چۈشۈپ تۇراتتى .

گۈلئايىمنىڭ ئانىسى ئۇ ئون ياش ۋاقتىدا زىققە كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنىدى . تېخى مۇشتتەك تۇرۇپلا ئانا مېھرىدىن مەھرۇم بولغان بۇ ناتىۋان قىز مېھرىبان دادىسى قاۋۇل ئۈستىدىن ھەم ئاتىلىق ، ھەم ئانىلىق مېھرىگە ئىگە بولدى . ئۇ ھەر كۈنى دادىسىدىن بۇرۇنراق ئورنىدىن تۇرۇپ ، تەرەتكە سۇ ئىسسىتاتتى ، چاي دەملەپ ، ئاش - غىزا ئېتەتتى . دادىسىغا ئەگىشىپ دۇكانغا چىقاتتى ، قۇربى يەتكۈدەك ئۇششاق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تالىشىپ قىلاتتى . ئۆزىنى ھەم سىڭىل ، ھەم ئانا قاتارىدا كۆرۈپ ھەددىدىن - زىيادە ھۆرمەتلەيدىغان ئاكىلىرىنىڭ ئىشىدىن قۇسۇر ئىزدەپ ، ئۇلارنى تېرىكتۈرەتتى . بەزىدە خەقىش قىلىپ ، كۈيەك بېسىۋاتقان يارمۇھەممەتنىڭ ياقىسىدىن ئۆرۈقچىدەك بىر تال كۆمۈرنى تۇيدۇرماي تاشلىۋېتەتتى - دە ، «قۇرت ، قۇرت···» دەپ چاۋاك چېلىپ ۋارقىراشقا باشلايتتى . قۇرتتىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغان بۇ بىچارە قوقاسقا دەسسىۋالغاندەك سەكرەپ ئەندىككىلى تۇرغاندا بولسا ، ئۇ كۈلۈپ تېلىقىپ قالاتتى .

گۈلئايىم ئايمۇھەممەتتىن دادىسىدىن ھېيىققاندەك ھېيىقاتتى . بۇنىڭغا ئايمۇھەممەتنىڭ قاپىقىنىڭ دادىسىنىڭكىگە ئوخشاش دائىم تۈرۈلۈپ تۇرىدىغانلىقى ، كىچىك باللارنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغانلىقى ، ئويۇن - چاقچاق بىلەن ھەپىلىسى يوقلۇقى سەۋەب بولاتتى . لېكىن ، ئايمۇھەممەت تاشقىرىغا چىقىپ قايتىپ كەلگەندە سىڭلىسىغا بىرەر نەرسە ئالغاچ كېلىشنى زادىلا ئېسىدىن چىقارمايتتى . گۈلئايىم ئاكىسى ئىشىكتىن كىرگەن ھامان ئۇنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇشقا باشلايتتى - دە ، يا ئۈچ - تۆت چاقماق قەنت ، يا ئىككى - ئۈچ دانە ياڭاق تېپىۋالاتتى .

گۈلئايىم ئوت چاچراپ تۇرغان قازانچىلىق دۇكىنىدا ، گاھ

ئېرىپ ، گاھ قېتىۋاتقان چويۇن يېنىدا چوڭ بولدى . ئۇ ئون ئالتە ـ ئون يەتتە ياشلارغا قەدەم قويۇشى بىلەن سەزگۈسىدە ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ كۆزىگە ھەممە نەرسە ئىللىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى . ئۇ ئاشۇ ئىللىق دۇنيادا ، ھۇپپىدە ئېچىلغان چېچەكلەر ئارىسىدا شۇڭغۇپ يۈرگەن بىغەم قۇشتەك يايرىغىنى يايرىغانىدى . ھايات ئۇنىڭغا شۇ قەدەر قىزىق ، شۇ قەدەر رەڭگارەڭ بولۇپ تۇيۇلاتتى . قولLىرى تا جەينىكىگىچە بويالغان ، بىلەك مۇسكۇللىرى تۇرۇم ـ تۇرۇم بۆرتۈپ چىققان ، ئەپتىدىن ياشلىق شىددىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان كەرىمقۇل بولسا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ ھايات ۋە ئاشۇ چېچەكلەردىن ئارتۇقراق لەززەت بېغىشلايتتى .

كەرىمقۇل ئون سەككىز ـ ئون توققۇز ياشلارغا كىرىپ قالغان ، كەم سۆز ، ئېغىر ـ بېسىق ، ئېھتىياتچان يىگىت ئىدى . ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلغىنىغا ئىككى يىل بولۇپ قالغىنىغا قارىماي ، بوياقچىلار جەمەتىنىڭ چىرىغىنى بىر ئۆزى ياندۇرۇپ ، ئاتا مىراس ھۈنەرنىڭ بەرىكىتىدە كۆڭلىرىنى قەدىر ـ ئەھۋال ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتاتتى . بىراق ، ھەمراھ بولغۇدەك بىرەر تۇغقىنى ياكى مۇڭگىشغا مۇڭ ، دەردىگە دەرد بولالىغۇدەك بىرەر ھەمشىرىسى بولمىغىنى ئۈچۈن تۇرمۇشتىمۇ ، ھۈنەردىمۇ يالغۇزچىلىق تارتىۋاتاتتى . بولۇپمۇ ، نى ـ نى ئۇستا بوياقچىلارغا قىلغىلى ئىش چىقمايۋاتقان يەردە ھۈنەردە تېخى كامالەتكە يەتمىگەن بۇ «بالا بوياقچى» نىڭ ئالدىغا كېلىدىغان ئىشنىڭ ئەلۋەتتە تايىنى بولمايتتى .

كەرىمقۇلنىڭ ھۈنىرى راۋاج تاپماي ، ھەپتە ـ ھەپتىلەپ قازان ئاسالمايۋاتقىنىنى ئۇققان قاۋۇل ئۇستا بىر كۈنى ئۇنى دۇكىنىغا چاقىرتىۋېلىپ ، باللىرىنىڭ ئالدىدا :

— بالام ، تېشىڭغا تىنمىغىنىڭ بىلەن ئۆز دەردىڭ ئۆزۈڭگە ئايان ، خۇدا قوشقان قوشنىلار بولغاندىكىن ، خالىساڭ ئۈچ ۋاخ غىزادا بىز بىلەن بىللە بول ، ئۆيىمىزگە خالىغانچە كىرىپ

چىقىۋەر ، — دېۋىدى ، چوپچوڭ بولۇپ قالغان كەرىمقۇل يىگىتلىك غۇرۇرىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ ، ئاللىقاچان غۇلچىنى كېرىپ بولغان قاۋۇل ئۇستىنىڭ قۇچىقىغا تاشلاندى .

شۇنىڭدىن باشلاپ ، كەرىمقۇل بۇ ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق مېھمىنى ، شۇنىڭدەك دائىملىق بىر ئەزاسى بولۇپ قالدى . دۇكانىنىڭ قاتىلاڭچىلىق ۋاقىتلىرىدا ئۇلارغا قول ـ قانات بولدى . گۈلئايىم ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يۇيۇپ ، ئۆيلىرىنى سىيرىپ ـ سۈپۈرۈپ بەردى . يېشى چوڭىيىپ ، ئارىلاشقان ۋاقتى ئۇزارغانسېرى ، بۇ ئىككى ياشنىڭ كۆڭلىدە بىر ـ بىرىگە قارىتا ئالاھىدە بىر سېھىرلىك تەلپۈنۈش پەيدا بولدى .

كەرىمقۇل يىگنە ئىشى بىلەن بەند بولۇۋاتقان گۈلئايىمغا پات ـ پات چاقچاق قىلىپ قوياتتى . مۇشۇكنىڭ مىياۋلىغىنىنى دوراپ جېنىنى چىقىرىۋېتەتتى . دۇكاندا ئىككىسىلا قالغاندا گۈلئايىممۇ بوش كەلمەي ، تەرلەپ ـ پىشىپ كۆيەك بېسىۋاتقان كەرىمقۇلنىڭ قۇلىقىنى ، بىلەكلىرىنى چىمدىۋالاتتى . كۆڭۈل كۆزى ئارقىلىق بىر ـ بىرىنىڭ قەلب خانىلىرىغا بەھۇزۇر كىرىپ ـ چىقاتتى . بولۇپمۇ ، گۈلئايىمنىڭ كېتىۋېتىپ قايرىلىپ قاراشلىرى ، قول سېلىپ كېلىۋاتقان چاغدىكى تەبەسسۇملۇق بېقىشلىرى ، توم چاچلىرىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ ، مۇڭلىنىشلىرى كەرىمقۇلنى كۆرۈنمەس زەنجىر بىلەن ئۆزىگە مەھكەم باغلىۋالغانىدى .

قاۋۇل ئۇستا ئىككى ياشنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئاللىبۇرۇن سېزىۋالغانىدى . «نېمىلا دېگەنبىلەن گۈلئايىممۇ رەسىدە بولۇپ قالدى ، مۇۋاپىق بىرەر يىگىت بىلەن تويىنى قىلىپ قويىدىغان چاغمۇ كېلىۋاتىدۇ ، كەرىمقۇل يېتىم بولغىنى بىلەن ئوبدان بالا ، خۇدا بۇيرۇسا يۇرت ـ جامائەتكە لايىقىدا چاي بېرىپ ئۇنى كۆيئوغۇل قىلىۋالسام ، قىزىممۇ يىراققا كەتمەسە ، كەرىمقۇلمۇ ئاتىسىز قالمىسا ئوبدان ئەمەسمۇ ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئىشىغا ئاكىلىرىمۇ ماقۇل بولىدۇ ھەرقاچان… » دەپ ئويلايتتى ئۇ گۈلئايىمغا قاراپ ئولتۇرۇپ .

قاۋۇل ئۇستىنىڭ ئويلىغىنى توغرا ئىدى . ئايمۇھەممەت بىلەن يارمۇھەممەت كەرىمقۇلنى ئۆز ئىنىسىدەك ياخشى كۆرەتتى . سىڭلىسى بىلەن ئىچ پەش تارتىشىپ يۈرگىنىنىمۇ بىلەتتى . دادىسى بىر ئېغىز گەپ قىلسىلا ، توي هازىرلىقىغا كىرىشىشكە تەييار ئىدى .

بىراق ، قاۋۇل ئۇستىنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئويلىغىنى بار ئىدى ، ئۇ شور باغدىكى شىرەم تۇغقىنىنىڭ چوڭ قىزى سالامەتخاننى ئۆزىچە كېلىنلىككە كۆزلەپ يۈرەتتى . ئايمۇھەممەتنى ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلماي تۇرۇپ قىزىنى تالالىق قىلىش ئۇنىڭچە رەسىم ـ قائىدىگە ئانچە مۇۋاپىق كەلمەيتتى . ئەپسۇس ، ئىككى ياشنىڭ مۇراد ـ مەقسەتلىرى ۋىسال پەيتىگە يېقىنلاپ قالغان چاغدا تەقدىر ئۇلارنىڭ ئېشىغا توپا چاچتى . قاۋۇل ئۇستا ئايمۇھەممەتكە بۇ توي ھەققىدە ئېغىز ئېچىشقا ئۈلگۈرمەيلا ، يۇرتتىن چىقىپ كەتتى . ئارقىدىنلا يارمۇھەممەت بالا ـ قازاغا يولۇقۇپ ، ئالەمدىن ئۆتتى . بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ كەلگەن بۇ سورۇقچىلىقلار تىنچ هايات كەچۈرۈۋاتقان بىر ئائىلىنى ۋەيرانچىلىق گىردابىغا ئىتتەردى .

يارمۇھەممەتنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن گۈلئايىمنىڭ چىرايى زەپىراندەك سارغىيىپ كەتتى . يېگىنى چىرايىغا چىقمايدىغان ، چېچىلغاق ، ئويچان ، كەم سۆز بولۇپ قالدى . بېشىدا قانداقتۇر بىر بەختسىزلىك سايە تاشلاپ تۇرغاندەك ، سەللا بىخەستەلىك قىلسا ئۆزىگە چوڭ بىر مالامەت يېتىدىغاندەك غەملىنىپلا يۈردى .

ئەلياتقۇ مەزگىلى ، تال بارىڭى ئارىسىدىن ۋاقىتسىز قۇرۇپ كەتكەن بىر تال يوپۇرماق «تىرىق» قىلىپ سۇپىغا چۈشۈشى بىلەن قارا چىراغ يورۇقىدا كەشتە تىكىپ ئولتۇرغان گۈلئايىم ئەنسىز ۋارقىراپ تاشلىدى .

ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان كەرىمقۇل سوغۇق سۇدىن ئەندىككەندەك چۆچۈپ كەتتى ۋە سەرگەز بېسىۋاتقان قېلىپىنى چۆرۈۋېتىپ ، ئىككى هويلىنى ئايرىپ تۇرغان پاكار تامدىن مايمۇندەك ئارتىلىپ چۈشتى .

— نېمە بولدىڭىز گۈلئايىم ، قورقماڭ ، يېنىڭىزدا مەن بار .
گۈلئايىم كەرىمقۇلنىڭ ئالىقانلىرى ئارىسىدا تۇرغان قولىنى شارت قىلىپ تارتىۋالدى .
— ھە ، سىزمىدىڭىز ، مەن تېخى سىزنى ئۇخلاپ قېتىپ كەتتىمىكىن دەپتىمەن ؟ !
شۇ تاپ گۈلئايىمنىڭ يۈرىكى تىنىمسىز دۈپۈلدەپ ، كۆكرەك قەپىسگە بازغاندەك ئۇرۇلغىلى تۇردى . ئۇ گۈلئايىمدىن ئۆزگە ھېچكىم بولمىغان بۇ ئۆيگە كېچىدە كىرىپ قالغىنىغا خىجىل بولۇپ تۇرغان كەرىمقۇلغا تەتۈر قارىۋالدى ۋە لەۋلىرىنى چىشلەپ كۇلۇمسىرىگىنىچە دېدى :
— ئىزا تارتمايدىغان... يېنىڭىزدا مەن بار دەيسىز ، قارىڭىزنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ .
— راست دەيسىز ، ئۆيدە يالغۇز ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇقماپتىمەن ، ئۇققان بولسام سىزدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمەيتتىم .
گۈلئايىم لەپپىدە ئۆرۈلۈپ ، كەرىمقۇلغا قارىدى ـ دە ، قېشىنى يىمىرىپ قويۇپ دېدى :
— ئەمدى قورقمىدىم ، چىقىپ ئۆيقۇڭىزنى ئۇخلىمامسىز ؟
— ياق ، ئەمدى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ ، قوغلىسىڭىزمۇ ، ئۇرسىڭىزمۇ چىقىپ كەتمەيمەن .
— قېلىن... كۆزۈمنىڭ ئادىشىدەك...

## ئون ئىككىنچى باب

## دەرۋىشلەرنىڭ سۆھبىتى

بىر توپ دەرۋىش شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىدىكى قەلەندەرخانىنىڭ چوڭ ئۆيىدە داق بورا ئۈستىدىلا ئولتۇرۇشاتتى .

ئۆي ئوتتۇرىسىدا كۆتەك ، كۆتەك ئۈستىدە زامان ـ زامانلاردىن بېرى ئىشلىتىلىپ ، بىر ئىلىك قېلىنلىقتا قاسىراق باغلاپ كەتكەن قارا چىراغ چىرسىلداپ كۆيۈپ تۇراتتى . تۆت تېمىنىڭ ھەممىلا يېرىدىن يۇلتۇز مارايدىغان بۇ ئۆينىڭ تۇڭلۇكىدىن كېچە ئاسمىنىدا ئۈزۈپ يۈرگەن تولۇن ئاينىڭ شولىسى ئېتىلىپ كىرەتتى ـ دە ، دەرۋىشلەرنىڭ يۈزىدە ، بىر قەۋەت توپا قاپلاپ كەتكەن تام ـ تۈۋرۈكلەر ئۈستىدە تەڭگىدەك ئاق ئىزلارنى پەيدا قىلاتتى . سىرتتا 6 ـ ئاينىڭ سالقىن كېچىلىرىدە بولىدىغان ئارامبەخشلىك ھۆكۈم سۈرسىمۇ ، كۈندۈز ئاپتىپىنىڭ قالدۇق ھارارىتى ئۆي ئىچىنى تونۇردەك قىزىتىۋەتكەنىدى . پاشا ، كۆمۈتىلارنىڭ غىڭشىشلىرى ، قۇلاق قالقىنىغا قونۇۋېلىپ قان شوراشلىرى جاننى قاقشىتاتتى .

ساقىلى بېلىگە چۈشىدىغان بىر دەرۋىش بويىنىغا قونۇۋالغان پاشىنى جان ئاچچىقىدا ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ ئۈنلۈك سۆزلەۋاتاتتى . يەنە بىرى كۆز ئالدىدا ئۈچۈپ يۈرگەن ئاللىقانداق بىر بىزەڭ ھاشاراتنى ئالقانلىرى بىلەن قورۇيتتى . باشقىلىرى ساقاللىق دەرۋىشنىڭ سۆزىگە پۈتۈن دىققىتى بىلەن قۇلاق سېلىشاتتى . سۆزلىگۈچىنىڭمۇ ، ئاڭلىغۇچىنىڭمۇ غىل ـ پال يورۇپ تۇرغان پېشانىسىدە ھۆررەك ـ ھۆررەك قاپارتمىلار ، مونچاقتەك ـ مونچاقتەك تەر تامچىلىرى پارقىرايتتى . ھاڭغىرقاي ئىشىكتىن كىرىۋالغان بوكبوك قوڭغۇز ئۆي ئىچىنى ئايلىنىپ بىرھازا غوڭۇلدىغاندىن كېيىن ، بىراۋنىڭ گەجگىسىگە ئۆزىنى ئاتاتتى .

يىگىرمە نەچچە نەپەر ماكانسىز دەرۋىشكە پاناھلىق بېرىۋاتقان بۇ قەلەندەرخانا ھەبىبۇللاخان زامانىسىدا ۋەخپە يەرنىڭ ھوسۇلى ۋە ئۆشرە ـ زاكات ھېسابىغا بىنا قىلىنغان بولۇپ ، يۇرت ـ يۇرتتىن كەلگەن دەرۋىشلەرنىڭ ، قەلەندەر ـ ھاجەتمەنلەرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئارامگاھى ئىدى . كېلىپ ـ كېتەر دەرۋىشلەر قەلەندەرخانا بېگى ئارقىلىق تېگىشلىك يېپىنچا ، ئاش ـ ئوزۇق بىلەن تەمىن ئېتىلەتتى .

نامى قەلەندەرخانا بولغىنى بىلەن بۇ يەرنىڭ ئاساسلىق

مېھمانلىرى يەنىلا دەرۋىشلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاجايىپ ناتىق، خۇش پېئىل، ئىلىملىك دەرۋىشلەرمۇ بولاتتى. بەزىلىرى جەڭنامە، ئىلمىي نۇجۇم، پالچىلىق ۋە ئىسلام ئەھكاملىرىنى پىششىق بىلەتتى. مازار - ماشايىخلارنىڭ تەزكىرىسى، خاسىيەتلىرى خۇسۇسىدا سۆز بولغاندا ھېچكىم ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيتتى.

ئۇلار ئىچىدە كۆپنى كۆرگەن سەيياھلار، ئىشانلارغا قول بەرگەن مۇرىتلار، تۈگىمەس جەڭگى - جېدەل، خورلۇقلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەن مەنسەپدارلار، مەلۇم سەۋەب بىلەن پۇل - مال، راھەت - پاراغەتتىن مېھرىنى ئۈزۈپ زاھىتلىق يولىنى تۇتقان سودىگەرلەرمۇ تېپىلاتتى.


قىسقىسى، جەندە - كۇلاھ ئاستىدىكى بۇ يالاڭ ئاياغ بەندىلەر قارىماققا سىرلىق كۆرۈنسىمۇ، لېكىن، كۈندۈزى قەبرە قۇچاقلاپ ئاھ ئۇرۇپ، كېچىسى ئوغرىلىق قىلىدىغان، قەلەندەرچىلىكنى جان ساقلاشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالغان بەتئەخلاق بەندىلەردىن ئاسمان - زېمىن پەرق قىلاتتى.

كېپەك دەرۋىش بۇ ئالاھىدە ئىنسان قاتلىمىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك ۋە ئاقىل ئەزاسى ھېسابلىناتتى. ئەتىگىنى تېرىقتەك چېچىلىپ كېتىپ، كۆز باغلانغان چاغدا ئاندىن بۇ قەدىناس غەمخانىسىغا جەم بولىدىغان بۇ كىشىلەر بىلىپ - بىلمەي ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى. باش - ئايىغى يوق تالاش - تارتىشلاردا ئۇنى ئادىل ھۆكۈم چىقارغۇچى دەپ بىلەتتى. مانا بۈگۈن تۈن تەڭ بولغۇچە، ئۇلار ئەمىر تۆمۈرنىڭ نېمە ئۈچۈن ساھىبقىران دەپ ئاتالغانلىقى، قابىل ھابىلنى ئۆلتۈرگەن كۈننىڭ سەيشەنبە ياكى چارشەنبە ئىكەنلىكى، ئاتارۇت يۇلتۇزىنىڭ ياز پەسلىدىكى بۇرچى توغرىسىدا تەرلەپ - پىشىپ دەتالاش قىلىشتى. ئاخىرىدا بىر پىكىرگە كېلەلمەي «قېنى، سەن بىرنېمە دەپ باق» دېگەندەك، كۆز ئىپادىسى بىلەن كېپەك دەرۋىشكە مۇراجىئەت قىلىشتى.

باياتىن بىرى خىيالىدا تۇرلۇك - تۇمەن پىكىرلەر بىلەن



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



www.uyghurkitap.com

ھەپىلىشىپ چىققان كېپەك دەرۋىش بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ تۇرغىنىنى كۆردى.

راست گەپنى قىلغاندا كەچ كىرگەندىن بېرى بولۇنغان بۇ تالاش - تارتىشلارنىڭ بىرىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىگەنىدى. يۈرىكىنى تاتىلاۋاتقان پەرىشانلىق ئۇنىڭغا بىردەممۇ ئارام بەرمەيۋاتاتتى.

دەرۋىشلەر ھۆرمەتلىك ئادىمىنىڭ چىرايىدىكى ئالامەتلەرگە، كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلماي قالمىدى. دېمىسىمۇ، ئادەتتە ئۇ بۇنداق قىزغىن مۇنازىرىلەرگە ئۆزلۈكىدىن ئىشتىراك قىلاتتى ۋە دەل جايىغا كەلتۈرۈپ سۆز قىستۇراتتى. ئۇنىڭ ئىلمى، زۇۋاندارلىقى ھەممەيلەننى سۆيۈندۈرۈۋېتەتتى.

سۆھبەت ئەھلىنىڭ ئەس - يادى كېپەك دەرۋىشتە قالدى. ئۇنىڭ مىجەزىنى بەكرەك چۈشىنىدىغان ئۇزۇن ساقاللىق دەرۋىش ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى:

— ئۇكا، مىجەزلىرى يوقمۇ نېمە، بىر يەرلىرى ئاغرىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى، ئۇ كۆيۈنگەن ھالدا.

— ھېچ يېرىم ئاغرىمايدۇ.

— ھەرقانداق دەردلىرى بولسا ئېيتسىلا، يەڭگىللەپ قالىدىلا، ياردىمىمىز تېگىپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

— يوقسۇ… تۇغقانلار، كۆڭلۈم بىرئاز غەش تۇرۇۋاتىدۇ، شۇ.

— مۇساپىرچىلىقتا بىر - بىرىمىزنىڭ دەردىگە يەتمىسەك، دەردىمىزگە كىم يېتىدۇ؟

— توغرا دېدىلە، ئاقساقال، بىر خۇدادىن ئۆزگە ھېچ نەرسىمىز يوق.

ئۇنى «بىزدىن قانداقتۇر بىر سىرىنى يوشۇرۇۋاتىدۇ» دەپ گۇمان قىلغان دەرۋىشلەر ئارقىمۇئارقا سوئال ياغدۇرغىلى تۇردى. كېپەك دەرۋىش ئەمدى تاقەت قىلالمىدى، قارا ئۇججە يېگەن

بالىنىڭكىدەك قارىيىپ كەتكەن قىلىن كالپۆكى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەشكە باشلىدى . بۇ تىترەش بارا ـ بارا يۈز مۇسكۇللىرىغا ئۆتتى ، ئاخىرىدا پۈتۈن بەدىنىگە تارقىدى . كۆز جىيەكلىرى نەملەشتى . سىماب مىسالى سىرغىپ چىققان ئىككى تامچە ياش بۇرنىنىڭ يېنىدىكى ئويۇقچىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ ، ئاپئاق بۇرۇتى ئارىسىغا كىرىپ كەتتى . توخۇ تۆشىدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكرەك قەپىسى بىردىنلا كېڭەيدى ـ دە ، يىغا ئارىلاش ئاۋاز ئېتىلىپ چىقتى :

— راست ••• راست ، بۇ دەردكە ، بۇ ئەلەمگە چىدىماق ھەقىقەتەن تەس كەلدى . بۇ••• بۇ••• مىنىڭمۇ ، سىلەرنىڭمۇ دەردىڭلار ، شۇنداق ، پۇقرانىڭ كۆز يېشى بىلەن پۈتكەن دەرد ـ ئەلەم !

كېپەك دەرۋىش يىغلىۋېتەيلا دەپ قالدى ، شۇ تاپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۈنۈگۈن شورباغدا كۆرگەن ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلەر بىر ـ بىرلەپ زاھىر بولماقتا ئىدى .

تۈنۈگۈن ئۇلار ئەلياتقۇ مەزگىلىدە شورباغقا يېتىپ كەلدى ـ دە ، كەنت چېتىدىكى بىر دېھقانىنىڭ ئۆيىگە كىردى . ئايمۇھەممەت شىرەم تۇغقىنىم دەپ تونۇشتۇرغان بۇ ئۆيدىكىلەر ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ تۇغقىنى ئەمەس ئىدى . قاۋۇل ئۇستا بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ چوڭ قىزىنى ئۆزىگە لايىق كۆرۈپ يۈرگەنلىكى ئايمۇھەممەتكە ئايان بولغاچقا ۋە كېپەك دەرۋىشنىڭ كەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەچكە ، ئۇ شۇنداق دەپ قويغانىدى .

ئۇلار ئىشىكتىن كىرىپلا قويۇق ئىس ـ تۈتەك ئارىسىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرغان بىر ئايالنى كۆردى . نەچچە قات ياماق چۈشكەن ماتا كۆڭلەك كىيىۋالغان ، ئورۇقلاپ بىر تېرە ، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان بۇ ئايال ئايمۇھەممەتنى كۆرۈپلا ئۆزىنى تۇتالماي ئېسەدەشكە باشلىدى . ئۇ ئوچاققا ھەدەپ پاخال تىقىۋاتاتتى . قازاندا نېمىدۇر قايناۋاتاتتى . كۆزلىرى ياش يۇقى ، قورساقلىرى ناغرىدەك كۆپۈپ چىققان ، پۇتلىرى كەتمەن سېپىدەك

ئىنچىكە ھەم قاسماق بىسىپ كەتكەن ئۈچ بالا كىرلىشىپ كەتكەن بارماقلىرىنى شورىغىنىچە پۇرۇقلاپ تۇرغان قازانغا تەلمۈرۈپ تۇرۇشاتتى، كىرىپ كەلگەن ناتونۇش ئادەملەردىنمۇ پەرۋايى پەلەك ئىدى.

مەلۇم بولۇشىچە، قازانغا قاراپ، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇشقان بۇ ئۈچ نارەسىدە چىرايى يېشىدىن چوڭ كۆرۈنىدىغان، كېسەلدىن ئۆرە بولالمايدىغان بۇ تۇل ئايالنىڭ بالىلىرى ئىكەن.

ئەسلىدە بۇ ھال - كۆنى يامان ئەمەس ئۆتىدىغان دېھقان ئائىلىسى بولۇپ، كېيىنچە بارى - يوقى بىر مو تېرىلغۇسىدىن چىقىدىغان ئازغىنە ھوسۇل بىلەن يەتتە جانلىق چوڭ ئۆينىڭ تۇرمۇشىنى قامدىيالماي قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايالنىڭ ئېرى ۋە چوڭ ئوغلى شەھەرگە كىرىپ مەدىكارچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ ۋە تام سوقۇش، ئوتۇن يېرىش ئارقىلىق كىرگەن پۇل بىلەن جېنىنى جان ئېتىپ يۈرۈپتۇ. ئۆيىنى ئۆي قىلىپ تۇرغان بۇ ئاتا - بالا ھېلىقى قەتلىئامدا ئاۋۋال قىزىقسىنىپتۇ، ئاخىر جەڭگە ئارىلىشىپ قاپتۇ. قىلىچ تەگكەن دادىسىنى ئات ئايىغىدىن تارتىپ چىقىرىمەن دەپ ئوغلىمۇ ئوق تېگىپتۇ. ئۆلگەنلەر ئۆلۈپتۇ، تىرىك قالغانلار يىغلاپ - قاقشاپتۇ. بىراق، ھايات مۇساپىسىنى داۋام قىلىشۋاتقان بۇ بەش جان ئەتىياز كىرەر - كىرمەيلا ئاچارچىلىقنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەپتۇ. ئىنى - سىڭىللىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىنى كۆرگەن چوڭ قىزى ئۆلۈم گىرداۋىغا كېلىپ قالغان قېرىنداشلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، چىشىنى - چىشىغا چىشلەپ، بىر كىشىگە ياتلىق بوپتۇ.

ئەمما، ئاچىسى ئەكېلىپ بەرگەن ئازغىنە قوناق ھەرقانچە تېجىگەن بىلەنمۇ تۆت جانلىق بۇ ئۆيگە بىر ئايغىچىلىكمۇ پايلىماپتۇ. تىلەمچىلىك قىلاي دېسە غۇرۇرى كۆتۈرمەپتۇ، قازا قىلغانلارنىڭ روھى قورۇنۇپ قالامسۇن دەپتۇ. كۆك چىققاندا كۆك يەپ، ئۇجمە پىشقاندا ئۇجمە يەپ كۈنىنى كۈن ئېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ، خېلىدىن بېرى ئاش - نان قارىسىنى كۆرمىگەن بىچارە

بالىلار ھەر كۈنى كەچتە «ئانا، نان» دەپ يىغلاپ ئۇخلىغىلى ئۇنىمايدىكەن. پەرزەنتلىرىنىڭ ئىچىنىشلىق نالىسىگە چىداپ تۇرالمىغان ئانا ئاخىر بىر چارە ئويلاپ تېپىپتۇ ـ دە، قازانغا بىرقانچە تال تاش سېلىپ، قاينىتىشقا باشلاپتۇ، «قازاندا چامغۇر پىشىۋاتىدۇ» دەپ ئۇمىدلەنگەن سەبىيلەر لەۋلىرىنى يالىشىپ قازانغا تەلمۈرىدىكەن، چامغۇر يەنىلا پىشمايدىكەن. قاراۋېرىپ ئۇيقۇسى كەلگەن بالىلار ئولتۇرغان يېرىدىلا ئۇخلاپ قالىدىكەن...

كېپەك دەرۋىشنىڭ كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىۋېتىدىغان ھېكايىسى ئاخىرلاشقاندا بىرقانچە دەرۋىش مىشىلداپ كۆز يېشى قىلىۋاتاتتى، بەزىلىرى ئۆپكىدەشكە باشلىغانىدى.

— ھېكايەم تېخى تۈگىمىدى، ئاغىنىلەر، — دېدى كېپەك دەرۋىش كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — ئاغرىقچان ئانىسىنى، ئاچلىق ئازابىدا جان تالىشىۋاتقان قېرىنداشلىرىنى كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرسۇن دەپ باشقىلارنىڭ تەلىپىگە كۆنۈپ توي قىلغان ھېلىقى قىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سىلەر جەزمەن بىلمەيسىلەر. ئۇ ئەسلىدە مەن تونۇيدىغان ناھايىتى ئوبدان بىر يىگىتنىڭ تېخى يۈز كۆرۈشمىگەن لايىقى ئىدى. ئۇ قىز ئىرادىسىگە خىلاپ بۇ ئويىنى ئۆزى تېگىشنى خالايدىغان ئۇ يىگىتكە بىلدۈرۈشكە پېتىنالمىغان، ئاخىر تويلۇقى ئۇچۇن تۆلىنىدىغان تۆت چارەك قوناق ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا ۋىجدان ئازابىغا چىدىماي توي ئاخشىمىلا ئېسىلىپ ئۆلىۋالماقچى بولغان...

— دېمىسىمۇ شۇنداق، بۇنداق دەردكە ھەرقانداق ئادەمنىڭ چىدىمىقى تەس، — دېدى باياتىن بېرى قوش سۆرەۋاتقان ئۆكۈزدەك پۇشۇلداپ ئولتۇرغان ئېگىز بوي دەرۋىش كۈلاھىنى مىجىقلاپ تۇرۇپ، — بىراق، بۇنداق بەختسىزلىك ھازىر ھەممە يۇقرانىڭ بېشىغا كېلىۋاتىدۇ، پېقىر تونۇگۈن خانىبېرىقتا بىر ئۆيدىن ئۈچ جىنازا چىققىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئاڭلىسام ئۇلارمۇ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ!

— ھەي، نېمە بولۇپ كەتتى بۇ جاھان؟! «خوجامنىڭ

قورسىقى توق ، قۇلى بىلەن كارى يوق » دېگەن شۇ ـ دە ! ئوردىدىكى بەگ ـ خوجامىلارنىڭ پۇقرا بىلەن ئەسلا كارى يوق ، مۇشۇنداق چاغدا پۇقرانىڭ بېشىنى سىلىمىغان بەگنى قانداقمۇ ئادەم دېگىلى بولىدۇ !

— ئۆزىنىڭ ئىت ـ مۇشۈكلىرى سېسىق كېكىرىپ يۈرسە يۈرىدۈكى ، ھالىڭ نېچۈك دەپ سوراپمۇ قويمايدۇ .

— توختاپ تۇرۇڭلار ، توختاپ تۇرۇڭلار ، — ئۆرە تۇرۇۋالغان ئۇزۇن ساقاللىق دەرۋىش قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ، ئۇلپەتلىرىنى جىمىلىدى ، — ئاڭلىسام ھاجى پادىشاھتىن قالغان ئىككى چوڭ ئامبار تېخىچە ئېچىلماپتۇدەك ، ئۇنىڭدا لىقمۇلىق ئاشلىق بار دەيدۇ ، چاشقانلارمۇ سەمرىپ ، چىققان كامىرىغا كىرەلمەس بولۇپ قاپتىمىش...

— قايسى ئامبار ئۇ ؟

يېڭى كەلگەن دەرۋىشلەردىن بىرنەچچىسى تەڭلا سورىدى .

— ئوردا بىلەن تام تۇتاش ھېلىقى ئامبارنى دەيمەن ، ئۇ ئامبارنىڭ ئاشلىقى خوتەنلىكلەر يېتىپ يېسىمۇ بىرەر يىلغا يېتەتتىغۇ !

— بىر يىل ئەمەس ، ئۈچ ئاي يەتكۈدەك ئاشلىق بولسىدى ، پۇقرالار كۆزگە ئۆلىشىۋالاتتى ـ دە !

— ھاجى پادىشاھ بۇ ئاشلىقنى قەھەتچىلىك يىللىرى ئەسقېتىپ قالار دەپلا يىغىپ قويغان . قەھەتچىلىك دېگەن بولار ، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بولماس !

— ئاشلىق ئامباردا سېسىپ ياتسا ، پۇقرا ئاچلىقتىن ئۆلۈۋاتسا ، قانداق دېگەن گەپ بۇ ؟

تۇتۇق ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك پىلىلداپ تۇرغان قارا چىراغ يورۇقىدا دەرۋىشلەرنىڭ سۇر باسقان چىرايلىرى غىل ـ پال كۆرۈنۈپ تۇراتتى . كەيپى ئۇچقان دەرۋىشلەر خامانغا چۈشكەن قۇچقاچلاردەك جاۋىلداشاتتى . ئىبادەت بىلەن تۇرمۇش بوسۇغىسى ئارىسىدا پايپاسلاپ يۈرىدىغان بۇ مويسىپىت دەرۋىشلەر ئەل غېمىنى يېمەكتە ئىدى . كۆز ئالدىدىكى شەپقەتسىز رېئاللىققا جەڭ ئېلان

قىلغان چاغلىرىدىلا ئۇلار مۇشۇنداق بىئارام بولۇشاتتى .
خوتەن تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغان قىرى دەرۋىش چىچەك باغلاپ كەتكەن چىراغ پىلىكىنى چوكىدەك ئۇزۇن بارماقلىرى بىلەن يىنىك چىكىپ قويدى ـ دە ، خىرقىراپ سۆزلىدى :
— قىرىنداشلار ، بىز ئاللاغا ئەڭ يېقىن بىر تائىپە ، بىر ئاللا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدىن ئۆزگە ھېچكىمدىن قورقمايمىز ، ھېچكىمگە بىرشىمىز ۋە ھېچكىمدىن ئىلىشمىزمۇ يوق ، «جان بىر ، قوۋۇرغا ئون سەككىز » دەپتىكەن ، تەۋەككۇل دەپ ھاكىمبەگنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى ئىنساپقا دالالەت قىلىلى ، قەھەتچىلىك جانغا تاقاشقان مۇشۇنداق چاغدا ئاچمىغان ئامبارنى ئۇ قاچان ئاچىدۇ ، ھاكىمبەگمۇ ئۇچ ۋاخ غىزا يېمىسە ئۆرە تۇرالمايدۇ . ئالدىمغا كەپسەن دەپ پاكىتىدە ئىتتۇۋەتمەس !
— دۇرۇس ، ئۆلەر ھالەتكە يەتكەن پۇقرا ئۇچۇن ئاز ـ تولا لىللا گەپ قىلىپ قويىدىغان ۋاقىت كەلدى !
— ھاكىمبەگنىڭ قايناۋاتقان تاشقا قاراپ تەلمۈرۈۋاتقان نارەسىدە بالىلارغا ئىچى ئاغرىسۇن !
— ھاكىمبەگ ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمان بولغاندىكىن ، مۇسۇلمان بەندىلەرنىڭ ھالىغا يەتسىمۇ يېتەر ، يۇرۇڭلار ئەمىسە ماڭدۇق !
دەرۋىشلەر گۇررىدە ئورنىدىن تۇرۇشتى . ساپايىلىرىنى ، جەندە ـ كۇلاھلىرىنى تەخلەپ ، ئىشىككە قاراپ مېڭىشتى . ئۇلار- نىڭ بۇ قىياپىتى خۇددى ھەج ئۇچۇن بەيتۇللاغا قاراپ ئىبقىۋاتقان ئادەم كەلكۈنىگە ئوخشايتتى . ئۇلارنىڭ بۇ سەپىرىگە بۇلۇتلارغا باش قويغان تاغ چوققىلىرىمۇ ، كېچە ـ كۈندۈز قايناپ تۇرىدىغان شور دەريانىڭ دولقۇنلىرىمۇ توسقۇن بولالمايتتى . ئۇلار شۇ مېڭىشىدا ئوردا سېپىلى ، قوۋۇقلار ، ساراي ، ھەرەمخانىلاردىن بىمالال ئۆتۈپ ، نىياز ھېكىمبەگ يانپاشلاپ ياتقان ئەتلەس كۆرپە ئۈستىدە توختايدىغاندەك ئىدى . بۇ ھال كېپەك دەرۋىشنى نېمىشقىدۇر چۆچۈتۈپ قويدى . ئۇ ئۇلپەتلىرىگە قاراپ :

www.uyhurkitap.com

— توختاڭلار تەقسىرلەر ، ئازراق توختاپ تۇرۇڭلار ، — دېدى جىددىي تەلەپپۇزدا .

كېپەك دەرۋىش ئەسلىدە يۈرىكىنى زەرداب قىلىۋەتكەن دەرد ـ ئەلىمىنى تۆكۈپ ، كۆڭلى ـ كۆكسىنى بوشىتىۋالماقچى ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئېچىنىشلىق ۋەقەنى ھېكايە قىلىپ بېرىپ ، ھەمسۆھبەتلىرىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىماقچى بولغانىدى . لېكىن ، ئىشنىڭ تەۋرەپ بۇ دەرىجىگە يېتىپ بېرىشىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى . ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ، بۇ ئېقىننى ئۆزى ئۇلغايتمىدىمۇ ؟

ئۇ دەرۋىشلەرنىڭ ياخشى نىيىتىنى تامامەن چۈشىنەتتى . ھەتتا ئۇلارنى ئوردىغا ئۆزى باشلاپ بېرىپ ، نىياز ھېكىمبەگنى پۇقرانى قەھەتچىلىكتىن خالاس قىلىشقا يۈزمۇيۈز تۇرۇپ دالالەت قىلىشى ، ھۆرت ـ پۆرت دېسە ياقىسىنى سىقىپ تۇرۇپ ھېساب ئېلىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى . بۇ تۈپەيلى ئۆلۈپ كەتسىمۇ قېرى جېنىغا ھەرگىز ئىچ ئاغرىتمايتتى . لېكىن ، ئۇ شۇنىمۇ بىلەتتىكى ، ھېساب ئالىدىغان كۈن يېتىپ كەلگۈچە ئالدىراپ تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغىلى بولمايتتى . يەنە كېلىپ ، كۆزلىرىدىن يەتتە ئىقلىمنىڭ شۇملۇقى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئالتە توك ـ توك سەرگەردان دەرۋىشنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سېلىپ ، بىردىنلا ساخاۋەتچى ئەۋلىياغا ئايلىنىپ كېتىشىگە زادى ئىشەنمەيتتى . بىر ھىيلە بىلەن بۇ مۇنەججىم دەرۋىشلەرنى ئاسانلا ئالداپ كېتىشى ، ھەتتا تۇزاققا دەسسىتىشى مۇمكىن ئىدى . كېپەك دەرۋىش بۇ قىياسىنى ، ياق ، بۇ ھۆكمىنى ھەمراھلىرىغا قانداق بىلدۈرۈشى كېرەك ؟ بوسۇغىدا دېۋەيلىشىپ ، ئالىقانلىرىغا تۈكۈرۈپ تۇرغان ئۇلپەتلىرىنى قايىل قىلىش ئاسانمۇ ، بىر دۆۋە قۇرۇق ئوتۇنغا ئوت يېقىپ قويۇپ ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرسا ، ھەمراھلىرى ئالدىدا ئۇيات ئەمەسمۇ ؟

كېپەك دەرۋىشنىڭ تەقدىرىدىن تەلىيى چىقمىغان بىلەن ، مۇشكۈلاتتىن قۇتۇلۇشتا ئاجايىپ ئېپى بار ئىدى . ئەقىل ـ ئىدراك

بىلەن توشقان كاللىسىنى ئىشقا سالسىلا ، خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئەڭ ئەپچىل ، ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىلەرنى ئىنئام قىلاتتى . ئۇ دەرۋىشلەرنىڭ كۆزىچىلا تۈڭلۈك ئارقىلىق ئاسمان بوشلۇقىغا قارىدى ، ئاسماننىڭ بىر بۇرجىكى سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار بىلەن تولغانىدى ، ئۇ ئاسمانغا تىكىلگەن پېتى ئېغىز ئاچتى :

— ھەي ئەخمەقلەر ، قاراڭلار ، چولپان تۇگۇل ، تېخى ھۆكەرمۇ تۇغمىغان مۇنداق كېچىدە ھاكىمبەگنى نەدىن تاپىمىز ، دېسەم ـ دېمىسەم ، ئۇ شۇ تاپ ئۇيقۇ بىلەن چېلىشىپ ياتىدىغاندۇ ، ئەتىمۇ خۇدانىڭ كۈنى بولغاندىكىن ، ئۆزىمىزنى بېسىۋالايلى !

دەرۋىشلەر ئاسمان ، يۇلتۇز دېگەن نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئەمدىلا ئاڭلىغاندەك ، بىر خىل ئىزتىراپ بىلەن ئاسمانغا قاراشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قانداقتۇر بىر ئىشنى خاتا قىلىپ قويغىنىنى چۈشەنگەندەك پاراقىدە كۈلۈۋېتىشتى .

## ئون ئۈچىنچى باب

## قەشقەردىن كەلگەن مەلۇمات

تۆمۈر خەزىنىچىبەگنىڭ قەشقەرگە — ياقۇپبەگنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىلىشى ئوردىدا تىنچ كۆلچەككە تاش تاشلىغاندەك ، كىچىككىنە بىر داۋالغۇش پەيدا قىلدى . شەرەپلىك ئەلچىلىك پۇرسىتىنىڭ ئۆزىگە كەلمىگىنىدىن ئۆلگۈدەك خاپا بولغان ئەمىرلەشكەر خالمان پانسات قورساق كۆپۈكىدە زەردىگۈش بولۇپ يۈرگەن قازى لەشكەر مۇللاجى تۇراپنىڭ تۇتۇرۇق يېقىشى بىلەن «مېنى كەمسىندۈرگەن نىياز ھېكىمبەگ بىلەن زاكونلىشىمەن» دەپ غوۋغا كۆتۈردىيۇ ، ئابرۇيىنى چۈشۈرۈۋېلىشتىن قورقۇپ پەسكويىغا چۈشتى .

ئۇلار خوتەننى پەتھ قىلىشتا «قىلىچ سېپىنى تۇتۇپ باقمىغان» نىياز ھېكىمبەگنىڭ ھاكىمبەگ بولۇپ قېلىشىنى

ياقۇپبەگنىڭ سەۋەنلىكى، قان كېچىپ جەڭ قىلغان پەرغانىلىكلەرنى نەزەرگە ئالمىغانلىقى دەپلا قارايتتى. ئۆز ئالدىغا تەيىنلەنگەن بۇ خوتەنلىك قازى رەئىسنىڭ ئەتىۋارلىنىپ ياقۇپبەگنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىلىشىنى بولسا ئۆزلىرىگە قىلىنغان ھاقارەت دەپ بىلەتتى.

ئەمما، تۆمۈر خەزىنىچىبەگ نىياز ھېكىمبەگ تاپشۇرغان مۇشكۇل ۋەزىپىنى كۆڭۈلدىكىدەك بەجا كەلتۈرۈپ شەپقەتچىسىگە بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈش كويىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەنلىكتىن، نىياز ھېكىمبەگكە قىر كۆرسىتىپ، چىش بىلىگەن بۇ ئىككى مەنسەپدارنىڭ خاپچىلىقىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. ئۇ قەشقەردە ئون نەچچە كۈن تۇرۇپ قىلغان ئىشلىرىدىن تولۇق قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن قايتىش سەپىرىگە ئاتلاندى. زاۋا بازىرىدا ئاخىرقى قېتىم ئات ئالماشتۇرۇپ، ئۇدۇل ئوردىغا قايتىپ كەلدى.

ئۇ دىۋانغا ئاياغ بېسىشىغىلا، نىمىلەرنىدۇر پىچىرلاشقاچ چىقىپ كېلىۋاتقان خالمان پانسات ۋە موللاجى تۇراپ بىلەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلار نېمىشقىدۇر تۆمۈر خەزىنىچىبەگنى كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىشتى. خەزىنىچىبەگ «بەلكى ئۇلار ئالدىراش بولغانلىقتىن مېنى كۆرمىگەن بولسا كېرەك ۋە ياكى سەپەردە قارىداپ، چىرايىم ئۆزگىرىپ كەتكەندۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى ـ دە، قوبۇلخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنىمۇ تۇيمايلا قالدى.

نىياز ھېكىمبەگنىڭ خاس قوبۇلخانىسى ئەللىك نەچچە خانىلىق ئوردىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، زاھىتلارنىڭ ئىتىكاپخانىسىغا ئوخشايدىغان بۇ خانىدە دېرىزىمۇ، تۈڭلۈكمۇ قويۇلمىغانلىقتىن، كېچە ـ كۈندۈز چىراغ يېقىلاتتى. تالا ـ تۈزگە چىقىشنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغان نىياز ھېكىمبەگ كۆپ ۋاقتىنى ئاشۇ سىرلىق خاس ھۇجرىدا ئۆتكۈزەتتى. مەيلى غالىبلىق شاراپىتىدە يايرىسۇن ۋە مەيلى بىرەر قىيىن ئىشقا دۇچ كەلسۇن، بۇ ئايرىم

خانگە بېكىنىۋېلىپ ، جىمجىت خىيال سۈرەتتى ، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلدارلىرى، بەگلەر، ئاكابىر-ئەكابىرلار بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈش زۆرۈر تېپىلغاندىلا دىۋانغا چىققاندىن باشقا ، مۇھىم مېھمانلىرى ، خارىجى ئەلچىلەر ۋە مەخپىي ئادەملىرى بىلەن مۇشۇ قوبۇلخانىدا كۆرۈشەتتى . ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە بۇتتەك قېتىپ تۇرغان ئىككى مەھرەم ۋە ئوردا داستىخانچىسىدىن ئۆزگە ھېچكىم بۇ يەرگە رۇخسەتسىز كىرەلمەيتتى . كىرمەكچى بولغانلار ھەرقانچە مۇھىم كىشى بولسىمۇ ئالدى بىلەن مەلۇماتچى مەھرەمگە ئۆزىنى مەلۇم قىلاتتى ، ھاكىمبەگ خالىسا ئىجازەت بېرەتتى ، خالىمىسا ساقلىتىپ قوياتتى .

تۆمۈر خەزىنىچىبەگنىڭ شەپىسىنى ئۇنىڭ تونۇش يۆتەل ئاۋازىدىن تونۇۋالغان نىياز ھېكىمبەگ مەھرەمنىڭ مەلۇم قىلىشىنى كۈتمەيلا ئۆزلۈكىدىن ئىجازەت بەردى . ئاندىن ياتقان يېرىدە پىلە قۇرتىدەك سوزۇلۇپ ياستۇققا يۆلەندى . ئۇنىڭ خەزىنىچىبەگنىڭ يولىغا قاراپ كۆزى تۆت بولغىنىغا خېلى كۈنلەر بولغانىدى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، بېگىم ، — خەزىنىچىبەگ بوسۇغىدا تۇرۇپلا ئېگىلىپ سالام بەردى ، — سالامەت تۇردىلىمىكىن ، مۇبارەك تەنلىرى ئامانمىكىن ؟

— خۇداغا شۈكۈر...

نىياز ھېكىمبەگ بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلاپ قويدى ۋە بېشىنى لىڭشىتىپ ، ئولتۇرۇشقا رۇخسەت بەردى . خەزىنىچىبەگ ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ مەسچىتتە ئولتۇرغاندەك يۈكۈنۈپ ئولتۇردى .

ئىككى ھەپتىلىك سەپەر مۇشكۈلاتى ، يېشى قىرىق بەشتىن ئاشقان ، خام سېمىز كەلگەن تۆمۈر خەزىنىچىبەگنى خېلى جۇدەتكەنىدى . چۇچۇلىدەك قارىداپ ، جىگدە قوۋزىقىدەك يېرىلىپ كەتكەن مەڭزىدىن شورۇلداپ تەر قۇيۇلاتتى . ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنىڭ قارىچۇقى چۆرىسىنى شىۋاق بېسىپ كەتكەن سىزما كۆلچەكنىڭ سۇيىدەك پىلىلدايتتى . بىرەر ھەپتىدىن بىرى ئۇستىرا

تەگمەگەن ساقال ـ بۇرۇتى قاغا چاڭگىسىدەك چىگىشلىشىپ كەتكەندى . نىياز ھېكىمبەگ «قېنى سۆزلىمەمسەن !» دېگەندەك ، ئۇنىڭغا لاپ قىلىپ قاراپ قويدى . خەزىنىچىبەگ قولىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ :

— بېگىمگە خوپ كەلسە ھەممە تەپسىلاتنى باشتىن تارتىپ سۆزلىسەم... — دېۋىدى ، نىياز ھېكىمبەگ ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تەپتى :

— يوقسۇ ، باشتىن سۆزلەيمەن دەپ ئاۋارە بولمىسىلا ، قازىم ، گەپلىرىنى ئۆز رېتى بىلەن ئاڭلايدىغانغا ھەپسىلەم يوق ، شۇڭا مەن سوراي ، سىلى سورىغانغا جاۋاب بەرسىلە ، — دېدى نىياز ھېكىمبەگ .

نىياز ھېكىمبەگ سەل ئېغىنىۋالدى ـ دە ، قوشۇمىسىنى تۇرۇپ تۇرۇپ ، سوئال قويۇشقا باشلىدى :

— زاۋىدىن قاغىلىقىچە بولغان يولدا بىرەر كارۋان يولۇقتىمۇ ؟

— يوقسۇ ، بېگىم ، ھېچقانداق كارۋانغا يولۇقمىدۇق ، پىيالىمىدىكى ئۆتەڭچىنىڭ دېيىشىچە ، ئۇ يەردىن سودا كارۋانلىرى ئۆتمىگىلى ئالتە ـ يەتتە ئاي بولۇپ قاپتۇ .

— خوش ، مۇھەممەت يۇنۇسجان دادخاھنىڭ ھالى نېچۇككىن ؟

— دادخاھ جانابلىرى بەكمۇ ئوچۇق قول ئىكەن ، پېقىرغا كۆپ ھىممەت كۆرسەتتى ، ئۆزلىرىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ ، دۇئايىسالام ئەۋەتتى .

— ئۇنىڭدىن بىرەر يامان سۆز ئاڭلىمىدىلىمۇ ؟ مەسىلەن ئېلىپ ئېيتساق ، بىرەركىمنىڭ يامان گېپىنى قىلمىدىمۇ ؟

— يوقسۇ بېگىم ، نىيەت ـ ئىقباللىرىغا سېغىنىپ ، كارامەتلىرىگە قايىل ئىكەنلىكىنى ئېيتتى .

— ئۇ بەگ جانابلىرىنىڭ ساقلىقى قانداقراق ئىكەن ؟

— قارىماققا يۈز يىل ياشايدىغاندەك تۇردۇ ، ياشانغىنىغا قارىماي ، ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشلىرى چەبدەس ، سەدەپتەك چىشلىرى

ئارىسىدىن تۆكۈلگەن سۆز دۈردانىلىرى شۇنداق ئىنىق ، كۆزلىرى قارچىغىنىڭكىدەك چاقناپ تۇرىدىكەن .

نىياز ھېكىمبەگنىڭ توز قانىتىدەك ئىچىلىشقا باشلىغان قوشۇمىسى خۇددى كەكرى چاينىۋالغاندەك قايتا تۈرۈلدى . بېشىنى چايقاپ قويۇپ پىيالىنى قولىغا ئالدى ـ دە ، چاينى چۆلدىن قايتقان ئۇتۇنچىدەك غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى ۋە سوئال سوراشنى داۋام قىلدى :

— ئۇ جانابنىڭ يۈتەلگىنىنى ، غولۇم تىلىپ ، پۇتۇم سىرقىرايدۇ ، كۆزۈم تورلىشىپ ، بېشىم ئاغرىيدۇ ، دېگەندەك ۋايساشلىرىنى ئاڭلىدىڭمۇ ؟

— ئاڭلىمىدىم ، بېگىم ، ئۇ مەن بىلەن ھەمسۆھبەت بولغاندا خۇددى قۇرامىغا يەتكەن يىگىتلەردەك تېتىك ئولتۇردى ، نەچچە ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قارىسامۇ ھېچ چارچاپ قالغاندەك ئەمەس .

— خوش ، مۇھەممەت يۇنۇسجان دادخاھنى چىنارەدەك بېجىرىم تۇرۇپتۇ دېسىلە ، — نىياز ھېكىمبەگ «خوش » دېگەن سۆزىنى قارىي قىرائەت قىلغاندەك سوزۇپ ئېيتتى ۋە سوئالىنى ئۇلىدى ، — قەشقەر دەرۋازىسىدىن كىرگەندە ، ئەڭ ئاۋۋال نېمىلەرنى كۆردىلە ؟

ئاغزىغا بىر بۇردا نان ياكى بىر ئوتلام سوغۇق سۇ ئالمىغان خەزىنىچىبەگ مۆلدۈردەك تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان بۇ سوئاللار ئالدىدا مەڭدەپ قالدى . ئۇ نىياز ھېكىمبەگنىڭ تومۇز ئاخشىمىدىكى تومۇزغا ئاۋازىدەك يېقىمسىز تۈيۈلۈۋاتقان بۇ سوئالىنى ئىنىق ئاڭلىيالمىغاندەك ، قۇلىقىنى قېقىپ قويدى ۋە :

— تەقسىر ، نېمىنى كۆردۈڭ دەملا ، زادى نېمىنى كۆرگەندىمەن ، — دېۋىدى ، نىياز ھېكىمبەگ سەل تېرىككەندەك بولدىيۇ ، زورغا كۈلۈمسىرىدى .

— ياد ئېتىپ باقسىلا ، شەھەردە پۇقرا كۆپمۇ يا لەشكەر كۆپمۇ ؟

— ئەلۋەتتە پۇقرا كۆپ ئىكەن ، بېگىم . پۇقرالار ئېلىم ـ

سېتىم بىلەن مەشغۇل ئىكەن، لەشكەرلەر بولسام مەيداندا مەشىق قىلىۋېتىپتۇ.

— مەشىق قىلىۋېتىپتۇ؟ ئۇلار نېمىنى مەشىق قىلىدىكەن؟

— ئاڭلىسام ياقۇپبەگ ئالىيلىرى كۇچا، ئاقسۇ تەرەپلەرگە لەشكەر چىقارغۇدەك، شۇڭا ئۇ پۇقرا ئارىسىدىن لەشكەر ئېلىپ، جەڭ قائىدىلىرىنى ئۆگىتىپ هازىرلىق قىلىۋاتسا كېرەك. ئاتلىقلارمۇ، پىيادىلەرمۇ چۇمۇلىدەك يامراپ كېتىپتۇ.

— لەشكەرلەرنىڭ مەشغۇلاتلىرى قانداقراق ئىكەن؟

— ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قىزىل ساقاللىق مەشغۇلاتچىنى كۆردۈم. ئۇلار يالىڭاچ بولۇۋېلىپ لەشكەرلەرگە مىلتىق ئېتىشنى، نەيزىۋازلىقنى ئۆگىتىۋېتىپتۇ. قارىماققا پەرغانىلىكلەرگىمۇ، بىزنىڭكىلەرگىمۇ ئوخشايدىكەن.

— خوش مۇنداق دېسىلە...

نىياز هېكىمبەگ پىيالىنى قولىغا ئالدى، سەل جىددىيلىشىپ قالغان خەزىنىچىبەگنىمۇ چاي ئوتلاشقا تەكلىپ قىلدى. ئارىدا قىسقىغىنا جىمجىتلىق هۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن بۇ ئىككى بەگنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى قايتا ئۇچراشتى. نىياز هېكىمبەگ يەنە سوئال قويۇشقا باشلىدى:

— خوش... ئەمدى ياقۇپبەگ ئالىيلىرى توغرىسىدا كەڭتاشا سۆزلەپ بەرسىلە، مەسىلەن، ئۇ سىلىنى قەشقەرگە بېرىپ قانچە كۈندىن كېيىن قوبۇل قىلدى؟ سالامەتلىكى، رەڭگىروويى، خۇي-پەيلى قانداقراق تۇرۇپتۇ؟ چىرايى تۇتۇقمۇ ياكى ئوچۇقمۇ؟ پېقىر ئەۋەتكەن سوۋغا-سالامنى قوللىرىدىن ئۆزى ئالدىمۇ ياكى مەھرەملىرىگە ئالدۇردىمۇ؟...

نىياز هېكىمبەگ بىر تاغار سوئال ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭسىزمۇ قوۋۇزى تېلىپ، تىلى بوغۇزىغا تىقىلىپ قېلىۋاتقان تۆمۈر خەزىنىچىبەگنى تەمتىرىتىپ قويدى. تۆمۈر خەزىنىچىبەگ ئۆزىنىڭ ناهايىتى ماهىر، قاقۋاش بىر سوراقچىغا دۇچ كەلگەنلىكىنى هېس قىلدى:

— ھەممىنى دەيمۇ يا بىردىن ـ بىردىن دەيمۇ؟ — خەزىنىچىبەگ نىياز ھېكىمبەگدىن يېلىنغان ئاھاڭدا سورىدى.
نىياز ھېكىمبەگ سەل ئاچچىقلىنىپ دوق قىلدى:
— ھەممىنى دەيدىلا، بەش قولنى تەڭلا ئېغىزغا تىققىلى بولمىغاندىكىن بىردىن ـ بىردىن دەيدىلا!
— خوش ... خوش ... بېگىم، ياقۇپبەگ جانابلىرى پېقىرنى قەشقەرگە چۈشۈپ تۆتىنچى كۈنى يېڭىسار ھاكىمبېگى كاملخان تۆرەم، مارالبېشى ھاكىمبېگى ھېكىمخان تۆرەم ئەۋەتكەن خادىملار بىلەن قوشۇپ قوبۇل قىلدى. ھەممە ھاكىمبەگلەرگە ئوخشاش ھەدىيە، ئوخشاش دۇئايىسالام يوللىدى...
— توختاپ تۇرسىلا، كاملخان تۆرە ۋە ھېكىمخان تۆرىلەر ئەۋەتكەن ئازنىلىق تارتۇق بىزنىڭكىدىن كۆپمىكەن يا ئازمىكەن؟
— قۇللىرى ئۇلار ئەۋەتكەن تارتۇقنى ساناشقا ئاجىزلىق قىلدى. پەمىمچە، ئۇلارنىڭكى ئۆزلىرىنىڭكىدىن ئازراق بولسا كېرەك.
— خوش... — نىياز ھېكىمبەگ قانائەتلەنگەندەك بىر كېرىلىۋالدى ۋە خەزىنىچىبەگكە يەنە سوئال قويدى، — ئۇ ئالىيلىرىنىڭ كەيپى قانداقراق تۇرۇپتۇ؟
— كەيپى چاغ ئىكەن.
— چىرايىچۇ، غەمكىنمۇ ياكى...
— چىرايى كۈندەك پارلاپ تۇرۇپتۇ.
— بىركىمگە ئاچچىقلانغىنىنى، قاتتىق چىچىلغىنىنى كۆردىلىمۇ؟
— يوقسۇ كۆرمىدىم، ئۇ ئالىيلىرى شۇنداق سالماق، شۇنداق قائىدىلىك كۆرۈنىدىكەن. بىرەر كىشىگە ئاچچىقلىنىدىغاندەك ئەمەس.
— ھىم...
نىياز ھېكىمبەگ ئادىتى بويىچە كۆتمەك ساقىلىنى ئاستا سىلاپ قويدى، بۇ ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدە يېڭى داۋالغۇش

بولۇۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى .

— هوشۇربەگ بىلەن ئۇچرىشالىدىلىمۇ ؟

خەزىنىچىبەگ نىياز ھېكىمبەگنىڭ پەدىنى يۆتكەپ تېخىمۇ نازۇك يېرىگە قول سوزغانلىقىنى چۈشەندى ـ دە ، دەرھال جاۋاب بەردى :

— تاپشۇرۇقلىرى بويىچە هوشۇر مەھرەم بىلەن مەسچىتتىن چىقىۋېتىپ كۆرۈشتۇم ، ئۆزلىرى ئەۋەتكەن يۇز تەڭگىنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي قولىغا تەگكۈزدۇم .

— ئۇ بىرنېمە دېمىدىمۇ ؟

— ھە ، ئېسىم قۇرۇسۇن ، ئۇنتۇپ كەتكىلى تاس قاپتىمەن ، ئۇ : ياقۇپبەگ ئالىيلىرى ئېزىزبەگ جاللاتنى ئۆلتۇرۇۋەتتى ، دېدى .

— نېمە ، نېمە ... ئېزىزبەگ جاللاتنى ئۆلتۇرۇۋېتىپتۇ دېدىلىما ؟

— هوشۇر مەھرەم شۇنداق دېدى ، بېگىم !

نىياز ھېكىمبەگ دەسسىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ، بارماقلىرىدىن قاس چىقارغاچ ئۆي ئىچىنى بىر پىرقىراپ چىققاندىن كېيىن ئۆز ـ ئۆزىگە دېگەندەك دېدى :

— خوش ، ئېزىزبەگ جاللاتنى ئۆلتۇرۇۋېتىپتۇ ـ دە !

— شۇنداق ، بېگىم ، ئۇنى ئۆلتۇرۇۋېتىپتۇ !

ئۇ تۇمۇر خەزىنىچىبەگكە ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇپ بىرھازا خىيال سۇردى . ئاندىن بېشىنى كەينىگە بۇراپ خەزىنىچىبەگنىڭ كۆزلىرى ئىچىگە تىكىلدى ۋە :

— قەيەردە ئۆلتۇرۇۋېتىپتۇ ؟ — دەپ سورىدى . خەزىنىچىبەگ جاۋاب بەردى :

— خوتەندىن قايتىۋېتىپ ، قەشقەرگە تۆت قونالغۇ قالغان يەردە .

— هوشۇربەگ مەھرەم بۇ ئۆلۈمنىڭ سەۋەبىنى دەپ بەردىمۇ ؟

— دەپ بەردى ، خوتەننىڭ خەزىنىسىنى دەپتەرگە ئالغان چاغدا ئىشداشلىرىنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ ، بىرقانچە يۇز تەڭگىنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چۆنتىكىگە سالغان چېغى ، ياقۇپبەگ ئالىيلىرى كېتىۋېتىپ بۇنى بىلىپ قاپتۇدەك .

— ھە ؟ بۇنى ياقۇپبەگ ئالىيلىرى بىلىپ قاپتۇمۇ ، قېنى ئېيتسىلا ، يەنە نېمىنى بىلىپ قاپتۇ ؟

— ھوشۇربېگىم شۇنىلا دەپ بەردى ، باشقا تەرىپى پېقىرغا قاراڭغۇلۇق ، بېگىم .

ئېزىزبەگ جاللاتنىڭ ئۆلتۈرۈلگىنىنى ئاڭلاپ بېشىغا بىر قاپاق سوغۇق سۇ تۆكۈلگەندەك ئەندىكىپ كەتكەن نىياز ھېكىمبەگ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى ، سەكراتقا چۈشكەن بىماردەك پۇشۇلدىغان پېتى ئۆي ئىچىنى پېرىخوندەك ئايلىنىپ چىقتى :

— ئالىي پەرمانىنى كىمنىڭ ئىجرا قىلغىنىنى بىلەلىدىلىمۇ ؟ — دەپ سورىۋىدى ، خەزىنىچىبەگ تۇيۇقسىز بىرنەرسىنى يادىغا ئالغاندەك ئالدىراپ جاۋاب بەردى :

— بىلدىم ، بىلدىم ، ماڭا ھوشۇر بېگىم دەپ بەردى…

— ئادەمنى تولا تەقەززا قىلماي ئېيتامدىلا !

— قۇللۇق تەقسىر ، ھوشۇربەگ مەھرەم خوشلىشىۋېتىپ : ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئىجرا قىلدىم ، نىياز ھېكىمبەگ ، ياق ، ھاكىمبېگىم ئارتۇقچە خاۋاتىرلەنمىسۇن ، دېگەندەك قىلىۋىدى .

نىياز ھېكىمبەگ ھاياجانلاندى ، نېمىدۇر دېمەكچى بولغاندەك مەيدىسىنى كۆتۈرۈپ ، ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ ، ئۆزىنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرغان تۆمۈر خەزىنىچىبەگكە لاپ قىلىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ :

— ئى پەرۋەردىگارا ، ئۆزۈڭ ھەممىگە شەپقەت قىلغۇچىسەن ، يامانلارنى ئارىمىزدىن كۆتۈرگۈچىسەن ، ياقۇپبەگ ئالىيلىرىنى دەرگاھىڭدا ئامان قىلغايسەن ئامىن… — دېدى تەسىرلىك قىلىپ .

تۆمۈر خەزىنىچىبەگمۇ دۇئاغا قول كۆتۈردى ، بىراق يېقىن ئادىمىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كېتەر دەپ

ئويلىغان نىياز ھېكىمبەگنىڭ، ئەكسىچە يېقىن ئادىمىنى ئۆلتۈرگۈچىگە نۇسرەت تىلەۋاتقىنىنى زادىلا ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى. چۈنكى، ئۇ ئېزىزبەگنىڭ نىياز ھېكىمبەگنى چوڭ بىلىدىغانلىقىنى، پەقەت نىياز ھېكىمبەگنىڭ يۈزىنى قىلىپلا ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغىنىنى ئەسلا ئۇنتۇيالمايتتى. ئېزىزبەگ قەشقەرگە يولغا چىقىش ئالدىدا نىياز ھېكىمبەگ بىلەن ئاكا ـ ئىنىلەرچە مۇڭدىشىۋاتقىنىنى كۆرگەن چېغىدا، ئۇ ئۇلارنىڭ ئاشنىدارچىلىقىغا، يېقىنلىقىغا چىن كۆڭلىدىن ھەۋەس قىلغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ ئېزىزبەگ جاللاتنى «يامان ئادەم» قاتارىدا تىلغا ئېلىۋاتاتتى.

«نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ بۇ جاھاندا، ئوڭ ـ تەتۈرنى بىلگىلى بولمايدىغان قانداق قىزىق ئادەملەر بۇ؟ كىم كىمگە دوست، كىم كىمگە دۈشمەن؟» ئويى ـ پىكرى، يۈزىنى بۇلۇت توسقان ئايدەك خىرەلەشكەن تۆمۈر خەزىنىچىبەگ ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق دەپ سوئال قويدى ـ دە، دۇئانى «ئاللا ھەممە سىرنى بىلگۈچىدۇر» دېگەن ئايەت بىلەن ئاخىرلاشتۇردى.

تۆمۈر خەزىنىچىبەگ ياقۇپبەگنىڭ خۇسۇسىي ئىنايەتنامىسىنى نىياز ھېكىمبەگكە تاپشۇردى. نۇرغۇن باش ـ ئايىغى يوق سوئاللارغا جاۋاب بەردى، لەۋلىرى قۇرۇپ، كۆزلىرىنىڭ گۈنى ئۆچكەندىلا ئاندىن ئىجازەت ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

## ئون تۆتىنچى باب

# ھاكىمبەگنىڭ مېھمىنى

تۆمۈر خەزىنىچىبەگنىڭ پارچە ـ پۇرات مەلۇماتلىرى نىياز ھېكىمبەگنىڭ كۆڭلىنى خېلىلا پاراكەندە قىلىپ قويدى. راست گەپنى قىلغاندا ئېزىزبەگنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر

پاشا ياكى چىۋىننىڭ ئۆلتۈرۈلگىنىچىلىكلا ئىش ئىدى . بىراق ، ئىبزىبزبەگدىن ئىبارەت ئاشۇ «پاشا» ياكى «چىۋىن» ئۆز شەخسىيىتىگە ، توغرىسى ، تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم بىر مەخپىيەتنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتكىنى ئۈچۈنلا بۇ ئۆلۈم ئەھمىيەتلىك ۋە ئۇلۇغ ھېسابلىناتتى .

بۇ ئىبزىبزبەگ بىلەن ياقۇپبەگ يەكەنگە تۇنجى قېتىم كەلگەن چاغدىلا تونۇشقانىدى . ئۇ چاغدىكى يەكەن ھاكىمىيىتى خۇددى ئۈچ پۇتلۇق داشقانغا ئوخشايتتى . ئىسيانچى خۇيزۇلار يېڭىشەھەرنى ، ئابدۇراخمان ھەزرەت كونىشەھەرنى بېسىپ ياتاتتى . دەل شۇ پەيتتە كۇچادا باش كۆتۈرۈپ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان راشىدىن خوجا مىلادىيە 1864 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ھامىدىن خوجا باشچىلىقىدىكى كۇچا لەشكەرلىرىنى يەكەنگە ئەۋەتىپ ، ئابدۇراخمان ھەزرەت بىلەن تۇتۇشتى .

ئابدۇراخمان ھەزرەت يەكەننىڭ يېرىمىنى ئىگىلەپ ياتقان خۇيزۇلار بىلەن چىقىشالمايتتى ، خۇيزۇلارمۇ ئابدۇراخمان ھەزرەتكە بېقىنىشنى خالىمايتتى . سابىق مانجۇ ئىشىكئاغىسى نىياز ھېكىمبەگ بۇ چاغدا ئابدۇراخمان ھەزرەت ھوزۇرىدا ئىشىكئاغىلىق مەنسىپىدە تۇراتتى . ئۈچ تەرەپ تىركىشىۋاتقان ، بىر ـ بىرىنى خورىتىۋاتقان بۇ تېپىلغۇسىز پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن نىياز ھېكىمبەگ شۇ كۈنلەردە قەشقەردە كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىۋاتقان ياقۇپبەگكە قانات سۆرەپ ، ئۇنىڭغا مەخپىي مەلۇمات ئەۋەتتى . شۇنداق قىلىپ ، ياقۇپبەگ ئازغىنە لەشكەر بىلەنلا يەكەن شەھىرىگە يۈرەكلىك ھالدا باستۇرۇپ كىرەلىدى .

بىراق ، ياقۇپبەگنىڭ ئامىتى ئوڭدىن كەلمىدى ، شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرىشىگىلا ھامىدىن خوجىنىڭ قاقشاتقۇچ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلدى . بىر زەربە بىلەنلا خۇددى يوقىتىپ قويغان پانسات ، يۈزبېشىلار لەشكەرلىرىنى تاشلاپ سىپىل ئۈستىدىن ئات سەكرىتىپ قېچىپ كېتىشتى . ياقۇپبەگنىڭ پېشانىسى ئوڭدىن كېلىپ قىيا ئوچۇق تۇرغان دەرۋازا يوچۇقىدىن چىقىۋالدى ـ دە ، ساي يولىغا

www.uyghurkitap.com

قاراپ بەدەر قاچتى .

بۇ قاچ ـ قاچتا جىمى كەلگۈلۈك نامدار پانسات ئېبزىزبەگ جاللاتقا كەلدى . ئۇ خەندەكمۇ خەندەك ئۆمىلەپ ، قوۋۇقمۇ قوۋۇق ئۆزىنى ئۇرۇپ باققان بولسىمۇ ، لېكىن سېپىل ئىچىدە ئېغىلغا سولانغان سەكىدەك قامىلىپ قالدى .

ئۇ ، بىر يىلدەك تۇيۇلغان ئۇزۇن بىر كېچىنى گۆر ئىچىدە تىمىسقىلاپ يۈرگەن ئاچ ئەرۋاھتەك ، قاراڭغۇ ، تار كوچىلاردا ، پاتقاقلىق ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە ئۆتكۈزدى . پەرغانىدە ، سىر دەريا بويلىرىدىكى قانلىق جەڭلەردە بىگىزدەك ئۆتكۈر نەيزىلەر ، يامغۇردەك ئۇچۇپ تۇرغان ئوقلار ئارىسىدىمۇ قورقۇپ باقمىغان بۇ سەركەردە ، شۇ تار قەپەستە تا تاڭ ئاتقۇچە تىترەپ چىقتى .

خوراز چىللاشقا ، ئەزان ئاڭلىنىشقا باشلىدى . كۈنچىقىش تەرەپمۇ بېلىق قورسىقىدەك ئاقاردى . ئۆلۈم ئەلچىسى ئۇنىڭغا قەدەممۇقەدەم يېقىنلىشىشقا باشلىدى . چۈنكى ، تاڭ ئېتىپ ، ئاللانىڭ يورۇق كۈنى باشلانسىلا ئۇ لەشكەرلىرىنى كەينىگە سېلىپ ، كوچىمۇكوچا چارلاپ يۈرگەن ھامىدىن خوجا ئالدىدا مانا مەن دەپ ئاشكارا بولۇپ قالاتتى ـ دە ، ئۇدۇل دار ئالدىغا سۆرەپ بېرىلاتتى . ئۇ يىلاندەك ساڭگىلاپ تۇرغان دار ئارغامچىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنسېرى جېنىنىڭ تاتلىقلىقىنى شۇنچە ھېس قىلماقتا ئىدى .

— خەندەكتە ياتقان كىم ؟

— ...

— ئۆلۈكمۇ سەن يا تىرىكمۇ ؟

ئېبزىزبەگ جاللاتنىڭ مۇزلاپ قالغان يۈرىكى مەيدىسىگە «گۈپ ـ گۈپ» قىلىپ ئىككىنى تەپتى ، غوڭۇلداپ تۇرغان قۇلىقى كىمنىڭدۇر ئاۋازىنى ئاڭلىدى . ئۇ ئىنگراۋاتقاندەك جاۋاب بەردى :

— مەن... مەن قەلەندەر .

— ئورنۇڭدىن تۇرە ئۆلمىگەن بولساڭ !

ئېبزىزبەگ يېنىنى سىلىدى ، تاپانچىسىمۇ ، قىلىچىمۇ ، ھەتتا

ئۆتۈكىنىڭ قونچىدىكى خەنجىرىمۇ نەلەردىدۇر چۈشۈپ قالغانىدى . چۈشۈپ قالمىغان تەقدىردىمۇ قوللىرى ھېچ نەرسىگە قولاشمايتتى . ئۇ ئىلاجىسىز ئورنىدىن تۇرۇۋىدى ، سوئال قويغۇچىنىڭ بەگلەرنىڭكىدەك ئۇزۇن تونى ، بېلىگە باغلىغان نەقىشلىك كەڭ كەمىرى ، كەمەرگە ئېسىلغان ئوقدىنى ، پارقىراق خۇرۇم ئۆتۈكى كۆزىگە چېلىقتى . سوئال سورىغۇچى ئۇنى باشتىن ـ ئاخىر كۆزىتىپ چىقتى ۋە :

— ھىم ، قەلەندەرمىش تېخى ، ئۆزۈڭنى قەلەندەر دېگىنىڭنى ياقۇپبەگ ئالىيلىرى ئاڭلاپ قالسا نېمە قىسمەتكە قالارسەنكىنتاڭ ! — دېيىدى ، ئېزىزبەگ جاللات ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك ئېسىگە كەلدى . ئىشىكئاغا ئالدىدا دوككىدە تىزلاندى :

— ...

ئۇنىڭ بېشى ئۇستىدە قىلىچ تەڭلەپ تۇرغان بۇ كىشى ئەمدى غالىب خوجىلارنىڭ ئەمىرىنى تۇتۇۋاتقان نىيازبەگ ئىدى . ئۇ ئېزىزبەگكە ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى . ئۇنى نۇرغۇن سوقماقلاردىن ، ئەگرى ـ بۈگرى كوچىلاردىن ئايلاندۇرۇپ ، ئۆيىگە ئەكەلدى . ئەتىسى كەچ كىرىشى بىلەن تەڭلا شەھەر قوۋۇقىدىن چىقىرىپ ، قەشقەرگە يولغا سېلىپ قويدى .

ئۇلار ئەنە شۇنداق تونۇشتى . ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى . مارالبېشىدىن ئىبارەت ئارقا سېپى ئۈزۈپ تاشلانغان ھامىدىن خوجا ياقۇپبەگ بىلەن سۈلھىگە كېلىپ كۇچاغا قايتتى . شەھەر ياقۇپبەگنىڭ قولىغا ئۆتتى . ياقۇپبەگنىڭ خاس يىگىتلىرىگە باش بولۇپ كەلگەن ئېزىزبەگ يەكەندە بىرەر ھەپتىچە تۇرۇپ قالدى . ئۇلار قايتا كۆرۈشتى ، بەلكى بىللىلىشىپ ، ھىيلە دەشتىنى بويلاپ يېڭى مەنزىلگە ئات سالدى . خوتەنگە لەشكەر تارتقاندا ، ئېزىزبەگ جاللات نىياز ھېكىمبەگنىڭ شەپقىتىگە ئۆز لايىقىدا جاۋاب قايتۇرۇپ ، تۆمۈر خەزىنچىبەگنى خۇددى پاختا ئىچىدە چوغ ساقلىغاندەك ساقلاپ قالدى . نىياز ھېكىمبەگمۇ ئۇنىڭ خەزىنىدىن قولىغا چۈشۈرگەن نەچچە يۈز تەڭگىنى سوقۇۋالغىنىنى كۆرۈپ

تۇرۇپ كۆرمەسكە سالدى. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگكە سايىدەك ئەگىشىپ يۈرىدىغان بۇ باتۇرنىڭ بۇرنىغا تۇيدۇرماي قارماق ئۆتكۈزۈۋالدى.

«قارا سىنىڭ گۇمانخورلۇقۇڭنى، — دەپ ئويلىدى نىياز ھېكىمبەگ ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قويۇپ، — ياقۇپبەگ ئىزىز بەگنىڭ خىيانىتىگە سۈكۈت قىلغىنىڭنى، يوشۇرۇن ئالاقەڭنى سىزىپ قالغان بولسا سىنى ئۆلتۈرمەي، يىنىدىكى پەرغانىلىكنى ئۆلتۈرەرمىدى؟ ئۇنىڭ قولى خوتەنگە يەتمەمتى؟ دۇرۇس، ھوشۇر بەگ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تىلىنى، ئاندىن كېيىن كاللىسىنى كەسكەن گەپ!»

نىياز ھېكىمبەگ ئوردا بېغىنىڭ بېھى شاخلىرى بىلەن ئورالغان چىغىر يولىدا بىر تال پىشمىغان بېھىنى ئويناپ كېتىۋېتىپ ئاشۇلارنى ئويلىدى ۋە ئۆز ھۆكمىگە رازى بولغاندەك، پىسەڭگىدە كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

باغ مەنزىرىسى رىۋايەتلەردىكى جەننەتتەك گۈزەل ئىدى. ئىككى ئارغامچا بويى كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ ئالتۇن شولىسى قارامتۇل ئۆرۈك يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ دەرەخ سايىسىدىكى قويۇق كۆكاتلار يۈزىدە جىلۋە قىلاتتى. تاڭنى يىڭى ناخشىسى بىلەن كۈتۈۋالغان قۇشلار تاڭدىن باشلاپ تۇۋلاشقا باشلىغان غەزىلىنى تېخىچە تۈگىتەلمىگەنىدى. قۇشلارنىڭ تۇنجى ناخشىسى بىلەن تەڭ ئېچىلغان ئەتىرگۈللەر ياقۇتتىن ياسالغاندەك تاۋلىناتتى. ئېرىقلاردىكى سۇنىڭ شىرىلدىشى سەبىي قىزنىڭ كۈلكىسىدەك خۇش ناۋا ئىدى. پاك، سۈزۈك سەھەر شەبنىمى بىلەن يۇيۇلغان گۈزەل تەبىئەت، زۇمرەتتەك سۈزۈك كۆك ئاسمان، تۇرلۇك ـ تۈمەن قۇشلارنىڭ جاننى ياشارتىۋېتىدىغان ئۇمۇمىي خورى قەدەملىرىنى ئېغىر يۆتكەپ كېتىۋاتقان نىياز ھېكىمبەگكە ھېچقانداق زوق بېرەلمەيتتى. جانسىز مەۋجۇداتلارنىمۇ جانلاندۇرۇۋېتىدىغان بۇ گۈزەللىك نامايەندىلىرى ئۇنىڭ جىمى سەزگۈسىنىڭ تېشىدا ئىدى. تەپەككۇرىنى تۈمۈر تىرناقلىرى بىلەن

مەھكەم قامال قىلىۋالغان تۇگىمەس خىيال ئۇنى بۇ مۆجىزاتلاردىن بەھرە ئالدۇرمايتتى .

نىياز ھېكىمبەگ دەرەخلەرنىڭ دالدىسىدا ، يوپۇرماقلار ئارىسىدا تۇرۇپ ئۆزىنى قۇرۇقداۋاتقان خاس مەھرەملىرىگە «سەگەك تۇرۇڭلار» دېگەندەك قاراپ قويىدى ـ دە ، ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاشقا باشلىدى :

«شۇنداق قىلىپ ئېزىزبەگ ئۆلدى ، ئوردىدىكى روشەن كۆز ، ئۆتكۈر قۇلاقمۇ ئېتىلىپ قالدى . ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟ ياقۇپبەگدە ۋە ئۇنىڭ يېنىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەر تاپماي بولامدۇ ؟ ھوشۇربەگچۇ ، ھوشۇربەگ تېخى ياش ، ساددا ، ئۇنى ساددىلىق قىلىپ ئىشنى بۇزۇپ قويامدۇ دەپ ھۆددە قىلىش مۇمكىنمۇ ؟ ياق !… ياق… »

— بېگىم !

تۇيۇقسىز چىقارمايلا يېتىپ كەلگەن ياساۋۇلبېشىنىڭ زەئىپ ئاۋازى تاشقى دۇنيانى نەزىرىدىن ساقىت قىلىۋەتكەن نىياز ھېكىمبەگنى خۇددى ساغرىسىغا بىگىز سانجىلغاندەكلا چۆچۈتۈۋەتتى . ئۇ قائىدىنى بۇزۇپ ئىجازەتسىزلا پەيدا بولغان بۇ ئەدەپسىزنى ئۇچۇقلاپ قويماق ئۈچۈن قولىنى كۆتۈردىيۇ ، نىيىتىدىن يېنىپ :

— ھە ، نېمە گەپ ؟ — دەپ زەردە بىلەن سورىدى . ياساۋۇلبېشى :

— بەگ جانابلىرى ، ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلمىسام زادى بولمىدى ، بىر توپ دەرۋىش دەرۋازا ئالدىدىن كەتمەي تۇرۇۋاتىدۇ ، ئۆزلىرىنى مالال قىلماي دەپ ھەيدەپ باقتىم ، ھەيۋە قىلدىم ، قانچە قىلساممۇ گەپ يەيدىغان ، يولىغا راۋان بولىدىغاندەك ئەمەس ، — دەپ جاۋاب بەردى ، ھودۇقۇپ ، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ .

نىياز ھېكىمبەگ سەل ھەيران بولدى ۋە دېدى :

— دەرۋىش ! نېمە دەرۋىشلەركەن ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ تەتۈرلۈك قىلىدىغان ؟ يا بۇ يەر مازار ـ ماشايىخ بولمىسا ، يا نەزىر ـ

چىراغ ، زاراخەتمە ئۆتكۈزمىگەن تۇرساق ؟
— تەقسىر ، بۇ تەرىپىنى مەن ئۇقمىدىم ، ئىشقىلىپ ئۇلار ئەتىگەندىلا كېلىشكەن ، ھاكىمبەگ بىز بىلەن كۆرۈشسۇن دەيدىغان زۆرۈر گېپىمىز بار ، ھاكىمبەگ يۈز كۆرسەتمىگۈچە بۇ يەردىن كەتمەيمىز ، دەرۋازا ئالدىدا تۇنەيمىز دەۋاتىدۇ...
— نەچچە ئادەم ئىكەن ؟
— يىگىرمىچە چىقار ، تەقسىر .
نىياز ھېكىمبەگ سەللىلىك بېشىنى گىلدىڭلىتىپ يەنە يەتتە - سەككىز قەدەمچە ماڭدى ، باغ تېمىغا يېتىپ باراي دېگەندىلا ئاندىن تۇيۇقسىز كەينىگە بۇرۇلۇپ ، ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ياساۋۇلبېشىغا بۇيرۇق قىلدى :
— ئۇ دەرۋىشلەرنى ئىبسل مېھمانخانىغا باشلاڭلار ، قاتمۇقات كۆرپە - چۈشەك سېلىڭلار !
— دەرۋىشلەرنى ئىبسل مېھمانخانىغا باشلايمىزمۇ ؟
ھاكىمبەگنىڭ گېپىگە ھەيران بولغان ياساۋۇلبېشى ئاشۇ ئىككى ئېغىز سۆزنى تەكرارلىغىنىچە باغدىن چىقىپ كەتتى...
دەرۋىشلەر ئىشكى دېۋانغا ئېچىلىدىغان چوڭ مېھمانخانىغا دۈپۈرلىشىپ كىرىپ كەلدى ۋە چورۇق ، كەشلىرى بىلەنلا گىلەم ئۈستىگە چىقىپ ، تام بويلاپ سېلىنغان بۇلۇتتەك يۇمشاق كۆرپىلەردىن ئورۇن ئېلىشتى . ساپايىلىرىنى پوتىسىغا قىستۇرۇپ قويۇپ ، كېرىلىپ ئولتۇرۇشتى . ئادەتتە ھىندى ، پەرەڭ سودىگەرلىرى ، مۇھىم ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە ئىبسلزادە مېھمانلار كۈتۈلىدىغان بۇ مېھمانخانا بۈگۈن ياماق جەندە ، كىرلەش كۆلاھ كىيگەن ، توپىغا پۇچىلىنىپ ئۆگىنىپ كەتكەن دەرۋىشلەرنىڭ كۆلكە - چاقچاقلىرى بىلەن بۇرۇنقى سۈرىنى يوقاتتى .
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئاتىلار !
نىياز ھېكىمبەگ مېھمانخانىغا ئېگىلىپ ، پۈكۈلۈپ كىرىپ كەلدى ۋە دەرۋىشلەر بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ

چىققاندىن كېيىن داستىخانچىغا ئىشارەت قىلدى .

مۇلازىملار ئوردا داستىخانچىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئۇزۇن - ئۇزۇن گۇللۇك داستىخانلارنى دەرۋىشلەرنىڭ ئالدىغا يېيىپ ، قەنت - گېزەك ، ھەسەل ، مۇراببا ، گۇلقەنت ، مېۋە - چېۋە ، سىڭىپ پىشقان ياغلىق توقاچ ، دەستە - دەستە كاكچىلارنى تىزىۋەتتى . ئارقىدىنلا نەپىس چىنىلەردە ناۋات سېلىنغان چاي تۇتتى .

چىرايىدىن كۇلكە يېغىپ تۇرغان نىياز ھېكىمبەگ ئورنىدىن دەس تۇردى - دە ، ئىككى قولىنى كەڭ يېيىپ ، كۆزلىرى بىلەن داستىخانغا ئىشارەت قىلىپ :

— قېنى مۆھتەرەم ئەۋلىيالىرىمىز ، چايغا بېقىشسىلا ، بۇگۇن ناماز بامداتتىن بۇرۇن بەك ئوبدان بىر چۇش كۆرگەنىكەنمەن ، چۇشۇمدە پېقىرنىڭ يەكەن دىيارىدا ئالەمدىن ئۆتكەن مۇبارەك پەدەرى سەئىد ئىشان غازى جانابلىرى پەيدا بولۇپ : «بۇگۇن كۆلبەڭگە شۇنداق مېھمانلار كېلىدۇكى ، ئۇلار ئاللاغا ئەڭ يېقىن ، دۇئايى ئىجابەت ئەزىزلەردۇر . بۇ مېھمانلارغا مۇھەببەتلىك كۆڭلۇڭنىڭ تۆرىدىن ئورۇن بەر ، ھىممىتىڭنىڭ بەرىكىتى بىلەن داستىخان سېلىپ رازىلىقىنى ۋە دۇئاسىنى ئال» دېگۇدەك . كۆرۈپ تۇرۇپتىمەنكى ، ئىشان بەدەرىم بېشارەت بەرگەن مېھمانلار دەل ھەرقايسىلىرى ئىكەنلا . تۆگە سويۇپمۇ چىللاپ كەلگىلى بولمايدىغان پەرىشتە سۇپەت ئاتىلىرىمىز بۇگۇن ئاللانىڭ قۇدرىتىدە ئۆز ئاياغلىرى بىلەن كېلىشىپتىلا . مۇبارەك جامالىلىرىنى كۆرۈپ كۆڭلۇم باشقىچىلا كۆتۈرۈلۇپ قالدى . قېنى ، غەم باسقان كۆلبەمنى جانلاندۇرۇپ ، تارتىنماي ئېلىشسىلا ! — دېدى ۋەزخانلىق قىلىپ .

نىياز ھېكىمبەگ ئۆز ئاتىسى «سەئىد ئىشان غازى جانابلىرى»نىڭ نامىنى ئېغىزغا ئالغاندا كېپەك دەرۋىشنىڭ بەدەنلىرى بىردىنلا تىكەنلىشىپ كەتتى . ساڭگىلاپ تۇرغان قاپاقلىرى ئاستىدىكى ئويچان كۆزلىرى يوغان - يوغان ئېچىلدى .

قوشۇمىسىدا پەيدا بولغان ئۈچ يول قورۇق بىردىنلا غايىب بولدى . ئۇزۇن مويلۇق كۆتمەك قاشلىرىنىڭ قويرۇقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى . قولاق تۈۋىدىكى قورۇلۇپ مونەك بولۇپ كەتكەن مۇسكۇلسىز تېرىلىرى تارتىشىپ ، لىكىلداپ كەتتى . بوغۇزىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان كۈچلۈك ھاۋا ئېقىمىنى توسۇۋالماقچى بولغاندەك ، چىمەلتىكى ئۇزۇلگەن سول ئالىقىنى بىلەن ئاغزىنى توسۇۋالدى - دە ، پەس ئاۋازدا يۆتىلىپ قويدى...

كېپەك دەرۋىش ئۆزىنىڭ پاخالغا چوغ تاشلىغاندەك بىر ئىش قىلىپ قويغىنىنى سەزگەندە بەكلا كېچىككەنىدى . ھەمراھلىرى يار ئالغان سۇدەك دەۋرەپ كەتكەندە بولسا ، ئۇلارنى بۇ خەتەرلىك يولدىن توسۇپ قېلىشقا ئامالسىز قالدى . كۆرسەتكەن سەۋەبلىرى ، توقۇپ چىققان باھانىلىرى شىددەتلىك سەل سۈيىگە توغرا كېلىپ قالغان كىچىك توسمىدەكلا ھېچنېمىگە دال بولالمىدى . سەلنى توسۇشقا ھەددىدىن - زىيادە ئۆزىنى ئۇرۇشمۇ ، سەلگە قوشۇلۇپ بىللە ئېقىشمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوخشاشلا زىيانلىق ئىدى . ئىلاجسىز قالغان دەرۋىش ئاخىر كېيىنكى يولنى تاللاشقا مەجبۇر بولدى ۋە ھەمراھلىرىغا قوشۇلۇپ بەگنىڭ ئالدىغىچە كەلدى . ئۇنىڭ خاۋاتىرلىنىدىغان ئىككى ئىشى بار ئىدى . بىرى ، دەرۋىشلەر نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئوغسىنى قايىنتىپ قويۇپ بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قالسا ، ئۇنىڭ سەۋەبكارى دەل ئۆزى بولۇپ چىقاتتى . يەنە بىرى ... يەنە بىرىنى ھازىرچە ھېچكىمگە ئېيتقىلى بولمايتتى...

نىياز ھېكىمبەگ ئۆزى بىلىدىغان تەكەللۇپ سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ تۈگەتتى . ئۆرە تۇرۇشۇپ ئاياغلىرى تالدى . كۇلۇمسىرەۋېرىپ يۈز نېرۋىلىرى بىھوش بولدى . لېكىن ، دەرۋىشلەر تاتلىق - تۇرۇملارنى بىر ياققا سۈرۈپ قويۇپ ، نازۇنېمەتلەرگە كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىدى . گۆشلۈك پولۇ ۋە پېتىر مانتا كەلتۈرۈلدى ، ئوخشىغان تائاملارنىڭ مەززىلىك ھىدى مېھمانخانىنى بىر ئالدى . ئەمما ، مېھمانلار كۆڭلەك - يەكتەكلىرىنىڭ پېشى بىلەن يۈز - كۆزلىرىنى يەلپۈپ ، خۇددى

ئەزىرى ئۈستۈن بايۋەچچىلەردەك ئۆلتۈرۈشەردى . نىياز ھېكىمبەگ يەنە بىر قېتىم تەكەللۇپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى :

— دەرۋىش ئاتىلىرىم ، غىزا سوۋۇپ قېلىۋاتىدۇ ، پولۇدىن بولسىمۇ بىر كاپام ئېلىشقان بولسىلا بېشىم ئاسمانغا تاقاشقان بولاتتى...

دەرۋىشلەر نېمىشقىدۇر جىمغۇر بولۇپ قالغان كېپەك دەرۋىشكە ئاستىرتىن قاراپ قوياتتى . بېشى توپ ئىچىدىن ئاران چىقىپ تۇرغان كېپەك دەرۋىش ھەمراھلىرىنىڭ بۇنداق قارىشىنىڭ نېمە مەنىنى ئۇقتۇرىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەنگەچكىمۇ ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن ھەدەپ ئۆزىنى قاچۇراتتى . كۆزلىرىنىڭ ئۇچرىشىپ قېلىشىدىن قورقاتتى .

ئادەتتە ھېچكىمگە گەپ بەرمەيدىغان كېپەك دەرۋىشتىن بۈگۈن نوقۇسىمۇ سادا چىقمايۋاتقىنىغا ئەجەبلەنگەن ساقاللىق دەرۋىش ئۇنىڭغا قاراپ يەۋەتكۈدەك بىر ئالىيىۋالدى ـ دە ، ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى :

— ھاكىمبەگ جانابلىرى ، ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا ، قورسىقىمىز توق دېسەك يالغان گەپ قىلغان بولىمىز ، قورسىقىمىزنىڭ ئاچلىقىغۇ ئاچ ، شۇغىنىسى ئۆزلىرى ئالدىدا كىچىككىنە خىجالەتچىلىكىمىز بار ئىدى . شۇ ۋەجىدىن گېلىمىزدىن غىزا ئۆتمەيۋاتىدۇ ، — دېدى ئۇ گەپنى ئەگىتىپ .

دەرۋىشلەر «تازا قامالاشتۇردى» دېگەندەك ، بىر ـ بىرىگە قارىشىۋالدى . ساقاللىق دەرۋىشنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى تۇيۇپ تۇرغان نىياز ھېكىمبەگ بىردىنلا كۈلۈمسىرىدى ـ دە :

— پېقىر يۇرت كۆرگەن ، بېشىمدىن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەن ، كەڭ قورساق ، ئەپۇچان ئادەممەن ، خىجالەت بولغانلارنى خىجالەتتىن خالاس قىلىش قولۇمدىن كەلمىسە ، ئالتە بەگلىك بۇ يۇرتقا ھاكىمبەگ بولۇپ نېمە قىلىمەن ؟ قېنى ، خىجالەت بولۇشلىرىنىڭ ۋەجىنى بىلىشكە مۇمكىن بولارمىكىن ؟ — دېۋىدى ، ساقاللىق دەرۋىش ھەييارلارچە كۈلۈپ قويۇپ ، سۆزىنى ئۇلىدى ۋە

www.uyghurkitap.com

دېدى :

— ئـۆزلىرى كەڭ قورساق ، ئەپۇچان ئادەم بولغاندىكىن، گەپنى ئوچۇقلا دەۋېرەي ، بەزىلەر «يۇرت خاراب بولۇۋاتىدۇ ، پۇقرا قـەھـەتچىلىكتىن ئۆلۈۋاتىدۇ ، هاكىمبەگنىڭ پۇقرا بىلەن كارى بولمايۋاتىدۇ» دېسە پۇتۇنلەي ئىشىنىپ كېتىپتۇق . مانا بۈگۈن كـۆرۈپ تـۇرۇپـتـىـمـىـز ، ئالدىمىزغا چوڭ داستىخان يېيىپ ، نازۇنېمەت بىلەن تولدۇرۇۋەتتىلە ، ئەدەپ بىلەن تەكەللۇپ قىلدىلا ، بۇنىڭغا قاراپ ئۆزلىرىنىڭ ئۇلار ئېيتقاندەك پىخسىق ، ئاچ كۆز ئادەم ئەمەسلىكلىرىنى چۈشەندۇق . باشقىلارنىڭ ئۆسەك گەپلىرىگە ئـىـشـىـنـىـپ ، ئۆزلىرىگە خاتا باها بېرىپ قويغىنىمىز ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىۋاتىمىز ، خىجالەتچىلىكىمىزنىڭ ۋەجى مانا شۇ بېگىم !

مـېـهـمانخانىدا يىنىك شاۋقۇن كۆتۈرۈلدى ، كىمدۇر بىرى باركاللا توۋلىۋەتتى . كىمدۇر باشمالتىقىنى چىقىرىپ ، ئۆزىنىڭ گەپدانلىقىغا ئۆزى ھەيران بولۇپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ساقاللىق دەرۋىشكە كۆرسىتىپ قويدى .

نىياز ھېكىمبەگ بىرھازا داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن توساتتىن ھوشىنى تاپقاندەك بولدى ۋە :

— دۇرۇس… تامامەن دۇرۇس ، پېقىر ئۆزلىرى ئېيتقاندەك مـەرد ، سېخىي ئادەممەن ، پۇقرادىن ھېچ نەرسىنى ئايىمايمەن ، شۇغىنىسى ، قول ئاستىمدىكى بەزى مىڭبېشىلار ، بەگلەر… — دېدى تىلىنى چايناپ .

نـىياز ھېكىمبەگنىڭ قەستەن قۇرۇق ھارۋا سۆرەۋاتقىنىنى سېزىپ قالغان ساقاللىق دەرۋىش «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دېگەندەك ، ياپتا گەپ بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى :

— چىم پىششىق ئىشەندۇق ، راستىنىلا سېخىي ئادەم ئىكەنلا ، چـاتـاقـنـىـڭ ھـەمـمىسى ئاشۇ مىڭبېشى ، بەگ ، توقسابا دېگەن لەنىتىلەردە ، ئۇلار پۇقرالارنىڭ ھالىنى ئۆز ئەينى مەلۇم قىلغان بولسا ئۆزلىرى ئوردا يىنىدىكى ئىككى ئامبارنى ئېچىپ ، پۇقراغا ئاش ـ ئوزۇق بەرگەن بولاتتىلا ، توغرا دېدىممۇ ، بېگىم ؟ — دېدى ،

ئىنتايىن تەبىئىي تەلەپپۇز بىلەن يەنە بىر دەرۋىش ئۇنىڭ گېپىنى تولۇقلاپ دېدى :

— بىگىمغۇ جەزمەن شۇنداق قىلاتتى ، شۇغىنىسى ئۇلار ئىككى ئامباردا لىق ئاشلىق بارلىقىنى بىگىمگە دېمىگەن گەپ ، شۇنداقمۇ ، بىگىم ؟

— شۇنداق... شۇنداق ... هەي ئاشۇ ئادەملەرنىزە ...

قارا باسقاندەك تەرلەپ كەتكەن نىياز ھېكىمبەگنىڭ تىلى بىردىنلا كالۋالىشىشقا باشلىدى . يىرتقۇچتىن قورققاندەك تىترەپ كۆزلىرىنى دەرۋىشلەردىن ئەپقاچتى . شۇ ئارىدا ھېلىقى ساقاللىق دەرۋىش يەنە قىستاپ كەلدى :

— تەقسىر ، بىز دېگەنغۇ خۇدانىڭ بەرگىنىگە شۇكۇر ـ قانائەت قىلىپ ياشاۋېرىدىغان خەق . لېكىنزە نەچچە مىڭ پۇقرا ئاچ ـ زارلىقتىن قاقشاۋاتىدۇ ، ئۆي ـ ماكانلار ، تېرىلغۇ يەرلەر ئىگىسىز ، قاراقسىز قېلىۋاتىدۇ . ئىلتىماسىمىز شۇكى ، ھېلىقىدەك بىپەرۋا بەگلەرنى ئالدىلىرىغا ھازىر قىلىپ ، پۇقراغا ئاش ـ ئوزۇق تارقىتىپ بېرىشكە پەرمان چۈشۈرگەن بولسىلا ، بىزمۇ خاتىرجەم بولۇپ نازۇنېمەتلەرگە قول ئۇزاتساق...

نىياز ھېكىمبەگ مەھرەملىرىنى بۇيرۇپ دۇۋانبېگىنى ، مىرزا بېشىنى چاقىرتتى :

— سىلەر لامزەللىلەر پۇقرانىڭ قىينىلىۋاتقىنىنى نېمىشقا ماڭا مەلۇم قىلمىدىڭلار ، بېرىڭلار ، ئامبارنى ئېچىپ ئاشلىقلارنى ئاچ قالغان پۇقرالارغا لايىقىدا تەقسىم قىلىپ بېرىڭلار ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ زامانىدا قورسىقىمىز ئاچ قالدى دېگەن گەپ ئىككىنچى قۇلىقىمغا كىرمىسۇن ! — دەپ ۋارقىرىدى پوكاندەك ئېسىلىپ .

دەرۋىشلەر خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك ، داستىخانغا تەڭلا قول ئۇزىتىشتى . تويغۇچە غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن تېگىشلىك ئىنئام ئېلىپ ، ئامبارنىڭ ئېچىلغان ـ ئېچىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى .

دەرۋىشلەرنى دەرۋازا تۈۋىگىچە ئۇزىتىپ چىققان نىياز ھېكىمبەگ ئۇلار بىلەن خوشلاشتى ـ دە ، قايتىپ كىرىپلا ئۇردا مەنسەپدارلىرىنى ئىچكەركى دىۋانغا جەم قىلىپ ، ئۇلارغا نېمىلەرنىدۇر تاپشۇردى .

## ئون بەشىنچى باب

# تۇن نىسپىدىكى ئوت

قەھەتچىلىكنىڭ مۇدھىش چاڭگىلىدا جان تالىشىۋاتقان خوتەنلىكلەر ئۇمىد ئاسمىنىنىڭ نامەلۇم بىر بۇرجىكىدە كىچىككىنە يورۇقلۇقنى كۆرۈپ ، ئاستا ـ ئاستا جانلىنىشقا باشىدى . سولغۇن چىرايى ئېچىلىپ ، تاتارغان مەڭزىگە قان يۈگۈردى ، ياش دېغى قېتىپ قالغان كۆزىدە بولسا كۆلكە ئالامەتلىرى پەيدا بولدى . ئېگىلگەن بەللەر رۇسلىنىپ ، قەدەملىرىگە تور قېتىلدى . چوڭ قەتلىئامدىن كېيىنكى بۇ تۇنجى ياخشى ئالامەتلەر تۆت ـ بەش كۈنلۈك توقلۇقتىن كېيىنلا روي بەرمەكتە ئىدى .

ئۆزىنى تەدبىرلىك چاغلىغان نىياز ھېكىمبەگ ئىشىكى ئالدىغا ساپايە قېقىپ كەلگەن بىر توپ دەرۋىشنى دان تەمەسىدە كەلگەن بىر توپ قۇشقاچ دەپ بىلدى ۋە بۇ قۇشقاچلارغا يوشۇرۇن قاپقان قۇردى . ئەرزىمەس بەدەل ھېسابىغا ئۇلارنى راسا ئوبدان تويدۇرۇپ پۇخادىن چىققۇدەك سايرىتىۋالماقچى ۋە بۇلارنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پۇقراپەرۋەر ، ساخاۋەتچى دېگەن نامىنى ئايغى يەتكەنلىكى يۇرتلارغىچە تارقاتماقچى بولغانىدى . ئەپسۇس ، ئۇ دەرۋىشلەرگە تۇزاق قۇرۇۋاتقاندا ، ئويلىمىغان يەردىن ئۆزى تۇزاققا چۈشۈپ قالدى .

ئۇ بۇ جان ئالغۇچى تۇزاقتىن بىر ھەيۋە بىلەنلا قۇتۇلغانمۇ بولار ئىدى . بىراق ، ئاشكارا قاتتىق قوللۇق قىلىش ئۇنىڭغا

تىرناقچىلىك پايدا ئەكەلمەيتتى . ھەتتا ئىناۋىتى يەرگە ئۇرۇلۇپ ، تۇپا بىلەن تەڭ قىلىۋېتىلەتتى . بولۇپمۇ ، دەرۋىشلەر بىلەن ياقىلىشىش قايناپ تۇرغان قازانغا قول تىققاندەكلا بىر ئىش ئىدى .

نىياز ھېكىمبەگ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، غەزەپ شەمشىرىنى قايتا قىنىغا سېلىۋەتتى . يۈزىدىكى ئاخىرقى بىر قات چۈمپەردىنى ئېلىپ تاشلاشتىن ھەزەر ئەيلىدى . تورنى كەڭ يېيىپ ، بېلىقنىڭ چوڭىنى تۇتۇش قارارىغا كېلىپ ، ئامبار دەرۋازىسىنى ئۈلۈغ ئېچىۋەتتى .

دەرۋىشلەرنىڭ نازارىتىدە ئېچىلغان ئىككى چوڭ ئامبار ئۈچ كۈنگىچە ئوچۇق تۇردى . يېقىن يېزا ـ قىشلاقلار خۇددى يىلدا بىر كېلىدىغان ئايەم كۈنىدەك قىزىپ كەتتى . ئايىغى چاققان دەرۋىشلەرنىڭ يۈرتمۇيۈرت يۈرۈپ تارقاتقان خۇش خەۋىرى مىڭلىغان ، ئون مىڭلىغان ئاچ ھاجەتمەنلەرنى ئامبار ئالدىغا باشلاپ كەلدى . جان بېشىغا بۆلۈپ بېرىلىدىغان يېرىم چارەكتىن قوناقنى ئۆيلىرىگە توشۇپ كېتىۋاتقان ئالدىراش ئادەملەر شەھەر كوچىلىرىغا تولۇپ كەتتى .

پادىشاھلىق ئامباردىن بېرىلگەن ئازغىنە ئاشلىقنى ئاجايىپ چوڭ ئىشتەك بىلەن يەۋاتقان كىشىلەر ، دۇئاسىنىڭ بېشىنى كەرەملىك ئاللاغا ، ئاخىرىنى قولى كەڭ زامان ھاكىملىرىغا ئاتاشتى . دېمەك ، ئۇزاققا داۋام قىلالمايدىغان بۇ مولچىلىقنى ئاللانىڭ ۋە ھاكىمبەگنىڭ ھىممىتى دەپلا بىلىشتى . قادىر ئاللا يەتتە ئىقلىم جامائەسىنى ئاپىرىدە قىلىپ ، ئۇلارغا مىجەز ـ خۇلق تەقسىم قىلغاندا خوتەنلىكلەرگە شۇنداق ساددا ، شۇنداق تۈز بىر مىجەزنى بەخش ئەتكەنىدىكى ، ئۇلار بۇ كۈن ، بۇ سائەتلەردە ئىككى ـ ئۈچ يىل بۇرۇن مۇشۇ ئاشلىق ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ زىمىستان قىش ۋە تومۇز ئايلىرىدا قانچىلىك تەر تۆكۈپ ، قانچىلىك رىيازەت چەككەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى . بۇنى رەھىمدىل ھاكىمنىڭ سېخىيلارچە ئىنئامى دەپلا چۈشىنەتتى .

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن ، مۇشۇ توقچىلىق ئۈچۈن ھاكىمبەگ

بىلەن جىنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ زاكونلاشقان، قىلىچ ئۇستىدىن ئەقىلنىڭ كۈچى بىلەن غالىب كەلگەن بىچارە دەرۋىشلەرگە بىر پىيالە ئىسسىق چاي قۇيۇپ، رەھمىتىنى ئىنزھار قىلىدىغان ئوغۇل بالىنىڭ چىقمىغانلىقىدىنمۇ خاپا بولغىلى بولمايتتى.

داق بورىنى تەخت، كۇلاھىنى تاج بىلىدىغان، قاقچىلىك لوقما بەرگەن سىپخىيدىن ئالەمنى بەرگەندەك خۇشال بولىدىغان، ئالەمچىلىك ياخشىلىقى ئۈچۈن بىرەر تال تېرىق تەمە قىلمايدىغان دەرۋىشلەر ئۆز خىزمىتىنى ئۆزگىلەرگە داۋراڭ سالمىدى. پەقەت، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان جانلارغا مادار كىرگىنىنى، ئۇلارنىڭ كۆكىرىپ كەتكەن قوناقنى كۆزلىرىگە سۈرتكىنىنى، قازاندا قايناۋاتقان تاشقا تەلمۇرۇپ ئۇخلاپ قالغان سەبىيلەرنىڭ زاغرىنى قەنت شۇمۇرگەندەك شوراۋاتقىنىنى كۆرۈپ، كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ بىر چەتتە قاراپ تۇرۇشتى.

گۈگۈم چۈشۈپ، ئۆگزە ـ ئۆگزىلەردىن كۆكۈچ تۈتۈن ئۆرلەپ، قازانلاردىن ھور كۆتۈرۈلگەندە، تەقدىر چىچمۇەتكەن نىسۋىسىنىڭ مىڭدىن بىرىنى تېپىپ يېيەلەيدىغان ئاشۇ بىر توپ دەرۋىشلەر ئاللانىڭ نامىنى زىكرى قىلغىنىچە لاچىنئاتا مازىرىغا يېتىپ كېلىشتى. گۈلخان يېقىپ، ئىسسىنىشىپ، قارا تاشقا ئوخشاپ قالغان كونا مىس چەينەكلىرىنى قوقاس ئۈستىگىلا قويدى.

ئۇلار خۇرجۇنلىرىدىكى قېتىپ كەتكەن زاغرىلىرىنى يۇمشىتالىغۇدەك سۇ قاينىتىۋېلىش ئۈچۈنلا گۈلخان ياققانىدى. يول تۆپىسىدىن تېرىپ كەلگەن خاسىيەتلىك قۇرۇق تەمەچلەر ياغ تۆككەندەكلا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتاتتى. يىلان تىلىدەك تولغىنىۋاتقان يالقۇن تەپتىدە دەرۋىشلەرنىڭ كۆزلىرى گۈلخاندىكى چوغدەك چاقناپ، يۈزلىرى قىزىل شولىغا پۈركىلەتتى. پايانى يوق قاراڭغۇلۇق ئىچىدە خۇددى كۈن تۇغقاندەك پەيدا بولغان بۇ ئوت شارى كۈچلۈك ھاۋا ئېقىمى بىلەن قوشۇلۇپ ئاسمانغا ئۆرلەپ، قارا قەپەستەك ئېسىلىپ تۇرغان بوشلۇققىچە تۇتىشاتتى. يالقۇن

ئۈچىدىن ئايرىلىپ چىققان قويۇق تۇتۇن ئەتراپتا بىرئاز لەيلەپ يۇرەتتى ـ دە ، قاراڭغۇلۇق ئىچىگە ئۆزىنى ئاتاتتى . خوتەن يۇقرالىرىنىڭ ئۆتمۈشى ، مۇڭ ـ زارى ۋە كۈلكىسىگە ئەسىرلەردىن بىرى گۇۋاھ بولۇپ كەلگەن لاچىنئاتا مازىرى گۈلخان يورۇقىدا ئـەمدىلا ئۇيقۇدىن ئويغانغان باتۇرنىڭ يۈزىدەك يورۇپ تۇراتتى . مـازارنىـڭ ئەگىم ئىشىكلىرى ، خانىلىرى ئۈستىدىن چوقچايغان يېشـىـل كاھىشلىق گۈمبەز ئاسماننى تىرەپ تۇرغان بەھەيۋەت تـۆۋرۈكـتـەك سـۈرلـۈك كۆرۈنەتتى . قەبرە ئۈستىگە تىكلەنگەن شـەددىلەر ، تۇغ ـ ئەلەملەر ، تولۇملارنىڭ كۆپلۈكىدىن پۈتكۈل مـازار غـۇچچىدە چىچەكلىگەن ، باراقسان ئۆسكەن قىرى ئازغان دەرىخىگە ئوخشايتتى . يۇلغۇن شاخلىرىغا ئېسىلغان رەڭدار رەخت پـارچـىلـىـرى كـېـچە شاملىدا خۇددى جەڭگاھتىكى ئەلەمدەك لەپىلدەيتتى .

سۇ قاينىدى ، نانمۇ يۇمشىدى . دەرۋىشلەر كومزەكلىرىدىكى ئۆپكىدەك ئېسىلىپ باشقىچە تەم كىرىپ قالغان زاغرىنى مەززە قـىـلـىـپ يـېـيىشتى . بەزىلىرى تاغ يېرىلغاندەك كېكىرىۋالدى . بـۇرۇتـلـىـرىـنى تالاپ ، ساقاللىرىنى سىلاپ ، ئاللانىڭ بۇ مول نېمىتىگە شۈكۈر ـ قانائەتلەر بىلدۈرۈشتى .

چـايدىن كېيىن دەرۋىشلەر مازارنى يېرىم دائىرە ئايلىنىپ ئـاقـىـدىغان چوڭ ئۆستەڭدە تەرەت يېڭىلاپ ، مازار سەيناسىدىلا تىلاۋەتكە ئولتۇردى . تىلاۋەتتە ھەركىم ئۆزىنىڭ دۇئا ـ تەلەپلىرى بـىـلەن مەشغۇل بولدى . مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە ئۇلار ئىلچى تەۋەسىدىكى ئىمامكازىم ، ئىمامئەپتەر ، ئىمامئاسىم مازارلىرىنى تاۋاپ قىلىپ يۇرۇپ ، لاچىن ئاتىنى سېغىنىپ ، بۇ بىر كېچىنى تۈنەكتە ئۆتكۈزمەكچى بولۇشقانىدى .

تۈن تەڭدىن ئاشقاندا خوتەن تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغان ھېلىقى دەرۋىش سۇ دەرۋازىسى تەرەپكە قولىنى چىنىدى ۋە توۋلىۋەتتى :

— ھوي ، قاراڭلار ئاۋۇ تەرەپكە ، ئوت كەتكەندەك يورۇپ كەتتىيا ؟

دەرۋىشلەر تىلاۋىتىنى توختىتىپ شەھەر تەرەپكە قاراشتى. ئۇيۇقنىڭ بىر پارچىسىنىڭ قان تۆكۈلگەندەك قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپلا مازار يۇزىدىن ئېگىزرەك بولغان تۇزلەڭلىككە قاراپ يۈگۈرۈشتى.

تەخمىنەن سۇ دەرۋازىسىغا يېقىن بىر جاينىڭ بىر پارچە ئاسمىنى خۇددى كۈندۈزدىكىدەك يورۇپ كەتكەن، تۇن قاراڭغۇسىدا ئاسانلىقچە كۆزگە چېلىقمايدىغان بۇلۇتلارمۇ شەلپەردەك قىزارغانىدى. يورۇپ كەتكەن بۇ بىر پارچە ئاسماندا گاھ كۆچىيىپ، گاھ ئاجىزلاپ تۇرىدىغان قىزغۇچ شولىدىن ئۆزگە، بىرەرمۇ يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى.

— تۇۋا، بۇ نىمە ئالامەتتۇ؟ — دۇمچەكرەك كەلگەن بىر دەرۋىش ياقىسىنى چىشلىگىنىچە دۇرۇت ئوقۇشقا باشلىدى. يەنە بىر دەرۋىش:

— نىمە ئالامەت بولاتتى، ئوت كېتىپتۇ ... ئوت! — دىدى پەرۋاسىز ھالدا.

— قاراڭلار، بۇ ئوت بىزنىڭ قەلەندەرخانىنىڭ ئەتراپىدا كۆيۈۋاتقاندەك قىلىدۇ... — ساقاللىق دەرۋىش ئوت يورۇقى كۆرۈنۈۋاتقان تەرەپنى ئۇزاق كۆزەتكەندىن كېيىن تېخىمۇ قورقۇنچلۇقراق ھۆكۈم چىقاردى، — تاشچىلار مەھەللىسىدە بىرەر ئۆيگە ئوت كەتكەن بولسا بۇ ئوت ھايال ئۆتمەي قەلەندەرخانىغىمۇ تۇتىشىدۇ!

بەزىلەر بۇ ھۆكۈمگە قوشۇلدى، بەزىلىرى ئۆزى بىلگەنچە بىرنېمىلەرنى دەپ بۇ ھۆكۈمنى رەت قىلىشتى. قايسىدۇر بىر دەرۋىش كەسكىن ئېتىراز بىلدۈرۈپ:

— ئاغزىڭلارنى ئۇششۇتمەڭلار، ئاغىنىلەر، ئوت ئۇدۇل كېلىپ بىزنىڭ ئاشۇ قەلەندەرخانىمىزغا تۇتىشارمۇ، ئاللا بىزدەك بىقوۋۇل بەندىسىنى ھەرگىز ماكانسىز قويمايدۇ!

خوتەن تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغان دەرۋىش مۇراجىئەت ئاھاڭىدا:

— بۇرادەرلەر ، ئاق يەردە تۇگمەن تالاشماي ، بېرىپ قاراپ باقىلى ، ئالىمادىن بىرەر نامراتنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتكەن بولسا ، قاپاقلىرىمىزدا سۇ توشۇپ بولسىمۇ ئۆچۈرۈشۈپ بېرەرمىز ، بۇمۇ بىر ساۋاب ئىش ـ دە ! — دېدى سۆز قىستۇرۇپ .

ئاخىرقى دەرۋىشنىڭ ئاقىلانە مۇراجىئىتى ھەممەيلەنگە خوپ كەلدى . ئۇلار خۇرجۇن ـ قاچىلىرىنى ئالمان ـ تالمان يىغىشتۇرۇپ ، ئوت شولىسى كۆرۈنگەن تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشتى .

ساقاللىق دەرۋىشنىڭ پەرىزى توغرا بولۇپ چىقتى . ئوت كەتكەن يەر بىرەر بەگنىڭ سارىيىمۇ ئەمەس ۋە ياكى بىرەر نامراتنىڭ ئۆيىمۇ ئەمەس ، دەل قەلەندەرخانىنىڭ ئۆزى ئىدى . دەرۋىشلەر ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلگەندە ، كېلىپ ـ كېتەر دەرۋىشلەرگە ۋە ئاجىز ـ ئورۇقلارغا ئۈچ يىلدىن بېرى پاناھلىق بېرىپ ، بېشىنى قار ـ يامغۇرغا كۆرسەتمىگەن بۇ ئىللىق ماكان كۆيۈپ بولاي دېگەنىدى .

تېخى تۇنۇگۇنلا راۋۇرۇس تۇرغان تاملار ئەمدى ئوت ـ ئىس بىلەن قارىيىپ ، كۆيۈپ كەتكەن كۆمەچكە ئوخشاپ قالغانىدى . دەرۋىشلەر يېتىپ ـ قوپىدىغان دەھلىزنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە دۆۋە ـ دۆۋە چوغ يېلىنجايتتى . كۆيۈپ چۆچىلا بولۇپ كەتكەن لىملاردىن قويۇق ئىس ئۆرلەيتتى . چۆگۈن ـ قاپاق ، سوغا ـ چېلەك كۆتۈرۈشكەن بىرمۇنچە ئادەملەر قەلەندەرخانىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىغىنىغا خىجىل بولغانداك ، قىر بېشىدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ قاراپ تۇرۇشاتتى . قوشنا ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىمۇ سانجاق ـ سانجاق ئادەملەر بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى .

دەرۋىشلەر كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يۈز بەرگەن بۇ مۇئەللەق ئاپەتتىن ھەيران بولۇشۇپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپلا قالدى . بۇ جىمجىتلىقنى ھېلىقى دۇمچەك دەرۋىش بۇزدى :

— ھېلىمۇ ئالدى بىلەن ئاللاغا ، ئاندىن قالسا لاچىنئاتامغا شۈكۈر دەيلى ، ئاللا لاچىنئاتامغا بۇ ئاپەتتىن بېشارەت بەرگەچكىلا ئۇ بۇزرۇكۋارىمىز بىزنى ئاپەت ئاغزىدىن تارتىۋېلىپ ئۆز يېنىغا

چىللاپتىكەن ، مۇبادا بۇگۇن كېچە يەنە مۇشۇ يەردە تۈنىگەن بولساق نېمىمۇ بولۇپ كېتەر ئىدۇق ـ ھە ؟ — دېدى ئۇ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ .

دەرۋىشلەر ئاۋازسىز پەرياد ئۇراتتى . ئوت قەلەندەرخانىنى ئەمەس ، بەلكى ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرمەكتە ئىدى . دۈمچەك دەرۋىشنىڭ شۈكۈر ـ قانائەت بىلەن سۇغىرىلغان بۇ گېپى دەرۋىشلەرنىڭ سۇنغان ، ئۈمىدسىزلەنگەن كۆڭلىگە ئاز ـ تولا تەسەللى بەرگەن بولسىمۇ ، لېكىن بىر كاللەك چىگىش يېپقا ئوخشايدىغان بىر گادىرماچ سوئال ، قەلەندەرخانىنىڭ قويۇق تۈتۈنىدەك ، ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ئەگىپلا يۈرەتتى : «ئوت تۇگۇل ، چىراغمۇ يېقىلمىغان ، تۆت پۇلغا چاغلىق بىساتى بۇ يېگانە ئىمارەتكە نېمە سەۋەبتىن ئوت كېتىدۇ ؟ بۇ ئاپەت يا باينىڭ ، يا بېخىلنىڭ بېشىغا كەلمەي نېمىدەپ بىزدەك ئۆي ـ ماكانسىز مۇساپىرلارنىڭ بېشىغا كېلىدۇ ، تەقدىرنى رەنجىتكۈدەك نېمە قىلدۇق ؟ »

دەرۋىشلەر قەلەندەرخانا خارابىلىكىگە قاراپ مىيىت نامىزىدا تۇرغاندەك ئۆرە تۇرۇۋەردى . بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرىگە لىپمۇلىق ياش تولدى ، بەزىلىرى كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى . ئوت ئۆچۈرگىلى ۋە تاماشا كۆرگىلى كەلگەن كىشىلەر ئۇۋىسى بۇزۇۋېتىلگەن قۇشتەك ماكانسىز قالغان بىچارە دەرۋىشلەرگە ئىچ ئاغرىتقاچ ، بىردىن ـ ئىككىدىن قايتىپ كېتىشتى . دەل شۇ چاغدا پايپاسلاپ يېتىپ كەلگەن كېپەك دەرۋىش بىلەن ئۇنى يۆلەۋاتقان ئايمۇھەممەت دەرۋىشلەر ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى .

كېپەك دەرۋىش يارمۇھەممەتنىڭ تۇپراق بېشىغا قۇرئان تىلاۋەت قىلغىلى كېتىپ قېلىپ ، ھەمراھلىرىنىڭ لاچىنئاتا مازىرىدىكى دۇئا ـ تەكبىرىگە قاتنىشالمىغان ، ئالەمنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك قىزارتىۋەتكەن ئوت يورۇقىدىن تەشۋىشلەنگىنى ئۈچۈن قۇرئاننى قولتۇقىغا قىسىپلا ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە كەلگەندى .

ئۇ قەلەندەرخانىدىكى بىر دۆۋە قوقاسنى كۆرۈپلا بىرپەس قېتىپ قالدى ، ئارقىدىنلا ھەمراھلىرىغا سالام بەردى . ماتەم

تۇتقاندەك ئىغىر كەيپىياتتا تۇرغان دەرۋىشلەر نىمىشقىدۇر ئۇنىڭ سالــمــىــنــى ئــىلىك ئالمىدى . كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ ، ئاڭلىتىپ تۇرۇپ دىمىغىنى قاقتى . «ئىش مۇنداق ئىكەن ـ دە» دېگەندەك ، بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالدى . پەقەت مۇناپىقلار ـ غىلا قىلىنىدىغان بۇنداق سوغۇق مۇئامىلىنى ھار ئالغان كېپەك دەرۋىش يۇرىكىگە تىغ تەگكەندەك ئازابلاندى ۋە :

— بۇرادەرلەر ، مۇسۇلمان قائىدىسىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ نــېــمــە ، سالىمىمنىمۇ ئىلىك ئالمايسلەرغۇ ، — دېدى ئاچچىق ئارىلاش .

— ...

كــېــپــەك دەرۋىــش ھــەمراھلىرىنى چوققىسىدىن تاپىنىغىچە كۆزىتىپ چىقتى ۋە سۆزىنى داۋام قىلىپ دېدى :

— تىلىڭلارغا جاراھەت چىقىپ قالدىمۇ ، ئاغزىڭلار چاپلىشىپ قالدىمۇيا ؟ ئادەمنى تولا تەقەززا قىلماي قەلەندەرخانىغا نېمە بولۇپ ئوت كەتكىنىنى دەپ بەرسەڭلار !

دەرۋىــشلــەر يــەنــە زۇۋان سۇرمىدى . ئوقى بىكار كەتكەن بــاتــۇردەك تــېــرىكىپ ، بوغۇلۇپ كېتىشۋاتقان كېپەك دەرۋىشتىن زىــرىــكتىمۇ ، ھېلىقى دۇمچەك دەرۋىش ئىغىز ئىچىشقا مەجبۇر بولدى :

— خۇپسەنلىكنى ئەجەبمۇ ئوخشاتتىلا ، قەلەندەرخانىغا نېمە بــولــغــانــلــىــقــىــنــى بــىــلــىپ تۇرۇپ ، روچىۋىنىدەك كۆزىمىزگە كــىــرىۋالغانلىرى نېمىسى ئەمدى ، — دېۋىدى ، كېپەك دەرۋىش ئاغزىنى ئېچىپ داڭقىتىپ تۇرۇپ قالدى ۋە قايتۇرمىلاپ سورىدى :

— نېمە دېدىلە ، بۇرادەر ؟ بۇ گەپلىرىنى يەنە بىر دەپ باقسىلا !

كېپەك دەرۋىشنىڭ جاۋابسىز قالغان بۇ سوئالىغا ساقاللىق دەرۋىش يىرگىنچ نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى :

— قــۇلاقلــىــرىــنــى قــېــقــىــۋېتىپ تۇرۇپ ئاڭلىسىلا كېپەك دەرۋىــش ، ئــۆزلــىــرىنى خوتەنلىكمەن دېسىلە ، خوتەننىڭ قايسى يېرىدىن ، دەپ سورىمىغان گۇناھ بىزدە . ئەمما ، بىز ئىمانلىرىغا ،

ساقاللىرىغا ھۆرمەت قىلىپ ئارىمىزدىن ئورۇن بەردۇق . لېكىن ، سىلى نېمە قىلدىلا ؟ نىياز ھېكىمبەگ بىلەن زاكونلىشىمىز دېسەك ئالدىمىزنى توستىلا ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىۋىدۇق ، ئىتتىن قورققان كىرپىدەك تۈگۈلۈۋالدىلا ، بۇنىڭغىمۇ مەيلى دېدۇق ، سوراپ باقايلىكى ، قەلەندەرخانىغا كىمنىڭ ئوت قويغىنىنى ھاكىمبەگنىڭ يۇرتدىشى بولغان سىلى بىلمىسىلە يەنە كىم بىلىدۇ؟ تويىمىزدىن ئايرىلغان ئادەم ئوت قويمىسا ، كىم ئوت قويىدۇ؟ ھەي ، «ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا ، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە» دېگەن گەپ راست ئىكەن ـ دە !

كېپەك دەرۋىشنىڭ ئوزايىدىكى جىمى قان بىردىنلا چېكىسىگە تەپتى ، يۈرىكى مۆجۈلدى . قۇلاقلىرى غوڭۇلداپ ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى . تىترەپ تۇرغان كالپۇكىنى تەستە يېرىپ دېدى :

— تۆھمەت ! قۇرئان قۇچاقلاپ تۇرۇپ قەسەم قىلىمەنكى ، بۇنداق گۇناھلىق ئىشتىن زىنھار خەۋىرىم يوق ، سىلەر ماڭا تۆھمەت قىلىۋاتىسىلەر ، تۆھمەت…

كېپەك دەرۋىش پەقەت شۇنىلا دېيەلىدى . يۈرىكىنىڭ تەگ ـ تېگىدىن ئېتىلىپ چىققان غەزەپ ۋولقانى ئۇنىڭ شەمشەردەك ئۆتكۈر تىلىنى مەھكەم باغلىۋالدى . يەر ـ ئاسمان ئۇڭ ـ تەتۈر بولدى . بەزگەكتەك تىترەپ تۇرۇپ قوللىرىنى كەڭ يايدى ۋە ئاسمانغا قاراپ «ئاھ خۇدا ، غەپلەتتە قالغان بەندىلىرىڭنىڭ دىلىدا ھەقنى ئاشكارا قىلساڭچۇ…» دەپ ئېچىنىشلىق ئىلتىجا قىلدى ـ دە ، ئوق تەگكەن كېيىكتەك سەنتۈرۈلۈپ كۆل ئۇستىگىلا يىقىلىپ چۈشتى .

ۋاقىت توختاپ قالدىمىكىن يا سەزگۈسىنى يوقاتتىمىكىن ، ئۇ بىر كەمدە كۆزىنى ئاچتى . ئۆزىنى ئايمۇھەممەتنىڭ قۇچىقىدا كۆردى .

نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئالدىغا ئاشلىق دەۋاسى قىلىپ بارغاندىن بېرى ، ھەمراھلىرى ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپلا يۈرەتتى . سەگەك دەرۋىشمۇ ئۇلارنىڭ كۆزىدىن قورقۇنچلۇق شۇبھە ئۇچقۇنلىرىنى

بايقاپ قالغانىدى . خۇپپيانە پىچىرلاشلار قۇلىقىغا كىرىپ قالغاندا بولسا ، قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن كېلىشمەسلىكنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى تۇيغانىدى . ھەر قېتىملىق نامىزىدا خۇدادىن «قۇرۇق سۆز ، قۇرۇق تۆھمەت» تىن ساقلاشنى مۇراجىئەت قىلىپ ، تالاي قېتىملاپ ياش تۆككەنىدى .

كېپەك دەرۋىش رېئاللىقتا ئايلىنىشنى زادى خالىمايدىغان تەسەۋۋۇرىدىكى ئىش ئاخىر يۈز بەرگەن ، بۇنىڭغا قەلەندەرخانىغا ئوت كېتىش ۋەقەسى تۇتۇرۇق بولۇپ بەرگەنىدى . راست ، ئۇ ھەمراھلىرىنىڭ قەلەندەرخانىغا كىملەردۇر قەستەن ئوت قويۇپ بەرگەن ، دېگەن گۇمانىغا قوشۇلاتتى . ئۇ ئەبلەخنىڭ كىم ئىكەنلىكىنىمۇ يۈرەكلىك ھالدا پەملىيەلەيتتى . بىراق ، ئاشۇ قارا نىيەت ئادەمنى خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋايىجاھان قىلمىغۇچە ئۆزىنى ئاقلاپ كېتەلمەيدىغانلىقىنىمۇ خېلى ئوبدان چۈشىنەتتى . شۇڭا ئۇ ئايمۇھەممەتنىڭ تەسەللىسىگە جاۋابەن :

— تەقدىرنىڭ قىسمىتىگە ئەلھۆكمىللا دېمەي ئىلاج يوق ، ئوغلۇم ، جان تەندە بولسىلا خۇدانىڭ كۆنى تېخى ئۇزۇن ، — دېدى ـ دە ، بەلۋېغىنى چىڭىتىۋېلىپ ئايمۇھەممەتلەرنىڭكىگە يۈرۈپ كەتتى .

## ئون ئالتىنچى باب

## دەرۋىشنىڭ دەردى

كېپەك دەرۋىش كىتابتىن بېشىنى كۆتۈردى . ھويلىدا قازان قېلىپىنى سىلىقلاپ ئولتۇرغان ئايمۇھەممەتتىن تۇيۇقسىز سوراپ قالدى :

— ئوغلۇم ، دەرۋىش ئاتاڭغا ئىشىنەمسەن ؟ — دېدى ئۇ ، توغرىدىن ـ توغرا سوئال قويۇپ .

ئايمۇھەممەت قولىدىكى ئىشنى توختاتتى . دەرۋىشنىڭ بۇنداق باش ـ ئايىغى يوق سوئالنى سورىغانلىقىغا سەل ھەيران بولغان ھالدا لېۋىنى چىشلەپ ئازراق ئويلىنىۋالدى ـ دە ، دەرۋىشنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ :

— دەرۋىش ئاتا ، مېنى يات كۆرگەندەك گەپ قىلىدىلىغۇ ؟ — دېۋىدى ، دەرۋىش كىتابنى يېپىپ قويۇپ ، ئايمۇھەممەت تەرەپكىرەك سۈرۈلۈپ :

— ئوغلۇم ، ئالدى بىلەن سوئالىمغا جاۋاب بەر ، — دېدى ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا .

— ئىشىنىمەن ، دەرۋىش ئاتا . سىلىگە دادامغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىمەن...

— يالغان سۆزلىمەيۋاتقانسەن ، ئوغلۇم ؟

ئايمۇھەممەتنىڭ كېپەك دەرۋىش بىلەن بىللە بولىدىغان چاغلىرى كۆپ بولاتتى . لېكىن ، چايخانىدا تونۇشقان ئاشۇ كۈندىن بېرى ئۇنىڭ ئۆزىنى سىرلىق تېپىشماقلار دۇنياسىغا باشلاپ كىرىشى تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى . ئايمۇھەممەت ئاتام دەپ يۈرگەن دەرۋىشنىڭ ئۆزىنى تا ھازىرغىچە چۈشەنمەي يۈرگىنىگە كۆڭلى بىرقىسما بولغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ دەرۋىشتىن قىلچە ئاغرىنمىدى ، ئەكسىچە ، ئۇنىڭ سوئالىغا ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن جاۋاب بەردى :

— يالغان سۆزلىسەم قارا يۈز بولمامدىمەن ، ئاتا ، گېپىمنىڭ راستلىقىغا ئىمانىم كېپىل ! — دېدى ئۇنىڭ تىزىنى تۇتۇپ تۇرۇپ .

بار زېھنىنى قۇلاقلىرىغا جەم قىلىپ جاۋاب كۈتۈۋاتقان كېپەك دەرۋىشنىڭ چىرايىغا خاتىرجەملىك تەبەسسۇمى ئولاشتى . ئاۋۋال ئۇ ھە ئارىلاش چوڭ تىن ئېلىۋالدى ـ دە ، جىددىيلەشكەن مۇسكۇللىرىنى ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى .

ئايمۇھەممەت تەكچىدىن بىر باغلام تارىشا گۈڭگۈرت ئېلىپ ئۇنىڭدىن بىر تال چىچىق يېرىۋالدى . ئوچاقتىكى چوغنى چۈخچىلاپ ، گۈڭگۈرتنى چوغقا ياقتى . تارىشا گۈڭگۈرت بېشىغا

مىلەنگەن نېپىز گۈڭگۈرت مىژژىدە ئېرىپ، زۇمرەتتەك كۆك
ئۇچقۇنغا ئايلاندى. ئېرىگەن گۈڭگۈرتتىن ئۆرلىگەن ئۆتكۈر پۇراق
ئۆي ئىچىنى بىر ئېلىپ، ئۇلارنىڭ دىمىغىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى.
ئايمۇھەممەت مورا بېشىدىكى چويۈن چىراغقا ئوت يېقىپ بولۇپ،
تولۇپ كۆيۈپ تۈگىمىگەن گۈڭگۈرت چىچىقىنى پۈۋلەپ ئۆچۈردى-
دە، چىراغنى دەرۋىشنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.
دەرۋىش رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتتى. قارىماقتا ئۇ بۇ
دۇنيانىڭ پاراغىتىدىن، غەم-ئەندىشە، ھەسرەت-نادامىتىدىن
چەتتە تۇرغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا،
كۆز گۆھىرىدە يوشۇرۇپ بولمايدىغان بىر خىل قايغۇ ئېقىنى مەۋج
ئۇرۇپ تۇراتتى.
دەرۋەقە، دەرۋىشلەرنىڭ لەنىتىگە قالغان ئىككى كۈندىن بۇيان
كېپەك دەرۋىش بىر ئىلىك ئېتىدىن چۈشۈپ، كۆرۈنەرلىك جۈدەپ
كەتكەنىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئايمۇھەممەتنىڭ سۆزلىرى بىلەن خېلى
ماغدۇرغا كېلىپ قالدى. ھېلىقى قاباھەتلىك ئاخشامدىن بېرى،
بولۇپمۇ مازار-ماشايىخ، تۈنەكخانا، خانىقالارنىڭ ھەممىسىنى
ئارىلاپ چىقىپمۇ ھەمراھلىرىنى تاپالمىغاندىن بېرى، ئۇ ئۆزىنى
پايانسىز چۆلدىكى يېگانە كەپىدەك، باياۋان ئوتتۇرىسىدىكى يالغۇز
كۆچەتتەك ھېس قىلىدىغان، كۈنۈتۈن جايىنامازدىن چۈشمەي
ئېچىنىشلىق ئاھ ئۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى.
دەر ھەقىقەت، ئۇ دەرۋىش ئۇلپەتلىرىنى قىيامەتلىك
قېرىنداشىم دەپ بىلەتتى، تۇغقاندىن چارە ياخشى كۆرەتتى، ئۆزىگە
ئىشەنگەندەك ئىشىنەتتى، ئۇلارسىز ياشاشنى ئەسلا تەسەۋۋۇر
قىلالمايتتى. مۆرىتى كەلسە ئۇلار ئۇچۇن ئۆلۈپ بېرىشكىمۇ رازى
ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلى، ساداقىتى بىر ئاخشامدىلا
كۆپۈككە ئايلاندى. ئۇلار ئۇنى كونا چاپاننى، ئەرزىمەس خەسنى
تاشلىۋەتكەندەك تاشلاپ كېتىشتى. بىرەر دەرۋىشنى مانا مۇشۇنداق
تاشلاپ كېتىش، ئۇنى كۆزگە ئىلماسلىق — دەرۋىشلەر توپىنىڭ
ئازغۇن، تۇزكور ئەزاسىغا بېرىدىغان ئەڭ ئېغىر، ئەڭ قاقشاتقۇچى

جازاسى ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى .

«ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك» دېگەندەك ، قىسمەت تەرىپىدىن بىر ئۆمۈر ئۆگەيلەنگەن كېپەك دەرۋىش ئەمدى تەقدىرداشلىرى تەرىپىدىنمۇ يەكلەندى . ئۇ يۈرىكىنى يېرىپ كۆرسىتىشكىمۇ رازى ئىدىيۇ ، يىڭنە ئىزدىگەندەك ئىزدەپمۇ ھەمراھلىرىنى ھېچ يەردىن تاپالمىدى . ئۆز توپىدىن ئايرىلغان تەنھا قۇشتەك قىيقاس سالدى . ئانىسىدىن ئايرىلغان يېتىم قوزىدەك تېڭىرقىدى . ئۈمىد يىپى چورت ئۈزۈلگەندە بولسا بېشىنى سالغان پېتى ئايمۇھەممەتلەرنىڭكىگە قايتىپ كەلدى ۋە بوسۇغىدىن ئاتلار ـ ئاتلىمايلا كىچىك بالىدەك ھۆكرەپ يىغلاۋەتتى . ئۇنىڭ بۇ يىغىسى شۇنچىلىك ئەلەملىك ۋە شۇنچىلىك ئېچىنىشلىق ئىدىكى ، مالامەت ئوقىدا شىكەستىلەنگەن قېرى ئارسلاننىڭ نىداسىغا ئوخشايتتى . بۇ نىدا ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئەمەس ، يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى .

كېپەك دەرۋىش ئىككى كۈنگىچە جايىنامازدىن چۈشمىدى ، ئاشىقنىڭ ۋىسالىدىن مەھرۇم بولغان مەجنۇندەك ئاھ ئۇردى ، يېمىدى ، ئىچمىدى ، تىرىك تەنىنىمۇ قۇرۇتۇۋېتىدىغان تومۇز كېچىلىرى بولۇشىغا قارىماي ، شامدىن تاڭغىچە زىنھار كىرپىك قاقمىدى .

بۇ ھال ئايمۇھەممەتنى ئالدىرىتىپ قويدى . ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا ئاتمىش ياشتىن ھالقىغان ، ئورۇقلاپ ئون جىنىنىڭ بىرى قالمىغان كېپەك دەرۋىش سەجدىگە باش قويغاندا ئورنىدىن تۇرالماسلىقى ، ھەتتا كۆتۈلمىگەن قازاغا مۇپتىلا بولۇشى مۇمكىن ئىدى . ئۇ چاغدا قانچە يىغا ـ زار قىلغان بىلەنمۇ بۇ مويسىپىتنى تىرىلدۈرگىلى بولمايتتى . شۇڭا ، ئۇ ئىككىنچى كۈنلا كاسىنا ئىش قوبۇل قىلىشنى چورتلا توختاتتى ـ دە ، دۈكىنىنى تاقاپ ، دەرۋىشنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا باشلىدى .

كېپەك دەرۋىش ئۆمرىدە ئۆيلىنىپ باقمىغانىدى . ئائىلىنىڭ ، خوتۇن كىشىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئانچە بىلىپ كەتمىسىمۇ ،



www.uyghurkitap.com

لېكىن بالا مېھرىنى ئۆزىگە تۇشلۇق ھېس قىلالايتتى. ئۇ، ئانا قۇشنىڭ باللىرىنى كەينىگە سېلىپ باش ئۇستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكىنىنى، توخۇلارنىڭ چۈجىلىرىگە دان تاتىلاپ بېرىۋاتقىنىنى، كالىلارنىڭ موزىيىنى ئەركىلىتىپ يالاۋاتقىنىنى تالاي قېتىملاپ كۆرگەن ۋە بالا مېھرى دېگەننىڭ قانداق بولىدىغىنىنى ئانچە ـ مۇنچە قىياس قىلغانىدى. ئەنە شۇنداق چاغلاردا ئۇ مېنىڭمۇ بالام بولسا، ئاشۇ قۇشلاردەك نە ـ نەلەرگە ئېلىپ بارسام دېگەندەك تاتلىق خىياللار بىلەن بىرھازاغىچە مەست بولاتتى ـ دە، تۇيۇقسىز كۆزىنى ئېچىپ، ئۇچتەك ئاقارغان ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ ئۆزىچە كۈلۈپ كېتەتتى.

تەقدىرنىڭ تىزگىنسىز شامىلى ئۇنى ئۇيان ئۇچۇرۇپ، بۇيان ئۇچۇرۇپ، ئاخىر مۇشۇ خوتەنگە ئەكېلىپ تاشلىدى. تاسادىپىي سەۋەب بىلەن ئاتا مېھرىنى سېغىنىپ تۇرغان ئايمۇھەممەتلەر بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئېغىر ـ بېسىق، ئەقىللىق، ھەر ئىشنى پۇختا قىلىدىغان ئايمۇھەممەتنىمۇ، ئىشچان، ئەر يۈرەك يارمۇھەممەتنىمۇ، قولى گۈل، كۆڭلى يۇمشاق گۈلئايىمنىمۇ ئۆز باللىرىدەك ياخشى كۆردى. ئۇلارنىڭ قايغۇسىغا قايغۇرۇپ، كۈلكىسىگە جور بولدى. ئۆز پەرزەنتلىرىم دەپ ھېسابلاپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇردى.

ئۇلارنى ئۇچۇرما قىلىشقا ئۇلگۈرمەيلا تەقدىرنىڭ يۈز ئۆرۈشى بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن قاۋۇل ئۇستىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۇرمىدى. كىچىكىدىنلا كۆيۈمچان، ئاق كۆڭۈل چوڭ بولغان بۇ ئاكا ـ سىڭىللار مۇساپىرلىق دەشتىدە بېلى پۈكۈلگەن مۇساپىر دەرۋىش بىلەنمۇ ئاتا ـ بالىدەك ئېچىكىشىپ كەتتى.

كېيەك دەرۋىش ئايمۇھەممەتنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويمىدى. ئۇ جايىنامازدىن چۈشۈپ زورى بىلەن ئانچە ـ مۇنچە غىزالاندى. قېلىن بىر كىتابنى قولىغا ئېلىپ باش چۆكۈرۈپ كۆرۈشكە باشلىدى. بىراق، ئۇنىڭ سۆزمەنلىكى، كۈلكە ـ چاقچاقلىرى، گۈلئايىمنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋېتىدىغان ساماۋى چۆچەكلىرى ئاڭلانماس

بولۇپ قالدى...

بۇگۇن ئۇنىڭ كۆڭلى نېمىشقىدۇر پاراڭ خالاپ قالغانىدى. بۇ بۇرۇقتۇرما مۇھىت ئىچىدە دەرد يۇتۇۋېرىشتىن زېرىكتىمۇ ياكى ئىچ - قارنىنى تۆكۈپ سەل يەڭگىللىۋالماقچى بولدىمۇ، گۇلئايىم شورباغقا چىقىپ كەتكەن، ئۆيدە ئايمۇھەممەت بىلەن بىللە قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئايمۇھەممەت بىلەن مۇڭدىشىۋالماقچى بولغانىدى.

— ئوغلۇم، ماڭا ئىشىنىسەن شۇنداقمۇ؟

دەرۋىشنىڭ بۇ سوئالىغا ئايمۇھەممەت ئىككىلەنمەي جاۋاب بەردى:

— سىلى ئۆز ئاتامنىڭ ئورنىدا تۇرسىلا، ئەلۋەتتە ئىشىنىمەن، دەرۋىش ئاتا!

— ئۇنداق بولسا، ساڭا ئاشكارىلايدىغان بىر مەخپىيىتىم بار، دەۋالايكى، ئاڭلاپ، كۆڭلۈڭدە ساقلا، لېكىن ئىنس - جىنغا تىنغۇچى بولما!

— ئىللا - بىللا قەسەم ئىچىمەنكى، ھېچكىمگە تىنمايمەن!

دەرۋىش كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىرپەس سۈكۈتتە تۇردى، لەۋلىرىنى يالىدى، سەل قىمىرلاپ قويۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىلەمسەن ئوغلۇم، مەن ئەسلىي يەكەنلىك، — دېدى، ئۇ ئايمۇھەممەتنىڭ ئىپادىسىنى بىلمەكچى بولغاندەك، چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ.

— بۇنى بىلىمەن ئاتا، — دېدى ئايمۇھەممەت بەخىرامان جاۋاب بېرىپ.

— يەنە ھېلىقى نىياز ھېكىمبەگمۇ ئەسلىي يەكەنلىك!

— خوتەندە يەرلىشىپ قالغان يەكەنلىكلەر ئاز ئەمەس، بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك، سىر تۇتقۇدەك نېمىسى بار؟

— ئوغلۇم، گەپنىڭ ھەيران قالغۇدەك يېرى مانا بۇ يەردە، بىلەمسەن، پېقىر نىياز ھېكىمبەگنىڭ باقما دادىسى بولىمەن!

— نېمە دېدىلە، دەرۋىش ئاتا، جۆيلۈگەندەك گەپ قىلىدىلىغۇ

ئەمدى، — ئايمۇھەممەتنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چانقىدىن چىقىپ كېتەي دەپلا قالدى.

— راست، ئوغلۇم، مەن نىياز ھېكىمبەگنىڭ باقما دادىسى…

ئايمۇھەممەت كىپەك دەرۋىشنىڭ بۇ غەلىتە سۆزىگە ئۆزىنى ھەرنېمە قىلىپمۇ ئىشەندۈرەلمىدى، ئۇ دەرۋىشنىڭ كەڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ كۆرگەندىن كېيىن:

— دەرۋىش ئاتا، ئىسىمداپ قالمىغانلا؟ — دەپ سورىدى سەل جىددىيلىشىپ.

— …

دەرۋىش سوغۇق كۈلۈپ قويدى، سەمىمىيلىك ۋە راستچىللىق، مەنسىتمەسلىك ئالامەتلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆز قارىچۇقى ئىككى تال مۇز ساقىدەك چاقناپ كەتتى.

— دەرۋىش ئاتاڭ ئىسىمداپ كاۋاپ بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئەقلىنىڭ تىزگىنىنى قولدىن چىقىرىپ قويمايدۇ، ئوغلۇم. يالغان گەپ دەرۋىشلەرگە يات! — دېدى ئۇ، ئايمۇھەممەتنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشىپ.

— ئەمىسە…

— ئالدىرىما، ئوغلۇم، ساڭا ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن…

كىپەك دەرۋىش بۇنىڭدىن قىرىق نەچچە يىل بۇرۇن زاراتگاھلىقتا تاشلىۋېتىلگەن بىر بوۋاقنى ئۆيىگە ئەكىلىپ بېقىۋالغانلىقىدىن تارتىپ، تا بۈگۈنگىچە بولغان كەچۈرمىشلىرىنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بېرىپ ئايمۇھەممەتنى ھەيران قالدۇردى. ھېلىقى بوۋاقنىڭ بۈگۈنكى نىياز ھېكىمبەگ ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئايمۇھەممەت قار - يامغۇردەك سوئال ياغدۇرغىلى تۇردى:

— ئۇ ئون ئىككى ياشقا كىرگەندە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى دېدىلىمۇ؟ كېيىن ئۇنى ئىزدەپ باقمىدىلىمۇ؟

— ئىزدىدىم، ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى، بىراۋنىڭ مۈشۈكى يوقىلىپ كەتسىمۇ ئىزدەيدىغۇ؟ دەرۋەقە ئۇ بىر ئادەم

بالىسى ئىدى، شۇ يىشىغا يەتكۈچە مىھرىم چۈشۈپمۇ قاپتىكەن.

— كىيىن قانداق بولدى؟

— ئىزدىدىم، يەكەن شەھىرىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە قويماي ئىزدىدىم، ئۇنىڭ ئۆزى تۇرماق سايىسىنىمۇ تاپالمىدىم. يالغۇزچىلىق، كۆڭۈل رەنجى مېنى ئادەم زاتىدىن يىراقلاشتۇردى، دۇنيا مېھرىدىن سوۋۇتتى، ئاخىر ھەزرىتى پىر مازارىغا بېرىپ دەرۋىشلىك كۈلاھىنى، رىياكارلىق جەندىسىنى كىيدىم. ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتكەندىن كىيىن ئۇنى تاسادىپەن ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ مانجۇچە ئۇستۋاش كىيىپ، مىرغەزەپ بولۇپ، كۆرگەننىلا ئۇرۇپ - سوقۇپ يۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەسكىلىكىنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى دەرھال دالدىغا ئالدىم. تونۇشلۇق بېرىشكە، بالام دېيىشكە يۈزۈم چىدىمىدى. ئاڭلىسام، مەنسىپى ئۆسۈپ يۈز ئىناۋەت تاپقاندا ئۇ تېخى ئىز - دېرىكىمنى قىلىپ يۈرۈپتۇ. كونا مەھەللىگىمۇ ئادەم ئەۋەتىپتۇ.

— قول ئىلكىگە پۇل كىرگەندە باققانىنى تۆلەي دەپتىكەنمۇ؟

— نەدىكىنى، ئۇ ۋاپاسىز مەلئۇن تۇزۇمنى يەپ، تۇزلۇقۇمنى چاقماقچى بولغاندە، ئۆزىنىڭ «تون بالىسى» ئىكەنلىكىنى باشقىلارغا ئېيتىپ قويۇشۇمدىن ئەنسىرەپ نىيىتىنى بۇزغان گەپ. تون بالىسىنىڭ قانداق ئادەم بولىدىغانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ دەيسەن؟

— كىيىن ئۇنى قايتا ئۇچراتمىدىلىمۇ؟

— ئۇچرىتىپ نېمە قىلاتتىم؟ قۇچقاچ جېنىدا ئۆز جېنىنىڭ غېمىنى يەيدۇ، ئېتىمنى ئۆزگەرتىپ، دەرۋىشلىكىمنى قىلىۋەردىم، ئادەملەرنىڭ كۆزىدىن يىراق بولدۇم، لېكىن ئۇنىڭ نېمە شۇملۇق قىلىۋاتقىنى ماڭىمۇ، خەلقئالەمگىمۇ ئايان بولۇپ تۇردى. يەكەن چېرىكچى ئامبىلى ئۇنى بېقىۋېلىپ ئادەم قاتارىغا قوشتى، ئۆز تىلىنى ئۆگەتتى، ئەمەل - مەنسەپ بېرىپ، ئىشىكئاغىسى قىلدى. بىراق، خۇدا ئۇنىڭغا ئىككى يۈز، ئىككى يۈرەك ئاتا قىلغان بولسا كېرەك، ئاخىرىدا ئۇ مانجۇلارغىمۇ ۋاپا

قىلماي ، بىر دومىلاپلا خوىزۇلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى ، خوىزۇلاردىن نۇسرەت قېچىۋىدى ، ئۇ ، ئابدۇراخمان ھەزرەتكە باش ئۇرۇپ ، مەنسەپ تۇتتى . كېيىنچە كۆچا خوجىلىرى تەرەپكە خىزمەت قىلدى ، ئاش بەرگەننىڭ يۇزىگە تۈكۈرۈپ ياقۇپبەگكە يالاقچى بولدى . ئۇ ياقۇپبەگ بىلەن خوتەنگە كېلىدىكەن دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا خوتەنلىكلەرگە بىر يامان كۈننىڭ يېتىپ كېلىدىغىنىنى تۇيغانىدىم . ئەپسۇس ، خۇدا بۇيرۇمىغان ئوخشايدۇ ، سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدىم .

— قەتلىئامدا بىرمۇنچە پۇقرانى تىلىۋالغىنى ئۇچۇنمىكىن يا ئاشلىق بەرگىنى ئۇچۇنمىكىن ، بەزىلەر ئۇنى يامان ئەمەس ئادەم دېيىشىدىكەن ؟

— خوتەنلىكلەر پايدا كۆرسىمۇ ساددىلىقىدىن كۆرىدۇ ، زىيان تارتسىمۇ ساددىلىقىدىن تارتىدۇ ، ئوغلۇم ، سەن دېگەن بەزى ئادەملەر ئەقىل كۆزى غەپلەت پەردىسى بىلەن توسۇلغانلاردۇر . قوۋمىگە ۋاپا قىلمىغان مۇناپىقتا پۇقراغا شەپقەت نېمىش قىلسۇن ، «يولۋاسنىڭ ھىجايغىنى — خىرىس قىلغىنى» دەيدىغان گەپ بارغۇ ، كۆرگەنلا ئادەمگە قۇيرۇق شىپپاڭلىتىدىغان ئىتنىڭمۇ ئادەم چىشلىمەيدىغىنى يوق . مەسىلەن ئالساق ، ئۇ بۇ دورەم دەرۋىشلەرگە يۇمشاق گەپ قىلىپ ، پۇقراغا ئانچە ـ مۇنچە ئاشلىق تارقىتىپ بەرگەن بولدى . بىراق ، بۇنىڭ كەينىدە جەزمەن بىر شۇملۇق بار ، دەپلا يۈرەتتىم . ئۇ شۇملۇق ئاخىر ئۆزىنى كۆرسەتتى ، قەلەندەرخانىغا ئوت قويۇلۇپ ، دەرۋىشلەرگە كۆرەر كۈنىدىن بىشارەت بېرىلدى .

— بۇ راستىنلا ھاكىمبەگنىڭ ئىشىمىدۇ ؟

— كېسىپ بىرنېمە دېيەلمىسەممۇ ، لېكىن ، كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ . ئۇ شۇنداق بىر ئايىغى ئاپەت دۆيۇزكى ، قەدىمى تەگكەنلا يەردىن شۇملۇق ئۇنىدۇ ، دەسسىگەنلا يەرنىڭ تۇپرىقى كۆيىدۇ .

— ھە ، مۇنداق ئىكەن ـ دە ، — دېدى ئايمۇھەممەت مۇشتۇمى بىلەن ئالىقىنىغا بىرنى ئۇرۇپ ، — بۇنى نېمىشقا دەرۋىشلەرگە

پۈرتىپ قويمايمىز ؟
— تېخى ۋاقتى ئەمەس ، ھازىرچە ئۆلار مەندىن خاپا بولسا بولىۋەرسۇن ، ھەقىقەت ھامان بىر كۈن ئاشكارا بولماي قالمايدۇ...
كۆزلىرى نەملەشكەن كېپەك دەرۋىشنىڭمۇ ، چىرايىدىن غەزەپ يېغىپ تۇرغان ئايمۇھەممەتنىڭمۇ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . خېلىغىچە داۋام قىلغان ئېغىر سۈكۈناتتىن كېيىن ئايمۇھەممەت يەنە سورىدى :
— دەرۋىش ئاتا ، ھاكىمبەگنىڭ ئەسكىلىك قىلىشىغا مۈشۈنداق يول قويىۋېرىمىزمۇ ؟
كېپەك دەرۋىش دانە ـ دانە قىلىپ دېدى :
— ئالدىرىما ، ئوغلۇم ، ھەرقانداق ئىشنىڭ باش ـ ئاخىرى بولىدۇ . كەلگەنلا ھۆكۈمەتنىڭ قولتۇقىغا بېشىنى تىقىپ ، نان بەرگەن پۇقراغا تۇزكورلۇق قىلىدىغان ئۇنداق مۇناپىقنى ھامانەم بىر كۈن خۇدا ئۇرىدۇ ، بەندىنىڭ ئاھى تۇتىدۇ ، مەن ئاللىبۇرۇن قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچكەن ، ئۇنىڭغا ھاياتلىق بەرگەنىكەنمەن ، ھاياتىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشقا ھوقۇقۇم بار ، پەيغەمبەر يېشىنى ياشاپ بولدۇم ، بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىدى ، ئايىغىم ئاستىدىن شامال ئۆتۈپلا تۇرىدىكەن ، قەسىمىمنى ئادا قىلماي قويمايمەن !
كېپەك دەرۋىشنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاۋېتىپ ، ئايمۇھەممەتنىڭ قەلبى دېڭىزدەك مەۋج ئۇردى ، كۆۋەرەپ ئاققان ئەزىم دەريادەك ئۆركەش ياسىدى . ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ئايىغىدا چۈمۈلە ئۆلمەيدىغان ، ئاق كۆڭۈل ، رايىش بىچارە دەرۋىش ئەمدى ئادالەت ئۈچۈن جېنىنى تىككەن ، كۆزلىرىدىن قىساس ئۇچقۇنى چاچراپ تۇرغان گىگانت ئادەمگە ئايلانغانىدى .
تۇيۇقسىز قوزغالغان سەلكىن شامال ئۈزۈم بارىڭىنىڭ يۇزىنى سۆيۈپ ئۆتۈپ كەتتى . قۇرۇق يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلىشى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ تاشلىدى . ئايمۇھەممەت شالاڭ ئۆسكەن باراڭ ئارىسىدىن ئاسمانغا قارىۋىدى ، تارازا يۇلتۇزىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ

قالغانلىقىنى كۆردى . شۇئان گۇلئايىم ئېسىگە كېلىپ ، ئۇ دائىم يىڭنە ئىشى قىلىدىغان سۇپىغا ، ئاندىن تېخىچە ھاڭغىرقاي ئوچۇق تۇرغان ھويلا ئىشىكىگە قاراپ دېدى :

— كۆڭلۇم بىرقىسمىلا تۇرىدۇ ، دەرۋىش ئاتا ، گۇلئايىم قاراڭغۇ چۇشكۇچە قايتىپ كىرمەن دېگەنىدى ، مانا ئەمدى ئېغىر ياتقۇ بولۇپمۇ قاپتۇ ، ھېچ كىرمەيدۇيا ؟

— تۇغقانلار قوندۇرۇپ قالغاندۇ بەلكىم ؟ !

— قوندۇرۇپ قالسا بىر ئامال قىلىپ خەۋەر بېرىۋېتەتتى .

— دېگىنىڭغۇ ئورۇنلۇق ، ئوغلۇم ، بىراق گۇلئايىم ئانچە بىغەم بالا ئەمەس ، كۆپ ئەندىشە قىلىپمۇ كەتمە ، ئۇنى خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلار !

## ئون يەتتىنچى باب

# ئۇجمىلىك دوقمۇشتىكى تۇتقۇن

گۇلئايىم يولغا چىققاندا گۇگۇم پەردىسى دەل ـ دەرەخ ، ئېتىز ـ ئېرىق ۋە يوللارنى ئاستا ـ ئاستا ئۆز سايىسى كەينىگە يوشۇرماقتا ئىدى . يىراقتا ، پەقەت كۆز يەتمەس يىراق يەردىلا كەچكى شەپەقنىڭ ئاخىرقى شولىسى ئۇپۇق گىرۋىكىدە لەيلەپ يۈرگەن سۇرمە رەڭلىك بۇلۇتلار ئارىسىدا ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى . ئۇ شورباغ بىلەن شەھەر ئارىسىدىكى يېرىم يولغا كەلگەندە بولسا ، بۇككىدە دەل ـ دەرەخ ئارىسىغا مۆكۈنگەن بوز توپىلىق ئەگرى ـ توقاي يول خۇددى سىياھ تۆكۈۋەتكەندەكلا قارىيىپ كەتتى . ئاسمان بوشلۇقى قارا دۇخاۋا ئۈستىگە چېچىۋېتىلگەن ئۇششاق ئالماس پارچىلىرىدەك پارقىراپ تۇرغان ھېسابسىز يۇلتۇزلار بىلەن قاپلاندى . بۇ يۇلتۇزلار قارىماققا كوئېنلۇن تېغىنىڭ چوققىلىرىدا پىلىلداۋاتقان جىنچىراغقا ئوخشايتتى . بىراق ، بۇ جىنچىراغلارنىڭ

چىكىم - چىكىم ئاجىز يورۇقى تۈن قاراڭغۇلۇقىدا يىراققا بارمايلا سىڭىپ تۈگەيتتى. روشەن كۆزلەردىن ئۆزگە، تەبىئەت قۇچىقىدىكى ھەرقانداق ھاياتلىق سەزگۈسى بۇ غۇۋا چىكىتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلىشقا ئاجىز ئىدى.

جىمجىت كېچە، ھەممىلا يەرنى قاپلاپ كەتكەن مۇدھىش قاراڭغۇلۇق ئوشۇقىغىچە توپا كېچىپ كېلىۋاتقان گۈلئايىمنىڭ يۈرىكىنى سىقىپ، كۆڭلىگە ساراسىمە سالاتتى. ئەمدىلا قاراڭغۇ چۈشكىنىگە قارىماي، ئاسمان - پەلەك قېرى قاپاق تېرەكلەر بىلەن چۈمكەلگەن بۇ يولدا قوللىرىغا دەررە ئېلىۋېلىپ نەمۇ نە چارلاپ يۈرىدىغان مۇز تەلەت مىرشەپلەرنىڭمۇ، مىرشەپلەرنىڭ غەزىپىدىن ئېھتىيات قىلىدىغان يولۇچىلارنىڭمۇ ئايىغى ئۈزۈلگەنىدى. يول بويلىرىغا جايلاشقان شالاڭ، پاكار دېھقان ئۆيلىرىنىڭمۇ ئىشىكلىرى مەھكەم تاقالغان، ئادەملەرمۇ، جان - جانىۋارلارمۇ ئۇيقۇ دېڭىزىغا غەرق بولغانىدى. كامارلىرى گۆر ئاغزىدەك قارىيىپ تۇرغان قايسىدۇر بىر قېرى تېرەكتە ئۇۋا تۇتقان تەنھا ھۇۋقۇش بوغۇق، يىرگىنچلىك ئاۋاز بىلەن توختىماي سايرايتتى.

«ھەي ئىست، تۇغقانلار قونۇپ قال دېگەندىكىن قونۇپ قالسام كىمنىڭ دەردى، بىكاردىن - بىكار جاھىللىق قىپتىمەن» — يېزا يولىنىڭ بۇنچىۋالا ۋەھىمىلىك، قورقۇنچلۇق بولىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن گۈلئايىم ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دېدى. ئۇ كەلگەن يېرىدە شىپپىدە توختاپ كەينىگە قايتماقچىمۇ بولدى. بىراق، يول تەڭ بولغاندا ئالدىغا ماڭسىمۇ، كەينىگە يانسىمۇ بەرىبىر ئىدى. ئوخشاشلا قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەتراپىنى زەن قويۇپ تىڭشىۋالغاندىن كېيىن يولنى يەنە داۋام قىلىۋەردى.

گۈلئايىم ئادەتتە تالا - تۈزگە ئانچە كۆپ چىقمايتتى. چىقسىمۇ ئاكىسىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى قۇلىقىدا مەھكەم ساقلاپ، تېز چىقىپ، پاتلا قايتىپ كىرەتتى. مەھەللىدىكى كوت - كوت خوتۇنلار بىلەنمۇ، ئەركە - ناياناق قىز - چوكانلار بىلەنمۇ باردى -

كەلدى قىلمايتتى . بازار ئارىلىغاندا ، نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغاندا ئـەركەك جىنسىنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزىنى يىراق تۇتاتتى . ئۇنىڭغا بىردىنبىر تونۇش چىراي — كەرىمقۇلنىڭ چىرايى ئىدى . تونۇش ئاۋازمۇ كەرىمقۇلنىڭ ئېقىن سۇدەك شوخ ئاۋازى ئىدى . بىراق ، ئـوچـۇق دېـمـىـگـىـنـى بـىـلـەن ، كـەرىـمقۇلنىڭ ئەندىشىسىمۇ ئايمۇھەممەتنىڭكىدىن ئەسلا كەم تۇرمايتتى . مۇھەببەت بىلەن تەڭ تـۇغـۇلـغـان كـۇنداشلىقمۇ ياكى يىگىتلەرچە كۆڭۈل بۆلۈشمۇ ، ئىشقىلىپ ، ئۇ گۇلئايىمنى ياتنىڭ نەزىرىدىن قوغدىغۇسى كېلەتتى . كـىـمـلـەردۇر ئـوغـرىـلاپ كـېـتـىـدىـغـانـدەك ، كـىـمـلـەردۇر تـارتـىـۋالىدىغاندەك ، ئۇنى تالا ـ تۈزگە چىقارغۇسى كەلمەيتتى . يـۇزىـنـى يېپىـشـقا دەۋەت قىلـغىنى قىلـغانىدى . «قىز بالا دېگەن تالا ـ تۈزدە يۈرسە قاملاشمايدۇ ، يەنە كېلىپ ، تورلىشىپ پىشاي دەپ قالغان قوغۇننىڭ دىماغنى يارغۇدەك خۇش ھىدى تارقالغاندا ، ئۇنىڭ لەززىتىدىن مەست بولمايدىغان كىم بار ؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ بەزىدە ئۆز ـ ئۆزىنى ئازابلاپ ، — دۇنيادا گۆش يۇرىمايدىغان مۈشۈك ، تاغار تەشمەيدىغان چاشقان يوق . ئالمادىس تەلۋىلىكى تۇتقان بىرەر بەتنىيەتنىڭ ياكى شەھۋەتپەرەس بىرەر بايۋەچچىنىڭ گۇلئايىمغا كۆزى چۈشۈپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق ؟ »

كەرىمقۇل بىرنەچچە كۈندىن بېرى يوروْڭقاش بازىرىدىكى بىر باينىڭكىدە بوياقچىلىق قىلىۋاتقاچقا ، گۇلئايىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلەيدىغان پۇرسىتىمۇ ئازىيىپ كېتىۋاتاتتى . بوش ۋاقتىنى تاتلىق خىياللار بىلەن ، ئاش ـ غىزا تەييارلاش ۋە يىگنە ئىشى بىلەن ئۆتكۈزەتتى .

ئۇ بۈگۈن ناشتىدىن كېيىن «تۇغقانلارنى سېغىنىپ كەتتىم» دەپ ئـاكـىـسىنىڭ كۆزىگە كىرىپلىۋالدى . ئايمۇھەممەت ئامراق سىڭلىسىنىڭ رايىنى ياندۇرالامتى ؟ «قىز بالا بولغان بىلەن ئۇمۇ ئادەمغۇ ، قەپەسكە بەند قىلىنىدىغان قۇش ئەمەسقۇ ؟ زامانمۇ خېلى تۈزۈلۈپ قالدى ، ئانچە ـ مۇنچە تالا ـ تۈزگە چىقسا ، تۇغقانلار بـىـلـەن مۇڭدىشىپ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ كەلسە ئەجەب ئەمەس»

دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا ماقۇل بولغانىدى.

گۈلئايىم «توغقانلارنى سېغىنىپ كەتتىم» دېگەن بولدىيۇ، ھەقىقىي مۇددىئاسىنى ئاكىسىدىن يوشۇردى. ئەمەلىيەتتە ئۇ تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشكەچ، ئېرىدىن ئاجرىشىپ، ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغان سالامەتخان بىلەن مۇڭدىشىپ، ئەھۋاللىشىپ كېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

ئۆزلىرىگە شىرەم تۇغقان كېلىدىغان داۋۇت ئاكىنىڭ چوڭ قىزى سالامەتخان غۇنچە بوي، بۇغداي ئۆڭ، قوشۇما قاشلىق، چىرايلىققىنا كەلگەن قىز بولۇپ، بىر جۈپ خۇمار كۆزى قاچانلا قارىسا كۈلۈپ تۇراتتى. كىچىكىدىن باشلاپ يوقسۇزلۇق ئازابىنى يەتكۈچە تارتىپ چوڭ بولغان بۇ قىز ئىسسىق شامالدەك ناتىۋانلىقى، چېچەك پەسلىدەك ئۇزلۇقى ۋە ئىشچان، چىققىشقاقلىقى بىلەن مەھەللە يىگىتلىرىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتەتتى. ئىشق سەۋداسى بىلەن ساراڭ بولغان نەۋقىران يىگىتلەر ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى، ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسىنى ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى ئىچىگە يوشۇرۇپ قويغاندەك، سالامەتخاننىڭ ئەتراپىنى ئەگىپلا يۈرەتتى. ئۆستەڭ بويىدىن، قۇدۇق بېشىدىن سۇ ئەكېلىۋاتقان سالامەتخان ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، پىراق ئوتىدا پۇچۇلىنىپ يۈرگەن يىگىتلەرنىڭ تىلى سۆزدىن، قولى ھەرىكەتتىن توختايتتى. ئىنتايىن نازۇك، چوغدەك ھارارەتلىك بىر سېزىمنى كۆزلىرىگە يىغىپ، ئۇنىڭ بۇلۇتتەك يېنىك مېڭىشلىرىنى، سەلكىن شامالدا سىلكىنىۋاتقان مەجنۇنتالدەك قول سېلىشلىرىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن تاماشا قىلاتتى...

داۋۇت ئاكا باپكارنىڭ موكىسىدەك كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىغان ئەلچىلەرنى، دەللاللارنى، بايلارنى، كەمبەغەللەرنى ئۆزىگە يارىشا چىرايلىق باھانە - سەۋەبلەر بىلەن يولغا سالاتتى. ئوچۇق دېمىگىنى بىلەن، ئۇنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئويلىغىنى بار ئىدى.

بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن، ئۇ شەھەردىكى قاۋۇل ئۇستىغا: «سەھرادا كۆك چىقتى، بىدە چۈچۈرىسى يەپ كېتىڭلار» دەپ گەپ

ئەۋەتتى . قاۋۇل ئۇستا چوڭ ئوغلى ئايمۇھەممەتنى كەينىگە سېلىپ سەھراغا يېتىپ كەلدى . ئايمۇھەممەت بىلەن سالامەتخانمۇ دەل شۇ كۆك چىققان كۈنلەردە بىر - بىرى بىلەن تونۇشتى . سەزگۈر ، ئوتلۇق كۆزلەر تۇنجى ئۇچرىشىشتىلا ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان ، ئەمما ھېلىغىچە ئېزدەپ تاپالمايۋاتقان ئالاھىدە بىر خىل شولىنى كۆرۈپ قېلىشتى . ئايمۇھەممەتمۇ ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا كىرگەن ، ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك تولغان ، قىزىرىپ پىشقان ئالمىدەك رەڭ تۇزگەن بۇ قىزنى تۇنجى كۆرۈشىدىلا ياقتۇرۇپ قالدى . بۇرۇتى كۆكلەم مايسىسىدەك خەت تارتقان ، ئۆسكىلەڭ ، قارىمۇتۇق كەلگەن ، بۇ كەم سۆز ، تارتىنچاق يىگىتمۇ سالامەتخانغا قەۋەتلا ياراپ كەتتى… ئۇلار بىدە تېرىۋېتىپ ، كۆكلەم ھىدى بىلەن تولغان تەبىئەتكە ، يېڭىلا چالما قومۇرغان يېشىل مايسىلارغا قاراپ نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلىشتى . ئۆز قەلبىدىمۇ ، خۇددى باھار تۇيغۇسىدەك يېڭى ، ياز قۇياشىدەك ئىللىق بىر ھېسسىياتنىڭ قەلب ئېتىزلىرىدا بىخ سۇرۇپ قالغانلىقىنى سېزىۋېلىشتى…

دەل شۇ كۈنلەردە پەلەك چەرخى بىردىنلا تەتۈر چۆرگىلەشكە باشلىدى . جاھاننى قارا بوران باستى ، گۈللەر تۆكۈلۈپ ، ياپراقلار خازان بولدى . يەر ۋە ئاسمان ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ ، ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كەتتى . بەختسىزلىكنىڭ ھەممىسى بىر جۈپ ياشنىڭ ئالتۇن بۆشۈكى بولغان بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ بېشىغا كەلدى . قاۋۇل ئۇستا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى . چوڭ قەتلىئام يارمۇھەممەتنىڭمۇ ، داۋۇت ئاكا بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنىڭمۇ جېنىغا زامىن بولدى . ھەركىم ئۆز قايغۇسى بىلەن قالغان پاراكەندە زاماندا جۇدالىق مۆلدۈرى ئايمۇھەممەت بىلەن سالامەتخاننىڭ قەلبىدە ئەمدىلا كۆكلەشكە باشلىغان مۇھەببەت بىخىغا شەپقەتسىزلەرچە چاڭ سالدى . سالامەتخان چىدىمىدى ، قىرغىن تالاپەتىدىن ۋەيران بولغان ئائىلىسىگە ، قازاندا پورۇقلاپ قايناۋاتقان تاشقا تەلمۈرۈپ كۆز قارىچۇقلىرى تارتىپ كېتىۋاتقان سەبىي ئىنىلىرىغا ، قورۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان تۇل ئانىسىغا چىدىمىدى ، پۈتۈن بىر ئائىلە

كىشىلىرىنىڭ قىرىلىپ كېتىشىگە پەقەت ئۇلار ئەمەس، شىپەت
بولغان دادىسى ۋە ئىنىسىنىڭ روھىمۇ چىداپ تۇرالمايتتى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇ، ئۆزىنىڭ پاك قىزلىق ئىپپىتى، غۇبارسىز مۇھەببىتى
بەدىلىگە ئائىلىسىنى ساقلاپ قېلىش قارارىغا كەلدى ـ دە، پەقەت
تۆت چارەك قوناق مېھرى ھەققى قىلىنغان بىر غايىب نىكاھقا
يىغلاپ تۇرۇپ رازىلىق بەردى. ئۇ زەردار ئېرىگە ئۆز مۇھەببىتىنى
ئەمەس، بەلكى ئۆزى كەبى بىر ياغاچ قورچاقنى، ھېسسىياتسىز
بۇيۇمنى تەقدىم قىلدى. ئاددىي ئۆتكۈزۈلگەن تويدىن كېيىنكى
ۋىجدان ئازابىغا چىدىماي ئۆلۈۋالماقچى، پاك قېنى بىلەن سەبىي
ۋۇجۇدى ئۇستىگە قونغان چاڭنى يۇيۇۋەتمەكچى بولدىيۇ، بىراق
مەقسىتىگە يېتەلمىدى. يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان
ھېلىقى ھاللىق كىشى سالامەتخانىنىڭ ئۆلۈۋېلىپ ئۆزىگە بالا تېرىپ
بېرىشىدىن قورقتىمۇ ياكى ئۇنىڭ قار ـ بوراندەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆز
يېشىدىن ئېرىپ، ئىنساپىغا كېلىپ قالدىمۇ، ئىشقىلىپ ئۇنىڭغا
قاتتىقلىق قىلمىدى. توي ئۆتۈپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن
نومۇستىن يىقىلىپ قالاي دېگەن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئەكېلىپ
قويدى. نىكاھ ئەھدىدىنمۇ، مېھرى ھەققىدىنمۇ ۋاز كەچتى.

ئائىلە ئىشلىرى ئۇنىڭ سۇنغان كۆڭلىنى قايتا ياشارتتى،
ئانىسىنىڭ، ئىنى ـ سىڭىللىرىنىڭ ھالىدىنمۇ قولىدىن كېلىشىچە
خەۋەر ئالدى. بىراق، ئۇ يىپ ئېگىرىپ ئولتۇرۇپ ئۈن ـ تىنسىز
ياش تۆكەتتى. بەزىدە قوللىرى چاق چۇشۇرۇشتىن ۋە يىپ
سوزۇشتىن توختاپمۇ قالاتتى. ئايمۇھەممەتنىڭ سىيماسى كۆڭۈل
ئەينىكىدە غىل ـ پال پەيدا بولغاندا بولسا ئوتقاشتەك قىزىرىپ
كېتەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنى، كۆزلىرىدىكى تومۇر ـ تومۇرلاردىن
تارىغۇچى ئىسسىق نۇرنى، قامەتلىك گەۋدىسىنى سېغىناتتى.
خىيالىي تۇرمۇش قايىنىمىدا يەلكەندەك ئۈزۈپ كېتىۋېتىپ، ئۆزىمۇ
سەزمىگەن ھالدا تاتلىققىنا كۈلۈمسىرەپ قوياتتى.

قىزنىڭ روھىي ھالىتىدىكى بۇنداق ئالامەتلەرنى سېزىپ
تۇرغان ئانا، ئۇنىڭ يۈرىكىگە قول سالاتتى:

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما قىزىم، پېشانەڭگە پۈتۈلگىنى شۇ ئوخشايدۇ. ياتلىق بولۇپ كەتكىنىڭنى ئاڭلاپ، ئايمۇھەممەت بالامنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى. شۇ بىر كەلگەنچە، ئۆيمىزگە كەلمەسلا بولۇپ كەتتى. بۇ چاغقا ئۇمۇ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇۋالغاندۇ، ئۇنى ئۆيلەنمىدى دېگەندىمۇ، سېنىڭ يەنىلا بىر نىكاھلىق بولغان ئېتىڭ بار، ئەمدى ئۇنىڭدىن ئاغرىنغىلى بولمايدۇ. خۇدا سېنىمۇ بىلىپ بىر يولدا قويار...


ئانىنىڭ تەسەللىسى يوللۇق بولغىنى بىلەن، قىزنىڭ ھېسسىياتىنى بەزلەشكە ئاجىز ئىدى. تەسەللىدىن كېيىنلا، سالامەتخاننىڭ كۆزلىرىگە يەنە ياش تولاتتى.


ئۇنىڭ جاراھەتلىك قەلبىنى چۈشىنىدىغان بىردىنبىر سىردىشى يەنىلا گۈلئايىم ئىدى. تىنچ چاغلاردا ئۇ دائىم سالامەتخانلارنىڭكىگە كېلىپ تۇراتتى. سالامەتخانغا شەھەر تۇرمۇشى، ئاكىلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەتتى. بولۇپمۇ چوڭ ئاكىسىنىڭ سالامەتخان بىلەن كۆڭۈل بېرىشكەنلىكىدىن قەۋەتلا خۇش ئىدى. ئۇنى يەڭگە قىلىۋېلىشقىمۇ چىن دىلى بىلەن رازى ئىدى. بۇ ئىشنى رەسمىي تىلغا ئېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا، ئىككى ئائىلىنىڭ بېشىغا ئېغىر مۇسىبەت كەلگىنىمۇ ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.

سالامەتخاننىڭ ئۆيگە قايتىپ كەلگەنلىكىدىن گۈلئايىم تېخى بىرنەچچە كۈن بۇرۇنلا خەۋەر تاپتى. ئۇ، ئۆينىڭ ئېغىر يۈكىنى بىر ئۆزىلا كۆتۈرۈپ تۇرغان ئاكىسىنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ، چىگىلگەن تەۋىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئاكىسىغا كۆڭۈل بەرگەن، سۆيگەن، ئەمما تۇيۇقسىزلا بەختىنى يوقىتىپ، ھەسرەت ئىچىدە قالغان سالامەتخاننى چېكىپ باقماقچى بولغان ۋە شۇ نىيەت بىلەن بۈگۈن ئەتىگەنلا سەھراغا يېتىپ كەلگەنىدى.

ئۇ سالامەتخان بىلەن مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ كۆرۈشتى. ئىككى قىز يىپ ئېگىرگەچ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى. سالامەتخان دەسلەپتە يىغىدىن ئۆزىنى توختىتىۋالالمايلا قالدى. كېيىنچە بېشىدىن ئۆتكەن - كەچكەنلىرىنى باشتىن - ئاخىر سۆزلەپ بېرىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





www.uyghurkitap.com

ئىچ ـ قارنى بوشىغۇچە دەرد تۆكۈۋالدى . گۈلئايىم كەپ ئارىلىقىدا ئۇنىڭ ئاكىسىغا بولغان پاك مۇھەببىتىنىڭ ھېلىھەم گۈلخانىدەك لاۋۇلداپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇنىڭ بۇ مۇھەببىتىدىن ئاكىسىنى مۇۋاپىق بىر ۋاستە بىلەن بۇرۇنراق خەۋەردار قىلىش ، ئۇنى بىر خۇشال قىلىۋېتىپ ، ئۆزىنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان چوڭ قىز بولۇپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن سالامەتخان ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ قايتا ـ قايتا تۇتۇپ قېلىشلىرىغا قارىماي ، ئۆيگە ئالدىرىغانىدى .

— كىم ؟

يول بويىدىكى ئېگىز قوناقلىقتىن چىققان شىرىق ـ شىرىق ئاۋاز گۈلئايىمنى چۆچۈتۈۋەتتى . ئۇنىڭ يۈرىكى بىردىنلا ئورنىدىن قوزغىلىپ ، ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولدى . ئىككى قولىنى بىر كۆتۈرۈلۈپ ، بىر پەسىيىۋاتقان كۆكسى ئۈستىگە قويۇپ ئەتراپنى تىڭشاپ باقتى .

— كىم ؟

ئۇ تىترەك ئاۋاز بىلەن يەنە بىر قېتىم توۋلىدى . لېكىن ، ھېچقانداق سادا كەلمىدى ، ئەمدىلا قەدەم ئېلىشىغا ، تۆت قەدەم نېرىسىدىكى تېرەكتىن ھۇۋقۇشمۇ يا باشقا بىر ئۇچار قاناتمۇ ، ئىشقىلىپ قانداقتۇر بىر قۇش قاناتلىرىنى پالاس قاققاندەك پالاقلاپ ئۇچۇپ كەتتى .

«ھە ، ناھايىتى بىر قۇش ئىكەنغۇ ، قۇشتىن قورقۇپ نېمە كەپتۇ ئەمدى ؟ »

ئۇنىڭ پۈكۈلۈپ تۇرغان ئاياغلىرىغا ئازراق دەرمان كىرگەندەك بولدى ، كەچنىڭ سالقىن ھاۋاسىدىن تويغۇدەك بىر نەپەس ئېلىۋېلىپ ، يەنە قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى .

يوللار بارغانسېرى ئۆزىراۋاتاتتى . قاراڭغۇلۇق بەئەينى بىر زۇلمەت ئەجدىھاسىدەك ، تەبىئەتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى مەھكەم قۇچاقلاپ ياتاتتى . ئېرىق سۈيىنىڭ شىرىلدىشى ، ئاندا ـ ساندا چىقىپ تۇرىدىغان شامالنىڭ ئاجىز شىۋىرلىشى ھەتتا ئۆز

قەدەملىرىنىڭ شەپىسىمۇ گۈلئايىمغا غەلىتە بىر سادا بولۇپ تۇيۇلاتتى .

ئۇ ئۇچقاندەك تېز مېڭىپ تۆت ئەتراپى غۇچچىدە ئۆجمە دەرەخلىرى بىلەن قورشالغان تۇمشۇققا كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى .

ئۇ بەدەننى تىكەنلەشتۈرۈۋېتىدىغان بۇ ئۆجمىلىك دوقمۇشتىن قايرىلىپ يەنە ئازراق ماڭسىلا شەھەرنىڭ ئادەم ئۆكسۈمەيدىغان ئاۋات كوچىلىرىغا ئۇلىشىۋالغانمۇ بولاتتى . لېكىن ، كۈتۈلمىگەن قورقۇنچلۇق ۋەقە دەل ئاشۇ ئۆجمىلىك دوقمۇشتا يۈز بەردى . شەھەرگە يېقىنلاپ ، يۈرىكى كۆتۈرۈلۈپ قالغان گۈلئايىم مەزمۇت قەدەم بىلەن كېتىۋاتقاندا يول بويىدىكى قويۇق ئۆسۈپ كەتكەن ئۆجمە شاخلىرى ئارىسىدىن ئىككى گەۋدە ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى ـ دە ، كۆك تاماكىنىڭ ھىدى كېلىدىغان بىر ئالىقان ئېغىز ـ بۇرنىغا كاندەك چاپلاشتى . ھەش ـ پەش دېگۈچە ، پۇت ـ قولى مەھكەم باغلىنىپ بېشىغا تاغار كىيدۈرۈلدى .

ئويلىمىغاندا يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەدىن گۈلئايىم ئايلىنىپ قالايلا دېدى . ئۇ پۇتۇن كۈچىنى يىغىپ ۋارقىرىماقچى ، قېچىپ قۇتۇلماقچى بولدى ، قىلتاققا چۈشۈپ قالغان كېيىك بالىسىدەك تىپىرلاپ ، جان تالىشىپ باقتى . لېكىن ، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنغان ، ئىتائەتتىن قاچقان ئەزالىرى مىدىرلاپمۇ قويمىدى...

بۇ ئىككى يوچۇن گەۋدىنىڭ پاكار ، دوغىلاق كەلگەن بىرى ئاغزى مەھكەم چىگىلگەن بوز تاغارنى لىككىدە كۆتۈرۈپ يەلكىسىگە ئالدى . ئېگىز ، ئورۇق ھەمراھى بىلەن پىچىرلىشىۋالغاندىن كېيىن شەھەر دائىرىسىگە يېتىپ كەلدى ـ دە ، قاراڭغۇ كوچىلاردىن بىرىگە غىپپىدە كىرىپ كەتتى .

— توختاڭلار ، كىم سىلەر ، تۈن كېچىدە تاغار يۈدۈپ يۈرگەن ؟

كېچىنى كېچە دېمەي كېسەل كۆرگىلى كەلگەن ئوردا تېۋىپىنى ئۈزىتىپ چىقىۋاتقان تۆمۈر خەزىنىچىبەگ قولىدىكى ئورۇس

پانىرنى ئېگىزرەك كۆتۈردى. پانار يورۇقىدا ئىككى كىشىنىڭ كۆزلىرى قامىشىپ كەتتى. ئۇلار ئەپسۇن بىلەن سېھىرلەنگەندەك تۇرغان جايىدا قېتىپلا قالدى. ئېنى تۆتلىك، ئۇزۇنلۇقى بىر غۇلاچ كېلىدىغان كۆن دەررىسى بىلەن پۈتكۈل شەھەردىكى بىنامازلارنى، ئوغرى - قىمارۋازلارنى غال - غال تىترىتىۋېتىدىغان بۇ قازى رەئىسنىڭ ئۆزىمۇ، ئاۋازىمۇ بۇ ئىككىيلەنگە تونۇش ئىدى. ئۇنىڭ دەررىسىنىڭ تەمىنى پات - پات تېتىپمۇ تۇراتتى. تاغار ئىچىدە ئالىلىقاچان ھەرىكەتتىن قالغان ئۆلجىسىنى «مىدىرلاپ سالمىغىيدى» دەپ يەلكىسىگە مەھكەم بېسىپ تۇرغان پاكىنەك كىشى ھەمراھىغا قاراپ «بۇ كوچا خەتەرلىك، باشقا كوچىدىن ماڭىلى دېمىگەنىدىم، ئەمدى خوپ بولدىمۇ» دېگەندەك ئالىيىۋالدى. ئۇلار ئوردىنىڭ كەينى دەرۋازىسىغا بارغىلى بولىدىغان بۇ ئەڭ يېقىن كوچىدىن ماڭماقچى بولغاندا، بىرقانچە ئەمەلدارنىڭ مۇشۇ كوچىدا ئولتۇرۇشلۇق ئىكەنلىكىنى يادىغا ئېلىشقانۇ، قازى رەئىسنىڭ بۇنداق چاغدا پانار كۆتۈرۈپ ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. مانا ئەمدى «ئۆلگۈسى كەلگەن چاشقان مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەپتۇ» دېگەندەك، ئۇلار تۆمۈر خەزىنىچىبەگنىڭ ئالدىغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن كېلىشكەنىدى.

تۆمۈر خەزىنىچىبەگ ئۇلارغا يېقىنلاپ كەلدى، پانارنىڭ يورۇقىنى ئۇلارنىڭ يۈزىگە بىرمۇبىر توغرىلاپ چىققاندىن كېيىن سوراق تەلەپپۇزىدا:

— ھوي، توختى موللاق ئەمەسمۇ سەن، ھە، سەن غازى گەدەنغۇ؟ — دېدى ۋە نەچچە قېتىم ئالدىدىن ئۆتكەن بۇ ئىككى قىمارۋازنىڭ چىرايلىرىغا يەنىمۇ سىنچىلاپراق قاراپ چىققاندىن كېيىن ئاۋازىنى كۆتۈردى، — ئىككىڭلار يەنە نېمە شۇملۇقلارنى قىلىپ يۈرىسىلەر، تاغاردىكى نېمە ئۇ، دېسەم - دېمىسەم ئوغرىلىق قىلدىڭلارغۇ، دەيمەن؟

ئېگىز كىشى قازى رەئىسنىڭ «ئوغرىلىق قىلدىڭلارمۇ» دېگەن

سوئالىغا ، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى :

— يوقسۇ ، بېگىم ، يوقسۇ… ھەددىمىز ئەمەس…

— شورباغلىق بىر دېھقانىنىڭ موزىيىنى سېتىۋالغانىدۇق ، كېلىۋاتساق باغلاقتىن بوشىنىپ كېتىپ ، قوناقلىققا كىرىۋالدى… قوغلاپ يۈرۈپ ، مۇشۇنداق كەچ قالدۇق… كاساپەت ، قورسىقى ئېسىلىپ ئۆلەي دەپ قاپتىكەن ، گاچچىدە بوغۇزلاپ ، تاغارغا سېلىۋالدۇق .

— ھە ، مۇنداق گەپ ئىكەن ـ دە؟ قان بېجىدىن قورقۇپ ، تاغارغا قاچىلاپ مېڭىپسىلەر ـ دە !

— شۇنداق ، شۇنداق جانابلىرى ، بىز ئېزىپتۇق ، گۇناھىمىزنى تەن ئالىمىز… ئەتە… ھە ، ئەتىلا باجلىتىمىز ، بېگىم .

— ئەمىسە باجلىتىپ ، سەركارنىڭ ئىسپاتىنى ماڭا يەتكۈزۈپ بېرىڭلار ، باج ئوغرىلىغانىنىڭ جازاسى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟

— بىلىمىز ، بېگىم ، بىلىمىز ، مالنىڭ گۆشى مۇسادىرە قىلىنغاندىن تاشقىرى ، يەنە قىرىق دەررە يەيمىز !

قازى رەئىس پانارنى پەسكە چۈشۈردى .

— بۇنىڭدىن كېيىن باج ئوغرىلايدىغان يامان ئىشنى ئىككىنچى قىلماڭلار ، كۆزۈمدىن تېز يوقىلىڭلار ، بولمىسا مىرشەپلەر سىلەرنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ !

قازى رەئىسنىڭ مىلتىق ئېتىلغاندەك چىقىدىغان تورلۇق ئاۋازىدىن قورقۇپ سۇغا چۈشكەن ئاسلاندەك بولۇپ كەتكەن بۇ ئىككىيلەن ، خوش ـ خوش ، دېگىنىچە قاراڭغۇ كوچىغا كىرىپ كەتتى .

— ھەي ، بۇ بەگلەرنىڭ نېمە شۇملۇق قىلىپ يۈرگىنىنى بىلگىلى بولمايدۇ . بىرقانچە كۈندىن بېرى بۇ نائەھلىلەر توزۇندىغا كۆنۈك لالما ئىتتەك ئوردىغا كىرىپ ـ چىقىپلا يۈرىدۇ ، ئۇلارنى ھېچكىم توسۇيالمايدۇ ، توسۇۋالسا : «بىزدە نىياز ھاكىمبېگىمنىڭ

دەستىكى بار» دېگىنى دېگەن...

تۆمۈر خەزىنىچىبەگنىڭ دەرۋازىسىدىن ئۇزاۋاتقان ئوردا تېۋىپى شۇنداق دېدى ۋە غودۇڭشىغان پېتى كېتىپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئون سەككىزىنچى باب

## تىكەن ئارىسىغا تېرىلغان تىكەنلەر

ياقۇپبەگ خوتەندىن كېتىپ توپتوغرا سەككىز ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى مىلادىيە 1867 ـ يىلىنىڭ كەچ كۈزىدە خوتەنگە: «ياقۇپبەگ مارالبېشى، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، كۇچا شەھەرلىرىنى پەتھە قىلىپ كورلا شەھىرىگىچە قىستاپ باردى ۋە غازى سۇپەت قوشۇنلىرىنى باشلاپ قەشقەرگە قايتىپ كەلدى» دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى.

بۇ خەۋەر ياقۇپبەگنىڭ كېيىنكى قەدەملىرىگە كۆز سىلىپ يۈرگەن نىياز ھېكىمبەگنىڭ مۇلاھىزە تۈگمىنىگە سۇ قۇيدى. ئۇ قوبۇلخانىسىغا بېكىنىۋېلىپ، ياقۇپبەگ بىلەن بولىدىغان يېڭى مۇناسىۋەت مىزانىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ۋە شامال يۆنىلىشىگە قاراپ يەلكەن كېرىش قارارىغا كەلدى.

دەرۋەقە، ياقۇپبەگنىڭ كېيىنكى يۈرۈشلىرى كۆڭلىدىكىدەك تېز ۋە ئوڭۇشلۇق بولدى. ئۇ ھەربىي ئىقتىدارىغا تايىنىپ قىسقىغىنا سەككىز ئاي ئىچىدە يەتتە شەھەر زېمىنىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆزىگە قاراتتى. نىياز ھېكىمبەگنىڭ نەزىرىدە ئۇ يىقىلمايدىغان تامغا، لىڭشىمايدىغان دەرەخكە، تەۋرىمەيدىغان تاغقا ئايلاندى. ئۆز مەنتىقى بويىچە ئالغاندىمۇ، نىياز ھېكىمبەگ يىقىلمايدىغان تامنى يۆلىشى، يۆلىگەندىمۇ ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالىغۇدەك داغدۇغا بىلەن يۆلىشى كېرەك ئىدى. ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە ئۇ مەيدىسىگە مۇشتلاپ تۇرۇپ: «مەن يۆلەپ

تۇرغاچقىلا بۇ تام ئۆرە تۇرۇۋاتىدۇ» دېيەلەيتتى. يىقىلىش ئېھتىمالىنى سەزگەن ھامان ئۇ بۇ تامنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىتتىرەتتى. تام يىقىلغاندا بولسا ئۇنىڭ چاڭ - توزانلىرىدىن پايدىلىنىپ، باشقا بىر تامنى يۆلەشكە باشلايتتى - دە، «ئۇ تام مەن ئىتتەرگەچكىلا يىقىلدى» دەپ تام يىقىتقانلىق تۆھپىسىنى دەپتىرىگە يازالايتتى.

نىياز ھېكىمبەگ نەچچە كۈن باش قاتۇرغاندىن كېيىن خاس قوبۇلخانىدىن چىقتى. بۇ چاغدا ئۇ قەشقەرگە بېرىپ ياقۇپبەگنىڭ غەلىبىسىنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن مەھكەم بەل باغلاپ بولغانىدى. بۇ قۇتلۇق سەپەر ئۇنىڭغا نۇرغۇن سىرلارنى يېشىپ بېرەتتى، ياقۇپبەگنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشەتتى. ئاندىن قالسا، بۇ يېڭىلمەس قەھرىمانىنىڭ كەلگۈسى پىلانلىرىنى بىلىۋېلىش، ئېزىزبەگ جاللاتنىڭ ئۆلۈمى سەۋەبلىك ئۈزۈلۈپ قالغان مەخپىي ئالاقە تورىنى قايتا يېپىش، كاتتا ئەربابلار بىلەن ئۇچرىشىپ قۇلاق سەمرىتىش قاتارلىق تېپىلغۇسىز پۇرسەتلەرگە ئىگە بولاتتى. يەنە كېلىپ، ئۆزىنى ياقۇپبەگنىڭ ھوزۇرىدا كۆرسىتىش خوتەن پۇقرالىرىنى تىنچىتقانلىقتىن دېرەك بېرەتتى.

ھەرقانداق ئىش قىلغاندا ئېھتىياتنى ئالدىنقى قاتارغا قويىدىغان، سېغىزغاندەك سەزگۈر نىياز ھېكىمبەگ سەپەر ۋاقتى ۋە قەرەلىنى ھېچكىمگە ئاشكارىلىمىدى. كاتتا سوۋغاتلار قاتارىدا، ياقۇپبەگنىڭ شەھۋەت قايناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋەتكۈدەك بىرەر قىز تېپىش ئىشىنىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندىۋالدى، كۆزلىرى ئاھۇنىڭكىدەك، لاتاپەتتە تەڭداشسىز بىر مەسۇمە قىزنى ھېچ كۈچىمەيلا قولغا چۈشۈردى... ئەمدى ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقىنى ئۆز ئورنىدا كىمنى قويۇش مەسىلىسى ئىدى. ئۇ ئەمىرلەشكەر خالمان پانساتنىڭ، قازى لەشكەر موللاجى تۇراپنىڭ ئۆزىگە ئانچە مايىل ئەمەسلىكىدىن خەۋىرى بار ئىدى.

خالمان پانسات پەرغانىدىن بۇزرۇكخان تۆرە بىلەن بىللە كەلگەن ئاتمىش نەچچە ئاتامانىنىڭ كۆزى ھېسابلىناتتى. ئۇ قوقان

www.uyghurkitap.com

خانى موللا ئالىمقۇل ئورۇسلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلگەندىن كېيىن، يەتتە مىڭ لەشكەرنى باشلاپ ياقۇپبەگدىن پاناھ تىلىگەن موللاجى تۇراپ بىلەن قان ـ قېرىنداشلاردەك يېقىن ئۆتەتتى. جەڭدە پىششىپ پالتا ئۆتمەس كۆتەكتەك قوداڭشىپ كەتكەن بۇ بۇرادەرلەر سىر دەريا ۋادىسىدىن قەشقەر دەرياسى ۋادىسىغىچە بولغان كەڭ زېمىندا يۈز بەرگەن تىل ۋە تىغ رىقابەتلىرىدە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلگەن، سىپاھگەرلىك ۋە رەڭۋازلىقتا چېكىگە يەتكەن ئادەملەر ئىدى. چوڭ مەنسەپلەر تەمەسىدە يۈرگەن بۇ ئوقۇرى ئېگىز كىشىلەر ياقۇپبەگنىڭ ئەمرى ئۈچۈنلا خوتەندە قالغان ۋە نىياز ھېكىمبەگنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاشقا مەجبۇر بولۇۋاتاتتى. مۇبادا ئۇلارنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، توڭگۇز قاترايدىغان كۆڭۈللىرىدە ئىسيان ئۇچقۇنى چاقناپلا قالسا، بۇ ئۇچقۇن شەك ـ شۈبھىسىز يانغىنغا ئايلىناتتى ـ دە، ئۇدۇل ھاكىمبەگنىڭ تەختىگە تۇتىشاتتى. گۇناھنى ھاكىمبەگكە دۆڭگەپ ياقۇپبەگنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشمۇ ئۇلار ئۈچۈن ئاددىي بىر ئويۇن ئىدى. مۇبادا نىياز ھېكىمبەگ بىلەن ئۇلار ئارىسىدا قان تۆكۈلسە، ياقۇپبەگنىڭ قولى ئىچىگە ئېگىلەتتى، قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇمايتتى، توقۇناق بالاغا قېلىپ، ئۆمۈرلۈك پۇشايمان بىلەن كېتىدىغىنى يەنىلا نىياز ھېكىمبەگ بولاتتى.

نىياز ھېكىمبەگ تېگى ـ تەكتى خوتەنلىك بولغان، ھاجى پادىشاھنىڭ خۇۋلۇقىنى كۆپ كۆرگەن تۆمۈر خەزىنىچىبەگكىمۇ تازا ئىشىنىپ كەتمەيتتى. ئۇ ئىككى پەرغانىلىك بىلەن ئانچە چىقىشالمىسىمۇ، لېكىن خوتەندە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، ئۆزىگە تۇشلۇق جامائىتى بار ئىدى.

يەرلىك ئادەمگە ئىشىنىش ئۆز تەختىنى ئۆزى غۇلىتىشتىن دېرەك بېرەتتى.

بىراق، نىياز ھېكىمبەگ بۇنىڭلىق بىلەن قەشقەر سەپىرىدىن ۋاز كېچەلمەيتتى. ھەتتا بۇ سەپەرنى بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ پايدا ـ زىياننى ئوبدان دەڭسەپ كۆرگەندىن

كېيىن، ئاخىر ئەمىرلەشكەر خالمان پانساتنى ئالدىغا چاقىردى.

ئۇ خالمان پانساتقا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ تون ـ سەرپاي كىيدۇردى ۋە بەش مىڭ تەڭگىنى ئالدىغا قويۇپ دېدى:

— ئەمىرلەشكەر جانابلىرى، زېمىنى نامرات، ئادەملىرى پاراكەندە بۇ يۇرتنىڭ ھاكىمبەگلىك يۈكى ناھايەت يامان بىر چاغدا كەمىنىلىرىنىڭ زەبۇن يەلكىسىگە يۈكلەندى. بۇ مۈشكۈل خىزمەتنى پەقەت بۇرادەرلىرى جانابىي ياقۇپبەگ ئالىيلىرىغا بولغان ئېتىقادىم، ئىخلاسىم يۈزىسىدىنلا قوبۇل قىلغانىدىم، ئەندىشىلىرىم كۆپ ئىدى. بىراق، كەرەملىك خۇدا ئەمانى ھاسىسىدىن، ئىمارەتنى تۈۋرۈكىدىن ئايرىمايدىكەن. شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ئۇ زات ماڭا رۇستەمى داستاندەك باھادىر ئەمىرلەشكەر جانابلىرىنى ياردەمگە ئەۋەتىپتۇ. كۆپ دىشۋارچىلىقلارغا مۇپتىلا بولسىمۇ، يولۇمغا يولداش، قولۇمغا قولداش بولدىلا، يۇرتنى تىنچلاندۇرۇش، پۇقرانى ئەمىن تاپتۇرۇش يولىدا چەككەن رىيازەتلىرى، كۆرسەتكەن تۆھپىلىرى بىر ئاللاغا ۋە پېقىرغا مەلۇم. تۆھپىلىرىنى تارتۇقلاش، خىزمەتلىرىنى جامائەتكە بىلدۇرۇش تىلىكىم كۆڭلۇمدە خېلى بۇرۇن پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن قازى لەشكەر، قازى رەئىس ۋە بەگ ـ پانساتلارنىڭ ھەسەت ـ رەشىكىنى قوزغاپ قويماي دەپ، دىلىمدا پىنھان ساقلاپ كەلگەنىدىم. ھالا بۈگۈن قۇتلۇق سائەت، قۇتلۇق مۆھلەتتە بۇ تىلىكىم ئاللا تەرىپىدىن مەقبۇل كۆرۈلدى، — نىياز ھېكىمبەگ خالمان پانساتنى سىناپ باقماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا تۇيدۇرماي كۆز سېلىۋالدى ۋە كۈمۈش تەڭگىلەر بىلەن تولدۇرۇلغان پەتنۇسنى ئۇنىڭ ئالدىغىراق سۈرۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاللا ئىگەم ياقۇپبەگ ئالىيلىرىنىڭ ئىشتىياقىنى كۆڭلۈمگە سالدى، ئۇنى تاۋاپ قىلىپ، ئاقسۇ ـ كۇچا تەرەپلەردە قازانغان ئالەمشۇمۇل نۇسرىتىنى قۇتلۇقلاشقا دەۋەت قىلدى. ئۇ زات بىلەن كۆرۈشكەندە ئەلۋەتتە جانابلىرىنىڭ داڭقى ـ تەۋسىپلىرىنى يەتكۈزمەي قويمايمەن.

نىياز ھېكىمبەگ كۆزلىرى پەتنۇستىكى تەڭگە ـ تىللادەك چاقناپ كەتكەن ئەمىرلەشكەرگە قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئىندەككە كەلگىنىنى جەزملەشتۈردى ـ دە:

— ئەمىرلەشكەر جانابلىرى، كەمىنىلىرى كۆڭلۈمنى توق قىلىش مۇددىئاسىدا يۇرت تىزگىنىنى پەقەت ئۆزلىرىگىلا تۇتقۇزماقچىمەن. بۇ ھەممىنى بىلگۈچى ئاللانىڭ ئىرادىسى ۋە ھاكىمبەگنىڭ ئىشەنچى. بىراق، سەمىلىرىدە بولسۇنكى، ئادەم دېگەننىڭ ئالدى گۈل، كەينى تىكەن، ئۆزلىرى كۆڭۈلچەك، مېھرىبان ئادەم. قىزىل كۆزلۈك قىلىپ يوللىرىغا ئورا كولايدىغانلارنىڭ، پېقىرغا ۋە ئۆزلىرىگە قورسىقىدا غۇم ساقلاپ كەلگەن بەزى مەنسەپدارلارنىڭ يوشۇرۇن تۇزىقىغا دەسسەپ سالمىغايلا، ھەرقانداق پىتنىگە ئالدانمىغايلا، ئەل ـ يۇرت ئامان بولسا، خۇدا خالىسا يۇرتنى بىللە سوراپ، بىللە ئۆتەرمىز دېگەن ئۈمىدتىمەن، — دەپ قوشۇپ قويدى ئاخىرىدا.

ئۆزىگە تەۋە تەڭگىلەرگە قاراپ، خالمان پانسات ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۈچە خۇش بولدى، كۆزىدىن ئوت چىقىپ كەتتى. مانا تېخى، نىياز ھېكىمبەگ ھاكىمبەگلىك تەختىنى تاپشۇرغىلىۋاتىدۇ. بۇ بېشىغا ئامەت قۇشى قونغانلىقىنىڭ بېشارىتى بولماي نېمە؟

ئەمىرلەشكەر ھاياجانلاندى. ئوڭۇمىمۇ يا چۈشۈمىمۇ دېگەندەك كۆزىنى چىمچىقلىتىپ، قولىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ باقتى. ئۆمرىدە نۇرغۇن ھۆكۈمرانلارغا، خان ـ بەگلەرگە جېنىنى سېلىپ بەرگەن، قول قاتارى ئىتائەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى، ھەتتا ياقۇپبەگمۇ ئۇنىڭغا بۇنچىلىك پۇل ـ پۇچەك ھەدىيە قىلىپ باقمىغانىدى.

ئۇ نىياز ھېكىمبەگكە قورساق كۆپۈكى قىلىپ يۈرگىنىنى ئېسىگە ئېلىپ، «ھاكىمبەگ جانابلىرى، ئۆزلىرىنى خاتا چۈشىنىپ، ئاغرىنىپ يۈرگىنىم ئۈچۈن خىجىلمەن، ئەپۇ قىلغايلا» دەپ ئايىغىغا يىقىلماقچى بولدى. شۇغىنىسى، ئارتۇقچە ھاياجانلانغىنىدىن بولسا كېرەك، تىلى گەپكە، تىزى ھەرىكەتكە

كەلمەي قالدى . قەلبىدە تولۇپ تېشىۋاتقان تەشەككۈر ـ رەھمىتىنى ، ئىتائىتىنى پەقەت قايتا ـ قايتا تەزىم قىلىش بىلەنلا ئىپادە قىلالىدى .

نىياز ھېكىمبەگ تۆمۈر خەزىنىچىبەگنىڭمۇ دوپپىسىغا جىگدە تەڭلىدى . سەپەر ھاردۇقى يەتكەنمۇ ياكى ساقلىقى يوقمۇ ، تۆمۈر خەزىنىچىبەگ نەچچە كۈندىن بېرى دىۋانغا كەلمەيۋاتاتتى . قايتا ـ قايتا ئادەم ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ ئۇ «ئاغرىپ قالدىم ، دىۋانغا بارالمايمەن ، بېگىم ئەپۇ قىلغاي» دەپ ئوردىغا يېقىن يولىمىدى . «بارمايمەن دېگەن تۈگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ» دېگەندەك ، نىياز ھېكىمبەگ ئاخىر ئۇنى ئىزدەپ كەلدى :

— بىر ئىرادە بىلەن ياقۇپبەگ جانابلىرىنى زىيارەت قىلغىلى سەپەرگە جابدۇنۇۋاتىمەن ، يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ، ئۆزلىرىدەك ساداقەتمەن دوستۇمغا خوش دېمەي كېتىشنى تەبىئىتىمگە راۋا كۆرمىدىم . قازى جانابلىرىغا ئايدىڭ ، ئۇلۇغلارنى مۇبارەكلەش پۇقراپەرۋەرلىك جۈملىسىدىندۇر . ھالا بۇگۈنكى كۈندە سىلى ۋە بىزنىڭ ئوچۇق قوللۇقىمىز بىلەن خەزىنىدىن ئاش ـ يېمەككە ئېرىشكەن پۇقرا پېتىنىدىن قول ئۈزۈپ ، توغرا يولغا ماڭغان بولسىمۇ ، چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ دېگەندەك ، ئوردا ئىچى ئانچە تىنچ ئەمەس ، ئويلىمىغان يەردىن چاتاق چىقىپ قالسا ، شەنىمىزگە سەت بولارمىكىن دەپ ئويلايمەن ، — دېدى ئۇ ، خەزىنىچىبەگنىڭ چىراي ئىپادىسىگە ئىنچىكىلىك بىلەن دىققەت قىلىپ تۇرۇپ .

نىياز ھېكىمبەگنىڭ گېپى بىلەن تەڭ ، ھېلىقى ئىككى گەۋدە ، يەنى پېشىن نامىزىنى قازا قىلغىنى ئۈچۈن قىرىق دەررىگە ھۆكۈم قىلىنغان ئاشۇ قىمارۋازلارنىڭ مەخپىي ئىقرارى تۆمۈر خەزىنىچىبەگنىڭ يادىدىن كەچتى . ئىككى قىمارۋازنىڭ بىرى بولغان توختى موللاق قىرىق دەررىنىڭ يىگىرمىسى ئۇرۇلۇپ بولغاندا «ھەممە جىنايىتى» قاتارىدا قىز بۇلىغانلىق گۇناھىنىمۇ بىراقلا ئىقرار قىلىۋەتكەنىدى .

— ئۇ قىزنى نەدىن بۇلاپ كېلىشتىڭ ؟

— شورباغ يولىدىكى ئۆجمىلىكتىن ، قازىم…
— ئۇ ، كىمنىڭ قىزى؟
— بىلمەيمىز ، بېگىم ، پەقەت … پەقەت … ھاكىمبەگنىڭ دېگىنى بويىچىلا قىلدۇق . ئۇ… ئۇ بىزگە بەش تەڭگە بەردى ، بىز ئاشۇ بەش تەڭگىنىلا تونۇيمىز…

ئويلىمىغان يەردىن چىققان بۇ سوراق نەتىجىسىگە ئاساسەن ، خوتەن دىيارىنى لەرزىگە كەلتۈرگەن بۇ جىنايەتنىڭ كەينىگە جانابىي ھاكىمبەگ بىلەن بەش تەڭگىلىك نەپىنىڭ يوشۇرۇنغىنىنى بىلگەن تۆمۈر خەزىنىچىبەگ شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە بېشى قېيىپ ، تىك موللاق چۈشكەن . تۇيۇقسىز چۆچۈش ۋە قاتتىق قورقۇنچ تۇپەيلى ، ئاغزى - بېشىغا قارا پۇرچاقتەك قويۇق قوقاق يارىسى ئۆرلەپ چىققانىدى .

بىراۋنىڭ مەخپىي سىرىنى بىلەلمەسلىكمۇ ، بىلىپ قېلىشمۇ ئوخشاشلا ئازاب . بۇ سىر ئىچىدە بىر كۈن ساقلىنىدىكەن ، ئۇ خۇددى بومبا يۇتۇۋالغاندەك بىر كۈن قىينىلاتتى . كىمگىدۇر ئېيتاي دېسە بېشى كېتىشتىن قورقاتتى .

قازى رەئىس ئۆز ئەركىدىن ، قان - قېرىنداشلىرىدىن ئايرىپ تاشلىغان بىگۇناھ قىز ئۈچۈن ، ئۇ سېتىلما قىمارۋازلارنى قىرىق دەررە ئەمەس ، سەكسەن دەررە ئۇرغۇزدى ، ئىتنى قىيىنىغاندەك قىيىنىدى . لېكىن ئۇلار يەنىلا ئۆلمىدى . ئۇلار ئۆلسىدى ، قەلەندەرخانىغا ئوت قويۇپ بىچارە دەرۋىشلەرنى ماكانسىز قويغانلىقىنىڭ ، ئاجىز بىر قىزنىڭ بەختسىزلىكىگە زامىن بولغانلىقىنىڭ جازاسىنى تارتقان بولار ئىدى .

خەزىنىچىبەگ سەكسەن دەررىدىمۇ ئۆلمىگەن ئۇ مەلئۇنلارنى تاش يۈرەكلىك بىلەن ئۇرۇپ تەپتى ، ئاغزى - بۇرنىغا دەسسەپ خېلى ئۇزۇن تۇردى . ئۇلار يەنىلا ئۆلمىدى . گۇناھكار مۇبادا سوراقتا قىيناقتا ئۆلسە ئۆز ئۆلۈمى بىلەن ئۆلدى دەپ قارىلاتتى . ھۆكۈم بىلەن ئۆلتۈرۈش زۆرۈر تېپىلسا ھاكىمبەگنىڭ ، ھەتتا ياقۇپبەگنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلەتتى . بۇ مېڭىپ

بولمايدىغان خەتەرلىك يول ئىدى . ئاخىرىدا ئۇ بۇ ئادىمىي هايۋانلارنى تاپنى سۆرىگەندەك سۆرىتىپ خالىي بىر يەرگە ئېلىپ باردى ـ دە ، خوتەن تەۋەسىدە تۇرماسلىق ، سوراق قىلغىنىنى ئۆمۈرۋايەت سىر ساقلاش شەرتى بىلەن مازار تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە هەيدىۋەتتى .

تۆمۈر خەزىنىچىبەگ قەشقەر سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپلا بىر قىسىملا جۇدەپ كەتتى ، ئۇگە ـ ئۇگىلىرى ئاجراپ ، چېقىپ تاشلانغاندەك ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى . بېشى قېيىپ ، هۆ تۇتتى . تېۋىپىنىڭ شىپالىق شەربەتلىرىمۇ ، داخانلارنىڭ ئەپسۇن ـ سەۋەبلىرىمۇ ئۇنىڭ بۇ كېسىلىگە ئانچە كار قىلمىدى . دەل شۇ كۇنلەردە «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك بىر ئىش يۈز بەردى . هېلىقى ئاخشىمى ئۇ ئىشىك ئالدىدىن ئوغرىدەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىككى قىمارۋازنى ئۇچرىتىپ قالدى . ئۇلارنى قان بېجى ئوغرىلىدى دەپلا گۇمان قىلىپ قويۇپ بەردى .

بىراق ، قىمارۋازلارنى ئۇچراتقان كۇنىنىڭ ئەتىسى قاۋۇل قازانچىنىڭ قىزى گۇلئايىمنىڭ سەهرادىن قايتىپ كېلىۋېتىپ شورباغ يولىدا يوقىلىپ كەتكەنلىكى شەهەر ئىچىگە پۇر كەتتى . تۇغقانلىرى ۋە قولۇم ـ قوشنىلىرى ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ باققان بولسىمۇ ، قىزنىڭ تېپىلمىغانلىقى مەلۇم بولدى .

پۇتۇن ئەزايى چېقىۋەتكەندەكلا ئاغرىپ ، بىلىنى رۇسلىيالمايۋاتقان تۆمۈر خەزىنىچىبەگ بۇ خەۋەرنى قىمارۋازلارنىڭ ئىقرارى بىلەن باغلاپ كۆرۈپ كېسىلىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋالغان بىر پەيتتە نىياز هېكىمبەگ ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى . ئۇنى كۆرۈپلا ئاياقتىكى قېتىقتەك ئۇيۇپ قالغان خەزىنىچىبەگ خۇددى ئەزرائىلنى كۆرگەندەك قورقۇپ ، تىترەپ كەتتى . يۇرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى .

خەزىنىچىبەگ تورلىشىۋاتقان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ ، ئۇنىڭغا ئاستىرتىن سەپسالدى . ئىلگىرى نۇرانە كۆزلۈك خىزىر بولۇپ كۆرۈنىدىغان نىياز هېكىمبەگ بۇگۇن قولىدا تىكەنلىك

گـۇرزە تـۇتـۇپ ، ھەڭگاڭ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىۋاتقان جاللات سـۇپـىتىدە ئاشكارا بولدى . بۇ بەتبەشىرە جاللاتنىڭ ئاغزى يەنە مىدىرلاشقا باشلىدى :

— ئـاغـزىـدىـن ئـىـمـان قاچقان ، نان بەرگەننىڭ قولىنى چىشلەيدىغان ھېلىقى پەرغانىلىكلەر سىلى بىلەن بىزنىڭ بىشىمىزدا ياڭـاق چـاقـساق دەيدۇ ، — نىياز ھېكىمبەگ ئۆزىگە تىكىلىپ ئـولـتـۇرغـان خـەزىـنىچىبەگنى گېپىمنى پۇتۇن دىققىتى بىلەن ئاڭلاۋاتىدۇ دەپ پەرەز قىلدى ـ دە ، سۆزىنى داۋام قىلدى ، — بۇ ئۇلارنىڭ خام خىيالى ، ئۇخلىماي چۈش كۆرگىنى . سىلى ، بىز نېمىلا دېگەنبىلەن بىر ئېقىننىڭ سۇيىنى ئىچكەنلەر ، «سۇ كېتىپ تاش قالىدۇ ، ئوسما كېتىپ قاش قالىدۇ» دېگەندەك . ئۇلار بەرىبىر كـېـتىدۇ ، بىز يەنە مۇشۇ يۇرتتا ياشايمىز . پېقىر بۇرادەرلىرى قەشقەرگە كەتكەندىن كېيىن ، ئۇلار بېشىنى بىر قىلىپ ئىش تېرىپ يۈرمىسۇن ، يۇرۇش ـ تۇرۇشىغا ، سۆز ـ ھەرىكىتىگە ھەر زامان ھــوشيار تۇرغايلا ، ئاغزىلىرىغا ھېزى بولغايلا ، خۇدا خالىسا بۇ يۇرتنى بىللە سورارمىز...

تۆمۈر خەزىنىچىبەگ ئۆزىنى چۈش كۆرۈۋاتىمەن دەپ ھېس قىلدى بولغاي ، كۆزىنى قاياققىدۇر تىككەن پېتى قىمىر قىلماي ئـولتۇرىۋەردى . نىياز ھېكىمبەگ ئۇنىڭ ئۇزىتىپ چىقمىغىنىنى كۆڭلىگە ئالمىدى ۋە پەگاھدىلا خوشلىشىپ كېتىپ قالدى .

نىياز ھېكىمبەگ قوبۇلخانىسىدا قازى لەشكەر موللاجى تۇراپنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى ، «كېسەل شىپا تاپسا تېۋىپ ئۆزى كـەپتۇ» دېگەندەك ، موللاجى تۇراپ مەھرەملەرنىڭ توسۇشىغىمۇ قارىماي ، چالۋاقىغان پېتى قوبۇلخانىغا كىرىپ كەلدى .

— ھـاكـىمبەگ ھەزرەتلىرى ، خالمان پانسات دېگەن ئادەم سـاراڭ بـوپتۇ ساراڭ ، — موللاجى تۇراپ ئاچچىقىدا پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى . كۆشەۋاتقان تۆگىنىڭكىدەك كۆپۈك ئۆرلەپ تـۇرغـان ئېغىزىدىن ماغزاپ چاچرايتتى ، — قارىماملا ، سالام قىلسام ئىلىك ئېلىشى يوق ، گەپ قىلسام كۆز قىرىنى سېلىشى يوق ! خۇددى يەپ كېتىدىغاندەك ئالىيىپ قارىشىچۇ تېخى ، ئۆزۈمنى

تۇتۇۋېلىپ ، ئاچچىقىمغا ھاي بەردىم ، بولمىسا ئۇ بەچچىۋازنىڭ ئانىسىنى كۆزگە كۆرسىتەتتىم !...

— قازى لەشكەر جانابلىرى ، كونىلار «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس ، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» دەپتىكەن . ئۆزلىرىگە ھاي بېرىپ ئاجايىپ ئوبدان ئىش قىپتىلا ، قېنى ، ئالدى بىلەن ئولتۇرۇپ بىر پىيالە چاي ئوتلىۋالسىلا ، ھەرقانداق گەپ بولسا ئالدىرىماي دېمەمدىلا ؟ — نىياز ھېكىمبەگ ئۇنىڭ مۇرىسىگە ئالىقىنىنى قويدى ۋە ھېچ ئىش بولمىغان قىياپەتتە ئۇنىڭغا مۆتىۋەرلەرچە تەسەللى بەردى ، — ئۆزلىرى ئەمىرلەشكەر بىلەن بىر يۇرتلۇق ئەمەسمۇ ، ئۇنىڭ سىلىدە قانداقمۇ ئۆچى بولسۇن ، گەپ باشقا يەردىدۇ بەلكىم...

— ھىم ، ئۇنىڭ ماڭا ھەسەت قىلىپ يۇرگىنىنى خېلىدىن بېرى تۇيۇپ يۇرەتتىم...

— ھە مانا ، مېنىڭچە گەپ دەل مۇشۇ يەردە...

ھاكىمبەگ بىلەن قازى لەشكەرنىڭ سۆھبىتى ئانچە ئۇزاققا بارمىدى . نىياز ھېكىمبەگ ئېچىپ تەييار بولغان خېمىرنى قايتا ئېچىتىشنى خالىمىدى . ئەگەر يەنە ئېچىتىۋېتىدىغان بولسا بىرەر چوڭ ۋەقە يۈز بېرىپ قېلىپ ، سەپىرىنىڭ كېچىكىپ كېتىشىدىن خەۋپسىرىدى . ئۇنىڭغا ئۆزى قايتىپ كەلگۈچە يۇرتقا ئىگىدارچىلىق قىلىپ تۇرۇش ، باشقىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتمەسلىك ، بولۇپمۇ ئەمىرلەشكەر ۋە خەزىنىچىبەگلەرنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشىغا زەن قويۇش ، ئاغزىنى مەھكەم ساقلاش ھەققىدە جېكىلىدى .

شۇنداق قىلىپ ، نىياز ھېكىمبەگ ئۈچ مەنسەپدارنىڭ ئارىسىغا قويۇق تىكەن تېرىۋەتتى . يۇرت ئىشىدىن كۆڭلىنى تىندۇرۇپ تەخلەپ قويۇلغان سوۋغا - سالاملىرىنى ئون بەش قېچىرغا يۈكلەپ ، تاڭ يورۇماستىلا يولغا راۋان بولدى . بامدات نامىزىنى لاسكويدا ئوقۇدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# ئۈچىنچى قىسىم

## دوستلار دۈشمەن ئىزىدا

تورغاي باتۇر سەبزە شەھىرىدە ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگىنىدە بىر كېيىك كېلىپ قويلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالدى. ئۇ قويلار ئارىسىدا ئۈركۈپ، ھەر تەرەپكە تاشلىناتتى. قويلار ئارىسىدا بىر بۆرىمۇ بار ئىدى. تورغاي باتۇر بۆرىنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردى ۋە ئۇخلاپ قالغان قويچىنى ئويغاتتى.

— شەرەفىددىن ئەلى يەزدى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئون توققۇزىنچى باب

# ئاھ ، شاۋقۇنلۇق يەكەن دەرياسى

نىياز ھېكىمبەگ خوتەندىن خۇددى خېمىردىن قىل سۇغۇرغاندەك شەپىسىز ، ھەشەمسىز چىقىپ كەتتى . زاۋا ، پىيالما ، مۇجا ، سانجۇ ، گۇما[1] ئۆتەڭلىرىنى بىر ـ بىرلەپ كېيىنگە تاشلاپ ، يەتتىنچى كۈنى يەكەن تەۋەسىگە يېقىنلاپ كەلدى .

كارۋان ئون ئارغامچا بويى سوزۇلغانىدى . كارۋان ئالدىدا مويلىرى چۇشۇپ كەتكەن تەلپەك كىيگەن ، ماتا كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى ئېچىۋەتكەن ئىككى مەتە[2] يالاڭ ئاياغلىرى بىلەن ھارغىن ئېشەكلىرىنى دېۋىتىپ باراتتى . ئېشەكلەرنىڭ كەينىدە قازاندەك يوغان سەللە كىيىۋالغان شەيخۇلئىسلام بېشىنى گىلدىڭلىتىپ ، سەل ئاقساپ قالغان جەدە ئات ئۈستىدە مۈگدەپ ئولتۇراتتى . ئاتنىڭ چۇلۋۇرى ، بەقەسەم يەكتىكىنىڭ پەشلىرى چۆل شامىلىدا يېنىك يەلپۈلدەيتتى . بىرقانچە جۈملە ئىسلام ئەھكاملىرىنىلا بىلىدىغان ، سۆلىتى ئىلمىدىن زىيادە بولغان بۇ ئاقساقالنى ھاكىمبەگ پەقەت سەپەر يارىشىقى ئۈچۈنلا ھەمراھ قىلىۋالغانىدى . كارۋان چۆلدە ياكى بىرەر ئۆتەڭدە چۈشكۈن قىلغاندا ئۇ نامازغا ئىماملىق قىلاتتى .

كەڭ كەمەرلىرىگە ئۆتكۈر ئىسپاھان قىلىچلىرىنى ، قوشقۇلاق يېڭىسار خەنجەرلىرىنى ئېسىۋالغان ، پاۋان مىلتىقلىرى ۋە

---

① زاۋا ، پىيالما ، مۇجى ، سانجۇ ، گۇما — خوتەن بىلەن قاغىلىق ئارىسىدىكى يېزىلار . ھازىر قاراقاش ۋە گۇما ناھىيىلىرىگە تەۋە .
② مەتە — تۆگە يېتىلەش ۋە باشقۇرۇشنى كەسىپ قىلغان ئادەم .

تەپكىلىك تۇركىلەنكا مىلتىقلارنى كۆتۈرۈۋالغان ئون نەچچە نەپەر ئاتلىق مەھرەم شەيخۇلئىسلامنىڭ كەينىدىن كەلمەكتە ئىدى . ئۇلارنىڭ قىياپىتى يەكمۇيەك ئېلىشىشقا ئاتلانغان جەسۇر جەڭچىلەرگە ئوخشايتتى . كېلىۋېتىپ ، سەپەر ھاردۇقى ئىز قالدۇرالمىغان ئۆتكۈر كۆزلىرىنى يىراق ـ يىراقلارغا تاشلايتتى .

نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئورنى بىر قاتاردا ئىككىدىن تۇرۇپ ، ئۈچ ئارغامچا بويى سوزۇلغان خاس مەھرەملەر سېپىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلەتتى . ئۇ قومۇش قولاقلىرىنى دىڭگايتىپ ، چاپچىپ تۇرىدىغان كۇمۇش جابدۇقلۇق قاراشەھەر ئارغىمىقىنىڭ ئۈستىدە چويۇن ھەيكەلدەك مەزمۇت ئولتۇراتتى . نىشان قادالغان يېشىل سەللىسى ، زەر جىيەكلىك گۆش رەڭ تونى ناۋات رەڭ چۆل قوينىدا ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇراتتى . ئويماقتەك يۇمىلاق ، يىڭنە تۆشۈكىدەك كىچىك كۆزلىرى گاھ كەڭ سايغا ، گاھ يىراقتىكى دەرەخزار مەھەللىلەرگە تىكىلەتتى . كېتىۋېتىپ ، نېمىگىدۇر تاقەتسىزلەنگەندەك ئاسمان بوشلۇقىغا قاراپ قوياتتى . كۆك قەرىدە ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇت پارچىلىرىغا ، ئۇپۇق سىزىقلىرىغا نەزەر سالاتتى . دۇنيانىڭ بۇ قەدەر كەڭلىكىگە ھەيران بولغاندەك ، كۆتمەك بۇرۇتى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن سارغۇچ ساقىلىنى يېنىش ـ يېنىشلاپ سىلاپ قوياتتى . خېنە قويغاندەك قىزىرىپ تۇرىدىغان قېلىن كالپۇكلىرى توختىماي مىدىرلايتتى . تەرخەمەكتەك توم ۋە كالتە بۇرنىنىڭ ئۇچىدا ئېسىلىپ تۇرغان پۈرچاق چوڭلۇقىدىكى تەر تامچىسى ھىندى قىزلىرىنىڭ بۇرۇن مونچىقىدەك پىلدىرلايتتى .

ئۇزۇن نەيزىلىك مەھرەملەرنىڭ نازارىتىدە كېلىۋاتقان ياسىداق مەپە ياغسىرىغان بولسا كېرەك ، بوغۇزىغا پىچاق ئۇرۇلغان ئۆچكىدەك چىرقىراپ ، چۆلنى بېشىغا كىيەتتى . روجەكلىرىنىڭ پەردىسى چۈشۈرۈۋېتىلگەن ، تۈڭلۈكسىز ھەپىسگە ئوخشايدىغان بۇ چىرايلىق مەپىدە تولا يىغلاپ كۆز يېشى قۇرۇغان ، ئاھ ـ پەرياد ئۇرۇپ ئاۋازى پۈتكەن تۇتقۇن قىز گۈلئايىم قان قاچقان قوللىرى

بىلەن ئېڭىكىنى تىرىگەن پېتى مۈگلىنىپ ئولتۇراتتى .

ساندۇق ـ ساندۇق قاشتېشى ، ئالتۇن ـ كۈمۈش ، تېڭىق ـ تېڭىق خوتەن زىلچىلىرى ، ئىنگلىز گەزلىمىلىرى ، نەپىس شايى ـ ئەتلەس ، تاۋار ـ دۇردۇن ۋە باشقا تارتۇق بۇيۇملىرى يۈكلەنگەن بىرقانچە ئات ، قېچىر مەيگە ئەگىشىپ تاپ بېسىپلا كېلىۋاتاتتى . ئاش ـ ئوزۇق ۋە تۇلۇملاپ سۇ ئارتىلغان قېچىرلارنى بىردىن پىيادە خىزمەتچى يېتىلەپ ماڭاتتى .

چۆل تونۇردەك قىزىق ۋە سەھرايى كەبىردەك قۇرغاق ئىدى . تەشنالىق يەتكەن ئۇلاغلارنىڭ ئاستى كالپۇكلىرى ئاجراپ كەتكەن ئۆتۈك چەمىدەك ساڭگىلاپ تۇراتتى . نورمىلىق سۇ ئىچىدىغان مەھرەملەر ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك مۇلازىملارنىڭ ئاغزى قۇرۇپ ، لەۋلىرى قېلىن گەز باغلاپ كەتكەنىدى ، جاۋغايلىرىدىن شور ئۆرلەيتتى .

ئۇلار نامازدىگەر مەزگىلىدە سايدىن سازلىققا ، سازلىقتىن ئادەم ياشايدىغان مەھەللىگە يېتىپ كەلدى . ئالىقىنىنى سايىۋەن قىلىپ يات ـ پات ئالدى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان نىياز ھېكىمبەگ يەكەن دەرياسىنىڭ قىرغىقىنى بىرىنچى بولۇپ كۆردى ۋە قامچىسىنىڭ سېپى بىلەن دەريا تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ :

— قاراڭلار ، ئەنە يەكەن دەرياسى ، مەن يەكەن دەرياسىنى كۆردۈم ، — دەپ توۋلىۋەتتى سەل ھاياجانلىنىپ .

بىرەر پارچە سالقىن بوستانلىققا ، بىرەر ئېرىق سۈزۈك سۇغا تەلمۈرۈپ كۆزى تېشىلەي دېگەن كارۋان ئەھلى ھاكىمبەگ كۆرسەتكەن تەرەپكە تەڭلا قاراشتى . ئارقىدىن ئاسان ھاياجانلانمايدىغان ، ھاياجانلانسىمۇ ئىچىدە بىلىپ ، تېشىغا چىقارمايدىغان سۆرۈن تەلەت ھاكىمبەگنىڭ كىچىك بالىدەك خۇشال بولۇپ كەتكىنىگە ھەيران بولغاندەك ، ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ قويۇشتى .

نىياز ھېكىمبەگ راستتىنلا ھاياجانلانغانىدى . ئادەتتە تاتىرىپ تۇرىدىغان چىرايى مۇسەللەس ئىچىۋالغاندەك قىزارغان ، كۆزلىرى

تېخىمۇ كىچىكلەپ ، ئاغزى يۇمۇلمايلا قالغانىدى . بەزىدە مەسىلىك ئايىغىنى ئۇزەڭگىگە تاقاپ ، ئېگەر ئۈستىدە چەۋەندازلاردەك ئۆرە تۇرۇۋېلىپ دەريانىڭ ئۇ قېتىغا قارايتتى ، نېمىلەرنىدۇ دەپ چۇقان كۆتۈرەتتى .

كۆز كېلىپ ، تاغلارغا سوغۇق تەگكەچكە ، دەريا سۈيى ئوبدانلا تارتىلىپ قالغان ، شۇنداقتىمۇ ، بىر ئۆستەڭ كەلگۈدەك سۈزۈك سۇ تېگى كۆرۈنۈپ تاشلىق سايغا ئوخشاپ قالغان كەڭ دەريا قىنىنىڭ بىر تەرىپىگە يىغىلىپ ، جىمجىتقىنا ئاقماقتا ئىدى .

دەريا سۈيىنىڭ تارتىلىپ كەتكەنلىكى نىياز ھېكىمبەگنىڭ كۆڭۈل دەرياسىدا بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتقان ھاياجان ئېقىنىنىڭ ئۆز ئەركى بىلەن مەۋج ئۇرۇشىغا ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمىدى . ئۇ ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى قىرغاققا يېتىپ كەلدى ـ دە ، نەچچە ئوچۇم سوغۇق سۇنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئىچىۋەتتى . زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇۋېتىپ ، تەكشى ئېقىۋاتقان سۇ يۈزىدە ئۆز ئەكسىنى ، خىلمۇخىل قىياپەتتىكى نىياز ھېكىمبەگنى كۆرگەندەك بولدى . تىزگىن سىيرىپ تۇرغان خىيالى تىپتىنچ ئېقىۋاتقان سۇغا قوشۇلۇپ ، ئۇزاق ـ ئۇزاقلارغا ئېقىپ كەتتى...

قىرىق نەچچە يىل مۇقەددەم ئۇ مۇشۇ چوڭ دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى بىر مەھەللىدە جەرەن بالىسىدەك قىيغىتىپ ئويناپ يۈرەتتى . ئۇ چاغلار ئۇنىڭ غەمسىز ، غۇبارسىز كۈنلىرى ئىدى . دەريا سۈيىگە پىشىلىپ ، قىزىق قۇمغا باغرىنى يېقىپ قانغۇچە راھەتلىنەتتى . ئورۇق ، تاتىراڭغۇ ، كېسەلچان دادىسى (ئۇ بوۋىسىنى شۇنداق ئاتايتتى ) ئۇنى ئەزىزلەپ ئىسمىنى نىياز قويغانلىقىنى ئەنە شۇ چاغلاردا ئېيتىپ بەرگەنىدى . ئۇنىڭ چوققىسىدا تېخى قىز باللارنىڭكىدەك بىر تۇتام كوكۇلىسىمۇ بار ئىدى . بىراق ، ئۇ ئۆمرىدە يىغلىغىنىنى ئەسلىيەلمەيتتى ، ئاكا دېمەتلىك چوڭ باللار بوزەك قىلىپ چىمدىۋالغاندىمۇ غىڭ قىلىپ قويمايتتى . دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىمۇ يىغلىيالماي ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ يۈرۈپ ياش چىقارغانىدى .

دادىسىدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى بەزىدە ئۇكام، بەزىدە بالام دەپ چاقىرىدىغان ئاكىسى (ئۇ دادىسىنى ئاكا دەيتتى) بىلەن ياشاپ قالدى. يادىدا قېلىشىچە، ئاكىسى ئوتۇنچى ئىدى. ئوتۇنغا بارغاندا دائىم بېشىنى چۆكۈرۈپ ماڭىدىغان قاشاڭ ئېشەككە ئۆزىنى مىندۇرۇۋېلىپ مۇشۇ دەريا بويىغا ئېلىپ باراتتى ۋە ئوتۇن كولىغاچ قاراقات، ئالىقات دېگەندەك تاتلىق ياۋا مېۋىلەرنى ئۈزۈپ بېرەتتى. قايتىپ كېلىۋېتىپ ئۇنى تۆگە تايلاق ئېتىپ گەجگىسىگە مىندۇرۇۋالاتتى. قىش كۈنلىرى ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن جۇۋىسىنى ئۇستىگە يېپىپ قويۇپ، ئۆزى كېچىچە تىترەپ چىقاتتى.

ئۇ چوڭ بولدى، چوڭ بولغانسېرى ئوتۇنچى ئاكىسى ئۇنى دۆشكەلەيدىغان، ئۇرۇپ ـ تىللايدىغان بولۇپ قالدى. ھەتتا سوغۇق ئۆيگە سولاپ قويۇپ نان بەرمەيدىغان، قوشنىلارنىڭ بالىلىرى بىلەن ئوينىغىلى قويمايدىغان بولۇۋالدى. قىزىق ئىش، كۆچى يېتىمدىغان بالىلارنى ئۇرغانغا، قوشنىلارنىڭ تېمىنى شورا قىلىپ، ئۈچ ـ تۆت تال ئالمىسىنى ئۈزۈپ يېگەنگە نېمە بولاتتى؟ سەن ئۇرمىساڭ ئۇلار سېنى ئۇرىدۇ، ياۋاش بولساڭ ئۇلار ياۋاش ئىكەن دەپ ئانىي تاپىدۇ، تاش ـ تاياقنىڭ ياكى مۇشتۇمۇڭنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويمىساڭ ئۇلارنى قانداقمۇ باش ئەگدۇرەلەيسەن؟ باش ئەگدۇرمىسەڭ ئوغۇل بالا دەپ مەيدەڭگە مۇشتلىغاننىڭ نېمە پايدىسى؟

دادىسىنىڭ ئۆزىگە نېمە ئۈچۈن تاش يۈرەكلىك قىلىدىغىنىنى ئۇ كېيىنچە چۈشىنىپ قالدى. قوشنىسىنىڭ ئوغلى ئادەم كۆپ يەردە ئۇنى «ھارامدىن بولغان» دەپ تىللىدى. سۇ قاپىقىنى سۇندۇرۇۋەتكىنىگە خاپا بولغان بىر ئايال: «سەن زاراتگاھلىقتىن تېپىۋالغان شۇم بالا، شۇم بالا بولمىساڭ ئادەم ئۇرۇپ، قاپاق چاقامتىڭ» دەپ ئاھانەت قىلدى. دەسلەپتە ئۇ تەگتۇشلىرى بىلەن «مەن شۇم بالا ئەمەس، ئۆزۈڭ شۇم بالا!» دەپ زاكونلاشتىيۇ لېكىن «شۇم بالا دېگەن نېمە؟» دېگەن بىر سوئال ئۇنىڭ كاللىسىغا

ئورنىشۋالدى . دادىسىدىن سوراپ كۆرۈۋىدى ، ئۇ «ئاغزىڭنى يۇم» دەپلا بولدى قىلدى . چوڭ ياشلىق بالىلاردىن سوراپ كۆردى ، ئۇلار مەسخىرە قىلىپ «هارامدىن بولغان بالىنى شۇم بالا دەيدۇ» دېگەندەك پەلىپەتىش جاۋابلارنى بەردى .

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئۇ قوشنىسىنىڭ هويلىسىغا چالما ئاتقان باهانە بىلەن دادىسىدىن خېلى ئەدەپ يېدى . شۇنىڭ بىلەن ئــۇ ئۆزىنى بالام دەۋالغان كىشىدىن بىراقلا يۈز ئۆرۈپ ، بېشى قايغان ، پۇتى تايغان تەرەپكە كېتىپ قالدى…

ئۇ ماڭا ـ ماڭا ، ئاخىر شەهەرگە كېلىپ قالدى . شەهەردە ئىگىسىز قالغان قوتۇر كۈچۈكتەك ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ يۈردى . ياز كۈنلىرى كۈن نەدە كەچ بولسا شۇ يەردە ياتتى . يەرنى سېلىنچا ، ئاسماننى يېپىنچا قىلدى . زىمىستان قىشتا ناۋايخانىلارنىڭ تېخى تەپتى كەتمىگەن تونۇر بېشىدا ، خىش خۇمدانلىرى ئالدىدا تۈنىدى . تاپسا يېدى ، تاپالمىسا ئاچ كېكىرىپ يۈرىۋەردى . بىر كۈنى ئۇ ئاشخانىدا خېرىدارلاردىن ئاشقان غىزانى يەپ يۈرگەندە ، ئاشخانا خوجايىنى ئۇنىڭغا «ئوچاققا ئوت قالاپ بەر ، قورسىقىڭنى تويدۇرىمەن ، ئۇستۇبېشىڭغا ئېگىن بېرىمەن» دېدى . ئۇ شۇ هامان ماقۇل بولدى . بىراق ، تۈتۈن يېيىشتىن زېرىكىپ ، ئاران بىر كۈنلا چىدىيالىدى . خوجايىنىنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ ، تۆت هور قاتلىمىنى قوينىغا تىقتى ـ دە ، غىپپىدىلا قىلىپ قېچىپ كەتتى…

جان بېقىشنىڭ تەسلىكى پەقەت شۇ چاغدىلا بىلىنىشكە باشلىدى . ئوغرىلىق قىلسا تۇتۇلۇپ ، تاياق يېدى ، «ئوغرى» دېگەن ئاتاق ئۇنى خەير ـ ساخاۋەتتىنمۇ ، ئاشقان ئاش ، ئاشقان ناندىنمۇ قۇرۇق قالدۇردى . ئاخىر ئۇ ئەقىل ئىشلىتىپ ، ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئون نەچچە مۇساپىر بالىنى ئەتراپىغا توپلىدى . ئۇ بالىلارنى باشلاپ قايسىبىر ناۋايخانىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولاتتى . ئاپىغى چاققان بىر بالا ئۆزى ئۆگەتكەن بىر چارە بىلەن ناۋاينىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ توشقاندەك يۈگۈرۈپ قېچىپ كېتەتتى . رەللە بولغان ناۋاي ئۇ بالىنى قوغلاشقا مەجبۇر بولاتتى . كىچىك نىياز

دەرەخنىڭ ياكى تامنىڭ دالدىسىدىن يوگۈرۈپ چىقىپ «ئىلىگلار!» دەپ بۇيرۇق بەرگەن ھامان، باللار پەشخۇنغا چۈشىدەك ئولىشىپ، گىردە، گۆشگىردىلەرنى قويۇنلىرىغا بولۇشىچە تىقىپ، مۇشۇكتىن ئۈركۈگەن قۇشقاچتەك تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كېتەتتى. ھېلىقى بالىنى تۇتالماي كەلگەن ناۋاي ئۇنىمۇ، بۇنىمۇ قوغلاپ باقاتتىيۇ، يەل تاپان شاتۇرلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ كەينىدىن يېتەلمەيتتى. نىياز بولسا بۇلانغان نانىنىڭ يېرىمىنى ئالاتتى. يېرىمىنى قول ئاستىدىكىلىرىگە بۆلۈپ بېرەتتى.

بازار سەيلىسىگە چىققان چېرىكچى ئامبال[①] بىر كۈنى نىيازلارنىڭ بۇ ئويۇنىنىڭ دەل ئۈستىدىن چۈشۈپ قالدى. ئۇ تەختىراۋاننىڭ روجىكىدىن قاراپ ئۇلارنىڭ باش قاتۇرۇپ پىلانلىغان بۇ ھەرىكىتىنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە كۆزەتتى ۋە توپ بېشى نىيازغا قىزىقىپ قالدى. ئۇ چېرىكلىرىنى بۇيرۇپ نىيازنى چاقىرىپ كېلىپ پاراڭغا سالدى. چېرىكچى ئامبال ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئېتىڭ نىمە؟

— نىياز! — نىياز تىنىمەي، تەمتىرىمەي جاۋاب بەردى.

— سەن كىمنىڭ بالىسى بولىدۇ؟

— دادامنىڭ.

— بۇنداق ئوغرىلىق قىلىشنى ئۆزى ئويلاپ تاپتىمۇ؟

— مەن ئويلاپ تاپماي كىم ئويلاپ تاپاتتى؟ — ئۇستۇېشىنى قاسماق بېسىپ كەتكەن ئون ئىككى ـ ئون ئۈچ ياشلاردىكى نىياز قارا دۇردۇن يەكتەك، قارا پوسما كىيگەن، ئۇزۇن چېچىنى بىر تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان چېرىكچى ئامبالنىڭ سوئالىغا گاھىدا ئۆز تىلى بىلەن گاھىدا ئۇنىڭ تىلى بىلەن جاۋاب بەردى. نىيازنىڭ بۇ تۇرقى، بولۇپمۇ سولالە تىلىنى ئانچە ـ مۇنچە سۆزلىيەلەيدىغانلىقى

---

① چېرىكچى ئامبال — ئۆز زامانىسىدا چوڭراق ناھىيىلەرگە، ۋىلايەتلەرگە قويۇلىدىغان ھەربىي ئەمەلدار.

چېرىكچى ئامبالغا يېقىپ كەتتى ، ئۇنىڭ پەمىگە ، بىر توپ سەرگەردان بالىنى ئىشقا سېلىپ ئاردىن نەپ ئۇندۇرەلىگىنىگە ئوبدانلا ھەۋەس قىلىپ قالدى .

— ئاتا ـ ئاناڭ قەيەردە ؟ — سورىدى چېرىكچى ئامبال ئۇنىڭ تېگىنى بىلىپ باقماق بولۇپ .

نىياز يالغان ئېيتتى :

— بىلمەيمەن ، ئەقلىمگە كەلسەم مۇشۇنداق يالغۇز يۈرۈپتىمەن .

— ماڭا بالا بولۇشنى خالامدۇ ؟

نىياز كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ باشقىلار «دۇڭ دارىن» دەپ خىتاب قىلىۋاتقان بۇ ئوتتۇرا ياشلىق كىشىگە سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى .

— سەن باشقا قوۋم تۇرساڭ ، مەن باشقا قوۋم تۇرسام ، ساڭا بالا بولسام قانداق بولىدۇ ، دېمەكچىمۇ سەن ؟ — چېرىكچى ئامبال باشتا سەل ئاچچىقلانغاندەك بولدى ، كېيىن بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى ۋە — بىلىپ قال بالا ، ئاغزىڭغا كىم ئەمچەك سالسا ئاناڭ شۇ ، كىم سېنى ئارىغا ئالسا قوۋمىڭ شۇ ، ئۇقتۇڭمۇ ؟ — دېدى .

— ئۇقتۇم ، دا... دادا !

شۇنداق قىلىپ ، ئۇ چېرىكچى ئامبال دۇڭ دارېنغا باقما بالا بولۇپ قالدى . دۇڭ دارېننىڭ ئۇنىڭدىن ئۆزگە يەنە ئىككى ئوغلى بار ئىدى ، بىرى نىيازدىن ئىككى ياش چوڭ ، دوغىلاقلىقىدىن بەئەينى خام كاۋىغىلا ئوخشايتتى . يەنە بىرى ، نىيازدىن بىر ياش كىچىك بولۇپ ، يەپ ـ ئىچىشتىن ، ئويۇن ـ تاماشادىن ئۆزگىنى بىلمەيتتى . نىياز ئوتتۇرانچىسى ھېسابلىناتتى .

دۇڭ دارېن گەرچە قاپىقى قېلىن ، سەپرا مىجەز ئادەم بولسىمۇ ، لېكىن بالىلىرىغا مېھرىبان ۋە تەلەپچان ئىدى . ئۇ ئوتتۇرانچى ئوغلى ئۆيگە كىرىشكىلا سۇلالە مەنسەپدارلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە ، ئۇلارغا بىر مۇئەللىم ۋە بىر مەشقاۋۇل بېكىتىپ بەردى . ئۈچ ئوغۇل تاڭ سەھەردىن چۈشكىچە مەشقاۋۇلدىن ،

كەچقۇرۇنلىرى مۆئەللىمدىن ساۋاق ئالاتتى . دۆك دارىننىڭ تاپشۇرغىنى بويىچە ، مۆئەللىم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سەۋەنلىكىگە ھەرگىز يۇمشاق قوللۇق قىلمايتتى . ساۋاقنى ياد ئالالمىغانلارنى قايسى بالا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئالىقانلىرىنى ئاچۇرۇپ ، كىچىككىنە پالاق بىلەن ئۇرۇپ تېرىسىنى سويۇۋالغاندەك قىزارتىۋېتەتتى ياكى ھەربىر ئالىقىنىغا ئىككىدىن خىش قويۇپ ، نەچچە ئاش پىشىم ئۆرە تۇرغۇزۇپ قوياتتى . لېكىن ، بۇنداق قاتتىق قوللۇق ئالدى بىلەن نىيازغا پايدا ئەكەلدى . كۆپ ئۆتمەي ئۇ «بابانامە» دىن تارتىپ ، «ئۈچ خەتلىك دەستۇر» ، «تۆت نامە . بەش كىتاب»قىچە سۇدەك يادلاپ بېرەلەيدىغان بولدى .

ئېگەكلىرىنى قويۇق تۈك باسقان ، بۇقا سۈپەت كۈچتۈڭگۈر مەشقاۋۇل رەھىم ـ شەپقەت دېگەننى ئۇقمايدىغانلا ئادەم ئىدى ، كۆزلىرىدىن قان قۇيۇلۇپ تۇرغان بۇ پالۋان ئۈچ ئوغۇلغا قىلىچ چېپىشتىن ، نەيزە سانجىشتىن ، موللاق ئېتىشتىن تەلىم بېرەتتى . قوم قاچىلانغان خالتىنى لىمغا ئېسىپ قويۇپ ، پەشۋا ئېتىشنى ، مۇشت ئۇرۇشنى ئۆگىتەتتى . ساۋاق ئالالمىغانلارنى يۈز ـ خاتىر قىلماي دۇمبالايتتى . چىرايلىرى ئوسمىدەك كۆكىرىپ ، يوتا ، بىلەكلىرى خېمىردەك ئىششىپ كەتكەن بالىلار تاياق ئاستىدا ۋاي دېيىشكىمۇ پېتىنالمايتتى .

دۆك دارىن بەزىدە ۋاقىت ئاجرىتىپ ئۈچ ئوغلىنىڭ ھۈنىرىنى تاماشا قىلاتتى . بىر كۈنى ئۇ ئۇلارنىڭ قىلىچۋازلىق ماھارىتىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن چوڭ ئوغلى بىلەن نىيازنى روبىرو تۇرۇشقا بۇيرۇدى ـ دە ، چوڭ ئوغلىغا قاراپ :

— رەقىبىڭنى بىر مۇشت بىلەن يىقىتقىن ! — دەپ ۋارقىرىدى .

چوڭ ئوغلى نىيازنى كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى . كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ ، بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتكەن بولسىمۇ ، تاياق ـ توقماقتا پىشىپ مۇسكۇللىرى تاشتەك قېتىپ كەتكەن نىياز قىمىرلاپمۇ قويمىدى ، تۇرغان جايىدا قاققان قوزۇقتەك

تۇرىۋەردى .

دۇڭ دارىن نىمىشقىدۇر كۆزلىرىنى چەكچەيتتى ، بامبۇك ئورۇندۇقتىن دەسسىدە تۇرۇپ نىيازغا قاراپ ھۆركىرىدى :

— ئۇنى نىمىشقا ئۇرمايسەن ، نىمىشقا قول ياندۇرمايسەن ؟

نىياز ھىچنىمىنى چۈشەنمىگەندەك ، كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى ۋە :

— نىمىشقا قول ياندۇراتتىم ، ئۇ مىنىڭ ئاكام تۇرسا ، — دەپ جاۋاب بەردى .


— ئەبلەخ ، — دەپ توۋلىۋەتتى دۇڭ دارىن نىيازغا ھاسىسىنى تەڭلەپ ، — مۇشت يىگىنىڭ ئۇچۇن جەزمەن قىساس ئىلىشىڭ كىرەك ، كۆزۈڭنى ئويغانىنىڭ كۆزىنى ئوي ، چىشىڭنى تۆككەننىڭ چىشىنى تۆك . قىساسقا كەلگەندە ئاتاڭ بولسىمۇ ئاياپ ئولتۇرما . ئۇرە رەقىبىڭنى ، ئۇ لامزەللىنى ئۇرۇپ يىقىتىۋەت !

نىياز كالتە كۆڭلىكىنىڭ ئۇستىدىن باغلىۋالغان پوتىسىنى چىگىتىۋالدى - دە ، لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلىدى ، قۇيۇندەك پىرقىراپ كىلىپ ئاكىسىنىڭ بۇرنىغا توغرىلاپ بىر مۇشت قويدى . ئاكىسى ئىككى - ئۇچ قەدەم يەرگىچە سەنتۇرۇلۇپ بىرىپ ، ئۆگزىدىن تاشلانغان كاۋىدەك ، «ۋاق» لا قىلىپ ئوڭدىسىغا چۈشتى . بۇرنىدىن تىررىدە قان كەتتى .


— مانا ئەمدى جايىدا ئىش قىلدىڭ ، يارايسەن نىياز ، يارايسەن ، — خان ئامبال خۇش بولۇپ چاۋاك چىلىپ كەتتى ۋە مەشقاۋۇلغا قاراپ دىدى ، — ئوغلۇم نىيازغا بىرقۇر ئۇستىۋاش ئىنئام قىلىڭلار !

مەشقاۋۇل تەخلەپ قويغان بىرقۇر كىيىمنى ئاچىقىپ نىيازغا كىيدۇردى . ئوشۇقنى يىپىپ تۇرىدىغان ، پىيالىنىڭ ئاغزىچىلىك يۇمىلاق گۇللىرى بار ئۇزۇن يەڭلىك تاۋار يەكتەك ، قارا لاتا كەش ، ئۇچىدا پۆپۈكى بار قارا پوسما ئۇنىڭغا خۇددى ئۆزىنىڭكىدەكلا يارىشىپ كەتتى .

دۇڭ دارىن ۋە باشقىلار ئۇنى ھۆرمەتلەپ «دۇڭ نىياز» دەپ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاتايدىغان بولۇشتى، بەزىلەر: «ئەرشويە»[1] دېيىشتى، دۇڭ نىيازنىڭ تاۋى ئۆسۈپ، مەرتىۋىسى كۈندىن - كۈنگە كۆكلەپ باردى. چېرىكچى ئامبالنىڭ خان ئامبالغا تەۋسىيە قىلىشى بىلەن ئامبال يامۇلىدا باشتا مەھرەم، كېيىن مىرشەپبېگى بولدى. كېيىنچە دۇڭ دارىيىنىڭ ئاتىدارچىلىقى ئارقىسىدا يەكەن خان ئامبىلىغا بەشىنچى جەرىكىلىك ئىشىكئاغا بولۇپ، مۇسۇلمان پۇقرالارنى ئۆز ئالدىغا سوراپ يۈردى.

مىلادىيە 1864 - يىلىغا كەلگەندە يەكەن دىيارىدا چوڭ داۋالغۇش يۈز بەردى. ئامەت قۇياشى خۇيزۇلارنىڭ بېشىدا پارلاشقا باشلىدى. دۇڭ نىياز كۆپ باش قاتۇرمايلا سۇلالە ھۆكۈمىتىنىڭ زاۋالغا يۈزلەنگەنلىكىنى پەملىدى ۋە دۇڭ دارىيىنىڭ «سېنى كىم ئارىسىغا ئالسا قوۋمىڭ شۇ» دېگەن تەلىمى بويىچە، بىر كېچىدىلا خۇيزۇلار تەرەپكە ئۆتۈۋالدى. دۇڭ نىياز دېگەن ئىسمىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنى «ما نىياز» دەپ ئاتىۋالدى. يات تائىپە قولىدا خورلىنىشتىن ئۆلۈمنى ئەلا بىلگەن چېرىكچى ئامبال بالا - چاقىلىرى بىلەن بىللە مىلتىق دورىسى قاچىلانغان قاپ ئۈستىگە ئولتۇردى - دە، ئالدىنى كۈنچىقىش تەرەپكە قىلىپ تەزىم - تەۋازۇلارنى بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن دورىغا غاڭزىسىنىڭ ئوتىنى يېقىپ پارتلاپ ئۆلۈۋالدى. بۇ پارتلاشتا خان ئامبالنىڭ ئىشىكئاغىسى — چېرىكچى ئامبالنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى دۇڭ نىيازلا نەق مەيداندا يوق ئىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە بۇ يۇرتتا نۇرغۇن قېتىملاپ ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈلدى. كۆپ كىشىلەر ئەقىدىسىدىن ۋاز كەچمەي ئۆلۈم شەربىتىنى ئىچتى، يەنە بىر مۇنچىلىرى ياقا يۇرتلارغا، چۆل - دەشتلەرگە قېچىپ سەرسان - سەرگەردان بولۇپ كەتتى. ئەمما، نىياز ھېكىمبەگلا بېلىقئالغۇچقا ئوخشاش، ئاسماندىمۇ، سۇدىمۇ ياشاۋەردى، شاختىن شاخقا ئاتلاپ، بەرگەن مەنسەپنى تۇتۇپ،

[1] ئەرشويە — ئوتتۇرانچى بەگزادە دېگەن مەنىدە.

كۇنىنىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ يۈرۈۋەردى...

نىياز ھېكىمبەگ سۇ ئەكسىدە ئۆز سۈرىتىنى كۆرمەكتە ئىدى. قاسماق باسقان چىرايى، پەرىجە، ئوتوغات ياكى ئاق بۆك كىيىۋالغان تۇرقى، سەللە، تونلۇق قىياپىتى كۆز ئالدىدىن ئۆتۈۋاتاتتى...

— بېگىم، مۇھەممەت يۇنۇسجان ھەزرەتلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا ئەۋەتكەن ئادىمى يېتىپ كەلدى، — ياساۋۇل بېشىنىڭ ئىككىنچى قېتىم بەرگەن مەلۇماتى نىياز ھېكىمبەگنى خىيال قۇچىقىدىن تارتىۋالدى. ئۇ دەريانىڭ يەكەن تەرەپتىكى قىرغىقىدا ئالدىغا كەلگەنلەر بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىقىدا يەكەن شەھىرىگە يۈرۈپ كەتتى.

## يىگىرمىنچى باب

# ئاي پاتقان ئاخشام

يەكەن ھاكىمبېگى مۇھەممەت يۇنۇسجان شاغاۋۇلنىڭ تۇرار جايى شەھەرنىڭ كۇنپېتىش تەرىپىگىرەك جايلاشقانىدى. ئۆز زامانىسىدا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن تەكلىپ قىلىنغان ماھىر ئۇستىلار ياساپ چىققان بۇ كاتتا ئىمارەتنىڭ ھەممە يېرىدىن قەدىمكى بىناكارلىق ئالامەتلىرى روشەن گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. يىراقتىن كۆزگە تاشلىنىدىغان قىزىل دەرۋازىسى قاغىلىقتىن توشۇپ كېلىنگەن ياڭاق ياغىچى بىلەن نەقىشلەنگەنىدى. پىششىق خىشتىن پۇختا قىلىپ ياسالغان بۇ ئىمارەت ھاۋا ئوچۇق كۇنلىرىدىكى كەچكى شەپەققە ئوخشايتتى. خانىدانىنىڭ ئېگىز شىپاڭلىرى بىلەن بوي تالاشقان قاپاق تېرەك، سۆگەت دەرەخلىرى ئۈستىدە قۇشلار ئۇۋا سېلىشقانىدى. ئەجدىھا نەقىشلىك تۇچ ھالقا ئورنىتىلغان دەرۋازىدىن كىرگەن ئادەم كەچ كۇزدە ئېچىلىدىغان

رەڭمۇرەڭ گۈللەرگە مەھلىيا بولاتتى .

ئۆز ۋاقتىدا «ئۆمۈر قورۇسى» دەپ ئاتىلىدىغان ، چىرىكچى ئامبالنىڭ قورۇسىغا ئانچە يىراق بولمىغان يىگىرمە نەچچە خانىلىق بۇ ئىمارەتنى پەقەت خان ئامبال ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىلا پايدىلىناتتى . مەنسەپكە تەيىنلەنگەن ھەربىر يېڭى خان ئامبال سېپىل دەرۋازىسىدىن كىرىپلا ئۇدۇل مۇشۇ قورۇغا كېلىپ جايلىشاتتى . ئەمىلىدىن ئايرىلغان كونا ئامبالمۇ نەچچە ئون ھارۋا بايلىقنى ئېلىپ مۇشۇ يەردىن يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقاتتى .

كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدىغان بۇ قورۇ كېيىنكى كۈنلەردە ئىسيانچى خۇيزۇلارغىمۇ ، ئابدۇراخمان ھەزرەتكىمۇ ، كۇچادىن كەلگەن خوجىلارغىمۇ تەۋە بولدى . ياقۇپبەگ يەكەننى قولغا كىرگۈزگەندە خوجىلارنىڭ ئىلكىدىن بىر كېچىدىلا مۇھەممەت يۇنۇسجاننىڭ قولىغا ئۆتتى . بۇ يېڭى ھاكىمبەگ دەرۋازا بېشىدىكى زەر خەتلىك لەۋھەنى ، دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئادەم يەيدىغان قىياپەتتە زوڭزىيىپ ئولتۇرىدىغان بىر جۈپ شىرنىڭ ھەيكىلىنى ئېلىپ تاشلىدى ـ دە ، نەزىر بېرىپ ، بىرەر قۇر ئىسرىق سېلىپ ئۆزىنىڭ تۇرار جايىغا ئايلاندۇرۇۋالدى .

بۈگۈن كەچقۇرۇن مانا مۇشۇ داڭلىق قورۇنىڭ كىچىك مېھمانخانىسىدا نىياز ھېكىمبەگنىڭ شەرىپىگە ئىپتارلىق زىياپەت ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى . مول نازۇنېمەتلەر تولۇپ كەتكەن داستىخاننىڭ تۆر تەرىپىدە نىياز ھېكىمبەگ ، يېنىدا شەيخۇلئىسلام جايىنامازدا ئولتۇرغان تالىپتەك يۈكۈنۈپ ، مۇلايىم قىياپەتتە ئولتۇرۇشاتتى . مەمنۇنلۇقتىنمۇ ياكى ئەدەپ يۈزىسىدىنمۇ ، ئىشقىلىپ چىرايلىرىدىن كۈلكە كەتمەيتتى . سورۇن ساھىبخانى مۇھەممەت يۇنۇسجانمۇ ھاكىملارنىڭ ئادىتى بويىچە مېھمانلار بىلەن بىر قاتاردىن ئورۇن ئالغانىدى . باش داستىخانچى ۋە چاققانغىنا كىيىنگەن بىرنەچچە غۇلام پەگاھدا قول باغلاپ ، پەرمان كۈتۈپ تۇرۇشاتتى .

نىياز ھېكىمبەگ تەكلىپ بىلەن داستىخانغا پاتىھە بەرگەندىن

كېيىن زىياپەت رەسمىي باشلىنىپ كەتتى . مېھمانغا ھەمراھ بولغۇچىلار نەچچە كۈندىن بېرى غىزا يېمەي ، ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ، مېھمانلار بىلەن تەڭ داستىخانغا قول ئۇزىتىشتى . ئاق سانجىلغان قويۇق ساقىلى مەيدىسىنى ياپقان ، جۇۋاننىڭكىدەك پارقىراق مەڭزىدىن ئىرماش - چىرماش قىل قان تومۇرلىرى ئېنىق كۆرۈنىدىغان ، چوڭ - چوڭ كۆزلىرىدىن كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان مۇھەممەت يۇنۇسجان ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى :

— كەمىنە بۇرادەرلىرى جانابىي ئاتالىق غازىنىڭ مۇبارەك پېشىنى تۇتۇپ ، بوۋىلىرىمىزنىڭ قەبرىسى ياتقان ئەزىز يۇرتىمىزدىن بۇياقلارغا كەلگىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قاپتۇ . قەشقەرىيەدە دىنىي ئىسلام قۇياشى كۆتۈرۈلۈپ ، جاھالەتكە چەك قويۇلغان بىر يىل مابەينىدە بولسا ، مانا مۇشۇ يەكەن دىيارىدا ئىستىقامەت قىلىپ تۇرۇۋپتىمەن . قوينى سۇلتان سەئىدخان[1] كەبى بۈيۈك موغۇل سۇلتانلىرىنىڭ ئالتۇن تەختىگە ، جەننىتى شاھانە جەسەتلىرىگە جاي بەرگەن بۇ يۇرت پېقىر ھاكىمبەگنىڭ ئىككىنچى يۇرتى ، شۇنداقلا نىياز ھېكىمبەگدەك كاتتا ئەربابىنىڭ ئۆز يۇرتىدۇر . كەرەملىك ئاللا ئۇلۇغ روزا - رامزان ئېيىدا يۇرتىنى سېغىنغان ھاكىمبەگ جانابلىرىنى ئانا دىيارىغا چىللاپ كەپتۇ . بۇ بىزنىڭ ۋە يەكەن رەئىيەسىنىڭ شەرىپىمىزدۇر . بۇنداق تەنتەنىلىك چاغلاردا جانابلىرى ئۇچۇن تۆگە سويساقمۇ ئازلىق قىلاتتى . ھېلىھەم خۇدا راۋا كۆرسە كېيىنكى كۈنلەردە كېمىمىزنى تولدۇرۇپ ، مېھمانلىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئوبدانراق ئېلىۋالارمىز دېگەن ئويدىمىز ، — مۇھەممەت يۇنۇسجان خۇددى تارتىنغاندەك بېشىنى ئېگىپ ، سورۇن ئەھلىگە باش لىڭشىتىپ قويدى ، ئاندىن ، — قېنى ، ئېلىشسىلا ، بىمەزە داستىخىنىمىزغا ئۆز

① سۇلتان سەئىدخان — يەكەن خانلىقىنىڭ تۇنجى سۇلتانى . چاغاتاي ئەۋلادى ، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ يەتتىنچى ئەۋلادى . سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ دادىسى . مىلادىيە 1514 - يىلى يەكەن خانلىقىنى قۇرۇپ ، مىلادىيە 1533 - يىلى ۋاپات بولغان . يەكەندىكى ئالتۇنلۇق قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان .

ئۆيلىرىدىكىدەك ئىلتىپات قىلىشىسىلا، — دەپ بىر كاپام پولۇنى «كوملا» قىلىپ ئاغزىغا ئاتتى.

مۇھەممەت يۇنۇسجاننىڭ ماختىنىغۇدەك مېھماندوستلۇقى، سۆز دۇردانىلىرىدىن تىزىلغان پاساھەتلىك نۇتقى، بۇرادەرلەرچە سەمىمىي تەكەللۇپلىرى، ئۇنىڭغا ئىچىدە غۇم ساقلاپ يۈرگەن نىياز ھېكىمبەگنى ئوبدانلا خىجىل قىلىپ قويدى.

توغرىسىنى ئېيتقاندا، نىياز ھېكىمبەگ مۇھەممەت يۇنۇسجاننى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى. ياقتۇرماسلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ بەكلا ئاددىي ئىدى. يەنى ئۇ پەرغانىدىن قەشقەرگە، قەشقەردىن يەكەنگە كەلمىگەن بولسا، ھەتتا دۇنيادا مۇھەممەت يۇنۇسجان دەيدىغان بىر ئادەم مەۋجۇت بولمىغان بولسا، ئۇ ئۆز يۇرتىغا ئۆزى ھاكىمبەگ بولۇپ، دوست - دۈشمىنى ئالدىدا پاھ دېگۈدەك دەۋران سۈرگەن بولاتتى. تۆت ھاكىمىيەتكە كەتمەن چاپقان قوللىرىنىڭ ھاردۇقى چىقىپمۇ قالاتتى.

بىراق، قىسمەتنىڭ تەتۈر شامىلى ئۇنى بىر تال خەستەك ئۇچۇرۇپ ئۇدۇل خوتەنگە ئاپىرىپ تاشلىدى. كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلغان يەكەن ھاكىملىقى مانا مۇشۇ يات يۇرتلۇققا نېسىپ بولۇپ كەتتى. ئۇ ئىچ - باغرىغا تومەن مىڭ چايان كىرىۋالغاندەك تولغاندى، ھەسەت يانغىنىدا ئۆرتەندى، ئۇنىڭغا ئۆلۈم تىلىدى. لېكىن، «پىتىنىڭ قارغىشىغا ئىت ئۆلمەپتۇ» دېگەندەك، ئۇ يەكەندە يۇرت سوراپ يۈرۈۋەردى، ئاخىر ئۇ مۇھەممەت يۇنۇسجاننىڭ ئۆلۈمىنى كۈتۈپ، تاقەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

نىياز ھېكىمبەگ بۈگۈن پېشىن بىلەن شەھەر ئىچىگە كىرىپ، «دوسمۇھەممەت سارىيى» دەيدىغان بىر سارايغا ئورۇنلاشقانىدى. ئۇ سارايغا چۈشۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئويلىمىغان يەردىن مۇھەممەت يۇنۇسجان ئەۋەتكەن ئېيتارلىق زىياپەت تەكلىپىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇنىڭغا نېمە ئامال؟ ئۆلۈمىنى تىلىگەن ئادەم تېخى ئۆلمىگەنىكەن، ھەتتا ئۆلۈش ئېھتىمالىمۇ يوق ئىكەن. شۇنداقتىمۇ ياقۇپبەگكە ئون نەچچە يىل مىرزىلىق قىلغان، ئۇنىڭ بىلەن قېرىنداشتىن چارە

يىقىن ئۆتمىدىغان بۇ «قاقۋاش» بىلەن يالغاندىن بولسىمۇ باردى ـ كەلدى قىلىش، ھەسەت ئوتىنى ۋاقتىنچە بېسىپ تۇرۇش نىياز ھېكىمبەگنىڭ قولىدىن كېلەتتى. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ئىككى قولىنى بۇرنىغا تىقىپلا بارالمايتتى.

نىياز ھېكىمبەگ ياقۇپبەگكە ئاتاپ ئەكېتىۋاتقان تارتۇق ـ پىشكەشلەردىن ئاز بىر قىسمىنى ئايرىپ مەھرەملەرگە كۆتۈرتتى. ياساۋۇلبېشى بىلەن ئىككى نەپەر ياساۋۇلنى گۇلئايىمنى، سوۋغا ـ سالاملارنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، باشقا مەھرەملەرنى روزا ـ رامزاننىڭ ھەققىدە ئازاد قىلىۋەتتى ـ دە، يەكەنلىك مىرزىبېشىنىڭ كەينىگە چۈشۈپ «ئىپتارلىق» زىياپەتكە يۈرۈپ كەتتى...

«توۋا، ئۆمرىدە كەپە يۈزى كۆرمىگەن بۇ ساياق مۇشۇ يەردە ئولتۇرىدىكەن ـ دە!» — ئۇ تونۇش قىزىل دەرۋازا ئالدىغا كېلىپلا بىر ئۇھ تارتتى ۋە ئىچ ـ باغرىنى سۇغۇرۇۋالغاندەك پۇچۇلىنىپ كەتتى.

نىياز ھېكىمبەگ ئەپيۇنكەش قېرى خان ئامبالغا ئىشكئاغا بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىدە بۇ قىزىل تاملىق ئوردىغا بەزىدە دۆڭ دارىن بىلەن، بەزىدە ئۆز رايى بىلەن پات ـ پات كېلىپ تۇراتتى. يالغۇز كەلگەن چاغلىرىدا ئامبالنىڭ رۇخسىتىنى كۈتۈپ سائەت ـ سائەتلەپ ساقلاپمۇ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ بىكار تۇرۇشنى خالىمايتتى ۋە قاراۋۇللاردىن سۈپۈرگە سورىۋېلىپ دەرۋازا ئالدىنى ئېدىتلاپ سۈپۈرۈپ چىقاتتى، ئەخلەتلەرنى زېھىن قويۇپ تېرەتتى، سۇ سېپەتتى. قاچانكى خان ئامبال ئۈيقۇغا قېنىپ ھاۋا يېگىلى تالاغا چىققاندا ياكى ئەپيۇن خۇمارى بېسىلغاندا ئاندىن ئۇنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇشەررەپ بولاتتى. خان ئامبالنىڭ ئەسنىكى تۇتۇپ، خۇمارى قوزغالغۇچە بولغان ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، «پالانى بەگ مۇنداق دېدى»، «پۇستانى بەگ ئۇنداقچى» دەپ ئادەم چاقاتتى. كىملەرنىڭدۇر مەنسەپكە قويۇش، كىملەرنىڭدۇر مەنسەپتىن قالدۇرۇش ھەققىدە تەكلىپ بېرەتتى. «قېلىنلىق يېرىم دۆلەت» دېگەندەك، تاكى خان ئامبال ئىتنى قوغلىغاندەك قوغلىمىغۇچە

ئاغزى بېسىلمايتتى .

بىر كۈنى ئۇ تاغلىقلارغا ئەكەلدۈرگەن ئۇلاي گۆشىنى ، ئىسسىق تاپىنىنى كۆتۈرۈپ بۇ يەرگە كەلدى . هاراق ئىچىپ ،تەڭشىلىپ قالغان خان ئامبالنىڭ مەردلىكى تۇتۇپ ، ئۇنى بىر توپ مېھمانلىرىنىڭ ئالدىغىلا باشلاپ كىردى . ئۇلار هاراق ـ شارابتىن زېرىكىپ ئويۇن ـ تاماشا خالاپ تۇرغان بولسا كېرەك ، خان ئامبال سورۇن باشقۇرغۇچىغا شۇنداق ئىشارەت قىلىشۇىدى ، ئۇ بىر قەدەھ هاراقنى كۆتۈرۈپ دۆلۈك نىيازنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە :

— دۆلۈك نىياز ، ئېلىڭ ، بۇنى تېتىپ بېقىڭ ، — دېدى .

نىياز هېكىمبەگ دۆردۈن ئىچىسىنىڭ يېڭى بىلەن ئاغزى ـ بۇرنىنى توسۇپ ، چىرايىنى پۈرۈشتۈردى . خان ئامبال قولىنى بىرلا سىلكىپ :

— ئىچىۋېتىڭ ، سىز بىزنىڭ ئۇبدان پۇقرا ، ئىشىكئاغا دېگەن خان ئامبالنىڭ دېگىنىنى قىلمىسا خان ئامبال خاپا بولىدۇ ، جازالايدۇ . ئىچسە چوڭ ـ چوڭ ئىش بېرىدۇ ، — دېدى .

نىياز هاكىمبەگ كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ، ئىككى بارمىقى بىلەن بۇرنىنى مەهكەم قىسىۋالدى ـ دە ، هاراقنى گۈپ قىلىپلا ئىچىۋەتتى .

ئۇ تۇنجى قەدەهتە قېقىلىپ ، نەپەس ئالالماي قالدى . قىرتاق بىرنەرسە قىزىلئۆڭگىچىنى تاتىلاپ ئۆتۈپ كەتكەندەك بولدى . ئەمما ، هايال ئۆتمەي ، يۈزى كۆيۈۋاتقاندەك ، بەدىنىنى لەگلەگتەك يېنىكلەپ ، قىمىر قىلسىلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك هېس قىلىشقا باشلىدى .

قەدەه ئۇلىشىپ كېلىۋەردى ، دۆلۈك نىيازمۇ ناز قىلماي ، قورقماي ئىچىۋەردى . پاتلا مەست بولۇپ ، بېشى ئۈزۈلگەن توخۇدەك ئۇيان ـ بۇيان ئۇسۇپ ، سەنتۈرۈلگىلى تۇردى . بېرىپ ـ بېرىپ خۇدىنى يوقىتىپ ئاياللارنىڭ قۇچىقىغا ، مەنسەپدارلارنىڭ ئايىغىغا يىقىلىۋەردى . مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ، ئىچىسىنى سېلىپ يەرگە ئاتتى ، شايى بەلۋېغىنى بويىنىغا سېلىپ

تايتاڭلاپ يۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينىدى. مېھمانلار تېلىقىپ قانغۇچە كۇلۇشۇپ كۆڭلىنى ئېچىشتى. «تۆگىنى ئۇسسۇلغا سالسا يەتتە تاختا سەۋزىنى بۇزۇپتۇ» دېگەندەك، پىرقىراۋېرىپ بېشى قايغان دوك نىياز ئاخىر ئوكدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى - دە، يېگەن - ئىچكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ياندۇرۇپ، مېھمانلارنىڭ كەيپىنى ئۇچۇردى. بىر چاغدا كىمدۇر بىرى ئۇنى سۆرىگەن پېتى ئالاغا ئاچىقىپ ھويلا تېمىغا يۆلەپ قويدى...

مۇھەممەت يۇنۇسجاننىڭ قورۇسىدىكى زىياپەت تېخىچە داۋاملاشماقتا ئىدى. قورۇ سىرتىدا ۋە پۈتۈن شەھەر كوچىلىرىدا كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلى ئۇشقىرتىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. كوچا بويلىرىدىكى چىنار دەرەخلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ئاخىرقى يوپۇرماقلار خۇددى ناله قىلغاندەك شىۋىرلاپ، پىرقىرىغان پېتى يەرگە چۈشتى - دە، شامال بىلەن بىللە خېلى يەرلەرگىچە ئۇچۇپ بېرىپ، ئازگاللارغا تىقىلاتتى. ئاسماندا بولسا نە ئاي، نە يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. سوغۇق دەملەردە ئۇيۇپ قالغان سۈت رەڭ تۇمان دەرەخلەرنىڭ ئۇچىدىلا لەيلەپ يۈرەتتى.

كوچىلاردا مىرشەپلەرنىڭ، كۆزەتچىلەرنىڭ تاك - تاك ئۇرۇپ ئامان - ئېسەنلىكتىن خەۋەر بېرىشلىرى، شامالنىڭ غۇرقىرىشى، سۆگەك تالىشىۋاتقان لالما ئىتلارنىڭ ناگان - ناگاندا غىڭشىپ قويۇشىدىن ئۆزگە ھېچقانداق سادا ئاڭلانمايتتى.

شۇ تاپ بويلىمايدىغان ئېگىز ئەنجان تېمى بىلەن قورشالغان دوسمۇھەممەت سارىيىمۇ تىمتاس تۇن قۇچىقىدا ئۇيقۇغا چۆمگەنىدى. قارا قاڭالتىر بىلەن قاپلانغان ساراي دەرۋازىسىمۇ تۇن قاراڭغۇسى بىلەن ئايرىلماس بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەنىدى. سارايىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئاتخانىلاردىن توقلۇقتىن شوخلۇق قىلىۋاتقان ئاتلارنىڭ تېپىشىشلىرى، كىشنەشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

شۇ ئەسنادا، دەرۋازىنىڭ ئالدىدىن ئۆتىدىغان جامە يولىنىڭ ئۇ قېتىدىكى قويۇق دەرەخلىك ئارىسىدىن ئىككى قارا گەۋدە ئارقا -

ئارقىدىن سەكرەپ چىقتى . ساراي تېمى تۇۋىدىكى ئېگىز تۇخۇمەك دەرىخىگە مايمۇندەك يامىشىپ ، شاخ بويلاپ ئۆمىلىگەنچە ساراي ئۆگزىسىگە ئۆتۇپ كەتتى . ئۇلار غايىب بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي تۇخۇمەك ئاستىدىن يۆتەل ئاۋازى كەلدى . ئاۋاز ئۇچ قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن قارا دەرۋازا قىيا ئېچىلدى . دەرۋازا يوچۇقىدىن ئاۋايلاپ دەسسەپ چىقىپ كەلگەن ئۇچ گەۋدە ساراي تېمىغا دۈمبىسىنى چاپلاپ بىرپەس جىم تۇرۇۋالدى ـ دە ، يولنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۇپ كېيىكتەك تاقلىغان پېتى دەرەخزارلىق ئارىسىغا كىرىپ كەتتى . ساراي دەرۋازىسىمۇ شەپىسىزلا يېپىلىپ قالدى...

نىياز ھېكىمبەگ بىر يىلدىن بۇيانقى ئەڭ خاتىرجەم ۋە كۆڭۈللۈك بىر ئاخشامنى مۇھەممەت يۈنۈسجاننىڭ ھۇزۇرىدا ئۆتكۈزدى . مەززىلىك غىزالارنى يېدى ، سەپەر هاردۇقىنى چىقىرىپ ، كۆڭلىنى كۆتۈردى . شۈغىنىسى ، سورۇن ئاخىرىدا يەكەن قازىسى زىيائىدىن داموللا ئۇنى چاقچاقلا يۆلەپ چىقىۋالدى .

— هاكىمبەگ جانابلىرى ، كۆڭۈللىرىگە كەلمىسە كىچىككىنە بىر سوئالىم بار ئىدى ، — دېدى ئۇ ، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ئولتۇرغان نىياز هېكىمبەگكە ئىلتىماس ئاهاڭىدا . يەكەندە ئابرۇي ـ ئىناۋەتتە مۇھەممەت يۈنۈسجاندىن كەم تۇرمايدىغان بۇ ئۆلىمانىڭ ئۆزىگە سوئال قويۇشىنى كاتتا ئابرۇي دەپ بىلگەن نىياز هېكىمبەگ قولىنى كۆكسىگە قويدى ۋە بېشىنى سەل ئېگىپ دېدى :

— مەرھەمەت ، تەقسىر ، گەرچە ئىلمى چولتا ، پىكرى تېيىز كەم ئەقىللەردىن بولسامۇ ، ھەزرەتلىرىنىڭ سوئالىغا چامىم يەتكۈچە جاۋاب بېرەرمەن .

قازىكالان بىر ئوتلام چاي ئىچىپ ئاغزىنى نەمدىۋالغاندىن كېيىن سورىدى :

— تەقسىر ، ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام تارىخىدىن خەۋەرلىرى بارمىكىن ، بولۇپمۇ دىنىي ئىسلام ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىلغان زامانلار ۋاقىياتلىرىدىن ؟

— ئاڭلىغىنىم كۆپ ، بىلىدىغىنىم ئاز ، بىراق ، تارىخ ـ تەۋارىخ دېگەنلەرنى ئانچە ـ مۇنچە مۇتالىئە قىلغانمەن .

— خوش ، ئۇنداقتا قۇرەيشلىك ئەبۇ ئەززە ھېكايەتلىرىنى ئاڭلىغانمىدىلە ؟

«قۇرەيش دېگەننىغۇ ھەممە ئادەم بىلىدۇ . بىراق ، ئەبۇ ئەززە دېگەن زادى نېمىدۇ ؟ ئادەم ئىتىمۇ يا شەھەر ، قىشلاق نامىمۇ ؟ » — نىياز ھېكىمبەگ كۆڭۈل خەزىنىسىنى چالا قويماي ئاختۇرۇپ چىقتىيۇ ، مۇۋاپىقراق بىر جاۋاب تاپالمىدى . ئاخىر «قېنى بىرنېمە دېسىلە» دېگەندەك ، يېنىدا ئولتۇرغان شەيخۇلئىسلامغا قارىدى . شەيخۇلئىسلام بۇ سوئالنىڭ ئۆزىگە قويۇلۇپ قېلىشىدىن قورققاندەك ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئەپقاچتى .

— ئۇنداق بولسا ئەبۇ ئەززە ھېكايىسىنى كەمىنىلىرىدىن ئاڭلىغايلا ، — نىياز ھېكىمبەگدىن تۇزۇكرەك جاۋاب ئالالمايدىغىنىغا ئىشەنگەن قازىكالان ، ئۆز سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بېرىپ دېدى ، — ئەبۇ ئەززە مەككە مۇكەررەمەدىكى قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولمىش بىر شائىر ئىدى . ئۇ مۇھەممەت مۇستاپاغا قارشى پىتنىلەردە قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ ئاتامانى بولغان . بىر قېتىم ئۇ مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ كاتتىسى ئەبۇ سۇفيان بىلەن بىللە مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە بېرىپ بەدىر دېگەن يەردە مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭگە كىردى . مۇشرىكلار يېڭىلدى . ئەبۇ ئەززە بولسا مۇھاجىرلارغا ئەسىر بولۇپ قالدى . كېيىن جېنىنى قۇتۇلدۇرماق ئۈچۈن رەسۇلۇللا ئالدىدا توۋا قىلىپ ، ئەبۇ سۇفيانى سۆكتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى .

كىم بىلسۇن ، مەككىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەبۇ ئەززە ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي يەنە مۇشرىكلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى . مۇسۇلمانلارغا قارشى لەشكەر توپلاشتا مۇھەممەت مۇستاپانىڭ يامان گېپىنى قىلدى . ئەبۇ سۇفيان بىلەن بىللە مەدىنىگە بېرىپ ئوھۇد تېغىدا مۇھاجىرلارغا قارشى تىغ كۆتۈردى . ئاللا مۇسۇلمانلارنى غالىب قىلىپ ، كاپىرلارنى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرگەندە ، ئۇ يەنە بىر

قېتىم رەسۇلۇللانىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىۋىدى ، يەنە تووۋا قىلىپ مۇسۇلمانلارغا مەدھىيىلەر ئوقۇدى ، مۇشرىكلارغا ۋە ئەبۇ سۇفيانغا ھېسابسىز قارغىشلارنى ياغدۇردى...

بۇ ھېكايىگە قىزىقىپ قالغان سورۇن ئەھلى داستىخاندىن قولىنى تارتىپ ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان پېتى قازىكالانغا قۇلاق سالدى . گەپ - سۆزلەرنىڭ ئۇرانىغا قاراپلا يۇرىكى تاپتىن چىقىشقا باشلىغان نىياز ھېكىمبەگ چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ ، قازىكالانغا يېقىنراق سۈرۈلدى .

— ھاكىمبەگ جانابلىرى ، گەپنىڭ ئوچۇقى ، مەن بۈگۈن سىلىنى كۆرۈپ تۇيۇقسىز ئاشۇ سۇيۇق شائىر ئەبۇ ئەززەنى يادىمغا ئېلىپ قالدىم ، — دېدى قازىكالان ھەممىيلەن ئاڭلىسۇن دېگەندەك ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ . قازىكالاننىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ بولغان ھاكىمبەگ خۇپسەنلىك قىلىپ ، ئۇنىڭ سۆزىنى چاقچاققا بۇرىدى ۋە دېدى :

— قازىكالان ھەزرەتلىرى ، چاقچاق دېگەننى ئەجەب ئوبدان قاملاشتۇرىدىكەنلا . ئۆزلىرىنىڭ چاقچاق - ھەزىلگە ھېرىس ئىكەنلىكلىرىنى بۇرۇنلا بىلەتتىم ، كەمىنىلىرىمۇ چاقچاق خالايدىغان ئادەم...

قازىكالاننىڭ ئەستەرلىك گەپلىرىدىن سەل ھودۇقۇپ تۇرغان نىياز ھېكىمبەگ «بۇرۇن» دېگەن سۆزنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قالدى . بۇرۇن ئۇ بۇ يەردە ئىشكئاغا بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە ، مانا مۇشۇ قازىكالاننى نۇرغۇن قېتىم مەسخىرە قىلغان ۋە ئەرزىمەس بىر ئەيىب بىلەن قازىلىقتىن ئېلىپمۇ تاشلىغانىدى . قازىكالانمۇ نىياز ھېكىمبەگنى باللىق چاغلىرىدىن باشلاپلا تونۇيتتى ، چۈشىنەتتى . «بۇرۇن» دېگەن بۇ سۆز ئۇنىڭ كونا يارىسىنى تاتىلاپ قويۇشى تۇرغان گەپ ئىدى .

زىيائىدىن داموللا «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دېگەندەك ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۆزىنى تۇتتۇرمايۋاتقىنىنى بىلىپ ، گەپنى ئېچىپلا ئېيتتى :

— چاقچاق دېدىلىمۇ؟ ياق، بۇ چاقچاق ئەمەس، تەقسىر، ئۆزلىرى ئەبۇ ئەززەگە ئوخشاش مۇقىم بىر تەرەپتە تۇرمايدىكەنلا، قايسى ھۆكۈمەت كەلسە قانداق ھۆكۈمەتكەن دەپ سوراپ ئولتۇرمايلا خىزمەتتە بولىۋېرىدىكەنلا. ئۆزلىرىنى ئاخىر ئەبۇ ئەززەدەك كۆنگە قالمىسىكەن دەيمەنا؟

— تەقسىر، — كىمدۇر بىرى سوراپ قالدى، — ئەبۇ ئەززە قانداق كۈنگە قالغانىدى؟

قازىكالان ئاغزىغا گەپ سىلىپ بەرگەن كىشىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى ۋە ئۇنىڭ سوئالىغا رازىمەنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— ئەبۇ ئەززە ئوھۇد جېڭىدە يەنە مەدىنە مۇسۇلمانلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان، بىراق بۇ قېتىم مۇھەممەد مۇستاپا ئۇنى كەچۈرمىگەن. ئىككى يۈزلىمچىلىكتە ئەيىبلەپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان.

سورۇن ئىچى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەكلا جىم بولۇپ قالدى. مۇشۇ جىمجىتلىقتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشقا ئۇرۇنغان نىياز ھېكىمبەگ: «بۇ جاھاندا پادىشاھلىق تاجىنىڭ توختالغۇسى يوق، ئەگەر ھەزرەتلىرى بۇ تاج پالانى ھۆكۈمەتنىڭ، پالانى ئادەمنىڭ بېشىدا توختايدۇ دەپ ئېيتىپ بېرەلىگەن بولسىلا پېقىرمۇ ھېچ ئىككىلەنمەي شۇ ھۆكۈمەتنىڭ، شۇ پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولغان بولاتتىم» دەپ ئۆزىنى ئاقلىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە تېخىمۇ قاتتىقراق پەشۋاغا دۇچ كەلدى. كۆڭلىدە قازىكالانغا مايىل بولۇپ سۈكۈتتە ئولتۇرغان مۇھەممەت يۇنۇسجاننىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن، تىل تىغلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ شەپقەتسىز جەڭ قىلىۋاتقان ئىككى تەرەپ نىيىتىدىن يېنىشقا مەجبۇر بولدى. مۇنازىرىدە باشتىن - ئاخىر پايدىسىز ئورۇندا تۇرۇۋاتقان نىياز ھېكىمبەگ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى. قازىكالان بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى - دە، سارايغا قايتىپ كەلدى.

نىياز ھېكىمبەگ سارايغا كېلىپلا، قورقۇنۇشتىن كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى. ئۇ كۆردىكى، ئىككى نەپەر ئىشىكباقار ياساۋۇل بوسۇغا ئۈستىدە پۇت - قولى چەمبەرچاس باغلانغان ھالدا ئۆلۈكتەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. قىزىل كۆڭلەك كىيگەندەك قانغا چىلىشىپ كەتكەن ياساۋۇلىيېشىنىڭ قورسىقى قوغۇن پىچاقاندەك يېرىۋېتىلگەن، كۆز قارىچۇقى ئالايغان پېتى قېتىپ قالغانىدى. سوۋغا - سالاملارغا بولسا ھېچكىمنىڭ قولى تەگمىگەن، قويغان يەردە قويغان پېتى تۇراتتى. بىراق، ياقۇپبەگكە تارتۇق قىلىنىدىغان ئەڭ قىممەتلىك سوۋغاتنىڭ بىرى — تۇتقۇن قىز گۈلئايىم سارايدىكى سولاقلىق ئۆيدىن غايىب بولغانىدى.

«خۇدايا توۋا، بۇ كىمنىڭ قىلغان ئىشىدۇ؟» — شۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ تەرىقە چوڭ ۋەقەنىڭ يۈز بەرگىنىگە ئەقلى يەتمىگەن نىياز ھېكىمبەگ پېشانىسىگە پاققىدە بىرنى ئۇردى - دە، تۇرغان يېرىدە زوڭ ئولتۇرۇپ قالدى.

## يىگىرمە بىرىنچى باب

# چۆل ئاتلىرى ھارمايدۇ

— دەرۋىش ئاتا، توختىماي بىر كېچە - كۈندۈز يول يۈردۇق، ئەمما چۆلنىڭ چېتى كۆرۈنەي دېمەيدۇ، ئېزىپ - تېزىپ يۈرمەيلى يەنە.

— ئاسماننىڭ ئاۋۇ يېرىگە قارىغىنا، ئوغلۇم، مارجاندەك تىزىلغان يۇلتۇزلارنى كۆردۈڭمۇ، ئۇنى تارازا يۇلتۇز دەيمىز، بۇ يۇلتۇز ئوڭ تەرىپىڭدىلا بولىدىكەن، ئۆزۈڭنى كۆكتېرەككە قاراپ كېتىۋاتىمەن دەپ ھېسابلاۋەر.

كېيىپەك دەرۋىش بىلەن ئايمۇھەممەت ئاتلىق كېتىۋېتىپ پاراڭلىشىۋاقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ پارىڭى ئاكىسىنىڭ كەينىگە

مـــنـگـــشـپ ئۇيقۇ بىلەن ئېلىشىۋاتقان گۈلئايىم ۋە ئېگەرنىڭ قۇشىبېشىغا پېشانىسى تېگەي دەپ قالغان كەرىمقۇلغا خىرە ـ شىرە ئاڭلىنىپ قالاتتى . يەكەندىن يولغا چىققاندىن بۇيان بوغۇز ياكى تــويغۇدەك چۆپ دىدارىنى كۆرمىگەن ، كالپۇكى ھۆل بولغۇدەك بىرەر قېتىم سۇ ئىچمىگەن ئاتلار شۇنچىلىك ئېغىر ۋە شۇنچىلىك ئاستا قەدەم تاشلايتتىكى ، ئۇلارنىڭ قەدەملىرىنى ئالىقاننى ئالدىغا سوزسا بەش بارماقنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان زۇلمەت قاراڭغۇدىمۇ ئاداشماي سانىغىلى بولاتتى .

ئۈچ ئاتلىق تۆت كىشى تەكلىماكان دەشتى بىلەن قاغىلىق ـ گۇما بوستانلىقى ئارىسىدىكى كەڭ جاڭگالدا كېتىپ باراتتى . كۆك بېتىدە چەكچەيگەن كۆزلەردەك پارقىراپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئەلمىساقتىن بېرى ئادەم ئىزى چۈشمىگەن بۇ دۆڭلەر ئارىسىدا چاتقال يېرىپ كېتىۋاتقان نامەلۇم يولۇچىلارغا ھەيران بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى . چۆل تەرەپتىن سوقۇۋاتقان سوغۇق شامال دۆڭ چوققىسىدا سەبىي قىزچاقنىڭ كوكۇلىسىدەك دىڭگىيىپ تۇرغان يۇلغۇن شاخلىرىنىڭ ، دۆڭ باغرىدىكى تىكەنلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ ، سان ـ ساناقسىز يىلان سويلاپ كېلىۋاتقاندەك شىۋىرلىغان سادا چىقىراتتى . چۆل قۇيۇننىڭ كۈچلۈك زەربىسى بىلەن قاچاندۇر پارچىلىنىپ كەتكەن يانتاق پارچىلىرى قۇلاق تۈۋىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتەتتى .


ئايمۇھەممەتنىڭ كەينىدە توڭلىغىنىدىن كىرپىدەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان گۈلئايىم ئاكىسىنى ئاستا نوقۇپ تۇرۇپ :

— ئاكا ، شامالدا پۈتلىرىم ئۇيۇشۇپلا كەتتى ، ئازراق توختاپ ئىسسىنىۋالساقمىكىن ، — دېدى يەر تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك زەئىپ ئاۋاز بىلەن . ئايمۇھەممەت بەكلا يېقىلىپ كېتىۋالغان سىڭلىسىنىڭ جالاقلاپ تىترەۋاتقىنىنى خىلىدىن بېرى سېزىپ كېلىۋاتاتتى .

كېپەك دەرۋىش :

— توختىساق توختايلى ، ئاز ـ تولا ئىسسىنىۋېلىپ تاڭ ئاتقاندا

www.uyghurkitap.com





ماڭساقمۇ بولىۋېرىدۇ ، يەكەندىكىلەرنىڭ بۇ يەرلەرگە قوغلاپ كېلىشىمۇ ناتايىن ، — دېدى گۈلئايىمنىڭ ئۆتۈنۈشىنى قوبۇل قىلىپ .

دەرۋىشنىڭ بۇ قارارى يىڭنىدەك سانجىلىۋاتقان ئىزغىرىن شامالدا ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتكەن كەرىمقۇلغىمۇ خوپ كەلدى . ئۇ گۈلئايىمنى قۇتۇلدۇرۇش سەپىرىگە ئاتلانغاندىن بېرى ئاغزىغا بىر بۇردا نان سالمىغان ۋە نەچچە كېچە - كۈندۈزدىن بۇيان كىرپىك قېقىپ باقمىغانىدى .

ئۇلار قاچانلاردۇر كەلكۈن ئېقىتىپ ، پىچاق بىلەن كەسكەندەك ئويۇلۇپ كەتكەن ئىككى دۆڭ ئارىسىدىن شامال ئۆتۈشمەيدىغان بىر ئويمانلىقنى تېپىۋالدى - دە ، ئاتلىرىنى دۆڭ كەينىدىكى قومۇشلۇققا قويۇۋەتتى . قۇرۇق يۇلغۇن شاخلىرى ، توغراق پوستى ، سۆكسۆك دېگەندەك چاۋا چاتقاللارنى يىغىپ كېلىپ گۈلخان يېقىشتى . ئادەم بويى ئۆرلىگەن ئۇلۇغ ئوت ئۇزۇن تىللىرىنى تەرەپ - تەرەپكە سوزۇپ ، دۆڭ ئارىسىغا تىقىلغان قاراڭغۇلۇقنى قوغلاپ ، قوللىرىنى قاقلاۋاتقانلارنىڭ جۇدىگەن چىرايلىرىنى ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى ، گەز باغلىغان لەۋلىرىنى يورۇتۇۋەتتى . گۈلخان چۆرىسىدىكى ياقۇتتەك لاۋۇلداپ تۇرغان چوغ تەپتىدىن تېنىگە هارارەت ئۆتكەنسېرى ئۇلار تاتلىق ئۇيقۇ ئىچىدە قالدى . مۇھەببەتلىك كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قېچىپ تۇرغان گۈلئايىم بىلەن كەرىمقۇلمۇ جاھاننىڭ بىردىنلا كېڭىيىپ قالغانلىقىنى هېس قىلدى .

هېلىقى كۈنى سىڭلىسىنىڭ دېگەن قەرەلىدە قايتىپ كەلمىگىنىدىن كۆڭلى قانداقتۇر بىر ئەنسىزلىككە ئەسىر بولغان ئايمۇھەممەت كېپەك دەرۋىشنىڭ «گۈلئايىم ئانچە بىغەم قىز ئەمەس ، بەلكى قاراڭغۇدا يول يۈرمەي دەپ تۇغقانلارنىڭكىدە قونۇپ قالغاندۇ» دېگەن تەسەللىسىگىمۇ قۇلاق سالماي شورباغقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى . ئىنس - جىن قالمىغان ، ئادەمنىڭ قورققۇسى

www.uyghurkitap.com

كەلگۈدەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان توپىلىق يولنى بېسىپ شورباغقىچە يېتىپ كەلدى .

گۈلئايىمنىڭ گۇگۇم بىلەن تەڭ بۇ يەردىن ئۇزاپ كەتكىنىنى ئاڭلىغاندا ، ئايمۇھەممەتنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى . ئۇ : «ئاپلا ، ئىش چاتاق» دېدى ـ دە ، ساراسىمە ئىچىدە قالغان تۇغقانلىرى بىلەن خوشلىشار ـ خوشلاشمايلا بوراندەك تېز كەينىگە ياندى . كەنتمۇكەنت ، كوچىمۇكوچا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئۇرۇق ـ تۇغقان ، يار ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ سۈرۈشتۈردى . كېچە تەڭ بولغاندا كېپەك دەرۋىش بىلەن كەرىمقۇل كېلىپ ئۇنىڭغا قوشۇلدى . «گۈلئايىم سەن قەيەردە» دېگەن سادا يول بويلىرىنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى . پەقەت تاڭ يورۇغاندىن كېيىنلا ئۇلار ئۈجمىلىك دوقمۇشتىن گۈلئايىمنىڭ ھال رەڭ رومىلىنى تېپىۋېلىشتى . بوز توپىغا پېتىپ كەتكەن يوچۇن ئىزلارنى كۆرۈپ ، بۇ بەختسىز بىچارىنىڭ قايسىبىر قاراقچى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىنى جەزملەشتۈردى .

«ئۇ نائەھلىلەر نېمىدەپ گۈلئايىمغا قەست قىلىشىدۇ ، ئۇ ھېچكىمگە يامانلىقى يەتمەيدىغان بىر ناتىۋان قىز ئەمەسمىدى ؟ ئاھ تەقدىر ، قازانچى ئائىلىسىنىڭ بېشىغا تاغمۇ كۆتۈرەلمىگۈدەك كۈلپەتلەرنى سالدىڭ ، يەكلەيدىغىنىڭنى يەكلىدىڭ ، ئۆلتۈرىدىغىنىڭنى ئۆلتۈردۈڭ ، ئەمدى مۇشۇ ئاجىز قىزنى بولسىمۇ ئامان قويساڭ بولماسمىدى ، بۇ بىزگە نى ئاھانەت ، نى تارتقۇلۇق ؟ !...»

ئايمۇھەممەت سىڭلىسىنىڭ ئىزى ئۈستىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ كىچىك بالىدەك ھۆكرەپ يىغلىدى . يوغان مۇشتى بىلەن ئىككى چېكىسىگە توختىماي مۇشتلىدى . بەزگەكتەك لاغىلداپ تىترىدى . «ئاھ سىڭلىم ، ئاكاڭنى كەچۈرگىن ، جېنىم تېنىمدىلا بولسا دىلىڭنى چەكتۈرمەسمەن دېگەنىدىم ، دىلىڭنى چەكتۈرۈپ قويدۇم ، توخۇ چۈجىسىنى ساردىن قوغدىغاندەك قوغدارمەن دېگەنىدىم ، قاراقچىنىڭ چاڭگىلىدىن ساقلاپ قالالمىدىم» دەپ

www.uyghurkitap.com

قوشاق قاتتى .

ئۇجمىلىك دوقمۇشتا شام تىكلىگەندەك تۇرۇپ كەتكەن ئەل ـ جامائەتتىن كۆز يېشىنى يوشۇرۇۋاتقان كەرىمقۇلمۇ ۋولقاندەك تېپىۋاتقان يىغىسىنى ئاخىر بېسىۋالالمىدى ـ دە ، ئۇن سېلىپ يىغلىغان پېتى ئايمۇھەممەتنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى . ئۇلار مەھكەم قۇچاقلاشتى . داد ـ پەريادىمۇ ، كۆز يېشىمۇ قوشۇلۇپ كەتتى .

— بالىلىرىم ،سەۋر قىلىڭلار ، ئۆزۈڭلەرگە هاي بېرىڭلار ،— باياتىن بېرى دوڭغاق ئۇجمە دەرىخىگە يۆلەنگىنىچە خىيال قاينىمىغا كىرىپ كەتكەن كېپەك دەرۋىش ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى ۋە غولىچىنى يېيىپ ئىككىيلەننىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويدى ،— بۇ كۈن ، بۇ ئايلاردا تەقدىر ئىلاھىنىڭ كۆزى كور ، قۇلىقى گاس ، ئۇنىڭغا يىغلاپ يالۋۇرغاندىن كۆرە بىرەر ھەرىكەت قىلغان ئەۋزەلرەك . قەسەم قىلىمەنكى ، گۈلئايىمخان ئاللانىڭ ئاجىز بەندىسى ، ئاللا ئاجىز بەندىسىنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ ، بىز بىلەن كۆرۈشكىلى نېسىپ قىلىدۇ...

شۇ سائەتتىن باشلاپ ئۇچەيلەن ئۈچ يولغا بۆلۈندى . بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارغا ، خالتا كوچىلارغا ، ئۆستەڭ ـ كۆل بويلىرىغا بېرىپ گۈلئايىمنىڭ دېرىكىنى قىلدى . ھەتتا ئوردا ئالدى ، ئوردا سېپىلىنىڭ دوقمۇشلىرى ، دەڭ ـ سارايلارغىچە كۆز سېلىپ چىقتى . قازىكالان ، يۈزبېشى ، مىرشەپ ، مىرغەزەپلەرگىچە مەلۇم قىلىشتى . قىزنىڭ تۇتقۇن قىلىنغىنىغا بىر كېچە ـ كۈندۈز ئۆتكەن بولسىمۇ بىرەر يىپ ئۇچىنى تاپالمىدى . پۇقرالاردىن «توۋا خۇدايىم ، ئىست دېگۈدەك ئىش بوپتۇ !» دېگەندىن ئۆزگە جاۋاب چىقمىدى . مەنسەپدارلار بولسا : «گۇناھكارنى تۇتۇپ كەلسەڭلار ياكى تۇرار جايىنى كۆرسىتىپ بەرسەڭلار سورىقىنى قىلىش بىزدىن» دەپلا بولدى قىلىشتى .

ۋەقەنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئىشىكمۇئىشىك قاتراۋېرىپ

ئاياغلىرىنىڭ چەمى تېشىلگەن ئايمۇھەممەت بىلەن كەرىمقۇل باشلىرىنى ساڭگىلاتقان پېتى ئۆيىگە قايتىپ كېلىشتى ـ دە ، چاي ئوتلاشتىنمۇ باش تارتىپ مىشىلداپ يىغلىغىلى تۇردى . ئۇلارنىڭ بۇ ھالى ئۆي ساقلاپ قالغان كىپەك دەرۋىشنىڭ سەپرايىنى ئۆرلىتىۋەتتى . تەسەللى بەرگىلى كىرگەن قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئايىغى بېسىققاندىن كېيىنلا ، ئۇ :

— بالىلىرىم ، ئاللا زەئىفلەرگە يىغا ، ئوغۇل بالىغا چىدام بەخش ئەتكەن . كۇندۇزى كوچىمۇكوچا قاتراپ ، ئاخشىمى بېشىمىزنى قۇچاقلاپ يىغلاۋەرسەك ۋاقتنى ئىسراپ قىلىۋېتىمىز . مېنىڭچە ئالدى بىلەن ئوبدانراق كاللا يۈگۈرتۈپ ئاندىن كېيىن بىرەر يول تۇتايلى ، ئەقىل بىلەن ئىش قىلغۇچىغا خۇدامۇ مەدەتكار بولىدۇ ، — دېدى سەل خاپا بولغاندەك .

ئايمۇھەممەت كىپەك دەرۋىشنىڭ بۇ گېپىنى ئورۇنلۇق دەپ ھېسابلىدى بولغاي ، كۆز يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ ئۇنىڭغا دېدى :

— قېنى ، ئاتا ، بىرەر يول كۆرسەتسىلە ، ئۇ لەنەتگەردىلەرنى تېپىپ مىڭىسىنى چۇۋۇۋەتمىسەم ئايمۇھەممەت دېگەن ئېتىمنى يۆتكىۋېتىمەن !

— ئايمۇھەممەت ئاكام نەق گەپنى قىلىۋاتىدۇ ، دەرۋىش ئاتا ، كۈچ دېسە بىزدە بار ، شىجائىتىمىزمۇ كەم ئەمەس ، بىراق ئۈچ كۈن يېڭىنە ئىزدىگەندەك ئىزدەپمۇ گۈلئايىمخاننىڭ دېرىكىنى قىلالمىغىنىمىزغا پەقەت ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ . ئۇنىڭ بار يېرىنى بىلەلىسەكلا بولاتتىغۇ...

كىپەك دەرۋىشنىڭ تەكلىپى كەرىمقۇلغىمۇ خوپ كەلدى بولغاي ، ئۇ ئامالسىز قالغىنىنى گەدىنىگە ئېلىپ غۇدۇراپ قويدى . دەرۋىش دىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ياپتى ، دەم سېلىپ كۆڭلىنى تىندۇرغاندىن كېيىن پەس ئاۋازدا سورىدى :

— يىگىتلەر ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ بۈگۈن تاڭ يورۇماستىلا قەشقەرگە كەتكىنىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ ؟

ئايمۇھەممەت بىلەن كەرىمقۇل «بۇنىڭ گۈلئايىم بىلەن نېمە ئالاقىسى؟» دېگەندەك، دەرۋىشنىڭ كۆزىگە تىكىلدى ۋە بېشىنى چايقاشتى.

— ھىم، ئاڭلىمىدۇق دەڭلار، — دەرۋىش ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ ئۆز سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بەردى: سىلەر ئاڭلىمىغان بولساڭلار مەن ئاڭلىدىم.

— ئاتا، نىياز ھېكىمبەگنىڭ سەپىرى بىلەن گۈلئايىمنىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟

— ئالاقىسى بارمۇ، يوقمۇ، كاللا ئىشلەتسەڭلارلا بىلەلەيسىلەر، قېنى دەپ بېقىڭلار، پۈتۈن - سۈرۈك بىر يۇرتنىڭ ھۆكۈمرانى نېمىدەپ ئەتىگەنمۇ ئەمەس، كەچمۇ ئەمەس، دەل تۈن ھەسسە بولغاندا سەپەرگە چىقىدۇ؟ ياساۋۇللارنىڭ ئارىسىدا كېتىۋاتقان ئاشۇ يېپىق مەپىدە مال - دۇنيا بارمۇيا ئادەممۇ؟

كېپەك دەرۋىشنىڭ ئېيتقانلىرى ئايمۇھەممەت بىلەن كەرىمقۇلنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. يولدىن ئاداشقان يولۇچىدەك تېڭىرقاپ قالغان ئىككى يىگىت دەسلىپىدە ھاياجانلانغاندەك بولدى، بىراق ئاڭلىغانلىرىنىڭ پەقەت پەرەزدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ئويلاپ يەتكەنلىرىدە بولسا روھى چۈشۈپ يەنە لاسىسىدە بولۇپ قېلىشتى.

«ھۆكۈمران دېگەن بەربىر ھۆكۈمران، ئۇ ھېچكىمنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدۇ، خالىغان ۋاقىتتا سەپەرگە چىقالايدۇ، مەپىمۇ، هارۋىمۇ، ئىشقىلىپ خالىغانلىكى نەرسىسىنى بىللە ئەكېتەلەيدۇ، — دەپ ئويلىدى كەرىمقۇل ئۆزىچە بېشىنى چايقاپ، — ياق، بۇ پەقەتلا بىر گۇمان، ئۇ مەپىدە گۈلئايىم يوق، جەزمەن يوق...»

كەرىمقۇل ئويلىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ دەرۋىش بىلەن ئايمۇھەممەتنى خالتا كوچىدىن قايتۇرماقچى بولۇۋىدى، ئايمۇھەممەت ئۇنىڭغا پۇرسەت بەرمىدى. دەرۋىشنىڭ ئەگىتىپ گەپ

قىلىدىغان ئادىتىنى بىلىدىغان ئايمۇھەممەت ئۇنىڭ گېپىنى ئاخىرغىچە ئاڭلاپ بولۇپ ئاندىن بىر پىكىرگە كېلىش ئويى بىلەن سوئال تاشلىدى :

— دەرۋىش ئاتا ، ئاشۇ مەيدە گۈلئايىمخاننى بار دەپ جەزم قىلالامدىلا ؟ — دېدى ئۇ دەرۋىشنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ ، كېپەك دەرۋىش جاۋابەن دېدى :

— بالىلىرىم ، پەيغەمبەرلەر ، پەرىشتىلەر ۋە ئەۋلىيالىق ماقامىغا يەتكەنلەردىن ئۆزگە ھېچكىم غايىبنى كۆرەلمەيدۇ . بىراق ، دەرۋىش ئاتاڭلار غايىبنى كۆرەلمىگەن بىلەن نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئات - ئۇلاغلىرى قاتارىدا بىر سىرلىق مەپىنى كۆرگەنلەر بار . سىلەر بىلمەيسىلەر ، ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇ يەكەندىكى چېغىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن ، ئاشكارا نىكاھلىق بولغىنىنىمۇ ھېچكىم كۆرگىنى يوق . دېمەك ، ئۇنىڭ ئېلىپ ماڭغىنى ئۇنىڭ خوتۇنى ئەمەس . «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك» دېگەندەك ، سىرلىق مەپىنى ئېلىپ ئەل ئايىغى جىمىققان چاغدا يولغا چىقىشىدىمۇ جەزمەن بىر سىر بار .

— ئۇنداقتا ھاكىمبەگ گۈلئايىمخاننى قەشقەرگە ئېلىپ كەتكەن بولامدۇ ؟ خۇدا ساقلىسۇن ، خۇدا ساقلىسۇن ... ، — دېدى كەرىمقۇل بىر نەرسىدىن قورققاندەك ئالاق - جالاق بولۇپ .

— ھازىرچە بۇنداق قورقۇپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ ، بالام ، — دېدى كېپەك دەرۋىش كەرىمقۇلنى بەزلەپ ، — مەن پەقەت گۇمانىمنىلا سۆزلەپ بېرىۋاتىمەنغۇ ، ئەمما بۇ گۇماننى نىياز ھېكىمبەگنىڭ خۇلق - مىجەزى بىلەن باغلاپ قارىغاندا بۇنداق ئېھتىماللىقنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ . قىياسەن ئېيتساق ، نىياز ھېكىمبەگ سۇغۇردەك سەزگۈر ۋە تۈلكىدەك قۇۋ ئادەم ، ئۇ قەشقەرگە ماڭغانىكەن ، ئادىتى بويىچە ياقۇپبەگنىڭ شەھۋىتى غالىب ئەركەك ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالماي قالمايدۇ ، قېنى ئېيتىڭلار ، ئۇنداق ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلاش ئۈچۈن بىرەر چىرايلىق قىزنى تارتۇق قىلىۋېتىشتىن ياخشىراق چارە بارمۇ ؟ يەنە كېلىپ ئۇ

ھەرقانداق ئىشتا ئېھتىياتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدۇ، بىر قىزنى كۆپچىلىك ئالدىدا تۇتۇۋېلىپ، خوجىسىغا تارتۇق قىلىشنى، ياكى ئاتاق ئېلىپ، ئۆزىگە ئىش تېپىشنى قورقىدۇ. ئۇنىڭ ئەل كۆزىنى باغلاپ، تەڭ كېچىدە سەپەرگە چىقىشىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل شۇ يەردە!

— دېگەنلىرى بەرھەق، دەرۋىش ئاتا، سىڭلىمنى جەزمەن ئاشۇ قارا يۈز ھاكىمبەگ تۇتۇپ كەتكەن گەپ، — دەرۋىشنىڭ قىياسىدىن قورقۇنچلۇق بىر جەرياننى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزگەن ئايىمۇھەممەت بازغاندەك يوغان مۇشتىنى قاياققىدۇر تەڭلەپ، چىشلىرىنى قوم چاينىغاندەك غۇچۇرلاتتى، — خەپ، نىياز ھېكىمبەگ، شۇ تاپتا سېنى تۇتۇۋالىدىغان بولسام قوۋۇرغىلىرىڭنى سۇندۇرۇپ، ئۇستىخانلىرىڭنى كۇكۇم - تالقان قىلىۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ. توختاپ تۇر، خۇدانىڭ كۈنى ئۇزۇنغۇ تېخى؟!

— قوغلايلى، ئۇ بەتبەختنى تۇتۇۋېلىپ تۇتقان يەردە جاجىسىنى بېرەيلى، — دېدى كەرىمقۇل پەگاھتا تۇرغان دەمنى قولىغا ئېلىپ.

كېپەك دەرۋىش ئايمۇھەممەتنىڭ رازىلىقىنى كۈتۈپ تالاغا ئېتىلاي دەپ تۇرغان كەرىمقۇلنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، ئۇنىڭ قولىدىكى دەمنى تارتىۋېلىپ تامغا يۆلەپ قويغاندىن كېيىن:

— يىگىتلەر، ئالدىرىماڭلار، چورۇق بىلەن خامپىغا سەكرىگەننىڭ پايدىسى يوق، دېدىمغۇ، بۇ تېخى بىر گۇمان، گۇماننى ئىسپاتلىماي تۇرۇپ بىر ئىشقا بەل باغلىغىلى بولمايدۇ!— دېدى تەمكىنلىك بىلەن خىتاب قىلىپ.

— دېگەنلىرىڭىز ئورۇنلۇق، دەرۋىش ئاتا، لېكىن بۇ ماڭا گۇمان ئەمەستەكلا تۇيۇلۇۋاتىدۇ، ماقۇل، بۇنى ھازىرچە گۇمان دەيمۇ تۇرۇلى، بىراق گۇماننى يېشىپ بولغۇچە ئۇلار توختاپ تۇرمايدۇ - دە!

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە، بالام، «سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن گەپ بارغۇ بىزدە. سەۋەب قىلىپ باقىلى، ئاللا

مەرھەمىتىنى ئايىماس!

ئۇلار سىرلىق تېپىشماققا ئوخشايدىغان بۇ گۇماننى ئېنىقلاش ئۈچۈن كالىلىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ كەتكۈدەك باش قاتۇرۇشتى. خىلمۇخىل چىرايلارنى، چوڭ - كىچىك مەنسەپدارلارنى، تونۇيدىغانلىكى ياساۋۇل - مەھرەملەرنى، ئوردا مۇلازىملىرىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ ياردەم قولىنى سۇنالايدىغانلارنى دەڭسەپ كۆرۈشتى. كېپەك دەرۋىش ئىشەنچلىكرەك دەپ ھېسابلىغان ئادەملەرنى، ئايمۇھەممەت بىلەن كەرىمقۇل ئويلاپ تاپقان چارە - ئاماللارنى كۆڭۈل ئەگلىكىدىن ئۆتكۈزۈپ تاسقاپ چىققاندىن كېيىن، ئاخىر ئوردىغا كۆز تىكىشتى، ئىمكان بار ئوردا تېۋىپىنىڭ مەدىتىنى قولغا كەلتۈرۈشنى لايىق كۆردى. دېمىسىمۇ، بۇ سىرلىق ۋە نازۇك قولۇپ ئوردىدىكىلەرنىڭ ياكى ئوردا ئەھلى بىلەن يېقىن ئالاقىسى بار ئىشەنچلىك ئادەملەرنىڭ ياردىمىسىز ئېچىلمايتتى. ياردەم قولىنى سۇنغۇچى كىشىمۇ ناھايىتى چوڭ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشى لازىم ئىدى.

ئايمۇھەممەت كېپەك دەرۋىش بىلەن كېلىشىۋالغىنى بويىچە قاش قارايغان چاغدا دادىسىنىڭ ئاغىنىسى، ئۆزلىرىنىڭ كونا چۆپقىتى تېۋىپ سىراجىدىن مەخسۇمنىڭكىگە يېتىپ باردى - دە، ھال - ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن مەقسەتنى ئوچۇقلا ئېيتتى.

— ئوغلۇم، — دېدى سىراجىدىن مەخسۇم ئايمۇھەممەتنىڭ گېپىگە لوقما سېلىپ، — بىرەر ھاجىتىڭ بولسا قورۇنماي ئېيت، تومۇر تۇتقۇزغىلى كەلگەن بولساڭ بىلىكىڭنى چىقار. چامىم يېتىدىغانلا ئىش بولسا ئىككى قولۇم كۆكسۈمدە. ئەگەر مۇڭداشقىلى كەلگەن بولساڭ ئالدىڭدا تولىمۇ خىجىلمەن، خالىساڭ ئالدىراش ئىشىمنى تۈگىتىپلا ئەتە - ئۆگۈن دۇكىنىڭغا بارارمەن، بۇ ئىلتىماسىمغا خاپا بولماسسەن؟

«ياﺋاللا، يالغان ئېيتىش پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتمەكتىنمۇ تەسمۇ نېمە؟» — يۈرىكىنىڭ خۇددى ئات چاپتۇرغاندەك

دۇپۇلدەۋاتقىنىنى تۇيغان سىراجىدىن مەخسۇم كەڭ پېشانىسىدىن، ئىلمەك بۇرنىنىڭ ئۇچىدىن، ئوت كەتكەندەك قىزىۋاتقان مەڭزىدىن سەل بولۇپ قويۇلۇۋاتقان قارا تەرنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتكەچ، ئىچىدە خورسىنىۋالدى ۋە چاندۇرۇپ قويغان ـ قويمىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش غەرىزىدە ئايمۇھەممەتكە «لاپ» قىلىپ قارىۋالدى.

دۇرۇس، ئەللىك نەچچە يىللىق ئۆمرىنى ئاقنى ئاق، قارىنى قارا دەپ ئۆتكۈزگەن، هالاللىق بىلەن پۈتكەن ۋۇجۇدىغا ئىمان نۇرى بىلەن جۇلا بەرگەن بۇ خۇداگۇي تېۋىپ پەقەت زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىنلا يالغان سۆزلەۋاتاتتى. بىراق، ئۇياتسىز يالغانچىلارغىلا يارىشىدىغان بۇ كىچىككىنە ئىش ئۇنىڭغا ئالەمچە گۇناھ بولۇپ تۇيۇلۇۋاتاتتى. سۆزلەۋېتىپ تۇھپە ـ گۇناھىنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان مالائىكىلەردىن ئىزا تارتاتتى. ئاللانىڭ غەزىپىدىن قورقاتتى. ئۆزىنى ۋەيلۇن دوزاخنىڭ ئوت ـ ئاتەشلىرىدە ئۆرتىنىۋاتقاندەك، تاغدەك چوڭ گۈرزىلەر ئاستىدا كۇكۇم ـ تالقان بولۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئايانچىلىق دەملەر تىلىنى، لېۋىنى داغمال كەبى داغلاپ ئۆتكەندە بولسا ھەر سۆزىدە ئازاتتى، ھەر جۈملىدە چاندۇراتتى، ھەر گەپتە دۇدۇقلايتتى، بۇ دۇدۇقلاش ۋە چاندۇرۇش ئەقلى يېتۈك ئايمۇھەممەتكىلا ئەمەس، بەلكى يەتتە ياشلىق سەبىي بالىغىمۇ «ئۇ يالغان ئېيتىۋاتىدۇ» دېگەن تۇيغۇنى بېرەتتى.

تېۋىپنىڭ بىرەر مۇھىم سىرنى يوشۇرۇۋاتقىنىنى سەگەكلىك بىلەن تۇيۇپ تۇرغان ئايمۇھەممەت ئۇنىڭ گېپىنىڭ راست ـ يالغىنىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمىدى. ياقىدىغان گەپ بىلەن مەخسۇمنىڭ ۋىجدانىي ھېسداشلىقىنى غىدىقلاش قارارىغا كېلىپ، ئىشنى «كېسىلى» ئۈستىدىن دادلاشتىن باشلىدى:

— مەخسۇم ئاتا، يۈرەك زېدىسىنىڭ ئازابى مېنى ئالدىلىرىغا باشلاپ كەلدى. دادام يېنىمدا بولغان بولسا دەردىمنى دادامغا ئېيتار ئىدىم، سىلى بولسىلا ئاتامنىڭ ئورنىدىكى مۆرەبىيم، دەردىمگىمۇ

سىلىدىن شىپا تىلىمەي ئامالىم يوق ··· — دېدى ئۆتتۈنگەن ھالدا .
ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، دېھلى ، بومبايلاردا تەھسىل كۆرگەن سىراجىدىن مەخسۇم مەشھۇر تېۋىپ ۋە ئۇستا جەرراھ ئىدى . دەل ئاشۇ داڭقى ئۇنى ئوردا دەرۋازىسىغا جىسمانەن بەند قىلىنىۋالغان بولسىمۇ ، لېكىن پۇقراپەرۋەرلىككە كەلگەندە ئەڭ سېخىي ساخاۋەتچىمۇ ئۇنىڭغا قول قويماي تۇرالمايتتى . ئوردا ئىشىدىن قولى بوشىغان چاغلاردا نامراتلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلايتتى . دەردمەنلەرنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ ، پۇل ـ مېلىنى ۋە ياردىمىنى ئايىمايتتى .
ئۇ ھېلىقى ئاخشىمى تۆمۈر خەزىنىچىبەگنىڭ ئۆيىدىن ئۇزاپ چىقىۋېتىپ ، تاسادىپەن تاغار يۈدۈپ يۈرگەن سىرلىق ئادەملەر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى . ئەتىسىلا قاۋۇل قازانىنىڭ قىزى گۈلئايىمنىڭ يوقىلىپ كەتكىنىنى ئاڭلىدى ـ دە ، بۇنى ئالاھىدە بىر خەۋەر تەرىقىسىدە تۆمۈر خەزىنىچىبەگكە يەتكۈزدى . ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن نىياز ھېكىمبەگنىڭ بىر سىرلىق مەيىنى ئارىغا ئېلىپ قەشقەر تەرەپكە كېتىۋاتقىنىنى تۆمۈر خەزىنىچىبەگ ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى . گۈلئايىمنىڭ تۇيۇقسىز غايىب بولۇشى ، سىرلىق مەپە ۋە غەلىتە سەپەر قوشۇلۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ناھايىتى زور بىر گۇماننى تاشلاپ كېتىشتى . بۇ گۇماننىڭ دەھشەتلىك مەنزىل بىلەن تۇتىشىۋاتقىنىنى بىلىپ يەتكىنىدە بولسا بۇ ئىككىيلەن سىر ساقلاش توغرۇلۇق چۆچۈپ تۇرۇپ ئەھدى ـ پەيمانلار قىلىشتى .
بىراق ، ئۆز ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئاشۇ سىر ئۇچۇن يۈكۈنۈپ يالۋۇرۇۋاتقان ، ئاشۇ سىردىن خەۋەر تېپىشقا ئەڭ ھوقۇقلۇق بولغان بىر بىچارە يىگىت مانا ھازىر ئالدىدا تۇرۇپتۇ . ئۇ ئەمدى قانداق قىلىشى كېرەك ؟ قاۋۇل ئۇستىنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشىنى قوبۇل كۆرسۇنمۇ ؟
سىراجىدىن مەخسۇم ئەھدىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بۇزۇۋېتىشنى ئەخلاقتا ۋە ئاغىنىدارچىلىق مىزانىغا خىلاپ دەپ

ھېسابلىدى ۋە ئايمۇھەممەتنى تەۋەككۇل قىلىپ تۆمۈر خەزىنىچىبەگنىڭكىگە باشلاپ باردى. سىرتى تۆمۈر خەزىنىچىبەگنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاش سىراجىدىن مەخسۇمنىڭ رايىغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغان، شۇنداقلا كاۋاپمۇ، زىخمۇ كۆيمەيدىغان ئەپچىل چارە ئىدى.

خالمان پانسات بىلەن موللاجى تۇراپنىڭ يۈزسىزلىكىدىن نارازى بولۇپ يۈرگەن تۆمۈر خەزىنىچىبەگ بۇ ئىككىسىنى ئەتىۋارلاپ يۈرگەن نىياز ھېكىمبەگكە چاپان يېپىپمۇ كەتمىدى. ئۇ قاۋۇل قازانچىنىڭ ۋىجدانلىق، ئاق كۆڭۈل، ئابرۇيلۇق ئادەم ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە نىياز ھېكىمبەگدىن ياكى دۈشمەنلىك كۆزى بىلەن ھومىيىپ يۈرگەن يات يۇرتلۇقلاردىن ئۆزىگە قازايىقەدەر بىرەر زەخمەت يېتىپ قالدى دېگەندىمۇ يەنىلا ئايمۇھەممەتتەك تونۇش ـ بىلىشلەر، يۇرتلۇقلار ئەسقېتىپ قالاتتى.

تۆمۈر خەزىنىچىبەگ ئۇلارغا: گۈلئايىمخاننى نىياز ھېكىمبەگ تۇتۇپ، قەشقەرگە ئەكەتتى، دېگەندەك گەپلەرنى قىلمىدىيۇ، مۇشۇ مەنىدىن خېلى روشەن بېشارەتلەرنى بەردى. ئايمۇھەممەت بىلەن سىراجىدىن مەخسۇم ئۇچۇن پەقەت مۇشۇنىڭ ئۆزىلا قانائەتلىنەرلىك ۋە ئىشەنچلىك جاۋاب ھېسابلىناتتى.

ئايمۇھەممەت، كېپەك دەرۋىش ۋە كەرىمقۇللار يەنە بىر قېتىم خۇپىيانە باش قوشۇشتى. نىياز ھېكىمبەگنى قوغلاپ يېتىپ ئۇنى قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىش، شۇ ئارقىلىق گۈلئايىمنى قۇتۇلدۇرۇش كېرەك، دېگەن پىكىر ئۇستىدە ئايمۇھەممەت بىلەن كەرىمقۇلنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقتى. بىراق، قېنى قىزىغان، يىگىتلىكى ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ ئىككىيلەنگە كېپەك دەرۋىش قارشى پىكىر قويدى:

— چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلىۋاتىمىز، يىگىتلەر، — دېدى دەرۋىش ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلاپ كۆرىلى. بىز نىياز ھېكىمبەگنى ئۆلتۈرەمدۇق يا گۈلئايىمخاننى

قۇتۇلدۇرامدۇق؟ مېنىڭچە، بۇنىڭغا تالاش ـ تارتىش كەتمەيدۇ، ئالدى بىلەن ئادەمنى قۇتۇلدۇرايلى، ھاكىمبەگ بىلەن كېچىكىپرەك ھېسابلىشىۋالساقمۇ ئۇلگۇرىمىز تېخى.

— نىياز ھېكىمبەگنى ئۆلتۈرمىسەك، گۇلئايىمخاننى قانداق قۇتۇلدۇرغىلى بولىدۇ؟ — سورىدى تاقەتسىزلەنگەن يىگىتلەر.

— سىلەر نىياز ھېكىمبەگنى پىيازلىقتىكى قارانچۇق دەپ ئويلاپ قالماڭلار، ئۇ ئالدىغا كېلىدىغان ئىشلارنى ئالدىن مۆلچەرلەپ نۇرغۇن ياساۋۇلنى بىللە ئېلىپ ماڭماي قالمايدۇ، نىياز ھېكىمبەگكە يېقىنلىشىپ بولغۇچە ئاۋۋال ئاشۇ ياساۋۇللار بىلەن بىر قەپەس بەل تۇتۇشۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇلار بىلەن تۇتۇشۇپ ئۆردىكىنى ئۇيان، غېزىنى بۇيان قىلىشىۋەتكۇچە نىياز ھېكىمبەگمۇ ئۇخلاپ ياتمايدۇ. مېنىڭچە، قاراپ تۇرۇپ تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغاندىن كۆرە، ئەپلىك پۇرسەتنى تېپىپ ئاۋۋال گۇلئايىمخاننى قۇتۇلدۇرۇپ چىققىنىمىز تۈزۈك.

ئايمۇھەممەت بىلەن كەرىمقۇل كېپەك دەرۋىشنىڭ سۆزىنى ئورۇنلۇق دەپ قارىدى ۋە «قېنى ئاتا، ئۆزۈڭ بىلىپ بىر يول كۆرسەت» دېگەندەك ئۈمىد ئۇچقۇنداپ تۇرغان كۆزلىرىنى دەرۋىشكە تىكتى. كېپەك دەرۋىشمۇ تۈمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ، كۆڭلىدە ئاللىقاچان پىشىپ قالغان پىلانىدىن ئۇلارنى خەۋەرلەندۈرۈپ:

— خوتەنگە تەۋە ھەرقانداق يۇرتتا ياكى يول ئۈستىدىكى ئۇچۇقچىلىقتا بۇ ئىشنى بىر باشقا ئاچىققىلى بولمايدۇ يىگىتلەر، ئەڭ ياخشىسى، ئۇلار يەكەن تەۋەسىگە كىرگەندە ئاندىن بىر ئىش قىلىشىمىز كېرەك! — دېدى.

— يەكەندە؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدى ئايمۇھەممەت.

— شۇنداق، يەكەندە، — دېدى كېپەك دەرۋىش بارمىقىنى بىر ـ بىرلەپ بېسىپ، — بىرىنچىدىن نىياز ھېكىمبەگ ئۇ يەردە ئىككى ـ ئۈچ كۈن توختىماي قالمايدۇ، ئىككىنچىدىن، خوتەندىن ئامان ـ ئېسەن چىقىۋالدۇق دەپ بىخۇدلىشىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇ يەردە پېقىرنىڭ ئىشەنچلىك بۇرادەرلىرى بار، يەكەننىڭ ئۇجۇر ـ

www.uyghurkitap.com

بۇجۇرىمۇ ماڭا بەش قولدەك تونۇش ، بىلمىدىم ، بۇنىڭغا سىلەر نېمە دەيسىلەركىن ؟

— نېمە دېسىلە شۇ ، گۈلئايىمخاننى قۇتۇلدۇرغىلى بولىدىغانلا ئىش بولسا ، بىز ئوت ئىچىگە كىرىشكىمۇ رازى ، دەرۋىش ئاتا ، — كەرىمقۇل مەيدىسىگە مۇشتلاپ تۇرۇپ دېدى .

كېپەك دەرۋىش سەپەر تەييارلىقلىرىنى پۇختا ۋە ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇردى . كەرىمقۇل يورۇڭقاشلىق باينىڭكىدىن ئىككى يىل ئىشلەپ بېرىش شەرتى بىلەن تولۇمدەك سېمىز ئۈچ ئات قەرز ئەكەلدى . ئاتلارنى ئوبدان تويدۇرۇپ ، ئازغىنە ئوزۇقلۇق ئېلىۋالغاندىن كېيىن شۇ كېچىسىلا يولغا چىقتى ۋە ئالتە كۈنلۈك چۆل يولنى ئۈچ كۈندە بېسىپ نىياز ھېكىمبەگدىن بۇرۇن يەكەنگە چۈشتى . چۈمۈلىدەك ئاستا كېلىۋاتقان كارۋان يەكەن دەرياسىدىن ئۆتۈشكىلا يەكەنلىك ئىككى دەرۋىش نىياز ھېكىمبەگنىڭ كەينىگە سايىدەك ئەگەشتى . يەكەنگە كېلىۋېلىپلا كۆڭلى ئەمىن تاپقان نىياز ھېكىمبەگ مۇھەممەت يۇنۇسجاننىڭكىدە يايراۋاتقان چاغدا ئۇلار قارشىلىق كۆرسەتكەن ياساۋۇلبېشىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۇيقۇسىنى ئاچالمايۋاتقان ئىككى قاراۋۇلنى چەمبەرچاس باغلىۋەتتى . كېپەك دەرۋىش بىلەن تونۇشلۇقى بار ساراي قاراۋۇلىنىڭ دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىشى بىلەن گۈلئايىمخاننى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى ـ دە ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ قوغلاپ كېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ كەلگەن يولى بىلەن گۇمغا قاراپ ماڭدى .

— قاراڭلار ، ئاۋۇ تەرەپتىن تاڭ ئېتىپ كېلىۋاتىدۇ ، — دېدى ئاكىسىغا يۆلىنىپ ، ئوتسىنىپ ئولتۇرغان گۈلئايىم كۈنچىقىش تەرەپكە قولىنى چىنەپ .

يولۇۋاس ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ ، تۇغقانلىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئۇلاشقان گۈلئايىم ئەمدى تولۇق ئەسلىگە قايتقان ۋە بۇ خاسىيەتلىك تاڭنى تۇنجى بولۇپ تۇيۇۋالغانىدى .

تاڭ ئاتتى ، ئۇپۇق قويىنىدىن سىرغىپ چىققان دۈگىلەك نۇر ئاسمان ۋە زېمىن ئارىسىنى ئىللىتتى . سوغۇق بىر كېچىنى

كۆكتېرەك يېزىسىغا يېقىنلا بىر يەردە ئۆتكۈزگەن بۇ تەلەيلىك ئادەملەر قۇملۇق ياقىسىغا يېيىلغان يېشىل مەخمەلدەك سوزۇلۇپ ياتقان ئانا ماكانىغا مۇھەببەتلىك نەزەر بىلەن كۆز تىكىشتى . قويۇق دەرەخلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدىلا ئايان بولدى .

يىگىرمە ئىككىنچى باب

## تەتۈر ئاققان سەل

ياقۇپبەگ بىرقانچە ئايلىق جىددىي ھازىرلىقلاردىن كېيىن كۇچىگە كېلىپ ، سەپراس بولۇپ تۇرغان قوشۇنىنى ئەپچىل بىر باھانە بىلەن مارالبېشىغا يۆتكەپ كەلدى ۋە ئەمىرلەشكەر ، مىڭبېشىلارنى ئالدىغا ھازىر قىلىپ :

— ئاقسۇ ، كۇچا تەرەپلەرگە بېرىپ ، مازار ـ ماشايىخلارنى تاۋاپ قىلىپ يانساق نېمە دەيسىلەر ؟ — دەپ سورىدى .

ياقۇپبەگنىڭ بۇ سۆزى مازار ـ ماشايىخلار زىيارىتىگە بېشارەت ئەمەس ، بەلكى چوڭ بىر ھەربىي ھەرىكەتتىن ، جاپالىق سەپەردىن دېرەك بېرەتتى . ئۇلار خوتەن دىيارىغا ئاتلاندۇرۇلغاندىمۇ «راسلىنىپ تەييار بولۇڭلار ، مازارى شېرىپ زىيارىتىگە بارىمىز» دېگەن يارلىق بېرىلگەنىدى . شۇڭا ، ياقۇپبەگنىڭ ئالدىدا ئەدەپ ساقلاپ ، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ ئولتۇرۇشقان لەشكەربېشى ، ئاتامانلار تەڭلا :

— ئاتىلىرىمىزنىڭ تۇيىقى قىزىپ تۇرۇپتۇ ، بىزگە ئالىيلىرىنىڭ بىر ئېغىز پەرمانىلا لازىم ، — دەپ چۇرقىراشتى مەدداھىنىڭ شاگىرتلىرىدەك دوست تارتىشىپ .

ئۇلار ئويلىغاندەك جاۋاب بېرىشتى . ياقۇپبەگ ئەمىرلەشكەر مىرزا ئەھمەد قوشبېگى ، ئۆمەرقۇل دادخاھ ، ئابدۇللا پانساتلارنىڭ قوماندانلىقىدىكى توققۇز مىڭ ئاتلىق لەشكەر ۋە ئۈچ مىڭ پىيادە

www.uyghurkitap.com

لەشكەرنى باشلاپ ، مىلادىيە 1867 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئاقسۇ سەپىرىگە ئات سالدى .

توپ ـ زەمبىرەك ، مىلتىق ، جەزائىل كۆتۈرگەن ،[1] قىلىچ ۋە نەيزە بىلەن قوراللانغان ، باش ـ ئايىغىغا كۆز يەتمەيدىغان بۇ قوشۇن مارالبېشى بىلەن ئاقسۇ ئارىسىدىكى چۆل ـ جەزىرىدە جەددال قوپقاندەك چاڭ توزۇتۇپ ، توپان تاشقىنىدەك تېز ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى . ئۇ يەر ـ بۇ يەردە كۆكىرىپ تۇرغان قامغاق ، قومۇش دېگەندەك چۆل ئوتلىرى ئات تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا يامغۇرى ئاستىدا بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولاتتى . بويۇنلىرىغا قۇرئان كەرىم ئاسقان ، تەكبىر ئېيتىپ ئاۋازى بوغۇلۇپ كەتكەن قارىي ـ ئىماملار بەش يۈز لەشكەرلىك پانساتلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا مېڭىشاتتى . پانساتلارنىڭ كەينىدە ، بىرقانچە توغرا سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاددىي بوز چەكمەندىن كەڭ ئېتەكلىك سەپەر كىيىمى كىيگەن ياقۇپبەگ ئارغىماق ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ، كۆنېيتىش تەرەپكە ، ئۆزىگە ساداقەتمەن قوشۇندەك ئەگىشىپ كېلىۋاتقان قات ـ قات تاغ تىزمىلىرىغا ، تەكلىماكاننىڭ تېپتىنچ ئاسمىنىغا قارايتتى .

ياقۇپبەگكە سوڭدىشىپلا ، ئۇنىڭ سەپەردە كۆڭۈل خۇشى قىلىدىغان ئالتە خوتۇنى چۈشكەن ياسداق مەپە تۆچ قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلىتىپ كېلىۋاتاتتى . مەپىنىڭ يېنىدا ، سۆلىتىگە نىشان قىلىپ كۈمۈش جابدۇقلۇق ياۋداق ئارغىماقلارنى يېتىلەتكەن جەسۇر قىياپەتلىك پانساتلار ، ئەمىرلەشكەرلەر كېلەتتى . ئاتلىق ـ پىيادە لەشكەرلەر ، چېدىر ـ بارگاھ ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك ئارتىلغان ئات ـ قېچىرلار ، تونۇر ، قازان جايلاشتۇرۇلغان يارىيار ھارۋىلار ، تۆگە يېتىلىۋېلىشقان تىجارەتچىلەر ، قەلەندەر ـ بىكارچىلار سىپىي چۇمۇلىدەك ئاستا ھەرىكەت قىلاتتى . ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ، تۆگىلەرنىڭ بوزلاشلىرى ، ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ ـ

---

① جەزائىل — ئوت چاچىدىغان ھەربىي قورال .

چۈرۈكى، قارىيالارنىڭ تەكبىرلىرى قوشۇلۇپ، تاشقىن مەزگىللىدىكى دېڭىز سۈيىدەك شاۋقۇن كۆتۈرەتتى.

چوغدەك يېلىنجاپ تۇرغان چۆل. كۈن قىيام بولغان چاغ. ئاقسۇ تەرەپتىن يەر-كۆك ئارىسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان چاقپەلەك تۈۋرۈكىدەك پىرقىراپ كەلگەن غايەت زور قۇيۇن قوشۇننىڭ قاپ بېلىنى ئۈزۈۋەتمەكچى بولغاندەك، ئۇلارنىڭ باش ئۈستىدىنلا ئۆتۈپ كەتتى. قۇيۇن كەينىدىن يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان ئىككى ئادەم ئاتلىرىنى بولۇشىغا قامچىلاپ، مىرزائەھمەد قوشبېگىنىڭ يېنىغا كېلىپ نېمىلەرنىدۇر دېدى. قوشبېگى ئۇلارنى ياقۇپبەگنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى.

— ئالىيلىرى، غازى پانسات بىلەن ئەدھەم باتۇرنىڭ چاغاۋۇل لەشكەرلىرى ئاقسۇنىڭ يايدى دېگەن يېرىدە كۇچا خوجىلىرىنىڭ بىر بۆلۈك ئادىمىنى يوق قىپتۇ، — مىرزا ئەھمەد قوشبېگى ئاتلىق مەلۇماتچىلار ئاقسۇ تەرەپتىن ئەكەلگەن خەۋەرنى مەلۇم قىلىپ دېدى، — يامان يېرى، جامالىدىن خوجىنىڭ ئوغلى يەھيا خوجا خىللانغان ئۈچ مىڭ لەشكەر بىلەن ئاقسۇ دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدا ھېچ ئەيمەنمەي ئالىيلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ ياتقانمىش!

ياقۇپبەگ «ئوقتۇم» دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتتىيۇ، ئېتىغا قامچا ئۇرۇشقا ئالدىرىمىدى. توم قارا قاشلىرى قىسقىراپ، ئۈچى تېگىشەي دېگەندەك قوشۇمىسىدا چوڭقۇر قورۇق پەيدا بولدى.

«ئۈچ مىڭ لەشكەر دېگەننىڭ كارى چاغلىق، كۆپ بولغاندا بەش مىڭ لەشكەر چىقارساملا ئۇلارنى كونا مازنى تىتقاندەك تىتىۋەتكىلى بولىدۇ. بىراق، ئاقسۇدىن كورلىغىچە بولغان جايلاردىكى خاقانى چىن چېرىكلىرىنىڭ خىل قوراللىرى ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن، يەنە كېلىپ بۇ ھىيلىگەر خوجىلارنىڭ يوشۇرۇپ قويغان لەشكىرى يوق دېگىلى بولمايدۇ…»

ياقۇپبەگ ئۈششاقتال، ئۇرۇمچى ئۇرۇشىدا ئاز لەشكەر بىلەن كۆپ چېرىكنى يوق قىلىپ ئاجايىپ جەڭ ئىقتىدارىنى نامايان

قىلغان ئىسھاق خوجىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . ئىككى تەرەپ قـورالـىنىڭ ئۇنۇمىنى سېلىشتۇردى ، ئاخىر قىلچە بىخەستەلىك قـىلـىـشقـا بـولـمـايـدىغانلىقىنى چۈشەندى ـ دە ، ئەتراپىدىكى ئەمىر لەشكەرلەرگە جىددىي يارلىق چۈشۈردى :

— ئولتۇرغانلار قوپسۇن ، قوپقانلار يۈگۈرسۇن ، ئۆگۈنلۈككە تاڭ يورۇغان ھامان ئاتلىرىمىزنى ئاقسۇ دەرياسىدا سۇغىرىمىز ، — دېدى قىلىچىنى ئاقسۇ تەرەپكە قارىتىپ شىلتىپ .

ياقـۇپبەگ دۈشمەن كۈچىدىن بىر ھەسسە ئۈستۈن ھەربىي كۈچى بىلەن ئاقسۇ دەرياسى بويىغا يوپۇرۇلۇپ باردى . ياقۇپبەگ قوشۇنلىرىنى يېتەرلىك كېمە بولمىسىلا دەريادىن ئۆتەلمەيدۇ دەپ ئەخمەقلەرچە ھۆكۈم چىقىرىپ ، كېمە ـ قولۋاقلارنى يىغىۋالغىنىغا زىـيـادە ئىشىنىپ كەتكەن يەھيا خوجا دەريانىڭ ئۇدۇل كەلگەن يـېـرىـدىـن سـۇ كـالـىـسـىـدەك سـۇ كېچىپ ئۆتكەن ھۇرراچى لـەشـكـەرلـەرنىڭ تۇنجى زەربىسى بىلەنلا قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ قـېـچـىـپ كەتتى . تۇتقىنىنى قىرىپ ، قاچقىنىنى قوغلاپ ئاقسۇ شەھىرىگىچە يېتىپ كەلگەن غازى پانسات بىلەن ئەدھەم باتۇر شەھەر مەركىزىدىكى ئوردا پەشتىقىغا ئادەم چىقىرىپ : «زامان ، زامان ، ياقۇپ قوشبېگىنىڭ زامانى ، تىنچ يول ، خاتىرجەم بول» دەپ جار سالدۇردى ۋە ناغرا ـ سۇناي چالدۇرۇپ شەھەرنى بېشىغا كىيدى .

ياقۇپبەگنىڭ ئۈچ مىڭ خاس يىگىتى ۋە سەرۋازلىرى كۆپ چـىقىم تارتمايلا ئاقسۇ شەھىرىنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىۋالدى . چـاشـقـان تۆشۈكى ساراي بولغان ئاقسۇ ھۆكۈمدارى جامالىدىن خـوجـىـنـى تـۇتـۇۋېـلىپ ، ئارامىنى قارامىغا يەتكۈزمەيلا يەكەن شـەھـىـرىـگـە پـالـىـۋەتتى . مۇھەممەت بابا يۈزبېشىنى ئەۋەتىپ ئۇچتۇرپاننى ساقلاپ ياتقان خېتىپ خوجىنىمۇ ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار قىلغاندىن كېيىن ، چاپچىپ تۇرغان ئارغىمىقىنىڭ بېشىنى كۇچا تەرەپكە بۇرىۋدى .

كۇچا شەھىرى جەنۇب بىلەن شىمالنى باغلاپ تۇرىدىغان مۇھىم بوغۇز ئىدى . ياقۇپبەگ مۇبادا شىمالىي يۇرتلارغا قول ئۇزارتماقچى

بولدىكەن كۆچانى بېسىپ ئۆتۈشى ، ئۇرۇمچى ، ماناسلارغىچە بولغان زېمىننى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان راشىدىن خاننى هايالسىز كۆزدىن يوق قىلىشى كېرەك ئىدى . يول توسۇپ ياتقان بۇ يولۋاس ئۇجۇقتۇرۇلسىلا ئۇنىڭغا قاراشلىق يۇرتلارنىڭ هۆكۈمرانلىق تىزگىنىنى ئۆز قولىغا ئالالايتتى .

دەرۋەقە ، ياقۇپبەگنىڭ تولۇق تىنچىتىلمىغان خوتەن زېمىنىنى نىياز هېكىمبەگكە سۇيۇرغال قىلىۋېتىپلا قەشقەرگە قايتىپ كېلىشىدىن مەقسەتمۇ قان داغلىرى قۇرۇمىغان شەمشىرىنىڭ ئۇچىنى شىمالىي يۇرتلارغا قارىتىش ئۈچۈن ئىدى . ئۇ تەرەپتىكى باي ، گۈزەل شەهەرلەر ئۇنى خوتەندىنمۇ بەكرەك قىزىقتۇراتتى ، هەۋىسىنى قوزغايتتى .

لېكىن ، ئۇ خوتەن سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ئاقسۇ بىلەن كۇچاغا ، يەنى شىمالغا ئات سېلىشقا دەماللىققا ئالدىراپ كەتمىدى . چۈنكى ، كۇچا ئۆزىنى جەلپ قىلىپ تۇرغان ئاشۇ گۈزەل ، باي شەهەرلەرنى كۈچلۈك مانجۇ قوشۇنىنىڭ قولىدىن باتۇرلۇق بىلەن تارتىۋالغان راشىدىن خوجىنىڭ ئانا يۇرتى ئىدى . مانجۇلاردىن غەنىيمەت ئېلىنغان خىل هەربىي جابدۇقلار ۋە هېسابسىز خەزىنە ، بايلىقلارمۇ مۇشۇ شەهەردە ساقلىنىۋاتاتتى . ئۇرۇش تەجرىبىسىدىن قارىغاندا ، يارامىلىق قورال ، يەر شارائىتى ئۈستۈنلۈكى ۋە يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈكى بولغان مۇنداق يۇرت ناهايەت زور هەربىي قۇۋۋەتكە ئىگە يوشۇرۇن ئىستىهكام هېسابلىناتتى . مۇبادا بۇنداق ئىستىهكامغا ئالدىراپ تېگىش قىلىنىدىغان بولسا خىللانغان قوشۇنىڭلا ئەمەس ، يۇرت - ماكانىنىڭ ئىززەت - هۆرمىتى ئۈچۈن جېنىنى تىككەن سان - ساناقسىز پۇقرانىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كېلىشىمۇ تۇرغان گەپ ئىدى .

ياقۇپبەگ قەشقەردە بىرقانچە ئاي تۇرۇپ ، پەرغانە تەرەپتىن پاناهلىق تىلەپ كەلگەن قىپچاق مەرگەنلىرى ۋە يەرلىك پۇقرا ئارقىلىق لەشكەر سانىنى كۆپەيتتى . قورال - جابدۇق

ئۇستىخانلىرىنى بەرپا قىلىپ، يېڭى تىپتىكى توپ ۋە كەيىندىن ئوقلىنىدىغان ياخشى مىلتىقلارنى ياسىدى. ئاقسۇ، كۇچا تەرەپكە ھەپتىدە بىر ئايغاقچى ئەۋەتىپ، خوجىلار ئارىسىدىكى ئىچكى نىزانى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ باردى. شۇنداق قىلىپ، مۇشت ئاتىدىغان ئەپچىل پەيتنى تەقەززالىق بىلەن كۇتۇشكە باشلىدى.

تەقدىر ياقۇپبەگنى نائۇمىد قويمىدى. ئارزۇ ئۇپۇقى قىزىرىپ، تەلەي قۇياشى يۈزىنى كۆرسەتتى. راشىدىن خان ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى جامالىدىن خوجىنىڭ ئۆز نىسىۋىسىگە قانائەت قىلماي، كۇچانى قان كېچىپ يۇرۇپ قولغا كىرگۈزگەن ھامىدىن خوجىغا يامانلىق سىغىنىشى بىلەن خوجىلار ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئۆچ - ئاداۋەت خۇددى مىلتىق دورىسىغا چوغ تاشلىغاندەك پارتلاپ كەتتى.

خېتىپ خوجىنىڭ ئوغلى ھامىدىن خوجا راشىدىن خان ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى جامالىدىن خوجىنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىغا خىلاپ قىلمىشلىرىغا خېلىدىن بېرى نارازى بولۇپ يۇرەتتى. ئۇلارنىڭ سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ يۇگۇرتۇپ، ئۆزىنى چەتكە قېقىۋاتقىنىنىمۇ بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ بىر كۇنى جامالىدىن خوجىنىڭ ئالدىغا كىرىپ: «كۇچا ۋە ئاقسۇدا جەڭ قىلىپ كۆپ رىيازەت چەكتىم، قەشقەرلىكلەر، يەكەنلىكلەر بىلەنمۇ ئۇرۇشتۇم، تارتقان رەنج - مۇشەققەتلىرىمۇ ئاز ئەمەس، تاغار ئاقيار سەھراسىنى پېقىرغا بۇيرۇپ بەرسە، مەئىشىتىمگە لازىم قىلسام» دېدى. ھامىدىن خوجىنىڭ بۇ تەلىپى مال - دۇنيا تەمەسىدە نەپسى يوغىناپ كەتكەن جامالىدىن خوجىنىڭ كۆزىنى قىزارتاتتى. ئاقيارنى ھامىدىن خوجىغا بۇيرۇپ بەرمەكتە يوق، ئۆز پوكىنىغا باستى. بۇ يەرگە ھامىدىن خوجىنىمۇ، ھۆكۇمەت دورغىلىرىنىمۇ يېقىن يولاتمىدى.

دىلى ئازار يېگەن، غۇرۇرى قورۇنغان ھامىدىن خوجا ئاخىر ئۆچ ئېلىش نىيىتىگە كەلدى. دەل شۇ چاغدا ئۇ جامالىدىن خوجىنىڭ «ئۇكامنىڭ تەلىپىنى ماقۇل كۆرمەي ئوبدان ئىش قىلمىغانىكەنمەن، ئۇ ئاقسۇغا بىر كېلىپ كەتسۇن، ئوبدان

مۈگدىشىپ ، دىدارىمىزغا قىنىشىۋالساق» دېگەن مەزمۇندىكى مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالدى . ئۇ ئاكىسىنى ئىنساپقا كېلىپ قالغان چېغى دەپ ئويلاپ ، ئازغىنە مەھرەملىرىنى ئېلىپلا ئاقسۇغا يېتىپ كەلدى . كىم بىلسۇن ، جامالىدىن خوجىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ تۇرغانىكەن . ئۇ شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرەر ـ كىرمەيلا يوشۇرۇن قىلتاققا دەسسىدى . بىر كېچە ـ كۈندۈزدىلا كۇچاغا ئەكېلىنىپ ، مىرزا قاماققا مەھكۇم قىلىندى .

خوجىلارنىڭ بۇ تەرىقە پۈت تېپىشىشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان يەل تاپان ئايغاقچىلار شۇ هامان قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ ، ياقۇپبەگكە هامىدىن خوجا ۋەقەسىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بەردى . بۇنىڭغا قوشۇپ جامالىدىن خوجىنىڭ خىزمىتىدىكى ئابدۇراخمان دادخاھ ، ئابدۇللا دىۋانبەگلەر نامىدىن يېزىلغان مەخپىي مەكتۇپنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى . مەكتۇپتا خوجىلار ئارىسىدىكى ساقايماس نىزادىن هالاكەت شەپىسىنى سېزىپ قالغان بۇ ئىككى ساتقۇن ئۆزلىرىنى ياقۇپبەگنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغان ۋە ئاقسۇنى ئۇرۇشسىز ئېلىپ بېرىمىز ، دەپ يەتكۈچە لاپ ئۇرغانىدى . ياقۇپبەگكە قاراپ باش تاراپ ، قۇيرۇق شىپپاڭلاتقانلار ئىچىدە راشىدىن خاننىڭ ۋەزىرى توختى ئىشىكئاغا بىگىمۇ بار ئىدى...

ھەيۋىسى ئالەمنى ئۆرتۆپە قىلىپ ، قارا بوراندەك بېسىپ كېلىۋاتقان ياقۇپبەگ لەشكەرلىرى كۇچانىڭ ياقائېرىق دېگەن يېرىدە ئىبراھىم تۆرە ، يۇسۇپ باھادۇر باشچىلىقىدىكى تۆت مىڭ كۇچا لەشكىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى . پۇرۇخ ئىسى بۇلۇت بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى ، نەيزىلەر گىرەلەشتى ، قالقانلار تېشىلدى ، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ، ئۇر ـ چاپ ئاۋازى يۈرەكلەرنى قوزغىۋەتتى ، يەككە ـ يەككە ئېلىشىشلار پومىلاقلاشما جەڭگە ئايلاندى . جەسەتلەر سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتتى . يېرىم كۈنگە سوزۇلغان دەھشەتلىك ئۇرۇشتا ياقۇپبەگ كۇچا لەشكىرىنىڭ كۆپىنى قىرىپ ئۈستۈنلۈك قازانغان بولسىمۇ ، لېكىن ، ئۆزىمۇ

خېلى چوڭ زىيان تارتتى. مىڭدەك لەشكىرىنىڭ باشسىز جەسەتلىرى توپىغا مىلەندى. قالايمىقانلاشقان لەشكەرلەرنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ، قورال ـ ياراغ، ئات ۋە ئادەم كۆچىنى قايتا تەرتىپكە سېلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى.

ياقۇپبەگ قىزىل تونىنى سېلىۋېتىپ، ئەمدىلا ئۇھ دەپ تۇرۇشىغا كۆچا تەرەپتىن ئاسمان ـ پەلەك توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلدى. ھايال ئۆتمەي، بىر تەرىپى قېلىن ئورمانلىقتا تۇتىشىپ كەتكەن كەڭ ئوچۇقچىلىقتا قويۇق تۇغ ـ ئەلەمنى ۋە پارقىراپ تۇرغان مىڭلاپ نەيزە ئۇچىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتى. كەچكى قۇياش ئاپتىپىدا چوغدەك تاۋلىنىپ يالت ـ يۇلت شولا چېچىپ تۇرغان نەيزە ئۇچلىرى تۇن قاراڭغۇلۇقىدا كۆيۈۋاتقان ھېسابسىز مەشئەلنى ئەسلىتەتتى، ھەرە چىشلىق ئاق جىيەك تۇتۇلغان تۇغ ـ ئەلەملەر سەلكىن شامالدا خۇددى رەقىبىنى جەڭگە چىللاۋاتقاندەك لەپىلدەيتتى.

ياقۇپبەگ يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. مەيلى چۆچۈسۇن ـ چۆچۈمىسۇن، مەيلى قان تۆكۈلسۇن ـ تۆكۈلمىسۇن يەنە بىر قېتىم جەڭگە كىرىشكە مەجبۇر ئىدى. پېشانىسىگە پۈتۈلگەننىكەن، ئۇمۇ جەڭدىن ئۆزىنى ئەپقاچمايتتى. پەقەت جەڭ مەيدانىلا ئۇنى ئۇتۇش ـ ئۇتتۇلۇش نامەلۇم بولغان قىزىق تاۋۇكادەك جەلپ قىلاتتى، پۇخادىن چىقىراليتتى.

— ئى ئەمىرلەشكەرلىرىم، باتۇرلىرىم، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ قىزىل تونىنىڭ يېڭىنى سىيپىۋېتىپ، — كۆچلۈك دۈشمەن ئالدىڭلاردا تۇرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ ئاغزىغا تاش ـ تۇپراق تىقىڭلار، قېنىنى دەريا قىلىپ ئېقىتىڭلار! — ياقۇپبەگ ئەتىگەندىن بېرى جەڭ قىلىپ قىمىر قىلغۇدەك مادارى قالمىغان لەشكەرلىرىگە يەنە جەڭگە كىرىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. بىراق، خۇددى شىمال جۇدۇنىدەك ھۇۋلاپ كېلىۋاتقان ھېسابسىز كۆچا لەشكەرلىرى ئارىسىغا ئۇچلۇق نەيزىدەك بۆسۈپ كىرىش ئۇچۇن، ئىككى كۆزىدىن ئوت يېنىپ تۇرىدىغان سەركەردىلەر ۋە كۆچلۈك

لەشكەرلەر كىرەك ئىدى . ۋەھالەنكى ، ياقۇپبەگنىڭ ئالدىنقى جەڭدىن ئامان قالغان لەشكەرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئۆلتۈرغان يېرىدىلا ئۇيقۇغا كەتكەن ، يارىدارلار ۋە ماتەمدارلارنىڭ ئاچچىق ئىڭراشلىرى ، نالە ـ زارلىرى ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەنىدى .
ياقۇپبەگ ئاتلىرىغا تۇكىنى توزىتىۋەتكۈدەك قامچا ئۇرۇپ تەرەپ ـ تەرەپتە چېپىپ يۈرگەن لەشكەر باشلىقلىرىنى كۆرۈپلا ئاز ـ تولا دىلغۇل بولۇپ قالدى . ئۇلار كۆز يەتكۈسىز جەڭگاھقا قۇمدەك چېچىلىپ كەتكەن ، ئولجا ئىزدەپ ساراڭلاردەك يۇگۇرۇپ يۈرگەن لەشكەرلەرنى تېخىچە يىغالمايۋاتاتتى . بىر جەڭنى تۈگىتىپلا يەنە بىر جەڭگە كىرىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان نەپسى بالا لەشكەرلەر ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئاۋارە ئىدى . بۇيرۇققىمۇ قۇلاق سالمايتتى . ئابدۇللا پانسات بىلەن ئۆمەر قۇل دادخاھنىڭ تۆت ـ بەش مىڭچە ئاتلىق لەشكىرى تاغ باغرىدىكى سايدا ئىس يۈرقىرىتىپ تائام تەييارلاۋاتقان ئوقەتچىلەرنىڭ يېنىغا كېتىشكەنىدى . يەنە نۇرغۇن كىشىلەر جەسەتلەر ئارىسىدىن ئۆز تۇغقانلىرىنى ، تونۇش ـ بىلىشلىرىنى ئىزدەپ يۈرەتتى .
غەزەپلەنگەن ياقۇپبەگ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قايسىدۇر بىر يۈزبېشىنى بىكاردىن ـ بىكار بىر قامچا ئۇرۇۋەتتى ، كىمنىدۇر يامان گەپ بىلەن تىللىۋالدى . دۈشمەن ئوق ئۈزگۈچە لەشكىرىنى يىغىپ جەڭگە ئاتلاندۇرالىشىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ ، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بىئارام بولدى . ئۇ شەمشىرىنى شىلتىپ ، نەتىجىسىز شاپاشلاپ يۈرگەن بىر پانساتنى ئۆلۈم ۋەھىمىسى بىلەن قورقۇتۇۋاتقان بىر چاغدا كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بەردى . شەھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان ھېلىقى لەشكەرلەر ئۇلار تەرەپكە ئۇچقاندەك يۇگۇرۇپ كېلىۋېتىپ ، كۆزگە كۆرۈنمەس بىر تام بىلەن توسۇلۇپ قالغاندەك ، يۈز قەدەم يىراقتا چېپىپىدە توختاپ قېلىشتى . تۇغ ـ ئەلەملەر قىيسايدى ، نەيزە ـ مىلتىقلار غايىب بولۇپ ، ئادەملەر تۇرغان يېرىدىلا ئولتۇرۇۋېلىشتى .
«ياپىرىم ، بۇ نېمە ئالامەت ، ئاللا ئىگەم پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ

دۈشمەن كۆڭلىگە قورقۇنچ سالدىمۇ ، قانداق؟ بۇ ئۇرۇشمۇ ياكى چاقچاقمۇ؟ » — ياقۇپبەگ ئۆز كۆزىگە ئۆزى ئىشىنەلمەي ۋەھىمە ۋە خۇشاللىق ئارىسىدا تېنەپ يۈرگەن شۇ ئەسنادا ئالۋۇندەك قىمىرلاپ تۇرغان قارشى تەرەپتىن بىر ئاتلىق كىشى ئايرىلىپ چىقتى ـ دە ، ئۇدۇل بۇ تەرەپكە قاراپ كەلدى . قەشقەرىيىلىك لەشكەرلەرنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرغان بىرقانچە چىغاۋۇل ئۇنى تۇتۇپ ، ياقۇپبەگنىڭ ئالدىغا يالاپ كېلىشتى .

«قەست قىلغىلى ئەۋەتىلگەن بىرەر ھىيلىگەر بولمىسۇن يەنە» دەپ گۇمانسىرىغان ياقۇپبەگ بۇ يوچۇن ئادەمنى ئۆزىدىن يەتتە قەدەمچە نېرىدا توختىتىپ قويدى ۋە سوراق قىلدى :

— ئۆزۈڭ نېمە ئادەم ، قەيەردىن كەلدىڭ؟ — سورىدى ئۇ گۇمانلىق ئادەمنى بېشىدىن ئايىغىچە كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن .

قورققىنىدىن يامغۇردا قالغان ئۆچكىدەك تىترەپ تۇرغان بۇ كىشى سەل دۇدۇقلاپراق جاۋاب بەردى :

— كەمىنە قۇللىرى ھامىدىن خوجامنىڭ مىرزىسى ئابدۇۋارىس كېتىكى بولىمەن ، خوجام بۈيۈك سەلتەنەتلىرىنىڭ سايىسىدىن ئالىقانچىلىك ئورۇن ئىختىيار قىلىپ ، قۇللىرىنى ئىتائەت سالىمى بىلەن ئالدىلىرىغا ئەۋەتتى . پۇشتىپاناھ ئالىيلىرى بەيئەتىمىزنى قوبۇل كۆرسىلە خوجام ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىپ ، دۇئالىرىغا مۇشەررەپ بولۇپ ، مۇبارەك قەدەملىرىنى قۇتلۇقلىغۇسى ، ئىلتىپات قىلغايلا !

ياقۇپبەگ تاسادىپىي كېلىپ قالغان بۇ ئامەتتىن كۆرەڭلەپمۇ كەتمىدى . تەقدىرنىڭ كارامىتىدىن سۆيۈندىمۇ ، يا تەلىيىنىڭ ئوڭلۇقىدىن خۇشال بولدىمۇ ، پىسەنتسىز كۈلۈپ قويدى ۋە پەقەت غالىبلاردىلا بولىدىغان مەغرۇر تەلەپپۇز بىلەن :

— ھەدىس شەرىپتە «تۇۋا قىلغانلارنىڭ تۇۋىسىنى قوبۇل قىلىڭلار» دېيىلگەنىكەن ، ھامىدىن خوجامغا خۇسۇمەت ـ گىنە

ساقلاش بىز كەبى مۇسۇلمانلارغا مۇناسىپ ئەمەستۇر ، خوجام كېلىمەن دېسە كېلىۋەرگەي ، خۇدا بۇيرۇسا بەلكى دوستلىشىمىز قالارمىز ، پېشانىمىزگە پۈتۈلگەننى تەڭ كۆرەرمىز ، — دېدى مىرزىغا جاۋابەن .

ياقۇپبەگ ئاقسۇغا يېتىپ كەلگەندە ھامىدىن خوجا ئىسھاق خوجا بىلەن بىللە كورلىدا تۇرۇۋاتاتتى . ئۇ ئايدىن خوجىدىن تۇرپاننى تارتىۋېلىپ ، كۇچانى بېسىپ ئۆتۈپ ، تا بۇگۇرگىچە قىستاپ كەلگەن لۈكچۈن خۇيزۇلىرىنى توسۇش ئۈچۈن راشىدىن خان تەرىپىدىن ئۇ يەرگە ئەۋەتىلگەنىدى . بۇگۇر تەرەپكە يولغا سېلىشتىن بۇرۇن راشىدىن خان ئۇنى مىرزا قاماقتىن خالاس ئېتىپ بىرمۇنچە ياخشى گەپلەرنى قىلدى . تون ـ سەرپاي يېپىپ ، كۆڭلىنى ئالدى . ئەمما ، ئالدىنىشنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرگەن ھامىدىن خوجا بۇنداق ياخشى گەپلەر بىلەن ئېرىپمۇ كەتمەيتتى . يامغۇر ياغقاندا كىيىپ ، ئاپتاپ چىققاندا تاشلىۋېتىدىغان كونا چاپانغا ئايلىنىپ قېلىشنى تېخىمۇ خالىمايتتى . خوجا ـ خانلاردىن كۆرگەن خورلۇقلىرىنىمۇ ئاسان ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتى . شۇڭا ئۇ كورلىدىن چاقىرتىلىپ تۆت مىڭ لەشكەر بىلەن ياقۇپبەگكە قارشى ئاتلاندۇرۇلغان چاغدىلا بۇ ئەپچىل پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىككە بەل باغلىغانىدى .

ھامىدىن خوجا ئاخىر ئۆيلىغىنىدەك قىلدى . راشىدىن خانغا خىيانەت يولىنى تاللاپ ، ئۇنىڭ دۈشمىنى بىلەن بىرپەستىلا ئەپ بولۇۋالدى . ياقۇپبەگنىڭ شاھانە زىياپىتىگە داخىل بولۇپ ، بۇ يېڭى بۇرادىرى بىلەن كەڭ ـ كۇشادە ئۇلپەتلەشتى . ياقۇپبەگ خېلى كۆپ پۇل ، كىمخاب ، تەتىللا دېگەندەك قىممەت باھا سوۋغاتلارنى ئالدىدا قويغاندىن كېيىن ، ئۇنى «بىز قايتىپ بارغۇچە ھەققىمىزدە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغاچ تۇرغايلا» دەپ قەشقەرگە يولغا سېلىۋەتتى .

ياقۇپبەگ ھامىدىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەل بولغان لەشكەرلىرىنىڭ ئىشىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، كۇچا تەرەپكە

قولىنى چېنەپ تۇرۇپ :

— ئاتىلىنىڭلار ، مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللانىڭ① نۇرلۇق مازارى ئەنە ئاۋۇ تەرەپتە ، — دېدى ۋە ئېتىنىڭ ساغرىسىغا بوشقىنا بىر قامچا ئۇردى .

قوشۇن كۇچا دەرۋازىسىدىن داغدۇغا بىلەن كىرىپ كەلگەندە ، ئىككى غۇلاچ كەڭلىكتىكى ئوردا سېپىلىنىڭ ئۈستىدە يېشى ئاتمىشلارغا ئۇلاشقان ، سېرىق چىراي ، ئوتتۇرا بوي ، قاپلان باش ، چوڭ كۆزلۈك بىر كىشى ئاغزىغا كەلگەننى ۋارقىراپ ئەركەك ئارقاردەك تاقلاپ يۈرەتتى . سەللىسى چۇۋۇلغان ، تەتلا تونى يىرتىلغان ، رەڭگى - رۇخسارىنى توپا باسقان بۇ دەردمەننىڭ ئاغزىدىن كۆپۈك ئۆرلەيتتى . ئۇ بىر قولىدا قىلىچىنى ، بىر قولىدا قىلىچىنىڭ قىنىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ :

— قېنى مېنىڭ باتۇرلىرىم ، قېنى مېنىڭ پۇقرالىرىم ، ئاۋۇ پەرغانىلىكلەرنى ئۇرۇڭلار ، بوغۇزلاڭلار ، يۇرتىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىڭلار ! — دەپ ئاۋازىنىڭ بارىچە چۇقان كۆتۈرەتتى . باش - كۆزىگە توپا چاچاتتى ، ساقىلىنى يۇلاتتى . ئاسمانغا قاراپ ئىلتىجا قىلاتتى ، ئاھ ئۇراتتى . ئۇنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ئاچچىق نىداغىمۇ ، دۈشمەن ئالدىدىكى مەسخىرىلىك كۈلكىگىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ئاۋازى كۇچا تەۋەسىنى تەۋرىتىپ ، ئاقسۇ زېمىنىغىچە لەرزە پەيدا قىلاتتى . قىزىق يېرى شۇكى ، ھېچبىر جانلىق ياكى ھېچبىر ئىنسان ئۇنىڭ پەريادىغا پىسەنت قىلمايتتى .

ئاقسۇ شەھىرىدىن بارىكۆلگىچە بولغان بىپايان زېمىندا ئۈچ يىل بىر ئاي ھۆكۈم سۈرگەن ، ئەمدىلىكتە ھالاكەت گىردابىدا جان تالىشىۋاتقان راشىدىن خوجىنىڭ بۇنداق ئەنسىز ۋارقىراشلىرى ياقۇپبەگ قوشبېگىنىڭ جېنىغا تەگدى بولغاي ، ئۇ ئەجەل

---

① مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا — مەۋلانە جالالىدىن كېتىكىنىڭ ئوغلى . ئۇ مىلادىيە 1351 - يىلى چاغاتاي ئەۋلادى ، چىڭگىزخانىنىڭ يەتتىنچى نەۋرىسى توغلۇق تۆمۈرخانىنىڭ بىر يۈز ئاتمىش مىڭ موڭغۇلنى باشلاپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن . مازىرى كۇچادا «ئۆلۈغ موللام» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر .

دوقمۇشىدا تەمتىرەپ يۈرگەن راشىدىن خوجىنى تۇتتۇرۇپ كېلىپ مۇزخانىدەك سوغۇق بىر ئۆيگە قاماپ قويىدى ، بۇ تەلەيسىز ئادەمنىڭ بۇ سوغۇق ئۆيدىن چىققىنىنى ھېچكىم كۆرمىدى ۋە ئاڭلىمىدى .
ياقۇپبەگ كۇچا ۋە ئاقسۇ شەھەرلىرىدە ئىككى ئاي تۇردى . ئۆز بايلىقىدىنمۇ ئارتۇقراق قورال ـ جابدۇق ، ئالتۇن ـ كۈمۈش ، يامبۇ ، جاۋاھىراتلارنى يۈزلەپ تۆگىگە يۈكلەپ ، خەۋپلىك تۇتقۇنلارنى ئالدىغا سېلىپ ، مىلادىيە 1867 ـ يىلى جامادىيەلئاخىر ئېيىنىڭ 22 ـ كۈنى ئاستانىسى قەشقەرگە قايتىپ كەلدى .
خوتەن ھۆكۈمرانى نىياز ھېكىمبەگنىڭ يەكەندىن يولغا چىقىپ قەشقەرگە يېقىنلاپ قالغان ۋاقتى ياقۇپبەگنىڭ ھاردۇقى چىقىپ قالغان ، نۇسرەت تەنتەنىسىگە ئاتالغان ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى سەل بېسىققان كۈنلەرگە توغرا كەلدى . بۇ كۈنلەر يەنە بىر پۇلغا ئەرزىگۈسىز لاتا قوچاققا ئايلانغان بۇزرۇكخان تۆرە ياقۇپبەگنىڭ خەزىنىسىدىن ئون مىڭ تىللا ئىنئام ئېلىپ ھەرەم شەرىپ زىيارىتىگە جۆنەپ كەتكەن چاغلار ئىدى .

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# چىگىش خىياللار

دوسمۇھەممەت سارىيىدا يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقە نىياز ھېكىمبەگنى خۇددى پىرقىرىتىپ قويۇۋەتكەندەكلا گاڭگىرىتىپ قويدى . مانا ئەمدى بولار ئىش بولدى . ئۆلگەنلەرنىڭ خۇنىنى دېمىگەندىمۇ ، تارتۇق ئۈچۈن تەييارلانغان مال ـ دۇنيانىڭ ئەڭ قىممەتلىكى ، ئەڭ سەرخىلى بىر ئاخشامدىلا قولدىن چىقىپ كەتتى . ئەمدى يەكەننىڭ تىنچسىزلىقى بىلەن مۇھەممەت يۇنۇسجاننى ئەيىبلەپ ، قاتىلنى تېپىپ بەر ، دەپ داۋراڭ سالسۇنمۇ ؟ ياق ، مازارغا چالما ئاتقاندىن ، ئۆز يېغىرىنى ئۆزى كوچىلىغاندىن نېمە

پايدا؟ بۇلانغان قىزنى ئىزدەشكە جاكار چىقارسۇنمۇ؟ بۇمۇ بولمايدۇ، ئىزدەۋاتقان ئۇ قىزنىڭ سالاھىيىتىنى نېمىدەپ چۈشەندۈرگۈلۈك؟ دوست بار، دۈشمەن بار، ياقۇپبەگكە قىز تارتۇق قىلماقچى بولغانلىقى، ئۇنى يېرىم يولدا يوقىتىپ قويغانلىقى سېزىلىپ قالسا، بۇ قىزىل يۈزنى نەگە قويغۇلۇق؟

تاڭ يورۇغۇچە كىرپىك قاقماي چىققان نىياز ھېكىمبەگ ئاخىر بۇ سىر ھەققىدە ھېچكىمگە ئېغىز ئاچماسلىق قارارىغا كەلدى ـ دە، مەھرەم، خىزمەتكارلىرىنى يەتكۈچە ئەدەپلەپ، ئاغزىنى تۇۋاقلىدى. قان داغلىرىنى يالىغاندەك سۈرتۈپ، بۇلغانغان ھۇجرىلارنى پاك ـ پاكىز قىلدۇرەتتى. ياساۋۇلبېشىنىڭ جەسىتىنى كىگىز بىلەن ئوراپ قۇرۇق قالغان مەيىگە جايلاشتۇردى ۋە ئۇنى ئادەم ئىزى چۈشمىگەن چۆلگە كۆمۈۋەتمەكچى بولدى. خوشلاشقىلى كەلگەن مۇھەممەت يۈنۈسجانمۇ يەكەندە تۇرىدىغان ۋاقتىنى تۈيۈقسىز قىسقارتقان بۇ ئۆلپىتىنىڭ چىرايىدىن ھېچقانداق غەيرىي ئالامەتنى سېزىلالمىدى.

نىياز ھېكىمبەگ ئۆچلۈكىنى كەلتۈرۈپ كۆزىگە غەلىتە كۆرۈنۈۋاتقان يەكەن شەھىرىدىن ئايرىلىپ شىغىللىق چۆل يولىغا چۈشكەندىلا، ئاندىن مېڭىسىنى ئۇماچ قوچۇغاندەك قوچۇۋەتكەن بۇ كۆڭۈلسىز ۋەقە ئۈستىدە ئەتراپلىقراق ئويلىنىشقا باشلىدى.

«كىم بولسۇن ۋە قەيەرلىك بولسۇن، كۈچلۈك بىر دۈشمەننىڭ پېيىمگە چۈشكەنلىكىدە شۈبھە يوق، — دەپ كەسكىن ھۆكۈم قىلدى ئۇ بارغانچە ئاستىلاپ كېتىۋاتقان ئېتىنى «چۇ» دېيىشنىمۇ يادىدىن چىقىرىپ، — ئۇنداقتا بۇ دۈشمەن يەردىن ئۈندىمۇ يا ئاسماندىن چۈشتىمۇ؟ ئادەممۇ ياكى شەيتانمۇ؟»

نىياز ھېكىمبەگ ئادەتتە بىرەر قىزنىڭ بۇلاپ كېتىلىشىگىمۇ، ئۆلۈپ كېتىشىگىمۇ ئانچە پىسەنت قىلىپ كەتمەيتتى، بىر توپ، ھەتتا بىرەر مىڭ ياساۋۇل قىرىلىپ تۈگىسىمۇ پەرۋايىغا ئالمايتتى. بىراق، ئۇ ئالىلقاچان تەسەۋۋۇر قىلىپ، خىيالەن سۈرەتلەپ چىققان ئادەتتىن تاشقىرى ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە ھېلىقى دۈشمەنلا

ئۇنى بىئارام قىلىۋاتقان بىردىنبىر سەۋەب ئىدى .
ئۇ ئادىتى بويىچە ، قانچىلىك ئەقىللىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئاشكارا دۈشمەننى مەنسىتىپ كەتمەيتتى . يوشۇرۇن دۈشمەنگە بولسا ، ئۇ چۇمۇلىدەك ئاجىز بولسۇن ياكى پاشىدەك كىچىك بولسۇن ، ھەرگىز سەل قارىمايتتى . بۇنداق دۈشمەننىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى بىلىۋالغاندىلا ، ئاندىن ئۇنى يوقىتىش تەدبىرىنى بەلگىلىۋالاتتى ـ دە ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشەتتى .
نىياز ھېكىمبەگنىڭ قارا قاناتلىق خىيال كەپتىرى يەكەندىن خوتەنگە ، خوتەندىن يەكەنگە قاراپ نەچچە مەرتەم سەپەر قىلدى . ئۇنىڭ كۆزىگە ھەممە ئادەم گۇمانلىق بولۇپ كۆرۈندى . لېكىن ، گۇمان بىلەن تولۇپ كەتكەن بۇ ئىككى شەھەردىن دۈشمەن سىياقىدىكى ھېلىقى كىشىلەرنىڭ بىرىنىمۇ ئۇچرىتالمىدى .
— تۇنۇگۈن كېچە ئىش تېرىغانلار يەكەنلىكلەرمىدۇ ياكى خوتەنلىكلەرمىدۇ ، — دەپ سورىدى ، خىيالىنى بىر باشقا ئاچىقالمىغان نىياز ھېكىمبەگ يانمۇيان كېتىۋاتقان شەيخۇلئىسلامدىن گەپ ئېلىپ باقماقچى بولۇپ . ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە ئاستىدا يېتىپ مانتا يەيدىغان بىغەم شەيخۇلئىسلام نىياز ھېكىمبەگنىڭ سوئالىنى چالا ـ بۇلا ئاڭلىدى ۋە پەرۋاسىزلا جاۋاب بەردى :
— ئۇلار بىر بولسا يەكەنلىك ، بىر بولسا خوتەنلىك ، جانابلىرى . يەكەنلىكمۇ ، خوتەنلىكمۇ بولمىسا ئۇلارنى ئاسماندىن چۈشكەن ئازازۇل دەپ بىلمەك كېرەك...
نىياز ھېكىمبەگ شەيخۇلئىسلامنىڭ داڭقان پۇتى جاۋابىدىن نارازى بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ ئالىيىۋالدى ـ دە :
— ئەجەب ئۆگزىدە تۇرۇپ ھاۋانچىدا دورا سوقۇۋاتقاندەك گەپ قىلىۋاتىلىغۇ ، ھەزرىتىم ، ئۇلارنى خوتەنلىكمۇ ياكى يەكەنلىكمۇ دەپ سوراۋاتىمەن ؟ — دېدى دوق قىلىپ .
— ھىم ، بۇ دۈشمەن مېنىڭچە جەزمەن يەكەنلىك !
— يەكەنلىك ؟

— شۇنداق ، ئۇنى ئالدى بىلەن يەكەندىكى كونا دۈشمەنلىرى ئارىسىدىن ئىزدىمەك لازىم .

— ھە ، كونا دۈشمەنلىرىم ئارىسىدىن ؟...

نىياز ھېكىمبەگنىڭ كۆڭلىگە قاردىن كېيىنكى سوغۇق شامالدەك بىر ئېقىم بۆسۈپ كىردى ، يۈرىكى مۇزلاپ ، تومۇرلىرىدىكى قان ئۇيۇپ قالغاندەك بىئارام بولدى . كالا مۆرىگەندەك خورەك تارتىشتىن ، سوزۇپ قىرائەت قىلىشتىن ئۆزگىنى بىلمەيدىغان شەيخۇلئىسلامنىڭ يامان ئەمەس تەكلىپ بەرگىنىگە ھەيران بولدى ـ دە ، خىيال دەپتىرىنى ئاختۇرۇپ ، تونۇيدىغانلىكى يەكەنلىكلەرنى تەسۋى سىيرىگەندەك سىيرىشكە باشلىدى . بىر چاغلاردا ئۆزىنى تۆگە تايلاق ئېتىپ بۇككىدە توغراقلىقلارغا ئەكىرىدىغان «ئاكىسى» دىن تارتىپ ، ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى ئۆگەتكەن دۇڭ دارىنغىچە كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى . بىراق ، ئۇلار ئارىسىدىن ئۆزىگە دۈشمەنلىك قىلالايدىغان بىرەرىنى تاپالمىدى . «راست ، ئۇلارنىڭ نەچچىسى ئۇ ئالەمگە كەتتى ، نەچچىسى ئەجەل گىردابىغا يېقىنلىشىپ قالدى ، ئەزرائىل بىلەن ئېلىشىپ يۈرگەن ئۇنداق كىشىلەردە دۈشمەنلىكنى قاملاشتۇرالىغۇدەك مادار نەدە ؟ ئەگەر بار دېيىلسە دۈشمىنىدىن ئۆچ ئالماي ، پۇل ـ مالغىمۇ تەگمەي ، ئاشۇ ئەرزىمەس پۇقرا قىزنى بۇلاپ قاچارمىدى ؟ »

نىياز ھېكىمبەگ ئۆزىنى يار ـ بۇرادەر قاتارىدا كۆرۈپ شاھانە داستىخان بىلەن مېھمان قىلغان مۇھەممەت يۇنۇسجاننى ، شۇم ئېغىز قازىكالاننى تىلى شىكەر ، دىلى زەھەر دۈشمەنلىرى قاتارىغا قويۇپ كۆڭۈل تارازىسىدا دەڭسەپ كۆردىيۇ ، «ئۇلار قىز ئوغرىلاپ نېمە قىلاتتى ، يەكەندە بۇنداق نازىنىنلار ئازمىدى» دەپ گۇمانىنى رەت قىلىۋەتتى .

نىياز ھېكىمبەگنىڭ شۇبھىلىك خىيالى ئاخىر بېرىپ خوتەنلىكلەرنىڭ ، يەنى گۇلئايىمنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ، ھامىيلىرىنىڭ ئۇستىگە كېلىپ توختىدى . «بىراق ، ئۇ قىزنىڭ

تۇتۇپ كېلىنگىنى ھېلىقى ئىككى ئادەمدىن ئۆزگە بىر خۇداغا، بىر ماڭىلا ئايدىڭ ئەمەسمىدى؟ خەير، بۇ سىرنى ئۇچىنچى بىر كىشى بىلىپ قالدىمۇ دەيلى، ئۇنداقتا ئۇ ئۇچىنچى كىشى يەكەنگە ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇچۇپ كېتەتتىمۇ؟ ئۇلار نېمىدەپ خوتەندە ئەمەس، يەكەندە قول سالىدۇ؟…»

نىياز ھېكىمبەگ قەشقەر شەھىرىنىڭ قارىسىنى كۆرگۈچە بىر قېتىممۇ قاپاق ئاچمىدى، «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە ئۇر توقۇمىنى» دېگەندەك، شەيخۇلئىسلامنى بىرقانچە قېتىم گەپتە چېقىۋالغاندىن باشقا، ھېچكىمگە بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى، سەللىسى ئېغىر كەلگەندەك، چۈشۈپ كېتىۋاتقان بېشىنى گىلدىڭلاتقىنىچە مېڭىۋەردى.

نىياز ھېكىمبەگ ۋە ئۇنىڭ چاققانغىنا كارۋىنى قەشقەر دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلگەندە كۈن غەربكە قايرىلغانىدى. ئۈشتەك باغلانغان بىر توپ ئاق كەپتەر قىزغۇچ بۇلۇتلار تېگىدە نەي چالغاندەك ئىسقىرتىپ، موللاق ئېتىپ يۈرەتتى. قىزىل رەڭ بېرىلگەن دۈگىلەك مۇزغا ئوخشايدىغان قۇياش ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئۇچلۇق مۇنارلىرىنى، تۇتاش كەتكەن ئۆگزىلەرنى سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى. ناماز پېشىن بولار ـ بولمايلا سودا ـ سېتىقنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىشقا ئالدىرىغان ئوقەتچىلەر، دېھقانلار شەھەر سىرتىغا يۈزلىنىپ، تەرەپ ـ تەرەپكە سوزۇلغان يوللارغا راۋان بولماقتا ئىدى. كەچلىك ئوقەتنى مۆھىم بىلىدىغان كاۋاپچىلار كاۋاپدىنىدىكى ئىس ئۆرلەپ تۇرغان قاقشالنى توختىماي يەلپۈيتتى، دەملىرى تۈگەپ يۆتەل تۇتقۇچە پۈۋلەيتتى. خېرىدارنىڭ ئىشتىھاسىنى غىدىقلاش ئۈچۈن ئوت ئۈستىگە ئەتەي ياغ تاشلايتتى. چوغدەك قىزارغان قىزىلمۇچلار بىلەن زىننەتلەنگەن تۆت چاقلىق ھارۋىسىنى غىچىرلىتىپ كېلىۋاتقان لەڭپۇڭچىلار خېرىدارنىڭ كۆزىگە چېلىققۇدەك يەردىن جاي ئىگىلەش ئۈچۈن ئالدىرىشاتتى. ساپايىلىرىنى ياڭاق تاسقىغاندەك شاراقشىتىپ، پېشىن نامىزىغا كېتىۋاتقانلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋاتقان قەلەندەر، ھاجەتمەنلەر

مۇڭلۇق ئاھاڭدا ھۆكمەت ئوقۇيتتى . ئۇلارنىڭ قاتارىدا نەچچە يېرىدىن چاك كەتكەن ياغاچ تاۋاقلارنى ، خالتا ـ خۇرجۇنلارنى كۆتۈرۈۋالغان ياشانغانلار ، چۇمپەردىلىك مەزلۇملار ، سوغۇقتىن تىترەپ ، كۆكىرىپ كەتكەن باللىرىمۇ بار ئىدى . ئۇلار يالاڭ ئاياغلىرىنى بايكار تەپكە باسقاندەك توختىماي ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى . تەرەپ ـ تەرەپتىكى تار كوچىلاردىن ئالدىراش چىقىپ كېلىۋاتقان ئادەملەر ھېيتگاھ جامەسىگە قاراپ ئاقاتتى . مېھرابقا يېقىنراق سەپتىن ئورۇن ئېلىۋېلىشنى كۆزلەپ ئەزان بىلەن تەڭ ئۆيىدىن چىققان بۇ ئادەم ئېقىنى ئارىسىدا ئونلاپ مىرغەزەپ ، يۈزبېشىنى كەينىگە سېلىۋالغان رەئىسلەرمۇ كۆزگە چېلىقاتتى . رەئىس قىلىن چەم دەررىنى ئۇياق ـ بۇياققا شىلتىپ بوغۇق ئاۋاز بىلەن «سالات... سالات... »① دەپ توۋلاپ قوياتتى . كىچىكرەك دەررە كۆتۈرۈۋالغان دورغا ، مىرغەزەپلەر رەئىس كۆرسەتكەن تەرەپكە ئولجىغا تاشلانغان ئاچ بۆرىدەك ئېتىلىپ بېرىپ ، باللارنى ، چۇمپەردىلىك ئاياللارنى قوغلاپ ، سۇر ـ توقاي قىلاتتى . قىزىل پاختىلىق كەمزۇل ، ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيگەن ، قىلىچ ياكى كالتەك تۇتۇۋالغان كۆزەتچىلەر يۇقىرالار ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناتتى . ئۇلار ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ تەقى ـ تۇرقىغا ، چىرايىغا بىرەر ئېۋەن تاپماقچى بولغاندەك سەپسالاتتى . قۇيرۇقى چىگىۋېتىلگەن ئېگىز ئاتلارغا مىنىۋالغان پادىشاھلىق قاراۋۇللارمۇ ئۇلارغا ئوخشاش كىيىنگەنىدى . ئۇلار خۇددى جەڭگاھتا جەڭ قىلىۋاتقاندەك ئاتلىرىنى بولۇشىچە چاپتۇراتتى . ئاتلارنىڭ ھەيۋىسىدىن ئۈركۈپ كەتكەن ئادەملەر ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قېچىشاتتى . سايىۋەنلەر ئۆرۈلۈپ ، گازىرچىلارنىڭ ھارۋىسى ھاۋا تاپان بولاتتى . ئات تۇيىقىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزان ، پاتقاق ـ لاي توغرىدىن ـ توغرا يولۇچىلارنىڭ ئۈستىۋېشىغا چۈشەتتى . مەيلى نامازغا ئالدىراۋاتقانلار بولسۇن ياكى ياشقا مەقسەتتە كېتىۋاتقانلار

---

① «سالات» — ناماز دېگەن سۆز .

بولسۇن، بىر ـ بىرى بىلەن ئارتۇقچە پاراڭ سېلىشمايتتى. تونۇش ـ بىلىشلىرى بىلەن تاسادىپىي دوقۇرۇشۇپ قالغاندىمۇ پەقەت كۆز ئىشارىسى بىلەنلا سالاملىشاتتى ـ دە، مۇرىسىنىڭ تېگىپ كېتىشىدىن ھەزەر ئەيلىگەندەك، تېزلا ئۆتۈپ كېتىشەتتى...

نىياز ھېكىمبەگ پۇرقىراپ توپا ئۆرلەپ تۇرغان چوڭ يول دوقمۇشىدىكى ھەشەمەتلىك مەسچىت ئالدىدىن بەخىرامان ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، دەررە كۆتۈرۈۋالغان، قاپاقلىرى تۈرۈلگەن سالاپەتلىك بىر كىشى بىلەن روبىرو كېلىپ قالدى. بىر باغ بېدىدەك كېلىدىغان قويۇق، ئۇزۇن ساقىلى مەيدىسى ئالدىدا خۇددى تۆگە كولدۇرمىسىدەك پۇلاڭلاپ تۇرىدىغان بۇ كىشى مەسچىت تەرەپكە ئىشارە قىلىپ تۇرۇپ «سالات... سالات...» دەپ ئاگاھ بەردى نىياز ھېكىمبەگ ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى چۈشەنمىدىمۇ ياكى قەستەن خۇپسەنلىك قىلدىمۇ، ئىشقىلىپ ئات ئۈستىدە كېرىلىپ ئولتۇرغىنىچە ئۆزىنى تونۇشتۇرغىلى تۇردى:

— پېقىر خوتەن دىيارىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى، ياقۇپبەگ ئالىيلىرىنىڭ يېقىن قۇلى نىياز ھاكىمبەگدۇرمەن. ئۇ جانابىنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئوردا بوسۇغىسىنى تاۋاپ قىلغىلى كەلدىم، شۇ ۋەجىدىن بۇ ئالتە شەھەرنىڭ ھەرقانداق جايىدا مەن ئۈچۈن يول ئوچۇقتۇر، — دېدى، ئۇ قامچىسىنىڭ سېپىنى ئويناپ تۇرۇپ. ساقاللىق كىشىنىڭ چىرايى جاللاتنىڭ ئەپتىدەك سۇرلۇك تۇس ئالدى. ئۇ نىياز ھېكىمبەگنى مەنسىتمىگەندەك دىمىغىدا كۈلۈپ قويۇۋىدى، بۇ ئاۋازسىز بۇيرۇقنى چۈشەنگەن مىرغەزەپلەر دەررىلىرىنى سول قوللىرىغا يۆتكەپ، ئوڭ قولىنىڭ ئالقىنىغا تۈكۈرۈپ، ھازىرلا بىر ئىش چىقىرىدىغاندەك قىياپەتكە كىردى.

— ئاتالىق غازى ئالىيلىرىنىڭ دار سەلتەنىتىگە قەدەم قويۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان ھەرقانداق مۇسۇلمان، نەسلى ـ نەسەبىگە، نام ـ ئەمىلىگە قارىماي نامازغا بۇيرۇلغاندۇر. كىمكى بىناماز ۋە تەركىي نامازلىق قىلسا ئاللانىڭ غەزىپىگە، ئىسلام ھامىيسى بولمىش ئالىيلىرى ۋە شەيخۇلئىسلام ھەزرەتلىرىنىڭ

جـازاسغا دۇچار بولغۇسدۇر ، — دېدى مىرغەزەپلەرنىڭ بىرى شۆلگەيلىرىنى چاچرىتىپ تۇرۇپ .

گەپ ئارىلىقىدا نىياز ھېكىمبەگ قاراقچىدەك يول توسۇپ ، كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ تۇرغان بۇ كىشىنىڭ شەيخۇلئىسلام ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە ، دىنىي ھوقۇقنىڭ ئەڭ چوڭ نامايەندىسى بولغان بۇنداق ئادەم بىلەن زاكونلىشىشنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ ، ئاتتىن چۈشتى . ئۇنىڭغا بىرتالاي چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ ناماقۇل بولغاندىن كېيىن ، ئات ، ھارۋىلىرىنى ئىككى ياساۋۇلغا تاپشۇرۇپ ، ئىتائەتمەن قۇلدەك قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرغان ئۆز شەيخۇلئىسلامىنى باشلاپ مەسچىتكە قاراپ ماڭدى .

مەسچىت ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ ، لېكىن ئېگىز تاملىرى ، لىم ، تۈۋرۈكلىرى نەپىس بېزەلگەنىدى . گۈپۈلدەپ ئۆرۈپ تۇرىدىغان سىر ھەمدە ۋە گەج پۇرىقى ئۇنىڭ يېڭىلا پۈتكۈزۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى . مېھرابنىڭ ئىككى تەرىپىگە ، تام جەگىلىرىگە ئويۇلغان قاپارتما نەقىشلەر ئەتىگەندىكى پاك قاردەك ئاپئاق ، پاكىز ئىدى . قىر چىقىرىلغان لىملارغا ، پەرمانلارغا چۈشۈرۈلگەن رەڭلىك گۈل ـ گىياھ مەنزىرىلىرى يامغۇر سۈيىدە يۇيۇلغان بىر پارچە چىمەنزارلىقتەك قېنىق ، روشەن كۆرۈنەتتى .

نىياز ھېكىمبەگ ئىككى چوڭ تۈۋرۈك ئارىسىدىكى گىلەم ئۈستىگە كېلىپ ، نامازخانلارنىڭ ئارىسىغا پاندەك قىسىلدى ـ دە ، ناماز سۈرىلىرىنى يادىغا ئېلىشقا تىرىشتى . ئۇ دىنىي مەكتەپتە بىر كۈنمۇ ئوقۇمىغان ، ھاكىمىيەت مانجۇلاردىن مۇسۇلمانلارغا ئۆتۈپ ناماز ئوقۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندىلا ، ئاندىن قايسىبىر تالىپتىن بەش ۋاخ نامازنىڭ ھەرقاندىقىغا باب كېلىۋېرىدىغان تۆتلا سۈرىنى ئۆگىنىۋالغان ، ئەمدىلىكتە بۇ سۈرىلەر ئەقلى ئاسمىنىدىن خىرەلىشىپ ، نەلەرگىدۇر غايىب بولغانىدى .

— ئاللاھۇئەكبەر... ئاللاھۇئەكبەر...

نىياز ھېكىمبەگنىڭ تەلپىگە ناماز قىسقىلا ئوقۇلدى ، ئۇ

باشقىلار سەجدىگە بارغاندا رۇكۇغا بېرىپ، رۇكۇغا بارغاندا سەجدىگە بېرىپ ئىككى نۆۋەت ئازدى. نەچچە سەپ نېرىدا تۇرۇۋالغان شەيخۇلئىسلاممۇ ھېچنېمىگە ئەسقاتمىدى. سالام ۋە دۇئادا باشقىلارغا ئەگەشتى، سەپنى تۇنجى بولۇپ بۇزۇۋشقا جۇرئەت قىلالماي، نېمىشقىدۇر تەرتىپ ساقلاپ تۇرغان جامائەت بىلەن تۇرىۋەردى.

دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ يۈرىكى بىر ئۆرۈلۈپلا يەنە ئىزىغا چۈشتى. چۈنكى، ئۇ ھېچ ئويلىمىغان يەردىن ئالتە- يەتتە قامەتلىك مەھرەمنىڭ ھىمايىسىدە مۇنبەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ مەسچىت دەرۋازىسى تەرەپكە كېتىۋاتقان ياقۇپبەگنى كۆرۈپ قالغانىدى. ياقۇپبەگ بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىنى پەقەت ئۈچلا سەپ ئايرىپ تۇراتتى. ئۇ مۇز چىراي شەيخۇلئىسلامنىڭ ھەيۋىسى بىلەن ياقۇپبەگ ۋە باشقا ئوردا ئەمەلدارلىرى ناماز ئوقۇيدىغان مەسچىتكە كىرىپ قالغانلىقىنى سەزگەن چاغدا، ياقۇپبەگ ئاخىرقى سەپنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ قالغانىدى.

— ئالىيلىرى، قۇللىرى نىياز ھېكىمبەگ مەن بولىمەن، ئالىيلىرى…

ئۇ سىلىق ئەمما ياقۇپبەگ ئاڭلىغۇدەك قىلىپ ئاشۇلارنى دېدى. ئانىسىغا تەلمۈرگەن سەبىي بوۋاقتەك قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى. ئالدىغا قاراپ تەمشىلەر- تەمشەلمەيلا بايىلا ئۆزى بىلەن بىر سەپتە تۇرغان قوراللىق نامازخانلار تەرىپىدىن توسۇپ قېلىندى.

نىياز ھېكىمبەگ ئۆز سەزگۈسىگە تولۇق ئىشەنچ قىلالايتتى. ئۇنىڭ كۆرگىنى راستىنلا ياقۇپبەگ ئىدى. ياقۇپبەگنىڭ كېتىۋېتىپ ئۆزىگە لاپ قىلىپ قاراپ قويغىنىغا، ئىلتىجاسىنى ئاڭلىغىنىغا قىلچە شۇبھىلەنمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن «ياقۇپبەگ نېمە ئۈچۈن مېنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالىدۇ؟ بىرەرى چاقمىغان، يامان گېپىمنى قىلمىغان بولسا بۇنداق بولۇشى مۇمكىنمىدى، يا بولمىسا ماڭا ئۆچ بولۇپ قالدىمۇ؟» دېگەن بىر ئوي ئۇنىڭ يۈرىكىنى سىرقىرىتىپ ئۆتۈپ كەتتى.

نىياز ھېكىمبەگ مەسچىتتىن چىقىۋېتىپ خوتەن سەپىرىدە ۋە خوتەندە بىللە بولغان، كۆزىنى تېكىپ قويىسىمۇ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەلەيدىغان بىرقانچە پانساتلارنىمۇ ئۇچراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سالامغا سالام ياندۇرۇپلا كېتىپ قېلىشتى. بەزىلىرى يول بويىدىكى قەلەندەرگە قارىغاندەك ئادەتتىكىچە قاراپ قويۇپلا غادايغان پېتى ئۆتۈپ كەتتى. كۇنۇتۇن ئارزۇ قىلغان بۇ شەھەرگە قەدەم باسقان تۇنجى كۇنىلا كۆڭلىنى چۈشۈن يەۋالغاندەك غەش قىلىۋالغان نىياز ھېكىمبەگ ئادەم ۋە ئات ـ ئۇلاغلىرىنى باشلاپ مۇھەممەت يۇنۇسجاندىن ئاڭلىۋالغان بىر سارايغا يۇرۇپ كەتتى.

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# خەتەرلىك كۆز يېشى

نىياز ھېكىمبەگ قەشقەردە بۇنچىلىك غېرىبسىنىپ قالىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى.

ئۇ مەسچىتتىن چىقىپ شەھەرنىڭ ئاۋات رەستىسىدىكى نامى بار بىر سارايغا جايلىشىۋالدى ـ دە، كەچ كىرىپ قالغىنىغا قارىماي ئوردا دىۋانبېگىنى تېپىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى.

ئۇ ئىبغىر قەدەملەر بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن ئىككى كۇنى تەقەززالىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئانىسىدىن ئايرىلغان قوزىدەك بىچارە بولۇپ، سارايدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمىدى. ياقۇپبەگنىڭ قوبۇل سائىتى توغرىسىدىمۇ ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىدى. ئوردىنىڭ مىرزا چاغلىق ئەمەلدارى تۇرۇپ تۇرسۇن، «ھالىڭ نېچۇك» دەپ سوراپ قويىدىغان بىرەر مۇلازىمىمۇ چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى تۆت تەرىپىگە كۆز يەتمەيدىغان، يا ئۇچالىغ، يا تىنالىغدىن ئەسەر بولمىغان بىپايان باياۋاننىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا تاشلىۋېتىلگەن يېگانە ئادەمدەك، توپىدىن ئايرىلغان تەنھا قۇشتەك ھېس قىلغىلى تۇردى.

ئـاشـۇ كـۈنى كەچقۇرۇندىن باشلاپ ئەقلىدىن ئازغان ساراڭدەك بـىردىنلا ئۆزگىرىپ قالغان ھاۋامۇ ئۇنىڭ بىسەرەمجان كۆڭلىگە تېخىمۇ يامان تەسىر كۆرسەتتى .

ھۇجرا تۇڭلۇكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قوغۇشۇن رەڭلىك بىر پارچە تۇتۇق ئاسمان مەسچىتتە كۆرگەن ھېلىقى ھاكاۋۇر ، مەمەدان پانساتلارنىڭ چىرايىدەك سۆرۈن ئىدى . ئۆگزىنى يالاپ ئۆتۈۋاتقان شامال بەئەينى ئۇنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك كۆڭۈلسىز ئۇشقىرتاتتى . جىنچىراغ كۈيىسى بىلەن قارىداپ كەتكەن ھۇجرا تاملىرى ، تورۇس ۋە ئاياغ ئاستىدىكى يەر چوڭ بىر ئىسكەنجىگە ئايلىنىپ ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قىسىۋاتاتتى . دەممۇدەم شۇركۈنۈپ تۇرغان بەدىنى نەپەستىن قالغان ئادەمنىڭكىدەك سوۋۇپ ، توڭلاپ بارماقتا ئىدى .

نــيــاز ھېكىمبەگ دۇتارنىڭ تارىسىدەك تارتىشىپ تۇرغان ئەسەبلىرىگە ئارام بەرمەكچى بولۇپ كەڭ سۇپا ئۈستىدىكى ئەتلەس كۆرپىگە تاشلاندى . كىرپىكلىرى ئەمدىلا ئىلىنىۋىدى ، قىلىچ تۇتقان ياقۇپبەگ ۋە قىلىچ ئاستىدا تىترەپ تۇرغان ئېزىزبەگ جاللات كۆز ئالدىدا ئايان بولدى . ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ، قىلىچنى بوغۇزىغا تىرەپ تۇرغان ياقۇپبەگكە يالۋۇراتتى :

— ئالىيلىرى ، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە ، ھەممىگە ئىقرار بولاي…

ياقۇپبەگ بۇ يالۋۇرۇشلارنى ئاڭلىمىغاندەك ، ئىككى قوللاپ تۇتۇۋالغان قىلىچنى ئۇنىڭ بويىنىغا ئۇردى . غەلىتە يېرى ، قىلىچ ئـېزىزبەگ جاللاتنىڭ ئەمەس ، بەلكى ئۆزىنىڭ بويىنىغا چۈشتى . يــەرگە ئەينەكتەك تەكشى يېيىلغان قان ئەكسىدە خىرە - شىرە ھىجىيىپ تۇرغان ھوشۇربەگ قىن - قىنىغا پاتماي چاۋاك چالدى… ھـوشـۇربـەگنىڭ ئەتراپىدا دۆڭ دارىن ، ئابدۇراخمان ھەزرەت ، خـالمان پانسات ، موللاجى تۇراپ ۋە تۆمۈر خەزىنىچىبەگلەرنىڭ بـەتـبـەشـىرە سۈرىتى پەيدا بولۇپ ، ئۆزىگە قاراپ مەسخىرىلىك كۈلۈشتى…

«تـوۋا ، مەن نېمىلەرنى كۆردۈم ، — چۈشىدىن قورقۇپ ، سـىـلـكىنىپ ئويغانغان نىياز ھېكىمبەگ بىرھازا تامغا يۆلىنىپ ئـولـتـۇردى ۋە — بـۇ ئـوڭـۇممۇ يا چۈشۈممۇ ؟» دەپ ئۆزىچە پىچىرلىدى .

ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئاچتى ، ئۇياق ـ بۇياق قارىدى . بىراق ، كۆرگەنلىرىنىڭ چۈشى ياكى خىيالى ئىكەنلىكىگە دەرھال ھۆكۈم قىلالمىدى ـ دە ، كاللىسىنى سەگىتمەكچى بولۇپ تاشقىرىغا چىقتى . ساراي ھويلىسىغا چىقىشىغىلا قۇدالاي بىلەن ئۇچرىشىپ ، بەئەينى خىزىرغا يولۇققاندەك خۇش بولۇپ كەتتى .

قەشقەرلىكلەر قۇدالاي دەپ ئاتايدىغان بۇ كىشىنىڭ ئەسلى ئىسمى خې بۇيۇن بولۇپ ، ئەللىك بەش ـ ئەللىك ئالتە ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان قاتاڭغۇر ئادەم ئىدى . ئوق تەگكەن تۆشۈككە ئوخشايدىغان كىچىك ، نۇرسىز كۆزلىرى كۇلۇمسىرەپلا تۇراتتى . چېكىـم ـ چېكىم چېچەك ئىزى بار ، تازا تورلاشقان قىشلىق قوغۇندەك قورۇق باسقان يۈزلىرىدىن رەڭ كەتكەن ، لىڭگىرچاقتەك تومپىيىپ چىققان ياڭاقلىرىغىچە سوزۇلغان ساقىلى بارماق بىلەن سانىغۇالغاندەك شالاڭ ئىدى . مايمۇننىڭكىدەك نېپىز كالپۇكلىرى ئۈستىدە دىڭگىيىپ تۇرغان بىرقانچە تال قوڭۇر رەڭ تۈك بىنەمدە ئۆسكەن شالاڭ قومۇشنى ئەسكە سالاتتى . يېشىل تاۋاردىن تاشلانغان تېرە كەمزۇلى ، ئەت رەڭ گەلەپى ئىشتىنى ، سۈپەتلىك ئەلتېرىدىن قىـلـىنغان تەلپىكى ئۇنى مىقتا ، روھلۇق كۆرسىتەتتى . بىللە كەلگەن مەھرەملەرنىڭ سۆلىتى يېڭىشەھەردە تۇرۇشلۇق ئارىلاشما قوشۇننىڭ بۇ سەردارىغا كىچىككىنە ھەيۋە ھەم سۈر بېغىشلايتتى .

قـۇدالاي خـوجا يېغىلىقى تىنچىتىلغاندىن بېرى يېڭىشەھەر قەلئەسىدىكى سۇلالە چېرىكلىرىگە سەردارلىق قىلىپ كەلگەنىدى . تارىخ چاقى چۆرگىلەپ مىلادىيە 1864 ـ يىلىغا كەلگەندە ، ئىسيانكار خـۇيـزۇ تـائـىـپـىـسـى تـۇشمۇتۇشتا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ، سۇلالە ھـۆكـۈمـرانلىرىنىڭ ھۆكمىدىن كەسكىن تۈردە باش تارتىشتى . مـۇشـۇنداق توپىلاڭلاردىن بېرى يېڭىشەھەر قەلئەسىدىكى خۇيزۇ

چېرىكلىرى ئارىسىدىمۇ تەييارلاندى . كۈندىن ـ كۈنگە چوڭىيىۋاتقان بۇ يوشۇرۇن ئاپەتتىن ئالدىن خەۋەر تاپقان قۇدالاي ئۆكتىچى چېرىكلەرنى دەل ۋاقتىدا قورالسىزلاندۇرۇپ غەلۋىنى باسقان بولسىمۇ ، لېكىن سىدىقبەگنىڭ قوراللىق مۇداخىلىسى ئۇنى خېلى هالسىرىتىپ قويدى . «ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك» دېگەندەك ، ئارقىدىنلا ، سىدىقبەگ تەرىپىدىن چىللاپ كېلىنگەن بۇزرۇكخان تۆرىنىڭ مۇهاسىرىسىگە ، توغرىسى ، بۇزرۇكخاننىڭ لەشكەرىبېشى ياقۇپ قوشبېگىنىڭ قاقشاتقۇچ هۇجۇمىغا دۇچ كەلدى . ئۇزاققا سوزۇلغان خوراتقۇچ مۇهاسىرىدە ، ئوق ـ دورا ، ئاش ـ ئوزۇق جەهەتتىن قىسىلىپ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان قۇدالاي سۇلالە خاقانىدىن ساتقۇنلارچە يۈز ئۆرۈپ تەسلىم بولۇش يولىنى تاللىۋالدى ، ئۇنىڭ ئۆز دىنى ۋە قوۋمىگە خائىنلىق قىلىشتىن باش تارتقان بىرقانچە ئاتامانى يورۇق دۇنيا بىلەن بىر يولىلا خوشلاشتى . بەزى چېرىكلەر بىر پاي ئوق بىلەنلا ئۆز ـ ئۆزىنى هالاك قىلدى . مۇناپىق قۇدالاي بولسا ياۋاشلىق بىلەن بەيئەت بىلدۈرۈپ ، قەلئە قوۋۇقىنى مۇهاسىرىچى لەشكەرلەرگە كەڭ ئېچىۋەتتى ۋە ئىمان كەلتۈرۈپ مۇسۇلمان بولدى . ئەتىۋارلىق گۈزەل قىزىنى قوشبېگىگە خوتۇنلۇققا بەرگەنلىكىنىڭ شاراپىتىدىن ، ئەل بولغان ئارىلاشما قوشۇنغا سەردار قىلىپ تەيىنلەندى .

قۇدالايىنىڭ بۇ ئەبگار قوشۇنى ياقۇپبەگنىڭ ئىشەنچىدىن يىراق بولغاچقىمۇ ، مۇهىم ئۇرۇش هەرىكەتلىرىگە قاتناشتۇرۇلمايتتى . زۆرۈر تېپىلغاندا هەرقايسى سۆتىلەر[①] گە تېرىق چاچقاندەك چېچىۋېتىلەتتى . يا زەمبىرەك كۆتۈرەتتى ، يا ئوقچىلىققا سېلىناتتى . چەت ئەل ئەلچىلىرىنىڭ ، سەيياهلارنىڭ شەرىپىگە مەخسۇس مانېۋىر ئۆتكۈزۈلگەندە ، كونا قوشۇننىڭ هەربىي تۈزۈلمىسىنى ، كوماندا ئالاهىدىلىكىنى ساقلاۋاتقان بۇ چېرىكلەر

---

① سۆتىە — ئۆز ۋاقتىدىكى ئوتتۇرا هال بىرلىك ، سۆتىەبېشى بىرقانچە دەهبېشىنى باشقۇرىدۇ . ئۆزى بولسا پانساتقا قارايدۇ .

كۆڭۈل ئاچىدىغان كۆرگەزمە بۇيۇمىغا ئايلاندۇرۇلاتتى . ياقۇپبەگنىڭ دىتىغا ياقىدىغان مۇھىم ئەربابلار بۇ يەرگە باشلاپ كېلىنىپ ، ئۆزگىچە قورۇما ۋە تائاملارغا داخىل قىلىناتتى .

قۇدالاي يەكەن چېرىكچى ئامبىلى دۇڭ دارىن بىلەن بىر يۇرتلۇق ۋە قەدىناس ئاغىنە بولغاچقىمۇ ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى يىلىغا بىر دىگۇدەك يوقلاپ تۇراتتى . قايسىبىر يىلى ئەلۋەك كۇز كۇنلىرىنىڭ بىرىدە دۇڭ دارىننى يوقلاپ يەكەنگە بارغاندا ، ئۇ مانا مۇشۇ نىياز ھېكىمبەگ بىلەن ، توغرىسىنى ئېيتقاندا دۇڭ نىياز بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى . دۇڭ دارىن يېڭىشەھەرگە كېلىپلا قالسا ئۇنى ھەم ئوغۇل ، ھەم تىلماچ قاتارىدا بىللە ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇمايتتى . ئۇنىڭ ئەپيۈن غاڭزىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇشتىكى ئاجايىپ ماھىرلىقى ، غەرق مەست بولۇپ كەتسىمۇ ، قەدەھنى گەجگىسىدىن ئايلاندۇرۇپ ھاراق ئىچىشلىرى قۇدالايغا ياراپ كەتكەنىدى .

نىياز ھېكىمبەگنىڭ خوتەنگە ھاكىمبەگ بولغانلىقىدىن ئاللىبۇرۇن خەۋەر تاپقان قۇدالاي ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشنى خېلىدىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتاتتى . بۇ پۇرسەتنىڭ ئاخىر يېتىپ كەلگەنلىكىگە مەمنۇن بولغاچقىمۇ ، ئۇ نىياز ھېكىمبەگنى يوقلاش ئۈچۈن يېڭىشەھەر قەلئەسىدىن ئۇدۇل مۇشۇ سارايغا قاراپ يولغا چىققانىدى .

قۇدالاينىڭ بۇ قۇتلۇق قەدىمى خۇددى خاسىيەتلىك باھار شامىلىدەك ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ چىرايىدا قېتىپ قالغان پەرىشانلىق تۇمانلىرىنى بىراقلا ئۇچۇرۇپ كەتتى . غېرىبلىق بېسىپ ، يېگىنى زەھەر ، ئىچكىنى ئوغا بولۇۋاتقان چاغدا ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن بۇ ئادەم ئۇنىڭ كۆزىگە گويا بىر پارچە ئوت بولۇپ كۆرۈندى . شۇنىڭ بىلەن ئۆز مەھرىمىنى قۇدالاينىڭ مەپىسى بىلەنلا بازارغا ئەۋەتىۋېتىپ ، قۇدالاينى ھۇجرىسىغا باشلاپ كىردى . ئۇلار سالام ـ سەھەتلىرىنى ئادا قىلىپ ، ھال ـ ئەھۋال سورىشىپ بولغۇچە تۇرلۇك تاتلىق ـ تۇرۇم ، ھالۋا ـ مۇراببا ، ھۆل ، قۇرۇق

مېۋە ـ چېۋە ، توخۇ ـ ئۆردەك كاۋاپلىرى داستىخانغا تولۇپ كەتتى .
كۆرۈشمىگىنىگە بىر يىلدىن ئاشقان ، لېكىن ھەر ئىككىسىگىلا ئىككى يۈز يىلدەك ئۇزاق تۇيۇلغان مۇشۇ كۈنلەردە تالاي ئىسسىق ـ سوغۇقنى بېشىدىن كەچۈرگەن بۇ قەدىناسلار چاي ئوتلىغاچ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى . نىياز ھېكىمبەگ قۇدالاينىڭ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ، ئۇنىڭغا بۇدۇشقاقتەك چاپلاشتى ۋە ئاۋازىنى پەسەيتىپ دېدى :
— قۇ دارېن ، — نىياز ھېكىمبەگ ئۆز ۋاقتىدا قۇدالايغا شۇنداق خىتاب قىلاتتى ، — ھال ـ كۈنلىرى قانداقراق ، ئىككى يىلدىن بېرى رىيازەت چېكىپ قالمىغانلا ؟
قۇدالاي سىرى ئېچىلىپ قالغان ئادەمدەك ئالاق ـ جالاق بولۇپ ئىشىك تەرەپكە كۆز يۈگۈرتۈۋالدى ۋە نىياز ھېكىمبەگنىڭ گېپى تۈگىمەيلا :
— دارېن ـ پارېن دېگەنلىرى نېمىسى ، تەقسىر ، بۈگۈنكى كۈندە خان قېيناتىسى بولغان ئادەم دۆلەت كۆرمەي ، رىيازەت چېكەتتىمۇ ؟ — دېدى قۇدالاي ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ گېپىنى كۆڭلىگە ئالغاندەك دومسىيىپ تۇرۇپ .
قۇدالاي سۆھبەتدىشى بىلەن بەزىدە سۇلالە تىلى ، بەزىدە قەشقەر تىلى ئارقىلىق پاراڭلىشىۋاتاتتى . خەق تاش سانىسا ئۆزى قوم سانايدىغان ، يەتتە قات يەر تەكتىدىكى يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى تۇيۇپ تۇرىدىغان بۇ ئادەم نىياز ھېكىمبەگنىڭ تېرىكتۈرۈش ھىيلىسىنى قوللىنىپ ، ئۆزىنى سىناپ بېقىۋاتقانلىقىنى ئاسانلا پەملىۋالدى ـ دە ، ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش ھىيلىسى بىلەن ئۇلپىتىنى ھۆل خىشقا دەسسىتىپ باقماقچى بولدى . قۇدالاي :
— دۇڭ نىياز جانابلىرى ، ئۆزلىرىمۇ ئاز رىيازەت چەكمىدىلە ، پەمىچە ، چەككەن رىيازەتكە تۇشلۇق راھەت كۆرمىدىلىغۇ دەيمەن ، — دېۋىدى ، پىيالىنى ئەمدىلا ئاغزىغا ئاپارغان نىياز ھېكىمبەگ تۇيۇقسىز قېقىلىپ ، يۆتىلىپ كەتتى ۋە ئالمان ـ تالمان جاۋاب بەردى :

— يوقسۇ، جانابلىرى، كەمىنىلىرى ئاتالىق غازى ئالىيلىرىنىڭ دۆلىتى سايىسىدە ئارامخۇدا يۇرت سوراپ يۈرۈپتىمەن، چەككەن رىيازىتىمدىن ئېرىشكەن ئىقبال ـ تەلىيىم بىر تال قۇم بىلەن پۈتۈن ـ سۈرۈك بىر تاغ نىسبىتىدە زىيادىدۇر. ئۇ ئالىيلىرىنىڭ شەپقەت ئاپتىپى خان قىيناتىسىنىمۇ، كەمىنىلىرىدەك قۇلىنىمۇ بارابەر ئىللىتىپ تۇرۇپتۇ، بۇنىڭ ۋايىسغۇدەك يەنە نېمىسى بار تەقسىر؟

ئۇلار كۈلۈپ، ھېجىيىپ ئولتۇرۇپلا بىر ـ بىرىنىڭ يۈرىكىگە قول سېلىپ بېقىشتى. بىراق، ھېچكىم ھېچكىمگە تومۇر تۇتقۇزمىدى، ھېچكىم ھېچكىمنىڭ دامىغا چۈشمىدى. شىددەت بىلەن بىرلا كاللا قويۇشۇپ، مۈڭگۈزلىرى سىرقىراپ ياۋاشلاپ قالغان بىر جۈپ قوچقار مىسالى، بىر ئەردىن پەشۋا ئېتىشىپلا قىنىغا چۈشۈشتى.

دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ بىراۋنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سېلىش، تۆيىدۇرماي چارپۇتلاش ئۇسۇلى تومۇرداش ۋە مەنبەداش ئىدى. كۆڭلىگە يوشۇرغان سىرلىرىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ بىر ـ بىرىدىن مەخپىي تۇتالمايتتى. يۈزىگە تارتىۋالغان قېلىن نىقابمۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە شىشىدەك سۈزۈك، قوقەند قەغىزىدەك نېپىز ئىدى.

قۇدالاي بىلەن نىياز ھېكىمبەگ جۇدالىق ئالدىدا بىر ـ بىرىنىڭ جامالىغا تىكىلىشكەن ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك كۆزلىرىنىڭ تەگ ـ تېگىگە سەپسېلىشقان پېتى قېتىپ قېلىشتى. ھەيران قالغۇدەك ئوخشىشىپ كېتىدىغان كۆز قارىچۇقلىرى يالتىراق قوڭغۇزدەك غەلىتە پارقىراشقا باشلىدى. بۇ پارقىراق قوڭغۇز بېرىپ ـ بېرىپ كۆز يېشىغا غەرق بولۇپ، قايىنامغا چۆكۈپ كەتكەن شىغىلدەك غايىب بولۇپ كەتتى. چاناقلاردىن تېشىپ چىققان ياش ئۈمچىيىپ، شەكلىنى يوقىتىشقا باشلىغان كالپۇكلىرى ئۈستىگە سىرغىپ چۈشتى.

بىر پەس داۋام قىلغان بۇ جىمجىتلىق ئاخىر بۇزۇلۇپ تاشلاندى. قۇدالاي زىيادە يەل بېرىلگەن پومزەكتەك «پاڭگىدە» قىلىپ

ئېتىلىپ كەتتى ۋە چوكىدەك ساڭگىلاپ چۈشكەن پوتلىسىنى كەمزۇلىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى :

— دۇڭ نىياز جانابلىرى ، سىلىدىن يوشۇرىدىغان ھېچبىر سىرىم يوق ، يوشۇرمەن دەپمۇ يوشۇرالمايمەن ، راست گەپنى قىلسام ، مەن ئىككى تاش تۈگمەننىڭ ئارىسىدا قالغان ئادەممەن ، باشتا كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرەرمەنمىكىن دەپ سۆلالىدىن يۈز ئۆرۈدۈم ، بۇنىڭغا ھېلىمۇ پۇشايمان قىلمايمەن ، پۇشايمان قىلغىنىم بىلەنمۇ ئۇلار مېنى كەچۈرمەيدۇ . بىراق ، كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرگىنىم قېنى ، ئەتىۋارلانغىنىم قېنى ؟ ئۇ قوشبېگىنىڭ قىزىمنىڭ يۈزىنى قىلغىنى قېنى ؟ — ئۇ ئېسەدىگەچ ، سۆزىنى داۋام قىلدى ، — سىلىگە مەلۇم ، بىزدە «ئوغۇل بالا ئۆچ ئالمەن دېسە ، ئون يىلدىمۇ كېچىكمەيدۇ» دېگەن گەپ بار ، قەسەم قىلىمەنكى ، مېنى ئازغىنە چېرىك بىلەن بۇ دوزاختا تاشلاپ كەتكەن سۆلالىدىنمۇ ، بەدەلىگە تۈشلۈق نەپ بەرمىگەن ، ھايۋان ئورنىدا خار - زار قىلغان ئاشۇ قوشبېگىدىنمۇ ئۆچ ئالماي قويمايمەن . مۆرىتى كەلسە جېنىمنى قۇربان قىلىپ ئۇ دۇنياغا ئادەم سىياقىم بىلەن كېتىمەن… — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى زاكىتەك سارغىيىپ كەتكەن شالاڭ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىش بىلەن تۈگەتتى .

قىزىق ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ كۆزلىرىدىن ھېلىلا تاشقىن كەبى يامراپ تۇرغان ياش ، ئەمدىلىكتە پاك - پاكىز قۇرۇپ كەتكەن ، مەڭزىدە ياش داغلىرىنىڭ ئىزىمۇ قالمىغانىدى . چىرايىدىكى غېرىبسىنىش ، قايغۇ ، ھېسداشلىق ئالامەتلىرى مۇغەمبەرلەرچە كۈلكىگە ئورۇن بېرىۋاتاتتى .

بۇ ئىككىيلەن ھىيلە - مىكىر بابىدا بىر دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدەك تەڭ تۇرغىنى بىلەن ، قۇدالاي يەنىلا چاندۇرۇپ قويغانىدى . مانا ، ئۇ كۆز يېشى بىلەن ، دەردمەنلەرچە قىياپىتى بىلەن ئۆز بولۇپ كۆرۈنگەن ئۇلپىتىگە ئىشىنىپ قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋىدى ، ئىشەنگەن تاغدىن كېيىك قاچتى ، بۇرادىرىنى ئالداپ ھالاكەت يارىنىڭ ئەڭ چېتىگە باشلاپ كەلگەن

نىياز ھېكىمبەگ بىر ئۆرۈلۈپلا ئۇنى ھاڭغا ئىتتىردى...

قۇدالاي ئۆزىگە ئەيىبكارغا تىكىلگەن قازىدەك تىكىلىپ تۇرغان نىياز ھېكىمبەگنىڭ چىرايىغا شۇنداق كۆز سېلىپلا بوھران مەزگىللىرىدىكى بەزگەكتەك تىترەشكە باشلىدى، جاللات ئالدىغا سۆرەپ كېلىنىۋاتقاندەك ئېچىنىشلىق ئىڭرىدى، ئۆز ـ ئۆزىنى بولدى دېگۈچە تەستەكلىدى ۋە ئاغزىدىن كەتكىنىنى تەن ئالغاندەك ئېغىر خورسىندى، مەلۇم بىر قىزىقارلىق ئويۇننى تاماشا قىلغان قىياپەتتە ئولتۇرغان نىياز ھېكىمبەگكە قاراپ گۇناھكارلارچە بېشىنى ئەگدى.

نىياز ھېكىمبەگ بايامقى تۇزۇتلىرىنى، ساھىبخانىلارچە خۇش پېئىللىقىنى بىراقلا چۆرۈپ تاشلىدى. قۇدالاينىڭ مۇرىسىگە تەكەببۇرانە ھەيۋە بىلەن شاپىلاقلاپ قويدى ۋە:

— پادىشاھ قىبىناتىسى جانابلىرى، ئادەمنىڭ گەپتىن، ئەللامىنىڭ نامازدىن ئازمايدىغىنى يوق، بەندىنىڭمۇ گۇناھ قىلمايدىغىنى يوق، — دېدى ۋە گاسقا گەپ قىلىۋاتقاندەك قول ئىشارىسى قىلغاچ پەگاھنى بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىلى تۇز بەرگەننىڭ تۇزلۇقىنى چاقماقچى، نان بەرگەننىڭ قولىنى چىشلىمەكچى بولۇپ، بىرمۇنچە يامان گەپلەرنى قىلغان بولسىلىمۇ، لېكىن كەمىنە ھاكىمبەگلىرى بۇ سىرنى ساقلايدۇ. قۇ دارىن بۇ بۇرادەرلەرچە ئىلتىپاتقا ئىخلاس بىلەن جاۋاب قايتۇرىدىغانلا بولسا بۇ سىرنى بەدۆلەت ئالىيلىرىغا تۇگۇل، بىرەر چىۋىنغىمۇ تىنمايدۇ. مەسلىھەت شۇكى، پېقىرغا ھەر ۋاقىت ھەمدەم بولغايلا، دېگىنىمنى جان دەپ بەجا كەلتۈرگەيلا، بۇ ئالدى بىلەن ئۆزلىرىگە، ئاندىن قالسا كەمىنە ھاكىمبەگكە قىلغان خىزمەتلىرى بولۇپ قالىدۇ.

نىياز ھېكىمبەگ پەگاھدا بىرپەس ئايلانغانمۇ بولاتتى، لېكىن كۆكسىدىن چىقىۋالغان ئادەمدەك ئېغىزلىرىدىن شالى ئېقىتىپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان قۇدالايغا قاراپ، ئۇنى يەنە بىر قېتىم نوقۇپ قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ قالدى ۋە

ئۇزۇلۇپ قالغان گېپىنى ئۇلىدى :
— مۇبادا رەھىمدىل بەدۆلەت ئالىيلىرى ئالتە يۈز كېنىزىكنىڭ بىرى بولمىش ئاجىزەلىرىنىڭ يۈزىنى قىلىپ گۇناھلىق گەپلىرىنى ئەپۇ ئېتىشكە ئىشەنچ قىلالىسىلا ، كەمىنە ھاكىمبەگنىڭ يۈگەنسىز تىلىدىن ھەزەر ئەيلەشنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق .
قۇدالاي نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئاخىرقى گېپى بىلەن سەل ـ پەل ھوشىنى تاپتى ـ دە مۇشۇكتەك سىلىق ھەرىكەت بىلەن پەگاھقا يۈزلەندى . پەرۋاسىز ھالدا تورۇسنىڭ نەرىگىدۇر قاراۋاتقان نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ قۇلدەك تىزلاندى . كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ يالۋۇردى :
— ھاكىمبېگىم ، خۇدا ھەققى ، ئەمدى بۇنداق گۇناھلىق گەپنى ئىككىنچى تىلىمغا ئالمايمەن ، سۇنغان باش تۇماق ئىچىدە ، سۇنغان قول يەڭ ئىچىدە قالغاي ، سىر ساقلاشقا رازى بولسىلىلا ، نېمە دېسىلە شۇنىڭغا تەييارمەن .
ناھايىتى نازۇك بىر جەڭدە ئۆزىدىن قېلىشمايدىغان قۇدرەتلىك دۇشمەن ئۈستىدىن ئەپچىللىك بىلەن غالىب كەلگەن نىياز ھېكىمبەگ ئاياغ ئاستىدا خۇددى قۇرتتەك تۇگۇلۇپ ياتقان قۇدالايغا قاراپ سوغۇققىنا كۇلۇپ قويدى .

## يىگىرمە بەشىنچى باب

# بەگلەر ئۇچرىشىشى

قۇدالاي كۈن قىيىلغان چاغدا ساراي دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەلدى . قاراڭغۇلۇقتا ئۇچۇۋېتىپ بىردىنلا كۇچلۇك ئاپتاپقا دۇچ كەلگەن شەپەرەڭدەك تېگىرقاپ ، دەرۋازىنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ قالدى ـ دە ، قولاشمايۋاتقان قوللىرى بىلەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى .

ئاندىن ، دەرۋازا سىرتىدا دۈگدەرەپ تۇرغان قېرى مەيكەشكە مەپنى ھەرەمباغقا ھەيدەشنى بۇيرۇدى .
بېشىغا كىيدۈرۈلگەن ئالا تورۋىدىن ئاچ كۆزلۈك بىلەن بوغۇز يەۋاتقان قاشاڭ مەپە ئېتى قامچىنىڭ «تارس» قىلغان ئاۋازى بىلەن تەڭلا قوزغىلىپ ، سارايىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى مىسكەر ، تۆمۈرچى كوچىسىغا كىرىپ كەلدى . جانان چىنىدەك جىرىڭلاۋاتقان قوڭغۇراق ساداسىمۇ بارا ـ بارا سۇسلىشىپ ، بولقا ـ بازغاننىڭ جاراڭ ـ جۇرۇڭى بىلەن بېسىلىپ قالدى .
شەھەرنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىگىرەك جايلاشقان ھويلا ـ ئاراملىق بۇ باغ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ھەرەمباغ ئىدى . قاچانلاردىدۇر قەشقەر بايلىرىدىن بىرى بىنا قىلغان ، كېيىنكى كۈنلەردە ياقۇپبەگنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەن بۇ باغنىڭ ئازادە ، كەڭتاشا ئۆيلىرىدە قوشبېگىنىڭ شەھۋەتلىك تۇرمۇشىغا ئاتالغان نەچچە يۈز قىز ـ چوكان تۇراتتى . ھەرە ئۇۋىسىدەك تۇتىشىپ كەتكەن رەڭدار ھۇجرىلاردا ھۆسن ـ جامالى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك قەلەمقاشلار ، شەھلا كۆزلۈك مەسۇمەلەر ، جەننەت ھۆرلىرىنى خىجىل قىلىدىغان نازىنىنلار بار ئىدى . پەرەڭ ، پەرغانە ۋە ئالتە شەھەرنىڭ جاي ـ جايىدىن تاللاپ كېلىنگەن مانا شۇ گۈزەللەرنىڭ تەقدىر تىزگىنى چۈس مىجەز ، ئېگىز بوي ، توغراق كۆتىكىدەك توغرىلىق كەلگەن ئايال پانسات توختىخان ئايىمنىڭ چاڭگىلىدا ئىدى . تۆشەك ئۈستىدە تولۇم چاشقاندەك ئولتۇرۇۋېلىپ باغ ئىشىنى ئىما ـ ئىشارەت بىلەنلا بىر ياقلىق قىلالايدىغان بۇ ئايال خالىغان بىر قىزنى ياساپ ، تاراندۇرۇپ ئوردا ھۇجرىسىغا ئاپىرىپ بېرەلەيتتى ، خالىسا ئۇرۇپ ، خالىسا تىللايتتى . ھەربىي يۈرۈشتە ھەمراھ بولىدىغانلارنى تەيىن قىلىپ ، مەخسۇس ئاغۋات ۋە مەخسۇس مەپە بىلەن يولغا سالاتتى . ئىشقىلىپ بۇ ئايال پانساتنىڭ ھوقۇقى ۋە رولى ئەركەك پانساتلارنىڭكىدىن قىلچە كەم تۇرمايتتى .
قۇدالاي نىياز ھېكىمبەگنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن ھەرەمباغقا يېتىپ كەلدى ـ دە ، توختىخان پانساتقا بىر تاغار تاتلىق گەپلەرنى

قىلىپ، قولىغا خېلى توم بىر ھەميانىنى تۇتقۇزدى. تەڭگىلەرنىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن توختىخان ئايىم قۇدالاينىڭ باشقا تەلەپلىرى قاتارىدا قىزى بىلەن مۇڭدىشىۋېلىشى ئۈچۈنمۇ پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ۋەزىرنى ئۇنىڭ ئەقىللىق قىزى قۇتۇلدۇرغان مىڭ بىر كېچە رىۋايەتلىرىدىكىگە ئوخشاش ئىشلار يۈز بەردى. ئارىدىن بىر كېچە ئۆتكەندىن كېيىن، نىياز ھېكىمبەگ ياقۇپبەگنىڭ دەستىكىنى ئەكەلگەن دىۋانبېگىنىڭ رەسمىي ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى ۋە بەلگىلەنگەن مۆھلەتتىن يېرىم كۈن بۇرۇن دىۋانغا كېلىپ، قوبۇل پەيتىنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

ئۇ قوبۇل ۋاقتىنىڭ كەچكە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ غايىبتىن خەزىنە ئۇچرىغاندەك سۆيۈنۈپ كەتتى. دەرۋەقە، ئۇ ياقۇپبەگنىڭ خۇي ـ پەيلىنى خېلى ئوبدان كۆزەتكەنىدى. خۇپتەن نامىزىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۇنىڭ كەيپى ئاجايىپ ساز ۋە ئوچۇق بولاتتى.

نىياز ھېكىمبەگ ئىككى كۈندىن بېرى ئۆزىنىڭ بىھۇدە قېيىدىغانلىقىغا، يوقىلاڭ خىياللار بىلەن خۇن ـ زەرداب يۇتقىنىغا پۇشايمان قىلدى. قوبۇلخانىغا كېلىۋېتىپ: «ھەتتىگىنەي، ئەسلىدە ئۇ ئارامخۇدا مۇڭدىشىدىغان بىر پەيتنى كۆزلەپتىكەنۇ، مەن ئۇنىڭدىن ئاغرىنىپ يۈرۈپتىمەن. ھەي، بۇنىڭدىن قارىغاندا چوڭراق بىر يۇرتنىڭ، مەسىلەن، قەشقەردەك بىر يوغان شەھەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىنى ئىنئام قىلىۋېتەمدۇ نېمە!...» دېگەندەك خام خىيال بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلدى. چىرايى ئاپتاپپەرەستەك ئېچىلىپ كەتكەن نىياز ھېكىمبەگ كۆزىگە قاغىدەك سوغۇق كۆرۈنىدىغان شەيخۇلئىسلامغىمۇ، ياساۋۇل ـ مۇلازىملىرىغىمۇ مېھرىبان ئاتىدەك ئەپۇچان، غەمخور بولۇپ كەتتى. سېخىيلىقى تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىر تەڭگىدىن چاي پۇلى بېرىۋەتتى. ساندۇقلارنى ئاچۇرۇپ ئولپان ـ سوۋغاتلارنى يەنە

www.uyghurkitap.com

بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈردى ۋە ساراي هويلىسىدا توختىتىلغان قۇرۇق مەپىگە قاراپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى. قوبۇل ۋاقتىدا چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئوردا يوسۇنلىرىنى، ئىبىسلزادىلەر ئەدەپلىرىنى ئۆز رېتى بىلەن يادىدىن ئۆتكۈزدى. ياقۇپبەگكە دەيدىغان سۆزلىرىنى كۆڭۈل يىپىغا مارجاندەك تىزىپ، يادلاپ چىقتى. ئۇيقۇسىز تۈنلەرنىڭ هاردۇقى تۈتقان بولسا كېرەك، يىپ بازىرىدەك ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلۇق دىۋاندا ئولتۇرۇۋېتىپمۇ بىرقانچە قېتىم بېشى چۈشۈپ كەتتى...

نىياز هېكىمبەگ جىمى تارتۇق ـ پېشكەشلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇلغان بەش مەهرىمگە كۆتۈرتۈپ، جامادار پەرمانچى ۋە ئالتۇن دەستەك كۆتۈرۈۋالغان ياساۋۇلبېشىغا ئەگىشىپ، سەل ئۆزگىچىرەك جابدۇلغان بىر ئۆيگە كىرىپ كەلدى. تېگىگە كەلكۈن نۇسخىلىق خوتەن زىلچىسى سېلىنغان، ئەمما هېچقانداق تۈرمۈش بىساتلىرى بولمىغان بۇ ئۆي قارىماققا دالانغىمۇ، مېهمانخانىغىمۇ ئوخشاپ تۇراتتى. ئۈچ تېمىدىن ئوخشاش ئۈچ ئىشىك قويۇلغان بولۇپ، هەربىر ئىشىكتە قىلىچ ئېسىپ، مىلتىق تۇتۇپ يىكتەك تىك تۇرغان ئىككىدىن قاراۋۇل بار ئىدى. ياساۋۇلبېشى كىرىپلا دەستىكىنى قولتۇقىغا قىسىۋالدى. ئاندىن چاق بېكىتىلگەن هەيكەلدەك تۈز، سىلىق مېڭىپ ئۆيىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كەلدى، ئۆپكىسىنى تولدۇرۇپ بىر تىن ئېلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە شۇ هالەتتە كەينىگە بۇرۇلۇپ جامادار پەرمانچىغا قارىدى. جامادار پەرمانچى جاۋابەن بېشىنى لىڭشىتتى. ياساۋۇلبېشى قارا يامغۇردا قالغان مۇساپىردەك تەر بېسىپ كەتكەن نىياز هېكىمبەگكە ئۇدۇلىدىكى بىر ئىشىكنى كۆرسەتتى. جامادار پەرمانچى ئۇنى باشلاپ ماڭدى. نىياز هېكىمبەگ بوسۇغىدىن ئاتلاۋېتىپ، ياساۋۇلبېشىنىڭ ئۆزىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقان خاس مەهرەملىرىنى توسىۋالغانلىقىنى تۇيۇپ قالدى ۋە قايرىلىپ قاراشقىمۇ پېتىنالماستىن «بىسمىللا» دەپلا بوسۇغىدىن ئاتلىدى. ئۇ كىرىپلا ئوتتۇرا هال زىنىنەتلەنگەن ئۆينىڭ

تۆر تەرىپىدىكى سۇپىدا چوغدانغا قولىنى قاقلىغاچ يانپاشلاپ ياتقان ياقۇپبەگنى كۆردى ۋە سەل تىترەك ئاۋازدا سالام بەردى :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئاليلىرى ، — دېدى نىياز ھېكىمبەگ .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، — دېدى ياقۇپبەگ سالامنى ئىلىك ئېلىپ ، ياقۇپبەگ چەبدەس ھەرىكەت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ نىياز ھېكىمبەگ بىلەن قوش قوللاپ كۆرۈشكەندىن كېيىن جامادار پەرمانچىغا ئوڭ تەرىپىدىن ، ئۇنىڭغا سول تەرىپىدىن جاي كۆرسەتتى .

ياقۇپبەگ ئانچە كۆز چاقمايدىغان كىمخاب ياقىلىق كەڭ تون كىيىپ ، قاشتېشى ۋە تۇچتىن نەقىش قويۇلغان ئاددىي كەمەر باغلىۋالغانىدى . ئورىۋالغان يېشىل سەللىسى بۇرۇت - ساقاللىرىنىڭ قويۇقلۇقىدىن قاش - كۆزى ۋە بۇرنى ئاران كۆرۈنۈپ تۇرغان سۇرلۇك چىرايىغا يارىشىپ تۇراتتى . تېنى ساغلام ، تېتىك ، كەيپى چاغ كۆرۈنەتتى .

نىياز ھېكىمبەگ كۆرسىتىلگەن ئورۇنغا كېلىپ ، نامازدا ئولتۇرغان زاھىتتەك يۈكۈندى - دە ، دۇئاغا قول كۆتۈردى . دۇئادىن كېيىن قايتا ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ، دېدى :

— ئالىيلىرى ، كەمىنە قۇللىرىنىڭ جانابلىرىدىن ھال - ئەھۋال سورىشىغا ئىجازەت بەرگەيلا . كۆرۈپ تۇرۇپتىمەنكى ، ئاليلىرى شەپقەتلىك ئاللانىڭ ئىلتىپاتى ۋە تامامى ئىتائەتمەن پۇقرانىڭ دۇئاسى بىلەن مالامەتتىن خالىي ، چىناردەك بەرنا ، پولاتتەك بەقۇۋۋەت تۇرۇپتىلا . ئۇلۇغ تەڭرىگە مىڭ قەتلە شۈكۈر ، ئۆزلىرىدەك ئىسلام ئەلەمدارى ، يۇرت قاياشىنىڭ نوھ[1] ئۆمرىدە ياشىمىقى بەرھەقتۇر ، ئىنشائاللا ، ئۆمۈر دەرەخلىرى ئەبەدىلئەبەد گۈللىگەي ، ئارامبەخش سايىسى تا مەھشەر كۈنىگىچە

① نوھ ئەلەيھىسسالام يەر يۈزىدىكى تۇنجى ئىنسان — ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى شىس ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولۇپ ، مىلادىيەدىن بۇرۇن 2911 - يىلى دۇنياغا كېلىپ 950 يىل ئۆمۈر كۆرگەن دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ .

بىشىمىزدىن كەتمىگەي ، ئامىن...

— ئامىن...

ئۇچەيلەن پاتىھەگە تەڭلا قول كۆتۈردى . دۇئادىن كېيىن نىياز ھېكىمبەگ ئۆزىنى سەل ئەركىن ھېس قىلىپ چاندۇرماي باداشقان قۇرۇۋالدى ـ دە ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ، بېشىنى سەل ئېگىپ ، جامادار پەرمانچىغا : «ئەمدى نۆۋەت سىلىگە كەلدى» دېگەندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى .

جامادار پەرمانچى يېشى ئەللىك بەشلەرگە بېرىپ قالغان ، ئوتتۇرا بوي ، ئۆڭى سۇزۇك ئادەم بولۇپ ، يىرىك چار ساقىلى قويۇق تۇك بۆرتۈپ چىققان مەيدىسىنى يېپىپ تۇراتتى . نىياز ھېكىمبەگ ياقۇپبەگكە ئانچە ـ مۇنچە گەپ يېگۈزەلەيدىغان ، قولىدىن چوڭ ئىشلار كېلىدىغان بۇ كىشىگە ئاتاپ قاشتېشى مۆھۈر ئويدۇرۇپ كەلگەن ۋە دېۋاندىلا ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىپ ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان چېقىر كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋەتكەنىدى . شۇ تاپتا ئۇ نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئىلتىپاتىغا جاۋابەن ، قوبۇلدا ئارىچى بولۇۋاتاتتى .

— جانابىي بۇرادىرىمىز نىياز ھېكىمبەگ گۈزەل خوتەن دىيارىنى مۇرۇۋۋەتلىك ئالىيلىرىنىڭ چوڭ ئىلتىپاتى ۋە ئامانىتى دەپ بىلىپ ، ئادىللىق ، ئاسايىشلىقتا تەسەررۇپ قىلىپ تۇرۇپتۇ ، — دېدى ئۇ ياقۇپبەگكە ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ كۆز ئىشارىسىنى چۈشىنىپ ، — ۋاقتىكى ، شەھىدانە خوتەن پۇقرالىرى مۇبارەك قىلىچلىرى ئاستىغا بەيئەت بىلدۈرۈپ ، قاراڭغۇ دىل ئۆيىنى ئىمان نۇرى بىلەن يورۇتقان بۇ كۇنلەردە قادىر ئاللا بۇ يۇرت بېگىنىڭ كۆڭلىگە دۆلەت قۇياشىنىڭ دىدارىنى كۆرۈش ، ساداقىتىنى ئىزھار ئېتىش ئارزۇسىنى سالغانىكەن . ھاكىمبەگ جانابلىرى شۇ ئارزۇنىڭ دالالىتىدە ئاياغلىرىغا ھازىر بولۇپ ، ھۇزۇرلىرىدا مەرھەمەتلىرىدىن سۆيۈنۈپ ئولتۇرۇپتۇ ، بالىنىڭ ئاتىغا ، پۇقرانىڭ پادىشاھقا ئۆزى خوپ كۆرگەن بىرەر چارە بىلەن تەشەككۈر بىلدۈرۈپ ، كۆڭلىنى ئىزھار قىلمىقى

شەرىئىتىمىزدىمۇ ، ئادەتلىرىمىزدىمۇ دۇرۇستۇر . شۇ ۋەجىدىن تاۋاپ قىلغۇچى بۇرادىرىمىز دۇئالىرىنى سېغىنىپ ، شاپائەتلىرىگە تەشنا بولۇپ بەزى تارتۇق ـ سالاملارنى ئەكەلگەنىكەن . شاھىمىز مالال كۆرمەي بۇ ئاددىي پىشكەشلەرنى قوبۇل ئەتسە ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ۋاپادار قۇللىرىنىڭ مۇرادى ھاسىل بولسا دېگەن ئۇمىدتىمەن…

ياقۇپبەگ جامادار پەرمانچىدىن كۆزىنى ئېلىپ ، قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالغان نىياز ھېكىمبەگكە قارىدى ۋە ئىجازەت بەردى :

— مەرھەمەت !— دېدى ئۇ ئادىتى بويىچە بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىڭشىتىپ . نىياز ھېكىمبەگ ياقۇپبەگدىن ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن جامادار پەرمانچىغا قاراپ يەنە بىر قېتىم كۈلۈمسىرىدى . جامادار پەرمانچى شۇ ھامان يېنىك چاۋاك چېلىپ بەلگە بەردى .

چاۋاك ئاۋازى بىلەن تەڭ ، يوغان ـ يوغان پەرەڭ پەتنۇس-لىرىنى كۆتۈرگەن تۆت ـ بەش مۇلازىم قوبۇلخانا بوسۇغىسىدا پەيدا بولدى . ئۆي ئىچى ھەش ـ پەش دېگۈچە توقسان[①] نەپىس يۇڭ گىلەم ، توقسان مەشۇت گىلەم ، توقسان ئەتلەس ، توقسان توپ شايى ، ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە قاشتېشى بىلەن بېزەلگەن توقسان ئارغىماق جابدۇقى ، توقسان قاشتېشى جام ، توپ ھىندى گەزلىمىسى ، توقسان ھەميان تەڭگە ـ تىللا ، خۇش پۇراق ئەشيا ، ھېقىق ـ جاۋاھىرات بىلەن تولۇپ كەتتى . كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان بۇ ئېسىل بۇيۇملار تورۇستا قۇياشنىڭ بىر پارچىسىدەك نۇر چېچىپ تۇرغان گازۋاي چىراغ شولىسىدا سىم ـ سىم ئۆڭكۈرىدىكى[②]

① توقسان — تارتۇقنىڭ «توقسان» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ . ئەمەلىيەتتە بۇ تارتۇقنىڭ سانى «توقسان» بولماستىن ، بەلكى توققۇز يەردە توققۇز «سەكسەن بىر» بولىدۇ . بۇ «توقسان تارتۇق» دېيىلىدۇ .

② سىم ـ سىم ئۆڭكۈر — «ئەلى بابا ۋە قىرىق قاراقچى» دېگەن ئەرەب چۆچىكىدىكى قاراقچىلار قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى ساقلايدىغان سىرلىق ئۆڭكۈر . بۇ ئۆڭكۈر «سىم ـ سىم ، ئىشىكنى ئاچ» دېگەن مەخپىي بەلگە بىلەن ئېچىلىدۇ .

يوشۇرۇن خەزىنىدەك جۇلالىنىشقا باشلىدى . نىياز ھېكىمبەگ ياقۇپبەگ بۇ ئېسىل دۇنيادەپىنىنى تاماشا قىلىۋاتقان ئوبدان پۇرسەتنى قولدىن بەرگۈسى كەلمىدى :
— قولىمىزدىن كەلسە كەمىنە قۇللىرىغا يەتكۈزگەن ئاتىدارچىلىقلىرى ئۈچۈن ئالتۇن تەخت كەلتۈرسەكمۇ ئەرزىيتتى . شۇغىنىسى ، تاپقان ـ تەرگىنىم ئالىيلىرىنىڭ لاياقىتىدە ئەمەس ،— دېدى سوۋغىلىرىغا تەمەننا قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇۋالغان نىياز ھېكىمبەگ ياقۇپبەگكە ئېگىشىپ تۇرۇپ ، — قول ـ ئىلكىمىزدە بولمىغان بىلەن كۆڭلىمىزدە بار ، ئەرزىمەس ماللىرىمىز جانابلىرىغا مەنزۇر كەلسە كېيىنكى كۈنلەردە جېنىمىزنىمۇ تەسەددۇق قىلارمىز ، قېنى ئالىيلىرى ، ئاز بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ قىلىپ دۇئا بەرگەيلا .
نىياز ھېكىمبەگ ياقۇپبەگنىڭ چىرايىدىن نە مەمنۇنىيەت ، نە قانائەت ئالامىتىنى كۆرەلمىدى . ئۇنىڭچە بولغاندا ، يەتتە شەھەر تەۋەسىدە پەقەت خوتەندىنلا تېپىلىدىغان بۇ بىباھا بۇيۇملار ئالدىدا ئۇ ھاياجانلىنىپ ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كېتىشى ، نىياز ھېكىمبەگنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىشى ، ھەتتا قۇچاقلىشىپ قايتا كۆرۈشۈشى كېرەك ئىدى . ئەمما ، ياقۇپبەگ ئۇ ئويلىغاندەك قىلمىدى . ئەكسىچە ، مال ـ دۇنيادىن بىنەزەر ، پانىي دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغىتىدىن قول ئۈزگەن زاھىتلاردىلا بولىدىغان تەمكىنلىك ، مەنسىتمەسلىك نەزىرىدە قارىغانچە ئولتۇرىۋەردى .
«ھەي قاقۋاش ، — دەيتتى نىياز ھېكىمبەگ ئىچىدە ياقۇپبەگكە خىيالەن خىتاب قىلىپ ، — مەن بىلىمەن ، دۇنيادا مال ـ دۇنياغا قىزىقمايدىغان ئادەم يوق ، سەنمۇ ، مەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە . پەقەت خۇشلۇقۇڭنى يوشۇرۇپ ، كەيپىڭنى نىقابلاپ ، ھۆرمىتىمگە قەستەن پەرۋاسىز قاراۋاتىسەن... »
ئەسنەك تۇتقان بولسا كېرەك ، ياقۇپبەگ ئاغزىنى ئېچىپ ، غولىچىنى كەڭ يايدى ، كېرىشىپ كەتكەن غولىنى رۇسلىۋالدى . كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئولتۇرغان جامادار پەرمانچىغا مۇنداقچىلا

قارىۋالدى ۋە تارتۇقلارغا پاتىھە بېرىپ :
— كەرەملىك ئاللا قولى ئوچۇق بەندىسىنى دوست تۇتقۇچىدۇر ، ئىلاھا ئامىن ، — دەپ يۈزىنى ۋە ساقىلىنى سىيپاپ قويدى .
دەرۋەقە ، نىياز ھېكىمبەگ قۇشبېگىنىڭ بۇ خىل پەرۋاسىزلىقىنى باشقا بىر مەنىدە چۈشىنىۋاتاتتى . دۇرۇس ، خۇددى ئۆزى جەزم قىلغاندەك ، ياقۇپبەگمۇ ئادەم ئىدى ، ئادەمنى ئادەملىك ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇمۇ مال - دۇنياغا قىزىقماي قالمايتتى . ئەمما ، قىممەت باھالىق بۇ مال - دۇنيانىڭ ئالدىدا تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىشى بولۇپمۇ مال - دۇنيا تارتۇق قىلغۇچىنىڭ ھەددىدىن ئاشۇرۇپ ساداقەت بىلدۇرۇشى ياقۇپبەگنىڭ كۆڭلىدە شۈبھىلەر پەيدا قىلىۋاتقانلىقى نىياز ھېكىمبەگكە تېخى قاراڭغۇ ئىدى . ئەمەلىيەتتە ، بۇنداق ساداقەت ۋە مەردلىكنىڭ كەينىگە قانداق تەمە ۋە قانداق ئاپەتنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىدىن ئىبارەت بىر مۇرەككەپ تېپىشماق ياقۇپبەگنى تولغاق ئازابىدەك قىيناۋاتاتتى . چۈنكى ، ئۇنىڭمۇ بىر چاغلاردا مەلۇم غەرەز ۋە مۇددىئا بىلەن ئۆزىدىن چوڭ ھۆكۈمرانلارغا خۇددى نىياز ھېكىمبەگدەك سېخىيلىق بىلەن سوۋغات بېرىپ ، ساداقەت بىلدۈرگەن پەيتلىرى بولغانىدى .
تېخى تۇنۇگۈنكىدەك يادىدا تۇرۇپتۇ : ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تاشكەنت ھۆكۈمرانى بولغان نارمۇھەممەت قۇشبېگى ۋە قائەتشاھ غازىلارغا مەھرەملىك قىلدى . كېيىنچە قانائەتشاھ تەرىپىدىن دەشتى قىپچاقنىڭ مۇھىم يېرى — ئاقمەسچىت شەھىرىگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلەندى . ئۇ ھاكىملىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە شەھەر ئەتراپىدىكى چارۋىچى قوۋملاردىن خېلى كۆپ غەللە - پاراق يىغدى ، بەرمىسە يۇلۇۋېلىپ يامان ئەمەس ئابرۇيغا ئېرىشتى .
بىراق ، «ئۆردەكنىڭ گۆشىنى يېسەڭ ، غازنىڭ پېيىدا بول» دېگەن گەپ بىكار ئەمەس ئىكەن . بۇ ئابرۇي ۋە بۇ ھاكىملىق ئۇنىڭ

قانائەت جامىنى تاشتۇرۇپ ، يېڭى ـ يېڭى ۋەسۋەسىلەرگە سالغىلى تۇردى . تاشكەنتتەك بىرەر چوڭ شەھەرگە ھاكىم بولۇش، ھاكىملىقنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئۇستۇنرەك بىرەر تەختكە ئېرىشىش ئارزۇسى ئۇنى خۇددى نىياز ھېكىمبەگ ماڭغان يولدەك بىر يولغا ئاتلاندۇردى . كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ توققۇز ـ توققۇز قىپچاق ـ قىرغىز قىزلىرىدىن ، توققۇز ـ توققۇز بەرنا يىگىتلەردىن ، توققۇز ـ توققۇز قالماق ئاتلىرىدىن ، كىمخاب ، گەزلىمىلەردىن سوۋغات تەييارلاپ ، بەئەينى بوگۆنكىدەك ساداقەت تەزىمى بىلەن پەردازلاپ خۇدايارخاننىڭ[1] نەزىرىدىن ئۆتكۈزدى . قوقەند خانلىقىنىڭ ھېچبىر شەھىرى ۋە ھاكىمىدىن بۇنداق مول ، قىممەت باھا تارتۇق ـ سالاملارغا ئېرىشىپ باقمىغان خۇدايارخان ئۇنىڭغا مەقسىتىگە لايىق سۇيۇرغال ۋە ئىنئاملارنى بەردى .

كېيىن ياقۇپبەگنىڭ بېشىغا نۇرغۇن بالا ـ قازالار كەلدى . شۇنداق چاغلاردىمۇ ئۇ مال ـ دۇنيانىڭ كۈچى بىلەن خۇدايارخاننىڭ مەھرىمى ئابدۇللا يۇزبېشىنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە قارىتىپ خاننىڭ غەزىپىدىن قېچىپ قۇتۇلدى . خۇدايارخاننىڭ دۆلەت ئاپتىپى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ ، مەللىخاننىڭ[2] ئامەت كۆنى تۇغۇپ خان بولغاندا ، ياقۇپبەگ يەنە شۇنداق تارتۇق ـ پىشكەشلەر ، تەزىم ـ تەۋەززۇلار ئارقىلىق مەللىخانغا ساداقەت بىلدۇرۇپ ، خوجەنت شەھىرىنىڭ ھاكىملىقىنى قولغا كەلتۈرگەندى . كېيىنچە ئۇ مەللىخانغا خىيانەت قىلىپ بۇخاراغا قاچقان ۋە بۇخارا ئەمىرى تەرىپىدىن زىندانغا تاشلانغاندىمۇ ئالاش بىي ، مۇھەممەت بابالار بىلەن تىلنى بىر قىلىپ ، زىندانبېگىگە پۇل ـ پۇچەك ئىنئام قىلىپ زىندان ئازابىدىن ھەم دار ئالدىدىن ئامان قالغانىدى…

---

①② خۇدايارخان ، مەللىخان — ئاكا ـ ئىنى بولۇپ ، ھەر ئىككىسىلا قوقەند خانلىقىنىڭ خانى بولغان . مەللىخان ئۇزاق مۇددەتلىك رىقابەت ئارقىسىدا 1858 ـ يىلى ئاكىسى خۇدايارخاننى تەختتىن قوغلىۋېتىپ ، ئۆزى خان بولغان . لېكىن ، قىرغىز ـ قىپچاق قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئالىمقۇلنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن خۇدايارخان مىلادىيە 1868 ـ يىلى ئىنىسى مەللىخاننى تەختتىن چۈشۈرۈپ ، ئىككىنچى قېتىم خان بولغان .

ياقۇپبەگچە بولغاندا، ئۆتمۈش ئەمدى تەكرارلانماسلىقى، باشقىلار ئۆزىنىڭ، ئۆزى باشقىلارنىڭ ئورنىغا ئۆتۈپ قالماسلىقى كېرەك ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ بۇگۈنكى قوبۇلدا ئاز گەپ قىلىپ، كۆپ ئويلىدى. ئاخىرىدا، نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۆزىنىڭغا سوزۇلغان مەلۇماتلىرىنى، ياغلىما گەپلىرىنى زېرىكىش ئىچىدە ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن خوتەندە ھەر خىل ئۇستىخانىلارنى ئىشقا سېلىش، ئۈچ يىللىق غەللە- پاراقنى بىر يىلدىلا يىغىش توغرىسىدا بىرقانچە ئېغىز گەپ قىلدى ۋە ئادىتى داستىخان ھازىرلاپ چاي بەردى. چايدىن كېيىن نىياز ھېكىمبەگكە كىمخاب تون، بىر قەندىھار شەمشىرى ئىنئام قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈردى. ئاندىن جامادار پەرمانچىغا قاراپ:

— ئاباس مىرزابېشىنى ھازىر قىلسىلا، — دېدى سىلىق ئاۋازدا.

— جامادار پەرمانچى تاشقىرىغا چىقىپ ھايال ئۆتمەيلا تۆگىدەك قامەتلىك، قارلىغاچ قانىتى بۇرۇت قويۇۋالغان، ئوزايىدىن تەكەببۇرلۇق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ناتونۇش بىر كىشىنى باشلاپ كىردى. ياقۇپبەگ بۇ كىشىنى نىياز ھېكىمبەگكە تونۇشتۇرۇپ:

— ھەززەتلىرىگە قوشۇپ قويىدىغان كىشى كەمىنىلىرىنىڭ شىرەم تۇغقىنى خوجا ئاباس يۈزبېشى بولىدۇ، بۈگۈنگىچە بوش تۇرغان مىرزىبېشىلىق ئورۇننى مۆھتەرەم تۇغقىنىمىز بىلەن تولدۇرۇپ، كۆپرەك ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويارلا، — دېدى ئادديلا قىلىپ.

— ئالىيلىرىنىڭ مەرھەمىتىگە تەشەككۇر!

نىياز ھېكىمبەگ ياقۇپبەگنىڭ ئاغزاكى يارلىقىنى ئاڭلاپ بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك بىئارام بولدىيۇ، لېكىن بۇ ھالىتىنى ھېچكىمگە سەزدۈرمىدى. «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەن مانا مۇشۇ، خالمان پانسات بىلەن موللاجى تۇراپنىڭ ئاۋارىچىلىكى يەتمىگەندەك، يەنە بىر كۆشەندىنى كۆپەيتكىنىگە قارىمامدىغان» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. چۈنكى، مەنسەپ- مەرتىۋە

جەھەتتە مىرزىبېشى ھاكىمبەگ بىلەن تەڭ ماقامدا تۇراتتى ، قولىقىنىڭ تېخىمۇ تىنچ بولمايدىغانلىقى نىياز ھېكىمبەگكە مەلۇم ئىدى .
بۇ كۆڭۈلسىز قوبۇلدىن كېيىن نىياز ھېكىمبەگ قەشقەردە ئانچە ئۇزاق تۇرمىدى . ھوشۇربەگ ۋە قۇدالايغا خوش دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي خوتەنگە يول ئالدى .

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

# قاراقاشتا ئىتتىپاق

— ئاللاھۇئەكبەر... ئاللاھۇئەكبەر...
ئاقمۇللامىنىڭ ئۆيى ئۇلۇغ يولنىڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ ، ئۆزى يېقىن ئەتراپتىكى كىچىكرەك بىر مەسچىتتە مەزىنلىك قىلاتتى . ئۇ يېقىملىق كۈيگە ئوخشاپ كېتىدىغان خۇش ئاۋازى ۋە كىچىك پېئىللىقى بىلەن نامازخانلارنىڭ ۋە ئەھلىمەھەللىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى . ئۇ توۋلىغان ئەزان قويۇق بۇلۇتلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ نە ـ نەلەرگە كېتەتتى ۋە گۈگۈمدىكى ھايات شاۋقۇنلىرىنىمۇ ، تاڭ خورازلىرىنىڭ چىللاشلىرىنىمۇ بېسىپ چۈشەتتى .
بۈگۈن ئۇ قاراقاش كوچىلىرىدا ئۈۋىسى بۇزۇلغان چۇمۇلىلەردەك چۇۋۇلۇپ يۈرگەن شور تۇمشۇق مىرشەپلەرنىڭ نەزىرىگە چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ، خۇپتەن نامىزىغا ئۆيى ئىچىدىلا ئەزان ئوقۇدى . كېيەك دەرۋىش ، ئايمۇھەممەت قازانچى ۋە كەرىمقۇل ئۇنى ئىمام دەپ بىلىپ ئىقتىدا قىلىشتى . نامازدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن ، تۆر تامدىكى ئوچاقنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى .
ئوچاقتا سۇ تېمىپ تۇرغان ھۆل تېرەك ئوتۇنى پىشىلداپ

كۆيمەكتە ئىدى. ئۆيئىچىنى بىر ئالغان كۆيگەن يېلىم پۇرىقى دىماغنى ئېچىشتۇرۇپ، كۆزلەرنى ياشاڭغىرىتاتتى. ئوتۇن ئۇچلىرىغا تۇتىشىپ ياغسىراپ قالغان چىراغدەك پىلىلداشقا باشلىغان ئاجىز يالقۇن ئىسسىغۇدەك ئىسسىق بېرەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ توپا ئۆرلەپ تۇرغان چىرايىنى ئانچە-مۇنچە يورۇتۇپ تۇراتتى. نېمىگىدۇر ئىچى سىقىلىپ تۇرغان كېپەك دەرۋىشنىڭ ساقىلىنى تۇتاملاپ تۇرۇپ، دۇم يېتىپ پۇۋلەشلىرىمۇ ئوتنى ئۇلغايتىشتىن يىراق ئىدى.

— ھەي، ئەجەب بىر زامان بولۇۋاتىدۇيا، — كېپەك دەرۋىشنىڭ بىھۇدە ئۇرۇنۇشلىرىدىن خىجىل بولغان ئاقمۇللام ئۆزىچە دادلاشقا باشلىدى، — بازارغا بىرەر كاللەك تۇز ياكى بىرەر ئۇلاغ ئوتۇن چاغلىق نەرسە كىرمەس بولۇپ كەتتى. ھەرقايسىلىرىنى توڭۇپ قالمىسۇن دەپ ئۆي كەينىدىكى قاپاق تېرەكنى كېسىپ ئوتۇن قىلغانىدىم، كىم بىلسۇن، ئۇنىڭ سۇدىن سۇزۇۋالغاندەكلا مىشىلداپ تۇرغىنىنى، ئوغلۇم رەھمەتلىك ھايات چېغىدا... ھەي، نېمىسىنى دەي!

ئاقمۇللام ئايمۇھەممەتنى ئاياپلا ئوغلى ھەققىدىكى تەسىرلىك ۋە ئۇزۇن ھېكايىسىنى سۆزلەشتىن يالتىيىپ قالدى. چاناقلىرىدىن تاشاي دەپ قالغان يېشىنى چاندۇرماي سۇرتۇۋېتىپ، ھەمراھلىرىغا قاراپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۇلۇمسىرەپ قويدى.

بۇ يىل تويتوغرا قىرىق بەشكە كىرگەن، قورايدەك ئورۇق، ئوتتۇرا بوي، ئاق ئۆڭلۇك كەلگەن ئاقمۇللام قاراقاش بازىرىنىڭ زاۋا يولى تەرىپىدىكى مەسچىتتە ئىماملىق قىلىپ يۇرگەن كۇنلەردە، تۇيۇقسىز ماتەملىك بولۇپ قالدى. تەقدىر تەتۇر كېلىپ يەتتە يېشىدىلا ئانىسىز قالغان ئوغلى ئابدۇجاپپار نەزىرە-نىياز ۋە ناماز ھەققىگە قاراشلىق بۇ نامرات مەزىننىڭ ئاتىلىق ھەم ئانىلىق مېھرىگە قېنىپ چوڭ بولغانىدى. ئۆتكەن يىلى نەق يىگىرمىگە كىرگەن كۇنلەردە ئۇ يارمۇھەممەتكە ئەگىشىپ خوتەنگە باردى ۋە چوڭ قەتلىئامدا يارمۇھەممەت بىلەن بىر كۇن، بىر

سائەتتە قازا قىلىپ كەتتى. ئوغلىنىڭ مېيىتى كونا تونۇشى قاۋۇل ئۇستىنىڭ ئوغلى ئايمۇھەممەت ھەم ئەمدىلا تونۇشقان كېپەك دەرۋىش تەرىپىدىن يۇيۇپ - تارىلىپ دەپنە قىلىنىۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئوغلىنىڭ كۈلۈپ تۇرغان سىيماسى تا بۈگۈنگىچە كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەيتتى. ئۇنىڭ بۈركۈت بالىسىنىڭكىدەك چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى، بىللە ماڭغاندا ئۆزىدىن ئېگىزرەك كۆرۈنىدىغان بويى - بەستى، ساددا، ئىتائەتچان خۇلقى كېچە - كۈندۈز ئۆزى بىلەن بىللە ئىدى. مەيلى جايىنامازدا بولسۇن ياكى تالا - تۈزدە بولسۇن، ئوغلىنىڭ سىيماسى كۆزىگە كۆرۈنگەن ھامان كۆز ياشلىرى كۆكلەم يامغۇرىدەك تۆكۈلۈپ، دامان ساقىلىنى چىلىق - چىلىق ھۆل قىلىۋېتەتتى.

ئاقمۇللام مەسچىتىنىڭ ئۈچتىن بىرىنىمۇ تولدۇرالمايۋاتقان جامائەتتىن بېزىپ، يالغۇزلۇقتىن غېرىبسىنىپ تۇرغاندا ئايمۇھەممەت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كېلىپ قالدى. ئۇ ئۇچەيلەن گۈلئايىمنى گۇما كۆكتېرەكتىكى تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە جايلاشتۇرۇپ قويۇپ پىيالما ئارقىلىق قارا قاش تەۋەسىگە كىرىپ، ئۇدۇل ئۇنىڭكىگە چۈشكەندى. ئايمۇھەممەتلەرنى كۆرۈپ، خۇددى ئوغلى تىرىلىپ قوپقاندەك خۇش بولۇپ كەتكەن بۇ مەزىن ئۇلار بىلەن قەدىناسلارچە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئوغلىنىڭ جەسىتىنى ئۆز قولى بىلەن سۇغا ئېلىپ، كېپەنلەپ يەرلىكىدە قويغان كېپەك دەرۋىش بىلەن تۇنجى كۆرۈشۈشتىلا كونا تونۇشلاردەك چىقىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چىشىنىڭ كاۋىكىدا ساقلاپ كەلگەن تۆت ئۇچۇم گۈرۈچىنى ئاچىقتى ۋە ئۆگزە تاتلاپ يۈرگەن ئۈچ چۈجىسىنىڭ بىرىنى بوغۇزلاپ، غىزا تەييارلىدى. قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدىكىن، نەچچە كۈندىن بېرى قۇمغا چۈشكەن تەڭگىدەك غايىب بولۇپ كەتكەن ھەمدەم باتۇرمۇ قىيادەك سۈرلۈك گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

بىر كېچە - كۈندۈز ئاغزىغا نان سالمىغان، بىر يۇتۇم سۇغا تەشنا بولغان بۇ مېھمانلار ئاقمۇللامنىڭ ھىممىتى بىلەن قورسىقىنى

خېلى ئوبدان توقلىۋالدى. بىرھازا پۈۋلەش، چۈخچىلاشلاردىن كېيىن ئەتىيازنىڭ ئاپتىپىدەك ئىسسىق بېرىشكە باشلىغان ئوچاققا بەش جۈپ قول قاقلاندى. بۇ قوللارنىڭ ئىچىدە مېھمانلار قاتارىغا يېڭىلا قوشۇلغان ھەمدەم باتۇرنىڭ قوللىرى تۆگە تاپىنىدەك چوڭ ئىدى. تولۇق ئېچىلغان ئالقانلىرى بەئەينى ئون جىڭلىق كەتمەنگىلا ئوخشايتتى. قولىغا لايىق، بوي ـ بەستىمۇ نار تۆگىدەك يوغان ئىدى. ئۆي ھاۋاسىنىڭ خېلىلا سوغۇق بولۇشىغا قارىماي، قاپلانىنىڭكىدەك يوغان بېشىدىن پۇرقىراپ ھور ئۆرلەپ، چېكىسىدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. پۈۋلەپ قويغاندەك سېمىز يۈزى، يوغان بۇرنى، ئىككى ئىلىك كەلگۈدەك قويۇق بۇرۇتى بىلەن ئۇ خۇددى چۆچەكلەردىكى دىۋىگىلا ئوخشايتتى.

ئاقموللام ئوچاق ئالدىدىكىلەرنىڭ سۇغا قانغان ئۆكۈزدەك يېنىك پۇشۇلداشلىرى، سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇشلىرىغا قاراپ گەپ تەشمەكچى بولدى ۋە ئون يىللىق قاپاق تېرەكنىڭ غولىدەك توم پاچاقلىرىنى تەسلىكتە قولاشتۇرۇپ، ئوچاق ئالدىدا ئىككى كىشىلىك يەرنى ئىگىلەپ ئولتۇرغان ھەمدەم باتۇرغا:

— قېنى ئۇكا، ئوچاقنىڭ ئوتىنى ئېڭىشىپ تۇرۇپ تازا بىر پۈۋلىۋەتمەمدىلا؟ — دېدى چاقچاق قىلىپ. ئېڭىشىپ ئوت پۈۋلەش ئەمەس، بەلكى ئۆرە تۇرسىمۇ پۇتىنىڭ ئۇچىنى كۆرەلمەيدىغان ھەمدەم باتۇر:

— موللىكا، مۇشۇ كۈنلەردە كۆڭلۈم چاقچاق تارتمايدىغان بولۇپ قالدى، باشقا چاغ بولسىدى سىلىگە ھەرگىز بوش كەلمەيتتىم، — دېدى سەل خۇشياقمىغان ھالدا.

دېمىسىمۇ، ھەمدەم باتۇر يۇرت ئىچىدە پېقىرچىلىق، ئۈزۈكچىلىك بولۇۋاتقان، ئۆلۈم ـ يېتىم كۆپىيىپ قالغان بۇ كۈنلەردە پەقەت ئەل غېمى بىلەنلا ئاۋارە بولۇپ يۈرەتتى. بىرەر ئىش تەۋرىتەي دېسە قەيەردىن قول سېلىشنى بىلمەيتتى، بىرەر يولداشقا ياكى يول كۆرسىتىدىغان ئادەمگە موھتاج ئىدى. كىشىنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان ئاقموللامنىمۇ دەل مۇشۇ

مەقسەتتە ئىزدەپ كەلگەنىدى .

ئاللا ھەمدەم باتۇرنى ياراتقاندا ئۇنىڭغا قەددى ـ قامەت ، بوي ـ بەستىنى يەتكۈچە ئىنئام قىلغاندىن تاشقىرى ، ئۇنىڭغا ئوچۇق ـ يورۇق ، شوخ تەبىئەتلىك مىجەزنىمۇ ئاتا قىلغانىدى . تىنچ زامانلاردىكى توي ـ مەشرەپلەرمۇ ئۇنىڭسىز قىزىمايتتى ، ئۇسسۇلنىمۇ ياغاچ ئوشتۇغاندەك قاس چىقىرىپ ، پەيدەك لەيلەپ ، قۇيۇندەك پىرقىراپ ئوينايتتى . تەڭتۇشلىرى ئۇنىڭغا ئەسلى لەقىمىنى قايرىپ قويۇپ ، پەقەت «ھەمدەم قارماق» دەپلا خىتاب قىلىشاتتى . ياشقا چوڭلار ھۆرمەتلەپ «ھەمدەم باتۇر» دەپ چاقىرىشاتتى . «قارماق» دېگەن لەقەممۇ ئۇنىڭغا ياز كۈنلىرى كېيىۋالىدىغان بادام دوپپىسىدەك يارىشىۋېرەتتى . سۇلالە چېرىكلىرى زامانىسىدىن تارتىپ جانبازلىق ـ سىپايىگەرلىكتە خېلى كۆپ تەلىم كۆرگەن بۇ كىشى جاڭگالغا تۇتاش ئېكىنزارلىقتا پەيدا بولۇپ قالغان ياۋا توڭگۇز بىلەن ئېلىشقاندىمۇ ، يۇرت ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلگەن دۈشمەن قوۋمغا قارشى مەيدانغا چۈشكەندىمۇ يا قىلىچ ، يا نەيزە ئىشلەتمەيتتى . روزىمىساقتىن تارتىپ ، قورال ـ ياراغ قاتارىدا سانىلىپ باقمىغان يېرىم ئاي شەكىللىك ئۇچلۇق قارماق ئۇنىڭ قولىدا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتەتتى . ئەۋلىيا ـ ئەزىمەلەرنىڭ نامىنى زىكرى قىلىپ جەڭگە كىرگەندە ياۋا توڭگۇزنىڭ خەنجەردەك ئۆتكۈر چىشلىرىمۇ ، دۈشمەننىڭ ئۇستىرىدەك ئىتتىك قىلىچلىرىمۇ ئۇنىڭ قارمىقى ئالدىدا بىر زەربىگە چىدام بېرەلمەيدىغان ئەرزىمەس بىرنېمىگە ئايلىنىپ قالاتتى .

مىلادىيە 1864 ـ يىلى راشىدىن خان كۇچا شەھىرىدە ئىسلام ئېچىپ ، ئاقسۇ ، كۇچا ، ئۇچتۇرپانلارنى ئۆزىگە قاراتتى ۋە قەشقەر ، يەكەن تەرەپلەرگە شەيخ نەزەردىن خوجىنى باش قىلىپ غازات ئەلچىلىرىنى ئەۋەتتى . نەزەردىن خوجا يەكەنگە كېلىپلا ھاجى خەزىنىچىبەگ دېگەن كىشىنى ئىككى مىڭ سەرخىل لەشكەرگە باش قىلىپ خوتەنگە يولغا سالدى . يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇنىڭغا : «ھاجى

پادىشاھ ياۋاشلىقچە باش ئېگىپ سەلتەنەت تۇغىمىز ئاستىغا بەيئەت بىلدۇرسە ۋە تەختىنى بوشىتىپ خىزمەتلىرىدە بولسا ئۆزىنىڭ بەختى. مۇبادا دالالەتتىن باش تارتىپ قاتتىق قوللۇق قىلسا ئۇنى جىمىكى جەددى - پۇشتى بىلەن قوشۇپ ئالدىمغا ھازىر قىلغايلا» دەپ ئەمر قىلدى.

ھاجى خەزىنىچىبەگ لەپىلدىگەن تۇغ - ئەلەملەر ئالدىدا كۆرەڭلىگەن پېتى سانجۇغا كەلدى ۋە يۇقىرىقى مەزمۇندا بىر مەكتۇپ تەييارلاپ ھەبىبۇللاخانغا ماڭدۇردى. تەكەببۇرلۇق، يوغانچىلىق بىلەن تولغان بۇ مەكتۇپ ھەبىبۇللاخاننىڭ غۇرۇرىغا تەگدى. پەرمان بويىچە، ئوغلى ئىبراھىمخان سودۇر ئۈچ مىڭ لەشكەرگە سەردار بولۇپ ھاجى خەزىنىچىبەگنىڭ ئالدىنى توستى. ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى زاۋىدا ئۇچراشتى ۋە ھەدېگەندىلا جەڭ باشلىنىۋەتتى. ئەمما، ئويلىمىغان كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ، جەڭ ئاتلىرىنىڭ تۇيىقى قىزىغا - قىزىمايلا ئىبراھىمخان سودۇر غايىب ئەجەل بىلەن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. باشسىز قالغان خوتەن لەشكەرلىرى جان - جەھلى بىلەن جەڭ قىلدىيۇ، بىر قەدەممۇ ئىلگىرى باسالمىدى. دەل شۇ چاغدا ئىبراھىمخانغا ئەلەمدار بولۇپ كەلگەن ھەمدەم باتۇر يېشىل ئەلەمنى پۇلاڭلىتىپ، نەرە تارتقان پېتى مەيدانغا چۈشتى ۋە چېكىنىش تەرەددۇتىغا چۈشكەن لەشكەرلەرگە قاراپ: «ھەي باتۇر لەشكەرلەر، پاسبانىمىزنى ئۆلتۈرگەن ياقا يۇرتلۇقلاردىن قانغا - قان، جانغا - جان ئالىلى، ئۆلۈمدىن قورققان خوتەنلىك ئەمەس!» دەپ خىتاب قىلدى. قارىمىقىنى بېلىدىن سۇغۇرۇپ، قارا قاغىدەك بېسىپ كېلىۋاتقان كۇچا لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىغا ئوقتەك شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. ئۇ كىرگەن جايدىكى لەشكەرلەر ئورغاق تەگكەن قومۇشتەك، بىر - بىرلەپ يىقىلغىلى تۇردى. بەزىلىرى پوكىنىدىن ئىلىنىپ قاقىرامغا تاشلانغان بېلىقتەك پىلتىڭلاپ، جان تالاشتى. يەنە بەزىلىرى قانلىرىنى سارقىتىپ پىيالما سېيىغا قاراپ قاچتى. ھەمدەم باتۇر ئالدىغا كەلگەنىنلا يوق قىلىپ ئۇلارنى تا سانجۇ سېيىغىچە قوغلاپ

باردى ـ دە ، غالىب لەشكەرلەر بىلەن سودۇرخاننىڭ جەستىنى ، ئولجا ـ غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ خوتەنگە قايتىپ كەلدى . مانا شۇ ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇنىڭ نامى ۋە لەقىمى يىراق ـ يىراقلارغىچە پۇر كەتتى . زاۋا جېڭىدە كۆرسەتكەن باھادىرلىقىنى تارتۇقلىماقچى بولۇپ ئالدىغا چاقىرتقان ھەبىبۇللاخان ئۇنىڭدىن «مەندىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىڭ ، خالىغىنىڭىزچە بېرەي» دېگەندە ، ئۇ : «قارچىغا قۇشلاپ ، ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن بىر پارچە جاڭگال بۆلۈپ بەرسىلىلا كۇپايە» دېگەن تەلەپنى قويدى .

ھەبىبۇللاخان ئۇنىڭ بۇ ئاددىي تەلىپىنى شۇ ھامان ماقۇل كۆرۈپ ، قارا قاشنىڭ قاراساي دېگەن يېرىدىن توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا يېرىم كۈنلۈك كېلىدىغان بىر پارچە جاڭگالنى بۇيرۇپ بەردى . ئۇردىدىكى مەھرەملىك تۇرمۇشىدىن زېرىكىپ ، غوۋغاسىز ، تەۋشىسىز كەڭ دۇنيانى خالاپ قالغان ھەمدەم باتۇر كۆدە ـ كۆرپىسىنى ئىككى ئېشەككە يۈكلەپ ، قارچىغىسىنى قولىغا قوندۇرۇپ ، ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان بۇ جاڭگالغا كىرىپ كەتتى . ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ قانلىق خوتەن پاجىئەسىدىن ۋە يېقىن ئاغىنىسى ئابدۇجاپپارنىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر تاپقاندا ، ئۇ قارىمىقىنى مەھكەم قامالاپ تۇرۇپ : «ھەي مېنىڭ يوق بولۇپ قالغىنىم ، بولمىسا ئۇ قانخورلارنىڭ پوكىنىدىن بىر ئەمەس ، ئونلاپ تۆشۈك ئېچىپ ، پاسىق قانلىرىنى دەريا قىلىپ ئاقتۇراركەنمەن» دەپ ئۆكۈندى .

ئۇ نەگىلا قارىمىسۇن ، قان ـ زەرداب يىغلاۋاتقان تۇل مەزلۇملارنى ، بويۇن قىسىشىپ تۇرغان يېتىم باللارنى ، خانىۋەيران بولۇپ ، كۆلى كۆككە سورۇلغان مىڭلاپ ئۆيلەرنى كۆردى . ئاخىرىدا ھېچنېمىگە دال بولالمايدىغان چۆل ھايۋانلىرىنى ئوۋلاشتىن قول ئۈزۈپ ، زۇلۇمنى يوق قىلىشنىڭ بىرەر يولىنى تېپىش قارارىغا كەلدى ـ دە ، مەسلىھەت كۆرسىتەرمىكىن دەپ ئاقمۇللامنىڭكىگە كەلدى . كىچىكىدىن بىللە ئويناپ ، بىللە چوڭ بولغان ، بىللە كۈلۈپ ، بىللە يىغلاپ ھاياتىنىڭ سەبىي چاغلىرىنى

بىللە ئۆتكۈزگەن ئابدۇجاپپارنىڭ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، تاۋنى ئۆستۈرگەن ھەبىبۇللاخاننىڭ نومۇسسىزلارچە ھالاك قىلىنغانلىقى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋەتكەنىدى.

ئېغىر ياتقۇ بولغاندا ئاندىن گۈرۈلدەپ كۆيۈشكە باشلىغان ئوتقا تىكىلىپ ئولتۇرغان ئايمۇھەممەت جىمجىتلىقنى بۇزدى ۋە:

— قاراڭلار، ئوت يېقىلسىلا ھۆل ئوتۇنمۇ ئوخشاشلا كۆيىۋېرىدىكەن، — دېۋىدى، كېپەك دەرۋىش:

— ئەقلىڭگە بارىكاللا، بالام، دىلىمىزدا بار، ئەمما ئاغزىمىزدىن چىقىرالمايۋاتقان گەپتىن بىرنى قىلدىڭغۇ زادى؟ !... — دېدى، ئوتنى يەنە بىر قېتىم چۇخچىلاپ قويغاندىن كېيىن.

— توختاپ تۇرۇڭلار، ئايمۇھەممەتكامنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ باردەك قىلىدۇ، — سۆزلەۋېتىپ كەرىمقۇلنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى ۋە كېپەك دەرۋىشنى جەينىكى بىلەن نوقۇپ قويۇپ دېدى، — شۇنداقمۇ، دەرۋىش ئاتا؟

— دەرۋىش ئاتاڭنى دۆت چاغلاۋاتامسەن بالا بوياقچى، دېمىسەڭمۇ چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ چۇخچىلىمىسا كۆيمەيدىغانلاردىن...

— يوقىلاڭ گەپنى تالىشىپ نېمە قىلىمىز، قېرىنداشلار، قەددىمىزنى رۇسلايدىغانىڭ بىرەر ئامالىنى قىلمايلىمۇ، — ئېغىر تىنىپ ئولتۇرغان ھەمدەم باتۇرنىڭ گۈلدۈرمامىدەك يوغان ئاۋازى ئۆيلەرنىڭ ئۇنىنى بېسىپ كەتتى، — مېنى ھېچكىم چاقىرمىدى، ئۆز ئايىغىم بىلەن سىلەرنى پاناھ تارتىپ كەلدىم، نېمىشقا كەلدىم، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، بىلىدىغىنىم، قانتى سۇنغان قۇشقا ئوخشاش يېرىم جان بولۇپ قالغان پۇقرالار، ئۆيلەرنىڭ قان ـ ياشلىق تەقدىرى، ئاكىلار، قېرىنداشلار، ماڭا يول كۆرسىتەمسىلەر، — ھەمدەم باتۇرنىڭ كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش ئەگىدى، گېلى بوغۇلۇپ، ئاۋازى باشقىچىلا تىترەپ كەتتى.

— ئۇكام، كۆڭلۈڭ بىزگە ئايان، — دېدى ئاقموللام ھەمدەم

باتۇرغا تەسەللى بەرگەندەك ، — بىزمۇ مۇشۇ ئىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن بۇ يەرگە يىغىلدۇق ، مۇنداق قارىسام ، ئايمۇھەممەتنىڭ بايامقى گېپىنى چاقچاق دەپ چۈشىنىپ قالغاندەك قىلىسەن ، ئويلاپ باق ، ئۇ ئەمەلدە «پۇقرا بەئەينى هۆل ئوتۇن ، ئوت يېقىلسىلا كۆيۈپ ، يالقۇنغا ئايلىنىپ ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ تاجۇتەختىنى كۇل قىلىۋېتەلەيدۇ» دېمەكچى ئەمەسمۇ ؟

ئاقمۇللامنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەنلا ۋىلىلدە قىزىرىپ كەتكەن ھەمدەم باتۇر تىترەپ تۇرۇپ دېدى :

— ھەرقايسىڭلارنىڭ مەقسىتىنى راستىنلا خاتا چۈشىنىپ قاپتىمەن ، مەن بۇنىڭغا ناماقۇل ، شۇغىنىسى مەن قارىتۇرۇك ئادەم ، تېرەن گەپلەرنىڭ تېگىگە ئانچە چۆكۈپمۇ كەتمەيمەن ، نىياز ھېكىمبەگ دېگەن ئۇ جەللىگۇر زادى قەيەردە ، قاچان ئەدېپىنى بېرىمىز ، مانا مۇشۇ گەپنىلا دېيىشەيلى ، بولمىسا بۇ كەلگۈندىلەرنى ئۆزۈم ئىزدەپ تاپىمەن !

— سەۋر قىل ، ئۇكا سەۋر قىل ، — ئاقمۇللام لاغىلداپ تىترەپ ، كۇل ئۈستىگە چىرت - چىرت تۈكۈرگىلى تۇرغان ھەمدەم باتۇرنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ تۇرۇپ دېدى ، — سەن بۇلارنىڭ دەردى يوق دەپ ئويلامسەن ؟ ياق ، مانا ماۋۇ ياشانغان كىشىگە قارا ، ئۇ سەن ، بىز بىلەن بىر يۇرتلۇقمۇ ، تۇغقانمۇ ئەمەس ، لېكىن نەچچە ئون مىڭ خوتەنلىكنىڭ بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگىنىگە چىدىماي ، ئاشۇ تاش يۈرەك مەنسەپدارلاردىن ئۆچ ئېلىش كويىدا يۈرۈپتۇ . مۇنۇ ئىنىڭ ئايمۇھەممەتكە قارا ، قانخور كەلگۈندىلەر ئۇنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ، سىڭلىسىنى بۇلاپ قاچتى . بۇلار ئۆچ ئېلىشنى ئويلىماسمۇ ؟ ئەلۋەتتە ئويلايدۇ ، كېچىسىمۇ ، كۈندۈزىمۇ ئويلايدۇ . بىراق ، ئۆچ ئالىمەن دەپ نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئالدىغا قۇرۇق قول بارغىلى بولمايدۇ . پەيت - پۇرسەت ، قورال - ياراغ ، يەنە ئادەم بولۇشى كېرەك . ھەر ئىشنى ئەقىل بىلەن ، ئاندىن كېيىن كۈچ بىلەن قىلىش — قىساس ئېلىشنىڭ بىردىنبىر يولى .



www.uygurkitap.com

ئــاقمولىامنىڭ بۇ سۆزلىرى تەسىر قىلغان بولسا كېرەك ، هــەمدەم باتۇر جىم بولۇپ قالدى . ئايمۇهەممەتلەر ئائىلىسىنىڭ كــۆلــپــەتــلــىــك تــەقدىرىنى ، بولۇپمۇ گۈلئايىمنىڭ ئېچىنىشلىق كــەچــۈرمــىــشــلىرىنى ئاڭلىغىنىدا ، سەل پۈلتايغان كۆزلىرىدىن ســىــرغــىــغان ياش ئوت يورۇقىدا مەرۋايىتتەك پارقىراپ ، چىڭ سىقىملىنۋالغان قارمىقىنىڭ ئۈستىگە تامدى .

ئــۆيــئــىــچــى جــىمجىتلىققا چۆكتى . گەپ قىلىشنىڭ پەيتى كەلگەنلىكىنى بايقىغان كېپەك دەرۋىش ئېغىز ئاچتى :

— ئۈكىمىز هەمدەم ئېيتقاندەك ، ئۆچىمىزنى ئالالمىساق ، نومۇسىمىزنى ئاقلىمىساق ، مەن ئەركەك دەپ بىلىمىزنى باغلاپ يــۈرگــىــنــىــمىزنىڭ قىلچە مەززىسى يوق . كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز ، خوتەنلىكلەر يەنىلا هالاكەت گىردابىدا جان تالىشىۋاتىدۇ ، ئۆتكەن يىلى يىغىۋالغان ئازغىنە هوسۇل غەللە ـ پاراق بىلەن تۈگىدى ، قالغىنى قىش كىرگۈچىمۇ يەتمىدى . ئاچ ـ يالىڭاچ پۇقرا مۇشۇنداق زىــمــىــســتــان كــۈنــلــەردىمۇ باغ ـ ئورىدا قۇرۇلۇشىدا هاشارغا ســېــلــىنىۋاتىدۇ . ئاللا : «يارىتىشنى مەن ياراتتىم ، يارالمىشنىڭ ئــۆزۈڭــدىــن» دېگەنىكەن ، مۇبادا مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك نام ـ نىشانسىز ئۆلۈپ تۈگەيمىز . يۇرتىمىزنى ، ماكانىمىزنى يەجۇج ـ مەجۇجلەر ئاياغ ئاستى قىلىۋېرىدۇ . شۇڭا ، جېنىمىزنى تىكىپ ، بــىــر ياقىدىن باش ، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ ئۆچ ئېلىشىمىز كېرەك ! — دېدى ئۇ ، هازىرلا پارتلاپ كېتىدىغان ئەلپازدا .

— دۇرۇس گەپ بولدى ، يېتىپ ئۆلگۈچە ، ئېتىپ ئۆلگەنمۇ خوپ !

— قېنى دېسىلە دەرۋىش هەزرىتىم ، ئۇدۇل ئوردىغا بېسىپ كىرىمىزمۇ يا ئالدى بىلەن قارا قاشنى قولغا ئالىمىزمۇ ؟ نەگىلا دېسىلە ، مانا بىز تەييار !

هــەمــدەم بــاتــۇر يــەڭلىرىنى شىمايلاپ ، مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ :

— ئــۇدۇل ئوردىغا بېسىپ كىرەيلى ، نىياز هېكىمبەگنىڭ

يوقلۇقمۇ بىر پۇرسەت ، بۇ پۇرسەت ئۆتۈپ كەتسە كەلمەيدۇ ! — دېۋىدى ، كەرىمقۇلمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشتى .

— تۇختاڭلار ، ئاغزىڭلاردىن ھېزى بولۇڭلار ، — كېپەك دەرۋىش قوماچ قورۇغاندەك چۈرقىرىشىۋاتقان ھەمراھلىرىنى ئاگاھلاندۇردى ۋە تاقىلدىقىنى تاقىلدىتىپ كېلىۋاتقان تاكتاكچى ئۆي كەينىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى ،— بىر ئېغىز گېپىم بار ، ئاڭلىغۇڭلار كەلسە ئېيتاي ، لېكىن گېپىمنى بۆلمەڭلار ، بولامدۇ ؟

كۆپچىلىك تەڭلا جاۋاب بېرىشتى :

— بولىدۇ ، گەپ سىلىدىن ، قۇلاق بىزدىن ، بىمالال سۆزلەۋەرسىلە !

كېپەك دەرۋىش پەرمان كۈتۈۋاتقان جەڭچىدەك ئاغزىغا تەلمۈرۈپ تۇرغان كىشىلەرگە مۇھىم بىر مەخپىيەتلىكنى ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك ، ئاۋازىنى پەس چىقىرىپ دېدى :

— ئاڭلاڭلار ، ئۇدۇل ئوردىغا ئۇسۇپ كىرمەك توخۇمنى تاشقا ئۇرغاندەك بىر ئەخمەقلىقتۇر ، گۇلئايىمنى قۇتۇلدۇرۇپ چىققىنىمىزنى ، ياساۋۇلبېشىنى ئۆلتۈرگىنىمىزنى يەكەندە ئىنس ـ جىنغا تۇيدۇرمىغان بولساقمۇ ، لېكىن قاقۋاش نىياز ھېكىمبەگ ئازراق كاللا ئىشلەتسىلا بۇنى گۇلئايىمنىڭ تۇغقانلىرى ياكى يېقىنلىرى قىلغانلىقىنى بىلىۋالالايدۇ ، ئۇ تەختىدىن ئەنسىرەپ خوتەنگە تېز يۇرەر چاپارمەن ماڭدۇرمىدى ، تەدبىر كۆرمىدى دېگىلى بولمايدۇ ، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ قېقىلىپ كەتتى ، ھەمدەم باتۇر دۇمبىسىگە يېنىك مۇشتلاپ قويغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆزىگە كەلدى ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوردىدا بىزگە ھەمنەپەس بولىدىغان ئادەم يوق ، بار دېگەندىمۇ تۆت تەڭگە ئۈچۈن جان بېرىدىغان ئۇ توخۇ يۈرەكلەر بىلەن ئىش تاڭ ئاتمايدۇ . مىش ـ مىش گەپلەردىن قارىغاندا بىزگە ئانچە ـ مۇنچە يان باسىدىغان تۆمۈر خەزىنىچىبەگمۇ ئۆز ئەركىدىن مەھرۇم ئىكەن . شۇڭا مۇنداق قىلساق دەيمەن...

ئۇلار بېشىنى بىر يەرگە قىلىپ ، خۇددى بىر ساپاق ئۈزۈمنىڭ دانىلىرىدەك غۇژمەكلەشتى . تەرەت ئېلىپ ، قۇرئان تۇتۇپ تۇرۇپ نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلاشتى .

يىگىرمە يەتتىنچى باب

## سانجۇدىكى مۇئەللەق ئۆلۈم

ياقۇپبەگنىڭ قوبۇلىدىن كېيىن نىياز ھېكىمبەگ قەشقەردە ئاران ئىككى كۈنلا تۇرالىدى . چۈنكى بىرمۇنچە ئاقچا چۇشكەندە ئاندىن ئىندەككە كەلگەن توختىخان پانساتنىمۇ قايتا زىيارەت قىلالمىدى . قۇدالاي ۋە ھوشۇربەگ بىلەنمۇ تۈزۈكرەك خوشلىشالمىدى . ئىشقىلىپ كۆڭلىگە پۈككەن بىرتالاي ئارزۇ ـ ئارمانلىرى قارا بورانغا دۈچ كەلگەن مامكاپ گۈلىدەك توزۇپ كەتتى . يېنىدا خۇددى پوقاقتا سۆگەل چىققاندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان لەنتى ئاباس مىرزىنىڭ روچېۋنىدەك كۆزىگە كىرىۋېلىپ ، رودۇپايىدەك چاپلىشىپ يۈرۈشلىرىدىن جاق تويۇپ ، پىلانىنى بىردىنلا ئۆزگەرتتى ـ دە ، خوتەن تەرەپكە يۈرۈلدى .

«تۆشۈكىگە پاتمىغان ئۈمۈچۈك قۇيرۇقىغا غەلۋىر باغلاپتۇ ، دېگەن مۇشۇ ـ دە ! مانا ئەمدى ساڭا ، نەگىلا بارما بىر خەۋپلىك سايە سەن بىلەن بىللە ، نېمە ئىش قىلساڭ ساڭا قادىلىپ تۇرىدىغىنى ئاشۇ بىر جۈپ سىنچى كۆز . ئېغىز ئاچتىڭمۇ ، گەپ ـ سۆزلىرىڭنىڭ ھېچ ھايالسىز ياقۇپبەگكە ئاڭلانمىغىنىنى كۆر ! — ياقۇپبەگنىڭ ئاباس مىرزا كەبى كۆز ـ قۇلاقنى ئۆزىگە قېتىپ قويغىنىغا ، ھەر ۋاقىت پارتلاش ئېھتىمالى بولغان بۇ خەتەرلىك توپ ئوقنى يېنىدا بىللە ئەكېتىۋاتقىنىغا تىت ـ تىت بولغان نىياز ھېكىمبەگ مۇشۇلارنى ئويلىدى ۋە ئىختىيارسىز ئاچچىق كۈلۈپ قويدى ، — خەير بۇ ئويۇندا مېنى يېڭىپ چىقتىڭ قاقۋاش ، لېكىن

بەك بالدۇر خۇشال بولۇپمۇ كەتمە ، خۇدا قۇلۇپنى ئاچقۇچى بىلەن ، مۇشكۇلاتنى تەدبىرى بىلەن ياراتقان ، بىلگىنكى ، ھاكىمبېگىنىڭ قاراڭغۇ جاڭگالدىنمۇ يول تېپىپ چىقىپ كەتكەن ئادەم ، ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ئەزەلدىن ئۆز ئىگىسىنى يەرگە قاراتقان ئەمەس ! »

نىياز ھېكىمبەگ قان قېچىپ پاتمىچۇقنىڭ يوكىنىدەك ئاقىرىپ كەتكەن لەۋلىرىنى چىڭ چىشلىدى . چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى . مۇشتۇمىنى تۈگۈپ ، ئېگەرنىڭ قۇشبېشىغا دوك ـ دوك ئۇرۇپ قويدى . غورا يېگەندەك قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمدى . لەۋلىرىنى دۈرۈت ئوقۇۋاتقاندەك بىلىنەر ـ بىلىنمەس مىدىرلاتتى . بۇ ئۇنىڭ رەھىمسىز رېئاللىققا تەن بېرىپ ، پايدىسىز ۋەزىيەتنى ئوڭشىۋېلىشنىڭ تەدبىرى ئۈستىدە چوڭقۇر ، ئىنچىكە ئويلىنىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى .

ئۇنىڭ ئۇچقۇر خىيالى يىللار ئاسمىنىنى ئارىلاپ ئۆتمۈش سۈرەتلىرىنى كۆز ئالدىغا ئەكەلدى . بۇ سۈرەتلەر ئارىسىدا ئۇ جاھاندارچىلىقنىڭ ئېپى ئۈستىدە ۋەز ئېيتىۋاتقان دۇڭ دارىيىنىڭ تونۇش چىرايىنى كۆرۈپ قالدى .

«ئۆزگىلەرنىڭ ھىيلىسىگە دۇچ كەلسەڭ ، ھىيلىگە ھىيلە بىلەن تاقابىل تۇرۇش يولىنى تۇت ، ھىيلىلەرنىڭ ئەۋزەللىرەكى ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىپ پۇرسەت كۈتۈش ، كالا ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ توشقان ئوۋلاشتىن ئىبارەتتۇر ، — خىيالىدىكى دۇڭ دارىيىن كۆتمەك ھاسىسى بىلەن ئۇنىڭ بىقىنىغا نوقۇپ تۇرۇپ شۇنداق دەۋاتاتتى ، — مۈشۈكنىڭ چاشقان تۇتقىنىنى كۆرگەنمىدىڭ ، مۈشۈك چاشقاننى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭغا ئېتىلمايدۇ ، بىرپەس ئىختىيارىغا قويۇۋېتىپ ، ھەرىكىتىنى كۆزىتىدۇ . ئاجىزلىقىنى تېپىپ ، قېچىش يولىنى بىلىۋالىدۇ . قانداق قامال سېلىش ئۇسۇلىنى بېكىتىپ پۇرسەت يېتىلگەن ھامان پۈتۈن كۈچى بىلەن بىرلا ئېتىلىدۇ ـ دە ، چاشقاننى تۇتۇۋېلىپ ، يەپ تاشلىماي قويمايدۇ ! »

نىياز ھېكىمبەگ دۆڭ دارىن بىلەن خىيالەن مۇڭداشقاچ ، ئابباس مىرزىغا كەينىدىن ھومىيىپ ، ئالدىدا كۆلۈمسىرەپ دىگۈدەك يەكەن تەۋەسىگە كېلىپ قالدى . مۇھەممەت يۇنۇسجان ئەۋەتكەن دىۋانبېگى بىلەن يول ئۈستىدىلا خوشلاشتى . «ئېشەك پۇتى پاتقان كۆۋرۈككە ئىككىنچى دەسسىمەپتۇ » دىگەندەك ، كۆزگە دوزاختەك سەت كۆرۈنۈۋاتقان يەكەن شەھىرىدىن ۋە گوما بازىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ، بىر كەچقۇرۇنلۇقى خوتەن تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىنكى ئىككىنچى قونالغۇ — سانجۇ[1] بازىرىغا كېلىپ چۈشتى .

سانجۇ — جەنۇب تەرىپىدە قىش - يېزى قار كەتمەيدىغان ئاقۋاش كوئېنلۇن چوققىلىرى قەد كېرىپ تۇرىدىغان ، شىمالىدا بىپايان قارا تاشلىق ساي سوزۇلۇپ ياتقان ، ئالاھازەل ئىككى يۈز - ئۈچ يۈز تۈتۈنلۈك كۆجۈم بىر بازار ئىدى . يەكەن ، قاغىلىق زېمىنىدىن ئايرىلىپ ، خوتەن بوستانلىقىغا قاراپ يولغا چىققان كارۋان ئىككى كۈنلۈك ساي يولىنى بېسىپ بولۇپلا ئىككى يولغا بۆلۈنەتتى . سەل شىمالغىراق ماڭغىنى گوما بازىرىغا ، قىيپاش جەنۇبقا ماڭغىنى سانجۇ بازىرىغا كېلەتتى - دە ، بۇ بازار ئارقىلىق قاراقاش ، خوتەن تەرەپلەرگە راۋان بولاتتى .

ئۆتمۈشتە ۋە ھەبىبۇللاخان زامانىسىدا ھەرقانداق يۇرتتىن بەكرەك ئاۋاتلاشقان بۇ مۇھىم بازار باپكارنىڭ موكىسىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان كارۋانلارنى ، يولۇچىلارنى ، ھۆكۈمەت پوچتىلىرى ۋە سەيياھلارنى مول مەئىشەت ، ئارامبەخش قونالغۇ بىلەن تەمىن ئېتەتتى . بولۇپمۇ كۆز كۈنلىرىدە بۇ يەرگە كېلىپ

---

① سانجۇ — يەر نامى ، گوما ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان . خوتەن ، گوما ، يەكەن قاتارلىق جايلاردىن تىبەتكە ، ھىندىستان ، كەشمىرلەرگە ئۆتىدىغان مۇھىم يول تۈگۈنى . چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى (1760 - يىلى ) بۇ يەردە قورۇل تەسىس قىلىنىپ ، چېرىك تۇرغۇزۇلغان . بىر نەپەر بەشىنچى جەرىكىلىك بەگ قويۇلۇپ ، يەكەن ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلىغا قارام قىلىنغان . گۇاڭشۈينىڭ 8 - يىلى (1882 - يىلى ) قاغىلىق ناھىيىسىگە قوشۇپ بېرىلگەن . 28 - يىلى (1902 - يىلى ) گومىغا قاراشلىق ئوتتۇز سەككىز كەنت قاتارىدا گوما ناھىيىسىگە تەۋە قىلىنغان . سانجۇ ھازىر گوما ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى .

قالغان جاھانكەزدىلەر قىزلارنىڭ شوخ تەبەسسۇمىغا ئوخشايدىغان جۇلالىق كۆك شاپتۇل بىلەن قورساق توقلىمىغۇچە يۇخادىن چىقمايتتى. سانجۇلۇقلار ئەنە شۇ خىزمىتى ۋە تىجارىتىگە مۇناسىپ قولىغا كىرىپ تۇرىدىغان ئاقچا بىلەن قورساق ئاۋارىچىلىكىدىن ئازاد بولۇپ، روزغارىنى تولدۇرۇپ تۇراتتى. كۈندۈزلۈك ھايات ئۆز ئىزىدا داۋام قىلسا، كەچقۇرۇنلۇق ھايات بازارلىقلارنىڭ ئۆيلىرىنى، كارۋان سارايلىرىنى ئۆزىنىڭ خۇش ناۋالىق بەزمىسىگە سەھنە قىلىۋالاتتى. يۇرت - يۇرتلاردىن كەلگەن كارامەت ئىگىلىرىمۇ ھۈنىرىنى بىر نامايىش قىلماي بۇ يەردىن كېتىشمەيتتى. يورۇقۋاش، زەرەپشان ۋادىسىنى چەت مەملىكەتلەر بىلەن باغلايدىغان تاغ يولى مۇشۇ بازاردىن باشلانغاچقىمۇ، سانجۇنىڭ داڭقىمۇ دەل مۇشۇ يول بويلاپ يىراق - يىراقلارغا تارىلاتتى.

بۈگۈن بازار كوچىلىرىدا بوران ئۇچاتتى. بىر يىلدىن بېرى كارۋانسىز قالغان ساراي - دەڭلەر مۇساپىرنىڭ كەپىسىدەك غېرىبسىنىپ تۇراتتى. ئىشىكلىرى بۇزۇلۇپ، سەينالىرى خارابلاشقانىدى. توي ناغرىسىدەك گۈمبۈرلەپ، بازارغا جۇشقۇنلۇق ئاتا قىلىدىغان كولدۇرما ئاۋازىمۇ، قىز - كېلىنچەكلەرنىڭ شوخ كۈلكىسىدەك جىرىڭلاپ تۇرىدىغان قوڭغۇراق ساداسىمۇ قۇمغا سىڭگەندەك يوق بولغانىدى.

گۈگۈم قۇشى تېخى قانات يايمىغان چاغ. نىياز ھېكىمبەگ ۋە ئۇنىڭ سەپەرداشلىرى ئاچالغىچە ئالدىغا چىققان سانجۇ بېگىنىڭ باشلامچىلىقىدا بۇ جىمجىت بازارغا كىرىپ كەلدى - دە، ۋەيرانە ساراي، ئۆتمۈشتۆشۈك ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، بۇ بەگنىڭ ئايۋان، سارايلىق قورۇسىغا چۈشتى. كۆڭلى بىئارام بولۇۋاتقان ۋە ھاردۇق يەتكەن نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئارتۇقچە ھەشەملەر بىلەن ھەپىسلىسى بولمىدى. مول زىياپەت ۋە قىسقىلا ئوقۇلغان خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئۆزى بىلەن ئابباس مىرزىغا ئاتاپ جابدۇلغان مېھمانخانىغا كىرىپ بېشىنى تەكىيىگە قويدى - دە، گېلىغا پىچاق

سورۇلگەن توپاقتەك خارتىلداپ خورەككە چۈشۈپ كەتتى .
نىياز ھېكىمبەگ چۈش كۆردى . چۈشىدە ئۇ يەر يېغىرلاپ ئۇچۇۋاتاتتى . ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ چاتقاللار ئارىسىدا قېچىۋاتقان بىر سېرىق ئىتنى قوغلايتتى . ئۇ قانچىلىك ئىتتىك ئۇچسا ئىتمۇ شۇنچىلىك تېزلىكتە قاچاتتى . ئۇنىڭ مەيدىسى بەزىدە يەرگە تېگىپمۇ كېتەتتى . يەر يۈزىدىن يىڭنىدەك ئۆسۈپ چىققان ئاقتىكەنلەر يەلپۈنۈۋاتقان تونىنىڭ پېشىنى بويتاسمىدەك تىتىپ تاشلايتتى . ئۇ ھېلىقى سېرىق ئىتقا يېتىشىۋالاي دېگەندە كەينىگە شۇنداق بۇرۇلۇۋىدى ، ئوخشاش رەڭدىكى يەنە بىر ئىتنىڭ چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ ، قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە ، تېخىمۇ ئېگىزرەك ئۇچماقچى بولۇپ ، ماغدۇرسىزلانغان قوللىرىنى تاز قارىنىڭ قانىتىدەك لەپەڭلەتتى ، تاپانلىرى بىلەن ھاۋانى تەپتى . نەتىجىدە ، ئۆرلىيەلمەيلا قالماي ، بارغانسېرى تۆۋەنلەپ ، بىردىنلا ئاقتىكەنلەر ئارىسىغا شۇڭغۇپ كەتتى . ئاقتىكەنلەر ئۇستى ـ ئۇستىلەپ دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئاپئاق قورۇق ئۇستىخانلارغا ئايلاندى . ئۇ سەكرىنىپ كەتتى ، ئۇستىخانلار ئارىسىدىن سوزۇلغان قوللاردىن قېچىشقا تەمشىلىپ جىمى كۈچىنى ئىشقا سالدى . لېكىن ، ھەممە ئەزايىنىڭ مۇردىنىڭكىدەك قېتىپ قالغىنىنى ، تامامەن ئىنائەتتىن چىققانلىقىنى تۇيۇپ قالدى .
نىياز ھېكىمبەگنىڭ جېنى تومشۇقىغا كەلدى ، ئەتراپىدا مىغىلدىشىپ يۈرگەن چايانلار مەيدىسىگە ، بوينىغا ياماشتى . دەل شۇ پەيتتە قوغلاپ كېلىۋاتقان ھېلىقى سېرىق ئىتمۇ ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى ، قېچىپ كېتىۋاتقان ئىتمۇ كەينىگە ياندى . ئىككى ئىت خىرس قىلىپ ئۇنى ئارىغا ئېلىۋالدى . نىياز ھېكىمبەگ جان ئاچچىقىدا توۋلىۋەتتى :
— ۋايجان ، ئادەم بارمۇ ؟...
نىياز ھېكىمبەگ ئويغىنىپ كەتتى . ئۆز ئاۋازى ئۆزىنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندىمۇ ياكى بىراۋنىڭ «ۋايجان» دېگەن نالىسىنى ئاڭلاپ قالدىمۇ ، ئېيتاۋۇر شۇنداقراق بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى ،

ئېغىر يوتقاننى بىر تېپىپلا چۆرۈۋېتىپ، قولىنى تەكىيە ئاستىغا تىقتى - دە، شەمشىرىنى تېپىۋالدى. ئۇ ئويغىنىپ، يۈزىنى، بۇرنىنى چىمدىپ كۆردى، كۆزلىرىنى بىرقانچە قېتىم ئېچىپ باقتى، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ قاباھەتلىك يامان چۈشتىن ئويغانغىنىغا ئىشەندى.

بىراق، چۈشىدىكى ھېلىقى ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقىغا تېخىچە ئېنىق ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئۇ زەن قويۇپ بۇ ئىڭراشنىڭ ئۆز يېنىدىن كېلىۋاتقىنىغا تېزدىنلا ھۆكۈم قىلدى - دە، بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ يۈز بەرگىنىنى پەملىدى. بىرپەس ھەپىلىشىپ تەكىيە بېشىدىكى جىنچىراغنى ياندۇردى.

نىياز ھېكىمبەگ جىنچىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا يېنىغا قاراپلا ئابباس مىرزىنىڭ قىپقىزىل قانغا مىلىنىپ، جان بېرىۋاتقان بۇقىدەك خارتىلداپ، تېپىرلاپ ياتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى سىلاپ باقتى. بىلدىكى، ئىككى غېرىچ كەلگۈدەك ئەگرى قارماقنىڭ تۆت ئىلمەك ئۇچى مىرزىبېشىنىڭ بوغدىيىكى يېنىغا پېتىپ كەتكەنىدى. قارماق باغلانغان ئۇزۇن بادرىنىڭ يەنە بىر ئۇچى تۈڭلۈكتىن چىقىپ كەتكەنىدى.

بىر ئابباس مىرزىغا، بىر تۈڭلۈككە قاراپ نېمە ۋەقە يۈز بەرگىنىنى بىلىپ ئۆلگۈرگەن نىياز ھېكىمبەگ: «سۇبھانالللا، ئۆلۈم دەھشىتىدىن ئامان قىلغىنىڭغا مىڭ مەرتەم شۈكۈر» دەپ تىۋىنىۋالدى - دە، چالا - پۇچۇق كىيىنىپ ئىشىك تەرەپكە ئېتىلدى. ئۇ لوكىداننى[1] ئېلىۋېتىپ، ئىشىكنى قىيا ئېچىپ قارىۋىدى، ھويلىدا ئۇيان - بۇيان يۈگۈرۈپ يۈرگەن مەھرەملەر كۆزىگە چېلىقتى ۋە ئۇلارنى تىللاپلا چۈشتى:

— ھۇ نان قېپىلار، ئۆلگۈرلەر، ھوشيار تۇرۇڭلار دېمىگەنمىدىم سىلەرگە؟ — دېدى ئۇ، ئۇدۇل كەلگەن بىر

---

① لوكىدان — ئىشىكنى ئىچىدىن تاقايدىغان، ئىشىك قاناتلىرىغا بەند قىلىۋېتىلگەن ياغاچ ئەسۋاب.

مەھرەمنىڭ گېلىنى بوغۇپ تۇرۇپ .

— ھوشيار تۇردۇق ، جانابلىرى ، — دېدى يەنە بىر مەھرەم ئالمان - تالمان جاۋاب بېرىپ ، — ھويلا تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈشىگىلا بىز ئۇلارنى كۆرۈپ قالدۇق ، نېمە قىلىدىكىن دەپ مارىساق ، بۇ تۆت ئادەمنىڭ بىرى ئۆگزىگە چىقىپ كەتتى ، چىقىپلا يەنە قايتىپ چۈشتى . شۇ زامان ئۇنىڭغا قول سالدۇق .

— تۇتۇۋالدىڭلارمۇ ؟

— تۇتۇۋالدۇق ، تۇتقاندىمۇ دېۋدەك يوغان بىرىنى تۇتۇۋالدۇق .

— قالغان ئۈچىچۇ ؟

— ئۇلارنى بىز تۇتۇۋالغان ھېلىقى يوغان باش قاچۇرۇۋەتتى ، بېگىم .

— ھەي ، ئۇلارنى نېمىدەپ قوغلىمىدىڭلار ؟

— قوغلىدۇق ، تەقسىر ، ھېلىقى يوغان باش ئالدىمىزنى توسۇۋالدى ، «نىياز ھېكىمبەگنى ئۆلتۈرگەن مەن ، نېمە قىلساڭلار مېنى قىلىڭلار» دەپ ئۆزىنى ئۆزى تۇتۇپ بەردى .

— نېمە ، ئۇ تېخى نىياز ھېكىمبەگنى ئۆلتۈردۈم دەمدۇ ؟ — نىياز ھېكىمبەگ دەسلەپتە ئەجەبلەنگەندەك بولدى ، لېكىن تېزلىكتە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ سورىدى ، — ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈپتۇمۇ تېخى ؟ !

— شۇنداق دېدى ، جانابلىرى ، مانا ماۋۇلارمۇ ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىدى ، — سۆزلەۋاتقان مەھرەم سالۋاردەك يېنىدا سالپىيىپ تۇرۇشقان يەتتە - سەككىز مەھرەمنى كۆرسىتىپ دېدى . نىياز ھېكىمبەگ يەنە سورىدى :

— ئۇ قاراقچى ھازىر قەيەردە ؟

— چەمبەرچاس باغلاپ بېگىمنىڭ قازنىقىغا سولاپ قويدۇق ، جانابلىرى .

— ھىم ، توختاپ تۇرۇڭلار...

نىياز ھېكىمبەگ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، قوشۇمىسىنى چىڭ تۈردى . ھىيلە - مىكىر بىلەن توشۇپ كەتكەن كاللىسىدا شۇنداق

ئەپچىل ، شۇنداق قورقۇنچلۇق بىر ئۆي پەيدا بولدىكى، ھەيھات ، ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپلا مېھمانخانىغا كىردى ، ئىشىكنى جاققىدە يېپىپ ، لوكىدانىنى سالدى ـ دە ، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قىمىر قىلماي ياتقان مىرزىبېشىنىڭ قېشىغا كېلىپ زوڭزايدى . نىياز ھېكىمبەگنىڭ يېنىدا پەيدا بولغىنىنى ئىلغا قىلالىغان ئابباس مىرزىنىڭ خۇن قاچقان كۆزلىرىگە بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلكە ئۆرلەپ چىقتى .

— دېمىدىممۇ ، مەن ئەسلىدىنلا تەلەيلىك ئادەممەن ، بۇنداق تەلەينى ، بۇنداق پۇرسەتنى باشقا ھېچقانداق ئادەم يالۋۇرۇپمۇ ، تىلەپمۇ تاپالمايدۇ . ماڭا بولسا تەقدىرنىڭ ئۆزى ئەكېلىپ بېرىدۇ . بىلىپ قال مىرزىبېشى ، ئاسماندا قۇياش بىر ، خوتەندە ھۆكۈمران بىر...

نىياز ھېكىمبەگ شۇنداق دەپ پىچىرلىدى ـ دە ، ئابباس مىرزىنىڭ ئالاق ـ جالاق بولۇۋاتقان كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ ، گېلىغا قادىلىپ تۇرغان قارماقنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ كۈچەپ باستى ، يېرىمغىچە پاتۇرۇپ بولۇپ ، تازا بىر قوچۇدى . بويۇن تومۇرنى تۇتۇپ باقتى ، ئىشنى ئويلىغىنىدەك پۇتتۇرگىنىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن ، جەسەتنى ئاتلاپ ئۆتتى ـ دە ، باش ـ كۆزىگە ئۇرۇپ ، يىغىچى ئاياللاردەك ھۆكرىگەن پېتى تالاغا چىقتى . ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق يىغىسىدىن تەئەججۇپكە چۈشكەن مەھرەملەر ، بەگلەر مېھمانخانا ئالدىغا يۈگۈرۈلۈپ كېلىشتى .

— ئاھ قېرىندىشىم ، ئاھ مۇرەببىيىم ، تاش يۈرەك قاتىل سىلىنى بىزدىن ئايرىدىغۇ باتۇرۇم ، ئالدىغان ئامانەتنى مەندىن ئالسىچۇ قۇرغۇيۇم ، بىزنى دەردكە تاشلاپ كەتتىلىغۇ كۆز نۇرۇم ، ئەمدى مەن قانداق چىداي تۇغقىنىم ، ئالىيلىرىغا نېمە دەي قېرىندىشىم ، ئاھ دەردىم ، ئاھ...

نىياز ھېكىمبەگ ئابباس مىرزىنىڭ سوۋۇپ قېتىۋاتقان جەسىتىنى قۇچاقلاپ شۇنداق مۆكۈلۈق ، شۇنداق ئەلەملىك يىغلىدىكى ، ئۇنىڭ بۇ يىغىسى مەھرەملىرىنىڭمۇ ، بەگلىرىنىڭمۇ

يۈرىكىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتتى . سانجۇ بازىرى ماتەم دەرياسىغا غەرق بولدى...

رەزىللىك ، مۇسىبەت بىلەن تولغان بۇ ئۇزۇن كېچە ئاخىر تاڭغا ئۇلاشتى . چىرايى پۈرلىشۋەتكەن قەغەزدەك قورۇلۇپ ، كۆزلىرى كۆك ياڭاقتەك ئىششىپ كەتكەن نىياز ھېكىمبەگ بويى قامچا سېپىدىن ئاشىدىغانلىكى يۇرت جامائىتىنى بەگ ھويلىسىغا يىغدۇردى . قىل ئارغامچا بىلەن قاتمۇقات باغلىۋېتىلگەن ھەمدەم باتۇرنى توپ ئالدىغا ئاچىقتى .

ھەمدەم باتۇرنىڭ مەغرۇر چىرايىدا ئۆكۈنۈش ، پۇشايمان ۋە قورقۇش دېگەنلەردىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى . ئۆزىگە ئەيمىنىش نەزىرىدە قاراۋاتقان پۇقرالارغا بەخىرامان كۈلۈمسىرەپ قوياتتى . بەگ ـ بەچچىلەر ئۆزلىرىگە چەكچىيىۋاتقان بالاخور ئادەمنىڭ قاتمۇقات باغلاقتا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ، كۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى . كەلگەنلا يېرىدىن قاماللاپ ، دۆشكەلەۋاتقان ياساۋۇللارمۇ ئۇنىڭ چەكچىيىشىدىن دىر ـ دىر تىترىشەتتى .

نىياز ھېكىمبەگ قوللىرىنى بېلىگە تىرەپ ، ھەمدەم باتۇرنىڭ ئەتراپىنى تولۇق بىر قېتىم چۆرگىلەپ يەتتە ئەزايىغا بىرمۇبىر سەپسېلىپ چىقتى ، ئاندىن كېيىن مەنسىتمىگەن تەلەپپۇزدا سورىدى :

— قېنى ئېيتە ، نام ـ نىشانىڭ نېمە ؟

ھەمدەم باتۇر تېزلا جاۋاب بەردى :

— ئاڭلاپ قوي ، ھەمدەم باتۇر دېگەن ئاكاڭ مەن بولىمەن ! — دېدى ئۇ خۇشياقمىغاندەك قىلىپ .


— يۇرتۇڭ قەيەردىن ؟

— خوتەندىن ، شەھىدانە خوتەندىن !


— سەن كىمنى ئۆلتۈرگىنىڭنى بىلەمسەن ؟

— بىلمىسەم ئۆلتۈرۈپ نېمە قىلاتتىم ؟

— گەپ يورغىلاتما ، زادى كىمنى ئۆلتۈردۈڭ ؟



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



www.uyghurkitap.com

— نىياز ھېكىمبەگنى ئۆلتۈردۈم ، ئۇ لەنىتى بۇرۇنراق جاجىسىنى يېيىشى كېرەك ئىدى !

— ھا… ھا … ھا…

نىياز ھېكىمبەگ ماتەمدار ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى . ئۇنىڭ شىۋىرغاندەك سوغۇق كۈلكىسىدىن ئۆگزىدە دانلاۋاتقان بىر توپ ئاق قۇچقاچمۇ ئۈركۈپ ئۇچۇپ كەتتى . ئۇ توپ ئىچىنى ئاستا قەدەملەر بىلەن ئارىلاپ چىققاندىن كېيىن ھەمدەم باتۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە سوراقنى داۋاملاشتۇردى :

— سىنىڭچە مەن كىمدەك تۇرىمەن ؟ — سورىدى نىياز ھېكىمبەگ . ھازىر جاۋاب ھەمدەم باتۇر يەنە بوش كەلمىدى :

— مېنىڭچە سەنمۇ بىر قانخور ئىت ، نىياز ھېكىمبەگدىن پەرقىڭ يوق . تۇفى…

— ھا… ھا … ھا…

نىياز ھېكىمبەگ مەيدىسىنى بېسىپ تۇرۇپ يەنە بىر قېتىم كۈلۈۋەتكەندىن كېيىن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى بۇرنى ئۇچىغا چېنەپ تۇرۇپ :

— بىلىپ قوي ، نىياز ھېكىمبەگ دېگەن مانا مەن ! — دېدى ۋە يەنە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . ھەمدەم باتۇر قۇلىقىغىمۇ ، كۆزىگىمۇ ئىشەنمىگەندەك ، ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ دېدى :

— يالغان ئېيتما ، قارىمىقىم ئەزەلدىن خاتا كەتكەن ئەمەس . ئەگەر چەندە ئۆزۈڭنى مەن نىياز ھېكىمبەگ دېسەڭ ، سەن يا ساراڭ ، يا ئاخىرەتتىن كەلگەن ئەرۋاھ !

— گەپ تالىشىپ ئولتۇرىدىغانغا چولام يوق . ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنىڭ خوتەن ھاكىمبېگى نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئالدىدا باغلاقتا تۇرغىنىڭغا تەن بەرگىن ، ئاندىن ئالىيلىرىنىڭ تۇغقىنى ، خوتەن ھاكىمبېگىنىڭ مىرزىبېشى ئاباس مىرزا جانابلىرىنى قارىماق تاشلاپ ئۆلتۈرگىنىڭگە ئىقرار بول ! — دەپ ۋارقىرىدى نىياز ھېكىمبەگ .

نىياز ھېكىمبەگنىڭ جىددىي تەلەپپۇز بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزى

ھەمدەم باتۇرنى ئۆز قارىشىدىن گۇمانلىنىشقا ، ئەتراپلىق ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى .

«ئەجەبا ، نىياز ھېكىمبەگنى ئۆلتۈردۈم دەپ باشقا بىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئوخشىمامدىمەن ؟ »

— ھا... ھا ... ھا...

ھەمدەم باتۇر نىياز ھېكىمبەگدىنمۇ قاتتىقراق كۈلۈپ تاشلىدى . يۈز مۇسكۇللىرى ، چاپان ئۈستىدىن بىلىنىپ تۇرغان مۇشتۇمدەك ـ مۇشتۇمدەك بۇلجۇڭ گۆشلىرى ئالامەت سىلكىنىپ كەتتى .

— ئىقرار بولامسەن ، يوق ؟ ئۆزۈڭنى باتۇر دەيسەنۇ ، ئادەم ئۆلتۈرگىنىڭنى گەدىنىڭگە ئېلىشتىن قورقامسەن ؟ — نىياز ھېكىمبەگ ئۇنى قەستەن رەللە قىلىپ دېدى .

ھەمدەم باتۇر دېدى :

— تانمايمەن ، ئۆلتۈرگىنىم مىرزىبېشى بولۇپ چىققان بولسا بۇنىڭغىمۇ خۇشال بولىمەن . قەسەم قىلايكى ، كېيىنكى نۆۋەت ساڭا ! ھا... ھا... ھا...

نىياز ھېكىمبەگ شارت قىلىپ بەگ ـ يۇقرا تەرەپكە يۈزلەندى ۋە قاتتىق ئاۋازدا دېدى :

— ئى سانجۇ يۇقرالىرى ، ئۇلۇغ بىر زاتنى شېھىت قىلغان مۇنۇ گۇناھكارغا يۇرتۇڭلاردىن يول بەرگىنىڭلار ئۇچۇن ئوتتۇز ئەركەكنىڭ جېنىنى ئېلىپ مىرزىبېشىنىڭ خۇنىنى تۆلىتىۋېلىش كېرەك ئىدى . بىراق ، مېنىڭ گۇۋاھچىلارنى ئۆلتۈرگۈم يوق ، خەير ، جېنىڭلار تېنىڭلاردا ئامانەت قالسۇن ! گۇۋاھلىقتىن باش تارتقانلار ئاللانىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدىغىنىنى يادىڭلاردىن چىقارماڭلار !

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن نىياز ھېكىمبەگ شەيخۇلئىسلامغا يازدۇرۇپ تەييار قىلغان ئىقرارنامىگە ھەمدەم باتۇرنىڭ تەمتىكىنى باستۇرۇپ ، ئالاھازەل ئاتمىش ـ يەتمىشچە بەگ ـ يۇقرانى گۇۋاھلىق بەرگۈزدى ـ دە ، پۇتىغا زەنجىر ، بوينىغا تاقاق سېلىنغان ھەمدەم

باتۇرنى ئابباس مىرزىبىشىنىڭ جەستى ياتقۇزۇلغان ھارۋىغا باغلاپ ، ئۇن نەپەر قورۇقچى بىلەن قوشۇپ قەشقەرگە يولغا سالدى .

كىتاب تورىبكىتى uyghurkitap.com

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

# ئامەتلىك ئادەمنىڭ ئىشى

خۇددى ئۆزى تەمەننا بىلەن ئېيتقاندەك ، نىياز ھېكىمبەگ تەلەيلىك ۋە ئامەتلىك ئادەم ئىدى . ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇنى بىر پارچە ھارام گۆشتەك تاشلىۋەتكىنىنى دېمىگەندە ، ئوشۇقى ئالچۇ چۈشىدىغان ئۇستا قىمارۋازغا ، جەڭدە ئەلىمى يېقىلمايدىغان غالىب سەرۋازغا ئوخشايتتى . تەقدىر ئىلاھى ئەۋەتكەن ئامەت مالائىكىسى باش ئۇستىدىلا ئەگىپ يۈرەتتى . ئەنە شۇ مالائىكە ئۇنى چامغۇردەك تولا تۇزاق قويۇلغان خەتەرلىك يوللاردىن قولىدىن يېتىلىگەن پېتى ئاچىقاتتى . ھايات ۋادىسىدا تالاي قېتىم دەھشەتلىك بوران كۆتۈرۈلدى ، نى ـ نى شەمشادلار ئۆرۈلدى . تاغلار تۈزلىنىپ ، ئېدىرلار توپان ئاستىدا قالدى . يەنە شۇ مالائىكە ئۆز پەرۋىشى بىلەن كۆكلەتكەن بۇ ئەۋرىشىم سۆگەت بولسا ئەۋرىشىملىكىنىڭ شاراپىتى بىلەن تىرناقچىلىك تالاپەت كۆرمىدى . ئەكسىچە ، كۈنسېرى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ ، تەرەپ ـ تەرەپكە شاخ تاشلىدى .

بىراق ، ئۆزى ئىقرار قىلغاندەك ، خوتەن ئۇنىڭغا ياراشمىدىمۇ ياكى ئۇ خوتەنگە ياراشمىدىمۇ ، ئىشقىلىپ خوتەنگە قەدەم باسقان تۈنجى كۈنىدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىشى ئوڭغا تارتمايدىغان ، ئامەتى قاچىدىغان بولۇپ قالدى . ئۆمۈر بويى ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئامەت مالائىكىسىنىڭ يېنىدا قارا قانىتى بىلەن سايە تاشلاپ ، ئەزرائىلمۇ پەيدا بولدى . ئۇنىڭ جان ئالغۇچى پەشۋاسى بەزىدە ئۇ يەر ـ بۇ يېرىگە چالا ـ پۇچۇق تېگىپمۇ كەتتى . نىياز ھېكىمبەگنىڭ ھالسىرىغان ، دىشۋارچىلىققا يولۇقۇپ روھى سۇنغان چاغلىرىدىلا

ئىقرار قىلىپ قالىدىغان بۇ چىن گېپىنىڭ ئالامەت ـ ئىزناسىنى ئۇنىڭ تۇرۇلۇپلا تۇرىدىغان قوشۇمىسىدىن ، ۋەسۋەسە ۋە ئىزتىراپ قېتىپ قالغان چىرايىدىن ، گۇمان ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن ، دەككە ـ دۈككە بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن يۇرۇش ـ تۇرۇشلىرىدىن ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى .

ئۇ ئەسلىدە چېكى يوق ئەركىنلىكنىڭ ئەشەددىي كۈشەندىسى بولمىش ئاباس مىرزىنى ئىنتايىن ئەپچىل بىر يول بىلەن يوق قىلىپ ، فېئودالىيدەك كېرەكلىك تۈلكىنى خىزمىتىگە ئىختىيارەن باش ئەگدۈرۈپ بەرگەن ئاشۇ ئىنايىتى كەڭ تەقدىرگە رەھمەت ـ تەۋەززۇلار بىلدۈرسە ، شۈكۈر ـ قانائەت قىلسا بولاتتى . ئەمما ، ئالەمگە ئاپىرىدە بولۇپ ئادەم قاتارىغا قېتىلغاندىن بېرى ، شۈكۈر ـ قانائەت دېگەنلەردىن نېسۋە ئېلىپ باقمىغان نىياز ھېكىمبەگ بۇ كۈنلەردە بىر نان سەدىقە قىلسا ئىككىنى بەر ، ئىككىنى بەرسە ئۈچىنى بەر دەپ قول ئۇزارتىدىغان ، بەرمىسە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايدىغان ئۇششۇق قەلەندەرگىلا ئوخشاپ قالغانىدى . يەكەندە يۈز بەرگەن ھېلىقى ئاۋارىچىلىكتىن كېيىن بولسا ، ئۇنىڭ بۇنداق ئوسال مىجەزى ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك ئەزۋەيلەپ كېتىۋاتاتتى .

ئەمما ، بېشىنىڭ ئىچىنىمۇ ، تېشىنىمۇ قاتۇرۇۋەتكەن ئاباس مىرزىنىڭ ئىشى كۈتۈلمىگەندە ئۆز ئىزىغا چۈشۈپ ، ئۇنى بىر ئوبدانلا خۇش قىلىۋەتتى . شۇغىنىسى ، بىتەلەي ئاباس مىرزىغا ئەمەس ، ئەسلىدە دەل ئۆزىنى چەنلەپ تاشلانغان بۇ قارماق قۇلاق تىۋۋىگە كېلىشتۈرۈپ ئۇرۇلغان بىر مۇشتتەك تۇيۇلدى . ئۇنى يەنىمۇ سەگەكلەشتۈرۈۋەتتى ، سەگەكلەشكەنسېرى كەيپى ـ مىجەزى بۇزۇلدى .

يولغا چىقىدىغان ئاخشىمى ئۇ ھارام تاماق ياساۋۇللىرىنى قارىمۇقارشى ئىككى سەپكە تۇرغۇزدى ـ دە ، ئۈچ قاتلىنى قاچۇرۇپ قويغىنى ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى ئەللىكتىن تەستەك ئۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى . قورقۇنچاق ياساۋۇللار نۆۋەت بىلەن تەستەك ئۇرۇشۇپ

قـاش ـ قاپىقىنى قانغا بوياپ ، سۇرمە تارتقاندەك كۆكەرتكەندىن كـېيـىـن ئـانـدىـن پـۇخادىن چىققاندەك بولدى . ئۇ ئامالىنىڭ يوقلۇقىدىن يەنە ئاشۇ يارىماس ياساۋۇللىرىنىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن كېچىنى كېچە ، سوغۇقنى سوغۇق دېمەي يول يۈرۈپ ، قېلىن قىرو چۈشكەن بىر ئەتىگىنى خوتەن شەھىرى تەۋەسىگە ئۇلىشىۋالدى .

يـول جـاپـاسى ۋە ئۇيقۇسىزلىقتىن ئىككى ئىلىك ئېتىدىن چۈشۈپ ، ئەۋرەز پاقىسىدەك كۆكىرىپ كەتكەن نىياز ھېكىمبەگ توپىچاغا يېتىپ كەلدى . ئۆزىنى كۈتۈپ ساقلاپ تۇرغان بىر توپ ئادەمنى كۆرۈپ تولىمۇ ھەيران بولدى ۋە سالام ـ سەھەتتىن كېيىن ئەمىرلەشكەر خالمان پانساتتىن سورىدى :

— تـەقسىر ، پېقىر ھاكىمبەگنىڭ بۈگۈن خوتەنگە قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆڭۈللىرى تۇيغانمىدى ؟

قـەشقەردىن قوزغالغاندىمۇ ، سانجۇدىن خوتەنگە قاراپ يولغا چىققاندىمۇ نىياز ھېكىمبەگ ھېچكىمگە شەپە بەرمىگەنىدى ، خوتەن تـەۋەسـىگە كىرىپ كەلگەندىمۇ ئادەتنى بۇزۇپ ئوردىغا چاپارمەن ئەۋەتمىگەن ، بەلكى خوتەندىن قانداق چىقىپ كەتكەن بولسا يەنە شـۇنـداق قـايتىپ كىرىش نىيىتىگە كەلگەنىدى . يول بويى ئۆز ئارغىماقلىرىدىن ئۆتۈپ كېتەلەيدىغان بىرەر كارۋاننىڭ ياكى بىرەر تـەنـھـا يـولـۇچـىـنـىـڭ بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقىنىمۇ كۆزگە چېلىقمىغان تۇرسا ، بۇلار قانداق خەۋەر تاپتى ؟ مانا بۇ ھال بىرەر گۇمانلىق پاخالىنىمۇ ، بىرەر شۈبھىلىك شەپىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قـىلىشـقا ئۈتمەيدىغان نىياز ھېكىمبەگ ئۈچۈن خېلى مۈرەككەپ بىر تېپىشماق بولۇپ ھېسابلىناتتى .

ئەمىرلەشكەر خالمان پانسات نىياز ھېكىمبەگنىڭ چۈشكۈنى ئـۈچـۈن تـىـكـلـىگەن ۋاقىتلىق بارگاھتا ئولتۇرۇۋېتىپ ، خۇددى نېمىدىندۇر خۇدۇكسىرەۋاتقاندەك ئەتراپىغا قارىۋالدى ۋە :

— مۇھتەرەم بېگىم ، ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلدىلە ، مۇبارەك دىدارلىرى بىزگە يەنە نېسىپ بولدى . بـىـز تـېـخـى بەدۆلەت ئالىيلىرىنىڭ تاپشۇرۇق ـ ئىنايەتلىرىنى

بـېـگـىمدىن ئاڭلارمىز دەپ ئاغزىلىرىغا تەلمۈرۈپ تۇرۇۋېتىمىز . شۇغىنىسى ، بۇ يەردە پۇرسەت قىس ، يەنە كېلىپ نەچچە كۈندىن بـېرى يول يۈرۈپ ، جانابلىرىغا ھاردۇق يەتتى . ئاۋۋال ئۇردىغا قـايـتـىـساق ، ئـانـدىـن كـېـيىن كەڭ ـ كۇشادە مۇڭدىشىۋالساق بولارمىكىن ؟ — دېدى ئۇ بۇيرۇقىمۇ ، تەكلىپكىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر ئاھاڭ بىلەن .

بۇ تەكلىپ بىرەر خالىي سورۇننى كۆڭلى تارتىپ ، ئالدىراپ تۇرغان نىياز ھېكىمبەگكە شۇ ھامان ماقۇل كەلدى . ھاكىمبەگ ۋە ئەمىرلەشكەر يول بويى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدى . نىياز ھـېـكىمبەگ قۇللۇق بىلدۈرۈپ ھاردۇق سوراپ كەلگەن بەگ ـ سىپاھ ، توقسابالار بىلەن كۆز ئىشارىسى ئارقىلىقلا سالاملىشىپ ، ئۇستۇۋېشىدىكى توپىنى قېقىشقىمۇ ئۇلگۇرمەي ، خالمان پانساتنى باشلاپ ئۇدۇل خاس قوبۇلخانىسىغا كىرىپ كەتتى .

قوبۇلخانىغا داستىخان سېلىنىدى . نىياز ھېكىمبەگ ئوخشىغان ئۇگرىگە كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىدى . چوغدانغا قاقلىنىپ ، قوللىرىنى ئۇۋۇلىغاچ خالمان پانساتقا قاراپ :

— بايامقى سوئالىمنى يەنە بىر تەكرارلايمۇ ، تەقسىر ، — دېدى تەنە ئارىلاش .

خالمان پانسات قوبۇلخانىغا كىرىپلا خۇددى چۆلدىن چىققان يـولـۇچىدەك ، چايغا دۇم چۈشكەنىدى . ئۇ نىياز ھېكىمبەگنىڭ تـەنــىــىنى چۈشەنگەچكىمۇ ، «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دېـگەندەك ، قەستەنگە جىم بولۇۋالدى . كالپۇكلىرىغا تەگكۈزۈپ بولغان پىيالىنى قايتا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم پۈۋلەپ ، ئالدىرىماي ئوتلىۋالغاندىن كېيىن تاقىتى تاق بولۇپ چەكچىيىپ ئولتۇرغان نىياز ھېكىمبەگكە ئېغىز ئاچتى :

— خوش ، جانابلىرى ، ئېسىمنى قانچە يىغسامۇ گەپنى نەدىن بـاشـلاشـنـى بـىـلـەلـمـەيۋاتىمەن . راسـتـىـنى ئېيتـسام كەمىنە پانـساتـلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئالـدىدا گـەپ يوشۇرۇش نىيىتىمۇ يوق ، — «مەن ئالدىرارمەن كەتكىلى ، ئىشكىم ئالدىرار ياتقىلى»

www.uyghurkitap.com

دېگەندەك ، خالمان پانسات زورمۇزور تىرەجەشكە باشلىدى .

نىياز ھېكىمبەگ خالمان پانساتنىڭ مىجەزى چۇس ، گەپ خالىمايدىغان ، غۇرۇرى غالىب ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەتتى . ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاندا ئىمكان بار سىلىق ـ سىپايە بولۇۋالاتتى . گەپ كوچىلاپ ئۇنى تېرىكتۇرۇپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەيتتى . بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقىدا ئەمەس ، بەلكى ياقۇپبەگ قالدۇرۇپ كەتكەن بەش يۈزچە ئاتلىق لەشكەر ۋە شۇنچىلىك ساندىكى يەرلىك لەشكەرنىڭ ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايدىغانلىقىدا ئىدى .

نىياز ھېكىمبەگ باياملىقى گېپىنىڭ ئۇنىڭ يېغىرىغا تېگىپ كەتكەنلىكىنى تۇيۇپ ، مۇقامىنى ئۆزگەرتتى ۋە :

— گەپنى قەيەردىن باشلىسىلىمۇ ئىختىيار ئۆزلىرىدە ئەمىرلەشكەر ، قولىقىم سىلىدە ، — دېدى ئۇ مۇلايىمغىنا كۈلۈمسىرەپ ، — بۇرادەرلىرىنىڭمۇ ئۆزلىرىگە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرى بار ، مەسىلەن ، بەدۆلەت ئالىيلىرىنىڭ خوسۇسىي سالىمى ۋە يەنە...

خالمان پانساتنىڭ گەپنى قەيەردىن ئەمەس ، بەلكى قانداق باشلاشنى بىلمەيۋاتقانلىقى راست ئىدى . لېكىن ، گەپنى قەيەردىن ۋە قانداق باشلىمىسۇن ، نىياز ھېكىمبەگنى ھەيران قالدۇرالايدىغانلىقىغا ، چۆچۈتۈۋېتەلەيدىغىنىغا شەكسىز ئىشىنەتتى . بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايدىغان مۇھىم خەۋەرلەرنىڭ ئەڭ چوڭى قازى رەئىس موللاجى تۇراپنىڭ نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنغانلىقى ئىدى .

راست ، نىياز ھېكىمبەگ يولغا چىققان كۈنى چۈشتىن كېيىن ، موللاجى تۇراپنى ئاستىرتىن كۆزىتىۋاتقان ئايغاقچى ئۇنىڭ ھويلىسىدا تۆت ـ بەش ئادەمنىڭ مىلتىق سۇرتۇپ تازىلاۋاتقىنىنى ، يۇرۇش ـ تۇرۇشى گۇمانلىق بولۇپ ، بىرەر ئىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقانلىقىنى خالمان پانساتقا يەتكۈزدى . بۇنىڭ بىلەن ئەمىرلەشكەرنىڭ ئېشىكى تۆت چىشلىق بولدى . چۈنكى ، ئۇ نىياز ھېكىمبەگ بىلەن بولغان خوسۇسىي پاراڭدىن كېيىن موللاجى تۇراپنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرۈپ ، ئۆزىنى تونۇتۇپ قويۇشنىڭ پەيتىنى پايلاشقا

باشلىغانىدى. ئەسلىدە ئۇ ئۇنى «ئالدى بىلەن قول سالماقچى بولغان» دېگەن گۇناھ بىلەن پۈت - قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي زىنىدانغا تاشلىۋەتكەنمۇ بولاتتى. لېكىن، تېخى تۇنۇگۇنگىچە بىرەر قېتىم «سەن - پەن» دېيىشىپ باقمىغان موللاجى تۇراپقا ئوچۇق - ئاشكارا تىغ كۆتۈرۈشكە پېتىنالماي، يالىڭاچلاپ بولغان قىلىچىنى قايتا قىنىغا سېلىۋەتكەنىدى.

بىراق، «ئاسمانغا تاياق ئاتسا، چىلان چۈشۈپتۇ...» دېگەندەك، شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى يۈز بەرگەن بىر ۋەقە خالمان پانساتقا ناھايىتى ئوبدان باھانە بولۇپ بەردى. موللاجى تۇراپنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن تاشقىرىغا چىققان بىر خۇسۇسىي مەھرىمى خالمان پانساتنىڭ بىر مەھرىمىنىڭ مەخپىي تاۋكادا قىمار ئويناۋاتقىنىنى تاسادىپەن كۆرۈپ قالدى. ئۇنى قىمارخانىدىن قايتۇرۇپ كەتمەكچى بولۇپ: «مېنىڭ بىلەن ئوردىغا قايتمىساڭ بۇ ئىشنى قازى لەشكەرگە مەلۇم قىلىمەن» دەپ پوپوزا قىلدى. خالمان پانساتنىڭ خۇسۇسىي مەھرىمى: «قازى لەشكەر دېگەن قانچىلىك نېمىتى، ئەمىرلەشكەر ئالدىدا نېمىگە ئەرزىيتتى؟» دەپ جېدەللەشتى. خوجايىنىنىڭ ھاقارەتلىنىشىگە چىداپ تۇرالمىغان مەھرەم قىمارۋاز مەھرەمنى ئاستىغا بېسىپ، تازا دۇمبالىدى ۋە بولغان ئەھۋالنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن موللاجى تۇراپنىڭكىگە قايتىپ كەتتى. ئۆز مەھرىمىنىڭ قاتتىق دۇمبا يەپ گوداڭدىن چىققان ئىتتەك قىلىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرگەن خالمان پانسات نەچچە ئون لەشكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ موللاجى تۇراپنىڭكىگە باردى ۋە ھېلىقى مەھرەمنى چىقىرىپ بەر، دەپ غوۋغا كۆتۈردى. موللاجى تۇراپ: «قىمار ئويناش — پەرمانغا خىلاپ ئىش، پەرمانغا خىلاپ ئىشنى چەكلەش گۇناھ ئەمەس» دەپ ئۆز مەھرىمىنى ھىمايە قىلدى. بۇنى ئاچچىقنى چىقىرىۋېلىشنىڭ ئوبدان پەيتى دەپ ھېسابلىغان خالمان پانسات لەشكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ «ھاكىمبەگ قايتىپ كېلىپ دەۋانىي سورىغۇچە» دەپ قازى لەشكەرنى ئۆز ئۆيىدىلا نەزەربەند قىلىپ قويدى.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان تۆمۈر خەزىنىچىبەگ ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا موللاجى تۇراپىنىڭ تەرىپىنى ئالدى. «قازى لەشكەر جېدەللەشكەن، ناشايان ئىش قىلغان لەشكەر ئۈستىدىن كېسىم چىقىرىشقا ھوقۇقلۇق، جازالىنىدىغىنى دەل ھېلىقى قىمارۋاز مەھرەم» دېگەن گېپىدە چىڭ تۇردى. گېزى كەلسە زاكونلاشتى، خالمان پانساتىنىڭ ئىچىشىپ تۇرغان يارىسىغا يەتكۈچە تۇز سەپتى. شۇنىڭ بىلەن ساغرىسىغا كۆكۈيۈن قونۇۋالغان ئىشەكتەك چىچاڭلاپ كەتكەن خالمان پانسات: «گېپىنى بىر قىلىۋېلىپ، توپىلاڭ قوزغاپ ھوقۇق تارتىۋالماقچى بولغان» دېگەن سەۋەب بىلەن تۆمۈر خەزىنىچىبەگنىمۇ مىرزا قاماققا ئالدى...

نىياز ھېكىمبەگ تەنە گەپ قىلىپ خالمان پانساتىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغىنىغا ئۆكۈندى ۋە تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ ئۇنى يۇمشاتماقچى بولدى. لېكىن، ئۇ يۇمشاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ھاكىمبەگنىڭ تەلەپپۇزىغا ئانچە پەرۋا قىلىپمۇ كەتمىدى. خۇددى ئۇيقۇسىغا قانمىغان ئادەمدەك، غۇلچىنى كېرىپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ پەرۋاسىزلارچە ئەسنىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغاندەك:

— بېگىم، ھۆرمەتلىك قازى لەشكەر ۋە قازى رەئىسىمىز توغرىسىدا بىرەر نەرسە سورىمىدىلىغۇ؟ ئۇلارنى سېغىنمىدىلىمۇ يا؟ — دەپ سورىدى كۆزلىرىنى قىسىپ قويۇپ.

خالمان پانساتىنىڭ «جۇۋىلىقنى ئۇراي، جۇۋىچىغا تور كەتسۇن» دېگەندەك، ئۇ ئىككىيلەننى قەستەن چىشلەپ تارتىۋاتقىنىنى تۇيۇپ تۇرغان نىياز ھېكىمبەگ: «ھىم، نىياز ھېكىمبەگ ئۇنداق ئەخمەق ئادەم ئەمەس، مېنى قىلتاققا چۈشۈرىمەن دەپ خام خىيال قىلما» دەپ ئويلىدى ـ دە، چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— سېغىندىم، سىلىنىمۇ، ئۇلارنىمۇ كۆرگۈم كەلدى. ھەرقايسىلىرىدەك قېرىنداشلىرىمنى سېغىنماي، كىمنىمۇ سېغىنارمەن؟ — دېدى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ.

خالمان پانسات نىياز ھېكىمبەگ بىلەن مۆكىمۆكىلەك ئويناۋېرىپ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئوسال بولۇپ قېلىشىدىن خەۋپسىرىدىمۇ، قازى لەشكەر ۋە قازى رەئىس ھەققىدىكى ھېكايىسىنىڭ بېشىنى چىقاردى. نىياز ھېكىمبەگ قەشقەر سەپىرىدىن بۇرۇن بۇ ئۈچ پارچە بىنەم يەرگە ئىبدىتلاپ چېچىۋەتكەن ئاداۋەت ئۇرۇقىنىڭ بىخ سۇرۇپ، چېچەكلەپ، مۆلچەردىكىدىنمۇ كۆپرەك مېۋە بەرگىنىگە ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن خالمان پانساتنىڭ ھېكايىسىنى ھەيران قالغان قىياپەتتە ئاڭلاپ ئولتۇردى. «ھە، شۇنداق بوپتۇمۇ؟» «ھە شۇنداقمۇ؟»، «ياپىرىم» دېگەندەك ھېچقانداق رەسمىي مەنە بەرمەيدىغان سۆزلەرنى قىستۇرۇپ قويۇشتىن ئۆزگە، ھېچكىمگە، ھېچقايسى تەرەپكە بولۇشمىدى. ئۇچەيلەننىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن قىياس دائىرىسىدىكى بۇ ئىشلاردىن قەشقەردىكى چېغىدىلا مەلۇم يول ئارقىلىق خەۋەر تاپقانلىقىنى بولسا زىنھار سەزدۈرمىدى.

نىياز ھېكىمبەگنىڭ قارىقويۇق باش لىڭشىتىۋېرىشىنى «ئۆزىگە بولۇشۇۋاتىدۇ» دەپ قارىغان خالمان پانسات سۆزلەپ ـ سۆزلەپ، ئاخىر نىياز ھېكىمبەگ قىزىقىدىغان ھېلىقى تېمىغا قايتىپ كەلدى ۋە ئۇنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرماقچى بولۇپ، دېدى:

— بېگىم، بايام بۈگۈن قايتىپ كېلىدىغانلىقلىرىدىن قانداق خەۋەر تاپقىنىمنى سورىدىلىمۇ؟

— ...

نىياز ھېكىمبەگ خالمان پانساتقا يېقىنراق كېلىپ، دىققىتىنى بىر يەرگە يىغدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاڭلاۋاتقىنى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ قىزىقارلىق جاۋاب ئىدى. خالمان پانسات بولسا ھېلىقى مۇھىم تېپىشماقنى بىر ـ بىرلەپ يېشىپ بېرىۋاتاتتى.

— بىزدە «ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ ئۆزگىنى شىر چاغلا» دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ ھۆرمەتلىك بېگىم، پو ئېتىۋاتىدۇ دەپ قالمىسىلا، خۇدا سىلىگە بەرگەن پەم ـ پاراسەتنى بىزگىمۇ بەرگەن، — خالمان پانسات ھېلىلا لىقلاپ قويۇلغان پىيالىنى

قولىغا ئالدى، نىياز ھېكىمبەگنى دوراپ ئۆياق - بۇياق مېڭىپ تۇرۇپ دېدى، — سىلى قايتىپ كېلىشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن قاراقاش بېگى پېقىرگە بەك مۇھىم بىر مەلۇماتنى يەتكۈزگەنىدى. ئاڭلىسام، بىر توپ قاراقاشلىق چوماقچىلار خۇپىيانە ئادەم يىغىپ، قىلىچ - نەيزە ياساپ توپىلاڭ قوزغاشقا ھازىرلىنىۋېتىپتۇدەك. «ھەي چوماقچىلار، ئەمىرلەشكەرگە شىلتىڭ ئېتىشقا نىمە ھەددىڭ، بىرىڭنىمۇ چالا قويماي تۇتۇپ، تىرەڭگە سامان تىقمايدىغان بولسام» دېدىم - دە، ئېتىمنى قامچىلاپ، كېچىلەپ قاراقاشقا باردىم، قاراقاشلىق بىر موزدۇزنىڭ چۆنتىكىگە ئۈچ تەڭگە شۇڭغۇتۇپلا توپىلاڭچىلارنىڭ ئارىسىغا كىرگۈزدۇم. مەلۇم بولدىكى، ئۇ ئۆلگۈرلەر «بىرنەچچە ئادىمىمىز نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئالدىغا كەتتى، ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇپ قايتىپ كەلگەن ھامان ئوردىغا تېگىش قىلىمىز» دېيىشىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەسەندىلەرنى بىراقلا قولغا چۈشۈرۈپ، ئانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىپ، جېنىنى جەھەننەمگە يوللىدىم - دە، ھاكىمبېگىمگە بىرەر زەخمەت يەتمىگىيدى دەپ كۆپ بىئارام بولدۇم، شۇ بىئاراملىقتا توپچاغا چىقىپ ساقلاپ تۇردۇم... — دېدى ۋە ئۇ يەردە نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى، نىياز ھېكىمبەگنىڭ تاۋۇت ئىچىدە ئەمەس، ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە چەكچەيگەن كۆزلىرىنى نەچچە رەت ئۇۋۇلىۋەتكىنىنى قىلچە چاندۇرمىدى.

نىياز ھېكىمبەگ خالمان پانساتنىڭ بىر ئاي ئىچىدە بۇنچىۋالا مېھرىبان، ساداقەتمەن، ئالدىن كۆرەر ئەۋلىيا بولۇپ كەتكىنىگە زادىلا ئىشىنەلمىدى، يالغانچىلىقىنى يۈزىگە سېلىپ: «جېنىمغا خەۋپ يۈزلەنگىنىنى ئاڭلاپسەنۇ، نىمەدەپ ئالدىمغا چاپارمەن ئەۋەتىپ خەۋەر بەرمەيسەن، ھېچبولمىسا زاۋا بازىرىغىچە ئالدىمغا بېرىپ ئامانلىق سورىمايسەن؟» دەپ ئۇنى ئېشەكتىن چۈشكەندەك لەت قىلىۋەتمەكچىمۇ بولدى. لېكىن، كېيىنكى ئىشلارنى كۆزلەپ، ئاغزىنىڭ ئۇچىغىلا كەلگەن گەپنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.



www.uyghurkitap.com

چىرايىغا بىردىنلا قايغۇلۇق تۈس بېرىپ :

— دېگەنلىرى راست ، ئۈچ ـ تۆت توپىلاڭچى سانجۇغا بېرىپ ، قەست قىلىشنىغۇ قىلدى ، بىراق ئاللاتائالا شاھادەت شەربىتى ئىچىش شەرىپىنى پېقىرگە نېسىپ قىلماپتىكەن ، ئاخىر ئاببباس مىرزىبېشى شېھىتلىك ماقامىغا يېتىپ ، ئاللانىڭ دەرگاھىغا راۋان بولدى . رەھمەتلىكنىڭ جايى جەننەتتە بولغاي ، ئامىن… — دېدى ۋە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ، بۇرنىنى تارتىپ قويدى .

— ئاببباس مىرزا ؟ — بىردىنلا سەگەكلەشكەن خالمان پانسات قايتۇرمىلاپ سورىدى ، — قايسى ئاببباس مىرزا ئۇ ؟ پەرغانىلىكمۇ ـ ياقەشقەرىيەلىكمۇ ؟

نىياز ھېكىمبەگ جاۋاب بېرىپ ، دېدى :

— ئۇ زات پەرغانىلىك ئىكەن ، ئاتالىق غازى ئالىيلىرىغا شىرەم تۇغقان كېلىدىكەن تېخى ! ئالىيلىرى بۇ قېتىم ئۇنى مىرزىبېشىلىققا تەيىن قىلىپ بىزگە قېتىپ قويغانىدى .

— مىرزا ئاببباس… مىرزا ئاببباس… ئاشۇ مىرزا ئاببباس شۇ ئىكەن ـ دە ! — خالمان پانسات ئۆپكىدەپ تۇرۇپ ئاھ ئۇردى ، — خۇدايا ، ئۇ بىر تۇغقاندىن چارە يېقىن بۇرادىرىم ئىدى ، تەقدىرنىڭ كۆزى كور بوپتۇ ، كور ، «يامانغا ئۆلۈم يوق ، ياخشىغا كۆرۈم» دېگەن شۇ ـ دە !

نىياز ھېكىمبەگ يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي مىشىلداپ ئولتۇرغان خالمان پانساتقا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى ئىنتايىن قايغۇلۇق قىلىپ سۆزلەپ بەردى ۋە قاتىللارنى بولۇشچە قارغىدى . بىر ـ بىرىنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ ، ئۆزئارا تەسەللى بېرىشتى . نىياز ھېكىمبەگ ئاخىرىدا كۆڭلىدە قالغان بىر تۈگۈچنى يەشمەكچى بولۇپ :

— ئەمىرلەشكەر جانابلىرى ، ئاببباس مىرزىغا قەست قىلغان قاتىللارنىڭ بىرىنى تۇتۇۋالدۇق ، يەنە نەچچىسى قېچىپ كەتتى ، ئۇ قاچقۇن قاتىللارنىڭ كىملىكى ، نەگە قاچقانلىقى تېخى مەلۇم ئەمەس . قاراقاش توپىلاڭچىلىرىدىن تىرىك قالغان بىرەرى بولسا

www.uyghurkitap.com

زۇۋانغا كەلتۈرسەكمىكىن ! — دېۋىدى ، خالمان پانسات بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك بولۇپ :

— ھە ، سورىمىسىلا ئۇنتۇپ قالغۇدەككەنمەن ، توپىلاڭچىلارنى باشلاپ ، پالاقلاپ يۈرگىنى تۆت - بەش كۈنلۈكى قالغان بىر قېرى دەرۋىش ئىكەن . ئۇنى تۇتۇپ ، كېيىن ئەسقېتىپ قالار دېگەن ئويدا زىندانغا تاشلاتقۇزغانىدىم ، مىرزا ئاپباسنىڭ قىساسىنى شۇ قېرى دەرۋىشتىن ئالىمىز - دە ، ئەمدى ، — دېدى ، تېز - تېز سۆزلەپ .

— قېرى دەرۋىش ؟ — نىياز ھېكىمبەگ تەكرارلىدى ، — بىر قېرى دەرۋىش دېسىلە ؟...

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

# تاغ يولىدىكى كىشىلەر

يىراقتا ، تىك چوققىلىرى بىلەن كۆك ئاسماننى تىرەپ تۇرغان بەھەيۋەت تاغ بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ تۇراتتى . ئاشۇ تاغلارنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە تاغنىڭ بالىسىغا ياكى نەۋرىسىگە قىياس قىلغىلى بولىدىغان كىچىكرەك بىر تاقىر تاغ چوقچىيىپ تۇراتتى . كىچىك تاغ تۆپىسىدىكى قورام تاشلارنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى قارلار ئېرىپ ، قوڭۇر رەڭدە تاۋلىناتتى . تۇمانلىق تەسكەيدىكى قار پارچىلىرى بولسا ئېدىتلاپ سۇرتۇلگەن كۈمۈش لېگەندەك پارقىراپ تۇرغان قىش قۇياشىنىڭ ئاجىز نۇرىدا غۇۋا ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى . كۆز كىرمەي تۇرۇپلا يالىڭاچلانغان پاكار تاغ ئۆسۈملۈكلىرى ، پارچە - پارچە دائىرىگە بۆلۈنگەن قۇرۇق ئوت - چۆپلەر تاغ قاپتىلىدىن پەسكە سوزۇلغانسېرى ئېگىزلەپ باراتتى ۋە تاغ بىلەن كۆز يەتمەس ساي ئارىسىدىكى بىر پارچە ئويمانلىق بىلەن تۇتىشىپ كېتەتتى . تومۇز كۈنلىرى سانجۇ دەرياسىنىڭ تاشقىنى ۋە سەل سۈيى بىلەن كۆكىرىدىغان بۇ ئويمانلىقتا يۇلغۇن ، جىغان ،

ئاقتىكەندىن باشقا، يەنە ئىككى ئادەم بويى كەلگۈدەك قومۇشمۇ ئۆسەتتى. ئويمانلىقنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە توڭلاپ، تاشتەك قېتىپ كەتكەن بۇلاق بويىدا ئون نەچچە تۈپ جىگدە دەرىخى كۆرۈنەتتى. يۇلغۇن شېخى بىلەن قورشام قىلىنىپ، كاكىل لاي بىلەن سۇۋالغان، كەپىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان ئىككى ئېغىز ئۆي ئاشۇ جىگدىلەرنىڭ ئارىسىدا چوقچايغانىدى. پۆپۈكلىرى ئۆگزىدىن بىر غۇلاچچە ئېشىپ تۇرىدىغان قومۇشلار بۇ پىنھان ماكاننى يات كۆزلەرنىڭ نەزىرىدىن يوشۇرۇپ تۇراتتى.

كەچكى قۇياش ئۇپۇق سىزىقىغا تاشلاپ قويۇلغان ئوت شارىدەك قىزارغان چاغدا، كالتە جۇۋا كىيگەن، چورۇق تارتقان، ئاتمىش ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى ساي تەرەپتىن تېز - تېز قەدەملەر بىلەن چىقىپ كەلدى. ئۇ كەينىگە قايرىلىپ ساي تەرەپكە سىنچىلاپ قارىۋالغاندىن كېيىن ئويمانلىقتىن ئۆتۈپ، چاتقاللار ئارىسىغا شۇڭغۇپ كەتتى. قومۇش پۆپۈكلىرى يېنىك سىلكىندى، سىلكىنگەن قومۇشلۇقتىن پۇررىدە ئۇچۇپ چىققان بىر توپ بوز تورغاي ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى - دە، نېمىدىندۇر نارازى بولغاندەك ۋىچىرلاپ قويۇپ بۇلۇتلار ئارىسىدا غايىب بولدى. شۇ ئارىدا ئاق سالۋار تەلپىكىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان ھېلىقى كىشى جىگدىلىك ئالدىدا يەردىن ئۈنگەندەك پەيدا بولۇپ، مورىسىدىن سۈس تۈتۈن ئۆرلەپ تۇرغان پاكار ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— مېھمانلىرىم، سەت ئىش بولدى، سىلەرنى ساقلىتىپ قويدۇم، — دېدى ئۇ پەگاھدا تۇرۇپلا قايتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ، ئۇنى كۈتۈپ كۆزى تۆت بولغان ئايمۇھەممەت بىلەن ئاقموللام:

— ھېچ ۋەقەسى يوق، ھاشىمكا، سىلىنى خەتەرلىك ئىشقا بۇيرۇپ قويۇپ ئاز خىجىل بولمىدۇق، ھېلىمۇ ياخشى، خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ساق - سالامەت قايتىپ كەپتىلا، — دېيىشتى ئالدىراپ پەگاھقا چۈشۈپ.

ھاشىمئاخۇن ئىشىك تۈۋىدىكى سوغىدىن بىر نوگاي سۇ ئېلىپ

گۆپۆلدىتىپ ئىچىۋەتتى، ئاندىن سۆپىنىڭ قىرىغا ئولتۇرۇۋېلىپ، جاۋىغايلىرىنى سۇرتۇپ تۇرۇپ دېدى:

— دېسەم ـ دېمىسەم ھەمراھىڭلارنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاشقا ئالدىراۋاتىسىلەر. مەن كۆردۈم، ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، — ساي يولىدا يۈگۈرۈۋېرىپ ھارغانلىقتىنمۇ ياكى ھاياجاندىنمۇ، ھاشىمئاخۇننىڭ كۆكسى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇراتتى، — ھېلىقى ھەمدەم قارماق دېگەن ھەمراھىڭلار تازا ئوغۇل بالا ئىكەن، پۇت ـ قولى چەمبەرچاس باغلاقلىق تۇرۇپمۇ نىياز ھېكىمبەگ دېگەننى تىللاپ ۋەتۆەرىكىنى چىقىرىۋەتتى. بىر پەسەندە قىلىچىنى بوغۇزىغا تەگكۈزسىمۇ مىت قىلمىدى.

— ئۇ نىياز ھېكىمبەگنى تىللىدىمۇ؟ — سورىدى ئايمۇھەممەت سەل ھەيران بولۇپ.

— ھەئە تىللىدى، تېخى ئۇنىڭ پىت كۆزىگە راسا كېلىشتۈرۈپ بىرنى تۈكۈردى!

— ئاكا، كۆزلىرى تورلاشمايدىغاندۇ؟

ئايمۇھەممەتنىڭ بۇ سوئالىغا ھاشىمئاخۇن سەل خاپا بولغاندەك جاۋاب بەردى:

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىدىلا ئۇكام، ئەللىك قەدەم نېرىدىكى توشقاننىڭ كۆزىگە قاراپ ئەركەك ـ چىشىسىنى پەرق قىلالمىسام، بۇ بىر جۈپ تۆشۈكنى كۆزۈم بار دەپ كۆتۈرۈپ يۈرىمەنمۇ؟

— دەيمىنا ئەمدى...

ئايمۇھەممەتنىڭ ياشلىق قىلىپ ھاشىمئاخۇننى تېرىكتۈرۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەن ئاقمۇللام دەرھال گەپنى تارتىۋالدى ـ دە، ئاسماقچىلاپ سورىدى:

— ھاشىمئاخۇن، ئۇ مۇناپىق ھاكىمبەگ بەلكى بۇ چاغقا دوزاخنىڭ تەكتىدە كۆيۈپ كۇل بولدىغۇ دەيمەن.

— ھىم... توختاپ تۇرۇڭلار، — ھاشىمئاخۇن مېھمانلىرىنىڭ تىزىنى بېسىپ قويۇپ دېدى، — سىلەر ھەمدەم قارماق نىياز ھېكىمبەگنى ئۆلتۈرۈپ، جېنىنى جەھەننەمگە يوللىۋەتتى دەپ

قالساڭلار كىرەك . ئۇ قارماقچىمۇ شۇنداق ئويلاپتىكەن . بىراق ، ئۆلگۈچى نىياز ھېكىمبەگ ئەمەس ، بەلكى قەشقەردىن نىياز ھېكىمبەگ بىلەن بىللە كەلگەن يېڭى مىرزىبېشى خوجا ئاباس دېگەن كىشى بولۇپ چىقىپتۇ .

— يېڭىلىشمىغانلا ئاكا ؟

يەنە دېسەم يەنە شۇ گەپ ، قارماقچى بالىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدىم ، قارمىقىنى نىياز ھېكىمبەگنىڭ قارنىغا سانجىدىم دەپ ئاباس مىرزىنىڭ گېلىغا سانجىپتۇ . ئۇ يەردە نىياز ھېكىمبەگدىن ئۆزگە ئادەم يوق دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك . ھېلىمۇ ياخشى ، ئەجرى بىكار كەتمەپتۇ ، خوتەنلىكنىڭ بېشىدا توپا سورۇيمەن دەپ كەلگەن يەنە بىر پەسەندىنى يەر چىشلىتىپتۇ . پۇقرانى دەپ شۇنداق قىلغاندىكىن ئاللا ئۇنىڭغا ئاسانلىق بېرەر…

ھاشىمئاخۇننىڭ سانجۇ بېگى بىلەن جېدەللىشىپ قېلىپ ، مەھەللىنى تاشلاپ مۇشۇ چاتقاللىقنى ماكان تۇتقىنىغا ئىككى - ئۈچ يىلچە بولۇپ قالغانىدى . ياز كۈنلىرى بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىپ ئارپا ، پۇرچاق تېرىپ ، قىش كۈنلىرى ئۆزى ياسىۋالغان روچاق[1] بىلەن توشقان ئوۋلاپ جېنىنى جان ئېتىپ كېلىۋاتاتتى . تەنھا تۇرمۇش ، مۇشەققەتلىك ھايات ئۇنىڭغا سۆگەت نوتىسىدەك چۈرۈك ، يۇلغۇن شېخىدەك چىداملىق مىجەزنى ئاتا قىلغانىدى . قىشۋياز قىرواپ ، ئاچچىق بۇس ئۆرلەپ تۇرىدىغان شورلۇق تۇپراق ئۇنىڭ مىجەزىگە تەسىر كۆرسەتتىمىكىن ، خۇي - پەيلى كەسكىن ۋە چۇس ئىدى .

ھاشىمئاخۇن ئەكەلگەن بۇ خەۋەرلەر ئايمۇھەممەت بىلەن ئاقمۇللامنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىپ قالدى . ئۇلار ئەسلىدە ھەمدەم باتۇر ، كەرىمقۇللار بىلەن بىللە سانجۇغا كېلىپ نىياز ھېكىمبەگنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ، يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقانىدى ، نىياز ھېكىمبەگ سانجۇ بېگىنىڭ قورۇسىغا جايلاشقاندىن كېيىن ،

---

① روچاق — ئاددىي ئوقيا .

ئۇلار تۇن نىسپى بولغاندا ئىگىز هويلا تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ هېچ تىۋىش چىقارمايلا هويلىغا كىرىۋېلىشتى . ئاۋۋال ئايمۇهەممەت بىلەن كەرىمقۇل تاغدەك ئېغىر هەمدەم باتۇرنى تام ئارقىلىق شىپاڭلىق مېهمانخانىنىڭ ئۆگزىسىگە يۆلەپ چىقاردى .

هەمدەم باتۇر تىۋىش چىقارماي ئۆمىلىگەن پېتى تۈڭلۈك بېشىغا بېرىۋالدى ـ دە ، بىر قارماق بىلەنلا ئىشنى تۈگەتتى . بىراق ، ئۇ ئۆگزىدىن چۈشۈۋاتقاندا هويلىنى چارلاپ يۈرگەن بىر قاراۋۇل هەمدەم باتۇرنىمۇ ، تامغا يامىشىۋاتقانلارنىمۇ كۆرۈپ قالدى ـ دە ، بىردىنلا هودۇقۇپ ، ۋارقىراپ تاشلىدى . هەمدەم باتۇر بۇ قاراۋۇلنى بىر مۇشت بىلەن يەر چىشلەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئەنسىز ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغانغان نەچچە ئون ياساۋۇل ئۇۋىسى چۇۋۇلغان هەرىدەك يوپۇرۇلۇپ كەلدى . بەئەينى تۆگىدەك كۆچىگە كەلگەن هەمدەم باتۇر هەمراهلىرىغا قاراپ : «سىلەر مېڭىپ تۇرۇڭلار ، بۇ چۈپرەندىلەرگە ئۆزۈم تېتىيمەن» دەپ ۋارقىرىغان پېتى ياساۋۇللارنىڭ ئالدىنى توستى . هەمدەم باتۇرنىڭ سالامەت قۇتۇلۇپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلىغان ئۈچەيلەن هويلا سىرتىغىچە قوغلاپ چىققان ياساۋۇللارنى كەينىدە قالدۇرۇپ ، ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قاراپ قاچتى . ئايمۇهەممەت بىلەن ئاقموللام تاڭ ئاتقان چاغدىلا ئاندىن مۇشۇ چاتقاللىقنىڭ چېتىدە ئۇچرىشىپ ، هاشىمئاخۇننىڭ كەپىسىدە پاناهلاندى ۋە هەمدەم باتۇر بىلەن كەرىمقۇلنىڭ خەۋىرىنى ئالالماي هاشىمئاخۇننى سانجۇ بازىرىغا ئەۋەتتى . بۇ خەتەرلىك ئىشقا رازىمەنلىك بىلەن تەۋەككۇل قىلغان بۇ ياشانغان كىشى هەمدەم باتۇرنىڭمۇ ، نىياز هېكىمبەگنىڭمۇ خەۋىرىنى ئەكەلدى...

— تۇخۇمۇڭ قۇرغۇر ئەبلەخ ، يەيدىغان رىزقىڭ بار ئىكەن ، ئامان قاپسەن ، ئاللاغا قەسەمكى ، تەلىيىڭ هەمىشەم بۇنداق ئوڭ كېلىۋەرمەيدۇ ، پۇقرانىڭ ئاهۇزارى هامان بىر كۈن ئەزرائىلنى ئالدىڭغا چىللاپ كېلىدۇ ، — دېدى ئايمۇهەممەت غەزەپلىك كۆزلىرىنى سانجۇ تەرەپكە تىكىپ تۇرۇپ .

ئۇلار كەپىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزغۇسى كەلمىگەندەك، بىر هازاغىچە بېشىنى سىلىپ ئولتۇردى. شەكسىزكى، دولقۇنلىنىۋاتقان هېس دېڭىزىنىڭ گىرىمسەن گىرۋىكىدە خۇددى خىيالىي ئالۋۇندەك پەيدا بولغان ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇسىنىڭ جان ئالغۇچى ئازابى ھەممەيلەننىڭ يۈرىكىنى گويا ئوتلۇق لاخشىگىردەك قىسماقتا ئىدى. چۈنكى، تېخى تۇنۇگۇنلا ئۇلارنى ئىللىق ئاپتىپى بىلەن ئۈمىتۇلدۇرۇپ تۇرغان ئامەت قۇياشى بۈگۈن بۇ ئۈمىتۇلگۈچىلەرنىڭ كەينىدە، يەنى ھەقنىڭ تەقسىمىدە قۇياش شولىسىدىن زەررىچىلىك نېسىۋە بۇيرۇلمىغان ئاللىكىملەرنىڭ بېشىدا پارلاۋاتاتتى. بىر دەقىقىدە، كۆپ بولسا بىر تىنىق ئىچىدە يۈز بېرىدىغان بۇنداق شىددەتلىك ئۆزگىرىش ئۆز زەربىسى بىلەن تىرىكىنى ئۆلۈككە، جانلىقنى جانسىزغا، تىللىقنى تىلسىزغا ئايلاندۇرۇشقا قادىر ئىدى. مانا مۇشۇنداق ئۆزگىرىشتىن كېيىنلا ۋۇجۇدقا كېلىدىغان زور سىلكىنىش، زور تەۋرىنىش يا تەندىن جان ئالاتتى، يا ئۈمىد هامىلىسىنى ئىككىنچى قېتىم كۆز ئاچۇرىدىغان كۈچلۈك تولغاققا گىرىپتار قىلاتتى.

ئۇلار بىرپەس داۋام قىلغان سۈكۈت ئىچىدە بۇ مۆرەككەپ جەرياننىڭ ھەممىسىنى بېشىدىن كەچۈردى. ئۈمىد بىلەن يارالغانلار يەنە ئۈمىد قۇچىقىدا تېپىچەكلەشكە باشلىدى. ئايمۇھەممەت بىرىنچى بولۇپ خىيالدىن بېشىنى ئالدى.

— هاشىمكا، بايامقى گەپلىرىمگە خاپا بولمىسىلا، — دېدى ئۇ، هاشىمئاخۇنغا يېڭىچە نەزەر بىلەن قاراپ، — ئەمدى بىزگە ھەمدەم باتۇر توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرسىلە، بايام ئۇنى كۆردۈم دېگەندەك قىلىۋىدىلىغۇ؟

هاشىمئاخۇن قاتتىق - قۇرۇق گەپلىرى ئۈچۈن خىجىل بولغاندەك گەدىنىنى تاتىلىدى - دە، ئوچۇق چىراي بىلەن جاۋاب بېرىپ دېدى:

— قارىسام ئۇ باتۇرنىڭ پۇت - قوللىرى چەمبەرچاس باغلاقلىق تۇرۇپتۇ، ئالدى - كەينىدە مىلتىق - نەيزىلىرىنى تەڭلىشىپ

دۆشكەلەپ تۇرغان لەشكەرلەرگىمۇ، نىياز ھېكىمبەگكىمۇ بوي بېرىدىغاندەك ئەمەس. ئۇ تېخى ئابباس مىرزا دېگەننى ئۆلتۈرگىنىنى قورقماي گەدىنىگە ئالدى. نىياز ھېكىمبەگكە يۈزمۇيۈز تۇرۇپ: «سېنى ئۆلتۈرمەي قويمايمەن» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ نىياز ھېكىمبەگ تاتىرىپ، ساقاللىرى دىر-دىر تىترەپ كەتتى. ئاندىن، خۇددى ئەقلىدىن ئازغاندەك قاقاقلاپ كۈلدى.

— كېيىن قانداق بولدى، ئۇنى بىرنېمە قىلمىغاندۇ؟

— ھېچنېمە قىلالمىدى، پەقەت پۇت-قولىغا تاقاق سېلىپ، ئاباس مىرزىنىڭ جەسىتى بىلەن بىللە قەشقەر تەرەپكە يولغا سېلىنىۋەتتى، ياقۇپبەگ دەمدۇ، يەنە بىرى دەمدۇ، ئىشقىلىپ بىر بەگنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكۈدەك، بەگ ئۇنى ئۆز قولى بىلەن دارغا ئاسارمىش...

— ئۇنىڭ يېنىدا ئون توققۇز-يىگىرمە ياشلاردىكى بىر يىگىت بارمۇ، ئاق چىراي، قارا تەلپەك، پاختىلىق چاپان كىيىپ، سېرىق پوتىدا بېلىنى باغلىۋالغان؟

— يوقسۇ، يوقسۇ، — ھاشىمئاخۇن بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ دېدى، — ئۇنداق ئادەم يوق، بولغان بولسا كۆرمەي قالمايتتىم.

— ھە، مۇنداق دېسىلە، نىياز ھېكىمبەگ قوزغالغاندەكمۇ، ھېلىمۇ بەگنىڭ ھويلىسىدا تۇرۇۋاتامدۇيا؟

— ئۇ مۇغەمبەر بەگ قېچىپ كەتكەن ئادەملەرنى تۇتۇشنى سانجۇ بېگىگە قايتا-قايتا جېكىلەپ خوتەن تەرەپكە كەتتى بولغاي.

— سانجۇ بېگى قاتىلنى ئىزدەيدىغاندەكمۇ؟

— سىلەر سانجۇ بېگىنى ئۇقمايدىغان ئوخشايسىلەر، ئۇمۇ نىياز ھېكىمبەگدىن قېلىشمايدىغان ئۇششۇق، جېدەلنى پۇلغا سېتىۋالىدىغان ئىپلاس. خوجىسى بۇيرۇدىمۇ، ئۇ دۇنيادا بارلىكى ئەسكىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ. «خوتەندە شامال ئەگسە، سانجۇدا بوران چىقىپتۇ» دېگەندەك، نىياز ھېكىمبەگنىڭ تىنىقىنى مۆھۈر بىلىدىغان سانجۇ بېگى تۇشمۇتۇشتا قاپقان قۇردى. نىياز ھېكىمبەگنىڭ قارىسى كۆزدىن يىتمەي تۇرۇپ تەرەپ-تەرەپكە ئادەم ئەۋەتتى. پۇقرالارغا: «قايسىڭكى قېچىپ كەتكەن قاتىللارنىڭ

خەۋەرىنى ئەكەلسەڭ، قانچە پۇل دېسەڭ بېرىمەن، قايسىڭكى قاتىللارنى يوشۇرساڭ، كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالساڭ، بېشىڭنى قۇچقاچنىڭ بېشىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈۋېتىمەن» دەپ بىرھازا كاپشىدى. مەن ئۇنىڭ كۆزىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ ئادەملەر ئارىسىدىن غىپپىدە سۇغۇرۇلۇپ چىقتىم. سانجۇ دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى دەرەخزارلىقتا كېلىۋاتسام، بىرمۇنچە لەشكەر ساي تەرەپتە كىمنىڭدۇر ئىزىنى ئىزلاپ يۈرگەندەك قىلىدۇ.

— بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ قالارمۇ؟

— بۇنىڭغا بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. ئىشقىلىپ سانجۇ بېگى ئىچىدە توڭگۇز قاترايدىغان ئەسكى نېمە، ئۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ...

ھاشىمئاخۇن ئۆي ئىچىدە بىرھازا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئىككى ئوچۇم كەلگۈدەك ئارپا قاچىلانغان بىر بوز خالتىنى تېپىپ چىقتى. بۇ ئارپىنى يارغۇنچاقتا ئېزىپ، ئۇلارغا مەززىلىككىنە ئىككى قاچا ئۇماچ ئېتىپ بەردى. بىر كېچە ــ كۈندۈزدىن بېرى ئۇرۇلۇپ ــ سوقۇلۇپ يۈرۈپ ئۇچەيلىرى تارتىشىپ كەتكەن ئايمۇھەممەت بىلەن ئاقموللام قىزىق ئاشنى سوغۇق سۇ سۈمۈرگەندەك سۈمۈرۈپ، بىردەمدىلا قۇرۇتۇۋەتتى.

دۇئادىن كېيىن ئايمۇھەممەت جىددىي تەلەپپۇزدا دېدى:

— مولىلىكا، بۇ يەردە ئەمدى ئۇزاق تۇرغىلى بولمايدۇ، بەگنىڭ چوماقچىلىرى كېلىپ قالسا ھاشىمئاكامغا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىمىز، شۇڭا خوش دېسەك قانداق؟

— شۇنداق قىلساق قىلايلى، لېكىن...

— ئاقمولىلامنىڭ سەل ئارىسالدى بولۇۋاتقىنىنى تۇيغان ھاشىمئاخۇن دەرھال ئۇنىڭغا بولۇشتى:

— ئەجەب بىر گەپ بولدىغۇ بۇ، بۇ يەردە تۇرساڭلار گەجگەمگە مىنىۋالمايسىلەر، ئېغىرىڭلارنى يەر كۆتۈرىدۇ، ئالدى بىلەن خۇدا، ئاندىن قالسا مەن بار، نېمىدىن غەم يەيسىلەر، — دېدى ئايمۇھەممەتكە قاراپ دومسىيىپ.

ئاقمۇللام ھاشىمئاخۇننىڭ قېيىداۋاتقىنىنى بىلىپ، ئالىقانلىرىنى جۇپلىدى:

— دېگەنلىرى دۇرۇس ھاشىمئاخۇن، بىراق، بىزنىڭ قىلمىساق بولمايدىغان بەك زۆرۈر ئىشىمىز بار ئىدى. ئىنىمىز شۇڭا ئالدىراۋاتقان چېغى، شۇنداقمۇ ئۇكا! — دېدى ئاقمۇللام ئارىغا چۈشۈپ.

— شۇنداق موللىكا، «بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس، بىر يامانلىق» دەپتىكەن، ھاشىمئاكامنىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىقى بىزدىن يانمىسا خۇدادىن يانار...

ئۇلار ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئاخىر ئۆزلىرىگە بىر كېچە ـ كۈندۈز پاناھلىق بەرگەن ھاشىمئاخۇن بىلەن، ئىسسىق ئورۇن بەرگەن يالغۇز كەپە بىلەن خوشلاشماقچى بولۇشتى. چاتقاللىقتىن بۇلاق بويىغا، ئاندىن تاغ ئارىسىغا كىرىپ كەتسىلا، ئۇلارنى يەتتە كۆزلۈك ئالۋاستى بولسىمۇ تاپالمايتتى. بىراق، كېتىشنىمۇ كېتەر، تاغ بويىلاپ، ئېقىن بويىلاپ، چاتقاللار، مۇزلۇقلارنى ئارىلاپ كېتىۋېرەر، لېكىن، مۇشۇ مېڭىشىدا قەيەرگە، كىمنىڭ پاناھىغا بارىدۇ؟ ئاۋۋال قايسى تەرەپكە مېڭىش كېرەك؟

مۇشۇ ئىشتا ئۇلارنىڭ بېشى قاتتى. سازلىقتىكى ئۇچۇش ئالدىدا تۇرغان قۇش بارماقلىرىنى لاۋا ـ لاتقىلاردىن سۇغۇرۇۋالمىغاندەك، قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ ئاياغلىرىغا يېپىشىۋېلىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا تۈگمەن تېشىدەك ئېسىلىپ قەدەم ئالدۇرمايۋاتقىنىنى ھېس قىلىشتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار خېلى كەسكىن دەتالاش قىلىشتى. ئايمۇھەممەت باشتا يەكەن ياكى يېڭىسارغا چۈشۈپ ھەمدەم باتۇرنى قۇتقۇلدۇرۇش، كەرىمقۇلنى ئىزدەپ تېپىش پىكرىدە چىڭ تۇردى. ئاقمۇللام بولسا ئۆز ـ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدىغان بۇ پىلانغا قوشۇلمىدى ۋە قاراقاشقا قايتىپ، كەنت ياقىسىدىكى پىنھان جايلاردا بىر مەزگىل يوشۇرۇنۇپ تۇرۇش، كېيىنكى دەرۋىشكە بۇرۇنراق خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئۇنى بىھۇدە ئاۋارىچىلىكتىن ساقلاپ قېلىش دېگەننى ئوتتۇرىغا تاشلىدى. ئايمۇھەممەت بىرھازا ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن

ئاندىن : «قانات چىقىرىپ ئۇچساقمۇ قاراقاشقا نىياز ھېكىمبەگدىن بۇرۇن يېتىپ بارالمايمىز ، كېپەك دەرۋىش زېرەك ئادەم ، خەۋەر يەتكۈزمىسەكمۇ ئەھۋالغا قاراپ يول تۇتىدۇ» دېدى ۋە تاغ تەرەپكە ئىچكىرىلەپ كىرىپ ، دوۋا ،[1] لاڭرۇ[2] ئارقىلىق قاراڭغۇتاغقا[3] ئۆتۈپ ، ئالتۇن ، قاشتېشى ئالۋىنىغا تۇتۇلغانلارنى ئىزدەپ تاپقاندىن كېيىن كۈچ توپلاپ ، پىشە ،[4] بويا[5] يولى بىلەن چىرىغا چۈشۈپ ، لوپ ۋە يورۇڭقاش بازىرىنى تارتىۋېلىش ، ئاندىن خوتەنگە ھۇجۇم قىلىپ نىياز ھېكىمبەگنى تۇتۇش پىلانىنى چۈشەندۈردى .

ئاقموللامنىڭ قارىشىچە ، جاپالىق بولسىمۇ بۇ خېلى ئوبدان چارە ئىدى . ئۇلارنىڭ تاغ يولى ئارقىلىق قاراڭغۇ تاغقا بېرىش ، كۈچ توپلاپ خوتەنگە كۈنچىقىش تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش پىلانى نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە چىرا ، لوپ ۋە يورۇڭقاشلاردىن خېلى كۆپ ئادەمنى بۇ ئىشقا جەلپ قىلغىلى بولاتتى .

ئۇلارنىڭ كېيى ئاخىر بىر يەردىن چىقتى . ھاشىمئاخۇن قومۇشلۇق ئارىسىدىن ئىككى ئاتنى يېتىلەپ كەلدى . ئۇلار كۆز باغلانغان مەھەلدە ھاشىمئاخۇن بىلەن كۆز يېشى قىلىپ خوشلىشىپ ، قار بىلەن قاپلانغان تاغلار ئارىسىغا كىرىپ جەنۇبقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

## ئوتتۇزىنچى باب

# چۆلدىكى ئاشىق

— چاپسان قېچىڭلار ، بۇ ئۆلۈمتۈكلەرگە ئۆزۈم تېتىيمەن ،— دېدى يوغان گەۋدىسى بىلەن سەلدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان

①②③④⑤ دوۋا ، لاڭرۇ ، قاراڭغۇتاغ ، پىشە ، بويا — يەر ناملىرى ، خوتەن شەھىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ .

www.uyghurkitap.com

ياساۋۇللارنى توسۇپ تۇرغان ھەمدەم باتۇر ، ھەمدەم باتۇرنىڭ غەزەپلەنگەن شىردەك گۈركىرىشى ۋە ئۈنىڭغا بولغان ئىشەنچ ئۇلارنى ئاتلىرىغا قامچا ئۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى . ئۇلار قاچتى ، ھەمدەم باتۇرنى يالغۇز تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيمىسىمۇ ، لېكىن ئىككىلىنىشكە پۇرسەت بولمىدى . كەرىمقۇلنىڭ ئاستىدىكى تېپىرلاپ تۇرغان جەدە ئاتمۇ ساداقتىن ئايرىلغان ئوقتەك تېز ئۇچۇپ ، بىپايان ساي بىلەن قوچاقلىشىپ تۇرغان قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى .

ياش كەرىمقۇلنىڭ بۇنچىۋالا كۆپ دۈشمەنگە دۇچ كېلىشى ئۆمرىدە تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى . جەدە ئات بار كۈچى بىلەن چاپاتتى ، كەرىمقۇلمۇ قوشبېشىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ ، ئاتقا بار كۈچى بىلەن قامچا ئۇراتتى . قېچىۋېتىپ ، يۈرىكى قەپەسكە بەند قىلىنغان ياۋا قۇشتەك تېپىرلايتتى . ۋۇجۇدىدىكى جىمى قان بېشىغا تېپىپ چېكە تومۇرلىرىنى كۆپتۈرەتتى . ئوتقا قاقلانغان داپتەك چىڭقىپ كەتكەن قۇلاق پەردىلىرى ھازىرلا يېرىلىدىغاندەك لوقۇلدايتتى ، ۋىژىلداپ ئۇرۇلۇۋاتقان سوغۇق شامال يۈز ـ كۆزىنى توڭلىتاتتى . نېمى قېچىپ مىدىرلىيالماس بولۇپ قالغان كۆز قارىچۇقلىرىغا تاشلىنىۋاتقىنى چېكى يوق قاراڭغۇلۇق ۋە قارا تاشلىق ساي ئىدى .

كەرىمقۇل جەدە ئاتقا قامچا تەسىر قىلماس بولۇپ قالغاندىلا ئاندىن ئېسىنى يىغىۋالىدى ۋە «مەن نەدە ، قاياققا قاراپ كېتىپ بارىمەن ، كۈنچىقىشقىمۇ يا كۈنپېتىشقىمۇ ؟» دەپ ئۆزىگە سوئال قويدى .

چىلىق ـ چىلىق تەردىن تۈكلىرى تېرىسىگە چاپلىشىپ كەتكەن جەدە ئات ئەمدى قەدەمدە بىر سەنتۈرۈلمەكتە ئىدى . كەرىمقۇل ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بېشىنى بىر سىلكىۋەتتى ـ دە ، تۆت ئەتراپىغا نەزەر تاشلىدى . پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ ھەمراھلىرىنىڭ تىۋىشىنى ئاڭلىماقچى بولۇپ قۇلاق سېلىپمۇ باقتى ، خېلى زەن قويۇپمۇ بىرەر تىۋىش ئاڭلىيالمىغاندىن كېيىن ، ئۈيۈشۈپ ياغاچتەك قېتىپ

كەتكەن ئاياغلىرىنى ئۆزەڭگىدىن تەسلىكتە يۇلۇۋېلىپ پاختىدەك يۇمشاق بوش تۇپراققا دەسسىگەندىلا ، ئاندىن ئۆزىنىڭ سايدىمۇ ، بىرەر مەھەللىدىمۇ ئەمەس ، بەلكى جاڭگالدا تۇرۇۋاتقىنىنى بىلدى .

«توۋا ، خۇدا ئۇردى دېگەن مۇشۇ ئوخشايدۇ . ھەمراھلىرىمدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىم ئۈستىگە ئېتىمدىنمۇ قۇرۇق قالامدىمەن نېمە ؟» كەرىمقۇل سىياھدەك قاراڭغۇدا ھۇرۇن كالىدەك گاللىشىپ ، يەل قاچقان تۇلۇمدەك پۇشۇلداۋاتقان يېرىم جان ئېتىنى سۆرەپ كېتىۋېتىپ مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى .

بىراق ، كەرىمقۇلنى خۇدا ئۇردى دېگىلى بولمايتتى . خۇدا رەھىمدىللىقى ، ئادالەتپەرۋەرلىكى بىلەن زالىمغا مۇشت كۆتۈرۈپ ، ھەققانىيەت يولىنى تۇتقان بۇ ساددا ، ئاق كۆڭۈل بوياقچى يىگىتنى ئۇرۇپ ـ جازالاپمۇ يۈرمەيتتى . پەقەت ھەمدەم باتۇرنىڭ بۇيرۇقى ، ئۆزىنىڭ ئىش كۆرمىگەنلىكىلا ئۇنى ھەمراھلىرىدىن ئايرىپ ، ئادەمزات ئاياغ باسمايدىغان بۇ چۆلگە ئەكىلىپ تاشلىغانىدى .

دۇرۇس ، ئۇ ھەمدەم باتۇرنىڭ سۆزىنى پەقەت چالا ـ پۇچۇقلا ئاڭلىيالىدى . ئايمۇھەممەت بىلەن ئاقمۇللامنىڭ ئالدىقاياقلارغا قاراپ ئات سېلىشى بىلەن تەڭلا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل قورقۇنچ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا چاڭگال سالدى . جەدە ئاتقا قامچا ئۇرغان شۇ دەقىقىدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە باش ـ كۆز يوق قېچىۋەردى ، ئەجەل ئەلچىسى نەشتىرىنى تەڭلەپ قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك ، دۇنيادا قېچىشتىن باشقا يول قالمىغاندەك قاچتى . قاچقانسېرى قورقتى ، قورققانسېرى قاچتى…

گاھ ـ گاھ ئۇرۇپ تۇرىدىغان سوغۇق چۆل شامىلى كەرىمقۇل- نىڭ نېرۋىلىرىنى ئويغىتىپ ، توزۇپ كەتكەن تۇيغۇسىنى ، ئۇچۇپ كەتكەن سەزگۈسىنى نەدىندۇر تېپىپ كېلىپ ، ئۇنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەردى . بۇ چاغدا ئۇ يۇلغۇن ۋە ئاقتىكەن بىلەن قاپلانغان پاكار دۆڭ باغرىدا ، ئاللىقاچان ھەرىكەتتىن قالغان بىچارە ئېتىنىڭ يېنىدا ھازىدار يېتىمدەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرماقتا ئىدى . چوققىسىدىن تاپىنىغىچە يېيىلغان ، مانا كۆڭلىكىنى دۇمبىسىگە

چاپلاشتۇرۇۋەتكەن ئىسسىق تەر مانا ئەمدى قۇرۇپ، تېنى ئۇششۇك ئۇرغان غازاڭدەك تىترىمەكتە ئىدى.

كەرىمقۇل كۆزىنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يۈز بەرگەن ھەممە ئىشنى تاڭ ئاتقۇچە بولسىمۇ، يادىدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشتى، كېچە جىمجىتلىقىدىن زېرىككەندەك، ئۇستىنى تۇگمەن تېشىدەك بېسىپ تۇرغان ئاسمانغا كۆز تىكتى.

كۆزىنىڭ نۇرىنىمۇ قارا قىلىۋېتەلەيدىغان قاراڭغۇ ئاسمان كەرىمقۇل قارىغانسېرى ئاچ كۆك رەڭگە، بىرىپ ـ بىرىپ قېنىق كۆك رەڭگە ئۆزگەرگىلى تۇردى. ئۇ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ ئويلىنىپ قالدى: «بۇ رەڭ مەن بوياپ، گۇل بېسىپ چىقىرالايدىغان گۇللۇك ماتانىڭ تېگىگە نېمىدېگەن ئوخشايدۇ ـ ھە؟ تازا پىشقان بىر ساپاق ئۈزۈمدەك ئېسىلىپ تۇرغان ھۆكەر يۇلتۇزى ئاشۇ كۆك ماتانىڭ گۇلى ئەمەسمۇ، توۋا، شۇنچە كەڭ ئاسماننىڭ قەھرىگە ئاسقۇدەك بۇنچە كەڭ گۇللۇك ماتا قايسى ئۇستىنىڭ قولىدىن چىققاندۇ، ئۆزىنىڭمۇيا؟...»

كېيىن ئاسمان گۇمبىزىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن ياق، ئاشۇ گۇللۇك كۆك ماتادىن سارقىغان بىر تال يۇلتۇز، كۆك يۈزىدە كۈمۈش ئارغامچىدەك بىر تال ئىز قالدۇرۇپ بىپايان بوشلۇقتا غايىب بولدى. كەرىمقۇلنىڭ بىر جۈپ كۆزى سىرلىق ئاق ئىز قالدۇرۇپ، ئۇن ـ تىنسىز توزۇپ كېتىۋاتقان ئاشۇ يۇلتۇزغا، توغرىسى، ئاشۇ بىر تال گۇلگە قادالغان پېتى ھەرىكەتسىز قالدى.

ئۇ ھېلىقى ئاق گۇل غايىب بولغان قېنىق كۆك بوشلۇققا قادىلىپ تۇرۇپ، بۇ يىل يازدا ئۆزى كۆڭۈل قويۇپ بوياپ چىققان كۆك تەگ، ئاق گۇللۇك ماتا بىلەن گۇلئايىمنىڭ ھېيتنى مۇبارەكلىگىنىنى يادىغا ئالدى. دەل ئاشۇ بوشلۇقتا، غايىب بولغان گۇلنىڭ ئورنىدا يارىشىملىق ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىۋالغان گۇلئايىم پەيدا بولدى ـ دە، چېچىنى ئويناپ تۇرۇپ كەرىمقۇلغا قاراپ تاتلىققىنا كۈلۈمسىرىدى...

«ئاھ خۇدا، بۇ نېمە كارامەت؟!»

كەرىمقۇل گۈلئايىمنىڭ باھار ئاپتىپىدەك ھارارەتلىك كۆزلىرىنى ، ئىنچىكە ، ئەگىم قاشلىرىنى ، قارا يىلاندەك تولغىنىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن چاچلىرىنى ، بىلىنەر - بىلىنمەس يىمىرىلىدىغان لەۋلىرىنى ئېنىق كۆردىيۇ ، داۋاملىق كۆرىۋېرىشكە تاقەت قىلالمىغاندەك ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، ئېغىرلىشىپ كەتكەن بېشىنى تىزىغا قويدى .

چۆل كېچىسى جىمجىت ۋە قورقۇنچلۇق ئىدى . باش باھار كېچىسىنىڭ گاھى - گاھىدا ئۇشقىرتىپ تۇرىدىغان تىنىمسىز شامىلىلا بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى . بىراق ، كەرىمقۇلنىڭ شىددەتلىك بورانغا دۇچ كەلگەن دېڭىزدەك داۋالغۇۋاتقان ئويغاق پىكرى تىتىلىپ كەتكەن كورەك جۇۋىسىدىن ئۆتۈپ تۇرىدىغان سوغۇقتىنمۇ ، چۆل تەشۋىشىدىنمۇ ، كېچە جىمجىتلىقىدىنمۇ بىخەۋەر ئىدى . ئۇنىڭ ئەس - يادى يەنىلا كۆك ئاسماندەك كۆك كۆڭلەك كىيگەن گۈلئايىم بىلەن بەند ئىدى .

«ھەي چېۋىنلەر ، نېرى كېتىڭلار ، ماڭا بىردەم بولسىمۇ ئارام بېرىڭلار ! »

ئۇ ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدىغان بىرنېمىلەرنى دەپ گاھ ئوڭ قولىنى ، گاھ سول قولىنى چېۋىن قورۇغاندەك سىلكىيتتى . ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇخلىمىغان ، ئۇخلاپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى . لېكىن ، چىن مەنىسى بىلەن ئۇنى ئويغاق دېگىلىمۇ بولمايتتى . رېئال دۇنيادىن ، ماكان ۋە زاماندىن مۇستەسنا ھالەتكە ئۆتكەن تۇيغۇسى كۇندۇزدەك يورۇقلۇق ، گۇگۇمدەك مەۋھۇملۇق ئارىسىدا ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى . ئۆزى ئەڭ ئېغىر كۈن دەپ ھېسابلىغان ئاشۇ چاغدىن بېرى خۇددى قاشاڭ چېۋىندەك كەينىگە كىرىۋالغان بىر ئۆلگۈر گۇمان ھېلىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى . بۇ ئۆلگۈر چېۋىنلەر قورۇغانسېرى شۇنچە چاپلىشاتتى . ھەتتا تومۇر - تومۇرلىرىدىن تېشىپ ئۆتۈپ يۈرىكىگە كىرىۋالاتتى - دە ، چاقىدىغىنىنى چاقاتتى ، غاجىلايدىغىنىنى غاجىلايتتى…

ئۆزى كۆيۈپ - پىشىپ يۈرگەن گۈلئايىم ئىز - دېرەكسىز

www.uyghurkitap.com

يــوقىلىپ كەتكەندە ، كەرىمقۇل نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى . ئۇيان ـ بۇيان قاتراپ باقتى ، ئاھ ئۇردى ، ياش تۆكتى ، يۈرىكى بېغىشىدىن ئۈزۈپ تاشلانغاندەك پۇچۇلاندى . قىزنىڭ بۇلانغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگەندە بولسا نومۇس ئوتىدا كۆيۈپ كۈل بولدى ، ئۈمىدىنىمۇ تەرك ئەتمىدى ، يەكەن يولىنىڭ ھارغىنلىقى يېنىدىنمۇ ئۆتمىدى . گۈلئايىمنى دوسمۇھەممەت سارىيىدىن ئاچىققاندا ئۆچۈپ كەتكەن بەخت قۇشى قايتىپ كەلگەندەك ، تىنىپ كەتكەن بۇلاقتىن زۇمرەت سۇ ئېتىلىپ چىققاندەك خۇشال بولدى . ئۇنى كۆكتىبرەكتە يوشۇرۇپ قويۇپ ، ئايمۇھەممەت ، كېپەك دەرۋىشلەرگە ئەگىشىپ خــوتەن تەرەپكە ئاتلانغاندا يۈرىكىنىڭ بىر يېرى پىژژىدە قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى .

بىراق ، كۆپ ئۆتمەي ئۇ ئىختىيارسىز ئۇھ تارتىدىغان بولۇپ قالدى . بىر يامان ئوي گۈلئايىمنى پايخان قىلىنغان ، بىمەھەل تــوزۇپ كــەتــكەن گۈل سىياقىدا ئۇنىڭ كۆڭۈلخانىسىغا سۆرەپ كىردى . خىلىدىن بېرى بىر كۆرۈنۈپ ، بىر كۆرۈنمەي ئەگىپ يۈرگەن ئاشۇ چۈشىنىلەر ئەتراپىدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمەيدىغان بولۇۋالدى...

چــوڭ قــىــرغــىــنــدىــن كــېــيــىــن ، كــېــپــەك دەرۋىــش ئــايــمــۇھەممەتلەرنىڭكىگە كېلىپ ـ كېتىپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئايمۇھەممەتكە مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى :

— ئوغلۇم ، گۈلئايىمخان بىر چىرايلىق قىز بولدى . قىز بالا دېــگــەن بەئەينى بىر پارچە سېمىز گۆش ، گۆشكە ياماشمايدىغان چىۋىن يوق ، يەنە كېلىپ جاھان تىنچ ئەمەس ، بۇنداق كۈنلەردە گــۈلــئــايــىمخانغا كۆپرەك ئاتىدارچىلىق قىلمىساڭلار بولمايدۇ . ئالىمادىس بىرەر ئىش بولۇپ قالسا ئەل ـ جامائەت ئالدىدا سەت تۇرىدۇ ، «قىز بالا دېگەن ئېيىپتى بىلەن قىز بالا...» كەرىمقۇل ئىختىيارسىز ئاڭلاپ قالغان بۇ گەپكە ئۇ چاغدا ئانچە ئېرەن قىلىپمۇ كەتمىگەنىدى . ئەمدىلىكتە بولسا ئۆز ۋاقتىدا ئادەتتىكىچە ئاڭلانغان بـۇ گــەپ ئــۇنــىڭ قۇلاق تۈۋىدە خۇددى ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك

گۈلدۈرلەپ تۇراتتى .

«دۈرۈس ، قىز بالا دېگەن ئىپپىتى بىلەن قىز بالا ، — دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە ، — بۇ ئىشتا گۈلئايىمخانمۇ ئەيىبلىك ئەمەس ، ئەيىب ئاشۇ نومۇسسىز قاراقچىلاردا ، بىراق… »

كەرىمقۇل پەقەت مۇشۇ يەرگىچىلا ئويلىيالايتتى ، ئۇنىڭ نېرىسىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتى . بىراق ، ئوي دېگەن بەرىبىر ئوي ـ دە ، بولۇپمۇ گۇمانلىق ئوي تۇغان ياكى تاقاق بىلەن توسۇۋالغىلى بولىدىغان كەلكۈنگە ئوخشىمايدۇ ، نەيزە ـ كالتەك بىلەن قوغلىۋەتكىلى بولىدىغان دۈشمەنگە تېخىمۇ ئوخشىمايدۇ . ئۇ ۋۇجۇدۇڭغا كىرىپ ـ چىقىشتا ئىجازىتىڭنى كۈتۈپ تۇرمايدۇ ، خۇددى بىر ئەركىن قۇشتەك ، بۇلۇتلار باغرىدىن ئاجرىغان يامغۇر تامچىسىدەك ، توسقۇنسىز كۆن نۇرىدەك خىيال ئاسمىنىڭنىڭ ھەرقانداق يېرىدە ، خالىغان چاغدا پەيدا بولالايدۇ ، قانات قاقالايدۇ . قەلبىڭنىڭ ئەڭ سۈزۈك ، ئەڭ روشەن يېرىگە سايە تاشلىيالايدۇ ، داغ چۈشۈرەلەيدۇ . ئۇنى يوق قىلىۋېتىمەن دەپمۇ يوق قىلىۋېتەلمەيسەن ، قۇتۇلاي دەپمۇ قۇتۇلالمايسەن .

كەرىمقۇل ئەنە شۇنداق داغ ۋە سايە ئاستىدا قالغان چاغلىرىدا پىكىر ئەركى ئىختىيارىدىن قاچاتتى ـ دە ، سۆيگىنىنى ئاقمۇ ئەمەس ، قارىمۇ ئەمەس بىر ھالەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى .

«پەۋەس بوياق قاچىلانغان كۆپكە تاشلانغان ئاق ماتانىڭ كۆپتىن ئاق پېتى چىققىنى نەدە بار ؟ »

كەرىمقۇل ئادەم بىلەن ماتانى تەڭ ئورۇندا كۆرۈپ ئەڭ چوڭ خاتاغا يول قوياتتى ـ دە ، مۇشۇ خاتادىن ئۇچقۇندىغان رەشك ئوتىدا ئۆزى كۆيەتتى . مۇھەببەتسىز دۇنيا ۋە مۇھەببەتسىز ھايات ئۇنى ئۈمىدسىزلىك گىردابىغا باشلاپ باراتتى . قۇلىقىغا كىرگەنلىكى شەپە مازاق كۈلكىسى بولۇپ ئاڭلىناتتى . بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئۆزىنى بۇ دۇنيادىن ، ھايات ئادەملەر ئارىسىدىن غايىب بولغاندەك ، ئىككىنچى بىر دۇنياغا تەۋە بولۇپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتى .

تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بىرەر ۋەقە ياكى بىرەر ئوي ـ خىيال

يىپىنى كېسىپ تاشلاپ، كەرىمقۇلنى يەنە بۇ دۇنياغا قايتۇرۇپ كېلەتتى. ئارقىدىنلا يامان چۈشتىن ئويغانغاندەك چۆچۈيتتى، چوغ تۇتۇۋالغاندەك ئازابلىناتتى. گۇماننىڭ قۇرۇق خىيال، قۇرۇق ۋەسۋەسە ئىكەنلىكىگە ئۆزىنى ئىشەندۇرەتتى. لەنىتى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ سەت ئىش قىلىپ قويغاندەك، قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ، ئۆزىنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي قالاتتى. ئۇنىڭچە گۈلئايىمخانغا ھېچكىم داغ تەگكۈزەلمەيتتى. ئۇنىڭ بارلىقى ھېلىھەم پاك، غۇبارسىز ئىدى.

بىراق، ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسى كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ، قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇقنىڭ ئالمىشىپ تۇرىدىغان ماكانى بولغىنىدەك، كەرىمقۇلنىڭ قەلب ئاسمىنىمۇ ياخشى - يامان ھۆكۈمنىڭ ئالمىشىپ تۇرىدىغان سەھنىسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ناھايىتى كەڭ، شۇنداقلا ناھايىتى تار بولغان بۇ ئاسماندا گاھ كۆيدۈرگۈچى ياز ئاپتىپى جىلۋە قىلسا، گاھىدا قورقۇنچلۇق كېچە زۇلمىتى ھۆكۈم سۈرەتتى. گاھىدا تىنچلىق، ئاسايىشلىق ئۆزىنى كۆرسەتسە، گاھىدا چاقماق چېقىلىپ، قارا بوران كۆتۈرۈلەتتى، بۇ ھال ئىنسان بالىسىنىڭ ئىختىيارىدىن تاشقىرى تۇرىدىغان تەبىئەت ھادىسىسىدەك، خالىغىنىچە ئالمىشاتتى، خالىغىنىچە داۋام قىلاتتى.

كەرىمقۇل ۋەقە يۈز بەرگەن ھېلىقى كۈندىن بۇيان بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ خىياللارنىڭ بىئارام قىلىشىدىن زىنھار خالىي بولالمىدى. بۇ خىياللار يەكەن سەپىرىدىمۇ، سانجۇغا ئاتلانغاندىمۇ، ياساۋۇللار بىلەن دوقۇرۇشقاندىمۇ، جەدە ئېتىنىڭ ساغرىسىغا قامچا ئۇرغاندىمۇ، نىشانسىز مەنزىلگە ئات سالغاندىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇۋالدى. خۇددى قوغلاپ كېلىۋاتقان قوراللىق لەشكەردەك، ئۇنىڭغا بىرپەسمۇ ئاراملىق بەرمىدى…

كەرىمقۇلنىڭ كەينى تەرىپىدىن «گۈپ» قىلىپ ئۇرغان كۈچلۈك شامال ئۇنى كاچكۇلغا تاشلىۋەتكەندەكلا ئەندىكتۈرۈۋەتتى. كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، قارىچۇقنى توسۇپ تۇرغان ياش پەردىسىنى

كۆتۈرۈۋەتتى ـ دە ، كۈنچىقىش تەرەپكە ، تېخى ھېلىلا گۈلئايىم كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بوشلۇققا قارىدى .

ئۇ يەردە ئەمدى گۈلئايىم يوق ئىدى . ئۇ تۇرغان جاي ئۇششۇق قىلىنغان تولىمىدەك ئاقىرىپ كەتكەن . قۇياش ئاشۇ ئاقارغان بوشلۇقتىن ، قومۇلۇقنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ، غايەت زور مۇز پارچىلىرىدەك ئېغىر بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۆرلەۋاتاتتى ، قۇياشنىڭ قان رەڭلىك شولىسى پەس بۇلۇتلارنىڭ گىرۋەكلىرىنى خۇددى قىزىل شايىدىن چىلتەك تۇتۇلغاندەك قىزارتقانىدى .

كەرىمقۇل يېنىغا قارىدى . ئۇنىڭ كۆرگىنى سۇنايلىنىپ ياتقان جەدە ئېتى بولدى . ئۇچ كۈنلۈك تەشنالىق ۋە ئېغىر يول ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن بۇ بىچارە جانىۋار نەپەستىن توختاپ ، قېتىپ كەتكەن ، ئىگىسىنى لاچىندەك جەۋلان قىلدۇرغان مەزمۇت ئاياغلىرى تۆت تال ياغاچتەك تۈپتۈز سوزۇلغان ، قىروداپ ، پۈتۈپ كېتەيلا دەپ قالغان بۇرۇنلىرى كېڭىيىپ ـ تارىيىشتىن توختىغانىدى . ئاچلىق ۋە تەشنالىق ئۇيۇپ قالغان كۆزلىرى ئارمان بىلەن كەتكەن ئاشىقنىڭ كۆزلىرىدەك ئوچۇق تۇراتتى .

ئۇنىڭسىزمۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ ، باغرى سۇنۇپ تۇرغان كەرىمقۇل ئۆزىنى ۋە غەملىك تېنىنى يۇدۇپ يۈرگەن ، ياۋۇز دۈشمەنلىرى ئارىسىدىن قۇيۇندەك ئېتىلىپ چىققان سادىق ھەمراھىنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق قايغۇردى . ئەمدىلا قۇرۇغان كۆزلىرىدىن يەنە ياش سىرغىپ چىقتى . ئۇ تۇرغان يېرىدىن بىر ئوچۇم قۇمنى ئېلىپ ئاتنىڭ بېشىدىن تارتىپ قۇيرۇقىغىچە سورۇپ چىقتى ـ دە ، بىردەم سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن يان تەرەپتىكى ئۇچلۇق دۆڭ تۆپىسىگە چىقىپ ئەتراپىغا نەزەر تاشلىدى .

قاياققا قارىمىسۇن قۇم دېڭىزى چايقىلاتتى ، يېقىن ئەتراپتىكى بوز توپىلىق دۆڭلەر بولسا يانمۇيان چۆكۈرۈلگەن بەھەيۋەت تۆگىلەرنىڭ لوكىسىدەك تۇتىشىپ كەتكەنىدى . دۆڭ چوققىسىدا باش ئەتىيازنىڭ تەپتىنى سېزىپ ئۈلگۈرگەن يۇلغۇن شاخلىرى

سۇس قىزىرىپ تۇراتتى . دۆڭ يامزاللىرىدا بىلىدىن سۇنغان پۆپۈكسىز قۇرۇق قومۇشلار ، يىلتىزى ئۈزۈلۈپ ، دىر ـ دىر تىترەپ تۇرىدىغان قامغاقلار ، قۇش ئۇستىخىنىدەك ئاقىرىپ كەتكەن ئاقتىكەن غوللىرى تولۇپ ياتاتتى . كۆز يېتىم يەردە ، ئېگىز دۆڭلەر ئارىسىدىكى قومۇشلۇقتا قۇرۇق ياكى ھۆللۈكىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىرقانچە تۇپ توغراق كۆچىتىمۇ كۆزگە تاشلىناتتى . كۆچەتلەرنىڭ ئەتراپى خۇددى ئۇن چېچىۋەتكەندەك ئاق ئىدى .

كەرىمقۇل تۇرغان جايىدا تۇرۇپ بىرقانچە قېتىم پىرقىراپ چىقتى ، پىرقىراۋېرىپ بېشى قايدى ، قاراۋېرىپ كۆزى تالدى . ئاسمان گۇمبىزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېقىنلىشىپ قالغان قۇياش بىلەن قۇم بارخانلىرىغا باش قويغان يۇمىلاق ئۇپۇق گىرۋىكىنى باغلاپ بېقىپمۇ قايسى تەرەپنىڭ سانجۇ ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىدى . ئەمدى ئۇ قاياققا يول ئالىدۇ ؟ ئات بولسا ئۆلگەن ، يېنىدا يا بىرەر قاپاق سۇ ، يا بىرەر بۇردا نان يوق ، مۇشۇ چۆلدە نام ـ نىشانسىز ئۆلۈپ كەتسۇنمۇ ؟ ياكى تارازا يۇلتۇزىنىڭ ئوڭ تەرەپتىن كۆرۈنۈشىنى كۈتۈپ يەنە بىر كېچە تۈنەش كېرەكمۇ ؟

ئۇ دۆڭ ئۈستىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ باش قاتۇرۇشقا باشلىدى .

«دۇرۇس ، — دېدى ئۇ تۇيۇقسىز ئەقلىنى تاپقاندەك جانلىنىپ ، — ھەمراھلىرىمنى ئىزدەيمەن ، كەلگەن ئىزىم بىلەن قايتىپ سانجۇغا بارىمەن ـ دە ، ئۇدۇل تاغ تەرەپكە چىقىپ كېتىمەن ! »

كەرىمقۇل بىر ئاش پىشىمچە ئويلىنىپ كەلگەن ئىزى بىلەن سانجۇغا بېرىپ ھەمراھلىرىنى تېپىش قارارىغا كەلگەنىدى . كەلگەن ئىزىنىڭ ئۇنى سانجۇغا ، يەنى دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلەتتى . بىراق ، ئۇ ئادەمزاتسىز چۆلدە ئۆلۈپ كېتىشتىن سانجۇدا ، ئادەملەر ئالدىدا جان بەرگىنىم ياخشىراق ، دەپ ھېسابلايتتى . تەلىيى ئوڭدىن كەلسە ، ياخشى ئادەملەرنى

يولۇقتۇرۇپ قالسا جەزمەن ئامال تاپالايتتى. ھېچبولمىسا ھەمراھلىرىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالايتتى. مۇبادا تەلىيى تەتۈر كېلىپ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغان تەقدىردىمۇ جېنىغا ئانچە ئىچ ئاغرىتىپ كەتمەيتتى.

كەرىمقۇل دۆڭدىن چۈشتى. ئېتىنىڭ جەستى بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئات تۇيىقىنىڭ شامال تەگمىگەن ئىزناسىنى بويلاپ ئىككى دۆڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

## ئوتتۇز بىرىنچى باب

# ھاكىمبەگ قۇم سانايدۇ

نىياز ھېكىمبەگ قەشقەردىن قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ نامىدىن تارقىتىلغان نەزىر باغىقى پۈتۈن خوتەن شەھرىنى خۇددى قەھرىتان قىشتىكى قار ئۇچقۇنلىرىدەك قاپلاپ كەتتى. چوڭ ـ كىچىك مەنسەپدارلار، موللا ـ مەزىنلەر، مەسچىت جامائەتلىرى، مازار شەيخلىرىدىن ئۆزگە، ئاددىي شەھەر پۇقرالىرى، سودىگەر ـ ئوقەتچىلەرنىڭمۇ نۇرغۇنى مەرھۇم مىرزا ئاباسىنىڭ يەتتە نەزىرىسىگە چاقىرىلغان باغاقنى تاپشۇرۇۋېلىشتى. نىياز ھېكىمبەگنىڭ سەپەرگە چىقىپ كەتكىنىدىن خەۋىرى بارلار باغاق تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىشتى. بەزىلەر ئۆزىنى ئەمەس، ھەتتا سايىسىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان بىر ھاكىمبەگنىڭ ئۆزىگە باغاق بەرگىنىگە ھەيران بولۇشتى. «دېدەك زىرە سالسا كىرمىگەن ئۆي قالماس، قۇل ئاتقا مىنسە چاپمىغان دۆڭ قالماس» دېگەندەك، بەزى نادانلار ئىككى ئىلىك كەڭلىكتىكى، بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى بۇ باغاقنى ئۇچرىغانلا ئادەمگە كۆرسىتىپ، كۆز ـ كۆز قىلىشتى. بەزىلەر بولسا بۇ ئىشتىن ھەيرانلىق ھېس قىلىپ: «ھاكىمبەگ قانداق

www.uyghurkitap.com

چۈش كۆرۈپ خوتەنلىكلەر ئۆزىنىمۇ كۆرمىگەن، ئىتىنىمۇ ئاڭلىمىغان بىر كىشىنىڭ نەزىرىگە چاقىرىپ قالغاندۇ؟» دېيىشىسە، ئەھۋالنى ئۇقمىغانلار: «ئاباس مىرزا دېگەن كىم ئىكەن ئۇ، قانداق بولۇپ قازا قىپتۇ؟» دەپ سوراشتى. كۆپ كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا كېزىپ يۈرگەن بۇ غۇۋا سوئال ئاخىر: «ئۇ خوتەنگە ئەۋەتىلگەن يېڭى مىرزىبېشى ئىكەن، سانجۇغا كەلگەندە كىملەردۇر قارماق تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ» دېگەن جاۋاب بىلەن تولۇقلاندى. «بۇنداق چوڭ ئىشنى پەقەت ھەمدەم باتۇرلا قاملاشتۇرالايدۇ» دېيىشتى بەزىلەر ۋە ئەتراپىغا قورقۇپقىنا قاراپ قويۇشتى. ئايدا - يىلدا قازان ئاسالمايدىغان قولى قىسقا پېقىرلەر، مۇساپىرلار بىر قېتىملىق تويۇۋېلىش پۇرسىتىنى بەرگەن ئاللاغا ھەمدۇسانالار ئېيتىشتىيۇ، نېرى - بېرىسى بىلەن كارى بولمىدى. باغاق تەگمىگەنلەر خاپا بولۇپمۇ كەتمىدى. «توختاپ تۇرۇڭلار، ئوڭ - تەتۈرىنى ئۇققىلى بولمايدىغان بۇنداق نەزىرنىڭ كەينىدە ھەرقاچان بىر ئويۇن بار، بارمىغىنىمىزمۇ خوپ» دېگەنلەرمۇ بولدى.

كىم نېمە دېسۇن ۋە نېمىلەرنى ئويلىسۇن، پەيشەنبە كۈنى چوڭ جامە يېنىدىكى تۈنەكخانىدا ۋە تۈنەكخانا ئالدىدىكى ئۈستى يېپىق سەينادا بەش كالا سويۇلۇپ، ئون سەككىز چارەك گۈرۈچ بېسىلغان كاتتا نەزىر بولۇپ ئۆتتى. خالىغانلار كەلدى، خالىمىغانلار كەلمىدى. كەلگەنلەر مۈشتەك - مۈشتەك موزاي گۆشى بېسىلغان، گۈرۈچى بىلەن سەۋزىسى بۆلەك - بۆلەك پارقىراپ تۇرىدىغان ئوخشىغان پولۇدىن تويغۇچە يېيىشتى ۋە بۇ نەزىردىن: «خوجا ئاباس مىرزىبېشى دېگىنى پالانىنىڭ شىرەم تۇغقىنى ئىكەن، ئۇنى ئۆلتۈرگەن ھەمدەم قارماق شۇ كېچىسىلا تۇتۇلۇپ، قەشقەر زىندانىغا ئەۋەتىلىپتۇ. يەنە ئۈچ قاتىل قېچىپ كېتىپتۇدەك، ھاكىمبەگ بۇلارنى ئاسمانغا چىقىپ كەتسە تاپىنىدىن، يەرگە كىرىپ كەتسە كوكۇلىسىدىن تۇتۇۋېلىپ دارغا ئاسارمىش، ئۇلار بىلەن باردى - كەلدىسى بارلارنىڭمۇ بىرىنى ساق قويماسمىش» دېگەن قورقۇنچلۇق گەپنىمۇ زەللە قاتاردا بىللە

ئېلىپ قايتىشتى .

ئەمما ، بۇ قورقۇنچلۇق گەپلەرنىڭ تاۋاق كۆتۈرۈپ ، چاي قۇيۇپ يۈرگەن بىرقانچە موللىچاقلار تەرىپىدىن مەقسەتلىك ھالدا تارقىتىلغانلىقىغا ھېچكىممۇ دىققەت قىلمىدى . بۇ خالىس نەزىرنىڭ نىياز ھېكىمبەگنىڭ كېچە ـ كۈندۈز باش قاتۇرۇپ ئويلاپ چىققان پىلانىنىڭ تۈنجى قەدىمى ئىكەنلىكىنى ھەم خىيالىغا كەلتۈرۈشمىدى .

نىياز ھېكىمبەگ ئەسلىدە ئۆزى ئىنتايىن مۇھىم دەپ بىلگەن قەشقەر سەپىرى ئارقىلىق ئويلىمىغان يەردىن خالتا كوچىغا كىرىپ قالغانىدى . بۇ خالتا كوچىدىن چىقىپ كېتەلىشىگە كۆزى يېتەتتىيۇ ، لېكىن ئامال ئىزدەپ ئاۋارە ئىدى . بولۇپمۇ خالمان پانساتىنىڭ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشى بىلەن پەيدا بولغان ئۈچ تەرەپنىڭ ئاداۋىتى نىياز ھېكىمبەگنىڭ بېشىنى بەكرەك قاتۇرۇپ تۇراتتى . ئۇ گېزى كەلگەندە پايدىلانغىلى بولىدىغان ئۈچ يانتاياقنىڭ ئاداۋىتىنى جەزمەن بىر تەرەپ قىلىشى ، بىر تەرەپ قىلغاندىمۇ ئۆزىگىمۇ ، ئۆزگىگىمۇ پايدىلىق بولۇشى كېرەك ئىدى . ۋەزىپىسىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنداپ بولغان بۇ ئاداۋەتلەر ئەمدى ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقانىدى .

مىرزا ئاbباسنىڭ ئۆلۈمىمۇ قىلدىن قىيىق كەتسە ئاقىۋىتى باشقىچە بولۇپ چىقىدىغان نازۇك مەسىلە ئىدى . گەرچە ئىش شامال كىرمىگۈدەك ئۇستىلىق بىلەن بىر ياقلىق قىلىنغان بولسىمۇ ، ئەمما قىلنى قىرىق يارىدىغان ياقۇپبەگ ئويلىمىغاندا يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشىگە — سىرىغا قىزىقماي قالمايتتى . ھەمدەم باتۇر ئاbباس مىرزىنى ئۆلتۈرگىنىنى تەن ئالغان ۋە پۈتۈن سانجۇ ئەھلى گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەن تەقدىردىمۇ ، ئۇ قىلىدىغىنىنى قىلىۋېرەتتى . شۇ سەۋەبلىك ، نىياز ھېكىمبەگ ئۆز تەقدىرىگە بىۋاسىتە تەھدىت ئەكېلىدىغان بۇ مەسىلىگە ھەرگىزمۇ سەل قارىيالمايتتى .

ياقۇپبەگ ئۆز ئاغزى بىلەن تاپىلىغان «ئۈچ يىللىق پاراقنى

بىر يىلدا يىغىش، بىر يىللىق پاراقنى بىر قېتىمدىلا تاپشۇرۇش» تەك ئېغىر يۈكمۇ ئۇنى يوغان تاغدەك بېسىپ، نەپسىنى سىقىپ تۇراتتى. يۈزمۇيۈز تۇرۇپ ۋەدە بەرگەندەك، بۇ پەرماننىڭ ئىجراسىنى بىر كۈنمۇ كەينىگە تارتالمايتتى. توپ ـ زەمبىرەك قويىدىغان، شايى ـ ئەتلەس، زىلچا ـ گىلەم توقۇيدىغان ئۇستىخانىلارنى بەرپا قىلىش، ئالتۇن كولاش، قاشتېشى يىغىش ئىشىنى جېدەللىتىشنىڭ مۇشكۇللۇكىمۇ ئۇنىڭغا چۈشىنىشلىك ئىدى.

ئەڭ يامىنى، خىيالىدا پات ـ پات پەيدا بولۇپ قالىدىغان بىر توپ كۈچلۈك دۈشمەن نىياز ھېكىمبەگ ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تەھدىت ئىدى. يەكەندە گۈلئايىمنى تۇيدۇرماي ئەپقاچقان، سانجۇدا تىغ تەڭلىگەن، قاراقاشتا توپىلاڭغا بەل باغلىغان بۇ كىشىلەر دەل خوتەندە، ئۆز يېنىدا، ھەتتا تەختىنىڭ ئاستىدا پۇرسەت كۈتۈپ ماراپ يېتىشاتتى، خەنجىرىنىڭ ئۆتكۈر ئۇچىنى ساقىلى ئاستىغىلا تەڭلەپ تۇراتتى. ئابباس مىرزىنىڭ قان ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشى، ئالايغان كۆزلىرى ئۇنىڭ يادىدىن چىقمايتتى. ئەگەر بۇ خەتەرلىك دۈشمەننى تاپمايدىكەن، ئۇنىڭغا مەڭگۈ ئاراملىق يوق ئىدى...

نىياز ھېكىمبەگ ئادىتى بويىچە ئۆزىگە پايدىلىق ۋە پايدىسىز بولغان ھەممە تەرەپلەرنى ئالىقىنىغا قويۇپ دەڭسەپ باقتى. نەتىجىدە پايدىسىز تەرەپنىڭ سالمىقى خېلىلا ئېغىر بولۇپ چىقتى. ئۇ خوتەندە پۇت تىرەپ تۇرىمەن ۋە ھازىرقىدىنمۇ چوڭراق ئىش قىلىمەن دەيدىكەن، يولىنى توسۇۋالغان پۇتلىكاشاڭلارنى تامامەن سۈپۈرۈپ تاشلىشى زۆرۈر ئىدى. غىلاپنى لازىم قىلىپ پىچاقنى تاشلىۋېتىشكە ياكى پىچاقنى لازىم قىلىپ، غىلاپنى چۆرۈۋېتىشكە بولمايتتى.

نىياز ھېكىمبەگ ئاخىرقى ھېسابتا بىرقانچە لەگلەكنىڭ يىپىنى بىر قوللۇق تۇتۇپ، بۇ يىپلار ئارقىلىق لەگلەكلەرنىڭ ئۇچۇشىنى، چۈشۈشىنى، كۆتۈرۈلۈشىنى، پەسىيىشىنى

تىزگىنلىمەكچى بولدى ـ دە، ئىشنى ئالدى بىلەن مىرزىبېشىنى قەستلىگەن چاتاقچىلارنى تۇتۇش، چاتاقچىلار بىلەن باردى ـ كەلدىسى بارلارنى جازالاپ، دۈشمەنلىرىنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ قويۇش ئويىغا كەلدى.

بۇ ئوي شۇنداق بىر ئوي ئىدىكى، بۇ ئارقىلىق ئۇ دۈشمەنلىرىنى چامغۇر قازغاندەك قېزىپ چىقىرىپ، يوشۇرۇن خەۋپنى يوقىتالايتتى، ياقۇپبەگنىڭ كۆزىگە توپا چېچىپ، سۈنى لېيىتىپ بېلىق تۇتالايتتى. ئاباس مىرزىنىڭ ئەتىنى ئېلىش نىقابى ئاستىدا، خالمان پانسات، موللاجى تۇراپ، تۆمۈر خەزىنىچىبەگنى ئەپلەشتۈرەلەيتتى. پۇقرا ئىچىدە ھەيۋە پەيدا قىلىپ خالىغان كىشىنى تۇتالايتتى. گۇناھىنى يۇغۇچىلارنى بىر پۇللۇق ھەق بەرمەيلا ھاشارغا سالغىلى بولاتتى. يەتتە شەھەرنى تىترىتىپ تۇرغان ياقۇپبەگنىڭ شىرەم تۇغقىنىغا باغلانغان بۇ ئىشقا قاپ يۈرەك ئادەممۇ ھۆرت ـ پۆرت قىلالمايتتى. «يولى كەلسە، پاختىدىن پىلىك ئېشىپ تاشقا قاقالايمەن» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلايدىغان نىياز ھېكىمبەگ ئاخىر يۇقىرىقى مەقسەتلىرىگە يول ئاچىدىغان بۇ خالىس نەزىرنى كۆتۈرۈپ چىققاندى.

ئۇنىڭ بۇ چارىسى پەرىزىدىكىدەك ئۈنۈم بەردى. ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن باغاقنى تاپشۇرۇۋالغان موللاجى تۇراپ بىلەن تۆمۈر خەزىنىچىبەگ: «باغاقنى ھاكىمبېگىم ئەۋەتىپتۇ، بۇ نەزىرگە بارماي ئىلاجىمىز يوق!» دېيىشىپ، خالمان پانساتنىڭ قاراۋۇللىرىنى ماقۇل كەلتۈردى ۋە نەزىرنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىشتى. ئۇلار بىلەن داستىخان ئۈستىدىلا دوقۇرۇشۇپ قالغان خالمان پانسات نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن دۈشمىنىگە قول بېرىشكە، بىر تاۋاقتىن ئاش يېيىشكە مەجبۇر بولدى. مەخسۇس تاپشۇرۇق ئالغان موللىچاقلارنىڭ تىنىماي سۆزلىشى بىلەن ئاباس مىرزىنىڭ ئۆلۈم ۋەقەسى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارغىچە تارقىلىپ كەتتى.

نىياز ھېكىمبەگ تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ، نەزىرنىڭ

ئەتىسىلا ئوردىدا يۇرت بەگلىرىنىڭ چوڭ كېڭەشىنى ئۆتكۈزدى ۋە بۇ كېڭەشكە شەھەر مەنسەپدارلىرىدىن ئۆزگە، ئەمىرلەشكەر، قازى لەشكەر، قازى رەئىسلەرنىمۇ، ئىناۋەتلىك بەزى يۇرت كاتتىلىرىنىمۇ جەم قىلدى.

نىياز ھېكىمبەگ كېڭەش ئەھلى يىغىلىپ بولغاندا ئاندىن دىۋانغا چىقتى. ئۇ ھەممەيلەن بىلەن بىرمۇبىر سالاملىشىپ چىققاندىن كېيىن، ئادەتتىكى بەگلەر ئارىسىدىن ئورۇن ئالغان خالمان پانسات، موللاجى تۇراپ ۋە تۆمۈر خەزىنىچىبەگلەرگە ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتتى:

— قېنى تۆرگە مەرھەمەت قىلىشسىلا، ھەرقايسىلىرىدەك يۇرت كاتتىلىرىنىڭ جايى يۇرت ھاكىمبېگىنىڭ يېنىدىدۇر، — دېدى ئارقىمۇئارقا تەكەللۇپ قىلىپ.

ئۇلار تۇزۇت قىلمايلا نىياز ھېكىمبەگ ئولتۇرىدىغان مانجۇچە تەخت يېنىغا كېلىپ ئۆرە تۇرۇشتى. بۈگۈن بۇ ئۇچەيلەننىڭ كەيپى خېلىلا جايىدا ئىدى، تەخت تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا بىر ـ بىرىگە ئەدەپ بىلەن يول بېرىشەتتى. كۈلكە ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان چىرايىدا ئىشەنچ، خاتىرجەملىك ئەكس ئېتەتتى. تېخى بىر كۈن ئىلگىرىلا قان چېچىشىدىغان ئەلپازدا دۈشمەنلىشىپ يۈرگەن بۇ كىشىلەر نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۇستىلىق بىلەن ئەپلەشتۈرۈشى نەتىجىسىدىلا بۈگۈنكىدەك ياۋاش، چىقىشقاق، قائىدىلىك ئادەملەرگە ئايلانغانىدى...

نىياز ھېكىمبەگ تەختكە ئوبدان جايلىشىۋالدى ـ دە، دىۋانغا توپلانغان ئوتتۇزچە ئادەمنى ئالدىرىماي كۆزىتىپ چىقتى. قايسىدۇر بىر بەگ يېنىدا ئولتۇرغان دورغىبېگىنى: «ھاكىمبەگكە ئوبدانراق سەپسىلىپ باق!» دېگەندەك نوقۇپ قويىدى. يەنە بىرەيلەن نېمىشقىدۇر سوزۇپ ئۇھ تارتىۋالدى. سۆزسىزكى، كېڭەش ئەھلى نىياز ھېكىمبەگنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا گۆشىنى شىلىۋالغاندەك ياداپ، چېكە قورۇقلىرى كۆپىيىپ، كۆزلىرى گويا كونا گەمىدەك ئولتۇرۇشۇپ، ئاپتاپقا سالغان ئەش شاپتۇلدەك قورۇلۇپ

كـەتـكـىنـىگە ئەجەبلەنمەكتە ئىدى . شۇ ئەسنادا نىياز ھېكىمبەگ گېلىنى قىرىپ كېڭەشتىكىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە قاراتتى ـ دە ، خاتىپ خۇتبە ئوقۇغاندەك تەلەپپۇز بىلەن سۆز باشلىدى :
— بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم ، ھەرقايىسى يۇرت كاتتىلىرىغا ئـالـدى بـىـلـەن دۆلـەت قۇياشى ، دىنىمىزنىڭ ھامىيسى ، يەتتە شـەھـەرنـىـڭ خـوجـىـسـى بـەدۆلەت ئالىيلىرىدىن سېغىنىشلىق دۇئايىسالام ! — ئۇ ئىككى يېنىدا ئولتۇرغان ئەمىرلەشكەر ، قازى لەشكەر ۋە قازى رەئىسلەرگە قاراپ بېشىنى ئېگىپ ئالاھىدە سالام يـەتـكـۈزگـەنـدىـن كـېـيـىن ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ دېدى ، — كـاتتىلىرىمىزغا مەلۇم ، كەمىنە خوتەن ھاكىمبېگى قۇتلۇق بىر سائەتتە قەشقەر دار سەلتەنىدە ھازىر بولۇپ ، غازى ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك دىدارىنى كۆرۈپ ، شېرىن ـ سۇخەن سۆھبىتىنى ئاڭلاشقا مـۇشـەررەپ بـولـدۇم ھـەم ھـەرقايىسلىرىغىمۇ كۆپتىن ـ كۆپ دۇئـايىسالام ، ياخشى تىلەكلەرنى ئېلىپ قايتتىم . ئۇ ئالىيلىرى خـوتـەنـدە ئـىـستىقامەت قىلغۇچى ئەزىزلەر ۋە پۇقرالارنىڭ خان ئەمرىنى تۇتۇپ ، ھەققى ـ ھۆرمىتىگە دۇئا قىلىپ ، مۇسۇلمانچە۔ لىقنى بەجا كەلـتۈرۈۋاتـقىنىنى ئاڭـلاپ كـۆپ خۇرسەن بولدى . جـانـابـىـي ئـەمـىـرلـەشـكەر ، جانابىي قازى لەشكەر كەبى كونا بـۇرادەرلىرىنىڭ ، قازى رەئىس كەبى يېڭى يارەنلىرىنىڭ ئۆم ـ ئىتتىپاق بولۇپ ، پېقىر ھاكىمبەگنىڭ ئەمرىگە پەرمانبەردارلىق كۆرسەتكىنىگە تەشەككۈر ـ تەۋەززۇلار بىلدۈردى…
دىۋان ئىچى چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك تىمتاس ئىدى . ۋەز ئاڭلاۋاتقانلار نىياز ھېكىمبەگنىڭ سۆزىنىڭ ئەمدى قايسى يۆنىلىشكە بۇرۇلىدىغانلىقىنى بىلىۋالماقچى ، سۇنى كۆرۈپ ، ئاندىن ئۆتۈك سالماقچى بولغاندەك جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى .
نـىـيـاز ھـېـكـىـمبەگ سۆزىگە زور قىزىقىش بىلەن قۇلاق سـېلىۋاتقان بەگلەرگە قاراپ ، قانائەت ھاسىل قىلدى ۋە يېنىك يۆتىلىپ قويۇپ ، سۆزىنى داۋام قىلدى :
— ئۇلۇغ ئاللا مۇبارەك ۋەھىيلىرىنىڭ بىرىدە «ئادەم ھەممە

نەرسىدىن بىھاجەت بولغاندا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىسيانكارلىق باش كۆتۈرىدۇ» دەپ بىشارەت بېرىپ، بەزى بەندىلىرىنى ئاگاھلاندۇرغانىكەن. ھالا بۇگۈنكى كۈندە بۇ ئاگاھ خوتەن پۇقرالىرىغا كۆپرەك لايىقتۇر. ھالبۇكى، شەپقەتسىز تۇپەيلى قورسىقى تويۇپ، دولىسى ئاپتاپ كۆرگەن ئىمانى سۇس پۇقرا نان بەرگەنىنىڭ قولىنى چىشلەپ، تۇز بەرگەنىنىڭ تۇزلۇقىنى چىقىشقا تۇتۇندى. ئاتالىق غازى ئالىيلىرى كەمىنە ھاكىمبېگكە مەرھەمىتىنى ئايىماي قول ـ قانات ۋە ھەمدەم بولغاي دەپ تەيىن قىلغان مىرزا ئابباس جانابلىرىغا قەست قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ياۋاش، ساداقەتمەن دېگەن داڭقىغا چوڭ داغ چۈشۈردى. ئاڭلىسام، مۇرتەت بولۇپ كەتكەن بىر توپ باشباشتاق قاراقاشلىق بىر ساراڭ دەرۋىشنىڭ كەينىگە كىرىپ، بەتنىيەت دۈشمەنلىرىمىزگە مەدەتكار بوپتۇدەك، — ئۇ ئاغزىنى مىدىرلىتىپ دۈرۈت ئوقۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — پېقىر ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق توپىلاڭ تونىنى كىيگەن ئۈچ قاتىل ۋە ئۇنىڭ ھىماتلىرىدىن ئۆزگە ئازغان مۇسۇلمان بەندىلەرنىڭ دىلىغا ئىمان، تەبىئىتىگە ئىنساپ، نىيىتىگە تەۋپىق تىلەيمەن. ئاللانىڭ بىر سۈپىتى راھماندۇر، ئۇ توۋا قىلغانلارنى كەچۈرگۈچىدۇر...

نىياز ھېكىمبەگ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، كۆزلىرى يىراقتىن كۆرۈنگەن سازلىقتەك پىلىلدىغىلى تۇردى. ئاۋازى ياغسىراپ قالغان چىغرىق ئاۋازىدەك ئىنچىكىلەپ كەتتى. ئاغزى ئۆمچىيىپ، موللىسىدىن تەنبىھ ئاڭلىغان تالىپنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قالدى.

— «ۋاپاغا جاپا بارمۇ دېسە، ئىزدىسەڭ تېپىلار» دەپتىكەن. كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام، مەن خوتەنلىكلەردىن خاپا بولدۇم. شۇنچە يىراق يۇرتتىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمنى، دوست ـ بۇرادەرلىرىمنى، پاراۋان مەئىشەتىمنى تاشلاپ بۇ يەرگە كېلىشىمدىن مەقسەتمۇ يۇرتنى ئامان، پۇقرانى باياشات قىلىش ئۈچۈن ئەمەسمىدى؟ ئەمدى مەن پۇقرالاردىن نېمە كۆرۈۋاتىمەن؟ ئاتالىق غازىنىڭ تۇغقىنى

شىھىت قىلىندى ، ئەمدى ئۇنىڭ يۇزىگە قانداق قارايمەن ، بۇ مەن بىچارىگە نى ئاھانەت ، نى نومۇس ؟

دىۋاندا پىچىرلاشلار باشلاندى . كىمدۇر بۇرنىنى تارتىپ مىشىلدىدى . يەنە بىرنەچچە ئادەم دەمدەردەك بۇقۇلداپ يىغلاپ تاشلىدى . نىياز ھېكىمبەگ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— ھاكىمبېگىڭلار ئاش بەرگەننىڭ قازىنىنى چاققان ، ئاتالىق غازى ئالىيلىرىغا تۇزكورلۇق قىلغان ، باج - خىراج تاپشۇرۇشتىن باش تارتقان بىنومۇسلارغا ئەسلىدە قىلىچ - نەيزە بىلەن جاۋاب بەرسە بولاتتى . بۇنى ئاللامۇ ، شاھ ئالىيلىرىمۇ مۇۋاپىق كۆرەر ئىدى . بىراق ، پېقىر كىچىكىدىن يۇمشاق كۆڭۈل ، ساددا ، مېھرىبان بولۇپ چوڭ بولغانىكەنمەن . شۇڭا ، قان - پان دېگەننى كۆرسەملا ئىچىم ئېلىشىدۇ . ئاتامنى ئۆلتۈرگەن دۇشمەن بولسىمۇ ، بىرلا يىغلىسا مومدەك ئېرىپ كېتىمەن . نېمە ئىلاج ، دۇشمەنلىرىمنىڭ ، ئازغۇنلارنىڭ كۆڭلىگە جايىنامازدا ئولتۇرۇپ ئىنساپ تىلىمەكتىن ئۆزگە ئىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ ، — ئۇ بىرىنىڭ مۇرىسىگە بىرى بېشىنى قويۇپ ئانىسى ئۆلگەن يېتىم ئوغۇلدەك ياش تۆكۈۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ ئاتىلارچە تەلەپپۇز بىلەن دېدى ، — سەۋر قىلىڭلار بەگلىرىم ، سەۋر قىلىڭلار ، «سەۋر قاچىسىنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەنىكەن ئاقىللار ، مېنىڭ تېخى سىلەرگە دەيدىغان سۆزۈم بار . بىر يىلدىن بۇيان خوتەنلىكلەرگە پاراۋانلىق كۆزلەپ كۆيدى - پىشتى بوپتىمەن ، بىر ئاي ئاتالىق غازىنىڭ قوبۇلىدا يۈرۈپتىمەن ، ئەمدى ئاجىز تېنىمگە ھاردۇق يېتىپ ، پۇت - قولۇمدىن ماجال قېچىپتۇ . تومۇرۇمنى تۇتۇپ كۆرگەن ھۆكۈمالارنىڭ دېيىشىچە ، سوغۇقۇم ئېشىپ ، ئۇزايىمدىكى كۆيگەن خىلىتلار كېسەلگە چىقىپتۇ . ئون بەش - يىگىرمە كۈن شەربەت ئىچىپ شىپا تاپمىسام بولمىغۇدەك ، شۇڭا يۇرت سوراش ئىشىنى ۋاقتىنچە ئەمرىلەشكەر خالمان پانسات جانابلىرىغا ھاۋالە

قىلماقچىمەن ، كۆرۈۋاتىسىلەر ، بۇرادىرىمىز موللاجى تۇراپ بىلەن قازى رەئىس جانابلىرى ئەمىرلەشكەرنىڭ يېنىدا كۈچلۈك تىرەك بولۇپ تۇرۇپتۇ . «موزاينىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن ئۈينىڭمۇ بېشىغا كەپتۇ» دېگەن ماقال بار ، بۈگۈن مىرزا ئابباس جانابلىرىنى ئۆلتۈرگەن قارا يۈرەكلەر ئەتە قايسى بەگ ، قايسى يۇرت بېشىنىڭ گېلىغا خەنجەر ئۇرىدۇ ؟ بۇ خۇداغا ئاشكارا ، بەندىگە قاراڭغۇدۇر . قويىنىدا پىچاق ساقلاپ يۈرگەن بۇنداق گۇناھكارلارنى قانداق قىلىسىلەر ، گۇناھكارلارغا مەدەت بەرگەنلەرنى قانداق ئەدەپلەيسىلەر ، باج - خىراج تۆلەشنى رەت قىلغانلارغا نېمە دەيسىلەر ، قاراپ بېقىپ يول تۇتارسىلەر ، ھەر ئىشتا خالمان پانسات جانابلىرىنىڭ ئاغزىغا قارارسىلەر…

شۇنداق قىلىپ ، نىياز ھېكىمبەگ ئۆلۈم ئالدىدا بالا - چاقىلىرىغا ۋەسىيەت قىلغاندەك ھېسابسىز ۋەز - نەسىھەت ۋە ساناقسىز بېشارەتلەرنى قالدۇرۇپ ، ئىچ ئاغرىتىش نەزىرى بىلەن ئۇمچىيىپ تۇرغان كېڭەش ئەھلىنىڭ كۆزىچىلا تەختنى بىكارلىدى . ئۈچ - تۆت مۇلازىمىنىڭ تەرەپ - تەرەپتىن يۆلىشى بىلەن يۆتىلىپ - قېقىلىپ ، مۇشتۇمى بىلەن ئومۇرتقىسىنى يېنىك ئۇرغان پېتى خاس قوبۇلخانىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى . ھاكىمبېگنى تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق بىچارە ھالەتتە كۆرگەن ئون نەچچە كىشى ئۇنى كۆرگە كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىشىپ ، كەينىگە ئەگىشىۋىدى ، شۇ ھامان خالمان پانساتنىڭ زەردىسىگە دۇچ كەلدى . يېڭى ھۆكۈمران خالمان پانسات خېلى قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن دىۋاندىكىلەرنى تەرتىپكە چاقىردى ۋە :

— شەرىئەت ئۆلىماسى ، مۇفتى ئاخۇنلۇقۇمنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە ، ئۇلۇغ ھەدىس شېرىپتە «جەننەت قىلىچنىڭ سايىسى ئاستىدا» دېگەن گەپ بارمىش . بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى مۇفتى ھەزرەتلىرىدىن ئاڭلاڭلار ، — دېۋىدى ، موللاجى تۇراپ دېمەكچى بولغانلىرىنى كۆڭلىگە مارجان تىزغاندەك تىزىپ تەييار تۇرغان مۇفتىغا «قېنى باشلىسىلا» دېگەندەك ئىشارەت قىلدى .

## ئوتتۇز ئىككىنچى باب

# كېچىكىپ كەلگەن باھار

قىشنىڭ جانغا پاتقان سوغۇق دەملىرى بارا ـ بارا ئاجىزلاپ، باش ئەتىيازنىڭ ئىللىق نەپەسلىرى گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. قىش بويى ئاسماننى غۇۋالاشتۇرۇپ تۇرغان كۈل رەڭ تۇمان باھار شامىلىنىڭ زەربىسى بىلەن ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ھاۋا سۈزۈلۈپ، كۆئېنلۈن تاغلىرىنىڭ يىراق چوققىلىرىمۇ بىر قاراشتىلا كۆزگە چېلىقىدىغان بولدى. ئۆگزىلەرنىڭ بۇرجىكىدە، تۇرخۇن كەينىدە تام ـ قاشالارنىڭ تەسكەي تەرىپىدە يىغىلىپ قالغان قار ـ مۇزلار بىر كېچىدىلا ئېرىپ تۈگىدى. لاي ئارىلاش ئەگىزگە ئايلانغان مۇز پارچىلىرى ئورنىدىن چىم ـ چىغىرتماق، كاككۇككۈلى دېگەندەك يۇمران ئۆسۈملۈكلەر ئۈنۈپ چىقىپ تەبىئەت ھۆسنىگە يارىشىملىق رەڭ بەردى. بىرەر تال دان ئىزدەپ كۆللۈكلەردە، كونا خامانلاردا سەرسان بولۇپ قىش قىيىنچىلىقىدىن جاق تويغان قۇشقاچلار ئەمدى تېرەك پوتلىلىرى ئارىسىدا ئەركىن يايراپ ئۆز ناخشىسىنى توۋلاشقا باشلىدى. باھار يىللاردىكىدىن كېچىكىپرەك كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بەرىبىر يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە تەبىئەتكە، گۈل ـ گىياھلارغا، قۇشلارغا يېڭى سېزىم، يېڭى جان ئەكەلدىيۇ، باھار تىۋىشىغا ئەڭ سەزگۈر، ئەڭ تەشنا بولغان ئىنسان قەلبىگە ھېچقانداق ئىللىقلىق ئاتا قىلالمىدى.

ئۇزۇكچىلىك مەزگىلىدە «ئانا، نان» دەپ كۆزلىرىگە تەلمۈرگەن نىمجان بالىسىنىڭ دەردىدە ساراڭ بولاي دەپ قالغان بىچارە ئانىلار باھار قۇشلىرىنىڭ نەغمىسىدىن بىخەۋەر ئىدى. «ئاباس مىرزىغا قەست قىلدى» دېگەن بەتنام بىلەن زەي زىندانغا

تاشلانغان، ئىغىر هاشارغا مەهكۇم قىلىنغان ئاتلارنىڭ تىنى ئەتىيازنىلا ئەمەس، بەلكى قىش بىلەن يازنىڭ هارارەت پەرقىنىمۇ سەزمەس بولۇپ قالغانىدى. ئاچ ـ يالىڭاچلىقتىن دەرمانى ئۈزۈلگەن سەبىي باللارنىڭ توپا توزۇپ تۇرغان چىرايلىرىدىن كۆلكە دېگەن نەرسىنىڭ ئىزناسىمۇ تېپىلمايتتى. ئۇلار ئەمدى تىنچ زامانلاردىكىدەك تال سۆگەتتىن نەي ياساپ باهار نەغمىسى قىلالمايتتى. هەتتا يېزا ـ قىشلاقلاردا هۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن ئۆرۈك چېچەكلىرىمۇ ئۇلارنىڭ نۇرسىز كۆزىگە هازىدار ئادەمنىڭ ماتەم كىيىمىدەك كۆرۈنەتتى.

باهار ئەلچىسىنىڭ يۈگۈرۈك قەدىمى بۇ كۈنلەردە ئوردا ئىچىگىمۇ، ئوردىغا يانداش پادىشاهلىق باغقىمۇ يېتىپ كەلگەنىدى. چىملىق يىلان باغرى ئېرىقلاردا ناخشا توۋلاپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇ، غۇژمەك ـ غۇژمەك بولۇپ ئېچىلىپ كەتكەن قىپقىزىل شاپتۇل چېچەكلىرى، چېچەك چوقۇلاپ، بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ يۈرگەن قۇشلارنىڭ تىنماي سايراشلىرى بۇنىڭغا گۇۋاهلىق بېرەتتى. بۇلۇتسىز كۆك ئاسمان، پارقىراپ تۇرغان هارارەتلىك قۇياش ۋە مەڭزىگە ئاپتاپ سىڭگەن يېشىل هاياتلىق باهار شاۋقۇنىدا يېنىك چايقىلىۋاتقان بۇ باغقا سېهرىي كۈچ ئاتا قىلاتتى. ئەتىياز كۈنلىرى كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان بۇنداق ئوچۇق هاۋا بۈگۈن باغنىڭ چىمەنلىك بىر يېرىدىن ئورۇن ئالغان نىياز هېكىمبەگنىڭ كەيپىنى خېلىلا كۆتۈرۈۋەتكەنىدى. گەرچە ئۇ كېسەل باهانىسى بىلەن ئەل كۆزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، باشقىلارنىڭ قولى بىلەن مۇرادىنى هەل قىلىپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن چىرايىدا كېسەللىك ئالامەتلىرىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كەيپىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەتىياز هاۋاسى، باغ مەنزىرىسى ئەمەس، بەلكى ئامەت قۇشىنىڭ ئۆزىگە يېقىن بىر يەردە ئەگىپ يۈرگەنلىكى سەۋەب بولۇۋاتاتتى.

نىياز هېكىمبەگ دىۋاندىن خاس قوبۇلخانىسىغا، قوبۇلخانىدىن باغقا يۆتكەپ كېلىنگەن مانجۇچە ياسىداق تەختتە شاهىنشاهلاردەك

كېرىلىپ ئولتۇراتتى . ئىككى ئالىقىنى بىلەن تەختنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئەجدىھا بېشىنى مەھكەم سىقىملاپ ، ئىسكىلاچ مەسە كىيىۋالغان ئاياغلىرىنى تەخت ئالدىدىكى كۇرسىغا قويۇۋالغانىدى .

ئۇ قوبۇلخانىدا بولغان چاغلىرىدا خۇددى پارالىچ ئادەمدەك ، قاتمۇقات كۆرپىلەر ئۇستىدە ئېغىناپ ، ماموق ياستۇقلارغا يانپاشلاشقا ئادەتلەنگەنىدى . بىراق ، بىر مەزگىل دىۋانغا بارمايدىغان بولغانلىقتىن ئۇ ھېلىقى كېڭەشتىن كېيىنلا تەختنى ئۆزى بىلەن بىللە قوبۇلخانىغا ئەكېلىۋالدى . بۇنىڭدا دىۋاندا ئىشلەۋاتقان خالمان پانساتنىڭ تەختكە مېھرى چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىمۇ ، يېنىدا ساقلاپ روھىنى كۆتۈرۈشنىمۇ نەزەرگە ئالغاندەك قىلاتتى . باغ ئىچىدە تەختتە ئولتۇرۇش گەرچە ئېشەككە ئېگەر توقۇغاندەك قاملاشمىغان ئىش بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ شۇنداق قىلىشنى خالايتتى . تەخت ئۇنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمرانلىقنىڭ نىشانى ، ھۆكۈمراننىڭ بىردىنبىر مۇقەددەس مۈلكى بولۇپ ھېسابلىناتتى ، ئۇنىڭچە جەڭ مەيدانىدا جان بېرىدىغانلارمۇ ، جان ئالىدىغانلارمۇ پەقەت تەخت ئۈچۈنلا شۇنداق قىلاتتى . ئۇلارنىڭ تەختتىن ئۆزگە مەنپەئىتىنىڭ بولۇشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئاسىيلىق ، مۇناپىقلىق ۋە ھىيلە ـ نەيرەڭ ھېسابىغا ئېرىشكەن مۇشۇ تەختتە ئولتۇرغاندىلا ئۇ ئۆزىنى ئەڭ بەختلىك ، ئەڭ بەختەر ھېس قىلاتتى .

ئۇ بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن قەشقەردىن كەلگەن ھۆدەيچىنى مۇشۇ تەختتە ئولتۇرۇپ قوبۇل قىلدى . ياقۇپبەگ مۆھۈر باسقان پېچەتلىك خەتنى مۇشۇ تەختتە ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇۋالدى . ئارقىدىنلا قۇدالاي ئەۋەتكەن مەلۇماتچى بىلەنمۇ مۇشۇ تەختتە ئولتۇرۇپ كۆرۈشتى .

تەختنىڭ كارامىتىدىنمۇ ياكى تەدبىرنىڭ خىسلىتىدىنمۇ ، ئىشقىلىپ قەشقەردىن كەلگەن مەلۇماتنىڭ ھەر ئىككىسىلا خۇش خەۋەر بولۇپ چىقتى . ياقۇپبەگ ئۆز خېتىدە : نىياز ھېكىمبەگنىڭ ساداقەت يۈزىسىدىن ئابباس مىرزىغا قەست قىلغۇچىنى ئۆز ۋاقتىدا تۇتۇۋېلىپ قەشقەرگە يوللاپ بەرگىنىگە ، نەزىر ـ نىياز ئۆتكۈزۈپ

ئۆلگۈچىنىڭ روھىنى خۇش قىلغىنىغا ئاپىرىن ئوقۇغان ۋە ھەمدەم باتۇرنىڭ دارغا ئېسىلغانلىقىدىن ئۇچۇر بەرگەنىدى .

گەرچە ياقۇپبەگنىڭ «ھەمدەم قارماقنى دارغا ئاستۇق» دېگەن ئۇچۇرى بىلەن ، قۇدالايىنىڭ «ھەمدەم قارماق جامائەتنىڭ كۆزىچىلا چىپىپ تاشلاندى» دېگەن گېپى ئارىسىدا خېلى چوڭ پەرق بولسىمۇ ، لېكىن نىياز ھېكىمبەگ بۇ پەرققە ئانچە ئېتىبار قىلىپمۇ كەتمەيتتى . مەيلى دارغا ئېسىلسۇن ياكى چېپىپ ئۆلتۈرۈلسۇن ، پەقەت ئۆلتۈرۈلگەن بولسىلا كۇپايە قىلاتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى تەشۋىشلەندۈرۈپ تۇرغان بىر چوڭ ۋەقەنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئاخىرلاشقانلىقىغا ئىچ - ئىچىدىن مەمنۇن بولدى ۋە : «ئى تەڭرىم ، مۇشكۇلۇمنى ئاسان قىلغىنىڭغا رەھمەتلەر بولسۇن» دەپ پىچىرلاپ قويدى .

— جانابىي ھاكىمبەگ ئالىيلىرى ، — دېدى تەختىنىڭ ئۈچ قەدەم نېرىسىغا كېلىپ توختىغان بىر مۇلازىم بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ ، — دەرۋازا ئالدىدا بىر كىشى بېگىم بىلەن كۆرۈشىدىغان زۆرۈر ئىشىم بار ئىدى ، دەۋاتىدۇ . بېگىمنىڭ ئارامىنى بۇزما ، دېسەك تېخى ئۇنىمايدۇ ، شۇڭا ئۆزلىرىگە خەۋەر قىلدۇق…

نىياز ھېكىمبەگنىڭ تەختى ئىككى ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى قېلىن ئەنجان تېمى بىلەن قورشالغان كەڭ باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر پارچە ئوچۇقچىلىقتا جايلاشتۇرۇلغانىدى . ئالاھىدە تاللىنىۋالغان ھەم تىلسىز ، ھەم گاس بىر مۇلازىم تەخت كەينىدە سايىۋەن تۇتۇپ تۇراتتى . تولۇق قوراللانغان ئالتە - يەتتە مەھرەم ئۇنى ئون نەچچە قەدەم نېرىدا تۇرۇپ مۇھاپىزەت قىلاتتى .

ئۇ دەرۋازا ئالدىغا كەلگەن كىشىنىڭ تەقى - تۇرقىنى ئىنچىكىلىك بىلەن سۈرۈشتە قىلغاندىن كېيىن ئۇنى باشلاپ كېلىشكە ئىجازەت بەردى ۋە سايىۋەن تۇتۇپ تۇرغان مۇلازىمغا «ئۆزۈڭنى چەتكە ئال» دېگەندەك ئىشارەت قىلدى . نىياز ھېكىمبەگ زىل ۋە مەخپىي ئىشلار ئۈستىدە باشقىلار بىلەن سۆھبەت قۇرغاندا يېنىدا ھېچكىمنى تۇرغۇزمايتتى . سايىۋەنچى مۇلازىمنىڭ

تۇغما تىلسىز ۋە گاسلىقى بىرقانچە قېتىملىق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن كۆزىتىشلەر ئارقىلىق تولۇق ئىسپاتلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا گۇماندىن خالىي ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ يالغاندىن گاس ـ گاچا بولۇۋالغىنىنى ياكى ئاڭلاش، سۆزلەش ئىقتىدارىنىڭ تۇيۇقسىز ئەسلىگە كېلىپ قېلىش ئېھتىمالىنى چەتكە قاقمايتتى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇستۇېشى مازار ـ ماشايىخلارغا ئېسىلغان پۇرۇچ قونچاققا، چىرايى ھەبەش زەڭگىلىرىگە ئوخشايدىغان پاكىنەك بىر ئادەم تەخت ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ پۇكۇلۇپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن، قۇدۇق ئاستىدىن چىققاندەك ئاجىز ئاۋاز بىلەن:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم بېگىم، پەرمانلىرىغا بىنائەن يېتىپ كەلدىم، — دېدى ۋە بۇرنىنى تارتىپ قويدى.

نىياز ھېكىمبەگ نېمىدىندۇر يىرگەنگەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇپ ئەتراپىغا زەن سېلىۋالغاندىن كېيىن:

— قېنى سۆزلە شېرىپ شەيتان، ئىشلىرىڭ قانداقراق، قازى رەئىسنىڭ ئارغىماقلىرى ئوبدانمۇ؟ — دەپ سورىدى كىرگەن كىشىدىن. ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ لەقىمىنى تىلغا ئالغىنى ئەركىلەتكىنى بولۇپ ھېسابلىناتتى. ھاكىمبەگنىڭ ئۆزىنى بىراقلا «شەيتان» دەۋەتكىنىدىن ئون تەڭگە ئىنئام ئالغاندەك خۇش بولۇپ كەتكەن شېرىپ شەيتان قوللىرىنى خۇددى كىرىنى ئېزىۋاتقاندەك ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— قازى رەئىسنىڭ ئارغىماقلىرى راسا سەمرىپ كەتتى ھاكىمبېگىم، شۇ تۇرقىدا ساغرىسىدا تۇخۇم قويسا توختىغۇدەك...

— شۇنچىلىك ياپتا گەپنىمۇ چۈشەنمەسمەن شەيتان، بېگىڭنىڭ خەقنىڭ ئارغىمىقى بىلەن نېمە ئىشى، — نىياز ھېكىمبەگ سەل تېرىكتى، ساغرىسى تەختتىن ئازراق كۆتۈرۈلدى، — ساڭا نېمە قىل دېگىنىم يادىڭدىمۇ؟

— يادىمدا بېگىم، يادىمدا، نېمىدەپ يادىمدا بولمىسۇن...

— ھە، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قىل ئەمىسە!

— ماقۇل، ماقۇل، بېگىم، — شېرىپ شەيتانمۇ ھاكىمبەگنى

دوراپ ، ئەتراپقا ئېھتىيات بىلەن قارىۋالغاندىن كېيىن دېدى ، — تاپشۇرۇقلىرىغا بىنائەن ئات باققاچ ، ھويلا ـ ئارامنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىنى ، قازناقنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى قويماي ئاختۇرۇپ چىقتىم ، ئاتخانىنىمۇ توڭگۇزدەك قېزىۋەتتىم ، لېكىننزە ، ئالتۇن ئەمەس بىرەر پارچە مىسمۇ ئۇچرىتالمىدىم...

— ھەي لامزەللە ، مەن قازناقتا كۆپرەك دىققەت قىل ، ئۇ يەردە كۆپ ياكى تۆگە ساندۇقى دېگەندەك نەرسىلەر بارمىكىن دېمىدىممۇ ، ئاتخانىنى قېزىپ نېمە قىلاتتىڭ ؟ مۇبادا قازى رەئىس ياكى ئۇنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى گۇمانلىنىپ قالسا قانداق قىلىسەن ؟

— تېنىۋالىمەن ، بېگىم .

— ئۇرۇپ قىينىسا ياكى پۇل ـ مال بەرسىچۇ ؟

— ئىقرار قىلمايمەن !

— ھەببەللى ، دېگەنبىلەن ئەقلىڭ خېلى جايىدا جۇمۇ سىبىنىڭ — نىياز ھېكىمبەگ شېرىپ شەيتاننى ماختاپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — دېگەندەك ، قازى رەئىسنىڭ ئاتلىرىنى ئوبدان باق ، ئۇلارنى تولۇمدەك سەمرىتىۋەت ، ئاتقا مىنگەندە ئېگىشىپ دومبەڭنى تۇتۇپ بەر . ئۇ سەندىن رازى بولىۋەرسۇن ، ساڭا ئىشىنىۋەرسۇن ، سەنمۇ چاندۇرماي يۈرۈپ قىلىدىغىنىڭنى قىلىۋەر ، قاچانكى بىر دۆۋە تىللانىڭ دېرىكىنى ئالالىساڭ ، كۆڭلىكىڭنى يۇيۇپ ئاتخانىنىڭ ئۆگزىسىگە ئاس !

— قۇللۇق ، تەقسىر ، دېگەنلىرىدەك قىلىمەن .

— مانا ماۋۇنى ئېلىپ چاپسان يولۇڭغا ماڭ ، ئېسىڭدە مەھكەم تۇت ، مەن سېنى كۆرمىدىم ، سەن مېنى كۆرمىدىڭ ، تىلىڭغا ، بېشىڭغا ھېزى بول !

— ماقۇل ، تەقسىر...

تۆت ئايدىن بېرى تۆمۈر خەزىنىچىبەگكە مىراخور بولۇۋېلىپ ، نەچچە چارەك ئالتۇننىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىۋاتقان شېرىپ شەيتان نەچچە يارماق چاي پۇلىنى چۆنتىكىگە سالدى ـ دە ، «خوش ، خوش» دېگىنىچە باغدىن چىقىپ كەتتى .

شەيتان لەقەملىك بۇ پاكىنەك ، سىمىز كىشى ئەسلىدە قازى رەئىس تۆمۈر خەزىنىچىبەگكە ئاتا جەمەت تۇغقان كېلەتتى . ئۇنىڭ ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى كۈنلەردە خوتەن ھاكىمى بولغان ئەلىشىربەگ تېخى بەگلىك مەنسىپىدە ئىدى . تۆمۈر خەزىنىچىبەگ بولسا مەدرىسىدە ئوقۇيتتى . ئانىسى سەكراتتا يېتىپ ئوغلىغا : «ناۋادا بېشىڭغا كۈن چۈشۈپ قالسا ئانا تەرەپ بەگ تۇغقىنىڭ ئەلىشىرنى ئىزدە» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرۇپ كۆز يۇمدى . تۆمۈر خەزىنىچىبەگنىڭ ئانىسى بىلەن شىرىپ شەيتانىنىڭ ئانىسى خېلى بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەچكىمۇ ، شىرەم تۇغقانلىقى ھەر ئىككىسىگىلا قاراڭغۇلۇق بولۇپ قېلىۋەردى . بۇرۇتى خەت تارتماستىلا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قالغان شىرىپ ئاتا كەسپىنى ئۇدۇم قىلىپ ئېشەك بازىرىدا دېگۈدەك چوڭ بولدى . بېدىكلىك ھاياتى ۋە بېدىكلەرچە ھىيلە - نەيرەڭ ئۇنىڭ مىجەزىگە قۇۋلۇق - شۇملۇقنى يەتكۈچە سىڭدۈردى . ئۇنى ئالداپ ، بۇنى شىلىپ ، ئەرزان ئېلىپ ، قىممەت سېتىپ يۈرۈپ خارابىدىكى ئۆمۈچۈككە ئوخشاش ، باشقىلار باغلىغان تورغا ئىلىشىپ ، ئۆزىمۇ باشقىلارغا تور سېلىپ يۈرۈپ كۈننى كۈن ئەتتى ، بىراۋنىڭ قولىغا قاراپمۇ قالمىدى ، ئانىسىنىڭ ۋەسىيىتى ، ئەلىشىربەگ دېگەنلەرمۇ يادىدىن چىقىپلا كەتتى .

بىر كۈنى ئۇ يورۇقچاشلىق بىر كىشىدىن تۇرغان يېرىدىن بىر غېرىچمۇ سىلجىمايدىغان بىر مادا ئېشەكنى ئەرزانلا سېتىۋالدى - دە ، ئېشەكنىڭ تېزەكلىكىگە چىمەلتەك بارماق چوڭلۇقىدىكى نۆشۈدۈرنى تىقىۋەتتى . نۆشۈدۈرنىڭ ئاچچىقى بىلەن سەكرەپ ، چاپچىپ تۇرغان بۇ ئېشەكنى خانئېرىقلىق بىر دېھقان ئەسلىي باھاسىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق باھا بىلەن سېتىۋالدى . بىراق ، نۆشۈدۈرنىڭ كۈچى كېتىشى بىلەنلا ئېشەك تېزلا ئەسلىي ھالىتىگە قايتىپ كەلدى . شىرىپ شەيتانىنىڭ ئېشەك بازىرىدىكى كۆشەندىسى بولسا كېرەك ، كىمدۇر بىرى بۇ دېھقانغا ئېشەك ساتقۇچىنىڭ ھىيلە - مىكىرلىك قىلمىشىنى پاش قىلىپ قويدى .

www.uyghurkitap.com

دېھقان ئالدانغانلىقىنى بىلىپ ، ئېشەك بازىرىنى بېشىغا كىيدى . لېكىن ، شىرىپ شەيتان ئاغزىغا توپا سۇركەپ قىلغان ـ ئەتكىنىنى ھەرگىز گەدىنىگە ئالمىدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ كاج بېدىك دەۋاگەر دېھقانىنىڭ ئەرزى سەۋەبلىك مىرغەزەپنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى ۋە ھايالسىز قازىخانا سولاقخانىسىغا ھەيدەپ كېلىندى .

قىرىق ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بىر بېدىكنىڭ ئاجايىپ ئالدامچىلىقى ھەققىدىكى بۇ ھېكايە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈپ نىياز ھېكىمبەگنىڭ قۇلىقىغىچە يېتىپ كەلدى . ئۇ دەسلىپىدە بۇ قىزىق ئالدامچىلىقنى ئاڭلاپ ئۇچىيى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈپ كەتتى . كېيىنچە بۇ كىشىنىڭ ئادەمزاتنىڭ ئەقلىگە كىرىپمۇ چىقمايدىغان ھىيلىنى ئويلاپ تاپالىغانلىقىغا قىزىقىپ ، ئۇنى شەخسەن ئۆزى سوراق قىلماقچى بولدى .

ئۇ كۈلكىسىنى تەسلىكتە بېسىپ ، تۇرقى بەئەينى بىر كۈپكە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ دوغىلاق بېدىكتىن سورىدى :

— ھەي كاززاپ ، ئېتىڭ نېمە ؟

— شىرىپ شەيتان ، تەقسىر .

— جاۋاب قىل ، ئالدامچىلىقنىڭ گۇناھ بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن ؟

— بىلىمەن ، تەقسىر ، ئالدامچىلىق دېگەن سېزىلىپ قالسا گۇناھ بولىدۇ ، سېزىلمەي قالسا ھۈنەر بولىدۇ .

— «لەقەمنى خىزىر بېرىدۇ ، دېگەن گەپ راست بولسا كېرەك ، — دەپ ئويلىدى نىياز ھېكىمبەگ ، شىرىپ شەيتاننىڭ پەمىگە ، گەپدانلىقىغا زوقلىنىپ ، — خىزىر ئۇنىڭغا لايىق لەقەم بېرىپتۇيۇ ، شەيتانلىق قىلىدىغان زېمىن بەرمەپتۇ ، ئېشەك بازىرىدا زايە كېتىپتۇ ، زايە… »

— نېمىدەپ باشقىلارنى ئالدايسەن ؟ — ھاكىمبەگ سورىدى .

— تىجارەت دېگەن شۇ تەقسىر ، مەن باشقىلارنى ئالدىمىسام ، باشقىلار مېنى ئالدايدۇ . تىجارەتتە ئالدىمايدىغانلارمۇ ، ئالدانمايدىغانلارمۇ يوق .

— ئىشەكنىڭ تىزەكلىكىگە نۆشۇدۇر قويىدىغان شۇملۇقنى نەدىن ئۆگەندىڭ ؟

— ئۆزۈم ئويلاپ تاپتىم ، ياق ، ئۇ ئەسلىدىلا كاللامدا بار ئىدى ، تەقسىر .

— ئالدامچىغا قانداق جازا كېسىلىدىغانلىقىنى بىلەمسەن ؟

— بىلىمەن ، تەقسىر ، يامىنى كەلسە باش كېتىدۇ شۇ !...

بىراق ، شېرىپ شەيتان ئاخىرقى بىر سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرىپ بولۇپ بىردىنلا قورقۇنچ ئىچىدە قالدى . «ئالدىمدا تۇرغان بۇ هۆكۈمران ئۇچۇن باش كېسىش دېگەن ئوغۇل بالىنى خەتنە قىلغانچىلىك بىر ئىش تۇرسا ، بېشىنى شۇنداقلا لىڭشىتىۋەتسە قانداق قىلغۇلۇق ؟» دېگەنلەرنى ئويلىغىنىدا پۇتۇن بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتتى . بىردەملىك ئېسەنگىرەش ۋە هودۇقۇش نەتىجىسىدە ئۇ ئۆزىدىن هېساب ئېلىۋاتقان ، خالىسا ئۆلۈمگە بۇيرۇپ ، خالىسا گۇناهىنى كەچۈرۈۋېتەلەيدىغان بۇ سۆلەتلىك كىشىنى بەلكى ئەلىشىر هاكىم بولسا كېرەك ، دەپ قىياس قىلدى ـ دە ، ئانىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى يادىغا ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا تۇغقان كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى .

بىراق ، بۇ بەگدىن ئىشەككە كۆپرەك قىزىقىدىغان ، جاهان غوۋغاسىدىن ئېشەك سودىسىنى چوڭ بىلىدىغان بىر بىغەم بېدىكنىڭ ئادەتتىكى خاتاسى ئىدى . ئۇنىڭ تۇغقىنى ئەلىشىر هاكىم بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈك غايىب بولغان ، نىياز هېكىمبەگنىڭ بىلىدىغىنى ئەلىشىر هاكىمدىن قالغان بىر يالغۇز ئوغۇل ۋە بۇ ئوغۇلغا مىراس قالغان بىرقانچە چارەك ئالتۇن ئىدى . شۇ ئەسنادا نىياز هېكىمبەگنىڭ كاللىسىغا ئەلىشىر هاكىمغىمۇ ، تۆمۈر خەزىنىچىبەگكىمۇ ۋە كۆز ئالدىدىكى ئەقىللىق ، هىيلىگەر بېدىككىمۇ چېتىشلىق بولغان بىر ئوي كىرىپ كەلدى . شېرىپ شەيتاننى ئالدامچىلىقىنىڭ جازاسى بىلەن تازا قورقۇتقاندىن كېيىن پىلىكتەك يۇمشىتىۋەتتى ۋە ئۇنى ئۆز خاهىشى بويىچە موللا قىلىپ تۆمۈر خەزىنىچىبەگنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى . ئەۋلاد سۈرۈشتۈرۈپ ،

نام ـ نىشان بېرىشكەندىن كېيىن تۆمۈر خەزىنىچىبەگ ئېشەك بازىرىدا تاشلىنىپ قالغان بۇ شىرەم تۇغقىنىغا ئىچ ئاغرىتتى ۋە ئۇنى ناھايىتى ئاسانلا ئۆز ھىمايىسىگە ئالدى . ئىگىلىكنىڭ خوجىدارلىقى بىلەن ئەڭ ئامراق ئارغىماقلىرىنىڭ مىراخورلۇقىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى…

شېرىپ شەيتان يوقىلىشىغىلا پەيدا بولغان خالمان پانسات ۋە ئۇنىڭ سالام ئاۋازى ، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ ئالتۇن چوشى كۆرۈۋاتقان نىياز ھېكىمبەگنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى . ئەگەر باشقا بىرى بولسىدى ، ئۆز بېشىمچىلىق قىلغان گۇناھى ئۈچۈن ئۇنى قىرىق دەررە ئۇرغۇزغانمۇ بولار ئىدى . بىراق ، تەكەببۇر خالمان پانساتنىڭ ياساۋۇل ـ مەھرەملەرنىڭ ۋە مۇلازىملارنىڭ توسۇشلىرىغا پىسەنت قىلمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى . شۇڭا ، ئۇ ئارتۇقچە كايىپ ئولتۇرمىدى ۋە ئىنجىقلاپ تۇرۇپ سالامنى ئىلىك ئالدى .

— ھاكىمبەگ جانابلىرى ، سالامەتلىكلىرى قانداقراقكىن ؟ — سورىدى ، ئەمىرلەشكەر تەخت ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ .

نىياز ھېكىمبەگ خالار ـ خالىماس جاۋاب بېرىپ دېدى :

— خۇدانىڭ ئىلتىپاتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ دۇئاسى بىلەن كۈندىن ـ كۈنگە ئوبدان بولۇپ كېتىۋاتىمەن ، تېۋىپىنىڭ دېيىشىچە ، ئوزايىمدا ھېلىمۇ سەپرا غالىبمىش ، سەپرانى كېسىدىغان شەربەت ئانچە خىل كەلمەيۋاتىدۇ ، بېشىمنىڭ يېرىمى ئاغرىغىنى ئاغرىغان…

نىياز ھېكىمبەگ ئون يىل ئاغرىق تارتقان ئادەمدەك دادىلىنىپ ، پىخىلداپ تۇرۇپ يۆتىلىۋالغاندىن كېيىن «ھە ، نېمە خىزمەت» دېگەندەك خالمان پانساتقا قارىدى .

ھاكىمبەگنىڭ بۇ قارىشىنى چۈشەنگەن خالمان پانسات :

— ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغايكى ، قاراقاش ۋە ئىلچى تەۋەسى ئون نەچچە كۈن قاتتىق تىنتىلىپ ، ئۈچ يۈز توپىلاڭچى زىندانغا تاشلاندى ، مەرھۇم ئاباباس مىرزىغا قەست قىلغان قاچقۇنلار ۋە ھېلىقى نامەھرەم خوتۇننىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىشقا يۇرت ـ يۇرتلارغا ئادەم ئەۋەتتۇق . ئىككى مىڭچە پۇقرانى ئالتۇن كولاشقا

تاغ تەرەپكە يولغا سالدۇق . شۇغىنىسى ، خوتەن ئالتە شەھەردىن يىغىپ كېلىنگەن مىڭ نەچچە ھۇنەرۋەنگە ئۇستىخانا يېتىشمەيۋاتىدۇ . ئۇلارنىڭ بەش يۈزىنى يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ بېشىغا ئەۋەتىپ قاشتېشى يىغدۇرساقمىكىن دەيمەن . يەنە بىر گەپ ، ھېلىقى ساراڭ دەرۋىشنى دارغا ئېسىپ ئەل - جامائەتكە ئىبرەت قىلمىساق بولمىغۇدەك ، — دېدى نىياز ھېكىمبەگكە مەلۇمات بېرىپ .

نىياز ھېكىمبەگ چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ بىرقانچە قېتىم ئىڭرىۋالدى - دە ، بېشىنى بىر قىسمىلا ھەرىكەتلەندۇردى .

ئۇنىڭ «ماقۇل» غىمۇ ، «ياق» قىمۇ تەۋە بولمىغان باش ھەرىكىتىدىن خالمان پانسات ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىدى . نىياز ھېكىمبەگ ئاخىرىدا :

— بۇگۇن كېچە بىر چۇش كۆرۇپتىمەن ، چۇشۇمدە خوجا ئاباس مىرزا ئايان بولۇپ : ئەمىرلەشكەر قاتىلىمنى جەزمەن تېپىپ بېرىدۇ ، روھىمنى ۋە ھاكىمبەگ جانابلىرىنى خۇش قىلىدۇ ، دېگەندەك قىلدى ، — دېدى خالمان پانساتقا مەنىلىك قىلىپ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى قىسىم

## قىساس ئوتى ئۆچمەيدۇ

— ئى تۇپراق، مەن نۇر چېچىپ تۇرىدىغان بىر گۆھەر، ئەتە - ئاخشام قاراڭغۇ ئۆيلەرنى يورۇتىمەن، دوزاختا دۈشمەنلەردىن ئىنتىقام ئالىمەن، — دېدى ئوت.

— نەسىردىدىن بۇرھانىدىن ئوغلى رابغۇزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

# قارلىق تاغدىكى گۈلخان

— ماڭا قارىسىلا موللىكا ، بۇنداق ئېگىز قارلىق داۋاندىن ئادەم بالىسى تۇرماق ، ئۇچار قۇشمۇ ئۆتۈپ كېتەلمىگۈدەك ، باشقا بىرەر يول تاپمىساق ئۆلۈكىمىز تاغ ئارىسىدا قالارمىكىن دەيمەن !

— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە ، ئۇكا . ياخشىسى ، باش ئۇستۇڭگە بىر قارىۋېتىپ ئاندىن گەپ قىل ، قارا ئاۋۇ تاغدىن ئۆتۈۋاتقان قۇش بولماي نىمە ؟

ئايىمۇھەممەت چورۇققا چاپلىشىپ كەتكەن ئاياغلىرىنى تاغ يولىنىڭ خەتەرسىز رەك بىر يېرىگە مەھكەم جايلاشتۇرۇۋالدى - دە ، دۈمچىيىۋېرىپ كىرىشىپ كەتكەن گەۋدىسىنى ئاستا رۇسلىدى ، تەلپىكىنى بېسىپ تۇرۇپ ئاسمانغا قارىدى .

ئۇلار كېتىۋاتقان چىغىر يول نەچچە يۈز غۇلاچ ئېگىزلىكتىكى قارلىق چوققىدىن پەسكە قاراپ تامدەك تىك چۈشكەن كەسمە قىيانىڭ قاق بېلىدىن ئۆتەتتى . دەريانىڭ ئۇ تەرىپىمۇ ئوخشاشلا تىك ئىدى . ئىككى قىيا ئارىسى كۆپ بولسا ئىككى - ئۈچ يۈز قەدەملا كېلەتتى .

خۇددى تۈگۈلۈكتىن قارىغاندەك قاراۋاتقان ئايمۇھەممەتنىڭ كۆزىگە ئالدى بىلەن تار ۋە ئۇزۇنچاق كۆك ئاسمان كۆرۈندى . ئاندىن كېيىن ، ئاشۇ كۆك ئاسماننىڭ قەرىدە بۇلۇتقا دۈمبىسىنى يېقىپ بەھۇزۇر قانات قېقىۋاتقان تاغ بۈركۈتى ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىگە كىرىپ كەلدى .

«توۋا ، بۈركۈت دېگەننىڭ قانتى توڭلىمامدىكىنە ؟»

بۈركۈت ئۇزۇن ۋە مەزمۇت قاناتلىرىنى توختىماي

لەپىلدىتەتتى . ئۇ قىش ئاسمىنىدا ، قار ـ مۇزلۇق تاغ ئارىسىدا ئەمەس ، تەپتى تونۇردەك قىزىق تومۇز كۈنلىرىدە ، يېشىللىققا پۈركەنگەن ئىللىق دالا ئاسمىنىدا ئۇچۇۋاتقاندەك ئۇچاتتى . گاھ تىك كۆتۈرۈلەتتى ، گاھ پەسكە شۇڭغۇيتتى . قانات قېقىشى نەغمىگە تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك نەپىس ۋە رىتىملىق ئىدى .

ئۇ كەڭ كېرىلگەن مەزمۇت قاناتلىرى ئاستىدىكى ئاق قار ، كۆك مۇزغا پەرۋا قىلمايتتى . تەبىئەتنىڭ سوغۇق دەملىرىمۇ ئۇنىڭغا دال بولالمايتتى . ئۇزاق مەنزىلدىكى ۋىسال شادلىقى ئۇنىڭ قارا بۇلۇتلارنىڭ باغرىنى تېشىپ ئۆتۈشكە كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى . بۇ تەنھا بۈركۈت كۆككە تاقاشقان تاغ تىزمىسىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىدىن چەبدەسلىك بىلەن ئۇچۇپ ئۆتتى ـ دە ، تاغ ئارىسىدىكى بىر جۈپ سەپەرداشنىڭ يۈرەكلىرىگە ئالەمچە ئۈمىد ۋە بىھېساب شىجائەت بېغىشلاپ ئاستا ـ ئاستا كۆزدىن غايىب بولدى .

— موللىكا ، مېڭىپ كەتتۇق ئەمىسە !

ئۇلار ھاشىمئاخۇن بىلەن خوشلىشىپ سانجۇ بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ ئارىسىغا كىرگەندىن بۇيان بىر ھەپتىچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى . خېلى داغدام كارۋان يولى تۈگەپ ، قوتاز ماڭالايدىغان چىغىر يولغا چۈشتى . ئامال قانچە ، ئىككى ئاتنى ئىككى قوتازغا تېگىشىۋەتتى . قوتاز يولى تۈگىگەندە بولسا ، ئۆز سېزىمىگە ۋە پۇتلىرىنىڭ مادارىغا تايىنىشتى .

ئەتىياز ئايلىرى كىرىپ قالغىنىغا قارىماي تاغ يولى مۇزخانىدەك سوغۇق ۋە ئەينەكتەك تېيىلغاق ئىدى . تۈكۈرگەن تۈكۈرۈك يەرگە چۈشەر ـ چۈشمەيلا مۇزغا ئايلىناتتى . تەقدىرى تەتۈر كېلىپ بۇنداق قار ـ مۇز دۇنياسىغا كىرىپ قېلىشنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەچكىمۇ ، قاراقاشتىن چىققاندا كىيىۋالغان كۆزلۈك يەكتىكى ۋە ھاشىمئاخۇن بەرگەن كونا جۇۋىلا ئۇلارنىڭ تېنىنى ئانچە ـ مۇنچە ئىللىتىپ تۇراتتى .

ئۇلار ئامال بار توختاپ قالمايتتى ، ناگان ـ ناگاندا ئۇچراپ قالىدىغان تاغ ئۆڭكۈرلىرى بىردەم ـ يېرىمدەم كۆز يۇمۇپ ،

هاردۇقنى چىقىرىۋالغان ئىسسىق ئارامگاھى ھېسابلىناتتى . جاي ـ جايدا ھۇۋلاپ يۈرىدىغان ئاچ بۆرە ۋە باشقا يىرتقۇچلارنىڭ ھۇجۇمىدىن پەخەس بولمايمۇ بولمايتتى . كېچىلىرى ئۇلار پەقەت نۆۋەتلىشىپلا ئارام ئالالايتتى .

تاسادىپەن سەپەرگە ئاتلانغان بۇ ئىككى يولۇچى يول بويى سۇدىن قىسىلمايتتى . تاغ يان باغىرلىرىدا ، جىرالار ئارىسىدا مۇز تۇتمىغان بۇلاقلار ۋە ئېقىنلار ئۇچراپمۇ قالاتتى . يامىنى كەلسە بىرەر كاپام قارنى ئاغزىغا سېلىپلا تەشنالىقنى باسالايتتى . بىراق ، ئۇلارنى قاتتىق قىيناۋاتقىنى يەنىلا ئاچارچىلىق ئازابى ئىدى .

سەپەرنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە ئۇلارغا توشقان ، قىرغاۋۇل ، كەكلىك دېگەندەك تاغ جاندارلىرى ئۇچراپ تۇردى . بىر كۈنلۈك ياكى ئىككى كۈنلۈك مۇساپىدە بىر يولۇقۇپ قالىدىغان ئاق كۆڭۈل چارۋىچىلارمۇ ئۇلارغا ئارپا نىنى ، تالقان دېگەندەك يېمەكلىكلەرنى بېرىپ تۇردى . ئەمما ، تاغقا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى ئەھۋال يامانلاشتى . كۈن ـ كۈنلەپ بىر بۇردا نان يېيەلمىدى ، ھەتتا نەچچە كۈنلەپ ئاچ قالىدىغان چاغلىرىمۇ بولدى . يىلىك ـ يىلىكتىن ئۆتۈپ كېتىدىغان سوغۇق ، ئاچلىق ۋە قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدىكى ئۆلۈم خەۋپى ئۇلارنىڭ قەدىمىنى ئاستىلىتىشقا باشلىدى .

تاغ ئارىسىدىكى كۈن قىشنىڭ ئەڭ قىسقا كۈنلىرىدىنمۇ قىسقا بولاتتى . ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ ھۆر ۋۇنلۇقىنى دېمىگەندىمۇ ، تېخى كەچ كىرمەستىنلا يېپىلىدىغان سۇت رەڭلىك تۇمان تاغۇتاشلارنى ، تاغ بىلەن تاغ ئارىسىنى ، يان باغىرلاردا شالاڭ ئۆسىدىغان جىغانلارنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن دەم تارتىپ ، بىر كۈننىڭ ئاخىرلاشقىنىدىن دېرەك بېرەتتى . تاغ كەينىدىكى بىر كۈننىڭ تەڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدىغان قىسقا كۈندۈزلا يولۇچىلار يول يۈرەلەيدىغان ئەڭ قىممەتلىك پۇرسەت بولۇپ ھېسابلىناتتى . پەقەت تاغ تېكىسىلا ماڭالايدىغان خەتەرلىك چىغىردا جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان بۇ ئادەملەرگە خۇدانىڭ رەھمى كەلدىمۇ ياكى تەقدىر ئىلاھىنىڭ مەردلىكى تۇتۇپ قالدىمۇ ،

ئۇلار تېخى كەچكى تۇمان يېيىلماستىلا تار جىرادىن چىقىپ، ئۇچ تەرىپى تاغ بىلەن تۇتاشقان بىر پارچە تۈزلەڭلىككە يېتىشىۋالدى. تۈزلەڭلىك دېگەن بىلەن بۇ يەر توغرىسى ۋە ئۇزۇنىسىغا ئاران يۈزنەچچە قەدەم كەلگۈدەكلا بىر چاتقاللىق ئىدى. ئۆلۈم پۇراپ تۇرىدىغان خەتەرلىك يار لېۋىدە يۈرەكئالدى بولۇپ ئۇچ كۈن سۆرىلىپ يۈرگەن بۇ كىشىلەر ئۈچۈن بۇ يەر نازۇنېمەتلىرى تولۇپ كەتكەن باغى ئېرەمدىن دېرەك بېرەتتى.

بوشلۇققا كېلىپلا تېنىنى كېڭىيىپ قالغاندەك ھېس قىلغان ئاقمۇللام قورام تاشقا يۆلىنىپ پايتىمىسىنى ئوڭشاۋاتقان ئايمۇھەممەتكە قاراپ دېدى:

— ئۇكا، ئاز - تولا قۇرۇق چاتقال تېرىپ كەل، گۈلخان يېقىپ تازا بىر ئىسسىنىۋالىلى.

ئايمۇھەممەت كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ دېدى:

— چاقچاقلىرىنى قويسىلا موللىكا، يا گۈگۈت، يا چاقماق تاش بولمىسا، نەدىكى گۈلخاننىڭ گېپىنى قىلىپ...

— ئالدى بىلەن چاتقىلىڭنى يىغىمامسەن، موللىكاڭ ئىسمىئەزەمنى بىرلا ئوقۇسا گۈلخاننىڭ گۇرۇلدەپ كۆيمىگىنىنى كۆر!

مىدىرلىغۇچىلىك ھالى قالمىغان ئايمۇھەممەت ۋايىسىغاچ يۈرۈپ بىر قۇچاق قۇرۇق چاتقال تېرىۋالدى، چاپان ئورنىچىلىك يەردىكى قارنى سۈپۈرۈۋېتىپ، چاتقالنى تاشلىدى.

ئاقموللام دېگىنىنى قىلدى. قوللىرىنى ئاسمانغا سوزۇپ، ئايمۇھەممەت چۈشەنمەيدىغان بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى - دە، «ياپىرىم» دەپلا ئالقىنىدا ئىككى پارچە چاقماق تاشنى پەيدا قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ چاقچىقى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ قاراقاشتىن يولغا چىققاندىلا ئىككى تال چاقماق تاشنى قوينىغا سېلىۋالغانىدى.

ئاقمۇللام ئىسمىئەزەمنى ئوقۇپ، تاشلارنى كۈچ بىلەن ئۇرۇۋىدى، تاش ئارىسىدا كىچىككىنە ئۇچقۇن پەيدا بولدى. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





www.uyghurkitap.com

ئۇچقۇن چۇشكەن بىر تۇتام مازنى پۇۋلەپ تۇرۇپ پاخال ئارىسىغا قىستۇردى . قۇرۇق پاخالغا ئوت تۇتىشىپ ئەجدىھانىڭ تىلىدەك تولغىنىپ ئۇلغىيىشقا باشلىدى . چوقچىيىپ تۇرغان قورام تاشلارمۇ ، تاغ قاپتاللىرىمۇ بەدەخشان ياقۇتىدەك قىزاردى . ئۆز ئۆيىدە ئوتسىنىۋاتقاندەك خۇش بولۇپ كەتكەن سەپەرداشلارنىڭ يۇزلىرىمۇ ئوت رەڭگىنى ئالدى . ئۇيۇپ قالغان قانلىرى قايتىدىن ئېرىپ ، تومۇرلىرىدا شوخ سۇدەك ئويناقلاپ ئېقىشقا باشلىدى . گۇلخاندىن تاراۋاتقان ئوت تەپتى ۋۇجۇدىغا تارقىلىپ ، ئون نەچچە كۇنلۇك سوغۇق ئازابىنى نەلەرگىدۇر ئەكەتتى . ئايمۇھەممەت چىلىق ـ چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن پايتىمىسىنى ئوتقا قاقلاۋېتىپ دېدى :

— مولللىكا ، دەپ باقسىلچۇ ، يۇرت ـ ماكانىمىزدىن ئايرىلىپ ، سەرسان بولۇپ يۇرىدىغان بۇ كۇنلەرمۇ تۇگەرمۇ ؟

— خۇدا ھەممىنى بىلگۇچىدۇر ، ئۇكام ، — پوتىسىنى يېشىپ ، مەيدىسىنى ئوتقا قاقلاۋېتىپ جاۋاب بەردى ئاقموللام ، — بەندىنىڭ قانداق كۇن كۆرۇشى پەقەت خۇدانىڭ ئىرادىسىگىلا باغلىق .

— بىراق ، موللىكا ، سىلى ، بىزلەر ئىمانىمىز پاك ، تەقۋادار مۇسۇلمانلار ، ئۆمرىمىزدە ھېچكىمنى بوزەك قىلمىغان ، ھېچكىمگە يامانلىق سېغىنمىغان تۇرساق ، نېمىشقا ئارامخۇدا كۇن كۆرەلمەيمىز ؟

— توختاپ تۇر ، ئۇكا ، خۇدا دېگەن بەكمۇ رەھىمدىل زات ، ئۇ ئۆز بەندىلىرىگە ياخشى كۇن بەرمەي قالمايدۇ ، بىراق نىياز ھېكىمبەگدەك يامان ئادەملەر ئۇنى بىزگە كۆرسەتمەيدۇ . خۇدانىڭ ئىلتىپاتىنى خۇددى قارا بۇلۇت كۇن نۇرىنى توسۇۋالغاندەك توسۇۋالىدۇ .

— خۇدا نېمىشقا بۇنداق ئەسكى ئادەملەرنى جازالىمايدۇ ؟

— مەنمۇ بەزىدە شۇنداق ئويلاپ قالىمەن ئۇكا ، لېكىن يادىڭدا بولسۇنكى ، ئاللانىڭ ئارغامچىسى بەك ئۇزۇن ، ئۇ زات بەندىلىرىگە

سەۋر ـ تاقەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ . ئەسكىلەرگە يول قويۇپ تۇرۇپ مۆمىنلەرنىڭ ئېتىقادىنى سىنايدۇ . پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ ، هەق يولىدىن ئازغانلارنى توۋا ـ ئىستىغپارغا دالالەت قىلىدۇ . ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە ، توۋا قىلمىغان ئۇ گۇناھكارلارنىڭ بېشىغا شۇنداق جازالارنى ياغدۇرىدۇكى ، ئۇلارنىڭ هالىغا ۋاي…

ئايمۇهەممەت تونۇر بېشىدا مومىسىنىڭ يېنىغا كىرىۋېلىپ تۈرلۈك سوئاللارنى ياغدۇرىدىغان سەبىي بالىدەك سوئال سوراشنى داۋام قىلىۋەردى :

— خۇدا نىياز هېكىمبەگنىمۇ جازالارمۇ ؟

— جازالايدۇ ، جەزمەن جازالايدۇ ، ئۇ قىلمىشى چەكتىن ئاشقان بىر مۇناپىق ، قوۋمىنى قان يىغلاتقانىكەن ، خۇدامۇ ئۇنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ .

— ئۇنى قاچانراق جازالار ؟

— بىلسەڭ ئۇنى هازىرمۇ جازالاۋاتىدۇ . بىزنىڭ ئۇنىڭ پېيىغا چۈشۈپ تىغ كۆتۈرۈشىمىزنىڭ ئۆزىمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغان ئىش ، خۇدادىن بىسوراق قىلمۇ تەۋرىمەيدۇ !

ئۇلارنىڭ سۆهبىتى بارغانسېرى شاخلاپ ، يېقىندىلا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرگە بېرىپ تاقالدى .

— توۋا خۇدايىم ، نىياز هېكىمبەگنى ئۆلتۈردۇق دەپ يۈرسەك ، ئۆلتۈرگىنىمىزنىڭ باشقا بىر پەسەندى بولۇپ چىققىنىنى قارىمامدىغان ؟ — دېدى ئايمۇهەممەت كۆڭلى يېرىم بولۇپ .

— دېدىمغۇ ، بۇمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغان ئىش ، ئۇكام ، خۇدا ئۇنىڭ جېنىنى ئالمىغان بىلەن ، يېنىدا ياتقان باشقا بىرىنىڭ جېنىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۆلۈمنىڭ دەهشىتىنى كۆرسىتىپ قويدى . ئېهتىمالىم ، نىياز هېكىمبەگنىڭ يەيدىغان رىزقى تېخى تۈگىمىگەن چېغى ، — دېدى ئاقموللام ئايمۇهەممەتكە جاۋابەن .

— يەنە كېلىپ كەرىمقۇلنىڭ يوقىلىپ كەتكىنىچۇ ، هاشىمئاخۇنكامنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ يا نىياز هېكىمبەگنىڭ ، يا سانجۇ بېگىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندەكمۇ ئەمەس ، يەنە نەلەردە

سەرسان بولۇپ يۈرىدىغاندۇ ئۇ بىچارە؟
— خۇدا پاختا ئىچىدە چوغ ساقلىغۇچىدۇر، جىنى تەندە بولسىلا هامان بىر كۈنى كۆرۈشىمىزغۇ.
ئاقموللام ئارقىدىنلا كىپەك دەرۋىشنى تىلغا ئېلىپ قالدى:
— ھەي، بىچارە دەرۋىش، ئاتمىشتىن ئاشقان ئادەم ئىدى. قاراقاشتا ئالىمادىس بىرەر پېشكەلچىلىك يۈز بېرىپ قالسا، ئۇنىڭمۇ كۈنى تەس بولىدۇ-دە!
— ئۇنى بىر دېمىسىلە، موللىكا، بۇ قېرىسال ئادەمنىڭ قاراقاشتا تىكەندەك يالغۇز قالغىنىنى يادىمغا كەلتۈرسەملا كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ. ھېلىھەم خۇدا ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلار، ساق-سالامەت كۆرۈشكىلى نېسىپ قىلار.
ئايمۇھەممەتنىڭ كىپەك دەرۋىشنى ئاتىسىنى ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلەيدىغانلىقى ئاقموللامغا ئايان ئىدى. شۇڭا ئۇ:
— كۆڭلۈڭنى بۇزما، ئۇكام، ھازىرچە ئۇنى دۇئادا ياد ئېتىپ تۇرىلى، — دەپ تەسەللى بەردى ۋە گۈلخان يېنىدىلا تۇرۇپ خۇپتەن نامىزىغا ئەزان توۋلىدى، جىمجىت تاغ ئارىسى ئەزان ئاۋازى بىلەن لەرزىگە كەلدى...
تاڭ يورۇپ قالغان، ئاخشامقى قويۇق تۇمانمۇ ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، قىيالار ئارىسىدا ئۇۋا تۇتقان تاغ تورغايلىرىمۇ ئەتىگەنلىك ناخشىسىنى باشلىۋەتكەنىدى. ئايمۇھەممەتلەر ئوتى ئۆچۈپ، ئاداققى ھارارىتىنى چېچىپ تۈگەتكەن گۈلخانغا دۈمبىسىنى قىلىپ لايدەك ئېزىلىپ ئۇخلاۋاتاتتى. چولپان بىلەن تەڭ تۇرۇپ ئۆگىنىپ قالغان ئاقموللامۇ ئۇزاق كۈنلەردىن كېيىن نېسىپ بولغان بۇ شېرىن ئۇيقۇنىڭ بىردەملىك لەززىتى بەدىلىگە، بامدات نامىزىنىمۇ قازا قىلىۋەتكەنىدى.
ئايمۇھەممەت تۈگۈلۈۋېرىپ يوغان بىر بوغچىغا ئوخشاپ قالغانىدى. چۈش كۆرۈۋاتسا كىرەك، گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس مىدىرلايتتى، تۇرۇپ كۈلۈمسىرەيتتى، تۇرۇپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ كىمگىدۇر ئاچچىق

قىلاتتى .

«بۇ نېمە ئاۋازدۇ ، دادىسى ئۇنى چاقىرىۋاتامدۇيا ؟ ياق ، بۇ دادىسىنىڭ ئاۋازىغا ھېچ ئوخشىمايدۇ ، قاپلاننىڭ ھۆركىرىشىمۇ - يە ؟ ياق ، قاپلان ئادەمدەك گەپ قىلالامدۇ ؟...» ئۇ چۈش كۆرۈۋېتىپ غەلىتە بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى ۋە چالا ئويغۇنۇق يېتىپ كۆڭلىنى ھەر تەرەپكە يۈگۈرتتى . تېخى تولۇق سۈزۈلۈپ كەتمىگەن تۇمانلىق ئاسماندەك غۇۋالىشىپ تۇرغان كۆڭۈل ئەينىكى ئۇنىڭغا ھېچقانداق بىر قىياپەتنى روشەن كۆرسىتىپ بېرەلمىدى . ئۇ كىمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمىسۇن ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى قۇلاق تۈۋىدىلا جاراڭلاۋاتقان بۇ ئاۋازغا زادى ئوخشىتالمىدى . ئاخىر كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىگە گۈلىيىپ قاراپ تۇرغان بىر ئادەمنىڭ چىرايىنى كۆرۈپلا سەل ھودۇقتى ۋە يېنىدا ياتقان ئاقمۇللامنى نوقۇدى .

— نېمە ئادەملەر سىلەر ، نام - نىشانىڭلارنى چاپسان مەلۇم قىلىڭلار !

ئىسراپىلنىڭ كانىيىدەك جاراڭلاۋاتقان بۇ ئاۋاز تىك چوققىلارنىڭ ئەكس ساداسى بىلەن قوشۇلۇپ ، تاغ يېرىلغاندەك ، ئېقىن تاشقاندەك زور زىلزىلە پەيدا قىلدى . شېرىن چۈش بۆشۈكىدە تەۋرىنىۋاتقان ئاقمۇللامۇ چۆچۈپ ئويغاندى . كۆردىكى ، ئېگىز بوي ، تۇك يۈز ، توغرىلىق كەلگەن بىر بەتبەشىرە ئادەم ئۇلارنىڭ باش ئۇستىدىلا قاراپ تۇراتتى . گەۋدىسىنىڭ چوڭلۇقى ، تەلەتىنىڭ سۈرۈنلۈكى چۆچەكلەردىكى رەھىمسىز مەخلۇقلارنى ئەسلىتەتتى . كۆتۈرۈۋالغان كالتىكىنىڭ تومپۇقىلا ئادەمنىڭ يوتىسىچىلىك بار ئىدى . ئۇلار «بۇ نېمە كارامەت» دېگەندەك بىر - بىرىگە قارىشىۋالدى - دە ، سەل ئەيمىنىپرەك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى .

ئاقمۇللام ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ، بارچە دۆلەتلەرنىڭ خوجىسى بولغان سۇلايمان پەيغەمبەرگە ھەمدۇسانا ئوقۇدى - دە ، ئۆزىنى ئىمكانقەدەر تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ ، سەل كۈلۈمسىرەپ سالام بەردى :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم...

بەتبەشىرە كىشى دەسلەپتە نېمىشقىدۇر تېگىرقىغاندەك بولدى ، كېيىن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى ، ئۇ :

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، — دېدى ۋە قولىدىكى كالتەكنى قورام تاشقا يۆلەپ قويۇپ ، ئۇلارغا قول بەردى .

سالام ـ سەھەت ئۇلار ئارىسىدىكى جىددىي كەيپىياتنى بىر دىنلا پەسەيتىۋەتتى . بەتبەشىرە كىشىنىڭ چىرايىدىمۇ خاتىرجەملىك ئالامەتلىرى پەيدا بولدى . ئاقموللام ئاغزىنى ئۆمەللەۋاتقان ئايمۇھەممەتكە «ئاتىكارچىلىق قىلما» دېگەندەك قاراپ قويدى ـ دە ، سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن :

— ئاكا ـ ئىنى ئىككىمىز قاراقاشتىن ، چۆلدە كېيىك قوغلاپ يۈرۈپ ئېزىپ قالدۇق ، — دېدى ئېپادىسىز كۆزلىرىنى ئۇزمەي قاراپ تۇرغان ھېلىقى كىشىگە ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇپ .

بەتبەشىرە كىشى نېمىشقىدۇر چىرايىنى پۈرۈشتۈردى ، قورام تاشنىڭ كەينىدە تۇرغان مىلتىق بىلەن قىلىچىغا يالت قىلىپ قاراپ قويۇپ ، پاخما بېشىنى ئاستا چايقىدى :

— ھىم ، ئۇۋ ئوۋلىدۇق دەڭلار ، — دېدى ئۇ كىنايە ئاھاڭدا ئالاھىدە سوزۇپ ، — كېيىك ئوۋلاپسىلەر ، لېكىن كېيىكنى قىلىچ كۆتۈرۈپ قوغلىغىنىڭلار نېمىسى ، بىر قارىسا ئوڭلۇق ئادەمدەك قىلىسىلەر ، بىر قارىسا گەپلىرىڭلار قولاشمايدۇ ، ھەي نېمە بولۇۋاتىدۇ بۇ جاھاندا...

بۇ ناتونۇش كىشىدە ئارتۇقچە گۇمان تۇغدۇرۇپ قويۇپ ئويلىمىغان كۆڭۈلسىزلىكنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلغان ئاقموللام ئاخىر راست گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى ، ئۇ بايامقى گەپ بىلەن بۇ كىشىنى چېكىپ كۆرگەن ۋە بىر دەملىك كۆزىتىشتىن كېيىن ئۇنىڭدىن تەپ تارتىشنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى .

— ھەي ئۇكا ، قارىغا ، سىزمۇ كالتەك بىلەن ئوۋ

قىلىۋېتىپسىزغۇ؟ — دېدى ئاقموللام ئۇ كىشىگە قارىسىغىلا «ئۇكا» دەپ خىتاب قىلىپ. ئۇ كىشىمۇ ئاخىر پاراقىدە كۈلۈۋەتتى ۋە:

— بىز… بۇ تاغ دېگەندە… — دەپ گەدىنىنى قاشلاپ قويدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىر - بىرىگە سىر بېرىشتى، كەچمىشلىرىنى سۆزلىشىپ، دەرد - مۇڭ تۆكۈشتى.

ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئابدۇسادىق بولۇپ، يورۇڭقاش بازىرىدا گۆشگىردىچىلىك قىلىدىكەن. ھېلىقى قەتلىئام كۈنى ئۇ بىر توپ ئوقەتچىلەر بىلەن نېرى - بېرىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايلا ئادەم ئېقىمىغا قوشۇلۇپ خوتەنگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ ۋە دەريادىن ئۆتۈشىگىلا يول توسۇۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. پېشانىسىگە شۇنداق پۈتۈلگەن چېغى، خوتەندە نېمە ۋەقە بولغىنىنى، نېمە گۇناھ قىلغىنىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، ئۆزىنى قاراڭغۇ تاغدىكى ئالتۇن كانىدا كۆرۈپتۇ. ئەمما، خېمىر يۇغۇرۇشقا ئۆگىنىپ كەتكەن قولى تاش بىلەن ھەپىلىشىدىغان كان ئەمگىكىگە زادىلا چىداشلىق بېرەلمەپتۇ. ئېغىر ئەمگەك تۇرۇپ تۇرسۇن، ئۇ يەردە كان بېگىلا ئەمەس، ئادەتتىكى بىر ياساۋۇلمۇ قىر كۆرسەتكەن ئادەمنى ئۆز ئالدىغا ئۆلتۈرۈۋېتەلەيدىكەن، كىچىككىنە بىر سەۋەب بىلەن ھەپتە - ھەپتىلەپ قامىۋېتەلەيدىكەن، قامالغانلارغا ئاش - ئوزۇق تۈگۈل، سۇمۇ بېرىلمەيدىكەن.

ئابدۇسادىق بىر كۈنى مېتىن چېپىشتا سۇسلۇق قىلدى دېگەن باھانە بىلەن ھەپسىگە تاشلىنىپتۇ. قامالغاننىڭ تۆتىنچى كۈنى يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپتۇ - دە، ھەپسە قاراۋۇلىنى ئۆلتۈرۈپ، قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ. يۇرتىغا بارسىمۇ ئامان قالمايدىغىنىغا كۆزى يېتىپ، مۇشۇ تاغ ئارىسىغا كېلىپ جېنىنى ساقلاۋاتقانىكەن.

— مەن تېخى سىلەرنى يورۇڭقاش بېگىنىڭ يا بولمىسا باشقا بىر بەگنىڭ ئادەملىرىمىكىن دەپ قاپتىمەن، مۇبادا ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دېگەن ئۇلۇغ بىر كەلىمە سۆزنى ئېغىزىڭلارغا ئالمىغان بولساڭلار بەلكى… ھا … ھا … ھا…

www.uyghurkitap.com

كۆپ بولسا ئوتتۇز بەش ـ قىرىقلارغا كىرگەن، ئەمما كۆرۈنۈشىدىن يەتمىش ياشلىق بوۋايغىلا ئوخشاپ قالغان بۇ كىشى يېڭى تونۇشلىرىغا بىرقانچە ئېغىز چاقچاق قىلدى ۋە چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ تازا بىر كۈلۈۋالدى.

— ئابدۇسادىق ئاكا، نەگىلا قارىسا تاغ، قاياقىلا قارىسا تاش كۆرۈنىدىغان بۇ يەردە شۇنچە ئۇزاق تۇرۇپ قاپتىلا، زېرىكمىدىلىمۇ، ئاش ـ ئوزۇقنى نەدىن تاپتىلا؟ — ئايمۇھەممەت قانچە ئويلاپمۇ تەكتىگە يېتەلمىگەن قىيىن سوئالىنى تارتىنىپ تۇرمايلا ئوتتۇرىغا تاشلىدى ۋە دىققىتىنى ئابدۇسادىقنىڭ ئاغزىغا قاراتتى. ئابدۇسادىق ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ جاۋاب بېرىپ، دېدى:

— ھا… ھا … ھا … ئادەم يوق دەمسەن، ئۇكا، مانا سىلەر ئادەم ئەمەسمۇ، مېنى زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ يىراقتىن كەلگىنىڭلارنى ئۇقمامسىلەر؟ ھا … ھا … ئاش ـ ئوزۇق دەمسەن؟ ئاڭلاپ تۇر، خۇدا ئۆز ئۈممىتىنى ياراتقان چاغدا رىزقىنىمۇ قوشۇپ ياراتقان. كۆرۈۋاتىسەنغۇ، يالىڭاچ قاپتىمەنمۇ، ئاچ ـ زارلىقتا ئۆلۈپ قاپتىمەنمۇيا؟ ھا… ھا… — ئۇ نېمىشقىدۇر كۈلكىسىنى بىراقلا توختىتىۋالدى، كۆز قارىچۇقلىرى پارقىراپ، بۇرنى كېڭەيگىلى تۇردى. چىرايى تۇمانلىق ئاسماندەك تۇتۇلدى. كىچىك بالىدەك تىرنىقىنى كولاپ ئولتۇرۇپ، سۆزىنى ئۇلىدى، — ئويلاپ بېقىڭلار، كىمنىڭمۇ بۇنداق ھايۋاندەك ياشىغۇسى كەلسۇن، كىمنىڭمۇ ئۆز بالا ـ چاقىسىدىن، ئىسسىق ئۆيىدىن، ئەھلىمە- ھەللە، تونۇش ـ بىلىشلىرىدىن ئايرىلغۇسى كەلسۇن؟ مەنمۇ يۇرتى بالا ـ چاقىسى بار ئادەمغۇ ئاخىر… ھېلىمۇ خۇداغا مىڭ مەرتەم شۈكۈر، ئۇ زات شەپقەت قىلىپ مېنى بىر خىزىر سۈپەت ئادەمگە ئۇچراشتۇردى، ھالىمغا يېتىدىغان بىر ئەۋلىياغا ئۇلاشتۇردى…

ئابدۇسادىق بېشىنى كۆتۈرۈپلا يېڭى تونۇشلىرىنىڭ «قېنى سۆزلە» دېگەندەك ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغىنىنى كۆردى ۋە يۇرەكلىك ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سىلەرگە دېسەم ، ئاۋۇ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر ئۇلۇغنىڭ مازىرى بار ، — دېدى ئۇ زاڭىقى بىلەن كۆنچىقىش تەرەپتىكى ئېگىزرەك بىر تاغنى ئىما قىلىپ ، — بۇ يەرگە يېڭى كەلگىنىمدە كەچ بولغان يەردە يېتىپ ، تاڭ ئاتقان يەردىن قوپۇپ ، ساراڭدەك تاغ كېزىپ يۈردۈم . كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئاخىر ھېلىقى ئۇلۇغنىڭ مازىرىغا بېرىپ قاپتىمەن . ھە ، مازار ھۇجرىسىدا كىمنى كۆردۈڭ دېمەمسىلەر ؟ ساقىلى ئۇچتەك ئاق ، مەڭزى ئانارنىڭ دانىسىدەك قىزىل بىر مويسىپىتنى كۆردۈم . خۇدا ماڭا رەھىم قىلىپ خىزىر ئەلەيھىسسالامنى يولۇقتۇرغان چېغى دەپ ئۇ مويسىپىتكە سالام بەردىم . سالىمىمنى ئىلىك ئالدى . نۇر يېغىپ تۇرغان لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ مېنى ھۇجرىسىغا باشلىدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەۋلىيانى پات ـ پات يوقلاپ تۇرىدىغان بولدۇم . ئىشىم ئوڭدىن كېلىپ بىرەر ئۆلاي ياكى كەكلىك تۇتۇۋالسام شۇنى ئېلىپ بارىمەن ، پىشۇرۇپ بىللە يەيمىز . ئېتىكاپتا ئولتۇرغاندا بېرىپ قالسام ، ئاپارغان نەرسىنى ئىشىك تۈۋىگىلا قويۇپ ئۆز يولۇمغا كېتىۋېرىمەن . ئېتىكاپتىن خالاس بولغان چاغلىرىدا ئانچە ـ مۇنچە مۇڭدىشىۋالىمەن . بىلەمسىلەر ، ئۇ ئېتىكاپتا شۇنداق چىڭ ئولتۇرىدۇكى ، ھەي… ھەي…

ئابدۇسادىقنىڭ ھېكايىسىگە قىزىقىپ قالغان ئاقموللام :

— مالال كەلمىسە بىر سوئال سورىسام ، ئۇ ئەۋلىيانىڭ نام ـ شەرىپى نېمە ئىكەن ؟ — دەپ سورىۋىدى ، ئابدۇسادىق :

— ئۇقمىدىم ، ھەرقانچە سورىساممۇ «بۇنى بىلىشىڭنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق» دەپ ئۆزىنى قاچۇردى ، — دەپ جاۋاب بەردى .

— ئەسلىي قەيەرلىك ئىكەن ؟

— ئۇقمىدىم .

— بۇخارايى شەرىپ يا ئەجەم ۋىلايەتلىرىدىن كەلگەن بىرەر ئىشان ، ئەللامە بولمىسۇن يەنە ؟

— ئۇنىمۇ ئۇقمىدىم . خالىساڭلار سىلەرنى ئۇ يەرگە باشلاپ باراي ، مازار بۇ يەردىن بىر كۈنلۈكلا يول…

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوتتۇز تۆتىنچى باب

# پانسات زىندانىدىكى مەھبۇس

ھاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ كۆنپېتىش تەرىپىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەرگە، يەنى ئوردا يېنىدىن ئەگىپ ئاقىدىغان چوڭ ئۆستەڭ بويىغا بەكمۇ ھەيۋەتلىك ۋە سىرلىق بىر قورۇلۇش جايلاشقانىدى. قىزىق يېرى، بەش غولاچ ئېگىزلىكتىكى بۇ قورۇلۇشنىڭ يەر ئۈستىدىكى بۆلىكى ئاران كەتمەن سېپىنىڭ ئېگىزلىكىگە باراۋەر كېلەتتى. قالغان تۆت غولىچى يەر تەكتىنى ئويۇپ ياسالغانىدى. تاغ تەرەپتىكى سەھرا بىلەن خوتەن شەھىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئۇلۇغ يول بۇ غەلىتە قورۇلۇشنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا تاقىلاتتى-دە، ئىككى تارماققا بۆلۈنەتتى. قورۇلۇشنى يېرىم دائىرە ئايلىنىپ ئۆتكەندىن كېيىن يەنە قوشۇلۇپ، ئۇلۇغ يول يېتى تا خوتەن شەھىرىگىچە سوزۇلاتتى. سەھرادىن شەھەرگە، شەھەردىن سەھراغا بارىدىغان يولۇچىلار دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئىككى تارماق يولنىڭ خالىغان بىرىگە كىرىپ، ھەممىگە ۋەھىمە سالىدىغان، ھەممىنى ئالاقزادە قىلىۋېتىدىغان بۇ قورۇلۇشنىڭ يېرىمىنى ئايلىنىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولاتتى. ئەل ئىچىدە «پانسات زىندانى» دەپ نام ئالغان بۇ پادىشاھلىق زىندان ئەمىرلەشكەر خالمان پانسات تەرىپىدىن قوقەند ۋە بۇخارا زىندانلىرىغا تەقلىد قىلىپ ئالايىتەن ياسالغانىدى. كېچە-كۈندۈز ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان نالە-زار زىندان يېنىدىن ئۆتكەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ يۈرەك-باغرىنى ئېزىپ، تەنلىرىگە تىترەك ئولاشتۇراتتى. بەختسىز مەھبۇسلارنىڭ نالىسىگە چىداپ تۇرالمىغان ياكى نەزىر-نىياز قىلىپ بۇنداق كۈننىڭ ئۆز بېشىغا كېلىپ قېلىشىدىن خالاس بولماقچى بولغان كۆڭلى يۇمشاق تەقۋادارلار زىندان پەنجىرىسىدىن

ئۆز ئاتىغىنىنى تاشلاپ كېتىشەتتى . مەھبۇسلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمۇ ئەنە شۇنداق قىلىشقا ئادەتلەنگەنىدى .

سۇقۇنۇۋالغان ساتقۇننىڭ ئاشكارىلاپ قويۇشى بىلەن قاراقاشتا تۇتقۇن قىلىنغان كېپەك دەرۋىشمۇ دەل مۇشۇ زىندانغا تاشلانغانىدى . زەيكەشتەك ھۆل ، لەھەتتەك قاراڭغۇ ، ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇرىدىغان بەتبۇي پۇراق ۋە پىت ـ بۈرگىلەر بىلەن تۇشۇپ كەتكەن پانىي ئالەمدىكى بۇ دوزاخ ئۇنىڭ جىسمىغا ۋە مەنىۋىيىتىگە ئانچە زور تەسىر كۆرسىتەلمىگەن ، دۇئاگۇيلۇقى ۋە خۇش چاقچاقلىقى ھېلىمۇ ئۆز يولى بىلەن كېتىپ باراتتى . نى ـ نى ئەركەكلەرنىڭ بېلىنى ئېگىپ ، ئىرادىسىنى سۇندۇرۇۋېتىدىغان زىندان ئازابىنى پىسەنتىگىمۇ ئېلىپ قويمايۋاتقىنىغا ھەيران بولغان ھەمراھلىرىغا ئۇ : «يەر تەكتىدىكى زىنداندا ياشىغاننىڭ يەر ئۈستىدىكى زىنداندا ياشىغاندىن نېمە پەرقى بار دەيسىلەر ، يەنە كېلىپ بىز دەرۋىشلەر داق يەردە يېتىپ ، داق يەردىن قوپۇپ ، تاپساق يەپ ، تاپالمىساق ئاچ يۈرۈپ قېتىپ كەتكەن ئادەملەر . دىلىمىزدا ئاللا ، تىلىمىزدا ئىمان بار ، ئاللانى دوست تۇتۇپ ، ھەق ـ ئادالەت يولىدا جەبىر چەككەنلەرگە ئاللانىڭ ئۆزى قۇۋۋەت بېرىدۇ ، كىمكى بۇنداق قۇۋۋەتكە مۇشەررەپ بولىدىكەن ، ئۇنىڭ كۆڭلى توق ۋە تېنى سالامەت بولغۇسىدۇر» دەپ مەدەت بېرەتتى .

ھاۋانىڭ ئەمدىلا ئىسسىغىنىغا قارىماي ، زىندان ئىچى دىمىق ۋە سېسىق ئىدى . شور ئۆرلەپ تۇرىدىغان مىچ ـ مىچ توپا مەھبۇسلارنىڭ ئاياغلىرىنى پاقىنىڭ پوكىنىدەك ئاقارتىۋەتكەن ، قوزغىلالمايدىغان بىتابلارنىڭ ماغدۇر ـ ماجالىنى تامامەن شوراپ تۈگەتكەنىدى . ھەر خىل نجاسەتلەرگە ئۆگىنىپ قالغان قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ ھېسابى يوق ئىدى . تام ـ تورۇسلاردىن ئۇۋا تۇتقان تۈلۈم چاشقانلار ئادەملەردىن قىلچە تەپ تارتمايتتى . كېچە ـ كۈندۈز ۋىچىرلىشىپ ھېچكىمگە ئارام بەرمەيتتى . ئاچ قالغانلىرىدا بولسا ئادەملەرگە ھۇجۇم قىلىشتىنمۇ يانمايتتى . كىمكى قۇرت ـ قوڭغۇز ياكى باشقا جان ـ جانىۋارلارغا ئازار بەرمەكچى بولىدىكەن ،

ئۇ شۇ هامان كېپەك دەرۋىشنىڭ تەنبىھىگە دۇچ كېلەتتى.

— بىلەمسىلەر مۇسۇلمانلار، — دەيتتى ئۇ سەل قىزىشىپراق، — سىلەرنى كىم ياراتقان؟ ئاللا ياراتقان، قۇرت - قوڭغۇزلارمۇ، جانىۋارلارمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا جان ئىگىسى، ئۇلارنىمۇ ئاللا ياراتقان، ئۇلارنىڭمۇ ئېھتىمال سىلەرگە ئوخشاش بالىسى باردۇر، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ بالىنى ئانىدىن، ئاتىنى بالىدىن ئايرىۋېتىپ گۇناھكار بولاي دەمسىلەر، ئۇنداقتا سىلەرنىڭ نىياز ھېكىمبەگدىن نېمە پەرقىڭلار قالىدۇ؟

بۇنداق چاغلاردا زىندان ئىچىدە ئالامەت بىر تىمتاسلىق، تەرتىپ ھۆكۈم سۈرەتتى. مەيلى ياش ۋە مەيلى قېرى بولسۇن، ئۆزلىرى ھۆرمەت قىلىدىغان بۇ دەرۋىشنىڭ سۆزىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلايتتى. باشلىرىنى لىڭشىتىپ قايىللىق بىلدۈرەتتى. ئاجىزلارغا ياردەم قولىنى سوزىدىغان تۆكۈلۈكتىن تاشلاپ بېرىلىدىغان غىزانى تالاشقانلارنى ئىنساپقا ئۈندەپ، كۈچلۈك بىلەن ئاجىزنى، ساق بىلەن بىمارنى تەڭ بەھرىمەن قىلىدىغان، قىزىق پاراڭ ۋە رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ بېرىپ، دىلى سۇنۇقلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان بۇ ھۆرمەتلىك دەرۋىش مەھبۇسلارنىڭ قەلبىدە ئالاھىدە بىر ئورۇننى ئىگىلەپ تۇراتتى.

كېپەك دەرۋىش ئۆزۈن كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزەتتى. زىندانغا تاشلانغاندىن بېرى ماكان تۇتۇپ كېلىۋاتقان بىر بۇلۇڭغا تىقىلىپ ئولتۇرۇپ چىن ئىخلاسى بىلەن ئىستىقامەت قىلاتتى. مازار - ماشايىخلارنىڭ نامىغا دۇئا - تىلاۋەت قىلاتتى، پېشىن ۋە جۇمە نامازلىرىغا ئىماملىق قىلاتتى، ئەزاننىمۇ ئۆزى توۋلايتتى. نامازدىن پارىغ بولغان چاغلىرىدا قاراقاشلىق ھەمراھلىرى بىلەن بېشىنى بىر قىلىپ، نېمىلەر ئۈستىدىدۇر پىچىرلىشاتتى. ئاچچىقى كېلىپ قالدىمۇ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ جەددى - جەمەتىنى تىللاشقا، قارغاشقا باشلايتتى. تىللىمىغان خالىمان پانساتمۇ قالمايتتى. زىندان قاراۋۇللىرىنىڭ ھەيۋىسىمۇ، زىندانبېگىنىڭ دەررىگە باسىمەن دەپ پوپوزا قىلىشلىرىمۇ ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىيالمايتتى.

بىر كۈنى قاش قارايغان مەزگىلدە زىندان ياساۋۇلىنىڭ ئاچقۇچلىرى خۇددى ساپايى چالغاندەك شاراقلاپ قالدى . ئارقىدىنلا زىندان ئىشىكى ئېچىلىپ ، زىندانبېگىنىڭ موماي لارنىڭكىدەك چىرقىراق ئاۋازى كەلدى :

— ھەي دەرۋىش ، چاپسان بۇياققا چىق ، ساڭا شوتا چۈشۈرۈپ بەردۇق ، — دېدى ئۇ زەردە بىلەن . زىندان ئىچى جىم بولۇپ قالدى . ھېچكىم ئۇنلۇكرەك گەپ قىلىشقا ياكى چوڭراق تىنىشقا پېتىنالمىدى . چۈنكى ، زىندان ئەھلى بىرەر بەختسىز مەھبۇسنىڭ ئەجىلى توشقاندا زىندانبېگىنىڭ ئۇنى دەل ئاشۇنداق تەلەپپۇزدا چاقىرىۋالىدىغانلىقىنى بىلىشەتتى . چۈشۈرۈلگەن شوتىدىن چىقىپ كەتتىمۇ ، ئۇنداق مەھبۇس ئىككىنچىلەپ قايتىپ كەلمەيتتى ، زىندان تېشىغا چىققان ھامان دارغا ئېسىلاتتى ، تاش بوران قىلىپ ئۆلتۈرۈلەتتى . ئۇنىڭغىچە شوتىمۇ چۈشۈرۈلدى . ئىككى قاراۋۇل كىلىپ دەرۋىشنى تارتىۋالماقچى بولۇپ قول ئۇزارتتى . كېپەك دەرۋىش :

— ئۆزۈم چىقىمەن ، ئاخىرقى ئۆمرۈمدە ئىپلاس قوللىرىڭ بىلەن پاك قولۇمنى بۇلغىمايمەن ، — دېدى ۋە «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا» دەپ كەلىمە شاھادەت ئېيتقاچ ، ھەمراھلىرى بىلەن كۆزى ئارقىلىق خوشلىشىپ شوتا ۋاخىنىسىغا قەدەم قويدى...

زىندانبېگى كېپەك دەرۋىشنىڭ بېشىغا بىر مەينەت قارا خالتىنى كىيدۈردى ، يەنە بىرقانچە قاراۋۇل ئۇنى ئەمانى يېتىلىگەندەك يېتىلەپ ئىتتىرىپ ، دۆشكەلەپ دېگۈدەك نامەلۇم بىر تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى .

«دار ئالدىغا ئەكېتىۋاتسا كېرەك ، — دەپ ئويلىدى كېپەك دەرۋىش كەلىمە شاھادەتنى تەكرارلاۋېتىپ ، — ھەي ئىست ، زاراتگاھلىقتىن ئەكەلگەن ئۇ ئىتنىڭ بالىسىنى ئۆز قولۇم بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرەرمەن دېۋىدىم ، ئۆمرۈم يار بەرمەيدىغان بولدى ، ھېلىمۇ خەير ، ئۇنىڭ بىلەن مەھشەرگاھدا كۆرۈشۈپ قالىمىزغۇ

تېخى... »

ئاجايىپ ئىش، كېپەك دەرۋىش ئېگىز - ئېگىز بوسۇغىلاردىن، بىر ئەمەس، بىرقانچە بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆتتى، ئۆتۈۋېتىپ پىچىرلاشقان ئاۋازلارنى، تاراق - تۇرۇقلارنى ئاڭلاپ قالدى، بۇرنىغا سەندەلنىڭ خۇش پۇرىقى ئۇرۇلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نەگە ئەكېتىلىۋاتقىنىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە قانداقتۇر بىر يەردە توختىتىلىپ، بېشىدىكى خالتا ئېلىۋېتىلدى.

«ئاھ خۇدا، مەن كىمنى كۆرۈۋاتىمەن، بۇ نىياز ھېكىمبەگقۇ! مەن پانىي دۇنيادىمۇ، يا ئاخىرەتكە كېلىپ قالدىمۇ؟...» — ئۇ نىياز ھېكىمبەگنى كۆرۈپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى، چوققىسىدىن كىرگەن تىترەك تاپىنىدىن چىقىپ كەتتى. «رەقىبلەر تار كوچىدا ئۇچرىشىپتۇ» دېگەن شۇ بولسا كېرەك، تاسادىپىي يۈز بەرگەن بۇ ئۇچرىشىش ئۇنىڭغا تەسۋىرلىگۈسىز قاتتىق تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

كېپەك دەرۋىش بېشىنى سىلكىۋېتىپ، تۇرغان يېرىگە، تام - تورۇسلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى. نىياز ھېكىمبەگنىڭ يىرگىنچلىك چىرايىغا يەنە بىر قېتىم سىنچىلاپ سەپسالدى. پەقەت شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ جازا مەيدانىدىكى دار ئالدىغىمۇ ۋە باشقا بىر يەرگىمۇ ئەمەس، بەلكى نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئالدىغا ئەكېلىنگەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. «مېنى بۇ ئىت ئۇۋۇسىغا ئەكەلگۈچە ئاشۇ پىتلىق زىنداندا قويۇۋەرسە بولماسمىدى، ياق، بۇ يەردە جەزمەن بىر گەپ بار، ئۇ نائەھلى تېگى - تەكتىمنى بىلىۋالغان چېغى، بىلىۋالسا يەنە نېمىدىن قورققۇلۇق؟» دېگەن ئوي كاللىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كەتتى.

نىياز ھېكىمبەگ كۆرپە ئۈستىدە ئۆرە بولدى. مال بازىرىدىكى قاقۋاش بېدىكلەردەك، دەرۋىشنىڭ يالاڭ ئاياغلىرىدىن ئۆسكىلەڭ چاچلىرىغىچە كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن:

— قېنى، سوئالىمغا جاۋاب بېرىڭ دەرۋىش، ھاكىم بىلەن پۇقرا ئۇچراشقاندا كىم كىمگە ئاۋۋال سالام بېرىشى كېرەك، —

دەپ سورىدى قولىدىكى پىيالىنى چايقاپ تۇرۇپ . كىپەك دەرۋىش تېنىمەي ، تەمتىرىمەي جاۋاب بەردى :
— پۇقرا ھاكىمغا ، كىچىك چوڭغا ئاۋۋال سالام بېرىشى كېرەك .
— ئۇنداقتا سىز نېمىشقا ماڭا سالام بەرمەيسىز ، دەرۋىش ؟
— ھاكىم زالىم بولسا ، پۇقرانىڭ سالام بېرىشى جايىز ئەمەس ، چوڭ بەتئەخلاق بولسا ، كىچىكنىڭ سالام بېرىشى جايىز ئەمەس !
— مەن قايسى خىلىغا تەۋە ؟
— ھەر ئىككى خىلىغا !
نىياز ھېكىمبەگ كۈتۈلمىگەندە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران تۇختىتىۋېلىپ بىر ئوتلام چاي ئىچىۋالدى .
— گېپىڭىز ئوچۇق ئىكەن ، — دېدى ئۇ شالاڭ ساقىلىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ تۇرۇپ ، — ھازىرچە مەن زالىم ۋە بەتئەخلاق بولغان بولاي ، ئەمدى رەسمىي سۆھبەتكە كۆچەيلى ، سوئالىمغا مانا مۇشۇنداق ئوچۇق جاۋاب بەرگەيسىز .
— مالال كەلمىسە مەنمۇ بىر سورىۋالاي ، بۇ سۆھبەتمۇ ياكى قازى بىلەن گۇناھكار ئارىسىدىكى سوراق ـ جاۋابمۇ ؟ — كىپەك دەرۋىش بوينىنى نىياز ھېكىمبەگ تەرەپكە سوزۇپ تۇرۇپ سورىدى .
نىياز ھېكىمبەگ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى ئاڭقىرالماي سەل گاڭگىرىغاندەك بولدى ۋە :
— سۆھبەت ، سۆھبەت ، ئەلۋەتتە سۆھبەت ، سىزنى ھېچبولمىسا خانامدىن ئايرىلغۇچە گۇناھكار دەپ قارىمايمەن ، — دېدى تىلىنى چايناپ . كىپەك دەرۋىش ئۇلاپلا دېدى :
— ئۇنداقتا قۇلاق سېلىڭ ، ھاكىم ، سۆھبەتتە سۆھبەتداشلارنىڭ ئورنى باراۋەر بولۇشى كېرەك ، بىراۋ ئۆزىنى سۆھبەتدىشىدىن ئۈستۈن ھېسابلايدىكەن ، ئۇ ھالدا بۇ سۆھبەت ئەمەس ، بەلكى قازى بىلەن گۇناھكار ئارىسىدىكى ئىش بولۇپ قالىدۇ . مەسىلەن ، ئالايلۇق ، مەن ئۆرە تۇرسام…

— ئـولتۇرۇك... ئولتۇرۇك . ئولتۇرۇك دېيىشنى ئۇنتۇپ قالغىنىمنى قاراڭ ، ھەي مۇشۇ كېسەلزە...

نـىـيـاز ھـېـكـىمبەگ ئۆزىنىڭ ھە دېگەندىلا ئوسال بولۇپ قـالـغانلىقىنى تۇيۇۋالدى ، دەرۋىشكە ئالمان ـ تالمان پەگاھنىڭ يـۇقـىرىـسـىـدىنراق ئورۇن كۆرسەتتى . كېپەك دەرۋىش تۇزۇت قىلمايلا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى .

نىياز ھېكىمبەگ قەشقەر سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتـمـەيلا بىر ساراڭ دەرۋىشنىڭ تۇتۇپ كېلىنگىنىنى ئاڭلاپ ، خـالـمـان پانساتقا : «ھە ، شۇنداقمۇ بىر دەرۋىش بارمىكەن تېخى ؟ » دەپلا دىققىتىنى كۆز ئالدىدىكى ئىشلارغا بۇرۇۋەتكەنىدى . ئۇ چاغدا قـەپـەسـتـىن قاچقان قۇشتەك يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن نىياز ھېكىمبەگنىڭ قىلىدىغان ئىشى بېشىدىكى چېچىدىنمۇ تولا ئىدى . قـانداقتۇر بىر دەرۋىش ئۇستىدە ئويلىنىپ ئولتۇرۇشقا چولىسى تەگمەيتتى .

ئۇ ئوردىدىكى بىر ـ بىرىگە ئورا كولىشىپ يۈرگەن قىتىغۇر مـەنـسـەپـدارلارنـى بـىـر مەقسەت يولىدا بىرلەشتۈردى ، ئاببارس مىرزىنىڭ يەتتە نەزىرىسىنى بىرىۋەتتى . قەشقەردىن كەلگەن خەۋەر ئـۇنـىـڭ بېشىنى بىسىپ تۇرغان تۇگمەن تېشىنىمۇ ئۆرۈۋەتتى . ئەمدى ئۇ دۈشمەنلىرىنىڭ ئىشىنى بىر ياقلىق قىلىش ئۈچۈن كونا ھېساباتنى قولغا ئالالىغۇدەك پۇرسەت چىقىرالىدى .

ئۇ رەقىبلىرىنى ۋە رەقىب بولۇپ چىقىش ئېھتىمالى بارلىكى كـىـشـىـلـەرنـى تـەسۋى سىيرىگەندەك سىيرىپ ئۆتكۈزۈۋېتىپ ، يوشۇرۇن خـەۋپـى ئەڭ زور بولـغان دەرۋىشـلەر توپىنىڭ بىر ئـەزاسـى — كـېـپـەك دەرۋىشنىڭ ئىسمىنى ئۇچرىتىپ قالدى . كۆرۈنۈشتە تائەت ـ ئىبادەتتىن باش كۆتۈرمەيدىغان ، ئەمەلدە ئۆزىگە چـوڭ بـاش ئـاغرىقى تېپىپ بەرگەن ھېلىقى بىر توپ چاتاقچى دەرۋىشنى ئۆچمەنلىك بىلەن يادىدا ساقلاپ كەلگەن نىياز ھېكىمبەگ كـېـپـەك دەرۋىشكە ھەرگىز سەل قارىيالمايتتى . ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ چىقمىغۇچە ھەرگىز بولدى قىلىشۋەتمەيتتى .

شۇڭا، ئۇ پانسات زىندانىغا ماراقچى ئەۋەتىپ بۇ دەرۋىشنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، مىجەز - خۇلقىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ئاخىرىدا ھېچكىمدىن ۋە ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، مىڭلاپ پۇقرانى ئاغزىغا قارىتىپ، چوڭ يەرگە مۇشت ئاتالىغان بۇنداق ئادەمنى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن يوق قىلىۋېتىشنىڭ ئۆزى ھەرىنىڭ ئۇۋىسىغا ياغاچ تىققاندەكلا بىر ئىش بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتتى. ئەگەر ئۇ ئۆلتۈرۈۋېتىلىدىغان بولسا، قايسىبىر مازاردا ئىستىقامەت بىلەن بولۇپ كەتكەن ھېلىقى باشباشتاق دەرۋىشلەر قايتا يوپۇرۇلۇپ كېلىشى، ھەتتا قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغان خوتەنلىكلەرنىڭ قايتا چاتاق چىقىرىشىغا تۇتۇرۇق بولۇپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى.

نىياز ھېكىمبەگ «جاھىل ۋە بىر پىكىرلىك ئادەم بەئەينى كەلكۈنگە ئوخشايدۇ. ئۇنى ئۆز ئەركىگە قويۇۋەتسەڭ خانۇمانىڭنى ۋەيران قىلىپ، مۆلچەرلىگۈسىز زىيان كەلتۈرىدۇ. تۇغان بىلەن توسۇپ ئۆز ئېرىقىڭغا باشلىۋالالىساڭ، باغلىرىڭنى سۇغىرىپ، تۇگمىنىڭنى چۆرۈيدۇ. جاھىلنى جاھىل دېمەي ئۆز سىزىقىڭغا كىرگۈزسەڭ، مىڭ ياۋاشنىڭ قولىدىن كەلمىگەن ئىش بىر جاھىلنىڭ قولىدىن كېلىدۇ» دېگەن ئوي بىلەن كېپەك دەرۋىشنى ئالدۇرۇپ كەلگەن ۋە يەكمۇيەك تۇتۇشۇپ بېلىنى ئەگمەكچى، ئالدىغا تۇغان سېلىپ ئۆز سىزىقىغا كىرگۈزمەكچى بولغانىدى.

بىراق، تۇنجى قېتىملىق بەل تۇتۇشۇش ئۇنى خېلى ھالسىرىتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ رەقىبىنى بىر پەشۋا بىلەن مات قىلماقچى بولۇپ، گەپنى ئۇنى كەمسۇندۇرۇشتىن باشلىدى:

— دەرۋىش بىلەن تېجىمەلنىڭ نېمە پەرقى بار؟ — سورىدى ئۇ بىر قىسما ھىجىيىپ، كېپەك دەرۋىش تېزلا جاۋاب ياندۇردى:

— پەرقى كۈندۈز بىلەن كېچىدەك روشەندۇر، دەرۋىشلەر ئاللاغا ئىشتىياق قويغان ئاشىقلاردۇر، تېجىمەللەر ئىشتىياق سېزىمىدىن مەھرۇم بەختسىزلەردۇر.

نىياز ھېكىمبەگ تونۇردا تۇرۇۋاتقاندەك تەرلەشكە باشلىدى،

ئــككى چىكىسىدە ، بۇرنىنىڭ ئۇچىدا پەيدا بولغان تېرىقتەك ـ تېرىقتەك تەر تامچىلىرى پۇتكۇل يۈزىگە يامرىدى . ئۇ مۇنازىرە بىلەنلا بولۇپ كېتىپ تەرنى سۈرتۈۋېلىشنىمۇ يادىدىن چىقاردى ـ دە ، قــيــىــن دەپ ھېسابلىغان سوئالدىن يەنە بىرنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى . ئۇ :

— دەرۋىشلەر ئاللا ، ئاللا دەيسلەرۇ ، ئاللا سىلەرگە نېمەدەپ رىــيــازەتــتــىــن ئــۆزگىنى بەرمەيدۇ ؟ — دېدى ۋە «ئەمدى نېمە دەرسـەنـكـىـن» دېگەندەك سەل كېرىلىۋالدى . كېپەك دەرۋىشمۇ ھــەرگــىــز بــوش كەلمىدى . شەھەر ئالغان ئاتامانىدەك ھجىيىپ ئولتۇرغان نىياز ھېكىمبەگكە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ دېدى :

— روزىـــمـــساقتا ئادەم ئەۋلادلىرىدىن كاپىر ۋە مۆمىنلەر ئايرىلغان چاغدا ، ئاللا بەندىلىرىنىڭ ئالدىغا ئىشق ـ مۇھەببەت ، ئىلىم ـ مەرىپەت ، ئەمەل ـ مەنسەپ ، دۇنيادەپىنە ۋە خارلىق ، رىـــيــازەتــلەرنى قويۇپ بەندىلىرىگە : «خالىغىنىڭلارنى ئېلىڭلار» دېــگــەن . مۇشەققەتنى خالىغانلار ئىشق ـ مۇھەببەتنى ، ھىدايەت تاپقانلار ئىلىم ـ مەرىپەتنى ، ئاچ كۆزلەر ئەمەل ـ مەنسەپنى ، نەپسى بــالا تــويــماسلار دۇنيادەپىنىنى ئالغان . بۇ دۇنيانىڭ راھىتىدىن كېچىپ ، ئۇ دۇنيالىقنى كۆزلىگەن دەرۋىشلەر بولسا خارلىق بىلەن رىيازەتنى ئىختىيار قىلغان . بۇ دۇنيانىڭ رىيازىتىمۇ ، ئۇ دۇنيانىڭ راھــــتــــىمۇ ئوخشاشلا ئاللا ئىگەمنىڭ بىز دەرۋىشلەرگە قىلغان ئىنئامى ئەمەسمۇ ؟

نــىــياز ھېكىمبەگ يېلى قاچقان تۇلۇمدەك لاسسىدە بولۇپ قالدى . ئۇ بۇ ئۆمرىگىچە بۇنداق زۇۋاندار ، ھازىر جاۋاب ئادەمنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى . بۇنداق ئادەم مەيلى دەرۋىش بولسۇن ، يــاكــى تــېــجــــمــەل بولسۇن ئېتىبار تارازىسىدا ئېغىر سالماقنى ئىگىلەيتتى .

«ئەقىللىق سۆزمەنلەر بەئەينى قىنىدا جىم تۇرمايدىغان ئۆتكۈر شەمشەرگە ئوخشايدۇ . سېپى سېنىڭ قولۇڭغا ئۆتسە دۇشمىنىڭنىڭ

هالىغا ۋاي ، دۈشمىنىڭنىڭ قولىغا ئۆتسە سېنىڭ هالىڭغا ۋاي… »

قىسقىلا داۋام قىلغان بۇ تومۇر تۇتۇش خالمان پانساتنىڭ نەزىرىدىكى بۇ ساراڭ دەرۋىشنى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئەقىللىق بىر ئەۋلىيا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋەتتى . «ھېلىمۇ خۇدا ساقلاپتۇ ، ئەگەر ئۇ دەل ۋاقتىدا زىندانغا تاشلانمىغان بولسا جەزمەن بىرەر ئىش تېرىپ قوياركەن» دېگەن بىر ئوي ھاكىمبەگنىڭ خىيالىدىن «يالت» قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى ـ دە ، «يا بۇ شەمشەرنى قولۇمغا ئالىمەن ، يا ئۇنى كۆكۈم ـ تالقان قىلىپ تاشلايمەن» دەپ قەسەمياد قىلدى ، بىتاقەت بولۇپ ، مەقسىتىنى ئوچۇقلا ئېيتتى .

— دەرۋىش ئاتا ،— دېدى ئۇ يېلىنغاندەك تەلەپپۇز بىلەن ،— سىلىنى زىنداندىن ئازاد قىلىۋېتەي ، خالىسىلا جىمى مازارلارنىڭ ۋەخپىسىنى قوللىرىغا تۇتقۇزاي ، خالىسىلا ئۆي ـ جاي ئىنئام قىلىپ ، تەمىنات بەلگىلەپ بېرەي…

— ئاغزىڭنى يۇم مۇناپىق ، مېنى نېمە دېسەڭ ـ دە ، لېكىن ئاتا دەپ نامىمنى بۇلغىما !

— يا… ياساۋۇل !

كېپەك دەرۋىشنىڭ قوترىغان قاپلاندەك ئېتىلىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن نىياز ھېكىمبەگنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كەتكىلى تاسلا قالدى . ئىختىيارسىز كەينىگە داجىپ تامغا چاپلىشىپ قالاي دېگەندىلا ياساۋۇللار ئېتىلىپ كىرىپ ، دەرۋىشنى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئارىغا ئېلىۋالدى .

كېپەك دەرۋىش «دەرۋىش ئاتا» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپلا نىياز ھېكىمبەگنىڭ رەزىللىك ۋە ھىيلىگەرلىككە تولغان ئۆمۈر كۆرۈنۈشلىرىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۈلگۈردى . قۇلاقلىرىنىڭ قىچىقى كېلىپ ، تېنى قورۇلدى . نومۇستىن چوغدەك قىزىرىپ كەتكەن يۈزى مىڭلىغان چۇمۇلە ئۆمىلەپ يۈرگەندەك چىمىلداپ كەتتى . خورلۇق ۋە ئاھانەت تاقەت پىلتىسىگە ئوت ياقتى ، غەزەپ چاقمىقى چېقىلىپ ، نەپرەت ساداسى گۈلدۈرلىدى…

ھاكىمبەگ بىلەن «ساراڭ» دەرۋىشنىڭ پارىڭىدىن كېيىنكى

www.uyghurkitap.com

بىر جۇمە كۈنى . شەھەر شاماللىق بولسىمۇ ، ھاۋا يەنىلا ئوچۇق ئىدى . نامازدىن يانغان ۋە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە بازارغا ماڭغان ئادەملەر غول كوچىلاردا ئىتتىك قەدەملەر بىلەن كېتىپ باراتتى . قايناۋاتقان قازاندەك پورۇقلاپ تۇرىدىغان بۇ قەدىمكى بازار گەرچە تىنچ كۈنلەردىكىدەك ئاۋات بولمىسىمۇ ، لېكىن پۇقرا نەزىرىدە ئۇ يەنىلا بازار ھېسابلىناتتى . ئاندا - ساندا ئوچۇق تۇرغان دۇكانلارنىڭ سودا - سېتىقى يامان ئەمەس يۈرۈشۈپ تۇراتتى . كونا - يېڭى مال يايمىلىرى ، تۆمۈرچىلىك ، مىسكەرچىلىك دۇكانلىرى بازارنىڭ ئىككى تەرىپىنى بويلاپ خېلى يىراقلارغىچە سوزۇلاتتى . ئاش - نان ياكى پىشۇرۇلغان كاۋا - كۆكتات ساتىدىغان غالتەكچىلەر جىنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ خېرىدار چاقىرىشاتتى...

— ئەييۇھەنناس ، ئىشتىڭلار ئامۇ خاس ، مەندىن دېمەكلىك ، سىلىدىن ئىشتىمەكلىك ، جاكار شۇلكى ، دەرۋىشلەرنىڭ دەرۋىشى ، مۆمىنلەرنىڭ مۆمىنى جانابىي كېپەك دەرۋىش قىلغان گۇناھىنى گەدىنىگە ئېلىپ ، توۋا - ئىستىغپار ئېيتقىنى سەۋەبلىك ، بەدۆلەت ئالىيلىرىنىڭ شولىسى ، ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ غەمخورى بولمىش نىياز ھېكىمبېگىمنىڭ ئەپۇسى بىرلە ، ئۇلۇغ جۇمە كۈنى مۇشۇ ئۇلۇغ بىر سائەتتە زىندان ئازابىدىن ئازاد قىلىندى . ئۇ زات ئەبەدىلئەبەد ھاكىمبېگىمىزنىڭ ھامىيلىقىدىدۇر . ئەييۇھەنناس ، ئىشتىڭلار ئامۇ خاس...

پىلدەك ئېگىز قارا توپاقىقا مىنىپ ، مانجۇلاردىن قالغان مىس جاغىنى جاراڭلىتىپ خوتەن ئاسمىنىنى تىترىتىۋەتكەن ئوردا جاكارچىسى بازارنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىن كىرىپ كۈنپېتىش تەرىپىدىن چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك يوغان ، بوغۇق ئاۋازى بازاردا خېلى ئۇزاققىچە جاراڭلاپ تۇردى .

— ئاھ ئۇلۇغ خۇدا ، بەندەڭنى بۇنداق كۈنگە قويغۇچە ئالىدىغان ئامانىتىڭنى ئالساڭ بولماسمىدى ، — نىياز ھېكىمبەگنىڭ قوبۇلخانىسىدىن ئۇدۇل زىندانغا ئەكېلىپ تاشلانغان ، بۈگۈن ئەتىگەندە تۇيۇقسىز قويۇپ بېرىلگەن ، ئەمما نېمە

سەۋەبتىن قويۇپ بېرىلگىنىنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتەلمەي بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ بازارغا كېلىپ قالغان كېپەك دەرۋىش بۇ ئەجەللىك جاكارنى ئاڭلاپ داڭ قېتىپلا تۇرۇپ قالدى .

كىمدۇر كېپەك دەرۋىشكە قولىنى چېنەپ تۇرۇپ بىر توپ ھەقەمسايىلىرىغا :

— قاراڭلار ، ھاكىمبەگنىڭ ھامىيلىقىغا كىرگەن كېپەك دەرۋىش دېگەن ئەنە شۇ ! — دېدى .

ئوتتۇز بەشىنچى باب

## قىساس ئوتى لاۋۇلدايدۇ

ئۇلار تاغ ئارىسىدا خېلى ئۇزاق يول يۈردى . قارلىق تاغ ۋە مۇزلۇق ئېقىنلاردىن كېسىپ ئۆتۈپ ، كۈن قايىرىلغان مەھەلدە داۋاندىن پەسكە سىيرىلدى . ئابدۇسادىق ئالدى تەرەپتىكى جىلغا ئارىسىدىن ئۇچى چىقىپ تۇرغان دەرەخلەرنى كۆرسەتتى .

— ئەنە ، يېتىپ كەلدۇق ، ئاۋۇ ئاسمان ـ پەلەك ئېگىز دەرەخلەر مازارنىڭ تېرەكلىرى ، — دېدى ئۇ ھاياجانلىنىپ .

ئايمۇھەممەتنىڭ ئاياغلىرىغا بىردىنلا ماغدۇر كىرىپ قالدى . ئىششىپ ، تېلىپ تۇرغان يوتىلىرى بوشىشىپ ، قەدەملىرى شامالدەك تېزلىشىپ كەتتى . ئۇ ئەمدى تاغ يولىدا ئەمەس ، بەلكى باغ سەيلىسىدە كېتىۋاتقاندەك يەڭگىل كېتىپ باراتتى . ياشلىقىغا قايتقاندەك روھلانغان ئاقمولاممۇ ئايمۇھەممەتكە سوڭدىشىپلا قىلىيورغىدەك يورغىلايتتى .

ئۇلار ئىككى جىلغىدىن ئۆتۈپ مازار ئالدىغا يېتىپ كەلدى . پۇتاقلىرى بۆرتۈپ ، غوللىرى كاداڭشىپ كەتكەن تۆت ـ بەش تۈپ قېرى تېرەك مازارنى ۋە مازار يېنىدىكى تاشتىن قوپۇرۇلغان ئاددىي ھۇجرىنى ئوراپ تۇراتتى . ئېھتىمال ، بىرەر ئۇلۇغ زاتنىڭ قەبرىسى

ياكى قەدەمگاھى بولسا كېرەك ، يۇلغۇن ، زىرىق ، ئالىقات ۋە باشقا نامەلۇم چاتقاللار بىلەن پۈركەنگەن قەبرىستىمان دۆڭ يېنىدا بىر بۇلاق داشقازاندەك قايناۋاتاتتى . ئىسسىق بۇلاق سۈيى تا تاغ باغرىغىچە ئېرىق بولۇپ ئېقىپ چۈشتى ـ دە ، چۈشكەن يېرىدە سوۋۇپ ، خېلى كەڭ بىر پارچە مۇزلۇقنى پەيدا قىلاتتى . چاتقاللىق دۆڭ ئۈستىگە قويۇق خادا تىكلەنگەن ، خادىلارغا سامان تىقىلغان تۇلۇملار ، شەددىلەر ۋە رەڭگارەڭ پۈرۈچلار ئېسىلغانىدى . گىرۋەكلىرى تىتىلىپ ، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن ئۈچ بۇرجەك ئەلەملەر تاغ شامىلىدا لەپىلدەپ ، چاۋاك چالغاندەك ئاۋاز چىقىراتتى .

ئابدۇسادىق چاقچاقلىق بىلەن ھۆجرا ئالدىغا بېرىپ ، ھىم يېپىقلىق تۇرغان ئىشىكنى ئېھتىيات بىلەن ئىتتەردى ، كەينىگە بۇرۇلۇپ «شەپە چىقارماڭلار» دېگەندەك ئىشارەت قىلدى . ئايمۇھەممەتلەرمۇ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ، ئابدۇسادىقنىڭ كەينىدىنلا ھۆجرىغا كىرىپ كەلدى .

كىچىككىنە ھۆجرا كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان چوڭقۇر جىرادەك غۇۋا يورۇپ تۇرغاچقىمۇ ياكى مازارغا تام تۇتاش بولغاچقىمۇ ، كىشىنى خېلىلا ئەيمەندۈرەتتى . تام تۈۋىگە رەتلىك تىزىپ قويۇلغان قازان ـ قومۇچ ۋە بىرقانچە پارچە ئاشلانمىغان قوي تېرىسىدىن ئۆزگە ، ھۆجرىدا ئارتۇقچە بىسات كۆرۈنمەيتتى .

ھۆجرا ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىغا — تۆشلۈكتىن ئېتىلىپ كىرىۋاتقان بىر دەستە شولىنىڭ ئاستىغا ئاپئاق كىگىز جايناماز سېلىنغان ، جاينامازدا قامەتلىك كەلگەن بىر كىشى ئىشىككە كەينىنى قىلىپ ئولتۇرۇپ ئىستىقامەت قىلىۋاتاتتى ، يەلكىسى ئۈستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قويۇق گىجەك ساقىلى دۈرۈت ئاۋازىغا ماس ھالدا رىتىملىق تەۋرىنەتتى . ئاللا بىلەن بىر جان ، بىر تەن بولۇپ كەتكەن ۋۇجۇدى سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ جىمى سېزىمىنى تاشقى دۇنيادىن تامامەن يۇلۇۋالغاندەك قىلاتتى .

ۋاقىت قەدەممۇقەددەم يىراقلاشماقتا ئىدى . ئاياغ ئاستىدا

سوزۇلۇپ ياتقان پايانسىز قار ـ مۇز دۇنياسىنى ئىللىتىش ئاۋارىچىلىكىدە تالجىققان قۇياش تاغ چوققىسىغا باش قويدى . ئۇلار تىنىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، تاقىتىنى يوگەنلىگەن پېتى خېلى ئۇزاق ساقلاپ تۇرغاندىن كېيىنلا بوۋاي جۇپلەنگەن ئالىقانلىرىنى پەسكە چۈشۈردى ۋە ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇرۇپ كەينىگە بۇرۇلدى . ئۆرە تۇرۇۋېرىپ تىنىقتىن قالغاندەك قېتىپ قالغان كونا ـ يېڭى مېھمانلىرىغا يۈزلىنىپ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويدى :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەزىز مېھمانلار ، خۇش كېلىشىپلا ، — دەپ ئىللىقىنا سالام بەردى ۋە ئۇلارغا قول ئۇزارتتى .

بوۋاي ئابدۇسادىق ۋە ئاقمۇللام بىلەن ، ئاخىرىدا ئايمۇھەممەت بىلەن كۆرۈشتى . ئىككى جۈپ مەزمۇت قول مەھكەم گىرەلەشتى .

«ئاھ ، نېمىدېگەن ئىسسىق قوللار بۇ ؟»

ئىككىيلەن شۇنداق ئويلىدى ۋە تەڭلا بىر ـ بىرىگە قاراشتى . تەئەججۈپ ۋە مۇھەببەت تەپتىدىن تېخىمۇ بەكرەك روشەنلەشكەن كۆز نۇرلىرى سۇغا سۇ قېتىلغاندەك سىڭىشىپ ، ئۆزلىشىپلا كەتتى . ئەزىم دەريادەك دولقۇنلىنىپ تۇرغان كۈچلۈك سەزگۈ بىر ـ بىرى بىلەن مەھكەم گىرەلەشتى . قولدىن ـ قولغا ئۆتكەن ئوتتەك هارارەت تومۇر بويلاپ سەلدەك ئېقىپ يۈرەكلەر دېڭىزىغا قۇيۇلدى ـ دە ، يۈرەكتىن يەنە ۋۇجۇدىغا تارقىلىپ تەسەۋۋۇردىن تاشقىرى زىلزىلە پەيدا قىلدى .

— دادا ، ئاھ دادا ! — ئىسسىق ياش ئايمۇھەممەتنىڭ كۆزلىرىدىن گويا بۇلاق بولۇپ ئېتىلىپ چىقتى . بوۋايمۇ ئايمۇھەممەتنى مەھكەم قۇچاقلاپ ، هۆكرەپ يىغلاپ تاشلىدى . ئۇ : «ئوغلۇم ئايمۇھەممەت… بۇ سەنمۇ ؟» دېگەن بىرلا سۆزنى تەكرارلايتتى ، ئايمۇھەممەتنىڭ باش ـ كۆزىگە توختىماي سۆيەتتى . ئاقمۇللام بىلەن ئابدۇسادىق بۇ ئۇلۇغ ئەمما ئاددىي ئۇچرىشىشنى ئەقلىگە سىغدۇرالماي ئاۋارە ئىدى…

تەقدىرنىڭ چاقچىقى شۇنچىلىك قىزىق ۋە شۇنچىلىك تاسادىپ بولىدىكەنكى ، بەزىدە ئادەمنى يىغلىتىدىكەن ، بەزىدە

كــۆلدۈرــدىــكــەن . تــەقــدــرنىڭ ئەنە شۇنداق چاقچىقى تۇپەيلى دــدارلىرىدىن مەھرۇم بولغان، پەقەت خىيالى بىلەن چۇشىدىلا كۆرۈشۈپ يۈرگەن بىتەلەي ئاتا ـ بالا يەنە بىر چاقچاق بىلەن بۇ تاغ ئارىسىدا ئۇشتۇمتۇت ئۇچرىشىپ قالدى . كۆزلىرىنىڭ تەگ ـ تەگلىرىگە قاراشتى . پاراڭ بىر يەرگە بارغاندا ئايمۇھەممەت خاپا بولغان ھالدا :

— دادا ، پــادىشاھتىن كۆڭلۈم قالدى دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىڭىز نېمىسى ، يا بىرەر پارچە خېتىڭىز يوق ، يا بىرەر ئېغىز سۆزىڭىز يوق ، ئەنسىرەپ ئۇن جېنىمىزنىڭ بىرى قالمىدى . مانا ئــەمــدى تــۇرۇۋاتقان يېرىڭىزنى دېمەمدىغان تېخى ، — دېۋىدى ، دادىسى شۇ ھامان گەپنى تارتىۋېلىپ ، چۈشەندۈردى :

— مــەنــدە نــېــمە ئىلاج ، ئوغلۇم ، ھۈنىرىم بار دەپ توپ قويۇپتىمەن ، نەدىن بىلەي ، شۇ توپ بىر بىگۇناھ ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدى . ئۇ ئادەمنىڭ ھاۋاغا پۈتۈن كۆتۈرۈلۈپ يەرگە تۆت پارچە بولۇپ چۈشكىنى خىيالىمدىن زادى نېرى كەتمىدى . قانچە ئويلىساممۇ ئۆزۈمنى كەچۈرەلمىدىم ، قانداق قىلسام گۇناھىمنى يــۇيــالارمــەن دەپ قازىكالاننىڭ ئالدىغا بېرىپ تەبىر سورىدىم ، قازىكالان : «خۇن گۇناھىغا شېرىك بولغانلار يا توققۇز كۆۋرۈك ياساتمىقى ، يا توققۇز قۇدۇق ، توققۇز كۆل قازدۇرمىقى لازىم . ئەگەر بۇنداق ساۋابلىق ئىشقا قۇربى يەتمىسە ، ئادەمزاتتىن خالىي مازار ـ ماشايىخلارغا بېرىپ ناپاك ئىنسانغا يۈز بەرمەي ، ئون توققۇز ئاي ئىبتىكاپتا ئولتۇرۇپ ئىستىقامەت قىلمىقى كېرەك . شۇنىڭدىلا خۇن قەرزى گەدەندىن ساقىت بولغۇسىدۇر » دەپ پەتىۋا بەردى . توققۇز كۆۋرۈك ، توققۇز كۆلگە بىزدە پۇل نەدە ؟ شۇنىڭ بىلەن گــۇنــاھــىــمــنى يۇيىمەن دەپ ھەممىڭلارنى قىيىنغىم كەلمىدى ، باردىغان يېرىمنىمۇ ئېيتمىدىم . سىلەرنى خۇدانىڭ يولىدا تاشلاپ قويۇپ بۇ يەرگە كېلىپ پاناھلاندىم . ئوغلۇم ، مېنى كەچۈرگىن ، گۇناھىمنى يۇيۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ ، سىلەرنى تاشلىۋەتتىم…

ئايمۇھەممەت كۆزىگە يەنە ياش ئېلىپ ، دادىسىدىن كەچۈرۈم

سورىدى .

— ئوغلۇم ، — بوۋاي ئوغلىنىڭ يۈزىنى سىلاپ تۇرۇپ دېدى ، — سىڭلىڭ سالامەت تۇرۇۋاتىدىغاندۇ ، ئىنىڭچۇ ، ئۇنىڭ كۆزى ھۈنەرگە خېلى پىشىپ قالدىغۇ دەيمەن ؟

تاغ ئارىسىدىكى جىمجىتلىقتا سىقىلىپ تۇرغان بۇ ھۇجرا «تىرىق» قىلغان شەپە ئاڭلانسىلا كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كېتىدىغاندەك تىنچلىقتا چۆكتى . تىنىقلار توختىدى ، قانلار ئېقىشنى ئاستىلاتتى . بۇنداق جىمجىتلىقتىن ئىزتىراپقا چۈشكەن قاۋۇل ئۇستىنىڭ تاقەت قاچىسى ئاخىر ۋاقىدە قىلىپ يېرىلىپ كەتتى :

— گەپ قىلغىنا ئوغلۇم ، داداڭنى بۇنچە تەقەززا قىلما ! — دېدى ئۇ قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىك يۈز بەرگىنىنى سەزگەندەك بىئارام بولۇپ .

يىغىسىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، لېۋىنى مەھكەم چىشلەپ ئولتۇرغان ئايمۇھەممەت دادىسىنىڭ بۇ گېپى بىلەن تەڭ دادىسىنىڭ بوينىغا يېپىشىۋاشتىن گىرە سېلىپ ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى .

— ئۇكام — ئۇ ··· رەھمەتلىك···

— نېمە ؟ نېمە دېدىڭ ، بالام ؟

— ···

ئايمۇھەممەت دادىسىنى كۆرگەندىلا ئۇنىڭ ئارىدىن ئون يىل ئۆتكەندەك تېز قېرىپ ، ياداپ ، مۈكچىيىپ كەتكىنىنى ھېس قىلغان ، ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمىسۇن دەپ ئەل ـ يۇرت ۋە ئىنى ـ سىڭىللىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتتىن ۋاقتىنچە خەۋەرلەندۇرمەسلىك قارارىغا كەلگەنىدى . بىراق ، ئۇنىڭ مۇڭلۇق كۆزلىرى دادىسىنىڭ ئۆتكۈر قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى ، «ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈمى ئاشكارا» دېگەندەك ، ماتەملىك چىرايى ، غەمكىن قاراشلىرى ، ئاشقىلارنىڭكىدەك ئۆسۈپ كەتكەن ساقال ـ بۇرۇتلىرى دادىسىغا ھەممە سىرنى پاش قىلىپ قويدى . ئاخىر ئۇ ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ ، بولغان ۋەقەنى دادىسىغا بىر ـ

بىرلەپ سۆزلەپ بەردى . ھەببۇللاخاننىڭ تەقدىرى ، ياقۇپبەگنىڭ قىرغىنى ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئەسكىلىكى ، بولۇپمۇ يارمۇھەممەتنىڭ قازاغا يولۇقۇشى ، گۇلئايىمنىڭ بەختسىزلىكى قاتارلىقلاردىن خەۋەر تاپقان قازانچى قانداقتۇر بىر سۈرىنى پىچىرلاپ ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن ئۆزگە ، يىغا ـ زارىمۇ قىلمىدى ، ياقا يىرتىپ ئاھ ئۇرۇپمۇ كەتمىدى . پەقەت قىبلە تامغا ئالدىنى قىلىپ ، ھۇجرا سىرتىدىكى نامەلۇم ئۇلۇغنىڭ قەبرىگاھى تەرەپكە يۈزلەندى ـ دە ، قوللىرىنى كۆكسى ئۈستىدە ئالماشتۇرۇپ ، بېشىنى تۆۋەن سالدى .

ئۇ دىل ئۆيىنىڭ تەنھا خاقانى بىلەن خىيالەن مۇڭداشتىمۇ ياكى ھۆرمەت تەختىدىن ئورۇن ئالغان مازارىي زاتقا داد ئېيتتىمۇ ، بۇنى ھېچكىم بىلمىدى . ۋاقىت ئۆتۈپ ، تۈڭلۈكتىن چۈشۈۋاتقان بىردەستە يورۇق ھۇجرا ئىچىدىن غايىب بولغاندىلا ، ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ توغاچتەك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئايمۇھەممەتكە تىكتى .

— ئوغلۇم ، — دېدى ئۇ كەڭ ئالىقىنىنى ئايمۇھەممەتنىڭ يەلكىسىگە قويۇپ كەسكىن تەلەپپۇز بىلەن ، — «ئەرگە بىر نۆۋەت ، يەرگە بىر نۆۋەت» دېگەن تەمسىلنى ئاڭلىغانمىدىڭ ؟

دادىسىنىڭ دېمەكچى بولغان گېپىنىڭ چەت ـ چۆرىسىنى بايقاپ ئۈلگۈرگەن ئايمۇھەممەت ئىككىلەنمەي تۇرمايلا جاۋاب بەردى :

— ئاڭلىغان ، دادا ، دەل سىزدىن ئاڭلىغان .

قاۋۇل ئۇستا ئاقمۇللام بىلەن ئابدۇسادىقنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، ئۇلارنىڭ كۈچىنى سىناپ باقماقچى بولغاندەك ، مۈرىسىدىن قاماللاپ بىرمۇبىر سىلكىپ چىقتى ـ دە ، ئۈچەيلەنگە قارىتىپ :

— ئاللا بىزگە شۇنداق بىر نۆۋەتنى بەخشەندە قىپتۇكى ، بۇ دورەم يا جان ئالماق كېرەك ، يا جان بەرمەك كېرەك . ئىنشائاللا ، خوتەندە بىز بار ، نىياز ھېكىمبەگ يوق ، ئۇ بار بىز يوق ، — دېدى قەسەمياد قىلغاندەك تەنتەنە بىلەن .

قاۋۇل ئۇستا ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشتىن چورتلا ۋاز كەچتى .

تولۇق بىر كېچە كېڭىشىش نەتىجىسىدە ، ئوغلى بىلەن ئاقموللامىنىڭ دەسلەپكى پىلانىنى مۇۋاپىق كۆردى . ئۇلار چاقارتاغ مازىرىدا ماكان تۇتۇپ ، ئالتۇن كانىدىكى هاشارچىلار بىلەن ئالاقە قىلماقچى ، هاشار بەگلىرىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ ، چىرا ئارقىلىق يورۇڭقاشقا ، ئاندىن خوتەن شەھىرىگە تۇيۇقسىز تېگىش قىلماقچى بولۇشتى .

ئۇلار تاڭ بىلەن تەڭ يولغا چىقىپ ، قاش قارايغان مەھەلدە ئاندىن چاقارتاغ مازىرىغا يېقىنلاپ كەلدى . ئەل ئاغزىدا نامى بار بۇ مازارنىڭ كۈنچىقىش تەرىپى تاغقا يانداشقان بولۇپ ، كۈنپېتىش تەرىپىدىن بوغۇز دەرياسى ئېقىپ ئۆتەتتى . كۆككە تاقاشقان دەل ـ دەرەخلىرى ، سۈمە ، خانىقالىرى ، تاۋاپچىلار چۈشىدىغان هۇجرا ـ خانىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ چوڭ ۋە هەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى . قاراڭغۇ تاغ ۋە ئالتۇن كانغا بارغىلى بولىدىغان يالغۇز ئاياغ چىغىر يول بۇ مازاردىن يېرىم كۈنلۈك يىراقلىقتىكى جىلغا ئىچىگە جايلاشقانلىقتىن ، بۇ جاي ئاتايىن كېلىدىغان تاۋاپچىلاردىن ئۆزگە هېچكىمنىڭ دىققىتىنى تارتمايتتى . مازار بىلەن ئالتۇن كان ئارىسى ئۇدۇل چىغىر يول بىلەن پىيادە ماڭغاندا پەقەت بىر كۈنلۈكلا مۇساپە ئىدى .

ئۇلار كاكچىدەك نېپىز مۇز قاتقان بوغۇز دەرياسىدىن ئۆتۈپ يىلانباغرى چىغىر يول بىلەن تاغ قاپتىلىغا قاراپ ئۆرلىدى ۋە قاراڭغۇ چۈشمەستىلا مەنزىلگاهىغا يېتىپ كېلىشتى . مازاردا جارۇپكەشمۇ ، تاۋاپچىلارمۇ كۆرۈنمەيتتى ، هۇجرا ئىشىكلىرىمۇ هاڭغىرقاي ئوچۇق تۇراتتى . كەلگەنلەر ئوچۇق هۇجرىلارنىڭ بىرىگە كىرىپلا جايلىشىۋالدى ـ دە ، ئوت يېقىپ ئانچە ـ مۇنچە ئىسسىنىۋالغاندىن كېيىن داق يەردىلا يېتىپ قېلىشتى .

تۇزلەڭ يۇرتلاردا ئۇچمە پىششىقى بولۇشقا قارىماي ، ئەتىياز شامىلىنىڭ قەدىمى تاغ ئارىسىغا ئەمدىلەتىن يېتىپ كېلىۋاتاتتى . جىرامۇجىرا ئارىلاپ ، تاغمۇتاغ ئۇسۇپ يۇرگەن ئەنسىز شامال شاخلار ئارىسىدا گۇرۇلدەيتتى ، ئۇلگۇجىكى بوشاپ كەتكەن هۇجرا ئىشىكلىرىنى توختىماي تاقىلدىتاتتى . نەلەردىندۇر ئۇچۇرۇپ

كەلگەن توپا ـ چاڭلارنى تۇڭلۇكلەردىن ، ئىشىك يوچۇقلىرىدىن ، تام تۆشۈكلىرىدىن ھۇجرا ئىچىگە تاشلاپ كېتەتتى .

تۇن ھەسسە بولۇپ قالغىنىغا قارىماي ، يانمۇيان ياتقان ئاتا ـ بالا قازانچىلار نېمىشقىدۇر ئۇخلىيالمايۋاتاتتى . تاغ كېچىسىنىڭ ھۆل سوغۇقىمۇ ، تۇيۇقسىز ئۇچرىشىشنىڭ ھاياجىنىمۇ ، يارمۇھەممەت بىلەن گۇلئايىمنىڭ قىساسىمۇ ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسىنى ھەيدەپ تۇراتتى . دادىسىنىڭ ئۇيان ئۆرۈلۈپ ، بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمايۋاتقىنىنى تۇيۇپ قالغان ئايمۇھەممەت ئۇنى توڭلىغان بولسا كېرەك ، دەپ پەرەز قىلدى ۋە كورەك جۇۋىسىنى يېپىپ قويماقچى بولدى . ئوغلىنىڭ غەرىزىنى چۈشەنگەن قاۋۇل ئۇستا ئوغلى تەرەپكە ئۆرۈلدى ـ دە ، جۇۋىنى ئىتتىرىپ تۇرۇپ :

— ئۇخلىيالمايۋاتقىنىڭنى تۇيۇپ تۇرىمەن ، ئوغلۇم ، مېنىڭمۇ كۆزۈمدىن ئۇيقۇ قېچىپ تۇرىدۇ . مۇڭداشقاچ ياتمىساق بۇ ئۇزاق كېچە تاڭ ئاتىدىغاندەك ئەمەس ، — دېۋىدى ، بۇ گەپ ئايمۇھەممەتكىمۇ يېقىپ كەتتى .

«گەپنى نەدىن باشلىسام بولار ؟»

ئايمۇھەممەت مازارغا كېلىۋېتىپ دادىسىغا دەيدىغىنىنى دەپ بولغانىدى . ئەمدى يەنە نېمىلەرنى سۆزلەپ بېرىشى كېرەك ؟ ئۇ دادىسىغا كېپەك دەرۋىش ھەققىدە تېخى ھېچنېمە ئېيتىپ بەرمىگىنىنى يادىغا ئالدى . شۇنداق ، ئۇ دەرۋىش دادىسىنى كونا ئاغىنەم دېگەنىدى . ئولتۇرسا ـ قوپسا ئۇنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى ، ئۆزلىرىگىمۇ ئاتىلىق مېھرىنى يەتكۈزگەنىدى . شۇڭا ، ئۇ يېنىك خورەك تارتىۋاتقان ئىككى ھەمراھىنىڭ ئۇيقۇسىغا دەخلى قىلماسلىق ئۈچۈن ، دادىسىدىن پىچىرلاپ دېگۈدەك سورىدى :

— دادا ، سىز يەكەنلىك بىر دەرۋىشنى تونۇمتىڭىز ؟

— يەكەنلىك دەرۋىشنى ؟ — قاۋۇل ئۇستا ئوغلىدىن قايتۇرمىلاپ سورىدى ، — ئېتى ، لەقىمى نېمىكەن ئۇ دەرۋىشنىڭ ؟

— بىلىدىغانلار ئۇنى كېپەك دەرۋىش دەيدىكەن ، ئىسمى

شۇنداق بولسا كېرەك ئېھتىمالىم .

— كېپەك دەرۋىش؟ — ئوڭدا ياتقان قاۋۇل ئۇستا گەجگىسىگە تەكيە قىلىپ قويۇۋالغان قولىنى چۇشۇرۇپ ئوغلى تەرەپكە ئۆرۈلدى ـ دە، — ياق ئوغلۇم، كېپەك دەرۋىش دەيدىغان ئادەمنى تونۇمايدىكەنمەن، يەكەنلىك دەرۋىش دېسەڭ ھېلىقى قۇراق دەرۋىشمىكىن دەپ قاپتىمەن. ئۇ ئارقىدىنلا كېپەك دەرۋىشنىڭ چىراي ـ شەكلىنى، تەقى ـ تۇرقىنى سوراشتۇردى ۋە — مەن تونۇيدىغان ئۇ دەرۋىش قۇراق جەندە كىيىپلا يۈرەتتى، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— سىز دېگەندەك، ئۇ دەرۋىشمۇ قۇراق جەندە كىيىپ يۈرىدۇ، يېشى ئاتمىشلاردىن ئاشقان ئادەم، چىرايى قارىغا مايىل، ئورۇق...

— ئېھتىمال ئاشۇ قۇراق دەرۋىش بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ ئات، بۇ لەقەمنى ئون نەچچە يىل بۇرۇن بىز بىرقانچىمىز ئىمام جەئفەر سادىق مازىرىغا تاۋاپقا بارغاندا قويۇپ قويغانىدۇق. ئۇ دەرۋىشنىڭ ئەسلىي ئېتىنى سوراپ بېقىش ھېچقايسىمىزنىڭ يادىغا كەلمەپتۇ. لېكىن، ئۇ ئەپلاتۇندەك ئاقىل، خىزىردەك ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى. ھە راست، ئۇ تاۋاپتىن قايتىشىدا بىزنىڭ ئۆيىدىمۇ خېلى ئۇزاق تۇرغان، ئۇ چاغدا سەن تېخى ئېغى يوق ئىشتان كىيىپ يۈرەتتىڭ، ئوغلۇم! ئۇ ئاناڭ رەھمىتىنىمۇ يەرلىكىدە قويۇپ بەرگەنىدى.

ئايمۇھەممەت ئەمدىلا گەپ قىلاي دەپ تۇراتتى، دەملەنمىگەن ئىشىك «تاراققىدە» قىلىپ ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ دەررۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق قارىۋىدى، ئىككى گەۋدىنىڭ ئىشىك ئالدىدىن لىپپىدە قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى.

ئۇ دادىسىنى تارتقۇشلاپ، پىچىرلىدى:

— دادا، ئىشىك تېشىدا ئىككى ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرگەندەك قىلدىم، جىن ـ شاياتۇن ياكى ئىزىمىزغا چۈشكەن بىرەرى بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟

ئۇ قورقۇمسىراپ تۇرۇپ دادىسىغا شۇنداق دېدى ــ دە ، بالىلىقىنى قىلىپ ، دادىسىغا يېقىنىراق سۈرۈلدى . كىچىكلىكىدە ئاڭلىغان «مازاردا جىن بار» دېگەن گەپ ئۇنىڭ يادىدىن كەچكەنىدى .

قاۋۇل ئۇستا ئاشۇ چەت مازاردا تىغدەك يالغۇز تۇرۇپمۇ جىن ـ ئەرۋاھ دېگەن نەرسىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى . شۇڭا ، ئوغلىنى خاتىرجەم قىلىش مەقسىتىدە تالاغا قاراپ باقماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى ، جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ ، ئىشىككە قاراپ ماڭدى . ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپلا ئۈنلۈك ۋارقىرىدى :

— سىلەر كىم ، ئادەممۇ يا ئەرۋاھمۇ ؟

دادىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئايمۇھەممەت تالاغا چىقىپلا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېتىپ قالدى . ئادەممۇ ، جىنمۇ ، ئىشقىلىپ ئون نەچچە گەۋدە كالتەك ، توقماقلارنى كۆتۈرگەن هالدا ئىشىك ئالدىدىلا دېۋەيلىشىپ تۇراتتى . ئادەم بولسىمۇ ، جىن بولسىمۇ ئەلپازى خېلىلا يامان ئىدى .

— زۇۋانىڭلار يوقمۇ ، جىن بولساڭلار مەن جىن دەڭلەر ، جىنلارنىڭ پادىشاھى بولساڭلارمۇ جاجاڭلار ئايەتۇلكۇرسا ، ئادەم بولساڭلار بىز ئادەم دەڭلار ، قورقۇتمىز دەپ بىكار ئاۋارە بولماڭلار ! — قاۋۇل ئۇستىنىڭ مازار ئاسمىنىنى تىترىتىۋەتكەن ئاۋازى ئاقموللام بىلەن ئابدۇسادىقنىمۇ ئويغىتىۋەتتى . «جىن» لارمۇ ئاخىر زۇۋانغا كەلدى :

— بىز ئادەم ، مۇشۇ يەرنىڭ ئىگىلىرى ، ئۆزۈڭلار نېمە ئادەمسىلەر ؟

ئۇلارنىڭ سوئالىغا ئاقموللام جاۋاب بەردى :

— نېمە ئادەم بولاتتۇق ، بۇ يەردە ياتقان ئۇلۇغلارنىڭ روھىنى سېغىنىپ تاۋاپقا كەلگەنلەر !

«جىن» لارنىڭ ئارىسىدىن بىرەيلەن :

— ھىم ، تاۋاپقا كەپتىمىش تېخى ، ئەڭ ياخشىسى نىياز

ھېكىمبەگنىڭ يالاقچىسى ئىكەنلىكىڭلارنى ئىقرار قىلىڭلار ئەمدى ، بۇ يەردىن ساق ـ سالامەت چىقىپ كېتەرمىز دەپ خام خىيال قىلىشماڭلار !

— نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئادىمى ؟ نېمىدەپ بىزگە ھاقارەت قىلىسىلەر ؟ — ئۇلارنىڭ جىن ئەمەسلىكىگە ئىشىنىپ پۇت ـ قولىغا جان كىرگەن ئايمۇھەممەت «نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئادىمى» دېگەن گەپكە قورسىقى كۆپۈپ شۇ زامان غەزەپكە كەلدى . بىراق ، قاۋۇل ئۇستا ئۇلارنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى پەملەپ ، يەنە سورىدى :

— نېمىدەپ قارىسىغا گەپ قىلىپ بىزگە تۆھمەت چاپلايسىلەر ؟

— ئەمىسە نېمىدەپ بۇ يەرگە قورال ـ ياراغ كۆتۈرۈپ كېلىسىلەر ؟

— ھە ، گەپ مۇنداق ئىكەن ـ دە ! سىلەر كىم بولىسىلەر ؟

— بىز يەتتە ئىقلىمغا چېچىلغان رىزقىمىزنى تېپىپ يەپ ، مازار ـ ماشايىخلارغا دۇئا قىلىپ ساۋاب ئىزدەيدىغان دەرۋىشلەرمىز !

— دەرۋىش ؟

ئىككى تەرەپ تېگى ـ تەكتىنى ، مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنى بىلىپ بولغۇچە تاڭمۇ سۈزۈلۈپ قالدى . چىراي كۆرۈشۈپ ، تىل ئالماشتۇرۇشقاندىن كېيىنلا ئاندىن ھەممەيلەننىڭ ئەندىشىسى تۈگەپ ، ئارا ئوچۇق بولدى .

يېرىم كېچىدە غوۋغا كۆتۈرگەن بۇ كىشىلەر ئەسلىدە ھېلىقى بىر توپ دەرۋىشلەر ئىدى . ئۇلار خوتەن شەھرىنى تاشلاپ كەتكەندىن كېيىن ئىمام جەئفەر سادىق[1] ، ئىمام جەئفەر تەيران[2] ، لاچىنئاتا[3] قاتارلىق مازارلارنى تاۋاپ قىلىپ بولۇپ ، چاقارتاغ مازىرىغا كېلىپ تۇرۇپ قالغىنىغا ئۈچ ـ تۆت ئايلار

①②③ خوتەن تەۋەسىدىكى مازارلار .

بولغانىدى . ئۇلار قايسىلا مازارغا بارمىسۇن ، ئاللاغا ۋە مازار غوجام ئەرۋاھىغا نىياز ھېكىمبەگ ئۈستىدىن داد ـ شىكايەت قىلىشاتتى . شاخ يېرىپ ، ياغ پۈرىتىپ ئۈنىڭغا زاۋال تىلەيتتى . تۈنۈگۈن ئۇلار تۆت ئادەمنىڭ قورال ـ ياراغ كۆتۈرۈپ بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپلا ئۇلارنى يوشۇرۇن كۆزىتىشكە باشلىغانىدى . «گۇمان ئىمانىنى قاچۇرار» دېگەندەك ، بۇ ناتونۇش قوراللىقلارنى نىياز ھېكىمبەگ ئەۋەتكەن ئايغاقچىلار دەپ جەزملەشتۈرگەن دەرۋىشلەر تۈن تەڭ بولغاندا بىرلا ھۇجۇم بىلەن بۇ «ئايغاقچى» لارنى يوق قىلىۋېتىش قارارىغا كەلگەنىدى .

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۇزۇن ساقال دەرۋىش ئەپۇ سورىغان تەلەپپۇزدا دېدى :

— كەچۈرۈڭلار ، تۇغقانلار ، سىلەرگە قاراملىق قىلىپ قويغىلى تاس ـ تاماس قاپتۇق .

ئارقىدىنلا يەنە بىر دەرۋىش گەپ قىستۇرۇپ دېدى :

— قارىغاندا خۇداۋەندەكېرىم دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلغان ئوخشايدۇ ، مانا ئەمدى سىلەرنى بىزگە يەتكۈزدى ، كۆچىمىزمۇ ئۇلغايدى . نىياز ھېكىمبەگنى قوغلاپ چىقىرىپ ، ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەت خوتەنىنىڭ[①] روھىنى بىر خۇشال قىلىۋەتمەيلىمۇ !

— دۇرۇس ، قانغا قان ، جانغا جان ئالىدىغان پەيت كەلدى !

---

① ئەللاما ئالائىددىن مۇھەممەت خوتەنى مىلادىيە 1150 ـ يىلى قەدىمكى خوتەن شەھىرىنىڭ ئىزلىرىدىن بىرى بولغان يۇرتخان دېگەن يەردە خوجامۇھەممەت ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ قەشقەردىكى بىلىم يۇرتى «مەدرىسە ساچىيە» دە ئوقۇپ ، دىني ۋە تېببىي ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئەللامە ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن . خوتەنگە قايتىپ مەدرىسە ئېچىپ ، موللا ، تالىپ ۋە تېۋىپ يېتىشتۈرگەن . ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچ مىڭدىن ئاشقان . تېبابەتچىلىككە ئائىت ئەسەرلەرنى يازغان . چىڭگىزخانغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن كۈچلۈكخانغا ئالىم ، تالىپ ۋە خەلقنى ئۇيۇشتۇرۇپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن . كۈچلۈكخان خوتەننى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ ئىلىم ـ بىلىمدە ئەللامە ئالائىددىن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە يېڭىلىپ قالغان . خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا بولۇپ ئىزاغا چىدىمىغان كۈچلۈكخان مىلادىيە 1222 ـ يىلى ئەللامە ئالائىددىن خوتەنىنى مەدرىسە قوۋۇقىغا مىخلاپ ئۆلتۈرگەن . ئۇ خوتەن ئىلىم ئەھلىنىڭ ئۇلگىسى .

— يا ئۆلۈم ، يا كۆرۈم !
— ساق قالساق غازى ، ئۆلسەك شېھىت !...
ئۇلار دەرۋىشلەرنىڭ يوغان ھۇجرىسىغا جەم بولۇپ كۆيۈۋاتقان گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى . بار - يوقنى تەڭ يەپ ناشتا قىلىشىۋالغاندىن كېيىن ، كېيىنكى ئىشلار توغرۇلۇق جىددىي مەسلىھەتكە كىرىشىپ كەتتى . ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە سۆزلىدى ، ئۆز پىلانىنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى ، ئاخىرىدا ئايمۇھەممەتلەرنىڭ ھېلىقى پىلانى ماقۇللۇقتىن ئۆتتى . ساقاللىق دەرۋىش ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ بۇ پىلاننى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى . يەنە بىر دەرۋىش ئۇنىڭ سۆزىگە لوقما سالدى ۋە چاقچاق ئارىلاش دېدى :
— نانىنى چايناپ يېگۈزىدىغانغا بىز كىچىك بالا ئەمەس ، ئاغىنە ، ئەڭ ياخشىسى گەپنىڭ ئۆزىگە كېلىلى ، مەسىلەن ، ئالتۇن كانىدىكى ھاشارچىلار بىلەن كىم كۆرۈشىدۇ ، قورال - ياراغنى نەدىن تاپىمىز ؟
باياتىن بېرى ئۈندىمەي ئولتۇرغان بىر پاكار دەرۋىش ئورنىدىن دەس تۇردى - دە :
— قاراڭغۇ تاغقا مەن باراي ، چىغىر يول ماڭا تونۇشلۇق ، يەنە كېلىپ ئۇ يەردە بىرقانچە تونۇشلىرىم بار ، ماڭا خالىغان بىرەرىڭلار ھەمراھ بولساڭلارلا بولدى ، — دەپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى .
— چاقار ، نورى ، بويا پىشلەردىكى پالۋانلارنى يىغىلى ، مۇشۇ كۈنلەردە ئۇلارمۇ نىياز ھېكىمبەگنىڭ تۇلكە ، سۇغۇر تېرىسى ئالۋىنىدىن جاق تويۇۋاتىدۇ !
— چىرىدا پېقىر بىلىدىغان ئۈچ - تۆت قونداقچى بار ، ئۇلار ئەلىشىربەگ زامانىسىدا مانجۇلارنىڭ قۇرخانىسىدا قورال ياسىغانلار ، ئۇلارنى چىللاپ كېلىشكە مانا مەن بار !
— ماقۇل كۆرسەڭلار ، پېقىر چاقارنىڭ ئۆزىدىنلا يىگىرمە - ئوتتۇز تۆمۈرچىنى تۆت كۈندىلا ھازىر قىلالايمەن .
— ...

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئوتتۇز ئالتىنچى باب

# تىرىلگەن مۇردا

گۇما بوستانلىقى پەۋقۇلئاددە بىر بەلۋاغقا جايلاشقانمىكىن، بىر يىل ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈننىڭ يېرىمىدا دېگۈدەك قۇتراپ تۇرىدىغان كەپسىز شامال بەزىدە باغقا، بەزىدە تاغقا قاراپ سوقۇپ تۇرىدۇ. ئەتىياز ۋە كۈز كۈنلىرىدە بولسا بۇنداق شامالالار كۆكتېرەك يېزىسىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ ـ دە، بۇ يېزىغا ئاللىق بىر كىلىمات بەخش ئېتىدۇ. ئەتىياز بالدۇر كېلىدۇ، كەچ كۈز قىروسىمۇ كېچىكىپرەك چۈشىدۇ.

بىراق، بۇ يىل تېرەك يېرىلغۇدەك قاتتىق سوغۇق بولغان بولسىمۇ، ئەتىياز يەنىلا ئۆز قەرەلىدە يېتىپ كەلدى. ئاي ـ ئايلاپ ئۈيقۇدا ياتقان كەڭ تەبىئەت ئەتىياز تىۋىشىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بىر كېچىدىلا چۆچۈپ ئويغاندى. شىرىلداپ ئېقىۋاتقان ئەگىز سۇلىرى شوخ ناخشىسىنى باشلىۋەتتى. باھار ئاپتىپىغا كۆكسىنى قاقلاپ ياتقان كەڭ ئېتىزلار ئۆپكىدەك ئېسىلىپ، تۇنجى ئۇرۇقنى قوينىغا ئېلىشقا تەييارلاندى. تۇتاش كەڭ باغلار ھۇپپىدە ئېچىلغان ئۆرۈك چېچەكىدىن ياسانچۇق قىزلاردەك ئاق لىباس كىيىشتى. ئەتە ـ ئاخشاملىرى كۆك تېرىشقا ئالدىرىغان باللارنىڭ سەبىي كۈلكىسى ۋەخپە بېدىلىكىگە تۇتىشىدىغان توپىلىق يولنى باشقىچە جانلاندۇرۇۋەتتى...

كۈن ئېگىلگەن چاغ. كۆجۈم سەھرا ئۆيلىرىنىڭ چېتىگىرەك جايلاشقان قاشالىق ھويلىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. يەتتە ـ سەككىز ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالىنى كەينىگە سېلىۋالغان، شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك داكا ياغلىق بىلەن يۈزىنى يۆگىگەن، ھاۋا رەڭ گۈللۈك كۆڭلەك كىيگەن، ئىككى قولىدا بىردىن چۆگۈن

كۆتۈرۈۋالغان زىلۋا بىر قىز ھويلا ئىشىكىدىن چىقىپ، ئەتراپقا مۈنداقچىلا قارىۋەتكەندىن كېيىن، مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى سۆگەتلىككە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئىككىيلەن كۆپ ماڭمايلا ئەمدىلا جالا باغلىغان سۆگەتلىك ئارىسىدىكى كۆل بويىغا يېتىپ كەلدى. كۆل بويىدىكى ئۆزۈن نوردا قوشتىن چىققان ئۆكۈزلىرىنى سۇغىرىۋاتقان ئۈچ - تۆت يىگىت قىز تەرەپكە ئىشارەت قىلىشىپ پىچىرلاشقىلى تۇردى.

— قاراڭلار، مىرئەخمەت قازانچىنىڭكىدە تۇرىدىغان گۈلئايىم دېگەن قىز ئەنە ئاشۇ.

— پاھ، ئۇنىڭ قامىتى ئاۋۇ سۆگەت تاللىرىغىلا ئوخشايدىكەن!

— سەن قامىتى بىلەن قاپسەن تېخى، چىرايىنى كۆرسەڭچۇ، بىھوش بولۇپ تۇرغان يېرىڭگىلا يىقىلىپ چۈشىسەن!

كىچىك بالا گۈلئايىمنىڭ چۆگۈنلىرىنى تولدۇرۇپ، كۆل بويىغا ئاچىقىپ بەردى. گۈلئايىم شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان ئېتەكلىرىنى بىر قولى بىلەن تۈزەشتۈرگەچ، چۆگۈنلەرنى قولىغا ئالدى. ئۆزىگە يەۋەتكۈدەك تىكىلىشىپ تۇرغان يىگىتلەرگە كۆز قىرىنىمۇ سالماي، تېز - تېز قەدەملەر بىلەن يۈرۈپ كەتتى.


— ئاچا، ئاچا، ئاۋۇ تەرەپكە قارىغىنا، ئات كېلىۋاتىدۇ، ئات...

گۈلئايىم تۈغقىنى مىرئەخمەتنىڭ كىچىك ئوغلى كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. ئۇنىڭ ئۆتەر يولىنى كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ يولدا راستتىنلا تورۇق ئات مىنىۋالغان بىر ئادەم كېلىۋاتاتتى. ئاتقا نېمىدۇر سۆرىتىلگەن، ئات كەينىگە كىرىۋالغان بىر توپ ئويۇنچى بالا ئىشىكلىرىدىن بېشىنى چىقىرىشىپ قاراپ تۇرغان چوڭلارغا چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دەپ چۇرۇقلىشاتتى، ھەمراھلىرىنى چاقىرىشاتتى.

گۈلئايىم چۆگۈنلىرىنى يول بويىدا قويۇپ «قېنى، ئات ئۆتۈپ كەتمىسۇنمۇ» دېگەندەك بەخىرامان قاراپ تۇرىۋەردى. ئۇنىڭغىچە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





ئاتمۇ ، ئات كەينىگە خۇددى كۆكۈيۈندەك ئۇلىشىۋالغان بالىلارمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلاپ قالدى . بالىلارنىڭ ئالدىغىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ ، يەنە ئاتنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ قايتىپ كەلگەن بالا ئاچىسىنىڭ يېنىغا كەلدى :

— قا... قاراڭ ئاچا ، — دېدى ئۇ ھاسىراپ ، بۇرنىنى تارتىپ تۇرۇپ ، — توختاخۇن قۇش جاڭگالغا توشقان تۇتقىلى بېرىپتىكەن ، بارغان يېرىدىن ئۆلۈپ قالغان بىر ئادەمنى تېپىۋاپتۇ .

گۈلئايىم بالىغا «شۇنداق بوپتۇمۇ» دېگەندەك قاراپ قويۇپ ، چۆگۈنىنى قولىغا ئېلىشقا تەمشەلدى . مەھەللىدە يۈز بەرگەن بۇنچىۋالا چوڭ ئىشتىن بىخەۋەر قالمىسۇن دېدىمۇ ، بالا ئۇنىڭ قولىدىن كاپلا قىلىپ تۇتتى ۋە ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي ئات كەينىدە سۆرىلىپ كېلىۋاتقان جىرغا يېنىغا باشلاپ كەلدى .

ئۇچ غۇلاچ كەلگۈدەك ئىككى تال توغراق بادرىسىنى بىر - بىرىگە چېتىپ ياسالغان جىرغىنىڭ بىر بېشى ئېگەرنىڭ ئىككى تەرىپىگە چىگىلگەن . يەنە بىر بېشى يەردە سۆرىلىپ تۇراتتى . ئىككى بادرا ئارىسىدا جۇل - جۇل كالتە جۇۋا كىيىۋالغان بىر ئادەم كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئوڭدىسىغا ياتاتتى . بىر قولى كۆكسىدە ، بىر قولى جىرغىدىن ساڭگىلاپ تۇراتتى .

گۈلئايىم جىرغىنىڭ ئالدىغا كالدى . ئۇ بوينىنى سوزۇپ ، جىرغىغا ئۇلىشىۋالغان بالىلارنىڭ بېشى ئۈستىدىن ھېلىقى «ئۆلۈك» كە قارىدى . قارىدىيۇ ، كۆز گۆھىرىدە «يالت» قىلىپ ئەكس ئەتكەن بىر تونۇش چىراي ئۇدۇل يۈرىكىگە قول سالدى . گۈلئايىم ھېلىقى بالىنىمۇ ، چۆگۈنلىرىنىمۇ تامامەن يادىدىن چىقاردى - دە ، قارچىغىسىنى قولىغا قوندۇرۇپ ، قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ كېتىۋاتقان توختاخۇن قۇشقا قاراپ ، قوللىرىنى سوزۇپ تۇرۇپ مۇراجىئەت قىلدى :

— ئاكا ، خاپا بولماي جىرغىنى توختاتسىلا... ئاكا...

توختاخۇن قۇش شۇ ھامان ئېتىنى توختاتتى . جىرغىمۇ توختىدى . گۈلئايىم يېقىن كېلىپ ، جىرغىدىكى تونۇغۇسىز بولۇپ

كەتكەن ئادەمگە ئېگىشىپ تۇرۇپ قارىدى ـ دە ، بىردىنلا جىرغىغا ئۆزىنى ئاتتى . «كەرىمقۇل ، كەرىمقۇل» دەپ نالە قىلغىنىچە ئوق تەگكەن كېيىكتەك گۈپپىدە يىقىلىپ چۈشتى...

كەرىمقۇل مىرئەخمەت قازانچىنىڭ ئۆيىدە ھوشىغا كەلدى . ھوشىغا كېلىپلا بېشىدا يۇم ـ يۇم ياش تۆكۈپ تۇرغان تونۇش چىراي ، تونۇش كۆزلەرنى ، ئەتراپىدا پەرۋانىدەك پىرقىراپ يۈرگەن گۈلئايىمنى ، گۈلئايىمنىڭ توزۇپ كېتىۋاتقاندەك گۈلدەك سولغۇن چىرايىنى كۆردى . ئۇ چاك ـ چاك يېرىلىپ كەتكەن لەۋلىرىنى تەستە مىدىرلىتىپ ، دېدى :

— مەن... مەن ھازىر ... نەدە ؟

كەرىمقۇلنىڭ ئاۋازى بەكمۇ زەئىپ ۋە مىسكىن ئىدى ، سۆزلىرىمۇ ئۇلاشمايتتى . كۆيۈپ كۆسەيدەك قارىداپ كەتكەن چىرايىدىن ، كىرپىكىدىن ، بۇرنىدىن ، غىچچىدە توپا يېغىپ تۇراتتى . جاۋغىيىدىن ، كۆز چانقىدىن شور تۆكۈلەتتى . يېرىم كۈن بىھوش ياتقان كەرىمقۇلنىڭ ھوشىغا كېلىشى مىرئەخمەت قازانچىنى بۆلەكچىلا خۇش قىلىۋەتتى .

— خاتىرجەم بول ، ئوغلۇم ، گۇمىدا ئۆز ئۆيۈڭدە تۇرۇۋاتىسەن ، — دېدى ئۇ كۆزلىرىدىن تېشىپ تۇرغان خۇشاللىق يېشىنى سۈرتكەچ ، بىر چەتتە قاراپ تۇرغان بومبا ساقال ئادەمنى كۆرسىتىپ ، — ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن توختاخۇن ئاكاڭ سېنى قۇملۇقتىن تېپىۋاپتۇ ، ئۇ چاغدا سەن نەپەستىن قالغانىكەنسەن ، توختاخۇن بىر مۇسۇلماننىڭ جەسىتى چۆلدە قالسا قانداق بولغىنى ، دەپ ئويلاپ قىلىدىغان ئىشىنىمۇ تاشلاپ سېنى بۇ يەرگە ئاچىقىپتۇ ، خۇداغا شۈكۈر ، يەيدىغان رىزقىڭ بار ئىكەن . ئانچە ـ مۇنچە زىمات قىلىۋىدۇق ، مانا سەللىمازا ئوڭشىلىپ قالدىڭ . ئىگەمنىڭ قۇدرىتى نېمىدېگەن ئۇلۇغ...

كەرىمقۇل ھەممىنى چۈشەندى . يول تاپالماي چۆل ـ جەزىرىدە خېلى كۈنلەرگىچە تېگىرقاپ يۈرگەنلىكىنى ، يىقىلغان يېرىدىن ئۆمىلەپ مېڭىپ بىر قۇم بارخىنىنىڭ يېنىغا بارغانلىقىنى خىرە ـ

www.uyghurkitap.com

شىرە يادىغا كەلتۈردى ۋە مىننەتدارلىق يېشى ئوقچۇۋاتقان كۆزلىرىنى توختاخۇنغا ئاغدۇردى .

باياتىن بېرى ئۈندىمەي ئولتۇرغان توختاخۇن :

— كۆڭلۈڭنى بۇزما ، ئۇكا بىر ئىرادە بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدىڭ ، مەندىن ئەمەس خۇدادىن مىننەتدار بولساڭ بولىدۇ . مۇبادا خۇدا ئۇۋغا چىقىشنى دىلىمغا سالمىغان بولسا… دېدى ـ دە ، كەرىمقۇلنىڭ يوتقىنىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ ، چىقىپ كەتتى . توختاخۇننى ئۇزىتىپ بولۇپ قايتىپ كىرگەن مىرئەخمەت ئاكا ئۆيدىكىلەرگە دېدى :

— خەتەر ئۆتۈپ كەتتى . ئەمدى تازا قېنىپ بىر ئۇخلىۋالسا ئوڭايلا ئوڭشىلىپ كېتىدۇ . ئۇنى بىردەم يالغۇز قويۇڭلار .

كەرىمقۇل يالغۇز قالدى . پەقەت شۇ چاغدىلا قۇمدەك چېچىلىپ كەتكەن پىكرىنى بىر يەرگە يىغىپ ، خىيال كەپتىرىنى ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرۇش پۇرسىتىنى تاپتى .

ئادەم بەئەينى تەقدىرنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇققا ئوخشايدۇ . گەرچە ئۇ ھاياتلىق ئالىمىدىكى ئەڭ ئەقىللىق مەخلۇق بولسىمۇ ، تەقدىرنىڭ تىزگىنىدىن بىر دەقىقىمۇ ئايرىلالمايدۇ . ئادەم كۈلدۈم ، دەيدۇ ، بىراق تەقدىرنىڭ ئىرادىسى بىلەن كۈلگىنىنى ئۆزى تۇيمايدۇ ؛ يىغلىدىم دەيدۇ ، تەقدىرنىڭ خاھىشى بىلەن يىغلىغىنىنى ئەسلا سەزمەيدۇ . ئۇنىڭ ئۆز خاھىشىغا بېرىلگىنى — دەل تەقدىر تەرىپىدىن ئەخمەق قىلىنغىنى…

ئوخشاشلا ، كەرىمقۇلمۇ تا مۇشۇ مىنۇتقىچە تەقدىرنىڭ كەڭ ۋە چەكلىك ئالىقىنىدا ھەرىكەت قىلدى . بىراق ، ئۇ تەقدىرنىڭ ئۆزىنى ئەتىۋارلىغىنىنى ياكى ئۆگەيلىگىنىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى . ئەتىۋارلىدىمىكىن دېسە ، تەقدىر بىر سەۋەب بىلەن ئۇنى ھەمراھلىرىدىن ئايرىپ ، پايانسىز باياۋاندىكى ئۆلۈم دۇنياسىغا رەھىمسىزلەرچە تاشلىۋەتتى . ئۆگەيلىدىمىكىن دېسە ، ئۇنى يەنە بىر سەۋەب بىلەن توختاخۇن قۇشقا ، گۈلئايىمغا ئۇچراشتۇردى . تېخىمۇ چۈشىنىكسىز يېرى شۇ ئىدىكى ، تەقدىر ئۇنىڭ يۈرىكىگە

گۈلئايىمنىڭ ئۆتنى سالدىيۇ ، يەنە بىر سەۋەب بىلەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە گۇمان سۇيىنى سەپتى . تېخىمۇ قىزىق بولغىنى بارخان يېنىدا يىقىلىپ جېنى تۇمشۇقىغا كەلگەندە ، يەنە شۇ ساراڭ تەقدىر ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ئەزرائىلنىڭ ئىلكىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالدى . يەنە شۇ تەقدىر شامىلى ئۇنى باشقا يەرگە ئەمەس ، دەل گۈلئايىمنىڭ يېنىغا ، سۆيگىنىنىڭ قېشىغا ئۇچۇرۇپ كېلىپ ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تىرىلىشكە نېسىپ قىلدى .

كەرىمقۇل ئويچان كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكىپ ، خىيال قاينىمىدا غۇلاچ تاشلاشقا باشلىدى . ئايمۇھەممەت ۋە ئاقموللام قىلىچ ئوينىتىپ ئات چاپتۇرغان پېتى كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى . هەمدەم باتۇرنىڭ «چاپسان قېچىڭلار ، بۇ ئۆلگۈرلەرگە ئۆزۈم تېتىيمەن» دېگەن ياڭراق ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدە قايتا جاراڭلىدى . تورۇستىكى ئاشۇ بوشلۇقتا ، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق ئارىسىدا كېپەك دەرۋىشنىڭ سۈرىتى پەيدا بولۇپ «هەي پوچى يىگىت ، هالىڭ شۇمىدى» دەپ مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى . ئۇ يەنە چاپقۇر ئاتلارنىڭ ناغرا ئاۋازىدەك تاراسلىغان تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلىدى . ئارقىدىنلا ئاچ قاپلاندەك قوغلاپ كېلىۋاتقان بەگ ياساۋۇللىرىنىڭ ئايانچلىق تەلەتى كۆرۈنۈپ قالدى . كەرىمقۇلنىڭ قۇلاقلىرى زىڭىلداپ ، تېنى ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى .

«بۇ يەردىن كېتىپ هەمراهلىرىمنى تېپىۋېلىشىم كېرەكمۇ ، ياق ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرىش تۈگىمەس جەڭگى - جېدەلدىن ، قان تۆكۈلۈشتىن چېكى كۆرۈنمەس جاپا - مۇشەققەتتىن دېرەك بەرمەمدۇ ؟ دۇرۇس ، يەكەن يولىدىن يالتايمىدىم ، باش كېتىشتىن قورقمىدىم ، بىراق ، بۇلارنىڭ هەممىسى پەقەت گۈلئايىم ئۈچۈنلا ئەمەسمىدى ؟ سانجۇدىكى تەۋەككۈلچىكىمۇ خورلانغان سۆيگۈنىڭ ئاخىرقى ئۆچ ئېلىشىغۇ ؟» ئۇ ئاخىر ئۆچ ئالدى ، پۇخادىن چىقتى . مۇھەببىتىنى خورلىغان ، ئاددىي بوياقچىنى كۆزگە ئىلمىغان هايۋان نەسلى نىياز هېكىمبەگ ئەمدى بۇ دۇنيادا يوق ، بۇ دۇنيادا قالغىنى پەقەت كەرىمقۇل بىلەن گۈلئايىملا . ئەمدى ئۇلار كۈشەندىسىز ،

ئارامخۇدا ياشايدۇ، ھېچكىممۇ قىزنى بۇلاپ كېتەلمەيدۇ. خالىسا بىر چەت يېزىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە قېلىشقا رازى بولىدۇ. خالىسا ئۇنى خوتەنگە — ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ بارىدۇ- دە، ھالىغا يارىشا توي قىلىپ، خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزىدۇ. جان تەندە ئامان بولسىلا ئۇلار تېخى بالىلىق بولىدۇ، قىز بولسا گۈلئايىمدەك چوڭ قىلىدۇ، ئوغۇل بولسا ھۈنىرىنى ئۆگىتىدۇ. ناھايىتى كۆمەكلىك بىر جەمەت — كەرىمقۇل بوياقچىنىڭ جەمەتى ئۆز ئابرۇيى بىلەن ھەممىگە تونۇلىدۇ...

ئىشىك قىيا ئېچىلىپ، گۈلئايىمنىڭ بېشى كۆرۈندى، ئىشىكنىڭ غىچىرلىشى بىلەن خىيال يىپى كېسىلگەن كەرىمقۇل بېشىنى كۆتۈرۈپ، جەينەكلىرىنى تەكىيىگە تىرەپ، بىلىنچە ئۆرە بولدى. سۆيگىنىنى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن قارشى ئالدى.

— قېنى گۈلئايىم، يېنىمغا كېلىڭا، — دېدى ئۇ گۈلئايىمغا قاراپ يالغاندىن دومسىيىپ، — شۇنداق بىقوۋۇل بولۇپ ياتسامۇ قېشىمغا كېلىپ ھال- ئەھۋال سوراپمۇ قويمايسىز...

گۈلئايىم ئىشىكنى ئاۋايلاپ ياپتى، سۈپىغا چىقىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەرگە قاراپ تۇرۇپ:

— خاپا بولماڭ، كەرىمقۇل چوڭلار قاراپ تۇرسا نېمىمۇ قىلالايتتىم، ھېلىمۇ ئوغرىلىقچە كىرگىنىم يېتىپ ئاشار، — دېدى ناز بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

ئۆزىنى ئۆلدۈم دەپ ھېسابلاپ ھايات تىزگىنىنى ئەزرائىلنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ بولغان كەرىمقۇل، ئۆلمەيلا قالدى، بەلكى گۈلئايىمنىڭ قېشىغا كېلىپ قالغىنىنى تامامەن خۇدانىڭ ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇشى، ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى دەپ چۈشەندى، يۈرىكىنى غاجىلاۋاتقان گۇمانىنى بىردىنلا يەتتە قات ئاسماننىڭ قەرىگە چۆرۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭچە، گۈلئايىم پاك بولمىسا تەقدىر ئۇلارنى قايتا ئۇچراشتۇرمىغان، ۋىسالىغا يەتكۈزمىگەن بولاتتى. قايتا ئۇچراشقانىكەن، ئەمدى ھەرگىز ئايرىلماسلىقى كېرەك ئىدى. ئايرىلىشنىڭ ئۆزى تەقدىرنىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپ كېلەتتى.

— گۈلئايىم ، بايامقى گېپىمگە خاپا بولماڭ ، سىزگە مەستىلىكىم كېلىپ مۇنداقچىلا چېقىشىپ قويدۇم ، — بايامقى تەنە گېپىنىڭ گۈلئايىمنى خاپا قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەن كەرىمقۇل شۇ هامان ئەپۇ سورىدى . چىچىنىڭ ئۇچىنى ئويناپ ئولتۇرغان گۈلئايىم كەرىمقۇلنىڭ گېپىگە جاۋابەن تاتلىقىنا كۈلۈپ قويدى .

كەرىمقۇل چۆل - باياۋاندىن ئەمەس ، بەلكى هېلىلا باغدىن كەلگەندەك روھلىنىپ كەتكەندى . ساماندەك سارغايغان چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ قالغان ، كۆزلىرىدە نۇر ۋە كۈلكە جىلۋە قىلاتتى . يۈرىكىمۇ شوخلۇق قىلىشقا باشلىغانىدى . مانا ئەمدى ئۇ كۆرپە ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ گۈلئايىمنىڭ چىرايىغا ، كۆزلىرىگە مەجنۇنلارچە نەزەر بىلەن سەپسىلىۋاتاتتى .

ئۇ قانچە سەپسالسىمۇ ، گۈلئايىم يەنىلا بۇرۇنقى ئېۋەنسىز گۈلئايىم ئىدى . بىراق ، ئۆلۈم چاڭگىلىدىن قۇتۇلغان ئادەمگە هايات تېخىمۇ گۈزەل ۋە تېخىمۇ قەدىرلىك تۇيۇلغىنىدەك ، بىر ئايچە ئايرىلىشتىن كېيىن گۈلئايىممۇ ئۇنىڭغا باشقىچە چىرايلىق ۋە لاتاپەتلىك كۆرۈنمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ جانغا ئاپەت سالىدىغان شەهلا كۆزلىرىدىن ئەمدى جان ئالىدىغان ئوت ئېتىلىپ چىقاتتى . كۈلكىسىنىڭ يارىشىقى بولغان نوقۇتتەك زىنىخى ئەمدى ئاشقىنى دەم تارتىدىغان تەگسىز غارغا ئايلانغانىدى . لەۋلىرىنىڭ جازىبىدارلىقى ئاشقىنى ساراڭ قىلالىغۇدەك سېھىر تاپقان ، توغاچتەك مەڭزى ئاھ تارتقان مەجنۇننىڭ ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىققان ئوت مىسالى قىزىل ئىدى .

كەرىمقۇلنىڭ كۆزىگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ قاراۋېرىشىدىن ئىزا تارتتىمۇ ، گۈلئايىم ئاستا كۆزىنى ئەپقاچتى . ياغلىقى بىلەن يۈزىنى دالدا قىلىپ كەرىمقۇلغا :

— كەرىمقۇل ، يېتىۋېلىپ ئارام ئالغاچ ، قانداق بولۇپ چۆلگە كىرىپ قالغىنىڭىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىڭ ، ئاكام ھەققىدىمۇ بىر نەرسە دەپ بەرمىدىڭىزغۇ تېخى ، — دېدى ئاستا پىچىرلاپ .

نىپىز داكا ياغلىق گۈلئايىمنىڭ تولۇن ئايدەك ھۆسن - جامالىنى ئاي يۈزىنى توسقان ئاق بۇلۇتتەك توسۇپ تاشلىدى. تولۇن ئاي تاماشىسىدىن مەست - بىھوش بولۇپ، ئەرشئەلادا قانات قېقىپ يۈرگەن كەرىمقۇلنىڭ كۆڭۈل خۇشلۇقى قېچىپ، بىر موللاق بىلەن بۇ دۇنياغا چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. گۈلئايىمنىڭ سوئالى قايتا تەكرارلانغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئېغىز ئاچتى. نىياز ھېكىمبەگنى «ئۆلتۈرۈش» تە قانداق باھادىرلىق كۆرسەتكىنىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەشكە باشلىدى:

— گۈلئايىمخاننى ئوغرىلىغان لەنتى ئوغرى سەنمۇ دەپ نىياز ھېكىمبەگنىڭ كۆكسىنى نىشانلاپ شۇنداق بىر تىغ ئۇرۇۋىدۇق، ئۇ لەنتى غىڭ قىلمايلا جان بەردى. بۇ خۇش خەۋەرنى سىزگە يەتكۈزۈشكە شۇنداق ئالدىرىدىمكى، ھەيھات، نېمىسىنى دەيسىز، ئاتنى بولۇشىغا قامچىلاپتىمەن، ئايمۇھەممەت ئاكامنىڭ، ھەمدەم باتۇرنىڭ، ئاقموللامنىڭ قايسى تەرەپكە ماڭغىنىنى بىلەلمىدىم. كارىم بولماپتۇ. گۇمىغا ماڭدىم دەپ مېڭىپتىمەن، مېڭىپتىمەن، تاڭ ئاتقاندا قارىسام ئېتىم ئۆلۈپ يېنىمدا يېتىپتۇ. ئۆزۈم جەھەننەمدەك ۋەھىمىلىك چۆلدە تۇرۇپتىمەن، — كەرىمقۇل سۆزلىگەنسېرى قىزىشىشقا باشلىدى. جاۋغايلىرىغا ماغزاپتەك ئاق كۆپۈك ئۆرلەپ چىقتى، — قارىسام - قارىسام چېتى كۆرۈنمەيدۇ بۇ كاساپەتنىڭ، يا يەيدىغانغا يوق، يا ئىچىدىغانغا يوق، شۇنداق قىلىپ سەن چۆل بولساڭ، مەن دېگەن مەن، ئېتىم بولمىسا پۇتۇم بار، نان سۇ بولمىسا قۇۋۋىتىم بار دەپلا بېلىمنى چىڭىتىپ يولغا راۋان بولدۇم، قانچە مۇشەققەت تارتساممۇ بۇ خۇش خەۋەرنى گۈلئايىمغا يەتكۈزمەي قويمايمەن، دەپ قەسەم قىلدىم...

گۈلئايىم كەرىمقۇلنىڭ ھېكايىسىنى زەن قويۇپ ئاڭلىدى. ئۇنىڭ ئۆزى ئۇچۇن ئۆچ ئالمەن دەپ جېنىنى تىككىنىگە ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈندى.

— دەپ كەلسەم، ئۇنداق چۆلنى سىز زادىلا كۆرۈپ باقمىغان، كۆز يەتكۈدەك يەردە ئادەممۇ، ئۇچار قاناتلارمۇ كۆرۈنمەيدۇ. يا بىر

چىغىر ، يا بىر نىشانمۇ يوق ، مانا شۇنداق قۇملۇقتا «گۇما سەن نەدە ، گۈلئايىمخان سىز قەيەردە» دەپ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز مېڭىپتىمەن . تەشنالىق يەتسە سىزنى ئويلىساملا تەشنالىقىم بېسىلدى . مادارىم قاچسا ئىپتىگىزنى زىكرى قىلساملا پۈت ـ قولۇمغا مادار قېتىلدى . ئاھ خۇدا ، گۈلئايىمخاننى بىر كۆرۈۋالسام جېنىمنى ئالساڭمۇ ئارمانىم يوق ، دەپ خۇداغا سېغىندىم ، خۇدا بىزدەك ئاق كۆڭۈل كىشىنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىدىكەن ، ساقلايمەن دېسە پاختا ئىچىدە چوغ ساقلىغاندەك ساقلىيالايدىكەن... بىر چاغدا قارىسام...

گۈلئايىمنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان مىشىلدىشى كەرىمقۇلنىڭ ھېكايىسىنى ئۈزۈپ قويدى . كەرىمقۇل تىترەپ تۇرغان قولىنى گۈلئايىمنىڭ تىزىغا قويدى ـ دە ، ئۇنى بەزلىدى :

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ ، مانا مەن ھايات تۇرۇپتىمەنغۇ ، خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن قايتا تېپىشتۇق ، ئەمدى ئايرىلمايمىز ، ئۆلگۈچە بىللە ياشايمىز .

يەلكىسى قورۇلۇپ ، تىترەك ئولاشقان گۈلئايىم :

— بىر ئامال قىلىپ خوتەنگە قايتىلى ، ئاكامنى ، دادامنى كۆرگۈم كېلىپ كەتتى ، — دېدى كەرىمقۇلغا يېلىنغان قىياپەتتە .

كەرىمقۇل :

— ئەمدى نىياز ھېكىمبەگ يوق ، ئازابمۇ تۈگىدى . شۇغىنىسى نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئادەملىرى جەزمەن بىزنى ئىزدەيدۇ ، تۆت ـ بەش ئايغىچە جاھان تىنچىمايدۇ . بۇنداق چاغدا خوتەنگە قايتىمىز دەپ ئۆزىمىزنى تۇتۇپ بەرمەيلى . مېنىڭچە شامال ئۆتۈپ كەتكۈچە مۇشۇ يەردە پاناھلىنىپ تۇرايلى . تۇغقانلارمۇ قاراپ تۇرۇپ بىزنى ئوتقا ئىتتەرمەس ، — دېدى ئالمان ـ تالمان چۈشەندۈرۈپ .

گۈلئايىم ئېتىراز بىلدۈرگەندەك كەرىمقۇلغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ :

— دادامدىن ھازىرغىچىلىك بىرەر خەۋەر ئالالمىدۇق ، ئاكام

بولسا يالغۇز ، مۇشۇنداق كۇندە هالىغا هال ، مۇڭىغا مۇڭ بولمىساق بولماس ، — دېۋىدى ، كەرىمقۇل ئالىقانلىرى بىلەن قۇلاقلىرىنى ئېتىۋېلىپ تولۇلىۋەتتى .

— ياق… ياق ، خوتەنگە قايتقۇم يوق ، جەڭگى - جېدەلدىن جاق تويۇپ كەتتىم ، تويۇپ كەتتىم !

دىلى سۇنۇق گۇلئايىمنىڭ ئۆزىنى دەپ مىڭ ئۆلۈپ ، مىڭ تىرىلگەن كەرىمقۇلغا ئىچى ئاغرىپ قالدى . تۇغقانلارمۇ ئەلۋەتتە ئۇلارنى قوغلىۋەتمىدى . شۇنداق قىلىپ ئۇلار «شامال ئۆتۈپ كەتكۈچە» بۇ چەت يۇرتتا تۇرۇپ قالىدىغان بولدى .

## ئوتتۇز يەتتىنچى باب

# دەرۋىش يىغلايدۇ

— ئى كەرەملىك ئالla ، ئىككى ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى ، كۇللى مەخلۇقاتنىڭ پادىشاھى بىرلا ئۆزۈڭسەن . سەن كارامىتىڭ بىلەن قارا تۇپراقتىن ئادەم سۇرىتىنى ياساپ ، شەپقىتىڭ بىلەن جىسمىغا جان بەردىڭ . ئادەم ئەۋلادىنى جىمى مەۋجۇداتلار ئارا مۇنەۋۋەر قىلدىڭ . بەندىلىرىڭنىڭ ئەۋۋەلى ۋە ئەۋزەلى بولمىش پەيغەمبەرلىرىڭنى ئارىمىزغا ئەۋەتىپ ، دىلىمىزغا دىنىي ئىسلامنى ئورناتتىڭ . ھىدايىتىڭ بىلەن جاھىلىيەتتىن خالاس ئەيلەپ ، توغرا يولغا باشلىدىڭ . بىز سېنى ئۇلۇغلايمىز ، ساڭا تېۋىنىمىز .

— ئى جانابىي ھەق ، بەندىلىرىڭنىڭ ئاجىزى ، قۇللىرىڭنىڭ قولى بولغان مەنكى بىر دەرۋىش مەرھەمىتىڭگە سېغىنىپ پەرمانىڭنى تىلەيمەنكى ، ھۆكمىڭ ۋە ئىرادەڭدىن تاشقىرى گۇناھ ئۆتكەن بولسا ، پەزلى كەرەمىڭ بىلەن ئەپۇ قىلىپ مېنى ئىپلاسلىق بىلەن تولغان بۇ رەزىل دۇنيادىن پاك دەرگاھىڭغا چاقىرغىن . يا بولمىسا يامان نام ، يامان ئات بىلەن شەيتان سۈپەت لەنەتكەردىلەر

ئالدىدا خار قىلىنغىن . ساڭا كۆرگىلى كۆز ، ئىششتكىلى قۇلاق بىھاجەت . بىراق ، ياراتقۇچىغا خاس سەزگۈڭ بىلەن كۆرۈپ ۋە ئىششتىپ تۇرۇپسەنكى ، بىر ئۆمۈر سەجدە ـ ئىبادىتىڭدە بولۇپ ، مازار ـ ماشايىخلىرىڭنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ كەلگەن بىر دەرۋىشنىڭ بىر مۇناپىق ، ئاسىي ھۆكۈمراننىڭ قەستى بىلەن پاك نامى بۇلغىنىپ ، يۈزىگە قارا سۈركەلدى . ئىمانىغا شەك كەلتۈرۈلۈپ ، گۇمان تىغى بىلەن يۈرەك ـ باغرى پارە ـ پارە تىلغاندى . ئى خۇدايا خۇداۋەندە ، ئالدىڭدا بىلىپ ـ بىلمەي قىلغان گۇناھىم بەلكى تاغدىنمۇ زور ، قۇمدىنمۇ كۆپتۇر ، شۇ سەۋەبلىك جازايىڭغا ، ھۆكمىڭگە ھەر زامان تەييارمەن ۋە مىڭ مەرتە رازىمەن . لېكىن ، سەن ۋە دوستۇڭ مۇھەممەتتىن ئۆزگە ھەرقانداق بەندىنىڭ ھۆكمىگە ئۇ ئالەم ، بۇ ئالەم رازى ئەمەسمەن .

— ئى ھەزرىتى ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالا ، بىلىپ ۋە تۇيۇپ تۇرۇپسەنكى ، تۆھمەت ، مالامەتتىن روھىم سۇنۇقتۇر ، تېنىم زەئىپ ، ماجالىم كەمدۇر . سەن روھ ئاتا قىلغۇچىسەن ، ماغدۇر بەرگۈچىسەن . تىلەيمەنكى ، بەندەڭنىڭ تۆھمەت ، قەست قىلغۇچىغا خۇسۇمەت ، گىنە ساقلىغىننى كەچۈرگىن ۋە تۆھمەتخوردىن قىساسىنى ئالغۇچى دەرۋىشىڭنى پاناھىڭدا ساقلىغىن ، ئەزرائىلنى يىراق قىلغىن ، ئامىن...

كېپەك دەرۋىش كېچىچە ئەنە شۇنداق نالە قىلىپ چىقتى . تۇپىچا مازىرىنىڭ كىچىككىنە كۇنگۈرىسىدىن ئېتىلىپ كىرگەن كۈمۈشتەك تاڭ شولىسى دەرۋىشنىڭ قۇرۇمدەك قارىداپ كەتكەن چىرايىنى ، ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆز چاناقلىرىنى ، نەملەنگەن ئاپئاق كەكە ساقىلىنى يورۇتۇۋەتتى . قىسقىلا ئىككى ئاي ئۇنىڭ قېرىلىقىغا قېرىلىق قوشقان ، بار ـ يوق كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى خۇددى يالماۋۇزدەك سۈمۈرۈۋالغانىدى . لەشتەك بوشىشىپ ، قورۇق بېسىپ كەتكەن تېرىلىرى قۇراق جەندىسىنىڭ يىرتىقلىرىدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

ئۇ دۇرۇت ئوقۇغاچ ئالدىغا ئېڭىشتى ۋە چوكىدەك ئىنچىكە



www.uyghurkitap.com



بارماقلىرىنى سوزۇپ كۆك توپىغا تىرىدى . ئالدى بىلەن ساغرىسىنى ، كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئىڭراپ تۇرۇپ قەددىنى رۇسلىدى . ئوڭ قولى بىلەن بىلىگە مۇشتلىغاچ ، تالاغا چىقتى. تۇن قاراڭغۇلۇقىغا ئۆگىنىپ قالغان كۆزلىرى نەيزە بويى ئۆرلىگەن قۇياشنىڭ كۇچلۇك نۇرلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى . ئالىقىنى بىلەن كۆزلىرىنى دالدا قىلغاچ ئۇلۇغ يولغا تۇتىشىدىغان تار كوچىغا قاراپ ئاجىز قەدەملىرىنى تاشلىدى .

كېپەك دەرۋىش ھېلىلا سۇدىن چىققان چۈمۈلىدەك ئاستا ماڭاتتىيۇ ، نورمىدىن زىيادە يۇك كۆتۈرگەن ھامالدەك ھاسىراپتتى ، ھاسىراش بىلەن تەڭ ، ئۈچەي ـ باغرى قېچىپ چىقىقۇدەك قاتتىق يۆتىلىپ كېتەتتى ، يۆتەلنى ياندۇرالماي قىينىلىپ كەتكەن چاغلىرىدا چىرايى ئوسمىدەك كۆكىرىپ كەتكۈچە قېقىلاتتى . يول بويىدىكى دوڭغاق سۆگەتكە يۆلىنىپ بىرپەس ئارام ئېلىۋالاتتى ، يۇرەك رىتىمى ئىزىغا چۈشۈپ ، نەپىسى راۋانلاشقاندا ئاندىن ئورنىدىن قوپۇپ ، يولنى داۋاملاشتۇراتتى .

ئۇ مىڭ قەدەمچە يولنى يېرىم كۈندە بېسىپ ، ئاخىر شەھەرنىڭ ئاۋات رەستىلىرىدىن بىرىگە ئۇلىشىۋالدى . ئازراق دېمىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن قىيا ئېچىقلىق تۇرغان بىر دەرۋازىنىڭ پەشتىقىغا كېلىپ ئولتۇردى .

ئىككى ئايدىن بېرى ئۇ بۇ كوچىغا ھەر كۈنى دېگۈدەك كېلىپ تۇراتتى . تىرىكچىلىكمۇ ، مۇھەببىتىمۇ ، نەپرىتىمۇ مۇشۇ كوچا بىلەن چېتىشلىق ئىدى . ئۇنى تونۇمايدىغان چەت يۇرتلۇقلار ، يولۇچىلار ، ئوقەتچىلەر بېرىپ تۇرىدىغان ئاز ـ تولا سەدىقىلا بۇ نىمجان دەرۋىشنى ھاياتلار قاتارىدا ساقلاۋاتاتتى . ئۇ تونۇيدىغان كىچىككىنە بىر دەرۋازىمۇ دەل مۇشۇ كوچىدا ئىدى . ئۇ ھەر قېتىم مۇشۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە قەدىناس ئۇلپىتى قاۋۇل قازانچىنىڭ ، كۇچتۇڭگۇر يىگىتلەرنىڭ ، قىزىدىن چارە گۈلئايىمنىڭ سىيماسىنى ئىزدەيتتى . كىچە ـ كۈندۈز پۇشۇلداپ تۇرىدىغان كۆيەك ئاۋازىنى ، قېلىپقا چويۇن قۇيۇۋاتقانلارنىڭ

چۇقان ـ سۈرەنلىرىنى ، گۈلئايىمنىڭ تۆچ قوڭغۇراقتەك كۈلكىسىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ بىرھازا تۇرۇپمۇۋالاتتى . ئەڭ يامىنى ، ئۆزىنى قان چىقارماي ئۆلتۈرگەن ھېلىقى جاكارنىمۇ ئۇ دەل مۇشۇ دەرۋازىنىڭ ئەللىك قەدەم نېرىسىدا تۇرۇپ ئاڭلىغانىدى . ئۇ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە جاكارچىنىڭ بوغۇق ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدە قايتا جاراڭلاپ ، يۈرىكىدە يېڭى غەزەپ ئويغىتاتتى . مۇشۇنداق چاغلاردا ئۇ خۇدادىن مەقسىتىگە پۇرسەت ۋە مەقسەتكە يەتكۈچىلىك ئۆمۈر تىلەيتتى .

كېپەك دەرۋىش بۇ كوچىغا دۈشمىنىگە ئۆچ بولغاندەك ئۆچ ئىدى . يەنە كېلىپ بۇ كوچىغا ھۆرمىتى بار ئىدى ، بۇ كوچىغا تايىناتتى ، تەلپۈنەتتى . دەل مۇشۇ سەۋەب ئۇنى ئۆز يۇرتىغا ياكى باشقا بىر يۇرتلارغا كېتىپ جان بېقىش خىيالىدىن ياندۇرۇپ ، رەقىبىنىڭ يېنىدا ياشاپ ، پۇرسەت كۈتۈش كويىغا سالغانىدى .

ئۇ ئادەتتە يىلدەك ئۇزاق تۇيۇلىدىغان كۈندۈزنى مۇشۇ كوچىدا ئۆتكۈزۈپ جېنىنى جان ئېتەتتى . قۇربىنىڭ يېتىشىچە خەۋەر تىڭ تىڭلايتتى . لەشكەرلەرنىڭ يۆتكىلىشىگە ، كۆپىيىپ ، ئازىيىشىغا قاراپ نېمىلەرنىدۇر قىياس قىلاتتى . قۇياش قاراقاشنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قۇملۇققا باش قويغاندا بولسا يالغۇز ئاياغ يول بىلەن شەھەر سىرتىدىكى گۆرىستانلىق تەرەپكە جۆنەيتتى ـ دە ، يارمۇھەممەتنىڭ قەبرىسى بېشىدا تىلاۋەت قىلىپ ، قونۇپ قالاتتى . كەچ قالمىسا تىوپچا مازاردا دۇئا ـ تەكبىر بىلەن تاڭنى كۈتۈۋالاتتى . تاڭ ئاتاتتى ، كەچ كىرەتتى ، لېكىن كېپەك دەرۋىشنىڭ سەرسانە كۈنلىرى ئۆز ئىزى بىلەن داۋام قىلىۋېرەتتى .

بىر چاغدا قوللىرى قىلغۇيرۇق قىلىنىپ ، بىلەكتەك توم چۈيۈر ئارغامچا بىلەن كارۋان تۆگىلىرىدەك چىتىلغان ئەللىك ـ ئاتمىشچە ئادەم تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان كېپەك دەرۋىشنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى . ئۇلار ئارىسىدىن كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا قارىتىپ شالاقىدە تۈكۈرۈۋېتىپ ، يەپ كەتكۈدەك ھومىيىۋالدى . دەرۋىش نامەلۇم كىشىلەرنىڭ بۇنداق ئاھانىتىگە كۆنۈپ

كەتكەچكىمۇ ، ئۆلاردىن خاپا بولۇپمۇ كەتمىدى . ئەكسىچە بېشىنى چايقاپ سوغۇق كۈلۈپ قويدى . بىرەر كونا چاپان ياكى كونا تېرىنى ئۆشنىسىگە تېڭىۋالغان ، يۈز - كۆزلىرىنى بىر غېرىچ توپا باسقان بۇ يالاڭ ئاياغلارنىڭ كۆپىنچىسىنى بېلى مۈكچەيگەن قېرىلار ۋە ئاغزىدىن ئانا سۈتى كەتمىگەن سەبىي باللار تەشكىل ئېتەتتى . توقفۇز كۈنلۈك قاراڭغۇ تاغ مۇساپىسىنى پىيادە باسالايدىغان ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى ئالتۇن ئالۋىنىغا ھەيدەلگەچكە ، شەھەر ئىچىدىكى «چېكىتلىك باغ» ۋە چوڭ جامائە ھاشارى ئەمدى مۇشۇ ياشتىكىلەرنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنىدى . ئۆلۈمدىن ئېغىر كېلىدىغان بۇنداق ھاشاردىن ھېچكىم باش تارتالمايتتى . باش تارتقانلار دەررىگە بېسىلاتتى . قاچقانلارنىڭ بىرىمۇ قۇتۇلۇپ كېتەلمەيتتى . پانىي ئالەمدىكى ۋەيلۇن دوزاخقا ئايلانغان بۇ يۇرت تۆمۈر تاپان ئاستىدا ئېغىر تىن ئالماقتا ئىدى .

كېپەك دەرۋىش ياساۋۇللارنىڭ زەھەرلىك يىلاندەك ۋىژىلداپ تۇرىدىغان قامچىسى ئاستىدا بارغانچە ئۆزاقلاپ كېتىۋاتقان ھاشارچىلارنىڭ كەينىدىن قاراپ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويدى ۋە «ئىمان شاراپىتى بىلەن ساقلى ئاقارغان قېرىلارغا ، ۋۇجۇدىغا گۇناھ چېكى قونمىغان نارەسىدىلەرگە نېمە كەلگۈلۈك بۇ ئەمدى ؟ ئۆلارنىڭ ئاھىدىن ستەمكارلارنىڭ تەختكە ئوت تۇتىشىدۇغۇ ئاخىر !...» دېگەنلەرنى ئاستا پىچىرلىدى .

كېپەك دەرۋىشنىڭ خىيالى تېخى بىر باشقا چىقماستىنلا ئىككى قەدەم نېرىسىدىكى ئىشىك تۇيۇقسىز تاراقلاپ كېتىۋىدى ، ئۇ بۇنىڭغا ئانچە ئېرەن قىلىپمۇ كەتمىدى . بىراق ، ئىشىك قاناتلىرى ئارىسىدىن ياغلىقىنى چۆكۈرۈپ چەككەن ، يېشى توختىغان بىر ئايالنىڭ بېشى كۆرۈندى - دە :

— مانا ساڭا ، ئىت دېگەنگە يۇندىدىن ئۆزگىسى بىكار ! — دېگەن تەئەددى بىلەن تەڭ تولۇق بىر تەڭنە يۇندى دەرۋىشنىڭ باش - كۆزىگە خۇددى قارا يامغۇردەك تۆكۈلدى .

كېپەك دەرۋىش ئەندىكىپ ، سىلكىنىپ كەتتى . ئورنىدىن



uyghurkitap.com كىتاب تورى

تۇرماقچى بولۇپ كۆچەپ باقتى ، لېكىن تۇرالمىدى . كۆزلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ ئەلەم بىلەن قارىۋىدى ، ئىشىكنىڭ يەنە بۇرۇنقىدەك تاقالغانلىقىنى كۆردى . «ئەي مالائىكىلەر ، گۇناھىمدىن يەنە بىرى ساقىت بولدى» دەپ پىچىرلىغاچ ، چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن كۇلاھىنى سىلكىۋەتتى - دە ، مىڭ بىر مۇشەققەتتە بېلىنى رۇسلاپ ، ئالدىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

ئۇ ئەمدىلا ئايىغى چىققان بالىدەك تايتاڭلاپ مېڭىپ ، ئايمۇھەممەتلەرنىڭ تونۇش دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلدى . ئاچلىقتىن ئۈچەيلىرى چاپلىشىپ كەتكەن دەرۋىشنىڭ ياشاپ قېلىش ئېھتىياجى بىر بۇردا نان ۋە بىر نوگاي سوغۇق سۇنى تارتىپ تۇرسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئاياغلىرى يەرگە مىخلىنىپ كەتكەندەك توختاپ قالدى . ئىگىسىز ، پەرۋىشسىز قالغان دەرۋازىنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ دەرۋازىنىڭ قاغجىراپ ، مەدىكارنىڭ ئالىقىنىدەك چاك كەتكەن قاناتلىرىنى سىلاپ باقتى . ئۆي ئىگىلىرىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن قىسمەتنامىنى ئوقۇغاندەك ، ئىرماش - چىرماش سىزىقلارغا تىكىلىپ قارىدى . نەچچە ئەۋلاد قازانچىلارنىڭ ، شۇنداقلا ئۆزىگە بۇرادەرلىك ، پەرزەنتلىك مۇھەببىتىنى ھېس قىلدۇرغان ھۆرمەتلىك كىشىلەرنىڭ قولى تەگكەن تەۋەررۇك زەنجىرنى شىرىقلىتىپ كۆردى . «ئايمۇھەممەت ئاڭلىمايۋاتامدىكىن ، دەرۋىش ئاتىسى مۇڭداشقىلى كەلسە نېمىشقا ئىشىك ئاچمايدىغاندۇ؟ يارمۇھەممەتچۇ ، ئۇ ئۇخلاپ قالدىمىكىنە ، ھەي ، ياش بالا دېگەننىڭ ئۇيقۇسى قاتتىق بولىدۇ - دە ! ئېھتىمال ، ئايمۇھەممەت ئۆيدە بولمىسا كېرەك . يارمۇھەممەتمۇ مەيلى ئۇيقۇسىغا قېنىۋالسۇن ، ئاچچىقى يامان دادىسىنىڭ ئالدىدا كۈيەك بېسىپ ھېرىپ كەتكەندۇ ئۇ بىچارە . گۈلئايىمخان بەكمۇ زېرەك بالا بولىدىغان . ئۇ شىپىرلىغان ئاياغ تىۋىشىدىنلا دەرۋىش ئاتىسىنىڭ كەلگىنىنى تۇيۇۋالاتتى . ئۇ يىڭنە ئىشى قىلىۋاتامدىكىن يا ھەپتىيەكنى يادلاۋاتامدىكىن؟ بولدىلا ، ئۇمۇ ئۆز ئىشى بىلەن بولىۋەرسۇن ، ئۇنى ئاۋارە قىلغۇدەك زۆرۈرىيەت يوققۇ ، ئەجەبا

قاۋۇلئاخۇن بولسمۇ ئاغىنىدارچىلىقىنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئىشىكنى ئاچمايىۋاتىدۇغۇ؟ دۇرۇس، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئىشى بار. بىر ئۆينىڭ ئىغىرىنى زىممىسىگە ئالغان بولغاندىكىن كاللىدەك ئىشلەيدىغان گەپ ـ دە! يا بىرەرى بۇيرۇتقان قازىنىنى جىدەللىشىپ يېنىدا قاراپ تۇرىدىغاندۇ، بولىدىلا، كېيىنرەك كېلەرمەن بولمىسا...»

كېپەك دەرۋىش ياش پەردىسى بىلەن خىرەلەشكەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋەتتى. بىرتالاي سوئاللىرىنى جاۋابسىز قالدۇرغان دەرۋازىغا قەدەمدە بىر بۇرۇلۇپ قارىغاچ، رەستىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

قاۋۇل ئۇستىنىڭ دۇنيانىڭ قانداقتۇر بىر بۇلۇڭىدا ياشاپ يۈرگەنلىكىنى ئۇنىڭ كۆڭلى تۇيۇپ تۇراتتى. «ئۆلمىگەن جاندا ئۇمىد بار، ئۇنىڭ بىلەن قاچانلا بولسۇن يۈز كۆرۈشمەمدىغۇ» دەپ ئويلايتتى. گۇمىنىڭ بىر يېرىدە پاناھلىنىۋاتقان گۇلئايىمدىنمۇ ئانچە خاۋاتىرلىنىپ كەتمەيتتى. دەرۋىشنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى ئايمۇھەممەت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىلا ئىدى.

راست، ئۇلار قاراقاش بازىرىدا خۇپىيانە باش قوشتى. تۆتەيلەن يۇرت بېشىغا كەلگەن جىمى بالا ـ قازانىڭ مەنبەسى بولغان نىياز ھېكىمبەگنى يېرىم يولدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ، ئارقىدىنلا خوتەن شەھىرىگە يۈرۈش قىلىش نىيىتىگە كېلىشتى. تۇزكور نىياز ھېكىمبەگنى ئۇنىڭغا ئاش ـ نان بەرگەن قولى بىلەن جەھەننەمگە يوللاپ، ياشلىقىدىكى سەۋەنلىكىنى يۇيۇپ تاشلاش قەسىمىنى ئىسىگە ئالغان كېپەك دەرۋىشنىڭ بۇ غەنىيمەت پۇرسەتنى قولدىن بەرگۈسى كەلمىدى. ئۇ مەقسىتىنى مۇنداقچىلا ئوتتۇرىغا تاشلىدىيۇ، ھەمراھلىرىنىڭ گېپىنى يېرىشقا ئامالسىز قالدى. دۇرۇس، ئۇ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە بىر ئۆمۈر ساقلىنىپ كەلگەن قەسىمىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ، ئۇلارغا پۇرسەت بېرىش توغرۇلۇق تىزلىنىپ تۇرۇپ يالۋۇرغانمۇ بولار ئىدى. لېكىن، ئۇ چاغدا قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت يۈز بېرەتتى، «گىلەم كىگىزنى،

كىگىز بورىنى سۆرەپتۇ » دېگەندەك ، نىياز ھېكىمبەگ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى چىنىپلا قالاتتى . نىياز ھېكىمبەگ ئۆلتۈرۈلمەستىن تۇرۇپ بۇنداق ھاقارەتلىك مۇناسىۋەتنى ئاشكارىلاشقا بولمايتتى . مۇشۇنداق بىر نائەھلىنى ئادەم قىلىپ قاتارغا قوشۇپ قويغىنى ئۇچۇن ئۇ خوتەنلىكلەرنىڭ يۈزىگە قانداق قارايدۇ ؟ چۈشەنگەنلەرغۇ ئايمۇھەممەت چۈشەنگەندەك چۈشىنەر ، بەلكى ھېسداشلىقمۇ قىلار ، چۈشەنمىگەنلەر نېمە دەر ؟

ئاخىرىدا ئۇ ئۆز رازىلىقى بىلەن قاراقاشتا قالدى . ئىككى يۈزگە يېقىن ئادەمنى غازاتقا تەييارلاپ ، قورال ـ ياراغ تەخلەشكە تۇتۇندى . كىم بىلسۇن ، پۈرسەت ئىشىكى ئېتىلدى ، كېلىشمەسلىك يۈز بەردى . ئۇ ھەنىۋا ئادەملىرى بىلەن قوشۇلۇپ بىر كېچىدىلا خالمان پانساتنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى ، دەھشەتلىك قىيىن ـ قىستاقلارغا ئېلىندى ، زىندانغا تاشلاندى . بىراق ، ئۇ گاڭگىراپ قالدى . نېمە سەۋەبتىن ئاشكارىلىنىپ قالغىنىنى ، ئايمۇھەممەتلەرنىڭ ئىشىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى زادىلا پەرەز قىلالمىدى . پەقەت نىياز ھېكىمبەگنى تىرىك ھالەتتە كۆرگەندىن كېيىنلا ئىشنىڭ ئەپلەشمىگىنىنى بىلىپ قالدى . ئايمۇھەممەتلەرنىڭ تەقدىرىنى ھەرخىل قىياپەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئەجەللىك ئالدىمىغا چۈشۈپ ، دەرۋىشتىن قاتتىق كۆڭلى قالغان خوتەنلىكلەر ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە دەپ بەرمەسلىككە قەسەم ئىچىشتى .

«ئوغلۇم ئايمۇھەممەت ، سەن بۇ دۇنيادا ھاياتمۇ ، ھايات بولساڭ نەلەردە سەرسان بولۇپ يۈرسەن ؟ قازايىقەدەر ئەجەل يەتكەن بولسا قەبرەڭ قەيەردە ؟ »

دەرۋىش بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ بوس ـ بوخوناق ۋە كۆكۈچ ئىس بىلەن قاپلانغان ئاشپۇزۇللار ، باققال يايمىلىرى كۆپرەك بىر يەرگە يېتىپ كەلدى . بىلىگە قىستۇرۇۋالغان ساپايىسىنى سۇغۇرۇۋالدى ـ دە ، ئۇنى مۇرىسىگە قويۇپ شاراقلىتىپ چېلىشقا باشلىدى :

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مۇناجاتىم قوبۇل ئەت يا ئىلاھى ،
ئۆزۈڭسەن بارچە ئالەم پادىشاھى .
سېغىندىم ساڭا ئەي ھەق ئىماندىن ،
جەننەتتىن بىزگە سەن بەر پاناھى .
يادوست… يائاللا…

ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، بېشىنى ئۇيان ـ بۇيان تاشلاپ ، يۈرەككە تېگىدىغان بىر مۇڭلۇق ئاھاڭدا مۇناجات ئوقۇماقتا ئىدى . قۇرۇپ ، چاپلىشىپ كەتكەن بوغۇزىدىن ئېتىلىپ چىققان سەل بوغۇق ، خىرقىراق ئاۋاز ساپايە ھالقىلىرىنىڭ ئاجىز شىرىقلىشىغا شۇنداق ماس كېلەتتىكى ، ئاڭلىغانىنىڭ دىلىنى ئېزەتتى ، سۇنۇق كۆڭۈللەرنى يىغىغا زورلايتتى . ئاللانىڭ مۇبارەك نامىنى ئىشتىياق بىلەن زىكرى قىلغىنىدا ئاغزىدىن گويا بىر پارچە ئوت ئېتىلىپ چىقاتتى . كۆز چاناقلىرىدا ياش ئەگىيتتى . بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى گاھ كېڭىيىپ ، گاھ تارىيىپ ، گۆرەن تومۇرلىرى دەرەخ يىلتىزىدەك كۆپۈپ كېتەتتى . بىر قەۋەت تېرىسى سويۇلۇپ ، چىلاندەك قىزارغان قېلىن كالپۇكلىرى ئىككى تال گۈل بەرگىدەك تىترەيتتى .

كېپەك دەرۋىش تىلەمچىلىك قىلىۋاتاتتى . پەيلىرى قارا تانىدەك كۆپچۈپ چىققان چەپ قولى ئوتتۇرىسىدىن دەز كەتكەن كونا ئاياقنى ئاران كۆتۈرۈپ تۇراتتى . ئاۋازىدا بىچارىلەرچە يېلىنىش ، قاراشلىرىدا ھاجەتمەنلەرگە تەلمۈرۈش ئەكس ئېتەتتى . دەرۋىشلەر تائىپىسىنىڭ زامان ـ زامانلاردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن ئادىتى بويىچە مازار ـ ماشايىخلاردىن مەدەت ئېلىپ ، سېخىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئاتىغىنىنى يەپ ، ئىززەت ـ ھۆرمىتى بىلەن ياشاپ كەلگەن كېپەك دەرۋىش مانا ئەمدى غۇرۇرىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ ، ئەھلى ئاۋامغا قول ئۇزارتىشقا مەجبۇر بولغانىدى . دۇرۇس ، ئۇ پەقەت ياشاش ئېھتىياجى ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىۋاتاتتى . ياشاش ۋە

قىساس ئۇچۇنلا ئىمانى بىلەن ۋىجدانىدىن ئۆزگە جىمى نىمىسىنى قۇربان قىلىشقا رازى ئىدى .

— يا دوست... يائاللا...

باققالمۇباققال ، دۇكانمۇدۇكان ئۇسۇپ يۈرگەن بۇ تىلەمچى دەرۋىشنىڭ پۈۋلىسە ئۇچۇپ كەتكۈدەك ئاجىز ، قاتاڭغۇر قىياپىتى ، ئۇزۇپ - ئۇزۇپ ئىپتىۋاتقان مۇڭلۇق مۇناجىتى تاش يۈرەك ئادەمنىڭمۇ باغرىنى ئىرىتمەي قالمايتتى . لېكىن ، ئۇنىڭ چەپ قولىنى بەئەينى يارغۇنچاق تېشىدەك بىسىپ تۇرغان كونا ئايىقى ھېلىغىچە قۇرۇق تۇراتتى . بەزىلەر كۆزىگە ياش ئالاتتى . بەزىلەر خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كۆزلىرىنى ئەپقاچاتتى . بەزىلىرى قەستەن كۆرمەسكە سالاتتى .

بىراق ، ئادەملەردە نىمە گۇناھ ، نىمە ئىلاج ؟ باققالنىڭمۇ ، يايمىچىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى ، نان دىسە نان دەپ نالە قىلىۋاتقان ئۇششاق باللىرى بار - دە ! ئاچلىقتىن كۈنىگە نەچچە جىنازا نامىزى چۈشۈرۈلۈۋاتقان ، بىر تال دان بىر چوكا ئالتۇن باراۋىرىدە ئەتىۋارلىنىۋاتقان بۇ كۈنلەردە ، باللىرىنىڭ يەيدىغىنىنى تارتىۋېلىپ ، بىرنى ئىككى قىلىش مەقسىتىدە بازارغا ئاچىققان كىشىلەرنىڭ بىر ناتونۇش تىلەمچىنىڭ ئايىقىغا بىر تىيىن ، بىر بۇردا نان ، ئەقەللىيسى بىر تال قاق تاشلاشقا كۆزى قىيسۇنمۇ ؟ زامان شۇنداق تۇرسا ئەمدى كىمدىن ئاغرىنغۇلۇق ؟

— يا دوست... يائاللا...

بىردەممۇ ئارام بەرمەيۋاتقان چاپلاشقاق يۆتەل كېيەك دەرۋىشنىڭ مۇناجىتىنى بىرقانچە قېتىم ئۈزۈپ قويدى . گېلىدىن كىمدۇر بىرى قىل ئارغامچا بىلەن بوغۇۋالغاندەك قېقىلىپ ، بوغۇلۇپ تۇرغان يېرىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى . يۆتەل سەل ئارام بەرگەندە بولسا تىرىشىپ - تىرمىشىپ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . لېكىن ، ئۇ جېنىغا قەست قىلىۋاتقان قارغىش تەگكۈر يۆتەلگە ، ئاياغلىرىنىڭ سۆغا تاشلانغان چالمىدەك بوشىشىپ كېتىشلىرىگە يەنىلا بوي بەرمىدى . يۆتىلىنى يۆتىلىۋېتىپ ، چېكىسىدىن تامچىپ

تۇرغان تەرنى سۈرتۈۋېتىپ، ياشاش يولىغا يەنە قەدەم قويدى.
— يا دوست ... يائاللا...
كوچىنىڭ ئاخىرىمۇ كۆرۈنۈپ قالدى. خۇدانىڭ رەھمى كەلدىمۇ يا تەقدىرنىڭ ئىچى ئاغرىدىمۇ، كوچا بويىدىكى ياپمىدا ئولتۇرۇپ سوغۇق سۇ بىلەنلا نان يەۋاتقان ياشانغان باققال ئۈمىدسىز هالدا كېتىۋاتقان دەرۋىشنى توختىتىۋېلىپ، ئايىقىغا يېرىم زاغرىنى تاشلاپ قويدى.
كېپەك دەرۋىشنىڭ تۇمان باسقان ئۈمىد ئاسمىنىدا تۇيۇقسىز قۇياش چاقناپ قالدى. ياش دېغى قېتىپ قالغان كۆزلىرى يوغان - يوغان ئېچىلدى. قورۇق باسقان چىرايى تېخىمۇ قورۇلۇپ، كۆلكىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان ئالامەتلەر پەيدا بولدى. لەڭمەن پىلتىسىدەك يۇمشاپ، ئېگىلىپ كەتكەن پۇتلىرى بىردىنلا رۇسلاندى. ئۇ ساپايىسىنى بىلىگە قىستۇرۇپ، ئايىقىنى يەرگە قويدى. ئالتۇندەك سېرىق يېرىم زاغرىنى كۆزلىرىگە سۈرتكەندىن كېيىن ئالىقانلىرىنى جۈپلەپ، كەمدىن - كەم تېپىلىدىغان بۇ ساخاۋەتچىگە چىن دىلىدىن دۇئا قىلدى:
— سېخىي جەننىتى، خۇدا رەھمىتى... ئاللاھۇئەكبەر!
— توختاپتۇر دەرۋىش!
مېڭىشقا تەمشەلگەن كېپەك دەرۋىش قەدىمىگە چەك قويدى. نەرە تارتقاندەك گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ كەينىگە بۇرۇلۇپ تەئەججۈپ بىلەن قارىدى - دە، ئىتتىك قەدەملەر بىلەن قوغلاپ كېلىۋاتقان ھېلىقى ساخاۋەتچىنى كۆردى. ئۇ تېخى ھېلىلا ئۈچ - تۆت ئادەمنىڭ ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كېلىشكىنىنى، ئۇنى ئورىۋېلىپ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاۋاتقىنىنى، بارماقلىرى ۋە زاڭاقلىرى بىلەن ئۆزىنى ئىما قىلىشىۋاتقىنىنى كۆرگەندەك قىلغانىدى.
«ساخاۋەتچى» دەرۋىشنىڭ ئالدىنى توسىدى - دە، بۇرنى تېگىپ كەتكۇدەك يېقىن تۇرۇپ، مەسخىرە يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مەھكەم قادىدى. كۆرسەتكۈچ

بارمىقىنى دەرۋىشنىڭ بۇرنىغا تىرەپ تۇرۇپ دېدى :

— سەن تېخى دوپپىمىزغا جىگدە سالاي دەپسەنا ئالدامچى ، كېچىلىرى ھاكىمبېگىمنىڭ بەتتە پولۇسىنى يەيسەن ، كۈندۈزلىرى قەلەندەر سۈرىتىگە كىرىۋېلىپ گەپ تىڭ تىڭلايسەن ، ھۇ دۆيۈز ، ساتقۇن ، ئاغزىڭغا خۇدانىڭ نامىنى ئېلىشتىنمۇ ئەيمەنمەيسىنا تېخى...

ئۇلىشىپلا ، بايام «ساخاۋەتچى» گە پىچىرلاۋاتقان بىرەيلەن دېۋەيلەپ كەلدى ، كېپەك دەرۋىشنىڭ قولىدىكى يېرىم زاغرىنى كاپلا قىلىپ تارتىۋېلىپ ، يېقىنلا يەردە قۇيرۇقىنى شىپپاڭلىتىپ تۇرغان قوتۇر ئىتقا تاشلاپ بەردى ۋە تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ تۇرۇپ دېدى :

— سەندەك بىنومۇس دەرۋىشتىن مانا بۇ ئىت ياخشىراق ، ماڭ بۇ يەردىن تېز يوقال ، ئىككىنچى كۆزىمىزگە كۆرۈنگۈچى بولما !

دەرۋىشنىڭ كۆز ئالدى گويا كۈن كۆيگەندەك قاراڭغۇلاشتى ، ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ ، زېمىن يېرىلدى ، دەسسەپ تۇرغان يېرى شىددەت بىلەن چايقالدى . تىلى ئىتائەتسىز قېچىپ ، زۇۋانى تۇتۇلدى ، بېشى پىرقىراپ پالاققىدە يىقىلىپ چۈشتى...

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ، كېپەك دەرۋىش ئۆزىگە ناتونۇش بىر مۇھىت ئىچىدە ھوشىغا كەلدى . ئېغىرلىشىپ كەتكەن قاپاقلىرىنى كۆتۈرۈپ لىملىرى نەقىشلەنگەن كەڭ تورۇسنى ، ئاندىن ئاغزىغا پىيالە بىلەن سۇ تېمىتىۋاتقان پاكىنەك ئادەمنى كۆردى . ئۇ ئادەم كىمگىدۇر «كۆزىنى ئاچتى» دەپ خەۋەر بەردى .

كېپەك دەرۋىش ھوردالغان ئەينەكتەك خىرە تۇيغۇسى بىلەن مەنسەپدار ياكى بايلارغا خاس چوڭ ياسداق ئۆيدە ، گىلەمنىڭ ئۈستىدە ياتقىنىنىلا پەملىيەلىدى . «بۇ كىمنىڭ ئۆيىدۇ ؟ كىمنىڭ بولاتتى ، بىرەر چوڭ مەنسەپدارنىڭ ياكى زەردارنىڭ ئۆيى ـ دە ! مېنى نېمىشقا بۇ يەرگە ئەكېلىشتى ، بۇ يەنە نېمە شۇملۇقلاردىن دېرەك بېرىدۇ ؟ »

ئۇ كوچىدا يۈز بەرگەن ئاخىرقى كۆرۈنۈشنى يېڭىۋاشتىن

يادىغا كەلتۈردى . كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلغان چاغدا كىملەرنىڭدۇر بۇ يەرگە ئەكەلگىنىگە چىنپۈتتى . نىياز ھېكىمبەگنىڭ كۈتۈلمىگەندە قىلغان «خەيرخاھلىقى» نىڭ تەمىنى تېتىپ قالغاچقىمۇ ، نى ـ نى گۇمانلار كۆڭلىدىن كەچتى . ئۇ «بۇ يەردىن ئۆمىلەپ بولسىمۇ كېتىۋېلىشىم كېرەك ، بىراۋ بۇنداق كاتتا ئۆيدە ياتقىنىمنى كۆرۈپ قالدىمۇ ، ئىشنىڭ ئوخشىغىنى شۇ . ئۇ چاغدا ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەكلا ئىش بولىدۇغۇ !» دەپ ئويلىدى ـ دە ، كۈچىنى يىغىپ ، تۇرۇپ كېتىشكە تەمشەلدى .

تۆمۈر خەزىنىچىبەگنىڭ بۇ ئۆيدە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇشى ، گەۋدىسىنى كۆتۈرەلمەي ئاۋارە بولۇۋاتقان كېپەك دەرۋىشنى يەنە بىر قېتىم ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى . تۆمۈر خەزىنىچىبەگ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ كۆيۈنگەن ھالدا :

— قوزغىلىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسىلا ، دەرۋىش ، قوزغالغان بىلەنمۇ ماڭماقنىڭ ئۆزى بىر گەپ ، — دېدى ۋە پىيالە تۇتۇپ تۇرغان پاكىنەك كىشىگە ، — شېرىۋاخۇن ، سەن چىقىپ ئاتلارغا قاراۋەرگىن ، — دەپ ئىجازەت بەردى .

ئەسلىدە پېشىن نامىزىدىن قايتىپ كېلىۋاتقان قازى رەئىس كوچىدا بىھوش ياتقان كېپەك دەرۋىشنى ئۇچراتقان ۋە مەھرىمى ئارقىلىق ئۇنى ئۆيىگە ئەكەلدۈرۈپ ، مىراخور شېرىپ شەيتانغا تاپشۇرغانىدى . تۆمۈر خەزىنىچىبەگ ئاچلىق ۋە ئاھانەت دەستىدە ئۆلەر ھالەتكە يەتكەن بۇ دەرۋىشنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە دەرۋىشكە باغلىنىشلىق بەزى سىرلاردىن خەۋەردار بولغاچقىمۇ ، ئۇنىڭ مۇنداقچىلا ئۆلۈپ كېتىشىگە قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرالمايتتى . كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلىنىپ ياتقان خۇسۇسىي ئويلىرىمۇ ئۇنى تەۋەككۇل قىلىشقا ئۈندەپ تۇراتتى . يەنە كېلىپ ، ھاكىمبەگ زىنداندىن ئازاد قىلىۋەتكەن ۋە ئۆز ھىماتىدىكى ئادەم دەپ جاكارلىغان يەردە ، ئۆلۈۋاتقان بۇ دەرۋىشكە ئانچە ـ مۇنچە خەيرخاھلىق قىلغىنى ئۈچۈن ئۇنى ھېچكىممۇ ، ھەتتا نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۆزىمۇ ئەيىبكە بۇيرۇيالمايتتى .

## ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

# يېڭى مىرزا، يېڭى خەۋەرلەر

كۈن ۋە ئايلار كارۋان تۈگىلىرىدەك قاتارلىشىپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتتۈەردى. يەر - زېمىننى تونۇردەك قىزىتىۋەتكەن تومۇز تەپتى ئازراق سوۋۇپ قالدى. پەسىل قەدىمى كۈز ئايلىرىنىڭ قارىسىغا يېقىنلاشتى. باش باھار كىرىشى بىلەنلا ساپان ياكى كەتمەن تەگمىگەن تاشلاندۇق ئېتىزلاردىن ئۈنۈپ چىققان ئوت - ئۆسۈملۈكلەر، باشاقلىرى كۆكۈاش پېتى يەپ تۈگىتىۋېتىلگەن قوناقلىقلار بالدۇرلا سارغىيىشقا باشلىدى. جۈتتىن ئاشقان مېۋىلىرى ياز كىرمەيلا يىگلەپ تۈگىگەن سۇسىز باغلارمۇ مەزگىلسىز خازان بولدى. نەچچە ئاي داۋام قىلغان تومۇزدىمۇ يۈرەك - باغرى مۇزخانىدەك توڭلاپ تۇرغان ئادەملەر يا ئەتىيازنىڭ ئىللىقلىقىنى سەزمىدى، يا يازنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمىدى. ئاتىنى بالىدىن، بالىنى ئانىدىن، ئەرنى ئايالدىن، قېرىنداشنى قېرىنداشتىن ئايرىۋەتكەن تۈگىمەس ھاشارلار، ئالتۇن قەستىدە جۇۋان - سىڭىللەكلەرنىڭ قۇلاقلىرىغا ئېسىلىپ، ئەركەكلەرنىڭ چىشىنى چېقىپ، كونا قازناقلارنى، بوغچا - تۈگۈچلەرنى قويماي ئاختۇرۇپ چىققان زاكاتچى - سەركارلار پۇقرانى پوستىنى سويۇۋەتكەن پىيازدەك يالىڭاچلاپ قويدى.

«كۆسەي ئۆزۈن بولسا قول كۆيمەيدۇ» دېگەن ھېكمەتنى كىچىكىدىلا ئۆگىنىۋالغان نىياز ھېكىمبەگ، خالمان پانساتتىن ئىبارەت بۇ «كۆسەي» ئارقىلىق نۇرغۇن مۇددىئالىرىنى روياپقا چىقاردى. جاي - جايلاردا يېلىنجاشقا باشلىغان ئىسيان ئوتلىرى مۇشۇ «كۆسەي» نىڭ چۇخچىلىشى بىلەن ئۆچۈرۈپ تاشلاندى. ھاللىقلارنىڭ ھويلىسىدىن، نامراتلارنىڭ ئۈچىسىدىن تارتىۋېلىنغان

گىلەم ۋە ماتالار لاداخ يولى بىلەن كەشمىر ، ھىندىستانلارغا ، يۈزگە يېقىن ئۈستىخانىلاردا تەييارلىنىۋاتقان شايى ـ ئەتلەسلەر تېرەكداۋان ، ئۈش ئارقىلىق پەرغانە شەھەرلىرىگە توشۇلۇپ تۇرىدىغان بولدى . ئالتۇن كانىدىن ۋە يۇقىرا بىساتىدىن كېلىدىغان ئالتۇن بىلەن چۆنتەكلىرىمۇ خېلى تومپايدى . مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى مېھرىگىياھدەك مەنپەئەت قىلىپ ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ «كېسەل» دىن خالاس بولۇپ ، سەللىمازا ساقىيىپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى .

بۈگۈن ئاللانىڭ ئۇلۇغ كۈنى بولغاچقىمۇ ، ھاۋا شىشىدەك سۈزۈك ئىدى . بىر پارچىمۇ بۇلۇت بولمىغان زەڭگەر ئاسمان كۆك دېڭىزدەك تاۋلىناتتى . تېخى ئەتىگەنگىچە يەر بېغىرلاپ ، توپا توزۇتۇپ يۈرگەن شوخ شامالمۇ ئەمدى ئۆزىنى چەتكە ئالغانىدى . بىراق ، شامالسىز ، بۇلۇتسىز ھاۋانى ئانچە ئىسسىق دېگىلىمۇ بولمايتتى .

«بىتاب» بولۇپ ، «ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان» بىرنەچچە ئايدىن بېرى ، ئوردا ئەھلى ۋە جامائەتكە تۇنجى قېتىم چىراي كۆرسىتىۋاتقان نىياز ھېكىمبەگ بۈگۈن خېلى خۇشخۇي كۆرۈنەتتى . ئۇ ئادىتى بويىچە ، ياقۇپبەگنىڭ ھۇزۇرىغا يوللىنىدىغان ئازنىلىق تارتۇقنى چوڭ مەسچىت ئالدىدىنلا يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ، چوڭ جامە قۇرۇلۇشىغا قاراپ پىيادە كېتىۋاتاتتى . بىر قولىنى قىلىچنىڭ سېپىدىن ئايرىماي ، جەڭگاھقا كېتىۋاتقاندەك مەيدىسىنى كېرىپ كېلىۋاتقان خالمان پانساتقىمۇ ، سول تەرىپىدە پايپاسلاپ مېڭىۋاتقان موللاجى تۇراپقىمۇ ئۆزىچە چاقچاق قىلىپ قوياتتى . كېلىۋېتىپ ، قول ئۇزىتىۋاتقان ھاجەتمەنلەرگە مىرزىلىرى ئارقىلىق پۇل ـ پۇچەك تاشلاپ بېرەتتى . ھەتتا ئادىتىنى بۇزۇپ ئۇلارنىڭ دۇئاسى تۈگىگۈچە تاقەت قىلىپ ، ساقلاپ تۇراتتى . خوتەنگە ئاياغ باسقاندىن بېرى ، ئۇنىڭ توپىغا دەسسىگىنىنى ھېچكىم كۆرمىگەنگە ئوخشاش ، خەير ـ ساخاۋەت قىلغىنىنىمۇ ھېچكىم كۆرمىگەن ۋە ئاڭلىمىغانىدى . ئۇ ئۆزىنى

ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك بىخەتەر ۋە كۆكسى ـ قارنى كېڭىيىپ قالغاندەك ھېس قىلىشۋاتاتتى .

ھاكىمبەگ ، مەنسەپدار ۋە مەھرەملەر بولۇپ ، ئەللىك نەچچە كىشى ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا شەھەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگىرەك جايلاشقان قۇرۇلۇش ئورنىغا يېتىپ كەلدى . زامانلاردىن بېرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قەدىمكى مەسچىت چېقىپ تاشلىنىپ ، نەچچە ئون مىڭ ئادەم بىمالال ناماز ئوقۇيالايدىغان بۇ چوڭ جامەنىڭ ياسىلىشىۋاتقىنىغا بىر يىلدىن ئاشقانىدى . بەگلەرنىڭ ، ئىش باشلىرىنىڭ تامچىلارنى دۆشكەلەشلىرى ، ئاسمان ـ پەلەك مۇنارلارغا لاي تارتىشىۋاتقانلارنىڭ ئەندىشىلىك چۇقانلىرى ، لىم كۆتۈرگۈچىلەرنىڭ ھە ـ ھۇلىرى ، تۆشۈك تېشىشۋاتقان ، ياغاچ ھەرىدەۋاتقان ئۇستىلارنىڭ تاراق ـ تۇرۇقى پۈتكۈل ئىش مەيدانىنى خۇددى ئازنا بازاردەك قىزىتىپ تۇراتتى . ئېگىزرەك بىر پەشتاقتا لەشكەر ـ چېرىكلەرنىڭ سىپاگەرلىكىنى تاماشا قىلىشۋاتقاندەك گىدىيىپ تۇرغان خالمان پانسات «غوجاكاڭنىڭ قولىدىن ئىش كېلەمدىكەن» دېگەندەك ، نىياز ھېكىمبەگكە مەغرۇرانە نەزەر بىلەن قاراپ قويدى . ئەپلىك بىر باھانە بىلەن ئۆزىنى پەردە ئارقىسىغا ئالغان ھاكىمبەگدىن توپىلاڭچىلارنىڭ ئۇۋۇسىنى قېزىش ، باغ ـ جامە قۇرۇلۇشىغا باشچىلىق قىلىش يارلىقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن بۇيان ، ئۇ بۇ يەردە قىلىچ ۋە قامچىنىڭ كۈچى بىلەن ئىش تەۋرىتىۋاتاتتى .

— بېگىم ، ئىشلىرىمىز قانداقراق بوپتۇ ؟ — دەپ سوراپ قالدى ئەمىرلەشكەر ، ھەيرانلىقىنى باسالماي تۇرغان نىياز ھېكىمبەگدىن .

— قالتىس ئىش بوپتۇ ، قالتىس . ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ سەجدىگاھى بولغان بۇ كاتتا ئىمارەتكە سىڭدۈرگەن ئەجىر ـ مېھنەتلىرى ئۇچۇن ئاللاتائالا سىلىگە ھەددى ـ ھېسابسىز ساۋاب ئاتا قىلغۇسىدۇر ، — دېدى نىياز ھېكىمبەگ جاۋابەن . ئۇ ئۇزۇنلۇقى سەككىز غۇلاچ ، توملۇقى ئىككى غۇلاچ كەلگۈدەك

تاراشلانغان سەگۈ ياغىچىنى يەلكىلىرىدە كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئادەملەرگە قولىنى چىنەپ سورىدى :

— بۇنداق سەرخىل ياغاچنى ئۇلار نەدىن ئەكېلىۋاتىدىكىن؟

— نەدىن بولاتتى ، بۇ يەرگە ئاتلىق بىر كۈنلۈك كېلىدىغان يەردىن بولمامدۇ؟ ئۇ يەرنى تارشىلىق لەڭگەر دېيىشىدۇ . بۇنداق چوڭ ياغاچنى ئەكەلگۈچە نەق ئۈچ كۈن ۋاقىت كېتىدۇ ، — مەنسىتمىگەن تەلەپپۇزدا جاۋاب بەردى خالمان پانسات .

— يۇرسىلە ئەمىرلەشكەر جانابلىرى ، ئۇ يىگىتلەرنىڭ هال - ئەھۋالىنى سوراپ قويايلۇق...

نىياز ھېكىمبەگ نىمىشقىدۇر دىمىغىنى قىقىپ ، بېشىنى چايقاۋاتقان ئەمىرلەشكەرنى باشلاپ پەسكە چۈشتى - دە ، يەلكىسىنى تاغدەك بېسىپ تۇرغان چوڭ ياغاچنى ياغاچچىلارغا تاشلاپ بېرىپ ، ئەمدىلا ئۆرە بولۇۋاتقان هاشارچىلارنىڭ يېنىغا كەلدى . هاشارچىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ماتا كۆڭلىكىنىڭ مۈرىسى تىتما - تىتما بولۇپ كەتكەنىدى . ئېچىلىپ قالغان يارىدىن قان تەپچىپ تۇراتتى . دۈمبە ۋە گەدەنلىرىدە يول - يول تامچە ئىزى كۆرۈنەتتى . هارغىن چىرايلىرىدىن تويا ئۆرلەيتتى . پۇتكۈل ئەزايى يامغۇردا قالغاندەك هۆل بولۇپ كەتكەنىدى .

يۇرت كاتتىلىرىنىڭ قارىسىنى كۆرگەن ئىش بېشى ئولتۇرۇۋاتقان يېرىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە :

— چاپسان سەپ بولۇڭلار ، ئۆلۈمتۈكلەر ، — دەپ چالۋاقىغان پېتى ئۈچ - تۆت هاشارچىنىڭ بېشىدا قامچا ئوينىتىپ ئۇلگۇردى .

— هاي ... هاي ، ئىنساپ ... ئىنساپ ...

ئىش بېشىنىڭ قامچا كۆتۈرگەن قولى نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئېتىرازى بىلەن تەڭ هاۋادىلا ئېسىلىپ قالدى . ئۇ قانداق سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئاڭقىرالمىغاندەك ، بىر هاكىمبەگكە ، بىر ئەمىرلەشكەرگە قارىدى . نىياز ھېكىمبەگ هاڭۋېقىپ تۇرغان ئىش بېشىغا ئالىيىپ قويۇپ ، هاشارچىلارغا قاراپ چوڭقۇر تىن

ئالدى ـ دە :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، دۇئاگۇي مۇسۇلمانلار ، — دېدى ئاۋازىنى تىترىتىپ ، — جانابىي ھەقنىڭ خاھىشى ، يۇرتىبېگىنىڭ پەرمانى بىلەن ، پاك ئىمان ئەمىرلەشكەر جانابلىرىنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە ئاللا ئۈچۈن ئۆي ، ئۆزۈڭلەر ئۈچۈن بىر كاتتا سەجدىگاھ بەرپا قىلىپ ھەددى ـ ھېسابسىز ساۋاب تاپتىڭلار ، بۇ ساۋابىنىڭ ھىممىتىنى كەرەملىك ئاللا بۇ دۇنيادا بەرمىسە ، ئۇ دۇنيادا بەرگۈسىدۇر . ئابا ـ ئەجدادلىرىڭلارنىڭ روھىنى جەننەتكە چىللاپ ، تامامى گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلغۇسىدۇر ، قېنى تەقۋادار مۇسۇلمانلار ، پانىي ئالەمنىڭ راھىتىدىن كېچىپ ، باقىي ئالەمنىڭ پاراغىتىنى كۆزلىگەن ئاقىللار ، سىلەرنى ساۋاب ئىشقا دالالەت قىلغان ئەمىرلەشكەر جانابلىرىنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇلۇغ ئىشىمىزنى چاپسانلىتايلى ، ئامىن...

— ئامىن... ئىلاھا ئامىن...

كېرەك بولسا نادانلىق دېگەن مانا ! دۇشمىنىنى زىنھار كەچۈرمەيدىغان ، لېكىن ئۆزگىنىمۇ ئۆزىدەك چاغلايدىغان ، بىراۋنىڭ ئاللانىڭ نامى بىلەن قىلغان ئىككى ئېغىز يۇمشاق گېپىگە چوغقا چۈشكەن مومدەك ئېرىپ كېتىدىغان خوتەنلىكلەر «ئاللا ھاكىمبەگكە تەۋپىق بەرگەن بولسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ، قامچا ئىزى چۈشكەن قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈردى . بەزىلەر ئۆز دۇئاسىدا ھاكىمبەگنىڭ دىيانىتىگە شۈكۈر ـ رەھمەتلەر ياغدۇردى . گەۋدىسىنى كۆتۈرۈشكە ئاجىز كەلگەن ئاياغلىرى بىردىنلا دەرمانغا تولدى ـ دە ، ئارغامچا ـ توقۇناقلىرىنى كۆتۈرگىنىچە تارشىلىق لەڭگەر يولىغا راۋان بولدى...

نىياز ھېكىمبەگ جەڭگە ماڭغان جەڭچىلەردەك جەسۇر قەدەملەر بىلەن كېتىپ بارغان ھاشارچىلارنىڭ قارىسىغا قاراپ پىسەڭگىدە كۈلۈپ قويدى . ئۇ ئاغزىنى ئاچقان پېتى ھاڭۋېقىپ قالغان خالمان پانساتقا بۇرۇلۇپ :

www.uyghurkitap.com

— جانابلىرى ، بۇنچە ھەيران قالغۇدەك نېمە ئىش بولدى بۇ يەردە؟ — دەپ سوراپ قويىدى قىرىشقاندەك . خالمان پانسات ئالمان ـ تالمان ئىپسىنى يىغىپ چۈشىنىكسىزلا بىرنېمىلەرنى دېدى :

— بۇ... بۇ دەيمەنا ئەمدى...

نىياز ھېكىمبەگ خالمان پانساتنىڭ ھەيران قالغانلىقىنى مازاق قىلغاندەك پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە ، يەنە سورىدى :

— ئەمىرلەشكەر جانابلىرى ، كۆڭۈللىرىگە كەلمىسە بىر سوئال سوراي ، خوتەن دىيارىدا نېمە سەۋەبتىن مازار ـ ماشايىخلار بۇنچىۋالا كۆپ ؟

خالمان پانسات نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇپلا قالدى . بۇنداق زىل سوئالغا كاللىسىدىن كۆرە قولى بەكرەك كارغا كېلىدىغان خالمان پانساتلا ئەمەس ، بەلكى خېلى ـ خېلى ئادەملەرنىڭمۇ قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن نىياز ھېكىمبەگ بۇ سوئالغا ئاخىر ئۆزى جاۋاب بەردى :

— دۇرۇس ، خوتەندە مازار ـ ماشايىخلار ساماندەك تولا ، دېمەك خوتەندە ، خوتەنلىكلەرنىڭ قولىدا شېھىت بولغان سەركەردە ، ئەلەمدارلارمۇ ساماندەك تولا . ئۇلار شەمشەر يالىڭاچلاپ ، تۇغ تارتىپ قاياقلاردىندۇر كېلىپ بۇ گۈزەل يۇرتنى ئەل قىلماقچى بولۇشقانۇ ، خوتەنلىكلەرنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى ، خۇي ـ پەيلىنى ھېسابقا ئالمىغان . مانا مۇشۇ چوڭ خاتالىق ئۇلارنى ئەجەل ئاغزىغا سۆرەپ ئاپارغان . ئەرەب دەشتىنى ، خارەزىم دالالىرىنى تىترەتكەن ئەرەب ، پارس سەركەردىلىرىنىڭ سەۋەنلىكىمۇ ، ئىككى ئەۋلاد قاراخانىيلار سۇلتانلىرىنىڭ خاتاسىمۇ دەل مۇشۇ يەردە . خۇللاس ، خوتەنلىك جاھىللار بىلەن يۈزمۇيۈز تۇتۇشقان ھەرقانداق ئەخمەق سەركەردە خوتەندە ئەزەلدىن نۇسرەت قازىنالمىغان . جەڭگە ئەمەس ، رەڭگە ، يەنى ، ئەقىلگە تايانغانلارلا بۇ زېمىندا پۇت دەسسەپ تۇرالىغان ...

— بىئەدەپلىك بولسىمۇ كىچىككىنە بىر سوئالىم بار

ئىدى ، — باياتىن بېرى قۇلاق مۇللىسى بولۇپ بىر چەتتە قاراپ تـۇرغان موللاجى تۇراپ نىياز ھېكىمبەگدىن ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن :

— خوتەنلىكلەر ئۆز زامانىسىدا ئۇلارنى دۈشمەن دەپ بىلىپ ھالاك قىلغانىكەنئۇ ، بۈگۈنكى كۈندە يەنە نېمىدەپ ئۆز قولىدا شېـھـىـت بولغانلارغا مازار تىكلەپ باش ئۇرىدىغاندۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— بـەلـلى ، بەللى ، گەپـىـنىڭ تـۇگـۈنـى مانا مۇشۇ يەردە ئەمەسمۇ ؟— نىياز ھېكىمبەگ «قىزىم ساڭا ئېيتاي ، كېلىنىم سەن ئـاڭلا» دېگەندەك ، موللاجى تۇراپنى خالمان پانساتنىڭ يۈزىچىلا مـاخـتاپ قويدى ۋە ئېچىلىپ - يېيىلىپ سۆزلىگىلى تۇردى ، — دوست بىلەن دۈشمەننى نېمە بەلگىلەيدۇ ؟ پەقەت مەنەن مايىللىقلا بەلگىلەيدۇ ، ئالايلۇق ، ئۆز ۋاقتىدا خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ دىنىي ئـىـسـلامغا مەنەن مايىللىقى بولمىغاچقا ، قەشقەرىيەدىن كەلگەن ئىسلام سەركەردىلىرىنى دۈشمەن چاغلاپ جان تىكىپ ئېلىشتى ۋە ئۇلارنى شېھىت قىلدى . كېيىنچە ، ئالاھازەل يىگىرمە نەچچە يىل ئۆتـكـەنـدىن كېيىن خوتەنلىكلەر ئالLANىڭ ئىرادىسى ۋە يۈسۈپ قـادىرخاننىڭ[1] شىجائىتى بىلەن دىنىي ئىسلامنى قوبۇل قىلدى . مـەنەن مـايـىـلـلـىـقـىـمـۇ ئـۆزگـەردى . شۇنىڭ بىلەن ئىسلام سەركەردىلىرىنى شېھىت قىلىشتا جانبازلىق كۆرسەتكەن داڭدار سەركەردىسى سەنسۇۋېلنى[2] كاپىر چاغلاپ قەبرىسى بېشىغا تەرەت

① يۈسۈپ قادىرخان — سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئوغلى ، مىلادىيە 1013 — 1014 - يىللىرى يەكەنگە ، مىلادىيە 1014 — 1015 - يىللىرى قـەشـقـەرگـە ھـۆكـۈمـرانلـىـق قىلغان ، شۇنداقلا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خوتەننى ئىسلاملاشتۇرغان تۆنجى خانى . ستەيىن يۈسۈپ قادىرخان قىرىق مىڭ ئىسلام لەشكىرى بىلەن خوتەنلىكلەرگە قارشى يىگىرمە تۆت يىل ئۇرۇش قىلغان ، مىلادىيە 1006 - يىلى خوتەن بۇددىستلىرىنى بويسۇندۇرغان دەپ قارايدۇ . ئۇ مىلادىيە 1031 — 1032 - يىلى ئارىسىدا ۋاپات بولغان .

② سـەنـسـۇۋېـل — ئـىـسـلامىيەتتىن بۇرۇنقى خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ ھەربىي سەركەردىسى .

www.uyghurkitap.com

قىلىشنى ئۇدۇم قىلدى . ئۆز قولى بىلەن شىھىت قىلغان ئىمام ـ سىپاھلارغا بولسا يەنە ئۆز قولى بىلەن مازار تىكلەپ ئۇلۇغلىرى قاتارىدا كۆرۈپ تاۋاپ قىلىشتى . بىلىش كېرەككى ، پۇقرانىڭ مەنىۋىيىتىنى رام قىلمىغۇچە يۇرتىنى ئەل قىلغىلى بولمايدۇ ، يۇرت ئالغاندا قىلىچ ياكى پەمگە ، يۇرت سورىغاندا ئەقىلگە تايىنىشتىنمۇ ئوبدانراق چارە بولمىسا كېرەك …

موللاجى تۇراپ ھاكىمبەگنىڭ ئېيتقانلىرىغا قايىللىق بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى . باياتىن بېرى خۇددى بۆرگە چېقىۋالغاندەك بىئارام بولۇۋاتقان خالمان پانسات نىياز ھېكىمبەگدىن سورىدى :

— تەقسىر ، ئۇنداقتا «جەننەت قىلىچنىڭ سايىسى ئاستىدا» دېگەن ئايەتكە قانداق مەنە بېرىش كېرەك ؟

— شۇنىسى دىققەتلىرىنىڭ تېشىدا قالمىغايكى ، — دېدى نىياز ھېكىمبەگ جاۋان ، — ئاللا جەننەتنى قىلىچنىڭ سايىسى ئاستىدا ، دېگەن ، ھەرگىز قىلىچنىڭ ئۆزىدە دېمىگەن . پېقىر ھاكىمبەگلىرى يەكەن مەدرىسلىرىدە نى ـ نى ئۆلىما ـ ئەللامىلەرنىڭ خۇسۇسىي سۆھبىتىدە بولغانمەن . قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس كىتابلىرىنى كۆپ مۇتالىئە قىلغانمەن . سەككىز جەننەتنىڭ ھېچبىرىدە قىلىچ ـ نەيزە كۆتۈرگەن سىپاھ ـ سەركەردىلەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىمىدىم . رىۋايەت قىلىنىشىچە ، جەننەت مۇئەككىلى مالىك رىزۋانمۇ جەننەت دەرۋازىسىدا قىلىچ ـ نەيزە تۇتۇپ تۇرماسمىش !

— پاھ… پاھ… نېمىدېگەن قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بۇ… — مولاجى تۇراپنىڭ يۈزتۇرا دوست تارتىشى خالمان پانساتنىڭ ئىچىشىپ تۇرغان كونا يارىسىغا تۇز سېپىۋەتتى . ئۇ پوپوزا قىلىپ ، ئادىتى بويىچە قىلىچىنىڭ سېپىنى تۇتۇپ قويدى . «ئىشەككە كۈچۈك يەتمىسە ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك ، مولاجى تۇراپقا ئالىيىۋېلىپ دەردىنى چىقىرىۋالدى .

بەزىدە مۇشۇكتەك يالىشىپ ، بەزىدە ئىتتەك تالىشىپ

يۈرىدىغان بۇ ئىككى مەنسەپدار خۇددى سەزگۈر تارازىنىڭ ئىككى بېشىدىكى ئىككى پارچە يۈككە ئوخشايتتى . ئۇلارنىڭ يالىشىشمۇ ، تالىشىشمۇ ، سالمىقىمۇ نىياز ھېكىمبەگ تەرىپىدىن ئۇستىلىق بىلەن بەلگىلىنەتتى . زۆرۈرىيەت تۇغۇلىدىكەن ، ئۇ ئۇلارنى تۆيدۇرماي دوستلاشتۇرۇپ قوياتتى . خالىسا چاندۇرماي دۈشمەنلەشتۈرۈۋېتەتتى . ئىككىسىنىڭ نىياز ھېكىمبەگنىڭ كۆڭۈل تارازىسىدىكى ئورنىمۇ توختىماي ئۆزگىرىپ تۇراتتى . كىمدىن كۆسەي ئورنىدا پايدىلانماقچى بولىدىكەن ، ئۇنىڭ سالمىقىنى ئاشۇراتتى . مۇرادىغا يېتىۋالغان ھامان بىر ئامال قىلىپ ئۇرۇپ چۈشۈرەتتى ياكى بىرىنى يەنە بىرىنىڭ ئالدىغا توسۇق قىلىپ قوياتتى . نىياز ھېكىمبەگ بىلەن موللاجى تۇراپىنىڭ يېقىندىن بېرىقى يېقىنلىشىشىمۇ ھەرگىز تاسادىپىيلىققا ياتمايتتى . ئىش قىلسا ئويلاپ قىلىدىغان ، قىلنى قىرىق يارىدىغان ھاكىمبەگ خالمان پانساتنىڭ رولىنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى ، ئۇنىڭ كۈنسېرى ئىتتىكلەپ كېتىۋاتقان شەمشىرىنىڭ بىسىنى ياندۇرۇپ قويىدىغان ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ قالغانىدى .

ئوردا ياساۋۇلبېشىنىڭ ئوردا تەرەپتىن ئات چاپتۇرغان پېتى يېتىپ كېلىشى ئۇلارنىڭ قاتماللىققا يۈزلەنگەن سۆھبىتىنى چورتلا ئۈزۈپ تاشلىدى . چىرايى جىددىي تۇس ئالغان ياساۋۇلبېشى قائىدە بويىچە ئۇلاردىن ئون نەچچە قەدەم نېرىغا كېلىپ تىزگىن تارتتى . ئاندىن سەكرەپ چۈشۈپ ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇنىڭغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى . ھاكىمبەگ ياساۋۇلبېشىنىڭ دېگەنلىرىنى قايتا بىر قېتىم ئاڭلىدى ۋە بىردىنلا جىددىيلىشىپ مەھرەملىرى تەرەپكە بۇرۇلۇپ :

— تەختىراۋان ، — دەپ ۋارقىرىدى .

نىياز ھېكىمبەگ ۋە ئۇنىڭ ئەمىرلىرى ئوردىغا يېتىپ كەلگەندە ياقۇپبەگ ئەۋەتكەن يېڭى مىرزىبېشى ئاللىقاچان يېتىپ كەلگەنىدى . يېشى ئەللىكلەرگە تاقىغان ، قۇلاقلىرى بىلەن

تۇتىشىپ كەتكەن قارا ساقىلى ۋە قويۇق بۇرۇتىغا بىر تالمۇ ئاق كىرمىگەن ئېگىز بوي، گەۋدىلىك بۇ ئادەمنىڭ دىۋانىنىڭ تۆرىگە جايلاشتۇرۇلغان ئامراق تەختىگە ئولتۇرۇۋالغانلىقى نىياز ھېكىمبەگكە ئانچە ياقمىدى. لېكىن، ئۇ كىرىپلا ئادەتتە بەگ- ئەمىرلىرى تۇرىدىغان يەردە تۇرۇپ سالام بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم مىرزىبېشى، ھارمىغايلا؟

مىرزىبېشى تەختتە ئولتۇرۇپ بېشىنى ئازراق ئەگدى ۋە ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام قايتۇردى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

«ياقۇپبەگ نېمىدەپ يەنە مىرزىبېشى ئەۋەتىدۇ، مىرزىبېشى نېمىدەپ ئالدىن خەۋەر قىلىۋەتمەيلا تۇيۇقسىز يېتىپ كېلىدۇ؟ بۇ ياخشىلىقتىن دېرەك بېرەمدۇ ياكى يامانلىقتىنمۇ، ئاببىاس مىرزىنىڭ ئۆلۈمى ئۈستىدا گۇمان قوزغاپ قويدىمۇيا؟» نىياز ھېكىمبەگ تەخت ئالدىغا بېرىپ مىرزىبېشىغا قول بېرىپ بولغۇچە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلاپ ئۈلگۈردى.

يېڭى مىرزىبېشى تەختتىن چۈشۈپ نىياز ھېكىمبەگكە قول بەردى. نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئەمدىلا جايىغا چۈشكەن يۈرىكى ياقۇپبەگنىڭ مۆھرى بېسىلغان يارلىقنى كۆرۈپلا يەنە قالايمىقان سوققىلى تۇردى. ياقۇپبەگ ئۆز يارلىقىدا بۇ يېڭى مىرزىبېشىنى: «ئېسىل نەسەبلىك، ئەلەمدە ۋە قەلەمدە كامالەتكە يەتكەن زات» دەپ تەرىپلىگەن، يەنە كېلىپ ئۇنى مەرھۇم ئاببىاس مىرزىنىڭ قېرىنداش ئىنىسى دەپ ئەسكەرتىپ ئۆتكەنىدى. يارلىقنى ئوقۇۋېتىپ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ يۈرىكى ئۆرۈلدى-دە، ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى.

نىياز ھېكىمبەگ: «يارەببىم، بەندەڭگە مەدەت بەرگىن، غەيرەت ئاتا قىلغىن، يات ئادەمنىڭ ئالدىدا شەرمىساز قىلمىغىن» دەپ ئاللادىن مەدەت تىلىدى ۋە ئۆز-ئۆزىگە چىدام بەردى، بارلىق مۇسكۇللىرىنى ئىشقا سېلىپ، پەيلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ،

تېزدىنلا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى . كەڭ گىرۋەكلىك قاما تۇماق ، زەر ياقىلىق تون كىيگەن سالاپەتلىك ئىلياس مىرزىبېشىنىڭ تەلىپى بىلەن ئۇنى خاس قوبۇلخانىسىغا باشلاپ كىردى . كېتىۋېتىپ ئۆز يېنىدا غايىب ئەرۋاھتەك پەيدا بولۇپ قالغان بۇ مىرزىبېشىنىڭ نىيەت ـ ئىقبالى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزدى . ئېھتىمالغا قارشى تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىلىرى ئۈستىدە خېلى ئوبدان ئويلىنىۋالدى . بىراق ، ئۇ ئۆزىنى قىيناپ تۇرغان بىر مۇھىم مەسىلىگە ، يەنى بۇ يېڭى مىرزىنىڭ ئويلىمىغاندا خوتەنگە كېلىشى ئاباس مىرزىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئالاقىدارمۇ ـ ئەمەسمۇ ؟ دېگەن سوئالغا زادىلا جاۋاب تاپالمىدى .

نىياز ھېكىمبەگ ئىلياس مىرزىغا ئادىتىگە خىلاپ ھالدا قوبۇلخانىسىدىلا غىزا تارتقۇزدى . ئولجىسىز قالغان ئاچ بۆرىدەك ئېچىرقاپ كەتكەن ئىلياس مىرزا ئوخشىغان پولۇنى قوزا بېشى قىلىپ ئاغزىغا ئاتقىلى تۇردى . سارغىيىپ پىشقان بىر پارچە گۆشنىمۇ ئۈستىخىنىغا يەتكۈزۈپ غاجىلىۋەتتى . لېگەنگە قول ئۇزاتقان بولۇپ ، مىرزىبېشىنىڭ ئىشتىھاسىنى ئاستىرتىن كۆزىتىپ ئولتۇرغان نىياز ھېكىمبەگ تۆت مەدىكارنى تويدۇرغۇدەك يوغان بىر لېگەن پولۇنى كۆردۇم دېمەي سوقۇۋەتكەن مىرزا ئۈستىدىن تۇنجى ھۆكۈمنى چىقاردى ۋە ئۇنى «ئانچە ئەقىللىق ئادەم ئەمەس» دەپ جەزملەشتۈرۈپ ، ئۈستىنى بېسىپ تۇرغان تۇگمەن تېشىنى بىراقلا ئىرغىتىۋەتتى .

— ھاكىمبەگ ئالىيلىرى ، — مىرزىبېشى داستىخاننىڭ يىغىشتۇرۇلۇشىنى كۈتمەيلا سۆز باشلاپ دېدى ، — چىن گېپىمنى قىلسام ، ئەسلىدە بۇ يۇرتقا كەلگۈممۇ يوق ئىدى ، قەشقەرىيىدىكى كۈنلىرىممۇ يامان ئەمەس ئۆتۈۋاتاتتى . بىر كۈنى ئاتالىق غازى ئالىيلىرى ھۇزۇرىغا چىللاپتۇ ، بېرىۋىدىم ئالىيلىرى : «خوتەنگە مىرزىبېشى بولۇپ بېرىپ ، قېرىندىشىمىز خوجا ئاباسنىڭ قاتىلىنى ئۆز قوللىرى بىلەن تۇتۇپ كېلىشنى خالامدىلا ؟» دەپ

سوراپ قالدى . كەمىنىلىرى ئالىي پەرمان ئالدىدا نېمىمۇ دېيەلەيتتىم . شۇنداق قىلىپ قېرىندىشىمنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈنلا بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم .

— مىرزىبېشىنىڭ قاتىلىنى ؟ — «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك» دېگەندەك ، مىرزىبېشىنىڭ «قاتىل» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ نىياز ھېكىمبەگ بىردىنلا ساراسىمىگە چۈشتى ۋە سورىدى ، — خەۋەرلىرىدە بارمىكىن ، ئۆز ۋاقتىدا ھەمدەم قارماق دېگەن قاتىلنى ئالىيلىرىنىڭ كېسىمىگە يوللاپ بەرگەنىدۇق ، ئاڭلىسام ئۇ قاتىل جىنايىتىگە تۇشلۇق جازاسىنى تارتىپتۇ . بىلمىدىم ، يەنە قايسى قاتىلنى تۇتىمىزكىن ؟

— ھەمدەم قارماققۇ تارتقۇلۇقىنى تارتتى ، — دېدى ئىلياس مىرزا نىياز ھېكىمبەگنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ ، — لېكىن ، جانابلىرىغا قاراڭغۇ بولسا كېرەك ، قېرىندىشىمغا قەست قىلغان قاتىلنىڭ يەنە ئىككىسى يىراق تاغلاردا قېچىپ يۈرگۈدەك ، يەنە بىرى گۇما تەرەپتە ئارامخۇدا ياشاۋېتىپتىمىش...

ئىلياس مىرزا قاتىل دېگەندە ، ئۆزىنى ئەمەس بەلكى ئاللىكىملەرنىدۇر كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىنى چۈشەنگەن ھامان نىياز ھېكىمبەگ خۇددى دوزاخ بوسۇغىسىدىن قايتىپ كەلگەندەك خۇشال بولدىيۇ ، بۇ خۇشاللىقى بىردەمدىلا قايغۇ بىلەن ئالماشتى .

ئەگەر ئىلياس مىرزىنىڭ دېگىنى راست بولسا ، تاغ ۋە گۇمىدىكى قاتىللارنىڭ سانجۇدىن قېچىپ كەتكەن ھېلىقى ئۈچ ئاتلىق كىشى ئىكەنلىكىگە قىل سىغمايتتى . خالمان پانسات ئۈچ - تۆت ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپمۇ تۇتالمىغان ئۇ كىشىلەرنىڭ ئاشۇنداق يىراق يەرلەردە يۈرۈشىمۇ ئەلۋەتتە مۇمكىن ئىدى . بىراق ، نىياز ھېكىمبەگنى تەشۋىشلەندۈرگىنى قاتىللار توغرىسىدىكى بۇنداق مۇپەسسەل مەلۇماتنىڭ كىملەر تەرىپىدىندۇر ياقۇپبەگكە يەتكۈزۈلگەنلىكى ئىدى .

«قورققانغا قوش كۆرۈنەر» دېگەندەك ، ئۇ ئويلاۋەرگەنسېرى ،



www.uyghurkitap.com

ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرگەن خالمان پانساتمۇ ، موللاجى تۇراپ ، تۆمۈر خەزىنىچىبەگمۇ ، ياساۋۇل ـ مەھرەملىرىمۇ كۆزىگە بىنومۇس ئايغاقچى قىياپىتىدە كۆرۈنگىلى تۇردى . بۈگۈن تۆمۈر خەزىنىچىبەگنىڭ سالامغا كەلمىگەنلىكى ئۇنىڭ بۇ گۇمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى .

«خوتەنگە قېقىلغان مەخپىي قوزۇقلارنى جەزمەن بىلىۋېلىشىم زۆرۈر ، بولمىسا ماڭا بىر كۈنمۇ ئامانلىق يوق !» نىياز ھېكىمبەگ ئۇمىدىنى مىرزىبېشىنىڭ ئەقىلسىزلىقىغا باغلاپ «تېرىكتۈرۈپ دامغا چۈشۈرۈش» ھىيلىسىنى قوللاندى ۋە :

— تەقسىر ، كەمىنە بۇرادەرلىرى ئاباس مىرزىنىڭ قاتىلىنى تۇتۇپ قىساس ئالمىغۇچە تەكىيىگە باش قويمايمەن ، دەپ قەسەم ئىچكەن ئادەممەن . ئۇلارنىڭ تاغدا ، گۇمىدا بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ، بار دېيىلسە ، ئۇلارنى كىم كۆرگەن بولسا شۇ ئادەم ئالدىمدا ماڭسۇن ، ئۇلارنى تۇتۇپ ئالىيلىرىنىڭ كېيىمىگە ئەۋەتىپ بەرمەيدىغان بولسام••• — دېۋىدى ، ئىلياس مىرزا بىلىپ ـ بىلمەي دامدىن يالتايدى :

— ئۇلارنى كىم كۆرگەنلىكىگە كەلسەك ، بۇ كەمىنىلىرىگە نامەلۇم . بىراق ، ئۇلارنى يا خوتەنلىكلەر كۆرگەندۇ ، يا ئالىيلىرى ئەۋەتكەن خادىملار كۆرگەندۇ ، ئىشقىلىپ بۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس . مۇھىمى تاغدىكى قاتىللارنى ۋە سىلى ـ بىزگە خىرىس قىلىپ تۇرغان ئىككى يۈزچە چوماقچىنى بالدۇرراق يوق قىلىش ! — دېدى ئۇ نىياز ھېكىمبەگكە قورقاق سېلىپ .

— ئىككى يۈزچە چوماقچى ؟ — تەكرارلىدى نىياز ھېكىمبەگ . ئىلياس مىرزا ئۇنى چۆچۈتكۈدەك گەپتىن يەنە بىرنى قىلدى :

— دۇرۇس ، ئىككى يۈزچە چوماقچى خېلىدىن بېرى تاغنى ماكان تۇتۇپ ، قورال ـ ياراغ غەملەۋاتىدۇ ، ئادەم يىغىۋاتىدۇ . ئۇلار مىڭغا يەتكەندە بۇ يەرگە تېگىش قىلماقچى .

— توۋا ، مۇنداق ئىشمۇ بار دېسىلە تېخى ؟ !•••

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

## ئوتتۇز توققۇزىنچى باب

# ھاكىمبەگنىڭ پىلانى

كەچ كىرەر ـ كىرمەيلا توخۇدەك مۇگدىگىلى تۇرغان ئىلياس مىرزىنى ئۇردا تەكىيىخانىسىغىچە ئۇزىتىپ بارغان نىياز ھېكىمبەگ ئۇنىڭ بىلەن ئىشىك تۈۋىدىلا خوشلىشىپ مەھرەملىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا كەينىگە ياندى. بۇگۈن ئۇنىڭ نېمىشقىدۇر قوبۇلخانىدا تۇنىگۈسى كېلىپ قالدى ۋە خانا ئەتراپىدا سانجاق ـ سانجاق تۇرۇپ كەتكەن ياساۋۇللارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كۆڭلىنى تىندۇرغاندىن كېيىنلا، ئاندىن قوبۇلخانىغا كىرىپ ئىشىكنى ياپتى، چىراغنىمۇ ئۆز قولى بىلەن ياقتى.

ئۇ ئادەتتىكىدەك كۆرپىگە ئۆزىنى تاشلاپ، لىغىرلاپ تۇرغان تاۋار تەكىيىگە يانپاشلىمىدى. قەدەملىرىنى تېز ـ تېز يۆتكەپ خانىنىڭ تۆر تەرىپىگە كەلدى ۋە ئالتۇن يىپ بىلەن زىنىنەت بېرىلگەن يىپەك يوپۇقنى ئاستا كۆتۈرۈۋىدى، قەشقەر پاسونىدا بېزەلگەن يوغان بىر ساندۇق كۆز ئالدىدا ئايان بولدى.

نىياز ھېكىمبەگ ئاياغلىرىنى جۇپلەپ، قەددىنى يىكتەك رۇسلىدى، تونىنىڭ يەڭلىرىنى «پاق ـ پۇق» قىلىپ قېقىۋېتىپ، ساندۇق ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇردى. ساندۇق ئۈستىدىكى نېپىز تورانىنى يېڭى بىلەن ئاۋايلاپ سۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، تاۋۇت ئالدىدىكى ھازىدار ئادەمدەك بىرپەس سۈكۈتتە تۇردى ـ دە، تىترەپ تۇرغان بارماقلىرىنى ساندۇق تەرەپكە ئۇزارتتى. مۇشۇك بېشىچىلىك كېلىدىغان ئۈچ قۇلۇپنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېچىپ، ساندۇقنىڭ ئاغزىنى كۆتۈردى.

بۇنىڭدىن نەچچە ئون يىل مۇقەددەم دۆڭ دارىن ئۇنى ئۆيلەپ

قويغاندا ھەدىيە قىلغان بۇ تەۋەررۇك ساندۇقتا ئالتۇن ـ كۈمۈشمۇ ، ھېقىق ـ جاۋاھىراتمۇ ۋە ياكى ئۈنچە ـ مەرۋايىتمۇ كۆرۈنمەيتتى . پەقەت يوغان بىر قارا بوغچىلا دۈم ياتقان قارا تونلۇق ئادەمنىڭ دۈمبىسىدەك چوقچىيىپ تۇراتتى .

نىياز ھېكىمبەگ يەڭلىرىنى ئېدىتلاپ تۇرۇپ ، ئالقانلىرىنى پېشىگە سۈرتۈۋېتىپ ، ئۆزىگە نەچچە ئون يىل ھەمراھ بولغان بۇ سىرلىق ساندۇق ئىچىگە ئېڭىشتى . ھېلىقى قارا بوغچىنى ئەينەك بۇيۇمنى كۆتۈرگەندەك ئاۋايلاپ كۆتۈردى ـ دە ، گىلەم ئۈستىگە ئېھتىيات بىلەن قويۇپ ، بارماقلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن تۈگۈچىنى يەشتى .

بوغچىدا قارا يىلاندەك يۆگىلىپ ياتقان بىر ئۆرۈمە ئۇزۇن چاچ تۇراتتى . ئۇ بۇ چاچنى قوش قوللاپ كۆتۈرۈپ ، تويغۇچە سىنچىلاپ قارىۋالغاندىن كېيىن بوغچىنىڭ بىر تەرىپىگە قويۇپ قويدى . ئۇچىسىدىكى زەرباب توننى سېلىپ پەگاھ تەرەپكە چۆرۈۋەتتى . قاتلاقلىق تۇرغان يېپيېڭى ئەجدىھا سۈرەتلىك دۇردۇن پەرىجىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ يېنىك سىلكىۋەتكەندىن كېيىن ئۈچىسىغا كىيدى . بەشىنچى جەرىكلىك سۇلالە مەنسەپدارلىرىنىڭ مەرتىۋە بەلگىسى بولغان قاشتېشى نىشانلىق قارا ئوتۇغات ئۇنىڭغا باشقىچە بىر سالاپەت بەخش ئەتتى .

ئۇ كۆتەكتەك توم بېلىنى بەش ئىلىك كەڭلىكتىكى كۆن كەمەر بىلەن مەھكەم باغلىۋالغاندىن كېيىن قوللىرىنى كەينىگە تاشلاپ گىرەلەشتۇردى . چاترىقىنى كەرگەن پېتى چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ خانىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا كەلدى . بېشىنى لىككىدە كۆتۈرۈۋىدى ، ئوتۇغاتنىڭ چوققىسىدىكى بىر تۇتام پۆپۈك خۇددى شامال سوققاندەكلا لەپىلدەپ كەتتى . تام بىلەن تورۇس ئارىسىدىكى قانداقتۇر بىر نۇقتىغا مەغرۇرانە نەزەر بىلەن تىكىلدى .

نىياز ھېكىمبەگ تىكىلگەن يەردە ، يەنى تام بىلەن تورۇس تۇتاشقان بوشلۇقتا ئاجايىپ بىر مۆجىزە يۈز بېرىپ ئېگىز

يۈلەنچۈكلۈك بامبۇك كۇرسىدا پۇتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرغان دۆڭ دارىن پەيدا بولدى . ئۇنىڭ تاماكا خالتىسىدەك ساڭگىلىغان قاپاقلىرى ئارىسىدىكى يېرىم يۇمۇق كۆزىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى ، شالاڭ سىم ساقاللىرى دىر - دىر تىترەيتتى . ئاپئاق بۇرۇتى توختىماي لىكىلدايتتى . ئۇ بوغۇم - بوغۇم بامبۇك ھاسىسىنى بۇرنىغا چېنەپ تۇرۇپ نىياز ھېكىمبەگنى سوراق قىلىشقا باشلىدى :

— دۆڭ نىياز ، مەن ساڭا ھەدىيە قىلغان قاشتېشى قۇلۇپ بوينۇڭدا كۆرۈنمەيدۇغۇ ؟ — دەيتتى ئۇ ئۇنى ئەيىبلەپ .

— ...

دۆڭ دارىن ئون ئۈچ ياشلىق نىياز ھېكىمبەگكە ئۆز پۇشتىدىن تامغان ئون ئالتە ياشلىق ئوغلىدىنمۇ بەكرەك ئامراق ئىدى . بىر يۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان چاغدا تاپقان ئىككى ئوغلىنىڭ دۆتلۈكى ، كەلگەننى يەۋېرىپ چوشقىدەك سەمرىپ كەتكەنلىكى ، بىغەم ، توخۇ يۈرەك چوڭ بولغانلىقى توغرىسىدا كۆرگەنلا كىشىگە دادلاپ بېرەتتى . باقما بالىسى دۆڭ نىيازنى بولسا «مۇئەللىمىنىڭ ساۋىقىنى ئاسانلا ئۆگىنىۋالالايدۇ ، كەلگۈسىدە چوڭ ئىش تەۋرىتىدىغان ، دۆڭ جەمەتىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەيدىغان قابىل ئادەم بولىدۇ» دەپ ماختاپ كېتەتتى . شۇڭا ، ئۇ چاغان ھارپىسىدا خوتەن ھاكىمى ئەلىشىربەگ تارتۇق قىلغان قاشتېشى قۇلۇپنى ئوغۇللىرىنىڭ ئالدىدا دۆڭ نىيازغا سوۋغا قىلىۋەتكەنىدى . تېخى چاغانلىق پوجاڭزا ئاۋازى بېسىقمايلا بۇ خاسىيەتلىك قاشتېشى قۇلۇپنى ئىچى تار چوڭ ئوغلىنىڭ يانچۇقىدىن تېپىۋالغان دۆڭ دارىن ئوغلىدىن ئەمەس ، بەلكى قاشتېشىنىڭ قەدرىگە يەتمەي ، ئوغرىلانغانلىقىنى سەزمەي يۈرگەن دۆڭ نىيازدىن خاپا بولۇپ كەتتى .

دۆڭ نىياز لام - جىم دېمەي ، بېشىنى تاتىلاپ تۇرىۋەردى . دۆڭ دارىن قاشتېشى قۇلۇپنى قوينىدىن چىقىرىپ ، ئۇنىڭ كۆز

ئالدىدا پولاتتەك تۇرۇپ تەڭگىلى تۇردى :
— بـۇ خاسىيەتلىك تاش كىمنىڭ ؟ — سورىدى ئۇ زەردە بىلەن .
— ئـۆزلـىرىنىڭ دۇك دارىن ئاتا ، — دۇك نىياز جاۋاب بەردى .
— هە ؟— دۇك دارىن ئاچچىقىغا چىدىماي ۋارقىرىۋەتتى ،— ئـۆزۈڭـگـە تـەۋە نـەرسـىـنـى نېمىشقا مېنىڭ دىيىشكە جۈرئەت قىلالمايسەن قورقۇنچاق ؟ !
— ...
— هىم ، ئېيتە ، بۇ خاسىيەتلىك قاشتېشى قولۇڭنى كىمنىڭ ئوغرىلىۋالغىنىنى بىلەمسەن ؟
— ...
— بىلمىسەڭ ئېيتىپ بېرەي ، بۇنى ئاكاڭ ئوغرىلىغان !
دۇك نىيازنىڭ كۆزلىرى جامدەك ئېچىلدى ۋە دېدى :
— يوقسۇ دادا ، ئاكام ئۇنداق ئىشنى هەرگىز قىلمايدۇ ، مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن !
— ئۇنىڭغا نېمىشقا ئىشىنىسەن ؟
— ئۇ مېنىڭ ئاكام تۇرسا ؟
— هەي ھاماقەت ، — دۇك دارىن كۇرسىدىن چۈشۈپ ، دۇك نىيازنىڭ ئالدىغىچە قىستاپ كەلدى ۋە ، — كىم سېنى ئاكاڭغا ئىشەن دەپتۇ ، ھېلىغۇ ئاكاڭ ئىكەن ، ئاتاڭ بولسىمۇ گۇمانلان ، ئاناڭ بولسىمۇ گۇمانلان ، گېزى كەلسە ئۆزۈڭدىنمۇ گۇمانلان ! — دەپ چالۋاقىدى . ئارقىدىنلا «سىپاھ بەگ ، بۇ دۆت چوشقىنى قىرىق دەررە ئۇر ، ئادەم بالىسىغا ئىشەنگەننىڭ جازاسىنى تارتسۇن !» دەپ پەرمان قىلدى .
دۇك نىياز تولۇقتەك يۇمىلاندى . ئېچىنىشلىق چىرقىراپ ، ئاللا - توۋا كۆتۈردى . سىپاھنىڭ قانغا بويالغان دەررىسى ئۇنىڭ يالىڭاچلانغان ساغرىسىدا يول - يول سۆسۈنە ئىزلارنى قالدۇردى .

www.uyghurkitap.com

ئۇ ھوشىغا كەلگەن ھامان لەۋلىرىنى چىشلەپ تۇرۇپ «خەپ ، ئادەم بالىسىغا ئىشىنىدىغان بولسام•••» دەپ قەسەم قىلىۋەتتى•••

«ئىلياس مىرزا دېگىنى زادى كىم ، ئۇ راستتىنلا ئەقىلسىز ئادەممۇ ياكى قۇيرۇق كۆرستىپ ، ئۆپكە ساتىدىغان ھىيلىگەرمۇ ؟ يوقاتماقچى بولغىنى تاغ قاراقچىلىرىمۇ ياكى••• »

نىياز ھېكىمبەگ مانجۇچە ئۇستۋاش بىلەن ئۆرە تۇرغان پېتى تا تۇن تەڭ بولغۇچە خىيال سۇرديۇ ، خىيالىدىن قانائەتلەنگۇدەك بىرەر نەتىجە چىقىرالمىدى . ئاخىرىدا ئۇمىدىنى قۇدالاي ۋە ھوشۇر مەھرەمگە باغلىدى . قەشقەردىن پات ـ پات كېلىپ تۇرىدىغان ئايغاقچىلار بىرەر ئىشەنچلىك مەلۇمات ئەكەلگۇچە شامالغا قاراپ ئارا ئېتىش ، ئىلياس مىرزىنىڭ مۇددىئاسىغىمۇ ، ئۆز پىلانىغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغان تاغ چوماقچىلىرىنى يوق قىلىش ئىشىنى قولغا ئېلىپ تۇرۇش نىيىتىگە كەلدى . ئۇنىڭ قىياسى بويىچە بولغاندا ، مىرزا ئاباسىنىڭ قاتىللىرى قولغا چۈشۈپلا قالسا ، ئىلياس مىرزا يا ئۇلارنى ئالدىغا سېلىپ قەشقەرگە قايتاتتى ، يا خوتەندە قېلىپ ھەقىقىي مۇددىئاسىنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇر بولاتتى .

دۇڭ نىياز تاڭ ئاتاي دېگەندە ئاندىن مانجۇچە ئۇستۋاش بىلەنلا تەكىيىگە يانپاشلىدى ۋە كىرپىكى ئىلىنار ـ ئىلىنماي چۈش كۆرگىلى تۇردى . چۈشىدە ھەيۋەت چوڭ ۋە ئېگىز بىر ھەشەمەتلىك ساراي ئايان بولدى . تولدۇرۇپ سېلىنغان چوغ رەڭلىك گىلەمدىن ئۆزگە ھېچقانداق جابدۇق بولمىغان بۇ سارايدا غايەت زور ئىككى بامبۇك كۇرسى تۇراتتى . غەلىتە يېرى ، كۇرسىلارنىڭ بىرىدە قېرىپ ئاغزىدا چىشى قالمىغان دۇڭ دارېن ، يەنە بىرىدە يەتتە ئەزايىنىڭ ھەممىسىدىن قان تېمىپ تۇرغان ئاباس مىرزا ئولتۇراتتى . دۇڭ دارېنمۇ ، ئاباس مىرزىمۇ شۇنچىلىك چوڭقىيىپ كەتكەنىدىكى ، بېشى تورۇسقا ، مۇرىسى تامغا تاقىشاتتى .

كۇھقاپتەك يوغان ئېغىزلىرىنى ئېچىپ نىياز ھېكىمبەگنى دەم تارتماقچى بولاتتى . قۇلاقنى پاڭ قىلىۋەتكۇدەك نەرە تارتىپ «بۇ

دۆت چــوشقىنى قىرىق دەررە ئۇر !» دەپ ۋارقىرايتتى . ساراي تــۈۋرۈكــىــدىنمۇ توم ، لىملىرىدىنمۇ ئۇزۇن قوللىرىنى سوزۇپ گــېــلــىــنــى كــۆچ بــىــلــەن بوغاتتى . نىياز ھېكىمبەگنىڭ دېمى سىقىلاتتى . دېمى قانچە سىقىلغانسېرى شۇنچە قاتتىق تېپىرلايتتى ، بۇ ئۇزۇن ۋە كۈچلۈك قوللاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بار جېنى بىلەن تېپچەكلەيتتى…

ئىشىك زەنجىرىنىڭ قاتتىق شىرىقلىشى نىياز ھېكىمبەگنى يامان چۈشتىن ئويغىتىۋەتتى . ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى ھېلىلا سۇغا چــۈشكەندەك ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى . رىتىمدىن ئازغان يۈرىكى كــۆكــرەك قــەپــىــســگە بازغاندەك گۈپۈلدەپ ئۇرۇلاتتى ، گېلى سىرقىراپ ئاغرىيتتى .

— كىم ؟

— ئىلياس مىرزىبېشى كەلدى ، جانابلىرى !

«ئىــلــيــاس مــىرزىبېشى كەلدى ؟ قاق سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇۋالغىنىغا قارىغاندا ئەقىل ـ ھوشى جايىدا ئادەممۇ بۇ نېمە ؟ »

نــىــيــاز ھــېــكــىــمــبــەگ بــىــر ئېغىناپلا ئورنىدىن تۇردى ، ئــالاقزادىچىلىك ئىچىدە ئۇستىۋېشىنى سىلىپ ساندۇقتا پوملاقلاپ تىقتى ـ دە ، قولۇپلارنى ئەتتى . كەشتىلىك يوپۇقنى يېپىپ بولۇپ ، ئالمان ـ تالمان ئىشىكنى ئاچتى .

ئويغىنىپ ، ئىشىكنى ئاچقۇچىلىك بولغان قىسقىلا بىرنەچچە دەقــىــقــە نــىياز ھېكىمبەگنىڭ تۇيغۇسىغا بۇرۇلۇش پۇرسىتىنى بــېــرەلــمــىگىنى ئۈچۈنمۇ ، ئۇنىڭ دىققىتى ھېلىمۇ چۈش بىلەن رېــئــالــلــىــق ئــارىــســىــدا قاڭقىپ يۈرەتتى . قاپاقتەك ئېسىلغان كالىلىسىدىكى ۋاقىت ۋە ماكان سېزىمى نامازشام گۇگۇمىدەك غۇۋا ئــىدى . بىراق ، گۈپپىدە ئۇرۇلغان سالقىن ھاۋا ئۇنىڭ خامۇش نېرۋىلىرىنى ئويغىتىۋەتتى . يەنە كېلىپ ، بوسۇغا ئالدىدىلا تۇرغان ئــىــلــيــاس مــــىــرزىــنــىــڭ ئــۇدۇل تــىــكــىــلــگەن كۆزلىرى ئۇنى سەگەكلەشتۈرۈپ ، سۆز ـ ھەرىكىتىنى بىردىنلا نورمال ھالەتكە

www.uyghurkitap.com

كەلتۈردى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، — سالام بەردى نىياز ھېكىمبەگ ئىلياس مىرزىنى كۆرۈپلا ، — ئوبدان تۇردىلىمىكىن مىرزام؟ قېنى ، قوبۇلخانامغا ئىلتىپات قىلغايلا !

ئىلياس مىرزا خالار ـ خالىماس سالام ياندۇردى . قوبۇلخانىغا كىرىۋېتىپ دېدى :

— پەمىچە خېلى ساغلامدەك تۇرىدىلا ھاكىمبېگىم ، تەن دۇرۇس ئادەم دېگەننىڭ ئۇيقۇسى ئوبدان بولىدۇ ـ دە !

ئۇ قوبۇلخانىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ، ئۇياق ـ بۇياققا كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى . نىياز ھېكىمبەگ :

— نېمىسىنى دەيدىلا ، مىرزام ، كەمىنىلىرى خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن تېخى يېقىندىلا بىر ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇم . ھۆكۈمالارنىڭ تەبىر بېرىشىچە ، يۇرت ئىشىنى دەپ ئۆزۈمنى بەك ئالدۇرۇپ قويۇپتىمەن ، — دېدى ۋە بېلىنى تۇتۇپ ، گەۋدىسىنى كەينىگە تاشلاپ دادىلىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — ھەر كۈنى كەچتە دىۋاندىن قايتىپ كېلىپلا ئالاھازەل تۈن ھەسسىگىچە جايىنامازدا ئولتۇرىمەن ، ئازراق يېنى بولۇپ كۆزۈمنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىپلا ، ناماز بامداتتىن پارىغ بولۇپ ، تا مۇشۇنداق چاغقىچە توۋا ـ ئىستىغپار ئېيتىمەن .

ئىلياس مىرزىنىڭ ئۇيقۇچان ئادەم ئىكەن دەپ مەنىستىمەي قىلىشىدىن ئەندىشە قىلغان نىياز ھېكىمبەگ ئۆزىنى يەتكۈچە چۈشەندۈرۈۋالدى ـ دە ، گەپنى بۇرۇۋەتمەكچى بولۇپ سورىدى :

— مىرزام ، يۇرتىمىزنىڭ ئابى ـ ھاۋاسى يېقىپ قالغاندەكمۇ ئۆزلىرىگە ؟

— ياقمامدىغان ، بېگىم ، ياقمامدىغان سىلىگە ياققان ھاۋا بىزگىمۇ ياقىدۇ ـ دە ! خۇدا نېسىپ قىلسا مۇشۇنداق خۇش ھاۋالىق يۇرتتا بىر ئۆمۈر ياشاپ قالسا كىشى...

«بىر ئۆمۈر ؟ — تەكرارلىدى نىياز ھېكىمبەگ ۋەسۋەسىگە

چۇشۇپ ،— ھاۋاسى ياقتى دەپ كەتمەي قالمىغىدى بۇ رودۇپاي . »
ناشتىلىق تارتىلدى . تۈرلۈك تاتلىق ـ تۈرۈملار ، قەندالەت ، مۇراببارلار ، جىنەستىدەك قىزىرىپ پىشقان ياغلىق توقاچلار ، ھەسەل ، قايماقلار ، ئەنجۈر ، شاپتۇل ، ئۈزۈم دېگەندەك ھۆل ـ قۇرۇق مېۋىلەر داستىخانغا بىر كەلدى . ئىشتىھالىق ئىلياس مىرزا ئۈچۈن تەكەللۇپىنىڭمۇ لازىمى يوق ئىدى . ئۇ ھەممە لېگەنلەرگە بىردىن قول ئۇزارتىپ قورسىقىنى راسا جۆندىۋالدى ـ دە ، چاي ئوتلاۋېتىپ گەپ تەشتى :
— قەشقەر دەيمىز ، خوتەن دەيمىز ، ئۇ دەيمىز ، بۇ دەيمىز ، لېكىن جاھاندا بىزنىڭ پەرغانىگە يېتىدىغان يەر يوق جۇمۇ ، پاھ... پاھ... پاھ... دەريالىرىدا سۇ ئەمەس ، بال ئېقىپ تۇرغان ، باغلىرىدىن جەننەت خىجىل بولۇۋاتقان ، ھۆر ـ پەرىلىرى تال چىۋىقتەك تولغىنىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ، دۇتارلىرى سايراۋاتقان ، ھەي ئۇ يەرلەر دۇنيا دە ، دۇنيا ! — دېدى ئۇ باشقىچە جانلىنىپ .
مىرزىنىڭ ماختاشلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ ئولتۇرغان نىياز ھېكىمبەگ ھاياجانلانغىنىدىن قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كەتكۇدەك يەرگە يەتتى . ئېغىزىنى بىرقانچە مەرتە تامشىۋالغاندىن كېيىن :
— سائىتى كېلىپ ئاللا يول بەرسە بىزمۇ ئاشۇ پەرغانىلەرنى كۆرۈپ كۆزىمىزنى ئېچىپ كەلسەك ، ئۆزلىرى راست دەيدىلا ، مىرزام ، قەشقەر ، يەكەن ، خوتەن دەپ ئاغزىمىزغا چوڭ ئالىمىز ، لېكىن بۇ يۇرتنىڭ يا جاننى ياير اتقۇدەك راھىتى يوق ، يا جاننى ئاغرىتقۇدەك يامان يېرى يوق . ئۇياققا قارىساڭمۇ قۇم ، بۇياققا قارىساڭمۇ قۇم ، ھەي بۇ جانزە ، — دېدى ھەسرەت چېكىپ .
نىياز ھېكىمبەگنىڭ دوست تارتىشىدىن ئىلياس مىرزا تومۇزدا دوغ ئىچىۋالغاندەكلا راھەتلىنىپ كەتتى ۋە تەمەننا بىلەن دېدى :
— كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس ، بېگىم ئالىيلىرى

قەشقەرىيەدىن ئۆتۈپ جۇڭغارىيەنى ئىلكىگە ئالسىلا پەرغانە تەرەپكە يۈرۈش قىلماي قالمايدۇ...

ئىلياس مىرزا نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسەتمەكچى بولغاندەك گېپىنىڭ داۋامىنى يۇتۇۋەتتى . ئۇلار ئۆز تۈيغۇسىدا پەيدا بولغان شېرىن چۈش كەبى بىر خىيالىي دۇنيانىڭ ئىككى كوچىسىغا كىرىپ ، بىرپەس ئات چاپتۇرغاندىن كېيىن ھەقىقىي دۇنياغا ، يەنى خوتەنگە قايتىپ كېلىشتى .

ئېسىدىن يەنە نېمىلەر كەچتىكىن ، ئىلياس مىرزا قوبۇلخانىنىڭ تۆت تەرىپىگە سەپسالغىلى تۇردى . نىياز ھېكىمبەگ «بۇ ھارامزادىنىڭ ھېلىقى ساندۇقتا كۆزى چۈشۈپ قالمىغىيدى» دەپ خاۋاتىرلىنىپ تۇرغاندا ئۇ تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەكلا سوراپ قالدى :

— بېگىم ، بالا ـ چاقىلىرى قەيەردە تۇرۇۋاتىدۇ ، يەكەندىمۇ يا خوتەندىمۇ ؟

ئىلياس مىرزا بۇ يەرگە كېلىپلا نىياز ھېكىمبەگنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىدىمۇ ، ئاش ـ غىزادىمۇ ، دۇئا ـ تىلاۋەتتىمۇ بۇ قوبۇلخانىدىن چىقمايدىغانلىقىغا دىققەت قىلغانىدى . نىياز ھېكىمبەگنىڭ ھېچ تەييارلىقسىز تۇرغان پەيتتە قويۇلغان بۇ قىيىن سوئالدىن ئۆزىنى قاچۇرالمايدىغىنىغا كۆزى يەتتى ـ دە ، ئادىتى بويىچە رەڭۋازلىققا ئۆتتى . ئۇنىڭ ھېلىلا كۇز ئاسمىنىدەك ئوچۇق تۇرغان چىرايى بورانلىق ئەتىياز ھاۋاسىدەك تۇتۇلدى . ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ، يېتىم بالىدەك بېشىنى قىيسايتىپ ، بۇرنىنى تارتقىلى تۇردى . نىياز ھېكىمبەگنىڭ كەيپىياتىدىكى بۇ ئۆزگىرىشتىن ئەجەبلەنگەن ئىلياس مىرزا :

— بېگىم ، ھېلى بىر ئوبدان تۇراتتىلا ، ساقىسىز بولۇپ قالمىغاندىلا ؟ — دەپ سوراپ قويۇۋىدى ، نىياز ھېكىمبەگ ھازىدار ئادەمدەك مۇڭلىنىپ :

— مەرھۇمە رەپىقەمنىڭ گېپى چىقسىلا كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ ،

ئۇ بەكلا ئوبدان مەزلۇم ئىدى، — دېۋىدى، ئىلياس مىرزا يەنە كوچىلاپ سورىدى:

— ئۇ رەھمەتلىك قاچانراق ۋاپات بولغانىدى، بېگىم؟

— بۇنىڭغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى، ئاران ئىككى كۈنلا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ ئۈچىنچى كۈنى كۆز يۇمدى، خۇدا بەرگەن رىزقى شۇنچىلىك بولسا كېرەك.

— ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي، — ئىلياس مىرزا سەل توختىۋېلىپ يەنە سوئال قويدى، — مەرھۇمەدىن نەچچە پەرزەنت قالدى بېگىم؟

— ...

ئەسلىدە نىياز ھېكىمبەگ ئەمدىلا بالاغەتكە يېتىپ مەھرەمبېشى بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، دۇڭ دارېن ئۇنى كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئۆيلەپ قويغان، يېشى قىرىقلاردىن ھالقىغاندا تېخى پەرزەنتلىكمۇ بولۇپ قالغانىدى. چۆلدىكى سەرەپتەك ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان يەكەن ۋەزىيىتى كۈنلەرنىڭ بىرىدە سۇلالە ھۆكۈمىتى ۋە سۇلالە مەنسەپدارلىرىغا پايدىسىز بىر ھالغا كېلىپ قالدى. سەرگەردانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ ئاتىلىق مېھرىنى بەرگەن، تەربىيىسىگە ئېلىپ ئۆز پۇشتىدىن تامغان ئوغلىدىنمۇ چارە بىلگەن دۇڭ نىيازنىڭ يۈزسىزلىك قىلىپ، ئىسيانچىلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشى دۇڭ دارېنغا چىدىغۇسىز ئەلەم بولدى. دۇڭ دارېن خورلىنىشنى، ۋىجدان سېتىشنى ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر بىلىپ ئاخىرىدا خوتۇن ـ بالىلىرىنى باشلاپ ئوق ـ دورا ئامبىرىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقتى ـ دە، بىردەم يىغا ـ زار قىلىشقاندىن كېيىن غاڭزىسىنىڭ ئوتىنى دورا ئۈستىگە قاقتى، يەر ـ زېمىننى تىترەتكەن پارتلاش ئاۋازى بىلەن تەڭ ئۇلار بۇ ۋاپاسىز ئالەم بىلەن بىراقلا خوشلاشتى. كىشىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغىنى، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىپ، ئۆلۈم يولىنى تاللىۋالغان بۇ پىداكار جەمەت ئارىسىدا يەنە نىياز ھېكىمبەگنىڭ خوتۇنى ۋە ئون بىر

www.uyghurkitap.com

ياشلىق ئوغلىمۇ بار ئىدى . دۈك دارىنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىپ ، مەرتىۋىلىك ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق ئەزاسى بولۇپ قالغان بۇ لەڭپۈڭچىنىڭ قىزى ئېرىنىڭ كىچىككىنە مەنسەپنى دەپ ئۆز قوۋمىگە ، دۈك دارىنغا تۇزكورلۇق قىلىشىغا زادىلا چىداپ تۇرالمىدى . ئالدىدا تىزلىنىپ يالۋۇردى ، يىغلىدى ، قاقشىدى . بىراق ، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىش ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرغان نىياز ھېكىمبەگ كۆز يېشىغىمۇ ، يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلارغىمۇ پىسەنت قىلمىدى ، ئۇ ئىسيانچىلارنىڭ كۆچىنى تونۇپ يەتكەن چاغدىلا دۈك دارىن ۋە ئۇ ئېلىپ بەرگەن خوتۇن بىلەن ئارىنى ئۈچۈق قىلىۋېتىش ئويىغا كەلگەنىدى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇنىڭ پەس تەبىئىتى ئاخىر غالىب كەلدى . بىچارە خوتۇننى باش - كۆزى قان بولغۇچە دۇمبالاپ ئوغلى بىلەن قوشۇپ ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقاردى ، ئەل - جامائەتتىنمۇ ئۇيالمىدى . ئاخىرىدا ئېرىدىن يىرگەنگەن ۋە ئېرى ئۈچۈن نومۇس قىلغان بىچارە ئايال ئوغلىنى يېتىلىگەن پېتى دۈك دارىن بىلەن بىللە ئۆگزىگە چىقتى...

ناشتىلىق داستىخان يىغىشتۇرۇلدى . ئۇلپىتىنىڭ ئۆتمۇشىگە قىزىقىپ كېتىپ ئىشتىھا چېكىنى يادىدىن چىقىرىپ قويغان ئىلياس مىرزا تاۋۇزدەك تومپايغان قورسىقىنى سىلاپ قويدى ۋە كېكىرىۋالدى - دە ، مۈڭلىنىپ ئولتۇرغان نىياز ھېكىمبەگكە :

— قېنى ، بېگىم ، بىر دۇئا قىلىۋەتسىلە ، — دېدى ئۇنى دۇئاغا تەكلىپ قىلىپ . ئىلياس مىرزا دۇئاغا تەكلىپ قىلىش يولى بىلەن نىياز ھېكىمبەگنىڭ پاراكەندە كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويماقچى ۋە چېچىلىپ كەتكەن دىققىتىنى بىر يەرگە جەم قىلىپ ، رەسمىي گەپكە جەلپ قىلماقچى بولۇۋاتاتتى . ئۇ :

— ھاكىمبېگىم ، يەيدىغاننىمۇ يېيىشتۇق ، دەيدىغاننىمۇ دېيىشتۇق ، ئەمدى تاغ ئارىسىدا چىشىنى بىلەپ تۇرغان نەچچە يۈز چوماقچىنىڭ ئىشىنى ئۇنتۇپ قالساقمۇ بولماس ، بۇنىڭغا ئۆزلىرى نېمە دەيدىلىكىن ؟ — دەپ سورىدى .

— كەمىنىلىرى نېمىمۇ دەيتتىم ، مېنىڭچە بولسا ئۇ ئوغرىلارنى بۇگۈننىڭ ئۆزىدىلا قىلغۇيرۇق قىلىپ ئالدىلىرىدا هازىر قىلغۇم بار ، — نىياز ھېكىمبەگ ئالدى بىلەن ئىلياس مىرزىنى كولدۇرلىتىپ باقماقچى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان قىياپەتكە كىرىۋالدى ـ دە ، دېدى ، — قېنى ئۆزلىرىدىن كەلسۇن ، سىلى چوڭ ئاستانىدىن ، يەنە كېلىپ ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدىن كەلگەن ئادەم .

— يوقسۇ ، سىلى بۇ يەرنىڭ ھاكىمبېگى ، خوتەننىڭ ئوي ـ چوڭقۇرىنى ئوبدان بىلىدىلا ، ئۆزلىرىدىن كەلگەي...

— خوش ، «قوينى قاسساپ سويسۇن» دېگەن گەپ بار ، يەنىلا ئۆزلىرىدىن كەلگىنى ئوبدان ، قېنى قۇلىقىم سىلىدە .

— ئاڭلىسام ، ئاستانىدىن تارتىپ بۇ يۇرتلارغىچە ھەممە ئادەم ئۆزلىرىنى پەم ـ پاراسەتتە توشۇق ، جانبازلىقتا كامىل ، دەپ تەرىپلىرىنى قىلىشىدىكەن . خوتەنلىكلەرنىڭ خۇي ـ پەيلىمۇ ئۆزلىرىگە يۇلتۇزدەك يورۇق ، ئاپتاپتەك روشەن . دېمەكچىمەنكى ، سىلى ئەمىرلەشكەر ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىگە باش بولۇپ تاغلىقلارنىڭ ئىشىنى ئۆز قوللىرى بىلەن بىر ياقلىق قىلىۋەتسىلە ، كەمىنىلىرى يۇرتنى ھالىمغا يارىشا ئىدارە قىلىپ ، ھەرقايسىلىرىغا ھە ـ ھۇ دەپ تۇرسام ، گۇمىدىكى قاتىللارغا كەلسەك ، ئۇلارنى تاغنى تىنچىتىپ قايتىپ كەلگەنلىرىدە ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ بىر ئىش قىلارمىز... — دېدى ئىلياس مىرزا بەخىرامان ئولتۇرۇپ .

نىياز ھېكىمبەگ ئىلياس مىرزىنىڭ «ئاقىلانە» پىلانىنى زور چىدام بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇردى ، ئۇنىڭ گېپى تۈگمەستىنلا بېشىدىن بىر نوگاي مۇز سۇيى قۇيۇۋەتكەندەكلا چۆچۈپ كەتتى .

ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا بۇ گەپلەر لامزەللە ئىلياس مىرزىنىڭ ئەمەس ، بەلكى مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتاتتى . پەقەت شۇ كىشىلا مانا مۇشۇنداق ئەپچىل ، ئەتراپلىق پىلانلارنى ئويلاپ تاپالايتتى . ئۇ ئۆزى ياقتۇرمايدىغان ، ئۇياق ـ بۇياق قىلىۋەتسىمۇ كۆپ زىيىنى تەگمەيدىغان كىشىلەرنىلا ئۆزىگە تۇتىشىۋاتقان ئوت

www.uyghurkitap.com

ئىچىگە مانا شۇنداق ئىتتىرەتتى . نەتىجىدە يا ئوتنى ئۆچۈرەتتى ، يا ئىتتىرىلگۈچىنى كۆيدۈرۈپ كۆزىدىن يىراق قىلاتتى . ئامىتى كېلىپ قالسا ئوتمۇ ئۆچەتتى ، ئادەممۇ كۆيەتتى ، ئۆزى بولسا تېرىقچىلىق زىيان تارتمايتتى .

«ھەي ، ئويلاپ تاپقان چارەڭنى قارىمامدىغان ، ئوچۇق قاپقاننى ئالدىغا قويۇپ دەسسە دېسەم دەسسەۋېرىدۇ دەپ ئويلىدىڭمۇ ؟ ھېم ، قېنى كۆرەرمىز ، بۇ قاپقانغا ئاخىر كىم دەسسەيدىكىن ؟ ! »

دەرۋەقە ، قوشبېگىنىڭ قورسىقىدا قانداق جىن بارلىقى نىياز ھېكىمبەگكە ئايان ئىدى . نىياز ھېكىمبەگنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىمۇ قوشبېگى ئۈچۈن سىر ھېسابلانمايتتى . پەقەت تېخى پەيتى كەلمىگەن ئارزۇ ـ ئىستەكلەر ئۈچۈنلا ئىككى قوچقارنىڭ بېشى بىر قازاندا قايناۋاتاتتى . ئوتقا سۇ ، سۇغا ئوت ئارىلىشىپ تۇراتتى .

قوشبېگىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئالا كۆڭۈللۈكى ئاشكارىلىنىپ قالغان تەقدىردىمۇ ئەقىللىق نىياز ھېكىمبەگ بۇ كۈنلەردە ھەرگىز ئالىقانغا تۈكۈرۈپ مەيدانغا چۈشمەيتتى . ئارىنى ئوچۇق قىلىۋېتىش ، ھەتتا ئالدى بىلەن قول سېلىش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭچە يولۋاسنىڭ ئاغزىغا بېشىنى تىقىپ بەرگەندەكلا ئىش بولاتتى . بېشىغا تىغ تەگلەپ تۇرسىمۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈش ، يالغاندىن ساداقەت بىلدۈرۈش ، قەستەن كالۋا بولۇۋېلىش ، خەتەرلىك داۋانلاردىن پەم بىلەن ئاتلاپ ئۆتۈپ ، بىر يىل ، ئىككى يىل ، ھەتتا ئون يىللاردىن كېيىن يېتىپ كېلىدىغان غەنىيمەت پەيتلەرنى چىدام بىلەن كۈتۈشلا ئەڭ ئاقىلانە تەدبىر ھېسابلىناتتى .

— پاھ ، پاھ ، ئاجايىپ ئوبدان پىلان ئىكەنغۇ بۇ ، ئاbbas مىرزىنىڭ قىساسىنى ئالىدىغان پۇرسەت ئاخىر يېتىپ كەپتۇ ـ دە ! — دېدى نىياز ھېكىمبەگ ئىلياس مىرزىنى زورمۇزور ئۇچۇرۇپ .

— ئوبدان گەپ قىلدىڭلا ، ھاكىمبېگىم ، بۇنداق پۇرسەت ھەركىمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ ـ دە ! — دېدى ئىلياس مىرزا نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئاسانلا دامىغا چۈشكەنلىكىدىن قانائەت ھاسىل قىلىپ .

— كەمىنىلىرى بىلەن ئەمىر لەشكەرنىڭ ئالدىدا ئىككى ـ تۆت تال تاغ چوماقچىلىرىغۇ چۇمۇلىدەك ئاجىز بىرنېمىلەر ، — نىياز ھېكىمبەگنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى كىچىككىنە كۆزى ئىچىدە ئەينەك ساقىدەك بىرلا پىرقىرىۋىدى ، كاللىسىدا كەم ـ زىيادىسى يوق بىر ئەقىل پەيدا بولدى ۋە قورۇنغاندەك دېدى ، — شۇغىنىسى ، كۆڭلۈم بىر ۋەھىمىنى تۇيۇپلا تۇرىدۇ ، دەي دېسەم تېخى ، دېمەي دېسەم تېخى...

ئىلياس مىرزا دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ :

— سىلى ـ بىز دېگەن ئۆز ئادەم ، ھەرقانداق گەپلىرى بولسا تارتىنماي دەۋەرسىلە ، قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەمدە بولىمىز ،— دېدى ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇپ .

— ماقۇل ئەمىسە ، دېسەم دەي ، — نىياز ھېكىمبەگ ئالەمشۇمۇل بىر سىرنى ئاشكارىلاۋاتقاندەك ، ئاغزىنى ئىلياس مىرزىنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكېلىپ دېدى ، — بۇ خوتەنلىكلەر ناھايەت يامان خەق ، كېچە ـ كۈندۈز توپىلاڭ قىلىش قەستىدە يۈرگىنى يۈرگەن . سىلىگىمۇ ئايان ، ئاز لەشكەر بىلەن تاغ چوماقچىلىرىغا تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ ، لەشكەرنىڭ ھەممىسىنى تاغقا ئاتلاندۇرساق بۇ جاھىل خەق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ قالسا ، ئۇ چاغدا ھۆرمەتلىك مىرزامنىڭ جېنىغا تالاپەت يېتىپ قالمىسىدى ، دەپ ئەنسىرەيمەن .

— بۇ خەقلەر شۇنداقمۇ قىلارمۇ؟ — كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ سورىدى ئىلياس مىرزا .

— ھەي ، بۇ خەقلەرنى بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ جۇمۇ ، مەسىلەن ئېيتساق ، ئاباس مىرزا...

— بولدى ، بولدى ، ئاخىرىنى دېمەيلا قويسىلا ، — بىراۋ پوكۇنغا خەنجەر تەڭلىگەندەك ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن ئىلياس مىرزا نىياز ھېكىمبەگنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىرپەس خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن «ئەمىسە قانداق قىلغۇلۇق» دېگەن نەزەردە ئۇنىڭغا تىكىلدى . ئۆز ھىيلىسىنىڭ

ئۇنۇم بەرگەنلىكىگە ئىشەنگەن نىياز ھېكىمبەگ دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتتى :

— ھۆرمەتلىك مىرزامغا بىر مەسلىھەت بار ، سىلى ـ بىز بۇ يەردىن بىر قەدەممۇ قوزغالمىساق ، تاغ چوماقچىلىرىمۇ ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىپ قىلىچىمىزغا بېشىنى تۇتۇپ بەرسە قانداق دەيدىلا ؟

— بۇ مۇمكىن بولارمۇ ؟

— مۇمكىن بولمايدىغان نېمىسى بار ؟ پەقەت كەمىنىلىرىنىڭ مەسلىھىتىگە قۇلاق سالسىلىلا قالغىنى ئاسان .

— قۇلىقىم سىلىدە ، ھاكىمبېگىم...

نىياز ھېكىمبەگ چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە تاقاق سالدى . قايتىپ كېلىپ ئىلياس مىرزىغا روبىرو ئولتۇردى . بىرىنىڭ قۇلىقى بىرىنىڭ ئاغزىغا ، بىرىنىڭ ئاغزى بىرىنىڭ قۇلىقىغا چاپلاشتى...

## قىرىقىنچى باب

# ئاجايىپ ھىيلىلەر

جىمىكى مۇقەددەس كىتابلارنىڭ يارالمىش قىسسەلىرىدە تەقدىر ئىنسان بالىسىنىڭ پېشانىسىدە دېيىلىدۇ . لېكىن ، ھەزرىتى ئادەم ، ھەزرىتى ھەۋۋادىن تارتىپ① ئۇلارنىڭ پۇشتىدىن تارالغان ئەۋلادلارغىچە ھېچكىم بىراۋنىڭ پېشانىسىدە تەقدىرنىڭ قىل چاغلىق ئىزناسىنى كۆرگىنى يوق . يەنە بەزىلەر ھەركىمنىڭ تەقدىرى ھەركىمنىڭ ئۆز ئالىقىنىدا دېيىشىدۇ . بىراق ، ئەلمىساقتىن تارتىپ تا مۇشۇ كەمگىچە جاھاننى بويسۇندۇرغان

① ھەزرىتى ئادەم ، ھەزرىتى ھەۋۋا — ئادەم ئاتا ، ھەۋۋا ئانا ، قۇرئان قىسسىلىرىدە ئادەمزاتنىڭ تۇنجى ئاتىسى ۋە تۇنجى ئانىسى دېيىلىدۇ .

پادشاھلارمۇ ، ئاددىي ئوتۇنچىلارمۇ ئۆز تەقدىرىنىڭ تىزگىنىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتالىغىنى يوق . ئەقەللىيسى ، تەقدىر دېگەن نەرسىنىڭ ئۆزىنىمۇ كۆرگەن ئادەم يوق . ئەگەر ئۇ راستتىنلا مەۋجۇت دېيىلسە ، تەقدىر پۇتكۇل تەسۋىرى ۋە سۈپىتى بىلەن ساغلام سەزگۈسىدىن ئايرىلغان بىر ئەسەبىي ساراڭغا ئوخشايدۇ . بۇ ساراڭ ئادەمزات ئارىسىدا قويۇندەك پىرقىراپ يۈرىدۇ ، ھېچ سەۋەبسىزلا بىراۋنى خورلايدۇ ، بېشىغا تاش ئېتىپ ، چىشىنى سۇندۇرىدۇ ، خالىسا كۇلدۇرىدۇ ، خالىسا يىغلىتىدۇ ؛ ئىككىنچى قەدەمدە ياكى ئەتە نەگە بېرىپ نەدە توختايدىغىنىغا ، يەنە كىملەرنى يىغلىتىپ ، كىملەرنى كۇلدۇرىدىغىنىغا ھېچكىممۇ ، ھەتتا مۇنەججىم ـ قۇرئەندازلارمۇ ئالدىن بىرنېمە دېيەلمەيدۇ .

تەقدىر يەنە شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ساراڭكى ، ئۇ ھەق ـ ناھەق ئالدىدا قارىغۇ ، تەلەيسىزگە كاج ، تەلەيلىككە سېخىي . ئاجىزنى ئانىي تاپىدۇ ، يامانىنى بېشىدا كۆتۈرىدۇ ، چاڭقاق يەرگە سۇ بەرمەيدۇ ، دەريا ئۇستىگە يامغۇر ياغدۇرىدۇ . توڭلىغان ۋۇجۇدنى مۇزلىتىدۇ . جۇۋىلىق تەنلەرگە ئاپتاپ ئاتا قىلىدۇ . تورلىشىپ چۈشكەن قوغۇنىنىڭ تۇۋىگە قېرىشقاندەك شومبۇيا ئۇندۇرىدۇ .

مانا بۈگۈن تەقدىر ئۆز تەبىئىتى بىلەن يەنە ساراڭلىق قىلدى . بۈرۈنمۇ تىلىگىنىنى بەرگەندەك ، نىياز ھېكىمبەگكە يەنە بىر قېتىم تىلىگىنىنى بەردى . «قۇدالاي بىلەن ھوشۇربەگمۇ بىكار ياتماس» دەپ تەخمىن قىلغان كۈنىنىڭ ئەتىسىلا جەندە ـ كۇلاھ كىيگەن ئىككى ئاشىق شەھەرنىڭ ئىككى دەرۋازىسىدىن غېپپىدە كىرىپ كەلدى ـ دە ، ئىككى ۋاقىتتا باغنىڭ ئىككى تەرىپىدە نىياز ھېكىمبەگ بىلەن خۇپىيانە ئۇچراشتى . قۇدالاي ۋە ھوشۇربەگ مەھرەمدىن ئاغزاكى مەلۇمات ئەكەلگەن بۇ ئىككى ئاشىقنىڭ ئېيتقانلىرى خۇددى كېلىشىۋالغاندەكلا ئوخشاش بولۇپ كەتتى .

«ئاشىق» لارنىڭ ئېيتقانلىرىدىن مەلۇم بولدىكى ، سانجۇدا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغان ئاباس مىرزىبېشىنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ئىلياس مىرزا تەكەببۇر ، مال ـ دۇنياغا ، مەنسەپكە ئامراق ،

لەشكەر ئىشىدىن بىخەۋەر ، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان ئەخمەق ، قورقۇنچاق ئادەم ئىكەن . ئاكىسى خوجا ئابباس ياقۇپبەگ بىلەن قەشقەرىيىگە كەتكەندىن كېيىن ، ئۇ پەرغانىدە موللا ئالىمقۇلنىڭ يېنىدا قاپتۇ . بىراق ، ئاكىسى كېتىپ يەتتە ئايدىن كېيىن موللا ئالىمقۇل تاشكەنت شەھىرىنىڭ قېشىدىكى مىڭئۆرۈك دېگەن يەردە ئورۇسلار بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقاندا ئوق تېگىپ ئۆلۈپتۇ ، ئۆز ۋاقتىدا موللا ئالىمقۇلنى دەپ خۇدايارخاندىن يۈز ئۆرۈگەن ۋەلىخان تۆرە ، كاتتا خان تۆرە ، بەگ مۇھەممەت قۇرچى دېگەن ئاتامانلار قوقەندكە قايتا خان بولغان خۇدايارخاننىڭ يەنە پاناھلىق بېرىشىگە كۆز يەتكۈزەلمەپتۇ ـ دە ، قالدى ـ قاتتى يەتتە مىڭ لەشكىرىنى باشلاپ بۇزرۇكخان تۆرىنىڭ يېنىغا قېچىپ كەپتۇ . بۇ يەتتە مىڭ قاچاق ئارىسىدا ياقۇپبەگكە ۋە ئاكىسى خوجا ئابباسقا زور ئۈمىد باغلىغان خوجا ئىلياسمۇ بار ئىكەن . بىراق ، ۋەلىخان تۆرە قەشقەر شەھىرىگە كىرىپلا بۇزرۇكخان تۆرىگە بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ كوچا ـ كويلارغا ناغرىچى ـ سۇنايچىلارنى چىقىرىپتۇ ۋە «زامان ، زامان ، ۋەلىخان تۆرەمنىڭ زامانى» دەپ جار سالدۇرۇپتۇ . بۇ ھالنى كۆرۈپ قويۇقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتكەن ياقۇپبەگ بۇلارنى بىر يەرگە جەم قىلىپ ناغرا ـ سۇنايچىلارنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپتۇ . ۋەلىخان تۆرىنى يېڭىسارغا ئەۋەتىپ كۆزدىن يوقىتىپتۇ ، باشقا ئاتامان ۋە لەشكەرلەرگە ئامانلىق بېرىپتۇ . ئەمما ، مۇھەممەت قۇرچى ۋە باشقا ئاتامانلار ياقۇپبەگنىڭ يەكەن خوتەن خۇيزۇلىرى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ، بۇزرۇكخان تۆرىنى قەشقەرگە ئەپقېچىپ ئۇنى ياقۇپبەگكە قارشى قويۇپتۇ . غەزەپلەنگەن ياقۇپبەگ قەشقەرگە كېلىپ بەگ مۇھەممەت قۇرچىنى ھەيدەپ چىقىرىپ ، ئۇنىڭ ئاتامان ـ لەشكەرلىرىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ . پەقەت خوجا ئىلياسنىلا كەچۈرۈم قىلىپ ، خوجا ئابباسنىڭ يۈزى بىلەن ئۆز خىزمىتىدە ئېلىپ قالغانىكەن .

ۋەقە يۈز بېرىپ بىرنەچچە ئايدىن كېيىن خوجا ئابباس خوتەن تەۋەسىدە ئۆلتۈرۈلگەندە ، خوجا ئىلياس دىۋاندا مىرزىلىق

قىلىۋاتقان چاغلار ئىكەن. ئۇ ئاكىسىنىڭ ئۆلۈمىگە چىدىمىغانمۇ ياكى بۇ ئۆلۈم بەدىلىگە بىرەر ئەمەل ـ مەنسەپ ئۇندۇرۇۋېلىشنى كۆزلىگەنمۇ، ياقۇپبەگدىن ئاكىسىنىڭ قان قەرزىنى ئۆز قولى بىلەن تۆلىتىۋېلىشنى ئىلتىماس قىلغىلى تۇرۇپتۇ. خوتەندىكى ئايىغاقچىلىرىدىن سانجۇدىن قېچىپ كەتكەن بىرنەچچە قاتىلنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ، تاغقا توپلاشقانلارنىڭ ئىشىنى تېزدىن بىر ياقلىق قىلىش كويىغا چۈشكەن ياقۇپبەگ بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقماقچى بولۇپ خوجا ئىلياسنى خوتەنگە ئەۋەتكەنىكەن. ئۇنىڭ خوجا ئىلياسنى مىرزىبېشى مەنسىپى بىلەن خوتەنگە ئەۋەتىشىدىكى مۇددىئاسىمۇ نىياز ھېكىمبەگنىڭ قىياسى بىلەن ئانچە پەرقلەنمەيدىكەن.

«ئاشىق» لار بىلەن ئۇچرىشىشتىن كېيىن نىياز ھېكىمبەگنىڭ كۆز ئالدى پاللىدە يورۇپ كەتتى. ئۆزىنى باقمي ئالەمدەك سىرلىق تۇيۇلغان ئىلياس مىرزىنىڭ سىرىدىن خەۋەرلەندۇرۇپ، زۇلمەتتەك قاراڭغۇ جاڭگالدىن يول ئېچىپ بەرگەن قېرى تۈلكە قۇدالايدىن، ساداقەتمەن قۇل ھوشۇربەگدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە يەنە بىر قېتىم ئوڭ كۆزىدە قارىغان تەقدىرىدىن خۇشال بولۇپ، تېنى يايراپ، قىن ـ قىنىغا پاتمايلا قالدى. «ئاشىق» لارنى سېخىيلارچە ئىنئام بىلەن يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، ئىلياس مىرزىنى بىر تېپىككە ئەرزىمەيدىغان ئۆلۈمتۈك لەقۋا سۈرىتىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى.

«ھەي قوشبېگى، ھەي قوشبېگى، سەن ئۆزۈڭنى دانا چاغلامسەن تېخى؟ ياق، سەن دانا ئەمەس. دانا بولساڭ ئىلياس مىرزىدەك بىر نان قېپىنى يېنىمغا ئەۋەتەرمىدىڭ. مانا مۇشۇنداق ئەقىلسىزلىقىڭنى چاندۇرۇپ قويىدىغان چاغلىرىڭمۇ بار ئەمەسمۇ؟ سوراپ باقاي، سەن سەزگۈر قۇشنىڭ قاپقانىنىڭ يەمچۈكىنى ئېھتىيات بىلەن يەۋېلىپ، بەخىرامان ئۇچۇپ كەتكىنىنى كۆرگەنمۇ؟ بىلىپ قوي، مەن ئەنە شۇنداق سەزگۈر قۇش، سەزگۈر

www.uyghurkitap.com

قۇش ئالدىدا يەمچۈكىڭنىڭمۇ ، قاپقىنىڭنىڭمۇ ھالىغا ۋاي ! »

يەنە بىر كېچىنى ھېيلە ئۆيگە چالما تىزىپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن نىياز ھېكىمبەگ ئەتىسىلا ئىلياس مىرزا بىلەن ئۇچراشتى . ئۇنى يېڭىچە نەزەر بىلەن ، توغرىسى ، ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزىنىڭ سايىسىدە لوقما ـ نېسىۋىسىنى سېغىنىپ لەۋ يالاپ يۈرگەن مەھرەملىرىگە مۇئامىلە قىلغاندەك بىر خىل تۇيغۇدا كۈتۈۋالدى . خالار ـ خالىماس سالاملىشىپ ، ئاغزىنىڭ يېرىمىدىلا كۈلۈپ قويدى . ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىدە بىھېساب مەسخىرە ۋە مەنسىتمەسلىك ئالامەتلىرى يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى . قاراشلىرىمۇ ھالىغا باقماي مەيدانغا چۈشكەن رەزگى چېلىشچىغا مۇغەمبەرلەرچە ئىچ ئاغرىتىش نەزىرى بىلەن كۆز تاشلاۋاتقان يېڭىلمەس پالۋاننىڭ قاراشلىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى .

ئۇلار يەنە لەھەتتەك قاراڭغۇ قوبۇلخانىغا مەھكەم بېكىنىشتى . باشقىچە روھلىنىپ قالغان نىياز ھېكىمبەگ ئىلياس مىرزا كۆرسۇن دېگەندەك ، ئۇزۇن بىلەكلىرىنى خۇددى لەشمەن سوزۇۋاتقاندەك كېرىپ ، ئاغزىنى تېرەك كامىرىدەك ئېچىپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكۈچە ئەسنىۋالدى . بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا بوش تاغاردەك سولىشىپ ، جۇغى كىچىكلەپ قالغاندەك كۆرۈنۈۋاتقان ئىلياس مىرزىغا قاراپ :

— تەقسىر ، تاغدىكى چوماقچىلارنىڭ ئىشىنى قانداق قىلىمىز ، كەمىنە ھاكىمبەگلىرى ئەمىرلەشكەر بىلەن بىللە لەشكەر تارتىپ ئۇ يەرگە بارايمۇ ؟ — دېدى ئېرەنسىزلا قۇلىقىنى كولاۋېتىپ .

ئىلياس مىرزا پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تۇرالمايلا قالدى .

— يوقسۇ ، جانابلىرى ، تاغقا ھەرگىز كەتمىسىلە ، تۇنۇگۇنكى گەپلىرىگە قارىغاندا تاغقا بارماي تۇرۇپمۇ ئۇلارنىڭ پۇتىنى بىر پاي ئۆتۈككە تىقىشنىڭ ئامالى بار ئىكەنغۇ ، — ئىلياس مىرزا خۇددى نىياز ھېكىمبەگ ھازىرلا يىقىلىپ كېتىپ قالىدىغاندەك چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ يېڭىنى تۇتۇۋېلىپ يېلىنغان ئاھاڭدا دېدى ، —

هاكىمبېگىم ، سىلى بىز كۆپ ئاۋارە بولمىغۇدەك بىر يول تاپىلى ، ماقۇلمۇ ؟ مۇبادا كېتىپ قالسىلا...

ئەگەر ئىلياس مىرزىنى بۇرنىدىن چۇلۇك ئۆتكۈزۈلگەن ئۆكۈزدەك خالىغان تەرەپكە يېتىلىيەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىغان بولسىدى ، نىياز ھېكىمبەگ بۇنداق سوئالنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ ئولتۇرمايتتى . ئۆزى سۇ كىرمەيدۇ دەپ قارىغان بىر يۇرۇش مۇرەككەپ پىلان ئۇنىڭ كاللىسىدا ئاياقتىكى ئاشتەك تەييار بولۇپ قالغانىدى . ئۇ پەقەت ئەرمەك ئۈچۈنلا ئىلياس مىرزىنى قاپاقتەك كولدۇرلىتىۋاتاتتى . رەقىبىنى بۇنداق كولدۇرلىتىش ، قورقۇتۇش ، ساراسىمىگە سېلىش ھەتتا يىلىندۇرۇش ئۇنىڭغا چەكسىز راھەت ۋە ھۇزۇر بېغىشلايتتى . قان ـ قېنىغا سىڭىپ ، تومۇرلىرىغا تارقىلىپ كەتكەن مەنمەنچىلىك خۇمارىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاز ـ تولا بېسىقىپ قالاتتى .

نىياز ھېكىمبەگ ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ ، قوبۇلخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان ئىلياس مىرزىنى باھا قويۇۋاتقان مېلىنىڭ قىممىتىنى دەڭسەۋاتقان قېرى بېدىكتەك كۆزىتىپ چىقتى . كۆزىتىۋېتىپ ، مۈشۈك ـ ئەنبەر پۇراۋاتقاندەك خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى ئىلياس مىرزىدىن زادىلا ئۈزمىدى . ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە چىپپىدىلا توختاپ :

— ھۆرمەتلىك مىرزام ، «گەپ يۈزدە ياخشى ، ئۇسسۇل تۈزدە» دېگەن بىر گەپ بار ، كەمىنىلىرى گېپى ئوچۇق ئادەم ، دەيدىغاننى ئالدىلىرىدا دەۋالاي ، بىرىنچىدىن ، كەمىنىلىرىنىڭ دېگىنىگە كۆنىدىلا ، ئىككىنچىدىن ، ئۇزۇمىنى يەيدىلايۇ ، سېپىنى سورىمايدىلا . ئۈچىنچىدىن ، ئاغزىلىرىغا ئىگە بولۇپ ، مەقسەتكە يەتكۈچە ئارىمىزدا بولغان گەپ ـ سۆزلەرنى ھېچكىمگە تىنمايدىلا ، گەپ مانا مۇشۇ . ماقۇل دېسىلە مەيلى ، ماقۇل دېمىسىلە كەمىنىلىرى ئاتالىق غازىنىڭ يولىنى تۇتۇپ تاغ چوماقچىلىرىنىڭ ئۈستىگە ھازىرلا لەشكەر تارتىمەن ، قالغىنىنى ئۆزلىرى بىلگەيلا ، گەپ تامام ۋەسسالام ، — دېدى .

نىياز ھېكىمبەگ گېپىنى چورتلا ئۈزۈۋەتتى. قولىنى جاللات گۇناھكارنىڭ بوينىغا قىلىچ سالغاندەك سىلكىدى، ھازىرلا مۇشتلىشىدىغاندەك جىددىي تۈس ئالغان چىرايى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن ئىزتىراپقا چۈشكەن ئىلياس مىرزىنى تېخىمۇ قورقۇتۇۋەتتى.

— رەھ... رەھمەتلىك ئاكامنىڭ قاتىلىنى تۇتۇپ، ئاتالىق غازى ئالىيلىرىنىڭ تاپشۇرۇقىنى بەجا كەلتۈرىدىغانلا ئىش بولسا نېمە دېسىلە شۇ، جانابلىرى، — دېدى ئۇ يىلىنغان ھالدا.

نىياز ھېكىمبەگنىڭ غورا يەۋاتقاندەك تۈرۈلگەن قوشۇمىسى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى. بۇرنى بىلەن يۈز گۆشلىرىنى ئايرىپ تۇرىدىغان ئىككى يول قورۇق تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، لەۋلىرىگە قانائەت كۈلكىسى ياماشتى. سەل قىزىرىپ، ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان كۆز جىيەكلىرى ئەتراپىدىمۇ بىرقانچە تال كۆندىلەڭ سىزىق پەيدا بولدى. ئۇ بالىسىنى ئەركىلەتكەن مېھرىبان ئاتىدەك، ئىلياس مىرزىنىڭ دۈمبىسىگە بىرقانچىنى شاپىلاقلىدى ۋە دۈڭ دارىپىنىڭ تەلەپپۇزىنى دوراپ:

— يارايدۇ، مىرزىبېشى يارايدۇ، — دەپ قويدى.

ئىلياس مىرزىنىڭ قەشقەردىن ئەكەلگەن مەخپىيىتىنىڭ قېلىن پەردىسى كونا قەغەزدەكلا يىرتىپ تاشلاندى. نىياز ھېكىمبەگ گۇمىدىكى «قاتىل» نىڭ يوشۇرۇنغان يېرىنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە بىلىۋالغان ھامان خۇشۇسىي مەھرەملىرىدىن ئون نەچچە كىشىنى سەپكە تۇرغۇزدى. قامچىسىدىن قان تامىدىغان بىر ياساۋۇلبېشىنى باش قىلىپ، ئىنس-جىنغا تۇيدۇرماي گۇما تەرەپكە ئاتلاندۇردى. پۈتكۈل پىلانىغىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ تەقدىرىگىمۇ ئالاقىدار بولغان بۇ تۇنجى قەدىمىنى ئېھتىيات بىلەن بىسىش ئۈچۈن بۇ ئىشنى ئەمىرلەشكەر ۋە قازى لەشكەرلەردىنمۇ پىنھان تۇتتى.

نىياز ھېكىمبەگ «قاتىل» نى تۇتۇشقا ئالدىراۋاتاتتىيۇ، لېكىن «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» ئىدى. «قاتىل» نىڭ يېنىدىكى

چىرايلىق ئايال ئۇنى «قاتىل» دىنمۇ بەكرەك قىزىقتۇراتتى. ئەگەر ئاشۇ «چىرايلىق ئايال» نى قولغا چۈشۈرەلىسىلا پۈتكۈل ئىشى تاغ تۆپىسىدىن دومىلىتىۋېتىلگەن قورام تاشتەك، ئۆزلۈكىدىن يۈرۈشۈپ كېتەتتى.

شۇنداق قىلىپ، شەھەر دەرۋازىسىدىن چولپان تۇغماستىلا چىقىپ كېتىشكەن ھېلىقى كونا چاپانلىق مەھرەملەر ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتەر - ئۆتمەيلا، باش - كۆزى قانغا بويالغان كەرىمقۇل بىلەن ئۇنىڭ تەلەيسىز خوتۇنى گۈلئايىمنى چەمبەرچاس باغلاپ ئالدىغا سالغان پېتى ئوردىغا قايتىپ كېلىشتى. نىياز ھېكىمبەگ ئۇلارنى بىر ئېغىز سوراق قىلمايلا «پانسات زىندانى» غا قامىۋەتتى.

ئەسلىدە، كەرىمقۇل بىلەن گۈلئايىم «شامال ئۆتۈپ كەتكۈچە» كۆكتېرەكتە تۇرۇپ قېلىشنى قارار قىلغاندىن كېيىن مىرئەخمەت ئاكىلار لايىقىدا توي ئۆتكۈزۈپ ئۇلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويغانىدى. تويدىن كېيىن مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىپ ۋىسالىغا قېنىشقان ياش ئەر - خوتۇن كىچىككىنە بىر ھۇجرىنى ماكان تۇتۇپ، غەم - غۇسسىسىز تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى. كەرىمقۇل بىكار يۈرۈشنى خالىمىدى، تۇغقانلىرىنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا قارىشىپ ئۇلارنىڭ قولىنى سۇۋۇتتى. قولى گۈل گۈلئايىم بولسا قوشنا - قولۇملارنىڭ يىڭنە ئىشىنى قىلىشىپ ئاز - تولا پۇل تېپىپ، ئاش - تائامغا تەم قوشتى.

بۇغداي ئورمىسى باشلانغان تومۇز كۈنلىرى ئىدى. ئۆي كەينىدىكى ئۆرۈكلەر تۆكمە بولغان، قاياقتىندۇر ئورمىچىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى، مۇڭلۇق ۋە لەرزان خامان ناخشىلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاشۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭ، ئاشۇ ناخشىلار قۇلىقىغا كىرىپ قالدىمۇيا ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرىۋېرىشتىن زېرىكتىمۇ، گۈلئايىم بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى بۇغداي خامىنىغا كېلىپ قالدى. ئون مو ئىجارە يەرنىڭ بۇغدىيىنى بۇرۇنراق يىغىۋېلىشقا ئالدىراۋاتقان مىرئەخمەت ئاكىمۇ، ئايشەمخان ئاچىمۇ، كەرىمقۇلمۇ تاڭ سەھەردىن بۇيان مۇشۇ يەردە ئىدى.

باش ئۈستىدىلا ساڭگىلاپ تۇرغان قۇياش ئوتقاشتەك يېلىنجاپ ، زېمىن ئۈستىگە ئوت چاچماقتا ئىدى . يازنىڭ تونۇردەك قىزىق تەپتىدە قۇرۇپ ، قۇرۇق بېدىدەك چۇرۇكلىشىپ كەتكەن بۇغداي غوللىرى خامان ئوتتۇرىسىدىكى موما ياغاچنى دەۋر قىلىپ چۆرگىلەۋاتقان ئېشەك ۋە توپاقلارنىڭ ئايىغىدا چارسىلداپ ئېزىلەتتى . كەرمىقۇلنىڭ قۇلاقلىرىنى ماتا پوتىدەك ساڭگىلىتىپ كېتىۋاتقان ھورۇن ئېشەكلەرگە قامچا ئۇرۇشلىرى خامان ئەتراپىدىكى باراقسان ئۆرۈك دەرەخلىرىگە قونۇۋېلىپ ، دان ماراپ ياتقان قۇچقاچلارنى چۆچۈتۈۋېتەتتى . شەھەردە تۇغۇلۇپ ، شەھەردە چوڭ بولغان گۈلئايىمغا بىر توپ ھايۋاننىڭ بىر تال ياغاچنى چۆرگىلەپ توختىماي پىرقىراشلىرى قىزىق تۇيۇلدى بولغاي ، خامانغا نوتىلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان چېقىر ئۈجمىدىن بىر غولاچ كەلگۈدەك بىر تال چىۋىقنى سۇندۇرۇۋالدى . ئۇنى ھاۋادا پۇلاڭلاتقان پېتى قاشاڭ توپاقلارنى ساۋىدىغلى تۇردى . خۇددى بىر دۆۋە ئۇنچىنى ھازىرلا ئېزىپ قىپقىزىل چەش قىلماقچى ، تاغارلارغا قاچىلاپ ئەكەتمەكچى بولغاندەك ، بىردەممۇ ئارام ئالمىدى . ئۇ كىچىك ئوغۇل ئەكەلگەن مۇز سۈيىنى ئوتلاپ بولۇپ ئەمدىلا بېشىنى كۆتۈرۈشىگە ، خاماندا ساپايى ئاۋازى ئاڭلاندى :

خامانىڭغا خىزىر كەلدى ، يا دوستلار ،
زاكاتىڭنى بەر بەندەڭگە ، يا دوستلار .
سېخىيلارنىڭ جايى بولغاي جەننەتتە ،
شېرىك قىلغىن نەسىۋەڭگە ، يا دوستلار ،
يا ئاللاھۇ ، يا ئاللا…

يەتمىش قوراق جەندە كىيگەن بىر دىۋانە خاماندا خۇددى شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەندەكلا پەيدا بولۇپ قالدى . ساپايى ۋە مۇناجات ئاۋازى بىلەن تەڭ ، ئۆز ئىشى بىلەن بەند بولۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى بېشىنى كۆتۈرۈشتى :

— كۆرۈپ تۇرۇپتۇلا ، تېخى چەش چىقمىدى ، ئاخۇنۇم ، — دېدى مىرئەخمەت ئاكا خامانغا ئۇنچە تاشلاۋېتىپ ، — ئەتە - ئۆگۈن كېلەرلا ، شۇ چاغدا نېسىۋىلىرىنى جەزمەن قولLIرىغا تەگكۈزىمەن .

دىۋانە تىكلەپ قويغان قارانچۇقتەك ، تۇرغان يېرىدىن ئازراقمۇ قىمىرلاپ قويمىدى . ئۇ مىرئەخمەت ئاكىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك ، كېيىك مۈڭگۈزىدىن قىلىنغان كىچىك ساپايىسىنى خۇددى تۇگمەن تېشىنى كۆتۈرگەندەك كۈچ بىلەن كۆتۈرۈپ ھەدەپ مۇرىسىگە ئۇراتتى . ئېچىرقاپ كەتكەن بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازىدەك ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن توختىماي مۇناجات ئوقۇيتتى . جاۋىغايلىرىدا پەيدا بولغان نوقۇت چوڭلۇقىدىكى ئاپئاق كۆپۈك ساپايى رىتىمىغا ئەگىشىپ كۆتۈرۈلۈپ پەسىيەتتى . بىنەمدىكى ياۋا چۆپتەك ئۆسۈپ كەتكەن ساقال - بۇرۇتلىرى ئارىسىدىن مۈردىنىڭكىدەك تاتارغان چىرايى ئاران - ئاران كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئەپتىدىن بىچارىلىك يېغىپ تۇرغان بۇ كىشىگە ئىچ ئاغرىتىپ قالدىمۇ ، گۈلئايىم يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۆجمە ئاستىدىكى ئالا خۇرجۇندىن بىر زاغرىنى سۇغۇرۇۋالدى ، ئاندىن قاشاڭ توپاقلارنى ئالدىرىتىۋاتقان كەرىمقۇلنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى . كەرىمقۇل ئايالىنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرغۇسى كەلمىدى بولغاي ، ھېلىقى دىۋانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، گۈلئايىم بەرگەن زاغرىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى .

ساپايىمۇ ، مۈڭلۈق ئىلتىجامۇ بىردىنلا توختاپ قالدى . دىۋانە زاغرىنى ئېلىپ ئوغرى مۈشۈكنىڭكىدەك پارقىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرىگە بىرقانچە مەرتە سۈرتۈۋالدى - دە ، كەرىمقۇلغا نىجاتچىسىغا قارىغاندەك قاراپ تۇرۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى :

— ماڭا بىرنى بەرگەن بولساڭ ساخاۋىتىڭ رەھمىتىگە ئاللا ساڭا ئىككىنى بەرسۇن ، بالام ، گۇناھىڭنى مەغپىرەت قىلىپ كۆرۈنەر - كۆرۈنمەس بالادىن ، ئاغرىق - سىلاقتىن ، يامانىنىڭ كۆزىدىن ئىككىلا ئالەم ئامان قىلسۇن ، ئامىن ئاللاھۇئەكبەر...

دۇئادىن كېيىن كەرىمقۇل كەينىگە يانماقچى بولۇۋىدى ، دىۋانە

ئۇنىڭغا :

— ئى ئاللانىڭ مۆمىن بەندىسى ، ئى سېخىي ئوغۇل ، نام ـ شەرىپىڭنى ئېيتىپ بەرگىن ، ئۇنى تا قىيامەتكىچە كۆڭلۈمنىڭ تۆرىدە ساقلاي ، دۇئادا ياد ئېتەي ، — دېدى .

كەرىمقۇل ئۆزىگە خىزىردەك تىكىلىپ تۇرغان بۇ مىسكىن كىشىنى نائۇمىد قويغۇسى كەلمىدىمۇ ، ئېيتاۋۇر تۇزلا جاۋاب بەردى :

— ئېتىم كەرىمقۇل ، مىرئەخمەت ئاكامنىڭ تۇغقىنى بولىمەن .

— سېنى ساۋابلىق ئىشقا دەۋەت قىلغان ئاۋۇ مەسۇمەنىڭ نام ـ شەرىپچۇ ؟ — دىۋانە توپاق ھەيدەپ كېتىۋاتقان گۈلئايىم تەرەپكە كۆزلىرى بىلەن ئىشارەت قىلىپ سورىدى .

كەرىمقۇل ساۋابقا شېرىك بولسۇن دېگەندەك ، ئايالىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدى :

— خوتەندىكى قاۋۇل قازان دېگەن ئادەمنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغانمۇ ، ھە ، گۈلئايىمخان ئاشۇ قاۋۇلخان قازاننىڭ قىزى بولىدۇ .

دىۋانە خاماندا قانداق تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بولسا يەنە شۇنداق تۇيۇقسىز كۆزدىن غايىب بولدى . بىراق ، ئۇنىڭ چوماقتا پۇتاق چىققاندەك غەلىتە سوئاللىرى مىرئەخمەت ئاكىنىڭ كۆڭلىگە سايە سېلىپ ئۆتۈپ كەتتى...

ئارىدىن ھەپتە ئۆتتىمىكىن ياكى ئاي ئۆتتىمىكىن ، بۇ گۇمانلىق سايە ئاخىر ئاپتاپتەك روشەن بولدى . كۆكتېرەك مەھەللىسى شېرىن ئۇيقۇغا چۆمگەن بىر كېچىسى ، مىرئەخمەت قازانچىنىڭ ھويلىسىغا ئۇشتۇمتۇت باستۇرۇپ كىرگەن ئون نەچچە كىشى كەرىمقۇل بىلەن گۈلئايىمنى ياتقان يېرىدىنلا تۇتۇۋېلىشتى . مىرئەخمەت ئاكا قاراقچىدەك قۇترىغان بۇ ناتونۇش ئادەملەر بىلەن ياقىلىشىۋېتىپ ، ھېلىقى بىزەڭ دىۋانىنىڭ ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان يىرگىنىشلىك ئەپتىنى غىل ـ پال كۆرۈپ قالدى...

كۆكتېرەككە ئۇششۇك تەگدى . نىياز ھېكىمبەگ ئۆزىگىمۇ ، ئىلياس مىرزىغىمۇ كېرەكلىك بولغان ئىككى كوزىرنى بىرلا ئەپسۇن بىلەن ئۆز ئالدىدا ھازىر قىلدى . زىندانبېگىنى چاقىرىپ ، كۆزەتچىلىك ئىشىنى پۇختا جايلاشتۇرۇۋەتتى . ئاندىن ئوردىنىڭ ئاكابىر - ئەشرەپلىرىگە ، بەگ - بەچچە ، يۇرت مۆتىۋەرلىرىگە ، ئەقەللىيسى مەسچىت - جامەئەلەرنىڭ ئىمام ، خەتىپلىرىغىچە زۆرۈر كېڭەش ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى . خەزىنىچىبەگنى كېڭەشكە چىللاش ۋەزىپىسىنى بولسا ھېچ ئىككىلەنمەي ئۆز زىممىسىگە ئالدى .

نىياز ھېكىمبەگ يېقىندىن بېرى تۆمۈر خەزىنىچىبەگدىن ئانچە خاتىرجەم بولالمايۋاتاتتى . ئالتۇن چۈشى بىلەن بەند بولۇپ ، ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتكەن پۇرسەتتە ئالدىن مۇشت ئېتىپ قالمىسۇن دەپ ئەتراپىدىكى كۆز - قۇلاقنىمۇ كۆپەيتكەنىدى . بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھېچكىمدىن تەپ تارتماي كېپەك دەرۋىشنى ئۆيىگە باشلاپ كېلەلەيدىغان يەرگە يەتكەنلىكى نىياز ھېكىمبەگدە خېلى زور تەشۋىش تۇغدۇرغانىدى . ھېلىقى جۈمە كۈنى ساقىزلىق باھانىسى بىلەن چوڭ جامەئەنى كۆزدىن كەچۈرۈشتىن باش تارتقانلىقىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇددى ئاچچىق ياغ ئىچىۋالغاندەك بىئارام قىلىپ تۇراتتى . ئۇنى يۇزتۇرا كۆزىتىشنىڭ ئۆزىلا بۇ تەشۋىش ۋە بىئاراملىقتا بەرھەم بېرىشنىڭ ياكى باشقىچە يول تۇتۇشنىڭ ئەڭ ئاقىلانە چارىسى ئىدى .

تۆمۈر خەزىنىچىبەگ تاشچىلار مەھەللىسىگە يېقىن بىر يەردىكى قويۇق ياڭاق دەرەخلىرى بىلەن قورشالغان ئاتا مىراس كونا قورۇدا ئولتۇراتتى . ئوردىدىن بۇ يەرگە پىيادە ماڭغاندىمۇ چۆگۈن قاينىغۇچىلىك پۇرسەتتە يېتىپ كەلگىلى بولاتتى .

نىياز ھېكىمبەگ تۆمۈر خەزىنىچىبەگنىڭكىگە كۈن پېتىۋاتقان مەھەلدە يېتىپ كەلدى . خاس مەھرەملىرى بىلەن تەختىراۋاننى دەرۋازا ئالدىدا توختىتىپ قويۇپ ، ئوردا تېۋىپىنى باشلاپ ھويلىغا كىردى . ئۇ مەھرەمسىز كىرسە ئۆي ئىگىسىدە ئۆزىگە قارىتا ئىشەنچ

پەيدا قىلالايتتى . ئالىمادىس بىرەر قەست يۈز بېرىپ قالغان تەقدىردىمۇ شىرىپ شەيتاندىن لايىقىدا ياردەم ئالالايتتى .

تۆمۈر خەزىنىچىبەگ نەقشلىك پېشايۋان ئاستىدىكى كەڭرى سۇپىدا قېلىن بىر كىتابنى ۋاراقلاپ ئولتۇراتتى . نىياز ھېكىمبەگ ئۇنى كۆرۈپلا ئالتە قەدەم ئارىلىقتىن ئوچۇق چىراي سالام بەردى . ئەتە ـ ئاخشاملىرى ئىشىك ئارىلايدىغىنىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان نىياز ھېكىمبەگنىڭ بۇنداق كەچتە پەيدا بولۇشى تۆمۈر خەزىنىچىبەگكە سەل غەلىتىرەك تۇيۇلدى . تۇن كېچىلىرى پاخپاق تېرەككە قونۇۋېلىپ شۇملۇق تىلەيدىغان ھۇۋقۇشنى كۆرگەندەك كۆڭۈلسىزلەنگەن بولسىمۇ ، ئىلاجسىز ئورنىدىن تۇردى . ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ئۇنىڭغا «سېنى قايسى تەتۈر شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى» دېگەندەك قارىۋالدى ۋە ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىنلا سالام ياندۇردى . نىياز ھېكىمبەگ :

— ھەزرەتلىرىنىڭ ساقسىز بولۇپ قالغىنىنى ئاڭلاپ ، كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولدى ،— دېدى ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە ،— كۆندۈزلىرى ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن باش قاشلىغۇدەكمۇ ئارام يوق . شۇڭا ، كەچ بولۇپ قالغان بولسىمۇ ، ئادەتنى بۇزۇپ ئۆزلىرىنى يوقلاپ كەلدىم .

ئەتىدىن ـ كەچكىچە چىرايى ئېچىلمايدىغان بۇ ھاكىمبەگنىڭ ئەۋرىسىنىڭ تويىنى كۆرگەن موماي لاردەك خۇشخۇي ، تۇزۇتلۇك بولۇپ قېلىشى تۆمۈر خەزىنىچىبەگنى ئەجەبلەندۈرمەي قالمىدى . راست گەپنى قىلغاندا ، ئۇ جۇۋاز كالىسىدەك ياۋاش ، تاپقانغا شۈكۈر قىلىدىغان كىيەك دەرۋىشنىڭ بىر سۆيىقەست بىلەن «ئۆگزىگە چىقماڭ سامساق تاز ، يەرگىمۇ چۈشمەڭ سامساق تاز» دېگەندەك قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغاندىن بۇيان ، ئۇنىڭ بۇ كىشىگە بولغان ئىشەنچى تاغدىكى تۇماندەك تارقىلىپ كەتكەن ، ئىشەنچ ئورنىنى يىرگىنچ ، خەۋپسىرەش تۇيغۇسى ئىگىلەپ بولغانىدى . «مېنى نېمە ئۈچۈن ياقۇپبەگنىڭ قىلىچى ئاستىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالدۇ» دېگەن ئويلىنىشلار نەتىجىسىدە كۆڭلىنىڭ

چوڭقۇر يېرىدە چۆكۈپ تۇرغان گۇمانمۇ ئەمدى ئاستا ـ ئاستا لەيلەپ چىقماقتا ئىدى .

لېكىن ، ئۇ «قانداق ئادەم بولسا بولسۇن ، بەربىر ئۆيۈمگە كەلگەن مېھمان ئەمەسمۇ ؟» دەپ ئويلىدى ـ دە ، ھاكىمبەگنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ چاي قۇيۇشنى مۇۋاپىق كۆردى . نىياز ھېكىمبەگ گەپ ئارىلىقىدا ئوردا تېۋىپىغا تۆمۈر خەزىنىچىبەگنىڭ تومۇرىنى تۇتقۇزدى . قىلىشىدىغان گەپ بىر يەرگە بېرىپ قالغاندا نىياز ھېكىمبەگ چاي قۇيۇپ ، ئۇنى ـ بۇنى توشۇپ يۈرگەن شېرىپ شەيتاننى ئىما قىلىپ تۇرۇپ خۇپسەنلىك بىلەن سورىدى :

— تەقسىر ، ئۇ كىشى كىم بولىدىكىن ؟

تۆمۈر خەزىنىچىبەگ جاۋاب بېرىپ دېدى :

— ھە ، مۇنۇ شېرىۋاخۇننى دېدىلىمۇ ، ئۇ بىزگە ئانا جەمەت تۇغقان كېلىدۇ ، ئىگىلىكىمنىڭ خوجىدارلىقىنى قىلغاچ ئاتلارغا قاراۋاتىدۇ .

— ھە ، شۇنداقمۇ تېخى ، — نىياز ھېكىمبەگ شېرىپ شەيتانغا لاپ قــىــلــىــپ كۆز تاشلىۋالدى ـ دە ، تۆمۈر خەزىنىچىبەگنىڭ قۇلىقىنى چىشلىۋالغۇدەك يېقىن كېلىپ پىچىرلىدى ، — تەقسىر ، يۇرت ئىشى توغرۇلۇق ئازراق مەسلىھىتىم بار ئىدى ، كۆرگەنلا ئادەمگە ئىشىنىپ بولمايدۇ بۇ كەمدە...

تــۆمــۈر خەزىــنــچــبــەگ ھــاكــىمبەگنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندى ، «ھېچقىسى يوق ، ئۇ ئىشەنچلىك ئادەم» دېمەكچى بولدىيۇ ، كۆڭۈلچەكلىكى يەنە ئۈستۈن كەلدى ، شېرىپ شەيتاننى ئاتلارغا قاراپ بېقىشقا بۇيرۇۋەتتى . نىياز ھېكىمبەگ ئۇ ئىشىكتىن چىقىپ بولغۇچە كەينىدىن قاراپ تۇردى ۋە :

— رەئىس بېگىم — دېدى ئېھتىيات قىلغاندەك پەس ئاۋاز بىلەن ، — ئۆزلىرى شەرىئەت ئىلمىدە يېتىشكەن ئادەم ، دىنىي ئــىــسلامنىڭ قائىدە ـ مىزانلىرى سىلىگە بەش قولدەك تونۇش ، بىلىمەن ، نىكاھسىز بىر ياستۇققا باش قويغان بىدئەتلەرگە قانداق جازا جايىزكىن ؟

— هاكىمبېگىم، ئەجەب بۇنى سوراپ قالدىلىغۇ؟
— ئۇنداق بولسا ئوچۇقىنى ئېيتاي، تەقسىر، نىكاھسىز بىر ئــۆيگە كىرىۋالغان ئاشۇنداق ئىككى مۇرتەت قولىمىزغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلارغا جازا بېرىش ئەلۋەتتە رەئىسنىڭ، قازى رەئىسنىڭ ئــىشى. ئۆزلىرى ئۇلارنىڭ گۇناھىنى دەڭسەپ بېقىپ بىر جازا ھۆكۈم قىلغايلا. بۇ جازا شۇنداق بىر جازا بولسۇنكى، پۈتكۈل يۇرت ئەھلى ئىبرەت ئېلىپ، ئىككىنچى بۇنداق جىنايەتنى سادىر قىلمايدىغان بولسۇن.
— خوش، كىتابتا شۇنداق قەيت قىلىنىدۇركى، بۇنداقلارنىڭ يۈزىگە كۈيە سۈركەپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلماق، يا كۆشۈككە سېلىپ چالما ـ كېسەك قىلماق كېرەك! شەرئەتنىڭ جازاسى مانا مۇشۇ!...
كۆپ ئۆتمەي، نىياز ھېكىمبەگ ئەللىك نەچچە ئادەم قاتناشقان كــاتتا بىر كېڭەش ئۆتكۈزدى. كېڭەش ئاخىرىدا توقۇمدەك بىر كىتابنى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان مۇفتىئاخۇنۇمغا سۆز بەردى. مۇفتىئاخۇنۇم ئايال زاتىنى تالىشىپ دۈشمەنلىك قىلىشقان قابىل بىلەن ھابىلنى[①] خوتۇن ئالدىدا ئازغان ھارۇت بىلەن مارۇتنى[②] تــىلغا ئېلىپ شەھۋەتپەرەسلىكنىڭ چوڭ گۇناھ بولىدىغانلىقىنى دەلــىللەپ ئۆتتى. ساقىسىز بولۇپ قېلىپ كېڭەشكە كېلەلمىگەن قازى رەئىسكە ۋاكالىتەن «گۇناھكارنىڭ يۈزىگە كۈيە سۈرتۈلۈپ، كۆشۈككە سېلىنىپ، بىر ھەپتىگىچە چالما ـ كېسەك قىلىنسۇن»

---

① قابىل بىلەن ھابىل — ئىسلامنىڭ يارالمىش قىسسىلىرىدىكى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانا قابىل بىلەن قوشكېزەك تۇغۇلغان ئىقلىمەنى ھابىلغا ئېلىپ بەرگەن، ھابىل بىلەن قوشكېزەك تۇغۇلغان دەممەنى قابىلغا ئېلىپ بەرمەكچى بولغان. لېكىن، قابىل ئىقلىمەنى ئېلىشتا چىڭ تۇرغان ۋە شەيتان ۋەسۋەسىسىگە كىرىپ ھابىلغا دۈشمەنلىك قىلغان. ھابىل جاڭگالدا قوي بېقىۋاتقاندا ھابىل كېلىپ ئۇنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن.
② ھارۇت ـ مارۇت — ئىسلام رىۋايەتـلىرىدىكى ئىككى پەرىشـتە، ئاللا ئـۇلارنى سىنىماق بولۇپ يەر يۈزىگە چۈشۈرگەن، ھارۇت مۇپتى بولغان. ئۇلار بىر بۇزۇق خوتۇنغا ئالدىنىپ ئاسىي بولۇپ كەتكەن.

دەپ كېسىم چىقاردى . بۇ كېسىم شۇ كۈنىلا توپاق مىنىۋالغان ئۇردا جاكارچىسى ئارقىلىق يەتتە ياشتىن ، يەتمىش ياشقىچە بولغان جىمى پۇقرالارغا ئاڭلىتىلدى . يۈزىگە قويۇق كۈيە سۈركەلگەن بىر ناتونۇش ئايال ئولتۇرغۇزۇلغان چوڭ كۆشۈك ئەتىسى ئەتىگەندىلا شەھەرنىڭ ئەڭ قايناق بىر كوچىسىغا ئېسىپ قويۇلدى .

## قىرىق بىرىنچى باب

# قىلتاق

ئەتىياز كېتىپ ، ياز كەلدى ، تاغ ئارىسىدا پەقەت ئىككى ئايلا مېھمان بولغان ياز ئىسسىقىمۇ ناتونۇش قىز ـ يىگىتلەرنىڭ تەبەسسۇمىدەك ھەش ـ پەش دېگۈچىلا ئۆتۈپ كەتتى . يۇرت تەرەپتىن يۇرت ھىدىنى ، يۇرت ئەھلىنىڭ ئىللىق دەملىرىنى ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ خۇش بۇيىنى ئەكېلىدىغان ھارارەتلىك شامال شىپا تاپقان بىمارنىڭ ئىسسىتمىسىدەك ئاستا ـ ئاستا سوۋۇشقا باشلىدى . قاپتاللاردا سوغۇق شامال ئاۋۇدى ، ئېقىنلارنىڭ چەت ـ ياقىلىرى ئەينەكتەك نېپىز مۇز تۇتتى . تاغ چوققىلىرىدا تومۇز تەپتىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ كىچىكلەپ بارغان ئاپئاق قار دۆۋىلىرى يەنە چوڭىيىشقا تۇردى . بىراق ، تەبىئەت پەسىلگە باقمىدىمۇ يا پەسىل تەبىئەتنىڭ تىزگىنىگە بوي بەرمىدىمۇ ، چاقارتاغ مازىرىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىن ئۆتىدىغان بوغۇز دەرياسى كۈز ئايلىرىنىڭ يېقىنلىشىۋاتقىنىنى سەزمىگەندەك ، بىر خىل شارقىراپ ئېقىۋاتاتتى . ئىككى تاقىر جىلغا ئارىسىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ ، ئەگىمدىكى قىيا تاشقا شىددەت بىلەن ئۇرۇلىدىغان سۇ ھېلىھەم تۈگمەن ئاۋازىدەك گۈلدۈرلىگەن سادا تارقىتاتتى . مەۋسۇم سۇپەتلىرىگە مۇخالىپ كېلىدىغان بۇنداق بىنورمال ھالەتنى كۆرگەن مۇساپىرلارنىڭ بىرى :

www.uyghurkitap.com كىتاب تورى بېكىتى

— دەريا سۈيى بۇ ۋاخقا كەلگەندىمۇ تارتىلاي دېمەيۋاتىدۇ ، يېقىن كەنتلەردىكى ئۆرۈكلەرنىڭ ئىككىنچى قېتىم چېچەكلەپ كەتكىنىنى دېمەمسىلەر تېخى ، بوۋام ماڭا دېگەن ، بۇلارنىڭ ھەممىسى نەسلىكنىڭ بېشارىتى ، نەس يىلدا ئادەمنى نەس باسماي قالمايدۇ ئاغىنىلەر ، — دەپ ئۆزىگىمۇ ، كۆپچىلىككىمۇ قورقۇنچ سالاتتى .

— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە ، ئاداش ، ئادەمنى يىغا باسقاندەك ، تاغلارنىمۇ يىغا باسىدىغان چاغلار بولىدۇ ، بەلكى تاغلار يىغلاۋاتىدىغاندۇ ، يىغلىسا تاغ يىغلاپتۇ ، بىزنى نېمىدەپ نەس باساتتى ، — دەيتتى يەنە بىر مۇساپىر ئاغىنىسى بىلەن چېقىشىپ .

مەيلى تاغ يىغلىسۇن ۋە مەيلى ئۆرۈك ، شاپتۇللار قايتا چېچەكلەپ كەتسۇن ، بۇ تەبىئەتنىڭ ئىشى ، كىمنى نەس باسىدۇ ، كىمنى باسمايدۇ ، بۇمۇ تەقدىر ئىلاھىنىڭ خاھىشىغا باغلىق نەرسە . بىراق ، ئېتىراپ قىلماي بولمايتتىكى ، يىغلاڭغۇ تاغنى ، تاغ باغرىدىكى قەدىمىي مازارنى ماكان تۇتۇپ ياتقىنىغا بىرنەچچە ئاي بولغان بۇ بىر توپ مۇساپىرنىڭ ئىشى راستىنلا ئوڭغا تارتمايۋاتاتتى . قاراڭغۇ تاغقا ئەۋەتىلگەن ئادەملەرنىڭ ئىككىلا قېتىم ھاشارىبېگىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قېلىشى ، تۆمۈرچى ، قونداقچى دېگەندەك بىرقانچە غوللۇق ھۈنەرۋەننىڭ تاغ ھاۋاسى ۋە جاپاسىغا كۆنەلمەي پېشىنى قېقىپ كېتىپ قېلىشى قاتارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەر مەلۇم نەسلىكتىن دېرەك بېرەتتى . قىسقىسى ، بويا ، پىشە ، چىرا ، چاقار ۋە يورۇڭقاشتىن كېلىپ سەپكە قوشۇلغان ئىككى يۈزچە ئادەم ئايمۇھەممەتلەرنىڭ سىپىنى زورايتقاندىن ئۆزگە ، بۇ يەرگە كېلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ قالغانىدى . سوقۇلغان نەيزە ـ قىلىچ ، ياسالغان ئوق ـ كىرىچلەر مۇشۇنچىلىك ئادەم ئۈچۈن ئاران يېتەتتى . نۇرى ، چاقار كەنتلىرى ئارقىلىق كېلىپ قوشۇلغان يەنە ئەللىكچە ئادەم ئۆزلىرى ئەكەلگەن تاياق ـ چوقماقلارنىلا كۆتۈرۈپ يۈرەتتى . دۈئا ـ تىلاۋەتتىن كېچە ـ كۈندۈز باش كۆتۈرمەيدىغان دەرۋىشلەر بولسا

قولىغا قورال ئالغىلى ئۇنىماي ، جودا قىلىپ ، ياغ پۇرۇتۇپ ئىمان كۆچى بىلەن ئۆچ ئېلىشتا چىڭ تۇرۇۋاتاتتى . ھالقا سېلىپ ، كېپەك كۆيدۈرۈپ نىياز ھېكىمبەگنى قارغاپ مازار غوجامغا دادلىغىنى دادلىغانىدى .

ئۇلار قاراڭغۇ تاغدىكى ئالتۇن كانىغا ئۈچىنچى قېتىم ئەۋەتكەن ئادىمىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ۋە دەريا سۈيىنىڭ تارتىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان كۈنلەردە تاغقا بىر خۇش خەۋەر ھەم بىر شۇم خەۋەر تەڭلا يېتىپ كەلدى . بۇ خەۋەرلەر ئۇلارنى خېلىلا گاڭگىرىتىپ قويدى .

— بىر ھەپتىدىن كېيىن تاغ تەرەپتىن تۆت يۈز ھاشارچى كېلىدىغان بولدى . ئۇلار قاش دەرياسىنىڭ سۈيى تارتىلغاندىلا ئاندىن بۇ تەرەپكە ئۆتەلەيدىكەن ، — دەپ خۇش خەۋەر ئەكەلدى قاراڭغۇ تاغدىن قايتىپ كەلگەن بىرەيلەن . خوتەن شەھىرىدىن «يا ئۆلۈم ، يا كۆرۈم دەپ يولغا چىققان» يەنە بىرەيلەن ، بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ ئايمۇھەممەتنى خالىي بىر يەرگە باشلاپ باردى ـ دە ، قوينىدىن لاتىغا يۆگەلگەن كىچىككىنە بىر چويۈن چىراغنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتتى . ئايمۇھەممەت چىراغنى قولىغا ئېلىپلا ئۇنى تېخى بىر يىل ئىلگىرىلا تۆمۈر خەزىنىچىبەگكە ئۆز قولى بىلەن قويۇپ بەرگىنىنى يادىغا ئالدى ۋە چىراغ ئەكەلگۈچىگە سوئال نەزىرىدە تىكىلدى .

خەۋەرچى چىراغ ئارقىلىق تونۇشلۇق بېرىپ ، كېلىش مۇددىئاسىدىن ئايمۇھەممەتنى ۋاقىپلاندۇردى ـ دە ، تۆمۈر خەزىنىچىبەگنىڭ «ئۇلتۇرغان بولسا قوپسۇن ، قوپقان بولسا ماڭسۇن ، ماڭغان بولسا يۈگۈرسۇن ، گۈلئايىمخانىنىڭ جېنى تېنىدە باردا قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنىڭ ئامالىنى قىلسۇن» دېگەنلىكىنى ۋە ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشىنى ئېيتىپ بەردى .

ئايمۇھەممەتنىڭ كۆزىدىن كەلكۈندەك ياش كەتتى . قۇلاققا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلانغان بۇ شۇم خەۋەر بىردەمدىلا قاۋۇل ئۇستىنىڭ ، ئاقمۇللامىنىڭ ، ئابدۇسادىقنىڭ قۇلاقلىرىغىچە يېتىپ باردى . ئايمۇھەممەت ئاتا ـ بالا يىلتىزىغا ھەرە قويۇلغان سەگۈدەك

بىر ـ بىرىگە يېقىلىپ ، قۇچاقلىشىپ يىغلاپ كېتىشتى . چوڭ بىر كېلىشمەسلىكنىڭ ئالامەتلىرىنى سەزگەن دەرۋىشلەرمۇ چۆچۈگەن ھالدا ئىبادىتىنى تەرك ئېتىشتى .

— دادا ، ئەمدى پىچاق سۆڭەككە يەتتى ، — دېدى ئايمۇھەممەت يىغىدىن بوغۇلۇپ تۇرۇپ ، — دەرھال خوتەنگە بېرىپ نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئەدىپىنى بەرمىسەك سىڭلىم ئۇنىڭ قولىدا ناھەق ئۆلۈپ كېتىدۇ .

قېرىنداشلىق مېھرىگە سېغىنىش ئوتلىرى قوشۇلغان مۇشۇ مىنۇتلاردا سىڭلىسىنىڭ نىياز ھېكىمبەگنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى . ئۇ ئەسەبلىرى كاردىن چىققاندەك ئۆزىنى يوقىتىپ ، ئاياغلىرىنى توختىماي يەرگە ئۇراتتى . دادىسىنىڭ بىلەكلىرىنى سىلكىپ تۇرۇپ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن مۇراجىئەت قىلاتتى .

ئادەتتە سىلىق ـ سىپايە ، كەم سۆز ئايمۇھەممەتنىڭ ئەقلىدىن ئازغاندەك بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغىنىغا چىداپ تۇرالمىغان ئاقموللام جامائەتكە قاراپ دېدى :

— جامائەت ، ھاقارەت ، خورلۇق دېگەن مانا مۇشۇ ، ھەرقانداق ئىشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى بولىدۇ ، بۈگۈن گۈلئايىمخاننى قۇتۇلدۇرۇشنىڭمۇ ، لەنتى نىياز ھېكىمبەگنىڭ جاجىسىنى بېرىشنىڭمۇ تازا ئوبدان پەيتى . نېمىشقا دېسەڭلار ، نىياز ھېكىمبەگ چالما ـ كېسەك قىلماقچى بولغان بۇ ئاجىزەنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ، يۇرتداشلىرىنىڭ بۇ يەردە پەيت كۈتۈپ تۇرغىنىنى زىنھار ئۇقمىغان گەپ ، بولمىسا ئۇ بۇنچىلىك ھەددىدىن ئېشىشقا پېتىنالمايتتى . ئۇنىڭ غەپلەتتە ياتقان پەيتى دەل بىزنىڭ قول سالىدىغان پەيتىمىز ، مېنىڭچە ۋاقىتنى ئەمدى كەينىگە سۈرمەيلى .

— ئاقموللام دۇرۇس گەپ قىلدى ، نىياز ھېكىمبەگ جەزمەن غەپلەتتە قالغان گەپ . خوتەنگە مۇشۇنداق ۋاقىتتا تېگىش قىلمىساق ، كېيىن پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالىمىز ، ئاغىنىلەر !

مەيدىسىگە ئۇرۇپ ئوتتۇرىغا چىققان ساقاللىق دەرۋىشنىڭ كەسكىن ئىپادىسى غۇلغۇلىنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈۋەتتى:

— ئۇلۇغ ئاللا ھەق ـ ئادالەت يولىدا تەۋەككۈل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ، بىزمۇ تەۋەككۈل قىلىلى، ئاغزىمىزدا ئىمان، قولىمىزدا قورال تۇرغان يەردە يەنە نېمىدىن قورقاتتۇق؟

— شۇنداق قىلىلى، بۇ تاغدا يېتىشۋەرگۈچە تەۋەككۈل قىلىپ باققانمۇ تۈزۈك!

— نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۆلۈمتۈك لەشكەرلىرىدىن قورققان جاننى ئىتقا تاشلاپ بەرگۈلۈك!

يېنىدا دادىسى بولمىغىنىدا، ئايمۇھەممەت پەيمانى توشۇپ تاغۇتاشلارنى كۆكۈم ـ تالقان قىلىۋەتكۈدەك ئەلپازدا تۇرغان بۇ ئەزىمەتلەرنى باشلاپ خوتەن تامان يۈرۈپ كەتكەنمۇ بولاتتى. شۇغىنىسى، دادىسى يېنىدا بار ـ دە! شۇنداقتىمۇ ئۇ نەرە تارتىشىۋاتقان پىدائىيلارنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ لام ـ جىم دېمەي، يۈم ـ يۈم يىغلاۋاتقان دادىسىنىڭ ئاياغلىرىغا خۇددى ھەشقىپىچەكتەك ياماشتى ـ دە:

— دادا، بىزگە دۇئا بەرسىلە، سىڭلىمنىمۇ قۇتۇلدۇرۇپ قالايلى، ئۇ لەنىتىگىمۇ مۇشتىمىزنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويايلى، — دېدى يالۋۇرۇپ.

قاۋۇل ئۇستا ئوغلىنى يۆلەپ تۇرغۇزدى ـ دە، ئۇنىڭ ياشلانغان كۆزلىرىگە قارىدى. ئوغلىنىڭ كۆز گۆھىرىدە كۆرمىگىلى ئىككى يىلچە بولغان ئامراق قىزىنىڭ سۈرىتىنى كۆردى. ئۇ بىچارە كۆلىدىن توقۇلغان چوڭ كۆشۈكتە دۈگدەرەپ، تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى. ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك جامالى قويۇق كۈيە ئاستىدا نۇرسىزلانغان، قار ـ يامغۇردەك ئۇچۇپ كېلىۋاتقان تاش بوران باش ـ كۆزىنى تارغاق سالغاندەك تىلغىۋەتكەندى. پېشانىسىدىن شۇرۇلداپ قان ئېقىۋاتاتتى. زۇلمەتتەك قارا كۈيە ئارىسىدا خۇددى سىيادان ئىچىگە تاشلاپ قويۇلغان بىر جۈپ خرۇستالدەك پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرى تاغ

تەرەپكە ، ئۆزىگە قاراپ قېتىپ قالغانىدى . بۇ كۆزلەردىن ئېتىلىپ چىقىقان پاك نۇر ئىچىدە تەلمۈرۈش ، ئۈمىد ، ئىلتىجا ئەكس ئېتەتتى . قارا تۇپراق ئۈستىگە تاشلانغان قىزىلگۈل غۇنچىسىدەك لەۋلىرى «دادا ، ئاكا ، سىلەر قەيەردە ، مەن سىلەرنى سېغىندىم ، سىلەر بىلەن دىدارلاشقۇچە ئۆلۈپ كەتكۈم يوق ، چاپسان كېلىپ قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار » دەپ مىدىرلاۋاتقاندەك قىلاتتى .

شۇنداق ، قىزىنىڭ قىل ئۈستىدە قالغان ھايات ـ ماماتى بىر ھېسابتا قاۋۇل ئۈستىنىڭ ئالقىنىدا ئىدى . ئۇ ئوۋغا تەمشىلىپ قانات راسلاپ تۇرغان قارچىغىدەك بىتاقەت بولۇۋاتقان ھەمراھلىرىغا بىرلا ئىشارەت قىلسا كۇپايە قىلاتتى . ئۆزىمۇ ، قىساس ئوتىدا پۇچۇلىنىۋاتقان بۇ بىر توپ قارچىغىمۇ ئۇدۇل خوتەنگە قاراپ ئۇچقان ، قاغا ـ قۇزغۇنلارنىڭ بېشىغا بىگىزدەك ئۆتكۈر تىرناقلىرىنى سانجىپ ، ئامبۇردەك قامال سالغانمۇ بولاتتى . بىراق ، بۇنداق ئاددىي ئىشارەتنىڭ ۋەزنى تۈگمەن تېشىدىنمۇ ئېغىر ئىدى . ھەمراھلىرىنىڭ ، خوتەن زېمىنىنى ناپاكلارنىڭ تاپىنى ئاستىدىن قۇتۇلدۇرالايدىغان بۇ ياش كۈچنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوينىشالمايتتى . شۇ تاپتا ، ئۇنىڭ كاللىسىدا نىياز ھېكىمبەگنىڭ سانى نامەلۇم لەشكەرلىرى بىلەن ئۆز ھەمراھلىرى ئارىسىدا خىيالەن بىر جەڭ كېتىپ باراتتى . ئۇنىڭ قىياس ئاسمىنىدا بەزىدە پارچە ـ پارچە قارا بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ ، نۇسرەت قۇياشىنىڭ يۈزىنى توسۇۋالاتتى . بەزىدە ئۈمىد شامىلى كۆتۈرۈلۈپ بۇ بۇلۇتلارنى سۈرۈپ تاشلايتتى . بۇلۇتلارنىڭ ئورنىدا «يالت » قىلىپ ئىشەنچ ئوتى چاقناپمۇ قالاتتى . بىراق ، توختالغۇسى يوق بۇ ھال ئەتىيازدىكى تاغ ھاۋاسىدەك ئۆزگىرىپلا تۇراتتى .

قاۋۇل ئۈستىنىڭ : «قىزىققانلىق قىلىپ قويۇپ پۇشايماندا قالمايلى ، ئۆزىمىزنى چاغلاپ بېقىپ ئاندىن بىر قارارغا كېلەيلى » دېگۈسىمۇ كەلدى . بىراق ، بېشىدىن بىر چېلەك قىزىل بوياق تۆكۈۋەتكەندەك قانغا بويالغان قىزى ئۇنىڭ ئوي ـ خىيالىنى تامامەن بەند قىلىۋالدى . قىزىنىڭ ئېچىنىشلىق ئىلتىجاسى قۇلاق تۈۋىدە



www.uyghurkitap.com

جاراڭلاۋەردى . نىياز ھېكىمبەگ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ ، قان يۇقى ئاغزىنى بىر گەز كېلىدىغان ئۇزۇن تىلى بىلەن يالاۋاتقان يىرگىنچلىك يالماۋۇز قىياپىتىدە پەيدا بولدى . جەننەتتىنمۇ يا باشقا بىر تەرەپتىنمۇ ، يارمۇھەممەتنىڭ قىساس نىداسى ئاڭلاندى ، بۇ نىدا ئۇنى بىر ئېغىز سۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان ئوغلى ۋە سەۋر قاچىسى تاشاي دەپ قالغان ھەمراھلىرىغا يۈزلەندۈردى . ئۇ :

— ئۇلۇغ پەرۋەردىگار ، دوستۇڭ مۇھەممەتنىڭ يولىنى تۇتۇپ غازات تونىنى كىيدۇق ، مەقسەتلىرىمىزگە قانات ، بىلەكلىرىمىزگە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلغايسەن ، دۈشمەنلىرىمىز ئالدىدا شەرمىساز قىلمىغايسەن ، — دەپ دۇئا قىلدى...

ئۇلار يولغا چىقتى . ئىككى ئاياغلىق ئۇزۇن پاۋان مىلتىقى ، قىلىچ ـ نەيزە ۋە تاياق ـ توقماق كۆتۈرۈۋالغان كىشىلەر تويى دەريا سۈيى تارتىلىپ ، ئېقىن مىقدارى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشكەن پىشىن ۋاقتىدا دەريادىن ئۆتۈپ ، تاغ ئارىسىغا كىرىپ كېتىشتى . قاۋۇل ئۇستىنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئۇلار تاغ ۋە ساي يولى ئارقىلىق ئۇدۇل يورۇڭقاشقا چۈشمەكچى بولۇشتى . ئەگەر يولنىڭ ئاسىنىنى تاللاپ چىرا ياكى لوپنى بىسىپ ئۆتسە ئۇخلاپ ياتقان يىلاننى ئويغىتىپ قويۇشى ، بۇ يۇرتلاردىكى بەگ ـ توقسابالار بىلەن ئېلىشىشقا مەجبۇر بولۇشى مۇمكىن ئىدى . ئەڭ يامىنى ۋاقىت ئۇزىراپ كېتىپ ، ئۆزلىرىنىڭ بىسىپ كېلىۋاتقىنى نىياز ھېكىمبەگكە ئاڭلىنىپلا قالسا ئىش بۇزۇلۇپ ، چاتاقنىڭ چوڭى چىقاتتى .

تاغدىن كېلىۋاتقانلار چىرا دەرياسىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىنى بويلاپ بىر كېچە ـ كۈندۈز يول يۈردى . ئاندىن بىراقلا كۈنپېتىشقا بۇرۇلۇپ ، لوپ تاغلىرى ئارقىلىق ئاچچىق دەرياسىنىڭ بېشىدىن كېسىپ ئۆتتى ، ئۈچىنچى كۈنى تاڭ بىلەن تەڭ يورۇڭقاش بازىرىغا كېلىپ چۈشتى .

بىراق ، يورۇڭقاش بازىرىنىڭ مازاردەك چۆلدەرەپ قالغىنى

ئۇلارنى بەكلا ھەيران قالدۇرۇۋەتتى. خوتەن شەھىرى بىلەن يورۇڭقاش دەرياسى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان بۇ كۆجۈم بازار ئادەتتە ئوقچۇۋاتقان بۇلاقتەك قايناپ تۇراتتى. بۇرۇنقى چاغلاردىكى ئاۋات مەنزىرىنى كەلمەسكە كەتتى دېگەندىمۇ، لېكىن بوران ئالدىدىكى جىمجىتلىقتا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ خىل سۈكۈنات كىشىگە غەيرىيلىك تۇيغۇسىنى بېرەتتى. تاڭ تولغىقىدا قىينالغان قۇياش چويۇندەك ئېغىر بۇلۇتلارنى يېرىپ چىقىپ نەيزە بويى ئۆرلەپ قالغىنىغا قارىماي، ئەخلەتلىكلەردە دان تاتىلاپ يۈرگەن بىرقانچە توخۇ ۋە سۆڭەك ئىزدەپ ئاۋارە بولۇۋاتقان لالما ئىتتىن ئۆزگە، بىرەر جانلىقنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. يول بويىدىكى ئېرىقلاردا ئېقىۋاتقان سۇ شارقىراشلىرىنى توختاتقانىدى. يوپۇرماقلىرىغا بىمەھەل سېرىقلىق يەتكەن دەل ـ دەرەخلەر تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان پارتلاشتىن قورقۇپ قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇۋالغان ئادەمدەك، ئازراقمۇ لىڭشىپ قويمايتتى. خوتەندىن كۈنچىقىشتىكى يۇرتلارغا، كۈنچىقىشتىكى لوپ، چىرا، كېرىيە ھەتتا چەرچەن، چاقىلىقلاردىن خوتەن شەھىرىگە ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان تۆگە كارۋانلىرىنىڭ، رەۋەندە ئېشەكلىرىنىڭ ئاياغ ئىزى ئۆچكەن، داپ چالغاندەك دىڭگىرلاپ تۇرىدىغان كولدۇرمىلارمۇ ئىچىگە قوغۇشۇن قۇيۇۋەتكەندەك جىمىپ كەتكەنىدى.

«توۋا، بۇ نېمە كارامەتتۇ، يورۇڭقاشلىقلارنى مالائىكىلەر ئاسمانغا ئاچىقىپ كەتتىمۇ يا يەر دەم تارتىپ كەتتىمۇ؟»

دەل شۇ چاغدا، ئەتىگەنلىك شەپەقنىڭ قىزىللىقى يوقالمىغان ئاسماندا قاياقتىن كەلدىكىن، ھەددى ـ ھېسابسىز توك قاغىلار پەيدا بولدى. قاغىلار قۇلاقنى ئاغرىتقۇدەك قاقىلدىغان پېتى بازار مەركىزىدە داڭ قېتىپ قالغان ئادەملەرنىڭ بېشىدا بىرنەچچە قېتىم پىرقىراپ چىقتى ـ دە، ئاستا ـ ئاستا كۆزدىن غايىب بولدى.

قاۋۇل ئۇستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئالقىنىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ تۇرۇپ قاغىلارغا قارىدى، يۈرىكى بىر ئۆرۈلۈپلا يەنە جايىغا چۈشتى. قانداقتۇر بىر دۇرۇتنى تەكرارلاپ قاق ناشتىدا

قاقىلدىغان شۇم قاغىلارنى قاغنۇەتكەندىن كېيىن، يول يۈرۈپ ھالىدىن كەتكەن ئادەملەرگە نەزەر سالدى. بەزىلەر دەرەخلەرگە يۆلىنىپ ئۇيقۇغا كەتكەندى. بەزىلىرى نەيزىلىرىگە تايىنىپ ئارام ئېلىۋاتاتتى. يەنە بەزىلىرى ئۈزۈمدەك ـ ئۈزۈمدەك قاپىرىپ چىقىقان ئاياغلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ غۇژمەكلىشىپ ئولتۇرغان تۆت ـ بەش كىشىنىڭ ئالدىغا باردى ـ دە، زوڭزايدى:

— بۇ يەردىكى غەلىتىلىكمۇ، شۇم قاغىلارنىڭ قاق ناشتىدا قاقىلدىشىمۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس. خوللاس، ھەممىمىز تۈپۈق يولغا كىرىپ قالغۇچە بىرىمىز دەرد تارتقىنىمىز تۈزۈك. مۇنداق بولسۇن، سىلەر كەينىڭلارغا قايتىپ، ئامال بار ئاچچىق دەرياسىنىڭ بېشىغا ئۆتۈپ كېتىڭلار، مەن يەيدىغاننى يەپ، ياشايدىغاننى ياشاپ بولغان ئادەم، تەۋەككۇل قىلىپ شەھەرگە يالغۇزلا كىرەي، پېشانەم ئوڭ بولسا قىزىمنى قۇتۇلدۇرارمەن، بولمىسا تەقدىرىمدە پۈتۈلگىنىنى كۆرەرمەن. بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟ — دېدى ئۇ ئايمۇھەممەتكە، ئاندىن ھەمراھلىرىغا ئۆتۈنۈش نەزىرى بىلەن قاراپ.

— دادا، بۇ نېمە دېگەنلىرى، قايتىدىغان ئىش بولسا باشقىلار قايتسۇن، لېكىن مەن سىلى بىلەن بىللە بارىمەن، — دېدى ئايمۇھەممەت دادىسىنىڭ گېپىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ. ئارقىدىنلا ئاقمۇللامۇ گەپ قىستۇرۇپ دېدى:

— كەينىمىزگە قايتساقمۇ بۇ ھالىمىز بىلەن بەربىر تاغقا يېتىپ بارالمايمىز، ئوبدان پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، ئەل ـ جامائەت ئالدىدا لەت بولغاندىن كۆرە، ئاللاغا سېغىنىپ جېنىمىزنى تىكىلى!

— يورۇڭقاش دېگەن ئۆز يۇرتۇم، بۇ يەردە قېلىپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم بىلەن كۆرۈشمەن دېسەممۇ سىلەر خاپا بولۇپ كەتمەيسىلەر، ئەمما مەن ئۇنداق قىلمايمەن، ئىككى يىلدىن بېرى يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەپتىمەن، ئەمدى سىلەر بىلەن بىللە بېرىپ، پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرەي دەيمەن…

ھاسىسىغا تايىنىپ دىڭگوسلاپ يېتىپ كەلگەن ساقاللىق دەرۋىش گەپ قىلىۋاتقان ئابدۇسادىقنى ماختىغاچ، توپ ئارىسىغا سىغدىلىپ كىردى:

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىز دەرۋىشلەرمۇ بىكار ياتمىدۇق، ئاللا ئاھۇزارىمىز ۋە تائەت - ئىبادىتىمىزنىڭ ساۋابى ئۈچۈن بولسىمۇ بىزگە ئوڭايلىق بېرىدۇ. مېنىڭچە، قايتساق تەڭ قايتىلى، شەھەرگە كىرسەك تەڭ كىرىلى. ياخشىسى، قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىشىۋالايلى، كېيىنمىزگە قايتمايلى، — دېدى كەسكىن قىلىپ.

جامائەت ئايمۇھەممەت ۋە ساقاللىق دەرۋىشنىڭ ئېيتقانلىرىنى بىر ئېغىزدىن قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى. قاۋۇل ئۇستىمۇ لەۋلىرىنى چىشلىرى يېتىپ كەتكۈدەك قاتتىق چىشلىدى-دە، جامائەت رايىغا رازىلىق بىلدۈردى. يورۇغقاشتىن كۆن قايرىلغان چاغدا يولغا چىققان بۇ كىشىلەر ئۇپۇق يۈزى جەگدىن كېيىنكى جەگگاھتەك قىزارغان چاغدىلا يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ كېلىشتى.

دەريا قىرغاقلىرىمۇ، دەريا سۈيىمۇ شەپەق سوغا چۆمۈلگەندەك رەڭ ئالغاندى. پەسىل خاھىشىغا بوي بەرمەي ئوق سۈرئىتىدە ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى قويۇق قارا يىلتىزلار چىرمىشىپ كەتكەن بوز توپىلىق قىرغاققا ھەدەپ ئۆزىنى ئۇراتتى. يورۇڭقاشنىڭ ئۆيدەك - ئۆيدەك زور دولقۇنلارنى ئاسمانغا ئېتىپ، ئالا توپاقتەك ھۆركىرەپ ئاقىدىغان كەلكۈن مەزگىلى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىمدىن ئۇ قېتىمغا كۆز يەتمەيدىغان ئېقىن شىددىتىنى ھەرگىز سەل چاغلىغىلى بولمايتتى. دەريا قىرغىقىدا كېمىچىلەرمۇ، كېمىچىلەرنىڭ كېمە، سال، تۇلۇم دېگەندەك نەرسىلىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. شەھەر تەۋەسىگە قەدەم قويماقچى بولغانلىكى ئادەم جەزمەن ئۆتمىسە بولمايدىغان بۇ دەريا، توختىماي لۆمشىپ تۇرىدىغان تىنىمسىز ئەجدىھادەك، ئايمۇھەممەتلەرنىڭ يولىنى توسۇپ تۇراتتى.

ئۇلار دەريا بويىدىكى ئۇجمىزارلىقتا بىر كېچە قونۇپ، ھېچقانداق خەتەرسىز تاڭغا ئۇلاشتى. ئېھتىيات ئۈچۈن قويۇلغان

ئىككى كۆزەتچى ئۇخلاپ قېتىپ قالغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ ھېچبىر تالاپەت كۆرمىگەن بۇ كىشىلەر : «نىياز ھېكىمبەگ راستىنلا غەپلەتتە قاپتۇ ، ئوردا بوسۇغىسى ئالدىغا كېلىپ بىر كېچە ئۇخلىساقمۇ ھېچكىم تۇيمىدى» دېيىشىپ ، دەريادىن ئۆتۈش ھازىرلىقىنى باشلىۋەتتى .

دەريا بويىدا ئىككى رەكەت شۈكرانە ناماز ئوقۇلدى . دەرۋىشلەرمۇ ئۆز قائىدىسى بويىچە پىر ـ ماشايىخلارغا سېغىنىپ ، سەپىرگە نۇسرەت تىلىدى . بۇ ناماز ۋە تىلاۋەت مەقبۇل بولدىمۇ يا قاۋۇل ئۇستىنىڭ چارە ـ ئامالى ئۇنۇم بەردىمۇ ، ئىشقىلىپ ئۆزلىرى ياسىۋالغان سال ئارغامچىسىدىن قولى ئاجراپ كېتىپ ئېقىپ كەتكەن بىر كېسەل دەرۋىشتىن ئۆزگىلەر دەريادىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتىۋالدى . كېيىملىرى بەدىنىگە چاپلىشىپ ، پۇچقاقلىرىدىن نوردىن قۇيۇلغاندەك سۇ تۆكۈلۈۋاتقىنىغا قارىماي ، قىرغاقتىن ئانچە يىراق بولمىغان ئوچۇقچىلىقتا جەم بولۇشتى . ئۇلار كىيىملىرىنى سىقىپ ، قۇرۇتۇشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقاندا ، شەھەر تەرەپتىن ئاڭلانغان بىر ئەنسىز ئاۋاز ھەممەيلەننى ئۆزىگە جەلپ قىلدى .

— يۇرتداشلار ، ھەي قېرىنداشلىرىم ، ئىزداھام[1] بۇ يەردىن كېتىڭلار ، سىلەر قىلتاققا چۈشۈپ قالدىڭلار !...

— ھوي ، ئاۋۇ ئادەم قىلتاقنىڭ گېپىنى قىلىۋاتامدۇ نېمە ؟

— ياۋا ئۆردەك تۇتقىلى قويغان قىلتاقتۇ بەلكىم ، بىز يا ئۇنىڭ ئۆردىكىنى ئۇركۇتىۋەتكىلى كەلمىسەك !

غۇلغۇلا ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ھېلىقى «ئۆردەك تۇتقۇچى» مۇ يېقىلىپ قوپۇپ دېگۈدەك يۈگۈرۈپ ، ئۇلارغا يېقىنلاپ كەلدى . كېلىۋاتقان كىشىنى خېلى يىراقتىنلا تونۇۋالغان ئايمۇھەممەت دادىسىنى نوقۇپ :

---

[1] ئىزداھام — يەرلىك شېۋە سۆزى بولۇپ ، دەرھال ، ھازىرلا ، چاپسان دېگەن مەنىدە كېلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





— دادا ، قارىسىلا ، ئاۋۇ كېلىۋاتقىنى دەرۋىش ئاتام ئەمەسمۇ ، توۋا ئۇ قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغاندۇ ، — دېدى ئۇ ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ كېپەك دەرۋىشنىڭ ئالدىغا باردى . ئاخىرقى دەرمانى تۈگەپ تىلى بىر غېرىچ ساڭگىلاپ قالغان كېپەك دەرۋىش ئايىمۇھەممەتنىڭ قۇچىقىغىلا يىقىلدى . قاۋۇل ئۇستىمۇ ، دەرۋىشلەرمۇ ، بۇ كۈتۈلمىگەن «مېھمان» غا قىزىققانلارمۇ گۈررىدە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى .

ئورۇقلاپ ، جەينەكتەك بولۇپ قالغان كېپەك دەرۋىشنىڭ چىرايى خۇددى ھاك سۈرتۈپ قويغاندەك ئاتىرىپ كەتكەنىدى . ئۇ كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ، بىر ئايمۇھەممەتكە ، بىر قاۋۇل ئۇستىغا قاراپ ئاچ كۆل رەڭگە كىرگەن كالپۇكلىرىنى ئاران ـ ئاران مىدىرلىتىپ :

— كىتىڭلار ، بۇ ... بۇ يەردىن چاپ ... چاپسان كېتىڭلار ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ قىلتىقى بار ... — دېدى مەقسىتىنى تىل بىلەن ئۇقتۇرالماي قالارمەنمىكىن دېگەندەك ، سۆيى قاچقان تەرخەمەكتەك يۇمشاپ كەتكەن بىلەكلىرىنى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ شەھەر تەرەپكە ئۇزارتتى .

ئەسلىدە ، گۈلئايىمنىڭ ناھەق ئۆلۈپ كېتىشىگە ، ھاكىمبەگنىڭ رەھىمسىزلىكىگە چىداپ تۇرالمىغان تۆمۈر خەزىنىچىبەگ تاغقا مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ يۇرتداشلىق بۇرچىنى ئادا قىلغانىدى . كىم بىلسۇن ، ئۇ ساۋابلىق ئىش قىلىمەن دەپ ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ «چاتاقچىلارنى تاغارغا سولاپ يوقىتىش» ئۈچۈن ئۇستىلىق بىلەن تىقابلاپ قويغان قاپقىنىغا دەسسەپ سالدى . ئۇ بۇنى سېزىپ ۋە پۇشايمان قىلىپ ئۆلگۈرگۈچە ، تاغدىن كېلىۋاتقانلارنى چوڭ بىر قىلتاقنىڭ كۈتۈپ تۇرغىنىدىنمۇ بۇگۈن ئەتىگەندىلا خەۋەر تاپتى ـ دە ، تاغلىقلارنى ئۈچرىغان يەردە ئاگاھلاندۇرۇش ئارقىلىق بۇ زور زىيانكەشلىكتىن ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە ئۆزى ئىشەنچلىك دەپ قارىغان كېپەك دەرۋىشنى يورۇڭقاش تەرەپكە ئاتلاندۇردى . ئاپەت ۋە بۇرچ ئالدىدا زىيادە

جىددىيلەشكەن، ئۆلەر ـ تىرىلىشكە باقماي يۈگۈرۈپ دېمى كېسىلگەن دەرۋىش دەريا بويىغا كېلىپلا ئۇلارنى يولۇقتۇرغانىدى…

دىدار كۆرۈشمىگەن بىرقانچە يىل ئىچىدە، كېپەك دەرۋىشكە قېرىلىق يېتىپ، باشقا بىر ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى بىلىنەر ـ بىلىنمەس پەرقلىنىپ تۇرىدىغان قىيسىق كۆزلىرى، ئوڭ مەڭزىدىكى تىرناقچىلىك ياپىلاق سۆگىلى قاۋۇل ئۇستىغا تونۇشلۇق بېرىپ تۇراتتى. قاۋۇل ئۇستا مۇشۇ ئالامەتلەر ئارقىلىق كونا قەدىناسىنى تونۇۋالدى ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئېتىبار بىلەن قۇلاق سالدى، قول ھەرىكىتىگىمۇ ئالاھىدە زەن قويدى. ئۆزلىرىنىڭ راستتىنلا چوڭ بىر خەتەر ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ چۈشەندى. يول بويى يولۇققان غەلىتىلىكلەر تۇپەيلى چىگىشىپ ـ چىرمىشىپ كەتكەن گۇمان يېپىمۇ بىردىنلا يېشىلدى. قاۋۇل ئۇستا:

— جامائەت، بۇ دەرۋىشنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى ھەمراھلىرىدىن، تېز ـ تېز نەپەس ئېلىپ تۇرۇپ.

— ئاڭلىدۇق، — ئۇلار تەڭلا جاۋاب بېرىشتى.

— ئاڭلىغان بولساڭلار بىرنېمە دەپ بېقىڭلار، كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ بالا ـ قازادىن ئۆزىمىزنى ۋاقتىنچە چەتكە ئېلىپ تۇرامدۇق قانداق؟

— نېمىدەپ كەينىمىزگە يانغۇدەكمىز ئاقساقال؟

— ئەستاغپۇرۇللا، ماۋۇ دەرۋىش بۇ يەردە نىياز ھېكىمبەگنىڭ قىلتىقى بار دەۋاتىدۇ، بۇنى مېنىڭ كۆڭلۈممۇ تۇيۇپ تۇراتتى.

ساقاللىق دەرۋىش بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قاۋۇل ئۇستىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئايمۇھەممەتنىڭ قۇچىقىدا تىپىرلاپ ياتقان كېپەك دەرۋىشكە تىكىلىپ قارىۋالغاندىن كېيىن تاڭلىيىنى قېقىپ، دىمىغىدا كۈلدى ۋە دەرۋىشكە بارمىقىنى چېنەپ تۇرۇپ:

— قاۋۇل ئۇستام، بۇ كىشىنى تونۇيدىكەنلايۇ، خۇيىنى تېخى بىلمەيدىكەنلا، نىياز ھېكىمبەگكە ھە ـ ھۇ دېيىشىپ

مۇساپىرخانىمىزنى كۆيدۇرۇۋەتكەنمۇ مۇشۇ ئادەم، قاراقاشلىق غازاتچىلارنى تۇيدۇرماي تۇتۇپ بېرىپ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋالغانمۇ يەنە مۇشۇ ئاسىي دەرۋىش. ئىشەنمىسىلە ئۆزىدىن سوراپ باقسىلا، نىياز ھېكىمبەگ دېگەن قۇۋ ئوغرى بىزگە كۆچى يەتمەيدىغىنىنى تۇيۇپ قېلىپ، بۇ تۈزكور دەرۋىشنى قورقاق سالغىلى ئالدىمىزغا ئەۋەتكەن گەپ، — دېيىشتى، ئۇنىڭغا يەنە بىر دەرۋىش دوست تارتتى:

— ئۇنى قانداقمۇ دەرۋىش دېگىلى بولسۇن، ئۇ ھەق يولدىن ئازغان گۇمراھ، بۇنىڭغا مانا بىز شاھىت!

ئون نەچچە دەرۋىش تەڭلا چۇقان كۆتۈرۈشتى. ئۇلار كېپەك دەرۋىشنىڭ «نىياز ھېكىمبەگنىڭ ھىمايىسىگە كىرگىنى» توغرىسىدىكى ئەپقاچتى گەپلەردىن ئاللىبۇرۇن خەۋەر تاپقاچقىمۇ، ئۇنىڭ «ئاسىي» بولۇپ كەتكىنىگە ئىمانىنى كېپىل قىلىپ تۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىشتى.

— تۆھمەت! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى كېپەك دەرۋىشنى يۆلەپ ئولتۇرغان ئايمۇھەممەت، — سىلەر قاراپ تۇرۇپ ياخشى ئادەمگە ئۇۋال قىلىۋاتىسىلەر!

— تىنچلىنىڭلار، — قاۋۇل ئۇستىنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ، دەرۋىشلەرنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، — ھازىر كىم ياخشى، كىم يامان تاسقاپ ئولتۇرىدىغان چاغ ئەمەس، مەيلى قىلتاق بولسۇن ـ بولمىسۇن، يولۋاس ياتقان تاغقا ئاياغ باستۇق. ئۆلۈم بىلەن كۆرۈم قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدىلا تۇرۇپتۇ. ئەمدى بىزگە دۈشمەن بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشماقتىن ئۆزگە يول يوق!

قاۋۇل ئۇستىنىڭ گېپى بىلەن دەرۋىشلەر ئوتنى تارتىۋەتكەن قازاندەك جىمىپ قالغان بولسىمۇ، بىراق قاۋۇل ئۇستىنىڭ ۋە دەرۋىشلەرنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن تاغلىقلارنىڭ كاللىسىدا باشقىچە بىر ئويمۇ پەيدا بولۇپ قالدى:

«ئىنساپ بىلەن تەۋەككۈل قىلىپ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن، دوست

دۈشمەنگە ، دۈشمەن دوستقا ئايلىنىپ تۇرىدىغان بۇ زاماندا ئادەمگە ئىشەنگىلى بولامتى ؟ »
«دېمىسىمۇ ، جاھاندا ئازمايدىغان ئىنسان يوق ، بۇ خۇداگۇي دەرۋىشلەر ئۆز تائىپىسىدىكى بىر ئادەمدىن بىكاردىن ـ بىكار گۇمانلىنارمۇ ، توختاپ تۇر ، كىچىك دەرۋىش بىلەن دەرقەمتە تۇرۇپ سۆزلىشىپ باقساق قانداق بولار ؟ »

## قىرىق ئىككىنچى باب

# قانلىق قىرغاق

ئايمۇھەممەت بىر ئوچۇم سۇ ئەكىلىپ كىچىك دەرۋىشنىڭ قۇرۇپ ، گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىگە تېمىتتى ، ئۇنىڭ بىر باغلام لاتىدەك قۇرۇلغان گال تېرىسىگە ۋە ياڭاقتەق تومپىيىپ تۇرغان بۇغدىيىكىگە ئاستا ـ ئاستا جان كىردى . قاپاقلىرى لىكىلداپ ، كۆزلىرى ئېچىلدى . ئۇ قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغانغاندەك سىلكىنىپ ئەتراپىدا ھالقىسىمان دائىرە بولۇپ ، تىكىلىپ تۇرغان ئادەملەرگە قاراپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى . بىراق ، كىچىك دەرۋىشمۇ ، كىچىك دەرۋىش بىلەن يۈزلىششنى كۈتۈپ تۇرغان قاۋۇل ئۇستىمۇ ئېغىز ئېچىشقا ئۇلگۇرەلمىدى . تۆت تەرەپتىن تەڭ كۆتۈرۈلگەن جەڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازى ھەممەيلەننى ئويغا سېلىپ قويغان جىمى سىرنى بىراقلا ئاشكارىلاپ بەردى .
ئوچۇق ھاۋادا چاقماق چېقىلدى ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىنىپ ، قىلتاققا چۈشكەنلىكىنى تۇيۇپ يەتكەن ئادەملەر جەڭ دۇمبىقىنىڭ گۇمبۇرلىشى بىلەن تەڭلا خۇددى غايىب بىر قول گەجگىسىدىن باسقاندەك ، ئۆكۈنۈش ئىچىدە يەرگە قاراشتى . پۇشايماندىن تۇغۇلغان خىجىلچىلىق غاپىل يۈرەكلەرنى تىغدەك تىلغاپ ئۆتۈپ كەتتى . ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە ، تاغ كەلكۈنىدەك بېسىپ

كەلگەن بىر قورقۇنچ ئۇلارنى تىك تۇرغۇزۇلغان مۇمىيادەك قاتۇرۇپ قويىدى . لېكىن ، بۇ ھالەت ئۇزاققا داۋام قىلمىدى . ئاچچىق ھەقىقەتنىڭ زەربىسىگە چىداپ ، ئەقىل تىزگىنىنى قولىدىن بەرمىگەنلەر ئالدى بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ كۆزلىرىگە ، ئاندىن ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراشتى .

ئۇلار كونا تۇگمەن ئۆگزىسىدە ، كويلا بويىدىكى سۆگەتلەر ئارىسىدا ، ئەگرى ـ بۈگرى ئېرىقلاردا ، دەريا بويلاپ يىراققا سوزۇلغان سازلىقتىكى گوداڭلاردا مىلتىقلىرىنى بەتلەپ ، ئوقلىرىنى كىرىچلىرىگە تىرەپ ، نەيزىلىرىنى پارقىرىتىپ تەخ بولۇپ تۇرغان ئۆلۈم ئەلچىلىرىنى كۆردى . كەينىگە — دەريا تەرەپكە كۆز سېلىشىدى ، يورۇڭغاشقا تەۋە قىرغاقتا سەپ تۈزۈپ تۇرۇپ كەتكەن لەشكەرلەرنى چىلىقتۇردى . شۇ چاغدىلا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېرىم ئاي شەكىللىك مۇھاسىرە چەمبىرىكىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋاتقىنىنى چۈشەندى .

مانا بۇ ئاقىۋەت ، مانا بۇ مۇھاسىرە نىياز ھېكىمبەگ باش قاتۇرۇپ تۈزۈپ چىققان پۇتۇنسۇرۇك پىلانىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىناتتى . ئۇنىڭغا روشەن ئىدىكى ، ئەگەر تاغقا لەشكەر ئەۋەتسە ، بۇ لەشكەرلەرگە يا خالمان پانسات ، يا ئۆزى باشچىلىق قىلىشى كېرەك ئىدى . خالمان پانساتنى لەشكەر تارتتى دېگەندىمۇ ، ئۇ يا لەشكىرى بىلەن قوشۇلۇپ ھالاك بولاتتى ، يا تاغلىقلار ئۈستىدىن غالىب كېلەتتى . بىراق ، بۇ ئىككى خىل نەتىجىنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا نىياز ھېكىمبەگكە زىياندىن باشقا نەرسە ئەكەلمەيتتى . تاغلىقلار كۆرەڭ ، تەكەببۇر خالمان پانساتنى يەر چىشلەتسىغۇ بىر نۆرى ، بىراق ئۇنى يەر چىشلىتىپلا توختاپ قالمايتتى ، خالمان پانساتنىڭ بېشىنى كەسكەن قىلىچنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇل خوتەنگە بۆسۈپ كىرەتتى ـ دە ، مۇداپىئەسىز قالغان ئوردىغا ۋە ئۆزىگە بىۋاستە تەھدىت سالاتتى . مۇبادا خالمان پانسات غالىب كەلسە ، ئۇ پۇتۇن تۆھپىنى ئۆز نامىغا يازاتتى ـ دە ، خورىكى تېخىمۇ يوغىناپ كېتەتتى . بۇ ئىش ياقۇپبەگكە يەتكۈزۈلسە ئۆزىنىڭ

ھاكىمبەگلىك ئورنىغىمۇ شامال تېگەتتى . ئۆزى باش بولۇپ لەشكەر تارتسا خالىمان پانسات دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان ئىككى خىل ئاقىۋەتنىڭ ھەرقاندىقىغا دۇچ كېلەتتى . تەلىيى ئوڭدىن كەلسىغۇ مەيلى ، ئوڭدىن كەلمەي قالسا جېنىنى ساقلاپ قالالماسلىقى ، ھەتتا خوتەننى قولدىن بېرىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى . ئۇ چاغدا بۇ مەغلۇبىيەتنى كىمگە دۆڭگەيدۇ ؟ يەنە كىمدىن پاناھ تىلەيدۇ ؟ پاناھ تىلەپ نەگە بارىدۇ ؟ خوتەندەك ئالتە شەھەرلىك بىر يۇرتنى قولدىن بېرىپ قويغان ھاكىمبەگكە ياقۇپبەگنىڭ كەڭچىلىك قىلىشى مۇمكىنمۇ ؟ تۇرلۇك - تۇمەن كۇشەندىلىرى چىش بىلەن تۇرغان يەكەن شەھىرى ئۇنى ئۆز قوينىغا ئالارمۇ ؟

نىياز ھېكىمبەگنىڭ كاللىسى ئۇر - چاپ ساداسى بىلەن تولغان جەڭگاھقا ئايلاندى . ھەر خىل تەخمىنلەر قىلىچ - قالقانلىرىنى گىرەلەشتۇرۇپ بۇ جەڭگاھقا توپتوغرا بىر كېچە - كۇندۇز جەڭ قىلدى . ئاخىر ئۇ كىچىك ۋاقتىدا مۇئەللىمى سۆزلەپ بەرگەن «يولۋاسنى تاغدىن ئايرىۋېتىش» ھىيلىسىنى تۇنجى قېتىم بۇ پىلانىغا تەتبىقلىدى ۋە تاغدىكىلەرنى ئالداپ يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ بۇ تەرىپىگە باشلاپ كەلمەكچى ، ئاتايەن ئېچىپ قويۇلغان تاغارنىڭ ئاغزىنى بىراقلا ئېتىپ ، دەريا سۇيى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ چېكىنىش يولىنى ئۇزۇپ تاشلىماقچى بولدى .

بىراق ، تاغدىكى يولۋاسنى قانداق قىلىپ بۇ يەرگە باشلاپ كېلىش كېرەك ، دېگەن قىيىن مەسىلە ئۇنى خېلىلا قىيناپ قويدى . ئويلا - ئويلا ، ئاخىر ئۇنىڭمۇ چارىسىنى تاپتى ۋە تورنى يىراقتىن تاشلىدى . ئۇ ئاۋۋال گۇلئايىمنى قولغا چۇشۇرۇپ ، ئۇنى قاپقان يەمچۇكى قىلماقچى بولدى . ناھايىتى مەخپىي ۋە ئەتراپلىق چارە بىلەن گۇلئايىمنى ئاخىر تۇتۇپ كەلدى . چالما - كېسەك قىلىپ ، سازايى قىلىش پەرمانىنى يۇرتمۇيۇرت جاكارلاپ ، ئۇلۇغ - ئۇششاق ھەممە ئادەمگە بىلدۇرۇۋەتتى . ئۇنىڭ پەرىزىچە مىجەزى چۇس ئايمۇھەممەت سىڭلىسىنىڭ تاش بوران ئىچىدە ئۆلۇپ كېتىشىگە قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرالمايتتى . ئادەملىرىنى باشلاپ كېلىپ

بۇ يەمچۈكنى تارتىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلاتتى . شۇڭا ، ئۇ بۇ خەۋەرنى تاغدىكىلەرگە يەتكۈزۈش ، ئەمما ئۇلارنى شۇبھىلەندۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ، ئىشنى تۆمۈر خەزىنىچىبەگنى ئارىغا سېلىشتىن باشلىدى ۋە ئۆزى قانات سۆرەپ كېلىپ ئۇنى «يوقلاش» ئويۇننى ئويناپ چىقتى . بۇ ئويۇننىڭ ئاقىۋىتى شۇنچىلىك قىزىق بولدىكى ، ئەقىل كۆزى ئادەمگەرچىلىك تۇمانى بىلەن توسۇلغان تۆمۈر خەزىنىچىبەگ ئۆزى ئىنتايىن مۇھىم ۋە مەخپىي دەپ ھېسابلىغان تاغقا بېرىش ۋەزىپىسىنى باشقا بىرىكىمگە ئەمەس ، دەل شىبىرىپ شەيتانغا يۈكلىدى . «دۆۋە دۆۋىگە يىغىلىپتۇ» دېگەندەك ، تەقدىر نىياز ھېكىمبەگكە يەنە بىر قېتىم ئامەت ئاتا قىلدى . يوشۇرۇن قىلتاققا قاراپ ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىۋاتقانلارنى چۆچۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ، ئۇ يورۇقچاش بازىرىنى ئادەمسىز شەھەرگە ئايلاندۇرۇپ ، تاغارنىڭ ئاغزىنى چوڭ ئاچتى ، شۇنداقلا بىغەم ، قورقۇنچاق قىياپەتكە كىرىۋالدى ، تاغدىن تا دەريا بويىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق توسۇقنى بىكار قىلدى . پەقەت بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغا يوشۇرۇنغان بىرقانچە جۈپ روشەن كۆزلا ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن كۆزىتىپ باردى . ئۇ كۈتكەن ھاياجانلىق دەقىقىلەر ئاخىر يېتىپ كەلدى . پۈتۈن ئولجىنىڭ ئالىقىنىغا كىرىپ بولغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ قىلغان چاغدىلا ، ئاندىن ئۇ دۇمباق ئۇرۇشقا ئىجازەت بەردى . سېھىرلەنگەندەك قىمىرلىيالمايۋاتقان تاغلىقلارغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلدى :

— ئى ئازغان بەندىلەر ، ئىقرار بولۇڭلاركى ، سىلەر ئۇلۇغلارغا تىغ كۆتۈرۈپ كەچۈرگۈسىز گۇناھ قىلدىڭلار ، پادىشاھنىڭ ئەمرىدىن باش تارتىپ ئاسىي بولدۇڭلار ، شۇ ۋەجىدىن ئاللا سىلەرنى غاپىل ئەيلەپ ، سىياسەت تىغىنىڭ ئاستىغا ھازىر قىلدى ۋە جازا قامچىسىنى پېقىر يۇرتبېگىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى . ھالا بۇ پەيتتە خاھ بېشىڭلارنى غەزەپ قىلىچىدىن ئۈتكۈزەي ، خاھ قېنىڭلارنى ئاۋۇ دەريادەك ئاققۇزاي ، بۇنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ ئىرادىسىدىن تاشقىرى ئەمەستۇر . بىراق ، قان تۆكۈش مەنئى

قىلىنغان بۇ ئاينىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش يۈزىسىدىن ئىككى ئېغىز نەسىھەت قىلايكى ، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن قولۇڭلارغا ئالغان نەيزە ـ قىلىچلىرىڭلارنى تاشلاپ ، بېشىڭلارنى ئېگىڭلار ، ئالدىمدا تىزلىنىپ ، توۋا قىلىڭلار . گۇناھىڭلارنى تىلەڭلار ، — دېدى ئۇ لەشكەرلەر ئارىسىدىن بېشىنى ئاران چىقىرىپ تۇرۇپ .

نىياز ھېكىمبەگنىڭ يېنىدا تۇرغان خالمات پانسات كۆرەڭلىك بىلەن ئالدىغا چىقىپ تاپانچىسىنى ئاسمانغا قارىتىپ پاڭ ـ پۇڭ قىلىپلا ئىككى پاي ئوق ئېتىۋەتتى .

قۇرخانىدا بارلىكى قوراللارنىڭ ھەممىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىشقان تۈركۈم ـ تۈركۈم لەشكەرلەر ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ قىلىچلىرىنى يۇلاڭلىتىپ بىرنېمىلەرنى دەپ چۇرقىراشتى ، دۇمباقلار يەنە گۇمبۇرلەپ ، دەريا بويىنى تىترىتىۋەتتى . نىياز ھېكىمبەگنىڭ تەكەببۇرانە كۈلكىسى ۋە مەمەدانلىق چىقىپ تۇرغان سۆزى خۇددى كۈشەندىسىنى كۆرگەن ئەركەك شىردەك ھۆرپىيىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ قۇلاقلىرىغا زۇلمەت قىچقىرىۋاتقان ھۇۋقۇشنىڭ ھۇۋلىغىنىدەك يېقىمسىز ئاڭلاندى . يورۇڭقاش ئاسمىنىدا قاقىلدىغان ھېلىقى شۇم قاغىلارمۇ ئۇلارنى بۇ تەرىقە بىزار قىلالمىغان ، بۇ يىرگىنچلىك ، سەت ئاۋازنى ئاڭلاۋېرىشتىن نومۇس قىلغان بىرنەچچە كىشى قۇلاقلىرىنى مەھكەم ئېتىۋېلىشقانىدى .

بىراق ، ئەللىك ـ ئاتمىش قەدەملا كېلىدىغان يەردە قان چېچىشقا تەييار بولۇپ تۇرۇشقان نەچچە يۈز ياساۋۇل ـ لەشكەرلەرمۇ ، يالماۋۇزنىڭ كۆزىدەك پارقىراۋاتقان قىلىچ ـ نەيزىلەرمۇ ، ئاغزىدىن ئەجەل ئوتى پۈركۈيدىغان توپ ـ زەمبىرەك ، جەزائىللارمۇ ئۇلارنى قورقۇتالمىدى . خالمان پانساتنىڭ ئوق چىقىرىپ ھەيۋە قىلىشمۇ ئۇلارغا رەۋەندە قامچىسىنىڭ تارسىلدىغىنىچىلىكمۇ بىلىنمىدى .

ئۆزلىرىنىڭ بارى ـ يوقى يۈز ئەللىكچە ئادىمىنىڭ قاتمۇقات مۇھاسىرىدە تۇرغان بۇنچىۋالا نۇرغۇن لەشكەرگە تەڭ

كېلەلمەيدىغانلىقى تاغلىقلارغا ئايان ئىدى . ھايات ـ ماماتى قىل
ئۈستىدە تۇرغان مۇشۇ دەقىقىدە بىرەر كاتتا مۆجىزە يۈز بېرىپ ،
كۈچ سىلىشتۇرمىسىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىشىمۇ
ئېھتىمالدىن يىراق ئىدى . پەقەت ئۆلۈم — جىمى جانلىقلارنى دىر ـ
دىر تىترىتىدىغان ، ئەمما نۆۋىتى كەلگەندە ھېچبىرىنى ئاياپ
ئولتۇرمايدىغان شەپقەتسىز ئۆلۈملا ئۇلارنى بىتاقەت بولۇپ كۈتۈپ
تۇراتتى . ئاتا ـ بالا قازانچىلارنىڭمۇ ، قازانچىلار بىلەن بىلەكلىرىنى
گىرەلەشتۈرۈپ تۇرغان كېپەك دەرۋىشنىڭمۇ ، توختىماي دۈرۈت
ئوقۇۋاتقان دەرۋىشلەرنىڭمۇ ئۆلۈمگە كۆزى يېتىپ ، ئۇيۇل تاشتەك
قېتىپ كەتكەن يۈرەكلىرى ئەمدى سالماق رىتىم بىلەن
سوقۇۋاتاتتى . شۇ تاپتا ئۇلار تەقدىرىدە تايىن تاپقان شېھىتلىك
شەربىتى ئۈچۈن دۈشمەن ئوقىغا كۆكرىكىنى تۇتۇپ بېرەلەيتتى .
لېكىن ، ئۇلارنى توسۇپ تۇرغىنى ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئەمەس ، بەلكى
كۆڭلىدىكى گېپىنى گۆرىگە بىللە ئەكېتىشىنىڭ قورقۇنچى ئىدى .
دەر ھەقىقەت ، نەپرەت بىلەن يۇغۇرۇلغان ھەق ئاۋازىنى ،
كېيىنكىلەرگە ئاتالغان ئىبرەتلىك نىداسىنى ئاخىرقى تىنىقىدىمۇ
ئاشكارىلىيالماي ھەسرەت بىلەن ئۆلۈپ كېتىش ئەڭ ئازابلىق ۋە
ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىق ئۆلۈم ئەمەسمۇ ؟

— ھەي لەنەتكەردى تۈزكور ھاكىمبەگ ، بىزنى ئالدىڭدا
تىزلىنارمىكىن ، بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپ يېلىنارمىكىن دەپ خام
خىيال قىلما . بىلىپ قويكى ، سەن ئىپلاس ئايىغىڭ بىلەن دەسسەپ
تۇرغان بۇ ئەزىز زېمىندىن ئالىملارمۇ ، زالىملارمۇ ، زەردار ـ
قەلەندەرلەرمۇ چىققان . لېكىن ، يۇرت دۈشمىنىگە ئۆزىنى ياكى
ئۆزگىنى ساتقان مۇناپىق چىقىپ باققان ئەمەس ، — قاۋۇل ئۇستا
مەردانە قىياپەت بىلەن بىر قەدەم ئالغا سىلجىدى ـ دە ، تونچە
ياقىلىق يەكتەكنىڭ ياقىسىنى شارتتىدە قايرىپ ، قويۇق تۈك
باسقان مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ دېدى ، — ئىست ، ئەركەكمەن
دەپ بېلىڭنى باغلاپ يۈرگىنىڭ بىلەن ، بەكمۇ نامەرد ، ناجىنس
بىرنېمە ئىكەنسەن ، نېمە ئۈچۈن دەمسەن ؟ ئاڭلا ، سەن بىزنى

كۆچكە ئەمەس، بەلكى ھىيلە ـ مىكىرگە تايىنىپ قىلتاقلا چۈشۈردۈك، ئەمدى قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل، خالىساڭ ئات، خالىساڭ چاپ، ئەگەر نوچى بولساڭ بىرگە بىر مەيدانغا چۈش!

مۇددىئا ـ مەقسىتىنى تا مۇشۇ چاغقىچە مەخپىي تۇتۇپ كەلگەن نىياز ھېكىمبەگ، بىردىنلا كارامەت كۆرسىتىپ ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇش نىيىتىدە يۇرت كاتتىلىرىنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي بۇ يەرگە ئەكەلگەنىدى. «تاماشا» كۆرگىلى تەكلىپ قىلىنغانلار ئىچىدە موللاجى تۇراپمۇ، ھاكىمبەگ ئۈچۈن بىر كۈپ ئالتۇننى ساقلاپ بېرىۋاتقان تۆمۈر خەزىنىچىبەگمۇ بار ئىدى. ھاكىمبەگكە ئەيمەنمەي تىل تەگكۈزۈۋاتقان قاپ يۈرەك تاغلىقلاردىن قورقۇپ تېنى جۇغۇلداپ كەتكەن ئىلياس مىرزا بىر قولىغا تاپانچا، بىر قولىغا قىلىچ ئېلىپ چوقۇشقاق خورازدەك ھۆرپىيىپ تۇرغان خالمان پانساتنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالغانىدى. ئۇنىڭ تۇرقى بەئەينى قەلەندەردىن قورقۇپ كونا تام كەينىگە مۆكۈنۈۋالغان كىچىك بالىغا ئوخشايتتى. ئىلياس مىرزىنىڭ كەينىدە ياساۋۇل ـ لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىدا كىچىكرەك بەگ، ئاقساقاللارمۇ كۆرۈنۈپ قالاتتى.

نىياز ھېكىمبەگ ئەسلىدە تاغلىقلارنى، ئەزرائىل قىياپەتلىك لەشكەرلەرنى كۆرۈپلا جېنىدىن ئۈمىد ئۈزىدۇ، ئۆلۈمتۈك قورتتەك تىۋىت پۈتلۈق بولۇپ ئۆمىلىگەن پېتى ئالدىمغا كېلىپ كەچۈرۈم سورايدۇ، ھېچبولمىسا بىرقانچە غوللۇق ئادىمىنى ئۆز قولى بىلەن تۇتۇپ بېرىپ، جانلىرىغا ئامانلىق تىلەيدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، ئۇنىڭ چوتنى خاتا سوققانلىقى ئەمدىلەتىن ئاشكارا بولۇۋاتاتتى. بولۇپمۇ ئۆزىگە تېخى ناتونۇش بولغان بۇ بومبۇر ساقال، قورقۇمسىز ئادەمنىڭ زەھەردەك ئاچچىق گەپلىرى يۇرت چوڭلىرىنىڭ، ياساۋۇل ـ لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈپ، ئېشەكتىن يىقىلغاندەك لەت قىلىۋاتاتتى. ئەگەر خالمان پانسات ياكى باشقا بىرى بولسىدى، بۇنداق گەپلەرگە چىداپ تۇرالماي ھەدېگەندىلا قان تۆكۈپ، قىيامەتنى ئالىلقاچان ئاشكارا قىلغان بولاتتى. بىراق، نام ـ ئاتاقىا، يۈز ـ ئابرۇيغا باشقىلاردىن

بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدىغان نىياز ھېكىمبەگ ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايتتى . «قىلغان گەپ — ئاتقان ئوق ، ئۇنىڭ گېپى بەربىر ئاغزىدىن چىقىپ بولدى . قىلىچ بىلەن غالىب كېلىشنىغۇ كېلەرمەن ، بىراق گەپتە ئۇتتۇرۇپ قويسام باشقىلار مېنى نېمە دەيدۇ ؟ ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ، ئۇ قېرىنى گەپتە تازا بىر يانپاشقا ئېلىۋالاي ـ دە ، ئاندىن قىلىچقا مۇراجىئەت قىلاي» دېگەن ئويغا كەلگەن نىياز ھېكىمبەگ ، تىترەپ تۇرغان قولىنى قاۋۇل ئۇستا تەرەپكە شىلتىپ دېدى :

— ھەي ، چاڭگا ساقال ئادەم ، ئەجەب گەپدان نېمىكەنسىنا ، ئېتىڭ نېمە ، ئۆزۈڭ كىم بولىسەن ؟ نام ـ نىشانسىز ئۆلۈپ كېتىپ يۈرمە يەنە !

قاۋۇل ئۇستا يەنە بوش كەلمىدى ، كەكە سېپىدەك توم بارماقلىرىنى نەيزىدەك چېنەپ تۇرۇپ نىياز ھېكىمبەگدىن سورىدى :

— مەن مۇشۇ يەرلىك بولغاچقا ئاۋۋال سەندىن سوراي ، ئۆزۈڭ كىم بولىسەن ، نەدىن كېلىپ قالدىڭ ، بىرەرى چىللاپ كەلدىمۇ يا ئۆزۈڭ كەلدىڭمۇ ؟

— مەن خوتەن ئالتە شەھەرنىڭ ھاكىمبېگى بولىمەن !

— ئېتىڭنى تىلغا ئېلىشتىن نومۇس قىلىۋاتامسەن تۈزكور ، يا ئاتاڭ ئېتىڭنى ھاكىمبەگ قويۇپ ، تەخت ئۈستىگە تاشلاپ قويغانمىدى ؟

— ...

نىياز ھېكىمبەگنىڭ تىلى تۇتۇلدى . «تاشلاپ قويغانمىدى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا يۈرىكى بىر ئۆرۈلدى ـ دە ، «ئەجەبا بۇ ئادەم تەكتىمنى بىلەمدۇ نېمە ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۈلگۈردى . قاۋۇل ئۇستا ئاياغلىرىنى تىك تۇرغۇزۇلغان جۇۋاز قايچىسىدەك كېرىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى :

— سەن ئېتىڭنى ئېغىزغا ئېلىشتىن نومۇس قىلساڭ ، مانا مەن نومۇس قىلمايمەن ، ئېتىم قاۋۇل ، كەلگۈندى ئەمەسمەن ،

ئابا ـ ئەجدادىمدىن تارتىپ مۇشۇ يۇرتقا كىندىك قېنى تۆكۈلگەن پاك نەسەب قازانچىنىڭ ئەۋلادىمەن . سەن قان تۆكۈپ تاج كىيگەن ھۆكۈمران بولساڭ ، مەن مۇشۇ يۇرتنىڭ پەرزەنتى بولمىش تاجسىز ھۆكۈمرانمەن !

نىياز ھېكىمبەگ يىڭنە يۇتۇۋالغاندەك تولغىنىپ تۇرۇۋېمۇ يەنە پەرۋاسىز قىياپەتكە كىرىۋالدى ۋە زورغا كۈلۈمسىرەپ ، مازاق قىلغان ئاھاڭدا دېدى :

— قاراڭلار جامائەت ، ماۋۇ قازانچىنىڭ ئۆزىنى تېخى ھۆكۈمران دەۋالغىنىنى ، خەسچىلىك قەدرى بولمىغان بىر قازانچى ئۆزىنى ھۆكۈمران دېسە ئادەمنىڭ كۈلگۈسى كېلىدىكەن ... ھاھ ... ھاھ ... ھاھ ...

قاۋۇل ئۇستىمۇ تىل نەشتىرىنى ئۇدۇل نىياز ھېكىمبەگنىڭ يۈرىكىگىلا توغرىلىدى ۋە دېدى :

— سەن تېخى ئۆزۈڭنى قەدىرلىك چاغلامسەن ، تۇفى سېنىڭ ئەقلىڭگە ! سەندەك ئۆز قوۋمىگە ياخشىلىق كەلمەيدىغان مۇناپىق ھۆكۈمراندىن ئۆز قوۋمىگە ئاش بېرىدىغان بىر قازانچى ياخشى ، ئۆز قوۋمىنىڭ مازارىغا دۇئا قىلىدىغان ماۋۇ دەرۋىشلەر ياخشى ، نان بېرىپ باققان ئىگىسىنىڭ ئۆيىنى چۆرگىلەپ قاۋاپ بېرىدىغان ئىتمۇ ياخشى ! قانداق دېدىم ، جامائەت ؟

— كۆڭلىمىزدىكى گەپنى قىلدىلا ، قاۋۇل ئاكا ، خۇدا تىللىرىغا دەرد بەرمىسۇن ، — دەپ سۈرەن سېلىشتى قاۋۇل ئۇستىنىڭ كەينىدە تۇرغان بىرقانچە كىشى . دادىسىنىڭ بۇنچىلىك گەپدانلىقىنى ئۆمرىدە تېخى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان ئايمۇھەممەتمۇ ئىپتىخارلانغان ھالدا دادىسىغا قاراپ ، رازىمەنلىكىنى بىلدۈردى .

— ئى قازانچى ئەۋلادى ، «تىل يۈگۈرۈكى باشقا» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ ؟ — نىياز ھېكىمبەگنىڭ گېلىنى بوغۇۋالغاندەك خىرىلداپ چىقىۋاتقان ئاۋازى توختىشى بىلەن ، قاۋۇل ئۇستا ئۇنىڭغا جاۋابەن :

— سەنمۇ «ئىتتىن قورققان قەلەندەر بولماپتۇ» دېگەن گەپنى

www.uyghurkitap.com

ئاڭلىمىغانمىدىڭ قانخور؟ گەپكە گەپ ياندۇرالماي قۇرۇق تىرە تاراقلىتىپ ئاۋارە بولغۇچە قولۇڭدىن كەلسە ياغ چاينىمامسەن؟ تازا قىلىساڭ رەھمەتلىك ئوغلۇم يارمۇھەممەتنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرەرسەن، قىزىم گۈلئايىمنى خورلىغاندەك خورلارسەن، لېكىن شۇنى بىلىپ قال، قازانچىلار جەمەتىنىڭ، ئەل يۇرتىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ كۈن كۈنلەرنىڭ بىرىدە سېنىڭ بېشىڭغىمۇ كېلىپ قالىدۇ تېخى…» — دېۋىدى، نىياز ھېكىمبەگ قانسىرىتىلغان ئۆپكىدەك ئۆڭۈپ كەتتى. لەۋلىرى بەزگەكنىڭكىدەك تىترەپ، دېمى چورتلا بوغۇلدى. كۆزلىرىنىڭ ئېقى چوڭسىيىپ چانقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالدى. ئۇ تاقەتسىزلەنگەن ھالدا ياساۋۇللىرىغا:

— بىرىڭلار، ئاۋۇ ساقالنىڭ بېشىنى ئەكېلىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى، يەل توشقۇزۇلغان كۆيەكتەك چىڭقىلىپ تۇرۇپ.

«باخشىنىڭ دېپى يېرىلسا گەردىشى مايمۇنغا ئويۇنچۇق بوپتۇ» دېگەندەك، سۆزمەنلىكتە ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئاددىي بىر قازانچىغا تاقابىل تۇرالمىغانلىقىدىن خالمان پانساتنىڭ يالىقى يېيىلىپ كەتتى. «ھەي قاقۋاش، سېنىڭمۇ ئۇتتۇرۇپ قويىدىغان چاغلىرىڭ بولىدىكەن ـ دە» دەپ ئويلىدى ئۇ ئۇنىڭ شۇنچە كۆپ ئادەم ئالدىدا كۈلكىگە قالغىنىدىن ئىچىدە خۇشال بولۇپ.

ئىلياس مىرزا خوتەنگە كەلگەندىن بېرى، خالمان پانسات بۇ پەرغانىلىك يۇرتدىشى بىلەن ئوبدانراق مۇڭدىشىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ، ئەمما نىياز ھېكىمبەگ ئۇنىڭغا سالاملاشقۇدەكمۇ پۇرسەت بەرمەيۋاتاتتى. بولۇپمۇ نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئەتىدىن ـ كەچكىچە قوبۇلخانىسىغا بېكىنىۋېلىپ ئىلياس مىرزا بىلەن خۇپىيانە سۆھبەت قۇرۇشى، سۆھبەت ۋە ئۇچرىشىشلاردىن ئۆزىنى ئەتەي چەتلەشتۈرۈشى خالمان پانساتنىڭ قورسىقىدا جىن پەيدا قىلغانىدى. ئۇنىڭ نەچچە ئاي قاتراپ يۈرۈپمۇ تۇتالمىغان كەرىمقۇل بىلەن گۈلئايىمنى ھېچ كۈچىمەيلا تۇتۇۋالغىنى، كۈشەندىسى تۆمۈر

خەزىنىچىبەگكە يېقىنچىلىق قىلىۋاتقىنى ئۇنىڭ رەشك ئوتىنى ئۇلغايتماقتا ئىدى . كۆڭلىدە بىخ سۈرۈۋاتقان ئىنتايىن يامان قىياس تۆپەيلى ، ئالدىن مۇشت ئېتىپ ، ئۆزىنى يات كۆرگەن هاكىمبەگنىڭ ، كونا رەقىبى تۆمۈر خەزىنىچىبەگنىڭ ئىشىنى بىر يولىلا بىر ياقلىق قىلماقچىمۇ بولغانىدى . ئەمما ، سۈيۈق ئۇماچتەك لىغىرلاپ تۇرىدىغان موللاجى تۇراپقىمۇ ، يەنە باشقا بىر كىشىگىمۇ ئىشىنەلمەي بۇ نىيىتىدىن ۋاقتىنچە ۋاز كېچىپ ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈۋاتاتتى .

خالمان پانسات نىياز هېكىمبەگنىڭ پۇتكۇل پىلانىدىن ۋە بۇ پىلانىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئېشىۋاتقىنىدىن خەۋەر تاپقىنىدا ھەسەت ئوتىدا ئۆرتىنىپ ، هوشىدىن كەتكىلى تاسلا قالدى . ئۇنىڭچە ، بۇ پىلان ئەتراپلىق ۋە پۇختا ئويلىنىشلىغان ، يەنە كېلىپ نىياز هېكىمبەگ تەرىپىدىن سەردارلارغا خاس سەۋرچانلىق بىلەن تا بۈگۈن ئەتىگەنگىچە مەخپىي تۇتۇلغانىدى . بۇ پىلانىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئۇنۇم بېرىشىگىمۇ ئۇ تامامەن ئىشەنچ قىلالايتتى . ئەگەر نىياز هېكىمبەگ ياقۇپبەگنىڭ ، ئىلياس مىرزىنىڭ ئارزۇسىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان بۇ پىلانىنى ئۆز قولى بىلەن ئىشقا ئاشۇرسا ، ئۇنداقتا ئۇنىڭدەك بىر ئەمىرلەشكەرنىڭ ياقۇپبەگكە ، نىياز هېكىمبەگكە يەنە نېمە كېرىكى بولسۇن ؟...

نىياز هېكىمبەگ لەشكەرلەرگە پەرمان چۈشۈردى . لېكىن ، ئۆز سەردارىدىن ئەزرائىلدىن قورققاندەك قورقىدىغان لەشكەرلەر خالمان پانساتنىڭ ئاغزىغا قاراشقىنىچە قىمىر قىلماي تۇرىۋەردى . بۇ هالدىن چېچىكى چاي بولغان خالمان پانسات : «ئۇنىڭ قىلىچىنىڭ ئاخىر بىسى ياندى ، ئەمدى شەمشىرىمنى شۇنداق بىر ئىشقاسالايكى ، ئەمىرلەشكەرسىز ئىش پۈتمەيدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم كۆرسۇن ، هاكىمبەگمۇ قۇرۇق گەپ ، قۇرۇق هيلە بىلەن شەهەر ئالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىپ قالسۇن» دېگەنلەرنى ئويلىدى ـ دە ، نىياز هېكىمبەگنىڭ ئاۋازى بېسىقار ـ بېسىقمايلا لەشكەرلىرىگە بار ئاۋازى بىلەن پەرمان چۈشۈردى :

— قىرنى باتۇر جەڭچىلەر ، قانسىرىغان قىلىچچىلارنى ئاۋۇ تاغلىقلارنىڭ گېلىغا سۇركەڭلار !
خالمان پانساتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان هامان ، لەشكەرلەر قالايمىقان ۋارقىراشقان پېتى كويلا بىشىدىن پەسكە قاراپ سەلدەك يامرىدى . مىلتىقلاردىن تاراسلاپ ئوق ئۈزۈلدى . قىلىچ ــ قالقانلار جاراڭلاپ كەتتى . جەڭ دۇمباقلىرىمۇ قۇلاقنى يارغۇدەك گۇمبۇرلەشكە باشلىدى .
تاغلىقلار بالدۇر بولسۇن ، كېيىن بولسۇن ، بەرىبىر يېتىپ كېلىدىغان بۇ بىر دەقىقە ئۈچۈن ئاللىقاچان تەييارلىنىپ تۇرۇشقانىدى . مىلتىقلىرى ئوقلىنىپ ، نەيزىلىرىنىڭ ئۇچى دۈشمەننى تەرەپكە توغرىلانغانىدى . لەشكەرلەرنىڭ جاللاتلاردەك يامان ئەلپازدا ئېتىلىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن ئايمۇھەممەت «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى ، ئادالەت ئاپتىپى بىلەن زىننەتلەنگەن پاك ۋۇجۇدلاردىن ۋە ئەل ــ يۇرت ئۈچۈن جېنىنى تىككەنلەرنىڭ نەق يۈرىكىدىنلا ئېتىلىپ چىققان بۇ ئاۋاز سۈرمە رەڭ تۇماندىن ماتەم لىباسى كىيگەن ئاسماننى بىرقانچە قېتىم ئايلىنىپ چىقىپ ، يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ شىددەتلىك شاۋقۇنى بىلەن قوشۇلدى . ئارقىدىنلا قاۋۇل ئۇستىنىڭ جەڭگە چىللىغان ياڭراق ئاۋازى تەكبىر ساداسىنى ئەۋجىگە كۆتۈردى . قارا كۆڭۈللەرنى ۋەھىمىگە سىلىپ ، ئۇلارنى دوزاخ بوسۇغىسىغىچە قىستاپ ئاپىرىدىغان بۇ خىسلەتلىك سادا باهار گۈلدۈرمامىسىدەك تەۋرىنىش پەيدا قىلىپ ، دۈشمەن دۇمبىقىنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى . غەزەپلىك كۆزلىرى چوغدەك قىزارغان ، چىشلىرى چاڭگاكتەك چىڭ كىرىشكەن ، پەشلىرى قىستۇرۇلۇپ ، يەڭلىرى شىمايلانغان قورقماس تاغلىقلار ئالدى ــ كەينىگە قالقان تېگىپ بەئەينى تاشپاقىغا ئوخشاپ قالغان لەشكەرلەر ئارىسىغا نەيزىدەك ئۇسۇپ كىردى . چاقارتاغلىق مۇھەممەت مەرگەن ئالدىن كېلىشىۋالغىنى بويىچە بىرلا سەكرەپ ، تومۇلۇقىغا قۇچاق يەتمەيدىغان بىر قىرى سۆگەتنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى ــ دە ،

مىلتىقنى چىنەپ ، تەپكىسىنى بېسىۋەتتى . ئەسلىدە ئۇ مىلتىق ئۇچىنى نىياز ھېكىمبەگنىڭ قارا يۈرىكىگە توغرىلىغانىدى . بىراق ، يەنە شۇ ساراڭ تەقدىر قىساس ناخشىسىنى توۋلاپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئوقنى ئۆز خاھىشى بويىچە يولدىن چىقىرىپ ، نىياز ھېكىمبەگدىن چەتلەشتۈردى ۋە ئۇنىڭدىن يېرىم قەدەملا نېرىدە تۇرغان خالمان پانساتنىڭ دەل پېشانىسىگە تەگكۈزدى . قىلىچى بىلەن ئالدى تەرەپنى كۆرسىتىپ نېمىلەرنىدۇر دەپ چۇقان سېلىۋاتقان خالمان پانسات تۇرغان يېرىگىلا تىك موللاق چۈشتى . نىياز ھېكىمبەگ مۇشۇ ياشقا كىرگۈچە سان ـ ساناقسىز جەسەتلەرنى ، ئابباس مىرزىدەك قان ئىچىدە يېتىپ جان تالىشىۋاتقانلارنى كۆرگەن ، ئەمما ئۆزىگە بىر غېرىچلا يېقىن يەردە يۈز بەرگەن بۇنداق مۇئەللەق ئۆلۈمنى زادى كۆرمىگەنىدى . ئۇ دەسلەپتە «ئويۇن ـ چاقچاق بىلەن ھەپسىلىسى يوق تۇرۇپ ، بۇ ئادەم نېمىدەپ چاقچاق قىلىۋاتىدىغاندۇ» دەپ ئويلاپ قالدى . بىراق ، يېنىدىلا دۇم ياتقان خالمان پانساتنىڭ گەجگىسىدىن چۈۋۈلۈپ چىققان قان ئارىلاش مېڭە قېتىقىنى كۆرۈپلا ھۆ بولغىنىچە ئاغزىنى تۇتتى ـ دە ، يەنە بىر غايىب ئوقنىڭ ئۇچۇپ كېلىشىدىن قورقۇپ ، تۇرغان يېرىدىلا ئولتۇرۇۋالدى .

توختىماي گۈمبۈرلەۋاتقان مىلتىق ئاۋازى ، نەيزە ـ قالقانلارنىڭ جاراڭ ـ جۇرۇڭى ، خالمان پانساتنىڭ ئۆلۈمى ئىلياس مىرزىنىڭ ئالدىدا گويا قىيامەتنى ئاشكارا قىلىۋاتاتتى . ئەسلىدە ، خالمان پانساتنىڭ كەينىدىلا تۇرغان ئىلياس مىرزا خالمان پانسات بىلەن تەڭلا يىقىلغانىدى . بىراق ، ئارىلىقتىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى سېزىپ قالدى . ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى سىلاپ ، پۇت ـ قولىنى مىدىرلىتىپ باقتى ، ئوق تەگمىگەنلىكىگىمۇ چىندىن ئىشەندى . بىراق ، تېنى پۈتۈن ۋە سېزىمى ساق تۇرغىنى بىلەن ، يۈرىكى قورقۇنچ تۈگمىنىدە يانجىلىپ قۇم بولۇپ كەتكەندى ، چىرايى گۆردىن ئېچىۋالغان مۇردىدەك تاتارغان ، جىمى ئۇزايى لاغىلداپ تىترەيتتى .

ئىلياس مىرزا ئوڭدىسىغا ياتقان پېتى ئاسمانغا قارىدى ، كەلكۈندەك لۆمشىپ قاياقىدۇر كۆچۈۋاتقان بۇلۇتلار كۆزلىرىگە ئۆلۈم ئەلچىسىنىڭ تەلەتىدەك كۆرۈندى . ۋەھىمە ئىچىدە ئۆرۈلۈپلا يېنىغا كۆز سالدى . كۆرگىنى قانغا چىلىشىپ ياتقان خالمان پانسات بولدى . ئۇ قورقۇپ ۋارقىرىۋەتتى ، دەرمانى قاچقان ئاياغلىرىنى باپكا تەپكە باسقاندەك بىرقانچە قېتىم مىدىرلاتتى ـ دە ، كويلا قېشىدا ئۆسكەن بىر تۇپ چۈچۈكبۇينى قامالاپ تۇرۇپ بېلىنى رۇسلىۋالدى . مۇشۇكنىڭ ئىزىغا چۈشكەن ئىتتەك ، ئېھتىيات بىلەن ئۆمىلىگەن پېتى كويلىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە ئۆتۈپ ، چۆچۈپ ، چاپچىپ تۇرغان ئېتىغا تاشلاندى ۋە ئېگەرگە بۇدۇشقاقتەك چاپلىشىپ شەھەر تەرەپكە قاراپ بەدەر قاچتى .

ئەگەر كەيپى ساز چاغلار بولسىدى ، نىياز ھېكىمبەگ خالمان پانسات كەبى كۈشەندىسىنىڭ تىن تارتماي ئۆلگىنىگە دوپپىسىنى ئاسمانغا ئاتقان ، ئۆزىگە ئىشقۋاز سەتەڭلەردەك كۈلۈپ باققان تەقدىر ئىلاھىغا يۈز مىڭ قېتىملاپ تەشەككۈر ئېيتقان بولار ئىدى . لېكىن ، ئۆلۈم ھىدى بىلەن تولغان خەۋپلىك مۇھىت ، رودۇپايدەك چاپلىشىۋالغان جان قايغۇسى ئۇنىڭ قوزغاتقۇچى ئەسەبلىرىنى مەڭگۈلۈك كاردىن چىقارغاندەك قىلاتتى . قاياقتا قارىمىسۇن ، پوملاقلىشىۋاتقان ، بەل تۇتۇشۇۋاتقان ئادەملەر ئارىسىدىن ئۆزىگە قارىتىلغان مىلتىق ئاغزىنى كۆرەتتى ، بىر توپ ھەرىدەك غۇژمەك بولۇۋالغان سان ـ ساناقسىز ئوق ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كەلمەكتە ئىدى . ھەتتا ئۇ دەسسەپ تۇرغان تۇپراقتىن ، يېنىدىكى تىترەپ تۇرغان مەھرەمنىڭ قولتۇقلىرىدىن ، ئالدىدىن ، كەينىدىن ئوق ئېتىلىپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى .

ئۇ بۇ ئوقلاردىن ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولغاندەك ، ئىختىيارسىز كەينىگە داجىپ كەتتى . سەنتۈرۈلگەن پېتى تاپتەك سوزۇلۇپ ياتقان خالمان پانساتنىڭ ئۆلۈكىنى دەسسەپ ئۆتۈپ ، تىترەۋاتقان تېنىنى كونا تۈگمەن كەينىگە يوشۇردى . بىرئازدىن كېيىن تۈگمەن تېمىنىڭ بۇرجىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ جەڭ بولۇۋاتقان تەرەپكە

قارىدى .
كونا تۇگمەن بىلەن دەريا قىرغىقى ئارىسىدىكى كەڭ تەكشىلىك خۇددى قىزىق مايغا سۇ چاچقاندەك ۋاژىلداپ كەتكەنىدى . قىلىچقا قىلىچنىڭ ، قالقانغا نەيزىنىڭ زەرب بىلەن ئۇرۇلغان ئاۋازى شەھەر كوچىسىدىكى تۆمۈرچى - مىسكەرلەر مەھەللىسىنى ئەسلىتەتتى . جۈپ - جۈپ بولۇپ گىرەلىشىپ كەتكەن ئادەملەر بىر - بىرىنى بوغۇشاتتى . يومىلاقلىشىپ ، بىرىنىڭ تۆپىسىگە بىرى مىنىشەتتى ، ئېغىز - بۇرۇنلىرىغا لاي - پاتقاق تىقىشاتتى . كىملەردۇر جان ئاچچىقىدا ئېچىنىشلىق توۋلايتتى . يەردە — كىشىلەرنىڭ ئاياغ ئاستىدا سۇنغان نەيزىلەر ، بىسى قايرىلغان قىلىچلار ، تېشىلگەن قالقانلار ، ئىگىسىز دۇبۇلغىلار تاشلىنىپ ياتاتتى . ئۈزۈلگەن باشلار ، ئۇرۇلغان نەيزە بىلەنلا يىقىلغانلار ، پۇتى ياكى قولى ئۈزۈلگەن لەشكەرلەر سايىنىڭ تېشىدەك تولا ئىدى . يىقىلغانلار ئارىسىدا جۇل - جۇل كىيىملىك پۇقرالارمۇ ئاندا - ساندا كۆزگە چېلىقاتتى . پاتقاق بىلەن ئارىلىشىپ كۆنجۈرىدەك قارا رەڭگە كىرگەن قان كىچىك - كىچىك كۆلچەك بولۇپ ئۇيۇپ قالغانىدى .
ئۆلۈم بازىرىغا ئايلانغان گىرەلەشمە جەڭ قانچىلىك ئۇزۇن داۋام قىلدىكىن ، تۇگمەن دالدىسىدا ئوغرىدەك ماراپ تۇرغان نىياز ھېكىمبەگ تاغلىقلاردىن قورقۇپ كەتكەن لەشكەرلەرنىڭ ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپ كېلىۋاتقىنىنى ، جەڭ مەركىزىنىڭ دەريا بويىدىن ئاستا - ئاستا تۇگمەن تەرەپكە يۆتكىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئەرۋاھى ئۇچتى . قاچقۇن لەشكەرلەرنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى ، ئاللانىڭ نامى بىلەن قورقۇتۇپ باقتى ، ھەتتا قېچىپ كېلىۋاتقانلارغا قارىتىپ ئىككى پاي ئوقمۇ ئۇزدى .
بىراق ، قېچىپ كېلىۋاتقانلار ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك يارىلانغانلار ، توخۇ يۈرەكلەر بىلەنلا چەكلەنمەيتتى ، ئۇلار ئارىسىدا ئەمىرلەشكەرنىڭ ئۆلگىنىدىن خەۋەر تېپىپ چېكىنىش كويىغا

www.uyghurkitap.com

چۇشكەن دەھبېشى[1] ، يۇزبېشىلارمۇ بار ئىدى . بەزى ئىنساپلىق لەشكەرلەر ئۆز قوۋمىنىڭ قېنىنى تۆكۈشتىن يالتايغانىدى . ئەگەر قاچقۇن لەشكەرلەر مۇشۇنداق كۆپىيىۋەرسە ، تەسەۋۋۇردىكىدىنمۇ چوڭ چاتاق چىقاتتى .

چارە ـ ئامالىرىنىڭ قاچاق لەشكەرلەر ئالدىدا بىر تىيىنغىمۇ ئەرزىمىگەنلىكىدىن ئاچچىقى كەلگەن نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئاخىر نىيىتى بۇزۇلدى . كۆزلىرى ئاق توشقاننىڭ كۆزىدەك قىزاردى . ساراڭدەك چالۋاقىغان پېتى كويلا ئۈستىگە يۈگۈرۈپ چىقتى ـ دە ، سۆگەت ئاستىغا يوشۇرۇپ قويۇلغان توپلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ، باشلىرىنى چۈمكىگەن پېتى يېتىۋالغان توپچىلارنىڭ بېشىغا تاپانچىسىنى تەڭلەپ تۇرۇپ ئەسەبىيلەرچە توۋلىدى :

— ئات ، ئاۋۇ ئادەملەرگە قارىتىپ ئات !

توپچىلارنىڭ قورقۇنچىغا قورقۇنچ قېتىلدى ، ئۇلار بېشىنى چاڭگاللىغان پېتى ئۆرە بولۇشتى . ھوش ـ كاللىسى جايىدىراق بىر توپبېشى :

— بېگىم ، ئۇ … ئۇ يەردە بىزنىڭ لەشكەرلەرمۇ… كۆپ تۇرسا ، — دېۋىدى ، نىياز ھېكىمبەگ تېخىمۇ قاتتىقراق چالۋاقىدى :

— ئات دېگەندىكىن ئات ، ئاناڭ ـ داداڭ بولسىمۇ ئات !

توپچى لەشكەرلەر تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن چاقماق تېشىنى ئۇتاشتۇردى ـ دە ، توپ پىلىكىگە يېقىۋەتتى . دەل تاغلىقلار بىلەن لەشكەرلەر گىرەلىشىپ كەتكەن سازلىققا قارىتىپ ئوقلاپ تەخ قىلىنغان ئۈچ توپ قۇلاقنى يارغۇدەك گۈمبۈرلىدى . توپ ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىققان سويمىدەك يوغان ئوقلار كۆكۈچ قۇيرۇق سۆرىگەن پېتى ئۇچۇپ بېرىپ ئادەم دېڭىزىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ پارتلىدى ، نەچچە ئون ئادەم ۋە قالغان ـ قىلىنچلار قارا

---

① دەھبېشى — ياقۇپبەگ قوشۇنىدىكى ئەڭ كىچىك بىرلىك ۋە شۇ بىرلىكنىڭ كوماندىرى .

پاتقاقتا قوشۇلۇپ ئون گەزچە ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلدى ـ دە ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە پەيدا بولغان ئورەكلەرگە قايتىپ چۈشۈشتى . توپ زەربىدىن ئامان قالغانلار دەرياغا ئۆزىنى تاشلىدى . كىملەردۇر جەسەتلەرگە ، گۆش پارچىلىرىغا پۇتلىشىپ كۆرۈنگەن تەرەپكە قېچىپ كېتىشتى . بىر تىنىقلا داۋام قىلغان زىلزىلىدىن كېيىن ، ئوق چۈشكەن جايدا بىرقانچە ئورەك ۋە نەچچە ئون ئادەمنىڭ جەسىتى قالدى . ئورەك ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن قاپقارا ئىس ئاستا ـ ئاستا ئاسمانغا ئۆرلەپ قۇياش يۈزىنى خىرەلەشتۈردى...

## قىرىق ئۈچىنچى باب

# تاڭ ئاتماس كېچىلەر

نىياز ھېكىمبەگ ئېسىنى بىلگەندىن بېرى ، ھېچقاچان تەۋەككۈلىسىگە ئىش قىلىپ باقمىغانىدى . بىراق ، بۇ دورەم ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم يۈزلەپ لەشكەرنىڭ جېنىنى قارامىلىق بىلەن دوغا تىكتى ـ دە ، تەۋەككۈلىسىگە ئوشۇق ئاتتى . ھايات ـ مامات تەۋكاسىغا تاشلىغان بۇ ئوشۇقى ئويلىمىغاندا يەنە بىر قېتىم ئالچۇ چۈشۈپ قالدى . تاشقا تاشلانغان شېشىدەك پارچىلىنىپ كەتكەن جەسەتلەرنى ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن تېرىپ كېلىپ ، توپ ئوقى كولاپ قويغان تەييار ئازگاللىلا تاشلاتقۇزدى ـ دە ، تاش ـ توپا بىلەن تىندۇرۇپ ، بىرقانچە تال خادا قويدۇردى . خادىلارغا سامان تىقىلغان تۇلۇم ، نەيزە ، قىلىچ ۋە ساۋۇت ـ قالقاننىڭ پارچىلىرىنى ئېسىپ ، دەريا بويىدىكى شىۋاقلىقتا يېڭى بىر قەبرىستانلىق پەيدا قىلدى . قاريي قۇرئانلارنى يىغىپ خەتمىقۇرئان قىلدۇرۇپ ، «شېھىت بولغان» ياساۋۇل ، لەشكەرلەرنى ئۇ دۇنياغا «چىرايلىق» چە ئۇزىتىۋەتتى . دەرياغا ئۆزىنى ئاتقان بىرقانچە تاغلىقنى ئۆلگەن ھېسابلاپ ، ئۆلگىنىگە ئىشەنگەنلەرنىڭ جەسىتىگە كەڭ قورساقلىق

قىلىپ، ئاۋامنىڭ ئەكېتىشىگە يول قويدى. ماتەمدار يۇرت ئەھلى «نىياز ھېكىمبەگ يەنە بىرەر تۇزاق قۇرغان بولمىسۇن يەنە» دېيىشىپ، ئوق چۇشكەن شىۋاقلىق ئەتراپىدا خېلىغىچە مارىشىپ، ئەگىپ يۈرۈشتى. يېڭى گۆرىستانلىق چېتىگە تاش، داڭگالدەك تاشلىنىپ ياتقان جەسەتلەرنىڭ قاغا ـ قۇزغۇن، لالما ئىتلارغا يەم بولۇپ كېتىشىگە زادى چىداپ تۇرالمىدى ـ دە، «خەير، پېشانىمىزگە پۈتۈلگەننى كۆرەرمىز» دېگەن ئوي بىلەن قەدەمدە بىر چۆچۈپ، جەسەتلەرنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار كېلىپلا پۈتۈن ئەزايى غەلۋىردەك ئۆتمۆتۆشۈك بولۇپ كەتكەن قاۋۇل ئۇستىنىڭ جەسىتىنى تېپىۋېلىشتى. ئۇ ئۆزى جېنىدىن ئەلا بىلىدىغان، نەچچە ئەۋلاد ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ خاكىدىن پۈتكەن، قان ـ ياشلىرى بىلەن قارىيىپ كەتكەن ئانا زېمىنغا باغرىنى يېقىپ ياتاتتى. كىشىلەر سۈيى قاچقان سېغىز تۇپراقتەك قېتىپ كەتكەن بۇ جەسەتنى يىغلاپ تۇرۇپ ئوڭدا قىلىشتى. كۆرمىگىنىگە ئۇزاق بولغان، زارىقىپ سېغىنغان بوز رەڭ ئاسمان، ئاشۇ ئاسماندا پەردازلانغان ئالتۇن لېگەندەك پارقىراپ تۇرغان سۆيۈملۈك قۇياش، مەشۇقىنىڭ ھىدىدەك لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلار ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىدا گويا سۈرەتتەك ئۇيۇپ قالغانىدى. توپا قونغان قاڭشارلىق بۇرنى ئەتىردەك خۇش پۇراق يۇرت ھاۋاسىنى ئاخىرقى قېتىم شۇمۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. قان يۇقى قېلىن لەۋلىرى كىمگىدۇر ناخشا ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك، ئۇزاق ئۆتمۈشنىڭ سىرىنى پىچىرلاۋاتقاندەك ئېچىلىپ تۇراتتى. چويۇن سۈيىنىڭ ئوتلۇق ھارارىتى بىلەن ئۇزاق يىللار تاۋلىنىپ چويۇندەك قۇۋۋەت تاپقان مەزمۇت بارماقلىرى قانچىلاپ لەشكەرنىڭ پاسىق قېنى بىلەن سۇغىرىلغان چولاق قىلىچنىڭ سېپىنى مەھكەم سىقىملىۋالغانىدى. يۇرت ئەھلى يەنە ئۆزۈك بارماقنى چىشلەپ ياتقان ئاقمۇللامنىڭ، ئابدۇسادىقنىڭ جەسىتىنىمۇ تېپىۋېلىپ، قاۋۇل ئۇستىنىڭ جەسىتى بىلەن بىللە يۇيۇپ ـ تاراپ، شەھەر تېشىدىكى زاراتگاھلىققا ئاچىقتى. دەرياغا سەكرىگەن، لېكىن دەريا بويىدىن جەسىتى

تېپىلمىغان كىيەك دەرۋىش ئۇچۇنمۇ ئۇنىڭ ئورەك يېنىدىن تېپىلغان كولاھىنى نىشان قىلىپ بىر قەبرە ياسالدى . يۇرت بېشىدا قايىم بولغان بۇ ئىككىنچى قىيامەت ئالدىنقى قەتلىئامدا قان يۇتقان بەختسىز پۇقرانىڭ تېخى ساقىيىپ كەتمىگەن جاراھەتلىك يۈرىكىنى يەنە بىر قېتىم مۇجۇۋەتتى . ھۆرمەتلىك ۋە قورقماس ئادەملىرىنى يوقاتقانلارنىڭ ئۆكسۈپ يىغلاشلىرى قەبرە تۇپرىقىنى خۇددى سۇ سەپكەندەك ھۆل قىلىۋەتتى .

بىراق ، دۈشمەنلەرنىڭ نىيىتىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق يەنە دۈشمەنگە ئىنساپ تىلەشكە ، تاقەت ئارغامچىسىنى بەك ئۇزۇن قويۇۋېتىشكە ئۆگىنىپ كەتكەن خوتەنلىكلەر نىياز ھېكىمبەگنى «ئەمدى ئىنساپ قىلار» دەپ ئويلاشتىيۇ ، ئۇنىڭ ئىنساپ دېگەننى ئۇقمايدىغان نائىنساپ ئادەم ئىكەنلىكىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈشمىدى . ئەمەلىيەتتە ، ساقلىغا ئاق سانجىغىنىغا قارىماي ، نىياز ھېكىمبەگ «ئىنساپ» دېگەن نەرسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىنمۇ بىخەۋەر ئىدى . بۇ سۆزنى ئاغزىغا ئېلىشتىن تېخىمۇ قورقاتتى .

نىياز ھېكىمبەگنىڭ تېخى تۇنۇگۈنكىدەك يادىدا . دۆڭ دارېنىغا بالا بولۇپ ئىككىنچى يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ، ئۇ دۆڭ دارېنىغا قاراشلىق ئەللىك مو يەرنىڭ مەھسۇلاتىنى ئەكەلگىلى سەھراغا باردى . نىياز ھېكىمبەگ ئورتاقچىدىن خاماندىكى چەشنىڭ يېرىمىنى ئالدى ، ئاندىن كېيىن تاناب بېجى ، زاكات دېگەنلەرنىمۇ بۇ سانغا قوشتى . ئارقىدىنلا دۆڭ دارېنىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ، چوققا بېجى بىلەن كۆك بېجىنىڭ گېپىنى چىقاردى . ئورتاقچى دېھقان ھەيران بولۇپ :

— توۋا ، ئىنساپ دېگەننى بىلمەمدىلا ، بايۋەچچە ، ئۇ باج ، بۇ باج دەپ ئېلىۋەرسىلە تۆت بالام ئۆلۈپ قالامدۇ ، — دېۋىدى ، نىياز ھېكىمبەگ «ئىنساپ دېگەننى بىلمىسە ئادەم ئۆلۈپ قالامدۇ نېمە ؟ » دەپ ئويلاپ قالدى ـ دە ، ئالغىنىنى ئېلىپ ، ئېشەكلىرىگە ئارتىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى .

— دۆڭ ئاتا ، ئىنساپ دېگەن نېمىدېگەن گەپ ؟ — دەپ

سورىدى ئۇ دۈڭ دارىندىن ۋە بولغان ئىشنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بەردى . مەھسۇلاتنىڭ ھەممىسىنى ئەكىلەلمىگەنلىك ئۈستىگە ، «ئىنساپ» دېگەن گەپنى ئۆگىنىۋالغىنىغا قورسىقى كۆپكەن دۈڭ دارىن داپقا چۈشكەن پۇرچاقتەك سەكرەپ كەتتى . شۇئان نىياز ھېكىمبەگنى مەھرەملىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ھۆل يەرگە ياتقۇزدى .

— ئاڭلاپ تۇر ، قاپاقۋاش ، بۇ دۇنيادا «ئىنساپ» دېگەن گەپ زادىلا يوق ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولمايدۇ . بۈگۈندىن باشلاپ ، ئۆگىنىۋالغان بۇ يامان گەپنى يادىڭدىن پاك ـ پاكىز چىقىرىۋەت ، مەقسەتكە يەتمىگۈچە ھەرگىز يۇمشاق كۆڭۈللۈك قىلما ، — دەپ ساغرىسىغا بامبۇك ھاسىسى تىتىلىپ ، سۈپۈرگىدەك بولۇپ كەتكۈچە ئۇردى…

نىياز ھېكىمبەگ ئەل ـ يۇرت بېشىغا ئۆز قولى بىلەن كۈلپەت سالدىيۇ ، «ئىنساپ» دېگەننى بىلمىگەچ ، بۇ كۈلپەتكە قىل چاغلىق چەك قويمىدى . جەسەتلەرنى كۆتۈرگىنىچە يىغا ـ زار قىلىشىپ كېتىۋاتقان پۇقرالارنىڭ ئىزىغا ئادەم سالدى . شۇ قاتاردا توپ ئوقىدىن ئامان قېلىپ ، دادىسىنىڭ مۇسىبىتىنى تۇتۇپ ، تۇپراق بېشىدا دۇئا ـ تەكبىر قىلىۋاتقان ئايمۇھەممەتنىمۇ قولغا چۈشۈردى . قازا تاپقانلارغا ئەڭ قاتتىق ماتەم تۇتقان پۇقرانىڭ ئۆيلىرىنى تىنتىپ ، بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا يەنە نەچچە ئون قاچقۇن «تاغلىق» نى تۇتۇۋالدى . تۇتۇلغانلارنى ئۇرۇپ ، دۇمبالاپ چالا ئۆلۈك قىلغاندىن كېيىن زىندانغا تاشلىدى .

«ئەمدى ئىلياس مىرزىنىڭ ئىشنى چاپسان بىر ياقلىق قىلماق لازىم ، — دەپ ئويلىدى نىياز ھېكىمبەگ ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا ، — مەيلى ئۇ راست كالۋا بولسۇن ياكى يالغان كالۋا بولسۇن ، كۆزدىن يوقالغىنى تۈزۈك . ياقۇپبەگ ئۇنى خالمان پانساتنىڭ ئورنىغا ئەمىرلەشكەر قىلىپ تەيىنلىمەيدۇ دېگىلى بولامدۇ ؟ ئۇ تۇيۇقسىز مۈڭگۈز چىقىرىپ ئۆزىگە بويۇنتاۋلۇق قىلسا ھە ؟ ياق سۇ كەلمەستىلا تۇغان سالماق لازىم . ئوبدانلا تىنچىپ

قالغان بۇ يۇرتقا يەنە بىر ئۆكتىچىنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئۆزى ھەم ھاكىمبەگ، ھەم ئەمىرلەشكەر بولسا نېمە بوپتۇ؟» — بىرقانچە ھەپتىگە سوزۇلغان قاتىلاشچىلىقتىن قولىنى بوشاتقان نىياز ھېكىمبەگ ئىلياس مىرزىنى خۇددى ئۆلگەن لەشكەرلەرنىڭ جەسەتلىرىنى ئاخىرەتكە ئۇزاتقاندەك «چىرايلىق» چە يولغا سېلىۋېتىشنىڭ ئامالى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدى. «ئۇنى باشقىلارنىڭ قولى بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش كېرەكمۇ؟ ياق، بۇنداق چارە ياقۇپبەگنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويۇشى تۇرغانلا گەپ. بىرەر گۇمانلىق ئىشقا خۇپىيانە دەۋەت قىلىپ، ئاندىن گۇناھىنى گەدىنىگە قويۇپ ياقۇپبەگكە ئەرز قىلسامچۇ؟ ياق، بۇمۇ ئاقىلانە چارە ئەمەس، قارغا قارغىنىڭ كۆزىنى چوقۇغان نەدە بار؟ ئۇ چوڭ گۇناھ قىلغان تەقدىردىمۇ ياقۇپبەگ ئۇنى كەچۈرۈۋېتەلەيدۇ. ئالىمادىن چاندۇرۇپ قويسام، ئۇدۇل دار ئالدىغا بارماقتىن ئۆزگە ئامال يوق!»

نىياز ھېكىمبەگ ئەتراپلىق باش قاتۇرۇپ، ئاخىر ئىلياس مىرزىنىڭ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋېلىش نىيىتىگە كەلدى. ئىككى ـ ئۈچ قۇلاق كەستىنى شېرىپ شەيتان ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا مۇھىم ئىشتىن بىرنى تاپىلىدى…

بۇ كۈنلەردە ئىلياس مىرزا ھاكىمبەگنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن خالمان پانساتنىڭ ئىگىسىز قالغان ھەشەمەتلىك قورۇسىدا تۇرۇۋاتاتتى. بۇ قورۇ گەرچە ئوردا سېپىلىنىڭ ئىچىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ قورۇغا مۇشۇكتىن قورققان چاشقاندەك بېكىنىۋېلىپ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە تالاغا چىقمايتتى. نەگىلا قارىمىسۇن، كۆزىگە قان ئىچىدە ياتقان خالمان پانسات كۆرۈنەتتى. «قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ» دېگەندەك، جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇلىدىغان جۇمە، پېشىن نامازلىرىنىمۇ چورتلا تەرك ئەتكەنىدى.

دەرۋەقە، شېرىپ شەيتان چەللىدە ئات چاپتۇرىدىغان ھېلىقى قۇلاق كەستىلەر بىلەن بىرلەشكەن سائەتتىن باشلاپ، ئىلياس مىرزا ئۆي ئىچىدىمۇ تىنچ ياتالمايدىغان بولدى. كېچىلىرى كۆزى

ئۇيقۇغا بارار ـ بارمايلا كىملەردۇر ئۇي ئۆگزىسىدە شارتىلدىتىپ قىلىچ بىلەشكە باشلايتتى . قىلىچنى قىلىچقا ئۇرۇپ جاراڭ ـ جۇرۇڭ شەپە چىقىراتتى . بۇنى ئاز دەپ ، بەزى كېچىلىرى دۈشمىنىگكىدەك ئۆزۈن ئاياغلار تۈگىلۈكتىن ساڭگىلاپ چۈشەتتى . دەم بىلەن مەزمۇت تىرەلگەن ئىشىك قاناتلىرىمۇ ھېلىلا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك تاراقلاپ كېتەتتى . بۇنداق غەلىتە ئاۋازلار يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغان ئىلياس مىرزىنى تاكى تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقتۇرمايتتى . ھەيران قالارلىق يېرى شۇ ئىدىكى ، ئىلياس مىرزىنىڭ ئىشىكىنى باقىدىغان ئىككى قاراۋۇل بۇ غەلىتىلىكنىڭ گېپى چىقسىلا بىشىنى چايقاپ : «بىز ئۇنداق ئىشنى كۆرمىدۇق ۋە ئاڭلىمىدۇق» دەپ قەسەم ئىچەتتى .

قورقۇپ كېلىدىن غىزا ئۆتمەس بولۇپ قالغان ئىلياس مىرزا بۇ پاراكەندىچىلىكنى ئاخىر جىن ـ شاياتۇنلاردىن كۆردى ـ دە ، بىرقانچە پېرىخون ، باخشىلارنى تاپتۇرۇپ كېلىپ توخۇ قان قىلىپ ، پېرە ئويناتتى . بىراق ، پېرىخون دېپىنىڭ ئاۋازى ئۆچكەن ھامان ھېلىقى غەلىتىلىكلەر يەنە باشلاندى . دەل پېرە ئويناۋاتقان كېچىسى كۆزلىرىدىن قان تېمىپ ، ئاغزىدىن ئوت چېچىلىپ تۇرىدىغان ، بويى تورۇسقا تاقاشقۇدەك بىر ئېگىز مەخلۇق ئۇنىڭ ياتقان يېرىگە كېلىپ بىردەم ئۆرە تۇرغاندىن كېيىن ، قۇيۇندەك بىر پىرقىراپلا كۆزدىن غايىب بولدى...

ئىلياس مىرزا بۇنداق ساراسىمە ئىچىدە ياشاۋېرىشتىن زېرىكتى ، تاقىتى چېكىگە يەتتى . ئاخىر «بۇ ھېلىقىغۇ بىر ئاددىي قورۇ ـ جاي ئىكەن ، ئالتۇن ئوردا بولسىمۇ ۋاز كېچىمەن ، جەننەت بولسىمۇ خوتەن دېگەن يەرنى ئىككىنچى كۆزۈم كۆرمىسۇن» دېگەن يەرگە كەلدى ـ دە ، ئۇدۇل دۈۋان تەرەپكە يول ئالدى .

نىياز ھېكىمبەگ يېقىندىن بېرى ئۆزىنى تولىمۇ پەرىشان ۋە تىت ـ تىت بولۇۋاتقاندەك ، مىجەزى قوداڭشىپ تۇيۇقسىز باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى . «بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ نېمە ئۈچۈن ئۆزىدە ھېچقاچان كۆرۈلمىگەن بۇنداق

ئالامەتلەر يۈز بېرىدۇ، چاتاق جىسمىمدىمۇ يا روھىمدىمۇ؟» — ئۇ كۆڭلىنىڭ جىمى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى ئاختۇرۇپ چىقتى، بورانلىق ئاسماندەك مانانلىشىپ تۇرغان خاتىرىسىنى پىكىر چىرىغى بىلەن يورۇتۇپ، ھەربىر قۇرىغا ئىنچىكىلەپ سەپسالدى. گۇمانلىق يىپ ئۇچلىرىنى ئەقىل يىڭنىسىنىڭ كۆزىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزدى. بۇ خىل روھىي ھالەتنىڭ سەۋەبىگە ئېنىق بىرنېمە دەپ تەبىر بېرەلمىدىيۇ، لېكىن دۈشمەنسىز، نىزاسىز ياشاشتىن ئىبارەت مەززىسىز تۇرمۇش ھاياتىنىڭ پۈتكۈل خۇشاللىق ۋە خاتىرجەملىكىنى بىر - بىرلەپ ئوغرىلاپ كېتىۋاتقىنىنى سېزىپ قالدى.

دۇرۇس، ھاياتى بورانلىق دېڭىزدەك ناتىنچ ئۆتكەن نىياز ھېكىمبەگ كىمگىدۇر ئورا كولاپ، كىمنىڭدۇر ئورىسىدىن ھەزەر ئەيلەپ، كىمنىڭدۇر ھالاكىتىنى كۈتۈپ تا مۇشۇ ياشقىچە ياشاپ كەلدى. قانچە كۆپ، قانچە خەتەرلىك دۈشمەنگە دۇچ كەلگەنسېرى تۇرمۇشنى شۇنچە مەنىلىك ۋە كۆڭۈللۈك ھېس قىلدى. تەقدىرى غۇۋۋالاشقان ھۆكۈمەت ۋە ھۆكۈمداردىن يۈز ئۆرۈش، يېڭى ھۆكۈمەت ۋە يېڭى ھۆكۈمدارغا قۇيرۇق شىپپاڭلىتىش، پۈتلىكاشاڭ بولغانلىكى ئادەم بىلەن توختىماي ياقىلىشىش بىر خىل تۇرمۇش ئادىتى سۈپىتىدە ئۇنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ پەقەت ئاق - قارا ۋە ھەق - ناھەق ئارىلىشىپ كەتكەن ھايات - ماماتلىق سەھنىسىدىلا ئۆز قىممىتىنى تاپقاندەك بولاتتى. تىرىكلىكى ئۈچۈن سۇ بىلەن ھاۋا، ئاش بىلەن نان قانداق زۆرۈر بولسا، دۈشمەن ۋە دۈشمەنلىشىشمۇ، ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىكمۇ ئۇنىڭغا شۇ دەرىجىدە زۆرۈر ئىدى. بىر دۈشمىنىنى يوق قىلسا، ئۆچ - ئاداۋەت نەيزىسىنىڭ ئۇچىنى يەنە بىر دۈشمىنىگە قارىتاتتى. يەنە ئۈچىنچى، تۆتىنچى دۈشمىنىنى ئىزدەپ تاپقۇچە خۇددى ئوۋغا چىقىپ ئولجىسىز قايتقان ئوۋچىدەكلا بىئارام بولغىنى بولغانىدى.

ئالاھازەل ئىككى يىلدىن بېرى كۈچلۈك دۈشمەن سۈپىتىدە تەھدىت بولۇپ تۇرغان بىرمۇنچە «چوماقچىلار» دەريا بويىدا ئۈچ

پاي توپ ئوقى بىلەنلا تىنچىتىلدى . قالغىنى زىنىدانغا تاشلاندى .
ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەرنى زېرىكىشلىك ۋە مەززىسىز ھېس قىلىۋاتقان نىياز ھېكىمبەگ يېقىندىن بېرى ئۆز قىياسىدىكى دۈشمەن بىلەن يەكمۇ يەك تۇتۇشقىلى ، بۇ ئارقىلىق تۇرمۇشىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرغىلى بولىدىغان ئاجايىپ ئويۇن — شاھمات ئويۇنىغا قىزىقىپ قېلىۋاتاتتى . ئىلياس مىرزا ئاسماننى يەرگە ئۇرۇپ ، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كىرىپ كەلگەندىمۇ ئۇ موللاجى تۇراپ بىلەن بىرلىپ شاھمات ئويناۋاتاتتى . ئۇ خىيالىدىكى كۈچلۈك دۈشمەن «شاھ» نى مات قىلاي دەپ تۇرغاندا ، ئىلياس مىرزا دىۋانغا توسۇن توپاقتەك ئۇسۇپ كىرىپ بېشىغا جىن تەپكەندەكلا ۋايساپ كەتتى :

— تويدۇم ، بىئاراملىقتىن جاق تويدۇم . بۇنداق ئەنسىز يۇرتتا ياشىغۇچە ، دوزاخ بولسىمۇ خاتىرجەم ياشىغىنىم ئەلا ! — دەپ چالۋاقىدى ئۇ يىغلىۋەتكۈدەك بولۇپ .

ئىلياس مىرزا دىۋانغا كىرىپلا ئىختىيارسىز تۆرگە ئۆتتى - دە ، بىكار تۇرغان تەختتە شۇنداق ئولتۇرۇۋالدى ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى . ئۇ ھېچنېمە ئۇقمىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ، خۇپسەنلىك بىلەن سورىدى :

— جانابىي مىرزام ، ئالدىرىماي سۆزلىسىلە ، كۆڭۈللىرىنى مالال قىلغۇدەك نېمە ئىش يۈز بەردى ، يا بىزدىن ئۆتكەن بىرەر سەۋەنلىك تۈپەيلى خاپا بولۇپ قالدىلىمۇ ؟

ئىلياس مىرزا ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى باشتىن - ئاياغ سۆزلەپ ، ئاخىرىنى ئىڭرىغاندەك بىر ئاۋاز بىلەن چۈشۈردى :

— ھاكىمبېگىم ، كەمىنە بۇرادەرلىرىگە بۇنچىلىك ئاتىدارچىلىق قىلىپ تۇرغان يەردە ھەزرەتلىرىدىن نېمىدەپ خاپا بولاي ، دېمەكچىمەنكى ، خاپا بولغۇدەك ھېچ ئىش يوق ، — ئۇ نىياز ھېكىمبەگدە خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىپ ، گېپىنىڭ ئۇرانىنى ئۆزگەرتتى ، — مۇنداق دېسەم مېنى ئۆتۈپ

كەتكەن توخۇ يۇرەك ئادەم ئىكەن دەپ قالمىسىلا، قورقۇنچاق بولسام، پەرغانىدىن قەشقەرگە، قەشقەردىن بۇ يەرگە كېلىپ نېمە قىلاتتىم. شۇغىنىسى، ئۇ يەردە قالغان بالا ـ چاقىلىرىم چۇشۇمگە كىرىپلا تۇرىدۇ، قەشقەرگە قايتىپ، مىرزىبېشىلىق مەنسىپىمدىن ئىستېپا سوراپ ئاتالىق غازى ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولسام كۆڭلۈم ئارام تاپارمىكىن دېگەن ئويدىمەن. ئۇ ئالىيلىرى خالىسا مىرزىبېشىلىقتا بىرەركىمنى ئەۋەتەر، بولمىسا ئۆزلىرى قاملاشتۇرۇپ كېتەرلا.

نىياز ھېكىمبەگ ئىچ ـ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىپ بوغۇزىغىلا كېلىپ قالغان كۈلكىسىنى تەستە توختىتىۋالدى، مىرزىنىڭ كېيىنكى گېپىنى ئىچىدە بىرقۇر تەكرارلاپ چىقتى ۋە بىردىنلا ئۈمچىيىپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ دېدى:

— ئى كۆز نۇرۇم مىرزام، ئى يۆلەنچۈكۈم مىرزام، بىزنى خۇدادىنمۇ، پادىشاھنىڭ غەزىپىدىنمۇ قورقمايدىغان جاھىل خەقلەرنىڭ ئارىسىغا تاشلاپ قويۇپ كېتىمەن دېگەنلىرى نېمىسى، ئاكىلىرى ئابباس مىرزا بىزنى چىدىغۇسىز ماتەم ئازابىغا مۇپتىلا قىلدى، مانا شۇ زەردابنى يۇتالماي مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ تۇرغاندا، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ مەرھەمىتى بولمىش ئەمىرلەشكەر جانابلىرى شاھادەت شەربىتىنى ئىچىپ، بىزنى يەنە تۈگىمەس داغدا قويدى. سىلى ماتەملىك كۆڭلىمىزگە تەسەللى ئىدىلە، ئوردىمىزنىڭ تۈۋرۈكى ئىدىلە، سىلى بىلەن كۆڭلىمىز توق، يۈرىكىمىز پۈتۈن ئىدى... ئەمدى كېتىمەن دېسىلە، سىلىنى تۇتۇۋېلىشقا ھەددىمىز ئەمەس، ئىنشائاللا، خۇدا بىزنىمۇ بىلىپ بىر يولدا قويار...

— ھاكىمبېگىم دۇرۇس دەيدۇ، — گەپ ئارىلىدى قۇلاق يوپۇرۇپ جىم ئولتۇرۇشنى ئەپسىز كۆرگەن موللاجى تۇراپ.

نىياز ھېكىمبەگنىڭ تەسىرلىك سۆزلىرى ئىلياس مىرزىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋەتتى، كۆزىنىمۇ لىققىدە ياشقا تولدۇردى:

— كەمىنىلىرىنىڭ ئارزۇسى بويىچە بولسىدى،

هەرقايسىلىرىنىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماستىم ، نېمە ئىلاج ، «ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى ، پۇت - قولۇمنىڭ بوشلۇقى» دەپتىكەن ، — دېدى ئۇ كۆڭلى يېرىم بولغان هالدا . نىياز هېكىمبەگ :

— كەتمىسىلىغۇ ئوبدان بولاتتى ، مىرزام ، پۇتكۇل قەشقەرىيىنى يىڭنە ئىزدىگەندەك ئىزدىسىمۇ خوتەن قىزلىرىدەك گۈزەل قىزلارنى تاپقىلى بولمايدۇ ، خالىسىلا تىرناقتا توختىغۇدەك بىرەر قىز تېپىپ ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قويار ئىدۇق ، ئەگەرچەندە كېتىمەن دېسىلە ئىززەتلىرىنى قىلىپ ئۇزىتىپ قويارمىز . بەدۆلەت ئالىيلىرىغا ئالىي ئېهتىرامىمنى يەتكۈزۈپ ، ئىككى ئېغىز ئوبدان گېپىمنى قىلىپ قويارلا… — دېۋىدى ، ئىلياس مىرزىنىڭ كۆزلىرىدىن بوراندەك ياش كەتتى . ئۇ خۇددى ئاخىرقى ۋەسىيىتىنى ئېيتىۋاتقان سەكراتتىكى ئادەمدەك تىترەك ئاۋازدا دېدى :

— خوش جانابلىرى ، كۆرۈشكۈچە ئامان بولارلا ، كۆرۈشەلمىسەك رازى بولارلا…

سۆهبەتتىن ئىككى كۈن كېيىن ، نىياز هېكىمبەگ چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن ئىككىقات گۈلئايىمنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ ساراڭ بولۇپ قالغان كەرىمقۇلنى زىنداندىن ئاچىقىپ ئايمۇهەممەتكە قوشتى . بويۇنلىرىغا تاقاق سېلىپ ، تاقاقتا مۆهۈرلۈك پېچەت چاپلىدى . ئۇلارنى ئون نەچچە لەشكەرنىڭ ئالدىغا سېلىپ ، مەنسىپىدىن ئىستىپا بەرگەن ئىلياس مىرزىنىڭ قولىغا تاپشۇردى ۋە ئۆز ئىختىيارى بىلەن كۆزدىن غايىب بولۇۋاتقان بۇ مىرزىغا بەش قېچىرلىق مالنى يوللۇق تۇتتى .

كۈنلەر ئۆتتى ، ئاي ئايغا ئۇلاشتى ، ئۆلگەنلەر ئۆلدى ، كەتكەنلەر كەتتى . بۇ ئىشلار ئۆز رېتى بىلەن تاماملىنىپ ، يېڭى ئىشلار باشلانغۇچە قەهرىتان قىش كېتىپ ، ئەتىيازنى باشلاپ كەلدى . ئۇزۇنغا سوزۇلغان بورانلىق ئەتىيازمۇ ئۆتۈپ ، داستىخىنى كەڭ ياز مەۋسۇمىغا ئورۇن بەردى . نىياز هېكىمبەگ ئىشچان

چاشقاندەك ، قىش بويى تىنىم تاپمىدى . نەچچە مىڭ تۇتقۇن پۇقرانى قاراڭغۇ تاغ ئالۋىنىغا ھەيدىدى . ھەر جۇمە كۈنى نامازدىن كېيىن ، ياقۇپبەگكە ئەۋەتىلىدىغان توققۇز ـ توققۇزلۇق تارتۇقتىن ئۆزگە ، يەنە ئون ئۇلاغلىق سوۋغا ـ سالام يوللاپ ، ئۇنىڭ تەشەككۇرىگە نائىل بولدى . خالمان پانساتنىڭ يىل نەزىرىسىنى ناھايەت كاتتا ئۆتكۈزۈپ ، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدۇردى ـ دە ، جىددىيلىك پەسەيگەن ، ھاۋا شىپشىدەك سۈزۈلگەن بىر كۈنى ئوردا ئەركانلىرىنى باشلاپ ، داغدۇغا بىلەن باغ سەيلىسىگە چىقتى .

نىياز ھېكىمبەگ مەيلىنى تارتىپ ، مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان ھېلىقى تەختىراۋاندا كېتىۋاتاتتى . ئۇنىڭ كەينىدىن ئاتلىق ۋە پىيادە كېلىۋاتقانلار ئىچىدە قاپاقلىرى سىلىنغان تۆمۈر خەزىنىچىبەگمۇ ، پالاقلاپ كېلىۋاتقان شىرىپ شەيتانمۇ كۆزگە چېلىقاتتى .

خالمان پانسات ئۆلۈپ ، تا بۈگۈنگىچە بوش تۇرغان ئەمىرلەشكەرلىك ئورنىنى كۆزلەپ ، لوق گۆشنى كۆرگەن ئاچ ئىتتەك شۆلگەيلىرى ئېقىۋاتقان موللاجى تۇراپمۇ تەختىراۋان ئالدىدىكى كاناي ـ سۇنايچىلار ئارىسىدا سوكۇلداپ كېتىپ باراتتى . ئۇ بۇ سەيلىگە ئار ـ نومۇسنى قايرىپ قويۇپ ، ساھىبجامال قىزى لالە بىبىنىمۇ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي بىللە ئەكەلگەنىدى .

شۇڭغۇتقان ئولپان ـ تارتۇقلىرى كۆڭلىگە ياققىنى ئۈچۈن ئالدىنقى كېچە ئوردىدا قوندۇرۇپ قېلىنغان قاراقاش ، كېرىيە بەگلىرىمۇ نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئىلتىپاتىدىن خۇش بولۇپ ، مەرتىۋىسىگە مۇناسىپ كېلىدىغان بىر يەردە كەشلىرىنىڭ چۇشۇپ قېلىشىغا قارىماي يۈگۈرۈشمەكتە ئىدى .

رەڭگارەڭ ئەلەملەرنى كۆتۈرۈپ سەپنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ھۆرمەت ياساۋۇللىرى شەھەرنىڭ قىزىق دەرۋازىسىغا يېقىن بىر يېرىدىكى يېڭى ئوردا ئالدىغا كەلگەندە چىپپىدە توختاشتى ۋە يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە تارىلىپ تەختىراۋانغا يول بوشىتىشتى . تەختىراۋانمۇ ئەلەمدار ياساۋۇللار توختىغان يەرگە كېلىپ توختىدى . تەختىراۋاننىڭ كىچىككىنە روجىكى ئېچىلىپ ، نىياز

ھېكىمبەگنىڭ بېشى كۆرۈندى .

— ئالدىڭلاردا تۇرغىنى يۇرت ھاكىمبېگى نامىغا بەرپا قىلىنمىش ئون ئىككى ئوردىنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر ، خوتەن دىيارىدا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان بۇ مۆجىزاتنى قانغۇچە كۆرۈپ كۆزۈڭلارنى مۇنەۋۋەر قىلىڭلار ، — دېدى ئۇ ماختانغان ھالدا .

نىياز ھېكىمبەگنىڭ سۆزى ئاخىرلىششى بىلەن تەڭ ، ئەتراپتا ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى ياڭرىدى . تەختىراۋان نەغمە ساداسى ئىچىدە قوزغىلىپ ، ئىككى تەرىپىدە ئاسمان ـ پەلەك مۇنارلار قەد كۆتۈرگەن ، تۈرلۈك ـ تۈمەن نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن چوڭ دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى . يۇرت كاتتىلىرىمۇ كەشلىرىنى دەرۋازا ئالدىغا تاشلاپ ، مەسە بىلەنلا مېڭىپ تەختىراۋانغا ئەگەشتى .

دەرۋازا ئالدىدىن ئىچكىرىسىگە قاراپ سوزۇلغان ئازادە دەھلىزنىڭ بىر ئۇچى كەڭ دىۋانغا تۇتىشاتتى . دىۋانبېگى ئۈستىلىق بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلغان گۈللۈك كۆك خىش بىلەن قاتۇرۇلغان ، ئۈچ ئادەم ئىگىزلىكىدىكى تاملىرى تۇخۇم ئېقىدا يۇغۇرۇلغان ئاق سېغىزدا سۇۋالغان ، سۇۋاق ئۈستىگە مېھرابسىمان گەج ئويمىلار چۈشۈرۈلگەندى . ئويما نەقىشلەر شاخ ، يوپۇرماقلىرى بىلەنلا ئۈزۈۋېلىنغان گۈلنى تامغا چاپلاپ قويغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى . گۈل شاخلىرىغا قوندۇرۇلغان بۇلبۇللار دىۋان ئىچىنى چاڭ كەلتۈرۈپ سايراۋاتقاندەك قىلاتتى .

دىۋان تورۇسى خوتەن خارەتچىلىكىنىڭ① داڭقىنى ئاشۇرۇپ تۇرغان نەقىشلىك تام ئۈستىگە ئۈستىلىق بىلەن قوندۇرۇلغاندى . ئىككى غېرىچ ئارىلىق تاشلاپ قويۇلغان لىم چىۋىن قونسا تېيىلىپ كەتكۈدەك سىلىقلانغان ، لىم يۈزى ئەينەكتەك پارقىرايتتى . لىم جەگىلىرىگە چۈشۈرۈلگەن ئويمىلار يېتۈك سەنئەتنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە مەڭگۈلۈك ئۇرۇلغان تامغىدەك جازىبىلىك كۆرۈنەتتى .

---

① خارەت — پارسچە «ياغاچچى» مەنىسىدە ، بۇ سۆز خوتەندە شۇ مەنىدە قوللىنىلىدۇ .

لىم ئارىلىرىغا سىزىلغان رەڭمۇرەڭ سىزمىلار ۋىسا جەمەتىدىن يېتىلگەن ئاتا ـ بالا رەسساملارنىڭ[①] بۈگۈنكى دۇنيادىكى شۆھرىتىنى نامايىش قىلاتتى .

نىياز ھېكىمبەگ ۋە ئۇنىڭ سەيلىچى مەنسەپدارلىرى ئەقىللىق ۋە تەتۈر پېشانە خوتەن ئۇستىلىرىنىڭ قان ـ تەرى ، مىڭلىغان پۇقرانىڭ جەبىر ـ جاپاسى بەدىلىگە قوپۇرۇلغان ئون ئىككى ئوردىنى بىرمۇبىر ئارىلاپ چىقتى ـ دە ، چۈشكە يېقىن «چېكىتلىك ئوردا» غا يېتىپ كېلىشتى .

چوڭ ئۆستەڭ بويىغا جايلاشقان «چېكىتلىك ئوردا» ئەمەلدە ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئوردىسى ئىدى . ئوردا بېغىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا ، ئون مو يەرنىڭ توپىسى ئىككى ئادەم بويى قېزىۋېتىلگەن ، ئەتراپىغا تام چۆرۈلۈپ ، تام تۆپىسىگە تۈۋرۈك ئورنىتىلغان ، تۈۋرۈكتىن ـ تۈۋرۈككە تاناب تارتىلىپ ، تاناب ئۈستىگە يىپەك تور يېپىلغان يەنە بىر «باغ» مۇ بار ئىدى . نە ـ نەلەردىن تۇتۇپ كېلىنگەن ياۋا توڭگۇز ، يولۋاس ، بۆرە ، تۈلكە دېگەندەك ھايۋانلار ، تاز قارىدىن تارتىپ ئۆي قۇشلىرىغىچە بولغان ئۇچالىغ ـ تىنالىغلار بىر جۈپتىن قىلىپ بۇ باغقا قويۇۋېتىلگەنىدى . قارىماققا بۇ باغ نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ توپان بالاسىدا ئامان قالغان كېمىسىگە ئوخشايتتى . قۇش ـ قاناتلارنىڭ كۈنلۈك ئوزۇقى ئۈچۈن تاغار ـ تاغارلاپ دان تۆكۈپ بېرىلەتتى . نەچچە مىڭ پۇقراغا بىر

---

① ۋىسا ئىراساتكا ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى ۋىسا باجىنا — خوتەنلىك مەشھۇر ئاتا ـ بالا رەسساملار . ئۇلار خوتەن ، قەشقەر ، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى مىڭئۆي ، ئىبادەتخانا ـ ئىبادەتخانا ـ ئىبادەتخانا ئېھرام تاملىرىغا رەسىم سىزىپ شۆھرەت قازانغان . ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەن ، لوياڭلاردا ئۆتكۈزگەن . ۋىسا باجىنا تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن يىللىرىدا شىپىڭ ئايمىقىنىڭ ۋالىيسىمۇ بولغان . ئۇلار تاڭ دەۋرى سىزما سۈرەتچىلىكىنىڭ «ئويما ـ قاپارتما قانۇنى» نى ئىجاد قىلىپ ، چاڭئەندىكى سىئىن ئىبادەتخانىسى ، شىڭتاڭ ئىبادەتخانىسى ، ئەنگو ئىبادەتخانىسى قاتارلىق مەشھۇر ئىبادەتخانىلاردا داڭلىق رەسىملەرنى سىزىپ قالدۇرغان . تاڭ دەۋرىدىكى گۈزەل سەنئەت تارىخچىسى جياڭ چيەنيۈەن ئۆز ئەسىرىدە «ۋىسا ئىراساتكا خوتەنلىك ، دادىسى ۋىسا باجىنا مەشھۇر راھىب… بۇددا رەسىمى ۋە چەت ئەل رەسىمىگە بەك ئۇستا… ئاتا ـ بالا ۋىسالار بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايدۇ…» دەپ خاتىرە قالدۇرغان .

ئاي ئوزۇق بولغۇچىلىك قوي ـ كالا گۆشلىرى بۇ ياۋايى يىرتقۇچلارغا بىر كۈنلۈكلا يەم بولالايتتى .

«چېكىتلىك ئوردا» دا يەنە قىرىق بەش كۈنلۈك تەۋەدىن قېزىپ كېلىنگەن مېۋىلىك، مېۋىسىز دەرەخلەرمۇ كۆكلەپ تۇراتتى . دەرەخلەر ئارىسىدا سېرىن ، رەيھان ، رەنادىن تارتىپ چىغ ، تىكەن ، ياتاققىچە بولغان گۈل ـ گىياھ ، ئوت ـ چۆپلەرمۇ تېپىلاتتى .

سەيلىچىلەرگە كۆن نۇرىنى توسۇپ تۇرىدىغان قويۇق ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدىلا چۈشلۈك غىزا تارتىلدى ۋە باغ مەسچىتىدە پېشىن نامىزى ئوقۇلدى . نامازدىن كېيىن باراڭ ئاستىدا مۇقامچى ، نەغمىچىلەرنىڭ شوخ كۈيلىرى باشلىنىپ كەتتى . نىياز ھېكىمبەگنىڭ ناخشا ، ساز دېگەنلەر بىلەن خۇشى بولمىسىمۇ ، لېكىن بۈگۈن ئۇنىڭ كەيپى بۆلەكچىلا ئۇستۈن ئىدى . سەللىلىك بېشىنى لەرزان ياڭراۋاتقان دۇتار پەدىسىگە كەلتۈرۈپ ئاستا لىڭشىتاتتى . ناخشا ـ ئۇسسۇل ئەۋجىگە چىققاندا بولسا بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپمۇ قوياتتى . خاس مەھرىمىنى ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ بېشىدىن سېخىيلىق بىلەن پۇل ئۆرۈشكە بۇيرۇپ تۇراتتى ، نەغمىچىلەرنىڭ ئېتىنى سوراشتۇرۇپ ، تۈنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان چالغۇلارنى ئەكەلدۈرۈپ تىرىڭشىتىپ باقاتتى .

نىياز ھېكىمبەگنىڭ ھەربىر قاراشلىرىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ ، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ئولتۇرغان موللاجى تۇراپ ئاز تېپىلىدىغان ئېسىل پەيتنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىغا ، لالە بىبىنىڭ قىرىشقاندەك بىر توپ سەيلىچىلەرنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالغىنىغا زادى چىداپ تۇرالمىدى . ئۇ نىياز ھېكىمبەگنىڭ يېنىغا كېلىپ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىۋىدى ، ھاكىمبەگ كۈلۈپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى .

ھاياجىنىنى باسالماي قالغان موللاجى تۇراپ سازەندىلەرگە قاراپ :

— سەنەمگە ، خوتەن سەنىمىگە ساز قىلىڭلار ، — دېدى ـ دە ، ئوپۇل ـ توپۇل قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، قولىدىن تۇتقان پېتى

يېتىلەپ، سەيلىچىلەر ھالقىسىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئەكېلىپ قويدى.

سازەندىلەر قازى لەشكەرنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە خوتەن سەنىمىنىڭ شوخ ساداسى بىلەن باغ ئىچىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى.

بىراق، ياغاچتەك قېتىپ قالغان لالە بىبى كۆينىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىغا قارىماي، قىمىر قىلماي تۇرىۋەردى. قاشتېشىدىن ئويۇلغان ھەيكەلدەك كېلىشكەن، سەرۋى قامەتلىك بۇ نازىنىن ئۆز گۈزەللىكى بىلەن نىياز ھېكىمبەگنىڭ شەھۋەت تېشىپ تۇرغان نەزىرىنى ئۆزىگە قاراتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ بىئەدەپلىكى ھاكىمبەگنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. شۇڭا، لالە بىبىگە جىددىيلەشكەن قىياپەتتە بىرنېمىلەرنى دەپ، ئىما ـ ئىشارەت قىلىۋاتقان موللاجى تۇراپقا «كارامىتىڭ شۇمىدى» دېگەندەك ئالىيىپ قويۇپ، نەزىرىنى يېنىدا ئولتۇرغان تۆمۈر خەزىنىچىبەگكە يۆتكىدى.

— قازى رەئىس جانابلىرى، — دېدى ئۇ تۆمۈر خەزىنىچىبەگكە، چاي ئوتلاشقا تەكلىپ قىلىۋېتىپ، — بۈگۈنكى تاماشا قانداقراق بولدى؟

تۆمۈر خەزىنىچىبەگ ئېرەنسىز قىياپەتتە گەپ ئەگىتىپ جاۋاب بەردى:

— مېنىڭچە، كۆڭۈللىرىدىكىدەك بولدىغۇ دەيمەن!

ئىككىيلەن نېمىشقىدۇر بىر ـ بىرىنىڭ كۆزىگە تىكىلگىنىچە جىم بولۇپ قېلىشتى. بۇ جىملىقنى تۆمۈر خەزىنىچىبەگ بۇزدى ۋە:

— ھاكىمبېگىم، بۇ تاماشا قاچانغىچە داۋاملىشار؟ — دەپ سورىدى نىياز ھېكىمبەگدىن.

— ئۇزاققىچە، ناھايىتى ئۇزاق زامانلارغىچە، — دەپ جاۋاب بەردى سۆھبەتدىشىنىڭ ئىككى بىسلىق گېپىنىڭ مەنىسىنى بىر ئاڭلاپلا چۈشىنىۋالغان نىياز ھېكىمبەگ.

ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە قاراپ مەنىلىك كۈلۈپ قويۇشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى قىسىم

# ئەجەل دوقمۇشىدا

قىئات بۇغا يېدى، ئېيىق يېدى، گەرچە ئۇ تومۇردەك قاتتىق بولسىمۇ، نەيزەم ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈردى. شۇڭقار قىئاتنى يېدى، ئۇ گەرچە شامالدەك تېز بولسىمۇ، ئوقيايىم ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈردى.

— «ئوغۇزنامە» — ئوغۇزخان سۆزى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قىرىق تۆتىنچى باب

## ئەنسىز ئاخشام

مىلادىيە 1877 ـ يىلى ئەتىياز، كېچە.

يورۇقلۇق ۋە قاراقاش دەريالىرى ئارىسىغا مەڭگۈلۈك لەڭگەر تاشلىغان بۇ بەھەيۋەت يېشىل كېمە كۆچلۈك بوران زەربىسىدە كۆھسقاپ ئاغزىدىكى تەنھا يەلكەندەك چايقالماقتا ئىدى. كېمە ماچتىسى — ئەمدىلا چاشقانقۇلاق بولغان ئېگىز سەگۇ تېرەكلەر خۇددى شامال سوققان يېكەندەك ئىرغاڭلايتتى.

ئۆستەڭ، كۆل بويلىرىدا جالاسىنى سۇغا چىلاپ تۇرغان سۆگەت تاللىرى شوخ قىزلارنىڭ سۇمبۇل چېچىدەك چىرمىشىپ، چىگىلىپ كەتكەنىدى. شىددەت بىلەن گۇرۇلدەپ تەكلىماكان قۇملىرىنى يالماپ، يۇدۇپ كەلگەن قارا بوراندىن ئېتەك ـ ئېتەك توپا تۆكۈلەتتى. ئېرىقلارغا قۇم تىقىلىپ، يوللار كۆمۈلەتتى. بوران دەھشىتىدىن بېلى پۈكۈلگەن، يىلتىزى ئۈزۈلگەن قېرى دەرەخلەر غىربىنىڭ قەددىدەك قىڭغايغانىدى.

كۈن قىزىلىدىن تارتىپ تا ئېغىر ياتقۇغىچە تىنماي ھۇۋلاپ چىققان بوران «توخۇ چىللىسۇن» دەپ كۈتۈپ تۇرغانمۇ، باش توخۇ چىللىغاندىلا ئاندىن ئاچچىقىغا ھاي بېرىپ، قۇتراشتىن توختىدى. ئېگىلىپ، چايقىلىپ ھالىدىن كەتكەن دەرەخ شاخلىرى ئاستا ـ ئاستا رۇسلاندى. تولۇق سۇزۇلمىگەن لاي سۇدەك مانانلىشىپ تۇرغان ئاسماندا ئالدى بىلەن ئۇپرىغان ئورغاق بىسىدەك ئەگمە ئاي كۆرۈندى، كېيىن بىرقانچە يۇلتۇز جىنچىراغدەك پىلدىرلاشقا باشلىدى.


«بوراندا ئۇيقۇ، يامغۇردا شورپا» دېگەندەك، بەش بارماقنىمۇ

پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان قارا بوراندا كۆن بويى ئۆيىدىن چىقمىغان ئادەملەر كەچ كىرەر ـ كىرمەيلا ئۇيقۇغا كەتكەنىدى . تەلپەكتەك ـ تەلپەكتەك توپا دۆۋىلىرى پەيدا بولغان شەھەر كوچىلىرىدا ئادەم تۇگۇل ، بىرەر لالما ئىتنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى . باش توخۇ چىللاپ بوران بىسىققاندا ئويغاق ئىتلارنىڭ قاۋشى ، ئاچ موزايلارنىڭ مۆرىشى ، دۈمبىسى قىچىشقان ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىشى بىلەن قىسقا ۋاقىت جانلانغان شەھەر ۋە شەھەر ئەتراپى ئەمدى قانداقتۇر شېرىن ياكى قاباھەتلىك چۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى . رەستىلەردە تا تاڭ ئاتقۇچە تاكتاك ئۇرۇپ ، ھاشار چۇمۇلىلىرىدەك پىتىراپ ، تىمىسقىلاپ يۈرىدىغان مىرشەپلەر بوران توختىغىنىنى تۇيمىدىمۇ ، پاناھلانغان يېرىدە ئۇخلاۋاتقاندەك قىلاتتى . چوڭ ئوردىنىڭ تاشقى سېپىلى ئۈستىدىن كېلىۋاتسا كېرەك ، كېچىلىك ياساۋۇللارنىڭ ئامانلىق ـ ئاسايىشلىقتىن بېشارەت بەرگۈچى شەرتلىك ئاۋازلىرىلا شەھەرنى گۆر جىمجىتلىقىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇراتتى .


لېكىن ، بوراندىن كېيىنكى بۇ تىمتاس جىمجىتلىق پەقەت بىردەملا داۋاملاشتى . قېرى ئىت بولسا كېرەك ، قاراقاش دەرۋازىسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر ئىت خىرقىراق ئاۋاز بىلەن قاۋاشقا باشلىدى ، ئۇنىڭغا يەنە بىرقانچە ئىت قوشۇلۇپ ئالەمنى بېشىغا كىيدى . ئىت قاۋىغان تەرەپتە ، زاۋا ـ خوتەن يولىدا تۇيۇقسىز ئۈچ ئاتلىق كىشى پەيدا بولدى . ئۇلار مىلتىقلىرىنىڭ قونداقىنى چاترىقىغا قىستۇرۇپ ، دۈمبىسىگە يۆلەنگەن پېتى مۈگدەۋاتقان قاراۋۇللارنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزگىن تارتتى :

— ھەي باتۇر يىگىتلەر ، خاپا بولماي دەرۋازىنى ئېچىپ بەرسەڭلار ، — ئاتلىقلارنىڭ بىرى ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا مۇراجىئەت قىلدى . چۆچۈپ كەتكىنىدىن ئوڭ ـ سولىنى تاپالمايۋاتقان چالا ئۇيقۇلۇق بىر قاراۋۇل ئاتلىقلارغا قاراپ ۋارقىرىۋەتتى :

— نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسىلەر ، بۇ دەرۋازا ئەتە ناماز بامداتقىچە ئېچىلمايدۇ ، بۇ توغرىدا ھاكىمبېگىمنىڭ پەرمانى بار ! — دېدى



www.uyghurkitap.com



هاڭۋېقىپ تۇرۇپ .

شۇ ئارىدا ئاتلىقلاردىن بىرى قولىنى سەللىسىگە سوزدى ـ دە، سەللە قېتىدىن ئىككى ئىلىك كەڭلىكتىكى بىر پارقىراق مېتالنى ئېلىپ ئۇ قاراۋۇلغا ئۇزارتتى . قاراۋۇل ئۇنى دەرۋازا قانىتىغا ئېسىلغان پانارنىڭ يورۇقىغا تۇتۇپ بىر قاراپلا :

— هوي ، كۇمۇش دەستەككەنغۇ بۇ ! — دەپ توۋلىۋەتتى ۋە دەستەكنى ئۆز ئىگىسىگە ئىككى قوللاپ ئۇزارتتى . ئاندىن باشلىرى چۇشۇپ كېتىۋاتقان قاراۋۇللارغا بۇيرۇق قىلدى ، — نېمىگە قاراپ تۇرۇشىسەن ، چاپسان بېرىپ دەرۋازىنى ئاچ ، ئەزىز ئادەمنى ساقلىتىپ قويساق گۇناهكار بولىمىز !

مىڭ پاتمان چويۇندەك ئېغىر دەرۋازا قاناتلىرى قۇلاق ـ مېڭىنى يەپ كەتكۇدەك سەت ئاۋازدا غىچىرلاپ كەتتى . كۇمۇش دەستەكلىك كىشى بىللە كەلگەن ھەمراھلىرى بىلەن شۇ يەردىلا خوشلاشتى ـ دە ، بېشىنى سىلىپ تۇرغان ئاق ئېتىغا بىرلا قامچا ئۇرۇپ ، دەرۋازا ئىچىگە ئۆزىنى ئالدى .

مۆلدۈردەك تېگىۋاتقان قامچىغىمۇ مىت قىلماي ، ھۆرۈن ئۆكۈزدەك ئاستا چامداۋاتقىنىغا قارىغاندا ئاتنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغاندەك قىلاتتى . پاتقاق كېچىۋاتقاندەك سىلكىپ ـ سىلكىپ قەدەم تاشلىغىنىدا ئالدى ئاياغلىرى خۇددى ھۆل تاياقتەك ئېگىلىپ كېتەتتى . ئات ئۇستىدە قېلىن جۇۋىغا يۆگىلىپ ، بىر پارچە يۇڭ دۆۋىسىدەك چوقچىيىپ ئولتۇرغان چار ساقال كىشىمۇ سەپەر ھارغىنلىقىدا ھالىدىن كەتكەندەك تۇراتتى ، بىر غېرىچ يېكەنچىلىك ۋەزنى بولمىغان ياغاچ ساپلىق قامچىسىنىمۇ بىر چارەك ئېگىرلىكتىكى تۇمۇر كالتەكنى كۆتۈرگەندەك تەسلىكتە مىدىرلىتاتتى . چۇشۇپ كېتىۋاتقان بېشى ئات قەدىمىنىڭ رىتىمىغا ماس تەۋرەنگىنىدە ، سەللىسىنىڭ قېتىدىن ، قۇلاقلىرىنىڭ كەينىدىن ، جۇۋىسىنىڭ مويلۇق ياقىسىدىن ئۇچۇم ـ ئۇچۇملاپ توپا تۆكۈلەتتى . كېچىنىڭ ھاۋاسى سوغۇق بولغاچقىمۇ ، ئاتنىڭمۇ ، يولۇچىنىڭمۇ بۇرنىدىن قويۇق ھور پۇرقۇيتتى .

چەكچىيىپ تۇرغان بىھېساب يۇلتۇز ۋە ئېگىز سىبدىلەرنىڭ شاخلىرى كەينىگە يوشۇرۇنغان ئاينىڭ شولىسى بىلەن بىلىنەر ـ بىلىنمەس يورۇپ تۇرغان شەھەر كوچىسىدا بۇ تەنها يولۇچىغا بىرەرمۇ ئادەم ئۇچرىمىدى . ئۇ ئۆزىگە غەيرەت بېرىپ ، ئېتىنى مېڭىشىغا قويۇۋەتكەن پېتى تۇن قوينىدا قارىيىپ تۇرغان تونۇش ئوردا ئالدىغا كەلدى ـ دە ، تايغاندەك سەزگۈر مەھرەملەرگە كۈمۈش دەستەكنى كۆرسەتتى ، دەرۋازا هايالسىزلا ئېچىلدى . ئۇ دەرۋازىدىن كىرىپ دەھلىزدىن ئۆتكەندىن كېيىن نىياز ھېكىمبەگنىڭ ھۇزۇرىدا هازىر بولدى . تۇيغۇسىنىڭ ئۆزىنى ئالدىمايدىغىنىغا ئىشىنىپ ، تا مۇشۇ چاغقىچە كۆز يۇممىغان نىياز ھېكىمبەگ يانپاشلاپ ياتقان يېرىدىن تەكىيىگە تايىنىپ ئۆرە بولدى :

— ھوي ، قازى رەئىس جانابلىرىغۇ بۇ ، هارمىغايلا ، — دېگىنىچە قوللىرىنى كېزىپ ، پەگاھدا تۇرغان تۆمۈر خەزىنىچىبەگكە قاراپ كەلدى ، — يولىرىغا قاراپ كۆزۈم تېشىلگۈدەك بولدى ، سالامەت كۆرۈشكىلى نېسىپ قىلغان ئاللاغا مىڭ قەتلە شۈكۈر .

ئۇ قېلىن كىيىنگىنىدىن يوغان قار ئادەمگىلا ئوخشاپ قالغان تۆمۈر خەزىنىچىبەگنى ئۇزاق يىل كۆرۈشمىگەن قەدىناسىنى قۇچاقلىغاندەك قۇچاقلىدى ، يۈزىنى يۈزىگە ياقتى ، جۇۋىسىنى سېلىشىغا ياردەملەشتى . خېلىدىن بېرى ئۇستىرا تەگمىگەچ ، بىنەم كۆكاتلىرىدەك ئۆسۈپ ، بىر تۇتام يۇڭدەك گىجەكلىشىپ كەتكەن چاچ ـ ساقاللىرىغا ، تىمساھ تېرىسىدەك يىرىكلەشكەن چىرايىغا ئىچ ئاغرىتقان نەزەر بىلەن سەپسېلىپ چىقتى . كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ «جاپا چەكتىلە ، جاپا چەكتىلە» دەپ تەكەللۇپ قىلدى .

خوتەن تارىخىغا قان بىلەن يېزىلغان ئاشۇ چوڭ قەتلىئامدىن بۇيان بىر ـ بىرىنى قوغلاشقاندەك تېز ئۆتۈپ كەتكەن ئون يىلچە ۋاقىت نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۆمۈر دەپتىرىدە ھېسابسىز يادنامە ۋە قايتىلانماس ئۆزگىرىشلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى . مۇشەققەت ۋە خەتەر بىلەن تولغان يىللار داۋانىغا يامىشىۋېرىپ ساقىلىغا ئاق كىرگەن

نىياز ھېكىمبەگ ، قىرانلىق چوققىسىدىن كۈنسايىن پەسكە سىيرىلغەن قىرى چالغا ئايلاندىيۇ ، ھۆكۈمرانلىق تەختىنى ھېچكىمگە تارتقۇزۇپ قويمىدى ، تەپكەك ئىشەكتەك تېپىپ ، توسۇن توپاقتەك ئۈسۈپ ، تەخت يېنىغا ھېچكىمنى يېقىن يولاتمىدى . تەختكە كۆز قىزارتىپ ، يەڭ ئىچىدە پىچاق ساقلىغانلارنى ھەر ئامال بىلەن كۆزدىن يىراق قىلدى .

نىياز ھېكىمبەگ ئاشۇ ئون يىل مابەينىدە ياقۇپبەگنىڭ ھۇزۇرىغا ھەر ئۈچ يىلدا بىر دىگۇدەك سالامغا بېرىپ تۇردى . ئالدىنقى قېتىمدا ئۇ ياقۇپبەگنىڭ كورلا ، توقسۇن شەھەرلىرىنى ئىستائەتكە كىرگۈزۈپ ، تۇرپان ۋە ئۈرۈمچى خۇيزۇلىرىنى ئەل قىلىپ قەشقەرگە قايتىپ كەلگىنىنى ئوتتۇز ئۇلاغلىق مال ـ دۇنيا بىلەن قۇتلۇقلاپ ، دۇئاسىنى ئالدى . ياقۇپبەگنىڭ ئوغلى بېكقۇلىبەگ ئۈرۈمچى ۋە داۋانچىڭلاردا قايتا باش كۆتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان خۇيزۇ باتۇرلىرىنى تىغ سىياسەتتىن ئۆتكۈزۈپ ، مىلادىيە 1874 ـ يىلى يىل بېشىدا قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندە ، نىياز ھېكىمبەگ ئوردا بوسۇغىسىدا ئاخىرەتتىن كەلگەن ئەرۋاھتەكلا پەيدا بولدى . ئېلىپ بارغان سوۋغاتلىرى بەدىلىگە ئەمىرلەشكەرلىك مەنسىپىنى موللاجى تۇراپقا ئېلىپ بەردى ـ دە ، لالە بىبىنى نىكاھىغا ئېلىپ ، بىر باللىق بولۇپمۇ قالدى .

ئالدىنقى يىلى ، كارىز چاپتۇرۇپ بېرىش باھانىسى بىلەن قاقتى ـ سوقتى قىلغىنىغا تاقەت قىلالمىغان چىرىلىقلار ئەرز سۇنغاندا ، ياقۇپبەگ نىياز ھېكىمبەگنى مەخسۇس ھۆدەيچى ئارقىلىق قەشقەرگە چاقىرتتى . ئۇ يەنە كونا ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ، مال ـ دۇنيانىڭ كۈچى بىلەن ئۆتكەلدىن ئۆتتۈۋالدى . بۇ سەپىرىدە ئۇ توپچى چېرىكلەرگە باشچىلىق قىلىۋاتقان قۇدالاي ۋە مەھرەممبېشى بولۇپ قالغان ھوشۇربەگ بىلەن خۇپىيانە ئۇچرىشىپ ، ئۆزىنى ھاياجانلاندۇرغۇدەك يېڭى مەلۇماتلارنى قولغا چۈشۈردى . ياقۇپبەگ ئۆز ئەلچىسى قازىخان تۆرە ئارقىلىق تۈركىيە سۇلتانى ئابدۇلئەزىزخان ئىنئام قىلغان «مىراخور باشى» لىق ئۇنۋانىغا

ئېرىشىپ ، بىباھا شاھانە سەرپايلارغا نائىل بولغاندا ، ئۇ قەشقەرگە يەنە بىر قېتىم سالامغا بارماقچى بولۇۋىدى ، «يېتىمنىڭ ئېغىزى ئاشقا تەگكۈچە ، بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەك ، قاراقاشلىق «چوماقچى» لارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ غوۋغاسى بىلەن پۇت - قولى چۇشىلىپ قالدى...

بۇنىڭدىن ئىككى ئاي بۇرۇنقى قەھرىتان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ، نىياز ھېكىمبەگ ھوشۇربەگ ئەۋەتكەن بىر مەخپىي مەلۇماتچىنى قوبۇل قىلدى . دەرۋىش قىياپىتىگە كىرىۋالغان بۇ مەلۇماتچى پاختىلىق چاپىنىنىڭ ئەستىرىنى سۆكۈپ ، تۇمارچىلاپ پۈكلەنگەن بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئۇزارتتى . نىياز ھېكىمبەگ بۇ خەتتىكى : «سالامدىن سۆڭرە مەلۇم بولغايكى ، بەدۆلەت ئالىيلىرىغا تۇرپان ھاكىمبېگى ھېكىمخان تۆرەمدىن شۇنداق خەۋەر كېلىپ قالدىكى ، لەك - لەك خاقانى چىن چېرىكلىرى ئۈرۈمچى سىپىلى تۈۋىدە پەيدا بولۇپ ، ئۇ يەردىكى تۇڭگان تائىپىسىنى ئەل قىلىپتۇدەك . ئۈرۈمچىنى تاشلاپ شەھىرى ماناسقا قاچقان تۇڭگان كاتتىسى خەي يەن ئىككى ئايلىق مۇھاسىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ، شەھەرنى زو زۇڭتاڭ[1]

① زو زۇڭتاڭ — (1812 - 1885) خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شياڭيىن دېگەن يېرىدىن . ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ، جېجياڭ ، فۇجيەن ئۆلكىلىرىنىڭ ۋالىيسى بولغان . تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنى ، سەنشى - گەنسۇ ئۆلكىلىرىدىكى خۇيزۇلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇپ ، بىرىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن . گۇاڭشۈينىڭ تۇنجى يىلى سەنشى ، گەنسۇ ۋالىيسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن رېۋىنزورلۇق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن دېگەن يېرىدە تۇرۇپ شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرغان ، ئۈرۈمچى دۇتۇڭى جىن شۈن ۋە باش ۋالىي ليۇ جىڭتاڭغا ياڭگۇەندىن چىقىپ ، شىنجاڭنى بېسىپ ياتقان ياقۇپبەگ بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇق بەرگەن . شىمالىي ۋە جەنۇبىي يول بىلەن شىنجاڭغا كىرگەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ياقۇپبەگ قوشۇنىنى يوقاتقاندىن كېيىن ، زو زۇڭتاڭ يەنە بىر يۇقىرى مەرتىۋە بىلەن تارتۇقلانغان . ئىلىنى چاررۇسىيە قولىدىن قايتۇرۇۋېلىش پىلانىنى تۈزگەن . شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمى ئورنىتىپ ، ۋىلايەت ، ناھىيە تەسىس قىلىشقا ئىشتىراك قىلغان . كېيىنچە بېيجىڭغا چاقىرتىلىپ ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى ، جياڭسۇ - جېجياڭنىڭ باش ۋالىيسى ، ھەربىي ئەمەلدارى قاتارلىق مەنسەپلەرگە تەيىنلەنگەن . جۇڭگو - فرانسىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرغان ۋە شۇ يەردە ئۆلگەن .

دبگەننىڭ لەشكەرلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىش . كېيىنكى ۋەقەلەر تېخى نامەلۇم ، ئۇرۇمچىگە قاراشلىق ئالتە شەھەرنىڭ خاقانى چىن چېرىكلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى مۇھىم دەپ بىلىپ مەلۇماتچى ئەۋەتتىم . ئۆزلىرى بىلىپ بىر يول تۇتارلا ، نامە تامام ۋەسسالام » دېگەن قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ ، خىيال قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتتى . قەغەز تۇتقان بارماقلىرى يېنىك تىترەپ بەرگىدىن ئۈزۈلگەن سويىمدەك سولىشىپ قالغان ياڭاق مۇسكۇللىرى كوسا ساقىلى بىلەن قوشۇلۇپ لىكىلداشقا باشلىدى . كىچىككىنە باغاقچە-نىڭ بىر هاكىمبەگنى بۇ دەرىجىدە خۇش قىلىۋېتەلىگىنىگە هەيران بولۇپ تۇرغان مەلۇماتچىنى كاپلا قىلىپ باغرىغا باستى ـ دە ، «ئاغزىڭغا مۇشتەك ناۋات» دېگىنىچە بىر هەميان تەڭگە بىلەن تارتۇقلىۋەتتى .

تۇيۇقسىز يېتىپ كەلگەن خۇش خەۋەر تۇيۇقسىز كەلگەن ئامەتتەك خاسىيەتلىك بولسا كېرەك ، نىياز هېكىمبەگ قوبۇلخانىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى هەرەمخانىدا تۇرۇۋاتقان ياش لالە بىبىنىڭ ئىسسىق قۇچىقىنىمۇ ، ئۇچ ياشلىق ئوغلىنىڭ خۇلقلىرىنىمۇ پاك ـ پاكىز يادىدىن چىقىرىپ ، قوبۇلخانىدىلا قونۇپ قالدى . ئۇيقۇسىز تاڭ ئاتقۇزۇۋېتەلەيدىغان بەلەن چاغلىرىنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگە قارىماي ، تۇن بويى بىر دەقىقىمۇ كىرپىك قاقمىدى . هېلىقى سىرلىق ساندۇقنى ئېچىپ ، تەۋەررۇك ئوتۇغات بىلەن دۇردۇن پەرىجىسىنىڭ توپىسىنى قاقتى . مەنسەپ ـ مەرتىۋىسىنىڭ نىشانىسى بولغان ئوتۇغات كۆزىنى پۈۋلەپ ، يېڭى بىلەن سۈرتۈۋىدى ، گۆهەردەك جۇلالىنىپ كەتتى . ئوتۇغاتتىن تارتىپ نەقىشلىك كەمەرگىچە ، ئەقەللىيسى سۇلالە تىلىچە پەرمان ، دۇڭ دارىبىدىن قالغان ئۇششاق ـ چۈششەكلەرگىچە بولغان جىمى تەئەللۇقاتىنى بىرمۇبىر ئالدىغا يايدى . يايما ئالدىدا بازىرى كاسات يايمىچىدەك يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، تا بامداتقا ئەزان چىققۇچە باش قاتۇردى . ئويلار ـ ئويلار ئاخىر ئۇ «سۇلالە كاتتىسى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ قويۇش ، كۈچ سىبلىشتۇرمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ

يول تۇتۇش لازىم» دېگەن پىكىرگە كەلدى . جان بىلەن ئوينىشىدىغان ئەلچىلىك ئىشىغا ، قېرى بولسىمۇ ، يەنىلا تۆمۈر خەزىنىچىبەگنى مۇۋاپىق كۆردى .

«دۈرۈس ، مانجۇلارنىڭ خۇي - پەيلىنى بىلىپ بولمايدۇ ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆزۈم بارغاندىن كۆرە ، تۆمۈر خەزىنىچىبەگنىڭ بارغىنى ياخشى» — دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆز ئىشىنىڭ سالمىقىنى دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن .

نىياز ھېكىمبەگ راستىنىلا يىراقنى كۆزلىگەنىدى ، ئەلچىلىكتىن ئىبارەت تۇغ ئاستىدا سۇلالە كاتتىسىنىڭ تومۇرىنى تۇتقىلىمۇ ، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە باغلىغىلىمۇ بولاتتى . ئەگەر سۇلالە كاتتىسى غەزەپ قىلىپ قىلىچ ئۇرۇپ قالسا ، پەقەت بىر تۆمۈر خەزىنىچىبەگلا ھالاك بولاتتى .

تۆمۈر خەزىنىچىبەگ نىياز ھېكىمبەگ ئۈچۈن ھەم كېرەكلىك ، ھەم خەۋپلىك ئادەم ئىدى . مانجۇ زامانىسىدا ئىككىسىلا ئىشىكئاغىسى بولغان بولسىمۇ ، لېكىن كېيىنكى ئەھۋاللىرى ئوخشىمايتتى . خەزىنىچىبەگ مانجۇلارنىڭ دۈشمىنى بولغان راشىدىنخاندىن زەربە يەپلا بۇ يەرگە قېچىپ كەلگەن . نىياز ھېكىمبەگ بولسا مانجۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ ياقۇپبەگنىڭ ئەمرى بىلەن ھاكىمبەگ بولغان . مانجۇ كاتتىلىرى مۇبادا بۇ ھېسابات - كىتابنى قىلىپ قالسا نىياز ھېكىمبەگ نېمدەپ جاۋاب بېرىدۇ ؟ تۆمۈر خەزىنىچىبەگ دەريا بويىدىكى ھېلىقى ۋەقەدىن كېيىن چوڭ - كىچىك سورۇنلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ، ئۆزى بىلەن ئارىلىق ساقلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن بۇنىڭ ئەلچىلىك ئىشى بىلەن نېمە ئالاقىسى بار ؟ «پېشانىسى ئوڭ بولسا مانجۇ كاتتىلىرىنىڭ غەرىزىنى ئۇقۇپ ، تىنچ - ئامان قايتىپ كېلەر ، بولمىسا شۇ يەردىلا بېشىنى يەر… »

نىياز ھېكىمبەگ ئەتىسىلا تۆمۈر خەزىنىچىبەگنىڭكىگە زىيارەتكە باردى . غەرىزىنى گەپ ئەگىتىپ ئولتۇرماي ئۇچۇقلا ئېيتتى . تۆمۈر خەزىنىچىبەگ باشتا سەل ئارىسالدى بولدى .

بىرئازدىن كېيىن نىياز ھېكىمبەگنىڭ : «مانجۇلار ئۆز ۋاقتىدا سىلى ـ بىزنىڭ بېشىمىزنى سىلىغان ، بوگۈنكى كۈندە ئۇلار ئىشىكىمىز ئالدىغا كەلسە ھېچ ئىش قىلماي قاراپ تۇرساق قاملاشماس ، ياقۇپبەگنىڭ كەتمىنىنى چاپقۇچە ، مانجۇلارنىڭ يۇندىسىنى تۆككەن تۈزۈك» دېگەندەك يالغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بۇ ۋەزىپىنى رازىمەنلىك بىلەن زىممىسىگە ئالدى .

ئۇ نىياز ھېكىمبەگنىڭ سەرخىل ئات ۋە لازىملىق جابدۇق ، سوۋغىلارنى تەييارلاپ بېرىشى بىلەن شۇ كۈنى كېچىسىلا خوتەندىن غىپپىدە چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئىككى ئاي يوق بولۇپ كەتكىنىنى ئۆيىدىكىلەردىن ئۆزگە ئىنس ـ جىنمۇ تۇيمىدى ، ئۆيىدىكىلەرمۇ ، نىياز ھېكىمبەگمۇ ھېچكىمگە ئېغىز ئاچمىدى...

— قازى رەئىس جانابلىرى ، «بىر ئاچقانغا ، بىر ھارغانغا سۆزلىمەڭ» دەپتىكەن كونىلار ، ئەمما راستىنى ئېيتسام گەپ ـ سۆزلىرىنى بالدۇرراق ئاڭلىغۇم كېلىۋاتىدۇ ، — دېدى نىياز ھېكىمبەگ ، ھاردۇق يەتكەن تۆمۈر خەزىنىچىبەگنى سۆزلەشكە قىستاپ . تۆمۈر خەزىنىچىبەگ ھاكىمبەگنىڭ بىرەر پىيالە چايمۇ كەلتۈرمىگىنىگە ئىچىدە خاپا بولۇپ تۇرسىمۇ ، لېكىن ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى . ئۇ :

— گەپنى نەدىن باشلاي ، بېگىم ، سەپەردىنمۇ يا مانجۇلاردىنمۇ ؟ — دەپ سورىۋىدى ، نىياز ھېكىمبەگ ئۇنىڭ تەئەددىسىنى چۈشىنىپ قالدى بولغاي ، ئىشىكباقار مەھرەمنى چاي كەلتۈرۈشكە بۇيرۇۋېتىپ ، ئالمان ـ تالمان جاۋاب بەردى :

— نەدىن بولسا بولىۋېرىدۇ ، جانابلىرى ، ئىختىيار ئۆزلىرىدە !

— ماقۇل ئەمسە سۆزلەۋېرەي ، شۇنداق قىلىپ چاقىلىق قومۇلۇقىدىن ئۆتۈپ ، كۆنچى دەرياسىغا ئۇلاشتىم ، يەنە بەش كۈن يول يۈرۈپ كورلىغا ، ئاندىن تاغ يولى بىلەن ماناس دېگەن يەرگە يېتىپ باردىم . لېكىنزە ، سوغۇقنىڭ يامانلىقىدىن ماناسقا بېرىپلا يىقىلىپ قاپتىمەن ، بىر چاغدا قارىسام بىرمۇنچە چېرىكلەر

ئەتراپىمدا پايپېتەك بولۇپ يۈرۈپتۇ . كۆزۈمنى ئېچىپلا ، ئۇلارنىڭ كاتتىسى بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم . ئۇلار قولتۇقۇمدىن يۆلەپ ، كاتتىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى ، — تۆمۈر خەزىنىچىبەگ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئېڭىكىنى تىرىگەن پېتى قولاق سېلىپ ئولتۇرغان نىياز ھېكىمبەگكە مەنىلىك قاراپ قويدى ، — ئۇ كىشى كاتتا ئادەم بولغىنى بىلەن ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىكەن ، ئالدى بىلەن مېنى بىر ئېسىل سارايغا ئورۇنلاشتۇردى ، ئالدىمغا چاي ، غىزا كەلتۈردى . ئۇبدان ئىسسىنىپ مادارىمغا كېلىشىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ئالدىغا چاقىرتتى ، شۇ چاغدىلا مەقسىتىمنى بىرمۇبىر بايان قىلدىم .

— ئۇ نېمە دېدى ؟

— ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات ، بىز ياتلار بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلدۇق ، پۇقرا بىلەن ئۆچ - ئاداۋىتىمىز يوق ، — دېدى .

— يەنە نېمە دېدى ؟

— باشقا گەپ قىلمىدى ، پەقەت «يۇرتۇڭلار قەيەردە» دەپ سورىۋىدى ، مەن «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئەڭ تۆۋىنىدە ، بۇ يەردىن ئاتلىق يىگىرمە - يىگىرمە بەش كۈنلۈك مۇساپە كېلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردىم . ئۇ ماڭا باشمالتىقىنى كۆرسىتىپ «تۇدارىن ، خو… خو…»دېدى . يەنە بىرى : «يولنى يىراق دېمەي بىزنى ئىزدەپ كەلگىنىڭگە قارىغاندا خاقانىمىزغا سادىق ئادەم ئىكەنسەن» دەپ ماختىدى .

— يەنە نېمىلەرنى سورىدى ؟

— ئۇلارنىڭ كاتتىسى يەنە : «بىزنىڭ تىلىمىزنى شۇنداق ئۇبدان سۆزلەيدىكەنسەن ، نەدىن ئۆگەندىڭ» دەپ سورىدى ، مەن : «دادام ئەلىشىربەگ ئۇ يەرگە پەرغانىلىكلەر يېتىپ بارغۇچە سۇلالىمىزنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ ھاكىمبەگ بولغان ، بۇ تىلنى شۇ چاغدا ئۆگىنىۋالغان ، كېيىن ئۆزۈممۇ ئاقسۇدا ئىشىكئاغىسى مەنسىپىدە بولدۇم ، خان ئامبال بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈپ تېخىمۇ پىششىقلىدىم» دەپ جاۋاب بەردىم .

— هە ، مۇنداق دېسلە ، مانجۇلارنىڭ كاتتىسى بىلەن ئوبدانلا چىقىشىپ قاپتىلىغۇ ، — دېدى ، باياتىن بېرى تىكەننىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇۋاتقاندەك قىمىرلاشقا باشلىغان نىياز ھېكىمبەگ تەنە ئارىلاش ، — ئۇلارغا ئۆزلىرىنى مېنىڭ ئەۋەتكىنىم توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدىلىمۇ ؟

— ئېغىز ئاچماي قالامدىغان ، ئەلۋەتتە ئېغىز ئاچتىم .

— ئەمىسە ، نېمە دېدىلە ؟

— نېمە دەيتتىم ، «مېنى خوتەن ھاكىمبېگى نىياز ھېكىمبەگ ئالدىلىرىغا ئەۋەتتى» دېۋىدىم . ئۇ : «نىياز ھاكىمبەگ دېگەن كىم ، نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم ؟» دەپ سورىدى . مەن : «ھاكىمبەگ دېگەندىكىن ھاكىمبەگ ـ دە ، ئۇ جانابلىرى ئىلگىرىكى زامانلاردا يەكەن دېگەن يەردە ئىشىكئاغىسى بولغان . پەرغانىلىكلەر كەلگەندە ياقۇپبەگ بىلەن بىللە يەكەننى ، خوتەننى پەتىھ قىلىپ ، ئون نەچچە يىلدىن بېرى يۇرت سوراۋاتىدۇ ، ئەمدى سىلەرنىڭ كەلگىنىڭلاردىن خەۋەر تېپىپ ، ئىتائەت بىلدۈرۈشكە مېنى ئەۋەتتى» دېدىم .

— قىچىشىمىغان يەرنى قاشلىغاندەك ئىش قىپتىلا ، جانابلىرى ، — نىياز ھېكىمبەگ زەردە بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . بەخىرامان چاي ئوتلاۋاتقان تۆمۈر خەزىنىچىبەگكە تىكىلىپ دېدى :

— ئۇلار بۇنىڭغا نېمە دېيىشتى ؟

تۆمۈر خەزىنىچىبەگ پەرۋاسىزلارچە جاۋاب بەردى :

— «ھاكىمبېگىڭلار قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم ئىكەن ، ئەمدى دېگىنىمىز بويىچە يول تۇتسۇن خەزىنىنى ئوبدان ساقلاپ ، رويخەتنى ئېلىپ ئالدىمىزغا كەلسۇن» دېدى .

— راست شۇنداق دېدىمۇ ؟

— جانابلىرى ، دېگەنلىرىمگە ئىشەنمەيۋاتامدىلا ، يالغان ئېيتقان بولسام مېنى خۇدا ئۇرسۇن !

«بۇ بەكلا ئاسان گەپقۇ ، — نىياز ھېكىمبەگ ئىچىدە شۇنداق ئويلىدى ۋە ئېپىز كاكچىنى چاينار ـ چاينىمايلا يۇتۇۋاتقان تۆمۈر

خەزىنىچىبەگكە قاراپ بېشىنى چايقاپ قويدى ، — خاتىرەڭنى جەم قىلىپ قورسىقىڭنى ئەستەرلىۋال ئەخمەق خوتەنلىك ، پەقەت ئاتخاناڭدىكى تۇۋرۇك ئاستىدىن تېپىلغان ئىككى چارەك تىللانىڭ ئۆزىلا ئالتۇن - كۈمۈش دېسە ئانىسىنى سېتىۋېتىدىغان ئاشۇ كاتتىلارنىڭ بۇرۇنىدىن ئۆتۈشۈمگە يېتىپ ئاشىدۇ . ساڭا كۆزى چۈشكەن ، ماختاپ ئۇچۇرغان خاقانى چىن چېرىكلىرى بۇ يەرگە يېتىپ كەلگۈچە ، بەلكى ئۇستىخانلىرىڭ چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ بولار... »

«پۇت يۇگۇرۇكى ئاشقا ، تىل يۇگۇرۇكى باشقا » دېگەندەك ، تۆمۈر خەزىنىچىبەگنىڭ ئويلىمايلا قىلغان گەپلىرى ئۆز بېشىغا بالا بولدى . مانجۇ كاتتىسىنىڭ زىياپىتىدە قانداق يايراپ ، قانداق كېرىلىپ كەتكىنىنى تۈز كۆڭۈل تۆمۈر خەزىنىچىبەگنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغان نىياز ھېكىمبەگ ئۇنى يەنە بىرھازا كولدۇرلاتتى ، ئاياغلىرىغا ھېچ ئايانماي ھۆل خىش قويىۋەردى . تۆمۈر خەزىنىچىبەگ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى بىلەن تازا ماختىنىپ ، ئادەتتە ئۆزىنى كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدىغان تەكەببۇر ھاكىمبەگنى ھەيران قالدۇرماقچى بولدىمۇيا خوتەننى بۇ تاش يۈرەك ھاكىمبەگنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇرالايدۇ دەپ ھېسابلىغان مانجۇلارنىڭ كېلىۋاتقىنىدىن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغانمۇ ، ئەيتاۋۇر قورسىقىدىكى گەپنىڭ ، سىرنىڭ ھەممىسىنى بىر يولىلا تۆكۈپ تاشلىدى .

ئەسلىدە تۆمۈر خەزىنىچىبەگنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىشتە نىياز ھېكىمبەگنىڭ يەنە باشقا كۆزلىگىنىمۇ بار ئىدى . شۇڭا ، ئۇ ئۇنىڭ قارىسى يوقالغان ھامان ئات باقار شېرىپ شەيتاننى ئالدىغا چاقىرتىپ كەلدى - دە ، ھويلا - ئارامنى ياۋا توڭگۇزدەك تىلغاپ بولسىمۇ يوشۇرۇلغان ئالتۇننى تېپىپ كېلىشكە قىستىدى . ئۇزاق يىللىق كۆزىتىشىگە ئاساسەن ، شېرىپ شەيتان گۇمان قىلغانلىكى يەرنىڭ ھەممىسىنى قېزىپ چىقتى ۋە ئاخىر ئۇنى تۇۋرۇك تەكتىدىن تېپىۋېلىپ ، تاقەتسىزلىنىپ تۇرغان نىياز ھېكىمبەگكە مەلۇم

قىلدى . «بولغۇلۇق بولدى ، تۆمۈر خەزىنىچىبەگنىڭ ئەمدى نېمە كېرىكى» دەپ ئويلىغان نىياز ھېكىمبەگ ئۇ قايتىپ كەلگەن ھامان ئۇنىڭ خاتىرىسىدە مەۋجۇت بولغانلىكى سىرلارنىڭ ھەممىسىنى تۈيدۈرمايلا سۇغۇرۇۋالدى . ئاندىن مانجۇلار نەزىرىدىكى بۇ «يېڭى ھاكىمبەگ» نى دەرھال يوق قىلىۋەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدى . ئۇنىڭ ئۇرغۇن بەدەل ئارقىلىق ئېرىشكەن تەجرىبىسىدىن قارىغاندا ، يوقىتىۋېتىشكە تېگىشلىك دۈشمەن قانچىلىك قابىل ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدىلا يوق قىلىۋېتىلىشى ، رەھىم - شەپقەتكە ئورۇن قالدۇرۇلماسلىقى كېرەك ئىدى . شۇڭا ، ئۇ نەيرەڭۋازلىق نەيزىسىنى ئۇدۇل تۆمۈر خەزىنىچىبەگكە قاراتتى .

— جانابىي قازى رەئىس ، بۇ دورەم ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلىدىغانلىقلىرىنى كۆڭلۈم تۈيۈپلا تۇراتتى ، مانا ئەمدى ئەلچىلىكنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ كەمىنىلىرىنى بەكلا خۇش قىلىۋەتتىلە . بىزدە «قول قولنى يۇسا ، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيۇپتۇ» دېگەن تەمسىل بار ئەمەسمۇ ، ئۆزلىرىگە ئاتاپ تەخلەپ قويۇلغان ئىككى ھەميان تىللا ئەنە ئاۋۇ ساندۇقنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپتۇ ، مالال كەلمىسە ئېلىۋېلىپ ، سەپەردە چەككەن رىيازەتلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالارلا ، — نىياز ھېكىمبەگ ئورنىدىن قىمىرلىماي ئولتۇرۇپ شۇلارنى دېدى ۋە بېلىگە سوغۇق ئۆتۈپ قالغىنىدىن قاقشاپ بەردى .

— ھاكىمبېگىم ، ئۆز ئادەم بولغاندىكىن كايىمىسىلىمۇ بولاتتىغۇ ، — تۆمۈر خەزىنىچىبەگ تۇزۇت قىلغاچ ساندۇق تەرەپكە قارىدى ، ساندۇق ئۈستىدە قوش مۇشت چوڭلۇقىدىكى ئىككى بولاق نەرسىنى كۆردى ، ھاكىمبەگنىڭ سېخىيلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپ ، چوڭقۇر تەزىم قىلغاندىن كېيىن ساندۇق تەرەپكە قەدەم تاشلىدى .

بىراق ، ئۇ ئۆزىنى ئۆلۈم گىرداۋىغا باشلاپ بارغان ئىككى بولاق مىس يارماقا قول تەگكۈزۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى . ساندۇقتا يېقىنلىشار - يېقىنلاشمايلا ئاياغ ئاستىدىكى كىچىكرەك بىر پارچە

گىلەمنىڭ قانداق چۈشۈپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قالدى . بىچارە خەزىنىچىبەگ نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە ، سىرلىق كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان نىياز ھېكىمبەگنىڭ كۆز ئالدىدىن گىلەم بىلەن قوشۇلۇپلا غايىب بولدى .

— مەھرەم !

— لەببەي ، بېگىم !

ئاۋۇ قۇدۇقنىڭ ئىچىگە ئوتتۇز زەمبىل توپا تاشلا ، ئاندىن كېيىن ئاغزىنى ئېتىپ ، گىلەم سېلىپ قوي !

— خوش ، بېگىم !

شۇنىڭ بىلەن ، يىراق سەپەردىن ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن تۆمۈر خەزىنىچىبەگ ۋە ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك سىرى نىياز ھېكىمبەگنىڭ يېڭى ئوردىدىكى قوبۇلخانىسىغا كولانغان مەخپىي قۇدۇق ئىچىدە ئوتتۇز زەمبىل توپا ئاستىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى...

## قىرىق بەشىنچى باب

# ئاقسۇغا سەپەر

ياقۇپبەگ تۈركىيە سۇلتانى ئابدۇلئەزىزخان ئىنئام قىلغان شاھانە تاج ۋە تونىنى كىيدى ، لەئلى - ياقۇت بىلەن زىننەتلەنگەن قىلىچنى بېلىگە ئاستى . مىلادىيە 1870 - يىلى يەتتە شەھەرنى رۇم تەۋەسى دەپ ئېلان قىلىپ ، سۇلتان ئابدۇلئەزىزخاننىڭ ئىسمىنى خۇتبىگە قوشۇپ ئوقۇشقا يارلىق چۈشۈردى . شۇ يىلقى قىش ۋە يازنى ئۇرۇش - جېدەلسىز ئۆتكۈزدى . بىراق ، يىل ئۆرۈلۈپ 1871 - يىلىغا قەدەم قويار - قويمايلا ئۇ يەنە باش ئاغرىقىغا دۇچ كەلدى .

بۇنىڭغا ئۈرۈمچى ۋە تۇرپان شەھەرلىرىدىن چىقىپ كەلگەن يىگىرمە مىڭ خۇيزۇ لەشكىرىنىڭ يەتتە شەھەر بىلەن خۇيزۇلار

رايوننىڭ چېگراسى بولغان ئۈششاقتال قاراۋۇلخانىسىنى بۇسۇپ ئۆتۈپ، كورلا تەۋەسىگە كىرگەنلىكى سەۋەب بولدى. كورلىغا زاكالەتخانا بىنا قىلىشقا ئەۋەتىلگەن ھاجى مىرزا بىلەن، خۇيزۇ قوشۇنلىرىنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرىدىن ھوش - كاللىسىنى يوقاتقان كورلا ھاكىمبېگى ھاجىبەگلەر كۇچاغا قېچىپ كېلىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ياقۇپبەگكە چاپارمەن ئەۋەتتى.

ياقۇپبەگنىڭ پەرمانى بىلەن ئىككى مىڭچە ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرنى باشلاپ يولغا چىققان ھېكىمخان تۆرە كۇچانىڭ شىمالىغا بىر پوتەي كېلىدىغان قارىياغاچ دېگەن يەردە خۇيزۇ لەشكەرلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى.

قارىياغاچتىكى گىرەلەشمە جەڭ ئاران يېرىم كۈنلا داۋام قىلدى. ھېكىمخان تۆرە ۋە ئىسھاق تۆرە قارا بۇلۇتتەك بېسىپ كېلىۋاتقان خۇيزۇ لەشكەرلىرى ئالدىدا توزغاقتەك توزۇپ، ئوت - خەستەك ئۈچۈپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي كۇچا شەھىرى خۇيزۇلارنىڭ قولىغا چۈشتى. ئىككى مىڭ لەشكىرىنىڭ جەسىتىنى تاشلاپ قاچقان ھېكىمخان تۆرە شۇ قاچقانچە باي تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇرۇش، بۇلاڭ - تالاڭ ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ كەتكەن كۇچا پۇقرالىرى بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ ئاقسۇ شەھىرى ۋە سايرامغا قاراپ كەلكۈندەك ئاقتى.

ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان شەھەرلەرنى ئۇزاق مۇددەت تۇتۇپ تۇرۇش ياكى شىمالغا قاراپ كېڭىيىشتە كۇچا شەھىرى ياقۇپبەگ ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم قورغان بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئويلىمىغان يەردىن بۇ قورغان قولدىن كەتتى. ياقۇپبەگ بىر قانتىغا ئوق تەگكەن قۇشقا ئوخشاپ قالدى. خۇيزۇلار ئۇنىڭ تېنىدىن بىر پارچە گۆشنى كېسىۋالدى. بۇ يۇرتلارغا قەدەم باسقاندىن بېرى، ئۆزىگە تەپ تارتماي خىرس قىلىشقا پېتىنغان بۇ كۈرەڭ دۈشمەن ياقۇپبەگنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىۋەتتى ۋە ئۇنى تىنچ ئۇۋىسىدىن تارتىپ چىقىرىپ، ئاقسۇغا كېلىشكە مەجبۇر قىلدى. ياقۇپبەگ غەزەپ قىلىچىنى پۇلاڭلىتىپ ئات چاپتۇرغان

پېتى ئاقسۇغا يېتىپ كەلگەندە، كۇچانى توققۇز كېچە - كۈندۈز بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك مال - دۇنياغا ئېرىشكەن خۇيزۇ لەشكەرلىرى كۇچا شەھىرىنى تاشلاپ، بۈگۈر، كورلا شەھەرلىرىنىمۇ قۇرۇقداپ، تۇرپانغا يېتىۋېلىشقانىدى.

ياقۇپبەگ بۇنىڭلىق بىلەن قىلچىنى قىنىغا سالمىدى، غەپلەت ئۇيقۇسىغا بېرىلىپ، كۇچا يىغىلىقىغا سەۋەب بولغان شەمشىدىن ئەلەم، هادى خەلىپىلەرنى نەزەربەند قىلىپ، ئاقسۇنى موللا سىيان مىرزىبېشىغا تۇتقۇزدى. ئۆزى سەككىز ئەمىرلەشكەر، خىللانغان يىگىرمە بەش مىڭ ئاتلىق، پىيادە لەشكەرنى ئېلىپ، داغدۇغا بىلەن كۇچاغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە ئانچە ئۇزاق تۇرمايلا ئۆچمەنلىك ئوتى يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى تۇرپان، ئۈرۈمچى تەرەپلەرگە تىكتى.

ياقۇپبەگ ئۇچقاندەك تېز يۈرۈش قىلىپ ئۇششاقتال قاراۋۇلخانىسىدىن ئۆتۈپ، قارا قىزىل دېگەن يەرگە كەلدى. ئۆمەرقۇل لەشكەربېشىنى ئايغىر بۇلاق يولى بىلەن، ئابدۇللا لەشكەربېشىنى يىلانلىق يولى بىلەن توقسۇنغا ئەۋەتتى. بۇ ئىككى لەشكەربېشى توقسۇن خۇيزۇلىرىنىڭ ئۈستىدىن چۈشتى. ئۇلار يېرىم كۈنگە يەتمىگەن پۇرسەتتە ئۇر - چاپ قىلىپ، خۇيزۇ لەشكەرلىرى تۇتۇپ تۇرغان توقسۇن شەھىرىنى ئاسانلا قولغا كىرگۈزدى.

بىراق، ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئون يەتتە مىڭ خۇيزۇ لەشكىرىنىڭ مەدىتىگە ئېرىشكەن تۇرپان شەھىرى ئانچە ئاسان تىز پۈكمىدى. تۇيۇقسىز ئىستائەتتىن چىققان لۈكچۈنلۈكلەرمۇ ياقۇپبەگ قوشۇنىنى ئاز ئاۋارە قىلمىدى. خەيرى مۇھەممەت توپچىدار پانسات ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، خۇيزۇلار ئارىسىغا كىرىۋالدى. ياقۇپبەگ توققۇز ئايغا سوزۇلغان مۇھاسىرە ۋە نۇرغۇن بەدەل ھېسابىغا بۇ شەھەرنى پەتھ قىلىپ، ھاكىمبەگلىكنى ھېكىمخان تۆرىگە ئىنئام قىلدى. مىلادىيە 1870 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئەمىرلەشكەرلىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچى يولىغا ئات سالدى...

ياقۇپبەگ داۋانچىڭنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىگە كەلدى ـ دە، ئەزىمقۇل پانساتنى بىر مىڭ بەش يۈز ئاتلىق لەشكەر بىلەن شەھەر سېپىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۆزى بولسا چوڭ قوشۇن بىلەن بىللە، ئۇلانباي ئەتراپىغا چېدىر ـ بارگاھلىرىنى تىكتى.

ياقۇپبەگنىڭ تۇنجى قەدىمى ئۈرۈمچى كاتتىسى داۋۇت خەلىپىنىڭ قاقشاتقۇچ دەككىسىگە دۇچ كەلدى. تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كەلگەن خۇيزۇلاردىن ئەجەللىك پەشۋا يېگەن ئەزىمقۇل پانسات ئازغىنە ئادىمىنى باشلاپ ئۇلانبايغا كېلىۋالدى.

ئۇ كۈنلەر قەھرىتان قىشنىڭ ئەڭ سوغۇق چاغلىرى ئىدى. تۈكۈرسە، يەرگە تورۇكلاپ مۇز چۈشەتتى. ئاشۇنداق سوغۇق كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسى داۋۇت خەلىپە[1] ئاتمىش مىڭ لەشكەرنى شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىرىپ، ياقۇپبەگ قوشۇنى ئۈستىگە يوپۇرۇلۇپ كەلدى. قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان تاغ ئارىسى جەڭ ئاتلىرىنىڭ كىشنەشلىرى، توپ ـ زەمبىرەكلەرنىڭ گۈمبۈرلەشلىرى بىلەن لەرزىگە كەلدى. ئەپسىز كىلىمات ۋە ناتونۇش تاغ جىلغىدىن تالاپەتكە يۈزلەنگەن ياقۇپبەگ قوشۇنلىرىغا كۈتۈلمىگەندە يەنىلا شۇ ئوسال ھاۋا ياردەم قولىنى سۇندى. تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن شىۋىرغان ھەم نەشتەردەك سانجىلىدىغان قار بورىنى داۋۇت خەلىپىنىڭ پىيادە، يىلىك لەشكەرلىرىنى تاغ جىلغىسىغا قامىۋالدى. بۇ ھالەت ياقۇپبەگنىڭ ئاتلىق

---

① داۋۇت خەلىپە — تۇدىلىن، يەنە بىر ئىسمى تۈمىڭ، چىڭ دەۋرىدە ئۆتكەن سەنشىلىك ئاخۇن. تۇڭجىنىڭ تۇنجى يىلى (1862 ـ يىلى) سەنشى خۇيزۇلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى چېرىكچى گېنېرالى سو خۇەنجاڭ (خۇيزۇ) بىلەن بىرلىشىپ خۇيزۇ چېرىك ـ پۇقرالىرى قوزغىلىڭىنى كۆتۈرگەن. ئۆزىنى «خەلىپە» دەپ ئاتىغان ۋە ئۈرۈمچى، ماناس، تۇرپانلارنى قولغا كىرگۈزگەن. خەنزۇ پۇقرالىرى قېچىپ كەتكەن ياكى تۇپلىشىپ ئۆزىنى قوغدىغان. تۇڭجىنىڭ توققۇزىنچى يىلى ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنىنى چېكىندۈرگەن. شۇ يىلى كۈزدە ياقۇپبەگ قايتا بېسىپ كەلگەندە، ئۇ ياقۇپبەگ بىلەن سۈلھى تۈزگەن. ئونىنچى يىلى يازدا ئۇ خەنزۇ قوراللىق كۈچلىرىنىڭ باشلىقى شۈي شۈگۈڭ بىلەن ئەپلىشىۋېلىپ، ياقۇپبەگ قوشۇنىنى ئۈرۈمچىدىن قوغلاپ چىقارغان. كېيىنكى يىلى كۈزدە ياقۇپبەگ ئۈرۈمچىنى قايتا ئىشغال قىلىۋالغان، داۋۇت خەلىپە يېڭىلىپ ماناسقا قاچقان، ماناس قولدىن كەتكەندە ئۆلتۈرۈلگەن.

لەشكەرلىرىگە ئېگىزلىكتىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىش پۇرسىتىنى بېرىپ، بۇ پۇرسەت ئارقىلىق نۇسرەتكە ئۇلاشتۇردى.

ياقۇپبەگ ئۈچ ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۇرۇمچىگە تەۋە ئۇششاق شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە قاراتتى. داۋۇت خەلىپىگە ئامانلىق بېرىپ، ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇرىدى. قاراشەھەر، كورلىلاردا يەنە ئۈچ ئاي تۇردى. 1872 ـ يىلى كۈزگە يېقىن ئاقسۇغا كېلىپ، پەرغانە خان ئوردىسى تەقلىدىدە ياسالغان يېڭى ئوردىغا كېلىپ چۈشتى. بۇ يەردە يەنە توققۇز ئاي تۇرۇپ، ئىتائەتتىن يېنىۋالغان ئۇرۇمچىلىكلەرنى ھېكىمخان تۆرە، ئۆمەر قۇل دادخاھنىڭ لەشكەرلىرى ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم جىمىقتۇردى. چوڭ ـ كىچىك دۈشمەنلىرى يوق قىلىنىپ كۆڭلى تىنغاندىن كېيىنلا، قەشقەرگە يېنىپ كەلدى. ئۇ قەشقەرگە كېلىپ جىددىيلىشىپ كەتكەن ئەسەبلىرىنى بوشاتقۇچە، ئۇرۇمچىدە يەنە بىر قېتىم غوۋغا كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئوغلى بېكقۇلىبەگنى ئەۋەتىپ غوۋغاچى خۇيزۇلارنى تىرىپىرەن قىلغۇچە، ئارىلىقتىن يەنە ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى.

بوران ـ چاپقۇنلۇق، ۋەھىمىلىك ئۈچ يىل ئاخىر ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئۈچ يىل ئىچىدە ياقۇپبەگ ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ ئاز ـ تولا سوۋغىتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن ئۆزگە، تىلغا ئالغۇدەك بىرەر چوڭ ئىشمۇ يۈز بەرمىدى. بىراق، ئاشۇ ئۈچ يىلنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە نائېنىق بىر مۇددىئا بىلەن شىمال سەپىرىنى خالاپ قالغان ياقۇپبەگ مىلادىيە 1876 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا يېڭىسارغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە ئۇ تۇرپان ھاكىمبېگى ھېكىمخان تۆرىنىڭ ناھايىتى سالماقلىق بىر مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالدى. مەلۇماتنى كۆرگەندىن كېيىن تىنچلىقىنى يەتتە ئىقلىمنىڭ ئۇ تەرىپىگە چۆرۈۋەتتى. قىسقا ۋاقىت ئۈن ـ تىنسىز ھازىرلىق قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئاتامانلارغا خاس ھەيۋە بىلەن جەڭ ئېتىنىڭ ئۈزەڭگىسىگە ئاياغ قويۇپ، قىلىچىنى يالىڭاچلىدى. ياقۇپبەگكە سان ـ ساناقسىز مۇرەككەپ سوئاللارنى ئەكەلگەن بۇ

مەلۇماتتىن مەلۇم بولۇشچە ، شەنشى ـ گەنسۇ ئۆلكىلىرىدىكى ئىسيانكار خۇيزۇلارنى باستۇرۇپ بولۇپ ، تېخىمۇ غەربكىرەك كۆز تىكىشكە پۇرسەت تاپقان ئەللىك مىڭ كىشىلىك چىڭ قوشۇنى شۇ يىلى 8 ـ ئايلاردا ئۈرۈمچى سېپىلىنىڭ تۈۋىدە پەيدا بولغان . كۆپ ئۆتمەي ئۈرۈمچى ، ماناسلارنى تەسلىم قىلىپ ، جەنۇب ـ شىمال ئارىسىدىكى مۇھىم بوغۇز — داۋانچىڭغا تەھلىكە سالغانىدى .

ياقۇپبەگ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قويۇق ئاق كىرگەن يۇملاق ساقىلىنى بارماقلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن تارىغاچ ، شىمال تەرەپكە كۆز سالدى . ئۇ يەردە ئۇ پايانى يوق جەڭگاھنى ۋە ئۆمۈرلۈك تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان قىلىچ بىسىدەك ئىنچىكە پىلسىرات كۆۋرۈكىنى كۆرگەندەك بولدى . «ئاشۇ جەڭگاھقا ئات سالماي ، ئاشۇ پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتمەي ئەسلا ئىلاج يوق ، ئۆلۈممۇ ، كۆرۈممۇ شۇ يەردە ، ھاياتمۇ ، ماماتمۇ شۇ يەردە» — ياقۇپبەگ ئۆزىگە ئاڭلانغۇدەك قىلىپ شۇنداق دېدى . ئۆمەرقۇل دادخاھ ، جامادار پەرمانچىنىڭ توسۇشلىرىنى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلىپ ، ئورنىدا بېكقۇلىبەگنى قالدۇرۇپ ، ئېتىغا قامچا ئۇردى . تېز سۈرئەت بىلەن يەكەندىن ئۆتۈپ ، ئاقسۇ شەھىرىگە كىرىپ كەلدى . سۆلتى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان يېڭى ئوردىغا جايلىشىپ ، قىشنىڭ دەسلەپكى سوغۇقىنىمۇ ، ئەتىيازنىڭ بورانلىق كۈنلىرىنىمۇ مۇشۇ ئوردىدا كۈتۈۋالدى . ئۈرۈمچى تەرەپلەرگە ئەۋەتىلگەن نەچچە تۈركۈم لەشكەرگىمۇ دەل مۇشۇ يەردە تۇرۇپ يارلىق چۈشۈردى .

ھاۋا چاپان سالغۇدەك ئىللىپ قالغان ، ئۇۋا كولاۋاتقان پاتمىچۇقتەك توپا چىچىپ تۇرىدىغان ئىزغىرىن شامالنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەن ، ئاسمان تىنىق كۆلدەك سۈزۈلۈپ ، قۇياش يۈزى كۈلگۈنچەك كېلىنىنىڭ چىرايىدەك ئېچىلىپ كەتكەن بولسىمۇ ، بىراق بۇ ئالامەتلەر تا مۇشۇ كەمگىچە ياقۇپبەگنىڭ كۆڭۈل ئۆيىنىڭ تېشىدىلا ئەگىپ يۈرەتتى . ھەر تال چېچەك ، ھەر تال يۇمران ياپراق ھۆسنىدە جىلۋە قىلىۋاتقان مەشۇقتەك سۈزۈك باھار شولىسىمۇ ئۇنىڭ ھىم ئېتىلگەن روجەكلىرىدىن قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر

بولاتتى ـ دە ، ئۆي ئىچىدىكى سوغۇقنى سوغۇق پىتىچە ، قاراڭغۇلۇقنى قاراڭغۇلۇق پىتىچە قالدۇراتتى . چۈۋۈلغان يىپتەك چىگىشلىشىۋاتقان شىمال ۋەزىيىتىنىڭ خۇنۇك كۆلەڭگىسى ، تاپ بېسىپ كېلىۋاتقان يامان خەۋەرلەرنىڭ ۋەھىمىسى ياقۇپبەگنىڭ جىمى ئوي ـ خىيالىنى بەند قىلىۋالغانىدى . لەرزان نەغمىدەك ياڭراۋاتقان باھار شاۋقۇنىنى ئاڭلاشقىمۇ ، ئويغىنىۋاتقان تەبىئەتنىڭ مۆجىزىلىرىدىن ، راھەتبەخش ھارارەتتىن بەھرە ئېلىشقىمۇ ھەپىلىسى يوق ئىدى . شىمالغا لەشكەر تارتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى زادى قانچىلىك ، ۋاقتى قاچان ، لەشكەر تارتىش ئۈچۈن لازىملىق بولغان شۇنچە كۆپ خىراجەتنى قانداق قىلىش كېرەك ، ئۈچ ـ تۆت يىلغا سوزۇلغان يۇرۇشلەردە خوراپ ، قۇرۇقدىلىپ قالغان خەزىنىنى تولدۇرۇشنىڭ ئامالى نەدە ، ئۇرۇمچىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپلا داۋالغۇشقا باشلىغان لەشكەر رايىنى قانداق قىلغاندا تىنچلاندۇرغىلى بولىدۇ ؟ — دېگەندەك بىر ـ بىرىدىن قىيىن ، مۇرەككەپ سوئاللار ئۇنىڭ ئەس ـ يادىنى ئىگىلىۋالغانىدى .

تۇنجى قېتىم بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۆمرىدە ھۆكۈم قىلمىقى ئەڭ تەسكە توختىغان بىر مۇھىم ئاچا يول ئاغزىغا كېلىپ قالغان ياقۇپبەگ ئالدى بىلەن ئۆز ئەقلىگە مۇراجىئەت قىلدىيۇ ، كېچە ـ كۈندۈز باش قاتۇرغىنىغا تۇشلۇق ، مۇۋاپىقراق بىر يول تاپالمىدى . ئەتراپىغا كۆز تىكتى . بىراق ، كۆزىگە مىرزىبېشى مۇھەممەدىن مەخدۇم ، خۇسۇسىي مىرزىسى مىرزا كامال ، مەھرەمبېشى ھوشۇر بەگ ۋە لەشكەر ھەلەكچىلىكى بىلەن پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن بىر قانچە ئەمىرلەشكەر ، پانساتلارلا كۆرۈندى .

ئوغلى بېكقۇلىبەگ بولسا قەشقەردە تۇرۇۋاتاتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ تا مۇشۇ كۈنگىچە ئەقىلىلىقراق بىرەر ۋەزىرنى ياكى مەسلىھەتىگە شېرىك بولالايدىغان داناراق بىر كىشىنى ئۆز يېنىدا تۇتمىغىنىغا تۇنجى قېتىم ئۆكۈندى ۋە سالامغا كەلگىنىگە ئون نەچچە كۈن بولغان ، قوبۇلىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان نىياز ھېكىمبەگنى

بىردىنلا يادىغا كەلتۈردى .

«تـوخـتـاپ تۇر ، — دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ، — ئۇنىڭدىن ئېمىدەپ گۇمانلىنىمەن ، ئەگەر چوڭ ئىخلاسى ۋە ساداقىتى بولمىسا خوتەن دەرياسىنى بويلاپ ، شۇنچە رىيازەت چېكىپ ، يېڭى ئوردىنى مۇبارەكلەشكە ئاقسۇغا كېلەرمىدى ، كىم ئۇنى بىرەر ئەقىل كۆرسىتەلمەيدۇ دەپتۇ !»

— مۇھەممىدىن مىرزىبېشى !

— لەببەي ، ئالىيلىرى !

— نىياز ھېكىمبەگ جانابلىرى نەدە تۇرۇۋاتىدىكىن ؟

قوۋۇق يېنىدىكى كارۋان سارىيىغا جايلاشتۇرۇپ قويۇۋېدۇق ، ئالىيلىرى ، شۇ يەردە ئىستىقامەت قىلغاچ ، ئۆزلىرىنىڭ قوبۇلىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇپتۇ .

— ئەكەلگەن تارتۇقلىرىنى خەتكە ئالدىڭلارمۇ ؟

— بىرنىمۇ قالدۇرماي خەتكە ئالدۇق ، ئالىيلىرى ، خاس كېپەك ئالتۇنلار توققۇز چارەك . توققۇز يۈز ئەجەم تىللاسى ئېخى بۇنىڭ سىرتىدا . بۇ ئالتۇنلارنى ھەممىۋا توققۇز تارتۇق بىلەن قوشۇپ ئالىيلىرىنىڭ خاس خەزىنىسىگە سالدۇق .

— ھە ، شۇنداقمۇ ، — ياقۇپبەگ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە قول باغلاپ تۇرغان مۇھەددىن مىرزىبېشىغا بۇيرۇق ئاھاڭى بىلەن دېدى ، — چاپسان بېرىڭلار ، ئۇ ھاكىمبەگنى ھۇزۇرۇمغا چىللاپ كېلىڭلار !

— باش ئۈستىگە ، ئالىيلىرى !

غەلىتە يېرى شۇ ئىدىكى ، ياقۇپبەگ ئۆزى مەنسەپ بەرگەن ، ئون يىللاپ ئاغزىغا قاراتقان نىياز ھېكىمبەگكە ئېمىشقىدۇر ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيتتى . ئىشىنەي دېسىمۇ ئىشىنەلمەيتتى . تاشلىۋېتەي دېسە ، ئۇنىڭدىن تۇتامغا چىققۇدەك بىرەر ئېۋەن تاپالمايتتى . بۇنداق ئېۋەن كۆز ئالدىدىلا تۇرغاندەك قىلاتتىيۇ ، كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى . سىلاپ ـ سىيپاپ يۇرۇپمۇ تۇتالمايتتى ، بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى خالاپمۇ قالاتتى ، لېكىن

كۆرۈشكەن ھامان سەۋەبسىزلا بىزار بولۇپ، سۆھبەتنى قاق بىلىدىن ئۈزۈپمۇ قويانتتى. يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا يىللاردىن بېرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان، گاھىدا كۆكلەپ، گاھىدا يىگلەپ تۇرىدىغان كىچىككىنە بىر گۇمان ئۇرۇقىلا ئۇنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلايتتى.

تۇغرا، ئۇ مەيلى پەرغانىدە بولسۇن ياكى بۇ شەھەرلەردە بولسۇن، ئەمەل، مەنسەپ تەمەسىدە، مال ـ دۇنيا، جان ساقلاشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئۆز قوۋمىغا، دوست ـ يارەنلىرىگە، ھەتتا ئاتا ـ ئانىسىغا خىيانەت قىلغان كىشىلەرنى كۆپ كۆردى. لېكىن، ئۇ شۇنىمۇ بىلەتتىكى، بۇنداق يۈزى قېلىن، خىيانەتكارلار بىر يىل، ئىككى يىل، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نىقابىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۆزىنى ئاشكارىلىماي قالمايتتى. يا ئىككىنچى بىر خىيانەت يولىغا ماڭاتتى، يا پۇرسەت تېپىپ تۇيلاڭدىن تۇقاچ ئوغرىلايتتى. نىياز ھېكىمبەگچۇ؟ نىياز ھېكىمبەگمۇ ئۆز قوۋمىدىن، ئاش ـ تۇز بەرگەن دۆڭ دارىيىدىن، مەنسەپ بەرگەن مانجۇلاردىن بىر كېچىدىلا يۈز ئۆرۈدىيۇ، ھاكىمبەگلىكنى قولىغا ئېلىپلا بۇ خۇيىنى قايتا تەكرارلىمىدى. شۇ تەرىقىدە بىر ـ ئىككى يىل ئەمەس، بەلكى ئون نەچچە يىلنى تىنچ ئۆتكۈزۈۋەتتى. بۇ ئوي كېيىنكى كۈنلەردە ياقۇپبەگنىڭ كۆڭلىدە بىخلىنىپ تۇرغان گۇمان ئۇرۇقىنى يەنە بىر قېتىم يىگىلىتىۋەتتى. ياقۇپبەگ: «ئۇ ھەقىقىي نىيىتىنى ئون يىللارغىچە يوشۇرالايدىغان، پۇرسەت كۈتۈپ، شۇنچە ئۇزاق تاقەت ساقلىيالايدىغان قالتىس ئادەم بولۇپ كېتىشى ناتايىن، بەلكى ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۆز قوۋمىدىن، مانجۇلاردىن ئازار يەپ شۇنداق يولغا ماڭغاندۇ ۋە بەلكى قىلغان ياخشىلىقلىرىمنىڭ قەدرى ئۆتۈلۈپ، ماڭا چىن ئىخلاس قويغاندۇ، ئەقەللىيسى ئىتمۇ نان بەرگەن ئادەمنىڭ قولىنى چىشلىمەيدۇغۇ» دەپ ئويلىدى ۋە ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى تامامەن سۇسلاشتۇردى. ئۆكتىچى چىرىلىقلارنىڭ ئەرزىنىمۇ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى، ئىلتىماسىنى قوبۇل كۆرۈپ، موللاجى تۇراپنىمۇ

ئەمرلەشكەرلىككە ئۇلاشتۇردى .

بىراق ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ بۇ دورەم ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئاقسۇغا كېلىشى ياقۇپبەگنىڭ پىشاي دەپ قالغان كۆمىچىنى يەنە خېمىغا ياندۇرۇۋەتتى . ئۇنىڭ يېتىپ كەلگىنىنى ۋە قوبۇل پەيتىنى كۇتۇپ تۇرغىنىنى مەلۇم قىلغان سالامئاغىسىغا ئۇ :

— ئۇ بەچچىخەرنى ئاقسۇغا كىم چىللاپ كەپتۇ ، كىم ئۇنىڭغا بۇ يەرگە كەل دەپ ئىجازەت بېرىپتۇ ؟ بېرىپ ئېيتىپ قوي ، ئۇنى كۆرەر كۆزۈم يوق ، — دەپ ۋارقىراۋېتىپ ، دىر - دىر تىترەپ كەتتى . نىياز ھېكىمبەگنىڭ «ياخشىلىقى» نى كۆپ كۆرگەن مىرزىبېشى ، سالامئاغىسى دېگەنلەر ئۆز خوجىسىنىڭ مىجەزىدە يېقىندىن بېرى كەسكىن ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلۈپ ، تېرىككەك ، سەپرا بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى تۇيۇپ تۇرغاچقىمۇ ، ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى نىياز ھېكىمبەگدىن مەخپىي تۇتتى . «ئالىيلىرىنىڭ خۇي - پەيلى ئەتە - ئۆگۈن ئوڭشىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ، ئۇنى يەنە ئون - يىگىرمە كۈن كۇتۇپ تۇرۇشقا دەۋەت قىلىشتى .

ئۇلار دەۋەت قىلمىسىمۇ ، نىياز ھېكىمبەگ بۇ يەردە كۇتۇپ تۇرۇشنى بەكمۇ خالايتتى ، ئون كۈن ، يىگىرمە كۈن ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق تۇرۇشنى ئويلايتتى . ئۇنىڭ تاقىتى بۇنىڭغا يار بېرەتتى . ئەمما ، ئۇ ياقۇپبەگنىڭ قوبۇلىنى ئەمەس ، ھوشۇربەگ بىلەن بىرقانچە قېتىم باش قوشۇۋېلىشنى ، مۇھىمى شېرىپ شەيتاننىڭ گۇچۇڭ سەپىرىدىن خېتىگە خەت ئېلىپ قايتىپ كېلىشىنى كۇتەتتى .

شۇنداقتىمۇ ئۇ ئامەت قۇشىنىڭ كىمنىڭ بېشىدا قارار تېپىشى ئاشكارا بولغۇچە ياقۇپبەگ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يامانلاشتۇرۇپ قويالمايتتى . يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئاقسۇدىن ھەيدىلىپ كېتىشىدىنمۇ قورقاتتى . شۇ سەۋەبلىك ، ئۇ «قاۋىغان ئىتنىڭ ئاغزىغا سۆڭەك بىلەن ئۇر» دېگەن تەمسىلنى يادىغا ئېلىپ ، يېڭى ئوردىغا ئاتاپ ئەكەلگەن توققۇز قېچىرلىق تارتۇقنى مىرزىبېشىنىڭ ياردىمى بىلەن ياقۇپبەگكە مەلۇم قىلدى . ئارقىدىنلا



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

هادىس بېزەلگەن قوبۇلخانىغا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن چىللاپ كېلىندى .
نىياز ھېكىمبەگ قاتمۇقات قاراۋۇللاردىن ئۆتۈپ قوبۇلخانىغا كىرىپ كەلدى ـ دە ، قوبۇلخانا ئوتتۇرىسىدا ئىشىككە قاراپ تۇرغان ياقۇپبەگنى كۆرۈپلا قولىنى كۆكسىگە قويدى ۋە بېشىنى ئېگىپ سالام بەردى :
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئالىيلىرى ، قىممەتلىك قوبۇللىرىغا مۇشەررەپ بولۇپ ، بېشى ئاسمانغا تاقاشقان كەمىنە قۇللىرى مۇبارەك تەنلىرىگە ساقلىق تىلەيمەن ، ئاللا ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن ، دۇنيالىرىنى زىيادە قىلغاي… — دېدى ئۇ يەرنى سۆيگۈدەك ئېگىلىپ .
ياقۇپبەگ پەگاھدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان سالىمىنى يېقىنچىلىق بىلەن ئىلىك ئالدى ۋە گىلەمگە ئۆتۈپ يۇكۈنۈپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن نىياز ھېكىمبەگكە ئىلتىپات كۆرسەتتى . نىياز ھېكىمبەگ قورۇنغان قىياپەتتە يىراقراق جايدىن ئورۇن ئېلىشقا تەمشىلىۋىدى ، ياقۇپبەگ ئۇنى ئۆز يېنىغا تەكلىپ قىلدى . ئۇ ئالىقانلىرىنى يەرگە تىرەپ ، پالەچ بىماردەك سۈرۈلگىنىچە تەكلىپ قىلىنغان يەرگە كېلىپ پاتىھەگە قول كۆتۈردى .
ئوردا مۇلازىملىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى . ئۇلپىتىنى تارتىنىپ قالمىسۇن دېدىمۇ ، ياقۇپبەگ ئۇنى پات ـ پات خوش ئېتىپ تۇردى .
نىياز ھېكىمبەگ گۇرۇچلىرى چېچىلىپ تۇرغان گۆشلۈك پولۇنى تارتىنچاق ئاياللارنىڭكىدەك نازۇك بىر ھەرىكەت بىلەن بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدىلا چىمدىۋالاتتى ـ دە ، ئويماقتەك ئېچىلغان ئاغزىغا پەم بىلەن سېلىپ ، تىنۋش چىقارماي چاينايتتى . چاي ئوتلاۋېتىپ ، كىم بىلەن ھەمداستىخان بولۇۋاتقىنىنى بىلمەكچى بولغاندەك ، بىپەرۋا غىزالىنىۋاتقان ياقۇپبەگكە كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قارىۋالاتتى . ياقۇپبەگنىڭ ئۆزىنى تەڭتۇشتەك كۆرۈپ ،

بۇنچىلىك مول داستىخانغا داخىل قىلىشنى ئۇ ئۆزى بىلگەنچە مۇلاھىزە قىلاتتى : «ئېھتىمال مېنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلايدىغانسەن، لېكىن بىلىپ تۇرۇپتىمەنكى، مانجۇلارنىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا پادىشاھلىق كىبىرىڭنى تاشلاپ، بۇرۇن تۇزۇكرەك قاپاق ئاچمايدىغان بىر ئادىمىڭگە ئەمدى بۇ تەرىقە ھەش ـ پەش قىلىۋاتىسەن. كېچىككەن بولساڭمۇ، ھېلىھەم مېھمان قىلىۋەر. بىراق، ۋاقتى ـ سائىتى كەلسە، نىياز ھېكىمبەگنىڭ كۆچلۈكلەرگە تالىق تەقدىرىنى بىر تاۋاق ئاش، بىر كەلىمە چىرايلىق گەپ ھېسابىغا ئاجىزلارغا باغلاپ قويمايدىغان ئادەملىكىنى ئوبدان بىلىپ قالىسەن.»

نىياز ھېكىمبەگ شۇنداق ئويلىدى، بۇ ئويدىن بىخەۋەر ياقۇپبەگ داستىخاننى يىغىشتۇرۇشقا ۋە داستىخاندا بىللە ئولتۇرغان مىرزىبېشىنى ۋاقتىنچە چىقىپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ھەر ئىككى كىشىگە ئېغىر كەلگەن بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن ياقۇپبەگ ئاۋۋال گەپ تەشتى :

— ھاكىمبەگ جانابلىرى، بىرمۇنچە پاراكەندە چېرىكنىڭ تاشقۇۋۇقتىن چىقىپ، ئۈرۈمچىگە تەۋە شەھەرلەرنى تارتىۋالغانلىقىدىن خەۋەرلىرى يوقتۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟ — سورىدى ياقۇپبەگ ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

سېمىز يوتىلىرىنى جۈپلەپ، ئالقانلىرىنى تىزىغا قويۇپ ئولتۇرغان نىياز ھېكىمبەگ ھېچنېمە ئاڭقىرالمىغاندەك قىياپەتتە ئاغزىنى ئېچىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتتى. ياقۇپبەگنىڭ سۆزى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاندىن كېيىنلا ئاندىن چۆچۈپ كەتتى :

— ئەگەر قۇلىقىم خاتا ئاڭلىمىغان بولسا، بۇنداق گەپتىن زىنھار خەۋەرسىزمەن، ئالىيلىرى، — ئۇ يىغىۋاشتىن جىددىيلىشىپ، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ دېدى، — بۇ گەپ راستلا بولسا مانجۇلار تازا ھەددىدىن ئېشىپتۇ، بەدۆلەت ئالىيلىرىدەك كاتتا پادىشاھقا ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئاتقىنى نېمىسى ئۇ كۇپپارلارنىڭ!

نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئاغزىدىن مارجان چېچىلغاندەك چاچرىغان تۇكۇرۇك خېلى يىراققا بېرىپ چۈشتى. ئۇ قاياققىدۇر قارىتىپ مۇشتىنى شىلتىپ قويدى. ياقۇپبەگ:

— مەيلى ئىشەنسىلە، ئىشەنمىسىلە، بۇ يالغان گەپ ئەمەس. ئۇياقلارغا ئەۋەتكەن پانساتلىرىمدىن تەشۋىشلىك خەۋەرلەر كېلىۋاتىدۇ، گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، مانجۇلار بىلەن تۇتۇشۇشتىن خالىي بولغىلى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. گەپ ئۇرۇمچى تەرەپكە لەشكەر تارتىشتا ئەمەس، بەلكى قاچان لەشكەر تارتىشتا قالدى، پايدىلىق مەسلىھەتلىرى بولسا قۇلىقىم سىلىدە، — دېدى نىياز ھېكىمبەگكە توغرىدىن - توغرا مۇراجىئەت قىلىپ. نىياز ھېكىمبەگ يەڭلىرىنى شىمايلاپ، جىددىي تەلەپپۇز بىلەن دېدى:

— ئەجەب دۇرۇس گەپ قىلدىلا، ئالىيلىرى، بوسۇغىمىزغا كەلگەن دۈشمەننى ھەرگىز بوش قويۇۋەتكىلى بولمايدۇ، قېنى، ئۇ خەق ھەيۋىسى جاھاننى تىترەتكەن پادىشاھىمىزنىڭ قۇدرىتىنى بىر كۆرۈپ قويسۇن، ئىمانىمغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىمەنكى، ئۇ كۇپپارلار بىر پەشۋا بىلەنلا چىققا تۆشۈكگە قاراپ تىكىۋېتىدۇ، — دېۋىدى، ياقۇپبەگ قوبۇلخانىنىڭ كەڭلىكىنى بىلمەكچى بولغاندەك، ئىككى تام ئارىسىدا تولۇق ئىككى مەرتەم چامداپ چىقتى ۋە:

— جانابلىرى، ئۇ خەقنىڭ تىلىنى ئوبدان بىلىدىلىغۇ دەيمەن، — دېدى. نىياز ھېكىمبەگ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا جاۋاب بەردى:

— ئالدىلىرىدا ماختانغىنىم ئەمەس، ئالىيلىرى، كەمىنە قۇللىرى ئۇ خەقنىڭ قۇچقاچ تىلىدىن تارتىپ، قارغا پۈتى خېتىگىچە بىلىمەن.

— ھە شۇنداقمۇ؟ بەك ئوبدان بولدى...

نىياز ھېكىمبەگ ياقۇپبەگنىڭ ئۆزىنى ماختاۋاتىدۇ دەپ ئويلىدى - دە، چاشقان قۇيرۇقىدەك ئىنچىكە، شالاڭ بۇرۇتىنى

تالاپ ، تازا بىر كېرىلىشۋالدى . ياقۇپبەگ شۇ ئارىدا تۇيۇقسىز بىر ئىشنى يادىغا ئالدىمۇ ، توم ـ توم بارماقلىرى بىلەن ئۈچ تال چوڭقۇر ئىز سالغان پېشانىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قويدى ۋە دېدى:

— هاكىمبەگ جانابلىرى ، ئىككى ـ ئۈچ ئايغىچە خوتەندە بىرەر ئىش چىقىپ قالماس ؟

— يوقسۇ ، ئالىيلىرى ، خوتەنلىكلەرنى ئەيلەنگەن تېرىدەك يۇمشىتىۋەتتۇق . يەنە كېلىپ ، پەرغانە ئوغۇللىرىنىڭ سەرخىلى بولمىش موللاجى تۇراپ جانابلىرى كەمىنە هاكىمبەگلىرىنىڭ ئورنىدا ئىش تەۋرىتىۋاتىدۇ ، جاهان كۆمتۈرۈلۈپ كەتسىمۇ ، خوتەندە هېچ ئىش چىقمايدىغىنىغا هۆددە قىلالايمەن ! — نىياز هېكىمبەگ سۆزلەۋېتىپ ، مەيدىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قويدى .

— خوش ، — دېدى ، ياقۇپبەگ سوزۇق ئاهاڭ بىلەن ، — ئۇنداقتا ئۇرۇمچى ـ تۇرپان تەرەپلەرگە بىز بىللە مېڭىشقا هازىرلىق كۆرسىلە ، جانابلىرى !

— هە ؟ ئۇرۇمچى سەپىرىگە ؟ ئۇياققا قاچان لەشكەر تارتاي دەيدىلا ، ئالىيلىرى ؟ — نىياز هېكىمبەگ سەل چۆچۈپ سورىدى ، ياقۇپبەگ شۇ هامان جاۋاب بەردى :

— ئەمىرلەشكەر ، پانساتلار لەشكەرلەرنى سەپراس قىلىپ پەرمان كۈتۈپ تۇرۇپتۇ ، كېچىككەندىمۇ ئۆگۈنلۈككە قوزغىلارمىز .

— ئۆگۈنلۈككە قوزغىلارمىز ؟...

نىياز هېكىمبەگ بۇ سۆزنى دۇدۇقلاپ تۇرۇپ تەكرارلىدى . شۇ زامان ، سوزۇنچاق ، تار پېشانىسىدە چېكىم ـ چېكىم تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى . ئىككى تال چېكىتتەك كىچىك كۆزلىرى جامدەك يوغان ئېچىلدى . ياقۇپبەگ «مانجۇلار بىلەن كېڭەش ياكى سۇلهى قىلىپ قالسام ئەسقېتىپ قالار ، بىللە ئېلىۋالغىنىمنىڭ زىيىنى يوق» دېگەن مۇددىئاسىنى ئاشكارىلىمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ بۇ مۇددىئانىڭ هىدىنى ئانچە ـ مۇنچە پۇراپ قالغانىدى . ياقۇپبەگنىڭ مىجەزىدىن قارىغاندىمۇ ، ئۇنىڭ قىلغان گېپى ئاتقان ئوق بىلەن باراۋەردە تۇراتتى . ئوق كىرىچتىن ئايرىلغانىكەن ، ئۇنى

قايتۇرۇۋېتىش نىياز ھېكىمبەگنىڭلا ئەمەس، مەنمەن دېگەن ئادەملەرنىڭمۇ قولىدىن كەلمەيتتى. دېمەك، ياقۇپبەگ ئۇنى بىللە ئېلىپ ماڭماي قويمايتتى. بۇغۇ مەيلى، لېكىن نىياز ھېكىمبەگكە كېلىشتۇرۇپ ئۇرۇلغان تەستەكتەك تەسىر قىلغىنى، ئۇنىڭ «ئۆگۈنلۈككە قوزغىلارمىز» دېگەن گېپى ئىدى.

«سەگەك بول، نىياز ھېكىمبەگ، — دېدى ئۇ ئىچىدە ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلمەن دەپ قويۇپ تۇمشۇقۇڭدىن ئىلىنىپ قالدىڭ، ئۇ ماڭ دېسە ماڭماي ئىلاجىڭ يوق. لېكىن، شېرىپ شەيتاننى كۈتمەي، مانجۇ كاتتىلىرىنىڭ نىيىتىنى بىلمەي تۇرۇپ باسقان قەدىمىڭنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك قەدەم ئىكەنلىكىنى ئۇقامسەن؟ ئاڭلاپ تۇر، سۇنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۆتۈك سېلىشمۇ خاتا، سۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۆتۈك سالماسلىقمۇ ئوخشاشلا خاتا، ئامال قىلىپ بىرەر ھەپتە ۋاقىتنى قولغا كەلتۈر، ھېچبولمىسا شېرىپ شەيتان قايتىپ كەلگۈچە ئالدىڭغىمۇ ماڭما، كەينىڭگىمۇ يانما، تەقدىرىڭ رايىنى بىل، دۆلەت قۇشى قاياققا ئۇچسا سەنمۇ شۇ ياقنىڭ ئەمرىنى تۇت!»

ياقۇپبەگ نىياز ھېكىمبەگنىڭ باياتىنقى گېپىنى ھودۇقۇپ تۇرۇپ تەكرارلىغىنىغا ۋە لېۋىنى چىشلىگەن پېتى خىيال سۈرۈۋاتقىنىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدى ۋە «بوغۇزىدىلا تۇرغان گەپنى يۇتۇۋەتكىنى نېمىسى، نېمە گېپى بولسا دەۋەرمەمدۇ، بىرەر پايدىلىق مەسلىھەتى باردۇ بەلكى» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇپ دېدى:

— ئاقىللار «راست گەپ تاشنى يارار» دەپتىكەن، ھەرقانداق گەپ ـ سۆزلىرى بولسا قورۇنماي دەۋەرسىلە، كەمىنىلىرىنىڭ كەڭ قورساقلىقى جانابلىرىغا مەلۇمغۇ؟

قىزىللىقى يۈزىگە تەپكەن نىياز ھېكىمبەگ ئاستىغا قوپارغۇ سالغاندەك تېزلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ياقۇپبەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەپ تارتقان، قورۇنغان قىياپەتتە دېدى:

— ئالىيلىرىنىڭ كەڭ قورساقلىقىغا، ئادالەتپەرۋەرلىكىگە،

مەرتىۋىسىزلەرنىڭمۇ گەپ ـ سۆزلىرىگە قۇلاق سالىدىغانلىقلىرىغا كەمىنە قۇللىرى ئەزەلدىن قايىل بولۇپ كېلىۋاتىمەن ، بۇ خۇسۇستا ھەتتاكى نۇشىرۋان ئادىلمۇ ئالىيلىرى بىلەن تەڭلىشەلمەيدۇ ، — سىماب تامچىسىدەك ئىككى تامچە ياش ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن سىرغىپ چىقىپ بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپىدە توختاپ قالدى ، ئاۋازى تىترەپ ئۇنىڭ بىر گەپ دېيەلمەي قالدى ، — قۇللىرى ئالىيلىرىنىڭ بۇ پەزىلىتىنى تولۇق چۈشەنگەچكىمۇ ، بىر ئېغىز گەپ قىلماقچىدى ، شۇغىنىسى ، تىلىم كۆيۈپ تۇرىدۇ...

— قېنى ، نېمە گەپلىرى بولسا دەۋەرسىلە ، جانابلىرى .

— ئالدىلىرىدا ناباپ گەپ قىلغىنىم ئۈچۈن كەچۈرسىلە ، ئالىيلىرى ، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئوك يوتامنىڭ ئىچ تەرىپىگە ئۈچ كۈن بۇرۇن قاقتەك بىر جاراھەت چىقىپ قېلىۋىدى ، مانا ئەمدى چوقىيىپ ياڭاقتەك بولدى . كېچە ـ كۈندۈز ئاغرىپ ئارامىمنى قويمىدى ، پەيتىنى تېپىپ جەرراھلارغا ياردۇرۇۋەتسەم ، ئات مىنگۈدەك بولغاندا شامالدەك تېز ئۇچۇپ ئارقىلىرىدىن يەتسەم ، كۆپ كەتسە بىرەر ھەپتە ۋاقىت كېتەر...

— ھا ... ھا ... ھا ...

ياقۇپبەگ تازا بىر قاقاقلاپ كۈلۈۋىدى ، جىمى ئەزايىنىڭ مۇسكۇللىرى خۇددى دولان قويىنىڭ قۇيرۇقىدەك سىلكىنىپ كەتتى . ياقۇپبەگ ئۆزىنى زاڭلىق قىلىۋاتامدۇ ، يا ساغرىسىغا ئۇرۇپلا توقۇپ چىققان باھانىسىنى تۈيۈپ قېلىپ ، ئەخمەقلىقى ئۈستىدىن كۈلۈۋاتامدۇ ، نىياز ھېكىمبەگ بۇنى بىلەلمىدى . ئۇنىڭغىچە ، كۈلكىسىنى توختاتقان ياقۇپبەگ كەمدىن ـ كەم كۆرۈلىدىغان بۇ غەلىتە كۈلكىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغان نىياز ھېكىمبەگكە دېدى :

— خاتىرىلىرىنى جەم قىلىپ جاراھەتلىرىنى داۋالىتىۋەرسىلە جانابلىرى ، ئون ـ يىگىرمە مىڭ لەشكىرىمنىڭ ئالدى ئۆگۈنلۈككە قوزغالغان بىلەن ، سىلى ـ بىز تېخى بىرەر ھەپتىگىچە قوزغىلىپ بولالمايمىز ، ئۇنىڭغىچە ئاتقا مىنگۈدەكمۇ بولۇپ قالارلا .

نىياز ھېكىمبەگ ياقۇپبەگنى قايىل قىلالىغۇدەك باھانە ئىزدەپ بىھۇدە ئاۋارە بولغانلىقىنى چۈشەندى، يۈرىكىمۇ جايىغا چۈشتى. كۆڭلىگە پۈككەن ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىپ، شېرىپ شەيتان بىلەن كۆرۈشكىچە بىر ھەپتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ياقۇپبەگنىڭ سىپاھلىرىغا قېتىلىپ كۆڭلى پۈتۈن ھالدا سەپەرگە ئاتلاندى.

## قىرىق ئالتىنچى باب

# سىرلىق ئۇرۇش

ئۈرۈمچى ـ تۇرپان ئۇرۇش سېپىگە ئاتلاندۇرۇلغان ئون ئۈچ مىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرنىڭ ئاخىرقى تۈركۈمى بىلەن بىللە يولغا چىققان ياقۇپبەگ كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك يول يۈرۈپ، قوشۇن چاغاۋۇللىرى كۈچاغا كىرمەستىلا قوشۇننىڭ ئەڭ ئالدىدا يۈرۈپ كەتكەن ئەمىرلەشكەرگە يېتىشىۋالدى. كۈچادا ھەيدەرقۇل دادخاھ، كەرىمباي پانسات، ئىسھاقجان پانسات، ھاپىزبەگ پانسات قاتارلىق ئەمىرلەشكەرلەرنى يىغىپ، ئۈرۈمچىدىكى سۇلالە چېرىكلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كەلگەن تاغاي ياساۋۇلنىڭ يېڭى مەلۇماتى توغرىسىدا قىسقىلا باش قوشۇۋالدى. قوشۇننىڭ باش ـ ئاخىرى تەڭشەلگەندىن كېيىن، تېز قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەشكە يەنە بىر قېتىم پەرمان چۈشۈردى.

ئەتىياز قۇياشى نېپىز تۇمان ئارىسىدا قىزىرىپ تۇراتتى. چۆل ھاۋاسى ئىسسىق بولمىغىنى بىلەن دىماغنى قۇرۇتقۇدەك قۇرغاق ئىدى. پات ـ پات ئۇرۇپ تۇرىدىغان شامال تۇغ ـ ئەلەملەرنى يەلپۈپ ئۆتەتتى. ھەر خىل مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان ئۈچ مىڭ خاس يىگىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىۋاتقان ياقۇپبەگنىڭ ھىندى پىلىدەك يوغان ئېتىمۇ شىلىمدەك چاپلىشىپ تۇرغان بوز توپىدىن ئاياغلىرىنى خېلى كۈچەپ ئاندىن تارتىۋالالايتتى. ئۇنىڭ كەينىدە

كېتىۋاتقان نىياز ھېكىمبەگ بېشىنى سىلىپ ، تۇمشۇقىنى قاۋاندەك يەرگە تىرەپ مېڭىۋاتقان قۇلا ئېتىغا قەدەمدە بىر قامچا ئۇراتتى . ئۆتكەن يىلقى يامغۇرنىڭ نېمى ئالىلقاچان سىڭىپ كەتكەن ، بۇ يىللىق ياز يامغۇرىغا ئۇلىشالمىغان قاقاس تۇپراق ئات تۇيىقى تېگىشى بىلەن تەڭ ھاۋاغا ئۇچۇپ ، قۇياش يۈزىنى خىرە قىلاتتى . ئوقى قۇرۇق ھارۋا چاقلىرى زىممىسىدىكى توپ ـ زەمبىرەكنىڭ ئېغىرلىقىدىن زارلىغاندەك ئەنسىز غىچىرلايتتى .

كوچا بىلەن بوگۈر ئارىسىدىكى جاپالىق يول ماڭغانسېرى ئۇزىراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى .

نىياز ھېكىمبەگ كېتىۋېتىپ بىرنېمىلەرنى دەيتتى :

— بۇنچىلىك يولنىڭ كارايىتى چاغلىق ، بىز ماڭمىغان يەرلەرمىدى بۇ ، پەقەت كۈھقاپنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كەتمىسىلا بولاتتىغۇ ، قانداق دېدىم ، ئالىيلىرى ؟...

ياقۇپبەگ بىردەمدىن كېيىن ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ كەينىگە بۇرۇلدى . زۇۋان سۇرمەي ، كېلىۋاتقان ياساۋۇل ، مەھرەملەر ئارىسىدىن نىياز ھېكىمبەگنى ئىزدىدى . كۆردىكى ، تېخى ھېلىلا بىر قەدەممۇ ئارىلىق قالدۇرماي ئەگىشىۋاتقان نىياز ھېكىمبەگ ئەمدى ئون نەچچە قەدەم كەينىدە قېلىپ ، ھوشۇربەگ مەھرەمبېشى بىلەن پىچىرلىشىپ كەلمەكتە ئىدى .

ياقۇپبەگنىڭ غۇچچىدە ئاچچىقى كەلدى . قائىدىنى بۇزۇپ ، مەجبۇرىيىتىنى يادىدىن چىقارغان ئۇ ئىككىيلەننى تازا بىر ئۇچۇقلاپ قويغۇسى كەلدىيۇ ، سەپەر ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ نىيىتىدىن يالتىيىپ قالدى . تومۇر ـ تومۇرلىرىنى بويلاپ چېكىسىگە يىغىلغان قان يەنە ئۆز ئىزى بىلەن تارقىلىپ كەتتى . نىياز ھېكىمبەگكە قاراپ بىر ھومىيىۋالدى ـ دە ، «تارس» قىلىپ بىر قامچا ئۇرۇپ ، ئاچچىقىنى ئېتىدىن چىقاردى .

ياقۇپبەگ ۋە باش ـ ئايىغىغا كۆز يەتمەيدىغان چوڭ قوشۇن بوگۈردىن ئۆتۈپ كورلا شەھىرىگە يېتىپ باردى . ئۇرۇمچى خۇيزۇلىرىنىڭ چوڭى كەنجىئاخۇننىڭ «بىرمۇنچە خاقانى چىن

چېرىكلىرى گۇچۇڭدا چۈشكۈن قىلدى» دېگەن مەلۇماتىغا ئاساسەن، يۈرۈش سۈرئىتىنى ئىلداملىتىپ ئۇششاقتال ئارقىلىق توقسۇنغا چۈشتى. ئۇ يەردە قولمۇقول تۇتۇنۇپ بىر يېڭى شەھەر بىنا قىلدى. يارلىققا بىنائەن يەنە ئون مىڭ لەشكەرنى باشلاپ ئاقسۇدىن يېتىپ كەلگەن ئوغلى ھەققۇلىبەگ، مۇھەممەتكېرىم دادخاھ، باتۇر پانساتلارنىمۇ ئاشۇ يېڭى شەھەرگە جايلاشتۇردى.

ياقۇپبەگ ئەزىمقۇل پانسات بىلەن بىر مىڭ بەش يۈز نەپەر خۇيزۇ لەشكىرىنى ئۈرۈمچى ئەتراپلىرىغا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار گۇمۇدىغا① بارار - بارمايلا سۇلالە چېرىكلىرىنىڭ قاقشاتقۇچ زەربىسىگە ئۇچراپ، تىرىپىرەن بولدى، ئەزىمقۇل پانسات ئۇرۇشتا ئۆلدى. ئامان قالغان ئازغىنە لەشكەر، ۋەتۆرىكى چىقىپ كەتكەن ئەلەملىرىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، ئوق تەگكەن تازقاردەك سالپىيىپ توقسۇنغا قېچىپ كېلىشۋالدى.

ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتمەي، قۇمۇلدىن چىشلىرىنى بىلەپ چىققان لىيۇ جىڭتاڭ قوشۇنىنىڭ پىچاننى ئېلىپ، تۇرپانغا يېقىنلىشىۋاتقىنى مەلۇم بولدى. نەتىجىدە، سۇلھى تەمە قىلىپ سوغۇقى ئاشقان ياقۇپبەگ ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇز مىڭ لەشكىرى گۇچۇڭ بىلەن تۇرپاندىن ئىبارەت ئىككى تاش ئارىسىدا قاپسىلىپ قالدى.

ئۇرۇش تارىخىدا ئىنتايىن كەم كۆرۈلىدىغان بۇنداق تاقىسىمان مۇھاسىرە ۋەزىيىتىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ياقۇپبەگ كەبى ئاتامانلارغا ھەممىدىن بەكرەك چۈشىنىشلىك ئىدى. بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلگەندە، پەقەت ئىككى تاقىنىڭ باشلىرى بىر - بىرىگە تېگىشىپ چەمبەرسىمان قورشاۋ پەيدا بولماستىن بۇرۇن قوللىنىلغان تەدبىرلا ئەڭ ئاقىلانە قۇتۇلۇش تەدبىرى بولۇپ ھېسابلىناتتى. توقسۇن ئاسمىنىنى قارا تۈتەك قاپلىغان، داۋانچىڭدىكى بوران ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىققان كۈچلۈك شامال بەختسىز قارىياغاچلارنىڭ بېلىنى قىسماقتەك ئېگىۋاتقان بىر

① گۇمۇدى — كونا مىچۈەن، ھازىر مىچۈەن ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر بازار.

ئاخشىمى ، ياقۇپبەگ ھوشۇربەگ مەھرەمبېشىغا خەزىنە قاچىلانغان ساندۇقلارنى ئات ـ قېچىرلارغا يۈكلەش توغرۇلۇق يارلىق ئەۋەتتى . ئاندىن ھېكىمخان تۆرە بىلەن ھەققۇلىبەگنى ئالدىغا چاقىرتتى . نىياز ھېكىمبەگ بىلەن بىرقانچە نەپەر ئەمىرلەشكەرمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى . ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن تەزىم ـ تەۋازۇلارمۇ ، رەسىم ـ قائىدىلەرمۇ قىسقارتىلدى .

ياقۇپبەگ ئانار گۈللۈك گىلەم ئۈستىدە تىك ئولتۇرۇپ ، قىرقىش قەرەلىدىن ئۆتۈپ ، قېلىن كالپۇكلىرىنى يېپىۋالغان بۇرۇتىنى بىرھازا تۈزەشتۇردى . بۇرۇتىنى تالىۋېتىپ ئويچان كۆزلىرى بىلەن ھەممەيلەننىڭ چىرايىغا نۆۋەت بىلەن سەپسېلىپ چىقتى . قارىماققا ئۇ ئۆزىگە تونۇش كۆزلەرنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىدىن ، ئىپادىسىز چىرايلاردىكى يول ـ يول قورۇقلار ئارىسىدىن ئۆزىگە كېرەكلىك بىر نەرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى . سەيياره يۇلتۇزلاردەك تېز ـ تېز يۆتكىلىۋاتقان كۆزلىرى كىمگىدۇر باغلىنىپ توختاپمۇ قالاتتى . باشقىلار ئۇياقتا تۇرسۇن ، ئۆز دادىسىنى ھەممىدىن بەك چۈشىنىدىغان ھەققۇلىبەگمۇ ئۇنىڭ بۇ قارىشىغا مەنە بېرەلمەي ئاۋارە ئىدى . «قايسىبىرىڭىزنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلار ، قايسىڭىزنى يالماپ دەم تارتىپ كېتەر» دېگەندەك ۋەھىمىلىك قىياسلار ، تىنىقنى بېسىپ ، كۆزىنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قاچۇرۇپ ئولتۇرۇشقان مەنسەپدارلارنىڭ يۈرىكىنى خۇددى قىزىق ياغقا تاشلىغاندەك داغلاپ ئۆتەتتى .

ياقۇپبەگ ئادىتى بويىچە يېنىك يۆتىلىپ ، ساراسىمىلىك جىمجىتلىققا ئاخىر خاتىمە بەردى . بۇنداق يۆتەلنىڭ ياخشىلىقتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلىدىغان مەنسەپدارلارنىڭ دۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇرغان يۈرەكلىرى بىردىنلا رىتىمىغا چۈشتى . تاشتەك قېتىپ كەتكەن مۇسكۇللىرىنى بوشىتىپ ، ئىچىگە توشۇپ كەتكەن تىنىقلىرىنى ئۆز يولىغا قويۇۋەتتى .

— گەپنىڭ ئېنىقىنى دەۋېرەي جانابلار ، — دېدى ياقۇپبەگ ، چىرايلىرىدىن ھېلىمۇ جىددىيلىك چىقىپ تۇرغان كىشىلەرگە

قاراپ ، — باشتا بىز خاقانى چىننىڭ كۆچىنى تۆۋەن مۆلچەرلەپتۇق . كېيىنچە ، يامىنى كەلسە ئەھدە تۇزەرمىز دېگەن خام خىيال بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ قويدۇق ، ھېلىھەم ئەھدىنىڭ يولى تېپىلسا ئەھدە تۇزەرمىز ، بولمىسا ئۇرۇشارمىز . ھەرقايسىلىرىنىڭ سەمىلىرىدە بولسۇنكى ، جانابىي ھېكىمخان تۆرەم بىلەن ئوغلۇم ھەققۇلىبەگ تۇرپان ـ توقسۇننىڭ ئىشىنى ئۆز قولىدا تۇتقاي ، باتۇر يىگىتلىرىمىزگە باش بولۇپ ، ئاللانىڭ ئىرادىسى ۋە پادىشاھىنىڭ ئەمرى بىلەن ئىش قىلغاي . ئۆزۈمگە كەلسەم ، خەزىنىنى قاراشەھەرگە يۆتكىگەچ ، ئۇ يەردە بىر يېڭى شەھەر بىنا قىلغۇم بار…

ئاردا ھەققۇلىبەگ سۆز قىستۇرغىلى تەمشىلىپ ئاغزىنى ئەمدىلا ئۆمەللىۋىدى ، ياقۇپبەگ : «بولدى ، ئوغلۇم ، ئاتاڭنىڭ دېگىنىدەك قىل» دېگەن مەنىدە ئۇنىڭغا «يالت» قىلىپ قاراپ قويدى . دادىسىنىڭ گەپ يېمەيدىغان ۋە گېپىدىن يانمايدىغان مىجەزىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان ھەققۇلىبەگ دېمەكچى بولغان گېپىنى نائىلاج ئىچىگە يۇتۇۋەتتى . ھاجەتكە چىقىپ كەتكەن نىياز ھېكىمبەگمۇ قورسىقىنى تۇتقان پېتى قايتىپ كىردى . ياقۇپبەگنىڭ ۋەز ـ نەسىھەتى تۈگەپ ، كېڭەش ئەھلى بوسۇغىغا قەدەم قويۇۋىدى ، تاشقىرىدا تۇيۇقسىز چۇقان كۆتۈرۈلدى .

ئۆڭسۈلى قاچقان قېرى خەزىنىچى ئىشىكتىن ئاللا ـ تۇۋا كۆتۈرگەن پېتى يۈگۈرۈپ كىرىپ :

— داد شاھىم ، ھو… ھوشۇر… ھوشۇربەگ تۇزكورلۇق قىلدى . ئۇ جوھۇت كۆزىمىزنى باغلاپ ، تۆت قېچىرلىق مال ـ دۇنيانى ئەپقېچىپ كېتىپتۇ… — دېدى . ياقۇپبەگ تىترەپ ، ئاغزى گەپكە كەلمەي قالغان خەزىنىچىنىڭ ساقىلىغا غەزەپ بىلەن چاڭگال سالدى ۋە ۋارقىراپ سورىدى :

— راست گەپ قىل قېرى ، قايسى ھوشۇربەگ قېچىپتۇ ؟

— ئالىيلىرىنىڭ … ھېلىقى ھوشۇربەگ قېچىپتۇ !

— ھوشۇربەگ ، مەھرەمبېشى ھوشۇربەگمۇ ؟

— شۇنداق ، ئالىيلىرى ، ئۇنى كۆرگەنلەر بار ئىكەن ، ئەگەر يالغان سۆزلىگەن بولسام ئوتتۇز پارە قۇرئان جىنىمنى تۇتسۇن !

— نەگە قېچىپتۇ ؟

— تاغ كەينىگە ئالىيلىرى ، ئاڭلىساق ئۇ يەردە خاقانى چىن چېرىكلىرى بار دەيدۇ !

— قاچان قېچىپتۇ ؟

— تېخى بىر چۈگۈن سۇ قاينىغۇچىلىكمۇ پۇرسەت بولمىدى ، ئالىيلىرى...

ياقۇپبەگ قولىدا ئىلەڭگۈچ ئۇچۇۋاتقان خەزىنىچىنىڭ ساقىلىنى ئاستا قويۇۋەتتى . شارتلا قىلىپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ بىرپەس ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋالغاندىن كېيىن نىياز ھېكىمبەگكە قاراپ :

— قوغلاڭلار ، ئاسمانغا چىقىپ كەتسە تاپىندىن ، يەرگە كىرىپ كەتسە كوكۇلىسىدىن تارتىڭلار ئۇ دۆيۈزنى ! — دەپ ۋارقىرىدى .

ئۇنىڭ ھوشۇربەگنى قوغلاشقا باشقا بىراۋنى ئەمەس ، بەلكى نىياز ھېكىمبەگنى ئەۋەتكىنىنى ھەركىم ھەرخىل چۈشەندى . نىياز ھېكىمبەگمۇ قامىتىنى رۇسلاپ تۇرۇپ :

— باش ئۈستىگە ، ئالىيلىرى ! — دەپلا تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى .

نىياز ھېكىمبەگ ۋە ئۇ ئاتلاندۇرغان ئوتتۇزچە ياساۋۇل تاغ ئارىسىغا ، ئېدىرلىقلارغا تېرىقتەك چېچىلىپ ئويمانلىقلاردا ، قورام تاش كەينىدە بىرھازاغىچە تىمىسقىلاپ يۈرۈشتى . تۈن ھەسسە بولاي دېگەندە سالپايغان ھالدا قايتىپ كېلىپ ، ھوشۇربەگكە يېتىشەلمىگىنىنى ، باقىشبەگ ، سىدىقبەگ قاتارلىق يەنە بىرقانچە بەگ ـ لەشكەرنىڭمۇ بوراندىن پايدىلىنىپ ، قولىغا چىققانىنى ئېلىپ سۇلالە چېرىكلىرى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكىنىنى خەۋەر قىلدى . ئاشۇ چاغقىچە ئۇخلىمىغان ، خانا ئوتتۇرىسىدا چۆل قويۇنىدەك پىرقىراپ يۈرگەن ياقۇپبەگ لىۋىنى چىشلەپ ، بېشىنى چايقاپ قويدىيۇ ،

ئارتۇقچە گەپمۇ قىلمىدى . لېكىن ، قەشقەرگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا بالىچىلاپ بېقىۋالغان ، كىچىك بولسىمۇ مەنسەپ بېرىپ ئاغزىنى ئاشقا تەگكۈزگەن ھوشۇربەگنىڭ ئۆز بېشىغا كۈن چۈشكەندە ۋاپاسىزلىق قىلغىنى ئېغىر كەلدىمۇ ياكى ئەسلىي پىلانى بويىچە ئىش كۆردىمۇ ، ئىككىنچى كۈنى ناشتىدىن كېيىنلا ئۇ ئون نەپچە مىلىك لەشكەرنى كەينىگە سېلىپ توقسۇن شەھىرىدىن چىقىپ كەتتى .

ھوشۇربەگنىڭ قېچىپ بېرىشى بىلەن سۇلالە چېرىكلىرىگە مەلۇم بولمىغان ھېچقانداق سىر ۋە ھېچقانداق مەخپىيەتلىك قالمىدى ، ھەتتا ياقۇپبەگنىڭ ئاخىرقى كېڭىشىمۇ زىر - زەۋىرىگىچە ئاشكارا بولدى . دەرۋەقە ، ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنى ئايغىربۇلاق جىلغىسىدىن ئۆتەر - ئۆتمەيلا داۋانچىڭ قورۇلى قولدىن كەتتى . ئۇرۇمچى ۋە تۇرپاندىن تەڭ يولغا چىققان ھېسابسىز چېرىكلەر بەشىنچى كۈنى توقسۇندا ئۇچراشتى . چېرىكلەر يېتىپ كەلگۈچە توقسۇن زاكالەتخانىسىدىكى ئوتتۇز يىلغا يەتكۈدەك غەللە - پاراقىا ئوت يېقىۋېتىشكە ئۈلگۈرگەن ھەققۇلىبەگ بىلەن ھېكىمخان تۆرە قاراشەھەرنى كۆزلەپ غىپپىدە تىكىۋەتتى .

مىلادىيە 1877 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى . كۈن چىڭقىچۈشتىن ئۆتكەن چاغ . چوڭقۇر ۋە يۇمىلاقىنا كەلگەن كورلا بوستانلىقى ئۈچ تەرەپ تاغ ئارىسىدا خۇددى يېرىمىغىچە كۆك بوياق قاچىلانغان بەھەيۋەت داش قازاندەك ئېسىلىپ تۇراتتى . تاقىر تاغ باغرىدا ، تىكىچىلىكلەرنىڭ ئۆگزىسىدىلا پارقىراپ تۇرغان قۇياش كورلا تارىخىغا يېزىلمىش پەۋقۇلئاددە ۋەقەلەرنى تولۇق كۆرۈۋالماقچى بولغاندەك ، ئاشۇ قازان ئىچىگە تىكىلىپ قارىماقتا ئىدى . باشئەگمىدىن سويلاپ كېلىۋاتقان كۆنچى دەرياسى شوخ ناخشىلىرىنى توختىتىپ ، ئۆز ساھىلىدا داۋام قىلىۋاتقان ساراسىمىلىك تىنچلىققا يول بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى . ئادەتتە سەيلىچىلەر بىلەن توشۇپ تۇرىدىغان دەريا ساھىلىمۇ ، كوچا - كويلارمۇ كېچە جىمجىتلىقىغا چۆككەن گۆرىستانلىققا ئوخشاپ

قالغاندى . رەستىلەرگە ، چوڭ ـ كىچىك كوچىلارغا قارايدىغان دەرۋازىلار ، ئىشىكلەر ھەم تاقىلىپ تۇراتتى . ئىشىكلەر كەينىدە تۇرۇپ ، قىلىن قاناتلارغا قۇلىقىنى چىڭ چاپلاۋالغان ئۆي ئىگىلىرى ، دۇكاندارلار قىلىچ ـ قالقانلارنىڭ جاراڭلىشىنى ، ھارۋىلارنىڭ تاراق ـ تۇرۇقىنى ، ئات تۇيىقىنىڭ دۇپۇرلىشىنى ئاڭلىغاچ ، كۆرەر كۆزنى تەخمىن قىلىشاتتى . كېلىپ ـ كېتەر جېدەلخورلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا يىل بويى دىگۈدەك ئۆرتۆپە بولۇپ تۇرىدىغان بۇ تەلەيسىز شەھەر ھەپتىدىن بىرىقى كۆنلىرىنى قەپەستىكى قۇشتەك ئارامسىز ئۆتكۈزمەكتە ئىدى .

شەھەر مەركىزىدىكى مەھەللە ـ كوچىلارنى قاق بۆلىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان كۆنچى دەرياسى تىكىچى ، ئاقتاش تەرەپتىن كېلىپ دەريا قىنىغا يېرىمىغىچە ئۇسۇپ كىرگەن بىر كاتتا ئىمارەتكە دوقۇرغاندىن كېيىن ، ئاندىن ئېقىمىنى ئۆزگەرتىپ ، لەڭگەر ۋە چىلانباغ تەرەپكە قاراپ بۇرۇلاتتى . قويۇق ۋە باراقسان ئۆسكەن سۆگەتلىرى سۇ يۈزىگە چىلىشىپ تۇرىدىغان بۇ چىرايلىق ئىمارەت كورلا ھاكىمبېگى ھاجىبەگ تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان بولۇپ ، ھازىر بۇ يەردە ھاجىبەگدىنمۇ كاتتىراق بىر بەگ — ياقۇپبەگ تۇرۇۋاتاتتى . كۈندىلىك مەئىشەتتىكە ئانچە يۇقىرى تەلەپ قويۇپ كەتمەيدىغان ياقۇپبەگ ئۇچۈن ئېيتقاندا ، بۇ يەر ھەشەمەتلىكلىكى بىلەن ئەمەس ، بەلكى تىنچ ـ خاتىرجەملىكى بىلەنلا ئۇنىڭغا ياراپ قالغاندەك قىلاتتى . چۈنكى ، نېرىپ ـ ئەسەبلىرى چاپقۇر ئاتنىڭ تىزگىنىدەك تارتىشىپ ، زىيادە جىددىيلەشكەن ياقۇپبەگ تىنچراق ، جاھان غوۋغاسىدىن يىراقراق بىر مۇھىتتا ئاز ـ تولا ئارام ئېلىشىۋېلىشى ، ياغىسىرىغان جىنچىراغدەك خىرەلىشىۋاتقان تەقدىرى ئۈستىدە ئويدانىراق ئويلىنىۋېلىشى كېرەك ئىدى .

توغرا ، ياقۇپبەگ قاراشەھەر ئارقىلىق كورلىغا قايتىپ كەلدى . كەلگەن بىر ھەپتىدىن بېرى زاھىت كەبى جىم بولۇۋېلىپ ، ئۆز خانىسىغا مەھكەم بېكىنىۋالدى ، تالا ـ تۈزگە چىقمىدى ،

ھاردۇق ئالدى ، ئويلاندى . لېكىن ، ھاردۇق ئالغانسېرى ھاردۇق يۇدۇۋالدى ، ئويلانغانسېرى ئويغا پاتتى . تەكلىماكاننىڭ قۇملىرىدەك چېچىلىپ كەتكەن پىكىر ـ خىيالنى ھەرقانداق قىلىپمۇ بىر يەرگە يىغالمىدى . ئالتە كۈن ئۆتۈپ ، يەتتىنچى كۈنىگە كەلگەندە سەۋر جامى «ۋاققىدە» يېرىلدى ـ دە ، ئەستەرلىك تونىنى يېپىنچاقلىغان پېتى تالاغا چىقتى . ئىشىك ئالدىدا مۈگدەپ ئولتۇرۇشقان ياساۋۇللار چېكەتكىدەك سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇشتى .

ياقۇپبەگ بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ كەڭ سەينادىكى ئۈزۈم بارىڭى ئاستىغا كەلدى . تۇنجى بولۇپ ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىققىنى يان تەرەپتە قول باغلاپ تۇرۇشقان نىياز ھېكىمبەگ بىلەن خوسۇسىي مىرزىسى موللا كامالىدىن بولدى . ئۇ ئالدى بىلەن نىياز ھېكىمبەگنىڭ چىرايىغا سەپسالدى ، ئادەم بالىسىنىڭ چىرايىدا بولىدىغانلىكى ئىپادىلەرنىڭ ھەممىسى جەم بولغان . لېكىن ، سىنچىلاپ قارىغاندىمۇ مۇقىمراق بىرمۇ ئىپادىنى تاپقىلى بولمايدىغان بۇ چىرايدىن ئۇ تېزلا زېرىكتى بولغاي ، نەزىرىنى موللا كامالىدىن مىرزىغا يۆتكىدى .

بۇ قاتتىق قول ، تەلەپچان ھۆكۈمرانغا نەچچە يىلدىن بېرى مالايدەك ساداقەت كۆرسىتىپ ، قۇلدەك خىزمىتىدە بولۇپ كەلگەن كامالىدىن مىرزا ئۇنىڭ يېقىندىن بېرىقى باش قېتىنچىلىقىنى ، دەردىنى ئوبدان چۈشىنەتتى ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتاتتى ، كۆڭۈل بۆلەتتى . مانا بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى ، قەشقەردىكى بېكقۇلىبەگكە ، توقسۇن تەرەپتىكى ھەققۇلىبەگكە يوللىنىدىغان ئىككى پارچە يارلىقنى يازدۇرغاندىن بېرى ، ياقۇپبەگ ئۇنى يېنىغا يولاتمايلا قويدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياقۇپبەگدىن خاۋاتىرلىنىشكە ، ئەنسىرەشكە باشلىدى . چۈنكى ، ئۇ ياقۇپبەگنىڭ ئىشنى كۆڭلى قالغان ئادەمگە ئوچۇق چىراي بەرمەسلىكتىن باشلايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى .

مانا بۈگۈن ئۇ تالاغا چىقتى . ئاق كۆڭۈل ، كۆڭۈلچەك كامالد-

دىن مىرزا بۇنى ياخشى بېشارەتلەرنىڭ بىرى دەپ ھېسابلىدى ـ دە ، كۆزىگە ئىلىنغان ياقۇپبەگكە قاراپ بىلىنمەس ـ بىلىنمەس كۈلۈمسىرىدى .

ھەر بالانىڭ بېشى ، ھەر قازانىڭ سەۋەبى بولغاندەك ، كامالىدىن مىرزىنىڭ ئادەتتىكىچىلا كۈلۈمسىرىشىمۇ ھەم بالاغا ، ھەم قازاغا سەۋەب بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ كۈلكىسى كۆزىگە قانداق كۆرۈندىكىن ، ياقۇپبەگنىڭ چىرايى ئۆزگەردى ، كۆز ئېقىدىكى ئىرماش ـ چىرماش تومۇرلارغا لىققىدە قان تولدى . كالپۇكى قېنىنى شورىۋالغاندەك ئاقاردى ، يۈز مۇسكۇللىرى تىترىدى ، كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ھېلىغىچە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان كامالىدىن مىرزىنىڭ بۇرنىغا تاقاپ تۇرۇپ دېدى :

— ھوي تۆزكور ، پادىشاھىڭنى مازاق قىلغۇدەك بولدۇڭمۇ تېخى ، قېنى دەپ باقە ، يۈزۈمگە پاقا چاپلىشىپ قاپتۇمۇ ، كۆزۈم جىرتاق بولۇپ قاپتۇمۇيا ؟

كامالىدىن مىرزا يېشى ئەللىكلەرگە تاقاپ قالغان ، تاياقتەك ئورۇق ، كەكە ساقاللىق ئادەم ئىدى . بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىككى تال يېڭى ئايسىمان چوڭقۇر قورۇق ئۇنى ئادەتتە كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك كۆرسىتىپ تۇراتتى . دەرۋەقە بۇگۈن ئۇ پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى دەپلا ئازراق كۈلۈمسىرىگەنىدى . بىراق ، كىم بىلسۇن ياقۇپبەگنىڭ بۇرۇتىدىن ئۆتمەن دەپ بۇرۇتىغا دەسسىۋېلىپ ئويلىمىغاندا توقۇناق بالاغا قالدى . ئەمدى نېمە چارە ، «ئۆزۈم تاپقان بالاغا ، نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندەك ، دەردىنى يەنە ئىچىگە يۇتۇۋەتتى . يېپى تەگشەلمىگەن لەگلەكتەك تىترەپ ، كەينىگە ئىككى قەدەم داجىدى ، يېتىم بالىدەك بويىنىنى قىستى . بىراق ، تۇرتەپ كۆيۈۋاتقان قىزىق ياغدەك ئەزۋەيلىگىلى تۇرغان ياقۇپبەگ ئۇنى بوش قويۇۋېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى :

— سېنى بەزىلەر ھوشۇربەگ دېگەن يېتىم ئوغلاق بىلەن بېشىنى بىر قىلىۋېلىپ پادىشاھنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدۇ . بۇنىڭدا بىر گەپ بار ، دېسە ئىشەنمىگىنىم ئۇچۇن كۈلۈۋاتامسەن ؟ قېنى

راستىڭنى ئېيت ، تۇزۇمنى يەپ ، تۇزلۇقۇمنى چاققان ئۇ نائەھلى بىلەن قانداق ئەھدەڭ بار ، ئۇنى قاچۇرۇۋېتىشىڭدا نېمە مۇددىئايىڭ بار ؟

كەم سۆز ، مۇلايىم كۆرۈنىدىغان كامالىددىن مىرزا ئەمدى چىداپ تۇرالمىدى . ئۆزى ئەڭ يامان كۆرىدىغان ھوشۇربەگ بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۇنىڭغا قاتتىق ھار كەلدى . قار - يامغۇردەك يېغىۋاتقان ھاقارەت ، تۆھمەت ئالدىدا ئەھۋالنىڭ ئۆزىنى ئانچە - مۇنچە ئاقلىمىسا بولمايدىغان يەرگە يېتىپ قالغانلىقىنى چۈشەندى ــ دە ، بېشىنى كۆتۈردى . قەددەممۇقەددەم قىستاپ كېلىۋاتقان ياقۇپبەگكە يۈزتۇرا گەپ ياندۇردى :

— ئالىيلىرى ، كەمىنە قۇللىرىنى ئوغرى ، قاراقچى دېسىلىمۇ مەيلى ، تىللاپ ئۇرسىلىمۇ مەيلى ، لېكىن ھوشۇربەگنىڭ شېرىكى دەپ ھاقارەت قىلىسىلا قۇللىرىغا راستتىنلا ئۇۋال بولىدۇ . ئالىيلىرىنىڭ ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىۋاتقان يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ گېپىگە كىرمەسلىكلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىمەن ، — دېدى ۋە بىر چەتتە تاماشا كۆرگەندەك ئۇندىمەي تۇرغان نىياز ھېكىمبەگكە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى . ئۇ نەچچە كۈندىن بۇيان ياقۇپبەگنىڭ ئالدىغا پەقەت نىياز ھېكىمبەگنىڭلا كىرىپ - چىقىپ يۈرگەنلىكىنى ، يۈرۈش - تۇرۇشلىرىنىڭ بارغانسېرى سىرلىق بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى ئەمدىلا يادىغا كەلتۈرگەنىدى .

— جاللات ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ياقۇپبەگ يېپىنچاقلىۋالغان تونىنى بىر تەرەپكە چۆرۈۋېتىپ ، — پادىشاھ ئالدىدا ئاتىكارچىلىق قىلىپ تىل ياندۇرۇشقا پېتىنغان بۇ مۇتتەھەمنى دەرھال يەرگە باس ، گۇناھىدىن تېنىۋالغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھوشۇربەگنىڭمۇ ، ئۆزىنىڭمۇ نېسىۋىسىنى بەر !

— ئالىيلىرى ، ئاللا ھەممىگە گۇۋاھ ، قۇللىرىغا راستتىنلا ئۇۋال بولدى ، مېنىڭ ھوشۇربەگ بىلەن زىنھار چېتىشلىقىم يوق !

نىياز ھېكىمبەگ ئۇيان - بۇيان يۇگۇرۇپ يۈرۈپ ئۈچ - تۆت

جالLاتنى باشلاپ كەلدى . جالLاتلار سۇدىكى بىلىقتەك تۇتۇق بەرمەي-ۋاتقان كامالدىن مىرزىنى پۇتلاپ تۇرۇپ يەرگە يىقىتتى- دە، بىر غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتىكى بېھى كالتەكنى بىلەن مىرزىنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇشقا باشلىدى .

— ئالىيلىرى ، ياخشى بىلەن ياماننى ئايرىمىغانلىقلىرى ئۈچۈن ھامان بىر كۈنى پۇشايمان يەپ قالىدىلا ، جانابىي ھەق كۆرسىتىدىغىنىنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ...

— مانا ئەمىسە ، ھوشۇربەگنى ئازدۇرغىنىڭنىڭ جازاسى ماۋۇ ، تىلىڭنى تارتمىغىنىڭنىڭ جازاسى ماۋۇ ، پادىشاھىڭنى قارغىغىنىڭنىڭ جازاسى مانا ماۋۇ !...

چىكە تومۇرلىرى ھېسسىپتەك كۆپۈپ ، تولۇمدەك ئىسىلگەن ياقۇپبەگ قوقاسقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىۋاتقان كامالدىن مىرزىنى نالىلىق ئۆتۈكى بىلەن بىرقانچىنى دەسسىۋەتتى . ئاندىن قىپقىزىل قانغا بويىلىپ ، سۇنايلىنىپ ياتقان بىتەلەي مىرزىغا «تۈفىي» دەپ بىرنى تۈكۈردى ۋە ئوك قولىنى مۇرىسىنىڭ ئۈستىدىن ئارتىلدۇرۇپ تۇرۇپ :

— سوغۇق چاي ! — دەپ توۋلىدى .

ياقۇپبەگنىڭ قاتتىق چىچىلغان ، غەزەپلەنگەن ياكى چارچىغان چاغلىرىدا دائىم سوغۇق چاي ئىچىدىغان ئادىتى بار ئىدى . نىياز ھېكىمبەگ ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى سەل نېرىراقتا شۇمشىيىپ تۇرۇۋاتقان مەھرەملەرگە يەتكۈزدى . بىر مەھرەم لىپمۇلىق چاي تولدۇرۇلغان پىيالىنى بېشىنىڭ ئۈستىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ، ياقۇپبەگكە سۇندى . ياقۇپبەگ پېشانىسىنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن ، پىيالىدىكى سوغۇق چاينى «گۈپ»لا قىلىپ ئىچىۋەتتى .

كىم بىلسۇن ، بوغۇزىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بۇ مۇزدەك سوغۇق چاي تېخى تومۇرىنىڭ ئۇچىغا بارماستىلا ، ياقۇپبەگ بىرەر كېلىشمەسلىكنى سەزگەندەك تۇيۇقسىز چەكچەيدى ، قوللىرىنى تەستە كۆتۈرۈپ ، كۆكرىكىنى قاتتىق قاماللىدى . بوغداي ئۆڭلۈك چىرايى سىغىزدەك ئاقىرىپ ، ئاقلىقتىن كۆكۈچ رەڭگە ، ئاندىن

تۆمۈر دېتىدەك قارامتۇل كۆك رەڭگە ئۆزگەردى . تەتۈر ئاچىدەك كېرىلگەن ئاياغلىرى يۇمشاپ ، پۈتۈن ئەزايى مۇزخانىدا يالىڭاچ قالغاندەك تىترىگىلى تۇردى ، بېشى ئېغىر كەلگەندەك ، ئاستا سەنتۈرۈلدى...

نىياز ھېكىمبەگ ياقۇپبەگنى ھاپاش قىلىپ ئىچكىرى خانىغا ئەكىردى ۋە سوپا ئۈستىگىلا ياتقۇزدى ، يۈرىكىنى تىڭشاپ ، تومۇرىنى تۇتۇپ باقتى . ئەھرارخان تۆرە نەدىندۇر تېپىپ كەلگەن كىچىككىنە يانچۇق ئەينىكىنى بۇرنىغا تۇتۇپ كۆردى ، ئەينەك ھوردىمىدى ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاغزىغا سۇ تېمىتىۋىدى ، سۇ جاۋغايلىرىدىن كۆپۈك بولۇپ ئېقىپ چىقتى .

نىياز ھېكىمبەگ ياقۇپبەگنىڭ جان ئۈزگەنلىكىنى تەھقىقلەشتۈرگەندىن كېيىن ئۇزاق دۇرۇت ئوقۇدى ۋە مېيىتنىڭ يوتىسىغا بېشىنى قويۇپ ئۆپكىدەپ يىغلاۋاتقان ئەھرارخان تۆرىگە دېدى :

— تۆرەم ، قارا باسقاندەك ئىش بولدى . پادىشاھىم پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلىپ ئاللانىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى . بولغۇلۇق بولدى ، ئەمدى ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ ، ئالىيلىرىنىڭ روھىنى خۇش قىلىمىز دېسەك ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ۋاقتىنچە سىر تۇتايلى ، مېيىتنى يالغۇز قالدۇرمايلى ، كەمىنە ئىنىلىرى ھەر ئامال قىلىپ ھەققۇلىبەگ جانابلىرىغا بىر چاپارمەن ئەۋەتەي ، نېمىلا ئىش بولسا جانابلىرى كەلگەندىن كېيىن بىرنېمە دەرمىز .

ئۇلار نىياز ھېكىمبەگ قاراشەھەرگە چاپارمەن ئەۋەتىدىغان ، ئەھرارخان تۆرە مېيىت ساقلايدىغان بولۇپ كېلىشتى . نىياز ھېكىمبەگ ھېچنېمە بولمىغان قىياپەتتە تالاغا چىقىپ ، قاۋۇل لەشكەردىن ئۈچنى تاللىدى ـ دە ، «پادىشاھ ئالىيلىرى ۋاپات قىلدى ، چاپسان كەلگەيلا» دېگەن ئاددىي مەكتۇپنى قاتمۇقات يېچەتلەپ ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ، قونالغۇسىغا پايپاسلاپ بېرىپ ، ئۆلگەندەك ئۇخلاۋاتقان شېرىپ شەيتاننى ئويغاتتى ۋە يەنە

بىر پارچە مەكتۇپنى ئۇنىڭ ئىچ يانچۇقىغا مەھكەم جايلاشتۇردى. ھەرقانداق قاراۋۇلنىمۇ تىك تۇرغۇزالايدىغان كۇمۇش دەستىكىنى ئۇنىڭغا بىرىپ، تاغ تەرەپكە يولغا سېلىۋەتتى.

ھەققۇلىبەگ بىلەن ھېكىمخان تۆرە بۇ چاغدا «تۇرپان، توقسۇننى تارتقۇزۇپ قويۇپ سەت ئىش قىلدۇق، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىشقا يۈزىمىز يوق» دېگەن باھانە بىلەن قاراشەھەردە تۇرۇۋاتاتتى. ھەققۇلىبەگ نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۆز مۆھرى بېسىلغان مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالدى ـ دە، دادىسىنىڭ ئۆلگىنىگە ئىشىنەر ـ ئىشەنمەي يولغا چىقىپ، ئۆلۈمنىڭ ئۈچىنچى كۈنى كورلىغا يېتىپ كەلدى. ئارقىدىنلا نېمە ئىش بولغىنىنى بىلگۈسى كەلگەن ھېكىمخان تۆرىمۇ كورلىغا كەلدى.

ياش ھەققۇلىبەگ دادىسىنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ يىغا ـ زار بىلەن بولۇپ كەتكەن پۇرسەتتە، نىياز ھېكىمبەگ مۇھەممەت كېرىم دادخاھ، تاشباي دادخاھلار خۇدىنى يوقاتقان ھەققۇلىبەگنى چالا ـ بۇلا خەۋەرلەندۇرۇپ قويۇپلا، ھېكىمخان تۆرىنى ئاق كىگىزدە ئولتۇرغۇزۇپ پادشاھلىققا كۆتۈردى. بۇ ئىش ئۆزىنى دادىسىنىڭ ۋەلىئەھدى دەپ ھېسابلاپ يۈرگەن ھەققۇلىبەگكە ئېغىر كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ يەتتىنچى كۈنى كېچىسى ياقۇپبەگنىڭ جەسىتىنى ھارۋىغا جايلاشتۇردى. ئۇ: «دادامنىڭ مېيىتىنى قەشقەرگە ئېلىپ بارىمەن، ھەر ئىش بولسا ئاكامنىڭ مەسلىھىتىگە قۇلاق سالىمەن» دەپ، يىگىت ـ سەرۋازلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قەشقەر يولىغا راۋان بولدى.

ئۇنىڭ بۇ سەپىرى ھېكىمخان تۆرە ۋە باشقا مەنسەپدارلارنىڭ كۆڭلىدە شۈبھە تۇغدۇردى. ئۇلار «ھەققۇلىبەگ دادىسىنىڭ مېيىتىنى ئېلىپ مېڭىش باھانىسىدە ئاقسۇدىكى خەزىنىنى قۇرۇقداپ، پەرغانە تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمەكچى» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئاقسۇغا مېڭىشتى. ھېكىمخان تۆرە ۋە ئۇنىڭ دادخاھلىرى ئاقسۇغا كەلگەندە ھەققۇلىبەگ بىرمۇنچە مال ـ دۇنيانى يىغىشتۇرۇپ ئاقسۇدىن كېتىپ قالغانىدى. ھېكىمخان تۆرە كېلىپلا پادشاھلىق تەختىدە ئولتۇردى، خەزىنىدىكى قالدى ـ قاتتى دۇنيانى

ھەركىمنىڭ قۇدرىتى يەتكەنچە تالان ـ تاراج قىلىشقا يول قويدى . شەھەر پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە قالدى . ماڭالايدىغانلىكى ئاتامان ، دادخاھلار ، پانسات ـ سەرۋازلار «خان تالىڭى» دىن نەپ ئېلىش ئاۋارىچىلىكىدە چېپىشىپ يۈرگەن شۇ كۈنلەردە ، نىياز ھېكىمبەگ ئاقسۇدىن ئۈشتۈمتۈت غايىب بولۇپ كەتتى .

## قىرىق يەتتىنچى باب

# چۆلدىكى ئالۋۇن

تومۇز ئايلىرى تەكلىماكان دەشتىنىڭ ئەڭ قىزىق ۋە ئەڭ قۇرغاق چاغلىرى ئىدى . ئۇزاق سەپەردىن زېرىكىپ ، بۇلۇتسىز ئاسمان يۈزىگە ئېسىلىپ تۇرغان تومۇز قۇياشى كۆيۈۋاتقان ئوت شاردەك يېلىنجايتتى . تاقىر قۇم بارخانلىرى ، مىڭ يىللاردىن بېرى سۇ كۆرمىگەن سېرىق توپىلىق تۈزلەڭلىكلەر تۆمۈرچىنىڭ ئوچىقىدا تاۋلىنىۋاتقان تۆمۈردەك ۋىلىلدايتتى . تەشنالىق دەستىدە قۇرۇپ ، مىس چاقىدەك قېتىپ كەتكەن توغراق غازاڭلىرى چوكىدەك قۇرۇق شاخلارغا ئېسىلغانىدى . تەقدىرى تەتۈر كېلىپ ئوت ئىچىدە تۆرەلگەن يانتاق مايسىلىرى ئىسرىقداندىكى ئادراسماندەك تۇرتەپ ، توزۇيتتى . ئۆز زامانىسىدا قەدىمكى رورانلىقلارنى ، مىرانلىقلارنى ، نىرانلىقلارنى[1] ئىللىق قۇچىقىدا

---

[1] كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىمىغا ، لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىگە جايلاشقان روران شەھىرى ، چاقىلىقنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان مىران شەھىرى ، بۈگۈنكى نىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىغا ، نىيە دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىمىغا جايلاشقان نىران شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ . تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي يولىغا جايلاشقان بۇ قەدىمكى شەھەر — بەگلىكلەر مىلادىيەنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تازا گۈللەنگەن ۋە دەريا ئېقىمىنىڭ قىسقىرىشى ، قۇملىشىپ كېتىشىنىڭ ئېغىرلىششى سەۋەبلىك مىلادىيە 3 ـ ، 4 ـ ئەسىرلەردە ، ئەڭ كېچىككەندىمۇ (مىران) مىلادىيە 7 ـ ، 8 ـ ئەسىرلەردە ئىنسانلارنىڭ ياشىشىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان بولۇپ قالغان ۋە تاشلىنىۋېتىلگەن .

www.uyghurkitap.com

ئەركە بالىسىدەك ئەركىلەتكەن ، ئاۋۇتقان ، كېيىنچە ئۇلارنىڭ سۈيىنى قۇرۇتۇپ ، تېرىلغۇسىنى قۇمغا كۆمگەن ، ئانا يۇرتىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان مۇشۇ ئوتلۇق هارارەت يەر بىلەن ئاسمان ئارىسىدا ، قۇم بارخانلىرى قوينىدا ، قاقشال توغراقلارنىڭ قارنىدا هېلىهەم ئۆز پېتى ساقلانماقتا ئىدى . لاچىندىن قاچقان قۇش ياكى ئەقلىدىن ئاداشقان تېجىمەلدىن ئۆزگە ، پەقەت مەلۇم نەپ يولىدا جېنىنى تىككەن ئادەم بالىسىلا نى - نى ئەزىمەتلەرنى يەر چىشلەتكەن بۇ هالاكەت دېڭىزىغا قورقماي ئاياغ باسالايتتى . بىراق ، 6 - ئاي تومۇزىدا ، جەھەننەمدەك يالقۇنجاپ تۇرغان تاقىر ئوچۇقچىلىقتا ئېتىنى پات - پات قامچىلاپ كېلىۋاتقان نىياز هېكىمبەگ لاچىندىن قاچقان قۇشقىمۇ ، ئەقلىدىن ئاداشقان تېجىمەلگىمۇ ئوخشايتتى . ياق ، ئۇنى قورقۇنچاق قۇش ، ئەقىلسىز تېجىمەل دېگەندىن كۆرە ، نەپنى دەپ جېنىنى دوغا تىككەن تەۋەككۈلچى قىمارۋاز دېگەن تۈزۈك ئىدى .

ئىسسىقتا چىدىماي كۆڭلەكچان كېتىۋاتقان نىياز هېكىمبەگ ئات ئۈستىدە خۇددى قىزىلگۈلدىن ياسالغان خام كوزىدەك ئولتۇراتتى . قوقاس ئۈستىدە كېتىۋاتقاندەك ماغدۇرسىزلانغان ئېتىنى قېچىر مىنىپ ئۆزىدىن ئىككى غۇلاچ ئالدىدا كېتىۋاتقان شېرىپ شەيتان يېتىلىۋالغانىدى . ئات كەينىدە بولسا تۈلۈم - تۈلۈملاپ سۇ ئارتىلغان ئات - قېچىرلار ، پىيادە ۋە ئاتلىق مەھرەملەر كېلىۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ هالى ئۆز غوجىسىنىڭكىدەك ئوسال ئىدى .

— جانابلىرى…

مىراخورنىڭ ئاۋازى ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ، ئات بىلەن تەڭ بېشىنى گىلدىڭلىتىۋاتقان نىياز هېكىمبەگنىڭ دىققىتىنى بۆلدى .

— قارىسىلا ، قارىسىلا ، جانابلىرى ، ئاۋۇ تەرەپتە بىرنېمىلەر مىدىرلاۋاتىدۇ ، بىر قارىسام ئادەمگە ، بىر قارىسام جەرەنگە ئوخشايدۇ ، — مىراخور كەلگەن يېرىدە توختاپ خىرە - شىرە كۆرۈنۈۋاتقان توغراقلىق تەرەپنى كۆرسەتتى . نىياز هېكىمبەگ

مىراخور كۆرسەتكەن تەرەپكە بىرھازا قارىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا دوق قىلغاندەك دېدى :

— كۆزۈڭنى ئېچىپ قاراپ باق مىراخور ، كېلىۋاتقىنى كارۋان بولماي نېمە !

— كارۋان ؟ كارۋانبېشى يا يولدىن ، يا ئەقلىدىن ئاداشقان ئادەم بولسا كېرەك ئېھتىمالىم ، بولمىسا ئۆزىنىمۇ ، خىزمەتچىلىرىنىمۇ قىيناپ نېمە قىلاتتى بۇ چۆلدە ؟

— ھىم ، سەن نېمىنى بىلەتتىڭ ، ئاغزىڭغا بېقىپ گەپ قىل سەت مىراخور .

«ئۇينىڭ مۇڭگۈزىگە ئۇرسا تۇيىقى سىرقىراپتۇ» دېگەندەك ، مىراخورنىڭ ئويلىمايلا دېگەن گېپىدىن نىياز ھېكىمبەگنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى تۇتتى .

نىياز ھېكىمبەگنىڭ دېگىنى توغرا بولۇپ چىقتى ، باياتىن بېرى كۆيۈۋاتقان قۇملۇقلار ، تۆپىلىكلەر ئارىسىدا مىغىلدىشىپ كېلىۋاتقان بۇ «چۇمۇلە» لەر بارا ـ بارا يوغىناپ ، ئات ـ قېچىرغا ، ئادەمگە ئايلانغانىدى . ئۇلار ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا ئاشۇ كارۋان بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئىشارىتى بىلەن ، مەھرەمبېشى ئېتىنى بىر قامچا ئۇرۇپلا كارۋاننىڭ ئالدىغا باردى ـ دە :

— توختاڭلار ، — دېدى ، كارۋانبېشى سىياقىدىكى سالاپەتلىك بىر ئادەمگە قاراپ .

كارۋان توختىدى . شۇ ئەسنادا ، ئېتىنى دېۋىتىپ نىياز ھېكىمبەگمۇ يېتىپ كەلدى ۋە سورىدى :

— قايسىڭلار كارۋانبېشى ؟

— مانا مەن ! — ھېلىقى سالاپەتلىك ئادەم ئوڭ قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ جاۋاب بەردى ۋە قايتۇرمىلاپ سورىدى ، — سىلەر نېمە ئادەم ؟ نېمىدەپ يولىمىزنى توسۇسىلەر ، قاراقچى بولساڭلار كاللاڭلاردىن ھېزى بولۇڭلار ، يولۇچى بولساڭلار يولۇڭلارغا مېڭىڭلار !

كارۋانبېشىنىڭ ھېيقىماي ، تەپ تارتماي سۆزلەشلىرى نىياز ھېكىمبەگنىڭ سەپراسىنى ئۆرلىتىۋەتتى . ئۇ مەھرەملەرگە قاراپ ۋارقىرىدى :

— نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسىلەر ، باغلىمامسىلەر بۇ پوچى ئەبلەخنى !

مەھرەملەر ئولاش - چولاش بېرىپ ، كارۋانبېشىنىڭ قوللىرىنى كەينىگە قايرىۋىدى ، ئۇستىخانلىرى غىرسلاپ كەتتى . كارۋانبېشىمۇ بوش كەلمەي دېدى :

— سەلتەنەتلىك ئەمىرلەشكەر موللاجى تۇراپ جانابلىرىنىڭ كارۋانبېشىغا مۇنداق بىئەدەپلىك قىلىشقا بېشىڭلار ئۇنىمدى ؟

— موللاجى تۇراپ ؟ — نىياز ھېكىمبەگ كارۋانبېشىغا يېقىنراق كەلدى .

— شۇنداق ، بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر ئەمدى ، ئىشەنمىسەڭلا بۇ كۇمۇش دەستەكنى كۆرۈپ بېقىڭلار ، يول توسۇغان گۇناھىڭلارغا توۋا قىلىپ قالساڭلار ئەجەب ئەمەس !

كارۋانبېشى سەللىسىنىڭ قېتىدىن پارقىراپ تۇرغان كۇمۇش دەستەكنى ئېلىپ مەھرەمبېشىغا ئۇزارتتى ، مەھرەمبېشى ئۇنى نىياز ھېكىمبەگنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى .

نىياز ھېكىمبەگ ئەمىرلەشكەرنىڭ خاس خادىملىرىدىلا بولىدىغان كۇمۇش دەستەكنىڭ ئالدى - كەينىگە قاراپ چىققاندىن كېيىن بىردىنلا ئىشىنىڭ تېگىگە يەتتى . بۇ سىرلىق كارۋاننىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى بىلىشكە قىزىقىپ قالدى - دە ، يالغاندىن كۇلۇمسىرەپ قويۇپ سورىدى :

— سىلەرنىڭ ئەمىرلەشكەر ئەۋەتكەن كارۋان ئىكەنلىكىڭلارغا سۆزسىز ئىشەندۇق ، بىراق بۇ كارۋاننىڭ نېمە ۋەجىدىن قوزغالغىنىنى ۋە قايسى مەنزىلگە يەتمەكچى بولغىنىنى بىلىشكە بولارمىكىن ؟

كۇمۇش دەستەكنىڭ ئۆز كۇچىنى كۆرسەتكىنىگە خۇشال بولغان كارۋانبېشى «قانچىلىك ئىش ئىدى ، دەپ بەرسەم بېرەي»

دېگەن يەرگە كەلدى ۋە :

— ئەمىرلەشكەرنىڭ يارلىقىغا بىنائەن خوتەن خەزىنىسىدىن يۆتكىلەنگەن بۇ پادىشاھلىق دۆنيانى ئاقسۇغا ۋە بەدەل داۋىنى ئارقىلىق پەرغانىگە ئېلىپ ماڭدۇق . قەشقەر يولى ئەنسىز بولغىنى ئۈچۈن بۇ يولدىن ماڭغانىدۇق ، كىم بىلسۇن ، يەنە سىلەرگە ئۇچرىشىپ قالدۇق .

— بۇ مۈشكۈل يولدىن مېڭىشقا جۈرئەت قىلغان كارۋانبېشىنىڭ نام ـ ئەمەللىرى نېمىكىن ؟

— خەير ، بىلىپ قالساڭلار ئارتۇق كەتمەس ، كەمىنە كارۋانبېشى ئوبۇلقاسىم ئەندىجانى ئەمىرلەشكەرگە بىر نەۋرە تۇغقان كېلىمەن ، نەچچە ئون كۈن ئىلگىرى ئاكام موللاجى تۇراپنىڭ ئىلتىماسى بىلەن كارۋاننى باشلاپ قەشقەردىن كەلگەنمەن .

كارۋانبېشى كەينىگە بۇرۇلماقچى بولۇۋىدى ، نىياز ھېكىمبەگ دىمىغىدا كۈلۈپ قويۇپ ، ئۇنى توختاشقا بۇيرۇق قىلدى :

— ھۆرمەتلىك كارۋانبېشى ، ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكلىرىنى بىلىۋالدۇق ، كەمىنىلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلگۈلىرى يوقمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن .

— قېنى سۆزلىسىلە ، بۇنداق پېژغىرىم چۆلدە ئەزمىسىنى ئېزىدىغان كاپ ـ كاپ ئادەم بىلەن ئەسلا خۇشۇم يوق !

— خەير ، سىلىمۇ بىلىپ قالسىلا ، — نىياز ھېكىمبەگ كارۋانبېشىنىڭ تەلەپپۇزىنى دوراپ دېدى ، — كەمىنىلىرى خوتەن ھاكىمبېگى نىياز ھېكىمبەگ بولىمەن ، موللاجى تۇراپ دېگەنلىرى پېقىر ھاكىمبەگنىڭ قول ئاستىدىكى رەسۋايىجاھان ئەمىرلەشكەر بولىدۇ !

— نىياز ھېكىمبەگ ! — كارۋانبېشى بېشىغا قامچا تەگكەندەك تولغاندى ، — خاقانى چىن تەرەپكە قېچىپ كەتكەن نىياز ھېكىمبەگمۇ ؟

— ئەمىرلەشكەر شۇنداق دېدىمۇ ؟

— دەل تاپتىلا ، ئەمىرلەشكەر جانابلىرى شۇنداق دېگەن . ئۇ

يەنە «نىياز ھېكىمبەگ ئىلگىرى مۆرتەتلەر تەرىپىدىن مۇسۇلمان پادىشاھى تەرەپكە ئۆتكەن، ئەمدى يەنە مۆرتەتلەر پادىشاھى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى» دېگەن...

— ھە، شۇنداقمۇ تېخى، — نىياز ھېكىمبەگ چۆلنى بېشىغا كىيىپ كۈلۈپ كەتتى ۋە مولىلاجى تۇراپقا خىيالەن جاۋاب بەرگەندەك، پىچىرلىدى:

«ھەي بىچارە ئەخمەق، پالانى پالانچى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ، دېگەنمۇ گەپ بولامدۇ، ئۆتۈپ كەتسە نېمە بوپتۇ؟ جاھاندا مەنپەئەت تۇگىگەن يەردىن قاچمايدىغان زادى قانچىلىك ئادەم بار، مەنپەئەت بار يەرگە يۈگۈرمەيدىغان يەنە قانچىلىك ئادەم بار؟ ئىشەنمىسەڭ، ئۆزۈڭگە سەپسېلىپ قاراپ باق، قىزىڭنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئەمىرلەشكەرلىك مەنسىپىنى بىر پارچە لوق گۆشتەك ئالدىڭغا تاشلىۋىدىم، قۇيرۇق شىپپاڭلىتىپ ئايىغىمغا باش قويمىدىڭمۇ؟ ئەتراپىڭغا قاراپ باق، قايسى زىرائەت سۇ بار يەرگە قاراپ يىلتىز سوزمايدۇ؟ ئاسمانغا قارا، قايسى قۇش دان بار يەرگە ئۇچمايدۇ؟ ئەقىللىق قۇش دانلا بولىدىكەن، قوناقمۇ، بۇغدايمۇ، تېرىقمۇ، تاللاپ ئولتۇرمايدۇ، ئىش تەۋرىتىپ دەۋران سۈرمەكچى بولغان دانا ھاكىم، مەنپەئەتلا بېرىدىكەن، پادىشاھنى مۆرتەت، مۇسۇلمان دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ. تېخىمۇ دانالىرى بولسا، نۇسرەت كەتكەن پادىشاھنىڭ بېشىغا دەسسەپ، نۇسرەت تاپقان پادىشاھنىڭ پېشىنى تۇتىدۇ. شاھلىق تاجى بىر شاھقىلا باقمەندە بولمىغىنىدەك، ھاكىممۇ بىرلا پادىشاھقا قارام ئەمەس، ‹قېشىڭدا كىم بولسا چىرايلىقلىقى شۇ، بېشىڭنى كىم سىلىسا ماشايىخىڭ شۇ› دېگەن تەمسىلمۇ بىكار چىقمىغان ـ دە؟...»

نىياز ھېكىمبەگ ئىسسىقتىن سالپىيىپ كەتكەن قاپاقلىرىنى تۇردى:

— مەھرەمبېشى!

— لەببەي، جانابلىرى!

— پۇل ـ مال ۋە مۇھىم مەلۇمات ئەكەلگىنىنىڭ يۈز ـ

خاتىرىسى ئۈچۈن بۇ مەمەدان كارۋانبېشىنىڭ پېيىنى قىرقىپ قويۇپ بېرىڭلار ، ئۇ تىرىك تۇرۇپ دوزاخ ئازابىنى تارتسۇن . قالغانلىرىنى بىرىنى ساق قويماي قىلىچتىن ئۆتكۈزۈڭلار ، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئاتقا ئارتىپ ، قالغىنىنى ئاۋۇ توغراقنىڭ تۈۋىگە كۆمۈپ قويۇڭلار ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئەسقېتىپ قالار !

— باش ئۈستىگە ، جانابلىرى !

كارۋانبېشى : «سەن يالغانچى ، سەن نىياز ھېكىمبەگ ئەمەس» دەپ چالۋاقاشقا باشلىغاندا ، شېرىپ شەيتان ئۇنى كونا تامنى ئۆرۈگەندەك ئۆرۈپ يەرگە باستى . ئوشۇقىنىڭ كەينىگە بىرلا تىغ ئۇرۇپ ، پاچىقىنىڭ پېيىنى قىرقىپ تاشلىدى .

كارۋانبېشىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ، يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكەن كارۋان خىزمەتچىلىرىنىڭ داد ـ پەريادىغا ھېچكىم قۇلاق سالمىدى . بىر ـ بىرلەپ كېسىلگەن باشلار نەچچە دومىلىنىپ ، قىزىق قۇم ئۈستىدە ھەرىكەتتىن توختىدى . ئولجا ـ غەنىيمەتلەر ئات ـ قېچىرلىرى بىلەن قوشۇپلا خوتەن يولىغا ھەيدەلدى .

دەريا ئەگمىسىدىكى لايلەتما ئۈچ بۇرجەكتە كۆكلەپ تۇرغان بىر پارچە توغراقلىق ھايال ئۆتمەي يەنە جىمجىت ھالىتىگە قايتىپ كەلدى...

ئەسلىدە ، قاغا قانىتىدەك قاراڭغۇ بولغان ھېلىقى كېچىسى ئاقسۇدىن ئۇن ـ تىنسىزلا قېچىپ چىققان نىياز ھېكىمبەگ ساداقەتمەن ياساۋۇل ـ مەھرەملىرىنى ئەگەشتۈرگىنىچە ئاۋاتتىن ئۆتۈپ ، خوتەن دەرياسىغا ئۇلىشىۋالغانىدى . ئۇ بۇ سەپىرىدە ئۇدۇل جەنۇبقا قاراپ يول ئېلىپ ، مازارتاغ ، تەۋەككۇل ، دۆڭئېرىق دېگەن كەنتلەردىن ئۆتتى ، ھەر مەنزىلدە ئات ئالماشتۇرۇپ ، سەپىرىنىڭ ئون ئالتىنچى كۈنى كېچىسى خوتەن شەھىرىگە كىرىپ كەلدى . ئۇ سەپەردىن قايتىپ كېلىپلا ، موللاجى تۇراپ بىلەن قەدىناسلارچە قۇچاقلىشىپ ، قوبۇلخانىدا تاڭ ئاتقۇچە ئەھۋاللاشتى . سۇلالە چېرىكلىرى ، ياقۇپبەگنىڭ ئۆلۈمى ، ئاقسۇدىكى خان تالىڭى ، قاغا

www.uyghurkitap.com

بويالغان كارۋان توغرىسىدا ھېچقايسىسى ئېغىز ئاچمىدى. يول ئازابىنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتكەن نىياز ھېكىمبەگ ياش خوتۇنى لالە بىبى بىلەن چالا - پۇچۇق كۆرۈشتى - دە، ئەمىرلەشكەرنى يەنە چىللاپ كېلىپ، بۇرۇنغا چالما تىزغىلى تۇردى. ئۇنىڭغا:

— پاھ، پاھ، پاھ، ئەمىرلەشكەر دېگەن ئۆزلىرىدەك بولسا، لالەخانىنىڭ دەپ بېرىشىچە يۇرتنى پاراسەت بىلەن باشقۇرۇپ، لەشكەرلەرنى قاتتىق مەشىققە ساپتىلا، ئاڭلىسام، بەزى پەرغانىلىك لەشكەرلەر ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان سارىنمۇ ئېتىپ چۈشۈرەلەيدىكەن، بىر پەشۋا بىلەن ئون ئادەمنى تىك موللاق ئاتقۇزالايدىكەن. بۇ راستمۇ، جانابلىرى؟ — دېدى. ھاكىمبەگنىڭ گېپىنى زوق - شوق بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغان موللاجى تۇراپ كۆچلۈك شامالغا دۇچ كەلگەن توخۇ پېيىدەك ئۇچۇپ كەتتى ۋە كېرىلىپ تۇرۇپ:

— ھەي، قىزىم لالە بىبىزە، دادىسىنى شۇنداقمۇ كەمسۈندۈرگان بارمۇ؟ يۇرتنى باشقۇرۇشنىغۇ باشقۇردۇق، لەشكەرنى مەشىققىمۇ سالدۇق، شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، بەزى پەرغانىلىك لەشكەرلەر شۇنداق مەرگەن بولۇپ كەتتىكى، ئاسماندىكى سار ئۇياقتا تۇرسۇن، قۇشقاچنىمۇ بىر پاي ئوق بىلەنلا ئېتىپ چۈشۈرەلەيدۇ، — دېدى ماختىنىپ.

نىياز ھېكىمبەگ كۈلۈمسىرەپ، كۆزلىرىنى بىرقىسما خۇمارلاشتۇردى ۋە بېشىنى چايقاپ دېدى:

— ھەي، تازا ئىشەنگۈم كەلمەي تۇرىدۇ، جاھاندا بۇنداقمۇ مەرگەن لەشكەر بولارمۇ، باشمالتاقچىلىك قۇچقاچ، يەنە كېلىپ ئۇ ئاسماننىڭ قەرىدە دېسىلە...

— بۇنىڭ ئىشەنمەيدىغان نېمىسى بار، جانابلىرى؟

— دەيمەنا...

— ھەي... — موللاجى تۇراپ تۆردىن پەگاھقىچە ۋە پەگاھدىن تۆرگىچە گۈس - گۈس دەسسەپ مېڭىپ چىقتى ۋە تۇيۇقسىز ئەقىل تاپقاندەك نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئالدىدا توختاپ، دېدى:

— هاكىمبەگ جانابلىرى ، ئىشەنمىسلە ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ ئاندىن بىرنىمە دېسىلە قانداق ؟

— بولىدى ، باغلىشلى ، دېگەنلىرى راست بولسا ئامراق ئارغىمىقىمنىڭ مېھرىدىن كەچتىم ئەمىسە !

مەسلىھەت شۇ يەردە توختىدى . ئەتىسى ئەتىگەن قۇياشى ئوردا قۇببىسىنىڭ ئۈستىگە قونغان چاغدا جىمى ئاتلىق ، پىيادە لەشكەرلەر ئوردا ئالدىدىكى كەڭ سەيناغا ھازىر قىلىندى . پەرغانىلىك لەشكەرلەر سەينانىڭ ئوڭ تەرىپىدە ، يەتتە شەھەرلىك لەشكەرلەر سول تەرىپىدە سەپ تۈزدى . ئوردا دەرۋازىسىدىن سۆلەت ـ سالاپەت بىلەن چىقىپ كەلگەن نىياز ھېكىمبەگ سەل ئېگىزگىرەك جايلاشتۇرۇلغان تەختتە ئولتۇرۇپ ، خۇددى چاقماق چۇشكەندەك يورۇپ تۇرغان سەيناغا كۆز يۈگۈرتتى . سەينا ئوتتۇرىسىدا موللاجى تۇراپ ئۇنىڭ ئىجازىتىنى كۈتۈپ تۇراتتى . نىياز ھېكىمبەگ ئۇنىڭغا قاراپ «قېنى ئەمىسە ، كارامىتىڭنى كۆرسەت » دېگەندەك مەنىدە بېشىنى لىڭشىتتى . موللاجى تۇراپ تۈيىقى قىزىپ كەتكەن ئارغىماقتەك گىدىيىپ ، بىر قولىنى بېلىگە تىرىدى ، يەنە بىر قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ لەشكەرلەرگە ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن دېدى :

— ئى باھادىر ئەزىمەتلەر ، سىلەرنى ھاكىمبېگىمگە ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان قۇشقاچنى ئېتىپ چۈشۈرەلەيدۇ دەپ داڭلاپ بەردىم ، قېنى جاۋاب بېرىڭلار ، بۇ راستمۇ ؟

— ھەق راست ! — نەچچە يۈز لەشكەرنىڭ ئاۋازى بۇلۇتلاردىن ھالقىپ كەتتى .

— قېنى ئەمىسە ، ئالىم دەھبېشى ، نەۋرۇز مەرگەنلەر مەيدانغا چۈشۈپ ھاكىمبەگ جانابلىرى ئالدىدا كارامەتلىرىنى كۆرسەتسۇن !

— باش ئۈستىگە ، جانابلىرى !

بىرى قوناق شېخىدەك ئېگىز ، بىرى كۆتەكتەك پاكار ئىككى لەشكەر پەرغانىلىكلەرنىڭ سېپىدىن ئايرىلىپ چىقتى ـ دە ، ئۇدۇل يۈرت كاتتىلىرى ئالدىغا كېلىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ، كەينىگە

www.uyghurkitap.com

يېنىپ سەينانىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ توختىدى، ئاندىن مىلتىقلىرىنىڭ قوندىقىنى يەرگە قويۇپ، قەددىنى رۇسلاپ پەرمان كۈتۈپ تىك تۇردى.

— قېنى ئېتىڭلار!

موللاجى تۇراپنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەڭ، بىر توپ ئاق كەپتەر لەشكەرلەر ئارىسىدىن قانات قاققان پېتى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. سەينا ئاسمىنىدا تولۇق بىر ئايلىنىپ چىققان كەپتەرلەر لەشكەرلەرنىڭ باش ئۈستىگە قايتىپ كەلگەندە ئارقا - ئارقىدىن ئېتىلغان ئوق ئاۋازىغا ئەگىشىپلا سىپپى چۈۋۈلدى. ئەجىلى توشقان ئىككى ئاق كەپتەر پەسكە قاراپ موللاق ئاتتى. ئۇدۇل نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ قاناتلىرىنى پالاقلىتىپ بىردەم جان تالاشقاندىن كېيىن ئاندىن جىمىپ قالدى.

موللاجى تۇراپ مەرگەنلەرگە قول پۇلاڭلىتىپ: «يارايسىلەر، يارايسىلەر» دېگىنىچە كارامەت كۆرگەندەك ھاڭ - تاڭ قالغان نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا تازا بىر ماختىنىۋالدى:

— ھاكىمبېگىم، لەشكەرلىرىمنىڭ مەرگەنلىكىگە ئەمدىغۇ ئىشەنگەندىلا، — دېدى ئۇ نىياز ھېكىمبەگكە سىڭايان قاراپ. نىياز ھېكىمبەگ چاۋاك چالغان پېتى تەختتىن چۈشۈپ موللاجى تۇراپنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ تەبرىكلىدى ۋە قوللىرىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

— ئەمىرلەشكەر جانابلىرى، ئۆزلىرىدىن يەنە بىر ئۆتۈنۈشۈم بار ئىدى. بىلمىدىم، دەيمۇ، دېمەيمۇ، — دېدى قورۇنغان قىياپەتتە.

موللاجى تۇراپ ھاكىمبەگنىڭ ئەدەپ بىلەن تەكەللۇپ قىلىشۋاتقىنىنى شەرەپ دەپ بىلدىمۇ ياكى نەچچە مىڭ جۈپ كۆز ئالدىدا ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشىنى قوبۇل كۆرۈپ يۈز تاپماقچى بولدىمۇ، مەردلەرچە مەيدىسىگە ئۇرۇپ:

— قانداق ئۆتۈنۈشلىرى بولسا دەۋەرسىلە، بېگىم قولۇمدىن كېلىدىغانلىكى ئىش بولسا خىزمەتلىرىگە تەييارمەن، — دېۋىدى،

بۇ گەپ نىياز ھېكىمبەگنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى .

— پەرغانىلىك بۇرادەرلىرىمنىڭ مەرگەنلىكى كەمىنە ھاكىمبەگنى راستتىنلا ھەيران قالدۇردى ، — دېدى ئۇ ئۆتۈنۈشىنى ئالدىرىماي - تېنىمەي ئىزھار قىلىپ ، — ئۇشبۇ دەمدە بۇ بۇرادەرلەرنىڭ جانبازلىق ماھارىتى قانداقراقكىن دېگەن بىر سوئال كۆڭلۈمدە كېزىپلا يۈرىدۇ...

— ۋاي - ۋۇي ، لەشكەرلىرىمنى باشلاپ بېرىپ شەھەر ئالدىغان ئىشمىكىن دەپتىمەن ، — دېدى موللاجى تۇراپ ۋە شۇ ھامان لەشكەرلەرگە بۇيرۇق قىلدى :

— قورالنى تاشلا !

— ئىككىدىن سەپ بولۇپ ئوتتۇز قەدەم ئالدىغا !

— ھەربىرىڭنىڭ ئالدىدا بىردىن دۈشمەن ، بازغاندەك مۇشتۇمۇڭ بىلەن سەينادىن سۈرۈپ چىقار !

لەشكەرلەر ئەمىرلەشكەرنىڭ دېگىنىنى قىلىپ ، مىلتىقلىرىنى ئوقى بىلەن ، قىلىچلىرىنى قىنى بىلەن تۇرغان يېرىگىلا تاشلاپ قويۇشتى - دە ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئالدىغىراق كېلىپ سوقۇشقاق خورازلاردەك تۇتۇشقىلى تۇردى . دەل شۇ چاغدا ئۇلار ئۇخلىسىمۇ چۈشىگە كىرمەيدىغان بىر ئىش يۈز بەردى . نىياز ھېكىمبەگ چىڭقىلىپ تۇرۇپ بىرلا يۆتىلىۋىدى ، بىر كېچىدىلا ئۆزگىرىپ ھاكىمبەگكە ئەل بولغان يەرلىك لەشكەرلەر بوراندەك باستۇرۇپ كېلىپ قالايمىقان تاشلىنىپ ياتقان قورال - ياراغلارنى جاڭگالدىن ئوتۇن تەرگەندەك تەرگىلى تۇردى . سەينانىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى قويۇق دەرەخلىكتىن يولۋاستەك ئېتىلىپ چىققان يەنە بىر بۆلۈك لەشكەر مىلتىق - قىلىچلىرىنىڭ ئۇچىنى بىر - بىرى بىلەن بەخىرامان مۇشتلىشىۋاتقان جانباز لەشكەرنىڭ دۈمبىسىگە تاقاپ ئۇلگۈردى . خۇددى چۆلدە قالغان تەنھا يولۇچىدەك تېڭىرقاپ قالغان موللاجى تۇراپ تۇتقۇن لەشكەرلەر قاتارىدا زىندانغا تاشلانغاندىلا ، ئاندىن ھاكىمبەگنىڭ قاپقىنىغا چۈشكىنىنى بىلىپ ، لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلىدى...

خوتەندە ئون نەچچە يىل دەۋران سۈرگەن موللاجى تۇراپ ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى قۇدۇقتا چۈشكەن تاشتەك غايىب بولدى. ئۇلارنىڭ ئورنىنى كەڭ قاسقانلىق ئىگىز تەلپەك، قارا تەگلىك چەكمەن چاپان كىيگەن يەرلىك لەشكەرلەر ئىگىلىدى. خوتەن پۇقرالىرى ئارىسىدا: «خاقانى چىن چىرىكلىرى كېلىۋاتقۇدەك»، «ئاھ ـ دادىمىز ئاللاغا يەتكەنمىش» دېگەندەك مىش ـ مىش پاراڭلار خېلى كەڭرى تارقىلىپ يۈرگەن بىر پەيتتە، سەزگۈر كوچا مىرشەپلىرى كىيىۋالغان جەندە كۇلاھى بىلەن مۇسۇلمان سەرگەردانلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان، ئەمما قاپاقلىرى قوي ئۆتىدەك كۆكىرىپ، كۆك مونچاقتەك ساڭگىلاپ تۇرىدىغان، گازىر كۆز، پاناق بۇرۇن بىر ئادەمنى تۇتۇۋېلىشتى ۋە ئۆز تەلىپى بويىچە نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئالدىغا ئەكېلىشتى. نىياز ھېكىمبەگ بۇ تۇتقۇننى كۆرۈپلا قاتتىق تېرىكىپ كەتتى:

— جاھان مالىماتاڭ بولۇۋاتقان بىر چاغدا بۇ يەرگە كەلگەنلىرى نېمىسى ئەمدى؟ — نىياز ھېكىمبەگ قەلەندەر قىياپىتىدە ياسىنىۋالغان قۇدالىينى بىر قاراپلا تونۇۋالدى ۋە مىرشەپ، مەھرەملەرنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ ئىككىسى خالىي قالغاندىلا ئاندىن ئېغىز ئاچتى.

— كەلمىسەم بولمىدى، بېگىم، بۇ باشقا، مانا ماۋۇ باشقا كۈن چۈشتى، — مەقسىتىنى ئۇقتۇرالماي قىلىشىدىن قورقتىمۇ، قۇدالاي سۆزلەۋېتىپ كىچىك بالىدەك بېشىنى تۇتتى ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئاسمانغا ئىشارەت قىلدى.

— قېنى سۆزلىسىلە باشلىرىغا زادى قانداق كۈن چۈشتى؟

— قىزىمنىڭ ئېرى، ياق، قوشبېگى ئالىيلىرى كورلا تەرەپتە ئۆلۈپ كەتتى.

— ھە، شۇنداق بوپتۇمۇ تېخى؟ يەنچۇ؟

— چوڭ بەگزادە بېكقۇلىبەگ ئوتتۇرانچى بەگزادە ھەققۇلىبەگنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

نىياز ھېكىمبەگنىڭ قۇلاقلىرى بىرەر يات تىۋىشنى ئاڭلاپ

قالغان سەزگۈر ئاتنىڭ قۇلاقلىرىدەك دىك بولدى ۋە ئالدىراپ سورىدى :

— بېككۇلبەگ ھەققۇلبەگنى ئۆلتۈرۈۋەتتى دېدىڭمۇ؟ ئاكىسى ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى دېگەن نېمە گەپ ئۇ!

— شۇنى دېمەمدىلا، جانابلىرى زامانە ئاخىر بولغاندا ئاتا ـ بالا، ئاغا ـ ئىنى بىر ـ بىرىگە باقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، دېيىشىدىكەن خەقلەر، بەلكى راستتىنلا زامانە ئاخىر بولۇۋاتسا كېرەك.

— قېنى سۆزلىسىلە، بۇ كۆڭۈلسىزلىكنىڭ ۋەجى نېمىكەن؟

— نېمە بولماقچىدى، ئاداۋەت بولمامدۇ، ئەسلىدە ھەققۇلبەگ بەگزادە ئاتالىق غازى ئالىيلىرىنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ قەشقەر تەرەپكە كېلىۋېتىپتىكەن، ئۇ قەشقەرگە كەلمەستىنلا «ھەققۇلبەگ بەگزادە ئالىيلىرىنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ قەشقەرگە كەتتى. ئۇنىڭ نىيىتى ياماندەك تۇرىدۇ، پادىشاھ بولۇۋېلىشىدىن ئاگاھ بولغايلا» دېگەن بىر نامە بېككۇلبەگ بەگزادىنىڭ قولىغا يېتىپ بېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن چوڭ بەگزادە كۆۋرۈك دېگەن يەرگىچە ئالدىغا بېرىپ ھەققۇلبەگنى ئېتىپ تاشلاپتۇ. ئاڭلىغانلىرىم مانا مۇشۇ.

— ھەي، بەك يامان بوپتۇ جۇمۇ، ئارىغا ئاداۋەت سالغان كىمدۇ زادى؟

— مىش ـ مىش گەپلەرگە قارىغاندا، بۇ تەرىپى تېخى نامەلۇم ئىمىش. بەگزادىنىڭ قولىغا يەتكەن بۇ نامىگە ھېچقانداق مۆھۈر بېسىلمىغانىكەن.

— ھە، مۇنداق دېسىلە...

نىياز ھېكىمبەگنىڭ يامغۇردىن كېيىنكى ئاسماندەك ئېچىلىپ كەتكەن چىرايىغا قانائەت كۈلكىسى ئولاشتى. «توختاپ تۇر، يەنە بىردەم گەپكە سېلىپ باقمايمەنمۇ، ئاغزىدىن تۆكۈلگەن ئەخلەت ئارىسىدىن بىرەر تال گۆھەر تېپىۋېلىشىممۇ مۇمكىن» دەپ ئويلىغان نىياز ھېكىمبەگ قۇدالاينىڭ ئاغزىنى كوچىلاشقا باشلىدى:

— باياتىن بىشىمغا كۆن چۈشتى ، دېگەندەك قىلىشىۋېتىشقۇ ، ئۆلسە بەگزادە ئۆلۈپتۇ ، بىراق سىلىنىڭ باشلىرىغا كۆن چۈشكىنى نېمىسى ئەمدى ؟ — دەپ سورىۋىدى ، قۇدالاي ئىما ـ ئىشارەت بىلەن قوشۇپ جاۋاب بەردى :

— خەۋەر تاپتىلىمىكىن ، ھاكىمبېگىم ، چوڭ بەگزادە ئوتتۇرانچى بەگزادىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن دەرھال ئۆمەرقۇل دادخاھ باشلىق ئون بەش مىڭ لەشكەرنى ئاياغقا تۇرغۇزۇپ ، ئاقسۇدا پادىشاھ بولۇۋالغان ھېكىمخان تۆرىگە قارشى ئاتلاندى . ئۇلار ئاقسۇنىڭ يايدى دېگەن يېرىدە شۇنداق قاتتىق ئۇرۇشتىكى ، ھاي ، ھاي ، نېمىسىنى دەيدىلا ، ئۆلگىنى ئۆلدى ، ئۆلمەي قالغان ھېكىمخان تۆرە بەش مىڭ لەشكىرىنى ئېلىپ پەرغانە تەرەپكە قېچىپ كەتتى .

— راست شۇنداق بولدىمۇ ، يەنچۇ ؟

— يەنە ، بېكقۇلىبەگ بەگزادە ھېكىمخان تۆرىنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن ، ئاقسۇغا ئابدۇراخمان دادخاھنى ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلەپ ، ئۆزى قەشقەرگە قايتىپ كەلدى...

— بەگزادىنىڭ قايتىپ كېلىشى بىلەن بىشىمغا كۆن چۈشتى دېمەكچىمۇ سىلى ، بۇنى نېمدەپ چۈشەنگۈلۈك ئەمدى ؟ — نىياز ھېكىمبەگ بىتاقەت بولۇپ قۇدالاينىڭ گېپىگە لوقما سالدى . قۇدالاي جىددەك توختاپ دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى :

— گەپنىڭ چوڭى ئەمدى چىقىدۇ ، ھاكىمبېگىم ، چوڭ بەگزادە بىلەن بىللە قايتقان پانساتلارنىڭ قىزىمغا دەپ بېرىشىچە ، سۇلالە چېرىكلىرىمىز ئۇرۇمچى تەرەپنى قولغا ئېلىپ بۇ تەرەپلەرگە قاراپ سۈرۈلۈۋېتىپتۇدەك ، ئۆزلىرىگە مەلۇم ، سۇلالە چوڭلىرى دۈشمەنگە ئەل بولغان ، خىزمەت قىلغان ئادەمنى ئەزەلدىن كەچۈرگەن ئەمەس ، قاتمۇقات مۇھاسىرىدە قېلىپ جان تاتلىق تۇيۇلغاندا چېرىكلىرىم بىلەن بىللە باشقىلارغا باش ئېگىپتىمەن ، بەدۆلەت ئالىيلىرىغا قىزىمنى بېرىپ ، توپچى لەشكەرلەرگە سەردار

بوپتىمەن. ئەگەر ئۇ چېرىكلەر كېلىپ قالسا پەقەت مۇشۇنىڭ ئۇچۇنلا بېشىم كېتىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئايىغى قەشقەرگە يەتمەستە ئۆزلىرىنى پاناھ تارتىپ كېلىشىم، سىلىدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، جېنىنى ھەلقۇمغا كېلىپ قالغان مەندەك بىر قېرىغا ئائىتدارچىلىق قىلغايلا، بېگىم.

نىياز ھېكىمبەگ قۇدالايغا كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى. «دېگەنلىرىڭ جايىدا قېرى تۈلكە، سۇلالە كاتتىلىرى ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغان ئادەمنى ئەزەلدىن ئەپۇ قىلغان ئەمەس، ئاشۇنداق ئاسىيلارنى تۇتۇپ بەرگەنلەرنىمۇ يېنىدىن قوغلاپ باققان ئەمەس. قاراپ تۇر، پەرغانىلىكلەرنىڭ ئەمىرلەشكىرى، خوتەندىكى جىمى يامان ئىشلارنىڭ ئىگىسى موللاجى تۇراپنى، ئاسىي چېرىكچى ئامبال، ياقۇپبەگنىڭ قېيناتىسى قۇدالايىنى تۇتۇپ بېرىدىغان كىشى مانا مەن بولىمەن. ئاخىرىدا ياقۇپبەگنىڭ زورى بىلەن ھاكىمبەگ بولغان، لېكىن ياقۇپبەگدىن ئون يىللاپ سىر يوشۇرۇپ خاقانىمىزنى، مانجۇ كاتتىلىرىنى كېچە - كۈندۈز ياد ئەتكەن بىر دىللىق، ساداقەتمەن ئەزىمەتمۇ مەن بولۇپ چىقىمەن. ئۇلار تۇزكورلۇق قىلغىنىڭ ئۇچۇن سېنى ئەيىبلىشىدۇ - دە، يات تائىپىگە باش ئېگىشتىن نومۇس قىلىپ سۇلالە ئۇچۇن جان پىدا قىلغان ۋاپادار دۇڭ دارېنى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادنى ئەسكە ئېلىشىدۇ. قاراپ تۇر، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا ئامان قالغان بىردىنبىر مەنۋى مىراسخورى يەنىلا مەن دۇڭ نىياز بولۇپ چىقىمەن، كېيىنچۇ؟ كېيىن سەن لەنەت - نەپرەت قايىنىمىغا غەرق بولىسەن، موللاجى تۇراپ بولسا جاللات ئالدىدا ئۆزىنى كۆرىدۇ. خوجا ئاكاڭچۇ؟ ئۇ پارقىراپ تۇرغان كونا سالاھىيەت ۋە يېڭى تۆھپىسىنىڭ يول باشلىشى بىلەن يەتتە شەھەرنىڭ، ھېچبولمىغاندا قەشقەرىيىنىڭ ھاكىمبەگلىك، ياق، خان ئامباللىق تەختىگە ئۆلىشىدۇ. روھىڭ كۆرۈپ قالىدۇكى، ۋاقىت ئون نەچچە يىللىق تارىخنى پاك - پاكىز ئۇنتۇلدۇرىدۇ، يەنە بىر يېڭى پادىشاھنىڭ قارىسى كۆرۈنگۈچە دۇڭ نىياز دۇڭ نىياز بولۇپ ھۆكۈم سۈرىۋېرىدۇ… »

قۇدالاي نىياز ھېكىمبەگنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىنى ۋە قانداق چوت سوقۇۋاتقىنىنى زادى بىلمەيتتى. لېكىن، ئۇنىڭ چىرايىدىكى تەمكىنلىك، بىغەملىك ۋە كۈلكە ئالامەتلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسىنى قۇدالاي مېنى مازاق قىلىۋاتىدۇ، دەپ چۈشەندى بولغاي، ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاش تەقدىرگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ئەسلىتىپ قويۇش غەرىزىدە ئۇنى چۆچۈتكۈدەك خەۋەردىن بىرنى ئوتتۇرىغا ئاتتى.

— ھاكىمبېگىم، ئۆزلىرىنىڭ يېقىندىن بۇيانقى بەزى ئىشلىرىنىڭ بېكقۇلىبەگنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بارغانلىقىدىن خەۋەرلىرى يوققۇ دەيمەن، — دېدى قۇدالاي پەرۋاسىز ھالدا. ئۇنىڭ بۇ گېپى نىياز ھېكىمبەگنى شىرىن چۈشتىن ئويغىتىۋەتتى. ئۇ:

— ھە، نېمە دېدىلە، بېكقۇلىبەگنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن نېمە ئىش ئىكەن ئۇ، — دەپ سورىدى ھېچنېمە ئۇقمىغان قىياپەتتە.

— نېمە ئىش بولاتتى، پەرغانىلىكلەرنى ئاردىن كۆتۈرۈۋەتكەنلىرىچۇ؟

— بۇنى كىمدىن ئاڭلىدىلا؟

«بۇ قېرى تۈلكە بېكقۇلىبەگنىڭ ئادىمى بولۇپ قالمىسۇن يەنە» دېگەن بىر ئوي نىياز ھېكىمبەگنىڭ كاللىسىدا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالدى ۋە بۇ گۇمان ئۇنى بىردىنلا سەگەكلەشتۈرۈۋەتتى. قۇدالاي مۇغەمبەرلەرچە ئاھاڭدا جاۋاب بەردى:

— بىزنى قاپاق دەپ چاغلىمىسىلا، ھاكىمبېگىم، ئوردا ئىچىدە ئانچە ـ مۇنچە ئۇلپەتلىرىمىزنىڭ بارلىقى سىلىگىمۇ ئايان. بەزى گەپلەر قۇلىقىمىزغا كىرىپمۇ قالىدۇ تېخى...

نىياز ھېكىمبەگ زورمۇزور كۈلۈمسىرەپ، قۇدالايغا ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇردى ۋە مۇلايىملىق بىلەن:

— نېمىلا دېگەنبىلەن، سىلى بىز تەقدىر ئارغامچىسىنىڭ ئىككى بېشىغا باغلانغان ئادەملەر. شۇنداق ئىكەن، بىر ـ بىرىمىزگە يار ـ يۆلەك بولمىقىمىز كېرەك. پەرغانىلىكلەرگە كەلسەك،

سىلىگىمۇ ئايدىڭ، ئۇلاردىن ئامەت قاچتى، بېكقۇلبەگ بۇ يەردىكى يۇرتداشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ بولغۇچە جاھاندا نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ، بۇنى خۇدادىن ئۆزگە ھېچكىم بىلمەيدۇ، — دېۋىدى، بۇ گەپ قۇدالايغا ماقۇل كەلمىدى. ئۇ:

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، بېگىم خەق نېمە كويدا، سىلى نېمە كويدا، بېكقۇلبەگنىڭ «ئالدى بىلەن نىياز ھېكىمبەگنى ئەدەپلەپ بولۇپ ئاندىن مانجۇلار بىلەن ئۇرۇشىمەن» دېگىنىنى ئادەملىرىم ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپتۇ، — دېدى.

— ئۇ شۇنداق دەپتۇمۇ؟ — نىياز ھېكىمبەگ ئىشىنەر-ئىشەنمەس سورىدى.

— كەمىنىلىرى ئوبدان بىلىمەن، ئۇ قىلىمەن دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغان ئادەم، بۇ تەرەپكە كېلىپلا قالسا ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقاننىڭمۇ پايدىسى يوق، كەمىنىلىرىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىدىن مەقسەتمۇ بېكقۇلبەگنىڭ ئايىغى يەتكۈچە بار مەسلىھەت ئىش قىلىپ جانىنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلىش…

قۇدالاينىڭ ئاغزىدىن سائەت چىققاندەكلا ئىش بولدى. غەزەپلەنگەن بېكقۇلبەگ جامادار دادخاھ، ئالىمباي پانسات قاتارلىق بىرقانچە ئەمىرلەشكەر ۋە يىگىرمە بەش مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى باشلاپ يەكەن ئارقىلىق كېلىپ، خوتەن زېمىنىغا قەدەم قويدى، دادىسىنىڭ ئۇدۇمىنى تۇتۇپ زاۋىغا ئورۇنلاشتى. قېچىش ھازىرلىقىنى قىلىۋالغۇدەك ۋاقىت چىقىرىشنى كۆزلىگەن نىياز ھېكىمبەگ ئون مىڭچە ۋاقىتلىق لەشكەر، ئوتتۇز نەچچە مىڭ تۇتقۇن چوماقچى بىلەن زاۋىغا كېلىپ بېكقۇلبەگنىڭ ئالدىنى توستى. توپ-زەمبىرەكلەرنىڭ گۈمبۈرلىشى يېرىم كۈنگىمۇ سوزۇلمىدى. ئۇرۇشتا بېكقۇلبەگ غالىب كەلدى. نىياز ھېكىمبەگ ئالتۇن-كۈمۈشلەرنىڭ ئاز بىر بۆلىكىنى ئات-قېچىرلارغا يۈكلىدى. چەمبەرچاس باغلانغان موللاجى تۇراپ بىلەن ھېلىقى سۆھبەتتىن كېيىنلا نەزەربەند قىلىنغان قۇدالايىنى لەشكەرلىرىنىڭ ئېتىغا مىنگەشتۈرۈپ، نىيە تەرەپكە قاراپ قويرۇقنى خادا قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قىرىق سەككىزىنچى باب

## دوست كىم، دۈشمەن كىم

مىلادىيە 1877 – يىلى دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئاچ ھال رەڭگە كىرگەن باش كۈز كۈنلىرىدە، گېنېرال تاڭ رېنخې ئازغىنە خىللانغان چېرىكلىرىنى باشلاپ توقسۇن قەلئەسىدىن چىقىپ كەلدى – دە، سۈبېشى، ئايغىربۇلاق دېگەن يەرلەرنى بىر ھۇجۇم بىلەنلا قولغا كىرگۈزدى. ئالاھازەل بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، دۈڭ فۇشياڭ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىر مىڭ بەش يۈز زەبەردەس چېرىك تاقىر تاغلارنىڭ ئارىسىدىن يېتىپ كېلىپ، تاڭ رېنخې چېرىكلىرىنىڭ كۈچىنى زورايتتى. چوڭ – كىچىك ئاتامانلىرىدىن ئايرىلىپ ئىگىسىز – سەردارسىز قالغان پەرغانىلىك لەشكەرلەرنىڭ تاغ ئارىسىدىكى خەندەك، پوتەيلەرنى تاشلاپ جەنۇبقا قاراپ بەدەر قېچىشى گېنېرال ليۇ جىنتاڭ[1] ئۈچۈن شۇنداق بىر ئەپلىك پۇرسەتنى يارىتىپ بەردىكى، ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئومۇمىي

---

① ليۇ جىنتاڭ (1844 — 1894) — خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شياڭشياڭ دېگەن يېرىدىن، تاغىسى بىلەن بىللە تەيپىڭ تيەنگو دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغان. 1870 – يىلى تاغىسىنىڭ خۇنەن كونا ئارمىيىسىگە قاتناشقان. 1876 – يىلى سەنشى – گەنسۇنىڭ باش ۋالىيسى زو زۇڭتاڭ ياقۇپبەگنى قوغلاپ چىقىرىپ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن لەشكەر تارتقاندا، باش قوماندان بولۇپ شىنجاڭغا كىرگەن ۋە ياقۇپبەگ بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، شىنجاڭنى تىنچلاندۇرغان. بۇ تۆھپىسى ئۈچۈن ئىككىنچى دەرىجىلىك تۆرىلىككە كۆتۈرۈلگەن. زو زۇڭتاڭ بېيجىڭغا قايتىپ رېۋىزور بولغاندا قۇمۇلدا تۇرۇپ ئىش بېجىرگەن ۋە شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى تۈزگەن. بۇيرۇققا بىنائەن، ئاۋۋال جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىگە يېڭى ئەمەلدارلارنى تەيىنلىگەن. ئارقىدىنلا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تۇنجى باش ۋالىيسى بولۇپ، ئۇرۇمچىدە تۇرغان. ھەرقايسى جايلاردىكى ۋالىي، ئىش بېجىرگۈچى ئامبال، باشلامچى ئامبال، بەگ قاتارلىقلارنى بىكار قىلىپ، ئۇيغۇرلار رايونىغا ئاقساقاللارنى تەيىنلىگەن، چېرىكلەرنى قىسقارتىپ، بوز يەر ئاچتۇرغان. كېيىنچە ئىجازەت بىلەن يۇرتىغا قايتىپ، شۇ يەردە ئۆلگەن.

هۇجۇم بۇيرۇقىنى چۈشۈردى . 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئىككى تەرەپتىن قاپساپ كەلگەن ئون بەش مىڭچە چېرىك كورلا شەھىرىگە ئامبۇرسمان ئاتاكا باشلىدى . كورلا شەھىرىنى قوغداپ ياتقان ھاجىبەگ ئازغىنە لەشكەر بىلەن ئانچە ـ مۇنچە تىركەشكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئاسانلا بەل قويۇۋەتتى ۋە شىمال ـ جەنۇب بوغۇزىدىكى بۇ مۇھىم شەھەرنى شۇ كۈنىلا قولدىن بېرىپ قويدى .

تىك تاغ جىراسىدىن چۈشۈۋاتقان سەل سۈرئىتىدە سىلجىۋاتقان لىۇ جىڭتاڭ قوشۇنلىرى بۇگۈر ، كۇچالارنى سۈر ـ توقاي قىلىپ ، ئۆگەن دەرياسىدا مۇز قاتقان كۈنلەردە ئۇدۇل بايغا كېلىپ چۈشتى . ئىككى غالىب قوشۇن ئەنە شۇ يەردە ئۇچراشتى ـ دە ، تېخىمۇ جەنۇبقا — ئاقسۇ ، قەشقەر تەرەپكە كۆز تىكتى...

خوتەندىن نىيىگە ، نىيىدىن چەرچەن ، چاقىلىق ئارقىلىق كورلا شەھىرىگە تۇتىشىدىغان ئۇزۇن يول قۇشنىڭ قانىتىنى ، ئادەمنىڭ ئايىغىنى سىنايدىغان مۇشەققەتلىك ۋە خەتەرلىك مۇساپە . ھالبۇكى ، يېشى ئاتمىشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان نىياز ھېكىمبەگ تا نىيىغىچە قوغلاپ كەلگەن ئۆلۈم مۇئەككىلىدىن قۇتۇلۇپ ، چۈشىدىكى خىيالىي مەنزىلگە يېتىشىش ئۈچۈنلا بۇ يولنى تاللىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى . ئون جېنىنىڭ توققۇزى چىقىپ بولغان موللاجى تۇراپ بىلەن قېرى قۇدالاينى قويۇپ تۇرغاندىمۇ ، يىگىرمە نەچچە كۈنلۈك مۇشكۈل سەپەر ئۇگە ـ ئۇگىلىرىنى ئاجرىتىپ ، ئۇستىخانلىرىنى گويا كونا جىنازىدەك شالاقلىتىۋەتتىيۇ ، ئۇنىڭ سەۋدايىلارچە ئىنتىلىشىنى ئاجىزلاشتۇرالمىدى . شۇنچە ئۇزاق سەپەردە بىرەر ئۆتەڭدىمۇ قونۇپ باقمىدى . ئۇيقۇ باسقان چاغلىرىدىمۇ پەقەت ئات ئۇستىدىلا مۇگدىۋالدى . تىزگىن تۇتقان قولى ۋە چىرايى خۇددى جىگدە قوۋزىقىدەكلا يېرىلىپ ، ياغ قاپىقىدەك قارىداپ كەتتى . چاپاق باسقان كۆزلىرى يىڭنە تۆشۈكىدەك كىچىكلەپ كەتتى . شۇنداقتىمۇ ئۇ قەدىمى ئېغىر كارۋان ۋە چۇمۇلىدەك ئۆمىلىشىپ كېلىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا مېڭىۋەردى .

بىراق ، «بىتەلەي سوْغا چىقسا ، قاپىقى سوْنوْپتوْ» دېگەندەك ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ كورلا دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلگەن ۋاقتى دەل سوْلالە كاتتىلىرىنىڭ كورلىدىن چىقىپ كەتكەن پەيتىگە توغرا كېلىپ قالدى . بۇ كېلىشمەسلىك سەۋەبىدىن پۇت ـ قولى بوشىشىپ ، تېنىگە تىترەك ئولاشتى ، سەپەر ھاردۇقى بىردىنلا ئۆزىنى كۆرسەتتى .

«پىلانىمنى بۇزۇۋەتكەنمۇ ، ئىشىمغا توپا چاچقانمۇ ئاشۇ ئۆلگۈر بىكقۇلىبەگ ، ئۇ نىيىدە تۆت كۈن ئاۋارە قىلمىغان بولسا بۇ يەرگە تۆت كۈن بۇرۇن يېتىپ كەلمەسمىدىم ؟ مانا ئەمدى ئۇلار كېتىپ قاپتۇ ، كۆپ ئۆتمەي خوتەنگىمۇ يېتىپ بارىدۇ ، بىراق ئۇلارنى خوتەن شەھىرىگە ئۆز ئايىغىم بىلەن باشلاپ كىرمىسەم مېنىڭ يەنە قانچىلىك قىممىتىم قالىدۇ ؟ يەنە كېلىپ ، قېرى قۇدالاينىڭ ئەتە ـ ئۆگۈنلۈكىلا قالدى ، ئۇنى مانجۇ كاتتىلىرىغا تىرىك پېتى تاپشۇرۇپ رەھمىتىنى ئېلىش ، ساداقەت بىلدۈرۈش كېرەك ئىدىغۇ ، ياق ، ياق ، بۇ نەس باسقان شەھەردە بىر كۈنمۇ ئارتۇق تۇرماسلىق كېرەك ، ئۇلارنى قوغلاپ يېتىپ ، خوتەنگە داغدۇغا بىلەن باشلاپ كىرمەك لازىم . مۇبادا ‹تويدىن كېيىن ناغرا ، ئاشتىن كېيىن زاغرا › دېگەندەك ئىش بولۇپ قالسا چەككەن جاپالىرىمنىڭ ، ئىخلاس ـ ئەقىدەمنىڭ ھەممىسى بىر پۇل بولىدۇ… »

نىياز ھېكىمبەگ بىر كېچىلىك قونالغۇ ئىزدەپ سارايمۇساراي قاتراپ يۈرگەندە كىمدۇر بىرى ئۇنى تونۇپ قالدى ۋە : «بۇ ياقۇپبەگ بىلەن بىللە يۈرىدىغان ھېلىقى ھاكىمبەگقۇ ، ئۇنىڭ ئەمدى ئۇزۇن چاچ قويۇپ ، مانجۇچە ئۇستۇۋاش كىيىۋالغىنى نېمىسى ؟ » دېگىنىچە ئۇدۇل ھاكىمنىڭ ئالدىغا چاپتى . خېلى كۆپ ياساۋۇلى بار بۇ غەيرىي ئادەمنىڭ مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكىنىگە تېخى ئون نەچچە كۈنلا بولغان بۇ شەھەردە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قېلىشى ، شەھەر ھاكىمىنىمۇ ئالدىرىتىپ قويدى . ھاكىم :

— ئەپچىل بىر پۇرسەتتە ئۇنى تۇتۇڭلار ، ياساۋۇللىرىنى

قورالسىزلاندۇرۇپ سولاپ قويۇشلار، تېگى - تەكتىنى ئۆزۈم ئېنىقلايمەن. ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۇنىڭغا سىلىقراق مۇئامىلىدە بولۇڭلار، — دەپ جېكىلىدى قورۇقچى ياساۋۇللارغا. شۇنىڭ بىلەن، بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان نىياز ھېكىمبەگ ۋە ئۇنىڭ ياساۋۇللىرى يېرىم كېچىدە كورلا ياساۋۇللىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. بىشەم ياساۋۇللار ئۇلارنى قوي ھەيدىگەندەك ھەيدەپ كېلىپ، شەھەر ھاكىمىنىڭ سولاقخانىسىغا قاماپ قويۇشتى.

ئەنسىزلىك بىلەن تولغان بىر كېچە ئۇمىدسىزلىككە تولغان يەنە بىر تاڭغا ئۇلاشتى. ئادەملىرىدىن ئايرىپ نەزەربەند قىلىنغان نىياز ھېكىمبەگ تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ تۆت تېمىغا شۇنداق بىر قاراپلا بۇتتەك قېتىپ قالدى. «خۇدايا توۋا، — دېدى ئۇ ئۆزىگە سوئال قويۇپ، — جاھاندا مۇشۇنداقمۇ غەلىتىلىك بولامدۇ، مەن ياتقان بۇ ئۆي دەل ياقۇپبەگ جان بەرگەن ھېلىقى خانا ئەمەسمۇ؟»

نىياز ھېكىمبەگنىڭ كۆزلىرى خاتا كۆرمىگەنىدى. تەقدىرنىڭ چاقچىقىمۇ ياكى تەڭرىنىڭ جازاسىمۇ، ئىشقىلىپ ئۇ راستىنىلا ياقۇپبەگ جان بەرگەن، ئاجايىپ مەخپىيەتلىكلەر كۆمۈلگەن مۇشۇ سىرلىق خانىدا مەھكۇملارچە قامىلىپ ياتاتتى. ئادەم كۆزىگە ئوخشاش يۇمىلاق نەقىشلەر بىلەن تولغان تونۇش تام، ئەزرائىلنىڭ ئاغزىدەك ئېچىلغان تەكچىلەر بۇنىڭغا شاھىت ئىدى.

نىياز ھېكىمبەگ نەگىدۇر يوقالغان ئۆي بىساتلىرىدىن باشقا ھەممە نېمىسى ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان بۇ خانىغا قارىغانسېرى ئۆزىنى يورۇق دۇنيادا ئەمەس، بەلكى گۆر ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلغىلى تۇردى. قىل بىلەن ئېسىلغان تۈگمەن تېشىدەك ساڭگىلاپ تۇرغان ئېغىر تورۇس ئاستا - ئاستا گۈمۈرۈلۈۋاتقاندەك، تاملارغا جان كىرىپ تۆت تەرەپتىن قىستاپ كېلىۋاتقاندەك ۋەھىمە ئىچىدە قالدى. تەكچىلەرنىڭ گىرۋەكلىرى قانسىرىغان لەۋلەردەك مىدىرلاپ، ماتەم ناخشىسى توۋلاشقا باشلىدى.

— ئەي سەت ئەرۋاھ، ماڭا يېقىنلاشما، ئەجەل شەربىتى توشتۇرۇلغان جامىڭنى نېرى ئەكەت، مېنىڭ ئۇنى ئىچكۈم يوق،

مىنىڭ ئۆلگۈم يوق ! — ئۇ ھېلىقى سۇپا ئۈستىدە پالىلدە پەيدا بولۇپ ، كۆزلىرى تام تۆشۈكىدەك قېتىپ قالغان ئاجايىپ بىر مەخلۇقنى كۆردى ، گۆشلىرى چىرىپ كەتكەن ئۇزۇن بارماقلىرى ئارىسىدا بىر جامنى كۆتۈرۈپ ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاشۇ مەخلۇققا قاراپ جېنىنىڭ بارىچە چالۋاقىدى . بىراق ، بۇ كۆزلەر بۇنىڭدىن قورقۇپ قالمىدى ، ئەكسىچە توساتتىن زۇۋانغا كەلدى . بىر غېرىچ ئۆزىراپ كەتكەن چىشلىرى ئارىسىدىن ۋەھىمىلىك بىر سادا ئېتىلىپ چىقتى :

— ئىچكۈم يوق دەۋاتامسەن ، ياق ، سەن ئىچىسەن ، بەلكى ئىچمەي قالمايسەن . مانا ئال ، بۇ جامنى ساڭا ئەكەلدىم ، تىلىكىڭنى بەجا كەلتۈردۈم ، نېسىۋەڭنى ئىچىۋەت ، ئىچىۋەت !

— ئىچمەيمەن ، نېمە قىلساڭ قىل ، ئۇنى ئىچمەيمەن !

نىياز ھېكىمبەگ ئالىقانلىرى بىلەن كۆزىنى ئېتىۋالدى . ۋارقىرىماقچى ، شىرىپ شەيتاننى چاقىرىپ بۇ ئاچ ئەرۋاھنى ھەيدىۋەتمەكچى بولدى ، بىراق ، تىلى دۇئايى بەند قىلىنغاندەك ھەرىكەتكە كەلمىدى . ئېتىن قورققان دىۋانىدەك تۈگۈلۈپ ، قاراڭغۇ بۇرجەككە تىقىلدى . تەرلەپ ، يۈندى ئازگىلىغا چۈشۈپ كەتكەن قارىغۇ كۈچۈكتەك سۇ ئىچىدە قالدى...

نىياز ھېكىمبەگ كۆرگىنىنىڭ ئوڭى ياكى چۈشى ئىكەنلىكىگە كېسىپ بىرنېمە دېيەلمىسىمۇ ، لېكىن نەس باسقان بۇ شەھەر ئۇنى راستىنىلا زېرىكتۈردى . جەنۇب تەرەپتە تەبەسسۇم قىلىپ تۇرغان شاپائەت ئەلچىسى ئۇنى يەنە بىر مەرتەم يېنىغا چاقىردى . ئۇ قايتا ـ قايتا باش قاتۇرۇپ : « ‹جان بولسا جاھان ، ئاش بولسا قازان › » دەپتىكەن ، ھازىرچە ئەكەلگەن بىر بۆلۈك مال ـ دۇنيانى ، كېرەك بولسا پۈتكۈل كارۋىنىمنى شۇڭغۇتۇپ بولسىمۇ بۇ يەردىن كېتىۋالاي ، ۋاقتى كەلگەندە سولالە كاتتىلىرىغا : ئۆزلىرىگە ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن مال ـ دۇنيانى پالانچى تارتىۋالدى ، دەپ بىرگە ئۇنى قوشۇپ قايتۇرۇۋالىمەن » دېگەن يەرگە كەلدى . سەللىسىنىڭ قېتىدا ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەن بىر پارچە قەغەز ئۈشتۈمتۇت

يادىدىن كەچكەندە بولسا، ھالاكەت دېڭىزىدىن قۇتۇلۇپ، ھاياتلىق قىرغىقىغا چىقىپ قالغاندەكلا يايراپ كەتتى.

— كۆزۈڭلار بولسا مانا بۇنىڭغا ئوبدانراق قاراپ بېقىڭلار، خوجا ئاكاڭلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغىنىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتىسىلەر تېخى، — دېدى، ئۇ ئۆزىنى سوراق قىلغىلى كىرگەن ھاكىمغا بۇ قەغەزنى كۆرسىتىپ.

شەھەر ھاكىمى تۇمشۇقىنى ئۆرۈپ ساقىلىنى ئويناپ تۇرغان نىياز ھېكىمبەگكە مەنسىتمىگەن نەزەر بىلەن قاراپ قويدى ۋە قەغەزنى ئېلىپ بىرلا سىلكىۋىدى، موي قەلەم بىلەن رەتلىك قىلىپ يېزىلغان تىك قۇرلار كۆز ئالدىدا ئاشكارا بولدى.

خەتنىڭ باش قۇرلىرىنى ئوقۇۋېتىپ، ھاكىمنىڭ كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولغىلى تۇردى، ئاغزىنىڭ شەكلى ئۆزگەردى. تاۋاققا تاشلانغان تۆمۈر ساقىدەك پىلدىرلاۋاتقان كۆز قارىچۇقى ئاخىرقى ئۈچ ھەرپ ئۈستىدە توختىغاندا بولسا، نىياز ھېكىمبەگكە يىغلامسىرىغاندەك ئاھاڭدا:

— مەن ئۆلەي، مەن ئۆلەي، كۆزۈم تۇرۇپ چوڭامنىڭ يېقىنىنى تونۇمىغان گۇناھىم ئۈچۈن ئون مىڭ قېتىم ئۆلەي، — دېدى ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلەپ.

بۇ ئالەم سەۋەبىنىڭ ئالىمى دېگەندەك، قۇۋ تۈلكە بىر سەۋەب قىلىپ تۇزاقتىن قۇتۇلدى، قۇتۇلدىلا ئەمەس، بەلكى تۇزاقنىمۇ بىللە ئەپقاچتى. شۇ كۈنى كورلا ھاكىمى ھۇزۇرىدىكى مول زىياپەتتىن كېيىن، نىياز ھېكىمبەگ ياساۋۇل ۋە مال - دۇنيالىرىنى ئېلىپ، باشئەگىم جىلغىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇرۇشنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى ۋە پورۇخ ھىدى تارقىلىپ كەتمىگەن بىرمۇنچە يۇرتنى ئارىلاپ ئۆتتى، ئىت قوغلىغان قەلەندەردەك ئالدىراشلىق بىلەن ئاقسۇ شەھىرىگە كېلىۋالدى - دە، بۇ يەردە قەشقەر تەرەپكە كېتىۋاتقان سۇلالە كاتتىلىرىنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى.

سۇلالە كاتتىلىرى ئاقسۇغا كېلىپلا ئۆتەر يولىدىكى

پـۈتـلـﯩـكاشاڭلارنى شەپقەتسىزلەرچە سۇپۇرۇپ تاشلاپ ، كوچا ـ كويلارنى ، يېزا ـ قىشلاقلارنى تېزلىك بىلەن ئۆزىگە قارام قىلدى ، جاي ـ جايـلاردا ئـادەم تۇرغـۇزۇپ ، پۇقـرا ـ ئاۋامـنى تەرتىپكە چاقىردى . ئۇلجا ـ غەنىيمەت بىلەن ئوزۇق ـ تۈلۈكنى غەملىۋال- غاندىن كېيىن ، ياقۇپبەگنىڭ ئاقسۇ دەرياسى بويىدا قەد كۆتۈرۈپ تـۇرغـان كـونا ئوردىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى ـ دە ، ئالىقىنى قىچىشىپ تۇرغان زەبەردەس چېرىكلىرىنى قەشقەر يولىغا ئاتلاندۇردى . ئۆزلىرى بولسا ، غول قوشۇن قوزغالغۇچە چۆلدەرەپ خارابىلىككە ئايلىناي دەپ قالغان كونا خان ئامبال مەھكىمىسىگە كېلىپ جايلاشتى ـ دە ، تاشلىنىپ قالغان خانىلاردىكى ئۆمۈچۈك تورلىرىنى ، توپا ـ توزانلارنى تازىلاپ ، ھەممىنى سۇلالە قائىدىسى بويىچە جابدۇپ ، كونا رەسىم ئىزىغا سالدى .

نىياز ھېكىمبەگ مەھكىمە دەرۋازىسىغا يىگىرمە قەدەم قالغان يـەرگە كېلىپ بىرىنچى قاراۋۇلدىلا ئېتىدىن چۈشتى ، ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى شېرىپ شەيتانغا تاپشۇردى . دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ ، نوغۇچقا ئوخشاپ كېتىدىغان قىرما كالتەكنى قولىغا ئالدى ـ دە ، ياغاچ ئاياقتا جايلاشتۇرۇلغان يوغان قىزىل دۇمباقنى كۈچ بىلەن ئۇرغىلى تۇردى .

دۇمـــباق تۆت ـ بەش قېتىم ئۇرۇلـمايـلا ، قـارا سىرلىق دەرۋازىدىن بېشىغا قۇيرۇقلۇق تۇمۇر بۆك ، ئۇچىسىغا زەنجىرلىك كالتە چاپان كىيگەن مەرتىۋىلىك بىر چېرىك قىلىچىنى پۇلاڭلاتقان پېتى چىقىپ كەلدى . دەرۋازىغا قاراپ كۆزى تېشىلگۈدەك بولغان نىياز ھېكىمبەگنىڭ نام ـ ئەملىنى سورىۋالغاندىن كېيىن يەنە كىرىپ كەتتى . ئۇزاق ئۆتمەي ، مەنسەپدار سىياقىدىكى يەنە بىر كىشى چىقىپ ئۇنى كاتتىلارنىڭ ئىجازىتى بىلەن مۇبارەكلىدى .

— دۇڭ نــىيـاز جانابلىرى كەلدى··· — دەپ ۋارقىرىدى جاكارچى مەنسەپدار خوراز چىللىغاندەك چىرقىراق ئاۋاز بىلەن .

نىياز ھېكىمبەگ چېكىسىدە مەرتىۋە بەلگىسى پارقىراپ تۇرغان قارا ئوتوغاتىنى قايتا بىر قېتىم توغرىلاپ كىيىپ ، ئۇشۇقىغىچە

چۈشىدىغان ھاۋا رەڭ گۈللۈك دۇردۇن پەرىجىسىنىڭ ياقىسىنى تۈزەشتۈرۈۋالدى . تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىنى بوش چىشلەپ قويۇپ سالىماق قەدەملەر بىلەن دىۋان تەرەپكە ماڭدى ، دەھلىزدە نەيزىلىرىنى ، ئايپالتىلىرىنى تىكلەپ ، بىر - بىرىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ ، قېتىپ تۇرغان ئىككى رەت ياساۋۇل ئارىسىدىن ئۆتتى . ئۇرۇش مەزگىلى بولغاچقىمۇ ، ئادەتتىكى چىرىكلەردەك تۆمۈر بۆك ، زەنجىرلىك چاپان كىيىپ ، ياسىداق كۆرسىدا سۆلەت بىلەن ئولتۇرغان چوڭ سەركەردىنى كۆرۈپلا ، چىپپىدە توختىدى . قەددىنى رۇسلاپ ، پەرىجىسىنىڭ كەڭ ۋە ئۇزۇن يەڭلىرىنى «پاق - پۇق» قىلىپ قېقىۋەتتى . چەبدەسلىك بىلەن ئېگىشىپ ، پەرىجىسىنىڭ ئالدى پېشىنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ قويدى ۋە قىزىل گىلەم ئۈستىگە دوككىدە تىزلاندى .


— مۆھتەرەم سەركەردە جانابلىرى ، يەكەن شەھرىنىڭ ئون ئۈچ يىل بۇرۇنقى بەشىنچى جەرىكىلىك ئىشىكئاغىسى ، دىيانەتلىك چېرىكچى ئامبال دۈڭ دارېنىنىڭ ئوغلى كەمىنە دۈڭ نىياز ھەزرەتلىرىگە باش ئۇرىمەن ، — دېدى ۋە ئۈچ قېتىم تەزىم بەجا كەلتۈردى .

چوڭ سەركەردە ئۇزاق يىللىق ئۇرۇش ئوتلىرىدا تاۋلىنىپ ، چىرايى سۇيىگە قانغان قورۇچتەك قارىداپ كەتكەن ، كىرپىكسىز كۆزلىرىدىن قەتئىيەت ۋە ئىشەنچ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان توختاملىق ئادەم ئىدى . يىڭنىدەك تىك ۋە شالاڭ ساقال باسقان قوۋۇزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن نېپىز لەۋلىرىدە ، كۆز جىيەكلىرىدە ھەمىگە ئېتىبارسىز قارايدىغان ، ھەممىنى مەنسىتمەيدىغان بىر خىل سوغۇق كۈلۈمسىرەش قېتىپ قالغانىدى .

ئۇ قوبۇل قائىدىلىرىنى ھەقدادىغا يەتكۈزگەن نىياز ھېكىمبەگنىڭ سالىمىغا دەماللىققا ئىپادە بىلدۈرمىدى ، پەقەت مىيىقىدىلا كۈلۈمسىرەپ قويدى . بېشىنى يەرگە تەگكۈدەك ئېگىپ ، دۈمبىسىنى دۈم كۆمتۈرۈلگەن تەڭنىدەك چىقىرىپ تەزىم قىلىۋاتقان نىياز ھېكىمبەگكە ئاز ئۇچرايدىغان غەلىتە مەخلۇقنى

www.uyghurkitap.com





www.uygurkitap.com

تاماشا قىلغاندەك بىرپەس سەپسىلىپ چىققاندىن كېيىن :

— قەددىڭىزنى رۇسلاڭ ، — دېدى ئادەتلىنىپ كەتكەن تەلەپپۇز بىلەن . نىياز ھېكىمبەگ بېشىنى كۆتۈرۈپ ، چوڭ سەركەردىگە لاپ قىلىپ قارىۋالدى ۋە ئىككى قولىنى جۈپلەپ :

— سەركەردىگە كۆپ تەشەككۈر ، — دەپلا يەنە يەڭلىرىنى قېقىشتۇرۇپ ، يانغا ئۆتۈپ قول باغلاپ تۇردى .

چوڭ سەركەردە نېمىشقىدۇر كۈرسىدىن چۈشۈپ ، دېۋاننى بىر ئايلىنىپ چىقتى . نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئۇنى بولدى دېگۈچە كۆزىتىپ چىقتى ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ :

— بەشىنچى جەرىكىلىك ئىشىكئاغىسى دۇڭ نىياز ، سۇلالىمىزگە كۆرسەتكەن بۇرۇنقى ساداقىتىڭىز ۋە يېڭى ھەممەتلىرىڭىز كەمىنە سەركەردىگە ئاياندۇر . قېنى سۆزلەڭ ، ھۇزۇرىمىزغا يەنە قانداق يېڭىلىقلارنى ئەكەلدىڭىز ؟ — دېدى ۋە قايتىپ بېرىپ كۇرسىغا ئولتۇرۇۋالدى .

نىياز ھېكىمبەگ قورۇنغاندەك بولۇپ ئەتراپقا قاراپ قويدى . ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەن چوڭ سەركەردە تۇمشۇقى بىلەن ئىشارە قىلىپ ، ئىككى ياساۋۇلدىن ئۆزگە ھەممە مەھرەم ، مىرزا ، قورۇقچىلارنى دېۋاندىن چىقىرىۋەتتى ۋە «قېنى سۆزلەڭ» دېگەندەك ئۇنىڭغا تىكىلدى . نىياز ھېكىمبەگ شۇ زامان زۇۋانغا كەلدى .

— ھەزرەتلىرى ، ئۆزلىرى بىلەن ئالاقە ئورناتقاندىن بېرى سۇلالىمىزگە ساداقەت ۋە سەركەردەمگە ئىتائەت يولىنى تۇتتۇم . يىراق خوتەن دىيارىنى جېدەلخور پەرغانىلىكلەردىن خالاس قىلىپ ، ئۆزلىرىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزمەككە ئالدىرىدىم . مەلۇم بولغايكى ، خوتەن پۇقرالىرىنىڭ ئۇلۇغ سۇلالىمىزگە تاپشۇرۇشى زۆرۈر بولغان ئون ئىككى يىللىق باج ـ خىراجنى ، كەمىنە قۇللىرى يىغىپ ساقلاپ قويغاندىم . مانا شۇ باج ـ خىراجنىڭ ئازغىنە بىر بۆلىكى ھەزرەتلىرىنىڭ مۇبارەك نەزەرلىرىگە قاراشلىق بولۇپ كارۋان سارىيىدا ساقلاقلىق تۇرۇپتۇ ، — دېدى نىياز ھېكىمبەگ سەركەردىنىڭ ئالدىدا قايتا تىزلىنىپ .

— هە ، باج ـ خىراجنىڭ ئازغىنە بىر بۆلىكى دېدىڭىزمۇ ، دۇڭ نىياز ، — ھاكىمبەگ ئاتقان بىرىنچى پاي ئوق دەل جايىغا تەگدى بولغاي ، چوڭ سەركەردىنىڭ دىققىتى قوزغالدى ، — قالغىنى قەيەردە ، ئۇ زادى قانچىلىك ؟

— ھەزرەتلىرى ، ئۇ باج ـ خىراج بىلەن بۇ يەتتە شەھەرگە يېتىپ كەلگەن جىمى سۇلالە چېرىكلىرىنى بىر ـ ئىككى يىل باقىلى بولىدۇ . لېكىنزە ، بۇ باج ـ خىراجنىڭ كۆپى خوتەن شەھىرىدە قارار تاپقاندۇر ، ئۇنىڭ مەخپىي جايى تەڭرىمدىن ئۆزگە ، بىرلا قۇللىرىغا ئاشكارىدۇر . ئەگەر قۇللىرىنىڭ بېشى ئامان ، يولى راۋان بولسىلا ، بۇ ھەددى ـ ھېسابسىز باج ـ خىراج پات پۇرسەتتە ھەزرەتلىرىگە نېسىپ بولغۇسىدۇر ، شۇغىنىسى...

نىياز ھېكىمبەگ سەركەردىنى يار لېۋىگە قىستىماقچى بولغاندەك تۇيۇقسىز توختىتىۋالدى ، قانداقتۇر بىر گەپنى ئېغىزدىن چىقىرالمايۋاتقاندەك ، يۆتىلىپ قويدى . ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتكەن سەركەردە چەبدەسلىك بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە :

— قانداق گېپىڭىز بولسا بىمالال دەۋېرىڭ ، — دېدى توڭلا قىلىپ . نىياز ھېكىمبەگ تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش قارارىغا كېلىپ :

— مەرھۇم ئاتام دۇڭ دارېننىڭ ئورنىدا ياخشىلىق قىلىۋاتقان ھەزرەتلىرىنىڭ ئالدىدا ھۆتۈت ـ پۈتۈت دېيىشكە نېمە ھەددىم ؟ شۇغىنىسى ، نى ـ نى خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ ، سۇلالىگە سادىق يۈرىكىمنىڭ چوغقۇر يېرىدە ساقلاپ كەلگەن بۇ مال ـ دۇنيا ئارقىلىق قۇللىرىنىڭ پاك ئىخلاسى ئايان بولار ، ھەزرەتلىرى بۇ ئىخلاسىمنىڭ يۈزىنى قىلىپ خىزمەتلىرىگە سالار دېگەن ئۈمىدىم بار ئىدى ، — دېدى ، مەقسىتىنى چىرايلىق ئىبارىلەر بىلەن بېزەپ .

— ھىم ، شۇنداقمۇ ؟...

چوڭ سەركەردە چىلگىدەك يوغان مۇشتلىرىنى بېلىگە تىرەپ ، ئورۇق گەۋدىسىنى سەل كەينىگە تاشلاپ دۇۋان ئىچىدە جۇۋاز

www.uyghurkitap.com

كالىسىدەك چۆرگىلىگىلى تۇردى . تۇرۇپ توختاپ ، تۇگۇلۇكسىز تورۇسقا ئويۇلغان ئەجدىھا سۈرىتىگە تىكىلىپ خىيال سۈرۈۋالدى ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، كۆزلىرىنى يۇمدى ، ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلىدى ، بارماقلىرىنى بىسىپ نىمىلەرنىدۇر ساناپ ، كىمنىدۇر چاقىرماقچى بولۇپ تۇمشۇقىنى ئۇچلىدىيۇ ، قولىنى بىرلا سىلكىپ ، بولدى قىلىۋەتتى .

«ئويلا سەركەردە ، ئويلا ، ئەڭ ياخشىسى تىلىكىمنى بەجا كەلتۈر ، پەمىچە سەن ئەقىلسىز ئادەم ئەمەس ، مۇبادا ئەقىلسىز ئادەم بولۇپ قالساڭ ، يا ئەقىلسىزلىق قىلساڭ ئۆزۈڭدىن ھەر ۋاقىت ھېزى بول ، بولمىسا خالتا كوچىغا كىرىپ قالىسەن . مەن بولسام تار بولسىمۇ بىرەر يول تېپىۋالىمەن ـ دە ، ئۆز مەنزىلىمگە قاراپ كېتىۋېرىمەن... »

— خەير بوپتۇ ، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات ، — چوڭ سەركەردە نىياز ھېكىمبەگنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ تاشلىدى ۋە دېدى ، — يامانغا يانتاياق بولغان ھەرقانداق خاقان مەنسەپدارى ئاتا ـ بوۋىلار زامانىدىن تارتىپ ئۆلۈمگە مەھكۇم ئىدى . لېكىن ، بۇ دورەم سۇلالە ئۈچۈن جېنىنى ئايىمىغان كونا يۇرتدىشىم دۇڭ دارېنىنىڭ ، ۋاكالىتەن يىغقان باج ـ خىراجىڭىزنىڭ ، يېڭى تۆھپە ـ خىزمەتلىرد. ڭىزنىڭ يۈزى بىلەن بېشىڭىزنى ئامان ، يولىڭىزنى راۋان قىلاي . «ئۆز قوۋمىغا ۋاپا قىلمىغان ئادەمدىن ئۆزگە قوۋمىگىمۇ ۋاپا كەلمەيدۇ» دېگەن گەپ بار ئىدى . بىراق ، بۇ گەپمۇ ھازىرچە ئۇنتۇلۇپ تۇرسۇن ، ئىلاج بار ئۆز قوۋمىڭىزگىمۇ ، ئۆزگە قوۋمى- گىمۇ يامانلىق ئويلىماڭ ، كونا خۇيىڭىز تەكرارلانمىسۇن ، تۇز بەرگەننىڭ تۇزلۇقىنى چاقماڭ ، مۇبادا چاقماقچى بولسىڭىز... — چوڭ سەركەردە نىياز ھېكىمبەگكە ھەيۋە قىلغاندەك قىلىچىنىڭ سېپىنى تۇتۇپ قويدى .

— ئاھ شەپقەتچىم ، ئاھ مۇرەببىم ، ئاھ ئۆز ئاتام ، — نىياز ھېكىمبەگ چوڭ سەركەردىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ دېدى ، — ھەزرەتلىرىگە ۋاپاسىزلىق قىلسام تىنى تارتماي ئۆلەي ،

تەڭرىم مېنى جازالىسۇن، قارا يۈز بولۇپ كېتەي!...

نىياز ھېكىمبەگ كۆپ بەدەل تۆلىمەيلا مەقسىتىگە يەتتى. ئەمدى موللاجى تۇراپنى، قۇدالاينى تاپشۇرۇپ بېرىشنىڭمۇ ھاجىتى قالمىدى: «قامچا زەربىسى، ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئالدىدا زۇۋانغا كەلمەيدىغان كىم بار، ئۇلارنىڭ بىرەرى زۇۋانغا كېلىپ قالسا ياكى ئۇلار قۇدالاي بىلەن ئەپلىشىپ قالسا يېغىرىمنى تاتىلىمايدۇ، سەركەردىنى لەۋزىدىن يېنىۋالمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ، ياق ئۇلارنى بېكقۇلىبەگنىڭ قولىدا ئۆلگەن ھېسابتا ئىنس ـ جىنغا تۇيدۇرمايلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشىم كېرەك» دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكتى ئۇ مەھكىمىدىن قايتىپ چىقىۋېتىپ.

غول قوشۇن چوڭ داغدۇغا بىلەن ئاقسۇدىن قوزغالدى. چوڭ سەركەردە ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى مەنسەپدارلارمۇ قوشۇن بىلەن بىللە يولغا چىقتى. غەم ـ غۇسسە ئالامەتلىرى يوقىلىپ، چىرايى 6 ـ ئاينىڭ ئاپتىپىدەك ئېچىلىپ كەتكەن نىياز ھېكىمبەگمۇ لەشكەر ـ ياساۋۇللىرىنى چېرىكچى بەگلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئوخشاش مەرتىۋىدىكى مەنسەپدارلار بىلەن بىللە ماڭدى.

سۇلالە قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى قىسمى مارالبېشى، يەكەن قورغانلىرىنى بىرقانچە پاي ئوق بىلەنلا ئىگىلەپ، مىلادىيە 1877 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى پەيزاۋات بازىرىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. خوتەندىن قايتىپ كېلىپ، يېڭىشەھەر قورغىنىدىكى ئىستائەتتىن چىققان كونا چېرىكلەر بىلەن بىر قەپەس تۇتۇشۇپ چىققان بېكقۇلىبەگ ئالدىراج دادخاھنى كىچىكرەك بىر قوشۇن بىلەن پەيزاۋاتقا ئەۋەتتى. ئەمما، روھى چۈشۈپ، جان قايغۇسىدا قالغان بۇ كىچىككىنە قوشۇننىڭ خىللانغان چىغاۋۇل چېرىكلەر بىلەن تۇتۇشقۇدەك ماجالى قالمىغانىدى. شۇ سەۋەبلىك، ئۇلار تۇنجى جەڭدىلا تۇمشۇقىغا يەپ ئاللا ـ توۋا قىچقارغان پېتى قەشقەرگە قېچىپ كەلدى. سۇلالە چېرىكلىرىنىڭ ئاسمانئۈزىمىنى سىيرىپ ـ سۈپۈرۈپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى قەشقەر شەھىرىدە چوڭ داۋالغۇش پەيدا قىلدى، قولىدىن ئۇچقان ئامەت قۇشىنى قايتۇرۇپ

بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بېكقۇلبەگ قولىغا چىققانلىكى مال ـ دۇنيانى قويماي يىغىشتۇرۇپ، تېرەكداۋان ئارقىلىق پەرغانىگە قېچىپ كەتتى. بېكقۇلبەگنىڭ سىپىدىن چۈشۈپ قالغان شەھەر ئەتراپى لەشكەرلىرى ۋە چۆچۈپ كەتكەن بىرمۇنچە پۇقرا چاقماق دەرياسى يولى بىلەن نارىن تەرەپكە ئۆزىنى ئاتتى. بېكقۇلبەگكە ئەگىشىپ پەرغانىگە قاراپ سەلدەك ئاققان مىڭلىغان پۇقرانىڭ كۆپ قىسمى بىپايان پامىر ئېگىزلىكىدە قېلىن قار ئاستىدا قېلىپ، بالا ـ چاقىلىرى بىلەن بىللە قىرىلىپ كەتتى. مارالبېشى ۋە پەيزاۋات تەرەپتىن تەڭلا سۈرۈلۈپ كەلگەن ئىككى يول سۇلالە چېرىكلىرى شۇ كۈنى كەچقۇرۇن قەشقەر دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى.

نىياز ھېكىمبەگ سۇلالە چېرىكلىرى ئارىسىغا قېتىلىشى بىلەنلا ئۆمۈر چاقى ئون ئۈچ يىل كەينىگە يانغاندەك تېتىكلىشىپ كەتتى. بولۇپمۇ چوڭ سەركەردىنىڭ سايىسىدە يۈرگەن يىگىرمە نەچچە كۈندە ئادەتتىن تاشقىرى بىر مۆجىزە يۈز بېرىپ، تار پېشانىسىدىكى ئۈچ تال قورۇقنىڭ بىرى يوقىلىپ كەتتى. ساقال ـ بۇرۇتى ئارىسىدىكى ئاق تۈكلەر ئاپتاپ كۆرگەن قىرودەك غايىب بولدى. مۈكچىيىپ، دوڭغاق سۆگەتكە ئوخشاپ قالغان قامىتى بىردىنلا رۇسلىنىپ، بويىغا بىر غېرىچ بوي قېتىلدى. يىلان قاسىرىقىدەك يىرىكلىشىپ كەتكەن تېرىسى بوۋاقنىڭ مەڭزىدەك سۈزۈلدى. ئاپئاق ھورنان لوبۇبى كەبىردەك مەنپەئەت قىلدى. چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، قوۋۇزلىرىغا گۆش تولدى. يۈندىدەك سارغىيىپ كەتكەن كۆز قارىچۇقى يېڭىۋاشتىن چاقنىدى. چاپاق ئورنىغا كىرپىك ئۆسۈپ چىقتى. تىلى يۇمشاپ، مەشۇتتەك ئەۋرىشىم بولۇپ قالدى...

ئاجايىپ ساز ھالەتكە كۆچكەن روھىي ھالەت ۋە تومۇر ـ تومۇرلىرىدا ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچ ـ قۇۋۋەت نىياز ھېكىمبەگنى زادىلا ئارام ئالدۇرمىدى. سۇلالە ئۈچۈن ئارامىدىن ۋاز كېچەلەيدىغان بۇنداق پىداكارلىق چوڭ سەركەردىنىڭ قۇلىقىغىچە

يېتىپ باردى . ئاخىر ئۇ سەپەر قىلىشقا ئىجازەت ئالدى . ئىجازەت بۇيىچە چېرىكچى ئامبال دۇڭ فۇشياڭ قوماندانلىقىدىكى مىڭچە چېرىكنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ، ئۇلارنى خوتەن شەھرىگە باشلاپ كىردى .

— قاراڭلار ، ئاۋۇ نىياز ھېكىمبەگ ئەمەسمۇ ؟ ئۇ ساقال - بۇرۇتىنى قىردۇرۇپ سۇلالىچە ئۇستىۋاش كىيسە ، سۇلالە مەنسەپدارلىرىنىڭ دەل ئۆزى بولىدىكەن - دە ! — دېيىشتى ، يول بويىدا تۇرغان گەپدان خوتەنلىكلەر ھەيران بولۇشۇپ .

— ئانىسى ئۇنى پۇقرانىڭ شىلىلىسىگە تۇغقان ئوخشايدۇ ، ياقۇپبەگ زامانىدىمۇ گەجگىمىزدە شۇ ، سۇلالە چېرىكلىرى كەلسە دولىمىز ئاپتاپ كۆرەر ، دەپ خۇشال بولۇۋىدۇق ، ئۇ يەنە گەجگىمىزگە مىنگۈدەك ، — دېيىشتى ، بەزىلەر ئۈمىدسىزلىنىپ يۈرىكى چوڭراق بەزى كىشىلەر : «قاراپ تۇرۇڭلار ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يەتتە شەھەرگە ئېيىقلار پادىشاھ بولسا ئۇ جۇۋىسىنى تەتۈر كىيىپ ‹مەن ئەسلىدىلا ئېيىق ئىدىم › دەپ چىقىدۇ تېخى ، — دەپ ئۈچىيى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشتى .

خوتەنلىكلەر ئۇنى نېمىدەپ تىللىسۇن ۋە نېمىدەپ قارغىسۇن ، نىياز ھېكىمبەگ خۇددى گاس ئادەمدەك ، ئاڭلىماسقا سالدى . ئات ئۈستىدە مەزمۇت ئولتۇرۇپ دۇڭ فۇشياڭنى ئوردا ئالدىغا باشلاپ باردى - دە ، ئوردا ئاچقۇسىنى پەتنۇس بىلەن تۇتۇپ بەرگەندىن كېيىن ، ئۇنى ئوردا كەينىدىكى باغقا ئەكىردى .

— ئون ئىككى يىللىق باج - خىراجنىڭ ھەممىسى ئاشۇ يەردە ، — دېدى ئۇ ئىزغىرىن شامالدا تەۋرىنىۋاتقان يالىڭاچ دەرەخلەرنى كۆرسىتىپ .

دۇڭ فۇشياڭ ئۇنى ئۆزىنى ئەخمەق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالدىمۇ ، نىياز ھېكىمبەگكە زەردە بىلەن دېدى :

— كەمىنىلىرى داڭگالنى ئالتۇن دەيدىغانلاردىن ئەمەس ، بىزنى تولا كولدۇرلاتماي باج - خىراجنى تاپشۇرسىلا بولارمىكىن ؟

— ھا... ھا... ھا... — نىياز ھېكىمبەگ ئىختىيارسىز كۈلۈپ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تاشلىدى . چىرايى تاتىرىپ كېتىۋاتقان دۆڭ فۆشياڭغا :
— جانابىي چېرىكچى ئامبال ، نىمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىرىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن ، ئاۋۇ دەرەخلەرنىڭ ئاستىنى كولىساقلا ھەممە ئىش ئاشكارا بولىدۇ ، — دېدى .
— كولاڭلار !
شېرىپ شەيتان ئەكەلگەن بىرقانچە كەتمەن چېرىكلەرگە تارقىتىپ بېرىلدى . تېخى بۇ يىل يازدىلا خېلى مول مېۋە بەرگەن ئۆرۈك ، ئالما ، پىستە ، بادام دەرەخلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يىقىلدى . كولاپ چىقىرىۋېتىلگەن يىلتىزلار ئاستىدىن تارتىۋېلىنغان ئونلاپ ئىدىشنىڭ ئاغزى ئېچىلىشى بىلەنلا دۆڭ فۆشياڭنىڭمۇ ، نىياز ھېكىمبەگنىڭمۇ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى . دۆۋە ـ دۆۋە تەڭگە ـ تىللا ، ساپسېرىق زىخچە ئالتۇن ، قاشتېشى ، ھېقىق مارجان ، ياقۇت جاۋاھىراتلار يۇلتۇزدەك جۇلالىنىپ باغ ئىچىنى ئاجايىپ بىر تۇسكە كىرگۈزۈۋەتتى .

قىرىق توققۇزىنچى باب

## قارا ھىجران

زامانلارنىڭ زامانىسىدا ، مەلۇم چەت سەھرادا مەنسەپكە ئامراق بىر يۈزبېشى بولغانىكەن . كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ نىمە سەۋەبتىنكىن ، يۈزبېشىلىقتىن چۈشۈپ كېتىپتۇ . ئۇزاق ئۆتمەي قىش كېتىپ ، باھار كەپتۇ ، تۇرلۇك ـ تۈمەن جانىۋارلار ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپتۇ . دەل شۇ كۈنلەردە كىشىلەر ھېلىقى يۈزبېشىنى ھەر كۈنى ئۆيى كەينىدىكى كونا تاملىقتا كۆرىدىغان بولۇپ قاپتۇ . بىر كۈن ، ئىككى كۈن ئۆتۈپتۇ ، ھەپتە ، ئايمۇ ئۆتۈپتۇ . ئۇ كۈن چىققاندىن تاكى كۈن پاتقانغا قەدەر ئاشۇ تام تۈۋىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ، كىچىككىنە بىر تۆشۈككە

قارايدىكەن . تۆشۈككە قاراپ ھاياجانلىنىپ ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىدىكەن ، بەزىدە تىلىققۇدەك كۈلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدىكەن . ئەتراپتىكىلەر ھەيران بولۇپ قارىسا ، ئۇ بىر تۆشۈكتىن كىرىپ چىقىۋاتقان ھاشار چۇمۇلىلىرىگە بارمىقىنى چېنەپ : «سەن چىق ، سەن كىر ، سەن كىر ، سەن چىق» دەپ بۇيرۇق بېرىۋاتقۇدەك ، بەزىلەر ئۇنى ئېلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ ، دەپ پېشىنى قېقىپلا كېتىپ قاپتۇ . ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان ئىككى - ئۈچ كىشى بولسا «ئالدىرىماڭلار ، ئاۋۋال ئۇنىڭدىن بىر گەپ ئېلىپ باقمايمىزمۇ ؟ » دېيىشىپ :

— يۇزبېشى ، بۇ ئۇششاق جانىۋارلار يا ئىنسان تىلىنى ئۇقمىسا ، يا «تۇر» دېگەنگە تۇرۇپ ، «چىق» دېگەنگە چىقمىسا ، ئۇلارغا «ئۇنى قىل» ، «بۇنى قىل» دەپ بىھۇدە ئاۋارە بولغانلىرى نېمىسى ؟ — دەپ سوراپتىكەن ، يۇزبېشى ھەيران بولغان ھالدا :

— بۇنچىلىك ئاددىي ئىشنى چۈشەنمىگىنىڭلارغا قارىغاندا ئەقىلسىز ئىكەنسىلەر ، — دەپتۇ ۋە ئۆزىچە چۈشەندۈرۈپتۇ ، — سىلەرمۇ تاماكا ، ناسۋال دېگەندەك نەرسىلەرگە خۇمار بولۇپ قالسىلەرغۇ ، مەنسەپ تۇتقان ئادەممۇ مەنسەپكە خۇمار بولۇپ قالىدۇ . بىلىسىلەر ، مەندە ئەمدى مەنسەپ يوق ، سىلەرگە ئۇنى قىل ، بۇنى قىل دېسەم ئاڭلامسىلەر ؟ ياق ، ئاڭلىمايسىلەر ، چۇمۇلىلەر گېپىمنى ئۇقامدۇ - ئۇقمامدۇ ، دېگىنىمگە بويسۇنامدۇ - بويسۇنمامدۇ ، بۇ ماڭا بەرىبىر . لېكىن ، مەن مۇشۇنداق قىلىپ خۇمارىمنى باسمىسام ، ئۆلۈۋالماقتىن ئۆزگە ئامالىم يوق !

ئەسلىي ھېكايىمىزگە كەلسەك ، دۆك فۇشياڭ ئوتتۇز تۆگىلىك دۇنيانى ئېلىپ نىياز ھېكىمبەگنىڭ مۇرىسىگە ئىككىنى شاپىلاقلاپ قويۇپلا قەشقەر تامان يۇرۇپ كەتتى . كېتىپ قالسىلا بولاتتىغۇ ، ئۇ چوڭ سەركەردە بىلەن مەسلىھەتلىشىۋالغان بولسا كېرەك ، ئۆزىگە ئەگىشىپ كەلگەن بەشىنچى جەرىكىلىك ئاۋاق مەنسەپدارنى ئىش باشقۇرغۇچى ئامبال قىلىپ ، ھېلىقى ئەتىۋارلىق

تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ كېتىپ قالدى . نىياز ھېكىمبەگ «ھەي ، بۇ پاراكەندە يۇرتنىڭ ھاكىمبەگلىكى ھەرقاچان يەنە ماڭا قالىدىغان بولدى ، ھەتتەڭەي ، بۇنداق بولارنى بىلگەن بولسام… » دەپ خاپا بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە قەشقەردىن ئەۋەتىلگەن ئالتە چېرىك ئوردىغا كىرىپ كەلدى . ئۇلار يارلىق بويىچە رەھمەتلىك ئەلىشىر ھاكىمبەگنىڭ يىراق سەھرادا ئون نەچچە يىل سۇقۇنۇپ يۈرگەن قانداش ئىنىسىنى تېپىپ كېلىپ ھاكىمبەگلىك مەنسىپىگە قويدى . زىنھار خىيالىدىن كەچمىگەن بۇ ئىش تەمەننانىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىدا مەيدىسىنى كېرىپ ، كېرىلىپ يۈرگەن نىياز ھېكىمبەگنى بىر زەربە بىلەنلا تېگى يوق ھاڭغا غۇلىتىۋەتتى . ئۇ يۈرىكىگە شەمشەر ئۇرۇلغاندەك ئازابلاندى ، رەشك ئوتىدا ئۆرتەندى . نەشە چەككەن دىۋانىنىڭكىدەك پىرقىراپ تۇرغان بېشى سەل ـ پەل ئارام تاپقان چاغلىرىدا ئۇ «ھېلىمۇ شۈكۈر ، خۇدا بىر بالادىن ساقلاپتۇ ، تۆمۈر خەزىنىچىبەگنى ۋاقتىدا جايلىۋېتىپ ئەجەب ئوبدان ئىش قىلغانىكەنمەن ، بولمىسا ، ئۇ ھاكىمبەگ بولۇپ كۆرگىلىكىمنى كۆرسەتتىكەن» دەپ ئۆزىنى ئاۋۇندۇردى . لېكىن ، بۇ ئاۋۇندۇرۇش روھىي دۇنياسىدا پەيدا بولغان چېكى يوق بوشلۇقنى زادىلا تولدۇرالمىدى . ئېچىشقان يەرگە تۇز قۇيغاندەك ، يېڭى ئامبال بىلەن يېڭى ھاكىمبەگ دەل ئەكسىچە ئىش تۇتتى . ئۇنىڭغا باش ئۇرىدىغانلار ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىچىلا ئۇلارغا كۈچۈكلەنگىلى تۇردى . دۈڭ فۇشياڭدىن تىلەۋالغان ئون نەچچە نەپەر مۇھاپىزەتچى چېرىكتىن باشقا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان ، ھۆكمىگە ھە دەيدىغان بىرەر چۈمۈلىمۇ قالمىدى .

دۇرۇس ، ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلۇقتا ئۆگىنىپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ كۆك ئاسماننى ، يورۇق دۇنيانى خالاپ تۇراتتى . دۇردۇن پەرجىدە سىقىلغان تېنى كەڭ ئالەمنى سېغىناتتى . تۆت تېمىدىن مۇز تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ، پايانسىز قارلىق دالادىكى يېگانە كەپىدەك كۆڭۈلسىزلىككە تولغان بۇ تار

دۇنيادىن چىقىپ ئەل ئارىسى، تونۇش رەستىلەرنى ئارىلىغۇسى كېلەتتى. ھەشەمەتلىك تەختىراۋانى، مىنىدىغان سەرخىل ئارغىمىقى، يول ئېچىپ بارىدىغان سادىق ھۆدەيچىلىرى بولمىسىمۇ، توپىلىق يوللارغا يالاڭ ئاياغ دەسسىگۈسى كېلەتتى. بېلىگىچە توپىغا كۆمۈلۈپ كەتسىمۇ، قار ـ يامغۇردا قالسىمۇ رازى ئىدى.

بىراق، سېخىي تەبىئەتنىڭ بۇ تەرىقە مول مۆجىزاتلىرىدىن قانغۇچە بەھرىمەن بولۇش ئاللا ئاددىي ئاۋامغا بەخشەندە قىلغان ئالاھىدە ئىمتىياز بولغاچقىمۇ، بۇنداق لەززەت، بۇنداق ئىمتىياز مۇناپىق، قارا كۆڭۈل ئىنسانغا مەڭگۈ نېسىپ بولمايتتى. زەرەرلىك بۇسلارغا تولغان قوبۇلخانىنىڭ بۇ ئىمتىيازغا ئېلىپ بارىدىغان ئىشىكى ھەر دائىم ئوچۇق بولسىمۇ، لېكىن يۈرەك ـ باغرى جان قايغۇسىدا دەز كەتكەن نىياز ھېكىمبەگ بۇ ئىشىكتىن بىر قەدەممۇ نېرى سىلجىيالمايتتى. سىلجىدىمۇ، دوقمۇش ـ دوقمۇشتا دەككە يەيتتى، قىساسكار خوتەنلىكلەرنىڭ نەپرەت ئوقىغا نىشان بولاتتى. قىسقىسى، بىر بېشى دوزاخ دەرۋازىسىغا تۇتىشىدىغان بۇ يولدىن ئۇ راستىنلا ھەزەر ئەيلەيتتى.

نىياز ھېكىمبەگ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئۆزىنى تىغدەك تەنھا، يېتىمدەك مىسكىن ھېس قىلدى. تېنىنى جۇغۇلدىتىپ، چاترىقى ئارىسىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئەدەپسىز چاشقانمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈندى. قىش شامىلىنىڭ ۋىژىلدىشىغىمۇ ئۇ ھەۋەس بىلەن قۇلاق سالدى...

ئۇ خىيال دالاسىدا تېنەپ ھارغاندا، قاچاندۇر بىر چاغلاردا لالە بىبى دەيدىغان چىرايلىق خوتۇنى، ئۆز پۇشتىدىن تامغان ئوغلى بولغانلىقىنى بىردىنلا يادىغا ئېلىپ قالدى. لېكىن، ئامال قانچە، ئۆزى تالا ـ تۇزگە چىقالمىدى. ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ قورۇ ـ جايىنى، ئوردا ئەتراپىنى يىغنە ئىزدىگەندەك ئىزدەتكەن بولسىمۇ، لالە بىبىنى ھېچ يەردىن تاپالمىدى. چېرىكلەر: «زىنداندىن

قۇتۇلدۇرۇۋېلىنغان لەشكەرلەر قاتارىدا بېكقۇلىبەگنىڭ ھىمايىسى بىلەن نەلەرگىدۇر كېتىپ قاپتۇ » دېگەن كۆڭۈلسىز خەۋەرنى ئېلىپ قايتىشتى .

ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قوبۇلخانىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى . ھەرە كىرىۋالغاندەك غوڭۈلداۋاتقان بېشىنى تىزلىرى ئارىسىغا قىستى ، قانچىلىك ئولتۇردىكىن ، بىر چاغدا خىرەلەشكەن تەقدىر ئاسمىنىغا سەپسېلىۋىدى ، ئۇ يەردە ، — قارا بۇلۇتلار كەينىدە سۇبھىدىكى چولپاندەك جىلمىيىپ تۇرغان ئۈمىد يۇلتۇزىنى كۆرگەندەك بولدى . ئۇ يۇلتۇز بىر سىلكىنىپلا دۈگىلەك قۇياشقا ئايلىنىپ ، ئۇنىڭغا مەنىلىك ئىشارەت قىلدى ، تەسەۋۋۇر چاقى شۇ ھامانلا تەتۈرگە ئايلاندى…

«ياق ، تەقدىر مېنى ئۆگەيلىمەيدۇ ، چوڭ سەركەردىمۇ مېنى مۇنداقلا تاشلىۋەتمەيدۇ . ئېھتىمال ئۇ دۆۋىلىسە تاغ بولغۇدەك تۆھپىلىرىم ئالدىدا ئالىقانچىلىك بۇ يۇرتنىڭ ھاكىمبېگىلىك مەنسىپىنى ماڭا مۇناسىپ كۆرمىگەندۇ . ھەق راست ، چوڭ باشقا كىچىك بۆك ئەمەس ، چوڭ دوپپا لازىم ـ دە ! كىم بىلىدۇ ، يەتتە شەھەرگە ئۆزى خان ئامبال بولۇپ ، مېنى ھاكىمبەگلىك تەختىگە ئولتۇرغۇزار ، بەلكى بۇنداق يارلىق خاقانىنىڭ مۆھرى بېسىلىپ ئاستانىدىن يېتىپ كېلەر ، بەلكى مەپىلىك ياساۋۇللار بۇ يارلىقنى ئېلىپ ئۇرۇمچى يا ئاقسۇدا كېلىۋاتىدىغاندۇ ، راست ، ئۇلۇغ ئاستانە بىلەن قەشقەرنىڭ ئارىلىقى قوغۇنلۇق يولى ئەمەس ـ دە ، ئاخىر ! »

نىياز ھېكىمبەگ ئويلاۋېتىپ پىسسىڭىدە كۈلدى ۋە بېشىنى يېنىك چايقىدى . چوڭ سەركەردىدىن ئورۇنسىز خاپا بولۇپ ، ئۆز ـ ئۆزىنى قىيناپ يۈرگىنىگە خىجالەت بولغاندەك تامغا قارىۋالدى .

نىياز ھېكىمبەگ غايىبنى بىلىدىغان موللىتاپقاقمۇ ياكى تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالدىمۇ ، تەقەززا بولۇپ كۈتكەن ئاشۇ يارلىق ھېلىقىدەك ئويلاردا بولغان كۈنىنىڭ ئەتىسىلا يېتىپ كەلدى . ئوخشىمايدىغىنى ، بۇ يارلىق چوڭ خاقانىنىڭ ئەمەس ، بەلكى قەشقەر

خان ئامبىلىنىڭ بولۇپ چىقتى . ئادەملىربلا ئەمەس ، بەلكى تاش ـ تۇپىراقلىرىمۇ كۆزىگە سىغمايدىغان يەكەن شەھىرىگە ئالتىنچى جەرىكىلىك هاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلەنگىنى جاكارلانغاندا ، ئۇ خوتەن مەسلىھەتچى ئامبىلىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ، سىھىرلەنگەندەكلا قېتىپ قالدى .

بەرگەنگە قانائەت قىلىش ئەخلاق جۇملىسىدىن دېيىلسە ، ئۇ هالدا ئەڭ نامرات كىشىلەر ئەڭ ئەخلاقلىق ئادەملەردىن بولۇپ چىقىدۇ . پەقەت بىرىلمىگىنى ئۇچۇنلا ئۇلار شۇكۇر ـ قانائەت قىلىشقا ، ئەخلاقلىق بولۇشقا مەجبۇردۇر . ئەگەر نامراتنىڭ خالىغىنى بېرىلىدىكەن ياكى خالىغىنىدىن ئارتۇقراق بېرىلىدىكەن ، ئۇ نامرات تەھقىقكى باي ئادەمگە ، شۇكۇر ـ قانائەتنى بىلمەيدىغان بەتئەخلاق ئادەمگە ئايلىنىدۇ . تەمە تىزگىنىنى تارتماي ، بەرگەنگە يەنە بەر دەپ قول ئۇزارتىدىكەن . ئۇ چاغدا ئۇ تويمىغۇر ئادەمگە ، نەپسانىيەتچى ئادەمگە ئۆزگىرىدۇ ، نەپسانىيەتچى ئادەم قارا نىيەت كېلىدۇ ، قارا نىيەتنىڭ كۆڭلى مەڭگۇ ئارام تاپمايدۇ .

خان يارلىقى گويا بىر ئەپسۇنغا ئايلاندى . كارامىتى چەكسىز بۇ ئەپسۇن بىرلا ئاۋاز بىلەن ساداقەت تونىغا ئورىنىۋالغان نىياز هېكىمبەگنى ئەسلىي هالىتىگە ياندۇردى . تۇلكە يەنە تۇلكىگە ئايلاندى . ساختا چۇمپەردە ، ساختا قىياپەت دېگەنلەر سۇ يۈزىدىكى كۆپۈكتەك غايىب بولغان تەمە ئەخلەتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ، بىر سۇپىكۆچ بىلەنلا سۇپۇرۇپ تاشلاندى . ئالۋۇن گۇلىستانىدىكى گۇللەر قۇرۇپ ، گۇل ئورنىدا تىكەن ئۈندى .

«ئەي ۋاپاسىز تەلۋە سەركەردە ، سېنى سەركەردە دېدىممۇ ، ياق ، سەركەردە دېگەن تىلىمغا كۆيدۈرگە چىقسۇن . سەن سەركەردە ئەمەس ، بەلكى بىر ئازازۇل ، مەن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ سېنى ئاتا دېدىم ، دېگىنىڭنى بەردىم . بىھەد مال ـ دۇنيانى ئالدىڭدا قويۇپ ، تەقدىرىمگە ئامەت تىلىدىم . قارام قۇلۇڭدەك ئالدىڭغا چۈشۈپ ، لەۋقا چېرىكلىرىڭنى خوتەنگىچە باشلاپ كەلدىم .

ئەمدىچۇ ، لەۋزىڭدە تۇرغىنىڭ ، بەرگەن مەنسىپىڭ شۇمۇ؟ ئۆتكەن شاھىنشاھلار زامانىدا بېشىنى تىك تۇتۇپ ، ئۆزىنى ئەرچاغلاپ يۈرگەن نىياز ھېكىمبەگ ئەمدىلىكتە ئاتتىن چۈشۈپ ئېشەككە مىنەمدىمەن؟ تەييارغا ھەييار بولغان ئاشۇ تىرىكتاپ ئامبالغا قارام بولامدىمەن؟ ئالدىرىما ، خۇدانىڭ كۈنى تېخى ئۇزۇن» ، — نىياز ھېكىمبەگ شۇنداق ئويلىدى ، بىراق ئويلىغىنى پەقەت ئىچىدىلا قالدى . تېشىدا بولسا باشقا بىر قىياپەتنى نامايان قىلدى . چىراي ئالامەتلىرىنى تېزلا ئۆزگەرتىپ ئامبالنىڭ ئايىغىغا پالاققىدە يىقىلدى ـ دە ، بېشىنى يانتۇ ئېگىپ دېدى :

— خان ئامبال ئالىيلىرىنىڭ شەپقەت ـ شاپائىتىگە مىڭلارچە تەشەككۇر . كەمىنە ھاكىمبەگ ئەقلى كوتا ، ئىشتا ناقابىل ئادەم بولسامۇ ، ئۇ ھەزرەتلىرى مېنى يەنە يەكەندەك كاتتا يەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە مۇناسىپ كۆرۈپتۇ . پېشانەمنى ئوچۇق قىلىپ ، ئابرۇيۇمنى تاغدەك ئۆستۈرۈپتۇ . ئۇلۇغ خاقان نامى بىلەن قەسەمكى ، سۇلالىمىز نىجاتكارىمدۇر ، خان ئامبال ئالىيلىرى ئۆز ئاتامدۇر ، — نىياز ھېكىمبەگ ئۈستىلىق بىلەن يارلىق پۈتۈلگەن سېرىق قەغەزنى ئىككى قوللاپ تاپشۇرۇۋېلىپ كۆزلىرىگە سۈرتتى ۋە ھاياجان بىلەن ۋارقىرىدى ، — ياشىسۇن خاقان ، ياشىسۇن خان ئامبال ، تۇمەن مىڭ يىللار ياشاپ كەتسۇن !...

خوتەن ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى نىياز ھېكىمبەگنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلەندى بولغاي ، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن يۆلەپ ، ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ قويدى :

— يارايدۇ ، بىزنىڭ دۇڭ دارىن يارايدۇ ، — دېدى ئۇ باشمالتىقىنى چىقىرىپ ، نىياز ھېكىمبەگنى ماختاپ .

ئىچكىرىدىن ئەمدىلا كەلگەچكىمۇ ، ئىش بېجىرگۈچى ئامبال تۈز ۋە ساددا ئادەمدەك قىلاتتى . ئۇ ئۆز تىلىنى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بۇ تەرىقە سادىق ۋە ئېتىقادمەن مۇسۇلماننى تېخى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى . ئەپسۇسكى ، ئۇ بۇ ساداقەت ئىگىسىنىڭ

بىر قەۋەت ياش پەردىسى بىلەن توسۇلغان كۆز گۆھەرىدە باشقىمۇ بىر ئۇچقۇننىڭ چاقناۋاتقىنىنى كۆرۈشكە ئاجىز ئىدى . ھاياجانلىق ، ھارارەتلىك ئىبارىلەر ئېتىلىپ چىققان كۆكرەك قەپىسىدە ئىنككىنچى بىر يۈرەكنىڭ تېپىرلاۋاتقىنىنى تېخىمۇ ھېس قىلالمايتتى . دۇربۇندەك روشەن كۆزلەرنىمۇ باغلىيالايدىغان ، يىغلاپ تۇرۇپ كۈلۈشكە ، كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن بۇ چىرايىنى ھەرگىز باشقىچە تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى .

نىياز ھېكىمبەگ مۇراسىم ئەھلىنىڭ ئەڭ كەينىدە دىۋاندىن ئايرىلدى . ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ ، ئۆمرىنىڭ ئەڭ سۈرگۈن ، ئەڭ ناتىنچ بىر بۆلىكى بىلەن باغلىنىدىغان ، ئەمدىلىكتە چۈشىگىمۇ كىرىپ چىقمىغان ئىسكەتسىز بىر ئادەمنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەن بۇ يۈزسىز دىۋانغا ھەسەت كۆزى بىلەن قارىۋالدى . كۆردىكى ، ئىرماش - چىرماش نەقىشلەر بىلەن تولغان تام - تورۇس ، شەپقەتسىز قاراۋۇلدەك قەد كۆتۈرگەن تۈۋرۈكلەر ناتونۇش ئادەمنى يەكلىگەندەك ، ئۇنى سىرتقا ئىتتىرمەكتە ئىدى . تەختنىڭ ئىككى بېشىدىكى ئون نەچچە يىل بېشىنى سىلاپ كەلگەن ئىككى ئەجدىھا بالىسىمۇ بىردىنلا زەھەرلىك يىلانغا ئايلىنىۋالغاندەك قىلاتتى . ئاغزىدىن ئوغا تېمىپ تۇرغان بۇ بىۋاپا يىلانلار چىشلىرىنى چىقىرىپ ، ئۇزۇن تىللىرىنى بار كۈچى بىلەن سوزۇپ ، بوسۇغا ئۈستىگىچە ئۇزارتىۋاتاتتى . بىگىزدەك ئۇچلۇق تىرناقلىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە چاڭگال سالماقچى بولاتتى . ھەتتا ، دىۋان بوسۇغىسىغىمۇ جان كىرىپ ، ئۇنى يىقىتماقنى قەستلەيتتى . قىسقىسى ، تېخى تۈنۈگۈنلا ئۆزىنى ئۆز قوينىدا ئەركىلەتكەن ، بۇقىدەك ھۆركىرەتكەن پۈتكۈل ئوردا ، بۇ دىۋان ئۇنى ئىشىك ئالدىدىن ھەيدىمەكتە ئىدى...

شۇ كۈنى ئاخشىمى — يەكەن سەپىرىنىڭ ھارپا كېچىسى نىياز ھېكىمبەگ ئۇيقۇ بىلەن بەل تۇتۇشۇپ قالدى ، ھارغىن ئەسەبلىرىنى ئىختىيارىغا قويۇۋېتىپ كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمدى ، ئۇخلىسىغىمۇ ،

يېنىچىمۇ يېتىپ باقتى ، كاللىسىغا ئىجازەتسىزلا كىرىپ كېلىدىغان بىغەرەز ئويلارنى قوغلاپ ، ھېچنېمىنى ئويلىماسلىققا تىرىشتىيۇ ، كۆزىگە زادى ئۇيقۇ كىرمىدى . تۈن تەڭگە ئۇلاشتىمىكىن ياكى تاڭغا يېقىنلاشتىمىكىن ، ئۇ ئۆستىنى خۇددى تۆگمەن تېشىدەك بېسىپ تۇرغان قېلىن ئەتلەس يوتقاننى غەزەپ بىلەن ئىرغىتىپ تاشلىدى ـ دە ، كالتە جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ ، تەكچىگە يۆلەنگىنىچە ئۆرە ئولتۇردى .

ئۇ كۆرپە ئۈستىدە ئىككى تىزىنى مەھكەم قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ بىلىپ ـ بىلمەي بېشىنى كۆتۈردى ۋە قوبۇلخانىنىڭ تۈڭلۈكىگە قاراپ سالدى . تۈنۈگۈن كۈن ئولتۇرغاندىن بېرى خامان سورىغاندەك ئۇچقۇنداشقا باشلىغان تۈنجى قار ئەمدى ئۇلغىيىپ قالغان بولسا كېرەك ، تۈڭلۈك رامكىسىغا چاپلانغان نېپىز ئۇچمە قەغەزنىڭ تۆۋەنكى يېرىمى تۇتۇق ئىدى . تۈڭلۈك سىرتىدىكى يورۇقلۇق غۇۋا يورۇپ تۇرغان ئۆي ئىچى بىلەن ئانچە پەرقلەنمەي كەتمەيتتى . ئاسمان رەڭگىنى ئايان قىلىپ تۇرغان ئۈستۈنكى يېرىمى بولسا ، سۈت قەغەزدەك ئاقىرىپ تۇراتتى .

نىياز ھېكىمبەگ يېرىمى تۇتۇق ، يېرىمى يورۇق تۇرغان تۈڭلۈككە قارىغانسېرى كۆزى ياشاڭغىرىغىلى ، تورلاشقىلى تۇردى ، كۆزلىرىنى نەچچە قېتىم چىمچىقلاتتى ، ئاغرىغۇدەك ئۇۋۇلاپ باقتى . بىراق ، كۆزىنى بىئارام قىلغان ئاشۇ تۈڭلۈكتە نېمىلەردۇر جىمىرلىغىلى تۇردى .

— ھا… ھا … ھا…

تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن كۈلكە ساداسى بىلەن تەڭ نىياز ھېكىمبەگنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلاشتى . ئۇ ئالاق ـ جالاق بولۇپ ئەتراپىغا قارىدى ، تامدىن ئۆزگە ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى . نەزىرىنى يەنە تۈڭلۈككە ئاغدۇردى . ھېلىقى يەردە — تۈڭلۈك قەغىزىدە ئەتىياز كۈنلىرى يەر بېغىرلاپ يۈرىدىغان تۇماندەك سىھىرلىك بىر تۇتەك پەيدا بولدى ـ دە ، بۇ تۇتەك ئاستا ـ ئاستا چايقىلىپ ، بىر

يەرگە يىغلىدى ، يىغلىۋېرىپ ، سوزۇنچاق يۈزلۈك ، كۆتمەك قاشلىق ، ئۆچكە ساقاللىق بىر ئادەم قىياپىتىگە كىردى . نىياز ھېكىمبەگ كۆڭۈل خاتىرىسىدە پات ـ پات پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان بۇ سېيمانى قىينالمايلا تونۇۋالدى ۋە قورقۇمسىراپ كۆزلىرىنى يۇمدى .

كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمدىيۇ ، بۇ تونۇش ئەمما يىرگىنچلىك سېيما نىياز ھېكىمبەگنىڭ شالاڭ كىرپىكلىرى ئارىسىدىن سىغدىلىپ كىرىپ ، قاپاقلىرى ئىچىگە يېيىلدى ، پۈرمە خالتىنىڭ ئاغزىدەك قورۇق باسقان ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تېلىققۇدەك كۈلۈۋالدى ۋە بىردىنلا جىددىي قىياپەتكە كىرىپ :

— ئوغلۇم دۈڭ نىياز ، سېنى يەكەندە يوقىتىپ قويغانىدىم ، ئەمدى خوتەندىن تېپىۋالدىم ، ئازاب دېڭىزى چەكسىزدۇر ، بۇ دېڭىزنىڭ چېتىگە يېتىمەن دەپ دەرد تارتقۇچە ، داداڭنىڭ يېنىغا قايتىپ كەل ، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ۋە بىرقىسما كۈلۈمسىرىدى . نىياز ھېكىمبەگ توۋلىۋەتتى :

— مېنى ئوغلۇم دېگۈچى ئى ئەرۋاھ ، توختاپ تۇر ، مېنى ئوغلۇم دەيسەنۇ ، يەنە نېمىدەپ ئاخىرەتكە چىللايسەن ؟

— ئى ئوغلۇم ، گۇناھ مەندە ، مەن ساڭا ئادەم بالىسىغا ئىشەنمە دەپ تەلىم بېرىۋىدىم ، سەن دېگىنىمدەك قىلدىڭ ، ئۆمۈرۋايەت ھېچكىمگە ئىشەنمىدىڭ ، ئۆزۈڭدىن ئۆزگە ھەممە ئادەمدىن گۇمانلاندىڭ . مانا ئەمدى ئاتىلىق مۇھەببىتىمدىنمۇ گۇمانلىنىپ تۇرۇپسەن ، ئىشەنگىنكى ، مەن ئاتىلىق مۇھەببىتىمنىڭ كۈچى بىلەنلا سېنى يېنىمغا چاقىرىۋاتىمەن .

— ئۇنداق بولسا توغرىسىنى ئېيت ، سەن يەكەندىمۇ يا خوتەندىمۇ ؟

— مەن يەكەنگىمۇ ، خوتەنگىمۇ ئورتاق بولغان باقىي ئالەمدە .

— باقىي ئالەمنىڭ قەيېرىدە ، سېنى نەدىن ئىزدەيمەن ؟

— راست گەپنى قىلاي ، ئوغلۇم ، جايىم ۋاپا ئەھلىگە خاس

جەننەتتىدۇر ، كۆڭلىرىم راھەت ـ پاراغەتتىدۇر...
نىياز ھېكىمبەگ «راھەت ـ پاراغەت» دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا جەننەتكە قىزىقىپ قالدى ۋە يامىنى كەلسە ئۆزىنىڭ ئەتىۋارىنى قىلمىغان بۇ دۇنيادىن قولىنى يۇيۇۋېتىپ جەننەتكە بارماقچىمۇ بولدى . ئۇ تونۇش سىيماغا قورقماي سوئال قويدى :
— قېشىڭغا بېرىپ قالسام جەننەت دېگەن يەرنىڭ دەرۋازىسىنى قاقسام بولامدۇ ؟
— ياق... ياق ، جەننەتنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىپ ئاۋارە بولما ، ئوغلۇم ، — دېدى تونۇش سىيما كەسكىن تۈردە بېشىنى چايقاپ ، — شەپقەتلىك بۇدساتۋا پەقەت ۋاپا يولىدا شېھىت بولغان بەندىسىنىلا جەننەتكە كىرگۈزىدۇ ، سەن بولساڭ ، سۆزسىزكى دوزاخقا بۇيرۇلىسەن ، ئوغلۇم !
— نېمىدەپ سېنى جەننەتكە ، مېنى دوزاخقا بۇيرۇشىدۇ ؟
— ...
نىياز ھېكىمبەگ دوزاخنى يەكەندىنمۇ ، ھەتتا يەتتە شەھەردىنمۇ چوڭراق بىر يۇرت بولسا كېرەك ، دەپ قىياس قىلدى ۋە ئۇ يەرگە خان ئامبال بولۇپ ھەممىنى ھەيران قالدۇرسام ، دېگەن يەرگە كېلىپ يەنە سورىدى :
— دوزاختا ئەمەل ـ مەنسەپ بارمۇ ؟
— يوق .
— راھەت ـ پاراغەت بارمۇ ئەمىسە ؟
— دېگەنلىرىڭنىڭ ھېچقايسىسى يوق ، ئوغلۇم ، پەقەت ئوت بىلەن ئازابلا بار !
— ئۇنداقتا مېنى نېمىدەپ مەنسەپمۇ ، راھەت ـ پاراغەتمۇ بولمىغان قارغىش تەگكۈر بىر يەرگە چىللايسەن ، بۇ مېنى قەستلىگىنىڭ ئەمەسمۇ ؟
— ئى ئوغلۇم ، مەن يەنىلا سېنىڭ غېمىڭنى يەۋاتىمەن ، «ئوتنىڭ تېشىدا كۆيگۈچە ، ئىچىدە كۆيگەن ياخشى» دېگەن گەپ

بار . پانىي ئالەمدە ئىتتەك خار بولۇپ ، ئازاب ئوتىدا ئۆرتەنگۈچە ، باقىي ئالەمدىكى دوزاخ ئوتىدا كۆيگىنىڭ ياخشى ئەمەسمۇ ؟…

— بارمايمەن… ھەرگىز بارمايمەن … سۆرىسەڭمۇ بار-مايمەن !…

نىياز ھېكىمبەگ كۆزىنى ئاچتى . پۇتى چۇشەلگەن ئۆچكىدەك تېپىچەكلەپ ، گېلى يىرتىلغۇدەك سۇرەن سالدى . قوللىرىنى نېمىنىدۇر ئىتتەرگەندەك ھەرىكەتلەندۇردى . ساغرىسىنى دەزمالدەك يەرگە سۈركەپ كەينىگە داجىدى ، داجىۋېتىپ يەنە ئاشۇ سېھىرلىك تۈگۈلۈككە ئىختىيارسىز قاراپ سالدى .

قېلىن قار ئۇچقۇنلىرى تۈگۈلۈك رامكىسىنى پۈتۈنلەي كۆمۈپ بولغاندىمۇ ، ئۇ يەردە يورۇقلۇقتىن قىلچە ئەسەر قالمىغانىدى . تۈگۈلۈكتىكى قاراڭغۇلۇق قوبۇلخانا ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇقتا تۇتىشىپ تۇراتتى . دۈم كۆمتۈرۈلگەن غارنىڭ ئاغزىدەك تۇم قاراڭغۇلۇقتا ھېلىقى تونۇش سىيما ئەمەس ، بەلكى سانىغا ساناق يەتمەيدىغان نۇرغۇن كۆزلەر پىلدىرلاپ تۇراتتى . غەلىتە يېرى ، بۇ كۆزلەرنىڭ بەزىسىدىن قان ئاقاتتى ، بەزىسىدىن ياش تامچىيتتى .

مۆردىنىڭ ياكى ھۆۋقۇشنىڭ كۆزىگە ئوخشايدىغان بۇ كۆزلەرنىڭ يەنە قاپىقى ئىچىگە كىرىۋېلىشىدىن ھەزەر ئەيلىدىمۇ ، نىياز ھېكىمبەگ ئەمدى كۆزىنى يۇمۇۋېلىشتىن يالتىيىپ قالدى . يۇمۇۋالمەن دەپمۇ يۇمالمىدى . تىترىكىنى تەسلىكتە بېسىپ ، زاراتىگاھلىقتىكى شەيتان ئوتىدەك پارقىراپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزنىگىلا سىنچىلاپ قارىدى . ئۇ سورىدى :

— سەن كىم بولىسەن ، نېمىشقا تۈگۈلۈكۈمدىن مارايسەن ؟

ئۇ كۆز چوغدان ئۇستىدىن چاچرىغان ئۇچقۇن كەبى چاقناپ زۇۋانغا كەلدى :

— تونۇمايۋاتامسەن ، مەن ھېلىقى كېپەك دەرۋىش بولىمەن ، سەن مېنى تۆھمەت ئوقى بىلەن ئۆلتۈردۈڭ ، مەن سەندىن ھەقىنىڭ قولى بىلەن قىساس ئالاي دەپ پايلاپ يۈرىمەن !

— دەريا بويىدا ئۆلگەنىدىڭغۇ ، سەن ئادەممۇ يا ئاشۇ ئۆلگەن دەرۋىشنىڭ ئەرۋاھىمۇ ؟

— ئادەم دېسەڭ ئادەم ، ئەرۋاھ دېسەڭ ئەرۋاھمەن ، نېمىلا بولاي ، ئىشقىلىپ سەن ئۆلگۈچە مەن ئۆلمەيمەن !...

ئۇزايىغا ئوت ياققۇدەك يېلىنجاۋاتقان كۆزلەرگە قاراۋېرىپ كۆزى قاماشقان نىياز ھېكىمبەگ كۆزىنى يەنە بىر قېتىم يۇمۇۋالدى . ئۆچەكەشكەندەك ، كۆزىنى قانچە يۇمغانسېرى يەنە شۇنچىلىك كۆزلەر ئۇنىڭ ئىچىشىپ تۇرغان قاپقى ئىچىگە كىرىۋالدى ـ دە ، تون ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلاردەك پارقىراشقا باشلىدى .

ئۇ لەنەت ئوقلىرى يېغىۋاتقان ئاشۇ كۆزلەر ئارىسىدىن تەپ تارتماس قاۋۇل قازاننىڭ ، كۆندۈرۈلمىگەن بۇقىدەك چاپچىۋاتقان ھەمدەم قارماقنىڭ ، زەنجىرلەنگەن ئاياغلىرىنى تەسلىكتە يۆتكەپ كېتىۋاتقان ئايمۇھەممەتنىڭ ، تاش ـ بوران ئاستىدا زارلاۋاتقان گۇلئايىمنىڭ ، ئۆلۈم ئالدىدا قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقان كەرىمقۇلنىڭ كۆزلىرىنى كۆرۈپ قالدى . بۇ كۆزلەردىن چىچىلغان ئوت ئۇنىڭ پۈتكۈل جىسمىغا تۇتاشتى . بېشى پىرقىراپ ، ئۇلى كولانغان كونا تامدەك پالاققىدە يىقىلىپ چۈشتى .

نىياز ھېكىمبەگ يىقىلدى . يىقىلىپ يېنى يەرگە تېگەر ـ تەگمەيلا قوبۇلخانا ئىچى يەر تەۋرىگەندەك چايقالغىلى تۇردى . مېھرابلىق تەكچىلەرگە تىزىپ قويۇلغان چىنە ـ چەينەكلەر ، پەگاھدىكى ئاپتۇۋا ، چىلاپچىلار قوبۇلخانا بىلەن تەڭ سىلكىنىپ كەتتى . تۆر تامغا ئېسىلغان غىلاپلىق قىلىچمۇ نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئالدىغا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەن جازا تايىقىدەك «تاراققىدە» قىلىپ چۈشۈپ كەتتى .

بۇنىڭسىزمۇ مەڭدەپ ، تېڭىرقاپ تۇرغان نىياز ھېكىمبەگ قىيامەت قايىم بولغاندەك ۋەسۋەسىگە چۈشتى . ئورنىدىن تۇرۇۋالماقچى بولۇۋىدى ، تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان ئاياغلىرى

دەماللىققا كارغا كەلمىدى. چېكىسى چىڭقىلىپ، سېزىمى قالايمىقانلىشىپ كەتكەچكىمۇ، ئۆرە بولغان يېرىدە بىرھازا سەنتۈرۈلگەندىن كېيىنلا ئاندىن ئۆزىنى ئاز ـ تولا ئوڭشىۋالالىدى ـ دە، قارىغۇدەك سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ پەگاھ تۈۋرۈكىنى تۇتۇۋالدى. بىراق، يىقىلغان يېرىدىن ئايىغى ئۈزۈلگەن ھامان يايىقى تەۋرىنىش، سىلكىنىشلەرنىڭ غايىبتىن پەرمان كەلگەندەكلا توختاپ قېلىشى نىياز ھېكىمبەگنى يەنە بىر قېتىم ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. ئۇ بۇ تاسادىپىيلىقنى جېنىغا ئېكەك سېلىۋاتقان ھېلىقى ئەرۋاھلاردىن كۆرۈپ، بىر تۈڭلۈككە، بىر يەرگە قاراپ باقتى.

ئۇ ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى، باياتىنقى تونۇش سىيما ۋە ناتونۇش كۆزلەر ئەمدى قارا مەخمەلدەك قېنىق قاراڭغۇلۇققا سىڭىپ كەتكەنىدى. شۇ ئەسنادا كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا: «قۇدۇق ئاغزىغا قارا» دېگەندەك قىلدىمۇ ياكى قوچۇلۇپ ئۇماچ بولۇپ كەتكەن مېڭىسىدە ئاشۇنداق بىر سەزگۈ پەيدا بولدىمۇ، نىياز ھېكىمبەگ باياتىن يىقىلغان يېرىگە سىنچىلاپ قارىدى. ئۇ يەردە داش قازاننىڭ ئاغزىچىلىك يەرگە يېيىلغان، قۇملۇق يۇزىدىكى سەراپتەك جىمىرلاپ تۇرىدىغان ئادەم شەكىللىك غۇۋا بىر شولىنى كۆرگەندە يۈرىكى بىردىنلا ئېغىپ قالدى، سوغۇق تۈۋرۈككە يېلىمدەك چاپلاشتى. تېنىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ يوشۇرۇن بىر سېھرىي كۈچنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۆتۈپ كەتكەن روھى، ھېلىقى خىرە شولا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— سەن كىمسەن؟ — سورىدى، نىياز ھېكىمبەگنىڭ روھى.

— تولا خۇپسەنلىك قىلما، كىملىكىم ساڭا بەش قولدەك ئايان! — جاۋاب بەردى ھېلىقى شولا بىرلا سىلكىنىپ، شولا بىلەن روھنىڭ سۆھبىتى شۇ يوسۇندا داۋاملىشىۋەردى:

— سەن ھېلىقى...

— دۇرۇس، مەن ھېلىقى يەتتە گەز يەر يەكتىگە كۆمۈلگەن ئادەم بولىمەن، سەن ماڭا قەست قىلدىڭ، لېكىن مەن يەر تەكتىدە

يېتىپ ھەممە گۇناھىڭنى كۆرۈپ تۇردۇم .
— ھە ، بىلدىم قوبۇلخانامنى لەرزىگە سالغان سەن ئىكەنسەن ـ دە !
— مەن ئەمەس ، مېنىڭ دوستۇم يەر !
— قېنى ئېيت ، يەر نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ ؟
— بىلىپ قوي ، يەر دېگەن شۇنچىلىك نازۇك ۋە نومۇسچانكى ، ئۇ مۇناپىقنىڭ تېنىنى ، ئاسىينىڭ ئايغىنى كۆتۈرمەيدۇ . قارا كۆڭۈل ئادەمنىڭ چاڭ ـ توزانلىرى بىلەن پاك يۈزىنى بۇلغىۋېلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ . سەن كەبى مۇناپىقلار يەر يۈزىدە بىر كۈن مەۋجۇت بولىدىكەنسەن ، يەر بىر كۈن غەزەپلىنىدۇ ، بىر كۈن لەرزىگە كېلىدۇ . مۇناپىق يوق بولمىغۇچە بىر كۈنمۇ ، بىر مىنۇتمۇ تىنچلانمايدۇ...
— مەن كېتىمەن ، تاڭ ئاتقان ھامان يەكەنگە كېتىمەن . سېنىڭ بۇ يېرىڭگە زىنھار دەسسىمەيمەن .
— خوتەن يېرى يەكەن يېرى بىلەن تومۇرداش ، يەر سېنى يەكلىمەيدۇ . نەگىلا بارما ، ھەتتا قەبرىلىكمۇ ئورۇن بەرمەيدۇ . ياخشىسى سەن ئىپلاس تېنىڭنى يەرگە ئەمەس ، ھارامنى يەپ ياشاشقا ئۆگىنىپ كەتكەن قاغا ـ قۇزغۇنلارغا بېرىۋەت !...
ئوردا تەۋەسىدىمىكىن ياكى ئوردا سىرتىدىمىكىن ياكى ئوردا سېپىلىغا تۇتاش يۇقىرا ئۆيلىرىدىمىكىن ، يېقىنلا بىر يەردە خوراز چىللىدى . ئۆزىنى تولىمۇ يىراق يەردە ، ھەتتا يۇلتۇزلارنىڭمۇ ئۇ چېتىدە لەيلەپ يۈرگەندەك ھېس قىلىۋاتقان نىياز ھېكىمبەگ خوراز ئاۋازى بىلەن تەڭلا ھاياتلىق ئالىمىگە قايتىپ كەلدى . بېشىنى بىرلا سىلكىپ ، ھوشىنى ئىلكىگە ئالدى . چاڭ باسقان ، بەئەينى تۇمانلىق دېڭىزدىكى يەلكەندەك غۇۋالاشقان كۆڭۈل دەپتىرىنى ۋاراقلاپ ، چۈش بىلەن رېئاللىق ئارىسىدا ئۆتۈپ كەتكەن مۇدھىش بىر كېچىنىڭ ئاجايىپ ئىزلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى . ئۇ تېز ـ تېز ئۆرۈلگەن ۋاراقلاردىن ھېلىقى سۆرۈن تەلەتلەرنى ، تونۇش ۋە ناتونۇش

كۆزلەرنى ، يەر بېغىرلاپ جىمىرلاۋاتقان سېھىرلىك شولىنى كۆرگەندەك بولدى ـ دە ، قارا بېسىپ قالغىنىغا شەكسىز ئىشەندى .
نىياز ھېكىمبەگ تۇۋرۇكنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ مورا بېشىدىكى جىنچىراغنى كۆرۈپ قالدى . ئاخىرقى بىر تامچە يېغىنى خورىتىپ بولۇپ ، پىلىكى نەچچە ئاچىماق چېچەكلەپ كەتكەن جىنچىراغ ھېلىقى يىرگىنچلىك كۆزلەرنى ئۇنىڭ يادىغا سېلىپ قويدى . بۇ چىراغ ۋە بۇ كۆزلەر ئەمدى زۇلمەت بىلەن توشۇپ تۇرغان قوبۇلخانىنى يورۇتۇشقا ئاجىزلىق قىلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئۆلۈۋاتقان ئادەمنىڭ كۆزىدەك گاھ يورۇپ ، گاھ خىرەلىشىۋاتقان يالقۇنى پەقەت ئۆز ئەتراپىدىلا پىلىلدايتتى .
سەگەكلەشكەن نىياز ھېكىمبەگ بىر قاراپلا بۇ چىراغنى ئۆز تەقدىرىگە ئوخشىتىپ قالدى . ئادەم بىلەن چىراغنى بىر ـ بىرىگە چېتىۋالغان كۈشەندە ئەرۋاھلارنىڭ ، ئۆلگەن كۆزلەرنىڭ ئۆزى بىلەن ئۆچەكىشىپ ، ھەپىلىشىپ قېلىشىنىمۇ ئاشۇ چىراغدىن كۆردى .
«ئەي تەنسىز ئەرۋاھلار ، جىن ـ شاياتۇنلار ، سىلەر بۇ چىراغنى ماڭا ئوخشاتتىڭلارمۇ؟ ئۇنداقتا سىلەر خاتا قىلدىڭلار ، قاراپ تۇرۇڭلاركى ، بۇ چىراغ مەڭگۇ ئۆچمەيدۇ ، تېخىمۇ جۇلالىنىپ كۆزۈڭلارنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتىدۇ . سىلەر قارىغان نىياز ھېكىمبەگمۇ ئويلىغىنىڭلاردەك دەل مۇشۇ چىراغقا ئوخشايدۇ . ئۇ قايتا نۇرلىنىپ ۋە سىلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ ، ئىشەنمەمسىلەر ، مانا كۆرۈڭلار…»
نىياز ھېكىمبەگ پەگاھ تۆپىسىدىكى ئويۇقتىن بىر قاپاق ياغ ئەكىلىپ چويۇن چىراغنى لىققىدە تولدۇرۇۋەتتى . دېگەندەك ، ئۆچۈۋاتقان پىلىككە قايتا جان كىردى . يالقۇنى باشمالتاقتەك چوڭىيىپ ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ چىرايىنى ۋە پۈتكۈل قوبۇلخانىنى يورۇتۇشقا باشلىدى .
— كۆردۈڭلارمۇ ، مانا مۇنداق بولىدۇ…

www.uyghurkitap.com

بىراق، بۇ چىراغ قانچە يورۇق يالقۇنلىمىسۇن، قانچىلىك يىراقنى يورۇتمىسۇن ۋە قانچىلىك تەمەننا بەخش ئەتمىسۇن، تام ـ تورۇسلاردا، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا مارىشىپ يۈرگەن ھېلىقى قىساسكار چىرايلارنى، ئوتلۇق كۆزلەرنى زادىلا قوغلىۋېتەلمىدى. كۆز گۆھىرىگە كاندەك چاپلىشىۋالغان بۇ كۇشەندىلەر ئۇنىڭ ئېغىز ـ بۇرنىدىن، تاپىنىدىن كىرىپ، پۈتۈن سەزگۈ نېرۋىلىرىغا ئورۇنلىشىۋالدى. بۇ قايتماس كۇشەندىلىرىدىن قۇتۇلالمايدىغىنىغا كۆزى يەتكەن نىياز ھېكىمبەگ ئاخىر ئۈچ ئالغۇچى روھ ۋە ئەرۋاھلارغا تولغان بۇ شەپقەتسىز يۇرتنى تەرك ئېتىش قارارىغا كەلدى ـ دە، ئادىتى بويىچە تاڭ يورۇماستىلا يولغا چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈنى ناماز زۆرۈرىيىتى ياكى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن تاڭ يورۇشىغىلا تالاغا چىققان خوتەن ئەركەكلىرى ئاپئاق قارلىق كوچىدا يىگىرمە نەچچە ئات ـ قېچىرنىڭ تۇياق ئىزىنى تاسادىپەن كۆرۈپ قېلىشتى ۋە بۇلارنىڭ نىمىدىن دېرەك بېرىدىغىنىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن تا قاراقاش دەرۋازىسىغىچە ئىز قوغلاپ بېرىشتى.

## ئەللىكىنچى باب

## مۇناپىقنىڭ چۈشى

يەكەن ـ قەشقەر خان ئالۋۇنىنىڭ تاغدەك ئېغىر يۈكىنى زىممىسىدە كۆتۈرۈپ كەلگەن بۇ بىتەلەي شەھەر مۇھەممەت يۈنۈسجان دادخاھنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە داۋاسىز بىتابتەك ھالسىزلانغانىدى. باشقىسىنى قويۇپ تۇرپاندىمۇ، خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى قەشقەر تەرەپكە توشۇلىدىغان نەچچە يۈز، ھەتتا نەچچە مىڭ ئۇلاغلىق ئاش ـ ئوزۇق بىچارە دېھقانلارنىڭ قېنىنى قۇرۇتۇپ، يىلىكىنى شوراپ تۇراتتى. يەكەن شەھىرىگە چۈشۈرۈلگەن

خىراجەت بېجى ، تاناب بېجى ، ئوت ـ سامان پۇلى ، تەرى قارا ، كەپسەن ۋە زاكات[1] دەيدىغان تۈگىمەس باج ـ خىراج توغرىدىن ـ توغرا ئاشلىق ھېسابىغا سۇندۇرۇلاتتى ـ دە ، دېھقان قولىدىن بىراقلا تارتىۋېلىنىپ ، قەشقەر لەشكەرلىرىنىڭ جەڭ ئاتلىرىغا يەم قىلىناتتى .

قوتاز قۇيرۇقى ئېسىلغان دەستەك[2] كۆتۈرگەن دورغا ـ توقسابالار ، بەگ ، سەركارلار ئۆيمۇئۆي قاتراپ يۈرەتتى . ھېسابى يوق باج ـ خىراج ۋە چېكى يوق نامراتلىقتا چىدىمىغان غېرىب ـ غۇرۋالار ئەل ـ يۇرتنى تاشلاپ ، يىراق دەشتى ـ باياۋانلاردىن ماكان تۇتۇشقانىدى . پەرۋىشسىز سەھرا ، ئادەمسىز مەھەللىلەر ، قۇم باسقان باغلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇراتتى .

مىلادىيە 1877 ـ يىلى كەچ كۈز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى ، مۇھەممەت يۇنۇسجان دادخاھ قاياقلارغىدۇر غايىب بولدى . چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان بۇ قاتتىق قول ھاكىمبەگدىن زېرىككەن پۇقرالار «ئەمدىغۇ ئوبدانراق كۈن كۆرەرمىز» دېيىشىپ ، ئاغزىنى تاتلىق قىلىشتى . ھاكىمبەگ كەتتى ، لېكىن ئۇنىڭ پەرمانلىرى ئۆز پېتىچە قېلىۋەردى .

شۇ كۈنلەردە ئاقسۇدىن سېرىقبۇيىغا ، ئۇ يەردىن يەكەنگە قېچىپ كەلگەن بىر كىشى «خاقانى چىن چېرىكلىرى كېلىۋېتىپتۇ» دېگەن بىر خەۋەرنى ئەكېلىۋىدى ، دىلى سۇنۇق ئادەملەر ئۈمىد قۇياشى تۇغقاندەك ، زامانىنى ئوڭشايدىغان ئادالەت ئەلچىلىرى كېلىۋاتقاندەك خۇش بولۇشۇپ ، ياغ پۇرىتىشتى . مارالبېشى تەرەپكە

---

① ھەممىسى ئۆز ۋاقتىدىكى باج ـ سېلىقلار . خىراجەت بېجى — ئومۇمي ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىرى ئېلىنغان باج . تاناب بېجى — دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق بېجى بولۇپ ، ھەر تاناب يەر ئۈچۈن 20 تەڭگە ئېلىنىدۇ . ئوت ـ سامان پۇلى — ئوت ـ سامان ئۈچۈن ئېلىنىدىغان باج . تەرى قارا — مىراس بېجى ؛ ئۆلگەنلەرنىڭ بىساتىنى باھاغا سۇندۇرۇپ ئىككى يېرىم پىرسەنتتىن بەش پىرسەنتكىچە ئېلىنىدىغان باج . كەپسەن ـ ئاشلىقتىن ئېلىنىدىغان باج . باجگىرلارغا سەرپ قىلىنىدۇ . زاكات — دىنىي تۈس ئالغان تۆلەنمە .

② دەستەك — شۇ چاغلاردا مەلۇم ئادەم توقسابا ياكى دورغا دېگەن ئەمەلگە ئېرىشسىلا ئۇنىڭ بەلگىسى بولغان قوتاز قۇيرۇقى ئېسىلغان ئۇزۇن دەستەكنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىكەن .

www.uyghurkitap.com

قاراۋېرىپ كۆزلىرى تېشىلگۈدەك بولدى . چېرىكلەرنىڭ ئاياغلىرىغا پاياندار قىلىپ سالغىلى كىگىز ، گىلەملىرىنىمۇ تەخلەپ قويۇشتى . دەرۋەقە بۇ خەۋەر يېيىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ، كۆتكەن چېرىكلەرمۇ يېتىپ كەلدى . دۈڭ فۇشياڭ ۋە ئۇنىڭ مىڭچە چېرىكى يەكەن بازىرىغا كېلىپ ، تۇتىدىغىنىنى تۇتۇپ ، سولايدىغىنىنى سولاپ ، كەم ـ كۈتىسىنى غەملىۋالغاندىن كېيىن ، بىر خان ئامبال ۋە بەش يۈزچە ئادىمىنى تاشلاپ قويۇپلا خوتەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى . ئۇ چېرىكلەرمۇ كونا دىۋان ئۆيلىرىگە جايلىشىۋېلىپ بەخىرامان لەڭ يەپ يېتىۋەردى . ئۇلارنىڭ چوڭراق بىرەر ئىش قىلمايۋاتقىنىدىن خاپا بولغان جامائەت ، نەزىرىنى دۈڭ فۇشياڭ كەتكەن تەرەپكە ئاغدۇردى . تۇرقىدىن سۆلالە چېرىكلىرىنىڭ چوڭىغا ئوخشاپ كېتىدىغان دۈڭ فۇشياڭ خوتەندىن خېلى چوڭ بىر كارۋاننى ئالدىغا سالغان پېتى يەكەنگە قايتىپ كەلدى ـ دە ، بىر كېچە قونۇپلا قەشقەر تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى . دەل شۇ كۈنلەردە ، پۈقرا كۆڭلىگە تەسەللى بولىدىغان ، ھەممىنىڭ دىتىغا ياقىدىغان يەنە بىر يېڭى مىش ـ مىش گەپ دەل غەدىگەرلىك[①] تىن تارقالدى . مازلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان جۇل ـ جۇل چاپانغا يۆگىلىپ ، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يۈرىدىغان ئۇزۇن قولاق شەھەر نامراتلىرى «خوتەندىن بىر مۆرۈۋۋەتلىك مۇسۇلمان ھاكىمبەگ كېلەرمىش ، ئۇ دىنىي ئەھكامنى ئىنزىغا سېلىپ ، نۇشىرۋاننىڭ يولىنى[②] تۇتقۇدەك ، ئاچ ـ زېرىنلارغا خانلىق ئامبارنى ئېچىپ بەرگۈدەك» دېگەندەك گەپ ـ سۆزلەرنى شەھەرنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە پۇر قىلىۋەتتى . دىلى ئاللاغا يېقىن بەزى كىشىلەر «تىلەكلىرىمىز ھەل بولىدىغان ئوخشايدۇ ، ئاللا بىزگە خوتەنلىك بىر ھاكىمنى راۋا كۆرۈپتۇ ، بۇمۇ ئىشىمىزنىڭ ئوڭغا تارتقىنى ، خوتەنلىكلەر بىزگە ئوخشاش ساددا ،

---

① غەدىگەرلىك — يەكەندىكى ئەڭ ئاۋات ۋە قەدىمىي بازار .

② نۇشىرۋان ئادىل — مىلادىيە 224 ـ يىلى قۇرۇلغان ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ 20 ـ پادىشاھى . ئۇ شۇ چاغلاردا ئۆزىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى بىلەن «نۇشىرۋان ئادىل» دەپ شۆھرەت قازانغان .

ئاق كۆڭۈل كېلىدۇ ، باشقىلارنىڭ بېشىدا ياڭاق چېقىشنى ئۇقمايدۇ » دېيىشتى ۋە ئەتە ـ ئاخشىمى ئۆگزىلىرىگە چىقىپ خوتەن يولىغا قارايدىغان بولۇۋېلىشتى . بۇ خەۋەردىن كۆڭلى سۆيۈنگەن ئۆلىما ـ ئەللامىلەر «يېڭى هاكىمبەگنىڭ ئايىغى ياراشسا يۇرتىمىزنىڭ سەئىدخانلار[1] زامانىدىكى سەلتەنىتىنى يەنە بىر مەرتەم كۆرۈپمۇ قالارمىز » دېيىشىپ كۆزلىرىنى ياشلاشتى .

يۇرت ئەھلىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ كۆڭۈلدىكىدەك سۆيۈنچە ئالماقچى بولغان بىر شوخ يىگىت ئۇچۇق هاۋالىق بىر ئەتىگىنى قاغىلىق يولىدىن ئېشىكىنى چاپتۇرغان پېتى كېلىپ ، يېڭى هاكىمبەگنىڭ ئەڭ كېچىككەندىمۇ شۇ كۈنى نامازدىگەردىن بۇرۇن كېلىپ قالىدىغىنىنى ئېيتتى . يەكەن بازىرى بىردىنلا ئايەم

① سەئىدخانلار ، يەنى سەئىدىيە خانلىقى — چاغاتاينىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ، ئەخمەتخاننىڭ ئوغلى سۇلتان سەئىدخان تەرىپىدىن 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قۇرۇلغان خانلىق . خانلىق پايتەختى يەكەن شەھىرىدە بولغىنى ئۈچۈن تارىختا «يەكەن خانلىقى» دەپمۇ ئاتالغان .

مىلادىيە 1514 ـ يىلى ئەنديجان ۋىلايىتىدە هاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان سۇلتان سەئىدخان جەنۇبقا سۈرۈلگەن ئۆزبېكلەرنىڭ قىستاپ كېلىشى بىلەن شەرققە يۈرۈش قىلىش قارارىغا كەلدى ۋە دوغلات ، بارلاس قاتارلىق توققۇز قەبىلىنىڭ تۆت مىڭ يەتتە يۈز نەپەر باتۇرىنى باشلاپ قەشقەرگە كەلدى . قەشقەردە قىرىق سەككىز يىلدىن بېرى هۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئەمىر خۇدايدات ئەۋلادى مىرزا ئابابەكرىنى ھەيدىۋېتىپ يەكەندە خانلىق تەختىدە ئولتۇردى . سۇلتان سەئىدخان يىگىرمە يەتتە يىل خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ ، قىرىق يەتتە يېشىدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرېشىتخان ، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇكېرىمخان قاتارلىقلار خان بولدى . 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە بولسا ، بۇ خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا نىزا يۈز بەردى . مىلادىيە 1680 ـ يىلى قارا تاغلىق خوجىلار بىلەن ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ مەزھەپ جېدىلىدە پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان ئاپاق خوجا جۇڭغار ئاقسۆڭەكى غالداننى تەكلىپ بىلەن قەشقەرگە باشلاپ كەلدى . غالدان خانلىق پايتەختى يەكەننى ئىشغال قىلىپ ، خان جەمەتىنى رەھىمسىزلەرچە باستۇردى . شۇنىڭ بىلەن بىر ئەسىر داۋام قىلغان سەئىدىيە خانلىقى ئاخىر هالاك بولۇپ ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى ئەسەبىي خوجىلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتتى .

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئىقتىساد ، پەن ـ مەدەنىيەت تازا گۈللەنگەن ، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىمۇ كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان . جاھانغا مەشھۇر ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىمۇ ئاشۇ دەۋردە ئۇيغۇر مۇقام ئۇستازلىرى تەرىپىدىن رەتلەنگەن ، قېلىپلاشتۇرۇلغان . سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ، قېدىرخان قاتارلىق نۇرغۇن ئەدەبىيات ـ سەنئەت نامايەندىلىرى مەيدانغا چىققان .

كۆنلىرىدىكىدەك جانلىنىپ كەتتى . ئادىل مەنسەپدارنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان تالاي كىشىلەر كۆنچىقىش تەرەپكە يۈزلەندى . يىڭى ھاكىمبەگ شەھەرگە پاياندار سالغۇچىلارنىڭ ئالدى يەكەن دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىغا قەدەر يېتىپ باردى . سانجاق ــ سانجاق ئادەملەر تۇرۇپ كەتكەن دەريا بويىدا تەڭلىمات يېپىپ ھەم ۋە پۇختا چېدىرلار تىكىلدى . نەچچە چوغدان چوغ قويۇلۇپ ، چېدىر ئىچى تومۇز كۈنلىرىدىكىدەك ئىسسىتىلدى .

قولى قولىغا تەگمەي ئالدىراپ يۈرگەن چۇمبەللىك ئاياللار ، تارىنىپ ، ياسىنىپ چىقىشقان قىز ــ چوكانلار نان ــ توقاچ ، رىشالە ، قايماقلارنى تىزىپ ، ھاردۇق چېيىنىڭ ھازىرلىقىنى تەخ قىلىپ قويۇشتى . خىزىر سۈپەت يۇرت مۆتىۋەرلىرى پاك ــ پاكىز سەللىسىنى ، تونلىرىنى كىيىپ ، دەريا قىنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىغىلغان سۇ بويىغىچە كېلىپ ھۆرمەت ساقلاپ تىك تۇرۇشتى .

— ئەنە كەلدى ، يىڭى ھاكىمبەگ كەلدى !

يۇسكامغىچە ئالدىغا بىرىپ ، يىڭى ھاكىمبەگنى يىراقتىن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان ھېلىقى شوخ يىگىت ھاكىمبەگنى بىر قاراشتىلا تونۇۋالدى ۋە سۇر ئېشىكىنىڭ ئۈستىدە خۇددى ئۇستا سەرۋازدەك تىك تۇرۇپ ، چاۋاك چېلىپ ۋارقىرىۋەتتى . ئادەملەر توپى دولقۇنلىغان دېڭىزدەك تەۋرەندى . ھاياجانلىق يىچىرلاشلار ، كۈلكە ــ تەبەسسۇملار ، ناخشا مەدھىيىلەر دەريا سۈيىنىڭ شاۋقۇنى بىلەن قوشۇلۇپ ، تېخمۇ تەنتەنىلىك تۈس ئالدى . ئالامانىڭ كەينىدە تۇرغانلار بويىنىنى غازنىڭ بويىنىدەك سوزۇشتى . ئالدىدا تۇرغانلار سەللىسىنىڭ پەتلىسىنى تۈزەشتۇرۇپ ، تونلىرىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ ، گېلىنى قىرىشتى ، قوللىرىنى قوۋۇشتۇرغان پېتى دېمىنى توختاتتى .

ئاشۇغىچە ، يىڭى ھاكىمبەگ بولسا كېرەك ، تۆمۈر بۆكلەر ئارىسىدىن پەقەت ھاۋارەڭ سەللىسىلا كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر كىشى يىگىرمىچە چېرىكنىڭ ھىمايىسىدە قىرغاقتىكى يانتۇلۇق بىلەن دەريا قىنىغا چۈشتى ــ دە ، ئاتلىرىنى دېۋىتىپ ، سۇ بويىغا يېتىپ

كەلدى .
قىرغاق تەرەپتىن تۇيۇقسىز ناغرا - سۇناي ئاۋازى ئاڭلاندى ، يۇرتداشلىرىنى ھەيران قالدۇرماقچى بولۇپ ، ناغرا - سۇنايلىرىنى چاپىنىغا يۆگەپ ئەكەلگەن نەغمە ئۇستىلىرى دەريا بويىنى بىردىنلا چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى .
سۇ بويىغىچە ئىتتىئۈزۈمىدەك غۇژمەك بولۇپ كەلگەن ئاتلىقلار ئاتلىرىنى سۇغا سالغاندىلا ئاندىن بىر - بىرىدىن ئايرىلدى . ئىپتىدا خاقانلاردەك كېرىلىپ ئولتۇرغان سەللىلىك كىشىنىڭ قاتمال چىرايى نەچچە يۈز جۈپ كۆز ئالدىدا بىردىنلا ئاشكارا بولدى .
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، شانۇشەۋكەتلىك ھاكىمبەگ جانابلىرىنىڭ مۇبارەك قەدەملىرىگە ھېسابسىز شەرەپلەر بولسۇنكى ، ئىتائەتلىرىگە باش ئەگمىش ئۇشبۇ يۇرتنىڭ قا… قازى … قازىكالانى…
يەكەن پۇقرالىرىنىڭ سەمىمىي ئىخلاسى بىلەن پۈتكەن پاساھەتلىك سۆز دۇردانىلىرىنى تېخى يېرىمىغا يەتكۈزمەيلا ، نەفس ئوسمانىي قۇرئانىنى قوش قوللاپ تۇتۇۋالغان يۇرت قازىكالانىنىڭ تىلى كالۋالىشىپ قالدى . ئۆزىگە زاڭلىق قىلىنىۋاتقاندەك قىياپەتتە قاراپ تۇرغان ھاكىمبەگكە يەنە بىر كۆز سېلىنىۋىدى ، بوغۇزى غىنققىدە بوغۇلۇپ ، ھال - ئەھۋالى خارابلاشتى .
سەگەك قازىكالان «كۆزۈم تورلاشتىمۇ ياكى كۆرگىنىم توغرىمۇ ، بۇ ھامانەم ئىسپاتلىنىدۇ ، بىراق جامائەت ئالدىدا بىر مۇسۇلماننى رەسۋا قىلماق ئەخلاقىقا مۇناسىپ ئىش ئەمەس» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۈلگۈردى - دە ، ئۆزىگە غەيرەت بېرىپ ، رەڭگىنى ئوڭشىدى ، ئۈزۈلۈپ قالغان گېپىنى ئۇلىدى ، ئېھتىيات يۇزىسىدىن ، زىيادە ماختاشلارنى ئازايتىپ ، مۇبارەكنامىنى ئاخىرىغا يەتكۈزدى .
ھاكىمبەگ ئۆزى ئۈچۈن تەنتەنە قىلىنىۋاتقانلارغا ، ئېگىلگەن باش ۋە تەبەسسۇملۇق بېقىشلارغا پەقەت بېشىنى لىڭشىتىش بىلەنلا جاۋاب بەردى ۋە چېدىر تەرەپكە قاراپ يول ئالدى . تەڭ

دېمەتلىكلىرى بىلەن كۆزى ئارقىلىق سۆزلىشىۋاتقان قېرى مۇدەررىس پۇتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ خىيال سۈرۈپ كېتىۋاتقان قازىكالاننىڭ پېشىنى تارتتى ـ دە، ئاغزىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكېلىپ:

— ھەزرەتلىرى، كۆرگىنىم ھېلىقى ئىشىكئاغا دۆك نىيازمۇ يا ئۇنىڭ ئەرۋاھىمۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، قازىكالان مەنىلىك قىلىپ پىچىرلىدى:

— كۆزلىرىگە دەرد يەتمىسۇن، ئۇستاز...

— يېڭى ھاكىمبەگ شۇمىدۇ ئەمىسە؟

— شۇ بولماي كىم بولاتتى، ئاڭلىمىدىلىمۇ، ئاۋۇ چېرىكلەر ئۇنىڭغا دۆك دارىن دەپ ئىلتىپات كۆرسىتىۋاتىدۇ.

— ھېلىقى باقما دۆك نىياز زادى شۇمىدۇ؟

قازىكالاننىڭ گەپىنى ئۇزارتقۇسى كەلمىدى بولغاي، ئون يىل مۇقەددەم تامغا باسقاندەك يادىدا قالغان بەتبەشىرە چىراي، مۇھەممەت يۈنۈسجاننىڭ ھۇزۇرىدا ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان «گەپ ـ سۆز»لەر توغرىسىدا ئېغىز ئېچىپمۇ ئولتۇرمىدى. ئۇ قىسقىلا قىلىپ:

— ئىمانىم بىلەن قەسەم قىلىمەن، گەپ يوق شۇ، — دېۋىدى، قېرى مۇدەررىس:

— ئۇنداقتا ئىشىمىز توگەپتۇ، — دەپ ئاھ ئۇرۇپ قويدى...

نىياز ھېكىمبەگ ياقۇپبەگنى كۆرۈپلا بىر ئېغىزمۇ خوش دېمەي كېتىپ قالغان يەكەن تۇپرىقىغا خۇددى يالاڭ ئاياغ چوغقا دەسسىگەندەك تەسلىكتە دەسسىدى. مۇبادا قەشقەردىكى سۇلالە كاتتىسى يوغانراق ئىلتىپات كۆرسەتكىنىدە، ئۇ ئۆزىگە تولىمۇ تونۇشلۇق ۋە تولىمۇ يات بولغان بۇ زېمىنغا ھەتتا ئاياغ ئالدىنىمۇ قىلماس ئىدى.

چۈنكى، ئۇنىڭ يامان چۈش مىسالى كەچۈرمىشلىرىگە چېتىشلىق ئاچچىق ئەسلىمىلەر دەل مۇشۇ يۇرتتا كۆمۈلۈپ ياتاتتى. كۆزىگە چېلىقىدىغانلىكى نامايەندىلەر — توپا باسقان سەھرالار،



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ساياپ يۇرگەن قاسماق باللار ، قاپىقى يامان ناۋايلار ، ئوتى ئۆچكەن گۇلەخلەر بەئەينى تۆمۈر تىرناقلارغا ، ئوغرى مۈشۈككە ئايلىنىپ ئۇنىڭ كونا يارىسىنى تاتىلايتتى . ئەگەر ھېلىقى ئىشتانسىز قوشنا بالىنىڭ دېگەنلىرى راست بولسا ، ئۆزىنى بىر پارچە سېسىق گۆشتەك تاشلىۋەتكەن باغرى تاش ئاتا - ئانىسىمۇ ، قاتتىق قول ئوتۇنچىمۇ دەل مۈشۈ تۇپراقتا دەسسەپ يۈرەتتى . ئۆلدى دېگەندىمۇ ، ئۇلارنىڭ قۇرۇپ توزۇپ كەتكەن كۆرۈنمەس زەررىلىرى ، روھ - ئەرۋاھلىرى دەل بېشى ئۈستىدە ، كۆز ئالدىدا لەيلەپ يۈرەتتى . ئەسلىي زاتىنى ، يىرگىنچلىك ئۆتمۈشىنى بىلىدىغان ، ئۆزىنى پالانى دارىبىن دېمەي ، پالانچى مۇناپىق دەيدىغان ، ھېلىقى قېرى قازىكالاندەك ئاغزى يامان كونا دۈشمەنلىرىدىن ئۇ تېخىمۇ بىزار ئىدى . تەلىيى كەلگەن ئاشۇ چاغلاردا پالاپمۇ ، قەستلەپمۇ تۈگىتەلمىگەن ئۆلمىگۈر تىرىك شاھىتلار ئەزرائىل بىلەن چىقىشىۋالغاندەك بەخىرامان ياشاپ يۈرەتتى .

بىراق ، نىياز ھېكىمبەگ ۋۇجۇدىدا ئۆچ - ئاداۋەتتىن ئۆزگە ھېچقانداق ياخشى تەسىرات بولمىغان بۇ كۆڭۈلسىز يۇرتقا بۇ دورەم ئۆز رازىلىقى بىلەن كېلىۋاتاتتى . باشتا ئۇ سۇلالە چېرىكلىرىگە ئۈمىد باغلىمىغان بولسىدى ، لاداخ يولى بىلەن كەشمىرگىمۇ ياكى بىرەر ئەخمەق پەرغانىلىك بىلەن چىقىشىۋېلىپ ، قوقەند ، نەمەنگان تەرەپلەرگە كەتكەنمۇ بولاتتى . لېكىن ، ئۇ يۇرتلاردا ئونبېشىلىقتا چاغلىق مەنسەپ تاپالايدىغانلىقىدىن شۈبھىلەنگەن نىياز ھېكىمبەگ ئۇ يولغا مېڭىشنى خالىمىدى . ئۇ سۇلالە ئادەملىرىنى ئۆزىنى چۈشەنگەندەك چۈشىنەتتى . ئۇلارنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەيدىغان خوتەن قاشتېشىنى ، جىرىڭلاپ تۇرىدىغان ئەجەم تىللاسىنى ، قىممەت باھالىق ئەلتېرىلەرنى جېنىدىن ئەتىۋار كۆرىدىغىنىنىمۇ بىلەتتى . ئالتۇن زىخچىلىرى بىلەن ئۆتكۈر قىلىچلىرىنىڭ بىسىنى ياندۇرغىلى ، مۇزدەك سوغۇق تەلەتلىرىنى مال - دۇنيانىڭ مېھرى بىلەن سۇدەك ئېرىتىۋەتكىلى بولىدىغانلىقىغا گۇمان قىلمايتتى .

شۇ سەۋەبتىن ، ئۇ ئامىتى كەتكەن پەرغانىلىكلەرنىڭ ئۆلىنى

كولاپ ، ئامىتى كېلىشۋاتقان سۇلالە چېرىكلىرىگە ئىختىيارەن قاش ئــاتــتــى . سۇلالە كاتتىلىرىمۇ ئۇنىڭغا قاراپ ھىجىيىپ قويدى. بىراق ، ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتمىدى ، ئۇنى كۆزلىگەن مەنسەپكە ئۇلاشتۇرمىدى . بۇ رەھىمسىز رىيائىلىق تۇنجى قېتىم خاتا چوت سوقۇپ داغدا قالغان نىياز ھېكىمبەگنى كونا ئادىتىنى ئاز - تولا ئۆزگەرتىشكە ، تەقدىرى ئۈستىدە يېڭىۋاشتىن ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى .

ئۇ ئويلاندى ، خاتا قىلغىنىنى تەن ئالدىيۇ ، يېڭىلگىنىگە زادىلا تەن بەرگۈسى كەلمىدى . ئاخىر ، ھىيلە - نەيرەڭ دالاسىدا ئات چاپتــۇرۇپ يــۈرۈپ ئــۆز مــەنــزىلــىــگە ئانچە يىراق بولمىغان قاراڭغۇلۇقتىن ئۈمىد شولىسىنى كۆرۈپ قالدى . چىڭقىچۇشتىكى قىيامىغا يەتكەن قۇياشتەك تۈيغۇ بەرگەن ئەنە شۇ شولا ئۇنىڭ يۈرەك قــېــتــىدا ئاجايىپ بىر پىلاننى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى . پەقەت ئاشۇ پىلان ، توپىلاڭ قارىنىدا تۆرەلگەن ئۈچ ئېلىش پىلانىلا ئۇنى مۇشۇ يۈرت تەرەپكە باشلاپ كەلدى…

نىياز ھېكىمبەگ شەھەرگە كىردى ، بىرەر پىيالە چاي ئوتلاشقا ئــۇلگۈرمەيلا ، يېنىچە يېتىپ چىلىم بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان چىلىك دارېىنى زىيارەت قىلدى . ئات بېشىدەك قاشتېشى ، ئىككى ھەميان قىزىل - تىللانى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزغاندىن كېيىن ، يامۇل دىۋاند- غىلا جايلاشتى . ئىككىنچى كۈنىدىكى جۈمە نامىزىنى يۈرت جامائىتى بىلەن بىللە ئوقۇپ ، بازار - رەستىلەرنى پىيادە ئارىلىدى ، چوڭ - كىچىك ئوقەتچىلەرنىڭ گەز - ئۆلچەملىرىنى تەكشۈرۈپ ، تارازىنى كــەم تــۇتقانلارنى نەق جايىدىلا يەتتە دەررە ئۇرغۇزدى . ھارام پۇل - مالنى مۇسادىرە قىلىپ ، ئالدانغان خېرىدارنىڭ دۇئاسىنى ئالدى . يېتىم - يېسىرلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ ، ئابدال - دىۋانىگە پۇل - پۇچەك بەردى . دەردمەنلەرنىڭ دەردىنى سوراپ ، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ھۈنىرىنى ماختىدى . مەكتەپكە بېرىپ ، مۇدەررىس - خەلپەتلەرگە ئىنئاملار بېرىپ ، تالىپلارنى ئازاد قىلدى .

ھەر ئىشنىڭ ۋە ھەركىمنىڭ تېگىنى بىلىشكە قىزىقىدىغان

ھېلىقى قىرى مۇدەررىس نىياز ھېكىمبەگكە تا كەچ كىرگۈچە ئەگىشىپ يۈردى . ئۇ يامۇل دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتكەندىن كېيىنلا ئۇدۇل قازىكالاننىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى . ئەمدىلا جايىنامازدىن تۇرغان قازىكالاننى كۆرۈپ ، بوسۇغىدىن ئاتلار - ئاتلىمايلا سۆزلەپ كەتتى :

— ھەزرەتلىرى ، يېڭى ھاكىمبەگنى دۆڭ نىيازنىڭ ئۆزى شۇ دېيىشىدىغۇ ؟

— راست ، شۇنداق دېدىم ، ئەجەب بۇنى سوراپ قالدىلىغۇ ، تەقسىر ؟

قىرى مۇدەررىس پىخىلداپ ، قىقىلىپ كەتكۈچە كۈلۈۋالدى ۋە :

— خۇدايا توۋا ، قازىكالان دېگەننىڭمۇ ئازىدىغان چاغلىرى بولىدىكەن - دە ، — دېيىدى ، قازىكالان ئۇنىڭ سۆزىنى چاقچاق دەپ بىلدى ۋە چاقچاق ئارىلاش جاۋاب ياندۇرۇپ :

— بۇ دۇنيادا بىزلا ئەمەس ، ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامۇ ئازغان ، كەمىنىلىرى ھەم ئازغاقنىڭ ئەۋلادى . بىراق ، ئازغىنىمە-نىڭ ۋەجىنى ئېنىق بىلىپ ئاندىن توۋا قىلسام دەيمەن ، — دېدى .

— ھەزرەتلىرى ، دېگەنلىرى بەرھەق ، بۇ دۇنيادا ئازمايدىغان بەندە يوق ، شۇغىنىسى ، يېڭى ھاكىمبەگدەك ئوبدان ئادەمنى دۆڭ نىياز دېگەنلىرى تازا ئاملاشمىدى - دە !

— ۋاي شۇ گەپمىدى ، مەيلى ئىشەنسىلە ، مەيلى ئىشەنمىسىلە ، يېڭى ھاكىمبەگ دېگىنى دۆڭ نىيازنىڭ دەل ئۆزى . دەپ كەلسەم گەپ تولا ، لېكىن دۆڭ نىياز دېگەننى كۆزۈمنى تېڭىپ قويسىلىمۇ تونۇيمەن ، يەنە ئون - يىگىرمە يىلدىن كېيىنمۇ تونۇۋالىمەن ، — دېدى ۋە مۇدەررىسنىڭ ھاكىمبەگنى ئوبدان ئادەم دېگىنىگە قىزىقىپ ، سورىدى ، — بايام نېمە دېدىلە ئۇستاز ، يېڭى ھاكىم ئوبدان ئادەم ئىكەن دېدىلىمۇ ؟

— ھەئە ، شۇنداق دېدىم ، ھەزرەتلىرى...

يېڭى ھاكىمبەگ بىلەن كونا ئىشىكئاغىسىنىڭ بىر ئادەم

ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى ئۈستىدە ئۇلار خېلىغىچە تالاشتى، مۇدەررىس ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ، «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەن تەمسىلنى نەچچە قېتىم شىپى كەلتۈردى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى. يەنە بىر جۈمە يېتىپ كەلدى. بۇ ئىككىيلەن كېلىشىۋالغىنى بويىچە نىياز ھېكىمبەگكە توپتوغرا يېرىم كۈن يوشۇرۇن كۆز سېلىپ يۈردى ـ دە، ھەر ئىككىلىسىلا «ئازغانلىقىغا» ئىقرار بولۇشتى.

— دېگەنلىرى دۇرۇس ئىكەن، يېڭى ھاكىمبەگ بىلەن دۇڭ نىياز راستىنىلا بىر ئادەم ئىكەن، — دېدى مۇدەررىس جاھىللىقى ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراپ. قازىكالانمۇ باش لىڭشىتىپ ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپ دېدى:

— پەقەت ئاللالا توۋا قىلغۇچىنىڭ توۋىسىنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ئاسىي بەندىسىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىپ، ھەق يولغا باشلىغۇچىدۇر. كۆرگىنىمىز ئۇ كەرەملىكىنىڭ كارامىتىگە بىر مىسالدۇر...

دېمىسىمۇ، بۇرۇنقى مۇناپىق، قانخور، چاكىنا دۇڭ نىيازنىڭ بۈگۈنكى ئادىل، رەھىمدىل، سالاپەتلىك نىياز ھېكىمبەگكە ئايلىنىشى ئۇنىڭ ئەسلىي زاتىنى، خۇي ـ پەيلىنى بىلىدىغان ئادەملەر ئۈچۈن كۈنپېتىشتىن كۈن چىققاندەك بىر كارامەت ھېسابلىناتتى. مىڭ ئەپسۇس، كۆزلىرى ئېزىتقۇ تۇمانى بىلەن توسۇلغان بۇ ئادەملەر نىياز ھېكىمبەگنىڭ ۋۇجۇدىدا تەڭ سالماقنى ئىگىلەيدىغان، جادۇگەرنىڭ سىرلىق ئەپتىدەك ئۆزگىرەلەيدىغان ئىككى يۈزى، ئىككى دىلى ۋە ئىككى تىلىنىڭ ئاران بىرىنىلا كۆرەلەيتتى. يامانلىقتا ئەمەس ياخشىلىقتا يان باسىدىغان، يامانلىقنىمۇ ياخشىلىقتا جورۇيدىغان ئاق كۆڭۈل ئاۋام ئۇنىڭ باشقا بىر يۈزىنى، باشقا بىر دىلىنى كۆرۈشكە تېخى ئاجىز ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلىي قىياپىتى پەقەت پىنھان جايدىلا ياكى كەچ كىرىپ ئەل ئايىغى بېسىققاندىلا ئاندىن ئاشكارا بولاتتى.

نىياز ھېكىمبەگ «سۇلالە چېرىكلىرى يەتتە شەھەرنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى بىلىپ بولغۇچە قول سېلىش ، ئۇنى يەكەندە يېقىپ قەشقەرگە تۇتاشتۇرۇش ، قەشقەر ئارقىلىق ئاقسۇ - خوتەنلەرنى قارام قىلىش» دېگەن مۇھىم پىلاننى خوتەندىكى چېغىدىلا كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى . يەكەندىكى ھەربىر ھەرىكىتىمۇ ئاشۇ مەخپىي پىلاننى بويلاپ كېتىپ باراتتى . ئۇ كۈندۈزلىرى ئەل - جامائەتنىڭ كۆزىگە توپا چاچسا ، كېچىلىرى ئۆز زامانىسىدا يەكەن خان ئامبىلىنىڭ ، چېرىكچى ئامبالنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ يۈرگەن كونا قاقاچىلارنى بىرەر باھانە بىلەن كۆزدىن خالىي بىر يەرگە جەم قىلاتتى - دە :

— كۆردۈڭلارمۇ ، بۇ مانجۇلار ئۆز ۋاقتىدىكى مانجۇلار بىلەن زادى ئوخشىمايدىكەن ، سۆزسىزكى ، بۇلار ئۇ چاغدىكى مانجۇلارغا كەتمەن چاپقانلارنى تېپىپ ئۆلتۈرمەي قالمايدۇ ، پېقىرنى بۇ يۇرتقا ھاكىمبەگ قىلىشىمۇ قارماقنى ئۇزۇن تاشلاپ ، بېلىقنىڭ چوڭىنى تۇتۇش ئۈچۈن ئەمەسمۇ ؟ پەخەس بولىلى بۇرادەرلەر ، بېشىمىز كەتمەستە بىرەر سەۋەب قىلايلى ، — دەپ ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئوت قويرۇقلۇق قىلاتتى .

— ئۇلار دىنىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلىپ ، قوۋمىمىزنى قۇرۇتۇۋېتىدۇ ، ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ مازارلىرىنى تۈزلىۋېتىپ ، مەدرىسە ، خانىقالىرىمىزنىڭ ئورنىغا بۇتخانا سالىدۇ . بۇ دىنسىزلار پۈت دەسسەپ تۇرۇۋالغۇچە ئىسلام ئېچىپ ، غازات قىلماق كېرەك ، — دەيتتى ئۇ مۇھەممەت يۇنۇسجان دادخاھقا پەرمانبەردارلىق كۆرسەتكەن ، ئۆز سايىسىدىن ئۆزى ئۈركۈپ بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا كۈن ئېلىپ يۈرگەن ئۇششاق مەنسەپدارلارنى تېپىپ .

نىياز ھېكىمبەگ شۇ تەرىقىدە سامان تەكتىدىن سۇ قويۇپ بەردى . بۇ يوشۇرۇن سۇ بېيپەرۋا خان ئامبال ۋە غاپىل چېرىكلەرنىڭ ساقلى ئاستىدىن ئۆتۈپ خېلى يەرلەرگىچە يامىرىدى . ئەجەل پۇراپ تۇرغان دەھشەتلىك بېشارەتلەر ئېغىزدىن ئېغىزغا

كۆچۈپ خۇددى قار پومزىكىنى دومىلاتقاندەك چوڭىيىۋەردى . ئون يىل بۇرۇنقى سەھرا ئاقساقاللىرىدىن تارتىپ يامۇل ئات باقارلىرىغىچە ، كونا ھاكىمبەگنىڭ قورۇقچىلىرىدىن تارتىپ ، جارچىلىرىغىچە بولغان جىمى ئادەمنى دەككە - دۈككىگە سېلىپ قويدى . مەدرىسە - خانىقالىرىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىشىنى ئۆلۈم بىلەن باراۋەر كۆرىدىغان تەقۋادار نامازخانلارنىڭ ، ئىشان - سوپىلارنىڭ ئاداۋەت ئوتىغا ياغ چېچىپ ، غۇرۇرىنى قوزراتتى . ئەجدادلىرىنىڭ ، ئەۋلىيا - بۇزرۇكۋارلىرىنىڭ قەبرە - زىيارەتگاھلىرىغا تىكلەنمىش بۇ خەۋپ دۇئاگۇي مۇسۇلمانلارنىڭ ، ئاشىق - دەرۋىشلەرنىڭ نومۇسىغا بېرىپ تاقالدى .

ئۆلۈم تەشۋىشى ، ھالاكەت ۋەھىمىسى شەكىلسىز بىر ئاپەت بولۇتىغا ئايلىنىپ ، يەكەن ئاسمىنىدا ئەگىشكە باشلىدى . ئەزرائىلنىڭ شەپىسىنى تۇيۇپ جان قايغۇسىغا چۈشكەن ئەنسىز كىشىلەر دۇئا - تىلاۋەت ئۆتكۈزۈپ مازار - ماشايىخلاردىن مەدەت تىلىدى ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ روھىغا سېغىندى . ئاخىرىدا ، تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇۋېلىپ ، قارىغۇ چاشقاندەك قاتراپ يۈرگەن شېرىپ شەيتاندەك ئوت قويرۇقلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ ، نىياز ھېكىمبەگكە يوشۇرۇن ۋەكىل ئەۋەتتى .

— ئى باغرى سۇنۇق ، بېشى تۆۋەن بىچارە پۇقرالىرىم ، بۇ ئەپتىڭلارغا قاراپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى ، يۈرىكىم ئېچىشتى ، — دېدى نىياز ھېكىمبەگ كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ ، — كەمىنە ھاكىمبېگىڭلارنىڭ ھالىنى سورىساڭلار ، مەن سىلەردىن بەتتەر پەرىشان ۋە بىئارامدۇرمەن . كۆڭلۈڭلار تۇيۇپ تۇرۇپتۇكى ، قاچانكى بۇ ئىمانسىزلارنى بۇ يەردىن قوغلاپ ، يۇرت زېمىنىنى پاك قىلمىغۇچە بوۋىلىرىمىزنىڭ روھى ئەمىن تاپمايدۇ ، بېشىمىزدىن رىيازەت كەتمەيدۇ ، ئۆلسەك ، ئۆلۈمىمىزدىن خۇدا رازى بولمايدۇ ، قۇرئان كەرىمدە قەيت قىلىنىپتۇرلەركىم ، «غازات ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر»...

— «يېتىپ قالغۇچە ، ئېتىپ قال» دەپتىكەن كونىلار ، ئۇ

ئىمانسىزلار بىر ئىش قىلغۇچە بىز ئالدى بىلەن بىر ئىش قىلايلى ، ئۆلسەك شېھىت بولارمىز ، ساق قالساق غازى بولارمىز ، قېنى ئۆزلىرى بىر يول كۆرسەتسىلە ، ھاكىمبېگىم ، — دېيىشتى ، قېنى قىزىغان يۇقرالار نىياز ھېكىمبەگكە ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى تىكىپ . نىياز ھېكىمبەگ تەڭقىسلىقتا قالغاندەك قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە ئۇلارغا :

— يۇرتنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە قولىقىمىزنى يوپۇرۇۋالساقمۇ بولماس ، لېكىن بىر شەرتىم بار ، ئوتتۇز پارە قورئاننى قۇچاقلاپ تۇرۇپ قەسەم ئىچىڭلار ، بىرلا ھاكىمبەگنىڭ ئاغزىغا قاراشقا ، ۋاقتى - سائىتى كەلمىگۈچە ھېچكىمگە سىر بەرمەسلىككە سۆز بېرىڭلار ، — دېدى . نىياز ھېكىمبەگنىڭ شۇنداق دېيىشىنى كۈتۈپ تۇرغان يۇقرالار ئۇنىڭ بۇ شەرتىگە دەرھال ماقۇل بولۇشتى . غازاتقا ئەھدى تۈزۈلگەن شۇ كېچىدىن باشلاپ ، نىياز ھېكىمبەگنى مەركەز قىلىپ تارقالغان بىر قارا ئۆمۈچۈك تورى مازارلارغا ، قاراڭغۇ ئۆيلەرگە ، يىراق سەھرالارغا سوزۇلدى ، نەچچە ئون قونداقچى ، تۆمۈرچىلەر جاي - جايلاردا ئۆز ئىشىنى باشلىۋەتتى...

شۇ كۈنلەردىن كېيىن ، تالاي ئەنسىزلىكلەرنى ئۆز جىسمىدا يوشۇرۇپ ، شەكلەن تىنچلىق بىلەن نىقابلانغان بىر ھەپتە ۋاقىت تېز ۋە جىمجىتلىقتا ئۆتۈپ كەتتى . ئارىدىن بىر جۈمە ئۆتۈپ ، يەنە بىر جۈمەمۇ يېتىپ كەلدى . ئەزان ئاۋازى بېسىقىپ ، ئالتۇنلۇق جامەسىنىڭ ئىمامى مېھراب ئالدىدا پەيدا بولغۇچە ، نەچچە مىڭ نامازخان سېپىنىڭ ئەڭ ئالدىدا قالدۇرۇلغان بىر كىشىلىك ئورۇن بوش پېتى قېلىۋەردى . ئۆزلىرىنىڭ «تەقۋادار ، يۇقراپەرۋەر» ھاكىمبېگىگە ئىچكىپ كەتكەن ساددا يۇقرالارمۇ كۆڭۈل تۆرىدىكى ھۆرمەت تەختىدە ھاكىمبەگكىلا خاس بىر ئورۇننىڭ بوش قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ خېلىلا بىقارار بولۇشتى . جۈمە نامىزى ئۆز قەرەلىدە باشلىنىپ ، ئۆز قائىدىسى بويىچە تاماملانغان بولسىمۇ ، بۇ پەخرىي ئورۇننىڭ بوش قېلىشى جامە دەرۋازىسىدىن

www.uyghurkitap.com

چىقىۋاتقانلار ئارىسىدا كۈچلۈك ئەپسۇس ۋە غۇلغۇلا پەيدا قىلدى . كىشىلەر ئۈچ ـ تۆتتىن بىر بولۇۋېلىپ ، تەشۋىش ۋە پەرەزلىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلاشتى :

— ھاكىمبېگىمىز بېشىغا تاغ يىقىلسىمۇ جۈمە نامىزىنى قازا قىلمايدىغان پەرھىزكار مۇسۇلمان ئىدى . مۇبارەك تەنلىرىگە ساقسىزلىق يېتىپ قالغان بولمىسۇن يەنە ؟

— خەيرىيەت ، ئۇنداقمۇ بولماس ، ئۇ زات تېخى ئوزاقى كۈنلا پېشىن نامىزىدا بىز بىلەن بىللە ئىدىغۇ ؟

— ھە ، راست ، تۈنۈگۈنچۇ ، تۈنۈگۈنكى پېشىن نامىزىدا ئۇنى كۆرگەنلەر بارمۇ ؟ مەن سەپنىڭ كەينىدىرەك تۇرۇپ قالغانىكەنمەن .

— مۇنداق دېسىلە يادىمغا كېلىۋاتىدۇ ، ھاكىمبەگ تۈنۈگۈنكى پېشىن نامىزىدىمۇ كۆرۈنمىدى ، ناماز خۇپتەندىن تارقىغاندا مەيىسىمۇ كۆزۈمگە چېلىقمىدى ، ھەرقايسىڭلار كۆرگەنسىلەر بەلكىم .

— يوقسۇ ، بىزمۇ كۆرمىدۇق .

— ئاللا ئۇنىڭ تېنىنى سالامەت قىلسۇن ، ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن...

قاناتلىرى كەڭ ئېچىۋېتىلگەن جامە دەرۋازىسىدىن يار ئالغان ئۇلۇغ سۈدەك ئېقىپ چىقىۋاتقان جامائەت ئارىسىدا باشقىچىرەك روھلىنىپ قالغان قازىكالانمۇ ، كۆزلىرىدىن غەمكىنلىك تۆكۈلۈپ تۇرغان قىرى مۇدەررىسمۇ بار ئىدى . بىراق ، ئۇلار نىياز ھېكىمبەگنىڭ غېمىدە قارلىغاچتەك ۋىچىرلىشىۋاتقان ئەل ـ يۇرتىمۇ ، ئاپتاپلىق دوقمۇشلاردا تۇرۇۋېلىپ پىچىرلىشىۋاتقان كىشىلەر توپىغىمۇ قېتىلمىدى ، قازىكالاننىڭ باشلىشى بىلەن ئۆتەر يول بويىدىكى ئازادە ۋە ئىسسىق چايخانىغا كىرىپ كەڭ سۇپىدا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى . چىرايىدىن تىت ـ تىت بولۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇرغان مۇدەررىس چەينەك ۋە پىيالە كۆتۈرۈپ كىرگەن ساماۋارچى چىقىپ كېتىشىگىلا تەقەززا بولۇپ

سورىدى :

— ھەزرەتلىرى ، بايام بىر گەپ قىلغاندەك قىلىۋىدىلە ، قېنى دېسىلە ، ھاكىمبېگىمگە نېمە بوپتۇ زادى ، كېسىلى ئېغىرمىكەنيا ؟

مۇدەررىس قىستاۋەرگەنلىكتىن ، قازىكالان بىر پىيالە چاينى تۈگىتىپ ئوتلاپ بولمايلا كونا ئۇلپىتىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل كەلدى ، ئۇ :

— سىلىگە ئېيتسام ، دۆڭ نىياز دېگەن ئۇ مۇناپىق نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنىپتۇدەك ، — دېۋىدى ، بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇدەررىس ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە كەينىدىكى تامغا يۆلىنىۋالدى .

— نېمە دېدىلە ، ئۇ قانداق بولۇپ نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنىپ قالغاندۇ ؟ — سورىدى ئۇ ھەيرانلىقىنى يوشۇرماي ، قازىكالان جاۋاب بېرىپ ، دېدى :

— نېمىشقا بولاتتى ، قەشقەر خان ئامبىلى تەيىن قىلىپ ئەۋەتكەن مەنسەپدار ئۇنىڭ ئىشىكىگە خان ئوقىنى قاداپ قويۇپتۇدەك . خان ئوقى قادالغان ئىشىكنىڭ ئوقى ئېلىۋېتىلمىگۈچە ئېچىلمايدىغىنىنى ئۆزلىرىمۇ بىلىدىلا . چېرىكلەر ئۇنىڭغا تۆگلۈكتىن نان تاشلاپ بېرىۋاتسا كېرەك .

— تـوۋا خۇدايىم ، ئىشىكىگە ئوق قادىغۇدەك قانداق چوڭ گۇناھ قىلغان بولغىيدى ئۇ ھاكىمبەگ ؟

— «قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ» دېگەن تەمسىل بار ئەمەسمۇ ، ئۇ يەنە شۇ كونا خۇيىنى تەكرارلاپتۇ ، «چوڭ مەنسەپ بەرمىدى» دەپ سۇلالە كاتتىلىرىدىن ئاغرىنىپ ئاش بەرگەن قازاننى چاقماقچى بوپتىكەن ، نامەلۇم بىر كىشى ئۇنىڭ يەنە مۇناپىقلىق يولىغا كىرگىنىنى يەتتە شەھەر خان ئامبىلىغا چېقىپ قويۇپتۇ ، ئىككى كۈندىن بېرى ئۇنى قارماقتا تۇتۇپ تەپتىش قىلىۋاتقۇدەك !

— يارەببىم ، ئۇ خان ئامبالنىڭ ئېتىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان تۇرسا ، شۇنداقمۇ يۈزسىزلىك قىلارمۇ تېخى ؟

— سىلى يەكەنگە كەلگىلى ئانچە ئۇزاق بولمىدى، ئۇستاز، ئۇ بۇرۇنمۇ شۇنداق قىلغان، ھازىرمۇ شۇنداق قىلىدۇ. ئويلاپ باقسىلا، ئۆز قوۋمىغا ئاسىيلىق قىلغان مۇناپىقتىن يەنە كىمگە ۋاپا كېلەتتى؟

— ئۇغۇ شۇنداق، ھەزرەتلىرى، كۆزىمىزنى شۇنداق ئەپلەشتۈرۈپ بويىغىنىنى دېمەمدىغان ئۇنىڭ، ھەي ئىسىت، ھەي ئىسىت...

— «تۇزغا كۆنگەن ئىت قوپارغۇ ئاستىدا ئۆلۈپتۇ» دېگەن شۇ.

— مۇناپىقنىڭ كۆرەر كۈنى شۇ بولماي نېمە؟!...

تاشقىرىدا كۆتۈرۈلگەن ۋاراڭ - چۇرۇڭ ۋە جاغ - دۇمباقنىڭ قۇلاق - مېڭىنى يېگۈدەك ئۇنلۇك ئاۋازى ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئۈزۈپ قويدى. ئىككىيلەن سوئال نەزىرىدە قارىشىۋالدى - دە، ئورنىدىن قوزغىلىپ، چايخانا ئىشىكى ئالدىغا چىقىشتى.

يامۇل تەرەپتىن كېلىۋاتقان دۇمباق ئاۋازى بارغانچە يېقىنلاشتى. كوچىغا تولۇپ كەتكەن ئادەملەر توپى قاق ئىككىگە بۆلۈنۈپ، جاكارچى مىنگەن ئېگىز قېچىرغا يول بېرىشتى. ئۇزاق ئۆتمەي جاكارچىنىڭ ئاۋازى ھەممە ئادەمگە ئېنىق ئاڭلاندى.

— ئەييۇھەنناس، ئىشىتىڭلار ئامۇخاس، بۇ يەتتە شەھەر خان ئامبىلى يەكەن پۇقرالىرىغا شۇنى جاكارلايدۇكى، جىمى گۇناھى كەبىرلىرىنى ئەپۇ قىلغان كەڭ قورساق سۇلالە خاقانىنىڭ كاتتا ھىممەتلىرىگە قانائەت قىلمىغان ئاسىي دۇڭ نىياز توپىلاڭ جىنايىتى ئۈستىدە شېرىكلىرى بىلەن قوشۇپ قولغا چۈشۈرۈلدى. ئەييۇھەنناس، ئىشىتىڭلار ئامۇخاس، كۆزى بارلار كۆزى بىلەن، قۇلىقى بارلار قۇلىقى بىلەن خەۋەردار بولغايكى، ئۇشبۇ خىيانەتنىڭ ئەڭ چوڭ گۇناھكارى بولمىش تۈزكور دۇڭ نىياز قەشقەر خان ئامبىلى ئالدىغا يالاپ ئېلىپ بېرىلىپ ئىنسان كۆزى كۆرمىگەن، قۇلىقى ئاڭلىمىغان دەھشەتلىك جازاغا ھۆكۈم قىلىنغۇسىدۇر.

توپلاڭ جىنايىتىگە شېرىك بولمىش جىمى ئاسىيلار يەكەن خان
ئامبىلىنىڭ جازاسىغا مەھكۇمدۇر . ئەييۇھەنناس... كىمكى
ناشۇكۇرلۇق قىلىپ سۇلالە تائىپىلىرىگە ئورا كولايدىكەن ،
گۇناھكار دۇڭ نىيازغا قاراپ كۆرەر كۇننى قىياس قىلىپ ،
ئۆمۇرلۇك ئىبرەت ئېلىشسۇنلەر...

جاكارچىنىڭ سەل كەينىدە قەشقەر نائىپ خان ئامبىلى ،
ئۇنىڭ كەينىدە توپاق قوشۇلغان مەھبۇس ھارۋىسى غىچىرلاپ
كەلمەكتە ئىدى . بىلەك توملۇقىدىكى تېرەك بادرىسى بىلەن
پۇختىلانغان ھارۋىدا ئۆرە تۇرغۇزۇلۇپ ، ھارۋا ئۇستىدىكى قېلىن
تاختايدىن بېشى بىلەن قولىلا چىقىرىلغان بۇ گۇناھكارنى ساقىلى
چىقىقانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تونۇيتتى . كۆكۇچ شايى
سەللىسى ئېلىۋېتىلىپ ئاددىي تېرە تۆپىلىك كىيدۇرۇلگەن ، جىڭ
تېشىدەك ساڭگىلاپ چۇشكەن قاپاقلىرى بىلەن كۆزى توسۇلغان ،
چىرايى قازان كۇيىسىدەك قارايغان ، شالاڭ ساقىلى تەتۇر
ئۆرۇلگەن ، مۇشتلىرى قىزىلمۇچتەك قىزارغان بۇ كىشى باشقا
بىرى ئەمەس ، تېخى تۇنۇگۇنلا كۆز بوياپ يۇرگەن ئاسىي نىياز
ھېكىمبەگ ئىدى . ھارۋا تۆپىسىدە ، بېشى ئەتراپىدا جىنايەت دەلىلى
بولغان ئۇزۇن - قىسقا مىلتىقلار ، پارقىرىتىۋېتىلگەن قىلىچ ،
خەنجەرلەر بىر دۆۋە ئوتۇندەك دۆۋىلىنىپ تۇراتتى .

قاپاقلىرى ئوسما قويغاندەك كۆكىرىپ كەتكەچكىمۇ ، ئۇ
كۆزىنى ئاچالمايتتى . ئاچتى دېگەندىمۇ ، مۇناپىقلىقنىڭ قۇربانىغا
ئايلانغان ، قىل چاغلىق خوۋلۇقىنى كۆرمىگەن ، قىرىق يىللاپ
ئەخمەق قىلىنغان بۇ كىشىلەرگە قارىغۇچىلىك جۇرئىتى يوق
ئىدى . قارىدىمۇ ، ئادەملەرلا ئەمەس ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ خاك -
تۇپرىقىدا يىلتىز سۇرگەن دەل - دەرەخلەرمۇ ، كىندىك قېنى
ئارىلاشقان تام - توپىلارمۇ كۆزىگە تاش ، تۇپراق تىقماي قويمايتتى .
ئەگەر ئۇ ھارۋىدا ئەمەس ، يەرگە دەسسەپ ماڭغان بولسىدى ، يەر
ئۆز بېتىدە ئاپىرىدە بولغان بۇ مۇناپىق ئۇچۇن ئىزا تارتىپ ، ئۇنى

www.uyghurkitap.com





www.uyghurkitap.com

ئاسمانلارغا قاڭقىتىۋەتكەنمۇ بولاتتى . مۇبادا ئاسمانغا قاڭقىپ قالسا نومۇسچان بۇلۇتلار ئۆزىنى تاغ كەينىگە يوشۇرار ياكى ئۇنلۇق چاقماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ تېنىنى بىر ئوچۇم كۇلگە ئايلاندۇرار ئىدى . غەزەپلىك شامال ئۆزى نەپەسلەنگەن ساپ هاۋانىمۇ يۇزىنى قىلمىغان بۇ لەنەتكەردىنى تومۇر قاناتلىرى بىلەن ئۇرۇپ پارە ـ پارە قىلىۋەتمىگۇچە پۇخادىن چىقمايتتى .

...

نىياز هېكىمبەگنىڭ ئېغىرىنى سۆرەپ كېلىۋاتقان مەهبۇس هارۋىسى چايخانا ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە ، يېشى توختىغان بىر كىشى مەهبۇسنىڭ يۇزىگە قارىتىپ «شالاقىدە» بىرنى تۈكۈرۈۋەتتى .

— تۇفي ، دۆيۈز مۇناپىق ، خان ئامبال جاجاڭنى بەرگەي ئىلاهىم !

ئۆگزىگە چىقىۋالغان بىرەيلەن «ئۇر ئۇ تۇزكورنى !» دەپ ۋارقىرىدى ، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلگەن چالما ـ كېسەك هارۋا ئۇستىگە خۇددى مۆلدۇردەك تۆكۈلۇشكە باشلىدى . «ئۇر ، ئۆلتۇر » دېگەن سادا يەكەن ئاسمىنىنى بىر ئالدى . لەنەت ـ نەپرەتكە كۆمۈلگەن بۇ مەهبۇس هارۋىسى شەهەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك كوچىلىرىدا تولۇق بىر قېتىم ئايلاندۇرۇلۇپ ، باش ـ كۆزى يېرىلغان ، ئۆلۈك ـ تىرىكلىكى نامەلۇم بولغان بۇ ئىبرەتلىك مەهبۇس يەتكۈچە سازايى قىلىنغاندىن كېيىن ، ئۇچ نەپەر چېرىكنىڭ مۇهاپىزىتىدە قەشقەر تەرەپكە يولغا سېلىۋېتىلدى .

كەچ كىردى ، مەهبۇس هارۋىسى يۇرۇپ كەتكەن تەرەپ قان رەڭگىدە قىزاردى . ئادەتتىكىدىن بۇرۇن باشلانغان ئەتىياز شامىلى كەچ ئاسمىنىنى سۇزۇلدۇردى . قەددىنى ئېگىپ تۇرغان ئېغىر يۈكنى ئىرغىتىۋەتكەندەك يەڭگىللەپ قالغان يەكەن شەهىرى ئەلياتقۇ بولماستىلا ئۇيقۇغا كەتتى . ئۇيقۇ بىلەن تەڭ نامايان بولغان خەيرلىك چۇش مەنزىرىسى تا تاڭ ئاتقۇچە داۋاملاشتى ، هەتتا تون بىلەن كۇن چېگراسىنى بۆسۇپ ئۆتۇپ ، كۇندۇزگە ئۇلاشتى .

## خاتىمە

# ئاخىرقى نەپەسلەر

كەچكى قۇياشنىڭ ئاخىرقى شولىسى يوقالماستىلا پەيدا بولغان گۇگۇم پەردىسى كۇنچىقىشتىن كۇنپېتىشقا قاراپ قارا بوران سۇرئىتىدە يېپىلغىلى تۇردى . بىپايان تاشلىق ساينىڭ يىراق ـ ياقىلىرى بىلەن لەۋ يېقىشىپ ياتقان كۆكۈچ ئۇپۇق تۆت تەرەپتىن تەڭ قوزغىلىپ ، ئۇچرىغانلىكى مەۋجۇداتنى ئۆز باغرىغا بېسىپ ، ساي ئىچىنى دوپپىدەك تارايتىۋەتتى . قۇياشنىڭ پېتىشىنى كۇتۇپ تاقىتى تاق بولغان يۇلتۇزلارمۇ بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئۆزىنى كۆرسىتىپ ، ئوۋ ماراپ ياتقان ئاچ ھۇۋقۇشنىڭ كۆزلىرىدەك سىرلىق پىلدىرلاشقا باشلىدى .

— ئادەم بارمۇ؟ ئۆتەڭدە ئادەم بارمۇ دەۋاتىمەن؟

گۇگۇم ئارىسىدىن ئايرىلىپ چىققان ئۇچ ئاتلىق لەشكەر ۋە جىمجىتلىقنى بۇزۇپ غىچىرلاپ كېلىۋاتقان بىر ھارۋا يول بويىدا تەنها ئارالدەك چوقچىيىپ تۇرغان كونا ئۆتەڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . ئارىدىن بىر چېرىك بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى .

قانچە يىلدىن بېرى ئادەمسىز قالغان ئۆتەڭ ئۆيلىرىنىڭ تاملىرى شورا بولۇپ ، ئۆگزىلىرى ئېچىلىپ قالغانىدى . ئۆگزىلەرگە يېپىلغان بورىلارنىڭ پۇچاقلىرى مەجنۇننىڭ چېچىدەك چۇۋۇلغان ، بورا ئارىسىدىن ئاپئاق ۋاسلار مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى . تاغ تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقان سوغۇق باھار شامىلى بورا چۇۋۇقلىرى ۋە يوچۇقلار ئارىسىدىن قىسىلىپ ئۆتۇپ ، يالغۇزەك چالغاندەك ئاۋاز چىقىراتتى .

چېرىكلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى دىگۇدەك توۋلاپ ، ھەيۋە قىلىپ باقتىيۇ ، تاشلاندۇق ئۆتەڭ ئۆيلىرىدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى . كەڭ قارا ساينىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا قالغان چېرىكلەر

ئىلاجسىز ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، بىر ئۆينىڭ ئىشكىنى ئېچىشتى.

ئـۇلار ئېغىر پۇشۇلدىشىپ تۇرغان ئاتلىرىنى بىر ـ بىرىگە چېتـــىپ، قـۇرۇق مەھبۇس هارۋىسىغا باغلاپ، ئاغزىغا تۇۋرا كىيدۈرۈشتى. ئېگەر غانجۇغىسىدىن كىچىككىنە سەپەر قازىنى ۋە يېـرىـم سـۈيـى قـالـغان تۇلۇمنى يېشىپ، ئۆيگە ئەكىرىشتى، مىلتىقلىرىنى قېلىن قۇم ئۈستىگە ئۈچ بۇرجەك قىلىپ تىكلىدى. كاكـىللىرى ئاجراپ كەتكەن تامدىن بىر تۇتام يۇلغۇن شېخىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، چاقماق تېشىدىن مىڭ بالادا ئوت چىقاردى ـ دە، گۈلخان ياقتى. قازان ئېسىپ، سۇ قۇيدى، ئىلمان سۇغا ئىككى ئوچۇم ئۇن تۆكۈپ، تاقەتسىزلىك بىلەن قوچۇشقا باشلىدى.

مىس قازاندىن بىلىنەر ـ بىلىنمەس هور ئۆرلىدى. ئاغزىغا تولۇپ كەتكەن شۆلگەيلىرىنى يۇتىۋېرىپ گېلى ئېچىشقان چېرىكلەر بىـر ئـېـغـىـزدىـن «پىشتى، پىشتى» دېيىشتى ـ دە، قازاننى كۆتۈرۈپ، دوغاپتەك سۇيۇق ئۇماچنى نۆۋەت بىلەن سۇمۇرگىلى تۇردى. قازاننىمۇ نۆۋەت بىلەن يالاشتى. «سەن كۆپ ئىچىۋالدىڭ، مەن ئاز ئىچتىم» دېگەن دەۋا بىلەن خېلى قىزىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن پاتلا تىنچلىنىپ قېلىشتى.

ئارىدىن يېشى توختالغان بىر چېرىك لېۋىنى يالاپ تۇرۇپ دەرد تۆكۈشكە باشلىدى:

— هەي، — دېدى ئۇ يوتىسىنى قاتتىق شاپىلاقلاپ قويۇپ، — مۇشۇمۇ ئادەمنىڭ كۈنى بولدىمۇ، بۇنداق بولارىنى بىلگەن بولسام ئاچلىقتىن ئۆلسەممۇ ئۆز يۇرتۇمدا ئۆلەر ئىدىم...

ئۇنىڭ بۇ گېپى بىلەن تەڭ قۇرۇق پاخالغا ئوت چۈشكەندەك ئىش بولدى.

— نېمىسىنى دەيسىلەر، ئاكىلار، «ئۇ يىراق يۇرتتا نەگە قـارىساڭ ئالتۇن، نەگە قارىساڭ كۈمۈش، قولۇڭنى ئۇزىتىشقا ئېرىنمىسەڭلا كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە باي بولۇپ كېتىسەن» دېگەن گەپكە ئىشىنىپ كېتىپتىمەن. ئەمدىچۇ، ئۇ ئالتۇن ـ كۈمۈش زادى قـەيـەردە؟ مانا، نەگە قارىساڭ تاش، نەگە قول ئۇزارتساڭ قۇم، — دېدى يـېـشـى كـىـچـىكرەك بىر چېرىك ئاچچىقىدىن بۇرۇن ـ

قۇلىقىغىچە قىزىرىپ .

توك قاپاق ، جىمىغۇر كەلگەن يەنە بىر چېرىكمۇ زۇۋانغا كەلدى :

— سىلەرنىڭ دەردىڭلار مېنىڭ دەردىمگە ياماق بولالمايدىكەن ئاغىنىلەر ، بۇرۇن بىر يۇرتلۇقىمىز بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ مەنسەپدار بوپتىكەن ، ئۇنىڭ هارۋا ـ هارۋىلاپ مال ـ دۇنيا بىلەن قايتىپ كەلگەنلىكى دادامنىڭ يادىدا قاپتۇ . دادام : «ئوغلۇم ، بارغىن ، ئەگەر بول دېسە كىچىكرەك يۇرت بولسىمۇ ئامبال بولىۋەر ، جەمەتىمىزنى تېخىمۇ باي قىلىۋەتسەڭ ئەجەب ئەمەس» دېسە ، راستىمىكىن دەپ قاپتىمەن . مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر ، يەنە چېرىك پېتى تۇرۇپتىمەن ، مال ـ دۇنيا ئەمەس ، تويغۇدەك ئۇماچمۇ يوق ، قولۇمدىن كەلسە مۇشەققەتنى بىزگە تاشلاپ بېرىپ ، ئۆزلىرى ئامبال ، دارىن بولىۋالغانلارنىڭ ئانىسىنى كۆزىگە كۆرسەتسەم دەيمەن !

— راست دەيسىلەر ، باتۇر يىگىتلەر ، يۇرتۇڭلارغا قۇرۇق قول قايتساڭلار ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايسىلەر ؟...

ئىتقا تاشلاپ بەرگەندەك تاشلاپ بېرىلگەن تاشتەك قاتتىق زاغرىنى غاجىلاپ ، ئۇششۇپ كەتكەن پۇتلىرىنى ئاستىغا باستۇرۇپ ، قاراڭغۇ بۇلۇڭدا دۈگدەرەپ ئولتۇرغان نىياز هېكىمبەگنىڭ راۋان سۆلالە تىلى بىلەن سۆز قىستۇرۇشى ئويغا چۆمگەن چېرىكلەرنى قۇلاق تۈۋىدە هاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ئالاقزادە قىلىۋەتتى . دەرد تۆكۈپ ، چوڭلار ئۈستىدە شىكايەت قىلغىنىغا شۇ هامان يۈز مىڭ پۇشايمان يېگۈزدى .

چېرىكلەرنىڭ بىرى نىياز هېكىمبەگنىڭ ئالدىغا بېرىپ قىر بېشىغا قونغان توك قاغىدەك زوڭزىيىپ ئولتۇردى ـ دە :

— هەي ، گۇناهكار ، راست گەپ قىل ، بىزنىڭ تىلىمىزنى راست بىلەمسەن ياكى بىزنى دوراپ سۆزلەۋاتامسەن ، — دەپ سورىۋىدى ، نىياز هېكىمبەگ بەخۇدۇك جاۋاب بەردى :

— تىلىڭلارنى بىلىشىنغۇ بىلىمەن ، لېكىن قورقماڭلار ، نېمە دېگىنىڭلارنى قەشقەرگە بارغاندا خان ئامبالغا دەپ يۈرمەيمەن ،

www.uyghurkitap.com

دەردىڭلارنى ئاڭلاپ ئىچىم ئاغرىپ مۇنداقچىلا سۆزلەپ قويدۇم ، چارە ـ ئامال دېگەن...

تالادىنمۇ ، ئۆگزىدىنمۇ ، ئىشقىلىپ قەيەردىندۇر بىر شەپە ئاڭلاندى . چېرىكلەر ئوپۇر ـ توپۇر بولۇشۇپ ، مىلتىقلىرىنى چېنەشكەن پېتى يۇگۇرۇپ ئۆتەك ھويلىسىغا چىقىشتى ـ دە ، بىكارچىلىقتىن زېرىككەن شاش ئاتلارنىڭ تېپىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى . خان ئامبالنى تىللىغان ھېلىقى چېرىك ھەمراھلىرىنى تالادىلا توختىتىۋالدى ـ دە :

— ئاكىلار ، ئاڭلاپ تۇرۇڭلار ، بۇ مەھبۇسنى خان ئامبالنىڭ ئۆزى سوراق قىلىدىغانلىقىدا شەك يوق . بايام دېيىشكەن گېپىمىزنى بىلىپ ـ بىلمەي تىلغا ئېلىپ قالسا ھەممىمىزنىڭ بېشى كېتىدۇ ، شۇڭا ئۇنى مۇشۇ يەردىلا گېلىنى بوغۇپ... ، — دېۋىدى ، يەنە بىر چېرىك ئۇنىڭغا قارشى چىقتى :

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن ئۇكا ، ئۇنى قەشقەرگە ساق ـ سالامەت ئاپىرىش توغرىسىدا خان ئامبالنىڭ يارلىقى بارلىقىنى ئۇنتۇدۇڭمۇ ؟ بىزغۇ ئۇنى ئۆلتۈرەرمىز ، لېكىن خان ئامبال بىزنى ئۆلتۈرمەي قويارمۇ ، ھەي ، ئالدىمىزمۇ تىكەن ، كەينىمىزمۇ تىكەن ، — دېدى بىچارىلەرچە خورسىنىپ .

— توختاپ تۇرۇڭلار ، ئالدىرىماي ئويلىساق ئەسقاتىدىغان بىرەر چارە تېپىلىپمۇ قالار . دىققەت قىلدىڭلارمۇ ، ئۇ مەھبۇسنىڭ خېلى دىتى بارەك قىلىدۇ...

ئۇلار قايتىپ كىرىپ ، بېشى چوڭ چېرىكنىڭ دېگىنى بويىچە نىياز ھېكىمبەگكە ئوتىسىنىش ئىمتىيازىنى بەردى ۋە ئۇنى گەپكە سېلىشقا باشلىدى . ئۇلار ئۇخلاي دېسىمۇ كۆزىگە بەربىر ئۇيقۇ كەلمەيتتى . ئۇزاق كېچىنى ئۆتكۈزگۈچە بىرەر ئەرمەك لازىم ئىدى .

— ھەي ، گۇناھكار ئادەم ، بايام چارە ـ ئامالنىڭ گېپىنى قىلغاندەك قىلىشىدىڭغۇ ، ئېيتە ، نېمە دېمەكچىدىڭ ؟ — دېدى بىر چېرىك .

نىياز ھېكىمبەگ قورقۇنچ قىياپەتكە كىرىۋېلىپ بىر قەدەم

كەينىگە سۈرۈلدى ـ دە ، قەستەن دۈدۈقلاپ :

— يوقسۇ ، يوقسۇ ، مەن بولسام بىر مەھبۇس ، چېرىك جانابلىرى ئالدىدا ئاتىكارچىلىق قىلىشقا ھەققىم يوق ، زادى ھەققىم يوق ، — دېۋىدى ، ياشقا چوڭ چېرىك :

— ھېچ ۋەقەسى يوق ، نېمىنى ئويلىغان بولساڭ شۇنى سۆزلەۋەر ، قورقما ، سەنمۇ ئادەم ، بىزمۇ ئادەم ، يەنە كېلىپ تىلىمىزنى ئوبدانلا بىلىدىكەنسەن ، — دېدى نىياز ھېكىمبەگكە يەل بېرىپ .

— ھەممىمىزگە پايدىلىق بىر گېپىم بار ئىدى ، دەي دېسەم تېخى ، دېمەي دېسەم تېخى…

— دېدىمغۇ ، نېمە گېپىڭ بولسا قورقماي دەۋەر ، «تۆگە كۆردۈڭمۇ ـ ياق !»

— ئۇنداق بولسا دەي ، بايام ھەرقايسىڭلارنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بىرقىسىملا بولۇپ قالدى . مېنىڭغۇ كارىم چاغلىق ، يەيدىغاننى يەپ ، كىيىدىغاننى كىيىپ بولدۇم ، گەپ ھەرقايسىڭلارنىڭ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈش ـ كۆرمەسلىكىڭلاردا قالدى…

— ھە ، سۆزلەۋەر .

نىياز ھېكىمبەگ بېلىقنىڭ قارماققا ئىلىنىۋاتقىنىنى كۆرۈپ سەل ھاياجانلانغاندەك بولدى ۋە ھېسسىياتىنى ئاشكارىلاپ قويماس-لىق ئۈچۈن قەستەنگە سۇ سورىدى . ياش چېرىك تۇلۇمدىن ئازراق سۇ قۇيۇپ ئۇزىتىۋىدى ، سۇنى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى ـ دە ، كاللىسىغا تەسۋىدەك تىزىپ ، تەخ قىلىپ قويغان گەپلىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى :

— گەپنى ئۇدۇللاپ دەۋېرەي ئەمىسە ، بىلسەڭلار ، مەكىت دېگەن يۇرتنىڭ ئۇ تەرىپىدە كۆمۈپ قويغان ناھايىتى نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىم بار ، پېقىرنى ئازاد قىلىۋەتسەڭلار سىلەرنى ئۇ يەرگە باشلاپ بارىمەن ـ دە ، ئالتۇن ـ كۈمۈشنى قولۇڭلارغا تاپشۇرىمەن . ئۇنى ئېلىپ چاقىلىق تەرەپكە ئۆتۈپ ، چىمەن يايلىقى بىلەن چىڭخەيگە كەتسەڭلارمۇ ۋە ياكى تىبەت تەرەپكە ئۆتۈپ

كەتسەڭلارمۇ بولىۋېرىدۇ . مېنى خان ئامبالغا تاپشۇرۇپ بېرىپ قۇرۇق قول قالاي دەمسىلەر يا دېگىنىمگە كۆنۈپ ئاتا ـ ئاناڭلارنى رازى قىلامسىلەر ، ئىختىيار ئۆزۈڭلەردە .

نىياز ھېكىمبەگ «پالتا سالغۇچە كۆتەككە ئارام ، زەنجىر كىشەندىن خالاس بولۇپ ، چېرىكلەرنى ئالداپ ـ سىلاپ چۆلگە ئاچىقالسام ، بۇلارنىڭ ئىشىنى ھەر باب بىلەن بىر ياقلىق قىلىۋېتەرمەن» دېگەن ئوي بىلەن يالغان ـ ياۋىداقنى گۈل ـ گۈلگە كەلتۈرۈۋەتتى . تەقەززا بولۇپ تۇرغان چېرىكلەر مەكتە نەدە ، چاقىلىق نەدە دېگەننىمۇ سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمىدى . «بۇ گەپلەر راست بولسا مۇراد ـ مەقسەتلىرىمىزگە بىر يولىلا يېتىدىكەنمىزغۇ ؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ۋە كۆڭلىنى تېخىمۇ توختاتماقچى بولۇشۇپ :

— بىزنى ئالداپ يۈرمەيدىغانسىز ، ھاكىمبەگ ، — دەپ سوراشتى بەخىرامان ئوتسىنىپ ئولتۇرغان نىياز ھېكىمبەگدىن چېرىكلەر . ئۇلار ئەمدى ھەيۋىسىنى تاشلاپ ، «سەن» لەشتىن ، «سىز» لەشكە ئۆتكەنىدى . نىياز ھېكىمبەگ غۇلچىنى كېرىپ ، تازا بىر ئەسنىۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى :

— شەپقەتلىك بودساتۋا ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ ، يالغان ئېيتقان بولسام مېنى يەر يۇتسۇن !

چېرىكلەر باشلىرىنى بىر يەرگە قىلىپ بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىشىۋالغاندىن كېيىن ، ئوبدانراق ئۇخلىۋېلىپ ، قانداقتۇر چاقىلىق ، مەكتە دېگەن يەرلەرگە تاڭ بىلەن تەڭ يول ئالماقچى بولۇشتى . نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئاياغلىرىغا بوغما يىلاندەك يۆگىشىپ ، ئۇستىخانلىرىغىچە پېتىپ كەتكەن كىشەننى ئېلىپ تاشلاپ ، ئىچكەركى ئۆيگە جايلاشتۇرۇپ قويدى . ئىشىكنى تاقاپ ، تېشىدىن زەنجىرلىۋەتتى ، ياش چېرىكنىڭ ئادەمگەرچىلىكى تۇتۇپ قالدىمۇ ، ئۇنىڭ ئېلىۋالغان ئۆزۈكىنىمۇ قايتۇرۇپ بەردى ، ھەتتا ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويغىنى ئۈچۈن يېنىش ـ يېنىشلاپ كەچۈرۈم سورىدى .

چېرىكلەرنىڭ بۇ قارارى مەھبۇس ھارۋىسىدا تۇرخۇنغا كەپلەپ

قويغاندەك ئۆرە تۇرىۋىرىپ ، ئۇستىخانلىرى كىرىشىپ ، پەيلىرى تىپىلىپ كەتكەن نىياز ھېكىمبەگكە خۇددى قېرى كالىغا پىچاق ياققاندەك يېقىپ كەتتى . قوللىرىنى ئارتىلدۇرۇپ ، گەجگىسىگە ياستۇق قىلىپ قويدى ـ دە ، ماموق كۆرپىدەك يۇمشاق قۇم ئۇستىگە ئوڭدىسىغا يېتىپ ، كۆزلىرىنى يۇمدى . بىراق ، تەرەپ ـ تەرەپتىكى تام تۆشۈكلىرىدىن بۇرغا چالغاندەك ھۇۋلاپ كىرىۋاتقان سوغۇق شامال ، ھېلىمۇ ئويغاق تۇرغان سەزگۈسىنى توختاۋسىز غىدىقلاۋاتقان ھاياجان ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇۋەتتى . بىئىختىيار ئېچىلىپ كەتكەن كۆزلىرى تورۇسقا تىكىلدى . نىياز ھېكىمبەگ تورۇسقا قارىدى . سەپەر قازىنىنىڭ ئاغزىچىلىك ئېچىلىپ قالغان يۇمىلاق تۆشۈك ئارقىلىق قارامتۇل كۆك ئاسمانىنى ، ئاسمان گۈمبىزىگە چاپلاپ قويۇلغان تۆچ تۇگمىدەك پارقىراپ تۇرغان بىر جۈپ يۇلتۇزنى كۆرۈپ قالدى . ئۇنى ھەيران قالدۇرغىنى ، تۆچ تۇگمىگىمۇ ، قانداقتۇر بىر جانلىقنىڭ كۆزىگىمۇ ، ئەيتاۋۇر خىيالىغا كەلتۇرگەنلىكى نەرسىنىڭ كۆزىگە ئوخشاۋېرىدىغان بۇ بىر جۈپ سىرلىق چېكىت تەسەۋۋۇرىغا سىغمايدىغان بىر مەخلۇقنىڭ بېشى بىلەن تەڭ تۆۋەنگە ئېگىلىپ ئۆگزىگە ، ئۆگزىدىكى تۆشۈككە يېقىنلاپ كەلدى . نىياز ھېكىمبەگ كۆز قىسىۋىدى ، ئۇمۇ خۇددى شەرەتىنى ئۇققاندەكلا جىلمايدى ، بىراق بۇ جىلمىيىش ئۇزاققا بارمايلا مەسخىرىلىك قىياپەتكە ئۆزگەردى . كۆزنىڭ ئىگىسى — ھېلىقى يوغان مەخلۇقمىكىن ، پىخىلداپ كۈلگىلى تۇردى . مەسخىرىلىك قىياپەت ، مەسخىرىلىك كۈلكە توپىغا مىلىنىپ ئېشەكتەك ئېغىناپ ياتقان نىياز ھېكىمبەگنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى . ئۇ ئەدەپنى ئۇقمايدىغان بىھايا مەخلۇقنى ، ئۇنىڭ پېشانىسىدە جىلمىيىپ تۇرغان بىر جۈپ مەسخىرىلىك كۆزنى ئۆزىنىڭ بۇنداق يامان مۇھتىتىن پاتلا قۇتۇلۇپ كېتىدىغىنىنى تېخى ئۇقمىسا كېرەك ، دەپ ئويلىدى ۋە ئۆگزىگە قاراپ قولىنى شىلتىدى :

«ھەي ھارامزادە مەخلۇق ، سەن مېنى ئۆلۈم ئىسكەنجىسىدە قالغان ، تەقدىرىگە بوي ئەگكەن ناقابىل ئادەم دەپ مازاق

قىلىۋاتامسەن؟ ياق، سەن خاتا ئويلاۋاتىسەن، كۆرۈپ قالىسەنكى، مەن ئۆلۈم ئىسكەنجىسىنى ئەتىلا پاچاق ـ پاچاق قىلىپ تاشلايمەن، يۈزسىز تەقدىرنى، مەن ـ مەن دېگەن خان چېرىكلىرىنى ياۋاش كالىنى يېتىلىگەندەك يېتىلەپ، ئۆز خاھىشىمغا بوي ئەگدۈرىمەن. ئەنە قارا، ئۈچۈپ كەتكەن ئامەت قۇشۇم قايتىپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇ كۆپ ئۆتمەي بېشىمغا قونىدۇ. ئۇ چاغدا مۇشۇ مەسخىرىلىك كۈلكىلىرىڭ ئۈچۈن جەزمەن جاجاڭنى يەيسەن...»

نىياز ھېكىمبەگ ھەيۋە قامچىسىنى قارسىلدىتىپ، ئۆگزىدىن كەتمەيۋاتقان بىر جۈپ قاشاڭ كۆزگە راسا پوپوزا قىلدى. بىراق، بۇ كۆزلەر ئۇنىڭ پوپوزىسىدىن قورقۇپ قالمىدى، ئازراق مىدىر ـ لاپمۇ قويمىدى. ئاغزى قۇم تىققاندەكلا قۇرۇپ، گېلى ئېچىشىشقا باشلىغاندىلا ئاندىن بۇنداق بىھۇدە پوپوزىنى توختاتتى ـ دە، ئۆزىنى ئۆيقۇغا زورلىدى...

نىياز ھېكىمبەگ قاچان ۋە قانداق بولۇپ ئۆيقۇغا كەتكىنىنى تۇيمايلا قالدى. شۇنداقلا، قاچان ۋە قانداق بولۇپ ئويغىنىپ كەتكىنىنىمۇ زادى تۇيمىدى. ئىشقىلىپ، ئۆزىگە خېلى تونۇش بىر سادا ئۇنى ئويغىتىۋەتتى. ئۇيقۇچان كۆزلىرىنى ئاچقاندا بولسا باش ئۈستىدە چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتقاشنى، ئوتقاش شولىسىدا يورۇپ تۇرغان ئىككى گەۋدىنى كۆرگەندەك قىلدى. تاڭلىيىغا چىڭ چاپلىشىپ، بېغى كېسىلگەندەك كالۋالىشىپ كەتكەن تىلىنى تەسلىكتە ھەرىكەتلەندۈردى:

— سىلەر... سىلەر كىم؟

— بىز ئەزرائىل.

— ئەزرائىل؟ سىلەر نېمە قىلماقچىسىلەر؟

— جېنىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلماقچىمىز!

— سىلەرنى كىم ئەۋەتتى؟

— ئاللانىڭ ئىرادىسى ئەۋەتتى، شېھىتلەر ئاھى ئەۋەتتى!

«ئەزرائىل»، «شېھىت» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ، نىياز ھېكىمبەگ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىۋەتتى:

— ۋايجان، ۋاي باتۇر چېرىكلەر، ئەزرائىل كەلدى، مېنى

قۇتۇلدۇرۇڭلار !…

ئوتقاش تۇتۇپ تۇرغان گەۋدە ھېلىقى يوغان مەخلۇقتەك مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويۇشتى ۋە :

— ئاۋارە بولما ئىپلاس ھاكىمبەگ ، مەيلى كىمنى چاقىر ، بەرىبىر بىكار ، جېنىڭغا ئەمدى ئۆلۈكلەرمۇ ، تىرىكلەرمۇ ئارا تۇرالمايدۇ ، — دېيىشتى تەمكىن ھالدا .

نىياز ھېكىمبەگ ئاچ بۆرىدەك ھۇۋلىدى ، ئاللا ـ تۇۋا قىچقاردى ، بىراق ، تاشقىرىقى ئۆيدىن زىنھار سادا چىقمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆيدە نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى سەگەكلىك بىلەن بايقىۋالدى ۋە قۇتۇلۇش ئۈمىدىنى كۆز ئالدىدا تۇرغان بۇ «ئەزرائىل» لارغا باغلىدى ، ئادىتى بويىچە ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئالدى بىلەن مال ـ دۇنيا ۋەسۋەسىسىنى سېلىپ ، دېدى :

— پۇل دېسەڭلار پۇل بېرەي ، مال دېسەڭلار مال بېرەي…

بىرەيلەن نىياز ھېكىمبەگنىڭ دەل پېشانىسىگە كەلتۈرۈپ بىرنى تۈكۈردى ، ئارقىدىنلا زەردە بىلەن :

— كۆزلىرىڭنى يوغان ئېچىپ قاراپ باق ، مۇناپىق ! بىز كىم ، ئۆزۈڭ كىم ؟ — دېۋىدى ، نىياز ھېكىمبەگ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى :

— سىلەر… سىلەر ئەزرائىل ، مەن … مەن …

— بېشىڭنى كۆتۈر ، ئەبلەخ !

ئىككى ئالىقىنىنى ، تىزلىرىنى داق يەرگە تىرەپ ، شۈۋىرغاندا قالغان تۆت ئاياغلىق ھايۋان مىسالى تىترەپ تۇرغان نىياز ھېكىمبەگ يارغۇنچاق تېشى ئېسىلغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن بېشىنى ئاستا ـ ئاستا يۇقىرى كۆتۈردى . ئالدى بىلەن چورۇق كىيگەن ئىككى جۈپ ئاياغنى ، تىتىلغان پەشلەرنى ، چەكمەن چاپانلىق ئىككى گەۋدىنى كۆردى . نەزىرى قىيسىق كۆزلۈك ، ئاق ساقاللىق ، ھېلىلىدەك قورۇلۇپ كەتكەن قارامتۇل چىرايغا چۈشكەندە بولسا تاشتەك قېتىپلا قالدى . نەشتەردەك ئۆتكۈر سۆزلىرى ، جاھىللىقى ئۇنىڭ يۈرىكىدە چوڭقۇر دەز قالدۇرغاچقىمۇ ياكى گاھى ئوڭدا ، گاھى چۈشىدە ئايان بولۇپ تۇرغاچقىمۇ ، بۇ

چىراي ئۇنىڭغا ئوبدانلا تونۇشلۇق ئىدى. كەسكىن، جاراڭلىق تەلەپپۇزى بولسا قۇلاق تۈۋىدە ھېلىمۇ جاراڭلاپ، ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى.

«خۇدايا توۋا، بۇ ھېلىقى جاھىل دەرۋىشنىڭ ئۆزىغۇ، دەريا بويىدا ئۆلگەن تۇرۇقلۇق يەنە نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى بۇ دەرۋىش؟» نىياز ھېكىمبەگ شۇلارنى ئويلىيالىدى ۋە دەرۋىشنىڭ يېنىدا دەرۋىشتەك گۆلىيىپ تۇرغان ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى ئەركەككە ئاستىرتىن قارىۋالدى. ئۇنى نەدىدۇر كۆرگەندەك قىلدى، بىراق ئۇنىڭ كىملىكىنى زادى يادىغا ئالالمىدى. نىياز ھېكىمبەگ: «كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەلپازىدىن قارىغاندا، بۇلاردىن ماڭا ياخشىلىق يوق، شۇنداقتىمۇ، يەنە بىر نۆۋەت ئۇرۇنۇپ كۆرەي، ئويلىمىغاندا مۆجىزە يۈز بېرىپ، بىر سەۋەب بىلەن قۇتۇلۇپ كەتسەممۇ كېتەرمەن» دېگەن يەرگە كەلدى ۋە:

— دەرۋىش ئاتا، گۇناھىمدىن ئۆتۈپ، ئەرزىمەس ھاكىملىرىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالسىلا، — دېدى ۋە ھۆكرەپ يىغلىغان پېتى ئىككىيلەننىڭ ئاياغلىرىغا چىڭگىلىكتەك يېپىشتى.

— پۇتۇمنى قويۇپ بەر، تۇزكور، ناپاك قولۇڭ بىلەن ئايىغىمنى مەينەت قىلما! — دېدى دەرۋىش پۇتلىرىنى بار كۈچى بىلەن سىلكىپ تۇرۇپ، — سېنى بىر قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئۇمۇرۋايەت پۇشايماندا قالغان ئادەممەن، ئەمدى قۇتۇلدۇرمايلا قالماي، جېنىڭنى ئۆز قولۇم بىلەن ئالماقچىمەن. ئەڭ ياخشىسى، يالغان ـ ياۋىداق گەپلىرىڭنى قويۇپ، مېنىڭ كىملىكىمنى ۋە ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى ئوبدان بىلىۋال، ئۇ دۇنياغا ئارمان بىلەن كەتمە!

نىياز ھېكىمبەگ:

— سىلىنى ئوبدان بىلىمەن، ئۆزلىرى جانابىي كېپەك دەرۋىشقۇ، ئۆز ۋاقتىدا شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كۆپ زۇلۇم ساپتىمەن، توۋامنى قوبۇل قىلسىلا، مەن ئازدىم، مەن گۇناھكار... — دېدى ۋە كېپەك دەرۋىشنىڭ لاغىلداپ تىترەۋاتقان ئاياغلىرىغا تېخىمۇ مەھكەم چاپلاشتى.



www.uyghurkitap.com

— بىلمەن دەمسىنا ، مېنى قانچىلىك بىلسەن ، ئۆزۈڭنى قانچىلىك بىلسەن ؟ — دېدى دەرۋىش تەنە قىلىپ .

— بىلمەن...

— بىلسەڭ تېخىمۇ ئوبدانىراق بىلۋال ، بىلمىسەڭ قۇلاق سال ، — دەرۋىش دانە ـ دانە قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى ، — بالىلىق چېغىڭدا سېنى يەلكىسىگە مىندۈرۈپ ، يېمەي يېگۈزگەن ، كىيمەي كىيدۈرگەن ھېلىقى ئوتۇنچى بالا يادىڭدىمۇ ؟ يادىڭدا بولسۇن ـ بولمىسۇن ، سېنى زاراتگاھلىقتىكى كاداك سېدە تۇۋۋدىن تېپىۋېلىپ ئۆيىگە ئەكەلگەن ، ئاش ـ تۇز بېرىپ چوڭ قىلغان ھېلىقى ئەخمەق ئوغۇل بالا مانا مەن بولىمەن ، ھېلىقى تاشلاندۇق بوۋاق دەل سەن !

نىياز ھېكىمبەگنىڭ دەرۋىشنىڭ ئاياغلىرىغا چىرماشقان قولى ئاستا ـ ئاستا بوشىشىپ كەتتى . بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا گۇمان نەزىرى بىلەن تىكىلدى .

— ئىشەنمەيۋاتامسەن ، ئۇن ياش چېغىڭدا بىر بارمىقىمنى چىشلەپ ئۈزۈۋەتكىنىڭ يادىڭدىمۇ ؟ ئىشەنمىسەڭ قارا !

دەرۋىش سول قولىنىڭ ئالىقىنىنى كېرىپ ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ كۆزلىرىگە يېقىن ئەكېلىۋىدى ، ئەللىك نەچچە يىل بۇرۇنقى جاراھەت ئورنى ئوتقاش يورۇقىدا تامامەن ئاشكارا بولدى . نىياز ھېكىمبەگ تەئەججۇپ بىلەن دېدى :

— ئۆزلىرى كېپەك دەرۋىشقۇ ؟...

— شۇنداق ، مەن دەل كېپەك دەرۋىشمەن ، ياق ، سەن ئون ئىككى ياشقا كىرگۈچە قاسىم ئوتۇنچى ، سەن قېچىپ كەتكەندىن كېيىن بولسا كېپەك دەرۋىشمەن .

— ... ؟

— سەن تۇزكورلۇق قىلىپ ئۆيدىن قېچىپ كەتتىڭ ، ئىزدە ـ ئىزدە ئاخىر دۆڭ دارېنغا بالا بولۇپ ، مىرشەپبېگلىك قامچىسىنى ئوينىتىپ يۈرگىنىڭدىلا ئاندىن سېنى ئۇچراتتىم . بىراق ، ئۇ چاغدا سەن ئالىلىقاچان باشقا بىر ئادەمگە — قامچىسىدىن قان تامىدىغان ، كۆرگەننى ئۇرۇپ ، كۆرگەننى چاقىدىغان ، نامى يامان بىر

لۈكچەككە ئايلانغانىدىڭ. دۇرۇس، مەن سېنى كۆردۈمۇ، تونۇشلۇق بەرمىدىم، تونۇشلۇق بېرىپ قويۇپ، قارغىشخورلۇقۇڭ ئۈچۈن ئۇرغان بىر شاپىلاق بەدىلىگە ئۆمۈرۋايەت زىندانىڭدا يېتىشتىن ھەزەر ئەيلىدىم. شۇنداقتىمۇ، ھەزرىتى پىر مازارىدا زاھىت بولۇپ يۈرۈپ دۇئايىمدا ساڭا ئىنساپ تىلىدىم، قىلغان ـ ئەتكەنلىرىڭگە بىر دەرۋىشنىڭ نەزىرى بىلەن كۆز سالدىم، تۇز بەرگەن دۇڭ دارىبىنغا قانداق خىيانەت قىلغىنىڭنى، كوچا خوجىلىرىنىڭ مەخپىيىتىنى ياقۇپبەگكە قانداق ساتقىنىڭنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم. دەل شۇ چاغدىلا رەھمەتلىك دادامنىڭ توسقىنىغا پەرۋا قىلماي سېنى ئۆلۈم چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغىنىمغا، سەندەك بىر يۈزسىز مۇناپىقنى ساددا ئادەملەر ئارىسىغا باشلاپ كەلگىنىمگە ئۆزۈمنى ئۇ ئالەم، بۇ ئالەم گۇناھكار ھېسابلىدىم، سېنى باققۇچە بىر ئىت بالىسىنى باقمىغىنىمغا يۈز مىڭ پۇشايمان يېدىم. سەن يامانغا يانتاياق بولۇپ خوتەن تەرەپكە كۆز ئالايتقىنىڭدا، گۇناھىم يەڭگىللەرمىكىن دەپ نى ـ نى مۇشەققەتلەرنى تارتىپ خوتەنگە كېلىپ خوتەنلىكلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ باقتىم. نەچچە ئون مىڭ بىگۇناھ خوتەنلىكلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ، رەھىمسىزلەرچە قان تۆككىنىڭدە بولسا سېنى ئۆز قولۇم بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ گۇناھىمدىن پاك بولۇشقا قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچتىم.

— ئەپسۇسكى، ساراڭ تەقدىر سېنى ھامان بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ، تەلىيىڭنى ئوچۇق قىلدى، مېنىڭ ۋە ھەمراھلىرىمنىڭ تەلىيى تەتۈردىن كەلدى. بوغۇزۇڭغا تاقالغان قىلىچ ئاستىدىن نەچچە قېتىم قۇتۇلۇپ كەتتىڭ. ئاخىرىدا مەن سېنى ئەمەس، سەن مېنى ئۆلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇڭ، ئۆلتۈرگەندىمۇ يۇمشاق پىچاق بىلەن قان چىقارماي ئۆلتۈردۈڭ. ئىش چىڭىغا چىققاندا، نەچچە يۈز خوتەنلىك ۋە نەچچە يۈز لەشكىرىڭنىڭ بىراقلا بېشىغا چىقتىڭ.

— دەريا بويىغا ئەجەل ئوقىنى ئاتقىنىڭدا مېنى ئۆلدى دەپ ھېسابلىدىڭمۇ؟ ئۆمۈرلۈك مەخپىيەتلىكىم شۇ جەسەتلەر بىلەن

بىللە گۆرگە كۆمۈلدى دەپ خۇشال بولدۇڭمۇ؟ بىراق، ئاللانىڭ ئىرادىسى ئاخىر غالىب كەلدى، ئۇ زات ماڭا سېنى بۇ دۇنيادىن يوق قىلغۇچە كۆن كۆرۈشكە ئىجازەت بەردى. سەن ئاتقان ئەجەل ئوقى بىلەن شىكەستىلەنگەن، شۇرۇلداپ قان ئېقىۋاتقان ئاجىز تېنىمنى يورۇڭقاش سۈيى ئۆز قوينىغا ئالدى. يۇمشاق دولقۇنلىرى بىلەن سىلاپ - سىيپاپ جىيا[1] ساھىلىغا ئېلىپ باردى - دە، چىملىق قىرغاقتا ئاۋايلاپ قويۇپ قويدى. ئاق كۆڭۈل خوتەنلىكلەرنىڭ شەپقىتى، شىپالىق ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ شاپائىتى بىلەن جاراھەت، يارىلىرىم ئاخىر شىپا تاپتى.

— شۇنچىلىك رەزگى، شۇنچىلىك ئاجىز جېنىڭ بىلەن قانداقلارچە ياشاپ قالدىڭ، دەپ سوراۋاتامسەن؟ دېدىمغۇ، ئاللا ماڭا ئۆمۈر بەردى، قىساسىم مەدەت بەردى. قۇرئان ئالدىدا بەرگەن قەسىمىمنى ئادا قىلماي تۇرۇپ ئاخىرەتكە كەتسەم مەھشەر كۈنى قارا يۈز قوپمامدىمەن؟ شۇڭا، ئۆزۈممۇ ياشىدىم، سەن قەشقەردىكى دار ئالدىغا ئەۋەتكەن مۇنۇ يىگىتنىمۇ يەكەندىكى ھېلىقى سارايدىن، ئاڭلاۋاتامسەن، بىز گۈلئايىمنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان ھېلىقى سارايدىن يەم بىلەن قۇتۇلدۇرۇۋالدىم. بىز ئاتا - بالا بولدۇق، خوتەندىمۇ، يەكەندىمۇ، تاغدىمۇ، باغدىمۇ بىللە ياشىدۇق، قىساس خەنجىرىنى بىللە بىلىدۇق. قاراڭنى كۆزدىن يىراق قىلماي، مۇقەددەس قىساس پەيتىنى بىللە پايلىدۇق. ئاخىر، قۇۋ تۈلكىدەك بۇرنۇڭدىن ئىلىنىۋىدىڭ، خان ئامبال بولسىمۇ جاجاڭنى بېرەر دېدۇق، بىراق، خان ئامبال چېرىكلىرىمۇ دامىڭغا چۈشۈپ، ئىگىسىگە خىيانەت يولىغا ماڭدى. كۆرۈپ تۇرۇپسەن، بۇ قىساس بۇرچى يەنە بىر قېتىم بىزنىڭ زىممىمىزگە يۈكلەندى...

تازا قىيامىغا يەتكەن ئوتقاش شولىسى يېلىنجاۋاتقان قۇياشتەك پارقىراپ، ئاجايىپ ۋەقەلەر داۋام قىلىۋاتقان ئۆتەڭ ئۆيىنى تام - تورۇسلارغىچە يورۇتۇپ تۇراتتى. سەل مۇكچىيىپ تۇرۇپ

---

[1] جىيا — يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ بويىدىكى بىر يۇرت.

www.uyghurkitap.com

سۆزلەۋاتقان كېپەك دەرۋىشنىڭ كۆز چاناقلىرىنى تولدۇرغان ياش ئۇنتاش شولىسىدا خۇددى ياقۇتتەك يالتىرايتتى. كېپەك دەرۋىش بىلەن بەئەينى بىر يىلتىزدىن بوي سوزغان شەمشادتەك مۇرە تىرىشىپ تۇرغان يىگىت ئۆتكۈر خەنجىرىنىڭ سېپىنى ئامبۇردەك سىقىپ تۇراتتى. خەنجەرنىڭ بىسى تۆمۈرچىنىڭ ئوچىقىدىن ئەمدىلا تارتىۋېلىنغاندەك تاۋلانماقتا، جۇلالانماقتا ئىدى. نىياز ھېكىمبەگ كەينىگە داجىۋېرىپ تامغا چاپلىشىپ قالغان، مۇز ئارىسىدىكى كاچكۇلدەك سۇس پارقىراۋاتقان كۆزلىرىدىن ھاياتلىق نۇرى ئۆچكەن، ئۇزايىدىن مىسالى بىر مۇردىغا ئوخشاپ قالغانىدى. دېمى سىقىلىپ، ئۇزاق قىر سوققان كەتمەنچىدەك ھاسىراپ كەتكەن كېپەك دەرۋىش كىچىككىنە توختىۋېلىپ دېمىنى تولۇقلىۋالدى ـ دە، نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ بېرىپ سورىدى:

— ئېيتىپ باق، شەرمەندە، ماۋۇ يىگىتنى تونۇمسەن؟

— ...

نىياز ھېكىمبەگ تومپۇرنىڭ تۆشۈكىدەك كىچىك كۆزلىرىنىڭ بىر تەرىپىنى ئاران تەستە ئېچىپ، يىگىت تەرەپكە لەپپىدە قارىۋالدىيۇ، بېشىنى چايقاپ قويدى، كېپەك دەرۋىش تېخىمۇ ئۈنلۈكرەك قىلىپ دېدى:

— دۇرۇس، بۇ يىگىتنى بەلكى تونۇماسسەن، لېكىن ئۇنىڭ قىساس ئوتلىرى چاچراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن دەريا بويىدىكى جىنايەتلىك ئوقۇڭدا جان بەرگەن رەھمەتلىك دادىسىنىڭ، خوتەن قىرغىنىدا ۋاپات ئەتكەن قېرىنداشلىرىنىڭ، ئېپلاس قولۇڭدا كۆز يۇمغان مېھرىبان سىڭلىسى گۈلئايىمنىڭ، تۆھمەت قۇربانى كەرىمقۇلىنىڭ ۋە كۆرمىگلىغان يۇرتداش ـ ۋەتەنداشلىرىنىڭ قىيامەتلىك سىيماسىنى كۆرمەي قالمايسەن. ئۇنىڭ ھەربىر تىنىقىدىن ناھەق كەتكەن ئاشۇ شېھىتلەرنىڭ قىساس چۇقانىنى ئاڭلىيالايسەن! ئاللا ئىگەمگە يۈز مىڭ شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ئۇ ئۇلۇغ زات بىزنى ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەنتىنى ئېلىشقا نېسىپ قىلدى. ئەل ـ يۇرتنىڭ شانۇشەۋكىتىگە سايە سالغان ئېپلاس

چاڭنى ئۆز قولىمىز بىلەن سۈپۈرۈپ تاشلاپ ، سەلتەنىتىمىز ئاسمىنىنى پاك قىلىشقا يول بەردى...

نەپسى يار بەرمىدىمۇ ، كېپەك دەرۋىشنىڭ ئاۋازى پەسلەپ كەتتى . لېكىن ، ئۇ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ نەپەس ئېلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن ، مۇقەددەس دەقىقىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تەقەززا بولۇپ تۇرغان يىگىتكە «گېپىم تۈگىدى» دېگەندەك قاراپ قويدى . يىگىت ئۆي ئېمىغا لايەدەك چاپلىشىپ كەتكەن نىياز ھېكىمبەگكە قاراپ بىر قەدەم سىلجىدى ، ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى بولغىنىنى چۈشەنگەن دەرۋىش يىگىتنى توسۇپ تۇرۇپ :

— ئايمۇھەممەت بالام ، توختاپ تۇر ، مۇناپىقنىڭ ناپاك قېنى خەنجىرىڭنىڭ بىسىنى مەينەت قىلىۋەتمىسۇن ، دەرۋىش ئاتاڭنىڭ ئويلاپ قويغىنى بار ، — دېدى ـ دە :

— ئۇزۇكنى بارمىقىڭدىن چىقار ، — دېدى نىياز ھېكىمبەگكە بۇيرۇق ئاھاڭىدا . سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئۆچكىدەك شۈمشىيىپ قالغان نىياز ھېكىمبەگ غايىبتىن جان قېتىلغاندەك تېتىكلەشتى ، بەزگەكتەك تىترىدى ، تاياق تەگكەندەك ئېگىلگەن تىزى يەرگە تاقالدى .

— بىر ئۆمۈر قۇللىرى بولاي ، نېمە دېسىلە شۇنى قىلاي ، رەھىم قىلىپ بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە ، مەن ئەسكى ، مەن گۇناھكار...

نىياز ھېكىمبەگ بۇتقا باش قويغاندەك باش ئۇرۇپ ، يۇم ـ يۇم يىغلاپ ، ئۆزىنى ئۆزى تەستەكلىگىلى تۇردى . كېپەك دەرۋىش پۈتۈن دەرمانىنى ئايىغىغا توپلاپ يەرگە بىرنى تەپتى ـ دە :

— تولا ھەييارلىق قىلما ، دۆيۈز ، ئاۋۇ ئۇزۇكنى چىقار ـ دە ، ئۇزۇك كۆزىنى ئاچ ! — دەپ ۋارقىرىدى شىردەك ھۆركىرەپ .

نىياز ھېكىمبەگ قولاشمايۋاتقان بارماقلىرى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىدىكى ھېقىق كۆزلۈك ئۇزۇكنى سىيرىپ چىقاردى ، بىرھازا ھەپىلىشىپ ، ئۇزۇكنىڭ تورغاي تۇخۇمى چوڭلۇقىدىكى كۆزىنى ئاجراتتى . كېپەك دەرۋىش ھەدەپ قىستاۋەردى :



www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىنى

— ئەمدى ئۆزۈكنى ئاغزىڭغا سال !
— ...
— سال دېگەندىكىن ، سال !
نىياز ھېكىمبەگ ئەمدى باشقا يول قالمىغانلىقىنى بىلدى . مۇشۇكنىڭ كۆزىدەك پارقىراپ تۇرغان ئۆزۈكنى ئالىقىنىغا قويدى ۋە ئۆزىگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولغان ، نى - نى كارامەتلەرنى كۆرسەتكەن بۇ تەۋەررۇك تەئەللۇقاتى بىلەن ۋىدالاشماقچى ، سۈرىتىنى ئاخىرەتكە بىللە ئەكەتمەكچى بولغاندەك تىكىلىپ قاردى . لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ ، چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى . ئالقانلىرىنى جۈپلەپ ، ئاستا - ئاستا يۇقىرى كۆتۈردى . كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ ، ئاغزىنى ئاچتى...
ئايمۇھەممەت ئامىتى كەلمىگەن خەنجىرىنى پوتىسىغا قىستۇردى ۋە نىياز ھېكىمبەگنىڭ مۇزدەك سوۋۇپ كەتكەن بىلىكىنى ، گۈرەن تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ ، دەرگۇماندا تۇرغان دەرۋىشنىمۇ ، ئۆزىنىمۇ شۇبھىدىن خالاس قىلدى . يەڭگىللەپ قالغان كىپەك دەرۋىش كۆكسى تولغۇچە نەپەس ئېلىۋالدى - دە ، ئالقانلىرىنى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ :
— ئى كەرەملىك ئاللا ، ئالدىغان ئامانىتىڭنى ئەمدى ئال ، يورۇق يۈزۈم بىلەن دەرگاھىڭغا باراي ، — دېدى پەس ئاۋاز بىلەن ئىلتىجا قىلىپ .
ئىلتىجاسى ئاللاغا يەتتىمۇ يا ھېرىپ ، ھوشسىزلاندىمۇ ، كىپەك دەرۋىش خۇددى سەگىتىرەك يىقىلغاندەك يىقىلىپ ، چەبدەسلىك بىلەن قۇچاق ئېچىپ ئۈلگۈرگەن ئايمۇھەممەتكە يۆلىنىپ قالدى . بازغان ئۇرغاندەك گۈپۈلدەۋاتقان بىر يۈرەك بىلەن ئاخىرقى سوقۇشلىرىدا تىپىرلاۋاتقان يەنە بىر يۈرەك بىر - بىرىگە مەھكەم چاپلاشتى . جان - جانغا قېتىلدى ، تەن - تەنگە ھارارەت بەردى .
— ئاپلا ، تاڭ سۈزۈلۈپ قاپتۇ ئەمەسمۇ ؟ بۇ يەردىن دەرھال كەتمەي بولمايدۇ ، — ئايمۇھەممەت تورۇستىن ئاسماننىڭ

خەسىدەك ئاقارغان بىر پارچىسىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە ، ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى . ئۇ پۈت ـ قولى بوشىشىپ كەتكەن دەرۋىشنى دەس كۆتۈرۈپ ، دۈمبىسىگە ئېلىپ تالاغا چىقتى . ئىشىكتىن چىقىشىغىلا دەرۋىش ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئاران ئاڭلانغۇدەك قىلىپ پىچىرلىدى :

— ئوغلۇم ، بۇ ··· بۇ تاشلاندۇق ئۆتەڭگە ئوت يېقىۋەت ، مۇناپىق بىلەن بۇلغانغان تۇپراقنى پەقەت ئوت ··· ئوتلا تازىلىيالايدۇ ، ئوت ئىپلاس تەننى تۇتۇنگە ئايلاندۇرسۇن ، شاماللىرىمىز ئۇ ··· ئۇنى يىراقلارغا ھەيدىۋەتسۇن···

ياخشىلىقنىڭ ئالامىتىمۇ ، يا يامانلىقتىن بېشارەتمۇ ، باھار شەپىسى بوسۇغىغا كېلىپ قالغان بىر چاغدا تەبىئەت ئاجايىپ بىر كارامەت كۆرسەتكەن ، كونا ئۆتەڭنى ، كارۋان يولىنى ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى پايانسىز ساينى ئۆلۈكلەرگىمۇ ، تىرىكلەرگىمۇ تۇيدۇرمايلا نېپىز بىر قەۋەت قار بىلەن قاپلىۋەتكەنىدى .

كېيەك دەرۋىشنى ھاپاش قىلىپ كېتىۋاتقان ئايمۇھەممەت خېلى بىر يەرگە بارغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز كەينىگە بۇرۇلدى . قارلىق سايغا تامغا باسقاندەك ئورناپ كەتكەن ئىزىغا ، ئىزىنىڭ ئۇ بېشىدا ئوت ئىچىدە قالغان كونا ئۆتەڭگە قارىدى . دەرۋەقە ، كېيەك دەرۋىش يەتمىش نەچچە يىللىق ھاياتىنىڭ ئاخىرقى نەپەسلىرىدىكى ئاخىرقى بىر ئېغىز سۆزىنىمۇ خۇددى ئەۋلىيالارچە دۇرۇس ئېيتقانىدى . ھەممە ئۇنىڭ دېگىنىدەك داۋام قىلىۋاتاتتى ، ئۆتەڭدىن قويۇق تۇتۇن ئۆرلەۋاتاتتى ، رەھىمسىز باھار شامىلى ئۇنى ئالىقاياقلارغا قوغلاپ كېتىپ باراتتى .

1996 ـ يىلى 8 ـ ماي ، ئۈرۈمچى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# «داغ» — ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى

مۇھەممەت پولات

ئەدەبىياتنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى يارىتىش ۋە ئىجاد قىلىشتا دەپ بىلىدىغان تەلەپچان ئەدىبنىڭ ماھارەتلىك قەلىمىدىن تۆرەلىپ، ئىجادىي سەنئەت يالقۇنىدا تاۋلىنىپ ۋايىغا يەتكەن بىر نادىر ئەسەر غايەت زور سېھرىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئۇ سىزنىڭ قەلبىڭىزنى ئەقىل ۋە ۋىجدان نۇرى بىلەن يورۇتۇپ، سىزنى ئۆمۈر بويى ھەقىقەت ۋە ئادالەتكە تەلپۈنىدىغان پاك، غايىلىك ئادەمگە ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بەدىئىي قۇدرىتى بىلەن پىكىر ئارامىڭىزنى بۇزۇپ، قەلبىڭىزدە مەنىۋى داۋالغۇش پەيدا قىلىپ، سىزنى يېڭى پىكىر ۋە تەسىراتلارنىڭ دولقۇنلۇق ئېقىمىغا تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز ھايات ۋە ئادەملەر ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلايسىز، ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىر ۋە كېلەچىكى ھەققىدە پىكىر قىلىسىز. ئۆزىڭىزنىڭ ھاياتىي قىممىتى ۋە بۇرچى توغرىسىدا خىيال سۈرىسىز. قەلبىڭىزدە يۈكسەك غايىلەرنىڭ ھارارەتلىك ئۇچقۇنلىرى پارلاشقا باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، سىزنىڭ قەلبىڭىزدە ئۆزىڭىزنىڭ يېڭى بىر غايىۋى ئەقلىي ئالىمىڭىز پەيدا بولىدۇ. مانا بۇ — بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تەڭداشسىز مەنىۋى كۈچى، ئۇنىڭ سىزگە بەرگەن ئەقلىي لەززىتى بىلەن ھاياتىي

ئىلھامدۇر .

مەن شائىر ، يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «داغ» رومانىنى ئەنە شۇنداق بىر خىل ئۆزگىچە تەسىرات ئىچىدە ئوقۇپ تۈگەتتىم ، ھېس - تۇيغۇلىرىم بەكمۇ باي ۋە مۇرەككەپ بولدى . مەن ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەممە نەرسە توغرىسىدا ئويلىدىم . ئۆتمۈش بىلەن رېئاللىقىمىزنى باغلاپ تۇرغان ئەنئەنىۋى روھ ۋە غايىلىرىمىز خىيال تەپەككۇرۇمدا يېڭىدىن جانلاندى . مەن روماندىن بىزنىڭ مەنىۋى قاشاقلىقىنىڭ چاڭ - توزانلىرى بىلەن خىرەلىشىپ ئۆچۈشكە باشلىغان يىراق تارىخىي ھاياتىمىزنىڭ قايتىدىن نۇرلاندۇرۇلغان يارقىن بەدىئىي مەنزىرىسىنى كۆردۈم . ئۆز دەۋر كىشىلىرىنىڭ ھازىرغىچە بىرەر ئەدىب تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنمىغان ، بەكمۇ ئۆزگىچە بولغان ئالاھىدە تۇرمۇش شەكلى بىلەن ئۇچراشتىم . ئۇلارنىڭ ئاسايىشلىق كۆڭۈلدە ياۋاش ۋە ئەدەپلىك بولۇپ كۆرۈنىدىغان ، ئەل بېشىغا ئاپەت ياغقاندا بولسا ئوۋغا يۈلۈققان قاپلاندەك قەھرلىك تۈسكە كىرىدىغان سىرلىق تەبىئىتىنى ھەيرانلىق بىلەن كۆزەتتىم . مېنىڭ تارىخ ۋە رېئاللىق ھەققىدىكى ھالسىز پىكىر - چۈشەنچىلىرىم رومانىنىڭ خاسىيىتى بىلەن مۇقىم ئەقلىي ئىزغا چۈشۈپ ، مەنىۋىيىتىم تېخىمۇ بېيىدى . مەن روماندىن ئاپتورنىڭ ۋىجدان ۋە بۇرچ تۇيغۇسىغا باي پاك روھىي دۇنياسى بىلەن پروزىمىزدا ھازىرغىچە ساناقلىق بىرنەچچە ئاپتورغىلا نېسىپ بولۇپ كېلىۋاتقان ئۆزگىچە بەدىئىي تالانتىنى كۆردۈم . قەلبىم ئۈمىد ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن تولدى .

ئاپتور رومانىدا 19 - ئەسىرنىڭ 60 - ۋە 70 - يىللىرىدا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن بىر قاتار مۇرەككەپ تارىخىي ۋەقەلەرنى كەڭ بەدىئىي پىلاندا تەسۋىرلەپ ، ئۇلارنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى كونكرېت ئېچىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ . بۇنىڭدا ئۇ خوتەن خەلقىنىڭ ياقۇپبەگ ئىستىبلاسى دەۋرىدىكى جاپالىق تۇرمۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ

زۇلۇم ۋە خورلۇقلارغا قارشى ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرىشىنى نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرۈش يولىنى تاللىۋېلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەينى يىللاردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى بىلەن ھەققەت ۋە ئادالەتكە ئىنتىلىش قىزغىنلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ رومانىدا تارىخىي چىنلىقنىڭ ئەسلىي ھالىتى بىلەن تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئەينەنلىكى دائىرىسىدە چەكلىنىپ قالماي، ۋەقە، ھادىسىلەرنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئېستېتىك غايىسى بويىچە قايتا تەشكىللەپ، تارىخىي ۋەقەلەرگە تېخىمۇ قويۇق ئىجتىمائىي تۈس بېرىدۇ. ئۇ ئەينى يىللار تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان چوڭ، يېتەكچى ۋەقەلەر بىلەن زۇرۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ چىنلىقى ۋە ئەينەنلىكىنى ساقلىغاندىن باشقا، قالغان ھەممە ۋەقە ۋە پېرسوناژلارنى ئۆزىنىڭ باي تەسەۋۋۇر كۈچىگە تايىنىپ يېڭىدىن يارىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆز ئەسىرىنى تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ روھى ۋە ماھىيىتىنىڭ جانلىق بەدىئىي تەسۋىرىگە، تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئىي چىنلىقنىڭ ئىجادىي بىرلەشتۈرۈلۈشىدىن بارلىققا كەلگەن بىر پۈتۈن دەۋرنىڭ رەڭدار بەدىئىي كارتىنىسىغا ئايلاندۇرىدۇ. ئاپتورنىڭ رومان ۋەقەلىكلىرىنى بەدىئىي بىر تەرەپ قىلىشتىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى، يەنى ئۇنىڭ تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئادەتتىكى چىنلىق قۇرۇلمىسىنى بۇزۇپ، رومان ۋەقەلىكلىرى بىلەن پېرسوناژلار مۇناسىۋىتىنى ئىجادىي لايىھىلەپ، ئەينى يىللار تارىخىنىڭ ئۆزىگە قارىغاندىمۇ سەلتەنەتلىك بولغان ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنىنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى ئاپتورنىڭ ئالاھىدە بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى دېمەي بولمايدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۆز ئەسىرى بىلەن ئوقۇرمەن قەلبىگە كىرىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ھەرقانداق بىر ئاپتور ئالدى بىلەن ئۆز ئەسىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنىنى ئوبرازلىق ھالدا چوڭقۇر ئېچىپ، ئۆزىنىڭ بەدىئىي غايىۋى مەقسىتىنى روشەن

گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشى كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەزمۇن ماھىيىتى بىلەن كىشىلەر روھىي دۇنياسىنىڭ باي ۋە مۇرەككەپلىكىنى ئۆزىگە تولۇق سىڭدۈرگەن ، ئۆزىنىڭ مەنىۋى پەزىلىتى بىلەن ئوقۇرمەن قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ ، ئۇنى ھېكمەتلىك ئەقلىي دۇنياغا باشلاپ كىرەلەيدىغان تىپىك بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىشى لازىم . يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئۆز رومانىدا دەل مۇشۇنداق بەدىئىي پەزىلەتكە ئىگە بولغان ، ئۆز دەۋر تۇرمۇشىنىڭ ھەممە زۆرۈر خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ ، ئوقۇرمەن ئەقلىگە يېڭى بىر نەرسە بېرىدىغان ئىجادىي بەدىئىي ئوبرازلارنى ياراتقان . ئۇلارنى ھەرقاچان زىددىيەتلەرنىڭ مەركىزىگە ، توقۇنۇش ۋە قارىمۇقارشىلىقلارنىڭ قاينىمىغا قويۇپ تەسۋىرلەپ ، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى چىنلىق ۋە گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇك ۋە رەزىللىكنىڭ شىددەتلىك ئېلىشىش ھالىتىدە ئېچىپ بەرگەن . ئۇ ھەربىر پېرسوناژنى پەقەت ئۆزىنىڭلا ھايات شارائىتى يارىتىشى مۇمكىن بولغان تىپىك مىجەز ، خاراكتېر ۋە شۇ دەۋر كىشىلىرىدىلا بولىدىغان مەنىۋى پەزىلەتلەرگە ئىگە قىلىپ ، ئۇلارنىڭ تىلى ، تەپەككۇر ئادىتى ، تۇرمۇش ئىشى ، ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە قويۇق دەۋر تۈسى بېرىپ ، ئۇلارنى ئۆز دەۋرىنىڭ مۇرەككەپ ھايات شارائىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ھەقىقىي تىرىك ئادەملەرگە ئايلاندۇرغان . شۇڭا ، ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى روھى بىلەنمۇ ، خاراكتېرى بىلەنمۇ ، تاشقى ھەرىكەت ۋە ئىچكى كەچۈرمىشلىرى بىلەنمۇ بىر - بىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئىندىۋىدۇئال بەدىئىي ئوبرازلار سۈپىتىدە قەد كۆتۈرگەن . رومانىدا تەسۋىرلەنگەن كىپەك دەرۋىش ئوبرازى بىلەن نىياز ھېكىمبەگ ئوبرازى بەدىئىي مۇكەممەللىكنىڭ يېڭى پەللىسىگە كۆتۈرۈلگەن ، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئەنە شۇنداق جانلىق بەدىئىي ئوبرازلاردۇر . ئۇلار بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئىدىيىۋى ئاڭ بىلەن ئىككى خىل

ھاياتي ئېتىقادىنىڭ تىپىك ۋەكىللىرى، روماندىكى ھەممە زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنىڭ بەدىئىي تۈگۈنىدۇر.

كېپەك دەرۋىش خەلق ۋە ئۇنىڭ غايىلىرىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، بۇ يولدا ئۆمۈر بويى ئىزدىنىش ۋە رىيازەت چېكىشنى ۋىجداني بۇرچى ھېسابلايدىغان، خەلقنىڭ تەقدىر ۋە كېلەچىكىدىن باشقا ھېچقانداق غەم، تەشۋىشى بولمىغان ھالال بىر ئادەم. ئۇ ھايات چۈشەنچىسى كەڭ، تۇرمۇش بىلىمى چوڭقۇر، ھەممە نەرسىگە ئۆزگىچە قارايدىغان، ھەرقانداق مۇرەككەپ ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىڭ سىر، ھېكمەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ساددا پىكىر، مۇلاھىزىلىرى بىلەن روشەن يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان ئالاھىدە ئەقىل ئىگىسى. ئۇ ھەممە دەردمەن بىچارىلەرنىڭ سەمىمىي دوستى، رەزىل، مۇناپىق ئادەملەرنىڭ ئۆمۈرلۈك دۈشمىنى. ئاپتور كېپەك دەرۋىش ئوبرازىنى بەكمۇ جانلىق ۋە پائالىيەتچان قىلىپ يارىتىدۇ. ئۇنىڭ ھايات يولىنى ياقۇپبەگنىڭ سادىق مالىيى، ئۆز خەلقىنىڭ نەپرەتلىك قاتىلى بولغان نىياز ھېكىمبەگكە قارشى ئاممىۋى قوزغىلاڭنى تەييارلاشتەك مۇرەككەپ جاپالىق ئىش بىلەن باغلاپ، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرىنى جىددىي، كەسكىن كۈرەش ئەمەلىيىتى ئىچىدە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. كېپەك دەرۋىش گەرچە بۇ كۈرەشتە كۆتكەن مەقسىتىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ تەۋرىمەي، باشتىن ـ ئاخىر مەنىۋى غالىبلىق ئورنىدا تۇرىدۇ. ئاخىر ئۇ نىياز ھېكىمبەگنى ئۆز قولى بىلەن جەھەننەمگە ئۇزىتىپ، ئەل شەۋكىتىگە چۈشكەن داغنى يۇيۇپ، ئانا زېمىننى پاكلايدۇ.

روماندا تەسۋىرلەنگەن نىياز ھېكىمبەگمۇ كېپەك دەرۋىشكە ئوخشاشلا ئىدىيىۋى خاراكتېرىدىكى خاسلىقى، پىكىر، چۈشەنچىسىدىكى ئۆزگىچىلىكى، خۇلقى ـ مىجەزىدىكى ئايرىملىقى بىلەن ئوقۇرمەن قەلبىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇرىدىغان ھەرىكەتچان بەدىئىي ئوبرازدۇر. ئۇ قۇۋلۇق ۋە شۇملۇق بىلەن سۇيىقەست ۋە

ھىيلە ـ مىكىردە تەڭدىشى يوق بىر ئادەم . ئۇنىڭ ئۇچۇن ئورۇن ۋە مەرتىۋە ئۆز ھاياتىدىنمۇ ئەزىز ۋە قىممەتلىك . ئۇنىڭچە ۋاپا ۋە ساداقەت دېگەنلەر ياشاش ئىقتىدارى بولمىغان يارامسىز ئادەملەرنىڭ ئويلاپ تاپقان نەرسىسى . ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۇچۇن باشقىلارنىڭ ھايات يولىنى كېسىش نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۆزگەرمەس ھايات مەنتىقى . ئۇ رەزىللىك ۋە مۇناپىقلىقنىڭ جانلىق تىپى ، ياۋۇزلۇق ۋە قانخورلۇقنىڭ كەم تېپىلىدىغان ئۈلگىسىدۇر . ئۇنىڭ ئۇچۇن دۇنيادا ئەڭ قورقۇنچلۇق نەرسە ھەقىقەت ۋە ئادالەت ، دەردمەن ، بىچارىلەرنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى چۈشىنىپ يېتىشى .

ئاپتور نىياز ھېكىمبەگ ئوبرازىنى يارىتىشتا ئۆزگىچە ئىجادىي يول تۇتىدۇ . ئۇنىڭ ھايات مەنتىقى بىلەن خاراكتېر ئۆزگىچىلىكىنى توغرا ئىگىلەپ ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا خاس بولغان ئالاھىدە ھايات يولىنى يارىتىدۇ . ئۇنى ماھىيىتى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل زىددىيەت قايىنىمىغا ، يەنى ئەمگەكچى خەلق ۋە ئۆز كۈشەندىلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشلار ئېقىمىغا تاشلايدۇ . نەتىجىدە ، نىياز ھېكىمبەگ بۇ شەپقەتسىز ئېلىشىشتا ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە ئىككىلا سەپتە ئوخشاش مەغلۇپ بولۇپ ، ئۆزىنىڭ جىنايەتلىك شەرمەندە ھاياتىنى يىرگىنچلىك ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ .

كېپەك دەرۋىش بىلەن نىياز ھېكىمبەگ ئوبرازلىرى ئەدەبىياتىمىزدا ھازىرغىچە قەلەمگە ئېلىنمىغان ، پروزىمىزدا ھېچقانداق بەدىئىي ئىزناسى بولمىغان پۈتۈنلەي يېڭى ئوبرازلار بولۇپ ، ئۇلارنى ئاپتور ئۆزىنىڭ ماھارەتلىك قەلىمى بىلەن ئەدەبىياتىمىزغا بىرىنچى بولۇپ ئەكىردى . پروزىمىز ئۆزلەشتۈرۈلگەن ، تەقلىد قىلىنغان ، تەكرارلانغان ، ئەسلىي ئۈلگىسى بويىچە قايتا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ھالسىز ئوبرازلار بىلەن تولۇپ كېتىۋاتقان بىر چاغدا ، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئىجادىيەت يولىغا مېڭىپ ، ئۆزىنىڭ ئىجادىي بەدىئىي تەپەككۇرىغا

تايىنىپ ، مۇشۇنداق يېڭى ، جانلىق بەدىئىي ئوبرازلارنى ياراتتى . مانا بۇ ھەقىقىي ئىجادىيەت ، ھەقىقىي بەدىئىي كەشپىياتتۇر .

مىللىيلىق بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى . ئۇ شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى بىلەن ئەمەلىي كۆچىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بەدىئىي ئەينەك . ئۇ شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكلى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ ، مىللىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق مىللىي روھنى گەۋدىلەندۈرۈپ ، شۇ مىللەت خەلقىنىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچىنى ئېچىپ بېرىشتىن كېلىدۇ . ئۇ ئەدەبىياتنىڭ شەكىل ۋە مەزمۇنىغا ھاياتىي كۈچ بېغىشلاپ ، ئۇنى دۇنيا ۋە ئىنسانىيەتكە يۈزلەندۈرىدۇ . «داغ» رومانىنى بۇ نۇقتىدا زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن دېيىشكە بولىدۇ . ئۇنىڭ مىللىي تۈسىنىڭ قويۇقلۇقى بىلەن مەھەللىۋى پۇرىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدۇ . ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ھەربىر كۆرۈنۈش ۋە ھەربىر مەنزىرە ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇش مۇھىتىدىلا مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن بولغان تىپىك ۋەقە ـ ھادىسىلەردىن ئىبارەت . ئۇلارغا ئىشتىراك قىلىۋاتقان يېتەكچى پېرسوناژلاردىن تارتىپ ، ئادەتتىكى پېرسوناژلارغىچە بولغان ھەممە كىشى ئوخشاش بىر خىل مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي روھقا ئىگە . ئۇلارغا ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇشى بىلەن مىللىي پسىخىكىسىنىڭ ئۆچمەس تامغىسى بېسىلغان . ئۇلارنىڭ تەپەككۇر شەكلى بىلەن پىكىر قۇرۇلمىسىمۇ ئۆزگىچە . تىلى شۇنچىلىك نەپىس ۋە ئوبرازلىقكى ، ئۇنىڭدىن ئانا تىلنىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ . رومانىنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبىمۇ مىللىي تۈس ۋە مىللىي تۇيغۇغا شۇنچىلىك باي . ئۇ گاھىدا ئاسايىشتا يېزا كېچىسىدەك مەيىن ۋە سالماق ، گاھىدا دالا بورانلىرىدەك شىددەتلىك ، تاغ ئېقىنلىرىدەك دولقۇنلۇق . ئۇ ئاپتورنىڭ ئىجادىي شەخسىيىتى بىلەن بەدىئىي ئىزدىنىشكە تارىخىي چىنلىق بىلەن

بەدىئىي گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۇغۇلغان بىر خىل سېھرىي مېلودىيە. قىسقىسى «داغ» رومانى تەسۋىرلىگەن تۇرمۇش مەنزىرىلىرى بىلەنمۇ، پېرسوناژلار خاراكتېرى بىلەنمۇ، بەدىئىي مەزمۇن ۋە بەدىئىي رەڭدارلىقى بىلەنمۇ خەلقىمىزنىڭ ئەخلاقىي ئەقلىي مۇكەممەللىكىنى يارقىن يورۇتۇپ بەرگەن ھەقىقىي ئۇيغۇر رومانى. ئۇ ئۇيغۇر خاراكتېرى ۋە مەنىۋىيىتىنىڭ ئىجادىي سەنئەت ۋاستىسى بىلەن قايتا نۇرلاندۇرۇلۇشى.

«داغ» تارىخ بىلەن رېئاللىق تۇيغۇسى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن تۇرمۇش دەرسلىكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئوقۇشلۇقى. ئۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى بەدىئىي سەۋىيىسى بىلەن بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بىر نادىر ئەسەر. ئۇ ئوقۇرمەنلەرنى ئانا زېمىننى سۆيۈشكە، ئۆز خەلقىنىڭ ئەسىرلىك ئارزۇلىرىنى قەدىرلەشكە، ئۆزىنىڭ غايە ۋە بۇرچىغا سادىق بولۇپ، ۋەتەننىڭ پارلاق كېلەچىكى يولىدا بىرلىكتە ئىزدىنىشكە يېتەكلەيدۇ.

(«شىنجاڭ گېزىتى»دىن ئېلىندى.)

قوشۇمچە — 2

# «داغ» رومانىنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىراتلىرىم

كېرىمجان ئابدۇرېھىم

شائىر، يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ يېڭى رومانى — «داغ» ئېسىل رومانلىرىمىز قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك. بۇ رومان يازغۇچىنىڭ بەدىئىي دىتىنى، تەسۋىرلەش ـ بايان قىلىش ماھارىتىنى، بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىش ـ سۈرەتلەش، تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئىي توقۇلمىنى زىچ بىرلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى، تارىخقا ۋە تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك مول بىلىمىنى نامايان قىلدى. شۇنداق بولغاچقا بۇ رومان ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قىزىقىپ ـ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى، شۇنداقلا ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭمۇ ياخشى باھاسىغا، مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى.

بىر رومانىنىڭ ياخشى، مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىنى بەلگىلەيدىغان ئامىللار ئەلۋەتتە كۆپ خىل بولىدۇ. بۇ ماقالىدە مەن «داغ» رومانىدىكى ئاشۇ ئامىللارنى مۇھاكىمە قىلىشتىن كۆرە، بۇ رومان ھەققىدىكى بەزىبىر يۈزەكى تەسىراتلىرىمنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ئورتاقلىشىپ باقماقچىمەن.

«داغ» رومانى ئالدى بىلەن بىر تولۇق رومان. بۇ روماندا تەسۋىرلەنمەي قالغان ھېچ نەرسە يوق دېسەك، مۇبالىغە بولماس

دەيمەن . رومان كىشىگە ئالدى بىلەن بىر خىل مۇكەممەللىك تۇيغۇسى بېرىدۇ . دېمىسىمۇ يازغۇچى رومانىغا تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان ئاشۇ مەزگىللەردىكى ئاساسلىق تارىخىي ۋەقەلەرنى ، تارىخىي شەخسلەرنى ، جەمئىيەت كەيپىياتىنى ، خەلقنىڭ ئەھۋالىنى تارىخىي مەلۇماتلار ، پېرسوناژلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ، ئاپتورنىڭ بايانى ۋە بەدىئىي توقۇلمىنىڭ مەھسۇلى بولغان جانلىق تەپسىلاتلار ئارقىلىق ھەم كەڭ ، ھەم چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ ، ئوقۇرمەندە شۇ دەۋرنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى ، ئاساسىي زىددىيىتى ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچە پەيدا قىلىدۇ . يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا ، يازغۇچى رومانىدىكى ۋەقەلەرنى ، ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى ، ياراتقان پېرسوناژلارنى ، قوللانغان ھەر خىل بەدىئىي ئۇسۇل - ۋاستىلەرنى كىشى كەمتۈكلۈك ھېس قىلمايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈپ ، ئەسەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ مۇكەممەللىك ، تولۇقلۇق پەيدا قىلغان . بۇنداق مۇكەممەللىك - تولۇقلۇقنى مۇشۇ رومانىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر ئالاھىدىلىكى ، مۇۋەپپەقىيىتى دېيىش مۇمكىن . ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ئىنچىكە يېزىش ئۇسۇلى ، ئىجادىيەتكە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش پوزىتسىيىسى رومانىنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكىنى ياراتقان بولۇپ ، ھەقىقەتەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ . مۇكەممەللىك - تولۇقلۇق يازغۇچىنىڭ پىششىق يېتىشۋاتقانلىقىنىڭ ، ئىجادىيەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقىنىڭ مەھسۇلى ، ئەسەرنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ بىرى ، شۇنداقلا كۆپ خىل مەزمۇن ، كۆپ تەرەپلىمە قىممەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى .

تارىخىي تېمىلارغا مۇراجىئەت قىلىش ئەبەيدۇللا ئىبراھىم رومانلىرىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ . ئەبەيدۇللا ئىبراھىم تارىخىي تېمىلارنى ياخشى بىر تەرەپ

قىلالايدىغان، تارىخىي تېمىلار ئارقىلىق ھەم تارىخنىڭ باي مەزمۇنلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان، ھەم تارىخ مىسالىدا رېئال قىممەتكە ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە پىكىر ئوتتۇرىغا قويالايدىغان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. تارىخىي رومان ئىجادىيىتىدە ئۇنىڭ دۇچ كېلىدىغىنىمۇ ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئىي چىنلىقنى، راست ۋەقەلەر بىلەن بەدىئىي توقۇلمىنى قانداق قىلىپ ياخشى ماسلاشتۇرۇپ، روماننى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەشكىللەش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. مەيلى «تۇندىكى چاقماق» رومانىدا بولسۇن، مەيلى «داغ» رومانىدا بولسۇن، بۇ مەسىلە ياخشى ھەل قىلىنغان. «داغ» رومانىنى ئالىدىغان بولساق، بىز بىر تەرەپتىن، روماندا تەسۋىرلىنىۋاتقان تارىخىي شەخسلەر، ۋەقەلەر ھەققىدە جانلىق، تەسىرلىك چۈشەنچىلەرگە كېلىپ، شۇ دەۋرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بىلەن تونۇشىمىز؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ رومان ئارقىلىق نىياز ھېكىمبەگ، كىپەك دەرۋىش، ئايىمۇھەممەدلەر ھەققىدىكى ئاجايىپ ھېكايىلەرنى ئاڭلايمىز. دەرۋەقە «داغ» رومانى بىر بەدىئىي تارىخ، بىر تارىخىي قىسسە بولۇپ پۈتكەن. روماننىڭ ئومۇمىي ھالىتىدىن قارىغاندا، يازغۇچى ئەسەردە بەدىئىي ئوبراز يارىتىشقا ۋە بۇ ئارقىلىق ھايات ھېكمەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بەرگەندەك تۇرىدۇ. «داغ» رومانى ئۈچۈن تارىخىي ئامىللار پەقەت ئومۇمىي گەۋدە، تېما ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. يازغۇچىنىڭ گەۋدىلەندۈرگىنى سۆزسىزكى، روماننى رومان قىلىپ تۇرغان ئىچكى ئامىللاردىن ئىبارەت. بىز ئەبەيدۇللا ئىبراھىم رومانلىرىنى ئوقۇپ، جۈملىدىن «داغ» روماننى ئوقۇپ، يۇرتىمىز، خەلقىمىز باشتىن كەچۈرگەن قىسمەتلىك تارىخ ھەققىدە مول بىلىمگە، مەلۇم تەسىرات ـ چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز. ئەمما، يازغۇچى بۇ بىلىملەر ۋە چۈشەنچىلەرنى بىزگە تارىخىي ماتېرىياللار، پاكىتلار ئاساسىدا

شەرھلەپ چۈشەندۈرمەيدۇ ، بەلكى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئەۋزەللىكى نۇقتىسىدىن چىقىپ ، خاراكتېرگە باي پېرسوناژ ، ئاپتورنىڭ ھېسسىياتلىق بايان - تەسۋىرلىرى ، مەنىلەرگە باي تەپسىلاتلار ئارقىلىق ھېس قىلدۇرۇپ ، قەلبىمىزنى لەرزىگە كەلتۈرىدۇ ، كالللىمىزدا ئادىمىي پەزىلەت ، بۇرچلار ھەققىدە ئوي پەيدا قىلىدۇ ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىدۇ .

«داغ» رومانىدا ئەسەرنىڭ مەزمۇن نۇقتىسىغا ياتىدىغان مۇنداق ئىككى تەرەپ بار : بىرى ، رومانغا ھەقىقەتەن ئاساس ۋە سۇژىت بولالايدىغان ياكى روماننى سۇژىت گەۋدىسى بىلەن تەمىنلەيدىغان ئەدەبىي قىممەتكە باي تارىخ ؛ يەنە بىرى ، رومانغا ھەقىقەتەن مەركىزىي ئىدىيە بولالايدىغان ياكى ھايات ھېكمەتلىرى ھېسابلىنىدىغان چوڭقۇر ، ئەھمىيەتلىك پىكىر . ئەلۋەتتە ، بۇنداق پىكىرنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىدىن رېئال ئەھمىيىتى كۈچلۈك . ئەدەبىياتىمىزدا تارىخىي رومانچىلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى دەپ قارىلىدىغان ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى «ئىز» ناملىق تارىخىي رومانىنى يېزىش جەريانىدىكى تەجرىبە - تەسىراتلىرىنى خۇلاسىلەپ ، «تارىخىي تېمىدا يېزىلغان رومان ··· مۇئەللىپتىن تارىخ ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كىرىشنى ۋە تارىخ ئىچىدىن قاڭقىپ چىقىش ماھارىتىنى بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ» دەپ يازغانىدى . ئوقۇرمەنلەرمۇ ھېس قىلالايدۇكى ، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «چوڭقۇرلاپ كىرىش» ، «قاڭقىپ چىقىش» دېگەنلەر ھەرگىزمۇ ئاددىي مەنىدىكى سۆزلەر ئەمەس . بۇ ، بارلىق يازغۇچىلارغا قويۇلىدىغان ، بارلىق يازغۇچىلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاكتىپ ، ئەھمىيەتلىك تەلەپ بولۇپ ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئۆز رومانلىرىدا رومانچىلىقتىكى بۇنداق تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن ھەقىقەتەن ئۇتۇقلۇق چىقتى .

www.uyghurkitap.com

نەسرىي ئەسەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ قانداق يارىتىلىشى ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ياكى ناباب چىقىشىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. پېرسوناژلار ئوبرازى ئەسەردە يالغۇز ئادەمنى يېزىش زۆرۈرىيىتى ئۈچۈنلا زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە سۈژىتنى قانات يايدۇرۇش، ئەسەر ئىدىيىسىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ ناھايىتى زۆرۈر. مەلۇم جەھەتتىن قارىغاندا، ئەسەرنى ئەسەر قىلىپ تۇرىدىغان ئىچكى تەركىبىي قىسىملارنىڭ مۇھىملىرىدىن بىرىمۇ دەل مۇشۇ پېرسوناژلار ئوبرازىدۇر. بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان يازغۇچى «داغ» رومانىدا نىياز ھېكىمبەگدىن ئىبارەت ئاجايىپ بىر پېرسوناژ ئوبرازىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان. يازغۇچىنىڭ نىياز ھېكىمبەگنى رومانىنىڭ مەركىزىگە قويۇپ يازغانلىقى، بۇ ئوبرازنى ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە قىلىپ تەسۋىرلەشنى ئاساسلىق ئىجادىيەت مۇددىئالىرىدىن بىرى قىلغانلىقى ۋە بۇ ئوبراز ھەققىدىكى تەسۋىرنى ۋايىگە يەتكۈزگەنلىكى ئەسەرنى ئوقۇغان ھەرقانداق بىر ئوقۇرمەنگە ناھايىتى ئېنىق مەلۇم بولىدۇ. شۇنداق دەپ ئېيتىش مۇمكىنكى، نىياز ھېكىمبەگ ئوبرازىنى يارىتىش ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئىجادىيىتىنىڭ، شۇنداقلا «داغ» رومانىنىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىي ئەسەردە پېرسوناژلار ئوبرازىنى ھاياتىي كۈچكە، قايىل قىلىش كۈچىگە ۋە بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە قىلىدىغىنى پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى بولغاچقا، يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئۆزىنىڭ نىياز ھېكىمبەگدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم پېرسوناژىنى ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ھېچقانداق بىر ئوبرازغا ئوخشىمايدىغان قىلىپ ياراتقان. نىياز ھېكىمبەگنىڭ بۇنداق يىگانىلىكىنى ئەلۋەتتە ئۇنى ئۆزگىچە خاراكتېرى بەلگىلىگەن. نىياز ھېكىمبەگنىڭ خاراكتېرى

شۇنداق مول ھەم مۇرەككەپ خاراكتېركى، ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرىنى تىل بىلەن سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ ئوقۇرمەننىڭ كۆز ئالدىدا نۇرغۇن سەلبىيلىكلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن، پەقەت يامانلىق بىلەن رەزىللىكنىلا ئويلايدىغان، بەزىدە كىشىنىڭ قايىللىقىنى قوزغاپ قالغۇدەك دەرىجىدىكى تەدبىر - ھىيلىلىرىنىمۇ پەقەت ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىتى ئۈچۈنلا ئىشلىتىدىغان، ياخشىلىق، ئادىمىيلىك دېگەنلەرنى زادى بىلمەيدىغان، قىسقىسى، يامانلىق ئۈچۈنلا تۆرەلگەن، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋېلىپ، مۇناپىقلىق بىلەن جان ساقلايدىغان بىر «ئۈچىغا چىققان رەزىل قەلب» ئىگىسى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. نىياز ھېكىمبەگ ئوبرازى شۇ دەرىجىدە مۇكەممەل، ياخشى يارىتىلغانكى، ئۇنى بەدىئىي ئوبرازلار مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئاتالغۇسى ھېسابلىنىدىغان «تىپىك ئوبراز» دېگەن سۈپەت بىلەن سۈپەتلەش مۇمكىن. بۇ يەردىكى تىپىكلىك يالغۇز ئۇنىڭ رەزىل - مۇناپىقلىقتا ۋە ۋەھشىي ھۆكۈمرانلىقتا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئومۇمىيلىققا ئىگە قىلىنغانلىقىنى ۋە ئوبرازچانلىق نۇقتىسىدىن يۈكسەكلىككە ئىگە قىلىنغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. يازغۇچى بۇ ئوبرازنىڭ خاراكتېر ماھىيىتىنى ھەقىقىي بەدىئىي يوسۇندا كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن مۇھاكىمىلىك بايانلاردىن باشقا يەنە ئىپادىلىك تەپسىلاتلارنىڭ رولىدىنمۇ ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. يەنە شۇنىمۇ تىلغا ئېلىش كېرەككى، ئەسەردە يارىتىلغان نىياز ھېكىمبەگ ئوبرازى يالغۇز تونۇتۇش قىممىتىگىلا ئەمەس، بەلكى يەنە چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە. يازغۇچى بۇ ئوبراز ئارقىلىق ئادەملىك سۈپەتكە يات بولغان مۇناپىقلىقنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ، شۇنداقلا نىياز ھېكىمبەگنىڭ تەقدىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى مۇناپىقلىقتىن، مۇناپىقلاردىن ھەزەر

ئەيلەشكە دەۋەت قىلىدۇ . ئەللامە زەمەخشەرىنىڭ «دۇنيا ئىبرەت بىلەن تولغان ، شۇنىڭدەك ئىبرەت ئالمىغۇچىلارنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەنمۇ تولغان» دېگەن ھېكمىتىنى يازغۇچىنىڭ رومانغا كىرىشمە قىلىپ ئېلىشىمۇ ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس . مۇبادا بۇ رومان ، جۈملىدىن مۇشۇ ئوبراز ھەققىدىكى مۇھاكىمە ـ تەتقىقاتلار كېيىنچە چوڭقۇرلىشىدىغان بولسا ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ نىياز ھېكىمبەگ ئوبرازىنى ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان تىپىك سەلبىي ئوبرازلارنىڭ بىرى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدىغانلىقى شەكسىز . يازغۇچى روماندا يەنە نىياز ھېكىمبەگنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان كېپەك دەرۋىش ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ ۋەھشىيلىكىدىن دادىسى ۋە قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئايمۇھەممەت قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازىنىمۇ كۆڭۈل قويۇپ ، ئىنچىكىلىك بىلەن ياراتقان . بۇ ئوبرازلاردا خەلقنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا ، زۇلۇمغا ، رەزىللىككە قارشى كۆرەش قىلىش روھى ، مەقسەتكە يەتمىگۈچە ئىرادىسىدىن يانمايدىغان باتۇرلۇقى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن . روماندا يارىتىلغان ئىجابىي خاراكتېردىكى پېرسوناژلار ئىچىدە كېپەك دەرۋىش ئوبرازى ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان بولۇپ ، كىشىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ . ئۇ روماندا شەرق دانىشمەنلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ . ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس ، ۋەتەن ـ خەلقنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن قايغۇرىدۇ ، غەپلەتتە قالغان خەلقنى ئويغىتىپ ، يۇرتنى ياۋلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تەشۋىقاتچى بولىدۇ ، ئۇ نىياز ھېكىمبەگدىن ئىبارەت بۇ بالا ـ قازانى يوقىتىشنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى دەپ بىلىدۇ ھەم ئاخىرىدا بۇ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ . ئايمۇھەممەت بولسا ، خەلقنىڭ ئېگىلمەس ـ سۇنماس كۆرەش قىلىش روھىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . يازغۇچى نىياز ھېكىمبەگدىن ئىبارەت

بۇ مۇناپىقنى كېپەك دەرۋىش ، ئايمۇھەممەتلەردىن ئىبارەت قىساسكارلارنىڭ قولىدا جازالاپ ، ئۆزىنىڭ ھايات قارىشىنى ، ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن . بۇ ھال ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرغان .

«داغ» رومانىنىڭ تەسۋىرلەش ـ بايان قىلىش سەنئىتى ھەقىقەتەن ئۇستۇن . روماننى ئىنچىكىلىك بىلەن تەپسىلىي ئوقۇيدىغان بولساق ، يازغۇچىنىڭ ھەقىقەتەن بىر تەسۋىرلەش ئۇستىسى ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ تەبىئەت ، ئادەم ، ئىش ـ ھەرىكەت ، مۇھىت ھەققىدىكى تەسۋىر ـ بايانلارنى شۇنچىلىك ئىنچىكە ، نەپىس ، تولۇق يازغانلىقىنى ھېس قىلىمىز . يازغۇچى پېرسوناژلار ئوبرازىنى ياراتقاندا ئۇنى كۆپ تەرەپتىن تەسۋىرلەپ ، ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ھەر جەھەتتىن گەۋدىلەندۈرىدۇ . بەدىئىيلىك نۇقتىسىدىن قارىغاندا ، ئوقۇرمەننى ھەممىدىن بەك قايىل قىلىدىغىنى ئالدى بىلەن تەسۋىرلەش ـ بايان قىلىشتىكى ئىنچىكىلىكتىن ئىبارەت . بۇنداق ئىنچىكىلىكنى بىز ئەسەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇچرىتىمىز .

«ئايمۇھەممەت تەكچىدىن بىر باغلام تارىشا گۈڭگۈرت ئېلىپ ، ئۇنىڭدىن بىر چىچىق يېرىۋالدى . ئوچاقتىكى چوغنى چۇخچىلاپ ، گۈڭگۈرتنى چوغقا ياقتى . تارىشا گۈڭگۈرت بېشىغا مىلەنگەن نېپىز گۈڭگۈرت پاژژىدە يېنىپ ، زۇمرەتتەك كۆك يالقۇنغا ئايلاندى . ئېرىگەن گۈڭگۈرتتىن ئۆرلىگەن ئۆتكۈر پۇراق ئۆي ئىچىنى بىر ئېلىپ ، ئۇلارنىڭ دىمىغىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى . ئايمۇھەممەت مورا بېشىدىكى چويۈن چىراغقا ئوت يېقىپ بولۇپ ، تولۇق كۆيۈپ تۈگىمىگەن گۈڭگۈرت چىچىقىنى پۈۋلەپ ئۆچۈردى ـ دە ، چىراغنى دەرۋىشنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى .»

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىز ئايمۇھەممەتنىڭ چىراغنى

ياندۇرغانلىقىدىن ئىبارەت كىچىككىنە بىر ھەرىكەتنىڭ تەسۋىرى . تەسۋىرلەشتىكى بۇنداق ئىنچىكىلىك ، تولۇقلۇق مەلۇم جەھەتتىن قارىغاندا يازغۇچىنىڭ ئىقتىدارى ، ماھارىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . رومانىنىڭ بىزگە بېرىدىغان ئاساسلىق تەسىراتلىرىدىن بىرى شۇكى ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم دەۋرىمىزدىكى رومان يازغۇچىلىرى ئىچىدە تەسۋىرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان ، تەسۋىرنى ياخشى يازىدىغان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇشقا مۇناسىپ . يازغۇچىنىڭ تەسۋىر ۋە بايانلىرى شۇ دەرىجىدە تولۇق ھەم مۇكەممەل ، تەسۋىر بىلەن باياننىڭ ئۈستىگە بايانچىنىڭ كۆزقاراش ، مۇلاھىزىلىرى ، ئىدىيىسى ، ھايات قاراشلىرىمۇ قوشۇلۇپ يېزىلغاچقا ، ئەسەر تېخىمۇ مۇكەممەللىككە ئىگە قىلىنغان . مېنىڭچە «داغ» رومانىنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىنى ، ئالاھىدىلىكىنى يېڭى دەۋر رومانچىلىقىمىزدا خېلى يۇقىرى ئورۇنغا قويۇش مۇمكىن .

يازغۇچى تەسۋىرنى تېخىمۇ جانلىق ، ئوبرازلىق قىلىش ئۈچۈن ، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرگە مۇراجىئەت قىلىپ ، ئەسەردىكى تەسۋىرلەرنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن . مىسال ئۈچۈن روماننىڭ باشلانمىسىدىن پارچە كۆرۈپ باقايلى : «كۆز ئايلىرى ، تۈن بىلەن تاڭ گىرەلىشىپ تۇرغان چاغ . كۆك گۈمبىزى پاكىز تازىلانغان شىشىدەك تىنىق . نە بۇلۇتتىن ، نە تۇماندىن ئەسەر يوق . چېتىگە كۆز يەتمەيدىغان ئاسمان سەتھىنى بېزىگەن سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار ئالتۇن تۇگمىلەردەك چىمىر- لاپ تۇرىدۇ . ئۆلۈك ئەجدىھادەك سوزۇلۇپ ياتقان تۆپىلىكلەر ، ئېگىز ـ پەس ئېدىرلار ئۈستىدە ئاقتىكەن ، يۇلغۇن ، قومۇش ۋە يانتاق دۆۋىلىرى خۇددى پىيازلىقتىكى قارانچۇقتەك تۇگۇلۇپ كۆرۈنىدۇ . يېقىنىدىمۇ ، يىراقتىمۇ كۆزگە تاشلىنىدىغىنى قارا پالاستەك قارىيىپ تۇرغان زېمىن .» يازغۇچى مانا مۇشۇنداق

ئـوخـشـتـىـش ۋاستىسى ئارقىلىق تەسۋىرنى تېخىمۇ رەڭدار ، جانلىق ، ئوبرازلىق چىقارغان . بۇنى پۈتۈن رومان ئۈچۈن بىر خىل ئورتاقلىق دېسەكمۇ بولىدۇ .

بىز يۇقىرىدا تەرىپىنى قىلغان تەسۋىرلەش سەنئىتىدىن يەنە يازغۇچىنىڭ تىل ئىشلىتىش ماھىرلىقىنىمۇ كۆرەلەيمىز . يازغۇچىنىڭ پېرسوناژ تىلىنى خاسلىققا ئىگە قىلىشى ، خاس تىل بىلەن خاس خاراكتېرنى گەۋدىلەندۈرۈشى ، سۆز - جۈملىلەرنى قۇراشتۇرۇشتىكى ئىنچىكىلىكى ، تىلىنىڭ ئىپادىلىك بولغانلىقى ھەقىقەتەن كىشىنىڭ قايىللىقىنى قوزغايدۇ .

يۇقىرىقىلار مېنىڭ «داغ» رومانىنى ئوقۇش جەريانىدا ھېس قىلغان دەسلەپكى تەسىراتلىرىم . ئەلۋەتتە ، بۇ رومان ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ، ئەتراپلىق مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بېرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ .

(«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىللىق 8 - سانىدىن ئېلىندى .)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

قوشۇمچە — 3

# ئەبەيدۇللا ئىبراھىم رومانلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە

ئابدۇللا مەتقۇربان

20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرى ، 80 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ نەزىرىدە خېلى يېتىلگەن بىر شائىر سانىلاتتى . چۈنكى ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم شۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «ئۈچ غەزەل» ، «مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس» ، «خوتەن قەغىزى» ، «تارىمغا مۇھەببەت» قاتارلىق لىرىك شېئىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرقانچە داستان ۋە شېئىر توپلاملىرىنىڭ ئاپتورى سۈپىتىدە ئوقۇرمەنلەر قەلبىنىڭ ھۆرمەت تۆرىدىن ئورۇن ئالغان . 1983 ـ يىلى ئۇ «ئۈچ بولكا» ناملىق تۇنجى ھېكايىسى بىلەن پروزا ساھەسىگە كىرىپ كەلگەندىن كېيىن ، 1988 ـ يىلىغىچە «سىرىق سەبدە» ، «تۇمانلىق دۇنيا» ، «قورقۇنچلۇق يەكشەنبە» قاتارلىق ھېكايە ۋە پوۋېستلارنى ئېلان قىلىپ ، بۇ ساھەدىمۇ ئۆزىنىڭ بەلگىلىك ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى . ئەگەر «ئۈچ بولكا» نى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ئىجادىيەتتە شېئىردىن پروزىغا ئۆتۈشىدىكى بىر كۆۋرۈك ھېسابلىغاندا ، 1983 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلىغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۇنىڭ پروزىدىكى ھېكايىدىن رومانچىلىققا ئۆتۈشىدىكى تەييارلىق

باسقۇچى دېيىشكە بولىدۇ . چۈنكى ، بۇ يىللاردا ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ھېكايە ۋە پوۋېست تۈرى بويىچە بەزى سىناقلار ھېسابىغا كېيىنكى رومان ئىجادىيىتى ئۈچۈن كېتەرلىك بەدىئىي جۇغلانما ۋە تەجرىبە توپلىدى . نەتىجىدە 1988 ـ يىلى «تۇندىكى چاقماق» رومانىنى ، ئارىدىن سەككىز يىل ئۆتۈپ 1996 ـ يىلى «داغ» رومانىنى ، يەنە ئۇن يىلدىن كېيىن «بوز دالا» رومانىنى يورۇقلۇققا چىقاردى . بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىدە ئىلگىرىكى شائىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئەمدى يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمغا ئايلاندى . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بۇ ئۈچ رومانىنى ئۇيغۇر تىلىدا كۆپلۈكنى بىلدۈرىدىغان «لار» ، «لىرى» قوشۇمچىلىرى بىلەن سۈپەتلەشنىڭمۇ ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى . ئەبەيدۇللا ئىبراھىم رومانلىرىنى يەككە ھالدا ئوقۇغاندا ئوخشىمايدىغان تەسىراتقا ئېرىشكىلى بولغىنىدەك ، ئۇلارنى بىرىكتۈرۈپ ئوقۇغاندىمۇ ئۆزگىچە تەسىراتقا ئىگە بولۇش بىلەن بىللە ئۈچ رومانغا ئورتاق بولغان بەزى ئالاھىدىلىكلەرنى بايقاشقىمۇ بولىدۇ .

ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان خېلى نۇرغۇن رومانلارغا ئوخشاش ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ بۇ ئۈچ رومانىمۇ تارىخىي تېمىغا بېغىشلانغان . ئالايلۇق ، «تۇندىكى چاقماق» رومانىدا 1912 ـ يىلىدىكى «چىرىيە ۋەقەسى» تېما قىلىنغان . 1912 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى چىرىيە ، شۇنىڭدەك پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ سىياسىي ئاتموسفېراسى ، بۇ ۋەقەنىڭ پۈتكۈل جەريانى ، ۋەتەن ساتقۇچ يۇەن شىكەي ھاكىمىيىتىنىڭ بولۇمسىزلىقى تۈپەيلىدىن بۇ ۋەقەنىڭ ئەقىلگە سىغمىغۇدەك دەرىجىدە ناھەق بىر تەرەپ قىلىنىشى تارىخىي چىنلىق ۋە زۆرۈر بەدىئىي توقۇلمىلار ياردىمىدە تەسۋىرلەنگەن . «داغ» رومانىدا 1866 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئامىتى قاچقان ياقۇپبەگنىڭ ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ ئاتالمىش «يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى» نى تىكلىگەنلىكى ، شۇ جەرياندا خوتەن

پادىشاھى ھېيىبۇللا مۇپتىنى ئۆلتۈرۈپ، «پادىشاھ»نىڭ خۇن دەۋاسىنى قىلىپ قىساس ئالغىلى يۇرت ـ يۇرتلاردىن كەلگەن قىرىق مىڭدەك قەھرلىك پىدائىيىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ خوتەننى ئىستائىتىگە ئالغانلىقى، مانجۇ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە يەكەندە ئىشكئاغىسى بولغان ۋە ئۆزىگە يول باشلاپ خوتەننى ئىتائەت قىلدۇرۇشتا تۆھپە كۆرسەتكەن نىيازنى خوتەنگە ھاكىمبەگلىككە تەيىنلىگەنلىكى، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا خوتەن دىيارىدا نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان زۇلۇم ـ ستەمنى يولغا قويۇپ، خەلقنى قان يىغلاتقانلىقى يىپ ئۇچى قىلىنغان. ئۇنىڭغا ياندىشتۇرۇپ، ئاشۇ ئون يىلدا ياقۇپبەگنىڭ «يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى» نى ساقلاپ قېلىش كويىدا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىنى قانغا بوياپ، ئاخىر چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى كېلىۋاتقاندا نىياز ھېكىمبەگنىڭ قارا قولى بىلەن كورلىدا ئۆلگەنلىكى، نىياز ھېكىمبەگنىڭ چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىگە غالچىلىق قىلىش بەدىلىگە ئېرىشكەن يەكەننىڭ ئامباللىقىغا نارازى بولۇپ غەلىيان كۆتۈرگەندە سىرى پاش بولۇپ قېلىپ، جازاغا بۇيرۇلغانلىقى ۋە ئادەمسىز ئۆتەڭدە كېپەك دەرۋىش بىلەن ئايمۇھەممەت تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى قاتارلىق ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن. «بوز دالا» رومانىدا بولسا، ئۆتۈكەن تاغلىرى ئېتىكىدىكى ئۇرخۇن دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان ئوردۇبالىق شەھىرى مەركەز قىلىنىپ، باش قەھرىمان قۇتلۇقنىڭ يېتىم قالغانلىقىدىن تارتىپ تۇنباغا تارخانغا باقما بالا بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشى، تۇنباغا تارخان بۆكۈ قاغاننى جازالاپ قاغان بولغاندا قۇتلۇقنىڭ دەسلەپ مىڭبېشى، كېيىنچە تۈمەنبېشى، تۇنباغا قاغان ئالەمدىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئوغلى تاراس تېكىن قاغان بولغاندا، ئېل ئۇگەسى بولغانلىقى، تاراس تېكىن بەگبارىس تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەندە بەگبارىسنى جازالاپ گۆدەك ئايچۇرنى تەختكە چىقارغان بولسىمۇ، ئايچۇرمۇ ئۆلۈپ كېتىپ، ئاخىر ئەل رايى

بۇيىچە قاغان بولغانلىقىدىن ئىبارەت بىر پۈتۈن جەريان تەسۋىرلەنگەن . بۇ خانلىقنىڭ ئۆز زېمىنىنى ئۆتۈكەن ئېتەكلىرىدىن ئالتاي تاغلىرى ، پۈتكۈل بېشبالىق ئەتراپى ، قاغانبۇت ۋە زامانىسىدىكى «تۆت قەلئە» نىڭ ئىككىسىگىچە (يەنى كۈسەن ۋە بۈگۈنكى قارا شەھەرگىچە ) كېڭەيتكەنلىكى ، بۇ خانلىقنىڭ شۇنچە كەڭ دائىرىدىكى قەبىلە ۋە قوۋملار بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن ئۇلارنى ئۆزلىرىگە قارام قىلىپ دوستلىشىشى ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تۈرلۈك ئىچكى نىزاھ ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردىكى تۆر تالىشىشلار ، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تاڭ ھاكىمىيىتىگە ئۆكتە قوپقان ئۆڭلۈك - سۆيگۈن تۆپىلىڭىنى تىنچىتىپ بېرىشى مۇناسىۋىتى بىلەن تاڭ چوڭ ئاستانىسى بىلەن بولغان قۇدا - باجىلىق ئالاقىلىرى ، شۇنىڭدەك تاڭ ئوردىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۈرلۈك نىزاھلار كىرىشتۈرۈلۈپ ، رومانىنىڭ سىغىمىنى خېلىلا ئاشۇرغان . «بوز دالا »دىكى يۇقىرىقى ۋەقەلىك ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بىر مەزگىللىك چېچىلاڭغۇلۇق ۋە تەۋرىنىشتىن مۇستەھكەملىنىپ ، كېيىنكى يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق گۈللەپ روناق تېپىشىغا ئاساس سېلىنغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ . ناۋادا پەرھات جىلاننىڭ «ئورخۇن شەجەرىسى» رومانىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ گۈللىنىشتىن ئاجىزلىشىش ۋە خارابىلىشىشىغىچە بولغان جەريانىنى تەسۋىرلىگەن دېسەك ، «بوز دالا» رومانىدا دەل ئاشۇ گۈللىنىشكە ئاساس سېلىنغان جەريان بايان قىلىنىدۇ . ئەبەيدۇللا ئىبراھىم رومانلىرىدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلىكلەردىن مەيلى «چىرىيە ۋەقەسى» بولسۇن ، مەيلى ياقۇپبەگ باسمىچىلىقى بولسۇن ياكى «بوز دالا» دىكىسى بولسۇن ، ھەممىسى مىللىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك ۋە تارىخىي تەرەققىياتىدا خېلىلا سالماقلىق ئورۇن ئىگىلەيدۇ . ئاپتور ئۆز رومانلىرىدا يۇقىرىقى ۋەقەلىكلەرنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبلىرى ، جەريانى ۋە نەتىجىسى ، شۇنىڭدەك ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي شەخسلەرنىڭ

ئۆسۈپ يېتىلىشى ، شۇ كونكرېت تارىخىي شارائىتتا ئوينىغان رولى ، ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن تەسىرى ، تارىختا تۇتقان ئورنى قاتارلىقلارنى چوڭقۇر ئانالىز قىلىپ ، تارىخىي ماتېرىيالىزم مېتودى بويىچە كۆزىتىپ ۋە بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئوبرازلاشتۇرۇپ خېلى يۇقىرى بەدىئىي ئۇنۇمگە ئېرىشكەن .

ئەمەلىيەتتە تارىخىي تېمىدىكى رومانلارغا قويۇلىدىغان تەلەپمۇ شۇ . چۈنكى ، «تارىخىي تېمىدا يېزىلغان رومان ، چىن مەنىسىدىن ئېيتقاندا ھەم ھەقىقىي تارىخ ، ھەم بەدىئىي ئەسەر بولالىشى ، يەنى تارىخشۇناسلىق بىلەن رومانچىلىق سەنئىتىنىڭ جانلىق بىرىكمىسى بولالىشى ، ھەممىدىن ئاۋۋال تارىخىي چىنلىقنى ئاساس ۋە ئالدىنقى شەرت قىلىشى لازىم . مۇنداق ئەسەر مۇئەللىپتىن تارىخ ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كىرىشنى ۋە تارىخ ئىچىدىن قاڭقىپ چىقىش ماھارىتىنى تەلەپ قىلىدۇ » ① ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم رومانلىرىدا بۇ تەلەپلەر خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندالغان . مىللىي ۋە سىنىپىي ئېزىشكە قارشى تۇرۇش ، ئىچكى ئىناقلىقنى ، تاشقى باراۋەرلىكنى تەكىتلەش ، مىللەتپەرۋەرلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم رومانلىرىنىڭمۇ ئاساسىي مېلودىيىسىنى تەشكىل قىلىدۇ . بۇلارنى مەدھىيە دەپ قارىغاندا ، بۇنداق مەدھىيە ئەبەيدۇللا ئىبراھىم رومانلىرىدا كۆيلەشكە قارىغاندا تولىراق ئىنسان تەبىئىتى ۋە پسىخىكىسىدىكى ئاجىزلىقلارنى ئېچىپ تاشلاش شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن ، «تۇندىكى چاقماق» رومانىدىكى ۋەقەلىك ئەسلىدىكى چىرىيە بوستانلىقىنىڭ قۇم ئاستىدا قېلىپ ، چىرىيە ئاھالىسىنىڭ ھاياتلىقىنىڭ تۈپ كاپالىتى بولغان سۇنى ئىزدەپ جەنۇبقا كۆچۈشى ۋە قاراقۇرۇم ئاتىنىڭ بېشارىتى بىلەن چىرىيە دەرياسىنىڭ شەكىللىنىشىدىن ئىبارەت ئىككى رىۋايەت ئاساسىغا قۇرۇلغان . ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى رىۋايەت ئىبرەت تۇسىنى ئالغان ئىككى ۋەقەگە چېتىلغان : بۇ يۇرتقا قۇم ئاپىتى كەلگەندە ، ئاھالىنىڭ كۆپىنچىسى يۇز نەچچە ياشلىق

بوۋاينىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالماي ، قۇم ئاستىدا قېلىپ ھالاك بولغان . بوۋاينىڭ گېپىگە كىرىپ قۇمغا موما تىكلەپ ، ئۇنى توختىماستىن ئايلىنىش بەدىلىگە ھايات قالغۇچىلار سۇ ئىزدەپ جەنۇبقا كۆچكەندە ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپنى كۆرگەن بىر كىشى يۇرتقا سۇ تەلەپ قىلىپ قاراقۇرۇم ئاتىنىڭ ئالدىغا بارغان . قاراقۇرۇم ئاتا ئۇنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرگەنيۇ ، ھېلىقى كىشى ھاسىسىنى سۆرەپ كېلىۋېتىپ يۇرتقا يېقىنلاشقاندا قاراقۇرۇم ئاتىنىڭ نەسىھىتىگە پىسەنت قىلماي ئارقىسىغا قاراپ سېلىپ ، قىيان بولۇپ شاۋقۇن سېلىپ كېلىۋاتقان سۇنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان . «داغ» رومانىدا خوتەندە يۈز بەرگۈسى ياقۇپبەگ يېغىلىقىدىن ئالدىن خەۋەر تاپقان كېپەك دەرۋىش خوتەنلىكلەرنى بۇ ئاپەتتىن خەۋەرلەندۈرۈپ قۇتقۇزۇش نىيىتىدە يەكەندىن ئالايتەن كېلىپ ، ئەل ئىچىدە ئوقۇمۇشلۇقلاردىن سانىلىدىغان قاۋۇل قازانچىنىڭ ئىككى ئوغلى بىلەن كەرىمقۇلغا بولغۇسى ئاپەتتىن پال شەكلىدە بېشارەت بەرسىمۇ ، «خۇش خەۋەر ئاڭلاپ كۆنۈپ كەتكەن ، غەپلەت ياستۇقىنى قىرلاپ شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان» ② ، «پايدا ئالسىمۇ ساددىلىقىدىن ئالىدىغان ، زىيان تارتسىمۇ ساددىلىقىدىن تارتىدىغان» ③ بۇ كىشىلەر خوتەن دىيارىغا چىن دىلىدىن جان كۆيەرلىك قىلىۋاتقان بۇ دەرۋىشنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي ، يادىدىن ئەبەدىي چىقمىغۇدەك ، ھەتتا لەنىتى نىياز ھېكىمبەگمۇ «... قوشبېگى جانابلىرى ... كەمىنە قۇللىرى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنىمەنكى ، قەتلىئامنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان پۇرسەت كەلدى . قالغان مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچسىلە ، ئۇلار ئىتائەتمەنلىك بىلەن پۇقرادارچىلىقىنى قىلسا» ④ دېيىشكە مەجبۇر بولغۇدەك قىرغىنغا گۇۋاھچى بولىدۇ . كېيىنچە گويا قاباھەتلىك چۈش كۆرگەندەك ، ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن قەتلىئامنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ، دەرۋىشكە ئىشەنمىگەنلىكىگە مىڭ بىر پۇشايمانلارنى قىلىپ «دەرۋىش ئاتا نەدىسەن !» دەپ نالە قىلسىمۇ چىققان كۆز

www.uyghurkitap.com

مەڭگۈ ئورنىغا كەلمەيدۇ . «بوز دالا» دا بولسا ، تۇنباغا قاغان كونا ئۆلپىتى ، تەختى يېنىغا يوشۇرۇنغان چايان سۇپەت بەگبارسنىڭ يامان غەرىزى توغرىسىدا قۇتلۇقنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا قۇلاق سالماي ، كېيىنكى نۇرغۇن كۆڭۈلسىز ۋە ئورۇنسىز ئاقىۋەتلەرگە سەۋەبچى بولىدۇ . ھەتتا ئۆزى ئىشەنگەن بۇ كىشى تەرىپىدىن قەستلىنىپ بىئەجەل ئۆلگىلى تاسلا قالىدۇ⑤ . شۇنىڭ بىلەن «ئۆزۈمدىن كەتتى» دېگەن پۇشايمانلىق بىر ئېغىز گەپنى داۋاملىق تەكرارلايدۇ⑥ . نادانلىق ، ئارتۇقچە ئاق كۆڭۈللۈك ، ئاقىللارغا ئىشەنمەسلىك ، ۋەدىگە ۋاپا قىلىشقا سەل قاراش ، تەجرىبىدىن ساۋاق ئالماسلىق ، شۇ سەۋەبلىك ھەمىشە مەڭگۈلۈك پۇشايمانغا قېلىشلار مىللىتىمىز پسىخكىسىدا ئاسان ئېرىمەيدىغان چۆكمە ، يەنى كوللېكتىپ ئاڭسىزلىق شەكىللەندۈرگەن . ئەبەيدۇللا ئىبراھىم رومانلىرىدا دەل مىللىتىمىز پسىخكىسىدىكى ئاشۇنداق ئاڭسىزلىق قېزىپ چىقىرىلىپ ، ئۇنىڭ ئۆتمۈش ۋە يېقىنقى زاماندا مىللىتىمىزگە كەلتۈرگەن ئاپەتلىرى ئوبرازلاشتۇرۇلىدۇ .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم رومانلىرى بەلگىلىك تارىخي ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە . ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ يېزىۋاتقىنى مەيلى قايسى دەۋرنىڭ تارىخي ۋەقەلىكلىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئاپتور ماتېرىياللارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئالدى بىلەن بەلگىلىك ۋاقىت ئاجرىتىپ ، تېمىغا ئالاقىدار ماتېرىيال ۋە ساھەلەر بويىچە سىستېمىلىق ئۆگىنىپ ئالدىن قەلەم تەۋرىتىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن (بۇ تارىخي تېمىدا ئەسەر يازغان ، يېزىۋاتقان ياكى يازماقچى بولغان باشقا قەلەم ساھىبلىرىغىمۇ ئورتاق تەلەپ) . مۇشۇ نۇقتىدىن ئەبەيدۇللا ئىبراھىم تېما ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار تارىخي ھادىسىلەرنىڭ چىنلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ، رومانلىرىدا تارىخي ۋەقە ۋە تارىخي شەخسلەرگە ئائىت نۇرغۇن مەلۇماتلارنى ئەسلىي مەنبە بويىچە ئىزاھلاپ كۆرسىتىدۇ . بۇنداق ئىزاھات ئۆرپ ـ ئادەت ، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەرگىچە

تۇتىشىپ ، رومانلارنىڭ ماتېرىياللىق قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ ۋە ئوقۇرمەنگە مول تارىخىي بىلىممۇ بېرىدۇ . ئەمما ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ بىزگە تەقدىم قىلىۋاتقىنى نەق تارىخنىڭ ئۆزى ئەمەس . بەلكى شۇ تارىخىي ۋەقەلىكنىڭ بەدىئىي بىر تەرەپ قىلىنىشىدىن پۈتكەن رومان . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئۆز رومانلىرىدا زۆرۈرى بەدىئىي توقۇلمىلار ۋاستىسى بىلەن تارىخىي ھادىسىلەر ۋە تارىخىي شەخسلەرگە قايتىدىن جان كىرگۈزىدۇ . بۇ يەردە دېيىلگەن بەدىئىي توقۇلمىلار ئاساسەن بايان قىلىنىۋاتقان تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ مەنتىقلىق تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان دراماتىك توقۇنۇش ، بۇ توقۇنۇشقا بىۋاستە قاتنىشىپ ئۇنى ئەۋجىگە كۆتۈرىدىغان شەخسلەر ، ئۇلارنىڭ پائالىيەت ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ . ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن بۇلار تاشقى دۇنيانىڭ ناتۇرال تەسۋىرىدىن ھالقىپ پېرسوناژلارنىڭ مۇرەككەپ مەنىۋىيىتىگە شۇڭغۇش ، ئۇنى ئىمكانقەدەر ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر قېزىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . «تۇندىكى چاقماق» رومانىدىكى ۋەقەلىكنىڭ قويۇق تراگېدىك تۇس ئېلىشى ، «داغ» رومانىدىكى ۋەقەلىكنىڭ ئاجايىپ دولقۇنىمانلىقى ، «بوز دالا» رومانىدىكى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ناھايىتى كەڭلىكى ، ئابلىز قارىنىڭ ھاماقەت ۋە ئىككى يۈزلىمىلىكى ، سوپۇرگەئاخۇننىڭ قەيسەرلىكى ، سېيىت ھاجى ۋە نىياز ھېكىمبەگلەرنىڭ مەككارلىقى ، كېپەك دەرۋىشنىڭ تاغدەك مالامەت ۋە تۆھمەتكە چىداپ قىساس ئېلىش ئۇچۇنلا ياشىغانلىقى ، بەگبارىسنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى ، ياغلاقار لىڭنىڭ خوجايىنىغا سادىقلىقى ، قۇتلۇقنىڭ بىر سۆزلۈكلۈكى ... ئاپتورنىڭ يۇقىرى بەدىئىي دىت بىلەن پېرسوناژلار قەلب سىرلىرىنى ئېچىشتا ماھىر بولۇشى ، ئۈچ پارچە ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئەسەر ئىكەنلىكىنى تولۇق پاكىتلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم رومانلىرىدا ۋەقەلىك ھەجىم جەھەتتىن

كىچىكتىن چوڭغا ، ماكان جەھەتتىن يېقىندىن يىراققا ئۆتىدۇ . مەسىلەن ، بالدۇر يېزىلغان «تۇندىكى چاقماق» رومانىدا 1911 ـ يىلى يازدىن 1912 ـ يىلى يازغىچە بىر يىللا داۋام قىلغان «چىرىيە ۋەقەسى» تەسۋىرلىنىدۇ . ۋەقەلىكنىڭ بىر ئۇچى سۇپۇرگەئاخۇنلارنىڭ ئىزىدىن ئىلچىگىچە سوزۇلغان بولسىمۇ ، ماكان جەھەتتىن چىرىيە بىلەنلا چەكلىنىدۇ . بۇ ۋەقەلىك ئاساسەن مۇناپىق سېيىت ھاجىنىڭ چىرىينى چار پادىشاھنىڭ تەسەررۇپىغا ئېلىشقا ئۇرۇنۇشتەك رەزىللىكى بىلەن سۇپۇرگەئاخۇن باشلىق ئەل سۆيەرلەرنىڭ سېيىت ھاجى قىلمىشلىرىغا چەك قويۇشتىن ئىبارەت بىرلا لىنىيە بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ . «داغ» رومانىدا 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ ، 70 ـ يىللىرىدا نىياز ھېكىمبەگنىڭ خوتەنگە ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىنكى ئون يىللىق ۋەقەلىك ھاكىمبەگ ئوردىسى — ئىلچى مەركەزلىكىدە يېزىلىدۇ ۋە پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭ دائىرىسىگە يېيىلىدۇ . ئۈچ پارچە رومان ئىچىدە ئاپتورنىڭ ئەڭ كۆپ كۈچ سەرپ قىلغىنى «بوز دالا» ، «چىرىيە ۋەقەسى» بىلەن ئاپتورنىڭ «تۇندىكى چاقماق» رومانىنى يازغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت پەرقى يەتمىش يىل ، ياقۇپبەگ يىغىلىقى بىلەن «داغ» رومانى يېزىلغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت پەرقى بىر يۈز يىگىرمە يىل . بۇ ئىككى ۋەقە يېقىنقى زاماندا يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا ئائىت تۈرلۈك خاتىرە ۋە ماتېرىياللار خېلى كۆپ تېپىلىدۇ . ئەمما ، «بوز دالا»دا تەسۋىرلەنگىنى مىلادىيە 8 ـ ئەسىردە يۈز بەرگەن . ئۇنىڭ ئاپتورنىڭ بۇ رومانىنى يورۇقلۇققا چىقارغان ۋاقتى بىلەن بولغان پەرقى بىر مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك يىلدەك كېلىدۇ . ئۇ دەۋر ھەققىدىكى خاتىرە ۋە ھۆججەتلەر ئومۇمەن كونىچە خەنزۇ يېزىقىدا ساقلىنىپ قالغان . ئاشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بۇنىڭدىن ئون ئۈچ ئەسىر ئىلگىرىكى ۋاقىت ھەققىدە ۋەقەلىك تەرتىپى تۇرغۇزۇپ ، بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق تارىخىي چىنلىققا سادىق بولغان ئاساستا ئاشۇ يىراق دەۋرنىڭ خېلىلا

رەڭدار بەدىئىي كارتىنىسىنى سىزىپ چىقىش يازغۇچىدىن مول تارىخ ۋە جۇغراپىيە بىلىمى، مول تەسەۋۋۇر ۋە يۇقىرى بەدىئىي ئىقتىدار تەلەپ قىلىدۇ. ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئۆگىنىشچان يازغۇچى بولغاچقا، مەيلى قايسى دەۋر ھەققىدە يازمىسۇن، ھەممىسىدە ئۆزىنىڭ مول بىلىمى، كۈچلۈك تەسەۋۋۇرى ۋە يۇقىرى بەدىئىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنى خېلىلا قانائەتلەندۈردى.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم رومانلىرىدا خاراكتېرى، خۇي - پەيلى بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان بىر يۈرۈش پېرسوناژلار ئوبرازى خېلىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان. ئۇلارنى تارىخىي شەخسلەر ۋە توقۇلما قىلىنغان شەخسلەر دەپ ئايرىشتىن باشقا يەنە ئەخلاق نۇقتىسىدا تۇرۇپ «ئىجابىي» ۋە «سەلبىي» دېگەن تۈرلەرگە ئايرىشقىمۇ بولىدۇ. گەرچە «تۇندىكى چاقماق» رومانىدا سۇپۇرگەئاخۇن، ئابدۇللا چاققان، سەپەر بوۋاي، قادىر تۆمۈرچى، نۇرەك باخشى، «داغ» رومانىدا كېپەك دەرۋىش، قاۋۇل قازانچى، ئايمۇھەممەد، ھەمدەم باتۇر، «بوز دالا» دا قۇتلۇق، ياغلاقار لىك، تۇنباغا قاغان، ئىنان قۇلى قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىجابىيلىققا، ئاساسىي ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر يۈرۈش پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازلىرىمۇ خېلى تەسىرلىك يارىتىلغان؛ ئالدىنقى ئىككى رومان زاتەن تارىخىي تراگېدىيە بولسىمۇ، بولۇپمۇ سۇپۇرگەئاخۇن ۋە كېپەك دەۋرىشتەك ئۈمىدۋار كىشىلەرنىڭ بولغانلىقى بىلەن ئىككى رومانىنىڭ تراگېدىيىلىك يېشىمى ئوقۇرمەنلەردە ئۈمىدۋارلىق كەيپىياتى پەيدا قىلسىمۇ، لېكىن سېيىت ھاجى، نىياز ھېكىمبەگ ۋە بەگبارس قاتارلىق ئوبرازلارنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە بېرىدىغان تەسىرى يۇقىرىقى «ئىجابىي» شەخسلەرنىڭكىنى بېسىپ چۈشىدۇ. ئىجتىمائىي مەنپەئەتدارلىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا، «تۇندىكى چاقماق» رومانىدىكى سېيىت ھاجى چاررۇسىيە جاھانگىرلىكىگە سېتىلىپ ۋەتىنىنىڭ مۇقەددەس زېمىنىدىن چىرايىنى چار پادىشاھ

تەسەررۇپىغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولغان ، يەنى بۆرىنى قوتانغا باشلىماقچى بولغان مىللىي مۇناپىق ؛ «داغ» رومانىدىكى نىياز ھېكىمبەگ تۇرغان ـ پۈتكىنى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن تولۇپ كەتكەن ، ئۆمرى ئاجىزلارنىڭ بېشىغا دەسسەپ ، كۈچلۈكلەرگە يانتاياق بولۇپ ئۆتكەن سۈيىقەستچى . «بوز دالا» دىكى بەگبارىس تەخت تەمەسىدە ئەقلىدىن ئازغان ۋە شۇ يولدا ئەل دۈشمەنلىرى بىلەن يوشۇرۇن ئىتتىپاق تۈزگەن قارانىيەت ، مۇشۇ نۇقتىدىن يۇقىرىقى ئۈچ شەخس مەڭگۈلۈك لەنەت ئوبيېكتلىرى ، ياش ئەۋلادلارغا مەڭگۈلۈك سەلبىي دەرسلىك ھېسابلىنىدۇ . ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ، بولۇپمۇ «تۇندىكى چاقماق» ۋە «داغ» رومانىدا ئاشۇنداق لەنەتكەردىلەرنى باش قەھرىمان سۈپىتىدە بەدىئىي سەھنىگە چىقىرىپ ، يۇقىرى بەدىئىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغان . يامان غەرەز ، سۈيىقەست ، ھىيلە ـ مىكىر ۋە نەيرەڭۋازلىق جەھەتتە يۇقىرىقى ئۈچ نەپەر شەخس بەزىدە بىر تۈز سىزىقتا كېلىپمۇ قالىدۇ . ئۇلار ئۈچىلىسى ئۆزى ئاياغ ئاستى قىلغان زېمىندا ، يەنى سېيىت ھاجى ئىلچىدا ، نىياز ھېكىمبەگ يەكەندە ، بەگبارىس ئۆتۈكەن ئېتىكىدە تۇغۇلىدۇيۇ ، ئۈچىلىسى ئۆز قوۋمىغا ، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا تۇپراققا ئاسىيلىق قىلىدۇ . ئاندىن قالسا ، ئۇلار ئۈچىلىسى ئۆزلىرىنى ھامان نىقابلاپلا يۈرىدۇ . مەسىلەن ، ھەممىشە قازاندەك سەللىنى ئوراپ ، ئېغىزىدىن كالامى شېرىپ ، قولىدىن تەسۋى چۈشمەيدىغان سېيىت ھاجى نادان پۇقراغا خۇداغا ئەڭ يېقىن تەقۋادار مۇسۇلمان ۋە خىزىر سۈپىتىدە كۆرۈنىدۇ . نىياز ھېكىمبەگ دائىم ئۆزىنى سەئىد ئەۋلادى سۈپىتىدە كۆرسىتىپ ، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ كۆزىنى بويايدۇ . شۇڭا ، مانجۇلار ھۆكۈم سۈرگەندە «دۇڭ نىياز» ، «ئەر شويە» (ئوتتۇرانچى بەگزادە) ، خۇيزۇلار ھۆكۈم سۈرگەندە «ما نىياز» [7] ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا سەللە ـ تونلۇق تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقالايدۇ . مانجۇلار قايتىدىن كەلگەندە بولسا ، «يەنە ئۇزۇن چاچ

قويۇپ ، مانجۇچە ئۇستۋاش كيىۋالدۇ» [8] . بەگبارس ئۇيغۇر
خانلىقى بىلەن شەرقىي ئاستانىنىڭ مۇناسىۋىتىگە چېتىلىدىغان ،
تۇنباغا قاغاندىن يوشۇرۇنچە قىلغان قۇرىقان ئاتلىرى سودىسىنىڭ
جىنايىتىنى ياغلاقار لىڭغا دۆڭگەپ ، قاغان ئالدىدا ئادالەتنى
ياقىلىغۇچى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ، ئاستىرتىن قۇتلۇققا
زىيانكەشلىك قىلماقچى بولىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئۈچ نەپەر
شەخس يەنە ئاجايىپ چىچەن ۋە تەدبىرلىك ، سېيىت ھاجىنىڭ
چىرىيە تارىخي ۋە نىياز ھېكىمبەگ ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرى ،
ئىسلام تارىخى ۋە دىنىي ئەھكاملار ھەققىدىكى ئەتراپلىق مەلۇماتى ،
نىياز ھېكىمبەگنىڭ شامالغا قاراپ يەلكەن كېرىشكە ماھىرلىقى ،
«يىقىلمايدىغان تامنى يۆلەش ، يۆلىگەندىمۇ ئاۋامنىڭ دىققىتىنى
قوزغىمايدىغان داغدۇغا بىلەن يۆلەپ ، ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە
مەيدىسىگە مۇشتلاپ تۇرۇپ مەن يۆلەپ تۇرغاچقىلا بۇ تام ئۆرە
تۇرۇۋاتىدۇ دېيەلىشى ، يىقىلىش ئېھتىماللىقىنى سەزگەن ھامان بۇ
تامنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىتتىرىپ ، تام يىقىلغاندا بولسا ئۇنىڭ
چاڭ ـ توزانلىرىدىن پايدىلىنىپ باشقا بىر تامنى يۆلەشكە باشلاپ ،
ئۇ تام مەن ئىتتەرگەچكىلا يىقىلدى دەپ تام يىقىتقانلىق تۆھپىسىنى
ئۆز دەپتىرىگە يېزىۋېلىشتىن ئىبارەت مەنتىقى» [9] ؛ بەگبارسىنىڭ
ئاتىسى ئاتاچۇق بۆرىنىڭ تەربىيىسىدە ۋۇجۇدىدا ئىلاھىي بۆرىنىڭ
ئوۋ ئوۋلاش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈپ ، رەقىبلىرىگە ئاشۇ ئىلاھىي
بۆرىنىڭ ئوۋدىكى ئۇسۇلى بويىچە تاقابىل تۇرۇشلىرى... [10] بۇ ئۈچ
نەپەر شەخسنىڭ چېچەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ . ناۋادا ئۇلارنىڭ مۇنداق
مول بىلىمى ، چېچەنلىكى توغرا يولغا ، ھالال ئىشلارغا سەرپ
قىلىنغان بولسا ئىدى ، ئۇلار مىللىتىمىزنىڭ ئىلىم ـ پەن ۋە
ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقان ، ئەۋلادتىن
ئەۋلادقا مەدھىيىلىنىپ تىللاردا داستان بولغان بولاتتى .
ۋەھالەنكى ، ئۇلارنىڭ ئۇچىلىسى تامامەن ئەكسىچە يول تۇتقاچقا ،
ئاقىۋەت خەلقنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ تارىخنىڭ لەنەت تۈۋرۈكىگە

مەڭگۈلۈك مىخلىنىدۇ . ئەبەيدۇللا ئىبراھىم قەلىمى ئاستىدا بۇ شەخسلەر يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن نوقۇللا ئەخلاقىي قىممەت يارىتىپ قالماي ، يەنە يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتمۇ يارىتىدۇ . ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي قىممىتىمۇ دەل مۇشۇ يەردە . ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرىدا يارىتىلغان ئوبرازلار سىستېمىسىغا قارىساق ، تولىراق سۇتۇق بوغراخان («سۇتۇق بۇغراخان ») ، مەھمۇد كاشغەرىي («مەھمۇد كاشغەرىي ») ، بىلگە قاغان ، پانتېكىن («ئۇرخۇن شەجەرىسى ») ، تۇمۇر خەلىپە ، خوجىنىياز پالگان («ئىز ») قاتارلىق «ئىجابىي » شەخسلەر ئوبرازىنىڭ گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز . بۇ تارىخىي رومانلىرىمىزدا سەلبىي شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشقا ئومۇمەن ئۇنچە كۈچ سەرپ قىلىنمايۋاتقانلىقىنى ، بەزى سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازلىرى يارىتىلدى دېيىلگەندىمۇ ، ئۇلارنىڭ بەدىئىي قۇۋۋىتىنىڭ نىسپىي ھالدا ئاجىزلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . ئەبەيدۇللا ئىبراھىم بۇ ئۈچ نەپەر شەخسنىڭ خېلىلا مۇكەممەل بولغان ئوبرازى ئارقىلىق تارىخىي رومانچىلىقىمىز ئوبرازلار سىستېمىسىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان بۇ ھالەتنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەرتتى ۋە بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى . بۇ ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ئاتالمىش «سەلبىي شەخس » لەرنىڭمۇ مۇكەممەل ۋە مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى دىققەتتىن چەتتە قالدۇرمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ، ئاپتورنىڭ بەدىئىي ئوبراز يارىتىشتىكى بىر ئۆزگىچىلىكى .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم رومانلىرىدا كەچمىشى ھەر خىل بولسىمۇ قىسمىتى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ، ئۆز كەسپىگە پۇختىلىقى ، غۇرۇر بىلەن ياشىغانلىقى ئۈچۈن ئەل ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن جالالىدىن تۆمۈرچى ، قاۋۇل قازانچى ۋە قۇتلۇقنىڭ دادىسى قاتارلىق كاسىپلار ئوبرازىمۇ خېلىلا تەسىرلىك يارىتىلغان . ئۇلاردىن «تۇندىكى چاقماق » رومانىدىكى جالالىدىن تۆمۈرچى چىڭ

سۇلالىسى چېرىكلىرىگە قارشى قوزغالغان «توپىلاڭچىلار»غا نەيزە ۋە قىلىچ سوقۇپ بەرگىنى ئۈچۈن ئىلچىدا تۆت يىل قاماقتا ياتىدۇ. كېيىنچە ياخشى نىيەتلىك بىر چېرىكنىڭ ياردىمىدە ھەپسىدىن چىقىپ باشتوغراق چۆللۈكىدە يالغۇز ياشىغان بولسىمۇ، سۆيۈرگەئاخۇنلار سېپىدە ئابلىزقارى قارا ئۈۋسىنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇپ، ئاخىرىدا قولغا ئېلىنىپ سوراقتا تارتىلىدۇ. «داغ» رومانىدىكى قاۋۇل قازانچى ئۆزىنىڭ تۆمۈرچىلىك ھۈنىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، شۇنىڭدەك ھېبىبۇللا پادىشاھنىڭ دەۋىتى بىلەن بىر دانە توپ (زەمبىرەك) ياسايدۇ. بۇ توپنى سىناق قىلىدىغان چاغدا، ھېبىبۇللا پادىشاھ ئاچارچىلىق تۈپەيلىدىن تۆت باش كۆكۋاش ئوغرىلاپ قويغان بىر دېھقاننى تۇتتۇۋېلىپ، ئۆز «ئادالىتى» نى نامايىش قىلىش ئۈچۈن ھېلىقى دېھقاننى قاۋۇل قازانچى ياسىغان توپنىڭ ئىستوۋۇلىغا ئولتۇرغۇزۇپ جازالاپ كۈلىنى كۆككە سورۇيدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن قاۋۇل قازانچى ئۆزىنى گۇناھكار ھېسابلاپ، بالىلىرىنىمۇ تاشلاپ قاراڭغۇ تاغدىكى بىر مازارغا بېرىپ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ خۇدادىن گۇناھىنى تىلەيدۇ. كېيىنچە، نىياز ھېكىمبەگكە قارشى ئىسيان ئۈچۈن تاغ تەۋەسىگە كۈچ توپلاشقا چىققان ئوغلىغا ئەگىشىپ تاغدىن چۈشۈپ، يورۇڭقاش بويىدىكى قىرغىندا نىياز ھېكىمبەگنىڭ قولىدا — توپ ئوقىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. «بوز دالا» رومانىدىكى قۇتلۇقنىڭ دادىسىمۇ تۆمۈرچى بولۇپ، ياغلاقارلارغا كېرەكلىك پالتا ـ قىلىچلارنى ۋاقتىدا ياساپ بەرمىدىڭ دېگەن ئەيىب بىلەن تۇتۇپ كېتىلىدۇ. تۇتقۇندىن چىقىپ ياغلاقارلاردىن ئۆچ ئېلىش كويىدا 30 يىللاپ پۇرسەت كۈتىدۇ. ئاخىر تاراس قاغاننى ئۆلتۈرۈشكە قاتنىشىپ تۇتۇلۇپ قالغاندا، ئويلىمىغان يەردىن ئېل ئۆگەسى بولغان ئوغلى قۇتلۇق بىلەن ئۇچرىشىپ، ئەمدى مۇرادىغا يېتىپ پۇخادىن چىققاندەك بولۇپ، دىققەتسىز تۇرغان ئوغلىنىڭ خەنجىرى بىلەن ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئۈچ پارچە رومانىدىكى ئۈچ

كاسىپىنىڭ ئوخشاشلا تۆمۈرچى بولۇپ چىققىنى بىر خىل تاسادىپىيلىق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە ئاقىۋىتى ئۈچ پارچە رومانغا بەلگىلىك سېھىر بېغىشلايدۇ.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ئۈچ پارچە رومانى بەزى ئىنچىكە پەرقلەرگىمۇ ئىگە. مەسىلەن، بەدىئىي ئوبرازلاردىن يۇقىرىدىكى ئۈچ نەپەر لەنەتكەردىدىن سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگ رەقىبلىرى بىلەن ھېچقاچان تىغمۇتىغ ئېلىشمايدۇ. رەقىبلىرىگە دۇچ كەلگەندە ئاساسەن ھىيلە ـ مىكىرنى قورال قىلىدۇ. مىللەت مەنپەئىتىنى، ۋەتىنىنى سېتىشنى نومۇس بىلمەيدۇ. بەگبارىسمۇ ئالدامچىلىق ۋە سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللانسىمۇ، لېكىن سىرى پاش بولۇپ قالغاندا رەقىبلىرىدىن كەچۈرلۈك تەمە قىلمايدۇ. سېيىت ھاجىدەك ئۆلۈمدىن قورقۇپ ئايالچە ياسىنىپ قېچىپ كەتمەيدۇ⑪، نىياز ھېكىمبەگدەك جېنى تۇمشۇقىغا كەلگەندە رەقىبلىرى ئالدىدا تىزلىنىپ ئۆزىنى كاچاتلاپ بىر قوشۇق قېنىنى تىلىمەيدۇ.⑫، بەلكى يېڭىلگىنىگە تەن بەرمىگەندىن سىرت يەنە قارامىلىق قىلىپ رەقىبى قۇتلۇق بىلەن دۇئېل تەرىقىسىدە ئېلىشىپ تەلىيىگە تەۋەككۈل قىلىدۇ⑬. بۇ ئۈچ نەپەر شەخس ۋۇجۇدىدىكى بۇنداق نازۇك پەرق، ئۇلاردىن سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ تېپىك ئېكىنچىلىك مەدەنىيىتى باسقۇچىدا، بەگبارىسنىڭ بىرقەدەر قەدىمىيرەك بولغان تېپىك يايلاق مەدەنىيىتى ۋە شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان قىسمەن مۇقىم ئولتۇراقلاشقان، قىسمەن كۆچۈپ يۈرىدىغان چارۋىچىلىق تۇرمۇشى باسقۇچىدا ياشىغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگ ۋۇجۇدىدا ئېكىنچىلىك مەدەنىيىتى مۇھىتىدا ياشايدىغان كىشىلەردە كۆرۈلىدىغان تىلى بىلەن دىلى، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولماسلىق، سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتۈش قاتارلىقلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىسە، بەگبارىس ۋۇجۇدىدا يايلاق

ئادەملىرىنىڭكىگە خاس بولغان مىجەزدىكى چۈسلۈق، جاھىللىق، قىمارۋازلارچە قاراملىق، شۇنىڭدەك مەردلىك قاتارلىقلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. دىمەك، سىيىت ھاجى، نىياز ھېكىمبەگ ۋە بەگبارىستىن ئىبارەت بۇ ئۈچ نەپەر شەخسنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇنداق نازۇك پەرقلەر ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارنى يۇقىرىقىدەك خىلى روشەن دەۋ ئالاھىدىلىكىگىمۇ ئىگە قىلىدۇ.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم رومانلىرىنىڭ يەنە بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ تىلىدا كۆرۈلىدۇ. ئەبەيدۇللا ئىبراھىم رومان ئىجادىيىتىگە شېئىرىيەتتە يىگىرمە يىللاپ جاپالىق ئىزدىنىپ بەلگىلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئاندىن تۇتۇش قىلغان. ناۋادا ئاشۇ ۋاقىتتا ئەبەيدۇللا ئىبراھىم بەدىئىي ماھارەتتە بارغانسىرى پىشىپ يېتىلگەن دېيىلسە، مېنىڭچە بۇ يەردىكى «ماھارەت» ۋە «يېتىلىش» ئۇنىڭ شەيئى ھادىسىلەرنى شائىرانە نەزەر بىلەن بايقاش ۋە كۆزىتىش، شېئىرىي پىكىرنى شەكىللەندۈرۈش، ئۇنى كۆپلىيت ۋە مىسرالارغا تەڭشەش، ئۇلاردىن بىر پۈتۈن بەدىئىي قۇرۇلما ھاسىل قىلىش قاتارلىقلاردىن باشقا، تىلىمىزدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ۋە ئۇنى دەل جايىدا ئىشلىتىشنىمۇ كۆرسىتىدۇ. بۇنداق بەدىئىي ماھارەت ئۇنىڭ رومانلىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئۈچ پارچە رومانىنىڭ تىلى ئومۇمەن شېئىرىي تىل بولۇپ، بۇنداق «شېئىرىي» لىق بولۇپمۇ ئاپتورنىڭ بايان تىلىدا روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئاپتور مەيلى ۋەقەلىك بايان قىلسۇن ياكى مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلىسۇن، ئۇلاردا تىلنىڭ توغرىلىقى، دەللىكى ۋە ئىپىنقلىقىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرگەندىن سىرت، تىلنىڭ «شېئىرىيلىقى» غا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. «تۇندىكى چاقماق» بىلەن «داغ» دا بۇنداق «شېئىرىي» لىق ئاپتور بايانىدىن باشقا پېرسوناژلار دىئالوگىدىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۈچ رومانىدىكى تىلىنىڭ «شېئىرىي» لىقى نۇقتىسىدىن بەزى بۆلەكلەرنى

ئۇزۇۋالغاندا ، بۇنداق بۆلەكلەرنىڭ بەزىسى تەبىئىيكى شېئىرىي تۈسى قويۇق بولغان مۇستەقىل نەسر ياكى قاپىيىسىز شېئىر بولالايدۇ . مەسىلەن ، «چوڭ قوۋۇقى كۈنچىقىشقا يۈزلەنگەن ، تاڭ جىلۋىسى ، تاڭ قۇياشىنىڭ نۇرلۇق رۇخسارىنى ھەممىدىن ئاۋۋال تاماشا قىلالايدىغان ئوردۇۋالىقمۇ دەل مۇشۇ ۋادىدىن ئورۇن ئالغانىدى . چېكى يوق ئوتلاق ، ياپىيېشىل ئورمان ، تاختا ـ تاختا ئېكىنزارلىقلار بىلەن قورشالغان بۇ شەھەر كۆك دېڭىزدا لەيلەپ تۇرغان غايەت زور كېمىدەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى . تارام ـ تارام داغدام يوللار بۇ شەھەرگە تۇتىشاتتى …

ئاقۋاش تاغلار ۋە جىرالاردىن ئېقىپ كېلىدىغان ئۇرخۇن دەرياسىمۇ بۇ زېمىننىڭ قان تومۇرى ، سۈتى ئەلۋەك ئانىسى ئىدى . ئوتلاق ھۆسنىگە كۆمۈش بەلۋاغدەك يارىشىدىغان بۇ ئەزىم دەريا ئېتىز ـ قىرلارنى ، مال ـ چارۋىپايلارنى قاندۇرغاندىن كېيىن قەدىم ناخشىلارغا تولغىنىچە يۇرت شىمالىغا قاراپ ئېقىپ كېتەتتى .

زېمىن قاراۋۇلى ئۆتۈكەن تېغى ئوردۇۋالىقنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە ئاق تۇماق كىيگەن بەقۇۋۋەت يىگىتتەك ، مەردانە قىياپەتتە قەد كېرىپ تۇراتتى . پاناھ ئىزدەپ نە ـ نەلەردىن كۆچۈپ كەلگەن سەرسان بۇلۇت تاغ بېلىدىن ماكان تۇتۇپ ئويناپ يۈرەتتى .

يانباغىردىن باشلىنىپ دەريا بىلەن قۇچاقلاشقان يېشىل ئوتلاق تۇرلۈك ـ تۇمەن گۈل چېچىلغان كۆك تاۋاردەك رەڭدار ۋە كۆركەم ئىدى . تاقىر قىيا تۇۋىدىكى تاغ باغرىدا ئارچىزارلىق كۆكلەپ تۇراتتى . يانباغىر پەسلىگەنسېرى قېرى تاغ تېرەكلىرى ، تېۋىلغا ، ئازغانلار كۆپىيىپ باراتتى . ئازغانلار پاكار چاتقاللارغا ، چاتقاللار بولۇق ئوت ـ چۆپلەرگە ئورۇن بەرگەن يانتۇلۇقتا چاپچىپ يۈرگەن تېمەن تايلار ، ئويۇر ـ ئويۇر قوي پادىسى خۇددى كېچە ئاسمىنىدىكى چوڭ ـ كىچىك يۇلتۇزلاردەك ، ھەممە يەرگە تارالغانىدى . توقلۇق-تىن شوخلۇق قىلىۋاتقان يىلقىلارنىڭ بەس ـ بەس بىلەن كىشنەش-

لىرى ، كالىلارنىڭ مۈرەشلىرى ، قوي ـ ئۆچكىلەرنىڭ سۇناي چالغاندەك سوزۇپ ، مەرەشلىرى ئۇچقۇر چوپانلارنىڭ «هايت ـ هۇيت» لىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ، پۈتكۈل ئوتلاقنى چاڭ كەلتۈرەتتى . پاكار دۆڭلەرنىڭ تەسكەيدىكى ياغاچ ئۆيلەر ۋە ئۇچى ئۇچلۇق كىگىز ئۆيلەر ئاقۇچ تۈتۈن ئارىسىدا ، تۇمانلىق دېڭىزدىكى چاچما ئاراللاردەك چوقچىيىپ تۇراتتى . كۆشەۋاتقان كالىلارنىڭ ئاياغ ئاستىدىن ئۇچۇپ چىققان بوز تورغايلار كۆك قەرىگە چىقىۋېلىپ ۋىچىرلاپ قوياتتى» ⑭ .

«ئۆتۈكەن تېغى ئاجايىپ بىر تاغ ، ئۇ تاغلا ئەمەس ، ئەل نەزىرىدە تەڭداشسىز ئىلاھ ، ئىلاھ نەزىرىدە بىر تىرىك ئىنسان . ئۆتۈكەن — بۇ تەڭداشسىز ئىلاھ ۋە ھىممەتلىك ئاتا ، چاپقۇر ئاتلىق ھونلارنى ، قوۋمى تولا دىل ـ تۇرالارنى ، جورجان ، باسمىل ، سىيانپىلارنى ، ئاق بوز ئاتلىق كۆك تۈركلەرنى ، سىر ـ تاردۇشلار ۋە خاكاسلارنى ، لاچىن سۈپەت ئۇيغۇر قوۋمىنى ئۆز ھېكمىتىدىن ئاپىرىدە قىلىپ ، ئۆز باغرىدا ئاۋۇندۇردى . ئەلۋەك سۈيىدە ئېمىزلەندۈرۈپ ، ۋۇجۇدىغا كۈچ ـ مادار بەردى . كۆڭۈل ـ كۆكسىنى ئۆز قۇچىقىدەك كەڭ يارىتىپ ، ئىرادىسىنى ئۆز تېشىدەك مۇستەھكەم قىلدى … » ⑮ . بۇلار شائىرانە تەپەككۇرنىڭ ، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان شائىرانە پىكىرنىڭ مەھسۇلى ، شۇنداقلا بۇلارنىڭ گۈزەل شېئىري تۈستە ئىپادىلىنىشى بولۇپ ، بۇلارنى قاپارتما ھەيكەل ياكى تىل بىلەن ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلگەن سۈرەت دېگىلىمۇ بولىدۇ . چۈنكى ، بۇلاردا سۈرەتمۇ ، ئاۋازمۇ ، ھەرىكەتمۇ بار ۋە ئۇلار تەبىئىي ھالدا بىرىكىپ بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن . يۇقىرىقى بايان ۋە تەسۋىرلەر ئوقۇرمەندە ئانا تۇپراقنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن زوقلىنىش ، ۋەتەننىڭ گۈزەل ۋە ئۇلۇغلۇقىدىن سۆيۈنۈش ، مۇشۇنداق ئەزىز تۇپراقنىڭ پەرزەنتى بولغانلىقىدىن چەكسىز پەخىرلىنىش ۋە كۈچلۈك ئىپتىخارلىنىش ھېسسىياتى ،

www.uyghurkitap.com

ئۆتۆكەن تېغىدەك يۇكسەكلىك ۋە تەڭداشسىز ئالىيجانابلىق ھېسسىياتى ئويغىتىدۇ .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم رومانلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى يەنە ئاپتورنىڭ باش قەھرىمانىنىڭ مۇرەككەپ مەنىۋىيىتىنى كۆپىنچە شۇ باش قەھرىمانىنىڭ ئۆزىگە سۆزلىتىش يولى بىلەن ئېچىپ بېرىشىدە ئىپادىلىنىدۇ :

«... بۇمۇ بىر سەۋەب ، بىراق بۇيۇك ئاقپاششا ئېلىنىڭ مەنپەئىتىگە لايىق چوڭ ئىش قىلماق ئۈچۈن ، مۇشۇنداق بىر يۇرتنى تاللىماق لازىم . بۈگۈنكى زاماندا ، ھەممە مەملىكەت مۇداپىئە نەزىرىنى چېگرىغىلا قاداۋاتىدۇ . چېگرىغا كېلىپ ئۇسۇرساڭمۇ ئۇلار سېنى توپ ئاتتى دەپ ئەيىبلەيدۇ . ھازىر چېگرىنىڭ خېلىلا ئىچكىرىسىگە جايلاشقان بۇ يۇرتتا نېمىلا قىلساق قىلىۋېرىمىز . پەقەت يەرلىك ھۆكۈمەتكە ئازراق نەپ بەرسەڭلا ، ئۇلار ساڭا ئىش قىلىپ بېرىدۇ ...

شۇنداق ، مال ئەشيا جەھەتتە باغ دېسە بېغى بار ، تاغ دېسە تېغى بار بۇ يۇرت بىزنى ئالاھىدە قىزىقتۇرىدۇ . مەسىلەن ئالساق ، بايام زىياپەتتە دېگەندەك ، ئىماملىرىم كەنتىدە ئالتۇن قېزىش ئىشىنى پات يېقىندا باشلىۋېتىمىز ، ئىككى تاغ كەنتىدىن چىقىدىغان قاشتېشى ، چارۋا مەھسۇلاتلىرى بىزگە بەك زۆرۈر بولغان نەرسىلەردۇر . ئەتە ـ ئۆگۈن گىلەم كارخانىمىز ئىشقا كىرىشىپ كەتسە ، ئۇنىڭدىن كېلىدىغان پايدىنىڭ ھېسابى يوق . گۈلاخمانىڭ پاختىسى ، چىرىيىنىڭ قۇرۇق مېۋىلىرى سودىگەرلىرىمىزنىڭ ھەۋسىنى كەلتۈرىدۇ » [16] .

«ھەي بىچارە ئەخمەق ، پالانى پالانچى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ ، دېگەنمۇ گەپ بولامدۇ ، ئۆتۈپ كەتسە نېمە بوپتۇ ؟ جاھاندا مەنپەئەت تۈگىگەن يەردىن قاچمايدىغان زادى قانچىلىك ئادەم بار ، مەنپەئەت بار يەرگە يۈگۈرمەيدىغان يەنە قانچىلىك ئادەم بار ؟ ئىشەنمىسەڭ ،

ئۆزۈڭگە سەپسىلىپ قاراپ باق ، قىزىڭنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئەمىر لەشكەرلىك مەنسىپىنى بىر پارچە لوق گۆشتەك ئالدىڭغا تاشلىۋىدىم قۇيرۇق شىپپاڭلىتىپ ئايىغىمغا باش قويمىدىڭمۇ ؟ ئەتراپىڭغا قاراپ باق ، قايسى زىرائەت سۇ بار يەرگە قاراپ يىلتىز سوزمايدۇ ؟ ئاسمانغا قارا ، قايسى قوش دان بار يەرگە ئۇچمايدۇ ؟ ئەقىللىق قۇش دانلا بولىدىكەن ، قوناقمۇ ، بۇغدايمۇ ، تېرىقمۇ ، تاللاپ ئولتۇرمايدۇ ، ئىش تەۋرىتىپ دەۋران سۈرمەكچى بولغان دانا ھاكىم ، مەنپەئەتلا بېرىدىكەن پادىشاھنى مۇرتەت ، مۇسۇلمان دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ . تېخىمۇ دانالىرى بولسا ، نۇسرەت كەتكەن پادىشاھنىڭ بېشىغا دەسسەپ ، نۇسرەت تاپقان پادىشاھنىڭ پېشىنى تۇتىدۇ . شاھلىق تاجى بىر شاھقىلا باقىمەندە بولمىغىنىدەك ھاكىممۇ بىرلا پادىشاھقا قارام ئەمەس ، «قېشىڭدا كىم بولسا چىرايلىقىڭ شۇ ، بېشىڭنى كىم سىلىسا ماشايىخىڭ شۇ» دېگەن تەمسىلمۇ بىكار چىقمىغان ـ دە ...» ⑰ .

«ئىقرارمەن ، سەن بىلەن خۇپىيانە تۇتۇشتۇم ، تابغاچ ئاسىيلىرىغا ئات بېرىپ ، تاڭ شاھىنى غۇلاتماقچى بولدۇم . نېمە ئۈچۈن ؟ دادام ئېيتقاندەك ، مەنمۇ قاغان بولالايتتىم ، زەردار بولالايتتىم . ئاخىر نېمە بولدۇم ، قاغانمۇ ، زەردارمۇ بولالمىدىم ، قاغان قولىدا مەھبۇس بولغىلى تاس قالدىم . تانمايمەن ، ئۆزۈم ئۈچۈن تاراسنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرمەكچى بولدۇم . تاراس مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى . بىراق ، مەن ئۆلمىدىم ، بىر تۇپ ئەگرى قارىغاي جېنىمنى ساقلاپ قالدى . تاغ ـ جىرالاردا ، چۆل ـ جەزىرىلەردە سۇقۇنۇپ يۈرۈپ قىساس پۇرسىتىنى كۈتتۇم . بۆكۈ قەبىلىسىگە بېرىپ بۇ پۇرسەتنى ئاخىر تېپىۋالدىم . ئېرىنى دادىسىدىن چوڭ بىلگەن ۋاپاسىز قىزىمنى ئۆلتۈرۈپ ، بىر يولىلا قىساس ئالدىم . لەشكەر ، سەردارلارنىمۇ بىر ھىيلە بىلەنلا بەند قىلدىم . سەن بىلىسەن ، تابغاچلاردا «يەڭگەنلەر شاھ بولۇر ،

يېڭىلگەنلەر قۇل ، دەيدىغان بىر تەمسىل بار . مەن يەڭدىم ، شۇڭا قاغان بولدۇم ، سىلەر يېڭىلدىڭلار ، شۇڭا قۇل بولدۇڭلار . ساڭا كەلسەم ، بېشبالىقتىن قايتىپ كەلمەي ، تۇبۇتلەرنىڭ قولىدا جان بەرگىنىڭ ئوبدانراق بولار ئىدى . خەيرىيەت ، ھېلىھەم قايتىپ كەپسەن . بىر قۇلنىڭ قاغان ئالدىدا نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلىسەن . ئامراق باللىرىڭمۇ مېنىڭ ئالقىنىمدا تۇرۇپتۇ . قاراپ تۇرۇپ خەتەرگە ئۆزۈڭنى ئۇرمىغىنىڭ تۈزۈك » [18] .

يۇقىرىقى مىساللاردىن بىرىنچىسىدە سىيىت ھاجىنىڭ چار پادىشاھنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ ، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتەننى پارچىلاپ ، ئۇنىڭ مۇقەددەس بىر پارچىسى بولغان چىرىيىنى چار پادىشاھنىڭ تەسەررۇپىغا تاشلاپ بەرمەكچى بولغانلىقى ۋە شۇ نىيەتتە بۇ يۇرتنى خالىغانچە بۇلاپ - تالاۋاتقانلىقى ئېچىپ بېرىلگەن . ئىككىنچىسىدە نىياز ھېكىمبەگنىڭ كۈچلۈك شامالغا دۇچ كەلگەن يىلتىزسىز قامغاقتەك مۇۋەقسىزلىكىدىن تولۇق بېشارەت بېرىلگەن . ئاخىرقىسىدا بولسا ، ئۆزىدە ھېچبىر قاغانلىق سالاھىيىتى ھازىرلىماي تۇرۇپ ، تەخت تەمەسىدە ئەقلىدىن ئازغان بەگبارسنىڭ چايانلىق تەبىئىتى ئېچىپ بېرىلگەن . دېمەك ، پېرسوناژلارنى ئۆزىگە سۆزلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقى ۋە نېمە قىلماقچى بولغانلىقىدىن ئۇچۇر بېرىش ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مۇرەككەپ مەنىۋىيىتىنى نامايان قىلىش يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ تىل ئىشلىتىشتە يېتىلدۈرگەن ئادەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ، بۇنداق ئادەت ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ رومانلىرىدىن باشقا يەنە بەزى ھېكايە - پوۋېستلىرىدا ، ھەتتا ئايرىم شېئىر - داستانلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ .

ئومۇملاشتۇرغاندا ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ رومانلىرىدا مىللىتىمىز 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى ، 19 - ئەسىرنىڭ 60 - ، 70 - يىللىرى ۋە 8 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا دۇچ كەلگەن

دراماتىكىلىقى كۈچلۈك بەزى مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر ئوبرازلاشتۇرۇلغان . 1912 ـ يىلىدىكى «چىرىيە ۋەقەسى» ، نىياز ھېكىمبەگ ھادىسىسى ، شۇنىڭدەك ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ، بولۇپمۇ 8 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى چارىكىدە كۈچىيىشى قاتارلىقلار يېرىك بەدىئىي تۈر بولغان رومان نۇقتىسىدىن تېخى قولغا ئېلىنمىغان تېمىلار بولۇپ ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم بۇلار ھەققىدە دادىللىق بىلەن ئىزدەندى . بەلگىلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگىمۇ ئېرىشتى . بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر يالغۇز ئەبەيدۇللا ئىبراھىمغىلا ئەمەس ، گۈللىنىۋاتقان ئۇيغۇر تارىخىي رومانچىلىقىغىمۇ تەۋە . يۇرتپەرۋەرلىك ، كەڭ مەنىدىكى مىللەتپەرۋەرلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەبەيدۇللا ئىبراھىم رومانلىرىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنى شەكىللەندۈرگەن . بۇ جەھەتتىن ئۇنىڭ رومانلىرىنى مىللىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىدىكى ئوخشىمىغان ئۈچ دەۋر رېئاللىقىنى بەدىئىي ياقتىن چۈشىنىش ۋە ئىگىلەشتىكى خېلى تەسىرلىك قوللانما دېگىلىمۇ بولىدۇ . مىللىي كىملىك نۇقتىسىدىن ئۆزىمىزنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشتە ، بىزگە قىزىقتۇرۇشچىلارغا ئۆزىمىزنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۈرۈشتە بۇ رومانلارنىڭ رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ . ئەبەيدۇللا ئىبراھىم رومانلىرىدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ماكاندا تارلىقتىن كەڭلىككە ، زاماندا يېقىندىن يىراققا سەكرەش ئۇسۇلىنى قوللاندى . ئۇلاردا بەلگىلىك خاراكتېر ئورتاقلىقىغا ، شۇ جۈملىدىن خېلىلا يۇقىرى ئىبرەت قىممىتىگە ۋە ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بىر يۈرۈش تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتتى . ئۇ ياراتقان سېيىت ھاجى ، نىياز ھېكىمبەگ ، بەگبارىسقا ئوخشاش ئوبرازلار ئۇيغۇر پروزىسى ئوبرازلار سىستېمىسىدا خېلى ۋاقىتلارغىچە جۇلالىنىپ تۇرىدۇ .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ رومانلىرىنى تارىخىي رومانچىلىقنىڭ

مۇكەممەل ئۆرنەكلىرى دېمىگەندىمۇ ، دراماتىكىلىقى كۈچلۈك بولغان ۋەقەلىكلەرنى تاللاش ، ئىبرەتلىك شەخسلەرنى باش قەھرىمان قىلىش ، ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىگە چوڭقۇرلاپ كىرىش ، ئۇلارنىڭ مونولوگ ۋە دىئالوگلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سالاھىيەت ۋە خاراكتېرىنى روشەنلەشتۈرۈش ، بايان ۋە تەسۋىردە شېئىرىي تىلىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ رومانلارنىڭ بەدىئىي قۇۋۋىتىنى تولۇقلاش قاتارلىقلارنى بۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىي رومانچىلىقتا تەجرىبە سۈپىتىدە سىناپ كۆرۈشكە بولىدۇ .

---

**ئىزاھات :**

① ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر : «ئىز» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2000 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى ، 7 ـ بەت .

②③④⑦⑧⑨⑫⑰ ئەبەيدۇللا ئىبراھىم : «داغ» ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1986 ـ يىلى 8 ـ ئاي بىرىنچى نەشرى ، 24 ـ ، 155 ـ ، 73 ـ ، 191 ـ ، 182 ـ ، 168 ـ ، 169 ـ ، 608 ـ ، 531 ـ بەتلەر .

⑤⑥⑩⑬⑭⑮⑱ ئەبەيدۇللا ئىبراھىم : «بوز دالا» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي بىرىنچى نەشرى ، 358 ـ ، 286 ـ ، 204 ـ 205 ـ ، 449 ـ ، 86 ـ 87 ـ ، 351 ـ بەتلەر .

⑪⑯ ئەبەيدۇللا ئىبراھىم : «تۇندىكى چاقماق» ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1988 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى ، 599 ـ ، 262 ـ 263 ـ بەتلەر .

(«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلى»نىڭ 2009 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن ئېلىندى .)

# داغ


ئاپتورى: ئەبەيدۇللا ئىبراھىم
مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئابدۇقەييۇم سايىم
مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەۋەر ئىبراھىم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ياسىن زايىموف
گۈزەل سەنئەت لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
رەسسام: ئابدۇراخمان ئابلىز
خەتتات: سۇلايمان ئىسمايىل خالى
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون: 0991 - 2827472
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شۈنچىڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 20.5
قىستۇرما ۋارىقى: 16
نەشرى: 2010 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2014 ـ يىلى 1 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 3001 — 4000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 11530 - 3
باھاسى: 51.00 يۈەن